بەن گۇ

# خەننامە

24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار
توپلىمى — 2

شىنجاڭ داشۆ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات
ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1
خەننامە بىرىنچى جىلد خەن گاۋدىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 1
خەننامە ئىككىنچى جىلد خەن خۇيدىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 11
خەننامە ئۈچىنچى جىلد خەن گاۋدىنىڭ خانىكىسى لۈخۇنىڭ تەرجىمىھالى ........ 12
خەننامە تۆتىنچى جىلد خەن ۋېندىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 14
خەننامە بەشىنچى جىلد خەن جىڭدىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 25
خەننامە ئالتىنچى جىلد خەن ۋۇدىنىڭ تەرجىمىھالى... 30
خەننامە يەتتىنچى جىلد خەن جاۋدىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 69
خەننامە سەككىزىنچى جىلد خەن شۈەندىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 77
خەننامە توققۇزىنچى جىلد خەن يۈەندىنىڭ تەرجىمىھالى... 98
خەننامە ئونىنچى جىلد خەن چېڭدىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 104
خەننامە 11 ـ جىلد خەن ئەيدىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 106
خەننامە 13 ـ جىلد ئۆزگە نەسەبلىك بەگلەرنىڭ تەرجىمىھالى .................... 107

خەننامە 14 - جىلد بەگلەر يىلنامىسى ...... 108
خەننامە 15 - جىلد بەگ - تۆرىلەرنىڭ تەرجىمىھالى ...... 109
خەننامە 16 - جىلد خەن گاۋدى، خەن خۇيدى، شاھ سانىيە لۈخۇ، خەن ۋېندى زامانىدىكى تۆھپىكار ۋەزىرلەرنىڭ تەرجىمىھالى... 110
خەننامە 17 - جىلد خەن جىڭدى، خەن ۋۇدى، خەن جاۋدى، خەن شۈەندى، خەن يۈەندى، خەن چېڭدىلار زامانىسىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ تەرجىمىھالى... 113
خەننامە 18 - جىلد ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولغان شىرەم تۇغقان - بەگلەرنىڭ تەرجىمىھالى ...... 162
خەننامە 22 - جىلد نەغمە - ناۋا تەزكىرىسى...... 169
خەننامە 24 - جىلد ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى ...... 172
خەننامە 26 - جىلد ئىلمىي نۇجۇم تەزكىرىسى ... 186
خەننامە 27 - جىلد بەش ئاناسىر تەزكىرىسى ... 196
خەننامە 28 - جىلد جۇغراپىيە تەزكىرىسى ...... 203
خەننامە 29 - جىلد ئېرىق - ئۆستەڭلەر تەزكىرىسى ...... 206
خەننامە 33 - جىلد خەن (韩) بېگى خەن شىننىڭ تەرجىمىھالى ...... 209
خەننامە 34 - جىلد لۇ ۋەننىڭ تەرجىمىھالى ...... 232
خەننامە 35 - جىلد جىڭ بېگى لىيۇجيا، يەن بېگى لىيۇزې ۋە ۋۇ بېگى لىيۇپىلارنىڭ تەرجىمىھالى ... 245

خەتنامە 37 - جىلد جى بۇنىڭ تەرجىمىھالى ...... 249
خەتنامە 38 - جىلد لىۋ فامىلىلىك بەش بەگنىڭ تەرجىمىھالى ...... 251
خەتنامە 40 - جىلد چېن پىڭ، جۇبولارنىڭ تەرجىمىھالى ...... 255
خەتنامە 41 - جىلد گۇەن يىڭنىڭ تەرجىمىھالى ... 261
خەتنامە 43 - جىلد لىۇجىڭنىڭ تەرجىمىھالى ... 262
خەتنامە 45 - جىلد شى فۇگۇڭنىڭ تەرجىمىھالى ... 280
خەتنامە 48 - جىلد جيا يىنىڭ تەرجىمىھالى ...... 284
خەتنامە 49 - جىلد چاۋسۇنىڭ تەرجىمىھالى ...... 288
خەتنامە 50 - جىلد فىڭ تاڭ، جى ئەننىڭ تەرجىمىھالى ...... 300
خەتنامە 52 - جىلد خەن ئەنگونىڭ تەرجىمىھالى ...... 310
خەتنامە 54 - جىلد لى گۇاڭ، سۇجيەننىڭ تەرجىمىھالى ...... 324
خەتنامە 55 - جىلد ۋېي چىڭ، خوچۇبىڭنىڭ تەرجىمىھالى ...... 394
خەتنامە 58 - جىلد گوڭسۇن خوڭ، بۇشىنىڭ تەرجىمىھالى ...... 436
خەتنامە 59 - جىلد جاڭ تاڭنىڭ تەرجىمىھالى ... 440
خەتنامە 61 - جىلد جاڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجىمىھالى ...... 445
خەتنامە 62 - جىلد سىماچيەننىڭ تەرجىمىھالى ... 475
خەتنامە 64 - جىلد جۇفۇيەننىڭ تەرجىمىھالى ... 479
خەتنامە 66 - جىلد گوڭسۇن خې، لىيۇچۇماۋ، جۇچيەنچۇنىڭ تەرجىمىھالى ... 489
خەتنامە 68 - جىلد جىن مىتىنىڭ تەرجىمىھالى ... 499

خەننامە 69 – جىلد جاۋچۇڭگو ۋە شىن چىڭ
جىنىڭ تەرجىمىھالى ........ 517
خەننامە 70 – جىلد فۇجيېزى، چاڭ خۇي، جېڭ
جى، گەن يەنشۇ، چېن تاڭ،
دۇەن خۇيزۇڭنىڭ تەرجىمە
ھالى ........................ 567
خەننامە 73 – جىلد ۋېي شيەننىڭ تەرجىمە
ھالى ........................ 635
خەننامە 74 – جىلد ۋېي شياڭنىڭ تەرجىمە
ھالى ........................ 642
خەننامە 78 – جىلد شياۋ ۋاڭجىنىڭ تەرجىمە
ھالى ........................ 645
خەننامە 79 – جىلد فېڭ فېڭشىنىڭ تەرجىمە
ھالى ........................ 660
خەننامە 94 – جىلد ھۇنلار ھەققىدە قىسسە (I) ... 679
خەننامە 94 – جىلد ھۇنلار ھەققىدە قىسسە (II) ... 775
خەننامە 96 – جىلد غەربىي يۇرت (قۇرىقار)
تەزكىرىسى (I) ............... 848
خەننامە 96 – جىلد غەربىي يۇرت (قۇرپقار)
تەزكىرىسى (II) ............... 901
خەننامە 99 – جىلد ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمە
ھالى (I) ............ 954
خەننامە 99 – جىلد ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمە
ھالى (II) ................ 955
خەننامە 99 – جىلد ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمە
ھالى (III) .................... 966

# كىرىش سۆز

«24 تارىخ» نىڭ بىر بۆلىكى «تارىخىي خاتىرىلەر» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى — 1) نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئۇلىنىپلا، «خەننامە» (ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى — 2) نىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

«خەننامە» ئېلىمىز بويىچە تەزكىرە - يىلنامە شەكلىدە يېزىلغان تۇنجى خاس دەۋر تارىخى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەن گاۋزۇ ليۇباڭنىڭ تۇنجى يىلى (م. ب 206 - يىلى) دىن ۋاڭ ماڭ دىخۇاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى (م. 23 - يىلى) غىچە بولغان 230 يىلنىڭ تارىخى يېزىلغان. تەزكىرە - يىلنامە دېگىنىمىز شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئۇنىڭدا خانلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى يىلنامە شەكلىدە، شەخسلەرنىڭ ئىشلىرى تەرجىمىھال شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ «خەننامە» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە «خەننامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن ئوخشاش. «خەننامە» نىڭ 12 جىلدى «خانلارنىڭ تەرجىمىھالى» (本纪)، سەككىز جىلدى «جەدۋەل» (表)، ئون جىلدى «تەزكىرە» (志)، 70 جىلدى «تەرجىمىھال» (列传) بولۇپ، جەمئىي 100 جىلدتىن تۈزۈلگەن. «خانلارنىڭ تەرجىمىھالى» دا خانلارنىڭ سەلتەنەت تەرتىپى بويىچە ھەربىر خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە يۈز

بەرگەن چوڭ ئىشلار يىل، ئاي، كۈنلەر تەرتىپى بىلەن يېزىلغان. شۇڭا ئۇ بىر خاندانلىقنىڭ چوڭ ۋەقەلىرى خاتىرىسى دەپ قارىلىدۇ. بىراق «خەننامە» دە ئالاھىدە، بىر ئەھۋال باركى، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋاڭ ماڭ م. توققۇزىنچى يىلدىن 23 - يىلغىچە ئاران 15 يىللا داۋام قىلغان «شىن» (新) سۇلالىسىنى قۇرغانىدى. جۇڭگونىڭ فېئودال تارىخچىلىرى بۇ سۇلالىنى ئەنئەنىۋى سۇلالە ھېسابلىماستىن، يالغان سۇلالە دەپ قاراپ، ۋاڭ ماڭنى پەقەت «تەرجىمىھال» غىلا كىرگۈزىدۇ. ھالبۇكى بۇ 15 يىل ئىچىدە بىر قاتار ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۇنلار، غەربىي يۇرت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى «خەن پىڭدىنىڭ تەرجىمىھالى» گە ئۇلاپلا ئوقۇشىمىز كېرەك. «جەدۋەل» دە تارىخىي ۋەقەلەر، شەخسلەر جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ، ئىخچام، ئېنىق قىلىپ بايان قىلىپ بېرىلگەن. «خەننامە» دىكى «تەزكىرە» (志) «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى «نامە» (书) بولۇپ، ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملەر، مەسىلەن: ئەمەللەر، قائىدە - يوسۇنلار، يېمىلىكلەر - ماللار، جازا قانۇنلىرى، سۇ ئىنشائاتلىرى، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم، تەۋسىچىلىق، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ خاس تارىخى. كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدا مەيلى «تەزكىرە» (志) ۋە ياكى «نامە» (书) دەپ يېزىلغان بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش. «تەرجىمىھال» (قىسسە 列传) بولسا مۇھىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمەھالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «خەننامە» دە «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى «تۆرىلەر نەسەبنامىسى» (世家) چىقىرىۋېتىلىپ، ئۇ «تەرجىمىھال» (قىسسە) لەرگە قوشۇۋېتىلگەن. بۇ شەكىل كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدا قوللىنىلىپ كېلىنىدى.

«خەننامە» بىلەن «تارىخىي خاتىرىلەر»

ئوخشاشمايدۇ، چۈنكى «تارىخىي خاتىرىلەر» ئومۇمىي تارىخ بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تا خەن ۋۇدى زامانىغىچە يېزىلغان. «خەننامە» بولسا خاس دەۋر تارىخى، يەنى بىر دەۋرنىڭ تارىخى بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت. مۇشۇنداق بولغاچقا، خەن ۋۇدىدىن بۇرۇنقى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت جىلدلاردا «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە»نىڭ مەزمۇنلىرىدا بەزى تەكرارلىنىشلار بار. شۇنداق بولسىمۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا «خەننامە»دىكى تارىخىي ماتېرىياللار «تارىخىي خاتىرىلەر»گە قارىغاندا خېلى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككى ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاشمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تارىخىي مەنبەلەردىن پايدىلىنىش ئۆلچەملىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى كىتابنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش لازىم.

«خەننامە»نىڭ ئاپتورى بەن گۇ (م.32 — 92)، يەنە بىر ئىسمى مېڭ جيەن، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پايتەخت ئوڭ قول رايونىنىڭ ئەنلىڭ (ھازىر شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقى) ناھىيىسىدىن. ئاتىسى بەن بياۋ زامانىسىنىڭ مەشھۇر كۇڭزىچى ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. بەن گۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ، كۆپ كىتاب كۆرۈپ، ياخشى بىلىم ئالغانىدى. ئەسلىدە «تارىخىي خاتىرىلەر» خەن ۋۇدى دەۋرىگىچە يېزىلغاچقا، چۇ شاۋسۇن، لىيۇ شياڭ، ليۇشىن، فېڭ شاڭ، ۋېي خېڭ، ياڭ شيۇڭ، بەن بياۋ قاتارلىق ئون نەچچەيلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ زەيلىسىنى يېزىشقانىدى. بەن بياۋ يازغان زەيلىنىڭ نامى «كېيىنكى تەزكىرە» (后传) بولۇپ، جەمئىي 65 جىلد ئىدى. م. 54 - يىلى (شەرقىي خەن خانى گۇاڭ ۋۇدى جيەنۋۇنىڭ 30 - يىلى) بەن بياۋ ئالەمدىن ئۆتتى. 22 ياشلىق بەن گۇ ئاتىسى يازغان «كېيىنكى تەزكىرە» نىڭ تولۇق

بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاتىسى تۈگىتەلمەي قالغان ئىشىنى تاماملاشقا قەتئىي بەل باغلىدى - دە، «كېيىنكى تەزكىرە» ئاساسىدا «خەننامە»نى يازدى. بەختكە قارشى م. 62 - يىلى (شەرقىي خەن خانى مىڭدىنىڭ بەشىنچى يىلى) بەزىلەر خەن مىڭدىغا: «بەنگۇ دۆلەت تارىخىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتتى» دەپ بوھتان چاپلاپ شىكايەت قىلغاچقا، بەن گۇ زىندانغا تاشلاندى، كىتابىنىڭ ئورگىناللىرى ئېلىپ كېتىلدى. بەن گۇنىڭ ئىنىسى بەن چاۋ پايتەخت لوياڭغا كېلىپ، ئاكىسىنى ئاقلىدى، يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ بەن گۇ يازغان كىتابنىڭ ئورگىناللىرىنى لوياڭغا ئەۋەتىپ بەردى. خەن مىڭدى ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن، بەن گۇنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى لەنتەي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى ھەمدە يېزىلىپ بولمىغان «خەننامە»نى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشقا بۇيرۇدى. بەن گۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىللىق ھاياتىنى مەخسۇس «خەننامە»نى يېزىشقا سەرپ قىلدى. م.89 - يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسى خەن خېدى يۇڭيۈەنىنىڭ تۇنجى يىلى) دۇشيەن قوشۇن باشلاپ ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلغاندا، بەن گۇ دۇشيەن قوشۇنىدا خىزمەت قىلدى. كېيىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى نىزالىرىدا يېڭىلگەن دۇشيەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇ ۋەقەگە چېتىلىپ قېلىپ زىندانغا تاشلانغان بەن گۇ م.92 - يىلى (خەن خېدى يۇڭيۈەنىنىڭ تۆتىنچى يىلى) لوياڭ تۈرمىسىدە ئۆلدى. بەن گۇ ئۆلگەن ۋاقتىدا «خەننامە»نىڭ سەككىز جەدۋىلى ۋە «ئىلمىي نۇجۇم» جىلدى تېخى تۈگىمىگەنىدى. شۇڭا خەن خېدى بەن گۇنىڭ سىڭلىسى بەن جاۋغا كىتابنى تولۇقلاپ ئىشلەشكە ھەم «ئىلمىي نۇجۇم» جىلدىنى يېزىشتا بەن جاۋغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ما شۇگە پەرمان چۈشۈردى. دېمەك، مەسئۇلىيەتچانلىق

بىلەن ئېيتقاندا «خەننامە» بەن بىياۋ، بەن گۇ، بەن جاۋ، ما شۇلەرنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«خەننامە» دە ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مول بىرىنچى قول ماتېرىياللار بار. بىز بۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى تاللاۋالدۇق. كىتابخانلار بۇ كىتابتىن 2000 يىل بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى مۇشۇنچىلىك دەرىجىدە تەپسىلىي، ئېنىق خاتىرىلىگەنلىكىنى ئاسانلا كۆرۈۋالالايدۇ. مەسىلەن: «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە شۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى، خانلىقلىرىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى بايان قىلىنىپلا قالماي، يەنە مۇساپىسى، نوپۇسى، قوشۇنىنىڭ سانلىرىمۇ بايان قىلىنغان. يەنە «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە ھۇنلارنىڭ ئۆز تارىخى ھەمدە ھۇنلار بىلەن خەنلەر، ھۇنلارنىڭ شەرقىدىكىلەر، ئاسىيۇ*لار ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ خاتىرىلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ دەۋر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يەنىلا بىردىنبىر يازما مەنبە بولۇپ، تارىختىن بىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. جۇملىدىن كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر بايانلارنىڭ ھەممىسى «خەننامە»ئاساسىدا تولۇقلاندۇرۇلۇپ راۋاجلاندۇرۇلدى. شۇڭلاشقا بىز «خەننامە» دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى چۈشىنىۋالساق، بىزنىڭ كېيىنكى تارىخلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى يىپ ئۇچلىرىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز قىيىنلىشىدۇ.

---

* ئاسىيۇ — تۇرپان تېكىستلىرىدە «ئۇيسۇن»، «ئاسىيۇ» دېگەن نام بىلەن كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، «ئۇيسۇن» «ئاسىيۇ» دەپ ئېلىندى — تەھرىردىن.

«خەننامە» كىتاب ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر ئون نەچچە نەپەر ئالىم ئۇنىڭغا ئىزاھلار يازدى. بۇلاردىن مۇھىمراقلىرى تاڭ دەۋرىدە ياشىغان يەن شىگۇنىڭ «خەننامە، ئىزاھلىرى» ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ۋاڭ شيەنچيەننىڭ «خەننامە، قوشۇمچە ئىزاھلار» دىن ئىبارەت. «خەننامە، ئىزاھلار» دا سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى 23 نەپەر ئالىمنىڭ ئىزاھلىرى توپلىنىپ تۈزىتىلدى. «خەننامە، قوشۇمچە ئىزاھلار» نى يېزىشتا پايدىلىنىلغان «خەننامە» تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر 67 خىلدىن ئاشىدۇ. بىز «خەننامە» (ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى — 2) نى نەشرگە تەييارلاشتا ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىمكانىقەدەر پايدىلاندۇق. شۇنىڭدەك جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ يېڭى كۆز قاراشلىرىدىن پايدىلىنىشقىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق.

يەنە ئۆز دەۋرىدىكى مىللىي تىللاردىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بەزى خاس ئاتالمىلار، مەسىلەن: شەخس، ئەمەل - ئۇنۋان، يەر ناملىرى قاتارلىقلار «تارىخىي خاتىرىلەر» نى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە مۇمكىنقەدەر ئەسلى شەكلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەسلى شەكلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىغانلىرى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئوقۇلۇشى بويىچە تەرجىمە قىلىندى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ تەقۋىملىرى مۇرەككەپرەك ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چىن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ تەقۋىمى ئىشلىتىلىپ، م. ب. 104 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ تەيچۇ تۇنجى يىلى) غا كەلگەندىلا دېھقانلار تەقۋىمى (جۇڭگو كالېندارى) قوللىنىلدى. جۇڭگو تەقۋىمى نېگىزىدىن ئاي يىلى بولۇپ، مىلادىيە تەقۋىمى قۇياش يىلى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاي ھېسابى دائىم دېگۇدەك بىر ئايچە پەرق قىلىدۇ. شۇڭا كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشىغا قولاي بولسۇن دەپ، كىتابىمىزدىكى جۇڭگو تەقۋىمى يىللىرى مىلادىي يىلىغا سۇندۇرۇلۇپ،

جۇڭگو تەۋەسى يىللىرى تىرناق ئىچىگە ئىلاۋە قىلىنىدى. ئەمما ئايلارنىڭ ئىپىنى كۈنلىرى كۆرسىتىلمىگەچكە، جۇڭگو تەۋەسى ئايلىرى بويىچە قالدۇرۇلدى. كىتابخانلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىدا بۇنىڭغا دىققەت قىلىشلىرىنى سورايمىز.

جۇڭگو تەۋەسىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى بار بولۇپ، تۆۋەندىكى بۆلۈملەردىن تەركىب تاپقان:

1. سۇلالىلەر نامى. مەسىلەن: چىن، خەن، تاڭ، سۇڭ قاتارلىقلار.

2. خانلارنىڭ شەرەپ نامى. يەنى خانلار ئۆلگەندىن كېيىن بېرىلگەن پەخرىي نام. مەسىلەن: خەن ۋۇدى، تاڭ تەيزۇڭ قاتارلىقلار.

3. سەلتەنەت دەۋرى. خانلارنىڭ سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان يىللىرىغا بەرگەن نامى. مەسىلەن: تەيچۇ، يۈەنشۇ قاتارلىقلار. سەلتەنەت دەۋرلىرى مۇرەككەپرەك بولۇپ، بەزى خانلار ھۆكۈمدار ۋاقتىدا بىرلا سەلتەنەت دەۋرى نامىنى قوللانغان بولسا، بەزىلەر بىر نەچچە سەلتەنەت دەۋرى نامىلىرىنى ئىشلەتكەن، بەزىلىرى ھەتتا بىر يىل ئىچىدە بىر قانچە سەلتەنەت دەۋرى نامىلىرىنى قوللانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكرار ئىشلىتىلگەنلىرىمۇ كۆپ.

4. يىل تەرتىپى. تۇنجى يىلى، ئىككىنچى يىلى، ئۈچىنچى يىلى قاتارلىقلار بولۇپ، بەزىدە بۇرج مۇچەل يىلى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: چاشقان يىلى (甲子)، كالا يىلى (乙丑) قاتارلىقلار.

يىللارنى خاتىرىلەشتىكى بۇ ئۇسۇل ئىنتايىن مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۇ تارىختا ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ھېسابلاش ئۇسۇلىدىن خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى قۇرغان سۇلالىلەر پايدىلىنىپلا قالماي، باشقا

قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىقلارمۇ پايدىلانغانىدى. شۇڭلاشقا بىزلەرنىڭ بۇنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز زۆرۈر.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھېروگلىفلارنىڭ تەلەپپۇزى ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە. بىز كىتابىمىزدا بەزى ھېروگلىفلارنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشىنى بېرەلىگەن بولساقمۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ھازىرقى ئوقۇلۇشى بويىچە تەلەپپۇز قىلدۇق. ئەمەل - ئۇنۋانلارنىڭ تەرجىمىسىمۇ ھازىرغىچە تولۇق قېلىپلاشمىغان مەسىلىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىندېكسنىڭ ئايىغىدا ئەمەل - ئۇنۋانلارنىڭ خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما ناملىرى بېرىلدى.

«خەننامە» دىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى فېڭ شىشى تاللاپ تەرتىپكە سېلىپ چىقتى. چېن شىمىڭ، ئادىل ساقى، شېرىن قۇربان، ماتىنجى، ئەبەيدۇللا باستى، قاسىم ئارىش، مۇھەممەدىن ۋىلەم، لى يۈڭ، خەمىت سۇلتان، خېۋىر تۆمۈر، ئابدۇللا تالىپ، لىيۇجىڭجىيا قاتارلىق يولداشلار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئىزاھلارنى چېن شىمىڭ، ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى، قاسىم ئارىشلار تەييارلىدى. قاسىم ئارىش، چېن شىمىڭلار كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ دەسلەپكى تەھرىرلىكىنى قىلدى، ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى، يۇنۇس ئىلياس، تۇرسۇن ھۇشۇرلار كىتابنىڭ قايتا تەھرىرلىكىنى قىلدى. كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنى فېڭ شىشى يازدى. ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى تەرجىمە قىلدى. ئىندېكس ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى تەرىپىدىن

ئىشلەندى. پۈتۈن كىتابنى ئەڭ ئاخىرىدا زاردىپ دۆلەت كۆ-رۈپ بېكىتتى.

كىتابىمىزغا ئەمگەك سىڭدۈرگەنلەردىن يەنە ماھىنۇر توختى، ماھىنۇر ھاجى ياقۇپ يولداشلار بار. ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

كىتابىمىز كۆپ كىشىلەرنىڭ قولىدىن چىققاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتنىڭ قىسلىقى تۈپەيلى، گەرچە «تارىخىي خاتىرىلەر» نى ئىشلەش جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلەردىن پايدىلانغان بولساقمۇ، يەنىلا خاتالىقلاردىن خالى بولالماسلىقىمىز مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تەنقىد بېرىپ، تۈزىتىشلىرىنى سورايمىز.

شىنجاڭ داشۆ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى

تەتقىقات ئىنستىتۇتى

1990 - يىل ئۆكتەبىر

## «خەننامە»(1) بىرىنچى جىلد

# خەن گاۋدى(2) نىڭ تەرجىمىھالى

### (ئۆزۈندىلەر)

م.ب. 201 ـ يىلى (خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ ئالتىنچى يىلى)(3) توققۇزىنچى ئايدا ھۇنلار(4) خەن (韩)(5) بېگى خەن شىن(6) نى مايى(7) دا قورشىۋالدى. خەن بېگى خەن شىن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى.

م.ب. 200 - يىلى (خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ يەتتىنچى يىلى) قىش پەسلى ئونىنچى ئايدا خەن گاۋدى ليۇباڭ ئۆزى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، تۇڭدى(8) دېگەن يەرگە باردى ۋە خەن بېگى خەن شىنگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنىڭ سەركەردىسىنى ئۆلتۈردى. خەن بېگى خەن شىن ھۇنلار ئېلىگە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ چوڭ سەركەردىلىرىدىن مەن چيۇچېن(9)، ۋاڭ خۇاڭ(10) لار بىرلىكتە ئالتە بەگلىك(11) ۋاقتىدىكى جاۋ بەگلىكى(12) بېگىنىڭ ئەۋلادى جاۋلى(13) نى خان قىلىپ تىكلىدى ۋە خەن بېگى خەن شىننىڭ قاچاق ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، ھۇنلار بىلەن بىرلىكتە خەن (汉)

تۇشۇنغا قارشىلىق كۆرسەتتى. خەن گاۋدى ليۇباڭ جىنياڭ(14) دىن چىقىپ داۋاملىق جەڭ قىلىپ، قاچقان دۈشمەنلەرنى غەلىبە بىلەن قوغلاپ لۇفەن(15) گە باردى. قاتتىق سوغۇققا ئۇچرىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئوندىن ئىككى - ئۈچ قىسمىنىڭ بارماقلىرى ئۈششۈپ كەتتى. پىڭچېڭ(16) غا كەلگەندە هۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. يەتتە كۈندىن كېيىن، خەن گاۋدى چېن پىڭ(17) نىڭ ھىيلىسى(18) ئارقىلىق خەتەردىن قۇتۇلدى ۋە فەن كۇەي(19) نى دەي بەگلىكى(20) نى تىنچىتىشقا قالدۇردى.

12 - ئايدا هۇنلار دەي بەگلىكىگە هۇجۇم قىلدى. دەي بېگى ليۇشى(21) بەگلىكنى تاشلاپ لويالڭ(22) غا قېچىپ كېلدۋالدى. ئەپۇ قىلىنىپ خېياڭ(23) بېگىلىكىگە قويۇلدى، ئورنىغا ئۆز ئوغلى ليۇرۇيىسى (刘如意)(24) نى دەي بېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

(«خەننامە»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1962 - يىلى 1 - نەشرى، 1983 - يىلى 4 - باسمىسى، 1 - توم، 63 - بەت).

م.ب. 196 - يىلى (خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ 11 - يىلى) بىرىنچى ئايدا سانغۇن چەي ۋۇ(25) سەنخې(26) دېگەن يەردە خەن بېگى خەن شىننى ئۆلتۈردى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 70 بەت).

م.ب. 195 - يىلى (خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ 12 - يىلى) ئۈچىنچى ئايدا لۇەن(27) بىرنەچچە مىڭ ئادەم بىلەن چېگرا قورۇلىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلىشىپ، ئەھۋالنى كۆزەتتى. ئۇ خەن گاۋدى كېسەلدىن ساقايسا، ئۇنىڭ هۇزۇرىغا

بېرىپ كەچۈرۈم سورىماقچىدى، لېكىن، تۆۋەنچى ئايدا
خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ چاڭلې قەسرىدە(28) ۋاپات بول-
غانلىقىنى ئاڭلاپ ھونلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى.
(«خەننامە»، 1 — توم، 79 — بەت).

---

(1) «خەننامە» (汉书) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تارى-
خى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان تارىخچى بەن گۇ
قاتارلىقلار يازغان. ئېلىمىزدە خاندانلىقلارنى ئاساس قىلىپ،
يېزىلغان تۇنجى خاس تارىخ. «خەننامە» 120 جىلد بولۇپ،
م.ب. 206 — يىلى (خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ تۇنجى يىلى) دىن
م. 23 — يىلى (ۋاڭ ماڭ دەۋرىنىڭ تۆتىنچى يىلى) غىچە بولغان
230 يىللىق دەۋرنىڭ تارىخى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1981 —
يىل 1 — نەشرى، 1984 — يىل بېيجىڭ 3 — باس-
مىسى، 3 — توم، 1870 — بەت).

(2) خەن گاۋدى (汉高帝 م.ب. 256 — 195 —، يەنە
بىر ئېيتىلىشىچە م. ب. 247 — 195) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ
قۇرغۇچىسى. ئىسىم - فامىلىسى ليۇباڭ (刘邦)، يەنە بىر ئىسمى
ليۇجى (刘季)، پېيشيەن ناھىيىسى (ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسىدە)
دىن بولۇپ، سىشۇي مەنزىلىگە باشلىق بولغانىدى. م.ب. 209 —
يىلى (چىن سىخۇاڭ II نىڭ بىرىنچى يىلى) چېن شېڭ قوزغى-
لىڭىغا قوشۇلۇپ، «پېيگۇڭ» دەپ ئاتالغانىدى. دەسلەپ شياڭ
لياڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، كېيىن شياڭ يۈ رەھبەرلىكىدىكى
قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن تەڭلا چىن سۇلالىسىگە قارشى ئاسا-
سىي كۈچ بولۇپ قالدى. م.ب. 206 — يىلى ئۆز قوشۇنى بىلەن
شيەنياڭغا ھۇجۇم قىلىپ، چىن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. شۇ يىلى بەگلەر بېگى شياڭ يۈ (项羽) ئۇ-
نى خەن بېگى (汉王) قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ

شىياڭ يۈ بىلەن بەش يىلچە ئۇرۇش قىلدى. م.ب. 202 ـ يىلى شىياڭ يۈنى يوقىتىپ، خەن سۇلالىسىنى تۇزدى. م.ب. 202 — 195 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 887 بەت).

(3) تارىخشۇناسلار لىيۇباڭنىڭ خەن بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن م.ب. 206 ـ يىلنى خەن خانى لىيۇباڭنىڭ بىرىنچى يىلى دەپ ئاتىشىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(4) ھۇنلار، قۇنلار (匈奴) قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەردىن. غۇز (胡) لار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە گۈيفاڭلار، خۇنيىلار، شيەنيۈنلەر، تاغ رۇڭلىرى دەپ ئاتالغانىدى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇن دەپ ئاتالدى. چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. م.ب. III ئەسىردە باتۇر تەڭرىقۇت ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ھۇنلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 387 ـ بەت، «قىسقىچە بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسى، 8 ـ توم، 685 ـ بەت).

(5) خەن بەگلىكى (韩国) يېغىلىق دەۋرىدىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرى. بەگلىكنىڭ قۇرغۇچىسى خەن چيەن (خەن جىڭخۇ). ئۇ ۋېي سى (ۋېي ۋېنخۇ)، جاۋجى (جاۋ ليېخو) لار بىلەن بىرگە، جىن بەگلىكىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىپ خەن بەگلىكىنى قۇردى. مەركىزى ياڭدى (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ

يۇشيەن ناھىيىسىدە)، م.ب. 375 ـ يىلى خەن يۈەنخۇ جىڭ بەگـ
لىكىنى يوقىتىپ، مەركىزىنى شىنجېڭ (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدە)
گە يۆتكىدى. زېمىنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەـ
نۇبىي تەرىپى بىلەن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ۋېي، چىن، چۇ بەگلىكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئىدى. م.ب. 230 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

(بىر توملۇق «شىخەي»، 1991 ـ بەت).

(6) خەن شىن (韩信) چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
دەۋرلىرىدە ياشىغان شەخس. يېغىلىق دەۋرىدىكى خەن (韩)
بەگلىكىنىڭ بېگى خەن شياڭۋاڭنىڭ ئەۋلادى. م.ب. 205 ـ يىلى
(خەن خانى ليۇباڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن شىننىڭ تەدبىرى
بىلەن خەن (韩) زېمىنى تىنچىتىلغانلىقى ئۈچۈن خەن بېگى
بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. كېيىن ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ، يەنە، بىرـ
قانچە قېتىم چېگرىلارغا ھۇجۇم قىلدى. خەن گاۋدى سانغۇن چەي ۋۇـ
نى قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتتى. خەن شىن ئۇـ
رۇشتا يېڭىلىپ ئۆلتۈرۈلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 4 ـ توم، 3374 ـ بەت).

(7) مايى (马邑) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى دەۋـ
رىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى
شوشيەن ناھىيىسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
شاڭۋۇ نەشرىياتى، شياڭگاڭ، 1992 ـ يىل قايتا باسـ
مىسى، 761 ـ بەت).

(8) تۇڭدى (铜鞮) قەدىمكى ناھىيە. ئەمنىيە دەۋرىدە
تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىدىكى چىنـ
شيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1711 ـ بەت).

(9) مەن چيۈچېن (曼丘臣) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شەخس. خەن (韩) بېگى خەن شىنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، شاڭۋۇ نەشرىياتى،
1940 - يىل ئاپرېل، 8 - نەشرى، 994 - بەت).

(10) ۋاڭ خۇاڭ (王黄) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شەخس. خەن (韩) بېگى خەن شىنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن.

(«خەننامە»، 1 - توم، 63 - بەت).

(11) ئالتە بەگلىك (六国) يىغىلىق دەۋرىدە خەنگۇ قوۋۇقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان چۇ (楚)، چى (齐)، يەن (燕)، خەن (韩)، ۋېي (魏)، جاۋ (赵) بەگلىكلىرىدىن ئىبارەت.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى
قامۇسى»، 126 - بەت).

(12) جاۋ بەگلىكى (赵国) يىغىلىق دەۋرىدىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرى. بەگلىكنىڭ قۇرغۇچىسى جاۋجى (جاۋ لېيخۇ). ئۇ ۋېي سى (ۋېي ۋېنخۇ)، خەن چيەن (خەن جىڭخۇ) لار بىلەن بىرگە جىن بەگلىكىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، بەگ- لىك قۇردى. مەركىزى جىنياڭ (بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى تەي- ۋەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) بولۇپ، م. ب. 386 - يىلى خەندەن (بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدە) گە يۆتكىدى. زېمىنى بۈ- گۈنكى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالى بۆلۈكى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى بۆلەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىن جاۋ ۋۇلىڭۋاڭ جۇڭشەن بەگلىكىنى ئېلىپ ھەم ئورمان غۇزلىرى ۋە لۇفەنلەرنى يېڭىپ، يۈنجۇڭ، يەنمېن، دەيجۈن ۋىلايەتلىرىنى قۇردى. شۇنداق قىلىپ

بۆگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي بۆلىكى ۋە خېبتاۋ رايونىنى ئىگىلىدى. چاڭپىڭ ئۇرۇشىدا چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. م.ب. 222 – يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

(بىر تومluق «سىخەي»، 1944 – بەت).

(13) جاۋلى (赵利) خەن دەۋرىدە ياشىغان شەخس. يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكى بېگىنىڭ ئەۋلادى.

(«خەننامە»، 1 – توم، 63 – بەت).

(14) جىنياڭ (晋阳) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. قەدىمكى ئورنى جىنياڭ شەھىرى بولۇپ، چىنن سۇلالىسى ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە تەيىۋەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئىدى.

(بىر توملۇق«سىخەي»، 1929 – بەت).

(15) لۇفەن (楼烦) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، يەنمېن ۋىلايىتىگە قارايدۇ. ئورنى بۆگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى شىنچى بىلەن ۋۇجەي ناھىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 – توم، 1624 – بەت).

(16) پىڭچېڭ (平城) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۆگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 42 – بەت).

(17) چېن پىڭ (陈平) م.ب. ؟ — 178) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ياڭۋۇلۇق. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، دەسلەپ شياڭ يۈ، كېيىن ليۇباڭنىڭ خىزمىتىدە كىرگەن. تەدبىرلىك زات بولۇپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، چۈنى بېگى بولدى. خەن خۇيدى دەۋرىدە سول قول ۋەزىر، خانىكە لۈخۇ دەۋرىدە ئوڭ قول ۋەزىر بولدى.

جۇ بو بىلەن بىرلىكتە لۈ جەمەتىنى يوقىتىپ، خەن ۋېندىنى تەختكە چىقاردى، خەن سۇلالىسىنى مۇستەھكەملەشتە زور خىزمەت كۆرسەتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ـ توم؛ 3274 ـ بەت).

(18) ھىيلە (密计): ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھىيلىسىنى دېمەكچى.

(مۇھەررىردىن).

(19) فەن كۇەي (樊哙، م.ب. ? — 189) خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپتىكى سەركەردىلەردىن بىرى، پېيشيەن ناھىيىسىدىن، ياشلىقىدا ئىتارچىلىق قىلاتتى. كېيىن ليۇباڭنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلىقى ۋە سانغۇن بولۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن زور مەرتىۋىگە ئىگە بولغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 652 ـ بەت).

(20) دەي بەگلىكى (代国) خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپتە تەسىس قىلىنغان بەگلىك. ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىشى، لىڭشى، شياڭ ناھىيىلىرىنىڭ شىمالى ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋېيشيەن، ياڭيۈەن، خۇەيئەن ناھىيىلىرى دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ. بەگلىك مەركىزى خۇەيئەن (怀安) ناھىيىسىدە ئىدى. كېيىن جۇڭدۇ شەھىرىگە (يەنە بىر رىۋايەتتە جىنياڭ شەھىرىگە) كۆچۈرۈلگەن، م.ب. 114 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 211 ـ بەت).

(21) ليۇشى (刘喜) خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1973 ـ يىل 4 ـ ئاي، بېيجىڭ، ئالتىنچى باسمىسى، 385 ـ بەت).

(22) لوياڭ (雒阳) بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لوياڭ (洛阳) شەھىرى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 931 - بەت).

(23) خېياڭ (合阳) قەدىمكى جاي نامى. يېغىلىق دەۋ-رىدىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ زېمىنى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە خېياڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى خېياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 317 - بەت).

(24) ليۇرۇيى (刘如意) خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ تۆتىنچى ئوغلى. دەي بەگلىكىنىڭ بېگى بولغانىدى. ئاتىسى گاۋدى ليۇباڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۆگەي ئانىسى خانىكە لۈخۇ تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1441 - بەت).

(25) چەي ۋۇ (柴武) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شەخس. خەن گاۋدى ليۇباڭنىڭ سەركەردىلىرىدىن. خەن (韩) بېگى خەن شىن ئاسىيلىق قىلغىنىدا، گاۋدى ليۇباڭ چەي ۋۇ سانغۇن قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە خەن شىن قوشۇنلىرى تارمار بولۇپ، خەن شىنىنىڭ كاللىسى ئېلىندى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 665 - بەت).

(26) سەنخې (参合) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇ-لالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆل-كىسى ياڭگاۋ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 478 - بەت).

(27) لۇۋەن (炉绾) م.ب. (247 — 193، يەنە بىر رىۋا-يەتتە م.ب. 256 — 193) خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپدىكى تۆرە بەگ-لەردىن. فېڭ (ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسىدە) دېگەن يەردىن. چىن

سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا لىيۇباڭنىڭ پېيشيەن ناھىيىسىدىكى قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، خەنجۇڭغا كىرگەندە سانغۇن بولدى. لىيۇباڭ شەرقتە شياڭ يۈگە ھۇجۇم قىلغاندا بىللە بولدى. لىنجياڭ بېگى گوڭ ۋېي، يەن بېگى زاڭ تۇغا قارشى يۈرۈشلەرگە قاتناشتى ۋە يەن بېگى بولدى. كېيىن ھونلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھون ئېلىگە قاچتى ۋە شۇ يەردە ئۆلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 179 - بەت).

(28) چاڭلې قەسرى (长乐宫) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ مۇھىم قەسرلىرىدىن بىرى. خارابىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، قەدىمكى چاڭئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 70 - بەت).

## «خەننامە» ئىككىنچى جىلد

# خەن خۇيدى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 192 - يىلى (خۇيدىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئەتىيازدا، خان جەمەتىدىن بولغان بىر قىز خانىكە بولۇپ پەغپۇرغا ياتلىق قىلىندى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 89 - بەت).

---

(1) خەن خۇيدى (汉惠帝) خەن گاۋدى لىيۇباڭنىڭ ئوغلى، خانىش لۈجى (吕稚) دىن تۇغۇلغان، ئىسىم - فامىلىسى لىيۇ يىڭ (刘盈)، م.ب. 195 — 188 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1359 - بەت).

# خەن گاۋدىنىڭ خانىكىسى لۈخۇ(1)نىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 182 - يىلى (لۈخۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، هۇنلار دىداۋ(2) ناھىيىسىگە بېسىپ كىردى، ئېياڭ(3) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

م.ب. 181 - يىلى (لۈخۇنىڭ يەتتىنچى يىلى) 12 - ئايدا، هۇنلار دىداۋ ناھىيىسىگە بېسىپ كىرىپ 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 99 - بەت).

---

(1) لۈخۇ (吕后، م.ب. 241 — 180) خەن گاۋدى لیۇ باڭنىڭ خانىكىسى، خەن خۇيدى لیۇ يىڭنىڭ ئانىسى، ئىسمى لۈجى. ئوغلى خۇيدى ئۆلگەندىن كېيىن سەككىز يىل ھاكىمىيەت باشقۇردى ۋە لیۇ باڭنىڭ سانغۇن - ۋەزىرلىرىنى چەتكە قېقىپ، ئۆز جەمەتىدىن بولغان ئادەملىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن جۇبو، چېن پىڭلار لۈ جەمەتىنى بىراقلا يوقىتىپ لیۇ جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 727 - بەت).

(2) دىداۋ (狄道) قەدىمكى ناھىيە، چىن سۇلالىسى دەۋ-

رىدە ئەسىر قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنتاۋ ناھىيىسىدە.

(بىر تومىلۇق «سىخەي»، 819 – بەت).

(3) ئىياڭ شەھرى(阿阳城) قەدىمكى ناھىيە. بۇرۇندىن تيەنشۇي ۋىلايىتىگە قارايتتى، ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى جىڭنىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«خەننامە»، 1 – توم، 99 – بەت).

«خەننامە» تۆتىنچى جىلد

# خەن ۋېندى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 177 - يىلى (خەن ۋېندى چيەنيۈەن(2) ئۈچىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا، هونلار بېيدى(3) ۋىلايىتىنىڭ شىمالى ۋە خۇاڭخې دەرياسى(4) نىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا باستۇرۇپ كىردى. خەن ۋېندى گەنچۇەن قەسرى(5) گە كېلىپ، باش ۋەزىر گۇەن يىڭ(6) نى قوشۇن بىلەن هۇنلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. هۇنلار چېكىنىپ كەتتى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 119 - بەت).

م.ب. 169 - يىلى (خەن ۋېندى چيەنيۈەنىنىڭ 11 - يىلى) ئالتىنچى ئايدا، هۇنلار دىداۋ ناھىيىسىگە تاجاۋۇز قىلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 123 - بەت).

م.ب. 166 - يىلى ( خەن ۋېندى چيەنيۈەنىنىڭ 14 - يىلى) قىشتا، هۇنلار چېگرا - قورۇلغا تاجاۋۇز قىلىپ، بېيدى ۋىلايىتىنىڭ كاھېبېگىسى(7) سۈن ئاڭنى ئۆلتۈردى. خەن ۋېندى ئۈچ سانغۇن(8) ئەۋەتتى. ئۇلار لۇڭشى(9)، بېيدى،

شاڭجۈن(10) ۋىلايەتلىرىدە تۇردى، يەنە قوشبېشى(11)
جۈشىنى مۇھاپىزەتچى سانغۇن(12)، قوۋۇقچىباشى(13)
جاڭ ۋۇنى ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى(14) قىلىپ، 1000
جەڭ ھارۋىسى ۋە 100 مىڭ كىشىلىك چەۋەنداز بىلەن ۋېيـ
خې دەرياسى(15) نىڭ شىمالىدا تۇرغۇزدى. خەن ۋېندى
شەخسەن ئۆزى قوشۇنلاردىن ھال سورىدى. قوشۇننى تەرتىپكە
سېلىپ، ھەربىي ئىنتىزامنى جاكارلىدى. پۈتكۈل قوشۇندىكى
سىپاھ بەگلەرگە ئىنئام بەردى. خەن ۋېندى شەخسەن ئۆزى
چوڭ قوشۇن باشلاپ، ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولـ
دى. ۋەزىرلەر مەسلىھەت بېرىپ توسسىمۇ ئۇنىمىدى. شاھ سانىيە
قايتا - قايتا توسقاندىن كېيىن، ئاندىن بارماس بولۇپ
توختاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دۇڭيياڭ(16) بېگى(17)
جاڭ شياڭرۇنى ئۇلۇغ سانغۇن(18)، جيەنچېڭ(19) بېگى دۇڭ
خې(20) ۋە ھۇدەيچى(21) لۇەن بۇ(22) لارنى سانغۇن قىلىپ
تەيىنلىدى ۋە ئۇلارنى قوشۇن باشلاپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىـ
لىشقا ئەۋەتتى، ھۇنلار قېچىپ كەتتى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 125 - 126 - بەتلەر).

م.ب. 162 - يىلى (خەن ۋېندى خۇيۇەن(23) نىڭ
ئىككىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا دەي بەگلىكىنىڭ بېگى ليۇ
سېن (刘参) (24) كېسەل بولۇپ ئۆلدى.

ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ قۇدىلاشتى. شۇ
مۇناسىۋەت بىلەن خەن ۋېندىنىڭ چۈشۈرگەن يارلىقىدا:
«مەن ئاقىل ئەمەسمەن. يىراق - چەت جايلارنى ئادىللىق
بىلەن سورىيالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن يىراق - چەت جايلار-
دىكى يۇرت - ئايماقلار تىنچ - خاتىرجەم بولالمىدى. تۆت
دالا (25) نىڭ سىرتىدىكى جايلاردا ئاسايىشلىق يورنىمىدى.
بۇ يەردىكى پۇقرالارمۇ تىنچ - خاتىرجەم بولالمىدى. پايتەخت

ئەتراپىدىكى پۇقرالار ئۆزۈن زامانلار تىرىشچانلىق
بىلەن ئەمگەك قىلغان بولسىمۇ، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرەلمىدى.
بۇ ئىككى جەھەتتىكى بەختسىزلىكلەر ئادالىتىمنىڭ يېتەرسىز-
لىكى ۋە يىراق - چەت جايلارغا يېتىپ بارالمىغانلىقى تۈپەي-
لى كېلىپ چىققان. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ھۇن-
لار چېگراغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ، نۇرغۇن ئەمەلدار ۋە
پۇقرالىرىمنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چېگرانى ساقلاۋات-
قان ئەئىيان ۋە سىپاھ - بەگلىرىم مېنىڭ مەقسىتىمنى ئۇلار-
غا چۈشەندۈرەلمىدى، شۇڭا مېنىڭ ئادالەتسىزلىك ۋە ئىلتى-
پاتسىزلىقتىن ئىبارەت خاتالىقىمنى كۈچەيتتى. مانا مۇشۇن-
داق ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئۆچمەنلىك ۋە ئۇرۇشلاردا ئىچكىرى-
دىكى ۋە يىراق - چەت جايلاردىكى پۇقرالار قانداق قىلىپ
تىنچ - ئاسايىشلىققا ئېرىشەلىسۇن؟ ھازىر سەھەر قوپۇپ،
كەچ ياتىمەن، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى تىرىشىپ ئىشلەۋاتىمەن،
پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەۋاتىمەن، لېكىن بۇ ئىشلاردىن يەنىلا
غەم قىلىپ خاتىرجەم بولالمىدىم ۋە بۇ ئىشلارنى بىر كۈنمۇ
يادىمدىن چىقىرىپ قويمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇنلارغا ئار-
قا - ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز ئارزۇيۇمنى يەتكۈزۈپ
تۇردۇم. ھازىر تەڭرىقۇتمۇ بۇرۇنقى يارىشىش يولىغا قايتىش-
نى خالايدىغان بولدى. ئەلنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە پۇقرالارنىڭ
تۇرمۇشىغا پايدا يەتكۈزۈشنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرلىكتە
بۇرۇنقى سەۋەنلىكلەرنى سۈرۈشتە قىلمايدىغان بولدۇق، تىنچ،
ئىناق ئۆتۈپ، ئاكا - ئۇكىدەك دوستانە مۇناسىۋەت ئورنات-
ماقچى بولدۇق، شۇ ئارقىلىق ئىككى ئەلدىكى بەگ - بەگات،
پۇقرايۇ - پەقىرلەرنىڭ ئەمىنلىكى ھۆددە قىلىنىدىغان بول-
دى. ھازىر شۇ توغرۇلۇق يارىشىش ئەھدى تۈزۈلدى. بۇ
ئەھد مۇشۇ يىلدىن باشلاپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» دېيىلگەندى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 129 - بەت)

م.ب. 159 - يىلى (خەن ۋېندى خۇيۇەننىڭ ئالتىنچى يىلى) قىشتا، هۇنلار 30 مىڭ چەۋەنداز بىلەن شاڭجۈن ۋىلايىتىگە، 30 مىڭ چەۋەنداز بىلەن يۈنجۇڭ ۋىلايىتى(26) گە بېسىپ كىرگەندى. خەن ۋېندى كېڭەش بېگى(27) لىڭ مىيەننى هارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى قىلىپ، فېيخۇ(28) دا، چۇ بەگلىكى(29) نىڭ سابىق ئەركانى سۇيى(30) نى سانغۇن قىلىپ گۇجۇ(31) دا، سانغۇن جاڭ ۋۇنى بېيدى ۋىلايىتىدە، خېنىي(32) ۋالىي(33) جۇيافۇ(34) نى سانغۇن قىلىپ شىلىيۇ(35) دا، ئوردا ئىشلىرى بېگى(36) لىيۇ-لىنى سانغۇن قىلىپ باشاڭ(37) دا، جۇزى(38) بېگى شۇلىنى سانغۇن قىلىپ جىمېن(39) دا تۇرغۇزدى. شۇ ئار-قىلىق هۇنلارنىڭ چېگرا ئىچىگە بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 130 — 131 - بەتلەر).

ئەھدە تۈزۈلگەن بولسىمۇ، كېيىن هۇنلار لەۋزىگە خىلاپلىق قىلىپ تاجاۋۇز قىلدى. خەلقنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن قوشۇن بىلەن دۈشمەن يېرىگە ئىچكىرىلەپ كىرمەستىن، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىلا يارلىق چۈشۈرۈلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 135 - بەت).

---

(1) خەن ۋېندى (汉文帝، م.ب. 202 — 157) ئىسمى فامىلىسى لىيۇ خېڭ (刘桓)، غەربىي خەن سۇلالىسى خانى گاۋدى لىيۇباڭنىڭ ئوغلى. م.ب. 180 — 157 - يىللىرى خانلىق قىلغان. ئۆز سەلتەنەت دەۋرىدە باج - سېلىقنى كېمەيتىپ، دېھقانچىلىققا ئېتىبار بېرىپ، خەن سۇلالىسىنى خېلى گۈللەندۈرگەنىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 886 - بەت).

(2) چيەنيۇەن(前元) خەن ۋېندى جەمئىي 23 يىل خانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ تەختكە چىقىپ بىرىنچى يىلدىن 16 — يىلغىچە بولغان دەۋرىنى، چيەنيۇەن يىللىرى»، 17 — يىلىنى «خۇيۇەن» (后元) نىڭ بىرىنچى يىلى دەپ ئاتىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2089 — بەت).

(3) بېيدى (北地) قەدىمكى ۋىلايەت. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى خېلەن تېغى، چىڭتۇڭشيا، سەنشۈي دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خۇەنجياڭ دەرياسى، مالىيەن دەرياسى ۋادىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مالىڭ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 331 — بەت).

(4) خۇاڭخې (黄河) سېرىق دەريا، (ياشىل ئۆگۈس، يېشىل ئىرماق). ئېلىمىز بويىچە ئىككىنچى چوڭ دەريا. مەنبەسى كارچۇدىن باشلىنىپ، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى بايانغار تاغ تىزمىسىنىڭ گەزگېيا تاغ ئېتىكىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. شەرققە ئېقىپ سىچۇەن، گەنسۇ، نىڭشيا، ئىچكى موڭغۇل، شەنشى، سەنشى، خېنەن قاتارلىق ئۆلكە ۋە رايونلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا بوخەي دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 5464 كېلومېتر.

(بىر توملۇق «سىخەي» 2052 — 2053 — بەتلەر).

(5) گەنچۇەن قەسرى (甘泉宫) بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى چۇنخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا گەنچۇەن تېغى بار. خەن سۇلالىسى بۇ تاغدا گەنچۇەن قەسرىنى ياساتقان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، 1 — توم، 425 — بەت).

(6) گۇەن يىڭ (灌婴، م.ب.؟ — 176) خەن سۇلالىسى-
نىڭ دەسلەپكى چوڭ ۋەزىرلەردىن. سۈيياڭ (ھازىرقى خېنەن
ئۆلكىسىدىكى شاڭچيۇنىڭ جەنۇبى) لىق. شايى - دۇردۇن سودى-
گەرى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى دېھقانلار
ئۇرۇشىدا ليۇباڭ بىلەن بىللە بولغان. كېيىن خەن شىننىڭ خىز-
مىتىگە كىرىپ، چى بەگلىكى قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، شياڭ يۈگە
ھۇجۇم قىلدى. ليۇباڭ خان بولغاندىن كېيىن ھارۋا - ئاتلىقلار
سانغۇنى بولغان گۇەن يىڭ يىگىن بېگلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن جۇبو، چېن پىڭلار بىلەن بىرلىكتە لۈجەمەتىنىڭ ئىس-
يانىنى باستۇرۇپ، خەن ۋېندىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇشتا خىزمەت
كۆرسەتكەچكە، باش ۋەزىر بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 996 - بەت).

(7) كاھبەگ (都尉) يېغىلىقلار دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان
سانغۇندىن تۆۋەنرەك دەرىجىدىكى ھەربىي ئۇنۋان بولۇپ، غەر-
بىي خەن سۇلالىسى خانى جىڭدى دەۋرىدە ۋىلايەت نائىب بەگلىرى
سۈپىتىدە ۋىلايەتنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 451 - بەت).

(8) ئۈچ سانغۇن (三将军) شياڭجۇن سانغۇنى لۈچىن،
بېيدى سانغۇنى ۋېي سۇ، لۇڭشى سانغۇنى جۇزاۋ كۆزدە
تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(9) لۇڭشى (陇西) قەدىمكى ۋىلايەت. لۇڭشەن تېغىنىڭ
غەربىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. غەربىي خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى دائىرىسى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇڭشياڭنىڭ
شەرقىدىكى تاۋخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى، ۋۇشەن تېغى-
نىڭ غەربىدىكى ۋېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، لىشيەن
ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى شىخەنشۈي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى

ۋە تيەنشۈي شەھرىنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 428 ــ بەت).
(10) شاڭجۈن (上郡) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يەنئەن، يۈلىن شەھىرى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 ــ توم، 61 ــ بەت).
(11) قوشىبېشى (中尉) چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە پايتەختنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىغۇچى ھەربىي ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1048 ــ بەت).
(12) مۇھاپىزەتچى سانغۇن (卫将军) خەن ۋېندى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پايتەختتىكى قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلاتتى.
(«تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەمەلدار جەدۋىلى»، 189 ــ بەت).
(13) قوۋۇقچىباشى (郎中令) چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا تەسىس قىلىنغان ئەمەلدارلاردىن بىرى. ئاساسەن ئوردا ــ ساراي دەرۋازىلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى باشقۇراتتى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 449 بەت).
(14) ھارۋا ــ ئاتلىقلار سانغۇنى (车骑将军) ئەمەل. خەن ۋېندىنىڭ تۇنجى يىلى تەسىس قىلىنغان. ئوڭ، سول، ئالدى، ئارقا سانغۇنلار قاتارىدا بولۇپ، يۇكسەك ئەمەللەردىن ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1338 ــ بەت).
(15) ۋېيخې (渭河) دەريا. گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېييۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نياۋشۇشەن تېغىدىن باشلىنىپ، شەنشى ئۆلكىسىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرى تۇڭگۈەن ناھىيىسىدە خۇاڭخې دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 ــ توم، 1851 ــ بەت).

(16) دۇڭياڭ (东阳) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىدە. دۇڭياڭ جاڭ شائىرۇغا سۈيۈرغال قىلىنغاچقا، جاڭ شيائىرۇ دۇڭياڭ بېگى دەپ نام ئالغانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1334 – بەت).

(17) بەگ، تارخان (侯) قەدىمكى زاماندا بەش دەرىجىلىك ئۇنۋاننىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، كۆپىنچە ئەمەلدارلار ۋە ئالىم كىشىلەر بەگ بولاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 – توم، 215 – بەت).

(18) ئۇلۇغ سانغۇن (大将军) ھەربىي ئەمەل. يېغىلىق دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇلغان، سانغۇنلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى رۇتبەسى بولۇپ، يۈرۈشكە چىققان قوشۇنلارنىڭ باش قوماندانلىقىنى قىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 630 – بەت).

(19) جيەنچېڭ (建成) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى يۇڭچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 615 – بەت).

(20) دۇڭ خې (董赫) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى سانغۇنلاردىن. م.ب. 190 – يىلى (خەن خۇيدىنىڭ بىرىنچى يىلى) دادىسىنىڭ خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ جيەنچېڭ ناھىيىسىگە بەگ بولغان.

(«خەننامە»، 1 – توم، 126 – بەت).

(21) ھۇدەيچى (内史) پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلىدىغان ئەمەلدار. كېيىن پايتەخت بېگى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 192 – بەت).

(22) لىۋەن بۇ (栾布 م.ب.؟ — 145) غەربىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان. لياڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى
شاڭچيۇ) دېگەن يەردىن. لياڭ بېگى پېڭ يۈنىڭ يېقىن دوستى،
خەن گاۋدى دەۋرىدە كاھېنگى، خەن ۋېندى دەۋرىدە يەن بەگ-
لىكىنىڭ ۋەزىرى بولغان. ۋۇ، چۇلاردىن ئىبارەت يەتتە بەگلىك
ئىسيان كۆتۈرگەندە چى بەگلىكىگە قارشى ئۇرۇشتا خىزمەت
كۆرسەتكەچكە خەن جىڭدى ئۇنى شۇ ناھىيىسىگە بەگ قىلغانىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1912 — بەت).

(23) خۇيۈەن (后元) خەن ۋېندىنىڭ يىلنامى. م.ب.
163 — 150 — يىللىرى مەزگىلى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 2089 — بەت).

(24) ليۇسېن (刘参) خەن ۋېندىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى،
تەييۈەن ۋە دەي بېگى بولغان.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1462 — بەت).

(25) تۆت دالا (四荒) تۆت ئەتراپتىكى يىراق چۆل
يەرلەر بولۇپ: قەدىمكى گۇجۇ، بېيخۇ، شىۋاڭمۇ، رىشيا خانلىق-
لىرى تۆت دالا دېيىلەتتى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 — توم، 562 — بەت).

(26) يۈنجۇڭ (云中) قەدىمكى ۋىلايەت. يېغىلىق دەۋ-
رىدە جاۋ ۋۇ لىڭۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى
ئىچكى موڭغۇل تومد ئوڭ خوشۇنىنىڭ شەرقى، داچىڭ تېغىنىڭ
جەنۇبى، جۇزى ناھىيىسىنىڭ غەربى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ
جەنۇبى، سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرگە توغرا كېلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 473 — بەت).

(27) كېڭەش بېگى (中大夫) مەشۇرەت — كېڭەش ئىش-
لىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1858 — بەت).

(28) فېيخۇ (飞狐) ئۆتكەل. بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى

لەييۇەن ناھىيىسىنىڭ شىمالى، يۇشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا. ئىككى تەرىپى تىك يار، يۈز چاقىرىمدىن ئۇزۇن تار يول بولۇپ، قەدىمدىن بېرى خېبېي تۈزلەڭلىكى بىلەن شىمالىي چېگرا ۋىلايەتلىرى ئارىسىدىكى قاتناشنىڭ مۇھىم ئېغىزى بولۇپ كەلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 110 ـ بەت).

(29) چۇ بەگلىكى (楚国) م. ب. 475 ـ م. ب. 221 ـ يىللىرى يەنى چىن سۇلالىسى قۇرۇلغانغا قەدەر داۋام قىلغان يېغىلىق دەۋرىدىكى يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2084 ـ 2089 ـ بەتلەر).

(30) سۇيى (苏意) يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن خەن ۋېندى دەۋرىگە قەدەر ئۈچ دەۋرنى كۆرگەن چۇ بەگلىكىنىڭ سابىق ۋەزىرى. خەن ۋېندى دەۋرىدە سانغۇن بولغان.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 130 ـ بەت).

(31) گۇجۇ (句注) تاغ. يەنمېنشەن تېغىمۇ دېيىلىدۇ. قەدىمكى توققۇز قورۇلىنىڭ بىرى. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 329 ـ بەت).

(32) خېنېي (河内) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 205 ـ يىلى (خەن گاۋدى ليۇ باڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان. دائىرىسى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمال قىرغاقلىرىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 910 ـ بەت).

(33) ھاكىم (太守) ئەسلىدە يېغىلىقلار دەۋرىدىكى 郡守 (ۋىلايەت باشلىقى) دېگەن ئەمەلنىڭ ھۆرمەتلەپ ئاتىلىشى بولۇپ، خەن جىڭدى دەۋرىدە 太守 (ۋالىي) غا رەسمىي ئۆزگەرتىلدى. بىر ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدارى. كېيىنكى چاغلارغىچە ئۆزگەرتىلمەي شۇ بويىچە قوللىنىلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 639 ـ بەت).

(34) جۇيافۇ (周亚夫 م.ب. ؟ — 143) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سانغۇنى. پېي (ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسىگە قارايدۇ) ناھىيىسىدىن. جۇ بونىڭ ئوغلى. دەسلەپ تىياۋ دېگەن يەردە بەگلىك قىلاتتى. خەن ۋېندى دەۋرىدە ھونلار ھۇجۇم قىلغانىدى، جۇ يافۇ خېنېي مۇھاپىزەت سانغۇنى سالاھىيىتىدە شىلىيۇ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭنىڭ غەربىي جەنۇبى) نى مۇھاپىزەت قىلدى. ھەربىي بۇيرۇقلىرى — ئىنتىزامى قاتتىق ئىدى. ئۇ خەن جىڭدى دەۋرىدە ئەمىر لەشكەر بولغان. ۋۇ، چۇدىن ئىبارەت يەتتە بەگلىكتە توپىلىڭنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلدى. كېيىن ئوغلى قانۇنسىزلىق قىلىپ قامالغاندا، جۇ يافۇ ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆلۈۋالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 201 — بەت).

(35) شىلىيۇ (细柳) قەدىمكى يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شيانياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋېيخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1160 — بەت).

(36) ئوردا ئىشلىرى بېگى (宗正) چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئەمەل. بۇ كۆپىنچە خان جەمەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەمۇر بولۇپ، توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 813 — بەت).

(37) باشاڭ (霸上) قەدىمكى يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2002 — بەت).

(38) جۇزى (祝兹) قەدىمكى يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسى لۇجياڭ ناھىيىسىدە.

(«خەننامە»، 2 — توم، 623 — بەت).

(39) جىمېن (棘门) قەدىمكى يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1843 — بەت).

## «خەننامە» بەشىنچى جىلد

# خەن جىڭدى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

م. ب. 156 - يىلى (خەن جىڭدى چيەنيۈەن (2) بىرىنچى يىلى) تۈتىنچى ئايدا، خەن جىڭدى باش تەپتىش بەگ(3) يەن چىڭدى(4) نى ھۇنلار بىلەن يارىشىش ئەھدى تۈزۈش ئۈچۈن دەي بەگلىكىگە ئەۋەتتى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 140 - بەت).

م. ب. 155 - يىلى (خەن جىڭدى چيەنيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) كۈزدە، خەن سۇلالىسى ھۇنلار بىلەن ئەھد تۈزۈپ ياراشتى.

(«خەننامە»، 1 - توم (141 - بەت).

م. ب. 152 - يىلى (خەن جىڭدى چيەنيۈەننىڭ بەشىنچى يىلى) خەن سۇلالىسىدىن بىر مەلىكە ھۇن ھۆكۈمدارى كۈن تەڭرىقۇتقا(5) ياتلىق قىلىندى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 144 - بەت).

م. ب. 148 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەن (6) نىڭ ئىك

كىنچى يىلى) ھۇنلار يەن بەگلىكى(7) چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 145 ـ بەت).

م. ب. 144 ـ يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەننىڭ ئال‌تىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، ھۇنلار يەنمېن ۋىلايىتى(8) گە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئاندىن ۋۇ چۈەن(9) ناھىيىسىگە، ئەڭ ئاخىرىدا شاڭجۈن ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئوتلاق‌لاردىكى ئاتلارنى تالان ـ تاراج قىلدى. ئۇرۇشتا سىپاھ بەگ‌لەردىن 2000 كىشى ئۆلدى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 150 ـ بەت).

م. ب. 142 ـ يىلى (خەن جىڭدى خوۋيۈەن(10) نىڭ ئىككىنچى يىلى) ئەتىيازدا، ھۇنلار يەنمېن ۋىلايىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. يەنمېن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى فېڭ جىڭ(11) ھۇنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. خەن جىڭدى ھارۋا ـ ئاتلىقلار قوشۇنى ۋە نۆكەر(12) قوشۇنىنى يەنمېن ۋىلايىتى مۇداپىئەسىگە يۆتكىدى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 151 ـ بەت).

---

(1) خەن جىڭدى (汉景帝) م. ب. 188 — 141) ئىسىم ـ فامىلىسى ليۇچى (刘启)، غەربىي خەن سۇلالىسى خانى ۋېندىنىڭ ئوغلى. م. ب. 157 — 141 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن. «خەلققە قەددىنى رۇسلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش سىياسىتى» نى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ، $\frac{1}{15}$ ھەسسە ئېلىنىدىغان غەللە ـ پاراقنى $\frac{1}{30}$ ھەسسىگە چۈشۈردى. بەگلىكلەرنى ئاجىزلىتىش تەدبىرىنى

قوللىنىپ، ۋۇ (吴)، چۇ (楚) لاردىن ئىبارەت يەتتە شاھزادە يېغىلىقنى تىنچىتتى. بەگلەرنىڭ ئەمەلدارلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە خىزمەتتىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى مەركەزگە تاپشۇرۇپ ئالدى. بەگلەرنىڭ مەمۇرىيىتى مەركەزدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار تە- رىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلۈپ مۇستەھكەملەنگەنىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 887 ــ بەت).

(2) چيەنيۈەن (前元) خەن جىڭدى (ليۇچى)نىڭ يىلنامىسى. م. ب. خەن جىڭدى 156 ــ يىلدىن 141 ــ يىلغىچە جەمئىي 16 يىل خانلىق قىلدى. ئۇ تەختكە چىقىپ بىرىنچى يىلدىن يەت- تىنچى يىلغىچە بولغان ۋاقىتنى «چيەنيۈەن»، سەككىزىنچى يىلنى «جۇڭيۈەن» (中元) بىرىنچى يىلى، 14 ــ يىلنى «خۇيۈەن» (后元) بىرىنچى يىلى دەپ بېكىتتى.

(مۇھەررىردىن).

(3) باش تەپتىشبەگ (史大夫) باش ۋەزىردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان يۇقىرى ئەمەلدار بولۇپ، ئاساسەن تەپتىش قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قوشۇمچە مۇھىم خەت ــ ئالاقە ۋە كىتاب ــ ۋەسىقىلەرنى باشقۇراتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 805 ــ بەت).

(4) يەن چىڭدى (燕青翟) خەن جىڭدىنىڭ ھۇن ھۆ- كۈمدارى كۈن تەڭرىقۇتقا ئەۋەتكەن ئەلچىسى.

(«خەننامە»، 1 ــ توم، 140 ــ بەت).

(5) كۈن تەڭرىقۇت (军臣单于) باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ نەۋرىسى، روشات تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. م. ب. 161 ــ يىلدىن 126 ــ يىلغىچە 35 يىل سەلتەنەت سۈرگەن تۆتىنچى ئەۋلاد ھۇن تەڭرىقۇتى.

(«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1984 ــ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 293 ــ بەت).

(6) جۇڭيۈەن (中元) خەن جىڭدىنىڭ يىلنامى. م. ب. 149 — 144 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2089 — 2090 - بەتلەر).

(7) يەن بەگلىكى (燕国) ئورنى بۈگۈنكى بېيجىڭ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى داشىڭ، چاڭپىڭ، ئەنسى ناھىيىلىرىگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى جى (بۈگۈنكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1241 - بەت).

(8) يەنمېن (雁门) قەدىمكى ۋىلايەت. يېغىلىق دەۋرىدە جاۋ ۋۇلىڭۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى خېچۇ، ۋۇسەي، نىڭۋۇ ناھىيىلىرىنىڭ شىمالى، خېڭشەن تېغىنىڭ غەربىي ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خۇاڭچېنخەي، دەيخەي قاتارلىق جايلارنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى شەنۇۋ (بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى يوۋيۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 154 - بەت).

(9) ۋۇچۈەن (武泉) قەدىمكى ناھىيە. يۈنجۇڭ ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل كۆكخوت شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخىغا دائىر خەرىتىلەر توپلىمى»، 2 - توم، 20 — 21 - بەتلەر).

(10) خۇيۈەن (后元) خەن جىڭدىنىڭ م. ب. 143 — 141 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2090 - بەت).

(11) فېڭ جىڭ (冯敬) خەن جىڭدى دەۋرىدە يەنمېن ۋالىيسى ئىدى. ھۇنلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلگەن.

(«خەننامە»، 1 - توم، 151 - بەت).

(12) نۆكەر (材官) ئەمەل. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان باتۇر قوشۇنلار سانغۇنى. ۋىلايەت ـ بەگلىك لەرنىڭ يۇرۇشكە قوشۇلىدىغان باتۇر قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلاتتى، قوشۇن قايتىش بىلەن قالدۇرۇلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 2 – توم، 1516 – بەت).

## «خەننامە» ئالتىنچى جىلد

# خەن ۋۇدى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

م. ب. 134 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭ (2) نىڭ بىرىنچى يىلى) قىشتا خەن ۋۇدى ياساۋۇلبەگ(3) لى گۇاڭ (4) نى ئالىپ چەۋەنداز(5) سانغۇن قىلىپ، يۈنجۇڭ ۋىلايىتىدە قوشۇن تۇرغۇزدى. قوشبېشى چېڭ بۇشى(6) نى هارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ يەنمېن ۋىلايىتىدىمۇ قوشۇن تۇرغۇزدى. ئالتىنچى ئايدا قوشۇنلار قايتۇرۇپ كېلىندى.

(«خەننامە» 1 - توم، 160 - بەت).

م. ب. 133 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئەتىيازدا خەن ۋۇدى ۋەزىر - ۋۇزرالارغا يارلىق چۈشۈرۈپ: «مەن مەلىكىمىزنى ياساپ - جابدۇپ، تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلدىم. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن، كىمخاب، تاۋار ۋە تەتىللا كىيىملەرنى سوۋغا قىلدىم. بىراق تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ پەرمانلىرىنى زادىلا كۆزگە ئىلماي، داۋاملىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كەلدى. چېگرىدىكى ئەسكەر ۋە پۇقرالار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. ئۇلارغا بەك ئېچىنىمەن. هازىر ئەسكەر چىقىرىپ، هۇنلارغا هۇجۇم قىلماقچىمەن. سىلەرچە بۇ قانداق بولار؟»

دەپ سورىغاندا، سورۇنبەگ(7) ۋاڭ خۇي(8) ھۇجۇم قىلىش كېرەك دەپ تەكلىپ بەردى. شۇ يىلى ئالتىنچى ئايدا خەن ۋۇدى باش تەپتىشبەگ خەن ئەنگو(9) نى مۇھاپىزەتچى قوشۇن سانغۇنى، ياساۋۇل بەگ لى گۇاڭنى ئالىپ چەۋەنداز سانغۇن، ئوردا مىراقۇلى(10) گۇڭسۇن خې(11) نى يېنىك ھارۋىلىقلار سانغۇنى (12)، سورۇنبەگ ۋاڭ خۇينى تۇراقلىق قوشۇن(13) سانغۇنى، كېڭەشبەگ(14) لى شى(15) نى باتۇر قوشۇنلار سانغۇنى(16) قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مايى يېنىدىكى بىر جىلغىدا تۇرغۇزدى، ھۇن تەڭرىقۇتىنى ئالداپ چېگرا - قورۇلغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. تەڭرىقۇت چېگرىغا كىرىپلا، خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۆكتۈرمىدە ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالغاچقا، ئالدىراپ - تېنەپ چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەربىي ھەرىكەت ئالتىنچى ئايدىلا توختاپ قالدى. سانغۇن ۋاڭ خۇي ھۇنلارغا يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش پىلانىنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنىڭ ھەربىي ترانسپورت قىسىملىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 162 — 163 - بەتلەر).

م.ب. 129 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئەتىيازدا، ھۇنلار شاڭگۇ(17) ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ، بەگ - بىگات ۋە پۇقرايى - پەقىرلەرنى تالان - تاراج قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. خەن ۋۇدى ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى ۋېي چىڭ(18) نى شاڭگۇدىن، چەۋەندازلار سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋ(19) نى دەيجۈن(20) ۋىلايىتىدىن، يېنىك ھارۋىلىقلار سانغۇنى گۇڭسۇن خېنى يۈنجۇڭ ۋىلايىتىدىن، ئالىپ چەۋەنداز

سانغۇن لى گۇاڭنى يەنمىن ۋىلايىتىدىن ھۇنلارغا تەڭلا
ھۇجۇم قوزغاشقا بۇيرۇدى. ۋېي چىڭ لۇڭچېڭ(21) شەھە-
رىگىچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ 700 كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە
ئەسىر ئالدى. لى گۇاڭ بىلەن گۇڭسۇن ئاۋ بىرمۇنچە تالاپەت-
لەرنى بېرىپ قېچىپ كەلدى. شۇڭا خەن ۋۇدى يارلىق چۈ-
شۈرۈپ يات قوۋملار قەدىمدىن تارتىپ ۋەدىسىگە ۋاپا قىل-
مايدۇ. يېقىندىن بېرى ھۇنلار چېگرىمىزغا بىرقانچە قېتىم
تاجاۋۇز قىلدى. شۇڭا سانغۇن – سەركەردىلەرنى قوشۇن بىلەن
جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتىم. قەدىمكى زاماندا قوشۇنلارنىڭ
جەڭگىۋار كۈچى ۋە ئىنتىزامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جەڭگە
ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئەسكەرلەر تەربىيىلىنەتتى. غەلىبە بىلەن
قايتقاندا تەرتىپكە سېلىناتتى. ھازىر ھونلار تاجاۋۇز قىلى-
ۋاتقان چىددىي بىر پەيتتە، بۇ سانغۇن – سەركەردىلەر،
ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ تۇنجى قېتىم بىر يەرگە توپلىنىشى
بولغانلىقتىن، يۇقىرى – تۆۋەندىكىلەر ئۆزئارا ياخشى تونۇش-
مايدۇ. دەيجۇن ۋىلايىتى سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋ ۋە يەنمىن
ۋىلايىتى سانغۇنى لى گۇاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى
قابىلىيەتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېرىكچىلەر(22) ھەربىي
بۇيرۇققا بويسۇنماي، خالىغىنىچە ئىش قىلىپ، قوشۇنلىرىنى
تاشلاپ قاچقان. تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ مەنئى قىلىش
بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغان. ئۇرۇش دەستۇرىدا: ئەسكەر-
لەرنى تىرىشىپ مەشىق قىلدۇرماسلىق ۋە ئۇلارغا سەۋرچانلىق
بىلەن تەربىيە بەرمەسلىك، سانغۇن – سەركەردىلەرنىڭ سە-
ۋەنلىكى، سانغۇن – سەركەردىلەرنىڭ بۇيرۇقى قاتتىق بولسىمۇ،
ئەگەر ئەسكەرلەر جەڭدە پىداكارلىق قىلمىسا، بۇ ئەسكەر-
لەرنىڭ گۇناھى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. سانغۇن گۇڭسۇن
ئاۋ بىلەن سانغۇن لى گۇاڭ ئوردا ئەھكام ۋەزىرى(23) گە
سوراققا بېرىلدى. ئۇلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. ئەسكەر-

لەرنىمۇ ھەربىي تۈزۈم بويىچە جازالاش — دائىشمەن
خانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. ئەسكەرلەر قانۇنغا خى-
لاپلىق ئىش قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ نومۇسىنى ئاقلاپ،
خاتالىقىنى تۈزىتىپ، توغرا يولغا قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن. ئەگەر ئۇلار جازاغا تارتىلسا، مۇنداق پۇرسەتكە
ئىگە بولالماي قالىدۇ. شۇڭا مەن ھازىر بۇ قېتىم يەنمېن
ۋە دەيجۈن ۋىلايەتلىرىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئەسكەرلەر
گۇناھىدىن كەچۈرۈم قىلىنسۇن دەپ يارلىق چۈشۈردۈم» دېدى.
(«خەننامە»، 1 — توم، 165 — بەت).

م.ب. 129 — يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى
يىلى) كۈزدە، ھۇنلار چېگرا رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىپ،
بۇلاڭ — تالاڭ قىلغاچقا، خەن ۋۇدى سانغۇن خەن ئەنگونى
يۈياڭ (24) ۋىلايىتىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتتى.
(«خەننامە»، 1 — توم، 166 — بەت).

م.ب. 128 — يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇ (25) نىڭ
بىرىنچى يىلى) كۈزدە، ھۇنلار لياۋشى(26) ۋىلايىتىگە بېسىپ
كىرىپ، ۋالىينى ئۆلتۈردى. يۈياڭ ۋە يەنمېن ۋىلايەتلىرىگە
ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئىككى ۋىلايەتنى ساقلاۋاتقان كاھبەگ-
لەرنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنى
ئۆلتۈردى ۋە تالان — تاراج قىلدى. خەن ۋۇدى سانغۇن ۋېي
چىڭنى يەنمېن ۋىلايىتىدىن، سانغۇن لى شىنى دەيجۈن ۋىلا-
يىتىدىن ھۇنلارغا تەڭلا ھۇجۇم قوزغاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار
ھۇنلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى.
(«خەننامە»، 1 — توم، 169 — بەت).

م.ب. 127 — يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى
يىلى) ئەتىيازدا، ھۇنلار شاڭگۇ، يۈياڭ ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم

قىلىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئەمەلدار ۋە پۇقرانى ئۆلتۈردى
ھەم تالان ـ تاراج قىلدى. خەن ۋۇدى سانغون ۋېي چىڭ
بىلەن لى شىنى يۈنجۇڭدىن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.
ئۇلار گاۋچۈ(27) گە بېرىپ ئاندىن يەنە غەربكە قاراپ
ماڭدى ۋە فۇلى(28) قورغىنىغا كېلىپ، ھۇنلارنىڭ بىرنەچچە
مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئەسىر ئالدى. خېنەن(29)
رايونىنى تارتىۋېلىپ، شوفاڭ(30) ۋە ۋۇيۈەن(31) ۋىلايەت-
لىرىنى تەسىس قىلدى.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 170 ـ بەت).

م.ب. 126 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى
يىلى) يازدا، ھۇنلار دەيجۈن ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋالىي
گۇڭ يوۋ(32) نى ئۆلتۈردى. ئاندىن يەنمېن ۋىلايىتىگە بېسىپ
كىرىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە تالان ـ
تاراج قىلدى... كۈزدە شوفاڭ شەھىرى سىپىلىنىدى.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 171 ـ بەت).

م.ب. 125 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى
يىلى) يازدا، ھۇنلار دەيجۈن، دىڭشىياڭ(33) ۋە شاڭجۈن ۋى-
لايەتلىرىگە بېسىپ كىرىپ، بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى
ۋە تالان ـ تاراج قىلدى.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 171 ـ بەت).

م.ب 124 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى
يىلى) ئەتىيازدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى. ئالتە سانغون(34) ۋە
ئۇلارنىڭ 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۇلۇغ سانغون
ۋېي چىڭنىڭ باشچىلىقىدا شوفاڭ ۋە گاۋچۆدىن ھۇنلارغا
ھۇجۇم قوزغاپ 15 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 171 ـ بەت).

م.ب. 124 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) كۈزدە، هۇنلار دەيجۇن ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، دەيجۇن كاھىپىگى جۇياڭ(35) نى ئۆلتۈردى.
(«خەننامە»، 1 - توم، 172 - بەت).

م.ب 123 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ئالتە سانغۇن(36) ۋە 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، دىڭشياڭ ۋىلايىتىدىن هۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى. ئۇ غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىپ، دىڭشياڭ، يۈنجۇڭ ۋە يەنمېن ۋىلايەتلىرىدە ئەسكەرلىرىنى دەم ئالدۇردى. خەن ۋۇدى ئۇمۇمىي كەچۈرۈم قىلىش يارلىقى چۈشۈردى.
تۆتىنچى ئايدا ۋېي چىڭ يەنە ئالتە سانغۇن(37) باشلىق زور قوشۇننى باشلاپ، قۇمۇلۇقتىن ئۆتۈپ، چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. بىراق تۇرشاۋۇل سانغۇن(38) جاۋسىن(39) ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ كەتتى. ئوڭ قانات سانغۇن سۇجيەن(40) نىڭ قوشۇنى تامامەن ھالاك بولۇپ ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلگەچكە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، ئۇ گۇناھى ھېسابىغا ئالتۇن ۋە تاۋار - دۇردۇن تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى.
ئالتىنچى ئايدا خەن ۋۇدى يارلىق چۈشۈرۈپ: «ھازىر خۇاشيا دەرياسى بويلىرىدىكى بەگلىكلەر بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي چېگرا رايونىمىز تېخى تىنچىپ كەتكىنى يوق. مەن شۇ يەردىكى ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان ئەمەلدار ۋە پۇقرالاردىن بەك ئەنسىرەيمەن. ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ يېقىندا شوفاڭ ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ 18 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈر-

دى ۋە ئەسىر ئالدى. بىر تۈركۈم ئەمەلدار بولۇش سالاھىيى-
تىدىن مەھرۇم قىلىنغان كىشىلەر ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ ھەم-
مىسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە قويۇپ بېرىلدى ياكى
قاماق مۇددىتى قىسقارتىلدى. ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ئارقا-
ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، ھۇنلارنىڭ 19 مىڭ ئادىمىنى ئۆل-
تۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرگە تۆھپىسىگە
قاراپ ئۇنۋان ئىنئام قىلىندى. ئۇلار ئۆز ئۇنۋانىنى ساتماقچى
بولسىمۇ، بىراق بۇ ھەقتە بىرەر نىزام بولمىغانلىقى ئۈچۈن
مۇنداق قىلالمىدى.» ۋەزىر - ۋۇزرالار مۇھاكىمە قىلىپ
«ھازىر بىر نىزام تۈزۈپ چىقىلسا» دېيىشتى. ۋەزىر - ۋۇزرالار
ئەسكەرلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن خاندىن ئۇرۇشتا خىزمەت
كۆرسەتكەنلەرگە ئەمەل بېرىش نىزامى تۈزۈپ يولغا قويۇشنى
تەلەپ قىلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 172 - بەت).

م.ب. 122 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇ (41) نىڭ بىرىنچى
يىلى) بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ھۇنلار شاڭگۇ ۋىلايىتىگە
ھۇجۇم قىلىپ، بىرنەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 175 - بەت).

م.ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى)
ئۈچىنچى ئايدا، قىران چەۋەنداز سانغۇن(42) خوچۈبىڭ(43)
خەن ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لۇڭشى ۋىلايىتىدىن چى-
قىپ، گاۋلەن(44) تېغىغا قەدەر باردى ۋە ھونلارنىڭ
8000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى.

شۇ يىلى يازدا، قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ
بىلەن سانغۇن گۇڭسۈن ئاۋ بېيدى ۋىلايىتىدىن يولغا چىقىپ
2000 چاقىرىمدىن ئۇشۇق يول ماڭدى، جۈيەن(45) دىن

تۇتۇپ، ھونلارنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى.

ھونلار يەنمېن ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرنەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە تالان - تاراج قىلدى. خەن ۋۇدى ياساۋۇلبەگ جاڭ چيەن(46) ۋە قوۋۇقچىباشى لى گۇاڭنى يۇبېيپىڭ(47) دىن ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. لى گۇاڭ ھونلارنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىمۇ 4000 دەك بەگ - چېرىكىدىن ئايرىلىپ ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلدى. گۇڭسۇن ئاۋ بىلەن جاڭ چيەنلەرگە ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، گۇناھى ھېسابىغا ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن تۆلەپ قۇتۇلدى ۋە ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى.

شۇ يىلى كۈزدە ھونلار خانى قۇنشار خاقان(48) شۇتۇقان(49) نى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بولۇپ 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن ۋۇدى ئۇلارنى بەش ۋاسسال(50) قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارغا قاراشلىق يەرلەر ۋۇۋېي(51) ۋە جيۇچۈەن(52) دىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 176 — 177 - بەتلەر).

م.ب. 120 - يىلى خەن ۋۇدى (يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە ھونلار يۇبېيپىڭ، دىڭشياڭ ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە تالان - تاراج قىلدى. لۇڭشى، بېيدى، شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىدىكى چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ تېگى تىسقارتىلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 177 - بەت).

م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى)
يازدا ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ تۆت سانغۇن(53) نى باشلاپ دىڭشياڭ ۋىلايىتىدىن، سانغۇن خۇچۇبىڭ دەيجۈن ۋىلايىتىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ ئاتلاندى. چەۋەندازلار بىلەن بىللە ماڭغان پىيادە ئەسكەرلەر بىرنەچچە يۈز مىڭغا يېتەتتى. ۋېي چىڭ قوشۇنىنىڭ شىمالدا ئىچىسە(54) تەڭرىقۇتنى قورشىۋېلىپ، ئۇنىڭ 19 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى، تەڭرىقۇتنى تىيەنيەن تېغى(55) غا قەدەر قوغلاپ بېرىپ قايتتى.
خۇچۇبىڭ ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخانى(56) بىلەن سوقۇشۇپ، ھۇنلارنىڭ 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. لاڭجۈشۈ(57) تېغىدا تائەت - ئىبادەت قىلىپ، ئاندىن قايتىپ كەلدى.
ئۇرۇشتا ئىككى قوشۇندىن ئۆلگەن ئادەم بىرنەچچە تۈمەنگە يەتكەنىدى. تۇرشاۋۇل سانغۇن لى گۇاڭ بىلەن ھىماتچى سانغۇن(58) جاۋيىجى(59) لار كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن لى گۇاڭ ئۆلتۈرۈلدى، جاۋيىجى گۇناھى ھېساپىغا ئالتۇن ۋە تاۋار - دۇردۇن تۆلەپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.
(«خەننامە»، 1 - توم، 178 - بەت).

م.ب. 117 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى)
توققۇزىنچى ئايدا باش ئەمىر لەشكەر(60) قىران چەۋەنداز سانغۇن خۇچۇبىڭ كېسەل بولۇپ ئۆلدى.
(«خەننامە»، 1 - توم، 181 - بەت).

م.ب. 112 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭ(61) نىڭ بەشىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايدا، غەربىي چياڭلار(62) دىن 100 مىڭ كىشى ئىسيان كۆتۈردى، ئۇلار ھۇنلار بىلەن تىل بى-

رىكتۈرۈپ، گۇئەن(63) ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە فۇخەن(64)
ناھىيىسىنى قورشىۋالدى. ھۇنلار ۋۇيۇەن ۋىلايىتىگە ھۇجۇم
قىلىپ، ۋالىيىنى ئۆلتۈردى.

م.ب. 111 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى
يىلى) ئونىنچى ئايدا لۇڭشى، تىيەنشۇي (65)، ئەندىڭ(66)
دىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ چەۋەنداز ۋە قوشبېشىلىرى، خې
نەن، خېنېيىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىدىن جەمئىي 100 مىڭ
كىشى سانغۇن لى شى ۋە قوۋۇقچىباشى شۇ زىۋېيلەرنىڭ باشچىلى
قىدا غەربىي چېگرالارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇلارنى تىنچىتتى.
(«خەننامە»، 1 - توم، 188 - بەت).

م.ب. 111 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى
يىلى) كۈزدە، خەن ۋۇدى يەنە فۇجۇ(67) سانغۇنى گۇڭسۇن
خېنى جيۇيۈەندىن، ھۇن دەرياسى(68) سانغۇنى جاۋپونۇ(69)
نى لىڭجۇ(70) دىن ئىككى تەرەپلەپ ھونلارغا ھۇجۇم
قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىككىلا قوشۇن 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق
يول ماڭغان بولسىمۇ، دۈشمەننى تاپالماي قايتىپ كەلدى.
شۇنىڭ بىلەن خەن ۋۇدى ۋۇۋېي ۋە جيۇچۈەن ۋىلايەتلىرىدىن
بىر قىسىم جايلارنى ئايرىپ، جاڭيې(71) ۋە دۈنخۇاڭ(72)
ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى ۋە پۇقرالارنى كۆچۈرۈپ بۇ
يەرنىڭ ئاھالىسىنى تولۇقلىدى.

م.ب. 110 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭ(73) نىڭ
بىرىنچى يىلى) ئونىنچى ئايدا، خەن ۋۇدى يارلىق چۈشۈرۈپ:
«جەنۇبىي يۆلەر(74) بىلەن شەرقىي ئۇۋۇلار(75) گۇناھلى
رىنى بويۇنلىرىغا ئالدى. سىراق غەرب ۋە شىمالدىكى يات قوۋملار
بىز بىلەن تېخى ئىناق ئەمەس. مەن چېگرا رايونلارنى كۆز-

دىن كەچۈرمەن، ئەسكەرلەرنى خىللاپ، قوشۇنلارنى تەرتىپكە
سېلىپ، ھەربىي تەمتەكنى ئۆزۈم تۈزىمەن. 12 سانىغۇن تە-
يىنلەپ، شەخسەن ئۆزۈم باشچىلىق قىلىمەن» دېدى ۋە يۈن-
ياڭ(76) ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ، شاڭجۈن، شىخې،
ۋۇيۈەنلەر ئارقىلىق سەددىچىن(77) دىن ئۆتۈپ، شىمالدا
چەنيۈتەي(78) گە كەلدى، ئايلىنىپ شوفاڭ ۋىلايىتى ئارقى-
لىق بېيخې(79) دەرياسىغا قەدەر باردى. شەخسەن خەن ۋۇدى
قوماندانلىقىدىكى 180 مىڭ چەۋەنداز تۇغ - ئەلەملىرىنى
لەپىلدىتىپ، داغدۇغا بىلەن 1000 چاقىرىمدىن ئوشۇق يول
مېڭىپ ھۇنلارغا ھەيۋە قىلدى. خەن ۋۇدى ئەۋەتكەن
ئەلچى ئۇۋى تەگرىقۇت(80) قا: «جەنۇبىي يۆلەر خانىنىڭ
كاللىسى خەن ئوردىسىنىڭ شىمالىي راۋىقىغا ئېسىلدى. ئەگەر
تەگرىقۇت ئۇرۇشقا چىقالايدىغان بولسىڭىز، خانىمىز ئۆزى
لەشكەر تارتىپ، چېگرىدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. چىقالمىسىڭىز،
دەرھال باش ئېگىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەئىيان بولۇشىڭىز
كېرەك. قۇملۇقتىكى بۇ جاپالىق ۋە سوغۇق جايدا تۇرۇۋېرىش-
نىڭ نېمە ھاجىتى؟!» دەيدۇ. ھۇنلار قورقىنىدىن دېمى ئىچى-
گە چۈشۈپ ھېچ نەرسە دېيەلمەي قالىدۇ.

قوشۇن بىلەن قايتىۋاتقان خەن ۋۇدى چياۋشەن(81)
تېغىغا كەلگەندە، خۇاڭدى(82) ئاستانىسىدە نەزىر - چىراق
ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن گەنچۇەن قەسرىگە قايتىپ كەلدى.

(«خەننامە»، 1- توم، 189 - بەت).

م.ب. 108 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى
يىلى) يەتتىنچى ئايدا، ۋۇدۇ ۋىلايىتى(83) دىكى دىلار(84)
ئىسيان كۆتۈردى. خەن سۇلالىسى بىر قىسىم دىلارنى جيۇچۇەن
ۋىلايىتىگە كۆچۈردى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 194 - بەت).

م.ب. 107 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) كۈزدە، خەن ۋۇدى ھۇنلار ئاجىزلاشتى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش كېرەك دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئەلچى ئەۋەتتى. تەڭرىقۇت ئۇۋېي ئەۋەتكەن ئەلچى خەن سۇلالىسى پايتەختىدە ئاغرىپ ئۆلۈپ قالدى. شۇڭا ھۇنلار ئەسكەر چىقىرىپ چېگرىغا بېسىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. خەن ۋۇدى ھۇنلارنى يوقاتقۇچى سانغۇنى گوچاڭ(85) نى مۇداپىئە ئۈچۈن قوشۇن بىلەن شوفاڭ ۋىلايىتىدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

(«خەننامە»، 1 – توم، 196 – بەت).

م.ب. 106 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى يازدا باش ئەمىر لەشكەر، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ كېسەل بولۇپ ئۆلدى.

(«خەننامە»، 1 – توم، 197 – بەت).

م.ب. 104 – يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇ(86) نىڭ بىرىنچى يىلى) يازدا خەن ۋۇدى يېنىۋ سانغۇنى گوڭسۈن ئاۋنى چېگرا قورۇللىرى سىرتىدىكى ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى(87) نى سېلىشقا ئەۋەتتى.

شۇ يىلى 8 – ئايدا خەن ۋۇدى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقىپ، ئەندىڭ ۋىلايىتىگە باردى. سۇترىشنا(88) سانغۇنى لى گۇاڭلى(89) خەن ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېگرا رايونلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى جىنايەتچىلەرنى يىغىپ، پەرغانە(90) گە يۈرۈش قىلدى.

(«خەننامە»، 1 – توم، 200 بەت).

م.ب. 103 – يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) كۈزدە، جۈنجى(91) سانغۇنى جاۋپونۇ خەن ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقى

بىلەن 20 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، شوفاڭ ۋىلايىتىدىن ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، پۈتۈنلەي تارمار بولدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 201 - بەت).

م.ب. 102 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) يازدا ۋۇۋۇقچىباشى شۈزىۋېي ۋۇيۈەن ۋىلايىتى چېگرا قورۇللىرى سىرتىدىكى قورغاننى غەربىي شىمالغا لۇچۈ تاغلىرى(92) غىچە ئۇزارتىشقا ئەۋەتىلدى ۋە بۇ جايلارغا گېزەكچى قوشۇنلار سانغۇنى خەن يۈ(93) تۇرغۇزۇلدى. يەنە قونداقلىق ئوقيالىقلار كاھىبېگى لۇبودې(94) جۈيەن شەھىرى(95) نى سېلىشقا ئەۋەتىلدى. شۇ يىلى كۈزدە ھونلار دىڭشياڭ ۋە يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە تالان - تاراج قىلدى ھەمدە ۋۇۋۇقچىباشى شۈزىۋېي يېقىندا سالغان قاراۋۇلخانىلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. يەنە جاڭيې، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىرىپ، كاھىبەگلەرنى ئۆلتۈردى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 201 - بەت).

م.ب. 101 يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئەتىيازدا، سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى پەرغانە خانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، چىلانتورۇق ئاتلارنى (تۇلپارلار)نى ئېلىپ كەلگەچكە، «تۇلپار ناخشىسى» يېزىلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 202 - بەت).

م.ب. 100 - يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەن(96) نىڭ تۇنجى يىلى) ئۈچىنچى ئايدا ھونلار خەن سولالىسى ئەلچىلىرىنى قايتۇردى ۋە خەن سولالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا يوللىدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 202 - بەت).

م.ب. 99 ــ يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا سۇترىشنا سانغۇن لى گۇاڭلى 30 مىڭ چەۋەنداز بىلەن جيۇچۇەندىن چىقىپ چىلەن (تەڭرى) تاغلىرى(97) دا ئوڭ قول بىلىكخان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ ئون نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. يىنىۋ سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋ شىخې(98) ۋىلايىتىدىن، شىرمەت ــ چەۋەندازلار بىپشى لى لىڭ(99) بەش مىڭ پىيادە ئەسكەر بىلەن جۇيەننىڭ شىمالىدىن چىقىپ چەتقۇ تەڭرىقۇت(100) بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. ئاخىرىدا لى لىڭ مەغلۇپ بولۇپ، هونلارغا تەسلىم بولدى.

شۇ يىلى كۈزدە غەربىي يۇرت (قۇرىقار)(101) دىن چىپىدىر(102) قاتارلىق ئالتە خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا تەقدىم قىلدى.

(«خەننامە»، 1 ــ توم، 203 ــ بەت).

م.ب. 98 ــ يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە، هونلار يەنمېن ۋىلايىتىگە هۇجۇم قىلدى. يەنمېن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قورقۇپ قارشىلىق كۆرسەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، كالىلىسى ئېلىنىپ سازايى قىلىندى.

(«خەننامە»، 1 ــ توم، 204 ــ بەت).

م.ب. 97 ــ يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ تۆتىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا زىيارەتكە كەلگەن بەگلەر گەنچۇەن قەسرىدە قوبۇل قىلىندى. مەملىكەت بويىچە چېگرا رايونلارغا بېرىپ هەربىي خىزمەت ئۆتەشكە تېگىشلىك يەتتە خىل كىشى ۋە ئۆكەرلەرنى يىغىپ ــ توپلاش توغرىسىدا يارلىق چىقىرىلدى. سۇترىشنا سانغۇن لى گۇاڭلى 60 مىڭ چەۋەنداز ۋە 70 مىڭ

پىيادە ئەسكەر بىلەن شوفاڭ ۋىلايىتىدىن، يىنىيۇ سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋ 10 مىڭ چەۋەنداز ۋە 30 مىڭ پىيادە ئەسكەر بىلەن يەنمېن ۋىلايىتىدىن، گېزەكچى قوشۇنلار سانغۇنى خەنيۈ 30 مىڭ پىيادە ئەسكەر بىلەن ۋۇيۇەن ۋىلايىتىدىن يولغا سېلىندى. قوندا قىلىق ئوقيالىقلار كاھىبېگى لۇبودې 10 مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ئەسكەر بىلەن ئېرشى سانغۇن لى گۇاڭلىغا قوشۇلدى. لى گۇاڭلى چەتقۇ تەڭرىقۇت بىلەن شۈۋۋۇ(103) دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا ئۇدا ئون نەچچە كۈن ئۇرۇش قىلىپ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. گۇڭسۇن ئاۋمۇ سول قول بىلىكخان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى قوشۇن چېكىنىپ كەتتى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 205 - بەت).

م.ب. 94 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيشى(104) نىڭ تۆتىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا خەن ۋۇدى گەنچۈەن قەسرىگە كېلىپ، چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتتى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 206 - بەت).

م.ب. 91 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخې(105) نىڭ ئىككىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايدا ھۇنلار شاڭگۇ، ۋۇيۈەن ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈردى ۋە تالان - تاراج قىلدى.

م.ب. 90 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا خەن ۋۇدى يۈشيەن(106) ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ، ئەندىڭ، بېيدى ۋىلايەتلىرىگە باردى. ھۇنلار ۋۇيۈەن، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئىككى ۋىلايەتنىڭ كاھىبەگلىرىنى ئۆلتۈردى.

ئۈچىنچى ئايدا سۈترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى 70 مىڭ ئەسكەر بىلەن ۋۇيۈەن ۋىلايىتىدىن، باش تەپتىش بېگى شاڭ چيۇچېڭ(107) 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن شىخې ۋىلايىتىدىن، چۇڭخې(108) بېگى ماتۇڭ(109) 40 مىڭ چەۋەنداز بىلەن جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىن يولغا چىقتى. شاڭ چيۇچېڭ جۇنجى تېغىدا ھونلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ ئادىمىنى ئۆلتۈردى. ماتۇڭ قوشۇن بىلەن چىلەن تاغلىرىغىچە باردى. ھۇنلار چېكىنىپ كەتتى. ماتۇڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوس خانلىقى(110) نى تەسلىم قىلدۇردى. شاڭ چيۇچېڭ ۋە ماتۇڭ قوشۇنلىرى بىلەن قايتىپ كەلدى. مەغلۇپ بولغان لى گۇاڭلى ھۇنلارغا تەسلىم بولدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 209 - بەت).

---

(1) خەن ۋۇدى (汉武帝، م.ب. 156 — 87) ئىسمى-فامىلىسى ليۇچې (刘彻)، غەربىي خەن سۇلالىسى خانى جىڭدى ليۇچىنىڭ ئوغلى. م.ب. 140 — 87 - يىللىرى ھۆكۈمدار بولغان. ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە سودا، مېتاللىچىلىق، تۇزچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى راۋاجلانغانىدى. جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىسىنى كۈچەيتتى. غەربىي جەنۇبتىكى قوۋملار ئىچىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ يەتتە ۋىلايەت تەسىس قىلدى. ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ شىمالدىكى تەھدىتىنى يوقاتتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە دىنىي پائالىيەتلەرنى، نەزىر-چىراقلارنى كۆپ ئۆتكۈزۈپ، ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق قىلدى. ئالۋان-سېلىقلارنى كۆپەيتتى. شۇڭا دېھقانلار زور كۆلەمدە ۋەيران بولغاچقا، م.ب. 99 - يىلى بەزى جايلاردا دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 886 — 887 - بەتلەر).

(2) يۈەنگۇاڭ (元光) خەن خانى ۋۇدىنىڭ يىلنامى. م.ب. 134 — 129 — يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «نىسخەي»، 653 — بەت).

(3) ياساۋۇلبەگ (卫尉) ساراي — ئوردا دەرۋازىلىرىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار، توققۇز ۋەزىرلىك قاتارىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 404 — بەت).

(4) لى گۇاڭ (李广، م.ب.؟ — 119) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سانغۇنى. لۇڭشى ۋىلايىتىنىڭ چېگچى (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىنئەن ناھىيىسى) دېگەن يېزىدىن. ماھىر چەۋەنداز ۋە مەرگەن. خەن ۋېندى دەۋرىدە غۇلام، چەۋەندازلار مەھرەمبېگى ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. خەن جىڭدى ۋە خەن ۋۇدى دەۋرلىرىدە لۇڭشى، بېيدى ۋىلايەتلىرىگە ۋالىي بولغان. م.ب. 134 — يىلى ياساۋۇلبەگلىككە تەيىنلەنگەن. ئۇ يۇۋبېيپىڭ ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغاندا، هۇنلار تەئەررۇز ۋە هۇجۇم قىلمىشقا پېتىنالمىدى. «ئۇچار سانغۇن» دەپ نام ئالدى. م.ب. 119 — يىلى چوڭ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن هونلارغا قارشى يۈرۈشكە چىققاندا، يولدىن ئادىشىپ ئەيىبلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. هۇنلار بىلەن چوڭ — كىچىك 70 نەچچە قېتىم جەڭ قىلدى. باتۇر، جەڭ ماھىرى ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1262 — بەت).

(5) ئالپ چەۋەنداز (骁骑) قەھرىمان، جەسۇر مەنىسىدە بولۇپ، بۇنداق جەسۇر چەۋەندازلارنىڭ قوماندانلىرى ئالپ چەۋەنداز سانغۇن (骁骑将军) دەپ ئاتىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 — توم، 3466 — بەت).

(6) چېڭ بۇشى (程不识) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرىدىن. خەن ۋېندى دەۋرىدە چېگرا ۋىلايەتلەردە ۋالىي بولۇپ، هۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرگەندى. قوشۇنىنى چىڭ تۇتاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 — توم، 2308 — بەت).

(7) سورۇنبەگ (大行) ئوردىغا كەلگەن مېھمانلارنى كۈتكۈچى ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 623 ـ بەت).

(8) ۋاڭ خۇي (王恢) خەن ۋۇدى دەۋرىدىكى سانغۇنلاردىن. ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا خاتالاشقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 162 — 163 ـ بەتلەر).

(9) خەن ئەنگو (韩安国، م.ب.؟ — 127) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لياڭ بەگلىكىنىڭ چېڭئەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لىنرۇ) دېگەن يېرىدىن. ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك پاراكەندىچىلىكىدە، ۋۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، شۆھرەت قازاندى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە باش تەپتىش بېگلىكىگە تەيىنلىنىپ، كېيىن ياساۋۇلبەگ بولدى. ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا نۆكەرلەر سانغۇنلۇقىغا بەلگىلىنىپ، يۈياڭ مۇداپىئەسىدە تۇردى، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۇۋبېيپىڭگە كۆچتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1992 ـ بەت).

(10) ئوردا مىراقۇلى (太仆) خانىنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرىنى ۋە ھارۋا ـ مەپىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 638 ـ بەت).

(11) گۇڭسۇن خې (公孙贺) ياش ۋاقتىدا چەۋەنداز ئىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئوردا مىراقۇلى بولدى. كېيىن ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى بولۇپ، ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، نەنجياۋ بېگلىكى بېرىلگەنىدى. ئاخىرىدا زىنداندا ئۆلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 36 ـ بەت).

(12) يېنىك ھارۋا (轻车) ھەربىيدە قوللىنىلىدىغان يېنىك

ھارۋىلار بولۇپ، مۇنداق ھەربىي ھارۋىلىق قوشۇنلار قوماندانى يېنىك ھارۋىلىقلار سانغۇنى (轻车将军) دەپ ئاتىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 3024 - بەت).

(13) تۇراقلىق قوشۇن (将屯) مۇداپىئە ۋە ھەربىي مەقسەتتە بىر يەرگە ئورۇنلاشقان قوشۇن.

(«خەننامە»، 1 - توم، 162 — 163 - بەتلەر).

(14) كېڭەشبەگ (太中大夫) ئوردا مەسلىھەتچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 708 - بەت).

(15) لى شى (李息) يۇجىلىق. خەن جىڭدى دەۋرىدىن خەن ۋۇدى دەۋرىگىچە ئۈچ قېتىم سانغۇن بولغان بولسىمۇ، خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. كېيىن كۆپرەك سورۇنبەگلىك قىلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 412 - بەت).

(16) ئوقكەرلەر سانغۇنى (林官将军) باتۇر، جەڭگىۋار ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇنلار سانغۇنى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1516 - بەت).

(17) شاڭگۇ (上谷) قەدىمكى ۋىلايەت. يىغىلىق دەۋرىدە يەن بەگلىكى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ۋىلايەت مەركىزى جۈياڭ. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جاڭجياكو، كىچىك ۋۇتەيشەن تېغىنىڭ شەرقى، چېچېڭ، بېيجىڭ شەھىرى يەنچىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي ۋە ئىچكى سەددىچىن بىلەن چاڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 170 - بەت).

(18) ۋېي چىڭ (卫青، م.ب.؟ — 106) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىسى. خېدۇڭ پىڭياڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لىنفېننىڭ غەربىي جەنۇبى)لىق، ۋېي خانىشنىڭ ئىنىسى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە، ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، چاڭپىڭ بېگى بولدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە

ھۇنلار شىمالىي ۋىلايەتلەرگە ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، م.ب. 127 – يىلى قوشۇنى بىلەن ھۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ۋېي چىڭ ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، خېتاۋ رايونىنى كونترول قىلدى. م.ب. 119 – يىلى خۇچۈبىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇ ئىلگى-رى – ئاخىر يەتتە قېتىم ھۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، ھون-لارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان تەھدىتىنى يوقاتتى.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 404 – بەت).

(19) گۇڭسۇن ئاۋ (公孙敖) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىدىن، يىچۈلۈك. خەن جىڭدىنىڭ ئۆكەرلىرىدىن بولۇپ، خەن ۋۇدى دەۋرىدە چەۋەندازلار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەنگەنىدى. كېيىن يېنىۋ سانغۇنى بولغىنىدا، ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشكە چىقىپ كۆپ تالاپەت بەرگەچكە، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان بول-سىمۇ، يالغانلاردىن ئۆلۈۋېلىپ قۇتۇلۇپ قېلىپ بەش – ئالتە يىل خەلق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن، ئاخىر بىلىنىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 36 – بەت).

(20) دەيجۈن (代郡) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى خۇەيئەن، ۋېيشيەن ناھىيىلىرىنىڭ غەربى، سەنشى ئۆلكىسى ياڭگاۋ، خۇنيۈەن ناھىيىلىرىنىڭ شەرقىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى سەددىچىن ئارىلىقىدىكى يەرلەر ھەم سەددىچىن سىرتىدىكى دۇڭياڭ دەرياسى ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى دەيشيەن (بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى يۈشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا).

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 211 – بەت).

(21) تەختى ھۇن (龙城) ھۇن تەڭرىقۇتى نەزىر – چىراق بېرىپ، بەگ – خانلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان يەر. ئورنى موڭ-غۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى

قوشۇ سايدام كۆلى ئەتراپىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1657 - بەت).

(22) چېرىكچى (校尉) ھەربىي ئۇنۋان. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە سەككىز چېرىكچىلىك تەسىس قىلىنىپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئالاھىدە قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلدۇرۇلغانىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بىر ئاز پەرقلىق بولدى. شۇنىڭدەك يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى قوماندانلارنىڭمۇ چېرىكچى ئاتىلىدىغانلىرى بولاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1558 - بەت).

(23) ئوردا ئەھكام ۋەزىرى (廷尉卿, 大理, 军正) جازا - قانۇن ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار (廷尉, 军正) بولسا خاسلا ھەربىي ھەكەملىك قىلىدۇ).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 497 - بەت).

(24) يۇياڭ (渔阳) قەدىمكى ۋىلايەت. يىغىلىق دەۋرىدە يەن بەگلىكى تەسىس قىلغان. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى ۋېيچاڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، جىيۇنخې دەرياسىنىڭ غەربى، تيەنجىن شەھىرىنىڭ شىمالى ۋە بېيجىڭ شەھىرىگە قاراشلىق خۇەيرۇ، تۇڭشيەن ناھىيىلىرىنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى يۇياڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ شەھىرى ۋە مىيۈن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 965 - بەت).

(25) يۈەنشو (元朔) خەن ۋۇدىنىڭ م.ب. 128 — 123 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 653 - بەت).

(26) لياۋشى (辽西) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى چيەنشى، لېتىڭ ناھىيىلىرىنىڭ شەرقى، سەددىچىننىڭ جەنۇبى، لياۋنىڭ ئۆلكىسى سۇڭلىڭشەن تېغى ۋە

دالىگخې دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى ياگلې (بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسى يىشيەن ناھىيە سىنىڭ غەربىدە).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1035 ــ بەت).

(27) گاۋچۆ (高阙) قەدىمكى يەر ئىسمى. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل خاڭگىن ئارقا خوشۇنىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. چۇغاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ يەردە ئۈزۈلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2045 ــ بەت).

(28) فۇلى (符离) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى بىر قورغان.

(«خەننامە»، 1 ــ توم، 170 ــ بەت).

(29) خېنەن (河南) چىن ــ خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ رايونى خېنەن دەپ ئاتىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 911 ــ بەت).

(30) شوفاڭ (朔方) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل خېتاۋ رايونىنىڭ غەربىي شىمالى بۆلىكى ۋە خوۋتاۋ رايونىغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى شوفاڭ (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل خاڭگىن خوشۇنىنىڭ شىمالىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1514 ــ بەت).

(31) ۋۇيۇەن (五原) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خوۋتاۋ رايونىنىڭ شەرقى، چۇغاي تېغىنىڭ جەنۇبى. باۋتوۋ شەھرىنىڭ غەربى ۋە دالاد، جۇڭغار خوشۇنلىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى جيۇيۇەن (بۈگۈنكى باۋتاۋ شەھرىنىڭ غەربىي شىمالىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 32 ــ بەت).

(32) گۇڭ يوۋ (共友) خەن ۋۇدى دەۋرىدە دەيچۈن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئىدى.

(«خەننامە»، 11 ــ توم، 3767 ــ بەت،
1 ــ ئىزاھقا قاراڭ).

(33) دىڭشياڭ (定襄) قەدىمكى ۋىلايەت، خەن گاۋزۇ
لىيۇباڭنىڭ ئالتىنچى يىلى تەسىس قىلىنغان، مەركەز شەھىرى
چېڭلى. دىڭشياڭ ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل
ئاپتونوم رايونىنىڭ سەددىچىن شىمالىدىكى جوزى، خورىنگېر،
چىڭشۈيخې قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 817 - بەت؛ بىر
توملۇق «سىخەي»، 1012 - بەت).

(34) ئالتە سانغۇن (六将军) گېزەكچى سانغۇن سۇجيەن،
ئوقيالىقلار سانغۇنى لى جۇ، چەۋەندازلار سانغۇنى گۇڭسۇن خې،
يېنىك ھارۋىلىقلار سانغۇنى لى سەي، سانغۇن لى شى، جاڭ
سىگۇڭلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 1 - توم، 189 - بەت).

(35) جۇياڭ (朱央) خەن ۋۇدى دەۋرىدە دەيجۈن
ۋىلايىتىگە گاھبەگ بولغان، م.ب. 124 - يىلى ھونلار تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلگەن.

(«خەننامە»، 8 - توم، 3767 - بەت).

(36) ئالتە سانغۇن (六将军) ئوتتۇرىچە سانغۇن گۇڭ-
سۇن ئاۋ، سول قانات سانغۇن گۇڭسۇن خې، تۇرشاۋۇل سانغۇن
جاۋسۇن، ئوڭ قانات سانغۇن سۇجيەن، ھىماتچى سانغۇن لى
گۇاڭ، ئوقيالىقلار سانغۇنى لى جۇلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 1 - توم، 190 - بەت).

(37) ئالتە سانغۇن (六将军) 36 - ئىزاھقا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

(38) تۇرشاۋۇل، ھىماتچى، سول قانات، ئوڭ قانات سانغۇنلار
(前将军, 后将军, 左将军, 右将军) جۇ سۇلا-
لىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا تەسىس قىلىنغان ئەمەللەر بولۇپ، چىن
سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئىشلىتىلدى. بۇ سانغۇنلار سۆسۇنە لېنتا
باغلانغان ئالتۇن تامغا تۇتاتتى، ئورنى ئالىي ۋەزىرلەر قاتارىدا

ئىدى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئەمەللەر مۇقىم بولماستىن بەزىدە تۇرشاۋۇل، مىلتىقچى، بەزىدە سول قانات، ئوڭ قانات سانغۇنلار قويۇلغانىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇن باشقۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەتراپلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا قارايتتى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 726 - بەت).

(39) جاۋسۇن (赵信) كۆن تەڭرىقۇت ۋە ئىچىغسە تەڭرى- قۇت زامانىدا خىزمەت قىلغان ھۇن سەركەردىلىرىدىن. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئۇرۇشقاندا ئەسىر چۈشكەن. م.ب. 123 - يىلى ھونلارغا قارشى جەڭدە خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تۇرشا- ۋۇل سانغۇنى بولغان جاۋسۇن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ھۇنلار قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئىچىغسە تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا ئىگىچىسىنى بېرىپ ئۆزىگە نائىب قىلىۋالىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 408 - بەت).

(40) سۇجيەن (苏建) دۇلىڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) لىق بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىدىن. چېرىكچى، گېزەكچى قوشۇنلار سانغۇنى، ئوڭ قانات سانغۇن قاتارلىق ھەربىي ئۇنۋانلار ئالدى. ئاخىرىدا دەيجۈن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ تۇرغىنىدا، شۇ يەردە ئۆلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1778 - بەت).

(41) يۈەنشۇ (元狩) خەن ۋۇدىنىڭ م.ب. 122 — 117 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 653 - بەت).

(42) قىران چەۋەنداز سانغۇن (骠骑将军) م.ب. 121 - يىلى (يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) غەربىي خەن خانى ۋۇدى خۇچۈبىڭنى قىران چەۋەنداز سانغۇن قىلغانىدى. ئورنى، مائاشى

ئۈچ ۋەزىر (三公) دىن تەۋۋەن بولۇپ، ئۇلۇغ سانىلىدىغان بىلەن تەڭ ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 3464 - بەت).

(43) خوچۈبىڭ (霍去病، م.ب. 147 — 117) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىسى، خېدۇڭ پىڭياڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىنفىننىڭ شەرقى) دىن. ئەمەلى قىران چەۋەنداز سانغۇنلۇققا يېتىپ، ئۇزغان بەگ ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. م.ب. 121 - يىلى ھۇنلارنى ئىككى قېتىم يېڭىپ، خېشى رايونىنى كونترول قىلىپ، غەربىي يۇرت (قۇرىقار) غا بارىدىغان يولنى ئاچتى. م. ب 119 - يىلى ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھونلارنىڭ ئاساسىي كۈچىگە زەربە بەردى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر ھۇنلار بىلەن ئالتە قېتىم جەڭ قىلىپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىگە بولغان تەھدىتىنى تۈگەتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2000 - بەت).

(44) گاۋلەن (皋兰山) تاغ. بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھرىنىڭ جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي» 1771 - بەت).

(45) جۈيەن (居延) قەدىمكى ناھىيە، ئەسلى ھونلارنىڭ يېرى بولۇپ، جۈيەن كۆلى ئەتراپىنى بىلدۈرەتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئېجىن خوشۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1073 - بەت).

(46) جاڭ چيەن (张骞، م.ب. ? — 114) خەنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ چېڭگۇ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چېڭگۇ) دېگەن يېرىدىن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سورۇنبەگ، بىلگىبەگ بولدى. م. ب. 139 - يىلى خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانى بىلەن توخرىلار ئېلىگە ئەلچىلىككە چىقتى، پامىردىن ئېشىپ پەرغانە،

كانگا، توخارىستان، باكتىرىيە قاتارلىق ئەللەرگە باردى. هۇن ئېلىدە 11 يىل تۇتقۇن بولۇپ، جەمئىي 13 يىلدىن كېيىن، يەنى م. ب. 126 – يىلى خەن ئېلىگە قايتتى. م. ب. 119 – يىلى پەرمان بويىچە يەنە ئاسىيۇلار ئېلىگە ئەلچىلىككە چىقتى، پەرغانە، كانگا، باكتىرىيە... قاتارلىق ئەللەرگە نائىبلىرىنى ئەۋەتتى. ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە چىققان جاڭ چيەن خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىي ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا خىزمەت كۆرسەتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1085 – بەت).

(47) يۇبېيپىڭ (右北平) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى چېڭدې، تيەنجىن شەھىرىگە قاراشلىق جىشيەن ناھىيىلىرىنىڭ شەرقى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى دالىڭ دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبى ۋە ليۇگۇ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى پىڭگاڭ (بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسى لىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 157 – بەت).

(48) قۇنشار خاقان (昆邪王) 昆邪 خەن سۇلالىسى دەۋرىدە هۇن قەبىلىلىرىنىڭ خانلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ قەبىلىسى «混邪» (هۇنشار)، «浑耶» (هۇنيار) دەپمۇ يېزىلاتتى. بۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ۋۇۋېيدىن جيۇچۇەن ئەتراپلىرىغىچە ئىدى. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى قۇنشارخاقان، هۇنشارخاقان، هۇنيارخاقان دېيىلەتتى.

(تۈزىتىلگەن «سيۇەن»، 2 – توم، 1407 – بەت).

(49) شۇتۇقان (休屠王) 休屠 يەر نامى. ۋۇۋېي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە بولۇپ، بۇ يەرنى ئىدارە قىلغۇچى شۇتۇقان (خان) دېيىلەتتى. شۇتۇقاننىڭ مەركىزى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا توغرا

كېلەتتى. ئەينى نامدا بۇ يەردە بىر كۆلمۇ بار.

(تۈزىتىلگەن «شىيۈەن»، 1 - توم، 177 - بەت).

(50) بەش ۋاسسال (吾属国) خانلىق (بەگلىك) نامىنى ساقلاپ، باشقا ھەممە جەھەتتە خەن سۇلالىسىگە قارام بولغان ئەللەر قارام ئەل دېيىلەتتى. تەسلىم بولغان ھۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن خەن ۋۇدى لۇڭشى، بېيدى، شاڭجۈن، شوفاڭ، يۈنجۇڭلارنى قارام ئەللەر قىلىپ بېكىتكەنىدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 177 - بەت، 2 - ئىزاھ).

(51) ۋۇۋېي (武威) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ۋىلايىتىدە، مەركىزى ۋۇۋېي.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 718 - بەت).

(52) جيۇچۈەن (酒泉) قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى شۇلې دەرياسىنىڭ شەرقى، گاۋتەي ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى لۇفۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 936 - بەت).

(53) تۆت سانغۇن (四将军) تۇرشاۋۇل سانغۇن لى گۇاڭ، سول قانات سانغۇن گۇڭسۇن خې، ئوڭ قانات سانغۇن جاۋيىجى، ھىماتچى سانغۇن ساۋشياڭ.

(تەھرىردىن).

(54) ئىچىغسە تەڭرىقۇت (伊稚斜单于) تۆمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئەۋرىسى، روشات تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. كۈن تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ھۇن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد تەڭرىقۇتى.

م. ب. 126 – يىلىدىن 114 – يىلىغىچە 12 يىل سەلتەنەت سۈردى.

(ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 293 – بەت؛ «ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى»).

(56) تيەنيەن (阗颜山) تاغ. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3252 – بەت).

(55) سول قول بىلىكخان (左贤王) ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدىن بولۇپ، سول قول بىلىكخان بولغىنىدەك ئوڭ قول بىلىكخانمۇ بولاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 – توم، 960 – بەت).

(57) لاڭجۇشۇ (狼居胥山) تاغ. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇلانباتۇر شەھرىنىڭ شەرقىدە.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 – توم، 39 – بەت).

(58) ھىماتچى سانغۇن (后将军) مۇشۇ جىلدنىڭ 38 – ئىزاھىغا قاراڭ.

(«خەننامە»، 3– توم، 726 – بەت).

(59) جاۋ يىجى (赵食其) دۇبيۇ ناھىيىسى (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى ياۋشيەن ناھىيىسىدە) دىن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئوڭ قانات سانغۇن بولغان. ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشتە يول ئادىشىپ، ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان بولسىمۇ، پۇل – مال بەدىلىگە قۇتۇلۇپ، ئاددىي پۇقراغا ئايلانغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1406 – بەت).

(60) باش ئەمىر لەشكەر (大司马) «جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەدەب – قائىدىلىرى» («周礼») ناملىق كىتابتا: «باش ئەمىر لەشكەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەلەم (ھەربىي) ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت» دېيىلگەن. خەن خانى ۋۇدى دەۋرىدە باش ئەمىر لەشكەر ئورنىدا بارلىق مەمۇرىي

ئىشلارنى باشقۇراتتى. باش ۋەزىر بولسا ئادەتتىكى ئىشلارنىلا قىلاتتى.

(«تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەمەللەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچىلەر» 9 — 10 ـ بەتلەر).

(61) يۈەندىڭ (元鼎) خەن ۋۇدىنىڭ م. ب. 116 — 111 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 654 ـ بەت).

(62) غەربىي چياڭلار (西羌) چياڭلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇڭگودا ياشىغان قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. بۈگۈنكى گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن ئۆلكىلىرىدە ياشىغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1832 ـ بەت).

(63) گۇئەن (故安) قەدىمكى ناھىيە. لۇڭشى ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لىڭتاۋ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ـ توم، 22 — 23 ـ بەتلەر).

(64) فۇخەن (枪罕) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لىڭشا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ـ توم، 22 — 23 ـ بەتلەر).

(65) تيەنشۈي (天水) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 114 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى تۇڭۋېي، جىڭنىڭ، چىنئەن، دىڭشى، چىڭشۈي، جۇاڭلاڭ، گەنگۇ، جاڭجيا چۈەن ناھىيىلىرى ۋە تيەنشۈي شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىي بۆلىكى، لۇڭشىنىڭ شەرقىي قىسمى، يۇجۇڭنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى پىڭشياڭ (بۈگۈنكى تۇڭۋېي ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1223 ـ بەت).

(66) ئەندىڭ (安定) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 114 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان.

ئۇرنى بۇگۇنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جىۇتەي، جىڭيۇەن، خۇيىنىڭ، پىڭلياڭ، جىڭچۇەن، جىڭيۇەن ناھىيىلىرى ۋە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى جۇڭنىڭ، جۇڭۋېي، تۇڭشىن، گۇيۇەن ناھىيىلىرىگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى گاۋپىڭ (بۇگۇنكى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى گۇيۇەن ناھىيىسىدە).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1001 ـ بەت).

(67) فۇجۇ (浮沮) ھۇن ئېلىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ نامى. جيۇيۇەندىن ئىككى مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 189 ـ بەت (2) ئىزاھ).

(68) ھۇن دەرياسى [匈(奴)河] ھۇن ئېلىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بۇگۇنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خانغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ھازىرقى بايدراغ غول (بايدارىخ) دەرياسى شۇ.

(«جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى»، 2 ـ توم، 39 ـ خەرىتە).

(69) جاۋپونۇ (赵破奴) جيۇيۇەنلىك. خەن ۋۇدى دەۋرىدە قىران چەۋەنداز سانغۇن لەشكەربېشى ئىدى. كېيىن ھۇن دەرياسى سانغۇنى بولدى. كرورانغا ھۇجۇم قىلىپ خاننى ئەسىر ئالدى. ھۇنلار بىلەن بولغان جەڭدە تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئون نەچچە يىل ئاسارەتتە قالغان جاۋ پونۇ تەگرىقۇتزادە ئەنگۇرنى ئېلىپ خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كەلدى. كېيىن پىرىخونلۇق قىلغانلىقتىن پۈتۈن جەددى ـ جەمەتى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

(جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1408 ـ بەت).

(70) لىڭجۇ (令居) قەدىمكى ناھىيە، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە تەسىس قىلىنغان. ئۇرنى بۇگۇنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭدېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 313 ـ بەت).

(71) جاڭيې (张掖) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 111 ـ

يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۈڭچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربى، گاۋتەي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى جىايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى لېدې.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1085 ـ بەت).

(72) دۈنخۇاڭ، دۈخان، دەشت ئاتا (敦煌) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 111 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى شۇلې دەرياسىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى يەرلەرگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى دۈنخۇاڭ (بۈگۈنكى دۈنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1472 ـ بەت).

(73) يۈەنفېڭ (元封) خەن ۋۇدىنىڭ م. ب. 110 — 105 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 653 ـ بەت).

(74) جەنۇبىي يۆلەر (南越) قەدىمكى زاماندا جەنۇب تەرەپتىكى يۆلەرنىڭ بىر تارمىقى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا لۇڭچۇەن ۋالىيسى جاۋتو شۇ يەردە جەنۇبىي يۆ خانلىقىنى قۇرغان. ئورنى بۈگۈنكى گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدە. م. ب. 111 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) جەنۇبىي يۆ خانلىقى يوقىتىلىپ، توققۇز ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 136 ـ بەت).

(75) شەرقىي ئوۋلار (东瓯) قەدىمكى يۆ مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى. ئاقساقلى ياۋ. شياڭيۈنى يوقىتىشتا لىيۇباڭغا ياردەم بەرگەن. شۇڭا خەن خۇيدى دەۋرىدە ياۋدۇڭخەي بەگلىكىگە بەگ بولۇپ تەيىنلەنگەن. بەگلىكنىڭ ئورنى بۈگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 47 ـ بەت).

(76) يۈنياڭ (云阳) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى

شەنشى ئۆلكىسى چۈنخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

بىر توملۇق «سىخەي»، 473 ـ بەت).

(77) سەددىچىن (长城) جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مۇداپىئە سېپىلى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زور قۇرۇلۇش يادىكارلىقى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىايۈگۇەن قوۋۇقىدىن باشلىنىپ، شەرقتە شەنخەيـ گۇەن قوۋۇقىغىچە سوزۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6700 كىلومېتر، ئېگىزلىكى 6.6 مېتر، ئايرىم جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېترغا يېتىدۇ. ئاساسەن م. ب. Ⅲ ئەسىردە ياسىلىشقا باشلىغان، خېلىلا قىسمى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي، 69 ـ بەت).

(78) چەنيۈتەي، ھۇنتاختا (单于台) قەدىمكى يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 289 ـ بەت).

(79) بېيخې (北河) دەريا. چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن خۇاڭخې دەرياسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ دېڭكۇ ناھىيىسىنىڭ تۆۋىنىدە شىمال، جەنۇب ئىككى تارماققا ئايرىلاتتى. شىمال تارمىقى تەخمىنەن بۈگۈنكى ۋۇجياخې دەرياسى بولۇپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئاساسىي ئېقىنى ھېسابلىناتتى. بۇ تارماق جەنۇبىي تارماققا نىسبەتەن شىمالىي دەريا دېيىلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 332 ـ بەت).

(80) ئۇۋېي تەڭرىقۇت (乌维单于) باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چەۋرىسى، ئىچىنىسە تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھۇن ئىمپېراتور- لۇقىنىڭ ئالتىنچى ھۆكۈمدارى. م. ب. 114 — 105 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن.

(«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «ھۇن تەڭرىقۇتلىرى شەجەرىسى» 293 ـ بەت).

(81) چياۋشەن (桥山) تاغ. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى

ئۆلكىسى خۇاڭلىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا. زىۋۇشەن تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1637 - بەت).

(82) خۇاڭدى (黄帝) جۇڭگودا باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ ئاقساقىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2053 - بەت).

(83) ۋۇدۇ (武都) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 111 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان، ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇدۇ، چېڭشيەن، خۈيشيەن، شىخې، لىياڭداڭ، كاڭشيەن ناھىيىلىرى ۋە شەنشى ئۆلكىسى فېڭشيەن، لۆياڭ ناھىيىلىرىگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى ۋۇدۇ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى شىخې ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 718 - بەت).

(84) دىلار (氐) قەدىمكى قوۋم. غەربىي رۇڭلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىن، جۇ سۇلالىسىدىن تارتىپ جەنۇب - شىمال سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە ھازىرقى شەنشى، گەنسۇ، سىچۇەن ئۆلكىلىرىنىڭ دائىرىسىدە ياشايتتى، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتى. غەربىي ۋە شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى چۇ - چى، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى لياڭ (后凉) قاتارلىق خانلىقلارنى دىلار قۇرغانىدى.

بىر توملۇق «سىخەي»، 1523 - بەت).

(85) گوچاڭ (郭昌) يۈنجۇڭلۇق. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ قوماندىسىدا ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشكە چېرىكچى سالاھىيىتى بىلەن قاتناشقان. م.ب. 107 - يىلى كېڭەش- بېگى گوچاڭ ھۇنلارنى يوقاتقۇچى سانغۇنى بولۇپ، شوفاڭغا ئو-

رۇنلاشتۇرۇلغانـــدى، خىزمەت كۆرستەلمىگەچكە، ئامغىسى قايتۇ-
رۇپ ئېلىنــدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1048 ــ بەت).
(86) تـەيچـۇ (太初) خـەن ۋۇدىـنىڭ يىلنامى، م.ب.
104 — 101 ــ يىللىرى مەزگىلى.
(بىـر توملۇق «سىخەي»، 639 ــ بەت).
(87) ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلىـش شەھىرى (受降城)
قەدىمكى ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونـوم رايونى ئۇراد
ئوتتۇرا ــ ئارقا بىرلەشمە خوشۇنى شـەرقىدىكى چۇغـاي تېغىنىڭ
شىمالىـدا.
(بىر توملۇق «سىخـەي»، 1492 ــ بەت).
(88) سۇتىرىشنا شەھـىرى (贰师城) ئورنى پەرغـانىدە،
قـەدىـمكـى شـەھـەر. قـىـرغـىـزسـتـانـنـىـڭ غـەربـىـي
جەنۇب قىسمىدا مەرھەمەت دېگەن خارابىسى بار. خەن ۋۇدىنىڭ
ئات ئېلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىگە پـەرغانە خانـى ئات سېتىپ
بەرمىگەچكە، لـى گۇاڭلىنى سۇتـىرىشنا سانغۇناۋقـقا تەيـىنلەپ
پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 720 ــ بەت).
(89) لى گۇاڭلى (李广利، م.ب.? — 88) غەربىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭشەن (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دىڭشيەن
ناھىيىسى) دىن. خـەن ۋۇدى دەۋرىدە، ئېرشى سـانغۇن بـولغان
لى گۇاڭلى قوشۇنى بىلەن پامىردىن ئېشىـپ، پەرغانىگـە هۇجۇم
قىلىـپ يەگـدى ۋە ئۈچ مىڭدىـن ئارتـۇق ئات ئېلىپ كەلـدى.
كېيىن هۇنلارغا قارشى يۈرۈشكـە چىقىپ، مەغلۇپ بولغان سانغۇن
هۇنلارغا تەسلىم بولدى، ئـۇزۇن ئۆتمـەي هۇنـلار تـەرىپىدىـن
ئۆلتۈرۈلدى.
(بىر تـوملۇق «سىخەي»، 1264 ــ بەت).
(90) پەرغانە (大宛) قەدىمكى غەربىي يۇرت خانلىقلىرىـ

دىن. ئۇرنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە ئويمانلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شىمالىي كانگا، غەربىي جەنۇبى توخارىستانغا چېگرىداش ئىدى. چوڭ ـ كىچىك 70 نەچچە شەھىرى بولۇپ، ئاھالىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلاتتى، ئۈزۈم، بىدە مول بولۇپ، ياخشى ئات يېتىشتۈرۈلەتتى، سودىسى بەك تەرەققىي قىلغانىدى.

(بىر تومluق «سىخەي»، 624 ـ بەت).

(91) جۈنجى (浚稽山) تاغ. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تولا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ئارىلىقىدا. م. ب. II ئەسىردىن م. V ئەسىردىكى تارىخىي مەنبەلەردە بۇ تاغ نامى كۆپ ئۇچرايدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرنامىلىرى قامۇسى»، 719 ـ بەت).

(92) لۇچۇ (山朐卢) تاغ. بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئۇراد ئوتتۇرا ـ ئارقا بىرلەشمە خوشۇنىدىكى چۇغاي تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى.

(«سىخەي»، 4251 ـ بەت).

(93) خەن يۆ (韩说) خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشكە قاتنىشىپ لۇڭئې بېگى بولغان. ئوردىغا تۆلىنىدىغان پۇلغا ساپ ئالتۇن بەرمىگەچكە بەگلىكتىن قالدۇرۇلغان. كېيىن شەرقىي يۆلەرگە قىلىنغان يۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەچكە ئەنداۋ بېگى ۋە گېزەكچى قوشۇنلار سانغۇنى بولدى. داخانلىق قىلدى دېگەن ئەيىب بىلەن ۋەلىئەھد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1706 ـ بەت).

(94) لۇبودې (路博德) پىڭجۇلۇق. خەن ۋۇدى دەۋرىدە يۇبېيپىڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى سالاھىيىتىدە خوچۇبىڭ بىلەن ھۇنلارغا قارشى جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەچكە فۇلى بېگى بولدى. كېيىن جەنۇبىي يۆلەرنى يەڭگەندە دەرىجىسى كۆتۈرۈلدى، پېرىسخونلۇق بىلەن ئەيىبلىنىپ بەگلىكتىن قالدى. جۇيەنگە ئورۇنلىشىپ

شۇ يەردە ئۆلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1335 ـ بەت).

(95) جۈيەن (居延城) قەدىمكى شەھەر. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا. خەن ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سانغۇن لۇبودې بۇ شەھەرنى جۈيەن كۆلىنىڭ يۇقىرىسىغا سالدۇرغانىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» 458 ـ بەت).

(96) تيەنخەن (天汉) خەن ۋۇدىنىڭ يىلنامىسى، م. ب. 100 — 97 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر تومluq «سىخەي»، 1223 بەت).

(97) چىليەن (祁连山) تاغ. تەڭرى تاغلىرى، جەنۇبىي تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىليەن ھۇنچە سۆز بولۇپ، تەڭرى مەنىسىدە. ئورنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربى، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى تاغلىق چېگرا جايلاردىن ئىبارەت.

(بىر تومluq «سىخەي»، 1577 ـ بەت).

(98) شىخې (西河) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 125 ـ يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، مەركەز شەھىرى پىڭدىڭ (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ دۇڭشېڭ ناھىيىسى ئىچىدە) ئىدى.

(بىر تومluq «سىخەي»، 1832 بەت).

(99) لى لىڭ (李陵) ياش ۋاقتىدا، جيەنجاڭ قەسىرىنىڭ نازارەتچىسى بولغان. ماھىر چەۋەنداز ۋە كامانداز ئىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە شىرمەت ـ چەۋەندازلار بېشى بولدى. 5000 ئەسكىرى بىلەن جيۇچۈەن، جاڭيې ئەتراپلىرىدا ھونلارغا قارشى تەييارلىق قىلىپ تۇردى. ئېرشى سانغۇن لى گۇاڭلى پەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندا، خاننىڭ پەرمانى بويىچە سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى قوشۇنىنىڭ تەمىنات ھارۋىلىرىغا مەسئۇل

بولدى. ئاز قوشۇن بىلەن كۆپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان لى لىڭ ئۆز قىسمى بىلەن جۈيەننىڭ شىمالىدىن يولغا چىقىپ، 30 كۈن يول يۈرۈپ، جۈنجى تېغىغا كەلدى. تەڭرىقۇتقا ئۇچراپ قېلىپ ئۇرۇشىدۇ ۋە جەڭدە يېڭىلىدۇ. ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ، ھۇنلاردىن ئۆيلىنىدۇ. ھۇن ئېلىدە 20 نەچچە يىل خان بولۇپ كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 422 — 432 - بەت).

(100) چەتقۇ تەڭرىقۇت (且鞮侯单于) باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ سەككىزىنچى ئەۋلادى، كۈيلىقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى. ھون ئىمپېراتورلۇقىنىڭ توققۇزىنچى ھۆكۈمدارى. م. ب. 101 - يىلدىن 96 - يىلغىچە بەش يىل سەلتەنەت سۈرگەن.

(«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە، ھۇن تەڭرىقۇتلىرى شەجەرىسى»، 293 - بەت).

(101) غەربىي يۇرت، قۇرىقار (西域) قاشقوۋۇقنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ ئاتالما دەسلەپ «خەننامە» دە تىلغا ئېلىنغان. «غەربىي يۇرت» ئاتالمىسى تار ۋە كەڭ مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت پامىرنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ؛ كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت بولسا تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت ئارقىلىق بارغىلى بولىدىغان جايلارنى، يەنى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرى، ھىندىستان يېرىم ئارىلى، ياۋروپانىڭ شەرقىي بۆلىكى بىلەن ئافرىقىنىڭ شىمالىي بۆلەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ «غەربىي يۇرت» ئاتالمىسى تەدرىجىي ئىستېمالدىن قالدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1833 - بەت).

(102) چېدىر بەگلىكى (渠犁国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى بەگلىك. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كورلا شەھىرى بىلەن لوپنۇر ناھىيە

بازىرىنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى»،
2 ـ جىلد، 23 ـ 24 ـ بەتلەر).

(103) شۈۋۇ (余吾水) دەريا. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تولا دەرياسى. تارىختا گوبى قۇملۇقىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 320 ـ بەت).

(104) تەيشى (太始) خەن ۋۇدىنىڭ يىلنامى، م. ب. 96 — 93 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 639 ـ بەت).

(105) جېڭخې (征和) خەن ۋۇدىنىڭ م. ب. 92 — 89 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 799 ـ بەت).

(106) يۇڭشيەن (雍县) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى فېڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»،30 ـ بەت).

(107) شاڭچيۇچېڭ (商丘成) خەن ۋۇدى دەۋرىدە بەگ بولغان، كېيىن ھەرەم خادىمى بولۇپ، خانلار قەبرىستانىدا مەست ھالەتتە ناخشا ئېيتىپ قويۇپ، ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، خىجالەتچىلىكتە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 896 ـ بەت).

(108) چۇڭخې (重合) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. قەدىمكى شەھىرى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى لىلىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 671 ـ بەت).

(109) ماتۇڭ (马通) ماڭ (莽) تۇڭ دەپمۇ يېزىلىدۇ. خەن ۋۇدى دەۋرىدە چۇڭخې بېگى ئىدى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 209 ـ بەت).

(110) قوس خانلىقى (车师) غەربىي يۇرت (قۇرىقار)
دىكى قەدىمكى خانلىقلاردىن بىرى. م. ب. 48 – يىلى قوس خانلىقى
ئالدى قوس (ئالدى تۇرپان. هازىرقى تۇرپان «يارغول») خانـ
لىقى ۋە ئارقا قوس (ئارقا تۇرپان، ئۈتۈساي هازىرقى جىمسار-
نىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا) خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەنىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1337 – بەت).

## «خەننامە» يەتتىنچى جىلد

# خەن جاۋدى (1) نىڭ تەرجىمىھالى

م. ب. 87 - يىلى (خەن ۋۇدى خويۈەن(2) نىڭ ئىككىنچى يىلى) قىشتا، ھۇنلار شوفاڭ ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەمەلدار، پۇقرالارنى ئۆلتۈردى ۋە تالان - تاراج قىلدى. خەن سۇلالىسى شىخې ۋىلايىتىدە ئەسكەر تۇرغۇزدى. سول قانات سانغۇن شاڭگۈەن جيې(3) شىمالىي چېگرا رايونلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 218 - بەت).

م. ب. 86 - يىلى (خەن جاۋدى شىيۈەن(4) نىڭ بىرىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايدا ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى جىن مىتى(5) ئۆلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 220 - بەت).

م. ب. 85 - يىلى (خەن جاۋدى شىيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) قىشتا، بىر قىسىم ماھىر ئوقياچىلار شوفاڭ ۋىلايىتىگە ھەمدە بۇرۇن ئەمەلدار بولغان كىشىلەر بىر قىسىم ماھىر ئوقياچىلار بىلەن جاڭيې ۋىلايىتىگە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 221 - بەت).

م. ب. 81 - يىلى (خەن جاۋدى شىيۋەننىڭ ئالتىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا، خۇنلارغا ئەلچى بولۇپ بارغان يىجۇڭ مىراقۇل سۇۋۇ(6) 19 يىل تۇتقۇندا تۇرۇپ قايتىپ كەلدى. سۇۋۇ خۇنلار ئىلىدە تۇتقۇن بولۇپ تۇرغاندا، ئەلچىلىك سالاھىيىتىنى يوقاتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قارام ئەللەر بېگى قىلىپ تەيىنلىنىپ، بىر مىليون يارماق پۇل ئىنئام ئالدى.

شۇ يىلى يەتتىنچى ئايدا، خەن جاۋدى چېگرا رايونلارنىڭ يىراق ۋە كەڭ ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تيەنشۈي، لۇڭشى، جاڭيېدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر بىرىدىن ئىككى ناھىيىنى ئايرىپ چىقىپ، جىنچېڭ ۋىلايىتى(7) نى تەسىس قىلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 223 — 224 - بەتلەر).

م. ب. 80 - يىلى (خەن جاۋدى يۈەنفېڭ(8) نىڭ بىرىنچى يىلى) ئۈچىنچى ئايدا ۋۇدۇ ۋىلايىتىدىكى دىلار ئىسيان كۆتۈردى. پايتەخت ئەتراپىدا مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇراتقان جىنايەتچىلەر بىلەن مۇراسىمبەگ(9) نىڭ باشقۇرۇشىدا مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇراتقان جىنايەتچىلەر كەچۈرۈم قىلىنىپ، ھەربىي سەپكە كىرگۈزۈلدى ۋە قوشبېشى(10) ماشى جيەن (11)، لۇڭئې(12) بېگى خەن زېڭ(13) ۋە باش ھۆدەيچى(14) تيەنگۇاڭمىڭ(15) لار باشچىلىقىدا ئىسيانچى دىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىندى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 225 - بەت).

م. ب. 77 - يىلى (خەن جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا خەن جاۋدى: «لياۋشۈي(16) دەرياسىدىن ئۆتكەن سانغۇن فەن مىڭيۇ(17) ئىلگىرى چياڭلار(18) چەۋەنداز چېرىكچىسى مەنسىپىدە ئولتۇرغان.

ئۇ چياڭلارنىڭ خان - بەگ ۋە ئاقساقاللىرىدىن تۆۋەن ئادەملىرىنى باشلاپ، يىجۇ ئايمىقى(19) دىكى ئىسيانچى يات قوۋملارغا جازا يۈرۈشى قىلغانىدى. كېيىن يەنە ئۇلارنى باشلاپ، ۋۇدۇ ۋىلايىتىدىكى ئىسيانچى دىلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئاندىن ئۇغانلارنى(20) مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. شۇڭا فەن مىڭيۈنى پىڭلىڭ(21) بېگىلىكىگە تەيىنلىدىم. پىڭلې قەسرى(22) نازارەتچىبېگى فۇجېيزى(23) چەت ئەلگە ئەلچى بولۇپ چىقىپ كروران(24) خانى ئانقۇرنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى كېسىپ كېلىپ، ئوردىنىڭ شىمالىي دەرۋازا راۋىقىغا ئاسقان. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ناھايىتى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يىياڭ(25) بېگىلىكىگە تەيىنلىدىم» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 230 - بەت).

---

(1) خەن جاۋدى (汉昭帝، م.ب. 94 — 74) ئىسمى فامىلىسى ليۇفېيلىڭ (刘弗陵)، غەربىي خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى ليۇچېنىڭ ئوغلى. م. ب. 87 — 74 - يىللىرى خانلىق قىلغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1359 - بەت).

(2) خويۈەن (后元) خەن ۋۇدىنىڭ يىلنامى. م.ب. 88 — 87 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «تسىخەي» 2090 - بەت).

(3) شاڭگۇەن جيې (上官桀) شاڭگۇيىدىن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئوردا مىرا قۇلى ئىدى. خانىنىڭ كېسەللىي ئېغىرلاشقاندا، سول قانات سانغۇنلۇققا تەيىنلەنگەن. ئۇ خوگۇاڭ بىلەن بىرلىكتە ۋەلىئەھدىنىڭ ياردەمچىلىكىگە قويۇلۇپ، ئەنياڭ بېگى بولدى. خەن جاۋدى دەۋرىدە ئىسيان قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكى

بىلىنىپ، پۈتكۈل ئۇرۇق جەمەتى بىلەن قەتل قىلىندى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 12 ـ بەت).

(4) شيۈەن (始元) خەن جاۋدىنىڭ م. ب. 86 — 81 — يىللىرى مەزگىلى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1101 ـ بەت).

(5) جىن مىتى (金日磾، م. ب. 134 — 86) غەربىي خەن سۇلالىسى ۋەزىرى. ئىسمى ۋېڭشۇ. ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ شۇتۇق خاقانىنىڭ ۋەلىئەھدى بولۇپ، خەن ۋۇدى ۋاقتىدا قونشار خاقان بىلەن بىللە خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغانىدى. باشتا مىراقۇل، كېيىن شىغاۋۇل بولدى. خەن ۋۇدىنىڭ يېنىدا كۆپ يىللاپ خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. ئەمىلى ئۆستۈرۈلۈپ ھارۋا ئاتلىقلار سانغۇنى بولدى. ماڭ خېلۇنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۇ بېگى قىلىندى. ئۇ خەن ۋۇدى ئۆلۈپ، بالا خان جاۋدى تەختكە ئولتۇرغاندا خوگۇاڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. شۇڭا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «قەدىردان بەگ» دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بېرىلدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 607 بەت).

(6) سۇۋۇ (苏武، م. ب. ؟— 60) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان كىشى. دۇلىڭلىق (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ). م. ب. 100 ـ يىلى خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانى بىلەن ھۇن ئېلىگە ئەلچىلىككە بارغىنىدا، تۇتقۇن قىلىنغان. ھۇنلار تەسلىم بولۇشقا زورلىغان بولسىمۇ ئۇنىمىغاچقا، سۇۋۇ بايقالغا سۈرگۈن قىلىنغانىدى. 19 يىل ئۆتۈپ، ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلانغاندىن كېيىن، م. ب. 81 ـ يىلى خەن جاۋدى دەۋرىدە سۇۋۇ خەن سۇلالىسىگە قايتۇرۇلدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 561 ـ بەت).

(7) جىنچېڭ (金城) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھرىنىڭ غەربى، چىڭخەي ئۆلكىسى كۆكنور كۆلىنىڭ شەرقىدىكى خۇاڭشۈي دەرياسى ۋادىلىرى ۋە داتۇڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى يۈنۋۇ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۈنچىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1691 – بەت).

(8) يۈەنفېڭ (元凤) خەن جاۋدىنىڭ يىلنامى. م. ب 80 — 75 – يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 653 – بەت).

(9) مۇراسىمبەگ (太常) ئەمەل. توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى. خانلار قەبرىستانى، ئىبادەتخانىلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي مۇراسىملارنى، شۇنىڭدەك ئۆلىمالارنى سىناق قىلىپ تاللاش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشقان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 640 – بەت).

(10) قوشبېشى (执金吾) پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 16 – بەت).

(11) ماشىجيەن (马适建) خەن جاۋدى دەۋرىدە قوشبېشى ئىدى. م. ب. 80 – يىلى ۋۇدۇ ۋىلايىتىدىكى دىلار ئىسيان قىلغاندا، توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ما شىجيەنمۇ ئەۋەتىلدى.

(«خەننامە»، 1 – توم، 225 – بەت).

(12) لۇڭئې (龙额) قەدىمكى ناھىيە، ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى جىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3612 – بەت).

(13) خەن زېڭ (韩增 م. ب؟ — 55) ئۇنۋان ۋارىسى. خەن جاۋدى دەۋرىدە تۇرشاۋۇل سانغۇن بولغان. خوگۇاڭ بىلەن

بىرلىكتە شۆەنىدىنى خان قىلىشتا تەدبىر قوللانغانلاردىن، خەن شۆەندى سەلتەنەتىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باش ئەمىر لەشكەر، هارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى بولدى. ئۈچ خانغا خىزمەت قىلغان بولۇپ، كەڭ قورساق، ئۆزىنى تۇتقان كىشى ئىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1706 ـ بەت).

(14) باش هۇدەيچى (大鸿胪) ئەسلىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇپ، توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن مۇراسىم ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىققا ئۆزگەرتىلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 631 ـ بەت).

(15) تيەن گۇاڭمىڭ (田广明) خەن جاۋدى دەۋرىدە باش هۇدەيچى بولغان. م. ب. 80 ـ يىلى ۋۇدۇ ۋىلايىتىدىكى دىلار ئىسيان كۆتۈرگەندە، توپىلاڭنى باستۇرۇشقا تيەن گۇاڭمىڭمۇ ئەۋەتىلگەن.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 230 ـ بەت).

(16) لياۋشۇي (辽水) دەريا. بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە، هازىر لياۋخې دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1035 ـ بەت).

(17) فەن مىڭيو (范明友) خەن جاۋدى دەۋرىدە يىجۇ ئايمىقىدىكى ئىسيانچى يات قوۋملارغا، ۋۇدۇ ۋىلايىتىدىكى ئىسيانچى دىلارغا، ئۇغانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پىڭلىڭ بېگى بولغان.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 230 ـ بەت).

(18) چياڭلار (羌) قەدىمكى مىللەتلەردىن. بۈگۈنكى گەنسۇ، چىڭخەي، ۋە سىچۈەنلەردە ياشايتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1918 ـ بەت).

(19) يىجۇ (益州) قەدىمكى ئايماق. م. ب. 109 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭ ئىككىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان.

يىچۇ ئايمىقىنىڭ كۆپ قىسمى بۈگۈنكى يۈننەن ئۆلكىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2186 ـ بەت).

(20) ئۇغانلار (乌桓) قەدىمكى مىللەت، شەرقىي خۇنلارنىڭ بىر تارمىقى، ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قەدىمكى شاڭگۇ، يۈياڭ، يۈبېيپىڭ، لياۋشى، لياۋدۇڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ سىرتىغا جايلاشقانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 74 ـ بەت).

(21) پىڭلىڭ (平陵) قەدىمكى ناھىيە، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش چوڭ قەبرىستانلىقنىڭ بىرى. خەن جاۋدى قەبرىستانلىق ياساپ ئىنانچىلىق تەسىس قىلغان. ئىنانچىلىق مەركىزى ھازىرقى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا. خەن جاۋدى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 42 ـ بەت).

(22) پىڭلې قەسرى (平乐观) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەسر (ئوردا) نىڭ نامى. خەن گاۋدى زامانىدا ياسالغان. خەن ۋۇدى كېڭەيتىپ رېمونت قىلدۇرغان، شاڭلىڭيۈەن سەيلىگاھىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋېيياڭ قەسرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ ئەتراپى 15 چاقىرىم كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 996 ـ بەت).

(23) فۇجيېزى (傅介子) يىچۇلۇق. خەن جاۋدى دەۋرىدە ھەربىي خىزمەتكە كىرىپ، ئات ئېلىش ئۈچۈن پەرغانىگە ئەۋەتىلگەن. كىروران، كۇسەن (كۇچا) يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان. كىروران خانى ئانقۇرنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، يىياڭ بېگى قىلىنغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1129 ـ بەت).

(24) كىروران، كىرائوراتا، كىرورايىنا، چەنچەن (楼兰) غەربىي يۇرت (قۇرىقار) نىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى. مەركىزى لوپقا

يىقىن كاننى شەھىرى ئىدى. كېيىن پىشامىشانغا ئۆزگەرتىلگەن.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 55 - بەت).
(25) يىياڭ (义阳) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پىڭشى
ناھىيىسىنىڭ يىياڭ يېزىسى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى
تۇڭبەي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى
قامۇسى»، 1047 — 1048 - بەتلەر).

«خەننامە» سەككىزىنچى جىلد

## خەن شۈەندى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

م. ب. 73 - يىلى (خەن شۈەندى بېنشى(2) نىڭ بىرىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا، خەن شۈەندى دۇ بېگى(3) تۇغتان(4) غا سۈيۈرغال(5) يەرنى كۆپەيتىپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 240 - بەت).

م. ب. 72 - يىلى (خەن شۈەندى بېنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، ھۇنلار چېگرىغا نۇرغۇن قېتىم تاجاۋۇز قىلدى ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئاسىيۇلار(6) غا ھۇجۇم قىلدى. ئۇسۇن كۈنبېيى(7) سەنچۇر(8) بىلەن خەن سۇلالىسى مەلىكىسى جىيېيۇ(9) دۆلەتكە قايتىش ئالدىدا تۇرغان خەن سۇلالىسى ئەلچىسى ئارقىلىق خەن شۈەندىگە مەكتۇپ يوللاپ، كۈنبېيىنىڭ خىل لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، ھۇنلارغا زەربە بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى، خاننىڭ شەپقەت قىلىپ، لەشكەر چىقىرىپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلغان. شۇ يىلى كۈزدە خەن شۈەندى گۇەندۇڭ(10) نىڭ جەڭ ھارۋىلىرى ۋە خىل لەشكەرلىرىنى كەڭ - كۆلەمدە يۆتكەپ، ۋىلايەت ۋە بەگلىكلەرنىڭ يىلىغا 300 تاغار ئاشلىق مائاش ئالىدىغان

ئەمەلدارلىرىدىن ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشتا ئۇزىستا ـ قابىل ئادەملەرنى تاللاپ، ھەربىي سەپكە قاتناشتۇردى. يەنە باش تەپتىشبەگ تيەن گۇاڭمىڭنى چىلەن سانغۇنى، ھىماتچى سانغۇن جاۋچۇڭگو(11) نى بارسكۆل سانغۇنى(12)، يۇنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى تيەن شۇننى بارىس سانغۇن(13) قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن لياۋشۇي دەرياسىدىن ئۆتكەن سانغۇن فەن مىڭيۇ بىلەن تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن رىڭلار بولۇپ جەمئىي بەش سانغۇن 150 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى. تەمتەكلىك چېرىكچى چاڭ خۇي(14) ئاسىيۇ قوشۇنلىرىنى نازارەت قىلىدىغان بولدى.

م. ب. 71 ـ يىلى (خەن شۇەندى بېنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا بەش سانغۇن(15) قوشۇنلىرى بىلەن چاڭئەن(16) دىن يولغا چىقتى. بەشىنچى ئايدا ھەربىي ھەرىكەت ئاياغلاشتى. چىلەن سانغۇنى تيەن گۇاڭمىڭ ۋە بارىس سانغۇن تيەن شۇن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ(17) يارغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەچكە، ھەر ئىككىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. چېرىكچى چاڭ خۇي ئاسىيۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ھۇنلارنىڭ غەربىدىكى رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ، نۇرغۇن دۈشمەننى ئەسىر ئالدى ۋە مال ـ چارۋىلارنى قولغا چۈشۈردى. شۇڭا ئۇ چاڭلو بېگى بولۇپ تەيىنلەندى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 243 — 244 ـ بەتلەر).

م. ب. 61 ـ يىلى (خەن شۇەندى شېنجۆ(18) نىڭ بىرىنچى يىلى) ئۈچىنچى ئايدا غەربىي چياڭلار ئىسيان كۆتۈردى. خەن شۇەندىنىڭ پەرمانى بىلەن پايتەخت ئەتراپى ۋە پايتەخت مەھكىمىلىرىدىكى كىشەندىن ئازاد قىلىنغان جىنايەتچىلەر، ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ئوقياچىلار ۋە يېتىمچى پاسىبانلار

قسمى(19)، هۇن ۋە يۈ خانلىقلىرى(20) نىڭ چەۋەندازلىرى(21) خېدۇك(22)، خېنبى، خېنەندىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ۋە يەنگچۈەن(23) پېيجۈن(24)، خۇەيياك(25)، رۇنەن(26) قاتارلىق جايلارنىڭ پالۋانلىرى، شۇنىڭدەك جىنچېڭ، لۇڭشى، تيەنشۈي، ئەندىڭ، بېيدى، شاڭجۈن قاتارلىق ۋىلايەتلەر ۋە چياڭلارنىڭ چەۋەندازلىرىنىڭ ھەممىسى جىنچېڭ ۋىلايىتىگە توپلاندى. تۆتىنچى ئايدا، خەن شۈەندى ھىماتچى سانغۈن جاۋچۇڭگو ۋە ئۇقيالىقلار سانغۇنى شۈيەنشۇ(27) نى بۇ جەڭچىلەرنى باشلاپ غەربىي چياڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى.

ئالتىنچى ئايدا جيۇچۈەن ۋىلايىتى ۋالىيسى شىن ۋۇشيەن(28) چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ، جاۋچۇڭگو ۋە شۈ يەنشۇ قاتارلىق سانغۇنلار بىلەن بىرلىكتە غەربىي چياڭلارغا ھۇجۇم قىلدى.

شۇ يىلى كۈزدە، جاۋچۇڭگو خەن شۈەندىگە مەكتۇپ يوللاپ، تېرىقچىلىق قىلىش پىلانىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنى «جاۋچۇڭگو تەزكىرىسى» دە يېزىلغان.

(«خەننامە»، 1 - توم، 260— 261 - بەتلەر).

م. ب. 60 - يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆ ئىككىنچى يىلى). بەشىنچى ئايدا، غەربىي چياڭلار خەن سۇلالىسىگە بويسۇنۇپ. قوزغىلاڭغا باش بولغان جىنايەتچى ياڭ يۈ(29) بىلەن چيۇفېي(30) نىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلدى. خەن شۈەندى جىنچېڭ ۋىلايىتىنى ۋاسسال قىلىپ، تەسلىم بولغان چياڭلارنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

كۈزدە ھۇنلارنىڭ باتىس (غەرب) خانى(31) چىچەنشان(32) 10000 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. خەن شۈەندى غەربىي يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان

شىرەت ــ چەۋەندازلار بېشى جېڭجى(33) نى ئەۋەتىپ، باتىسخانىنى قارشى ئالدى، جېڭجى يول ئۈستىدە پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوس خانلىقىنى مەغلۇپ قىلدى. چىچەنشان بىلەن جېڭجى ھەر ئىككىسى بەگلىككە تەيىنلەندى.

توققۇزىنچى ئايدا ھۇن تەڭرىقۇتى شۈرۈچانچۇ(34) ئاتالىق بىر خاننى سوۋغات بىلەن چاڭئەنگە ئەۋەتىپ، چاغان بايرىمىنى تەبرىكلىدى. شۇنداق قىلىپ خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنە ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

(«خەننامە»، 1 ــتوم، 262 ــ بەت).

م. ب. 58 ــ يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ تۆتىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا، ھۇن تەڭرىقۇتى ئۇيانجۇت(35) ئۆز ئىنىسى ۋول روقان شىنزىر(36) نى خەن شۈەندىنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

(«خەننامە» 1 ــ توم، 264 ــ بەت).

م. ب. 56 ــ يىلى (خەن شۈەندى ۋۇفېڭ(37) نىڭ ئىككىنچى يىلى) 11 ــ ئايدا، خۇسۇل تەڭرىقۇت ئۆز قوۋمى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، بەگلىككە تەيىنلەندى.

(«خەننامە»، 1 ــ توم، 266 ــ بەت).

م. ب. 55 ــ يىلى (خەن شۈەندى ۋۇفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۈچىنچى ئايدا، خەن شۈەندى يارلىق چۈشۈرۈپ: «بۇرۇن ھۇنلار چېگرا رايونىمىزغا نۇرغۇن قېتىم بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، پۇقرالارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانىدى. مەن تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ ھۇنلارنى تىنچىتالمىدىم. شۈرۈچانچۇ تەڭرىقۇت قايتىدىن ياخشىلىشىشنى

تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قول بىلىكخان تۇغقان تەڭرىقۇت بولۇپ تەختكە چىققاندىن كېيىن. سابىق تەڭرىقۇت (38) بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار ۋەزىرلەر شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ بالىسى قوغشار (39) نى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلەپ، تۇغقاننى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلغان ھۇن خانلىرى بۆلۈنۈپ بەش تەڭرىقۇت پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش - تالاشلىرى نەتىجىسىدە تۈمەنلەپ ئادەملەر ئۆلدى. چارۋا - ماللارنىڭ 80 — 90 پىرسەنتى چىقىم بولدى. ئاچلىقتا قالغان خەلق ئۇزۇق - تۈلۈك ئۈچۈن بىر - بىرىنى قىرىشتى. شۇڭا ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى (40)، بالىلىرى، نەۋرىلىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى ۋە خۇسۇل تەڭرىقۇت، ئاتاقلىق خانلار، ئۇنىڭ ئىجىزقان (41)، قۇتقۇ (42)، ياساقبەگ (43) دىن ئىبارەت ئەمەلدارلار 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن كېلىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى، تەڭرىقۇت (44) ئۆزىمۇ خەن سۇلالىسىگە ئەئىيان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىنىسىنى قىممەت باھا نەرسىلەر بىلەن ئەۋەتىپ، چاغاننى قۇتلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، شىمالىي چېگرا رايونىمۇ تىنچىپ، ئۇرۇش بولمىدى...» دېدى. شۇنىڭ بىلەن شىخې ۋە بېيدى ۋىلايەتلىرى بېقىندى ئەلگە ئۆزگەرتىلىپ، تەسلىم بولغان ھۇنلار شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 266 — 267 - بەتلەر).

م. ب. 54 - يىلى (خەن شۈەندى ۋۇفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى). ھۇن تەڭرىقۇتى قوغشار خەن سۇلالىسىگە ۋەزىر بولۇشنى بىلدۈرۈپ، ئىنىسى قولقاننى ئوردىغا خەن شۈەندىنىڭ

خىزمىتىدە بولۇشقا ئەۋەتتى. شۇئەندى چېگرا رايونلارغا قاچاۋۇز قىلىدىغان دۈشمەن يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ 20 پىرسەنتىنى قىسقارتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.
(«خەننامە»، 1 – توم، 268 – بەت).

م. ب. 53 – يىلى (خەن شۇئەندى گەنلۇ(45)نىڭ تۇنجى يىلى) بىرىنچى ئايدا هۇن تەڭرىقۇتى قوغشار بالىسى ئوڭ قول بىلىكخان جۇلقۇتان(46) نى خەن شۇئەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا ئەۋەتتى.
شۇ يىلى قىشتا هۇن تەڭرىقۇتى قوغشار ئىنىسى سول قول بىلىكخانىنى چاغان بايرىمىنى قۇتلاش ئۈچۈن ئوردىغا ئەۋەتتى.
(«خەننامە»، 1 – توم، 269 – بەت).

م. ب. 52 – يىلى (خەن شۇئەندى گەنلۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) 12 – ئايدا، هۇن تەڭرىقۇتى قوغشار ۋۇيۈەن قورۇلىغا كېلىپ، ئۆز ئېلىدىكى قىممەتلىك نەرسىلەر بىلەن گەنلۇ ئۈچىنچى يىلىنىڭ چاغان بايرىمىنى مۇبارەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن شۇئەندى يارلىق چۈشۈرۈپ، ۋەزىر – ۋۇزرالارنى بۇ ئىشنى مۇهاكىمە قىلىشقا بۇيرۇدى. ۋەزىر – ۋۇزرالار: «داناخانلارنىڭ تۈزگەن تۈزۈملىرى بويىچە: ياخشىلىق ۋە ئىلتىپات ئالدى بىلەن پايتەختكە، ئاندىن خان ئالىيلىرىدىن بولغان سۇيۇرغال بەگلىكلەرگە؛ ئالدى بىلەن سۇيۇرغال بەگلىكلەرگە، ئاندىن ئەتراپتىكى يات مىللەتلەرگە قىلىنىدۇ. ‹نەزمىنامە(47) شاڭ (48) خانى جەمەتىگە مەدھىيە› دە: ‹شىيى(49) پۇقرالارنى ئەدەب – قائىدىگە ئىتائەت قىلدۇرغان بولسىمۇ، مىزاندىن ئاشۇرۇۋەتمىگەنىدى. ئۇ جايلارنى

ئومۇمىيۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەمرىمەرۇپنى تولۇق
يۈرگۈزگەندى. شېيىنىڭ نەۋرىسى شياڭتۇ (50) ھەيۋەتلىك
بولۇپ، ئەتراپتىكى يات قوۋملارنى ئىنتايىن تەرتىپلىك
باشقۇرغاندى» دېيىشكەن. خان ئالىيلىرىنىڭ دانا ـ ئاقىللىقى
پۈتۈن ئەلگە تارقالدى. ئۇلۇغ تۆھپىلىرى ئەتراپتىكى ئەڭ
يىراق جايلارغىچە يېتىپ باردى. ھۇن تەڭرىقۇتى قوغشار
ئاقارتىشنى ئارزۇ قىلىپ، توغرا يولغا ئىنتىلمىدۇ. شۇڭا پۈتكۈل
ئېلى بىلەن يەكدىل بولدى. ئۇ ھازىر قىممەت باھا نەرسىلەر
بىلەن چاغان بايرىمىنى قۇتلاشقا كەپتۇ. بۇ ئەزەلدىن
بولۇپ باقمىغان چوڭ ئىش! يىراق تەڭرىقۇتلار ئوتتۇرا
جۇڭگودا يۈرگۈزۈلىدىغان تەقۋىم ۋە قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى
ئەزەلدىن قوبۇل قىلىپ باققان ئەمەس. ئۆتكەن خانلار
تەڭرىقۇتنى ھەمىشە مېھمان قاتارىدا كۆرەتتى. شۇڭا تەڭرىقۇت
قوغشارنى كۈتۈۋالىدىغان قائىدە ـ يوسۇن بەگلىكلەر بەگلى
رىنى كۈتۈش قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇشى
لازىم. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنى ئەئىيان ئاتاپ بەيئەت قىلسۇن.
ئورنۇ ـ مەرتىۋىسى بەگلىكلەر بەگلىرىدىن تۆۋەن بولسۇن»
دېيىشتى. خەن شۈەندى يارلىق چۈشۈرۈپ: «بەش پادىشاھ(51)
بىلەن ئۈچ خان (52) ئەدەب ـ ئەخلاقىنى يولغا قويمى
غان يىراق جايلاردىكى قوۋملارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگودا قىلىنى
دىغان ئەمر ـ پەرمانلارغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلماپتى
كەن. ھازىر تەڭرىقۇت قوغشار ئۆزىنى شىمالدىكى بېقىندى
ئەلدىن كەلگەن ئەئىيان دەپ ئاتاپ، چاغاننى قۇتلىماقچى.
مەن ئۆتكەن دانىشمەن خانلارغا يېتەلمىدىم، ئادىللىقىمنى
جاھاننىڭ ھەممىلا يېرىگە يەتكۈزەلمىدىم. ھازىر مەن تەڭ
رىقۇتنى ئېزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان قائىدە ـ يوسۇن

بويىچە كۈتۈۋېلىشنى، ئورۇن — مەرتىۋىسىنى بەگلىكلەر بەگ-
لىرىدىن يۇقىرى قويۇشنى قارار قىلدىم» دېدى.
(«خەننامە»، 1 — توم، 270 — بەت).

م.ب. 51 — يىلى (خەن شۈەندى گەنلۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا، خۇن تەڭرىقۇتى قوغشار جىخۇشەن ئوردىسىنى زىيارەت قىلدى، جارچىبەگ(53) ئۇنى قوغشار تەڭرىقۇت دېمەستىن، ۋاسسال ئەلدىن كەلگەن ئەئىيان دەپ ئاتىدى. ئوردىدىن ئۇنىڭغا تامغا، تامغا بېغى، تون — تەلپەك، كەمەر، مەپە، تۆت هارۋا ئېتى، ئالتۇن، نەپىس كەشتىلىك كىمخاب — تاۋار، يىرىك شايىدىن تىكىلگەن كىيىم — كېچەكلەر ئىنئام قىلىندى، ئەمەلدارلار تەڭرىقۇت قوغشارنى چاڭئەن سارىيىغا ئاپىرىپ، چاڭپىڭ قەسرى (54) گە ئورۇنلاشتۇردى. خەن شۈەندى ئۆزى گەنچۈەن قەسرىدىن چىياڭ قەسرى (55) گە كېلىپ تۇردى. خەن شۈەندى يەنە چاڭپىڭ سۇپىسى (56) غا چىقتى ۋە «تەڭرىقۇت قوغشار مەن بىلەن كۆرۈشكەندە زىيارەت قائىدە — يوسۇنلىرىنى ئادا قىلمىسۇن» دەپ جاكارلىدى. ئوڭ ۋە سول ياساقبەگ قاتارلىق خۇن ئەمەلدارلىرى سەپ بولۇپ سەيىر قىلدى. تەڭرىقۇت قوغشارنى قارشى ئېلىشقا چىققان يات قوۋملەرنىڭ بىر نەچچە تۈمەن خان ۋە بەگلىرىمۇ يولنىڭ ئىككى چېتىگە رەتلىك تىزىلىپ تۇردى. خەن شۈەندى ۋېيخې دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە چىققاندا كىشىلەر «ياشىسۇن!» دەپ توۋلاشتى. تەڭرىقۇت ئوردىغا قايتتى. خەن شۈەندى جيەنجاڭ قەسرى(57) دە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، تەڭرىقۇتنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا خەن سۇلالىسىنىڭ گۆھەر — جاۋاھىراتلىرىنى كۆر-سەتتى. ئىككىنچى ئايغا كەلگەندە قوغشار تەڭرىقۇت قايتماق-چى بولدى، خەن شۈەندى چاڭلې قەسرى ياساۋۇل بېگى گاۋ-چاڭ(58) بېگى دۇڭ جۇڭ(59)، هارۋا — ئاتلىقلار كاھبېگى

خەن چاڭ (60)، شىرمەت ـ چەۋەندازلار بېشى خۇ (61) لارنى 16 مىڭ چەۋەنداز بىلەن تەڭرىقۇتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇشقا تەيىنلىدى. تەڭرىقۇت قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلىشىپ گۇاڭلۇ شەھىرى (62) نى قوغدىدى. خەن شۈەندى قوغشار تەڭرىقۇتنى ئېھتىياجلىق ئاشلىقلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش توغرىسىدا شىمالدىكى ۋىلايەتلەرگە يارلىق چۈشۈردى. چىچى تەڭرىقۇت (63) ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يىراققا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار تىنچىپ قالدى.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 271 ـ بەت).

م.ب. 51 ـ يىلى (خەن شۈەندى گەنلۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) قىش پەسلىدە جىبىيۇ خانىكە ئاسىيۇلار ئېلىدىن پايتەختكە قايتىپ كەلدى.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 272 ـ بەت).

م.ب. 49 ـ يىلى (خەن شۈەندى خۇاڭلۇڭ (64) نىڭ تۇنجى يىلى) بىرىنچى ئايدا، ھۇن تەڭرىقۇتى قوغشار پايتەختكە كېلىپ ئوردىنى زىيارەت قىلدى، خەن شۈەندى ئۇنى بۇرۇنقىدەك كۈتۈۋالدى ۋە ئىنئام بەردى. تەڭرىقۇت ئىككىنچى ئايدا ئېلىگە قايتتى.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 273 ـ بەت).

---

(1) خەن شۈەندى (汉宣帝، م.ب. 91 — 49) ئىسمى ـ فامىلىسى ليۇ شۈن (刘询)، خەن ۋۇدىنىڭ چەۋرىسى. م.ب. 74—49 ـ يىللىرى خانلىق قىلغان. چوڭ دادىسى، شاھزادە ليۇ جۈ بوھتان دەستىدىن ئۆلۈۋالغان، ئانىسىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ـ ىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا چوڭ بولغاچقا، خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەمىدىن خەۋەردار ئىدى. تەختكە چىققان ـ

دىن كېيىن يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى تىرىشىپ باشقۇردى، ئىختىسادلىق كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان - ياساقلارنى كېمەيتىپ، خۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەردى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 3 - توم، 1871 - بەت).

(2) بېنشى (本始) خەن شۈەندىنىڭ يىلنامىسى. م. ب. 73 — 70 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1246 - بەت).

(3) دۇ (杜) مۇشۇ كىتاب 55 - جىلد «ۋېي چىڭ، خو چۈبىڭ تەزكىرىلىرى» گە قاراڭ.

(4) تۈغتان ‹屠耆堂› فامىلىسى فۇرۇ، بوۋىسى فۇرۇج، خۇن ئىدى. خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ۋاسال ئەللەر خانى بولدى. قىران چەۋەنداز سانغۇن خو چۈبىڭ قوماندىسىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇرغال كۆپەيتىپ بېرىلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1918 - بەت).

(5) سۇيۇرغال (封领地) سۇيۇرغال ئىگىلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر - زېمىنلەر، ئادەتتە خانلار ياكى فېئوداللارنىڭ ئىنئام قىلغان يەر - زېمىنلىرى سۇيۇرغال دەپ ئاتىلىدۇ. سۇيۇرغال ئىگىلىرى يۇقىرىغا نىسبەتەن ئەسكەر بېرىشكە، باج - خىراج تۆلەشكە بۇرچلۇق ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1484 - بەت).

(6) ئاسىيۇ (乌孙) قەدىمكى قوۋم. ئەسلىدە چىلىيەن (تەڭرى) تېغى بىلەن دۇنخۇاڭ (دەشت ئاتا) ئارىلىقىغا ماكانلاشقان. م.ب. 161 - يىللىرى ئەتراپىدا ئىلى دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا كۆچتى. كېيىن ئۇلۇغ توخرىيلارنى قوغلىۋېتىپ، ئاسىيۇلار خانلىقىنى قۇردى. خەن ۋۇدى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەلىكە جياڭ دۇ بىلەن مەلىكە جيېيۇنى ئاسىيۇ

خانى كۇنبەگكە بەردى. ئۇلار ئاخىرىدا ئاۋارلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. ئاسىيۇلارنىڭ ئىگىلىگى كۆچمە چارۋىچىلىق بولۇپ، غەربىي خەن دەۋرىدىكى نوپۇسى 630 مىڭ ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 74 – بەت).

(7) كۇنبەگ (昆莫) قەدىمكى ئاسىيۇ خانلىرى كۇنبەك، كۇنبىي دەپ ئاتىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1385 – بەت).

(8) سەنچۇر (岑娶) ئاسىيۇ خانى كۇنبەگنىڭ نەۋرىسى.

(«خەننامە»، 1 – توم، 244 – بەت).

(9) جيېيۇ مەلىكە (غەمخالاس مەلىكە) (解忧公主) چۇ (楚) بېگى ليۇ ۋۇنىڭ نەۋرە قىزى بولۇپ، جيېيۇ ئۇنۋانى بىلەن ئاسىيۇ ھۆكۈمدارى كۇنبەگكە ياتلىق قىلىنغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 1922 – بەت).

(10) گۇەندۇڭ (关东) رايون نامى. چىن، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى قاتارلىق شەنشىنى پايتەخت قىلغان سۇلالىلەر، خەنگۇ قوۋۇقى ۋە تۇڭگۇەننىڭ شەرقىدىكى جايلارنى «گۇەندۇڭ» دەپ ئاتىشاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 284 – بەت).

(11) جاۋ چۇڭگو (赵充国، م.ب. 137 — 52) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ سەركەردىلىرىدىن. لۇڭشى شاڭگۇي (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈينىڭ غەربىي جەنۇبى) دىن. ھۇنلار بىلەن چياڭلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتى. خەنۋۇدى، جاۋدى، شۇەندىلەر دەۋرىدە ھۇنلار ۋە چياڭلارغا قارشى يۈرۈشلەرگە قاتناشقان. ھىماتچى سانغۇن، يىڭپىڭ بېگى بولغانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1945 – بەت).

(12) بارىكۆل سانغۇنى (蒲类将军) بارىكۆل — غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى دۆلەتلەردىن بىرى. بۇرۇن ھۇنلارغا

قاراشلىق بولۇپ، كېيىن قوس خانلىقىغا تەۋە بولدى. م.ب.60 ــ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ يەرلەرنى ئالدى. خەن شۇەندى باركۆلگە تەقلىد قىلىپ، جاۋچۇڭگوغا باركۆل سانغۇنى دەپ ئۇنۋان بەردى.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 606 — 607 ـ بەتلەر).

(13) بارس سانغۇن (虎牙将军) جەسۇر، قەھرىمان سانغۇن مەنىسىدە.

(مۇھەررىردىن).

(14) چاڭ خۇي (常惠، م.ب ؟ — 46) تەييۈەنلىك. خەن ۋۇدى دەۋرىدە سۇۋۇ بىلەن ھۇن ئېلىگە ئەلچىلىككە چىقىپ، ئون نەچچە يىل تۇتقۇنلۇقتا تۇرغاندىن كېيىن قايتتى. خەن جاۋدى دەۋرىدە كېڭەش بېگى، م.ب. 73 — 70 ـ يىللار ئارىلىقىدا چىرىكچى بولدى. خەن سۇلالىسىنىڭ تەمتىكى بىلەن ئاسىيۇ قوشۇنىنى باشلاپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن چاڭلو بېگى بولدى، كېيىن ئوڭ قانات سانغۇن بولدى، چەت ئەل ئىشلىرىنى ئوبدان بىلەتتى، ئىشچان كىشى بولۇپ، كۆپ خىزمەت يەتكۈزگەندى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 917 ـ بەت).

(15) بەش سانغۇن (五将军) چىلەن سانغۇنى تيەن گۇاڭمىڭ، باركۆل سانغۇنى جاۋچۇڭگو، بارس سانغۇن تيەن شۇن، ياۋشۇي سانغۇنى خەن مىڭيۈ، تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن زىڭلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(16) چاڭئەن (长安) قەدىمكى پايتەخت. م.ب.202 ـ يىلى نامىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، م.ب. 200 ـ يىلى خەن خانى ليۇباڭ دەۋرىدە پايتەخت قىلىنغان. م.ب.192 ـ يىلى خەنخۇيدى دەۋرىدە چاڭئەندە شەھەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. شەھەرنىڭ جەنۇبى كىچىك ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى، شەھەرنىڭ شىمالى يەتتە

تىككەن يۇلتۇزى شەكلىدە ياسالغاچقا، خەلق كۇزە شەھىرى دەپ ئاتىشاتتى. ئالدىنقى چېن، ئالدىنقى جاۋ، كېيىنكى چېن، غەربىي ۋېي، شىمالىي جۇ، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلىشتى. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 — توم، 3224 — بەت).

(17) «جىنايەت ئۆتكۈزۈش» تىيەن گۇاڭمىڭ ئىلگىرىلىمەي تۇرۇۋېلىش، تىيەن شۈن بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بارماسلىق، يەنە ھۇن ئەسىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ مەلۇم قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن.

(«خەننامە»، 1 — توم، 244 — بەت).

(18) شېنجۆ (神爵) خەن شۈەندىنىڭ يىلنامىسى م.ب. 61 — 58 — يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1584 — بەت).

(19) يېتىمچى پاسىبانلار قىسمى (羽林孤儿) ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ يۈلىن (羽林) دەپ ئاتالدىغان ۋە ھەربىي تەربىيە كۆرگەن يېتىم باللىرىدىن قۇرۇلغان قىسىملار يېتىمچى پاسىبانلار قىسمى دەپ ئاتىلاتتى.

(«خەننامە»، 1 — توم، 261 — بەت (3) ئىزاھقا قاراڭ).

(20) يۆ خانلىقى (越) قەدىمكى خانلىق. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا شيا سۇلالىسىنىڭ ئالتىنچى ھۆكۈمدارى شاۋكاڭنىڭ خانىشىدىن بولغان ئوغلى ۋۇيۈنىڭ ئەۋلادىمىش. پايتەختى گۇيجى (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسى شاۋشىڭ ناھىيىسى). ئەمنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋۇ بەگلىكى بىلەن دائىم ئۇرۇش ھالىتىدە بولۇپ، م.ب. 494 — يىلى ۋۇ بەگلىكى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. م.ب. 473 — يىلىغا كەلگەندە كۈچىيىپ ۋۇ بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلدى. زېمىنى ھازىرقى جياڭسۇنىڭ شىمالى قىسمى، قانالنىڭ شەرقىدىكى جايلار، جياڭسۇنىڭ جەنۇبى، ئەنخۇينىڭ

جەنۇبى، جياڭشىنىڭ شەرقى ۋە جېجياڭنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيتتى. يېغىلىقلار دەۋرىگە كەلگەندە ئاجىزلاشقان يۈ خانلىقى تەخمىنەن م.ب. 306 – يىلى چۇ بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1947 – بەت).

(21) خۇن ۋە يۈ خانلىقلىرىنىڭ چەۋەندازلىرى (胡，越骑) «خەن ۋۇدى تەزكىرىسى» دە: خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان خۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان پېقىندى ئەللەر ۋە جەنۇبتىكى يۈ پېقىندى ئەللىرىنىڭ چەۋەندازلىرى خون ۋە يۈ خانلىقلىرىنىڭ چەۋەندازلىرى دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلگەن.

(مۇھەررىردىن).

(22) خېدۇڭ (河东) خۇاڭخې دەرياسى سەنشى ئۆلكىسى دائىرىسىگە كىرگەندە شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. شۇڭا سەنشى ئۆلكىسى ئىچىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار خېدۇڭ دېيىلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 – توم، 1754 – بەت).

(23) يىڭچۈەن (颍川) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى دېڭفېڭ، باۋفېڭلارنىڭ شەرقى، ۋېيشى، يەنچېڭلارنىڭ غەربى، مىشيەننىڭ جەنۇبى، يېشيەن، ۋۇياڭلارنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى ياڭدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1849 – بەت).

(24) پېيجۈن (沛郡) قەدىمكى ۋىلايەت. ئورنى بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالى، شىفېي دەر- ياسىنىڭ شەرقى، خېنەن ئۆلكىسى شىايى، يۇڭچېڭ ناھىيىلىرى ۋە جياڭسۇ ئۆلكىسى پېيشيەن، فېڭشيەن قاتارلىق ناھىيىلىرى ۋە جياڭسۇ ئۆلكىسى پېيشيەن، فېڭشيەن قاتارلىق ناھىيىلەرگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى شياڭشيەن (بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسى سۇيشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 894 – بەت).

(25) خـۇەيياڭ (淮阳) م.ب: 196 ـ يىلى (خەن گاۋـ
زۇنىڭ 11 ـ يىلى) بەگلىك تەسىس قىلىنغان. خـەن خـۇيـدى
دەۋرىدە بەزىدە ۋىلايەت، بەزىدە بەگلىك بولۇپ تۇرغان. ئورنى
بۇگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى خۇەيياڭ، لۇيى، تەيكاڭ، جېـچـېـڭ،
فۇگۇ ناھىيىلىرىگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى چېن (بۇگۈنكى خېنەن
ئۆلكىسى خۇەيياڭ ناھىيىسى).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 964 ـ بەت).

(26) رۇنەن (汝南) قەدىمكى ۋىـلايـەت. م.ب. 203 ـ
يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئورنـى
بۇگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى يىڭخې دەرياسى بىلەن خۇەيخې دەرـ
ياسىنىڭ ئوتتۇرىسى، بېيجىڭ ـ گۇاڭجـۇ تۆمـۈريولىنىڭ شەرقى،
ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى سىخې ۋە شىفېي دەريالىرىنىـڭ غـەربـى،
خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى
شاڭسەي (بۇگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى شاڭسەي ناھىيىسىنىڭ غەربىي
جەنۇبىدا) ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 892 ـ بەت).

(27) شۈيەنشۇ (许延寿) خەن شۇەندى دەۋرىدىكى سانـ
غۇنلاردىن بىرى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 260 ـ بەت).

(28) شىن ۋۇشيەن (辛武贤) دىداۋلىق. خەن شـۇەنـدى
دەۋرىدە جيۇچۇەنگە ۋالىي بولغان. ئۇ باتۇرلۇقى بىلەن مـەشھۇر
ئىدى. چياڭلارغا يۈرۈش قىلغاندا، چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى
بولغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 510 ـ بەت).

(29) ياڭ يۈ (杨玉) ئىسيان كۆتۈرگەن چياڭـلارنـىـڭ
ئاتامانى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 262 ـ بەت).

(30) چيۇ فېي (酋非) ئىسيان كۆتۈرگەن چيا گىلارنىڭ ئاتامانى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 262 - بەت).

(31) باتىس (غەرب) قان (日逐王) ھۇن ئەمەل نامى. ئولۇغ، سولغا بۆلۈنىدۇ. ئالتە تامانىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرى، ئىنىلىرى تەيىنلىنەتتى. ئورنى ياندىش خانلاردىن كېيىن تۇراتتى. باتىسقان ھۇن ئېلىنىڭ غەرب تامانىدىكى خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1369 - بەت).

(32) چىچەنشان (先贤掸) ھۇن باتىس (غەرب) خانىنىڭ ئائىلە نامى چىچەنشان ئىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، قوشۇمچە: قاملىلەر توغرىسىدا تەتقىقات، 15 بەت).

(33) جېڭ جى (郑吉) (م.ب. ؟ — 49) گۈيجى (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسى شاۋشىڭ) دىن. خەن شۈەندى دەۋرىدە ياندىش بەگلىككە تەيىنلەنگەن. چېدىر (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كورلا شەھرى بىلەن لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ غەربىسى) دە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. قوس خانلىقىنى يېڭىپ، مۇھاپىزەتچى ئەمىر لەشكەر بولغان. م.ب. 60 - يىلى قوشۇن باشلاپ ھۇن باتىسقانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدۇرغاچقا، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەندى. مەركىزى ئۇلى (بۇگۇنكى بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە). كېيىن ئەنىيۈەن بېگى بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 447 - بەت).

(34) شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت (虛闾权渠单于) قۇلىۇقىي تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، قويلاندى تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى. م.ب. 68 — 60-

يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن ھۇنلارنىڭ 12 ـ ئەۋلاد ھۆكۈمدارى.

(«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە. ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ تەرجىمھالى»، 293 ـ بەت).

(35) ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت (握衍朐鞮单于) ئۇۋى تەڭرىقۇتنىڭ پەي نەۋرىسى .م.ب. 60 — 58 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن ھۇنلارنىڭ 13 ـ ئەۋلاد ھۆكۈمدارى.

(«ھۇنلار تارىخى يىلنامىسى. ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ تەرجىمھالى»، 293 ـ بەت).

(36) قول رۇقان شىنزىر (呼留若王胜之) ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، ھۇن خانلىرىدىن بىرى. قول رۇقان ئۇن ۋانى بولۇپ، شىنزىر بولسا نامى ئىدى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 264 ـ بەت).

(37) ۋۇفېڭ (五凤) خەن شۈەندىنىڭ م. ب.57— 54 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 30 ـ بەت).

(38) سابىق تەڭرىقۇت (前单于) بۇ يەردە شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(39) قوغشار تەڭرىقۇت (呼韩邪单于) شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. ئىسمى جىخسان .م.ب. 58 — 31 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن ھونلارنىڭ 14 ـ ئەۋلاد ھۆكۈمدارى.

(«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە. ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ تەرجىمھالى»، 294 ـ بەت).

(40) ئالچى (阏氏) ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ خانىكىسى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 882 ـ بەت).

(41) ئىجىزقان (伊秩訾) ھۇن ئەمەل نامى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 266 ـ بەت).

(42) قۇتقۇ (且渠) ھۇن ئەمەل نامى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 266 ـ بەت).

(43) ياساقبەگ (当户) ھۇن ئەمەل نامى.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 266 ـ بەت).

(44) تەڭرىقۇت بۇ يەردە ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتنى دېمەكچى بولسا كېرەك.

(مۇھەررىردىن).

(45) گەنلۇ (甘露) خەن شۇەندىنىڭ يىلنامى، م. ب. 53 — 50 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 1621 ـ بەت).

(46) جۇلقۇتان (铢娄渠堂) ھۇن تەڭرىقۇتزادىسى. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 268 ـ بەت).

(47) «نەزمىنامە» (诗经) ئېلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى نەزمىلىرىنىڭ توپلىمى. ئەسلىدە «شېئىرلار» دېيىلەتتى. كۆڭزىچىلار ئۇنى كلاسسىك كىتابلاردىن بىرى قىلىۋالغاچقا «نەزمىنامە» دېيىلدى. ئەمىنىيە دەۋرىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 305 پارچە ئىدى.

(«بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 387 ـ بەت).

(48) شاڭ (商) سۇلالە. م. ب. XVI ئەسىردە شاڭ، تاڭ، شىيا سۇلالىلىرىنى يوقىتىپ قۇرغان قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، پايتەختى بۇ (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى ساۋشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) ئىدى. كېيىن پەنگېڭ پايتەختىنى يىن (بۈگۈنكى خېنەن ئەنياڭ شياۋتۇن كەنتى) گە كۆچۈرگەندىن كېيىن، يىن سۇلالىسى دەپ ئاتالغان.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 356 ـ بەت).

(49) شيې (契) رىۋايەتلەر بويىچە شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەجدادى بولۇپ، دىكۇنىڭ ئوغلى، ئانىسى جيەندى. شيې پادىشاھ يۈنىڭ سۇنى تىزگىنلىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن پادىشاھ

شۇن ئۇنى ئەمرى زېمىن قىلغانىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 646 ـ بەت).

(50) شياڭتۇ (相土) شاڭ تاڭنىڭ 11 ـ ئەجدادى. شاڭچيۇ (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شاڭچيۇنىڭ جەنۇبى) دا ياشايتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە هارۋىنى مۇشۇ كىشى ئىجاد قىلغانىكەن.
(«بىر توملۇق «سىخەي»، 1284 ـ بەت).

(51) بەش پادىشاھ (五帝) قەدىمكى زامان پادىشاھلىرى ھەققىدە ئۈچ تۈرلۈك رىۋايەت بار: (1) خۇاڭ ـ دى (黄帝)، جۇەن ـ شۈ (颛顼)، دى ـ كۇ (帝喾)، تاڭ ياۋ (唐尧)، يۈ ـ شۈن (虞舜)؛ (2) تەي ـ خاۋ [(太皞) فۇشى 伏义]، يەن ـ دى [(炎帝) (شېننۇڭ 神农)] خۇاڭ ـ دى، شاۋ ـ خاۋ (少皞)، جۇەن ـ شۈ (颛顼)؛ (3) شاۋ ـ خاۋ [(少昊) خاۋ (皞)]، جۇەن ـ شۈ، گاۋشىن [(商辛) دى ـ كۇ (黄帝)]، تاڭ ـ ياۋ، يۈ ـ شۈنلەر بولۇپ، بۇلار جۇڭگودا باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي» 32 ـ بەت»).

(52) ئۈچ خان (三王) بىر رىۋايەتتە شيا سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۈ (禹)، شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ (汤)، جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېنۋاڭلار دېيىلسە، يەنە بىر رىۋايەتتە شيا سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۈ، شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ، جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭلار دېيىلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 13 ـ بەت).

(53) جارچىبەگ (赞礼官) توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملاردا كۈن تەرتىپىنى ئېلان قىلغۇچى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1439 ـ بەت).

(54) چاڭپىڭ قەسرى (长平观) بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى جىنياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن بەش چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.
(«خەننامە»، 1 ـ توم، 271 ـ بەت).

(55) چىياڭ قەسرى (池阳宫) بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى
جىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن سەككىز چاقىرىم
كېلىدىغان يەردە.

(«سىخەي»، 892 ـ بەت).

(56) چاڭپىڭ تۆپىلىكى (长平阪) چاڭپىڭ قەسرى جاي-
لاشقان يەر.

(«خەننامە»، 271 ـ بەت، 3 ـ ئىزاھقا قاراڭ).

(57) جيەنجاڭ قەسرى (建章宫) ئورنى بۈگۈنكى شەن-
شى ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1032 ـ بەت).

(58) گاۋچاڭ (高昌) قەدىمكى يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى
شەندۇڭ ئۆلكىسى بوشىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 773 ـ بەت).

(59) دۇڭ جۇڭ (董忠) ياڭدىلىق. چەۋەندازلىق، كامان-
دازلىقتا ماھىر ئىدى. خەن شۈەندى دەۋرىدە پىلانلىنىۋاتقان بىر
ئىسيان ھەرىكىتىنى مەلۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، گاۋ چاڭ
بېگى بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1313 ـ بەت).

(60) خەن چاڭ (韩昌) خەن شۈەندى دەۋرىدە ھارۋا-
ئاتلىقلار كاھبېگى ئىدى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 271 ـ بەت).

(61) شىرمەت ـ چەۋەندازلار بېشى خۇ (骑都尉虎) خۇ
شىرمەت ـ چەۋەندازلار بېشىنىڭ ئىسمى. فامىلىسى نامەلۇم.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 272 ـ بەت (9) ئىزاھ).

(62) گۇاڭلۇ (光禄城) قەدىمكى شەھەر. خەن سۇلالىسى
دەۋرىدە چېگرىدىكى قورغان شەھەر. گۇاڭلۇ قورغىنى دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. كېڭەش بېگى شۇ زىۋېي خەن ۋۇدىنىڭ يارلىقى بويىچە
سالدۇرغانىدى. ئورنى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى

بايىنۇر ئايمىقى ئۇراد ئوتتۇرا - ئارقا بىرلەشمە خوشۇنىنىڭ تەۋەلىكىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 276 - بەت).

(63) چىچى تەڭرىقۇت (郅支单于) شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاكىسى. م.ب. 56 — 36 - يىللىرى شەرقتە ئۆزى تەڭرىقۇت بولۇپ 20 يىل سەلتەنەت سۈردى.

(«هۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 294 - بەت).

(64) خۇاڭلۇڭ (黄龙) خەن شۈەندىنىڭ م.ب.49 - يىلى، شۇ يىلى خەن شۈەندى ئۆلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2051 - بەت).

«خەننامە» توققۇزىنچى جىلد.

## خەن يۈەندى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

م· ب· 48 – يىلى (خەن يۈەندى چۇيۈەن(2) نىڭ تۈنجى يىلى) سەككىزىنچى ئايدا، شاگچۇن ۋاسسال ئېلىدىكى تەسلىم بولغان ھۇنلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھۇنلار ئېلىگە قېچىپ كەتتى.

(«خەننامە»، 1 – توم، 280 – بەت).

م·ب· 44 – يىلى (خەن يۈەندى چۇيۈەننىڭ بەشىنچى يىلى) 12 – ئايدا، ھۇنلارغا ئەلچىلىككە بارغان ياساۋۇللار ئەمىر لەشكىرى(3) گۇجى(4) قايتىپ كەلمىدى.

(«خەننامە»، 1 – توم، 287 – بەت).

م·ب· 42 – يىلى (خەن يۈەندى يۇڭگۇاڭ(5) نىڭ ئىككىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا غەربىي چياڭلار ئىسيان كۆتۈرگەچكە، ئۇلۇغ قانات سانغۇن فېڭ فېڭشى(6) جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى. سەككىزىنچى ئايدا جەسۇر – ھەيۋەتلىك سانغۇن بولۇپ تەيىنلەنگەن مۇراسىمچىگە رېن چيەنچيۇ(7) بەش داقاق (8) ئەسكەرنى باشلاپ، ئۇلۇغ قانات سانغۇن فېڭ فېڭشى بىلەن بىرلىكتە غەربىي چياڭلارغا ھۇجۇم قىلدى.

م.ب. 41 - يىلى (خەن يۈەندى يۈڭگۇاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئەتىيازدا، غەربىي چىياڭلارنىڭ ئىسيانى قىنچىتىلغاندىن كېيىن، غەربىي ھەرىكەت توختىتىلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 290 - بەت).

م.ب. 36 - يىلى (خەن يۈەندى جيەنجاۋ(9) نىڭ ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە، غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقان شىرمەت - چەۋەندازلار بېشى گەن يەنشۇ(10) ۋە ئورۇنباسار چېرىكچى چېن تاڭ(11) لار ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش خەن يۈەندىنىڭ يارلىقى بىلەن قورۇل چېرىكبېگى(12) باشقۇرۇشىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى يات قوۋم ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە كانگا(13) غا بېرىپ، چىچى تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. قىشتا چىچى تەڭرىقۇتىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، پايتەختكە ئەۋەتتى ۋە يات قوۋملار مېھمانخانىسىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويدى.

م.ب. 35 - يىلى (خەن يۈەندى جيەنجاۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا، خەن يۈەندى چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تەڭرى ۋە يەر ئىلاھىغا ئىبادەت قىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىغا ئاتاپ نەزىر - چىراق قىلدى. پۈتۈن ئەل بويىچە جىنايەتچىلەر كەچۈرۈم قىلىندى. ۋەزىر - ۋۇزرالار خەن يۈەندىگە شاراب تۇتۇپ ئۇنى مۇبارەكلىدى. خەن يۈەندى چىچى تەڭرىقۇتقا قىلىنغان جازا يۈرۈشى توغرىسىدىكى رەسىملىك كىتابلارنى خانىكە ۋە خانىشلارنىڭ كۆرۈشىگە بەردى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 295 - بەت).

م.ب. 33 - يىلى (خەن يۈەندى جىڭنىڭ(14) نىڭ تۇنجى يىلى) بىرىنچى ئايدا خۇن تەڭرىقۇتى قوغشار مۇبارەكلەپ زىيا-

رەڭكە كەلدى. خەن يۈەندى يارلىق چۈشۈرۈپ: «ھۇن تەڭرى-
قۇتى چىچى ئەدەب - قائىدىگە خىلاپلىق قىلغاچقا، تېگىشلىك
جازاغا ئۇچرىدى. تەڭرىقۇت قوغشار قىلىنغان ئىلتىپاتنى
ئېسىدىن چىقارماي، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرىنى
ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن خەن خانىنى زىيارەت قىلىش
قائىدىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە چېگرا رايونلارنى
مەڭگۈ قوغداپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈر-
دى. شۇڭا مەن يىلنامىنى جىڭنىڭغا ئۆزگەرتتىم. يان ھەرەمخانا (15)
ئايىمى ۋاڭ جاۋجۈن (16) نى تەڭرىقۇتقا ئالچى قىلىپ
بېرىمەن» دېدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 297 - بەت).

شۇ يىلى يازدا، شىرمەت - چەۋەندازلار بېشى گەن
يەنشۇ يىچىپك (17) بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. ئورۇنباسار
چېرىكچى چېن تاڭغا ئۆلكە بېگى (18) ئۇنۋانى بېرىلىپ،
100 جىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلىندى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 298 - بەت).

---

(1) خەن يۈەندى (汉元帝) (م. ب. 76 — 33) ئىسىم-
فامىلىسى ليۇشى (刘奭)، خەن شۈەندى ليۇشۈنىڭ چوڭ ئوغلى.
م.ب. 49 — 33 - يىللىرى خانلىق قىلغان. ئۇ ھەرەمئاغىلارنى
ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، ئالۋان - ياساقلارنى كۆپەيتىۋەتكەنىدى.
ئۇنىڭ دەۋرىدە غەربىي خەن سۇلالىسى ئاجىزلىششقا قاراپ
يۈزلەندى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1358 - بەت).

(2) چۇيۈەن (初元) خەن يۈەندىنىڭ يىلنامى. م.ب.
48 — 44 - يىللىرى مەزگىلى.

(«سىخەي»، 1799 - بەت).

(3) ياساۋۇللار ئەمىرلەشكەرى (卫司马) مۇھاپىزەتچىلەر
قوشۇنىنىڭ ئەمەلدارى.

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 287 ـ بەت).

(4) گۇجى (谷吉) چاڭئەنلىك. خەن يۈەندى دەۋرىدە ياساۋۇللار ئەمىرلەشكەرى بولغان. م.ب. 44 ـ يىلى ھونلارغا ئەلچىلىككە بېرىپ، چىچى تەڭرىقۇتىنىڭ ئوغلىغا خاس مۇلازىملىق قىلغان. كېيىن چىچى تەڭرىقۇت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 506 ـ بەت).

(5) يۇڭگۇاڭ (永光) خەن يۈەندىنىڭ م. ب. 43 — 39 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 92 ـ بەت).

(6) فېڭ فېڭشى (冯奉世) لۇ ناھىيىسى (قەدىمكى ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لۇچېڭ ناھىيىسىدىن. 40 يول شەرقىي شىمالىدا) دىن. خەن جاۋدى دەۋرىدە 13 يىل خىزمەتتىن قالغان مەزگىلدە «ئەمسنىيە» نى، ھەربىي ئىلىمنى ياخشى ئۆگەندى. خەن شۈەندى دەۋرىدە پەرغانىگە ئەلچى بولۇپ باردى، يەكەن خانلىقىغا قىلىنغان يۈرۈشكە قاتناشتى. ھاياتىدا كۆپرەك باشقا قوۋملار ئېلىدىكى خىزمەتلەردە بولۇپ ئوڭ قانات سانغۇن بولدى. م. ب. 42 ـ يىلى لۇڭشىدىكى چياڭلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئۆلكە بېگى بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1220 ـ بەت).

(7) رېن چيەنچيۇ (任千秋) خەن يۈەندىنىڭ سانغۇنلىرىدىن. چياڭلار توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا سۇر ھەيۋەتلىك سانغۇن ئۇنۋانى بىلەن قاتناشتى .

(«خەننامە»، 1 ـ توم، 290 ـ بەت).

(8) داقاق (校) قەدىمكى زاماندا ئەسكىرىي بىرلىك. خەن ۋۇدى دەۋرىدە قوشۇن داقاقلارغا ئايرىلغانىدى. ھەر داقاقتىكى ئەسكەرنىڭ سانى ئاز بولغاندا 700 نەپەر، كۆپ بولغاندا

1200 نەپەرگىچە بولاتتى. داقاق قوماندانى چېرىكچى دەپ ئاتىلاتتى

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1301 - بەت).

(9) جيەنجاۋ (建昭) خەن يۈەندىنىڭ يىلنامىسى. م. ب. 38 — 44 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 499 - بەت).

(10) گەن يەنشۇ (甘延寿) بېيدى يۇجىلىق. ماھىر چەۋەنداز ۋەكامانداز بولغاچقا، ئوردا پاسبانى، كېيىن لياۋدۇڭغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى. غەربىي يۇرتقا خىزمەتكە بارغىنىدا، ئورۇنباسار چېرىكچى چېن تاڭ بىلەن بىرلىكتە چىچى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە يىچېڭ بېگى بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 195 - بەت).

(11) چېن تاڭ (陈汤) شياچيۇلۇق. كىچىك ۋاقتىدا ئوبدان ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبىيات ۋە كىتابەتتە ياخشى ئىدى. خەن يۈەندى دەۋرىدە باشقىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن مەسلىھەتچى بولدى. غەربىي يۇرتقا ئورۇنباسار چېرىكچىلىك سالاھىيىتى بىلەن باردى. تەدبىرلىك چېن تاڭ چىچى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلكە بېگى ئۇنۋانى بېرىلدى. خەن چىڭدى دەۋرىدە ۋاڭ فېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئايماق بېگى بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1091 - بەت).

(12) قورۇل چېرىكچىبېگى (戊已校尉) ئەمەل، غەربىي يۇرتتىكى قوس خانلىقىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئەسكەرلەرنى ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1652 - بەت).

(13) كانجۇت، كانگا، قانقا، سۇغدىيانا (康居) م. ب. ئىككىنچى ئەسىردىن تەخمىنەن تۆتىنچى ئەسىرگىچە داۋام قىلغان غەربىي يۇرت (ئوتتۇرا ئاسىيا) تىكى قەدىمكى خانلىقلاردىن بىرى.

شەرق تەرىپى ئاسىيۇغا، غەرب تەرىپى ئائۇرىسىغا، جەنۇب تەرىپى ئۇلۇغ توخرىلارغا ۋە پەرغانىگە چېگرىداش بولۇپ، بالقاش كۆلى بىلەن كاسپى كۆلى ئارىسىغا جايلاشقان. مەركىزى كىش شەھىرى ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 859 ــ بەت).

(14) جىڭنىڭ (竟宁) خەن يۈەندىنىڭ يىلنامىسى .م. ب. 33 ــ يىلى، خەن يۈەندى شۇ يىلى ئۆلگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 ــ توم، 2340 ــ بەت).

(15) يان ھەرەمخانا (掖庭) ئوردا مەھكىمىلىرىدىن بولۇپ، خىزمەتچىلەر ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ــ توم، 1268 ــ بەت).

(16) ۋاڭ جاۋجۈن (王昭君) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نەنجۈن ۋىلايىتىنىڭ زىگۈي ناھىيىسى (ھازىرقى خونەن ئۆلكىسىدە) دىن. ئىسمى ۋاڭ چياڭ بولۇپ، ۋاڭ جاۋجۈن ئۇنىڭ تەخەللۇسى. خەن يۈەندى دەۋرىدە ئوردىغا ئايىملىققا تاللىۋېلىنغان. كېيىن ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەڭرىقۇت قوغشارغا ياتلىق بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتا ئوبدان رول ئوينىغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1199 ــ بەت).

(17) يىچېڭ (义成) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەگلىك بولۇپ، كېيىن ناھىيىگە ئايلاندۇرۇلغانىدى. ئورنى ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى خۇەييۈەن ناھىيىسىنىڭ 15 چاقىرىم شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1046 ــ بەت).

(18) ئۆلكە بېگى (关内侯) چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان 20 دەرىجىلىك بەگلىك رۇتبىسىنىڭ 19 ــ دەرىجىسى بولۇپ، چوڭ تۆرە (ئادەتتە تۆرە دەپ ئاتىلىدۇ) دىن قالسىلا ئۆلكە بېگى ھېسابلىنىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 284 ــ بەت).

«خەننامە» ئونىنچى جىلد

# خەن چېڭدى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

م. ب. 3-يىلى (خەن چېڭدى جىيەنشى(2) نىڭ تۆتىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا ھۇنلارغا ئەلچى بولۇپ بارغان ئوڭ سانغۇن دورغاپ(3) ياۋىيىن قاتارلىقلار قايتىپ، چېگرا قورۇلغا يۈز نەچچە چاقىرىم يول قالغاندا، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىش تۈپەيلى يانغىن بولۇپ، ياۋىيىن قاتارلىق يەتتە كىشى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 303 - بەت).

م. ب. 25 - يىلى (خەن چېڭدى خېپىڭ(4) نىڭ 4 - يىلى) بىرىنچى ئايدا ھۇن تەڭرىقۇتى پۇجۇلجۇت(5) زىيارەتكە كەلدى، ئىككىنچى ئايدا خوشلىشىپ ئېلىگە قايتتى.

(«خەننامە»، 1 - توم، 310 - بەت).

---

(1) خەن چېڭدى (汉成帝 م. ب. 52 — 7) ئىسىم - فامىلىسى لىيۇئاۋ (刘骜)، خەن يۈەندىنىڭ ئوغلى. م. ب. 33—7 يىللىرى خانلىق قىلغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1358 - بەت).

(2) جىيەنشى (建始) خەن چېڭدىنىڭ يىلنامى. م.ب.

32 — 29 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 499 - بەت).

(3) ئوڭ قول سانغۇن دورغاپى (右将军长史) ئوڭ قول سانغۇن مەھكىمىسى (ياكى بارگاھى) نىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 68 - بەت).

(4) خېپىڭ (河平) خەن چېڭدىنىڭ يىلنامىسى. م. ب. 28 — 25 - يىللىرى مەزگىلى.

(«سىخەي»، 911 - بەت).

(5) فۇجۇرۇت تەڭرىقۇت (复株累若鞮单于) ئىسمى دىۋتاۋىۋقا (؟) بولۇپ، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. م.ب. 31 — 20 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن 15 - ئەۋلاد ھۇن ھۆكۈمدارى.

(«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 294 - بەت).

## «خەنئامە» 11 - جىلد

# خەن ئەيدى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 1 - يىلى [خەن ئەيدى يۈەنشۇ (刘鰲)(2) ئىككىنچى يىلى] بىرىنچى ئايدا ھۇن تەڭرىقۇتى ئۇجۇلجۇت(3) بىلەن ئاسىيۇلارنىڭ چوڭ كۈنبېيى ئىلجىمبېي(4) زىيارەتكە كەلدى. ئىككىنچى ئايدا ئۆز ئەللىرىگە قايتتى. قايتىشتا تەڭرىقۇتنىڭ كۆڭلى غەش كەتتى. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىنغان.

(«خەننامە»، 1 - توم، 344 - بەت).

(1) خەن ئەيدى (汉哀帝، م.ب. 27—1) ئىسمى - فامىلىسى ليۇشىن (刘欣)، خەن چېڭدى ليۇئاۋنىڭ ئىنىسى، ليۇكاڭنىڭ ئوغلى. م.ب. 7 — 1 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

(« جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1359 - بەت).

(2) يۈەنشۇ (元寿) خەن ئەيدىنىڭ يىلنامىسى. م.ب. 2 — 1 - يىللىرى مەزگىلى. يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى ئەيدى ئۆلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 653 - بەت).

(3) ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت (乌株留若鞮单于) ئىسمى نانكىياس بولۇپ، چايا تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى. م.ب. سەككىزىنچى يىلدىن م.ك. 13 - يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن 18 - ئەۋلاد ھون ھۆكۈمدارى.

(«ھونلار تارىخى يىلنامىسى»، 294 - بەت).

(4) ئىلجىمبېي (伊秩靡) ئاسىيۇلارنىڭ م.ب. 11 - يىلدىن -؟ يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن تۆتىنچى ئەۋلاد چوڭ كۈنبېگى(ھۆكۈمدارى).

(«جۇڭگو تارىخىدىكى مىللەتلەرنىڭ يىلنامىلىرى». بەت).

# ئۆزگە نەسەبلىك بەگلەرنىڭ تەرجىمھالى

م. ب. 201 ـ يىلى (خەن گاۋدىنىڭ ئالتىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايدا خەن بېگى خەن شىن ئىسيان قىلىپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولدى.

(«خەننامە»، 2 ـ توم، 378 ـ بەت).

م. ب. 196 ـ يىلى (خەن گاۋدىنىڭ 11 ـ يىلى)(1) يەن بېگى لۇەن ئىسيان قىلىپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولدى.

(«خەننامە»، 2 ـ توم، 379 ـ بەت).

---

(1) «خەن گاۋدىنىڭ تەرجىمھالى» دە 12 ـ يىلى يەنى م. ب. 195 ـ يىلى دېيىلگەن.

# بەگلەرنىڭ تەرجىمھالى

دەي بەگلىكى بېگى لىيۇشى خەن گاۋدىنىڭ ئاكىسى ئىدى. ئۇ، خەن گاۋدىنىڭ ئالتىنچى يىلى بىرىنچى ئاينىڭ 27 - كۈنى، دەي بەگلىكى بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. م.ب. 200 - يىلى (خەن گاۋدىنىڭ يەتتىنچى يىلى 12 - ئايدا) ھونلار ھۇجۇم قىلغانىدا، ئۇ ئەل - زېمىننى تاشلاپ، لوياڭغا قېچىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بەگلىك ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە مەرتىۋىسى تۆۋەنلىتىلىپ، خېياڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. م.ب. 193 - يىلى (خەن خۇيدىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئاغرىپ ئۆلدى.

(«خەننامە»، 2 - توم، 398 - بەت).

## بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ تەرجىمىھالى

خېيياڭ بېگى لىيۇشى خەن گاۋدىنىڭ ئاكىسى بولۇپ، ئەسلىدە دەي بەگلىكىنىڭ بېگى ئىدى. ھونلار دەي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، لىيۇشى ئەل ـ زېمىنىنى تاشلاپ قاچقانلىقى ئۈچۈن، بەگلىك ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۆرىلىككە چۈشۈرۈلدى.

(«خەننامە»، 2 ـ توم، 428 ـ بەت).

# خەن گاۋدى، خەن خۇيدى، شاھ سانىيە لۈخۇ، خەن ۋېندى زامانىدىكى تۆھپىكار ۋەزىرلەرنىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 170 - يىلى (خەن ۋېندى چيەنيۈەنىنىڭ ئونىنچى يىلى) ئۇنىۋانغا ۋارىسلىق قىلغان سۇگـزى (2) بېگى شۇجيۇ 22 يىل ئۆتتۈپ. يەنى م.ب. 184 يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى تىلماچ بولۇپ ھۇن ئېلىگە چىققاندا، مەنئى قىلىنغان چەت ئەل ماللىرىنى سېتىۋالغانلىقى تۈپەيلى ئەيىبلىنىپ، ئۇنىۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەنىنامە»، 2 - توم، 588 - بەت).

م.ب.166-يىلى(خەن ۋېندى چيەنيۈەنىنىڭ 14 - يىلى)، بېيدى ۋىلايىتى كاھېبىگى سۈن ئاڭ باستۇرۇپ كىرگەن ھۇن قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ ئۆلدى. ئوغلى سۈن دەن(3) پىڭ(4) بېگى بولدى.

(«خەنىنامە»، 2 - توم، 627 - بەت).

گۇڭگاۋ (5) بېگى خەن تۇيداڭ(6) ئەسلىدە خەن بېگى خەن شىنىنىڭ ئوغلى ئىدى. ھونلارنىڭ باش ۋەزىرى سالاھىيىتى بىلەن خەن ( ) سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بەگلىك ئەملى بېرىلدى.

م.ب.124 -يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئاينىڭ 14 - كۈنى، خەن تۈيداڭنىڭ نەۋرىسى خەن ناۋ كاھبەگ لىك ئۇنۋانىدا، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ھۇن خانىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسىتىپ، لۇڭئې بېگى بولدى. 12 يىل بەگلىك قىلىپ، م.ب. 112 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) نەزىر - چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەگلىك ئۇنۋانى بىكار قىلىندى.

(«خەننامە»، 2 - توم، 628 - بەت).

خەن يىڭ (7) خەن بېگى خەن شىن بەگزادىسىنىڭ ئوغلى. ھۇنلارنىڭ باش ۋەزىرى سالاھىيتى بىلەن خەن ( ) سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، شياڭچېڭ(8) بەگلىكى بېرىلىپ، 2000 تۈتۈنلۈك زېمىن سۇيۇرغال قىلىندى.

(«خەننامە». 2 - توم، 630 - بەت).

---

(1) ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلىش م.ب. 203 - يىلى (خەن گاۋدىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) شۈجيۈنىڭ بوۋىسى شۈچى (许瘿) مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى بولغاندا، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇڭزى بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. شۈجيۇ بوۋىسىنىڭ ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلدى.

(مۇھەررىردىن).

(2) سۇڭزى (宋子) يەر نامى، ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى جۈلۇ ناھىيىسىدە.

(«خەننامە. جۇغراپىيىلىك تەزكىرە» دىن).

(3) سۈن دەن (孙单) م.ب. 166 - يىلى ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلگەن بېيدى ۋىلايىتى كاھبېگى سۈن ئاڭنىڭ ئوغلى. پىڭ دېگەن يەرگە تۆرە بولغان.

(«خەننامە»، 2 - توم، 627 - بەت).

(4) پىڭ ( 鉼 ) يەر نامى، ئورنى بۇگۇنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى جياۋنەن ۋە جۇچېڭ ناھىيىلىرىنىڭ ئەتراپىدا.
(«خەننامە، جۇغراپىيىلىك تەزكىرە» دىن).
(5) گۇڭگاۋ (弓高) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى فۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» 99 - بەت).
(6) خەن تۇيداڭ (韩隤当) خەن (韩) بېگى خەن شىنىنىڭ ئوغلى. خەن شىن ھۇن ئېلىدىكى ۋاقتىدا تۇيداڭ شەھىرىدە تۇغۇلغانىدى، ئۇ شۇ يەردە تۇغۇلغاچقا، ئىسمىنى خەن تۇيداڭ قويغانىدى. خەن ۋېندى دەۋرىدە خەن تۇيداڭ ئادەملىرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك توپىلىڭىدا كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتتى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1708 - بەت).
(7) خەن يىڭ (朝婴) خەن (韩) بېگى خەن شىنىنىڭ نەۋرىسى. خەن ۋېندى دەۋرىدە ئاتىسى خەن تۇيداڭ بىلەن بىللە خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، شياڭچېڭ بېگى بولدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1707 - بەت).
(8) شياڭچېڭ (襄城) ناھىيە. يېغىلىقلار دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ شەھىرى بولۇپ، چىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. ئورنى خېنەن ئۆلكىسى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەربىدىرەك بولۇپ، بېيرۇ دەرياسى ناھىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 361 - بەت).

## «خەننامە» 17 - جىلد

# خەن جىڭدى، خەن ۋۇدى، خەن جاۋدى، خەن شۈەندى، خەن يۈەندى، خەن چىڭدىلار زامانىسىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ تەرجىمىھالى

«نەسرنامە. شۈننىڭ تەرجىمىھالى»(1) دە: «بۇرۇن خان - بەگلەر ئەتراپىتىكى بەدىۋى قوۋملارغا كەڭ تۇردە ياخشىلىق قىلسا، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ بەيئەت قىلىدۇ» دېيىلگەن. «نەزمنامە. مۇۋەپپەقىيەتلەر. چاكۇۋ»(2) دىمۇ «جۇ (周)(3) شۈەنۋاڭ(4) ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغاچقا، شۇڧاڭلار(5) زىيارەتكە كېلىپ ھەدىيىلەر تەقدىم قىلدى» دېيىلگەن. «ئەمنىيە» (6) دە م.ب. 594 - يىلى [لۇ (魯)(7) شۈەنگۇڭ(8) نىڭ 15 - يىلى] لۇزى(9) نىڭ ئۇنىۋانى قەيت قىلىنغان، چۈنكى، ئۇنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە قىزىققانلىقى مەدھىيىلەنگەنىدى.

خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ خەن ۋېندى دەۋرىگە كەلگەندە گۇڭ گاۋ بېگى خەن تۇيداڭ، شياڭچېڭ بېگى خەن يىڭلار گەرچە ھۇن ۋەزىرلىرى سۈپىتىدە كېلىپ تەسلىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلى سۇلالىنى قۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن خەن بېگى خەن شىننىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن

خەن جىڭدى دەۋرىدىن باشلاپ ئەل بولغان ھۇنلارنى بەگلىك-كە بەلگىلەش ۋاقتىدا باش ۋەزىر جۇيافۇ خەن گاۋدى بەلگىلىگەن «خىزمەت كۆرسەتمىگەن ۋەزىرلەرگە بەگلىك بېرىلمەيدۇ» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مۇئازىرىلەشكەنىدى، خەن جىڭدى ئۇنىڭ پىكىرىنى رەت قىلىپ، تەسلىم بولغانلار-نى مۇكاپاتلاش تىزىمىنى تۈزۈشكە باشلىدى. كېيىن ۋۇ، چۇ قالاتارلىق يەتتە شاھزادىنىڭ ئىسيانى(10) نى باستۇرۇش ئۇرۇشى بولدى. خەن ۋۇدى يەنە ھۇنلار، جەنۇبىي يۆلەرگە قارشى جازا يۈرۈشى قوزغىدى، پالۋان - سەركەردىلەردىن خىزمەت كۆرسەت-كەنلەر ئۇنىۋان ئالدى، بۇ خەن گاۋدىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن-لەرگە ئۇنىۋان بېرىلىدۇ دېگەن پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىدى. كېيىنكى زامانلاردا گەرچە يۇرتتا ئەمىنلىك بولغان بولسىمۇ، خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرلەرمۇ كۆپ بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى يىغىپ رەتلەپ، سۇلالىنى قۇرۇشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن زاتلارنىڭ ئارقى-سىغا تىركەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

(«خەننامە»، 3 - توم، 635 - بەت).

م. ب 124 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا گۈگسۈن خې سانغۇنلۇق سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇن خانىنى ئەسىر ئالغاچقا، نەنپاۋ(11) بېگىلىكى بېرىلگەنىدى. 12 يىل بەگ بولۇپ م. ب. 112 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) نەزىر - چىراق ئۈچۈن ساپ ئالتۇن بەرمىگەچكە، بەگلىك ئۇنىۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 637 - بەت).

م. ب. 147 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 11 - ئايدا، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان خۇن خانى يۈگۈن ئەنلىك(12) بېگى قىلىنىپ، 1510 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. 13 يىل بەگ بولۇپ، م. ب. 135 - يىلى (خەن ۋۇدى جيەنيۈەن(13) نىڭ ئالتىنچى يىلى) ئاغرىپ ئۆلدى، ئەۋلادسىز ئىدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 639 - بەت).

م. ب. 147 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان خۇن خانى سى(14) يۈەن(15) بېگى بولدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 639 - بەت).

م. ب. 147 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 - ئايدا، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان خۇن خانى رۇجان چيۇ(16) بېگى بولدى، 1570 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ئوغلى زى م. ب. 88 - يىلى (خەن ۋۇدى خۇيۈەننىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى. كېيىن داخانلىق قىلىپ، خاننى قارغىغانلىقى ئۈچۈن بېلى ئۈشتالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 639 - بەت).

م. ب. 147 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 - ئايدا، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان خۇن خانى سۇلۇ رۇڭچېك(17) بېگى قىلىنىپ، 700 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. يەتتە يىل بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م. ب. 139 - يىلى (خەن ۋۇدى جيەنيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ئوغلى جان ۋارىسلىق قىلىپ 14 يىلدىن

كېيىن ئاغرىپ ئۆلدى. م.ب. 126 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنـ شۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئوغلى قۇان ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، 40 يىلدىن كېيىن، م.ب. 87 - يىلى (خەن ۋۇدى خۇيۈەن ئىككىنچى يىلى) خەن ۋۇدىنى قارغىغانلىقى ئۈچۈن بېلى ئۈشتالدى.

(«خەننامە»، 3-توم، 640 - بەت).

م.ب. 147 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭپيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 - ئايدا، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھۇن خانى پۇتان يى(18) بېگى قىلىنىپ، 1110 تۈتۈن يەر سۇ- يۇرغال بېرىلدى. ئالتە يىل بەگلىك قىلىپ، م.ب. 141 - يىلى (خەن جىڭدى خۇيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلاد- سىز قالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 640 - بەت).

م.ب 147 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭپيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 - ئايدا، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھۇن خانى پانتاي فەنياڭ(19) بېگى قىلىنىپ، 6200 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلگەنىدى. 14 يىل بەگلىك قىلىپ ئاغرىپ ئۆلدى.

م.ب. 133 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئوغلى دې ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە تۆت يىلدىن كېيىن ئۆلدى، ئەۋلادسىز قالدى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 640 - بەت).

م.ب. 147 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭپيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) 12 - ئايدا، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھۇن

خانى قانتان شى(20) بېگى بولدى. ئالتە يىل بەگلىك قىلىپ م. ب. 131 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) پايتەختكە كەلگىنىدە چاڭشىن ئوردىسى(21) غا بېرىپ شاھ سانىيەدىن ھال سورىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 640 - بەت).

م. ب. 145 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەننىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا ھۇنلارنىڭ شەرقىي ھۇنلار خانى سۇپىتىدە خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان سابىق يەن بېگى لۇۋەننىڭ ئوغلى لۇتاجى(22) ياگۇ(23) بېگى قىلىنىپ، 1000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. ئىككى يىل بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م. ب 143 - يىلى (خەن جىڭدى خۇييۈەننىڭ بىرىنچى يىلى) ئوغلى لۇجۇڭ ئاتىسىنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە يەتتە يىلدىن كېيىن ئاغرىپ ئۆلدى. م. ب. 136 - يىلى (خەن ۋۇدى جيەنيۈەننىڭ بەشىنچى يىلى) ئوغلى لۇلۇ ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە يەتتە يىلدىن كېيىن ئاغرىپ ئۆلدى. م. ب. 129 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ئوغلى لۇخې ۋارىسلىق قىلدى ۋە 39 يىلدىن كېيىن، يەنى م. ب. 91 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى) ۋەلىئەھد ليۇجۇ(24) نىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىش توغرىسىدىكى يارلىق تەمتىسكىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇمانلىق بولۇپ قېلىپ، قىيىن - قىستاقتا ئۆلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 641 - بەت).

م. ب. 131 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئونىنچى ئايدا، ھۇنلارنىڭ باش ۋەزىرى سۈپىتىدە خەن سۇلا-

لىسىگە تەسلىم بولغان جاۋسۇن شى بېگى بولدى.

م.ب. 127 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) هۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن 1680 تۈتۈن سۇيۇرغال يەر قوشۇپ بېرىلدى. ئالتە يىل بەگلىك قىلىپ، م. ب. 123 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئوق قانات سانغۇن بولدى. هۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان جاۋسۇن هۇنلارغا تەسلىم بولدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 642 - بەت).

م.ب. 128 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بىرىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايدا، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان هۇن كاهبېگى لى (乐) تېيۈەن(25) بېگى قىلىنىپ، 650 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلگەنىدى. 13 يىل بەگلىك قىلىپ، م. ب. 116 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلادسىز قالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 642 - بەت).

م.ب. 127 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئونىنچى ئايدا مېڭ(猛)هۇنلارنىڭ ۋەزىرى سۇپىتىدە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ياۋچى چىنياڭ(26) بېگى قىلىنىپ، 680 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلگەنىدى. بەش يىل بەگلىك قىلغاندىن كېيىن ئىسيان پىلانلاپ، هۇنلارغا قاچماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن بېلى ئۈشتالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 642 - بەت).

م.ب. 127 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) 10 - ئايدا، مېڭ (猛) هۇنلارنىڭ ۋەزىرى سۇپىتىدە

خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، روياڭ[27]
بېگى قىلىنىپ، 530 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. بەش
يىل بەگلىك قىلغاندىن كېيىن، ئىسيان پىلانلاپ هونلارغا
قاچماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن بېلى ئۈشتالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 643 - بەت).

م.ب. 127 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى
يىلى) ئۈچىنچى ئايدا كاهبەگ سۈجيەن هارۋا - ئاتلىقلار
سانغۇنى ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە هونلارغا قارشى ئۇرۇش
قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پىڭلىڭ بېگى بولدى.
م.ب. 124 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى)
گېزەكچى قوشۇنلار سانغۇنى سۈپىتىدە، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي
چىڭ بىلەن بىرلىكتە هونلارغا قارشى يەنە ئۇرۇش قىلىپ
خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن جەمئىي 1000 تۈتۈن سۇيۇر-
غال يەر قوشۇپ بېرىلدى. م.ب. 123 - يىلى (خەن ۋۇدى
يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) تۇرشاۋۇل سانغۇن بولۇپ، شى
بېگى جاۋسىن بىلەن بىللە هونلارغا قارشى ئۇرۇشقان سۈ-
جيەن يېڭىلىپ، چوڭ قارارگاهقا يالغۇز ئۆزى قېچىپ كەل-
گەچكە، ھەربىي قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بول-
سىمۇ، ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن تۆلەپ قۇتۇلدى. لېكىن ئۇن-
ۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 643 - بەت).

م.ب. 127 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى)
بەشىنچى ئايدا، جاڭ سىگۇڭ[28] كاهبەگلىك سالاهىيىتى
بىلەن هارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە
هونلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈ-

چۈن، ئەنتۇ(29) بېگى بولدى. يەنە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىللە يۇرۇشكە چىققانلىقى ئۈچۈن، جەمئىي 2000 تۈتۈن سۈيۈرغال يەر قوشۇپ بېرىلدى. بەش يىل بەگلىك قىلىپ، م. ب. 122 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى) خۇەينەن(30) بېگى ليۇئەن(31) نىڭ قىزى ليۇ لىڭ بىلەن شەھۋانىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭدىن پۇل - مال ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 643 - بەت).

م. ب. 126-يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ۋەلىئەھدى سۈپىتى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان يۈتان(32) شېئەن(33) بېگى بولغانىدى. بەشىنچى ئايدا ئاغرىپ ئۆلدى، ئەۋلادسىز قالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 644 - بەت).

م.ب. 125-يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، ھۇن خانى سۈپىتىدە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان جۇئانج چاڭۋۇ(34) بېگى بولدى ۋە چاڭۋۇ بېگى سۈپىتىدە قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخانىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۈيۈرغال قوشۇپ بېرىلدى. 21 يىل بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م. ب. 104 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ئوغلى

جوچۇنقۇ ۋارىسلىق قىلادى ۋە تۆت يىلدىن كېيىن ئۆلدى، ئەۋلادسىز قالدى.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 644 ـ بەت).

م. ب. 125 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، ھۇنلارنىڭ باش ۋەزىرى سالاھىيىتى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان جىرۇن شياڭچېڭ بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. 400 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. 23 يىل بەگلىك قىلىپ، جوۋپى(35) بېگى جاۋ پونۇ بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۇرۇشتا ئۆلدى. م. ب. 102 ـ يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئوغلى بىسگجى(5) ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، 15 يىل بەگ بولدى. م. ب. 87 ـ يىلى (خەن ۋۇدى خۇيۈەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن ۋۇدىنى قارغىغانلىقى ئۈچۈن قاماققا ئېلىنىپ زىنداندا ئۆلدى.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 644 ـ بەت).

لى سەي سانفۇنلۇق سالاھىيىتى بىلەن ئىككى قېتىم ھۇنلارغا قارشى جەڭگە چىقىپ، خون خانىنى تۇتۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 125 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا ئەنلې(36) بېگى قىلىنىپ 2000 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. ئالتە يىل بەگلىك قىلدى. م. ب. 118 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) باش ۋەزىرلىك مەنسىپىدىن پايدىلىنىپ، خانلىق قەبرىستانىنىڭ يول ياقىسىدىكى بوش يەرلەرنى ئوغرىلىقچە سېتىپ، گۇناھكار بولغانلىقىتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 644 ـ بەت).

م. ب. 124 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا گۇڭسۇن ئاۋ مۇھاپىزەتچى كاھبەگ[37] سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم ھۇنلارغا قارشى جەڭگە چىقىپ، ئوڭ قول بىلىكخان قارارگاھىغىچە بېرىپ ھۇن خانىنى تۇتۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەمراھبەگ بولدى. م. ب. 123 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) يەنە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن يۈرۈشكە چىققانلىقى ئۈچۈن جەمئىي 9500 تۈتۈن سۇيۇرغال يەر قوشۇپ بېرىلدى. م. ب. 121 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھونلارغا قارشى يۈرۈشتە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قىران چەۋەنداز سانغۇن خو چۈبىڭگە قوشۇلالمىغانلىقى، دۈشمەندىن قورقۇپ ئىلگىرىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان بولسىمۇ، ئالتۇن، تاۋار – دۇردۇن بېرىپ قۇتۇلدى، لېكىن ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 645 – بەت).

م. ب. 124 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا لى شو چېرىكچى سالاھىيىتىدە ئۈچ قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىپ، ئوڭ قول بىلىكخان قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلىپ بارغان. تەگرىقۇتنىڭ ئەلچىسىنى تۇتقۇن قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جى (轵)[38] بېگى بولغانىدى. ئالتە يىل بەگلىك قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 645 – بەت).

م. ب. 124 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، گۇڭسۇن رۇڭنۇ چېرىكچى سالاھىيىتىدە

ئۈچ قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، ئۇڭ قول بىلىكخاننىڭ قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدا ئالدىنقى قىسىم بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن شىشەن(39) تېغىغا چىقىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۈگىپىڭ(40) بېگى بولدى. 1100 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ئۈچ يىل بەگلىك قىلىپ م. ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) شاڭداڭ(41) ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولدى. ھۇنلارغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى ئوردىغا مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 645 — 646 - بەتلەر).

م. ب. 124-يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، جاۋبۇيۇ(42) چېرىكچى سالاھىيىتىدە ئۈچ قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى، چېڭۋۇغا ھۇجۇم قىلغاندا ھەممىدىن ئاۋۋال دەريا قىرغىقىدىكى تىلىك تاشقا چىقىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سۈيچېڭ (43) بېگى بولدى. 700 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ئۈچ يىل بەگ بولۇپ، م. ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) دىڭشياڭ ۋىلايىتىنىڭ كاھبېگى ۋاقتىدا ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلغانمەن دەپ يۈرگەن، بۇنى ۋالىي ئوردىغا مەلۇم قىلغاندا، تەكشۈرۈلۈپ يالغان چىققان، شۇڭا پەغپۇرنى ئالدىغان گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنىڭنى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 646 - بەت).

جاڭ چيەن چېرىكچى سالاھىيىتىدە بىرقانچە قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن ھۇنلارغا ھوجۇم قىلغان، ئۇ ھۇن زېمىنىنىڭ

يەر شەكلى، يوللىرى ۋە ئوت - سۈيى بار جايلارنى بىلگەنـ
لىكى ھەمدە ئىلگىرى باكترىيە(44) قاتارلىق ئەللەرگە
ئەلچى بولۇپ بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م.ب.123 -
يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئۈچىنچى ئايدا،
بىلگىبەگ ئۇنۋانى بېرىلگەنىدى. م. ب. 121 - يىلى
(خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) سانغۇنلۇق سالاھىـ
يىتى بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغاندا قورقۇنچاقلىق قىلىپ،
ئىلگىرىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم
بولغان بولسىمۇ، ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن بېرىپ قۇتۇلدى،
لېكىن ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 646 - بەت).

خاۋشيەن شاڭگۇ ۋالىيسى سالاھىيىتىدە تۆت قېتىم ئۇلۇغ
سانغۇن بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، مىڭدىن ئوشۇق
دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. م. ب. 123 - يىلى
(خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) جۇڭلى(45) بېگى
قىلىنىپ، 1100 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. م. ب.
121 - يىلى) خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) شاڭگۇ
ۋالىيسى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىـ
نىڭ پۇلىنى يەپ كەتكەنلىكى، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان
مالىيە ھېساباتىدا ئالدامچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنۋانى
ئېلىپ تاشلاندى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 647 - بەت).

ھۇنلاردىن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان جاۋ ئېلىـ
نىڭ خانى ۋان يانىز م. ب. 122 - يىلى (خەن ۋۇدى
يۈەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى) يەتتىنچى ئايدا لياۋ داۋ(46) بېگىـ
لىككە تەيىنلىنىپ 560 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. م.ب.

121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئاغرىپ ئۆلدى، ئەۋلادسىز قالدى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 647 - بەت).

**جاۋپونۇ** ئەمرلەشكەر(47) سۇپىتىدە، ئىككى قېتىم قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ئىككى خان تېكىنىنى ۋە چەۋەندازلار سانغۇنىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا، يانداش چاپاۋۇل بەگ(48) بولدى. 2000 ئۆيلۈك يەر سۈيۈرغال قىلىندى. توققۇز يىل بەگلىك قىلىپ، م. ب. 112 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) نەزىر - چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇنىنى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى. م. ب. 108 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ھۇن دەرياسى سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ، كىروران خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىغاندا، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جويې بېگى بولدى، بەش يىل بەگلىك قىلغاندىن كېيىن، م. ب. 103 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) جۇنجى سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ، قوشۇنى پۈتۈنلەي تارمار بولدى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 647 — 648 - بەتلەر).

**گاۋبۇش** (49) چېرىكچى سالاھىيىتىدە قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ بىلەن ئىككى قېتىم ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا ماسچى تۆرە(50) بولدى. 1100 تۈتۈن يەر سۈيۈرغال قىلىندى.

ئۇ ئەسلىدە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان خون ئىدى. تۆت يىل تۆردىلىك قىلغاندىن كېيىن خۇنلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۆلتۈرگەن دۈشمەن سانىنى كۆپ مەلۇم قىلىپ قويغان، تەكشۈرۈلۈپ خاتا چىققان، شۇڭا يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بولسىمۇ، ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن بېرىپ قۇتۇلدى. لېكىن ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 648 - بەت).

**پۈپەن** (51) چېرىكچى سالاھىيىتىدە ئىككى قېتىم قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ بىلەن خونلارغا ھۇجۇم قىلدى. خۇن خانىنى تۇتقۇن قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن م.ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا خۇيچىۋ (52) سادا قەتىمەن تۆرە، دېگەن نام بېرىلدى. يەنە قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ بىلەن بەش نەپەر خۇن خانىنى تۇتۇپ، يېڭى خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇيۇرغال يەر قوشۇپ بېرىلدى. ئۇ ئەسلىدە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان خۇن ئىدى. سەككىز يىل بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م.ب. 113 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئوغلى لېدان ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىپ 22 يىل بەگلىك قىلدى، م.ب. 90 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بېقىندى ۋۇيۈەن بەگلىكىنىڭ كاھېكى سالاھىيىتىدە سۇترىشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى بىلەن خۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، پۈتۈن قوشۇنى تارمار بولدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 648 — 649 - بەتلەر).

**خۇن خانى** سالاھىيىتى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان قۇدۇن م.ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ

ئىككىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، شىيامۇ(53) بېگى بولدى. 700 تۇتۇن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. توقۇز يىل بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م.ب. 112 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) ئۇنىڭ ئۇنىۋانىغا ئوغلى ئىجشان ۋارىسلىق قىلىپ ياڭ بېگى بولدى. ئىجشان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇنىۋانىغا ئوغلى قۇۋانچ ۋارىسلىق قىلدى. م.ب. 59 – يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ ئۈچىنچى يىلى) خەن شۈەندى ئۇنى يىجۇ تېغى(54) غا ماكانلىشىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئائىلىسىنى ئېشى(55) غا ماكانلاشتۇرۇپ، پەرمانىغا قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 649 – بەت).

قۇنشار ھۇن قۇنشار خانى سالاھىيىتىدە 100000 ئادىمى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. م.ب. 120 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا لويىن(56) بېگى بولدى. 10 مىڭ تۇتۇن يەر سۇيۇرغال قىلىندى، تۆت ئايدىن كېيىن ئاغرىپ ئۆلدى. م.ب. 116 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇنىۋانىغا ئوغلى ساۋ ۋارىسلىق قىلىپ ۋېي(57) بېگى بولدى. ئون يىل بەگلىك قىلىپ، م.ب. 106 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ بەشىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلاد قالمىدى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 649 – بەت).

م.ب. 121 – يىلى(خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا، يەگبېي (يەگبەك) ھۇن خانى سۈپىتىدە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن خۇيچۇ ئېھتىيات بېگى بولدى. بەش يىل بەگلىك قىلىپ، م.ب. 114 – يىلى

(خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلاد قالمىدى.
(«خەننامە»، 3 — توم، 649 — بەت).

ئۇرى ئۆك قول بىلىكخان(58) سالاھىيىتىدە قۇنشارخان بىلەن بىللە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، م.ب. 120 — يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا خىيچى(59) بېگى قىلىندى. 600 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. ئالتە يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م.ب. 114 — يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۇنىڭغا ئوغلى يۇرىت ۋارىسلىق قىلدى ۋە 42 يىل بەگ بولۇپ، م.ب. 72 — يىلى (خەن شۈەندى بېنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۆلدى. ئەۋلاد قالمىدى.

(«خەننامە»، 3 — توم، 650 — بەت).

چۆنە ھۇن تۇتۇنبېگى(60) سالاھىيىتىدە قۇنشار بىلەن بىللە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، م.ب. 120 — يىلى خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا چاكلىپ بېگى بولدى. 570 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. 18 يىل بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م.ب. 102 — يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۇنىڭغا ئوغلى قۋانقان ۋارىسلىق قىلىپ، ئالتە يىل بەگ بولدى. م.ب. 96 — يىلى (خەن ۋۇدى تەيشىنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۆلدى. ئەۋلاد قالمىدى.
(«خەننامە»، 3 — توم، 650 — بەت).

لۇبودى يۇبېيىڭ ۋالىيسى سالاھىيىتىدە قىران چەۋەنداز سانىغۇن خوچۇبىنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇن سول قول بىلىكخانىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ تەمىنات ھارۋىلىرىنى قولغا چۈشۈردى. خوچۇبىنىڭ بىلەن دەل ۋاقتىدا قوشۇلۇپ

12700 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتـ
كەنلىكى ئۈچۈن، م.ب. 119 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ
تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، پىلى بېگى بولدى. 1600
ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. 15 يىل بەگ بولۇپ، م.ب.
104 – يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ بىرىنچى يىلى)، ئوغلىنىڭ
ئىسيان قىلىش سۈيقەستىنى بىلىپ تۇرۇپ پاش قىلمىغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 650 – بەت).

ۋېي شەن بېيدى كاھىبېگى سالاھىيىتىدە قىران چەۋەنـ
داز سانغۇن خوچۇبىڭ بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇن
خانىنى تۇتقۇن قىلغانلىقى ئۈچۈن م.ب. 119 – يىلى (خەن
ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، يىياڭ بېگى
بولدى. 1100 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. 26 يىل بەگ
بولدى. م.ب. 93 – يىلى (خەن ۋۇدى تەيشىنىڭ تۆتىنچى يىلى)
باشقىلارنى كۈشكۈرتۈپ، جۇڭلى بېگى دانىسى(61) غا
بوھتان چاپلاپ ئۇنى كەچۈرگۈسىز جىنايەت قىلدى دەپ
بوھتان چاپلىدى. بۇ دېلو تېخى بىر تەرەپ قىلىنىپ
بولماستىنلا ئۆزى ئاغرىپ ئۆلدى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 651 – بەت).

پۇرۇز ھۇن يەنسۇ قانى سالاھىيىتىدە خەن سۇلالىسىگە
تەسلىم بولۇپ، قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ بىلەن
بىرلىكتە ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخانىغا ھۇجۇم قىلدى.
بۇ ئازغىنا قوشۇن بىلەن كۆپ قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ،
3100 ئادەمنى ئەسىر ئالغانلىقى ئۈچۈن م.ب. 119 – يىلى
(خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا
دۇ بېگى بولدى. 1300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

بەش يىل بەگلىك قىلىپ ئاغرىپ ئۆلدى. م.ب. 114 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۇنىڭ ئىنىغا ئوغلى يان ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى تۇغ، تۇغ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى شانپىم، شانپىم ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى پۇ ۋارىسلىق قىلدى. م.ب. 25 - يىلى (خەن چېڭدى خېيپىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) كىشىلەر پۇنى شانپىمنىڭ ئوغلى ئەمەس دەپ دەۋا قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئىنى ئېلىپ تاشلاندى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 651 - بەت).

ئىچشان هۇن رۇجان(62) خانى سالاھىيىتىدە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ بىلەن بىللە هۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخانى بىلەن يەكمۇ يەك قىلىچلىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، جۇڭلى بېگى(63) بولدى، 1100 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. 14 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م.ب. 105 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئۇنىڭ ئىنىغا ئوغلى دانسى ۋارىسلىق قىلدى. دانسى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى پۇزۇن ۋارىسلىق قىلدى. م.ب. 82 - يىلى (خەن جاۋدى شىيۈەننىڭ بەشىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلادى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغال جۇشيەن(64) ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 652 - بەت).

شانتۇر هۇن بۆرى(65) خانى سالاھىيىتى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا شىيا ئچېك(66) بېگى بولدى. 1800 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

يەتتـە يىل بـەگ بولۇپ، م.ب. 112 - يىـلى (خـەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) نەزىر - چىراق ئۇچۇن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەچكە ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 652 - بەت).

تۇنساۋ هۇن كاھىبىگى سالاھىيتى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، سەن(67) بېگى بولدى. 1100 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. 17 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م.ب. 102 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۇنۋانىغا ئوغلى ئانتىقان ۋارىسلىق قىلدى. ئانتىقان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى شان ۋارىسلىق قىلدى. م.ب. 90 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) خەن ۋۇدىنى قارغىغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلاندى ۋە شۇ يەردە ئۆلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 652 - بەت).

دايان هۇن خانى سالاھىيتىدە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا ساگما(68) بېگى بولدى، 870 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. بەش يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. ئەۋلاد قالمىدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 652 - بەت).

سىگۇن هۇنلاردىن ھەقىقەتكە قايتقان خان سالاھىيتىدە خەنگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن م.ب. 113 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، لياۋ(69) بېگى بولدى، 790 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. بەش يىل بەگلىك قىلىپ، نەزىر - چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان

ئالتۇننى ساپ بەرمىگەچكە، ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.
(«خەننامە»، 3 – توم، 653 – بەت).

چۇپۇر ۋاسسال ئاتامانى مەنسىپى بىلەن
ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن م.ب.
112 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) بەشىنچى
ئايدا قۇن(70) بېگى بولدى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنۋانىغا
ئوغلى نەشى ۋارىسلىق قىلىپ، م.ب. 66 – يىلى (خەن
شۈەندى دىجيې(71) نىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۆلدى. ئەۋلاد قالمىدى.
(«خەننامە»، 3 – توم، 654 – بەت).

جۇجى ۋاسسال چەۋەندازلار سانغۇنى سۈپىتى
بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تەگرىقۇتنىڭ ئاكىسى(72)
نى تۇتۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م.ب. 112 –
يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا
چى(73) بېگى بولدى، 520 تۇتۇن يەر سۇيۇرغال قىلىندى.
ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنۋانىغا ئوغلى دۇ، دۇ ئۆلگەندىن
كېيىن ئوغلى چۇڭ ۋارىسلىق قىلىپ، لى بېگى بولدى. م.ب.
23 – يىلى (خەن چېڭدى ياڭشو(74) نىڭ ئىككىنچى يىلى) چۇڭ
ئۆلدى، ئەۋلادسىز ئىدى.

م.ب. 12 – يىلى (خەن چېڭدى يۈەنيەن(75) نىڭ بىرىنچى
يىلى) ئالتىنچى ئايدا ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ئىنىسى شى ۋارىسلىق
قىلدى. 550 تۇتۇن يەر سۇيۇرغال قىلىندى.
(«خەننامە»، 3 – توم، 654 – بەت).

رېنپۇخ بېقىندى بەگلىك كاھبېگى سۈپىتىدە سوقماق
يوللار ئارقىلىق ھۇن سانغۇنى زىچىمان قاتارلىقلارغا ھۇجۇم

قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن م.ب. 112 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا لياڭـ چى (76) بېگى بولدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىۋانىغا ئوغلى تانجان ۋارىسلىق قىلدى. م.ب. 93 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيشىنىڭ تۆتىنچى يىلى) تانجان بىر ئاتنى 50 مىڭ يارماققا ساتقانىدى. ئۇنىڭ باھاسى ئادەتتىكى باھادىن كۆپ ئارتۇق بولغاچقا، «500 يارماقتىن ئارتۇق پۇل خىيانەت قىلىنسا جازاغا تارتىلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىپ ئۇنىۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 654 — 655 - بەتلەر).

جىقۇ تۇخرىيلار(77) نىڭ يۈجۈ خانى سۈپىتىدە قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، م.ب. 107 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) 11 - ئايدا تىزى(78) بېگى بولدى. 1900 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. م.ب. 104 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلاد قالمىدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 660 - بەت).

ۋالڭ خۇي ئىلگىرى ئەمىر نۆكەر(79) سۈپىتىدە قوشۇن تارتىپ قوس خانىنى تۇتۇپ كېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م.ب. 107 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا، سەلتەنەت بېگى(80) بولدى. بىر ئايدىن كېيىن جيۇچۇەنگە بارغاندا، ئوردا نامىدىن ساختا پەرمان چىقىرىپ ئىشىنى كېچىكتۈرۈپ قويغانلىق گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بولسىمۇ، ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن تۆلەپ قۇتۇلدى. لېكىن ئۇنىۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 660 - بەت).

**گەنچ** توخرىيلارنىڭ خانى سۇپىتىدە 1000 چەۋەنداز بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، م.ب. 107 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا جىجى[81] بېگى بولدى. 760 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ئىككى يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م.ب. 105 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئوغلى شەن ۋارىسلىق قىلدى، بەش يىل بەگ بولۇپ، م.ب. 99 - يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلاد قالمىدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 660 - بەت).

**لى گۇاڭلى** سۇترىشنا سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ پەرغانە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە خانىنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م.ب. 101 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا خەيشى[82] بېگى بولۇپ، 8000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. 11 يىل بەگ بولدى. م.ب. 90 - يىلى [خەن ۋۇدى جېڭخې (يەنخې)[83] نىڭ ئۈچىنچى يىلى] ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ھۇنلارغا تەسلىم بولدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 661 - بەت).

**جاۋدى** ئەسلى سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى قارمىقىدىكى بىر چەۋەنداز ئىدى. ئۇ غەربىي يۇرتتىكى ئۇزكەنت[84] خانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م.ب. 101 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا شىنجى بېگى بولۇپ، يەتتە يىل ھۆكۈم سۈردى. م. ب. 94 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) مۇراسىمبەگ بولۇپ، سوراق ئۈستىدە خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ

قويغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھقا تارتىلدى. بىر مىليون يارماق تۆلەپ ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يان چېپىنى چۈشۈرۈپ چوققا چېچىنى قالدۇرۇش جازاسى بېرىلىپ دەرۋازىۋەن قىلىپ قويۇلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 661 — 662 - بەتلەر).

شۇشياگۇ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىققان ۋاقتىدا، چەت ئەل خانزادىلىرىنى قوزغاپ، پۇرۇخاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، 2500 ئادەم ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 94 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيشىننىڭ ئۈچىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا چېڭفۇ(85) بېگى بولدى. 1150 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى، بەش يىل بەگلىك قىلدى. م. ب. 89 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ تۆتىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا ھەربىي ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، بەدەۋىيلەر ئېلىگە قېچىشقا ئۇرۇنغانلىقى ھەمدە خەن ۋۇدىنى قارغىغانلىق گۇناھى ئۈچۈن بېلى ئۈشتالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 662 - بەت).

چەنمەن ھۇن جېخې خانى سالاھىيىتىدە قوشۇن باشلاپ قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن كەيلىڭ(85) بېگى بولدى (يىلى مەلۇم ئەمەس). ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىۋانىغا ئوغلى شۇن، شۇن ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى باۋ ۋارىسلىق قىلىپ، جى بېگى بولدى، ئۇ ئەۋلادسىز ئىدى. م. ب. 12 - يىلى (خەن چېڭدى يۈەنيەننىڭ بىرىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا ئۇنىۋانىغا باۋنىڭ ئىنىسى جى ۋارىسلىق قىلىپ، لى(87) بېگى بولدى. ئۇنىڭغا 1020 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. جى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى سەن ۋارىس-

لىق قىلدى. ۋاڭ ماڭ(88) يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇۋان ئۈزۈلۈپ قالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 662 — 663 - بەتلەر).

جىن ھىتى مىراقۇل (89) بولۇپ، شىغاۋۇل (90) ماڭخېلو(91) نىڭ ئاسىيلىق جىنايىتىنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 85 - يىلى (خەن جاۋدى شىيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) دۇ(92) بېگى بولدى. 2218 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. سۇيۇرغال قوبۇل قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئۆلدى. شۇ يىلى ئۇنىۋانىغا ئوغلى جىن شان ۋارىسلىق قىلدى ۋە 42 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى، ئەۋلادسىز قالدى.

م. ب. تۆتىنچى يىلى (خەن پىڭدى(93)يۈەنشى (94) نىڭ تۆتىنچى يىلى) ئەۋرىسى جىن چان ۋارىسلىق قىلدى، 1000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. كېيىن ۋاڭ ماڭ يوقىلىپ ئۇنىۋان ۋە تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 666 - بەت).

گوجۇڭ(95) جاڭيې بېقىندى بەگلىكىدە كاھبەگ بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ئىلىخان(96) خانىنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 78 - يىلى (خەن جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا. چېڭمەن(97) قۇدرەت بېگى بولدى. 724 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. يەتتە يىل بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م. ب. 71 - يىلى (خەن شۈەندى بېنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۇنىۋانىغا ئوغلى گوچيەن ۋارىسلىق قىلىپ ئەي بېگى بولدى. تۆت يىل

بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م. ب. 63 - يىلى (خەن شۈەندى
يۈەنكاڭ (98) نىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۇنۋانىغا ئوغلى گوشاڭ
ۋارىسلىق قىلىپ كېيىن بەگى بولدى. 41 يىل بەگ بولۇپ
ئۆلدى. م. ب. 22 - يىلى (خەن چېڭدى ياڭشۇنىڭ ئۈچىنچى يى-
لى) ئۇنۋانىغا ئوغلى گوچاڭ ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭدىن ئەۋ-
لاد قالمىدى. م. ب. «ئالتىنچى يىلى (رۇزدىيىڭ (99)، جۇشى (100)
نىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇنۋانىغا گوجۇڭنىڭ پەي نەۋرىسى
گومىي ۋارىسلىق قىلدى. ۋاڭ ماڭ يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇن-
ۋانى ئۈزۈلۈپ قالدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 668 - بەت).

فەن مىڭيۈ دەسلەپ چېرىكچى سالاھىيىتى بىلەن ئىس-
يان كۆتۈرگەن دىلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى، كېيىن سانغۇن
بولۇپ ئۇغانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇغان خانىنى تۇت-
قۇن قىلدى. 6200 ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. م. ب.
77 - يىلى (خەن جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى)
يەتتىنچى ئايدا پىڭلىڭ بېگى بولدى. ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ
بىلەن بىرلىكتە خەن شۈەندىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇشتا (101)
خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سۈيۈرغال يەر كۆپەيتىلىپ،
جەمئىي 2920 تۈتۈن يەر بېرىلدى. 11 يىل بەگلىك قىلىپ
م. ب. 66 - يىلى(خەن شۈەندى دىجيېنىڭ تۆتىنچى يىلى)
ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 668 — 669 - بەتلەر)

پىڭلى ئوردا مىراقۇلى فۇجيېزى كىروران خانىنى ئۆل-
تۈرۈش ئۈچۈن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلدى. ئۇ خانىنىڭ كاللىسى-
نى ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 77 - يى-

لى (خەن جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا يې-
ياڭ بېگى بولدى. 739 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. 13
يىل بەگلىك قىلىپ، م. ب. 6 - يىلى (خەن شۇەندى يۈەنكاڭنىڭ
بىرىنچى يىلى) ئۆلدى. ئوغلىنىڭ جىنايىتى بولغاچقا،
ۋارىسلىق قىلالىمىدى. م. تۆتىنچى يىلى فۇچياڭ
ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى. م. 23 - يىلى (كېڭشى (102) نىڭ
(خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ تۆتىنچى يىلى) فۇجيېزىنىڭ ئەۋرىسى
بىرىنچى يىلى) توپىلاڭچى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 669 - بەت).

چاڭ خۇي چېرىكچى ۋە كېڭەش بەگلىك سالاھىيىتى
بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ يارلىق تەمتىكىنى ئېلىپ، ئاسىيۇلار
قوشۇنىنى باشلاپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ مەشھۇر
خانىنى تۇتۇپ، 39 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئال-
دى. شۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئۇ م. ب. 70 - يىلى (خەن شۇەن-
دى بېنشىنىڭ تۆتىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا چاڭلو (103) جە-
سۇر بېگى بولۇپ، 2850 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. 24
يىل بەگلىك قىلىپ ئۆلدى. م. ب. 47 - يىلى (خەن يۈەن-
دى چۇيۈەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۇنۋانىغا ئوغلى چاڭ چېڭ ۋارىس-
لىق قىلىپ، يەن بېگى بولدى. 16 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى.
م. ب. 30 - يىلى (خەن چېڭدى جيەنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى)
ئۇنۋانىغا ئوغلى چاڭ خەن ۋارىسلىق قىلىپ، ئەي بېگى بول-
دى. بەش يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م. ب. 25 - يىلى (خەن
چېڭدى خېپىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۇنۋانىغا ئوغلى چاڭ شى ۋارىس-
لىق قىلىپ 49 يىل بەگ بولدى. م. 28 - يىلى (شەرقىي
خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى جيەنۋۇ (104) نىڭ
تۆتىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلاد قالمىدى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 669 - بەت)

جېڭ جى چېرىكچى ۋە كېڭەش بەگلىك سالاھىيىتىدە قوشۇنى

بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان باتىسقاننى قارشى ئالدى ۋە قوشۇن تارتىپ قوس خانلىقىنى ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن م.ب. 59 ـ يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆ ئۈچىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ (105) بولدى. قانۇنسىزلىق قىلىپ قويغانلىقى تۈپەيلى 300 تۈتۈنلۈك سۇيۇرغال يېرى قىسقارتىلىپ، 790 تۈتۈن يەر سۇيۇرغاللىق قىلىپ بېكىتىلدى. 11 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م.ب. 48 ـ يىلى (خەن يۈەندى چۇيۈەننىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان ئوغلى جېك گۋاڭ سەككىز يىل بەگ بولۇپ، م. ب. 41 يىلى (خەن يۈەندى يۇڭگۇاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلادسىز ئىدى. م. ب. ئالتىنچى يىلى (رۇزىيىڭ جۇشىنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇنىڭغا ئەۋرىسى جىڭيۇڭ ۋارىسلىق قىلىپ 1000 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال ئالدى. ۋاڭماڭ يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ـ مائاشلىرى ئۈزۈلدى.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 672 ـ بەت).

چىچەنشان ھۇن تەگرىقۇتى ئۇيانجۇتىنىڭ نەۋرە ئاكىسى بولۇپ. باتىسقان سالاھىيىتىدە قوشۇنلىرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، م. ب. 59 ـ يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆ ئۈچىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، گۇيدې (106) ئەمىنىيە بېگىلىكىگە تەيىنلىنىپ 2250 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. 26 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م. ب. 33 ـ يىلى (خەن يۈەندى جىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇنىڭغا ئوغلى پۇچان ۋارىسلىق قىلىپ ياڭ بېگى بولدى. ئىككى يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م. ب. 31 ـ يىلى (خەن چېڭدى جيەنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۇنىڭغا ئوغلى پېك ۋارىسلىق قىلىپ، 56 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م. ب. 26 ـ يىلى (خەن گۇاڭۇدى جيەنۋۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۇنىڭغا ئوغلى شىيان ۋارىسلىق قىلدى. شىيان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى با ۋارىسلىق قىلدى.

م. 71 - يىلى (شەرقىي خەن خانى مىڭدى (107) يۇڭپىڭ، (108) نىڭ 14 - يىلى) گۇناھكار بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 672 - بەت).

ۋاندىن ھۇن ئۇقانتۇم (ئۇيانجۇت)؟ (109) تەگرىقۇتىنىڭ ئوغلى بولۇپ، سول چوباش سانغۇن (110) سالاھىيىتىدە قوشۇنلىرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، م. ب. 56 - يىلى (خەن شۈەندى ۋۇفېڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) توققۇزىنچى ئايدا، شىنچېڭ (111) بېگى بولدى. 1600 تۈتۈن يەر سۈيۈرغال قىلىندى. كېيىن ئىنىسى ئىسيان كۆتۈرگەچكە، 105 ئۆيلۈك سۈيۈرغال يەر قىسقارتىلدى. 12 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م. ب. 44 - يىلى (خەن يۈەندى چۇيۈەننىڭ بەشىنچى يىلى) ئۇنۋانىغا ئوغلى قۋانقان ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۈچ يىل بەگ بولۇپ، م. ب. 41 - يىلى (خەن يۈەندى يۇڭگۇاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۆلدى، ئەۋلادى يوق ئىدى. م. ب. بەشىنچى يىلى (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ بەشىنچى يىلى) ئۇنۋانىغا ۋاندىنىنىڭ نەۋرىسى يان ۋارىسلىق قىلغاچقا، 1000 تۈتۈن يەر سۈيۈرغال قىلىندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 672 — 673 - بەتلەر).

رۋىنتون قولانرى (112) تەگرىقۇت نامى بىلەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن م. ب. 55 - يىلى (خەن شۈەندى ۋۇفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا يىياڭ بېگى بولدى. 1500 ئۆيلۈك يەر سۈيۈرغال قىلىندى. تۆت يىل بەگ بولۇپ، ئوغلى ئىشقان ئىسيان كۆتۈرگەچكە، ئۇنۋانى چۈشۈرۈلۈپ، ئۆلكە بېگى بولدى. 1000 تۈتۈن يەر سۈيۈرغال قىلىندى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 673 - بەت).

گەن يەنشو شىرمەت ـ چەۋەنــدازلار بېشى ســالاھىيىتى
بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە باردى. قوشۇن بىلەن كانگا
خانلىقىغا بېسىپ بېرىپ، ھۇن تەگرىقۇتى چىچى ھەم ئۇنــىڭ
قارىمىقىدىكى 1500 ئادەمنى ئۆلتۈرگــەنلىكى ئۈچــۈن، م. ب.
33 – يىلى (خەن يۈەندى جىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) تــۆتىنچى
ئايدا يىچېلىڭ بېگى بولدى، 400 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىنـ
دى. كېيىن نەۋرىسى گەن چيەنگە سۇيۇرغال قوشۇپ بېرىلىپ
جەمئىي 2000 ئۆيلۈك سۇيۇرغاللىق يــېرى بــولــغانــدى.
گەن يەنشۇ توققۇز يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م. ب. 24 – يىـ
لى (خەن جېڭدى ياڭشۇنىڭ بىرىنچى يىلى) ئوغلى گەن جيەن
ۋارىسلىق قىلىپ ياڭ بېگى بولدى. 19 يىل بەگ بولۇپ
ئاغرىپ ئۆلدى. م. ب. ئالتىنچى يىلى (خەن ئەيدى جيەنپىڭ(113)
بــىرىنچى يىلى) ئۇنىۋانىغا ئوغلى گەن چيەن ۋارىسلىق قىلىپ
تەمتەك بېگى (114) بولــدى. م. ب. يەتتىنچى يىلى) رۇزــىڭ
جۈشېنىڭ ئىككىنچى يىلى) چىچىنى ئۆلتۈرگەن بەگ دەپ ئۇنىۋان
بېــرىلدى. 14 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. م. ب. 10 – يىلى (ۋاڭ ماڭـ
نىڭ شىجيــەنگونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۇنىۋانىغا ئوغلى گەن شياڭ
ۋارىسلىق قىلدى. م. 28 – يىلى (شەرقىي خــەن سۇلالىسى
خانى گۇاڭۋۇدىنىڭ جيەنۋۇ تۆتىنچى يىلى) توپىلاڭچىلار تەرە
پىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 673 – بەت).

---

(1) «قەدىمنامە. شۈننىڭ تەرجىمىھالى» (书经 • 舜典) «نەـ
سىرنامە» (尚书) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۇڭزىدچىلارنىڭ كلاسـ
سىك كىتابلىرىدىن بىرى. ئېلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامان تارىـ
خىغا ئائىت ھۆججەتلەر ۋە قىسمەن قەدىمكى زامان ۋەقەلىرىگە دائىر
ئەسەرلەر توپلىمى. «شۈننىڭ تەرجىمىھالى» بولسا «قەدىمكى
نەسىرنامە» دىكى پادىشاھ شۈننىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە
دائىر قىسمى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1116 – بەت).

(2) «نەزمنامە. مۇناجات. چاگۇۋ» («诗经・大雅・常武篇»)
«نەزمنامە» ئېلىمىزدىكى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى. «چاگۇۋ قىسمى» «نەز-منامە» نىڭ جۇشۇەنۋاڭنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى خاتىرلەنگەن قىسمى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 387 - بەت).

(3) جۇ سۇلالىسى (周) م. ب. Ⅸ ئەسىردە جۇ ۋۇۋاڭ، شاڭ (商) سۇلالىسىنى يوقىتىپ، ئورنىغا قۇرغان سۇلالە. پايتەختى خاۋ (镐) شەھىرى بولۇپ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى، فېڭشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا)، تارىختا جۇ سۇلالىسى غەربىي جۇ، شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. شەرقىي جۇ سۇلالىسى يەنە ئەمىنىيە دەۋرى، يېغىلىق دەۋرى دەپ ئىككى دەۋرگە ئايرىلىدۇ. جۇ سۇلالىسى م. ب. 256 - يىلى چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. جەمئىي 34 نەپەر خان 800 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 199 - بەت).

(4) جۇشۇەنۋاڭ (周宣王، م. ب.؟ — 782) غەربىي جۇ سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن. فامىلىسى جى (姬) لىۋاڭنىڭ ئوغلى. م. ب. 828 — 782 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خان، بەگ - تۆرىلەرنىڭ ھاشار سېلىپ يەرلىرىنى تېرىتىدىغان تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خۇەي يىلىرى (淮夷)، شۇرۇڭلىرى (徐戒)، شيەنيۈنلەر (玁狁) بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشتى. بەزىدە يەڭدى، بەزىدە يېڭىلدى، نۇرغۇن ئادەم ۋە ئىقتىساد چىقىم بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 202 - بەت).

(5) شۇفاڭلار (徐方) قەدىمكى قوۋم. شۇرۇڭلار ياكى شۇيىلار دەپمۇ ئاتىلىدىغان شەرقىي ياۋايىلار قوۋملىرىنىڭ بىرى. شيا سۇلالىسىدىن چۇ سۇلالىسىغىچە خۇەيخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەندىكى ئېقىنى (ھازىرقى جياڭسۇنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن ئەنخۇيىنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپلىرى) دە ياشايتتى. جۇ سۇلالـ

سىنىڭ دەسلەپتە ھازىرقى جياڭسۇ دائىرىسى ئىچىدە شۇ (徐)
بەگلىكىنى قۇرۇپ، شەرقىي يىلار ئىچىدە قۇدرەت تاپتى. بىر قانـ
چە قېتىم خۇەيىي (淮夷) لىرى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، جۇ
سۇلالىسىگە قارشى چىقتى. ئەمنىيە دەۋرىدە چۇ بەگلىكى تەرىپىـ
دىن مۇنقەرز قىلىندى. م. ب. 512 ـ يىلى (جۇ شاھزادە جىڭۋاڭـ
نىڭ سەككىزىنچى يىلى) ۋۇ بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 802 ـ بەت).
(6) «ئەمنىيە» («春秋») ① كۇڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك
كىتابلىرىدىن بىرى، ئەمنىيە دەۋرىنىڭ خرونولوگىك يىلنامىسى.
رىۋايەت قىلىنىشىچە كۇڭزى لۇ بەگلىكى ۋەقەنەۋىسلىرى يازغان
«ئەمنىيە» دېگەن كىتابقا ئاساسلىنىپ رەتلەپ تۈزۈپ چىققان. م.ب. 722ـ
يىلدىن 481 ـ يىلغىچە بولغان 242 يىللىق زامانىنىڭ تارىخى.
② «ئەمنىيە» (پەسىللەر) بىلەن ناملانغان تارىخىي دەۋر نامى. لۇ
بەگلىكىنىڭ يىلنامىسى «ئەمنىيە» دىن ئېلىنغان. بۇ دەۋرنىڭ
ئاخىرى توغرىسىدا كۆز قاراشلار بىردەك ئەمەس. ھازىر ئومۇمەن
م. ب. 770 ـ يىلى (جۇ پىڭۋاڭنىڭ تۇنجى يىلى) دىن م. ب. 476ـ
يىلى (جۇ جىڭۋاڭنىڭ 44 ـ يىلى) غىچە بولغان دەۋر «ئەمنىيە
دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1611 ـ بەت).
(7) لۇ بەگلىكى (鲁国) م. ب. Ⅸ ئەسىردە جوگۇڭدەنـ
نىڭ ئوغلى بوچىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان قەدىمكى بەگلىك. ئورنى
ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى. مەركىزى
چۈفۇ. ئەمنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاجىزلاشقان بەگلىكنى
جى سۇنشى، مېڭ سۇنشى، شۇ سۇنشىلاردىن ئىبارەت ئۈچ
پادىشاھ بۆلۈشۈۋالدى. يېغىلىقلار دەۋرىگە كەلگەندە كىچىك بەگـ
لىككە ئايلىنىپ قالدى. م. ب. 256 ـ يىلى چۇ بەگلىكى تەرىپىـ
دىن مۇنقەرز قىلىندى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 2014 ـ بەت).

(8) لۇ شۇەنگوڭ (魯宣公) لۇ ۋېنگوڭنىڭ خانىشىدىن تۇغۇلغان ئوغلى. شياڭجۇڭنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىق چى خۇيگۇڭنىڭ ياردىمى بىلەن ۋېنگوڭنىڭ رەسمىي خانىمىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئېنى ئۆلتۈرۈپ، م. ب. 608 – يىلى بەگ بولۇپ، 18 يىل سەلتەنەت سۈردى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1577 – بەت).

(9) لۇزى (潞子) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى قىزىل دىلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان لۇشىلارنىڭ ئاقساقىلى. لۇشىلار ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. م. ب. 594 – يىلى (جۇدىڭۋاڭنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى) جىن بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 993 – بەت).

(10) ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە شاھزادە ئىسيانى (吴楚七国之乱) خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە خەن گاۋدى ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنى جايلارغا بەگ – تۆرە قىلىپ، سۇيۇرغاللار بېكىتتى. سۇيۇرغاللىرى كۆپرەك شاھزادىلەر ئايىماقلاردىن ھالقىپ نەچچە ئونلىغان ۋىلايەتلەرگە ئىگە بولۇۋالدى. بۇلاردىن ۋۇ، چۇ، چى شاھزادىلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىرى ئەڭ كۆپ ئىدى. بۇ بەگ – تۆرىلەر ئۆز ئېلى ئىچىدە ئىجارە، غەللە – پاراق ئالاتتى، تۇز ئىشلەپ چىقىرىپ، پۇل قۇياتتى. بۇ، مەركىزىي ھاكىمىيەت ئۈچۈن تەھدىت ئىدى. خەن ۋېندى، خەن جىڭدىلار دەۋرىدە جيايى، چاۋسولارنىڭ تەكلىپى بىلەن شاھزادىلەرنىڭ سۇيۇرغاللىرى ئازايتىلدى. شۇڭا م. ب. 154 – يىلى خەن جىڭدى دەۋرىدە ۋۇ بەگلىكىنىڭ شاھزادىسى ليۇپى باشچىلىقىدىكى چۇ، جاۋ، جياۋدۇڭ، جياۋشى، جىنەن، زىچۇەن بەگلىكلىرى چاۋسونى ئۆلتۈرۈش باھانىسى بىلەن ئىسيان كۆتۈردى. خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى جۇيافۇنى ھەربىي باش ۋەزىر قىلىپ، جازالاشقا ئەۋەتتى. ۋۇ، چۇ شاھزادىلىرىنىڭ ئىسيانى ئۈچ ئايدىلا باستۇرۇلدى، قالغان بەش شاھزادىنىڭ ئىسيانىمۇ ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ تىنچىتىلدى. بەگ – تۆرىلەر ئۆز – ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى

ياكى ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەنجىڭدى شاھزادىلەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى مەركەزگە يىغىۋالدى. ئارقىدىنلا خەن ۋۇدى تۆرە ــ بەگلىكلەرنىڭ ھوقۇق ــ ئىمتىيازلىرىنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ تۆرە ــ بەگلىكلەرنىڭ نامىلا قېلىپ جىسمى يوقالدى.

(بىر تومluق «سىخەي»، 733 ــ بەت).

(11) نەنپاۋ (南奅) قەدىمكى ناھىيە، ئورنى نامەلۇم.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 5 ــ توم، 2074 ــ بەت).

(12) ئەنلىڭ (安陵) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(بىر تومluق «سىخەي»، 1001 ــ بەت).

(13) جيەنيۈەن (建元) خەن ۋۇدىنىڭ يىلنامى. م. ب. 140 ــ 135 ــ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر تومluق «سىخەي»، 499 ــ بەت).

(14) سى (賜) ھون خانلىرىدىن سىرىنىڭ ھۆرمەت نامى. م. ب. 147 ــ يىلى خەن جىڭدى دەۋرىدە خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاچقا، يۈەن [ئەسلى كىتابتا «خۈەن» (桓) دەپ يېزىلغان، لېكىن مەنبەلەرگە سېلىشتۇرۇش جەريانىدا بۇ يەردە خاتا كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇڭا «خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى» نىڭ 2 ــ توم 936 ــ بېتىدىكى ئىزاھ ماقۇل كۆرۈلۈپ، «يۈەن» (垣) دەپ ئۆزگەرتىلدى] دېگەن يەرگە بەگ قىلىندى.

(مۇھەررىردىن).

(15) يۈەنشيەن (垣县) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. يېغىلىقلار دەۋرىدىكى ۋېي (魏) بەگلىكىنىڭ شەھىرى ئىدى. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يۈەنچۈ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 7 ــ توم، 351 ــ بەت).

(16) چيۇ (遒) قەدىمكى ناھىيە، ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى لەيشۈي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1053 — بەت).

(17) رۇڭچېڭ (容城) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى رۇڭچېڭ ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1796 — بەت).

(18) يى (易) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى جىلى (خېبېيدا) ناھىيىسىنىڭ 15 چاقىرىم غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 476 — بەت).

(19) فەنياڭ (范阳) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دىڭشىڭ ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 573 — بەت).

(20) شى (翕) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى نېيخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 932 — بەت).

(21) چاڭشىن ئوردىسى (长信) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردا (ساراي) نامى. خان ئانىلىرى دائىم بۇ سارايدا تۇراتتى.

بىر توملۇق «سىخەي»، 69 — بەت).

(22) لۇتاجى (卢它之) يەن بېگى لۇۋەننىڭ نەۋرىسى. خۇنلارنىڭ شەرقىي خۇن خانى سۈپىتىدە خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» 19 — جىلد «خەن خۇيدى بىلەن خەن جىڭدى ئارىلىقىدىكى تۆرىلەر يىلنامىسى» دە: لۇۋەننىڭ ئوغلى لۇتافۇ (卢它父) دېيىلگەن. «خەننامە» 34 — جىلد «خەن شىن، پېڭ يۆ، يىڭ بۇ، لۇۋەن، ۋۇ رۇيلەرنىڭ تەرجىمە ھالى» دە: لۇۋەننىڭ نەۋرىسى لۇتارېن (卢它人) دېيىلگەن.

«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى» نىڭ 5 - توم 3345 - بېتىدە: ئەسلى لۇتاجى بولۇپ، ئىملا خاتالىقى نەتىجىسىدە لۇتارىن بولۇپ قالغان، دېيىلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(23) ياگۇ (亚谷城) قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شيۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە. «خەننامە» 34 جىلدىدە: ئېگۇ (恶谷) دەپ يېزىلغان. «خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى» 5 - توم 3345 - بېتىدە بولسا: ئەسلى ياگۇ بولۇپ، ئىملا خاتالىقى نەتىجىسىدە ئېگۇ بولۇپ قالغان، دېيىلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(24) ليۇجۇ (刘据) خەن ۋۇدىنىڭ چوڭ ئوغلى. ۋەلىئەھدلىككە تەيىنلەنگەن. ئېغۋاچىلارنىڭ تاراتقان پىتنىسى تۈپەيلى ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا م. ب. 91 - يىلى چاقنەندە ئۇرۇش بولۇپ، نەتىجىدە شاھزادە يېڭىلگەن ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» 1484 - بەت).

(25) تېيۈەن (特辕) يەر نامى. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە چىجۇاڭ (持装) دەپ يېزىلغان. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرى ئەتراپىدا.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى، 2 - توم، 943 - بەت).

(26) چىنياڭ (亲阳) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى بىياڭ (必阳) ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«خەننامە»، 3 - توم، 642 - بەت).

(27) روياڭ (若阳) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا.

(«خەننامە»، 3 - توم، 634 - بەت).

(28) جاڭ سىگۇڭ (张次公) خېدۇڭلۇق. كاھبەگ سالاھىيىتىدە ۋېي چىڭ بىلەن بىللە ھۇنلارغا يۈرۈش قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەنتۇ بېگلىكى بېرىلگەنىدى. كېيىن

قانۇنسىزلىق قىلىپ، ئۇنۋانىدىن مەھرۇم بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 931 ـ بەت).

(29) ئەنتۇ (岸头) ئەنسېنمۇ دېيىلىدۇ. ئورنى ھەققىدە ئىككى تۈرلۈك مەلۇمات بار: بىرى سەنشى ئۆلكىسىدىكى خېجىن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا؛ بىرى خېدۇڭ پىجى ناھىيىسىدىكى ئەنتۇ مەنزىلى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 461 ـ بەت).

(30) خۇەينەن (淮南) قەدىمكى ۋىلايەت، بەگلىك. م. ب. 203 ـ يىلى خەن گاۋدى دەۋرىدە جيۇجياڭ ۋىلايىتى خۇەينەن بەگلىكىگە ئۆزگەرتىلدى. مەركىزى شۇچۈن بولۇپ، ھازىرقى ئەنخۈي، خۇەيخېلەرنىڭ شەرقى، چاۋخۇ، فېيشىنىڭ شىمالى، تاڭخېنىڭ شەرقى، فېڭياڭ، چۇشيەن ناھىيىلىرىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(بىر تomluq «سىخەي»، 964 ـ بەت).

(31) ليۇئەن (刘安)، (م. ب. 179 — 122) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. پېيجۈن ۋىلايىتىنىڭ فېڭ (ھازىرقى جياڭسۇ فېڭ) ناھىيىسىدىن. خەن گاۋدىنىڭ نەۋرىسى، ليۇ چاڭنىڭ ئوغلى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا خۇەينەن بېگى بولغان. ئۇ مەرىپەتپەرۋەر بولۇپ، يازاتتى، قالۇن چالاتتى. دەۋرىنىڭ ئالىملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ «خۇەينەنزى» ناملىق ئەسەرنى يازدۇرۇش ئىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۆزىنىڭ توپلىمى بولغان بولسىمۇ، يوقىلىپ كەتكەن. كېيىن ئىسيان قىلماقچى بولغانلىقى پاش بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، نەچچە مىڭلىغان ئادەم بۇ ئىشقا باغلىنىپ قالغانىدى.

(بىر تومluq «سىخەي»، 1538 ـ بەت).

(32) يۈتان (於单) ھۇن، گيۈن تەڭرىقۇتىنىڭ ئوغلى. م. ب. 126 ـ يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە، ھۇن ئىلىنىڭ ۋەلىئەھدى سۈپىتىدە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، شېئەن

بېگلىكى بېرىلدى. ئاغرىپ بىر ئايدىن كېيىنلا ۋاپات بولغان. ئەۋلاد قالمىغان.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 644 ـ بەت).

(33) شېئەن (涉安) يەر نامى. ئورنى نامەلۇم.

(مۇھەررىردىن).

(34) چاڭۋۇ (昌武) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. كېيىنكى خەن سۇلالىسى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئورنى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى كونا لەيجۇفۇ دائىرىسى ئىچىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 472 ـ بەت).

(35) جويې (浞野) يەر نامى. ئورنى نامەلۇم.

(مۇھەررىردىن).

(36) ئەنلې (安乐) قەدىمكى ناھىيە. ئالدىنقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى جىڭجاۋ شۇنيى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 311 ـ بەت).

(37) مۇھاپىزەتچى كاھبەگ (护军都尉) ئەمەل. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە باش ئەمىر لەشكەر (大司马)، زىندان بېگى (司寇) دەپ ئاتالغان. ئاساسەن ئەسكىرىي ئىشلار ۋە زىندان ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 637 ـ بەت).

(38) جىشيەن (轵县) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى جىيۋەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 13 چاقىرىم كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 947 ـ بەت).

(39) شــشــەن (石山) تاغ ۋە قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى شەندۇڭ ئۆلكىسىدە.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 23 ـ توم، 291 ـ بەت).

(40) سۇڭپىڭ (从平) سۇڭپىڭ ھەققىدە مەنبە تېپىلمىدى. (مۇھەررىردىن).

(41) شاڭداڭ (上党) قەدىمكى ۋىلايەت. يىغىلىق دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، خەن (韩) بەگلىكىنىڭ يېرى. چىن سۇلالىسى ۋىلايەت قىلىدى. باش شەھىرى خۇگۇەن ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۆلىكىگە توغرا كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 64 ـ بەت).

(42) جاۋبۇيۈ (赵不虞) م. ب. 124 ـ يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھۇنلارغا قارشى ئورۇشلارغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەت-كەنلىكى ئۈچۈن سۇيچېڭ بېگى بولدى. يالغانچىلىق قىلغانلىقى مەلۇم بولۇپ قېلىپ، ئۇنۋانىدىن مەھرۇم قىلىندى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1389 ـ بەت).

(43) سۇيچېڭ (随城) يەر نامى. ئەمنىيە دەۋرىدە سۇي ( ) بەگلىكى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىندى. ھازىر خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جياڭخەن ۋىلايىتى دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1251 ـ بەت).

(44) باكترىيە، باكترىيانا، باغتار (大夏) يەنە بىر ئىسمى «تۇخارىستان» بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى دۆلەتلىرىدىن. ئورنى ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقى (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى) غا توغرا كېلىدۇ. ئەسلىدە پارس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ، كېيىن ئىسكەندەر ئىمپېراتورلۇقى ۋە سەلەۋكىيلەرگە قارىغان. م. ب. Ⅲ ئەسىردە مۇستەقىل بولۇپ، يۇنان ساتراپى

دېئودوتوس دۆلەت قۇردى، پايتەختى باكترا (يېشىل شەھەر ياكى بەلخ) ئىدى. كۆچمە يىگەن دەۋرلىرىدە تېررىتورىيىسى شىمالدا ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، جەنۇبىدا ھىندى دەرياسى ۋادىلىرىدىكى رايونلارغىچە كېڭەيگەندى. م. ب. 130 - يىلى ئۇلۇغ توخرىيلار بېسىۋالدى. كېيىن ئېفتالىتلار (ئاق ھۇنلار) ۋە تۈركىي قوۋملەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى VIII ئەسىردە ئەرەبلەر قوشۇۋالدى. باكترىيە مەدەنىيىتى كۆپرەك يۇنان، ھىندىستان ۋە جۇڭگو مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 625 - بەت؛ «مەيدان - لاروس ئېنسىكلوپېدىيىسى، 2 - توم، 88 - بەت).

(45) جۇڭلى (众利) يەر نامى. ئورنى ھەققىدە مەنبە تېپىلمىدى.

(مۇھەررىردىن).

(46) لياۋداۋ (潦悼) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا.

(«خەننامە»، 3 - توم، 647 - بەت).

(47) ئەمىرلەشكەر (司马) باش ئەمىرلەشكەرنىڭ قارمىقىدا بولۇپ، ئەسكىرىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. ياقا - چېگرا ۋىلايەتلەرگە قويۇلغان ئەمىرلەشكەرلەر مىڭبېشىلىق قىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 464 - بەت).

(48) يانداش چاپاۋۇل بەگ (从票侯) قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ ئەمىرلەشكەر بولۇپ، ھونلارغا قارشى كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلىقى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن يانداش چاپاۋۇل بەگ ئۇنۋانى بىلەن سۇيۇرغاللىق بېرىلدى.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2493 - بەت).

(49) گاۋبۇش (高不识) خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھۇنلاردىن بولۇپ، چېرىكچى ئىدى. قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ خىزمەت

كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م.ب. 121 ـ يىلى ماسچى تۆرە ئۇنۋا- نى ۋە سۇيۇرغاللىق بېرىلدى.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 648 ـ بەت).

(50) ماسچى تۆرە (宜冠侯) «گاۋبۇش» ماددىسىغا قاراڭ.

(51) پۇپەن (仆朋) (م. ب ؟ ـ 114) خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھۇنلاردىن بولۇپ، چېرىكچى ئىدى. قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ بىلەن ھونلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م.ب. 121 ـ يىلى خۇيچۇ ساداقەت بېگى بولدى.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 648 ـ بەت).

(52) خۇيچۇ (辉渠) يەر نامى. ئورنى مەلۇمسىز.

(مۇھەررىردىن).

(53) شيامو (下摩) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى لىنيى ناھىيىسىدە.

(«خەننامە»، 3 ـ توم، 649 ـ بەت».

(54) يەجۈ تېغى (弋居山) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەجۈ ناھىيىسى (ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى نىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) تەسىس قىلىنغانىدى. يەجۈ تېغى مۇشۇ ناھىيىدە بولسا كېرەك.

(مۇھەررىردىن).

(55) ئېشى (恶师) ئەمەلدارلار ئىستقامەتگاھى ئورۇنلاشقان جاي. ئورنى نامەلۇم.

(«خەننامە». 3 ـ توم، 649 ـ بەت).

(56) لويىن (漯阴) قەدىمكى ناھىيە. تايىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولغاچقا، دەريانىڭ ئىسمى بىلەن ناملانغان.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1106 ـ بەت).

(57) ۋېيشيەن (魏县) ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جاڭخې ۋادىسىدا بولۇپ، خېنەن ئۆلكىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 2035 - بەت).

(58) ئوڭ قول بىلىكخان (右贤王) سول قول بىلىكخان ماددىسىغا قاراڭ.
(مۇھەررىردىن).

(59) خېچى (河綦) يەر نامى. شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن ۋىلايىتىدە.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، 3 - توم، 1043 - بەت).

(60) تۇتۇنبەگ (大当户) تۇتۇنبەك (ياساقبەگ). هونلاردا ئەمەل ئىسمى بولۇپ، ئوڭ قول، سول قول تۇتۇنبەگلىرى بولاتتى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 - توم، 2123 - بەت).

(61) دانىسى (当时) هۇن خانلىرىدىن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان هۇنلارنىڭ رۇجان خانى ئىجشاننىڭ ئوغلى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 652 - بەت).

(62) رۇجان (楼鞬) هۇنلاردا خان ئىسىملىرى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 652 - بەت).

(63) جۇڭلى بېگى (众利侯) بۇ يەردە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان هۇن رۇجان خانى ئىجشاننىڭ ئوغلى دانىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
(مۇھەررىردىن).

(64) جۇشيەن (诸县) قەدىمكى ناھىيە. ئەسلىيە دەۋرىدە لۇ بەگلىكىنىڭ شەھىرى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى. ئورنى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى جۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30 چاقىرىم كېلىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1242 - بەت).

(65) بۆرى (符离) (قان) ھۇنلاردا خانلارغا بېرىلىدىغان سالاھىيەت ئۇنۋانلىرىدىن بىرى.

(مۇھەررىردىن).

(66) شياڭچېڭ (湘成) قەدىمكى ناھىيە. ياڭچېڭ ( ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى دىڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 - توم، 3288 - بەت).

(67) سەن (散) يەر نامى، بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى دىڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«خەننامە. جۇغراپىيىلىك تەزكىرە» دىن).

(68) ساڭما (藏马) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 615 - بەت).

(69) لياۋ (膫) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ۋۇياڭ ناھىيىسىدە.

(«خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىن).

(70) قۇن، كۇن (昆) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى پىڭشاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىن).

(71) دىجيې (地节) خەن شۈەندىنىڭ م.ب. 69—66 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 518 - بەت).

(72) تەڭرىقۇتنىڭ ئاكىسى (单于兄) ھۇن تەڭرىقۇتى ئېچىغسەنى دېمەكچى.

(مۇھەررىردىن).

(73) چى (骐) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى شياڭنىڭ

ئاھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
1338 ـ بەت).
(74) ياڭشو (阳朔) خەن چېگىدىسىنىڭ م.ب. 24—21 ـ
يىللىرى مەزگىلى.
(بىر توملۇق «سىخەي» 409 — 410 ـ بەتلەر).
(75) يۈەنيەن (远延) خەن چېگىدىنىڭ يىلنامىسى. م.ب.
12—9 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(بىر توملۇق«سىخەي»، 653 ـ بەت).
(76) لياڭچى (梁期) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۇگۈنكى
خېبېي ئۆلكىسى ۋېيشيەن ناھىيىسىدە.
(«خەننامە». جۇغراپىيە تەزكىرىسى).
(77) توخرىيلار (月氏) قەدىمكى خەلقلەردىن. بەزىلەر
يۇرتچى دەپمۇ ئاتايدۇ. م.ب. Ⅲ—Ⅱ ئەسىرلەردە دۇڭخۇاڭ
(توخرىي) بىلەن چىلىيەن تاغلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان چارۋىچى
خەلق. م.ب. 176—177 ـ يىللىرى ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ،
كۆپ قىسمى ئىلى دەريا ۋادىسىغا كۆچتى. بۇلار تارىختا «ئۇلۇغ
توخرىيلار» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆچمەستىن چىلىيەن تېغىغا كىرىۋېلىپ،
چياڭلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاز بىر قىسمى تارىختا«توخرىيلار»
دەپ ئاتىلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1496 ـ بەت).
(78) تىزى (騠兹) يەر نامى. ئورنى بۇگۈنكى سەنشى
ئۆلكىسىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدە.
(«خەننامە». جۇغراپىيە تەزكىرىسى).
(79) ئەمىر نۆكەر (中郎将) خان مۇھاپىزەتچى قىسىم-
لىرىنىڭ باشلىقى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1410 ـ بەت).

(80) سەلتەنەت بېگى (浩侯) شەرەپ ئۇنۋانى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 660 – بەت).

(81) جىجې (辛瓜濕) يەر نامى. خەن سۇلالىسىگە قاراشلىق بەگلىكلەردىن. ئورنى خېدۇڭدا.

(«خەنزۇ تىللى قامۇسى»، 22 – توم، 79 — 80 – بەتلەر).

(82) خەيشى (海西) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى دۇڭخەي ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 724 –بەت).

(83) جېڭخې [征(延)和] خەن ۋۇدىنىڭ م.ب. 92—89 – يىللىرى مەزگىلى. «يەنخې» مۇ دېيىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 799 – بەت).

(84) ئۇزكەنت (郁成国) جۇۋەيىنىنىڭ «تارىخىي جاھان كۇشاي» دېگەن ئەسىرى: «ئىككى ئۇزكەنت بار. بىرى سىر دەريانىڭ بويىدا بولۇپ، ئورنى ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئەمەس. بۇگۈنكى قاراقاۋدا بولۇشى ئېھتىمال؛ يەنە بىرى پەرغانە يەنى قىرغىزىستاندىكى ئۇزكەنتتىن ئىبارەت» دېيىلگەن.

(«غەربىي يۇرت يەر – ناملىرى»، خەنزۇچە نەشرى. 73 – بەت).

(85) چېڭفۇ (承父) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى يىشيەن ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدا.

(«خەننامە. جۇغراپىيىلىك تەزكىرە»).

(86) كەيلىڭ (开陵) خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان بەگلىكلەردىن. ئەنخۇي ئۆلكىسى دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك.

(« جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 955 – بەت).

(87) لى، تەي (厘郃) قەدىمكى بەگلىك. ئورنى ھازىرقى

شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋۇگۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 537 — بەت).

(88) ۋاڭ ماڭ (王莽 م. ب. 45 — م. 23) شىن (新) سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى. خەن يۈەندىنىڭ خانىشىنىڭ جىيەنى خەن چېڭدى دەۋرىدە شىندۇ بېگى بولغانىدى. م. بەشىنچى يىلى خەن پىڭدىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ساختا خان بولۇۋالدى. ئىككىنچى يىلى ئىككى ياشلىق ليۇيىڭنى ۋەلىئەھد قىلدى. م. سەككىزىنچى يىلدىن باشلاپ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىكى يەرلەرنى پادىشاھلىق يەرلەرگە ئۆزگەرتىش، قۇل سودىسىنى مەنئى قىلىش... قاتارلىق بىر تۈتاش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئېغىر ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى يۇمشاتماقچى بولدى. پۇل تۈزۈمىنى بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادتا قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى، باج - ئالۋان ئېغىرلاشتى، خەلقنى باسىدىغان قانۇنلارنى ئىجرا قىلدى. سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەچكە، ئاخىر م. 17 — يىلى مەملىكەت بويىچە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، م. 23 — يىلى ۋاڭ ماڭ چاڭئەنگە باستۇرۇپ كىرگەن دېھقانلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، شىن سۇلالىسى مۇنقەرز قىلىندى. ۋاڭ ماڭ م. 8 — يىلدىن 23 — يىلغىچە 16 يىل سەلتەنەت سۈردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1195 — بەت).

(89) مىراقۇل (马监) خان ئاتخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئات - ھارۋا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 37 — توم، 305 — بەت).

(90) شىغاۋۇل، (侍中) ئەمەل، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خان قېشىدا خىزمەت قىلىپ، ھەرەمگە كىرىپ - چىقالايتتى. ئورنى تۆرىلەردىن تۆۋەن ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 237 — بەت).

(91) ماڭ خېلو (莽何罗) ئەسلى فامىلىسى ما(马)، دەسلەپ خەن ۋۇدىغا مىراقۇل، شىغاۋۇل بولۇپ خىزمەت قىلدى. كېيىن خەن ۋۇدىغا ئاسىيلىق قىلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1196 – بەت).

(92) دۇ (秅) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋۇشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 29 كىلومېتىر كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرنامىلىرى قامۇسى»، 842 – بەت).

(93) خەن پىڭدى (汉平帝) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ 12 – ئەۋلاد خانى، جۇڭشەن شياۋۋاڭ شىڭ (兴) نىڭ ئوغلى. مىلادىنىڭ ئۈنجى يىلى توققۇز يېشىدا تەختكە ئولتۇردى. بۇ ۋاقىتدا شاھسانىيە بىلەن ئۇنىڭ جىيەنى ۋاڭ ماڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغانىدى. خان بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ۋاڭ ماڭنى چەكلىگەچكە، ۋاڭ ماڭ خاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. بەش يىل سەلتەنەت سۈردى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1358 – بەت).

(94) يۈەنشى (元始) خەن پىڭدىنىڭ 1 – 5 – يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 653 – بەت).

(95) گوجۇڭ (郭忠) بېقىندى كانجۇت (جاڭيې) بەگلىكىنىڭ كاھىبىگى. خەن جاۋدى دەۋرىدە باستۇرۇپ كىرگەن ھونلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن چېڭئەن قۇدرەت بېگى بولغانىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1048 – بەت).

(96) ئىلخان (黎汗) تۈركىي قوۋملار بىلەن موڭغۇللاردا ھۆكۈمران ئۇنۋانى.

(«مەيدان – لاروس ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 6–توم، 272– بەت).

(97) چېڭئەن (成安) قەدىمكى ناھىيە، بەگلىك. خەن

سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لىنرۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 385 ـ بەت).

(98) يۈەنكاڭ (元康) خەن شۈەندىنىڭ م.ب. 65 —61 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 653 ـ بەت).

(99) رۇزىيىڭ (孺子婴) م. بەشىنچى يىلى ۋاڭ ماڭ خەن پىڭدىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندە، خەن شۈەندىنىڭ ئىككى ياشلىق چەۋرىسى ليۇيىڭ خانلىق تەختىگە چىقىرىلدى. گۆدەك بولغاچقا «بالاخان» (رۇزىيىڭ) دەپ ئاتالدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1635 ـ بەت).

(100) جۇشې (居摄) خەن سۇلالىسىنىڭ بالاخانى ليۇيىڭ (رۇزىيىڭ) نىڭ يىلنامى. م. 6 — 8 ـ يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1073 ـ بەت).

(101) خوگۇاڭ (霍光، م.ب.؟ — 68) خېدۇڭ پىڭياڭلىق. خوچۈبىڭنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھارۋىلىقلار كاھېگى بولدى. خەن جاۋدى كىچىك تەختكە چىققاچقا، خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانى بويىچە ساڭ خۇڭياڭلار بىلەن بىللە ھاكىمىيەت- نى ئىدارە قىلىش ئىشىغا ياردەملەشتى؛ باش ئەمىرلەشكەر ئۇلۇغ سانغۇن بولدى ۋە بولۇبەگلىكى بېرىلدى. ئىلگىرى ـ ئاخىر 20 يىلچە خىزمەت قىلىش جەريانىدا ھاشار ۋە غەللە ـ پاراقنى يېنىكلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2000 ـ بەت).

(102) گېڭشى (更始) شىن (新) سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن خان دەپ ئېلان قىلىنغان خەن سۇلالىسىگە مەنسۇپ ليۇشۈەننىڭ م. 23 — 25 ـ

يىللىرىدىكى سەلتەنەت دەۋرى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 55 ـ بەت).

(103) چاڭلو (长罗) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگلىك. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدىكى چاڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 561 ـ بەت).

(104) جيەنۋۇ (建武) خەن گۋاڭۋۇدى (ليۇشيۇ) نىڭ م. 25 — 56 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 499 ـ بەت).

(105) يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ (安远侯) خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن جېڭجىغا بېرىلگەن شەرەپ ئۇنۋانى.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 9 ـ توم، 393 ـ بەت).

(106) گۈيدې (归德) قەدىمكى ناھىيە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى چىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1313 ـ بەت).

(107) خەن مىڭدى (汉明帝) شەرقىي خەن سۇلالىسنىڭ خانى گۋاڭۋۇدىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى، ئىسىم ـ فامىلىسى ليۇ-جۇاڭ. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خانى بولۇپ، م. 57 — 75 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈردى. زامانىدا قانۇن ئەستا-يىدىل ئىجرا قىلىنىندى، كۆڭفۇزىچىلىققا ئەھمىيەت بېرىلدى، بۇد-دىنچىلىق تەلىماتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھىندىستانغا ئەلچى ئەۋەت-لىپ، بۇددا نومىلىرى ۋە راھىبلىرى جۇڭگوغا كەلتۈرۈلدى، لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە بەيماسى ناملىق ئىبادەتخانا ياسىلىپ،

جۇڭگودا بۇددىزم تەرغىباتى باشلانغانىدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1358 ـ بەت).
(108) يۇڭپىڭ (永平) شەرقىي خەن خانى مىڭدىنىڭ
م. 58 — 75 ـ يىللىرى مەزگىلى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 92 ـ بەت).
(109) ئۇقانتۇم (乌桓屠蓦، م.ب.؟ — 45) هۇن تەڭ
رىقۇتى. خەن شۇەندى (م.ب. 91 — 49) گە زامانداش بولغىنىغا
قارىغاندا، ئۇيانجۇت (握衍朐鞮، سەلتەنىتى م.ب. 60 — 58)
تەڭرىقۇت بولۇشى مۇمكىن.
(مۇھەررىردىن).
(110) باش سانغۇن (大将) هون قوشۇنىدا يۇكسەك
ھەربىي دەرىجىلەردىن، ئەسكەر باشلىقى، قوشۇن باشلىقى، چوڭ
سەركەردە، ئوڭ، سول سەركەردىلەرگە بۆلۈنىدۇ.
(مۇھەررىردىن).
(111) شىنچېڭ (信成) قەدىمكى نامى، غەربىي خەن
سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چىڭ
خې ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋەھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»،
578 ـ بەت).
(112) رىۋىنتون (厉温敦) (قولانىدى) «خەننامە» دىن
باشقا مەنبەلەردە بۇ نامدىكى تەڭرىقۇت ئۇچرىمايدۇ.
(مۇھەررىردىن).
(113) جيەنپىڭ (建平) خەن ئەيدىنىڭ م.ب. 6 — 3 ـ
يىللىرى مەزگىلى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 499 ـ بەت).
(114) تەمتەك بېگى (节侯) تەمتەكلىك بەگ.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 25 ـ توم، 77 ـ بەت).

«خەننامە» 18 - جىلد

# ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولغان شىرەم تۇغقان بەگلەرنىڭ تەرجىمىھالى

ۋېي چىڭ سانغۇن بولۇپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە شوفاڭ ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغانلىقى ئۈچۈن، م. ب. 127 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا چاڭپىڭ بېگى بولدى. كېيىن يەنە ھۇنلارنىڭ ئوڭ قول بىلىكخانىنى مەغلۇپ قىلغاچقا، سۈيۈرغال قوشۇپ بېرىلدى ۋە ئۈچ ئوغلىغىمۇ بەگلىك مەرتىۋىسى تارتۇق قىلىندى. ۋېي چىڭ خەن ۋۇدىنىڭ خانىكىسى ۋېي زىفۇ(1) نىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ 23 يىل بەگ بولۇپ ئۆلدى. ۋېي چىڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى تۈپەيلى چوڭ ئوغلى ۋېي كاڭ م. ب. 124 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا يىچۈن(2) بېگى بولدى. م. ب. 116 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) خەن ۋۇدى نامىدىن ساختا پەرمان چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئۇنۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. م. ب. 104 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇ يەنە چاڭپىڭ بېگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى. بەش يىل بەگ بولغاندىن كېيىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئوردىغا باسـ

ئۆرۈپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن چېچىسى چۈشۈرۈلۈپ، كوكۇل قالـ
دۇرۇش جازاسى بېرىلىپ، دەرۋازىۋەن قىلىپ قويۇلدى.

ئىككىنچى ئوغلى ۋېي بۇيى ۋېي چىڭنىڭ كۆرسەتكەن خىز-
مىتى تۈپەيلى، م. ب. 124 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ
بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا، يىنشەن(3) بېگى بولدى.
12 يىل بەگ بولۇپ، م.ب 112 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭـ
نىڭ بەشىنچى يىلى) نەزىر - چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان
ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى تۈپەيلى ئۇنۋانى ئېلىپ
تاشلاندى.

ئۈچىنچى ئوغلى ۋېي دېڭ ۋېي چىڭنىڭ كۆرسەتكەن
خىزمىتى تۈپەيلى، م. ب. 124 - يىلى (خەن ۋۇدى
يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا فاگەن(4) بېگى
بولغانىدى. نەزىر - چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى
ساپ بەرمىگەچكە، ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلاندى.

م. ب. 62 - يىلى (خەن شۈەندى يۈەنكاڭنىڭ تۆ-
تىنچى يىلى) ۋېي چىڭنىڭ نەۋرىسىگە 500 مىڭ يارماق
پۇل ئىنئام قىلىنىپ، ئائىلە مال - مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بې-
رىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈلدى. م. ب. 16 - يىلى (خەن
چېڭدى يۈڭشى(5) نىڭ بىرىنچى يىلى) ۋېي چىڭنىڭ ئەۋ-
رىسى چاڭئەن بېگى ۋېي شۈەن ياندۇ بەگ(6) بولدى.

م. تۆتىنچى يىلى (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ تۆتىنچى يىلى)
ۋېي چىڭنىڭ چەۋرىسى ۋېي شاڭ ئۆلكە بېگى بولدى.
(«خەننامە»، 3 - توم، 686 — 687 - بەتلەر).

خو چۈبىڭ چېرىكچى سالاھىيىتىدە قىسمىلىرى بىلەن
ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م.

ب. 123 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى)
تۆتىنچى ئايدا ئۇزغان بەگ(7) ئۇنۋانى بېرىلدى. كېيىن
يەنە قىران چەۋەنداز سانغۇنلۇق سالاھىيتى بىلەن چىلىيەن
(تەڭرى) تېغىنى ئالدى ۋە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان
ھۇن قۇنشار خانىنى قارشى ئالغانلىقى ئۈچۈن، سۇيۇرغال
قوشۇپ بېرىلدى. ئۇ خەن ۋۇدىنىڭ خانىكىسى ۋېي زىفۇنىڭ
ھەدىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. يەتتە يىل بەگلىك قىلىپ، ئاغ-
رىپ ئۆلدى.

م. ب. 116 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ تۇنجى
يىلى) خوچۈبىڭنىڭ ئۇنۋانىغا ئوغلى خوشەن(霍嬗) (8) ۋا-
رىسلىق قىلدى. بۇمۇ يەتتە يىل بەگ بولۇپ، ئاغرىپ ئۆلدى،
ئەۋلادسىز ئىدى.

خوشەن (霍山) ئانا تەرەپ بوۋىسى ئۇلۇغ سانغۇن خو-
گۇاڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى تۈپەيلىدىن، م. ب. 68 - يىلى
(خەن شۈەندى دىجىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا
لېپىڭ(9) بېگى مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلىنىپ، 3000
تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلگەنىدى. تۆت يىل بەگ بولۇپ،
ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى.

خوشەن (霍山) نىڭ ئىنىسى خو يۈن ئۇلۇغ سانغۇن
خوگۇاڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى تۈپەيلىدىن م. ب. 67 - يىلى
(خەن شۈەندى دىجيېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا،
گۇەنياڭ(10) بېگى مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلىنىپ، 1800
تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. تۆت يىل بەگ بولۇپ،
ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 687 — 688 - بەتلەر).

تيەن گۇاڭمىڭ ھۇدەيچى سالاھىيىتى بىلەن قوشۇن
باشلاپ ۋۇدۇ(11) دا ئىسيان كۆتۈرگەن دىلارغا قارشى جازا

يۇرۇشىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلكە بېگى بولدى. كېيىن ئاستانە ياندىاش مىرشا بېگى بولۇپ تەيىنلەندى، ئۇ ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ بىلەن بىللە خەن شۈەندىنى تەختكە چىقىرىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. ب. 73 – يىلى (خەن شۈەندى بېنشىنىڭ تۆتىنچى يىلى) سەككىزىنچى ئايدا، چاڭشۇي(12) بېگى بولۇپ، 2700 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. ئۈچ يىل بەگ بولغاندىن كېيىن، چىلەن سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ، ھۇنلارغا قارشى يۇرۇش قىلغاندا، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغانلىق گۇناھى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 695 – بەت).

چېن فېڭ دادىسى چېن تاڭنىڭ ئىلگىرى ياردەمچى چېرىكچى سالاھىيىتىدە ھۇن تەڭرىقۇتى چىچىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، م. بەشىنچى يىلى (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ بەشىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا ھۇنلارنى يوقاتقۇچى بەگلىك مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلىنىپ، 1400 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال بېرىلدى.

(«خەننامە»، 3– توم، 719 – بەت).

دۇ شۈن مۇۋەققەت يازغۇچىبەگ(13) بولغاندا ھۇن تەڭرىقۇتى چىچىنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن .م. بەشىنچى يىلى (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ بەشىنچى يىلى) يەتتىنچى ئايدا «دىلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان بەگ» ئۇنۋانى بېرىلىپ، 1000 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلىندى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 719 – بەت).

(1) خانىكە ۋېي (卫皇后، م. ب.؟ — 91) ئىسمى ۋېي زىفۇ (卫子夫)، خېدۇڭ پىڭياڭلىق (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىنفېن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى). خەن ۋۇدىنىڭ خانىكىسى. شاھزادە ليۇ جۇنى تۇغقانلىقى ئۈچۈن خانىكىلىككە كۆتۈرۈلدى. ئىغۋاچىلارنىڭ پىتنىسى بىلەن يۈز بەرگەن ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان شاھزادە ليۇ جۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەن ۋۇدى خانىكە ۋېينى خانىكىلىكتىن قالدۇرىدۇ. ئەلىمىگە چىدىمىغان خانىكە ۋېي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدۇ.
(بىر توملۇق «سىدخەي»، 404 - بەت).

(2) يىچۈن (宜春) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. كېيىن بەگلىك بولغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى رۇنەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 60 چاقىرىم كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 456 - بەت).

(3) يىنئەن (阴安) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگلىك. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى چىڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن 20 چاقىرىم كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 863 - بەت).

(4) فاگەن (发干) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى تاڭيىشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 22 - توم، 356 - بەت).

(5) يۇڭشى (永始) خەن چېڭدىنىڭ يىلنامى. م. ب. 16 — 13 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىدخەي»، 2091 - بەت).

(6) يانداش بەگ (侍郎) ئەمەل ئىسمى. خەن سۇلالىسى

دەۋرىدىكى نۆكەر بەگلىكىنىڭ بىر تۈرى. ئوردا ـ ساراي خادىمى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 237 ـ بەت).

(7) گۇەنجۈن (冠军) قەدىمكى ناھىيە ۋە قەدىمكى دەۋر سانغۇنلىرىغا بېرىلگەن شەرەپ نامى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە (م.ب. 123 ـ يىلى) سانغۇن خو چۈبىڭ ھونلارغا قارشى ئۇرۇشلاردا، باشقا سانغۇنلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇسابىقىلەردە ئۇزۇپ چىققان مەنىسىدىكى گۇەنچۈن (ئوزغان) سۆزىدىن ئېلىپ «ئوزغان بەگ» دەپ مەرتىۋە بەردى ھەمدە ئەينى نامدىكى ناھىيىگە بەگ قىلدى. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى دېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 376 ـ بەت).

(8) خوشەن (霍嬗) خوچۈبىڭنىڭ ئوغلى. ئاتىسىنىڭ ئوزغان بەگلىك ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى. باتۇر ۋە غەييۇر بولغانلىقى ئۈچۈن خەن ۋۇدى ياخشى كۆرەتتى. خانىمەپە كاھبەگلىكىگە تەيىنلەندى. خان خىزمىتىدە تەيشەنگە بارغاندا ئۆلۈپ كەتتى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1627 ـ بەت).

(9) لېپىڭ (乐平) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چىڭشيەن (清县) ناھىيىسى بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋ-رىدە لېپىڭ بەگلىكىگە ئۆزگەرتىلدى. قەدىمكى شەھىرى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى تاڭيشيەن ناھىيىسىنىڭ 40 چاقىرىم شەر-قىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1167 ـ بەت).

(10) گۇەنياڭ (冠阳) خو يۈنگە بېرىلگەن شەرەپ ئۇنۋانى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 4 ـ توم، 148 ـ بەت).

(11) ۋۇدۇ (武都) قەدىمكى ئاق ئاتلىق دىلار (بەيمادى)

نىڭ يېرى ئىدى. خەن سۇلالىسى بۇ يەرگە ۋۇدۇ ۋىلايىتى تەسىس قىلدى، كېيىن ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى چېڭشيەن ناھىيىسىدىن 80 چاقىرىم غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى»، 508 – بەت).

(12) چاڭشۇي (昌水) دەريا. خۇنەن ئۆلكىسى پىڭجياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مۇفۇشەن تېغىنىڭ غەربىدىن ھاسىل بولۇپ، جەنۇبتا كۆلگە قۇيۇلىدۇ. مېيشيەنشۇي دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 471 – بەت).

(13) مۇۋەققەت يازغۇچىبەگ (军假丞) قەدىمكى زامان ھەربىي ھەكەملىرىدىن بىر خىلىنىڭ نامى.

(«خەننامە»، 3 – توم، 719 – بەت).

«خەننامە» 22 ـ جىلد

## نەغمە ـ ناۋا تەزكىرىسى

تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە مىڭ تەشەككۇر،
كۆكتىن خاسىيەتلىك تۇلپار چۈشۈپتۇ.
قىپقىزىل شۆلگەيلەر چىقىپ ئاغزىدىن،
پۈتۈن تېنى قىزىل تەرگە چۆمۈپتۇ.

پەۋقۇلئاددە ئۇنىڭ ئىرادىسىدۇر،
روھى ئۇنىڭ ئىنتايىنمۇ يۈكسەكتۇر.
دەسسەبان ئاسمانىدىكى بۇلۇتلارنى،
غۇۋا قۇياش نۇرىدا ئالدىرايدۇ.

ئۇنىڭ تېنى سەللا بۇدۇرلىشىپتۇ،
ئۇزۇن ئۆتمەي تۈمەن يوللار كېزىپتۇ.
كىم ئۇنىڭغا ئەمدىلىكتە تەڭلىشۇر،
ئەجدىھالار ئاڭا ھەمراھ بولۇشۇر.

بۇ شېئىرلار م. ب. 120 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ۋۇۋا(1) دەرياسىدا تۇلپارنىڭ كۆرۈنۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغانىدى.

گەلدى تۇلپار،
چۆل - باياۋانلار كېزىپ،
يىراق غەربىي يۇرتتىن،
ياتلارنىڭ بەيئەتىن نامايان قىلىپ،
كەلدى تۇلپار،
بۇلىقى بار جايلاردىن،
يايلىنىڭ رەڭگى ئوخشار يولۋاسقا،
خۇيى ئوخشار خۇددى جىنلارغا.
كەلدى تۇلپار،
بىپايان چۆللەرنى بېسىپ،
مىڭلارچە يوللارنى كېزىپ،
ئاخىر شەرققە كەلدى يېتىپ،
كەلدى تۇلپار،
دەل بېلىق يىلىدا(2)،
داۋام قىلىپ يىراق سەپەردىن،
چەكسىز مۇساپە هامان ئالدىدا.
كەلدى تۇلپار،
قارشى ئېلىپ ئېچىلار ساراي قوۋۇقى،
مىنىپ مەن ئۇنىڭ ئۇستىگە،
بارىمەن قۇرۇمدىكى(3) ۋەلىيلەر ماكانىغا.
كەلدى تۇلپار،
ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەلىي ئەجدەر چوقۇم كېلۇر،
بىز بىلەن ئەرش قوۋۇقىغا ساياهەت قىلۇر،
تەڭرى تۇرغان قاش سۇپىغا بىرگە بارۇر.

بۇ شېئىر م. ب. 101 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ
تۆتىنچى يىلى) پەرغانە خانى ئۇگەنى ئۆلتۈرۈپ، داۋلىق پەرغانە

ئاقلىرىغا ئىگە بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغانىدى.
(«خەننامە»، 4 - توم، 1060 — 1061 - بەتلەر).

---

(1) ۋوۋا (渥洼) دەريا. گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىدە، داڭخې دەرياسىنىڭ تارمىقى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 910 - بەت).

(2) بېلىق يىلى (辰) م. ب. 101 - يىلى، خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى دەل بېلىق يىلى ئىدى.
(مۇھەررىردىن).

(3) قۇرۇم (昆仑) كۇئېنلۇن (قاراڭغۇ تاغ).
(مۇھەررىردىن).

«خەننامە» 24 ـ جىلد

# ئوزۇق ـ تۈلۈك، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى

خەن پىڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق تەختىگە چىق-
قان ليۇ يىڭ يېشى كىچىك، يۇرتدارچىلىق ئىشىغا ناقابىل
بولغاچقا، ۋاڭ ماڭ خانغا ۋەكالىتەن يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى
ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇردى. ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ هو-
قۇقنى تارتىۋالدى. ۋاڭ ماڭ خەن سۇلالىسىنىڭ تىنچلىق
ئاساسىغا ۋارىسلىق قىلدى. هۇنلار بەيئەت قىلىپ، باشقا
قوۋملارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك بويسۇندى. ئومۇمەن خەن
سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەنلا جايلاردىكى ئەر-
ئاياللارنىڭ هەممىسى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئىتائەتچان رەئىيىتى
بولغانىدى. خەزىنىلەر تولۇپ، ئەمەلدارلار باياشات، دۆلەت
ئاسايىشلىقتا ئىدى. بۇنداق ئاساسقا بىردىنلا ئىگە بولۇپ
قالغان ۋاڭ ماڭ يەنىلا قانائەت قىلماي، خەن سۇلالىسىنىڭ
تۈزۈملىرى مۇكەممەل ئەمەسكەن، ئىخچاملاش كېرەك دەپ هې-
سابلىدى. بۇرۇن خەن شۈەندىنىڭ هۇن تەڭرىقۇتىغا تەقدىم
قىلغان تامغىسىنىڭ ئۆلچىمى خەن خانىنىڭكىگە ئوخشاشلا ئىدى.
غەربىي جەنۇبتىكى يات قەبىلىلەردىن قۇرۇلغان گۇتىڭ(1)
خانلىقىنىڭ هۆكۈمدارى خان بولاتتى. ۋاڭ ماڭ ئەلچى ئەۋە-
تىپ هۇنلارنىڭ تامغىسىنى ئۆزگەرتتى. گۇتىڭ خانلىقىنىڭ

ئۇرنىنى چۇشۇرۇپ بەگلىك قىلىپ قويدى. ۋاڭ ماڭدىن نارازى بولغان ھۇنلار بىلەن گوتىڭلىقلار ئىككى تەرەپتىن يۇرۇش قىلىپ، جەنۇب ۋە شىمالىي چېگرىلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. ۋاڭ ماڭمۇ ئەسكەر چىقىرىشقا پەرمان چۇشۇرۇپ، 300000 قوشۇن تەييارلىدى ۋە ئون يولغا بۆلۈنۈپ تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ، بىرلا ھەردىكەتتە ھۇنلارنى يوقاتماقچى بولدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەھبۇسلار، ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر ۋە ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراق توشۇشقا چاقىردى. دېڭىز ياقىسىدىكى ۋىلايەت - بەگلىكلەر، چاڭجياڭ(2) ۋە خۇەيخې(3) دەريالىرى ۋادىسىدىكى رايونلاردىن شىمالىي چېگرىلارغىچە ھەممىلا يەرگە ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ ھەيدەكچىلىك قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت پاراكەندىچىلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قالدى.

(«خەننامە»، 4 - توم، 1143 - بەت).

خەن ۋۇدى خەن ۋېندى ۋە خەن جىڭدىلارنىڭ بىرنەچچە ئون يىللىق جۇغلانمىلىرىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئۇ، ھۇنلار ۋە جەنۇبىي يۆلەرنىڭ جۇڭگوغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىگە غەزەپلىنىپ، تەختتە ئولتۇرغان يىللىرىدا يەن جۇ(4)، جۇمەيچېن(5) قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، شەرقىي ئوۋلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىككى يۆ خانلىقىنى تىنچلاندۇردى. چاڭجياڭ، خۇەيخې دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى رايونلار كۆپ چىقىمدار بولغاچقا، پاراكەندىچىلىك - تىنچسىزلىق يۈز بەردى. تاڭ مېڭ(6)، سىماشياڭرۇ(7) لار غەربىي جەنۇبتىكى يات ئەللەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق تاغ يولى ئېچىشقا باشلىدى. شۇ ئارقىلىق با — شۇ(8) غا تەۋە رايونلارغىچە كېڭەيمەكچى بولدى. بۇ ھال با، شۇ خەلقىنى ئىنتايىن ھاردۇرۇپ كەتكۈزۈپ قويدى. پېڭ ۋۇ(9)

خۇيمۇ (10)، چاۋشيەن (11) لەرنى ئېلىپ، ساڭخەي ۋىلايىتى (12) نى تەسىس قىلغاچقا، يەن، چى (13) بەگلىكلىرى ئارىلىقىدىكى يەرلەرمۇ كۆپ چىقىمدار بولۇپ، پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. كېيىنچە ۋاڭ خۇيىنىڭ مايىغا بۆكتۈرمە قويۇپ، ھۇن تەڭرىقۇتىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى ئوقۇلۇپ قېلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلار بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار شىمالىي چېگرىلىرىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇرۇش ئۈزۈلمەي داۋام قىلغانلىقتىن، خەلق ئىنتايىن ھارغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ باردى. سەپەردىكى يولۇچىلارلا لازىمەتلىكلەرنى توشۇش بىلەن قالماستىن، ئۆيدىكى كىشىلەرمۇ يۈك توشۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. مەملىكەت ئىچى ۋە تېشى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قېلىپ، تەمىنلەش ئىشى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، پۇقرا - رەئىيەلەر نامراتلىشىپ كەتكەچكە، ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇشتى، مالىيە قۇرۇقدىلىپ كەتكەنىدى. دۆلەتكە مال - بىيۇم بەرگۈچىلەر ئەمەلدار بولۇشاتتى. پۇل بەرگۈچىلەرنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىناتتى. سايلام تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كىشىلەردە ئار - نومۇس قالمىدى. ھەربىي كۈچى بولسىلا خىزمەت بېرىلەتتى. قائىدىلەر قاتتىق ۋە كۆپ ئىدى. مەنپەئەتپەرەسلىك ئىشلىرىنى كۈچەيتكەن چوڭ ۋەزىرلەر، مەسىلەن: ساڭ خۇڭياڭ (14) كۇڭ، جىن (15) قاتارلىق كىشىلەر مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەنىدى.
(«خەننامە»، 4 - توم، 1157 - بەت).

ئۇزۇن ئۆتمەي ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى ۋېي چىڭ ھەر يىلى بىرنەچچە تۈمەن چەۋەنداز بىلەن ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى ۋە خېنەن رايونىنى ئېلىپ، شوفاڭ شەھىرىنى بىنا قىلدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋم-

لەرگە بارىدىغان يولنى ئېچىش باشلاندى. بىرنەچچە تۈمەن
ئادەم ئەمگەك قىلغاچقا، 1000 چاقىرىملاپ يىراق يەرلەردىن
ئۇزۇق - تۈلۈك توشۇلاتتى. ئادەتتە 30 نەچچە قاپ ئاشلىقنى
كۆزلىگەن يەرگە يەتكۈزۈپ بارغۇچە بىر قاپلا ئاشلىق قالاتتى.
خوراش كۆپ بولاتتى. شۇڭا چېيۇڭ(16)، بو(17) قوۋملىرى
ياشايدىغان رايونلاردىن پۇلغا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۇسۇلى
قوللىنىلدى. بىرنەچچە يىل ئۆتتى. يول يەنىلا ئېچىلمىدى.
يات قوۋملار داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇرغاچقا، مەسئۇل
ئەمەلدارلار ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى قىرغىن قىلدى. با، شۇ
ۋىلايەتلىرىنىڭ بارلىق غەللە - پاراقلىرىنى تامام سەرپ
قىلغاندىمۇ چىقىمغا يەتمىدى. شۇڭا باي - ئېسىلزادىلەرنى
جەنۇبتىكى يات قوۋملار رايونىغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا،
ئوردىغا غەللە - پاراق بېرىپ، ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرـ
دىغان مەھكىمىلەردىن ئاشلىق پۇللىرىنى ئېلىشقا چاقىرىلدى.
بۇ ۋاقىتتا شەرقتە ساڭخەي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغاچقا،
ھاشارغا كەتكەن چىقىم، غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋملارغا
بارىدىغان يولنى ئېچىشقا كەتكەن چىقىمدىن قېلىشمايتتى.
يەنە 100 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم سەپەرۋەر قىلىنىپ شوفاڭ
شەھىرى سېلىندى ۋە مۇداپىئە قىلىندى. ئاشلىق يۆتكەيدىغان
يول يىراق بولغاچقا، شىياۋشەن(18) تېغىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ
رايونلارنىڭ خەلقى بۇ ئەمگەكنى ئۆستىلىرىگە ئېلىشتى. بۇـ
نىڭغا بىرنەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا بىرنەچچە 10 مىليون پۇل
سەرپ بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسى ۋە ئەسلىھە - ئامبارـ
لىرى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى. شۇڭا قۇل - دېدەكلىرىنى
ھۆكۈمەتكە بەرگۈچىلەرنى غەللە - پاراق، ئەمگەك - ھاشارـ
لاردىن مەڭگۈ ئازاد قىلىش قارار قىلىندى. كۆپرەك بەرگەنـ
لەرگە نۆكەر بەگلىك(19) ئەمەلى بېرىلەتتى. نۆكەر بەگ
بولغانلارنىڭ بولسا مائاشى ئۆستۈرۈلەتتى. يەنە دۆلەتكە قوي

ھەدىيە قىلغۇچىلارنىڭ نۆكەر بەگ بولۇشىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلانغانىدى.

م. ب. 124 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ھەر يىلى 100 نەچچە مىڭ قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. بۇ جەرياندا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەسكەرلەرگە ئوردىدىن بېرىلگەن مۇكاپات، ئالتۇن ھېسابىدا 200 نەچچە مىڭ جىڭغا يەتتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ئات چىقىمى 100 مىڭدىن ئاشاتتى. ھەربىي قورال - ياراق، ساۋۇت - دۇبۇلغا، ئاشلىق توشۇشقا كەتكەن چىقىملار بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيتتى. شۇڭلاشقا ئەمىر ھەرەس كۆك جىن خانغا: «ساقلانغان پۇل ۋە ئېلىنغان باجلارنىڭ ھەممىسى تۈگىدى. قوشۇننى تەمىنلىيەلمەيدىغان بولدۇق» دەپ مەلۇمات سۇندى. ئەمەلدارلار خەلقنىڭ ئۇنۋان سېتىۋېلىشى ھەمدە پۇل تۆلەش بەدىلىگە مەھبۇسلارنىڭ تۈرمىدىن قۇتۇلۇشى ۋە گۇناھىنى يەڭگىللىتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىشتى. شۇڭلاشقا م. ب. 123 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) مۇكاپات مەنسەپلىرى بېكىتىلىپ «ھەربىي تۆھپە ئۇنۋانى»(20) دەپ ئاتالدى. ھەر دەرىجىسىنىڭ قىممىتى 170 مىڭ يارماق بولۇپ، ئومۇمەن ھەربىي تۆھپە ئۇنۋانى سېتىپ يىغىلغان پۇل جەمئىي 300 مىڭ جىڭدىن ئارتۇقراق ئالتۇن بولدى. ھەربىي تۆھپە ئۇنۋانىنىڭ بەشىنچى دەرىجىسىنى سېتىۋالغانلار سىناق ئەمەلدارى بولۇپ، ئالدى بىلەن خىزمەتكە قويۇلاتتى. ھەربىي تۆھپە ئۇنۋانىنىڭ يەتتىنچى دەرىجىسى كونا ئۇنۋانىنىڭ توققۇزىنچى دەرىجىسىگە توغرا كېلەتتى. ئەگەر گۇناھ قىلىپ قويسا ئىككى دەرىجە چۈشۈرۈلەتتى. ھەربىي تۆھپە ئۇنۋانىنىڭ

سەككىزىنچى دەرىجىسىگىچە سېتىۋالغىلى بولاتتى، ھەربىي تۆھپىسى تەقدىرلىنەتتى. ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكۈچىلەر كۆپىنچە دەرىجىدىن ئاشۇرۇپ مۇكاپاتلىناتتى. چوڭلىرىغا بەگ ئۇنۋانى بېرىلىپ، ئەمەلى ۋەزىرلىك بولاتتى. كىچىكلىرى نۆكەر بەگ بولاتتى. ئەمەلدار بولۇشنىڭ يوللىرى مۇرەككەپ ۋە كۆپ ئىدى. نەتىجىدە ئەمەل - مەنسەپنىڭ قەدرى قالماي، قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

(«خەننامە»، 4 - توم، 1158 — 1159 - بەتلەر).

بىر يىلدىن كېيىن (م.ب. 121 - يىلى، خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى)، قىران چەۋەنداز سانغۇن خو چۈبىڭ ئىككىنچى قېتىم قوشۇنى بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، چوڭ غەلىبە قازاندى. نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى.

ھۇن خانلىرىدىن قۇنشارقان بىرنەچچە تۈمەن ئەسكىرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. ئوردا 30 مىڭ ھارۋا تەيىنلەپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. قۇنشارقان چاڭئەنگە كەلگەندە زور ئىنئاملارغا ئېرىشتى ھەمدە خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردە ۋە ئەسكەرلەر مۇكاپاتلاندى. بۇ يىلى بىر مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئالتۇن چىقىم بولدى.

خەن ۋۇدى ھۇنلارغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئات باققۇزدى، جايلاردىن چاڭئەنگە كەلتۈرۈلۈپ بېقىلىۋاتقان ئاتلار بىرنەچچە تۈمەن بولغاچقا، گۇەنجۇڭ(21) دا ئات باققۇچىلارنىڭ سانى يەتمەي، يېقىن قوشنا ۋىلايەت - ناھىيىلەردىنمۇ ئات باققۇچىلار چاقىرتىلدى. تەسلىم بولغان بىرنەچچە تۈمەن ھۇن چوڭ ئىنئاملارغا ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكلىرى پۈتۈنلەي ئوردىدىن بېرىلەتتى. ئوردا بۇلارنى تەمىنلەپ كېتەلمىگەچكە، خەن ۋۇدى ئوزۇق - تۈلۈك خىراجـ

لىرىنى قىسقارتتى. ئۆزى ئۆلتۈردىغان شاھانە مەپىگە قوشۇ-
لىدىغان تۆت ئاتنى ساتتى ھەمدە ئوردا خەزىنىسىدە ساقلىن-
نىۋاتقان مال - بايلىقلارنى چىقىرىپ، تەسلىم بولغان ھون-
لارنى تەمىنلىدى.

(«خەننامە»، 4 - توم، 1161 — 1162 - بەتلەر).

ئىككىنچى يىلى (م.ب. 119 - يىلى، خەن ۋۇدى يۈەنشۇ-
نىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ، قىران چەۋەن-
داز سانغۇن خو چۈبىڭ قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇن ھۇنلارغا
ھۇجۇم قىلىپ، 80 — 90 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر
ئالدى. خانلىق ئەسكەرلەرنى 500 مىڭ جىڭ ئالتۇن بىلەن
مۇكاپاتلىدى. قوشۇندىن 100 نەچچە مىڭ ئات چىقىم بولدى.
ئوزۇق - تۈلۈك توشۇشقا ۋە قورال - ياراق ھازىرلاشقا كەت-
كەن چىقىملار بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا مالىيە
مەنبەسى كەمچىل بولغاچقا، نۇرغۇن جەڭچىلەرگە تەمىنات -
مائاش تەگمىدى.

(«خەننامە»، 4 - توم، 1165 - بەت).

م.ب. 111 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى)
جاڭيې، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىرى تەسىس قىلىندى. شاڭجۈن، شوفاڭ،
شىخې ۋىلايەتلىرى ھەمدە خېشى(22) رايونلىرىدا بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارلىرى قويۇلدى. ئۇلار باشقۇرغان
جەمئىي 600 مىڭ نەپەر چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى يۇقىرىدى-
كى جايلاردا تېرىقچىلىق قىلاتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئاشلىق
توشۇش ئۈچۈن ياسالغان يوللارنىڭ ئۇزۇنى 3000 چاقىرىم، قىس-
قىسى 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلەتتى. توشۇلىدىغان
ئاشلىقنى ئەمىر ھەرەس تەمىنلەيتتى.

(«خەننامە»، 4 - توم، 1173 - بەت).

يېڭى پۇل يولغا قويۇلۇپ ئالتىنچى يىلى (م. 19 – يىلى، ۋاڭ ماڭ تيەنفېڭ(23) نىڭ ئالتىنچى يىلى) ھۇنلار چېگرىغا باستۇرۇپ كىردى، ئۇلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى. ۋاڭ ماڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەھبۇسلارنى ۋە ئەمەلدار ھەم خەلقنىڭ قۇللىرىنى يىغىپ، «پىدائىيلار قوشۇنى» دەپ ئاتالغان قوشۇن تەشكىللىدى. بارلىق ئەمەلدار، خەلقلەردىن باج ئېلىندى، باج ئومۇم بايلىقنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{30}$ نى تەشكىل قىلاتتى.

(«خەننامە»، 4 – توم، 1184 – بەت).

---

(1) گۇتىڭ (钩町) تارىختا غەربىي جەنۇبتىكى قوۋملارنىڭ خانلىقلىرىدىن بىرى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 34 – توم، 246 – بەت).

(2) چاڭجياڭ، يەنى كۆك دەريا (长江) ئېلىمىز بويىچە بىرىنچى چوڭ دەريا. ئۇنىڭ يۇقىرى مەنبەسى بولغان توتو دەرياسى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاڭگۇلا (داڭلا) تاغلىرىنىڭ گېلادەندۇڭ قارلىق تېغىدىن باشلىنىدۇ. داڭچۈي قوشۇلغاندىن كېيىن تۇڭتيەنخې، جەنۇبتا يۈشۇ ناھىيىسى باتاڭ دەريا ئېغىزىنىڭ ئايىغىدىن سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يىبىن شەھىرى ئارىلىقىغىچە جىنشاجياڭ دەرياسى دېيىلىپ، يىبىننىڭ ئاستى تەرىپى چاڭجياڭ دەپ ئاتىلىدۇ، ياڭچونىڭ ئاستى تەرىپى بۇرۇن ياڭزىجياڭ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەريا شىزاڭ، سىچۈەن، يۈننەن، خۇبېي، خۇنەن، جياڭشى، ئەنخۇي، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكە – رايونلاردىن ئۆتۈپ، شاڭخەي شەھىرىدە شەرقىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 6300 كىلومېتىر بولۇپ، ھاۋزىسى 1 مىليون 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق. يالۇڭجياڭ، مىنجياڭ، توجياڭ، جيالىڭجياڭ، ۋۇجياڭ، شياڭجياڭ، خەنجياڭ، گەنجياڭ، چېڭيىجياڭ ۋە خۇاڭپۇجياڭ قاتارلىق تارماقلىرى بار. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى جېنجياڭ شەھىرىدە

چوڭ قانال بىلەن كېسىشىدۇ. خۇبېي ئۆلكىسىدىكى يىچاڭ شەھەرىنىڭ يۇقىرى تەرىپى يۇقىرى ئېقىنى بولۇپ، سۈيى تېز ئاقىدۇ. تېيىز يەرلىرىمۇ كۆپ. يىچاڭدىن جياڭشى ئۆلكىسىدىكى خۇكوۇ ئارىلىقىغىچە ئوتتۇرا ئېقىن بولۇپ، ئەگرى - دوناي يەرلىرى تولا بولغاچقا، كۆللىرى (بوياڭ، دۇڭتىڭ...) كۆپ. خۇكوۇنىڭ ئاياغ تەرىپى تۆۋەن ئېقىن بولۇپ، قىنى كەڭ، چوڭقۇر. دەريانىڭ قۇيۇلۇشىدا لاتقىلاردىن ھاسىل بولغان چۇڭمىڭ ئارىلى بار. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى بىلەن قۇۋۋەت مەنبەسى مول. سۈيى كۆپ ۋاقىتلاردا تۆمەن تونىنلىق پاراخوتلار ۋۇخەنگىچە كېلەلەيدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئېقىنى بولغان جىڭجياڭ رايونى دائىم كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرايتتى. ئازادلىقتىن كېيىن كەلكۈن تىزگىنلىنىپ دامبىلار، سۇ ئامبارلىرى، ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا ئوخشاش سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇپ، سۇغىرىشقا، قاتناشقا قولايلىق يارىتىلدى. قۇرغاقچىلىق تىزگىنلەندى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ساھىلىغا چۇڭچىڭ، ۋۇخەن، نەنجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەر جايلاشقان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 68 - بەت).

(3) خۇەيخې (淮河) ئېلىمىزدىكى چوڭ دەريالاردىن بىرى. خېنەن ئۆلكىسىدىكى تۇڭبەيشەن تېغىدىن ھاسىل بولۇپ، شەرقتە خېنەن، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، جياڭسۇ ئۆلكىسىدە خۇڭزېخۇ (بۇ كۆلگىچە ئۇزۇنلۇقى 845 كىلومېتر) كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ھاۋزىسى 164.000 كۋادرات كىلومېتر. خۇڭزېخۇ كۆلىنىڭ تۆۋىنىدە ئاساسىي ئېقىنى سەنخېدىن چىقىپ، گاۋيوخۇ كۆلى ئارقىلىق جياڭدۇ ناھىيىسىدىكى سەنجياڭيىڭدا چاڭجياڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ (يەنە بىر قىسىم سۈيى شىمالىي جياڭسۇ سۇغىرىش باش ئۆستىڭى ئارقىلىق بىيەندەنگاڭ لىمانىدا سېرىق دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ). ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتر. ھاۋزىسى 187000 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. خۇڭخې، يىڭخې، گوخې قاتارلىق دەريالار شىمال

قىرغىقىدا بولۇپ، جەنۇب قىرغىقىدا شىخې، پىخې دەريالىرى بار.
(بىر توملۇق «ىسىخەي»، 964 - بەت).
(4) يەن جۇ (严助) خەن ۋۇدى دەۋرىدىكى كېڭەشبەگلەردىن، ئاقىل، تەدبىرلىك كىشى ئىدى. خۇەينەن بېگى ئەنىنىڭ ئىسيانىغا چېتىشلىق دەپ ئۆلتۈرۈلگەن.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1766 - بەت).
(5) جۇمەيچېن (朱买臣) خۇيجى ۋىلايىتىدىن. ئەسلىدە ئوتۇنچى، مەدداھ ئىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە يەن جۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خىزمەتكە كىرىپ، كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىككە ئېرىشكەن.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 261 - بەت).
(6) تاڭ مىڭ (唐蒙) پەنىياڭلىق. خەن ۋۇدى دەۋرىدە سورۇنبەگ ۋاڭ خۇي بىلەن بىرلىكتە شەرقىي يۆلەر ئېلى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن سىماشياڭرۇ بىلەن 1000 چاقىرىمدىن ئۇزۇن تاغ يولى ئاچتى ۋە ئەمىرنۆكەر بولدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 740 - بەت).
(7) سىماشياڭرۇ (司马相如) چېڭدۇلۇق. خەنجىڭدى دەۋرىدە چەۋەندازلار مەھرەمبېگى بولغان. خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي جەنۇبتىكى قوۋملار بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن 1000 چاقىرىمدىن ئۇزۇن تاغ يولى ئېچىپ، غۇلام بولدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 184 - بەت).
(8) با (巴)، شۇ (蜀) با جۇسۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگلىك (تۆرىلىك) ئىسمى. ئورنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا. چىن سۇلالىسى ئالتە بەگلىكنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنى 36 ۋىلايەتكە ئايرىدى. با ۋە شۇ ۋىلايەتلىرى سىچۈەن ئۆلكىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىنچە با، شۇ سىچۈەنگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىسىم بولۇپ قالدى.
(«تۆت بۇرجىلىق رەقەملىك يېڭى لۇغەت»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 - يىل نەشرى، 596 - بەت).

(9) پېڭ ۋۇ(彭吴) خەن ۋۇدى دەۋرىدە خۇيمۇ، چاۋشيەنـ لەرگە بېرىپ، ساڭخەي ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان كىشى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1150 ـ بەت).
(10) خۇيمۇ (秽貊) قەدىمكى قوۋم. غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى ۋاقتىدىكى شەرق قوۋملىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى فېڭچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقى ۋە چاۋشيەنـ نىڭ جياڭيۈەن ۋىلايىتى ئەتراپلىرىدا ياشايتتى.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 24 ـ توم، 307 ـ بـەت).
(11) كورىيە، چاۋشيەن، چوسېن (朝鲜) ئۆز تىلىدىكـى چوسېن ـــ «تىنچ ساباھ ئېلى» دېگەن مەنـىدە بولـۇپ، شەرقـىي ئاسىيادا سېرىق دېڭىز بىلەن ياپون دېڭىزى ئارىلىقىغا جايلاشقان يېرىم ئارال ۋە دۆلەت ھەم شۇ يەردە ياشىغۇچى مىللەت. جۇڭگو ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش. مەيدانى 220800 كۋادـ رات كىلومېتىر. ئاھالىسى 56 مىليون (1980).
(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، جۇڭگو چوڭ ئېنسىكـ لوپېدىيىسى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1986 ـ يىل، 1 ـ نـەشـرى، 1 ـ باسمىسى، 229 ـ بەت).
(12) ساڭخەي (沧海) قەدىمكى ۋىلايەت. كېيىن جېنـپەن (贞番) ۋىلايىتى دەپمۇ ئاتالغان. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ (فېڭـ تيەن) ئۆلكىسىدىكى يالۇجياڭ ۋە تۇڭجياڭ دەريالىرى ھەم شىڭجىڭغا يېقىن يەرلەردىن ئىبارەت ياكى ھازىرقى چاۋشيەنىنىـڭ جەنۇبىـي قىسمى.
(جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1033 ـ بەت).
(13) چى بەگلىكى (齐国) قەدىمكى بەگلىك. م. ب. XI ئەسىردە، يەنى تەخمىنەن م. ب. 1078 ـ يىلى جۇ سۇلالىسى تەرىـ پىدىن بەگلىك قىلىپ ئايرىلدى. م.ب. 284 ـ يىلىغىچە قـۇدرەت تاپتى. م. ب. 284 ـ يىلى بەش بەگلىكنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدىن

كېيىن پەيدىنپەي ئاجىزلاشتى. م. ب. 221 - يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى يىڭچيۇ (كېيىن لىنزى دەپ ئاتالدى، بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى زىبو شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1913 - بەت).

(14) ساڭ خۇڭياڭ (桑弘羊) لوياڭلىق. ياش ۋاقتىدىلا خەن ۋۇدى ھوزۇرىدا شىغاۋۇل بولغان. دۇڭگو شيەنياڭ، كۇڭ جىنقاتار-لىقلار بىلەن خانغا مۇشاۋۇر بولغان، كېيىن ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلۈپ، سۇ-لالىنىڭ تۇز - تۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. كېيىن شاگگۇەن جيې بىلەن ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 809 - بەت).

(15) كۇڭ جىن (孔仅) نەنياڭلىق. كېمىيارگەرلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئەمىر ھەرەس بولدى. دۇڭگو شيەنياڭ بىلەن تۇز - تۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىشقا مەسئۇل بولغانىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 44 - بەت).

(16) چيۇڭلار (邛) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي جە-نۇبتىكى ئاز سانلىق قوۋملاردىن بىرى. ھازىرقى سىچۈەن ئۆل-كىسىدىكى شىچاڭ رايونىدا دېھقانچىلىق قىلاتتى. م. ب. 111 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) چيۇڭلار رايونى يۆشى ۋىلايىتى بولۇپ قۇرۇلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 508 - بەت).

(17) بولار (僰) جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردىن بىرى. ھازىرقى يوجوننىڭ جەنۇبىدىن رۇڭ-جوۋنىڭ شىمالىدىكى داجياڭغىچە قەدىمكى بو بەگلىكى ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 324 - بەت).

(18) شياۋشەن (崤山) تاغ. ئورنى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لونىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 60 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي مىيەنچى ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 796 ــ بەت).

(19) نۆكەر بەگ (郎官) ھەربىي ئۇنۋان.

(مۇھەررىردىن).

(20) ھەربىي تۆھپە ئۇنۋانى (武功爵) خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان 17 دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان. سەككىزىنچى دەرىجىگىچىلىك سېتىۋالغىلى بولۇپ، توققۇزىنچى دەرىجىدىن باشلاپ ھەربىيدە كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بېرىلەتتى. 20 دەرىجىلىك تۆرلەر ئۇنۋانى بىلەن پاراللېل ھالدا ئىشلىتىلگەنىدى. كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 718 ــ بەت).

(21) گۇەنجۇڭ (关中) شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋېيخې دەريا ۋادىسى. قەدىمكى زامانلاردا خەنگوگۇەننىڭ غەربىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ ئەسلى زېمىنى بولغان شەنشى ئۆلكىسى «گۇەنجۇڭ» دېيىلەتتى.

ئالىم شۇگۇاڭ: «گۇەنجۇڭ شەرقتە خەنگوگۇەن، جەنۇبتا ۋۇگۇەن، غەربتە سەنگۇەن، شىمالدا شياۋگۇەنلەردىن ئىبارەت تۆت قوۋۇق (دەربەنت) نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «گۇەنجۇڭ ــ دەربەنتلەر ئوتتۇرىسى» دېيىلگەن دەيدۇ.

(«تۆت بۇرجىلىق رەقەملىك يېڭى لۇغەت»، 627 ــ بەت)؛
«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
1356 ــ بەت).

(22) خېشى (河西) قەدىمكى يەر نامى. ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ھازىرقى سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرى ئارىلىقىدىكى جەنۇب قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپى؛ خەنۋەتاڭ سۇلالىلىرى

دەۋرىدە هازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىكى خۇاڭخې دەريا-
سىنىڭ غەربىي تەرىپى يەنى خېشى (دەريا غەربى) كارىدورى
ۋە خۇاڭشۈي (湟水) ۋادىسى؛ شىمال سۇلالىلىرى دەۋرىدە هازىر-
قى سەنشى ئۆلكىسىدىكى لۈ لياڭشەن تېغىنىڭ غەربىدىكى خۇاڭخې
دەرياسىنىڭ شەرق - غەرب قىرغاقلىرىدىكى جايلار «خېشى» دەپ
ئاتىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 911 - بەت).

(23) تيەنفېڭ (天凤) شىن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى
ۋاڭ ماڭنىڭ يىلنامىسى م. 14 — 19 - يىللار مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1223 - بەت).

# ئىلمىي نۇجۇم تەزكىرىسى

م. ب. 200 – يىلى (خەن گاۋدىنىڭ يەتتىنچى يىلى) ئاي گەردىشى شېن يۇلتۇز تۈركۈمى(1) ۋە بى (كەپتەر تورى) يۇلتۇز تۈركۈمى(2) نى يەتتە قەۋەت ئورىۋالغانىدى. مۇنەججىملەر: «شېن يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن ماۋ يۇلتۇز تۈركۈمى(3) ئارىلىقىدا ساما كوچىسى(4) بار. ئۇنىڭ شىمالى ھۇنلارغا، جەنۇبى ئوتتۇرا جۇڭگوغا مەنسۇپ. ماۋ يۇلتۇز تۈركۈمى ھۇنلار، شېن يۇلتۇز تۈركۈمى جاۋ بەگلىكى، بى (كەپتەر تورى) يۇلتۇز تۈركۈمى بولسا چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى(5) دېگەن. شۇ يىلى خەن گاۋدى ئۆزى ھۇنلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، پىڭچېڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، باتۇر تەڭرىقۇت(6) تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ، يەتتە كۈندىن كېيىن قۇتۇلغانىدى.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1302 – بەت).

م.ب. 162 – يىل (خەن ۋېندى خۇيۇەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى) بىرىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى كېچىدە تيەنچەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى(7) غەربىي جەنۇبتىن كۆرۈنگەن. مۇنەججىملەر: «بۇ ئۇرۇش ئاپىتىنىڭ ئالامىتى» دېگەن. م.ب. 158 – يىلى (خەن

ۋېندى خۇيبۇەنىنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئۇن بىرىنچى ئايدا ھۇنلار شائجۇن، يۇنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، خەن ۋېندى جۇ يافۇ، ليۇ لى، شۇ لى سانغۇنلارنى ئەۋەتىپ پايتەختنى قوغداتتى.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1303 – بەت).

م.ب. 134 – يىل (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا مېھمان يۇلتۇز(8) فاڭ (بۆلمە، خانە) يۇلتۇز تۈركۈمى(9) دائىرىسىدە كۆرۈنگەن. مۇنەججىملەر: «بۇ ئۇرۇشنىڭ بېشارىتى» دېگەن. ئىككىنچى يىلى (م.ب. 133 – يىلى) ئۇن بىرىنچى ئايدا ھۇن ھۆكۈمدارى كۈن تەگرىقۇت 100 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ۋۇجۇ(10) غا بېسىپ كىردى. خەن ۋۇدى ئەۋەتكەن 300 نەچچە مىڭ ئەسكەر ئۇلارنىڭ مۆكتۈرمىگە چۈشۈشىنى كۈتتى.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1305 – بەت).

م.ب. 112 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) سەۋېت يۇلتۇزى(11) ساماباغ يۇلتۇز توپى(12) غا كىردى. مۇنەججىملەر: «بۇ ئات ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ئالامىتى» دېگەن. يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈشتە: «ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئاتلار ئۆلۈپ كېتىدۇ» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۇلپار ئاتلارنى ئېلىشقا پەرغانىگە ئەسكەر چىقىرىلدى ۋە پەرغانە خانى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئاتلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1306 – بەت).

خەن ۋۇدىنىڭ تەيچۇ يىللىرى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز(13) شاۋياۋ يۇلتۇزى (14) يېنىدا كۆرۈنگەن. «يۇلتۇزلار ھەققىدە» دېگەن كىتابتا: «مېھمان يۇلتۇز شاۋ ياۋ يۇلتۇزىنى ئايلانسا،

يات قوۋملەر ئىچىدە قالايمىقانچىلىق چىقىپ، خانلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ» دېيىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ، پەرغانە خانى ئۇگە(15) نى ئۆلتۈردى. شاۋياۋ يۇلتۇزى يىراقتىكى يات قوۋملەر رايونىنى كۆرسىتىدۇ.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1306 – بەت).

م.ب. 74– يىل (خەن جاۋدى يۈەنپىڭ(16) نىڭ تۇنجى يىلى) بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى كۈن ئەمدىلا چىققانىدى. ئاسماندا پەيدا بولغان قۇيۇنسىمان قارا بۇلۇت قالايمىقان ھەرىكەتلىنىپ، غەربىي شىمالدىن چىققىنىچە شەرقىي جەنۇبقا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە غەربكە يۆرۈلۈپ، بىردەمدىلا غايىب بولدى. مۇنەججىملەر: «قۇيۇنسىمان بۇلۇتلار بوران ئىلاھى دېيىلىدۇ، بۇ چوڭ ئۇرۇشنىڭ ئالامىتى» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن م.ب. 72 – يىلى (خەن شۈەندى بېنشى ئىككىنچى يىلى) ھۇنلارنىڭ ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئۇرۇش باشلاندى. ئاسىيۇلار خەن سۇلالىسىدىن ياردەم سورىدى. خەن شۈەندى بەش سانغۇن(17) قوماندانلىقىدا 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ئاسىيۇلارغا ماسلىشىپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1307 – بەت).

م.ب. 21 – يىلى (خەن چېڭدى ياڭشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) كوزا چوڭاۋقىدىكى بىر ئۇچار يۇلتۇز غەربىي جەنۇب ھاۋا بوشلۇقىدىن چىقىپ، دۇ (چۆمۈچ) يۇلتۇز تۈركۈمى(18) گە كىرگەن. مۇنەججىملەر: «بۇ خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى» دېگەن. م.ب. 20 – يىلى (خەن چېڭدى خۇڭجىيا(19) نىڭ بىرىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا ھۇن ھۆكۈمدارى دېۋتاۋبۇقا(20) تەگرىقۇت ئاغرىپ ئۆلدى. 5 – ئاي-

نىڭ 12 – كۈنى خەن چېگىدى تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمىر
نۆكەر ياك شىلىڭ(21) نى ھۇنلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى

(«خەننامە»، 5 – توم، 1310 — 1311 – بەتلەر).

---

(1) شېن يۇلتۇزلار تۈركۈمى (参宿) قەدىمكى جۇڭگو
ئاسترونومىيىسىدىكى 23 – زادىئاك يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ 21 – سى،
ئاسمان كۈررىسىنىڭ غەربىي چارىكىدىكى ئاق يولۋاس (白虎) يەتتە
يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ يەتتىنچىسى، يەتتە يۇلتۇزدىن تەركىب تاپ-
قان، يەنى ھازىرقى ئوۋچى يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى يەتتە يۇلتۇزنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن بېتېلگېيزې (ئوۋچى α يۇلتۇزى)،
رىگېل (ئوۋچى β يۇلتۇزى)، بېللاترىكس (ئوۋچى γ يۇلتۇزى)
يۇلتۇزلىرى ھەممىدىن يورۇق.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 5 – توم، 371 – بەت).
(2) بى (كەپتەر تورى، شۆلا) يۇلتۇز تۈركۈمى (毕宿)
قەدىمكى جۇڭگو ئاسترونومىيىسىدىكى 28 زادىئاك يۇلتۇزلار تۈركۈ-
مىنىڭ 19 – سى، ئاسمان كۈررىسىنىڭ غەربىي چارىكىدىكى ئاق
يولۋاس يەتتە يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بەشىنچىسى. سەككىز يۇلتۇزدىن
تەركىب تاپقان، يەنى ھازىرقى بۇقا يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى سەككىز
يۇلتۇزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن ئالدىباران يۇلتۇزى (بۇقا
α يۇلتۇزى) ھەممىدىن يورۇق.
(«جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى، ئاسترونومىيە» تومى،
282 – بەت؛ بىر توملۇق «سىخەي»، 1355 – بەت).
(3) ماۋ يۇلتۇزلار تۈركۈمى(昴宿) قەدىمكى جۇڭگو ئاست-
رونومىيىسىدىكى 28 زادىئاك يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ 18 – سى، ئاسمان
كۈررىسىنىڭ غەربىي چارىكىدىكى ئاق يولۋاس يەتتە يۇلتۇز
تۈركۈمىنىڭ ئۈچىنچىسى. يورۇقراق يەتتە يۇلتۇزدىن تەركىب تاپ-
قان، يەنى ھازىرقى بۇقا يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى يەتتە يۇلتۇزنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماۋ يۇلتۇز تۈركۈمى بىر داڭلىق يۇلتۇز

توپى بولۇپ، «پلېياد يۇلتۇزلار توپى» ياكى «يەتتە ئاچا ـ سىڭىل يۇلتۇزلار توپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1394 ـ بەت).

(4) ساماكوچىسى يۇلتۇزى (天街) قەدىمكى جۇڭگو ئاسترونومىيىسىدە بى (كەپتەر تورى، شۆلا) يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى ئىككى يۇلتۇزنىڭ نامى بولۇپ، ھازىرقى بۇقا يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى k، ω يۇلتۇزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1226 ـ بەت؛ «خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 8 ـ توم، 322 ـ بەت).

(5) جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مۇنەججىملىرى ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆگىنىشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، مۇھىم دەپ قارالغان ئېكلىپتىكا بويىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن 28 ئەختەر (星宿) نى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى تەڭمۇتەڭ تۆت گۇرۇپپىغا بۆلگەن ھەمدە ئۇلارنى تۆت گورىزونتال تەرەپ، تۆت خىل رەڭ، تۆت خىل ھايۋاننىڭ قىياپىتى بىلەن ئۆز ئارا كىرىشتۇرگەن. بۇلارنىڭ ئۇيغۇنلۇق مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىچە: شەرق تەرەپ (شەرقىي چارەك) كۆك ئەجدىھا (苍龙)، كۆك رەڭ، يەتتە يۇلتۇز تۈركۈمى؛ شىمال تەرەپ (شىمالىي چارەك قارا تاشپاقا (玄武)، قارا رەڭ، يەتتە يۇلتۇز تۈركۈمى؛ غەرب تەرەپ (غەربىي چارەك) ئاق يولۋاس (白虎)، ئاق رەڭ، يەتتە يۇلتۇزلار تۈركۈمى؛ جەنۇب تەرەپ (جەنۇبىي چارەك) قىزىل قۇش (朱鸟)، قىزىل رەڭ، يەتتە يۇلتۇز تۈركۈمى. مۇنەججىملەر بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى تۈرلۈك رايونلار، تۈرلۈك شەيئىلەر، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ياكى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ تەقدىرىگە باغلاپ قارايتتى. ئۇلار ئاسمان ھادىسىلىرى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ بىرەر ئىش، بىرەر رايون ۋە يا بىرەر شەخسنىڭ ياخشىلىق ـ يامانلىق تەرەپلىرىنى مۆلچەرلىشەتتى.

(مۇھەررىردىن).

(6) باتۇر، مەتە (昌顿 م. ب.؟ — 174) ئائىلە ئىسمى لەۋەنت (李鞮)، ھۇن تەڭرىقۇتى. تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. ئاتىسى تۈمەن ئالچىسىنىڭ تەسىرىدە باتۇرنى ۋەلىئەھدلىكتىن قالدۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، باتۇر ئاتىسىغا قارشى كۈچ توپلاپ، م. ب. 209 – يىلى تۈمەننى ئۆلتۈرۈش بىلەن، ئۆزى تەڭرىقۇت بولدى. ئۇ ئىچكى جەھەتتە تەشكىل ۋە ئىنتىزامنى كۈچەيتىپ، تۈرك، موڭغۇل، تۇڭگۇسلاردىن ئىبارەت پۈتكۈل ئالتاي قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەربىي ھاكىمىيەت قۇردى. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چىن سۇلالىسىدىن خېنەن (ھازىرقى خېتاۋ) رايونىنى تارتىۋېلىپ كۈچەيدى. ھىندىستان ۋە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان زېمىنلارنى بېسىپ ئالدى. بىر قېتىم سەددىچىندىن ئۆتكەن باتۇر تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى ليۇ باڭنى 320000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن بېيتىڭ قەلئەسىدە قورشىۋېلىپ، ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇت تىنچ ئوكياندىن كاسپىي دېڭىزىغىچە، كەشمىردىن شىمالىي سىبىرىيىگىچە تەخمىنەن 18 مىليون كۋادرات كىلومېترلىق زور بىر ئىمپېراتورلۇقتا 35 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، م. ب. 174 – يىلى ئۆلدى. تۈركىي خەلقلەر داستانلىرىدا مەدھىيىلەنگەن ئوغۇز خاننى بەزى تارىخچىلار باتۇر تەڭرىقۇت دېيىشىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1406 – بەت: «مەيدان – لاروس ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 8 – توم، 678 – بەت).

(7) تيەنچەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى (天儳) قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز (كومېتا) نامى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 2 – توم، 338 – بەت).

(8) ئەختەر يۇلتۇز (客星) قەدىمكى جۇڭگو ئاسترونومىيىسىدە ئاسمان بوشلۇقىدا يېڭىدىن كۆرۈلگەن يۇلتۇزلارغا بېرىلگەن ئورتاق نام. مەسىلەن، يېڭى يۇلتۇزلار، ئۆتە يېڭى يۇلتۇزلار، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى «ئەختەر يۇلتۇزلار» دېيىلەتتى. مۇنەججىملەر مېھمان يۇلتۇزلارنىڭ كۆرۈنۈشىگە قاراپ، ئۇلارنى

ياخشىلىق ياكى ياماندلىقتىن بەلگە بېرىدۇ، دەپ تەبىر بېرىشەتتى.
(«جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى. ئاسترونومىيە» تومى
194 — بەت).

(9) فاڭ (بۆلمە، خانە) يۇلتۇز تۇركۇمى(房宿) قەدىمكى جۇڭگو ئاسترونومىيىسىدىكى 28 زادىئاك يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ تۆتىنچىسى، ئاسمان كۇررىسىنىڭ شەرقىي چارىكىدىكى كۆك ئەجدىھا (苍龙) يەتتە يۇلتۇزلار تۇركۇمىنىڭ تۆتىنچىسى. تۆت يۇلتۇزدىن تەشكىل تاپقان، يەنى ھازىرقى چايان يۇلتۇزلار تۇركۇمىدىكى تۆت يۇلتۇزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1575 — بەت؛ «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى. ئاسترونومىيە» تومى، 282 — بەت).

(10) ۋۇجۇ (武州) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، يەنمېن ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى زوييۈن ناھىيىسىدە. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 717 — بەت).

(11) چولپان، سەۋىت (太白星) قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ سەييارىنىڭ بىرى، يەنى ۋېنېرا (金星) ئاسترونومىيىلىك بەلگىسى قەدىمكى جۇڭگودا ۋېنېرا 长庚, 太白(星) دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. ۋېنېرا ئىچكى 明星, 启明, سەييارە (يەر گۇزۇپپىسى سەييارىسى) بولۇپ، تاڭدا شەرقتە، كەچتە غەربتە كۆرۈنىدۇ. شۇڭا قەدىمدە بەزىلەر ئۇنى خاتا ھالدا ئىككى يۇلتۇز دەپ تونۇغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدا ۋېنېرانىڭ تاڭدا شەرقتە كۆرۈنگىنى 启明، كەچتە غەربتە كۆرۈنگىنى 长庚 (ياكى 太白) دەپ ئاتالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «سەۋىت»، خەلق ئارىسىدا «چولپان»، چاغاتاي ئەدەبىياتىدا «زۆھرە» دېيىلىدۇ. ۋېنېرا قۇياشتىن يىراقلىقى بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ، قۇياش بىلەن بولغان ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 0.723 ئاسترونومىيىلىك

بىرلىك (108.2 مىليون كىلومېتىر). قۇياشنى تەخمىنەن 224.7 كۈندە،
ئۆز ئوقىنى 243±1 كۈندە بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۆز ئوقى
ئەتراپىدىكى ئايلىنىشى باشقا سەييارىلەرنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇپ،
شەرقتىن غەربكە ئايلىنىدۇ. ۋېنېرا چوڭ سەييارىلەر ئىچىدە يەرگە
ئەڭ يېقىنى، قۇياش ۋە ئايدىن قالسىلا ئەڭ يورۇق يۇلتۇز
بولۇپ، بەزىدە كۈندۈزى كۆرۈنىدۇ، كېچىسى بولسا ئۇنىڭ يورۇقى
چۈشكەن نەرسىلەردە كۆلەڭگە ھاسىل بولىدۇ. يۈزىنى خېلىلا قېلىن
بۇلۇت قاپلىغان، ئاتموسفېرا قاتلىمى يەر شارىنىڭكىدەك قېلىن
ئەمەس. ئاساسىي جەھەتتىن كاربون (IV) ئوكسىدى بولۇپ، ئوك-
سىگېن بىلەن سۇ ھورى بەك ئاز. ۋېنېرا ئاتموسفېراسىدىكى كار-
بون (VI) ئوكسىدى ناھايىتى كۈچلۈك پارنىك ئېففېكتى ھاسىل
قىلىدىغانلىقتىن، يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 465 — 485°C قا يېتىدۇ.
ۋېنېرانىڭ ماگنىت مەيدانى يوق دېيەرلىك بولۇپ، دىپول مومېنتى
يەرنىڭكىگە قارىغاندا 10000 باراۋەر كىچىك.

(«جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى. ئاسترونومىيە» تومى،
176 — 177 - بەتلەر).

(12) ساماباغ يۇلتۇزلار توپى (天苑) 16 يۇلتۇزدىن ئىبا-
رەت بولۇپ، ماۋ يۇلتۇزلار تۈركۈمى قارىمىقىدا. يەنى ھازىرقى
ئېرىدان (نەھر) يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى 16 يۇلتۇزنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. «جىننامە. ئىلمىي نۇجۇم تەزكىرىسى» دە: «تيەنيۇەن 16
يۇلتۇزى ماۋ ۋە بى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ،
خاننىڭ چاربېغى — شىكارگاھى» دېيىلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1224 - بەت).

(13) قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار، كومېتىلار (星孛) پارابولاغا
يېقىن ناھايىتى سوزۇق ئېللىپس بويلاپ، ناھايىتى ئاز ساندى-
كىلىرى چەمبەرگە يېقىن ئوربىتا بويلاپ قۇياش ئەتراپىدا ئاي-
لىنىدىغان. ئاسماندا تۇمانلىق داغ شەكلىدە كۆرۈنۈپ، يۇلتۇزلارغا
نىسبەتەن سېزىلەرلىك دەرىجىدە ھەرىكەت قىلىدىغان كىچىكرەك

ماسسىلىق ئاسمان جىسىملىرى. بۇلارنىڭ قۇياشقا قارشى يۆنىلىشتە قۇيرۇقى (ياكى سۈپۈرگىگە) ئوخشايدىغان ئۇزۇن يوللىرى بولىدىغانلىقتىن، «قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار» (ياكى «سۈپۈرگە يۇلتۇزلار») دېيىلىدۇ. قەدىمكى جۇڭگو ئاسترونومىيىسىدە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار ھەر خىل ناملاردا، بەزىدە 彗星、扫帚星、孛星 妖星、星孛蓬星长星、异星、奇星、欃枪 دېگەن ناملاردا ئاتالغان. قەدىمدە پەن تەرەققىي تاپمىغانلىقتىن، كىشىلەر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىشاتتى.

(جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى، ئاسترونومىيە» تومى، 155 — 156 - بەتلەر؛ بىر توملۇق «سىخەي»، 1062 - بەت).

(14) شاۋياۋ يۇلتۇزى [招 (shǎo) 摇] قەدىمكى جۇڭگو ئاسترونومىيىسىدە يەتتە قاراقچى (چوڭ ئېيىق يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى چۆمۈچ شەكلىدە تىزىلغان يەتتە يورۇق يۇلتۇز) نىڭ يەتتىنچىسىنىڭ نامى. يەنى چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى $n$ يۇلتۇزى 摇(瑶)光 مۇ دېيىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 689 - بەت؛ «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى. ئاسترونومىيە» تومى، 15 - بەت).

(15) ئۇگە (毋寡) م.ب. Ⅱ ئەسىردە ئۆتكەن غەربىي يۇرتتىكى پەرغانە خانلىقىنىڭ خانى. ئىبرىشى سانغۇن لى گۇاڭلى قوماندىسىدىكى خەن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بولغان ئۇرۇش ۋاقتىدا (م.ب. 104 — 101) پەرغانە ئېسىلزادىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(مۇھەررىردىن).

(16) يۈەنپىڭ (元平) غەربىي خەن سۇلالىسى خانى جاۋدىنىڭ يىلنامىسى. م.ب. 74 - يىلدىنلا ئىبارەت ئاخىرقى بىر يىللىق سەلتەنەت مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 653 - بەت).

(17) بەش سانغۇن (五将) فەن مىڭيۇ. جەن زىلڭ، جۇ چۇنقۇ، تيەن گۇاڭمىڭ، تيەن شۇنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە»، 5 ـ توم، 1307 ـ بەت).

(18) دۇ (چۆمۈچ) يۇلتۇز تۈركۈمى (斗宿)南斗 مۇ دېيىلىدۇ. قەدىمكى جۇڭگو ئاسترونومىيىسىدىكى 28 زادىئاك يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ سەككىزىنچىسى، ئاسمان كۈررىسىنىڭ شىمالىي چارىكىدىكى قارا تاشپاقا (玄武) يەتتە يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ بىرىنچىسى. ئالتە يۇلتۇزدىن ئىبارەت، يەنى ھازىرقى ئوقچى (ياي) يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى ξ، τ، δ، μ، λ، φ يۇلتۇزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1572 ـ بەت).

(19) خۇڭجيا (鸿嘉) خەن چېڭدىنىڭ يىلنامى. م.ب. 20 — 17 ـ يىللىرىدىكى سەلتەنەت دەۋرى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 960 ـ بەت).

(20) دېۋتاۋبۇقا(雕陶莫皋) ھۇن تەڭرىقۇتى. پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت مۇشۇ.

(مۇھەررىردىن).

(21) ياڭ شىڭ (杨兴) ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ، خەن يۈەندى دەۋرىدە چاڭئەنگەن ھاكىم بولىدى. خەن چېڭدى دەۋرىدە ئەملى ئايماق بېگىلىك دەرىجىسىگە يەتتى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1824 ـ بەت).

«خەننامە» 27 - جىلد

## بەش ئانسىر (1) تەزكىرىسى

م.ب. 161 - يىلى (خەن ۋېندى خۇ يۈەن ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە كېچە - كۈندۈز توختىماي، ئۈدا 35 كۈن قاتتىق يامغۇر ياغدى، لەنتيەن(2) ناھىيىسىدە كەلكۈن كېلىپ 900 نەچچە تۇتۇننى ئاققۇزۇپ كەتتى. يەن بەگلىكىدە 8000 دىن ئوشۇق ئۆيىنى سۇ بېسىپ خاراب قىلدى. 300 دىن ئوشۇق كىشى ئۆلدى... بۇ چاغدا، ھۇن تەڭرىقۇتىغا خانىكە بىلەن ئۇرغۇن سوۋغا - سالاملار ئەۋەتىلدى. لېكىن مەغرۇرلىشىپ كەتكەن ھۇنلار شىمالدىكى چېگرا - قورۇللارغا داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىپ، 10 مىڭدىن ئوشۇق ئاھالىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. شۇڭا خەن سۇلالىسى ھەر يىلى ئەسكەر چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلدى ھەمدە چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى.

(«خەننامە»، 5 - توم، 1346 - بەت).

م.ب. 177 - يىلى (خەن ۋېندى خۇ يۈەن ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى. شۇ يىلى يازدا، ھۇن ئوڭ قول بىلىكخانى شاڭجۈن ۋىلايىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. خەن ۋېندى يارلىق

چۇشۇرۇپ، باش ۋەزىر گۇەن يىڭنى ھارۋىلىقلار ۋە چەۋەنداز- لاردىن بولۇپ جەمئىي 85 مىڭ ئادەم بىلەن ئوڭ قول بىلىكخانىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن گاۋنۇ(3) غا ئەۋەتتى. ئوڭ قول بىلىكخان قورۇلدىن قېچىپ كەتتى.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1391 – بەت).

م.ب. 158 – يىلى (خەن ۋېندى خۇيۇەن ئالتىنچى يىلى) باھاردا، مەملىكەت بويىچە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھارۋا ئاتلىقلار ۋە مەشقاۋۇللاردىن تەشكىل تاپقان قىسىملار گۇاڭچاڭ(4) نى ساقلاشقا ئەۋەتىل- دى. شۇ يىلى ئىككىنچى ئايدا يەنە لۇگشىنى ساقلاش ئۈچۈن نۆكەرلەر ئەۋەتىلدى. كېيىن ھۇنلار شاگجۇ، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىردى، سىگنال تۇرلىرى(5) ئارقىلىق چاڭئەنگە خەۋەر بېرىلدى. خاقان ۋېيدى كېگەشبەگ لىڭ مېيەننى ھارۋا – ئاتلىقلار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، فېيخو دېگەن يەردە تۇرغۇزدى؛ چۇ بەگلىكى سابىق ۋەزىرى سۇ يىنى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، گۇرجۇ دېگەن يەردە تۇرغۇزدى؛ سانغۇن جاڭ ۋۇنى بېيدى ۋىلايىتىنىڭ مۇداپىئەسىگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇ يافۇ، لىيۇ لى، شۇ لى سانغۇنلارنى پايتەختنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇردى.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1392 – بەت).

م.ب. 129 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭ ئالتىنچى يىلى) يازدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى. شۇ يىلى ۋېي چىڭ، گوڭ سۇنئاۋ، گوڭسۇن خې، لى گۇاڭدىن ئىبارەت تۆت سانغۇن ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى.

م.ب. 124 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) باھاردا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى. شۇ يىلى ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭنىڭ قوماندانلىقىدا سۇ جيەن، لى جۇ، گوڭ-

سۇنخې، لى سەي، لى شى، جاڭ سىگۇڭدىن ئىبارەت ئالتە سانغان يۈز نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

م.ب. 100 – يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ تۇنجى يىلى) يازدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى. م.ب. 98 – يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) يازدا يەنە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ب.م. 101 – يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) (سۇترىشانا) ئۆرەتۆپە سانغۇنى لى گۇاڭلى پەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلدى. م.ب. 100 – يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەن تۇنجى يىلى) چېگرا ساقلاشقا مەملىكەت بويىچە جىنايەتچىلەر يىغىۋېلىندى. م.ب. 99 – يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا لى گۇاڭلى، گۇڭسۇن ئاۋ، لى لىڭدىن ئىبارەت ئۈچ سانغۇن ھۇنلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. مەغلۇپ بولغان لى لىڭ ھۇنلارغا تەسلىم بولدى.

(«خەننامە»، 5 – توم، 1392 – بەت).

م.ب. 71 – يىلى (خەن شۈەندى بېنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) يازدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى. شەرق – غەربتە بولۇپ، بىرقانچە 1000 چاقىرىم يەر ئاپەتكە ئۇچرىدى. شۇ يىلى بىرىنچى ئايدا، تيەن گۇاڭمىڭ، جاۋ چۇڭگو، تيەن شۈن، فەن مىڭيۇ، خەن زېڭدىن ئىبارەت بەش سانغۇن 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى.

م.ب. 61 – يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ تۇنجى يىلى) كۈزدە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى. شۇ يىلى ھىماتچى

سانغۇن جاۋ چۇڭگو غەربىي چىياڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىدى.
(«خەننامە»، 5 – توم، 1393 – بەت).

م.ب. 117 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) قىش، يەرلەر تېخى توڭلىمىغانىدى. بۇنىڭ ئالدىدا ئۇدا بىر-نەچچە يىل ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ۋە خو چۈبىڭلار ئەۋەتىلىپ چىلەن تېغى ئىشغال قىلىنىدى. ئۇلار چوڭ قوشۇنلۇقتىن ئۆتۈپ، تەڭرىقۇتىنى توختىماي قوغلاپ يۈرۈپ، ئىلگىرى – ئاخىر 100 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى.
(«خەننامە»، 5 – توم، 1409 – بەت).

م.ب. 144 – يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەن ئالتىنچى يىلى) ئۈچىنچى ئايدا قار ياغدى. شۇ يىلى ئالتىنچى ئايدا هۇنلار شاڭجۈن ۋىلايىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، يايلاقتىكى ئاتلارنى بۇلاپ كەتتى. جەڭدە سىپاھ – بەگلەردىن 2000 دىن ئوشۇق ئادەم ئۆلدى.
(«خەننامە»، 5 – توم، 1424 – بەت).

م.ب. 131 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭ تۆتىنچى يىلى) تۆتىنچى ئايدا قىراۋ چۈشۈپ ئوت – چۆپلەرنى ئۆلتۈرىۋەتتى. بۇنىڭ ئالدىدا، يەنى م.ب. 133 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ 2 – يىلى) خەن ئەنگو، لى گۇاڭ، گۇڭسۇنخې، ۋاڭ خۇي، لى شىلاردىن ئىبارەت بەش سانغۇن 300 مىڭ ئەسكەر بىلەن مايى ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇپ، كۆن تەڭرىقۇتقا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى، تەڭرىقۇت سېزىپ قېلىپ، چېكىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەتراپتىكى يات قەبىلىلەرگە ئۇدا 30 نەچچە يىل جازا يۈرۈشى قىلىنىغاچقا،

مەملىكەت نوپۇسىنىڭ يېرىمى ئازىيىپ كەتتى.
(«خەننامە»، 5 - توم، 1426 — 1427 - بەتلەر).

م.ب. 147 - يىلى (خەن جىڭدى جۇڭيۈەن ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. بۇنىڭ ئالدىدا ھۇنلار چېگرىغا ھۇجۇم قىلغاچقا، قوشنىسى ۋۇپى بۇخەي ھارۋا - ئاتلىقلار ۋە نۆكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، دەيجۈن ۋىلايىتىنىڭ گاۋ ليۇ(6) دېگەن يېرىنى ساقلىدى.
(«خەننامە»، 5 - توم، 1434 - بەت).

م.ب. 130 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭ بەشىنچى يىلى) كۈزدە ھاشارات ئاپىتى، م.ب. 129 - يىلى خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭ ئالتىنچى يىلى) يازدا چېكەتكە ئاپىتى بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا، يەنى م.ب. 133 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭ ئىككىنچى يىلى) بەش سانغۇن كۆپ تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن 300 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن مايىدا بۆكتۈرمىدە تۇردى. شۇ يىلى ۋۇپى چىڭ، گۇڭسۇن ئاۋ، گۇڭسۇن خې، لى گۇاڭدىن ئىبارەت تۆت سانغۇن ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى.
(«خەننامە»، 5 - توم، 1435 - بەت).

م.ب. 104 يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ تۇنجى يىلى) يازدا چېكەتكە ئاپىتى بولدى. چېكەتكە شەرقتىن دۇنخۇاڭغا قەدەر كەلدى. م.ب. 102 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇ ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە يەنە چېكەتكە ئاپىتى بولدى. تەيچۇ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپ، ئىرشى سانغۇن لى گۇاڭلى پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇ جەڭگە داۋاملىق مەدەت بېرىپ تۇردى.

م.ب. 90 ـ يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە ۋە تۆتىنچى يىلى يازدا چېكەتكە ئاپىتى بولدى. بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن لى گۇاڭلى، شاڭ چيۇچېڭ، ما تۇڭ قاتارلىق ئۈچ سانغۇن 100 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر بىلەن هۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلغانىدى. خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئىرشى سانغۇن لى گۇاڭلى 70 مىڭ ئەسكىرى بىلەن هونلارغا تەسلىم بولدى.

(«خەننامە»، 5 ـ توم، 1435 — 1436 ـ بەتلەر).

م.ب. 158 ـ يىلى (خەن ۋېندى خۇيۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى) كۈزدە يېشىل قۇرت ئاپىتى بولدى. شۇ يىلى هونلار شاڭجۈن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە چوڭ كۆلەمدە هۇجۇم قىلىپ كىردى. سىگنال تۇرلىرى ئارقىلىق چاڭئەنگە خەۋەر قىلىندى. سانغۇن لىڭ ميەن، سۇ يى، جاڭ ۋۇلار چېگرىنى ساقلاشقا، سانغۇن جۇ يافۇ، ليۇ لى، شۈلىلار پايتەختنى قوغداشقا ئەۋەتىلدى.

(«خەننامە»،5 ـ توم، 1446 — 1447 ـ بەتلەر).

---

(1) بەش ئانىسىر (五行) قەدىمكى زاماندا تۆرلۈك شەيئىلەرنى هاسىل قىلغۇچى بەش خىل ماددا ـ سۇ، ئوت، ئۆسۈملۈك، مەدەن، تۇپراق «بەش ئانىسىر» دېيىلەتتى. بەش ئانىسىرغا ئاساسەن قەدىمكىلەر «ئانىسىرلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن هاسىل بولۇش، بىر ـ بىرىنى يېڭىش تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراش بويىچە «ئوت ئۆسۈملۈكتىن، تۇپراق ئوتتىن، مەدەن تۇپراقتىن، سۇ مەدەنىدىن، ئۆسۈملۈك سۇدىن هاسىل بولاتتى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە سۇ ئوت ئۈستىدىن، ئوت مەدەن ئۈستىدىن، مەدەن ئۆسۈملۈك ئۈستىدىن، ئۆسۈملۈك تۇپراق ئۈستىدىن، تۇپراق سۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى». شۇنىڭدەك بۇ بەش ئانىسىر بۇرجلار بويىچە بەش تەرەپنى كۆرسەتتى. يەنى ئەتىياز — ئۆسۈملۈك، ياز — ئوت، تومۇز —

ئۆپىراق، كۆز ـــ مەدەن، قىش ـــ سۇ ئاناسىرلىرى بولۇپ، ئەتىياز شەرقنى، ياز جەنۇبنى، تومۇز قەلبنى، كۈز غەربنى، قىش شىمالنى بىلدۈرەتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 30 — 31 ـ بەتلەر).

(2) لەنتيەن (蓝田) ناھىيە. چىن بەگلىكى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. شەنشى ئۆلكىسىدە. قەدىمكى شەھىرى ناھىيىنىڭ غەربىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 2726 ـ بەت).

(3) گاۋنۇ (高奴) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان، شاڭجۈ ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يەنئەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يەنخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2043 ـ بەت).

(4) گۇاڭچاڭ (广昌) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى لەييۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 844 ـ بەت).

(5) سىگنال تۇرلىرى (烽火台) قەدىمكى زاماندا چېگرا مۇھاپىزىتى ئۈچۈن ئوت ئارقىلىق خەۋەر بېرىش مەقسىتىدە ياسالغان تۇرلار. مەلۇم ئارىلىق قويۇپ ياسىلاتتى. دۈشمەن تاجاۋۇز قىلغاندا بىر تۇر ئوت ياقسا، قوشنا تۇرلار كۆرگەن ھامان ئوت ياقاتتى ـ دە، تېزلىكتە پۈتۈن لىنىيە خەۋەر تېپىپ تەييارلىق كۆرەتتى. سىگنال تۇرلىرىغا ئادەتتە بۆرە پوقى يېقىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1561 ـ بەت).

(6) گاۋلىيۇ (高柳) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى ياڭگاۋ ناھىيىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 3479 ـ بەت).

## جۇغراپىيە تەزكىرىسى

ۋۇ ۋېيىنىڭ غەربى ئەسلىدە ھۇن قونشارقان، شۇتۇق قانلارنىڭ زېمىنى ئىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە بۇ چوڭ زېمىن ئىشغال قىلىنىدى ۋە ئۇ يەرگە ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ۋىلايەت قۇرۇلۇپ، غەربىي يۇرت (قۇرىقار) غا بارىدىغان يول راۋانلاشتۇرۇلدى ھەمدە جەنۇبىي چياڭلار بىلەن ھونلارنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلدى. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلىدە گۇەندۇڭلۇق سالپى ـ ساپاقلار، بەزىلىرى كۆكەمە ـ ئۇششۇقلار، بەزىلىرى ئاسىيلىق قىلغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بۇ يەرلەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەنىدى. بۇ تۆت ۋىلايەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئىچكى جايلارغا پەقەت ئوخشىمايتتى. يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ ئىدى. ئوت ـ سۇيى مول ۋە گۈزەل بولۇپ چارۋىچىلىققا باب ئىدى. شۇڭا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، لياڭجۇ(1) ئايىمىقىنىڭ چارۋىچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي تاپقانىدى. خەلقتە چېگرا ـ قورۇللارنى ساقلاش مەجبۇرىيىتى بار بولۇپ، باشقۇرۇپ تۇرغان ۋالىي ۋە كاھىبەگلەر قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. توپلىنىپ شاراب ئىچىشەتتى. يۇقىرى

بىلەن تۆۋەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايتتى. ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار بىر ـ بىرىگە ئامراق ئىدى. مانا بۇلار بۇ يەردە ئادەت ـ كەيپىيات بولۇپ شەكىللەندى. بۇ يەردە شامال، يامغۇر نورمال بولۇپ، ئاشلىق باھاسى دائىم ئەرزان بولاتتى. ئۇغرى ـ يالغان ئاز ئىدى. ئىناقلىق ھېسسىياتى ئىچكىرىدىكى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرگە نىسبەتەن كۆپ ياخشى ئىدى. مانا بۇ سىياسى ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ كەڭ يولغا قويۇلغانلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالارغا شەپقەتسىزلىك قىلمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

(«خەننامە»، 6 ـ توم، 1644 ـ 1645 ـ بەتلەر).

ۋۇدۇ رايونىدا دىلار بىلەن چياڭلار ئارىلاش ياشايتتى. شۇنىڭدەك چيەنۋېي(2)، زاڭگې(3) ۋە يۆسۈي(4) دىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋملەر ياشايتتى. بۇ ۋىلايەتلەر خەن ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تەسىس قىلىنغان، خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بارە شۇ ۋىلايەتلىرىگە ئوخشاپراق كېتەتتى. ۋۇ دۇتيەنشۈي ۋىلايىتىگە يېقىن بولغاچقا، ئۆرپ ـ ئادىتى شۇ ياققا ناھايىتى ئوخشايتتى.

(«خەننامە»، 6 ـ توم، 1646 ـ بەت).

---

(1) لياڭجۇ (凉州) قەدىمكى ئايماق، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى، نىڭشيا ـ خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىدىن ئىبىقېپ ئۆتىدىغان خۇاڭشۇي دەريا ۋادىسىنى ھەم ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى نارىن ـ مۆرىن دەرياسى بويلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 ـ توم، 1808 ـ بەت).

(2) چيەنۋېي (犍为) قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب. 135 ـ يىلى

غەربىي خەن خانى ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت. مەركەز شەھىرى بوداۋ (ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى بىنشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) بولۇپ، يىجۇغا قارايتتى.

(تۈزىتىلگەن بىر توملۇق «سىيۈەن»، 1988 - يىلى، شاڭۋۇ نەشرىياتى، بېيجىڭ نەشرى، 1078 - بەت).

(3) زاڭكې (牂牁) قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب. 111 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. مەركەز شەھىرى چىيلەن (ھازىرقى گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) بولۇپ، گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ كۆپ قىسمى، يۈننەننىڭ شەرق قىسمى ھەم گۇاڭشىنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(تۈزىتىلگەن بىر توملۇق «سىيۈەن»، 1068 - بەت).

(4) يۆسۈي (越巂) قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب. 111 - يىلى تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ بىلەن سۈيجياڭ ناھىيىلىرى ئارىلىقىدىكى جىنشاجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى شياگۈەن، داياۋ ناھىيىلىرىنىڭ شىمالى، سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى مۇلى، شىمىيەن، گەنلۇ، يېبو ناھىيىلىرىنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىگە توغرا كېلىدۇ. مەركەز شەھىرى چيوڭدۇ (بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسى شىچاڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا).

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1947 - بەت).

# ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر تەزكىرىسى

بۇ دەل ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقىت بولغاچقا، ئۇنۇم ۋە پايدىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا خانغا تەكلىپ بەرگۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولغانىدى. چى بەگلىكىدىن يەن نىيەن(1) دېگەن ئادەم خەن ۋۇدىغا: «خۇاڭخې دەرياسى قاراڭغۇ تاغ (كۇئېنلۇن)(2) دىن باشلىنىپ، تۈزلەڭلىك ئارقىلىق بوخەي(3) دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. دېمەك، يەر ۋەزىيىتى جەھەتتە غەربىي شىمال ئېگىز، شەرقىي جەنۇب پەس. خەرىتە ۋە كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، ھەقىقىي يەر تۈزۈلۈشىنى كۆزىتىپ، يەر ۋەزىيىتىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىنى ئۆلچەپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغنى يېرىپ، سۇ ئىنشائاتى ياساپ، دەريانىڭ سۈيىنى ھۇنلار زېمىنىغە ئاققۇزۇش، ئاندىن شەرققە ئاققۇزۇپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان قىلىش توغرىسىدا يارلىق بېرىلىشىنى تەكلىپ قىلىمەن. بۇنداق قىلغاندا، گۇەندۇڭدا سۇ ئاپىتى مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ، شىمالدا ھۇنلارنىڭ قالايمىقان قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىشىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ. شۇنىڭدەك دەريا قاشلىرىنى ياساش، ئەسكەرلەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك توشۇش ئىشلىرى، ھۇنلارنىڭ ھۇجۇم ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئەسكەر ـ سەركەردىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشى، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ

داللاردا تاشلىنىپ قېلىنىشى قاتارلىق بالايى ئاپەتلەردىن ساق-
لانغىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا
قارشى مۇداپىئەگە ھەر دائىم تەييارلىنىپ تۇرغىلى، جەنۇبتىكى
يۆلەرنىڭ قالايمىقان قىلىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولغىلى
بولىدۇ. مانا بۇ جەنۇبتىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ توسالغۇلۇق
رول ئوينىشىدىن ئىبارەت پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ بولۇشىدىن بول-
غان، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئېقىن يولىنى ھۇنلار زېمىنىدىن
ئېلىش قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالسىلا ئەبەدىلئەبەد
چوڭ مەنپەئەت قازانغىلى بولىدۇ» دەپ تەكلىپ بەردى. خەن
ۋۇدى بۇنى ئىنتايىن ئۇلۇغۋار پىلان دەپ قارىدى ۋە يەن نيەن
ناھايىتى چوڭقۇر ئويلاپتۇ. بىراق خۇاڭخې دەرياسىنى
دايۇ(4) راۋان قىلغان، دايۇ ئۇززۇن يىللىق مەنپەئەتنى
كۆزدە تۇتۇپ، ئىلاھىي ئىرادە بويىچە ئىش كۆرگەن. بۇنى
ئۆزگەرتىش تەس دەپ تەستىق سالدى.

(«خەننامە»، 6 - توم، 1686 - بەت).

---

(1) يەن نيەن (延年) چى بەگلىكىدىن. خەن ۋۇدىغا
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قىنىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن
كىشى.

(«خەننامە»، 6 - توم، 1686 - بەت).

(2) قاراڭغۇ تاغ (昆仑) كوئېنلۇن، قۇرۇم تاغلىرىمۇ دې-
يىلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە
جەنۇبىدىكى تاغ تىزمىسى. ئۇزۇنلۇقى 2700 كىلومېتر؛ غەربىي قىسمىنىڭ
كەڭلىكى 150 كىلومېتر، شەرقىي قىسمىنىڭ كەڭلىكى 600 كىلومېتر
كېلىدۇ. ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 7723 مېترغىچە (مۇز تاغ چوق-
قىسى) بولۇپ، تاغنىڭ كۆپ يەرلىرى شىمالى ئېگىزلىكىدىن 1000—1500
مېتر ئېگىز؛ شىمالىي يانباغرى قەشقەر تۈزلەڭلىكى ۋە ئۇنىڭ
شەرقىدىكى قۇملۇق رايونلاردىن 4500 — 5000 مېتر ئېگىز.
قاراڭغۇ تاغنىڭ شەرق قىسمى چىلىيەن (تىلەن) تاغ تىزمىسىنى

ھاسىل قىلغان. مۇزلۇقلىرىنىڭ مەيدانى 14300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆپ يەرلىرى قۇرغاق يايلاقلىق جايلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئېگىز تاغلىق رايونلىرى سوغۇق چۆللۈك مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، 739 ـ بەت).

(3) بوخەي (渤海) مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى دېڭىزى. لياۋنىڭ، خېبېي، شەندۇڭ، تيەنجىنلەردىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكە، بىر شەھەرنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەرقىي لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى لاۋتيېشەن تۇمشۇقىدىن شەندۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ شىمال قىرغىقىدىكى پېڭلەي تۇمشۇقى ئارىلىقىدىكى بوخەي بوغۇزى ئارقىلىق سېرىق دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. مياۋداۋ توپ ئاراللىرى بوغۇزنىڭ ئاغزىغىچە تارقىلىپ جايلاشقان. مەيدانى 80000 كۋادرات كىلومېتىر. سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 20 مېتىر. ساھىلىدا لياۋدۇڭ، بوخەي، لەيجۇدىن ئىبارەت ئۈچ قولتۇق بار. لياۋخې، خەيخې، خۇاڭخې دەريالىرى ئېغىزىنىڭ ئەتراپلىرى تېيىز بولۇپ، راك، قىسقۇچ پاقا، سېرىق بېلىق مول چىقىدۇ. قىرغاقلىرىدىن سۇپەتلىك تۇز ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 973 ـ بەت).

(4) دايۈ (大禹) رىۋايەتلەر بويىچە، قەدىمكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقىلى. فامىلىسى سى، يۈ، شيايۈ، رۇڭيۈ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىسمى ۋېنمىڭ بولۇپ، گۇەننىڭ ئوغلى. شيا خۇشى قەبىلىسىنىڭ چوڭ ئاقساقىلى شۇن دايۈنى كەلكۈن سۈيىنى تىزگىنلەشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، دەريا سۇلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. 13 يىل سۇ تىزگىنلەش جەريانىدا ئىشىكى ئالدىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆيىگە كىرمەيدۇ. كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن شۇن ئۆلگەندىن كېيىن، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ ئاقساقىلى بولىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 88 ـ بەت).

# خەن (韩) بېگى خەن شىننىڭ تەرجىمىھالى

خەن شىن (韩信) مەرھۇم خەن (韩) بېگى شىياڭۋاڭ(1)
ئوغلىنىڭ كىچىك ئاغىچىسىدىن بولغان بالىسى بولۇپ، بويى
سەككىز گەز بەش ئىلىك ئىدى.

م.ب. 208 ــ يىلى (چىن سۇلالىسى(2) نىڭ II خانى
يىڭ خۇخەي(3) نىڭ ئىككىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، شىياڭ
لىياڭ(4) چۇ خۇەيۋاڭ(5) نى ھىمايە قىلىپ، چۇ بەگلىكى-
نىڭ بېگى قىلىپ تىكلىدى. بۇ چاغدا يەن، چى، جاۋ، ۋېي(6)
بەگلىكلىرى مەرھۇم بەگلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئاللىقاچان
بەگ قىلىپ تىكلەپ بولغانىدى. پەقەت خەن بەگلىكىدىلا
مەرھۇم بەگلەرنىڭ چوڭ ئاغىچىدىن بولغان ئەۋلادلىرى بول-
مىغانلىقتىن سابىق خەن بېگىنىڭ كىچىك ئاغىچىسىدىن بول-
غان ئوغلى خېڭياڭ بېگى خەن چېڭ (韩成) نى بەگ قىلىپ
تىكلەپ، خەن بەگلىكىگە قاراشلىق جايلارنى تىنچىتماقچى
بولۇشتى. شۇ يىلى توققۇزىنچى ئايدا شىياڭ لىياڭ دىڭتاۋ(7)
دىكى جەڭدە ئۆلدى. خەن بېگى خەن چېڭ چۇ خۇەيۋاڭغا
تەسلىم بولدى. جانابىي لىيۇباڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ياڭچېڭ(8)
غا ھۇجۇم قىلدى ۋە جاڭ لىياڭ(9) نى خەن بەگلىكى-
نىڭ ئەمىر زېمىنى(10) نامى بىلەن خەن بەگلىكىنى ئىشغال

قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە خەن شىننى تېپىۋېلىپ خەن بەگلىكىنىڭ سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى. خەن شىن ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، ليۇباڭ بىلەن بىرلىكتە ۋۇگۇەن قوۋۇقى(11) غا كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەي شياڭ يۈ جانابىي ليۇباڭنى خەن (汉) بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. خەن شىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەنجۇڭ(12) غا باردى ۋە خەن (汉) بېگى ليۇباڭنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «شياڭ يۈ نۇرغۇن سەركەردىلەرنى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. يالغۇزلا سىلىنى بۇ چەت ياقا يۇرتقا بەگ قىلىپ قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە سۈرگۈن قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ قول ئاستىلىرىدىكى سىپاھ ـ بەگلەرنىڭ ھەممىسى شياۋشەن تېغىنىڭ شەرقىدىن، ئۇلار يۇرتىغا بالدۇرراق قايتىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرققە يۈرۈش قىلىدىغان بولساق، شياڭ يۈدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. خەن (汉) بېگى ليۇباڭ قايتىپ كېلىپ ئۈچ چىن(13) يېرىنى ئىشغال قىلدى ۋە خەن شىننى بەگ تەيىنلەشكە ۋەدە قىلىپ، ئاۋۋال ئۇنى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكى(14) گە تەيىنلىدى، خەن شىن قوشۇنى بىلەن خەن بەگلىكىنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلاندى. شياڭ يۈ تەيىنلىگەن بەگلەر ئۆز بەگلىكلىرىگە باردى. خەن بېگى خەن چېڭ شياڭ يۈ بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتمىگەچكە، شياڭ يۈ ئۇنى ئۆز بەگلىكىگە قايتۇرماي، باشقىدىن راڭ(15) بېگى قىلىپ بەلگىلىدى، كېيىنچە ئۇنى ئۆلتۈردى. شياڭ يۈ خەن (汉) بېگى ليۇباڭنىڭ خەن شىننى ئەۋەتىپ، خەن (韩) بەگلىكىنى ئىشغال قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىلگىرى ئۆزى ۋۇشيەن(16) ناھىيىسىنى سەيلى ـ تاماشا قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا شۇ يەرنىڭ ھاكىمى بولۇپ تۇرغان جېڭ چاڭ(17) نى خەن (韩) بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، خەن (汉) ئەسكەرلىرىگە تاقا-

بىل تۇرماقچى بولدى.

م.ب. 205 - يىلى (خەن (汉) بېگى ليۇباڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن شىن خەن (韩) بەگلىكىنىڭ ئون نەچچە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. خەن (汉) بېگى ليۇباڭ ئۆزى بىۋاستە خېنەنگە كەلدى، خەن شىن قوشۇنى بىلەن خەن(韩) بەگلىكى بېگى جېڭ چاڭغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. مەغلۇپ بولغان جېڭ چاڭ خەن (汉) بېگى ليۇ باڭغا تەسلىم بولدى. خەن بېگى ليۇباڭ خەن شىننى خەن (韩) بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. خەن شىن دائىم ئەسكەرلىرى بىلەن خەن (汉) بېگى ليۇباڭغا ئەگىشىپ يۈرۈشلەردە بىللە بولدى. خەن (汉) بېگى ليۇباڭ شىڭياڭ(18) نى قوغداشقا خەن شىن ۋە جۇكې (19) قاتارلىق سەركەردىلەرنى ئەۋەتتى، چۇ (楚) قوشۇنى شىڭياڭنى ئىشغال قىلغاندا، خەن شىن چۇ بېگى شياڭ يۈگە تەسلىم بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ خەن (汉) بارگاھىغا قېچىپ كەلگەن خەن شىننى خەن (汉) بېگى ليۇباڭ يەنە خەن (楚) بېگى قىلىپ تىكلەپ قويدى. ئاخىر ئۇ خەن (汉) بېگى ليۇباڭ بىلەن بىرلىكتە شياڭ يۈنى مەغلۇپ قىلدى.

م.ب. 202 - يىلى (خەن گاۋدىنىڭ بەشىنچى يىلى) ئەتىيازدا، خەن گاۋدى (ليۇباڭ) تەمتەك چۈشۈرۈپ، خەن شىننى يىڭچۈەندە خەن (韩) بېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

م.ب. 201 - يىلى (خەن گاۋدىنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئەتىيازدا، خەن شىننى قاۋۇل، باتۇر دەپ ھېسابلىغان خەن گاۋدى خەن بەگلىكىنىڭ شىمالىي گۇڭشيەن(20)، لوياڭلارغا يېقىن، جەنۇبىي يۈەنشيەن(21)، يېشيەن(22) ناھىيىلىرىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ، شەرقىدە خۇەيياڭ بەگلىكى بار، بۇلار

مەملىكەت بويىچە خىل ۋە قاۋۇل جەڭچىلەر چىقىدىغان مەش-
ھۇر جايلار دەپ قارىغاچقا، تەيىۋەن ۋىلايىتى(23) نى خەن
بەگلىكىگە ئۆزگەرتتى ۋە ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۈرەش ئۈچۈن
خەن بېگى خەن شىننى ئۇ يەرگە يۆتكىدى. جىنياڭنى خەن
بەگلىكىنىڭ مەركىزى قىلدى. خەن بېگى خەن شىن خەن
گاۋدىغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «خەن بەگلىكىنىڭ شىمالىي تەرىپى
چېگرىغا يېقىن بولغاچقا، ھۇنلار پات - پات تاجاۋۇز قىلىپ
تۇرىدۇ. جىنياڭ چېگرا - قورۇلدىن يىراق. شۇڭا مەركەزنى
مايىغا يۆتكەشنى ئىلتىماس قىلىمەن» دەپ مۇراجىئەت قىلى-
ۋىدى، خەن گاۋدى ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى.

شۇ يىلى كۈزدە ھۇن ھۆكۈمدارى باتۇر تەڭرىقۇت كەڭ
كۆلەمدە خەن سۇلالىسى چېگرىسىغا بېسىپ كىرىپ، خەن بېگى
خەن شىننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىۋېدى، خەن شىن
ھۇن تەڭرىقۇتىغا كەينى - كەينىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ يارى-
شىشنى تەلەپ قىلدى. خەن گاۋدى، خەن بېگى خەن شىنگە
ئەسكىرىي ياردەم بەرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھۇنلارغا
بىرقانچە قېتىم ئۆز ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىگە قاراپ،
ئۇنى ئالىكۆڭۈل بولۇپ قالدىمىكىن دەپ گۇمانلاندى ۋە خەن
بېگى خەن شىنگە تەنبىھ مەكتۇپى يېزىپ: «پەقەت ئۆلۈمنىلا
ئويلىغان سانغۇننى باتۇر دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭلا
جېنىنى ئويلىغان ئادەم سەركەردە بولالمايدۇ. سىز شۇ ئىشتى-
دارىڭىز بىلەن ھۇنلارنىڭ بۇ قېتىم مايىغا قىلغان ھۇجۇمىغا
تاقابىل تۇرالمايتتىڭىزمۇ؟ گەرچە سىز خەتەرلىك ئەھۋالدا
تۇرۇۋاتقان بولسىڭىزمۇ، پەقەت سادىق بولسىڭىزلا، ۋەتەننى
مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايتتىڭىز! سىزدىن مانا مۇشۇ
ئىككى نەرسىنى تەلەپ قىلىمەن» دېدى. خەن بېگى خەن شىن
خەن گاۋدىنىڭ بۇ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن،
كاللىسى كېتىشتىن قورقۇپ، ھۇنلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ

بىرلىكتە خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ھۇنلارغا مايىسى شەھىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تەسلىم بولدى. يەنە قوشۇنى بىلەن تەييۈەنگە ھۇجۇم قىلدى.

م. ب. 201 - يىلى (خەن گاۋدىنىڭ يەتتىنچى يىلى) قىشتا، خەن گاۋدى ئۆزى يۈرۈش قىلىپ، تۇڭدىدا خەن شىننى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ چوڭ سەركەردىسى ۋاڭ شىننى ئۆلتۈردى. خەن شىن ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ چوڭ سەركەردىلىرىدىن بەيتۇ(24) لۇق مەن چيۇچېن بىلەن ۋاڭ خۇاڭلار يەنە ئالتە بەگلىك(25) دەۋرىدىكى جاۋ بېگىنىڭ پۇشتى جاۋلىنى بەگ قىلىپ تىكلىدى ۋە خەن شىننىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، خەن شىن ۋە باتۇر تەڭرىقۇتلار بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ خەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ھۇن ھۆكۈمدارى باتۇر تەڭرىقۇت ئوڭ ۋە سول قول بىلىكخانىنى ئون نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئەۋەتىپ، ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە گۇاڭۋۇ(26) نىڭ جەنۇبىدا تۇرغۇزدى. جىنياڭغا بېرىپ خەن قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى. خەن قوشۇنى ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، لىشى(27) دېگەن جايغىچە قوغلاپ باردى ۋە يەنە مەغلۇپ قىلدى. ھۇنلار ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن لوۋفەننىڭ غەربىي شىمالىغا توپلىدى. خەن قوشۇنى ھۇنلارغا جەڭ ھارۋىلىرى، چەۋەندازلار بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ھۇنلار مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا چېكىنىۋەردى. غەلىبىدىن پايدىلانغان خەن قوشۇنى شىمالغا قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەردى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ دەيگۇ(28) دا ئىكەنلىكى ئاڭلاندى. جىنياڭدا تۇرۇۋاتقان خەن گاۋدىنىڭ ئەۋەتكەن چارلىغۇچىلىرى قايتىپ كېلىپ: «ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەن گاۋدى پىڭچېڭ شەھىرىگە بېرىپ. بەيدېڭ(29) تېغىغا چىقتى. ھۇن چەۋەندازلىرى خەن گاۋدىنى قورشىۋالدى.

خەن گاۋدى تەگرىقۇتنىڭ ئالچىسى (خانىشى) غا ئادەم ئەۋە-
تىپ كۆپ سوۋغا - سالام تەقدىم قىلدى. تەگرىقۇتنىڭ ئال-
چىسى باتۇر تەگرىقۇتقا: «بۈگۈن خەنلىكلەرنىڭ زېمىنىگە
ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر ئۇ يەردە تۇرالمايمىز. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئىككى ئەلنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىر - بىرىنى
قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك» دەپ مەسلىھەت
بەردى. يەتتە كۈندىن كېيىن ھۇن چەۋەندازلىرى ئاستا -
ئاستا چېكىنىپ يەتتى. يەر - جاھاننى قويۇق تۇمان قاپلاپ
كەتكەچكە، خەن گاۋدىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ چارلاش ئېلىپ
بېرىۋاتقانلىقىنى ھۇنلار سەزمىدى. ھىماتچى قوشبېشى(30)
چېن پىڭ خەن گاۋدىغا تەكلىپ بېرىپ: «ھۇن ئەسكەرلىرى
ھېلىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇلارغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.
ئەسكەرلىرىمىزگە بۇيرۇق چۈشۈرسەڭ، ھەممەيلەن ئوقيانى
دۈشمەنگە قارىتىپ ئىككىدىن بەتلەپ ماڭسۇن.
شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا قورشاۋدىن چىقىپ كېتىمىز.
بۇنىڭدا دۈشمەن ئاسانلىقچە بىزگە چېقىلالمايدۇ» دەپ مەسلى-
ھەت بەردى. شۇنداق قىلىپ، خەن گاۋدى قورشاۋدىن چىقىپ
پىڭچېڭ شەھىرىگە كىردى. خەن سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قو-
شۇنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. قورشاۋنى بوشاتقان ھۇن چەۋەنداز-
لىرى تامامەن چېكىندى، خەن تەرەپمۇ قوشۇنلىرىنى يىغىپ
قايتتى.

خەن شىن ھون ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چېگرا - قورۇل-
لارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى ۋە ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلارنى ئەۋە-
تىپ، چېن شى(31) نى خەن سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشقا
ئۈندىدى. م.ب. 196 - يىلى (خەن گاۋدىنىڭ 11 - يىلى)
ئەتىيازدا، خەن شىن يەنە بىر قېتىم ھۇن چەۋەندازلىرى
بىلەن بىرلىكتە سەنخې ناھىيىسىگە كىردى. خەن گاۋدى
سانغۇن سەي ۋۇنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلدى.

سانغۇن سەي ۋۇ خەن شىنغا مەكتۇپ يېزىپ: «خان ئالىيلىر
نىڭ قارىنى - كۆكسى كەڭ ۋە رەھىمدىل. بەگلەر ئىچىدە
بەزىلەر ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ بۇرۇنقى نام - ئەمەللىرىنى
ئەسلىگە كەلتۈردى، جازاغا تارتمىدى. بەگ جانابلىرى بۇنى
ئۆزلىرى بىلىدىلا. ھازىر بەگ جانابلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ
بولۇپ، ھۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىلە، بۇ ھېچقانچە چوڭ
گۇناھ ئەمەس، ھېلىمۇ قايتىپ كەلسىلە بولىدۇ» دېدى. خەن
شىن جاۋاب مەكتۇپىنى يېزىپ: «خان ئالىيلىرى مېنى ئاددىي
پۇقرالىقتىن ئۆستۈرگەن. بۇ مەن ئۈچۈن بىر بەخت ئىدى.
لېكىن شىڭياڭدىكى جەڭدە مەن خان ئالىيلىرىغا جان پىدا-
لىق بىلەن جاۋاب قىلماي، ئەكسىچە شياڭ يۈنىڭ قولىغا
چۈشۈپ كەتتىم. بۇ بىر جىنايىتىم؛ ھۇنلار مايىغا ھۇجۇم قىل-
غاندا، مەن قاتتىق مۇداپىئە قىلالماي شەھەرنى ھۇنلارغا ئۆ-
تۈنۈپ تەسلىم بولدۇم. بۇ ئىككىنچى جىنايىتىم؛ ھازىر ئاسىيغا
ئايلىنىپ ئەسكەرلىرىم بىلەن سانغۇن ئالىيلىرىغا قارشى ھەل
قىلغۇچ جەڭ قىلالماقچىمەن. بۇ ئۈچىنچى جىنايىتىم. ئۆز ۋاق-
تىدا ۋېن جۇڭ(32)، فەن لى(33) لەرنىڭ ھېچقانداق
جىنايىتى يوق ئىكەن. لېكىن بىرى ئۆلۈۋاپتۇ، بىرى قېچىپتۇ.
ھازىر مېنىڭ ئۈچ چوڭ جىنايىتىم بولسىمۇ يەنىلا ياشىغۇم
كېلىدۇ. ۋۇ زىشۇ(34) نىڭ ۋۇ بەگلىكى(35) دە ئۆلتۈرۈلۈشىمۇ
مۇشۇنداق خام - خىيال سەۋەبىدىن بولغانىدى. مەن ھازىر
تاغ - جىلغىلاردا قاچقۇن بولۇپ، يات قوۋملارغا يېلىنىپ -
يالۋۇرۇپ كۈن كەچۈرۈۋاتىمەن. مەن خەن دىيارىغا قايتىشنى
خالايمەن. بۇ خۇددى پالەچ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا،
قارىغۇ ئادەم كۆزى ئېچىلىپ يەر - جاھاننى كۆرۈشكە ئىنتىزار
بولغاندەك بىر ئىش. لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش
مۇمكىن ئەمەس» دېدى ۋە سانغۇن سەي ۋۇ بىلەن ئۇرۇش

قىلدى. سانغۇن سەي ۋۇ سەنخېنى ئىشغال قىلىپ، شەھەر ئاھالىسىنى قىرغىن قىلىپ، خەن شىننىڭ كاللىسىنى ئالدى.

خەن بېگى ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەندە بەگزادىسىمۇ بىللە كەتكەنىدى. تۇيداڭ(36) شەھىرىگە بارغاندا، خەن شىننىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭغا خەن تۇيداڭ دەپ ئات قويۇلدى. بەگزادىنىڭ خوتۇنىمۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇنىڭغا خەن يىڭ دەپ ئات قويۇلدى. خەن ۋېندى دەۋرىگە كەلگەندە، خەن تۇيداڭ بىلەن خەن يىڭ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. خەن ۋېندى خەن تۇيداڭنى گۇڭگاۋغا، خەن يىڭنى شياڭچېڭغا بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشتا سانغۇنلار ئىچىدە گۇڭگاۋ بېگى خەن تۇيداڭ بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئۇنۋانى بالىسىغا، نەۋرىسىگە مىراس بولۇپ قالدى. نەۋرىسىدىن ئەۋلاد قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنۋان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خەن يىڭنىڭ نەۋرىسى ھۆرمەتسىزلىك خاتالىقى ئۆتكۈزگەنلىكتىن بەگلىك مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولدى.

خەن تۇيداڭنىڭ كىچىك ئاغىچا كېلىنىدىن بولغان نەۋرىسى خەن يەن خەن ۋۇدىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى چوڭ شۆھرەتكە ئېرىشكەنىدى. خەن يەننىڭ ئىنىسى خەن يۈ چېرىكچى ۋەزىپىسىدە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن لۇڭئې بېگىلىكىگە كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇ خانىغا نەزىر - چىراق ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بەگلىك مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە مىرزا(37) سالاھىيىتى بىلەن سۇ كەچكۈچى سانغۇن(38) بولۇپ تەيىنلەندى ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن شەرقىي يۆلەر(39) گە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى تارمار قىلىپ،

ئەنداۋ(40) بېگى بولدى. م.ب. 104 ــ 101 ـ يىللىرى (خەن ۋۇدىنىڭ تەيچۇ دەۋرى) گېزەكچى سانغۇن(41) بولۇپ ۋۇيۈەن ۋىلايىتى سىرتىدىكى قەلئەلەرنى ساقلىدى. كېيىن پايتەختكە يۆتكىلىپ، قوۋۇقچىباشى بولدى. ئۇ ۋەلىئەھد ئوردىسىدا يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويۇلغان ياغاچ قورچاقنى كولاۋاتقاندا، ۋەلىئەھد لىيۇ جۇ(42) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئوغلى خەن شىڭ ئۇنىڭ بەگلىك ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى. كېيىن داخانلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. خەن ۋۇدى: «گېزەكچى سانغۇن خەن يۆ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى بىلەن ئۆلدى. ئۇ سادىق ئادەم ئىدى. ھازىر گەرچە داخانلىق جىنايىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خەن يۆنىڭ دۆلەت ئىشلىرى يولىدا ئۆلگەنلىكىگە تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن خەن شىڭنىڭ قېرىنداش ۋە ئۇرۇق - تۇققان جەمەتلىرى ئىچىدىكى جاۋابكارلىققا تارتىلىشقا تېگىشلىكلىرى بىردەك كەچۈرۈم قىلىنسۇن» دېدى. شۇڭا خەن شىڭنىڭ ئىنىسى خەن زېڭ يەنە لۇڭئې بېگى بولدى. خەن زېڭ ياش چېغىدا نۆكەر بەگ، مەھرەمبەگ، كېڭەش بېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولدى. خەن جاۋدى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۆسۈپ تېزرشاۋۇل سانغۇن بولۇپ، ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ بىلەن كېڭىشىپ، خەن شۈەندىنى ھىمايە قىلىپ خان قىلىپ تىكلىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا 1000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. م.ب. 72 - يىلى (خەن شۈەندى بېنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) بەش سانغۇن(43) ئەسكەرلىرى بىلەن بەش يولغا بۆلۈنۈپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى. خەن زېڭ 30 مىڭ كىشىلىك چەۋەنداز بىلەن يۈنجۇڭ ۋىلايىتىدىن ھۇجۇم قىلدى ۋە 100 دىن ئوشۇق دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت توشۇپ قاغانلىقتىن قايتىپ كەلدى.

م.ب. 61 - يىلى (خەن شۈەندى شىنجۆنىڭ بىرىنچى يىلى) جاڭ ئەنشى(44) نىڭ ئورنىغا باش ئەمىر لەشكەر سالاھىيىتى بىلەن ھارۋا ئاتلىقلار سانغۇنى بولۇپ، ئاساسەن دىۋان بېگىلىك(45) ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

خەن زېڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئېسىلزادە بولۇپ، ياش چېغىدىنلا سادىق ئەمەلدار ئىدى. ئۈچ خان (46) غا خىزمەت قىلىپ، ئۇلاردا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇ كەڭ قورساق بولۇپ، كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، ئۆزىنىڭ ئەخلاق - دىيانىتىنى ساقلايتتى، يۇقىرى - تۆۋەنگە قارىتا مۇلايىم، كەمتەر ئىدى. ھېچقاچان خاننىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلمايتتى. ئۇ مانا شۇنداق ئۆزىنى قوغداپ، خاننىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى. لېكىن ھېچقانداق بىرەر يېڭىلىق ياراتمىدى. م.ب. 56 - يىلى(خەن شۈەندى ۋۇفېڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن زېڭ كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ئوردا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ئەمىنىيەت بېگى دەپ پەخرىي ئۇنۋان بېرىلدى. ئوغلى خەن باۋ ۋارىسلىق قىلدى. خەن باۋ ئۆلگەندىن كېيىن بالىسى بولمىغاچقا، ئۇنۋان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خەن چېڭدى دەۋرىدە تۆھپىسى بار ئەمەلدارلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۇنۋان بېرىلگەچكە، خەن زېڭنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى خەن سېنغا لۇڭئې بېگىلىكى بېرىلدى. خەن سېن كېسەل بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى خەن چىڭگۇڭ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. ۋاڭ ماڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇنۋانى ئەمەلدىن قېلىپ، مائاشى توختىتىلدى.

(«خەننامە»، 7 - توم)، 1852 — 1857 - بەتلەر).

---

(1) خەن شياڭۋاڭ (韓襄王، ? — م.ب. 296) يېغىلىق دەۋرىدىكى خەن بەگلىكىنىڭ شۈەنخۇيۋاڭنىڭ ئوغلى، خەن (韓

بەگلىكىنىڭ 13 ـ ئەۋلاد ھۆكۈمدارى. م.ب. 311 ـ يىلدىن
م.ب. 296 ـ يىلغىچە 16 يىل سەلتەنەت سۈردى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1708 ـ بەت).

(2) چىن سۇلالىسى (秦朝) ئېلىمىز تارىخىدا تۇنجى
مۇستەبىت ھوقۇق مەركەزلەشكەن فېئودال سۇلالە. م.
ب. 221 ـ يىلى چىن بەگلىكىنىڭ بېگى چېڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى سىخۇاڭدى (چىن سىخۇاڭ) دەپ
ئاتىدى، شيەنياڭنى پايتەخت قىلدى. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرقىي
جەنۇب، غەربىي جەنۇبتىكى رايونلارنى بىرلەشتۈردى. تېررىتورى-
يىسى شەرق ۋە جەنۇبتا دېڭىزغا تۇتىشىپ، غەربتە ھازىرقى
گەنسۇ، سىچۇەن ئۆلكىلىرىگە، غەربىي تەرىپى جەنۇبىي يۈننەن، گۇاڭشى
ئۆلكىلىرىگە، شىمالىي تەرىپى چۇغاي تاغلىرىغا، شەرقىي شىمالى لياۋ-
دۇڭغا سوزۇلاتتى. ئەلنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، مەركىزىي ھاكى-
مىيەتنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق نۇرغۇن سىياسەت ـ تەدبىر-
لەرنى ئىجرا قىلغان بولسىمۇ، باج ـ ئالۋاننىڭ ئېغىرلىقى،
زوراۋانلىق تۈپەيلى پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلارنىڭ زىددىيىتى
كۆپىيىپ كەتتى. نەتىجىدە م.ب. 209 ـ يىلى (چىن II خانىنىڭ
تۇنجى يىلى) چېن شېڭ، ۋۇگۇاڭلار باشچىلىقىدىكى دېھقانلار
قوزغىلىڭى بولدى. م.ب. 206 ـ يىلى ليۇباڭ رەھبەرلىكىدىكى
قوشۇن تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. ئىككى نەپەر خان 15 يىل سەل-
تەنەت سۈردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1612 ـ بەت).

(3) چىن سىخۇاڭ II (秦二世 ،م.ب.230 — 207) ئىسمى
خۇخەي چىن سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خانى، م.ب. 210 ـ يىل-
دىن م.ب. 207 ـ يىلغىچە سەلتەنەت سۈردى. ھاكىمىيىتى دەۋ-
رىدە ئېفاڭگۇڭ سارىيى بىلەن خانلىق پەيتۇنى ماڭىدىغان
يولنىڭ قۇرۇلۇشىنى داۋاملاشتۇردى. باج ـ ئالۋان، ھاشار
چىن سىخۇاڭ دەۋرىدىكىدىن تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇزۇن

ئۆتمەي چىن شېڭ، ۋۇگۇاڭلار باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ئاخىرىدا ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئاغۋات جاۋگاۋنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1613 – بەت).

(4) شياڭ لياڭ (项梁، م.ب؟ — 208) چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار قوشۇنىنىڭ رەھبىرى. شياشياڭ (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇچيەننىڭ غەربىي جەنۇبى) لىق. چۇ بەگلىكىنىڭ ئېسىلزادىلىرىدىن. شياڭ يەننىڭ ئوغلى. م.ب. 209 – يىلى (چىن II خانىنىڭ تۇنجى يىلى) چىن شېڭ قوزغىلاڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ جىيەنى شياڭ يۈ بىلەن چىن سۇلالىسىنىڭ خۇيجى ۋالىيسى يىن تۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، ۋۇ (خۇيجى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى، ھازىرقى سۇجۇ) شەھىرىدە قوزغىلاڭ قىلدى. ئۇنىڭ 8000 ئەسكىرى بار ئىدى. چىن شېڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىن سەركەردىسى جاڭ خەننى يەڭدى. دۈشمەننى سەل چاغلىغاچقا، دىڭتاۋ (ھازىرقى شەندۇڭ دىڭتاۋنىڭ غەربىي شىمالىدا) دىكى جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 510 – بەت).

(5) چۇ خۇەيۋاڭ (楚怀王، م.ب؟ — 205) چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى شياڭ لياڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن تەختكە چىقىرىلغان چۇ بېگى خۇەيۋاڭ بولۇپ، ھاملىسى شيۈڭ، ئىسمى شىن. يېغىلىق دەۋرىدىكى چۇ بېگى خۇەيۋاڭنىڭ نەۋرىسى. چۇ بەگلىكى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن شيۈڭ شىن خەلق ئارىسىدا پادىچىلىق قىلدى. م.ب. 209 – يىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى باشلاپ، دەريادىن ئۆتۈپ، غەربكە ئىلگىرىلىگەن شياڭ لياڭ چىن شېڭنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن فەن زېڭنىڭ پىلانىنى قوبۇل قىلدى، شيۈڭ شىننى چۇ بەگلىكىنىڭ تەختىگە چىقاردى. شۇتەي (ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى شۈيىنىڭ

شەرقىي شىمالى) نى مەركەز قىلدى. شياڭ لياڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەن-
دىن كېيىن، چۇ بېگى خۇەيۋاڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پېڭچېڭ
(ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى شۈجۇ) غا بېرىپ، شياڭ يۈ،
لۇچېنلەرنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. سۇڭ يىنى ئالىي
سانغۇن قىلدى. كېيىن شياڭ يۈ سۇڭ يىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەربىي
ھوقۇقنى قايتۇرۇۋالدى. م.ب. 206 ـ يىلى شياڭ يۈ ئۆزى
غەربىي چۇ بەگلىكىنىڭ ئاتا بېگى بولۇۋالدى ـ دە، كۆرۈنۈشتە
خۇەيۋاڭغا ئادىل خان دەپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى
چاڭشاغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. شياڭ يۈدىن يوشۇرۇن بۇيرۇق
ئالغان يىڭ بۇ ئارقىدىن چېنشيەن (ھازىر خېنەنگە قارايدۇ)
ناھىيىسىگە قوغلاپ بېرىپ، خۇەيۋاڭنى ئۆلتۈردى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1809 ـ بەت).

(6) ۋېي بەگلىكى (魏国) يېغىلىق دەۋرىدىكى يەتتە
كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرى. بەگلىكنىڭ قۇرغۇچىسى ۋېي سى
(ۋېي ۋېنخۇ). ئۇ جاۋجى (جاۋ ليېخۇ)، خەن چيەن (خەن جىڭخۇ)
لار بىلەن بىرگە جىن بەگلىكىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، بەگ-
لىك قۇردى. مەركىزى ئەنيى (بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى شياشەن
ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا). ۋېي ۋېنخۇ (ۋېن سى) لى كۇي
(م.ب. 455 — 395، يېغىلىق دەۋرىدىكى قانۇنچى) نى خىزمەتكە
سېلىپ ئىسلاھات يۈرگۈزگەنلىكتىن، ۋېي بەگلىكى يېغىلىق دەۋ-
رىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى كۈچلۈك بەگلىك بولۇپ قالدى.
ئۇ غەربتە چىن بەگلىكىنىڭ خېشى رايونىنى تارتىۋالدى، شىمالدا
جۇڭشەن بەگلىكىنى يوقاتتى، جەنۇبتا چۇ بەگلىكىنى يېڭىپ،
دالياڭ (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى كەيفېڭ شەھىرى) قاتار-
لىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. ۋېي خۇيۋاڭ بەگلىك مەركىزىنى
دا'ياڭغا يۆتكىدى. شۇ سەۋەبلىك ۋېي بەگلىكى «لياڭ بەگلىكى»
دەپمۇ ئاتالدى. م.ب. 344 ـ يىلى ۋېي خۇيۋاڭ پاڭزى دېگەن
يەردە يىغىن چاقىرىپ، ئۆزىنى «ۋاڭ» دەپ ئېلان قىلدى.

مالىڭ ئۇرۇشىدا يېڭىلگەندىن كېيىن، بەگلىك قايتا روناق تا-
پالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن زېمىنىنى چىن بەگلىكى بىرلەپ -
بىرلەپ ئىگىلىۋالدى. م.ب. 225 - يىلى چىن بەگلىكى تەرىپى-
دىن پۈتۈنلەپ يوقىتىلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2035 - بەت).

(7) دىڭتاۋ (定陶) ناھىيە، بەگلىك، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەگلىك بولۇپ، دىڭ-
تاۋ بەگلىكىنىڭ مەركەز شەھىرى قىلىندى. قەدىمكى شەھەر
ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى دىڭتاۋ ناھىيىسىنىڭ تۆت چا-
قىرىم غەربىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 453 - بەت).

(8) ياڭچېڭ (阳城) قەدىمكى ناھىيە. ئەمنىيە دەۋ-
رىدىكى جېڭ بەگلىكىنىڭ شەھىرى بولۇپ، چىن سۇلالىسى
ناھىيە تەسىس قىلدى. شەھىرىنىڭ ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆل-
كىسى دېڭفېڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى گاۋچېڭ بازىرى ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 409 - بەت).

(9) جاڭ لياڭ (张良، م.ب؟ — 186) چېڭفۇ (ئەنخۇيدا)
لۇق. بوۋىسى بىلەن دادىسى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ ۋەزىر-
لىرى ئىدى. چىن سىخۇاڭ خەن بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلغاندىن
كېيىن جاڭ لياڭ خەن بەگلىكىنى قايتا تىكلەش مەقسىتىدە،
پىدائىيلار بىلەن تونۇشۇپ بولاڭشا دېگەن جايدا، چىن سىخۇاڭغا
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشمای قالغاچقا،
شيا پى (جياڭسۇدا) غا قېچىپ بېرىۋالدۇ، خۇاڭ شىگۇڭ دېگەن
زاتقا يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن «تەيگۇڭ (لۇشاڭ) ھەربىي
تەدبىرلىرى» گە ئىگە بولدۇ. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىلىدە توپى بىلەن ليۇباڭغا قوشۇلدۇ ۋە مۇھىم مۇشاۋىرى
بولۇپ قالدۇ. چۇ - خەن (汉) بەگلىكى ئۇرۇشلىرى مەزگىلىدە

يىلى بۇ، پىلاك يۈلەر بىلەن بىرلىشىپ، خەن شىننى مۇھىم ئىشقا قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى، يەنە شياڭ يۈگە قوغلاپ زەربە بېرىشنى، چۇ بەگلىكى قوشۇنىنى تارمار قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ پىلان ــ تەدبىرلەرنى ليۇباڭ قوبۇل قىلدى. خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ليۇ زېمىنغا بەگ بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1084 ــ بەت).

(10) ئەمرى زېمىن (司徒) ئەمەل. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، تەلىم ــ تەربىيە ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگ بولۇپ، ئالتە ۋەزىردىن بىرى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 ــ توم، 465 ــ بەت).

(11) ۋۇگۇەن (武关) قىزۋۇق. يېغىلىق دەۋرىدىكى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئورنى شەنشى ئۆلكىسىدىكى دەن فېڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئورنى هازىرقى قوۋۇقنىڭ جەنۇبىدىكى دەنجياڭنىڭ يۇقىرىسىدا بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن هازىرقى جايىغا يۆتكەلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 717 ــ بەت).

(12) خەنجۇڭ (汉中) قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب.312 ــ يىلى چىن خۇيۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنىپ، دەريا نامى بىلەن ئاتالغان. ۋىلايەت مەركىزى نەنجېڭ. ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى خەنجۇڭنىڭ شەرقىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 885 ــ بەت).

(13) ئۈچ چىن يېرى (三秦) چىن سۇلالىسى مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، شياڭ يۇ چىن سۇلالىسىنىڭ ئەسلى زېمىنى گۇەنجۇڭ رايونىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ، چىن سۇلالىسىدىن تەسلىم بولغان سەركەردە جاڭ خەننى يۇڭ بېگى قىلىپ شيەنياڭنىڭ غەربىنى باشقۇرۇشقا، سى ماشىننى سەي بېگى قىلىپ شيەنياڭنىڭ شەرقىدىكى خۇاڭخې دەرياسىغىچە بولغان يەرلەرنى باشقۇرۇشقا، دۇڭ يىنى دىلار بېگى قىلىپ هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى

رايونلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. بۇ ئۈچ رايون «ئۈچ چىن» دەپ ئاتالدى. م.ب. 205 - يىلى ليۇباڭ خەن شىنىنىڭ ھىيلىسى بىلەن «ئۈچ چىن» نى تارتىۋالدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 16 - بەت).

(14) ئەمىر لەشكەر (太尉) ئەمەل. چىن سۇلالىسىدىن غەربىي خەن سۇلالىسىغىچە داۋام قىلدى. دۆلەتنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋەزىر بولۇپ، باش ۋەزىر، باش تەپتىش بەگ بىلەن «ئۈچ ۋەزىر» دەپ ئاتىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 640 - بەت).

(15) راڭشيەن (穰县) قەدىمكى ناھىيە. يىغىلىقلار دەۋرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ شەھىرى ئىدى. كېيىنچە خەن (韩) بەگلىكىگە قارىدى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىندى، ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى دېڭشيەن ناھىيىسى شۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1758 - بەت).

(16) ۋۇشيەن (吴县) قەدىمكى ناھىيە. ئەمىنىيە دەۋرىدە ۋۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى ئىدى. چىن سۇلالىسى ۋۇشيەن ناھىيىسىنى خۇيجى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى قىلدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيە ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى»، 373 - بەت).

(17) جېڭ چاڭ (郑昌) دەسلەپ ۋۇشيەن ھاكىمى، كېيىن خەن (韩) بېگى بولدى.

(«خەننامە»، 7 - توم، 1853 - بەت).

(18) شىگياڭ (荥阳) ناھىيە. يىغىلىق دەۋرىدە خەن (韩) بەگلىكىنىڭ شەھىرى ئىدى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىندى. ئورنى خېنەن ئۆلكىسىدىكى جېڭجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا

بولۇپ، لیەنیۇنگاڭ ـ لەنجۇ تۆمۈریولی بۇ ناهیيەدىن ئۆتىدۇ.
(«بىر تومڵۇق «سىخەي»، 1625 ـ بەت).

(19) جۇكې (周苛) جياڭسۇ ئۆلكىسى پېي ناهىيىسىدىن. خەن بېگى ليۇباڭغا باش تەپتىش بېگى بولغان، شىڭياڭنى مۇداپىئە قىلىشۋاتقىنىدا، ئەسىر چۈشكەن. شياڭ يۈ جۇكېغا: «ماڭا سەركەردە بولسىلا! يۇقىرى مەرتىۋىلىك سانغۇنلاردىن قىلىپ، تۈمەن تۇتۇنلۇك بەگ قىلاي!» دېدى. جۇكې جاۋابەن: «خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولمىساڭ، ئەسىر بولىسەن، سەن خەن (汉) بېگى ليۇباڭغا تاقابىل تۇرالمايسەن!» دەپ تىللىغان. ئاچچىقلانغان شياڭ يۈ جۇكېنى قايناقسۇغا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 534 ـ بەت).

(20) گۇڭشيەن (巩县) ناهىيە. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، لوخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، لۇڭخەي تۆمۈريولى ناهىيىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ.

(«بىر تومڵۇق «سىخەي»، 509 ـ بەت).

(21) يۈەنشيەن (宛县) قەدىمكى ناهىيە. يېغىلىق دەۋرىدە چۇ بەگلىكى شەھىرى ئىدى، چىن بەگلىكىنىڭ بېگى جاۋشياڭۋاڭ ۋاقتىدا ناهىيە تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى دەۋرلەردە ناهىيە سۈپىتىدە نەنياڭ ۋىلايىتىگە قارىدى. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھىرىدە.

(«بىر تومڵۇق «سىخەي»، 1016 ـ بەت).

(22) يېشيەن (叶县) ناهىيە. ئەسلىدە دەۋرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ شەھىرى ئىدى. چىن سۇلالىسى بۇ شەھەرنى ئايرىپ، كۇنياڭ، يېشيەن دەپ ئىككى ناهىيە تەسىس قىلدى. ئورنى خېنەن ئۆلكىسى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سەل جەنۇبىدا.
(«بىر تومڵۇق «سىخەي»، 722 ـ بەت).

(23) تەيیۋەن (太原) قەدىمكى ۋىلايەت ۋە بەگلىك. م.ب.246 - يىلى يىغىلىق دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ بىگى چىن خۇاڭۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت. مەركەز شەھىرى جىنياڭ (ھازىرقى تەيیۋەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) ئىدى. چىن بەگلىكى ۋاقتىدىكى تېررىتورىيىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋۇتەيشەن ۋە گۇۋەنسىنشەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، خوشەن تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا توغرا كېلەتتى. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئۇنىڭ دائىرىسى ئاستا - ئاستا تارايدى. خەن ۋېندى ئۇنى بەگلىككە ئۆزگەرتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 639 - بەت).

(24) بەيتۇ (白土) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شاڭجۈن ۋىلايىتىگە قارايتتى. قەدىمكى شەھىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئىكېجو ئايمىقى كونا ئوردۇس سول قانات ئوتتۇرا خوشۇنىنىڭ جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 - توم، 2155 - بەت).

(25) ئالتە بەگلىك (六国) يىغىلىق دەۋرىنىڭ باشلىرىدا (م.ب. 475 — 459) بىللە مەۋجۇت بولغان چىن (秦) جاۋ (赵)، چۇ (楚)، يەن (燕)، چى (齐)، جىن (晋) بەگلىكلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2084 -بەت).

(26) گۇاڭۋۇ (广武) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. قەدىمكى شەھەر ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ 15 چاقىرىم غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1156 - بەت).

(27) لىشى (离石) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى
دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي
قىسمى، لۈلياڭشەن تېغىنىڭ غەربى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تار-
مىقى سەنچۇەنخې دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 354 - بەت).
(28) دەيگۇ (代谷) يەر نامى. ئورنى ھازىرقى
سەنشى ئۆلكىسىدىكى فەنشى ناھىيىسى بىلەن كونا گوشيەن ناھى-
يىسى دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا
باتۇر تەڭرىقۇت مۇشۇ يەردە تۇرغان.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 170 - 171 - بەتلەر).
(29) بەيدېڭ (白登山) تاغ. ھازىرقى سەنشى ئۆلكى-
سى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. م. ب. 200 - يىلى
باتۇر تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ليۇباڭنى قوشۇنى
بىلەن مۇشۇ تاغدا قورشىۋالغانىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1764 - بەت).
(10) ھىماتچى قوشبېشى (护军中尉) ئەمەل، ئەسكىرىي
مۇھاپىزەت ئىشلىرىنى قىلاتتى.
(«تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى ئەمەللەر»، 205 - بەت).
(31) چېن شى (陈稀) شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋەنجۇ ناھىيە-
سىدىن. خەن گاۋدى دەۋرىدە، ئالىي تۆرىلەر دەرىجىسىگە يېتىپ،
چېگرا جايلارنىڭ مۇداپىئەسىگە قويۇلىدى. بەزى ھەرىكەتلىرى
گۇمانغا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، خان چاقىرتىۋىدى، كېسەل
مەن دەپ بارمىدى، ئاخىر ئىسيان قىلىۋېدى، خان ليۇباڭ شەخ-
سەن ئۆزى ئىسياننى باستۇرۇپ، چېن شىنى ئۆلتۈردى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى». 1098 - بەت).
(32) ۋېن جۇڭ (文种) ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرىدىكى يۆ بەگلىكىنىڭ بېگى، ۋېن شاۋچىن (ۋېن زىچىن)
مۇ دېيىلىدۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختى يىڭ (ھازىرقى خۇبېي

ئۆلكىسىدىكى جىياڭلىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) شەھىرىدىن، م. ب. 494 – يىلى يۆ بەگلىكى ۋۇ بەگلىكى تەرىپىدىن يېڭىلىپ خۇيجى (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى شاۋشىڭ) شەھىرىگە قور-شىلىپ قېيىن ئەھۋالدا قالدى. ۋېن جۇڭ يۆ بېگى گوۋجيەنگە: «ۋۇ بەگلىكىگە بېرىپ، ۋەزىر پېيغا پارا بېرىش يولى بىلەن ياردىمىنى ئالالىساق، يۆ بەگلىكىنى مۇنقەرزلىكتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. مەسلىھەتنى قوبۇل قىل-غان گوۋجيەن شۇ پىلان بويىچە ئىش قىلدى. پىلانلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ ئاخىر گوۋجيەن ئۆز بەگلىكىگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ۋېن جۇڭنى مۇھىم خىزمەتلەرگە قويدى ۋە ۋېن جۇڭ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ ئىشلەپ، بەگلىكنى كۈچەيتىپ، ئاخىر ۋۇ بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلدى. ئەمما گوۋجيەن ئىغۋاغا ئىشىنىپ زور خىزمەت يەتكۈزگەن سادىق زەزىرى ۋېن جۇڭغا شەمشەر ئەۋەتىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا يارلىق چۈشۈردى.

(بىر تومىلۇق «سىخەي»، 1534 – بەت).

(33) فەن لى (范蠡) ئەمنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى يۆ بەگلىكىنىڭ بېگى. فەن شاۋبىرمۇ دېيىلىدۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ يۈەنشيەن ناھىيىسىدىن. بۇ بەگلىكى ۋۇ بەگلىكىدىن يېڭىلگەندە، فەن لى ۋۇ بەگلىكىدە ئىككى يىل تۇرغان بولدى. يۆ بەگلىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋېن جۇڭ بىلەن بىرلىكتە جاپا – مۇشەققەتلەرگە چىداپ، غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، بەگلىرى گوۋجيەنىنىڭ ۋۇ بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلىش ئىشىغا ياردەم بەردى. كېيىن يۆ بېگى گوۋجيەننىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلاردىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن فەن لى يۆ بەگلىكىدىن كەتتى.

(بىر تومىلۇق «سىخەي»، 574 – بەت).

(34) ۋۇزىشۇ (伍子胥، م. ب. ? — 484) ۋۇيۈەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمنىيە دەۋرىدىكى چۇ بەگلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن. ئاتىسى ۋۇشې، ئاكىسى ۋۇشاڭلار چۇپىڭۋاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەچكە،

ۋۇزىشۇ ۋۇ بەگلىكىگە قاچتى. بۇ يەردە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋۇ بېگى شېن دېگەن يەرنى ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ۋۇ بېگى خېلۈنىڭ چۇ بەگلىكىگە قىلغان جازا يۈرۈشىگە سۇن ۋۇ بىلەن بىرلىكتە ياردەم بېرىپ، چۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى يىڭ شەھىرىگە بېسىپ كىردى، چۇ پىڭۋاڭنىڭ قەبرىسىنى ئاچتۇ-رۇپ، پىڭۋاڭنىڭ جەسىتىگە 300 قامچا ئۇرغۇزدى. ۋۇ بېگى فۇسەي يۆ بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلغاندا، يۆ بەگلىكى سۈلھ تەلەپ قىلدى. ۋۇزىشۇ سۈلھنى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە فۇسەيگە مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلمىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەي پىنىڭ شىكايەتلىرىگە ئىشەنگەن ۋۇ بەگ-لىكىنىڭ بېگى فۇسەي سادىق ۋەزىر ۋۇزىشۇنىڭ ياخشى مەسلىھەت-لىرىنى قوبۇل قىلماي، ئەكسىچە ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇرلىدى.

(ئۆزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 176 - بەت).

(35) ۋۇ بەگلىكى (吴国) قەدىمكى بەگلىك. قۇرغۇچىسى جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيۋاڭنىڭ ئوغۇللىرى تەيبېر ۋە چۇڭچۇڭ تېررىتورىيىسى بۇگۈنكى جياڭسۇ، شاڭخەينىڭ كۆپ قىسمى، ئەن-خۇي بىلەن جېجياڭنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەركىزى ۋۇ (ھازىر-قى سۇجۇ) شەھىرى ئىدى. ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگى-لىدە بەگلىك كۈچەيدى. م. ب. 506 - يىلى ۋۇ بەگلىكىنىڭ بېگى خې لۈ چۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، غەلىبە قىلدى. ئوغلى فۇچەي زامانىسىدا يۆ بەگلىكى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يۆ بېگى گۇجيەننى سۈلھكە مەجبۇرلىدى. شىمالدا جىن بەگلىكى بىلەن پۇت تېپىشتى. م. ب. 473 - يىلى يۆ بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 730 - بەت).

(36) تۇيداڭ (積当) ھۇن ئېلىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى.

(مۇھەررىردىن).

(37) مىرزا (待诏) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خىزمەتكە ئېلىنىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى جىنما قوۋۇقىدا پەرمان كۈتۈپ تۇراتتى.

(بىر تومluq «سىخەي»، 800- بەت).

(38) سۇ كەچكۈچى سانغۇنى (横海将军) خەن ۋۇدى سانغۇنلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

«خەنزۇ تىلى قامۇسى». 18 - توم، 20 - بەت).

(39) شەرقىي يۆلەر (东越) قەدىمكى قوۋم. مىنيۆلەر (闽越) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى يۆلەرنىڭ بىر تارمىقى. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھازىرقى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى رايونلاردا ياشايتتى. چىن سۇلالىسى بۇلارنىڭ يۇرتىدا مىنجۇڭجۈن ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇلارنىڭ باشلىقى ئەمىنىيە دەۋرىدىكى يۆ بەگلىكىنىڭ بېگى گۇجيەننىڭ ئەۋلادى ئىكەن. مەركىزى دۇڭيې (ھازىرقى فۇجۇ) ئىدى. كېيىن ياۋ (繇) ۋە شەرقىي يۆدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلدى. م. ب. 111 - يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە شەرقىي يۆ بەگلىكىنىڭ بېگى يۇشان خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىپ مەغلۇپ بولغاچقا، قىسمەن خەلقى چاڭجياڭ، خۇەيخې دەريا بويلىرىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى.

(بىر تومluq «سىخەي»، 880— 881 - بەتلەر).

(40) ئەنداۋ (按道) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىنزى ناھىيىسىدە.

«خەننامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى»، 2709 - بەت).

(41) گېزەكچى سانغۇن (游击将军) ھەربىي ئەمەل. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەيرىي رەسمىي سانغۇنلاردىن بولۇپ، يۇرۇشلەردە قىسىملارغا قوماندانلىق قىلاتتى، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايتتى.

(بىر تومluq «سىخەي»، 978 - بەت).

(42) ليۇجۈي (刘据) خەن ۋۇدىنىڭ چوڭ ئوغلى. م. ب.

123 - يىللاردا ۋەلىئەھد قىلىنغان. كېيىن تۆھمەتكە ئۇچ
راپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 4 - توم، 412 - بەت).
(43) بەش سانغۇن (五将军) فەن مىڭيو، خەن زېك،
جاۋچۇڭگو، تيەن گۇاڭمىڭ، تيەن شۇن سانغۇنلار نەزەردە
تۇتۇلىدۇ.
(مۇھەررىردىن).
(44) جاڭ ئەنشى (张安世) خەن ۋۇدى دەۋرىدە دىۋان
بېگى، خەن جاۋدى دەۋرىدە ئۇلۇغ قانات سانغۇن ھەم فۇپىڭ بېگى خەن
شۈەندى دەۋرىدە باش ئەمىر لەشكەر ۋە ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى بولدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 931 - بەت).
(45) دىۋان بېگى (尚书) ئەمەل. ئىلگىرىكى خەن دەۋرىدە
تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دىۋان - ئىنشا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. خەن
ۋۇدى دەۋرىدە خانلىق ھوقۇقى كۈچەيتۈرۈلۈپ، دىۋان بېگى يېنىدا
ئىش بېجىرىپ، كىتاب پۈتۈش - ھۆججەت تۈزۈش ئىشلىرىنى
باشقۇرىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنى بارغانسېرى مۇقىملاشتى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1116 - بەت).
(46) ئۈچ خان (三主) خەن ۋۇدى، خەن جاۋدى، خەن
شۈەندىلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
(مۇھەررىردىن).

## «خەننامە» 34 ـ جىلد

# لۇۋەننىڭ تەرجىمىھالى

لۇۋەن فېڭشياڭ يېزىسى(1) دىن بولۇپ، خەن گاۋزۇ (لىيۇباڭ) بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىدى. لۇۋەننىڭ ئاتىسى بىلەن گاۋزۇنىڭ ئاتىسى شاھىنشاھ(2) ناھايىتى يېقىن ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گاۋزۇ بىلەن لۇۋەن ئىككىسى بىر كۈندە تۇغۇلغاچقا، يۇرتتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بۇ ئىككى ئائىلىنى قوي ۋە شارابلار بىلەن تەبرىكلەشكەنىدى. گاۋزۇ بىلەن لۇۋەن چوڭ بولغاندا بىللە ئوقۇدى ۋە ئۆزئارا دوست بولۇشتى. يۇرتتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە ئەل ـ ئاغىنىلىرى: بۇ ئىككى ئائىلىدىكى چوڭلار دوست ئۆتكەنىدى، بالىلىرى بىر كۈندە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاش دوست بولۇشتى. ئىككى ئەۋلادنىڭ بۇنداق دوستانە ئۆتۈشى ھەقىقەتەن تەس گەپ، دەپ ئۇلارنى مەدھىيىلىشىپ، ئىككى ئائىلىنى يەنە بىر قېتىم قوي ۋە شارابلار بىلەن مۇبارەكلىدى.

گاۋزۇ ئاددىي پۇقرا ۋاقتىدا دەۋا سەۋەبى بىلەن ئۆيىنى تاشلاپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، لۇۋەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى. گاۋزۇ دەسلەپكى قېتىم پېيشيەن ناھىيىسىدىن چىن سۇلالىسىگە قارشى ئاتلانغاندا، لۇۋەن قوناق(3) سۈپى-

تىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. گاۋزۇ خەن(汉)
بېگى بولغاندىن كېيىن. سانغۇنلۇققا تەيىنلەنگەن لۇۋەن
دائىم ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. كېيىن خەن بېگى شەرققە
يۈرۈش قىلىپ شياڭ يۈگە ھۇجۇم قىلغاندا، لۇۋەن ئەمىر لەش-
كەر مەنسىپىدە دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى. ئۇ، خەن
بېگىنىڭ ھوجرىسىغا بىمالال كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى ۋە
ئادەتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان كىيىم -
كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە ئىنئاملاردىن بەھرىمەن بولاتتى.
شياۋخې(4)، ساۋسېن(5) قاتارلىق كىشىلەر قولىدىن ئىش
كېلىدىغان بولغاچقا، خەن بېگىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە
سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنلىق جەھەتتە ھېچكىم
لۇۋەنگە تەڭ كېلەلمەيتتى. لۇۋەنگە چاڭئەن بېگىلىكى مەرتى-
ۋىسى ئىنئام قىلىندى. چاڭئەن ئەسلىدىكى شيەنياڭ(6) ئىدى.
شياڭ يۈ ئۆلگەندىن كېيىن، خەن گاۋزۇ لۇۋەننى قوشۇن باشلاپ،
ليۇجيا (7) بىلەن بىرلىكتە لىنجياڭ(8) بېگى گوڭ ۋېي(9)
گە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇرۇش تۈگەپ قايتىپ كەلگەن-
دىن كېيىن يەنە گاۋزۇ بىلەن بىرلىكتە يەن بېگى زاڭ تۇ(10)
غا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئىككىلا ئۇرۇشتا دۈشمەننى مەغ-
لۇپ قىلدى ۋە ئىسيانىنى تىنچىتتى. شۇ ۋاقىتتا بەگلەر ئىچىدە
بەگلىككە كۆتۈرۈلگەنلەردىن ليۇ فامىلىلىك بولمىغان يەتتە
كىشى(11) بار ئىدى. گاۋزۇ لۇۋەنگە بەگلىك مەرتىۋىسى
بېرىشنى ئاللىقاچان ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىر - ۋۇز-
رالاردىن نارازىلىق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، بۇ
ئىشنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇردى. زاڭ تۇ ئەسىر ئېلىنغاندىن
كېيىن سانغۇن، ۋەزىر، تۆرە قاتارلىق ئەمەلدارلارغا يارلىق
چۈشۈرۈپ ئۆز ئىچىدىن تۆھپىسى چوڭ بىرىنى يەن بېگى قىلىپ
تىكلەشنى بۇيرۇدى. ئەمەلدارلار گاۋزۇنىڭ لۇۋەنگە يەن بېگى
مەرتىۋىسى بەرگۈسى بارلىقىنى بىلىپ بىر ئېغىزدىن: «ئەمىر

لەشكەر، چاڭئەن بېگى لۈۋەن ئۆزۈندىن بۇيان ئالىيلىرى
بىلەن بىرلىكتە ئەلنى تىنچلاندۇرۇپ ئەڭ كۆپ خىزمەت كۆر-
سەتتى. ئۇنى بەگ قىلىشقا بولىدۇ» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن
گاۋزۇ لۈۋەننى يەن بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. گاۋزۇنىڭ ئىز-
زەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بەگلەرنىڭ ھېچقايىسى
يەن بېگىگە يېتىشەلمەيتتى.

لۈۋەن ئالتە يىل بەگلىك قىلغاندىن كېيىن چېن شىنىڭ
ئىسيانى كاساپىتى بىلەن گۇمانغا قېلىپ ئاخىر ھالاك
بولدى.

چېن شى يۈەنچۈ(12) لىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا
قانداق قىلىپ گاۋزۇ بىلەن بىللە بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم
ئەمەس. خەن بېگى خەن شىن ئاسىيلىق قىلىپ ھۇنلارغا
ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، گاۋزۇ پىڭچېڭ شەھىرىگە بېرىپ،
قايتىپ كەلدى. چېن شى كاتاۋۇللۇقتىن بەگلىككە كۆتۈرۈلدى
ھەمدە جاۋ بەگلىكىنىڭ باش ۋەزىرى سالاھىيىتى بىلەن ئەس-
كەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، جاۋ، دەي بەگلىكىنىڭ چېگرا
مۇداپىئەسىگە نازاراتچىلىك قىلدى. چېگرا قوشۇنلىرىنىڭ
ھەممىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. چېن شى ياش چېغىدا
ۋېي بەگلىكىنىڭ بەگزادىسى، شىنلىڭ(13) بېگى ۋېي ۋۇجى(14) غا
ئىنتايىن چوقۇناتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ چېگرا - قورۇل
مۇداپىئە سەركەردىسى بولغاندىن كېيىن مېھمانلارنى تەكلىپ
قىلاتتى، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا دائىم جاۋ بەگلىكىدىن ئۆتۈپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ 1000دىن ئوشۇق ھارۋىغا ئولتۇرغان مېھمانلى-
رى خەندەن(15) مېھمانخانىلىرىنىڭ ياتاقلىرىغا توشۇپ
كېتەتتى. چېن شى ئۆزىنى پۇقرالاردەك تۇتۇپ مېھمانلىرىغا
مۇئامىلە قىلاتتى. ھەرگىز چوڭچىلىق قىلمايتتى. دۆلەتمەنلى-
كى بىلەن كۆرەڭلىمەيتتى.

جاۋ بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى جۇچاڭ(16) پايتەختكە بېرىپ

خەن گاۋزۇ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ ۋە خەن گاۋزۇغا چېن شىنىڭ مېھمانلىرىنىڭ بەك كۆپلۈكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىرتتا ھەربىي ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. خەن گاۋزۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ، چېن شىنىڭ دەي بەگلىكىدە تۇرۇۋاتقان مېھمان خادىملىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلىرىنى تەكشۈرگۈزىدۇ. بىرمۇنچە ئىشلار چېن شىغا چېتىلىپ قالىدۇ. دەككە - دۈككىگە چۈشكەن چېن شى مېھمانلىرىنى يوشۇرۇن ھالدا ۋاڭ خۇاڭ، مەنچيۇچېنلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىدۇ.

م. ب. 197 - يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ ئونىنچى يىلى) كۈزدە، خان ئاتا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. گاۋزۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چېن شىنى چاقىرتىدۇ. چېن شى ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بارمايدۇ، ئەكسىچە ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى دەي بېگى دەپ ئېلان قىلىدۇ ۋە جاۋ، دەي بەگلىكلىرىنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىپ، خەلقنى ئالان - تاراج قىلىدۇ. گاۋزۇ چېن شىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، چېن شىغا چېتىلغان ۋە چېن شى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن ئەمەلدار ۋە خەلققە كەچۈرۈم ئېلان قىلىپ، شەخسەن ئۆزى ئەسكەر تارتىپ، چېن شىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى «گاۋدىنىڭ تەرجىمىھالى» دا تولۇق بايان قىلىنغان.

بۇرۇن گاۋزۇ خەندەندىكى چېن شىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، يەن بېگى لۇۋەنمۇ شەرقىي شىمالدىن چېن شىغا ھۇجۇم قىلدى. چېن شى ۋاڭ خۇاڭنى ئەۋەتىپ ھۇنلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. لۇۋەنمۇ ۋەزىرى جاڭ شېڭ(17) نى ئەۋەتىپ،

ھۇنلارغا چىن شى قاتارلىقلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۇق-
تۇرماقچى بولدى. جاڭ شيەڭ ھۇنلارغا بارغاندىن كېيىن ئۇ
يەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن سابىق يەن بېگى زاڭ تۇنىڭ
ئوغلى زاڭ يەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇ جاڭ شيەڭنى
كۆرۈپ: «سىزنىڭ يەن بېگى ھۇزۇرىدا ئىززەت - ھۆرمەتكە
سازاۋەر بولۇشىڭىزنىڭ سەۋەبى، سىز ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى
ياخشى بىلىسىز، يەن بېگىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان بەگنىڭ
مەرتىۋىسىنى ساقلاپ كېلىشى بولسا، بەگلەر قايتا - قايتا
ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمىگەنلىكتىن بولۇ-
ۋاتىدۇ. ھازىر سىز يەن بېگىنى دەپ چىن شى قاتارلىقلارنى
تېزدىن يوقاتماقچى بولۇۋاتىسىز. چىن شى قاتارلىقلار يوقى-
تىلغاندىن كېيىن نۆۋەت يەن بېگىگە كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سى-
لەرمۇ ئەسىرگە ئايلىنىپ قالىسىلەر. نېمە ئۈچۈن سىز يەن
بېگىنى چىن شىغا بولغان ھۇجۇمنى پەسەيتىپ، ھۇنلار بىلەن
بىرلىشىشكە دەۋەت قىلمايسىز. ۋەزىيەت پەسەيسە، يەن بېگى-
نىڭ ئورنىمۇ ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا خەن
قوشۇنلىرى چېگرىغا بېسىپ كېلىپ، خەۋپ سالغان تەقدىردىمۇ
ھۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەن بەگلىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە
كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ» دەيدۇ. جاڭ شيەڭ زاڭ يەننىڭ
سۆزىنى توغرا تېپىپ، ئاستىرتتىن ھون ئەسكەرلىرىنى يەن
بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. لۇۋەن جاڭ شيەڭ
ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىسيان كۆتۈرمەكچى، دەپ
گۇمانلىنىدۇ - دە، گاۋزۇغا مەكتۇپ يوللاپ جاڭ شيەڭنىڭ
ئۇرۇق - جەمەتىنى قىرىپ تاشلاشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. جاڭ
شيەڭ يەن بەگلىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي چۈشەن-
دۈرگەندە، ئاندىن ئەھۋالنى چۈشەنگەن لۇۋەن ئالداش ۋاس-
تىلىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقا بىرنەچچە كىشىنى جازالايدۇ.

شۇ ئارقىلىق جاڭ شېكنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنى ھۇنلارغا جاسۇس بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاستىرىتتىن فەن چى (18) نى ئەۋەتىپ، چېن شىنى ئۆزۈنچە داۋاملىق ئىسيان قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ.

خەن قوشۇنلىرى چېن شىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، تەسلىم بولغان ياردەمچى سەركەردىسى يەن بېگى لۇۋەننىڭ فەن چىنى چېن شىغا ئەۋەتىپ مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى پاش قىلىدۇ. گاۋزۇ ئەلچى ئەۋەتىپ لۇۋەننى چاقىرتىدۇ. لۇۋەن كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ كەلمەيدۇ. گاۋزۇ يەنە لۇۋەننى تەكلىپ قىلىشقا پىياڭ (19) بېگى شېن يىجى (20)، باش تەپتىشبەگ (21) جاۋياۋ (22) لارنى ئەۋەتىدۇ ۋە ئەتراپىدىكى يېقىن ئادەملىرىنى سوراشتە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن لۇۋەن ھېچكىمگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ۋەزىرلىرىگە: «بەگلىككە تەيىنلەنگەن ليۇ فامىلىلىك ئەمەسلەردىن ھازىر پەقەت چاڭشا بېگى ۋۇچېن (23) بىلەن مەنلا قالدىم. ئۆتكەندە ئوردا خۇيىيىن (24) بېگى خەنشىننىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنى قىرىپ تاشلىدى. لياڭ بېگى پېڭيۆ (25) نى ئۆلتۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خانىكە لۈخۇنىڭ ھىيلىسى بىلەن بولغان. ھازىر خان ئاغرىق، دۆلەت ئىشلىرى خانىكە لۈخۇغا ھاۋالە قىلىندى. بۇ ئاياۋ خوتۇن ھامان باھانە تېپىپ، غەيرىي فامىلىلىك سۇيۇرغاللىق بەگلەر ۋە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلايدۇ» دەيدۇ - دە، كېسەللىم ئېغىر، ماڭالمايمەن دەپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قىلغان گەپ - سۆزلىرى ئاستا - ئاستا پاش بولۇپ پىياڭ بېگى شېن يىجىنىڭ

قولىغا يېتىدۇ ۋە ئۇ چاڭگەنگە قايتىپ بېرىپ گاۋزۇغا ئەھۋالنى تەپسىلىي مەلۇم قىلىدۇ. خەن گاۋزۇ تېخىمۇ خاپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە تەسلىم بولغان ھۇن ئادەملىرى: «ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ بارغان جاڭ شىڭ يەن بېگىنىڭ ئەلچىسى ئىكەن» دېگەچكە، گاۋزۇ: «لۇۋەن ھەقىقەتەن ئاسىيلىق يولىغا مېڭىپتۇ» دەيدۇ ۋە فەن كۇەينى ئەسكەر تارتىپ لۇۋەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. لۇۋەن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ئوردا خىزمەتچىلىرى، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن سەددىچىننىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ، ئوردىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ ۋە ئوردىدىن شەپە كۈتىدۇ. گاۋزۇنىڭ كېسىلى ياخشى بولغاندىن كېيىن ئۆزى بىۋاستە ئوردىغا بېرىپ، گۇناھىنى تىلىمەكچى بولىدۇ. كۈتۈلمىگەندە ئۇزۇن ئۆتمەي گاۋزۇ ۋاپات بولىدۇ. لۇۋەن قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ ھۇنلار ئېلىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھۇن ھۆكۈمدارى باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنى ھۇن شەرقىدىكى ئەلگە خان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. لېكىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى دائىم ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ دائىم خەن سۇلالىسى تەرەپكە قايتىپ كېلىشنى ئويلايدۇ. بىر يىلدىن كېيىن كېسەل بولۇپ ھۇنلار ئېلىدە ئۆلىدۇ. خانىكە لۈخۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، لۇۋەننىڭ رەپىقىسى بىلەن ئوغلى ھۇنلاردىن قېچىپ كېلىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولىدۇ. بۇ دەل لۈخۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقتى بولغاچقا، لۈخۇ ئۇلارنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئانا - بالا ئىككىسىنى يەن بېگى ئىستىقامەتگاھىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە زىياپەت بېرىپ ئاندىن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ.

لۈخۇ كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. لۇۋەننىڭ رەپىقىسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىپ ئۆلىدۇ. خەن جىڭدى دەۋ-

رىدە ھۆن شەرقىدىكى ئەلنىڭ خانى سالاھىيىتى بىلەن كېلىپ تەسلىم بولغان لۇۋەننىڭ نەۋرىسى لۇتارىن (26) ئىبگۇ (27) بېگى قىلىندى. بۇ بەلگىلىك داۋاملىشىپ چەۋرىسى (28) گە كەلگەندە جىنايەت ئۆتكۈزۈش سەۋەبى بىلەن سۈيۈرغاللىقىدىن قۇرۇق قالدى.

(«خەننامە»، 7 - توم، 1890 — 1894 - بەتلەر).

---

(1) فىڭشياڭ (丰乡) يېزا. ئورنى بۈگۈنكى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى پېيشيەن ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 28 - بەت).

(2) شاھىنشاھ (太上皇) خانلارنىڭ ئاتىسىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن بېرىلگەن پەخرىي نام. خەن گاۋزۇ ئۆزىنىڭ ھايات ئاتىسىنى ھۆرمەتلەپ بۇ نامنى قوللانغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 706 - بەت).

(3) قوناق (门客) «食客» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئەمەلدار ۋە بايلارنىڭ دەرگاھلىرىدا تاماقلىنىپ، ئەمەلدار ۋە بايلار ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىپ، مەسلىھەت بېرىدىغان ۋە يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىغان كىشىلەر مېھمان خادىم دېيىلەتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 875 - بەت).

(4) شياۋخې (萧河، م.ب.؟ — 193) پېيشيەن ناھىيىسى (بۈگۈنكى جياڭسۇ ئۆلكىسى پېيشيەن ناھىيىسى) دىن. ناھىيىنىڭ كىچىك ئەمەلدارى. كېيىن ليۇباڭ قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، خەن سۇلالىسىنى قۇرۇش يولىدا بىرىنچى دەرىجىلىك زور خىزمەت كۆرسەتتى. ليۇباڭ خان بولغاندىن كېيىن باش ۋەزىر بولغان شياۋخې خەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 - توم، 2721 - بەت).

(5) ساۋسېن (曹参، م.ب.؟ — 190) پېيشيەن ناھىيىسىدىن.

چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا پېيشيەن ناھىيىسىدە گۇندىپاي ئىدى. شياڭيۈنى يوقىتىشتا ليۇباڭغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، پىڭياڭ بەگلىكىگە تەيىنلەندى. خەن خۇيدى دەۋرىدە باش ۋەزىر بولۇپ، شياۋخې تۈزگەن قانۇن - نىزاملارنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1466 - بەت).

(6) شيەنياڭ (咸阳) يەر نامى. بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ۋېيچېڭ (渭成) قەدىمكى شەھىرى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 513 - بەت).

(7) ليۇجيا (刘贾) خەن گاۋزۇ ليۇباڭنىڭ چوڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ليۇباڭ شەرقتە شياڭيۈگە ھۇجۇم باشلىغاندا، ليۇجيا 20000 ئەسكەر بىلەن چۇ بەگلىكىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەلنى تىنچىتىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جىڭ (荆) بېگى قىلىپ تەيىنلەندى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1476 - بەت).

(8) لىنجياڭ (临江) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. باش شەھىرى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى جۇڭشيەن ناھىيىسى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 61 - بەت).

(9) گۇڭۋېي (共尉) لىنجياڭ بېگى گۇڭئاۋنىڭ ئوغلى. گۇڭئاۋ شياڭيۈدىن سۇيۇرغال ئالغان بەگ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ شياڭيۈ بىلەن مۇناسىۋەتلىرى ياخشى ئىدى.

(«خەننامە»، 7 - توم، 1891 - بەت).

(10) زاڭتۇ (藏荼) ئەسلى يەن بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى ئىدى. شياڭيۈ بىلەن خەنگو قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ، چىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شيەنياڭغا ھۇجۇم قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى

ئۇچۇن، شياڭيۇ زاڭ تۈنى يەن بېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1373 ـ بەت).

(11) يەتتە كىشى (七人) چۇ بېگى خەنشىن، خەن بېگى خەنشىن، خۇەينەن بېگى يىڭبو، لياڭ بېگى پىڭيۆ، خېڭشەن بېگى ۋۇزۇي، جاۋ بېگى جاڭئاۋ، يەن بېگى زاڭ تۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

(«خەننامە ئىزاھلىرىغا تولۇقلىما» دىن).

(12) يۈەنچۈ (宛胸) (宛句) دەپمۇ يېزىلىدۇ. قەدىمكى ناھىيە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خېزى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 825 ـ بەت).

(13) شىنلىڭ (信陵) يېغىلىق دەۋرىدە ۋېي بەگلىكىنىڭ يېرى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى نىڭلىڭ ناھىيىسىدىكى نىڭلىڭ قەدىمكى شەھىرى ئىدى. يېغىلىق دەۋرىدە ۋېي بەگلىكىنىڭ بېگى ئەنلىۋاڭ ئىنىسى ۋېي ۋۇجىنى شىنلىڭغا بەگ قىلغاچقا، ۋېيۋۇجى شىنلىڭ بېگى دەپ ئاتالغان.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 578 ـ 579 ـ بەتلەر).

(14) ۋېيۋۇجى (魏无忌، م.ب. ? ـ 242) ۋېي بەگلىكىنىڭ بېگى ئەنلىۋاڭنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى. شىنلىڭ بېگى (ۋېيۋۇجى) مۇ دېيىلىدۇ. م.ب. 257 ـ يىلى (ۋېي بېگى ئەنلىۋاڭنىڭ 20 ـ يىلى) چىن بەگلىكى جاۋ بەگلىكىنى قورشىۋالغاندا، ۋېي بەگلىكى ياردەمگە سانغۇن جىن بىنى قوماندانلىقىدا ئەسكەر ماڭدۇردى. چىن قوشۇنىدىن قورققان جىن بى ھەرىكەت قىلمىغاچقا، ئەنلىۋاڭنىڭ بانۇسى رۇجى ئارقىلىق تەمتەككە ئىگە بولۇۋالغان ۋېي بەگزادە سانغۇن جىن بىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇۋالدۇ ـ دە، جاۋ بەگلىكىگە ياردەم بېرىپ، چىن بەگلىكىنى يېڭدۇ. كېيىن باش سانغۇن بولغان ۋېي بەگزادە بەش بەگلىك

بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن چىن بەگلىكى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1740 - بەت).
(15) خەندەن (邯郸) ناھىيە، قەدىمكى مەركىزى شەھەر. ئەمىنىيە دەۋرىدە ۋېي بەگلىكىنىڭ شەھىرى ئىدى. كېيىن جىن بەگلىكىگە قارىدى. يېغىلىق دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىگە ئۆتتى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە خەندەن ۋىلايەت بولدى. خەن خانى ليۇباڭ دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىنىڭ مەركىزى خەندەن قىلىندى. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ ئىدارىسىدە قالدى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى خەندەن شەھىرىدە.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1622 - بەت)،
(16) جۇچاڭ (周昌، م.ب. ؟ — 192) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ، پېيشيەن ناھىيىسى (ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسىگە قارايدۇ) دىن. چىن سۇلالىسىنىڭ سىشۇي يۈز بېگى ئىدى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشىدا ليۇباڭنىڭ خىزمىتىگە كىردى. چىن سۇلالىسىنى يوقىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، فېڭيىن بېگى بولدى. كېيىن جاۋ بېگى ليۇرۇيىغا ئەئيانلىق قىلدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 200 - بەت).
(17) جاڭشېڭ (张胜) م.ب. 99 — 98 - يىللىرى يارىدەمچى ئەمىر نۆكەر سالاھىيىتى بىلەن سۇۋۇ بىلەن بىللە ھۇنلار ئېلىگە ئەلچىلىككە بارغىنىدا تۇتقۇن بولۇپ قالىدۇ. قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، لۇۋەننىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ھۇن ئېلىگە بارىدۇ، زاڭيەننىڭ سۆزىگە كىرىپ، ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» 954 - بەت).
(18) فەنچى (范齐) لۇۋەننىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرى.
(«خەننامە»، 7 - توم، 1892 - بەت).
(19) پىياڭ (辟阳) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەب

سىس قىلغان. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى جىشيەن
ناھىيىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 3039 - بەت).

(20) شېن يىجى (审食其) پېيشيەن ناھىيىسىدىن. خانىكە لۈخۇنىڭ مۇلازىمى بولۇپ، شياڭ يۈنى يوقىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، يىياڭ بېگى بولدى. لۈ خۇنىڭ شاپائىتى بىلەن سول باش ۋەزىر بولدى. خەن ۋېندى تەختكە چىققىش بىلەن ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلدى. خۇەينەن بېگى جاڭ سۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، دېگەن رىۋايەتمۇ بار.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1495 - بەت).

(21) باش تەپتىش بەگ (御史大夫) ئەمەل، چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە باش ۋەزىردىن قالسىلا مەركەزدە ئەڭ يۇكسەك ئەمەلدار باش تەپتىشبەگ ھېسابلىناتتى. ئاساسىي ۋەزىپىسى تەپتىشلىك، قانۇن ئىجراسى بولۇپ، قوشۇمچە كاتىبات ئىشلىرىغا قارايتتى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە باش ۋەزىر بولماي قالسا، باش تەپتىشبەگ باش ۋەزىرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇراتتى. باش ۋەزىر، ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى بىلەن قوشۇلۇپ «ئۈچ بەگ» دېيىلەتتى.

(تۈزىتىلگەن بىر توملۇق «سىيۇەن»، 805 - بەت).

(22) جاۋياۋ (赵尧) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىدىن، جۇچاڭ جاۋ بەگلىكىگە ئەئىيان بولۇپ بارغاندا، جاۋياۋ باش تەپتىشبەگ بولۇپ باردى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1411 - بەت).

(23) ۋۇچېن (吴臣) خەن گاۋدى دەۋرىدە بەگلىكلەر بەگلىرىنىڭ ئىچىدە چاڭشا بېگى ۋۇچېن لىيۇ فامىلىلىك ئەمەس ئىدى.

(«خەننامە»، 7 - توم، 1893 - بەت).

(24) خۇەيىن (淮阴) ناھىيە. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە

تەسىس قىلىنغان. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا بولۇپ، بۈيۈك قانال ۋە شىنخۇەي قانىلى ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە خەنشىن شەھىرى قاتارلىق قەدىمكى ئىزلار بار.

(بىر تومluq «سىخەي»، 964 - بەت).

(25) پېڭ يۆ (彭越، م.ب. ؟ — 196) چاڭيىلىق. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، م.ب. 205 - يىلى (خەن گاۋزۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ليۇباڭغا بەيئەت قىلدى. لياڭ بەگلىكىنى بېسىۋېلىپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، لياڭ بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسيان كۆتۈرمەكچى دېگەن بەدنام بىلەن ئۈچ ئەۋلادى قوشۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 - توم، 1064 - بەت).

(26) لۇتارېن (卢它人) ئۇشبۇ كىتابنىڭ 146 - بېتىدىكى 22 - ئىزاھقا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

(27) ئېگۇ (恶谷) ئۇشبۇ كىتابنىڭ 147 - بېتىدىكى 23 - ئىزاھقا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

(28) چەۋرىسى (曾孙) لۇۋەنىنىڭ چەۋرىسى لۇخې. م. ب. 91 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى)، لۇخې ۋەلىئەھد ليۇجۇنىڭ ھەربىي يارلىق تەمتىكىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

(«خەننامە»، 3 - توم، 641 - بەت).

# جىڭ(1) بېگى لىيۇجىيا، يەن بېگى لىيۇزې(2) ۋە ۋۇ بېگى لىيۇپى(3) لارنىڭ تەرجىمىھالى

ۋۇ بەگلىكىدىن گۇيجى (4) يۇجاڭ (5) ۋىلايەتلىرىنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى پەرمان چۈشكەندە، ۋۇ بېگى لىيۇپى ئاللىقاچان قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە مائاش دەرىجىسى 2000 تاغار (ئاشلىق) دىن تۆۋەن ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرگەنىدى. جياۋشى(6)، جياۋدۇڭ(7)، زىچۇەن(8)، جىنەن(9)، چۇ، جاۋ قاتارلىق ئالتە بەگلىكمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ، غەربكە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. چى بېگى پۇشايمان قىلىپ، ۋۇ بەگلىكى بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقلىق ئەھدىدىن ۋاز كەچتى ۋە ئىسيانغا قاتناشماي، بەگلىك پايتەختىنى قاتتىق ساقلىدى. جىبېي(10) بېگىنىڭ ۋەيران بولغان بەگلىك پايتەختى تېخى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەنىدى. ئىشكىئاغىسى ئۇنى (جىبېي بېگىنى) نەزەربەند قىلىپ ئەسكەرلىرىنى چىقارغۇزمىدى. جياۋشى بېگى بىلەن جياۋدۇڭ بېگى باش سەركەردە بولۇپ، زىچۇەن بېگى ۋە جىنەن بەگلىرى بىلەن بىرلىكتە چى بەگلىكىنىڭ لىنزى(11) شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.

جاۋ بېگى لىيۇسۇي(12) مۇ ئاستىرتتىن ھۇنلارغا ئەلچى

ئەۋەتىپ، بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش ئەھدى تۈزدى.

(«خەننامە»، 7 ـ توم، 1909 ـ بەت).

---

(1) جىڭ (荆) چۇ (楚) بەگلىكىنىڭ كونا نامى. بىر رىۋايەتتە چىن سۇلالىسى چۇ بەگلىكىنى جىڭ دەپ ئاتىغانىكەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 187 ـ بەت).

(2) ليۇزې (刘泽) خەن گاۋزۇ ليۇباڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىلىرىدىن. يىڭلىڭ بېگى بولدى. خانىكە لۈخۇ سەلتەنەتنى دەۋرىدە لاڭيا بېگى بولدى. لۈخۇ ئۆلگەندىن كېيىن، لۈ جەمەتىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە چى بېگى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چاڭئەنگە كەلدى. خەن ۋېندىنى خانلىق تەختىگە چىقاردى. خەن ۋېندى ليۇزېنى يەنە بەگلىككە تەيىنلىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1484 ـ بەت)،

(3) ليۇپى (刘濞) (م.ب. 215 ــ 154) پېيشيەن ناھىيىسىدىن (ھازىر جياڭسۇغا قاراشلىق). خەن گاۋزۇ ليۇباڭنىڭ جىيەنى. ۋۇ بەگلىكىنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلەندى. بەگلىكىدە پۇل قۇيدۇرۇپ، تۇز ئىشلەپ چىقىرىشنى يولغا قويدى، ئادەم يىغىپ كۈچىنى ئارتتۇردى، كېيىن خەن جىڭدى چاۋسۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بېرىلگەن سۇيۇرغاللىقنى ئەمەلدىن قالدۇرغاچقا، ليۇپى چاۋسونى يوقىتىش نامى بىلەن چۇ، جاۋ بەگلىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان قىلدى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، شەرقىتىكى يۆ ئېلىگە قاچتى ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1540 ـ بەت).

(4) كۈيجى (会稽) قەدىمكى ۋىلايەت. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، مەركىزى ۋۇشيەن ناھىيىسى. ئورنى بۈگۈنكى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقى ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 1471 ـ بەت).

(5) يۈجاڭ (豫章) قەدىمكى ۋىلايەت. چۇ بەگلىكى، خەن

سۇلالىسى ئارىلىقىدا تەسىس قىلىنغان. ۋىلايەت مەركىزى نەنچاڭ شەھىرى. ئورنى بۈگۈنكى جياڭشى ئۆلكىسىگە توغرا كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 473 ـ بەت).

(6) جياۋشى (胶西) قەدىمكى ۋىلايەت ۋە بەگلىك. چۇ بەگلىكى بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىلىقىدا تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت. خەن ۋېنىدىدىن كېيىن بەزىدە ۋىلايەت، بەزىدە بەگلىك بولۇپ كەلگەن. خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيانغا قاتناشقان يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى. مەركىزى گاۋمى (بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى گاۋمى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)، ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى جياۋخې دەرياسىنىڭ غەربى، گاۋمىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا توغرا كېلىدۇ. م.ب. 73 ـ يىلى گاۋمى بەگلىكى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1512 ـ بەت).

(7) جياۋدۇڭ (胶东) قەدىمكى ۋىلايەت ۋە بەگلىك. چۇ بەگلىكى بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىلىقىدا بەگلىك بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەت قىلىنغان. خەن ۋېنىدى دەۋرىدە قايتىدىن بەگلىك بولدى. خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيانغا قاتناشقان يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى پىڭدۇ، لەيياڭ، لەيشى قاتارلىق ناھىيىلەرگە توغرا كېلىدۇ. مەركىزى جىمۇ (ھازىرقى پىڭدۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا). شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بېيخەي بەگلىكىگە قوشۇۋېتىلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1512 ـ بەت).

(8) زىچۈەن (菑川) قەدىمكى ۋىلايەت ۋە بەگلىك. خەن ۋېندى چى بەگلىكىدىن ئايرىپ تەسىس قىلغان. خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيان قىلغان يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى زىبو شەھەر رايونى ۋە شوۋگۇاڭ، يىدۇ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ قىسمەن رايونلىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى جۈشيەن (ھازىرقى

شۇۋگۇاڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا).
(بىر تومлۇق «سىخەي»، 1192 ـ بەت).

(9) جىنەن (济南) قەدىمكى ۋىلايەت ۋە بەگلىك. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە چى بەگلىكىدىن ئايرىپ تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت. خەن ۋېندى بەگلىككە ئۆزگەرتكەن. خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيان قىلغان يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى. ئىسياندىن كېيىن يەنىلا ۋىلايەت قىلىندى. مەركىزى دۇڭپىڭلىن (ھازىرقى جاڭچيۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە). ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھىرى، جاڭچيۇ، جياڭ، زوپىڭ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ يەرلىرىگە توغرا كېلىدۇ. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنىلا بەگلىككە ئۆزگەرتىلدى.
(بىر تومлۇق «سىخەي»، 933 ـ بەت).

(10) جىبېي (济北) قەدىمكى بەگلىك. ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى لۇشيەن (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى چاڭچىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا).
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1279 ـ بەت.

(11) لىنزى (临菑) قەدىمكى شەھەر. ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى زىبو شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(بىر تومлۇق «سىخەي»، 62 ـ بەت).

(12) ليۇسۈي (刘遂) ليۇيۇ (ليۇباڭنىڭ ئانىلىرىدىن بىردىن تۇغۇلغان بالىسى) نىڭ ئوغلى. خەن ۋېندى دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى بولدى. خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيان قىلىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» 1476 ـ بەت).

«خەننامە» 37 — جىلد

## جى بۇ(1) نىڭ تەرجىمىھالى

خەن خۇيدى سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا جى بۇ ئەمىر-نۆكەر (2) لىككە تەيىنلەندى.

ھۇن ھۆكۈمدارى باتۇر تەگرىقۇت خەت يېزىپ شاھ سانىيە تەيخۇنى ھاقارەتلىدى، بۇ خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بولغان شاھ سانىيە سەركەردىلەرنى چاقىرىپ بۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا كېڭەشتى. ئالىي سانغۇن فەن كۇەي: «ماڭا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بېرىلسە، ھۇنلار زېمىنى ئىچىدە ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەلەيمەن!» دېۋىدى. سەركەردىلەر شاھ سانىيىنىڭ رايىغا قاراپ، «فەن كۇەي توغرا ئېيتىدۇ» دېيىشتى. لېكىن جى بۇ فەن كۇەيىنىڭ سۆزىگە قارشى تۇرۇپ: «فەن كۇەينى ئۆلتۈرۈش كېرەك! ئىلگىرى خەن گاۋدى 300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن پىڭچېڭدا ھۇنلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ چاغدا فەن كۇەيمۇ قورشاۋ ئىچىدە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە فەن كۇەي قانداق قىلىپ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇنلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەلەيدىكەن؟ بۇ، شاھ سانىيىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ يالغان سۆزلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشى چېن شېڭ قاتارلىقلارنىڭ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بۇگۈنكى كۈندە ئۇرۇش جاراھەتلىرى تېخى ساقايمىغان ئەھۋال ئاستىدا، فەن كۇەي يەنە يۈزتۇرانە خۇشامەتكۈيلۇق قىلىپ، ئەلنى ئەنسىزچىلىككە سالماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېدى. بۇ ۋاق-تىدا ئوردا يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى شاھ سانىيە جى بۇنى جازالايدىغان بولدى دەپ ئەنسىرەشتى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان شاھ سانىيە دەرھال ئورددىن چىقىپ كەتتى. ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسىنى ئىككىنچى ئوتتۇرىغا قويمىدى.

(«خەننامە»، 7 ـ توم، 1976 — 1977 ـ بەتلەر).

---

(1) جى بۇ (季布) چۇ بەگلىكىدىن، شياڭ يۈنىڭ سەركەر-دىلىرىدىن بولۇپ، ليۇباڭ شياڭ يۈنى يوقاتقاندىن كېيىن كەچۈر-ۈمگە ئېرىشكەن. كېيىن خېدۇڭ ۋالىيسى بولغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1742 ـ بەت).

(2) ئەمىر نۆكەر (中郎将) خاننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە كۆتكۈچىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار، سانغۇندىن كىچىكرەك.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1410 ـ بەت).

# لىۇ فامىلىلىك بەش بەگنىڭ تەرجىمىھالى

جاۋ بېگى لىۇسۇي بەگلىكتە 26 يىل ھۆكۈم سۈردى.
خەن جىڭدى دەۋرىدە چاۋسو(1) جاۋ بېگىنىڭ سەۋەنلىكىنى
باھانە قىلىپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ چاڭشەن(2) ۋىلايىتىنى قىس-
قارتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بەگلەر چاۋسوغا نارازى بولدى.
ۋۇ بېگى لىۇپى بىلەن چۇ بېگى لىۇۋۇ(3) بىرىنچى بولۇپ
ئىسيان كۆتۈردى. جاۋ بېگى لىۇسۇي ۋۇ، چۇ بەگلىرى
بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولدى. جاۋ بەگلىكىنىڭ
باش ۋەزىرى جيەن دې(4) بىلەن ھۇدەيچىسى ۋاڭ خەن(5)
لەر نەسىھەت قىلىپ توسقان بولسىمۇ، جاۋ بېگى لىۇسۇي
قۇلاق سالمىدى. ئەكسىچە، جيەن دې بىلەن ۋاڭ خەننى كۆيدۈ-
رۈپ ئۆلتۈردى. ئاندىن ئەسكەرلىرى بىلەن جاۋ بەگلىكىنىڭ
غەربىي چېگرىسىغا ئورۇنلىشىپ، ۋۇ، چۇ بەگلىكلىرىنىڭ قوشۇنى
يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خەن سۇلالىسى
قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ شىمال-
دىكى ھۇنلار بىلەن بىرلەشتى. خەن جىڭدى چۇجۇ (6) بېگى
لى جى (7) نى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا
ئەۋەتتى. جاۋ بېگى خەندەن شەھىرىنى چىڭ مۇداپىئە قىلدى.
ئىككى تەرەپ يەتتە ئاي تىركەشتى. ۋۇ، چۇ قوشۇنلىرى يېڭىل-

دى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھۇنلارمۇ تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ، چېگرا ـ قورۇلغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنى خالىمىدى. چى بەگلىكىنى يېڭىپ قايتىپ كەلگەن لۇەن بۇ، لى جى قوشۇنى بىلەن قوشۇلدى ـ دە، فۇياڭ دەرياسى(8) نىڭ سۈيىنى خەندەن شەھىرىگە قويۇۋېتىپ شەھەرنى سۇغا باستۇرۇۋەتتى. جاۋ بېگى لىيۇسۇي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بەگلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

«خەننامە»، 7 ـ توم، 1990 ـ بەت).

---

(1) چاۋسو (晁错، م.ب. 200 — 154) يىڭچۇەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى يۈشيەن ناھىيىسى) دىن، دەسلەپ جاڭ خۇيدىن قانۇنچىلار مەكتىپىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن. خەن ۋېندى دەۋرىدە مۇراسىم بېگى بولۇپ، فۇشېڭ ناملىق ئالىمدىن «نەسىرنامە» نى ئۆگەنگەن. كېيىن ۋەلىئەھد (جىڭدى) گە ئاتابەگ (ئۇستاز) بولۇپ، جىڭدىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. جىڭدى خانلىق تەختىگە چىقىش بىلەنلا باش تەپتىشبەگلىككە تەيىنلىنىپ، خاننىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بەگلىكلەرنىڭ سۈيۇرغاللىرىنى ئازايتىپ، ھوقۇقلىرىنى چەكلەتكۈزگەن. نارازى بولغان ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك چاۋسونى ئۆلتۈرۈش باھانىسى بىلەن ئىسيان قىلغان. خەن جىڭدى ئىسياننى تىنچىتىش يولىدا يۈەن ئاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن چاۋسونى شەرقىي رەستىدە ئۆلتۈرگۈزگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1395 ـ بەت).

(2) چاڭشەن (常山) قەدىمكى ۋىلايەت ۋە بەگلىك. م.ب. 204 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ۋىلايەت مەركىزى يۈەنشى ئىدى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى تاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى، بېيجىڭ ـ گۇاڭجۇ تۆمۈريولىنىڭ غەربى (شىنلې، جىڭدىڭ، شىجاجۇاڭ بۇنىڭ سىرتىدا)،

نىيچيۇنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرگە توغرا كېلىدۇ. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بەگلىككە ئۆزگەرتىلدى.
(«بىر توملۇق «سىبخەي»، 1663 ـ بەت).
(3) ليۇۋۇ (刘戊) خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيان قىلغۇچى يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى بولغان چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى.
(«خەننامە»، 7 ـ توم، 1990 ـ بەت).
(4) جيەندې (建德) خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيان كۆتۈرگەن يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى جاۋ بەگلىكىنىڭ باش ۋەزىرى. ئىسيان قىلماسلىق ھەققىدە جاۋ بېگى ليۇسۇيگە تەكلىپ بېرىپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، تىرىك ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.
(«خەننامە»، 7 ـ توم، 1990 ـ بەت).
(5) ۋاڭ خەن (王悍) خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيان كۆتۈرگەن يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى جاۋ بەگلىكىنىڭ ھۇدەيچىسى. ئىسيان قىلماسلىق ھەققىدە جاۋ بېگى ليۇسۇيگە تەكلىپ بېرىپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، تىرىك ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.
(«خەننامە»، 7 ـ توم، 1990 ـ بەت).
(6) چۈجۇ (曲周) ناھىيە. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى فۇياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا. ئەسلىدە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چىجاڭ ناھىيىسى. قەدىمكى شەھەر ئورنى بۈگۈنكى ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«بىر توملۇق «سىخەي»، 1381 ـ بەت).
(7) لى جى (郦寄) شاڭنىڭ ئوغلى. جاۋ بېگى لۈلۈنىڭ ئاغىنىسى ئىدى. لۈخۇ ئۆلۈپ، لۈ جەمەتىنى يوقىتىش ھەرىكىتى باشلانغاندا، ھەربىي ۋەزىر جۇبو، لى جىنىڭ ئاتىسى شاڭنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ تۇرۇپ، لۈلۈنى ئالداپ ساياھەتكە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن لى جىغا بۇيرۇق بېرىدۇ. مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىق جۇبو شىمال قوشۇنىنى ئالىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەل ـ خالايىق لى جىنى دوستىنى ساتقان دەپ تاپا ـ تەنە قىلىدۇ.

خەن جىڭدى دەۋرىدىكى يەتتە بەگلىك ئىسيانىدا لى جى سانغۇن بولۇپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ھەم تۆرىلىككە ۋارىسلىق قىلىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1801 - بەت).

(8) فۇياڭ (滏阳河) دەريا. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىي يانباغرىدىكى شاخېي ۋە دىخېي قاتارلىق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان.

(بىر توملۇق «سىخەي». 983 - بەت).

## «خەننامە» 40 ـ جىلد

# چېن پىڭ، جۇبو(1) لارنىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 201 ـ يىلى (خەن گاۋدىنىڭ ئالتىنچى يىلى) چېن پىڭ خەن گاۋدى بىلەن بىرلىكتە دەيجۇن ۋىلايىتىدە ئاسىي خەن بېگى خەن شىنگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، پىڭچېڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، ھۇنلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، قوشۇن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئاچ قالدى. خەن گاۋدى چېن پىڭنىڭ كۆرسەتكەن كارامەت ھىيلىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق تەڭرىقۇتنى كۆندۈرۈپ، قورشاۋدىن قۇتۇلدى. خەن گاۋدى قورشاۋدىن چىققاندىن كېيىن چېن پىڭنىڭ ھىيلىسىنى مەخپىي تۇتقاچقا، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ھېچكىم بىلمىدى.

(«خەننامە»، 7 ـ توم، 2045 ـ بەت).

سانغۇنلۇق سالاھىيىتى بىلەن خەن گاۋدىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن جۇبو دەيجۇن ۋىلايىتىدە ئاسىي خەن بېگى خەن شىن-گە جازا يۈرۈشى قىلىپ خورېن (2) دېگەن يەرنى ئالدى. يەنمۇ ئىلگىرىلەپ ۋۇچۇەندە ھۇنلارنىڭ چەۋەندازلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى يەڭدى. يەنە شىمالدىن قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ تۇڭدىدا ئاسىي خەن بېگى خەن شىننىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم

قىلىپ، ئۇلارنىمۇ يەڭدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ تەييۇەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئالتە شەھەرنى تەسلىم قىلدۇردى. جىنياڭ شەھىرىدە ئاسىي خەن بېگى خەن شىننىڭ ھۇن چەۋەندازلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى يېڭىپ، جىنياڭنى ئىشغال قىلدى. كېيىن شاشى(3) دا ئاسىي خەن بېگى خەن شىننىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ يەڭدى ۋە 80 چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ، زەربە بەردى. ئاندىن كەينىگە يېنىپ لۇفەن قاتارلىق ئۈچ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە غەلىبىسىرى ئالغا بېسىپ پىڭچېڭ شەھىرى-نىڭ سىرتىدا ھۇن چەۋەندازلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ...

(«خەننامە»، 7 - توم، 2025 — 2053 - بەتلەر).

يەن بېگى لۇۋەن ئاسىيلىق قىلدى. فەن كۇەينىڭ ئور-نىدا باش ۋەزىرلىك سالاھىيىتى بىلەن قوشۇن باشلاپ چىققان جۇبو جىشىيەن(4) ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە لۇۋەننىڭ چوڭ سەركەردىسى دى، باش ۋەزىرى يەن، ۋىلايەت بېگى شىڭ، ئەمىر لەشكەر رو ۋە باش تەپتىشبېگى شىتۇخۇندۇلارنى ئەسىر ئالدى. شاڭلەن(5) دە لۇۋەن قوشۇنىنى يەڭدى. ئارقى-دىنلا يەنە زۇياڭ (6) دىكى لۇۋەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى سەددىچىن سېپىلىگىچە قوغلاپ باردى. شاڭگۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق 12 ناھىيىنى، يۈبېيپىڭ ۋىلايىتىگە قاراشلىق 16 ناھىيىنى، لياۋدۇڭ(7) ۋىلايىتىگە قاراشلىق 29 ناھىيىنى، يۈياڭ ۋىلايىتىگە قاراشلىق 22 ناھىيىنى تىنچىتتى.

(«خەننامە»، 7 - توم، 2053 - بەت).

م.ب. 158 - يىلى (خەن ۋېندى خۇيۇەننىڭ ئالتىنچى يىلى) ھۇنلار چېگرىغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. خەن ۋېندى ئوردا ئىشلىرى بېگى ليۇلىنى سانغۇنلۇققا تە-يىنلەپ قوشۇنى بىلەن باشاڭدا، جۇنسى(8) بېگى شۇلىنى

سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ قوشۇنى بىلەن جىمېندا، خېنبې ۋالىيى جۇ بونىڭ ئوغلى جۇيافۇنى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، قوشۇنى بىلەن شىلىيۇدا تۇرغۇزۇپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. خەن ۋېندى شەخسەن ئۆزى بېرىپ، پايتەخت مۇھاپىزەت قوشۇنىدىن ھال سورىدى. باشاڭ ۋە جىمېن بارگاھلىرىغا ئاتلىق كىردى. سان-غۇن ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار خاننىڭ ئالدىغا ئاتلىق چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى. ئاندىن شىلىيۇ بارگاھىغا كەلدى. بارگاھ ئالدىدا سىپاھ ــ بەگلەر ساۋۇت ــ دۇبۇلغىلارنى كىيىپ، نەيزە ــ قىلىچلارنى تۇتۇپ، ئوقيالىرىنى بەتلەپ، ئىنتايىن سۇرلۇك ھالەتتە تۇراتتى. خەن ۋېندىنىڭ تۇرشاۋۇل (9) ى بارگاھ ئالدىغا بارغاندا قاراۋۇللار ئۇنى بارگاھقا كىرگۈزمەيدۇ. تۇرشاۋۇل: «خان ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ» دەيدۇ. بارگاھ دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەر كاھىبگى جاۋاب بېرىپ: «ھەربىيدە پەقەت سانغۇننىڭلا بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىنىدۇ، خاننىڭ يارلىقىغا ئەمەل قىلىنمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىردەمدىن كېيىن خەن ۋېندى يېتىپ كېلىدۇ. قاراۋۇللار خاننىمۇ كىرگۈزمەيدۇ. خەن ۋېندى تەمتەكلىك ئەلچى ئارقىلىق سانغۇنغا يارلىق چۈشۈرۈپ: «مەن ئەسكەرلەردىن ھال سوراي-مەن» دەيدۇ. جۇيافۇ شۇ چاغدىلا دەرۋازىنى ئېچىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. بارگاھ دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇللار خان بىلەن بىللە كەلگەن ئاتامىق، ھارۋىلىق ئەمەلدارلارغا: «سانغۇننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بارگاھ ئىچىدە ئاتلىق چېپىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ» دەيدۇ. خەن ۋېندى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاستا ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ بارگاھ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەل-گەندە، سانغۇن جۇيافۇ خەن ۋېندىغا تەزىم قىلىپ: «ساۋۇت ــ دۇبۇلغا كىيگەن جەڭچىلەر تەزىم قىلمايدۇ، مېنىڭ ھەربىيچە سالام بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايلا» دېدى. ناھايىتى تەسىرلەنگەن خەن ۋېندى ئىللىق چىراي بىلەن

ھارۋىنىڭ شوتىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئېگىلگەن ھالەتتە ئۇنىڭ
سالىمىغا جاۋاب بېرىدۇ ھەمدە جارچى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سان-
غۇندىن ئالاھىدە ھال سوراشقا كەلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ.
ئاندىن ھال سوراش مۇراسىمىنى ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىدۇ. بار-
گاھ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن بىللە كەلگەن ئەمەلدارلار
بۇ ئەھۋالدىن ئىنتايىن تەئەججۇپلەنگەنىدى. خەن ۋېندى
ھاياجانلانغان ھالدا: «ھەببەللى! ھەقىقىي سانغۇن دېگەن مانا
شۇ، بايىقى باشاڭ، جىمىي بارگاھلىرىدىكى ئەھۋال خۇددى
باللارنىڭ ئويۇنىدەك بىر ئىشقۇ! ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرىنى
تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئەسىرگە ئېلىش تامامەن مۇمكىن.
جۇيافۇدەك سانغۇنغا قانداقمۇ خالىغانچە چېقىلغىلى بولسۇن؟»
دەپ ئۇنى ئۇزۇن ماختاپ كېتىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن ھۇنلار
چېكىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئۈچ مۇھاپىزەت قىسىمىمۇ ئەمەلدىن قال-
دۇرۇلىدۇ. جۇيافۇ قوشبېشى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

(«خەننامە»، 7 ــ توم، 2057 — 2058 ــ بەتلەر).

ئۇزۇن ئۆتمەي ھۇن خانلىرىدىن شۇرۇ قاتارلىق بەش
كىشى خەن خانلىقىغا تەسلىم بولدى. خەن جىڭدى ئۇلارنى
چوڭ تۆرە(10) لىككە تەيىنلەپ شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭمۇ
تەسلىم بولۇشىغا ئىلھام بەرمەكچى بولدى. جۇيافۇ: «ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ خانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىپ ئالىيلىرىغا تەسلىم بولدى.
ئەگەر ئالىيلىرى ئۇلارنى چوڭ تۆرىلىككە تەيىنلىسىلە، ئەقىدى-
سىدە تۇرمىغان ۋەزىرلەرنى ئەيىبلەشتە تىللىرى تۇتۇق بولۇپ
قالمامدۇ؟» دەيدۇ. خەن جىڭدى: «باش ۋەزىر جۇ يافۇنىڭ
تەكلىپىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ شۇرۇ قاتارلىق
بەش كىشىنى چوڭ تۆرىلىككە تەيىنلەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن،

جۇ يافۇ ئاغرىقلىقىنى باھانە قىلىپ باش ۋەزىرلىك خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدۇ.

(«خەننامە»، 7 – توم، 2061 – بەت).

---

(1) جۇبو (周勃 م.ب.؟ — 169) خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چوڭ ۋەزىرلەردىن. پېيشيەن (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدە) ناھىيىسىدىن. ياشلىقىدا پىلە سېۋىتى توقۇپ ساتاتتى ۋە ماتەم مۇراسىملىرىدا سۇناي، ناغرا چالاتتى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ليۇباڭغا قوشۇلۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى، خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ساڭخۇن ۋە جياڭ بېگى بولدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ليۇباڭ بىلەن خەن بېگى خەن شىن، چېن شى ۋە لۇ ۋەن ئىسيانلىرىنى باستۇرۇشقا قاتناشتى. ليۇباڭغا سادىق خىزمەت قىلدى. خانىكە لۈ خۇ دەۋرىدە ھەربىي ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئەسكىرىي ھوقۇق لۈ خانىشىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. خانىكە لۈ خۇ ئۆلگەندىن كېيىن چېن پىڭ بىلەن ليۇ جەمەتىنى قوغداپ، لۈ جەمەتىنى يوقىتىش پىلانىنى تۈزۈپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا ئۇرۇنغان لۈ چەن، لۈلۇلارنى ئۆلتۈردى. خەن ۋېندىنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئوڭ باش ۋەزىر بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 200 بەت).

(2) خورېن (霍人) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى فەنشى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1251 – بەت).

(3) شاشى (砦石) يەر نامى. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لۈ فەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 – توم، 2246 – بەت).

(4) جىشيەن (蓟县) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى

پېيجىڭ شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى داشىڭ ناھىيىسىدە،
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 2742 - بەت).

(5) شاڭلەن (上兰) يەنى مالەن جىلغىسى. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى زۇڭخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - توم، 18 - بەت).

(6) زۇياڭ (沮阳) شاڭگۇ ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى. قەدىمكى شەھىرى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى خۇەيلەي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى»، 2 - توم، 18 - بەت).

(7) لياۋدۇڭ (辽东) قەدىمكى ۋىلايەت. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شەرقىي جەنۇبىدا، لياۋخې دەرياسىنىڭ شەرقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىم بېرىلگەن.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1245 - بەت).

(8) جۇسى (祝兹) قەدىمكى شەھەر. شەندۇڭ ئۆلكىسى جياۋشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 741 - بەت).

(9) تۇرشاۋۇل (先行官) قوشۇن ئالدىدا يۈرۈپ خەۋەرلەشكۈچى ئەمەلدار.
(«خەننامە»، 7 - توم، 2058 - بەت).

(10) چوڭ تۆرە (列侯, 通侯) چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان 20 دەرىجىلىك ئۇنۋانىنىڭ ئەڭ ئالىي رۇتبىسى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ قوللىنىلدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1056 - بەت).

# گۇەن يىڭنىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 177 – يىلى(خەن ۋېندى چيەنيۈەنىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ھۇنلار بېيدى ۋىلايىتىگە كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلدى. خەن ۋېندى باش ۋەزىر گۇەن يىڭنى 85000 چەۋەندازغا باش قوماندان قىلىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ھۇنلار بۇنى ئاڭلاپ دەرھال چېكىنىپ شۇ چاغدا جىبېي بېگى ليۇ شىڭجۇي(1) ئىسيان قىلدى. خەن ۋېندى قوشۇننى ئېلىپ دەرھال قايتىپ كېلىش توغرىسىدا گۇەن يىڭغا يارلىق چۈشۈردى.

(«خەننامە». 7 – توم، 2085 بەت).

(1) ليۇ شىڭجۇي (刘兴居) چى بېگى ليۇ فېينىڭ ئوغلى. لۈ خانىش دەۋرىدە دۇڭمۇ بېگى بولۇپ، چاڭئەننى مۇھاپىزەت قىلاتتى. چوڭ ۋەزىرلەر بىلەن بىرلىكتە خەن ۋېندىنى تەختكە چىقىرىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، جىبېي بېگى قىلىندى. كېيىن ئىسيان كۆتۈرگەچكە، جىپۇ بېگى سەي ساڭغۇن قوماندىسىدىكى قوشۇن تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ليۇ شىڭجۇي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1485 – بەت).

# لۇ جىڭ(1) نىڭ تەرجىمىھالى

ليۇ جىڭ(2) چى بەگلىكىدىن بولۇپ، م.ب. 202 ـ يىلى (خەن گاۋدىنىڭ بەشىنچى يىلى) ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، لۇڭشى ۋىلايىتىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ لوياڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، خەن گاۋدى دەل شۇ يەردە ئىدى. ليۇ جىڭ قول هارۋىسىنى قويۇپ چى بەگلىكلىك يۈ سانغۇن(3) بىلەن كۆرۈشۈپ: «مەن ئىپامىزنىڭ ئىشلىرىغا پايدىلىق مەسلىھەت بېرىش ئۈچۈن خان بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دەيدۇ. يۈ سانغۇن ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئاندىن خان بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولىدۇ. ليۇ جىڭ: «مەن تاۋار ـ دۇردۇن كىيىپ كەلگەن بولسام، شۇ پېتى كىرەي، ماتا ـ چەكمەن كىيىپ كەلگەن بولساممۇ شۇ پېتى كىرەي، كىيىمىمنى يۆتكەش مېنىڭ ھەددىم ئەمەس» دەيدۇ. يۈ سانغۇن ئوردىغا كىرىپ خەن گاۋدىغا ليۇ جىڭنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزىدۇ. خەن گاۋدى ليۇ جىڭنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە هاراق ـ شاراب، تائاملار بىلەن مېھمان قىلىدۇ.

بىردەمدىن كېيىن خەن گاۋدى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ليۇ جىڭ: «ئالىيلىرىنىڭ لوياڭنى پايتەخت قىلىشتىكى مەقسەتلىرى جۇ جەمەتى بىلەن كىمنىڭ تېخىمۇ

راۋاج تاپقانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشمۇ؟» دەيدۇ. خەن گاۋدى:
«ھە، شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ليۇ جىڭ: «ئالىيلىرىنىڭ
ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەھۋالى جۇ جەمەتىگە ئوخشاشمايـ
دۇ. جۇ جەمەتىنىڭ ئەجدادى خۇەجى (4) غا پادىشاھ ياۋ(5)
تەرىپىدىن تەي (6) دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. بۇ
سۇيۇرغاللىق ئون نەچچە ئەۋلاد داۋاملاشتى. ئۇلار ئەۋلادتىن
ئەۋلاد ياخشى ئىشلارنى قىلدى. گۇڭلىيۇ(7) غا كەلگەندە شيا(8)
سۇلالىسى پادىشاھى جيې (9) نىڭ زوراۋانلىقىدىن ئۆزىنى
دالدىغا ئېلىپ، بىن (10) دېگەن يەرگە كۆچتى. ئاتا خان(11)
دەۋرىگە كەلگەندە دىلار دائىم تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغانلىقـ
تىن بىن دېگەن يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئات ـ
ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ چى(12) دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەتتى.
قەبىلىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئۇنىڭ
بىلەن بىللە كەتتى. جۇ ۋېنۋاڭ (13)كۈنپېتىشتىكى جايلارغا ھاكىمـ
بەگ (14) بولۇپ، يۈ(15)، رۈي (16) بەگلىكلىرىنىڭ يەر
ماجىراسى ئۈستىدە ئادىل ھۆكۈم چىقاردى. شۇنىڭدىن باشلاپ
تەقدىرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندى. شۇڭا لۈۋاڭ (17)، بويىلار(18)
دېگەن ياقىسىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشتى. جۇ
ۋۇۋاڭ (19) ئەسكەر تارتىپ شاڭ سۇلالىسى پادىشاھى جۇ (纣)(20)
غا جارا يۈرۈشى قىلدى، 800 بەگ ئالدىن كېلىشىۋالمىـ
غان بولسىمۇ، لېكىن بىرلا ۋاقىتتا مېڭجىن (21) كېچىكىدە
ئۇچرىشىپ، شاڭ سۇلالىسىنى يوقاتتى. جۇ چىڭۋاڭ(22) تەختـ
كە چىققاندىن كېيىن جۇ چېڭۋاڭنىڭ تاغىسى جۇ گۇڭ (جى
دەن)(23) قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۇستاز ۋە ۋەزىر بولۇشـ
تى. شۇنىڭ بىلەن چېڭجۇ (24) شەھىرى قۇرۇلۇپ، لوياڭ
شەھىرى پايتەخت قىلىندى. چۈنكى، بۇ يەر پۈتۈن مەملىكەتـ
نىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ، خانغا نەرسە ـ كېرەك تەقدىم قىلىش،
باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشتا، ئەتراپتىكى بەگلەر ئۈچۈن بۇ يەرـ

نىڭ ئارىلىقى ئومۇمەن ھەممىگە تەڭ يىراقلىقتا ئىدى. تەگرى خان پەزىلەتلىك بولىدىغانلا بولسا، مۇشۇ يەردە ئاسانلا روناق تاپالايتتى. پەزىلەتسىز بولىدىغان بولسا، مۇشۇ يەردە ئاسانلا ھالاك بولاتتى. بۇ يەردە تۇرۇشتىن مەقسەت. ئېھتىمال ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يىراقتىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولۇپ، ئەپلىك يەر شارائىتىغا تايىنىپ كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئەيش - ئىشرەت ۋە زوراۋانلىق بىلەن خەلققە زۇلۇم قىلدۇرۇش ئۈچۈن بولمىسا كېرەك. جۇ سۇلالىسى ئاجىزلاشقان دەۋرگە كەلگەندە سۇلالە شەرقىي جۇ سۇلالىسى (25)، غەربىي جۇ سۇلالىسى(26) دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. جايلاردىكى بەگلەر سالامغا ۋە سوۋغا تەقدىم قىلىشقا كەلمەيدىغان بولدى. جۇ جەمەتمۇ ئۇلارنى كونترول قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ جۇ جەمەتىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى لوياڭ ۋەزىيىتىنىڭ زەئىپلىكىدىن بولدى. جانابىي ئالىيلىرى فېڭشىيەن(27) ۋە پېيشىيەن ناھىيىلىرىدىن قوزغىلىپ 3000 ئەسكەر توپلاپ ۋە ئۇلارنى باشلاپ ئىلگىرىلەپ، شۇجۇن (28) ۋىلايىتى بىلەن خەنجۇڭنى ئىشغال قىلدىلا. ئۈچ چىننى تىنچىتتىلا. شياڭ يۈ بىلەن يىڭيادا 70 قېتىم چوڭ جەڭ، 40 قېتىم كىچىك جەڭ قىلدىلا. خەلق بۇ يىغىلىقلاردا پاراكەندە بولۇپ، ئاتا - بالىلارنىڭ جەستى چۆل - جەزىرىلەردە قالدى. بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئائىلىلەردە يىغا - زارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، يارىدارلارنىڭ جاراھىتى تېخى ساقايغىنى يوق. مانا مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا ئالىيلىرى تىنچ - گۈللەنگەن جۇ چېڭۋاڭ ۋە جۇ كاڭۋاڭ(29) لار بىلەن راۋاج تېپىش جەھەتتە بەسلەشمەكچى بولۇۋاتىدىلا. پېقىرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار بىلەن تەڭلەشكىلى بولماس. سابىق چىن بەگلىكى(30) نىڭ زېمىنى تاغ - دەريالار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، ئەتراپىدا مۇداپىئەگە

قولايلىق مۇشۇ جايلار بار، تۇيۇقسىز جىددىي ئەھۋال يۈز بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ مىليون كىشىلىك توشۇنىي دەرھال ھازىرلىغىلى بولىدۇ. سابىق چىن بەگلىكىنىڭ ئەسلىدىكى مول بايلىقى ۋە مۇنبەت يەرلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، مانا بۇ بايلىق ماكانى(31) ئىدى. ئالىيلىرى ئەگەر خەنگۇ(32) ئۆتكىلىگە كىرىپ گۇەنجۇڭدا پايتەخت قۇرىدىغان بولسىلا خۇاشەن (33) تېغىنىڭ شەرقىي رايونىدا توپىلاڭ يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، سابىق چىن بەگلىكىنىڭ يەرلىرىنى تامامەن ئامان ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. باشقىلار بىلەن ئېلىشقان چاغدا، ئۇنىڭ كېكىرتىكىدىن ئېلىپ، گەجگىسىگە كېلىشتۈرۈپ سالمىسا، تولۇق غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر ئالىيلىرىنىڭ گۇەنجۇڭغا كىرىپ، ئۇ يەردە پايتەخت تەسىس قىلىشلىرىمۇ، سابىق چىن بەگلىكىنىڭ كونا ئۇسۇلى بويىچە ئەلنىڭ كېكىرتىكىدىن ئېلىپ، گەجگىسىگە سالغانلىق بولىدۇ، دەيدۇ.

خەن گاۋدى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋەزىرلەردىن پىكىر ئالدى. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى خۇاشەن تېغىنىڭ شەرقىدىن كەلگەنلەر بولغانلىقتىن بەس - بەس بىلەن جۇ سۇلالىسىنىڭ نەچچە يۈز يىل ئەل سورىغانلىقى، چىن سۇلالىسىنىڭ بولسا، ئاران ئىككى ئەۋلاد ئەل سوراپ ھالاك بولغانلىقىنى ئېيتىپ، لوياڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان تۈزۈك، دېيىشتى. خەن گاۋدى ئارىسالدا بولۇپ ھۆكۈم قىلالماي قالغاندى، لىيۇ بېگى(34) جاڭ لياڭ گۇەنجۇڭغا كىرىشنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن شۇ كۈنىلا غەربكە ئاتلىنىپ، گۇەنجۇڭدا پايتەخت تەسىس قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. خەن گاۋدى: «چىن دىيارىدا پايتەخت قۇرۇش توغرىسىدا بىرىنچى بولۇپ تەكلىپ بەرگەن كىشى لۇ جىڭ، لۇ (娄) — لىيۇ (刘) دېمەكتۇر» دەپ ئۇنىڭغا لىيۇ فامىلىسىنى ئىنئام

قىلىپ، كاتاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى ۋە نەۋباھار تۆرە دەپ نام بەردى.

م.ب. 201 - يىلى (خەن گاۋدىنىڭ يەتتىنچى يىلى) خەن (韩) بېگى خەن شىن ئاسىيلىق قىلغاچقا، خەن گاۋدى شەخسەن ئۆزى ئەسكەر باشلاپ ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلدى. جىنياڭغا بارغىنىدا، خەن بېگى خەن شىنىنىڭ ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ خەن (汉) قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە بۇنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتتى. ھۇنلار قاۋۇل جەڭچى ۋە سېمىز ئات - كالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇپ قويدى. خەن ئەلچىلىرى پەقەت، قېرى، ئاجىز ئايال - بالىلارنى ۋە بىر قىسىم ئورۇق ئات - ئۇلاغلارنىلا كۆردى. ئىلگىرى - كېيىن ھۇنلارغا بېرىپ - قايتقان ئون نەچچە تۈركۈم خەن ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنى يېڭىش ئاسان ئىكەن دېيىشتى. خەن گاۋدى ليۇ جىڭنى يەنە بىر قېتىم ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ليۇ جىڭ قايتىپ كېلىپ: «بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئىككى ئەل جەزمەن ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆپتۈرۈپ، قارشى تەرەپكە تەھدىت سالىدۇ. پېقىر بۇ قېتىم بارغىنىمدا ساپلا كېسەل - ئاجىز، قېرى - چۈرىلەرنىلا كۆردۈم. بۇ چوقۇم ئۆزىنى ئەتەيگە ئاجىز كۆرسىتىپ، ئاساسىي كۈچىنى بۆكتۈرمىگە قويۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشىش غەرىزى. پېقىرنىڭ قارىشى شۇكى، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى. بۇ چاغدا 300 مىڭدىن ئوشۇق خەن قوشۇنى گۇجۇ تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھۇنلار ئېلىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. خەن گاۋدى ليۇجىڭنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى تىللاپ: «سەن چى بەگلىكلىك خۇمپەر،

گەپدانلىق قىلىپ ئەمەلگە ئېرىشكەن، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن-
دە ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈپ، چوڭ قوشۇنىمىزنىڭ ئالغا
ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن!» دېدى ۋە
ليۇجىڭنىڭ پۇت - قولىغا كىشەن سالدۇرۇپ، گۇاڭۋۇ ناھىيى-
سىدە قاماپ قويدى. خەن گاۋدى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ پىڭچېڭ-
غا بارغاندا، دېگەندەك ھۇنلار بۆكتۈرمىدىكى قوشۇنىنى ئىشقا
سېلىپ، گاۋدىنى بەيدېڭشەن تېغىدا قورشىۋالدى. خەن گاۋدى
يەتتە كۈندىن كېيىن ئاران قورشاۋدىن چىقتى. گاۋدى گۇاڭۋۇغا
كېلىپ، ليۇجىڭنى ئەپۇ قىلدى ۋە پۇشايمان قىلغان ھالدا:
«مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرمەي، پىڭچېڭدا قورشاۋغا چۈشۈپ
قالدىم. ئىلگىرى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ دەپ كەلگەن
ئون تۆركۈم ئەلچىنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدىم» دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ليۇجىڭغا ئىككى مىڭ تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال
قىلىندى. ئۆلكە بېگىلىك ئۇنۋانى بېرىلدى ۋە جيەنشىن(35) بېگى
دەپ ئاتالدى.
گاۋدى پىڭچېڭدىن قوشۇننى قايتۇرۇپ ئوردىغا كەلگەن-
دىن كېيىن خەن بېگى خەن شىن ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ
كەتتى. بۇ چاغدا ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ قوشۇنى قۇدرەت-
لىك ئىدى. ئۇ 400 مىڭ ماھىر چەۋەندازغا ئىگە ئىدى.
شۇڭا دائىم شىمال تەرەپتىكى ھەربىي ۋە خەلققە تاجاۋۇز
قىلىپ تۇراتتى. گاۋدى بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ليۇجىڭ-
دىن ھۇنلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت
سورىۋىدى، ليۇجىڭ: «پۈتكۈل مەملىكەت ئەمدىلا تىنچىدى،
ئەسكەرلەر ئۇزۇن مۇددەت جەڭ قىلىپ ھالىدىن كەتتى. بۇ
ئەھۋالدا ھۇنلارنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولماي-
دۇ. باتۇر تەڭرىقۇت ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىقتى،
ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۇ ھاكىمىيەتنى قورال
كۈچى بىلەن يۈرگۈزۈپ، زوراۋانلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئادەمنى

ياخشى گەپ بىلەن قايىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى خەن سۇلالىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ۋەزىرى بولۇپ ئۆتىدىغان قىلىش كېرەك. لېكىن ئالىيلىرى مۇنداق قىلىشنى ماقۇل كۆرمەسلىمىكىن» دەپ جاۋاب بەردى. خەن گاۋدى: «ئەگەر ھۇنلارنى ئىتائەت قىلدۇرغىلى بولىدىغانلا بولسا، مەن نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلمايدىكەنمەن! لېكىن بۇنى زادى قانداق قىلىش كېرەك» دېدى. ليۇ جىڭ: «ئەگەر ئالىيلىرى چوڭ خانىشىدىن تۇغۇلغان چوڭ مەلىكىنى باتۇرغا ئالچىلىققا بەرسىلە ۋە جىق سوۋغا ـ سالام يوللاپ تۇرسىلا، ئۇ مەلىكىنىڭ بۈيۈك خەن خانى خانىشىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋغا ـ سالامنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئۇنى چوقۇم قەدىرلەپ ئالچى قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇل چوقۇم تېكىن بولىدۇ. چوڭ بولغاندا تەڭرىقۇت بولۇپ تەختكە ئولتۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېمەيلا؟ چۈنكى، ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىغا قىزىقىدۇ. ئالىيلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ ھەر يىلى ئېشىپ قالغان، لېكىن ھۇنلاردا كەمچىل بولغان نەرسىلەرنى دائىم سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ تۇرسىلا ۋە نېرىن سۇخەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئەدەب ـ قائىدە بىلەن تەربىيىلىسىلە، باتۇر ھايات ۋاقتىدا سىلىگە كۈيئوغۇل بولىدۇ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بولسا، قىزلىرىدىن بولغان تاش نەۋرىلىرى تەڭرىقۇت بولىدۇ. ھازىرغا قەدەر تاش بوۋىسى بىلەن تاش نەۋرىسىنىڭ تەڭ ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان. مۇشۇنداق قىلغاندا، ھۇنلارنى ئۇرۇشمىزلا ئاستا ـ ئاستا بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئالىيلىرى چوڭ خانىشىدىن تۇغۇلغان مەلىكىنى بەرمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا خان جەمەتى قىزلىرىنى ياكى ئوردا كېنىزەكلىرىنى يالغاندىن مەلىكە دەپ ئەۋەتىدىغان بولسىلا، باتۇر تەڭرىقۇت بۇنىمۇ بىلىۋالىدۇ ـ

دېە، ھۆرمەت قىلماي قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەجرىمىز ھېكارغا كېتىدۇ» دېدى. خەن گاۋدى: «دېگەنلىرىدەك بولسۇن!» دېدى ۋە چوڭ مەلىكىنى بەرمەكچى بولدى. خانىكە لىۇ خىۇ (يىغلاپ): «مەن پەقەت بىرلا ۋەلىئەھد ئوغلۇم ۋە مۇشۇ بىرلا قىزىم بىلەن كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلىپ كېلىۋاتىسام، نېمە ئۈچۈن قىزىمنى ھۇنلارغا تاشلاپ بېرىدىكەنمەن» دېۋىدى. لۇ خۇنىڭ قارشىلىق بىلدۈرۈشى تۈپەيلىدىن خەن گاۋدى ئاخىرى چوڭ مەلىكىنى ئەۋەتەلمەي، ئوردىدا نام - ئاتىقى يوق بىر قىزنى مەلىكە دەپ تەگرىقۇت باتۇرغا ياتلىق قىلماقچى بولدى ۋە لىيۇ جىڭنى قۇدىلىشىش(36) ئەھدى تۈزۈشكە ئەۋەتتى.

لىيۇ جىڭ ھۇنلار ئېلىدىن قايتىپ كېلىپ خەن گاۋدىغا: «ھۇنلارنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەيياڭ(37)، لۇفەن خانلىرىنىڭ چاڭئەنگە ئەڭ يېقىن ئارىلىقى ئاران 700 چاقىرىم بولۇپ، يېنىك چەۋەندازلار بىر كېچە - كۈندۈزدىلا يېتىپ كېلەلەيدىكەن، چىنجۇڭ(38) يېقىندىلا ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان، ئاھالىسى ناھايىتى ئاز، لېكىن يېرى مۇنبەت بولغاچقا، ئاھالىنى تولۇقلاشقا بولىدۇ. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئالتە بەگلىك تورغالغاندا، ئەگەر چى بەگلىكىدىكى تيەن ۋە چۇ بەگلىكىدىكى جاۋ، چۇ، جىڭ جەمەتلىرى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى بولمىغان بولسا، بىز راۋاج تاپالمىغان بولاتتۇق. ھازىر ئالىيلىرى گەرچە گۇەنجۇڭدا پايتەخت قۇرغان بولسىلىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئاھالە ئاز بولۇپ. شىمال تەرىپىمىز ھۇنلارغا يانداشىپ تۇرىدۇ. شەرق تەرىپىمىزدە سابىق ئالتە بەگلىكنىڭ قۇدرەتلىك بەگ جەمەتلىرى بار. مۇبادا بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئالىيلىرى خاتىرجەم بولالمايدىلا، شۇڭلاشقا پېقىر، ئالىيلىرىنىڭ چى بەگلىكىدىكى تيەن ۋە چۇ بەگلىكىدىكى جاۋ، چۇ، جىڭ جەمەتلىرى ھەم يەن، جاۋ، خەن، ۋېي

قاتارلىق بەگلىكلەر بەگلىرىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى جايلاردىكى باتۇر - ئەزىمەتلەر، مەشھۇر ئۆلىمالارنى كۆچۈرۈپ گۇەنجۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنداقتا تىنچ ۋاقىتلاردا ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە، بەگلىكلەردىن چاتاق چىقسا، شۇلارنى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىشقا بولىدۇ. بۇ، ئۆزىنى كۈچەيتىپ باشقىلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش چارىسى» دېدى. گاۋدى: «بولىدۇ» دېدى ۋە ليۇ جىڭنى ئەۋەتىپ، باي - ئېسىلزادىلەردىن 100 نەچچە مىڭ ئادەمنى كۆچۈرۈپ، گۇەنجۇڭ ئاھالىسىنى تولۇقلىدى.

(«خەننامە»، 7 - توم، 2119 — 2123 - بەتلەر).

---

(1) ليۇ جىڭ (刘敬) چى بەگلىكىدىن. ئەسلى فامىلىسى لۇ (娄) ئىدى. خەن گاۋدى لوياڭدىكى ۋاقتىدا، پايتەختنى گۇەنجۇڭ تەرەپتە قۇرۇش پىلانىنى تەقدىم قىلغاچقا، ليۇ (刘) فامىلىسى ئىنئام قىلىندى. نەۋباھار تۆرە دەپ ئاتىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆلكە بېگى بولدى، جيەنشىن بېگى دەپ ئاتالدى. ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىشنى، ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان چىنجۇڭغا ئادەم كۆچۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1473 - بەت).

(2) لۇ جىڭ (娄敬) ليۇ جىڭ (刘敬) ماددىسىغا قاراڭ.

(3) يۇ سانغۇن (虞将军) چىن بەگلىكىدىن. خەن گاۋدىنىڭ سانغۇنلىرىدىن.

(«خەننامە»، 7- توم، 2119 - بەت).

(4) خۇجى (后稷) جۇ جەمەتىنىڭ ئەجدادى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئانىسى ئۇنى تاشلىۋەتمەكچى بولغانىكەن، شۇڭا (弃) (تاشلاندۇق) دەپ ئات قويۇلغان. ئۇ پادىشاھ شۇننىڭ ئېكىنبېگى

بولغان، ئۇنىڭغا تەي (邰) دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. «خۇجى»ئۇنىڭ لەقىمى ئىدى.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 262 – بەت).

(5) ياۋ (尧) رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەڭ قەدىم زامانلاردىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقىلى (رەئىسى) – تاۋ تاڭشى بولۇپ، ئىسمى فاڭشۈن، تارىختا تاڭ – ياۋمۇ دېيىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 655 – بەت).

(6) تەي (邰) قەدىمكى شەھەر، ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋۇگۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جۇ جەمەتىنىڭ ئەجدادى خۇجىدىن گۇڭلىيۇغىچە بولغان يەرلەرگە ئولتۇراقلاشقانىكەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 446 – بەت).

(7) گۇڭلىيۇ (公刘) قەدىمكى جۇ(周) قەبىلىسىنىڭ باشلىقى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خۇجىنىڭ ئەۋرىسى. شيا سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا جۇ قەبىلىسىنى باشلاپ بىن دېگەن يەرگە كۆچۈرۈپ، يەر – سۇلىرىنى تەكشۈرۈپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئولتۇراقلاشقانىكەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 279 – بەت).

(8) شيا سۇلالىسى (夏朝). رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ سۇلالىنى يۈ قۇرغان. مەركىزى ئەنيى، ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شياشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 – توم، 645 – بەت).

(9) جيې (桀) شيا سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى. قەدىمكى زاماندىكى زالىم ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، شاڭ سۇلالىسىنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمدارى جۇ بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 – توم، 1573 – بەت).

(10) بىن (豳) دەپمۇ يېزىلىدۇ. قەدىمكى بەگلىك. جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، گۇڭلىيۇنىڭ ئېلىنى بىن دېگەن يەرگە

كۆچۈرگىنىدىن باشلاپ، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىنقىرازى بىلەن چىن سۇلالىسىگە قارىدى. ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شۆنيى ناھىيىسى. بىن (邠) ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 2941 - بەت).

(11) ئاتاخان (太王) جۇ جەمەتىنىڭ ئەجدادى گۇگۇڭ چەنفۇ (古公父) نى كۆرسىتىدۇ. جۇ ۋۇۋاڭ دەۋرىدە، ئۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن خاتىرىلەپ ئاتاخان دەپ ئاتالغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 701 - بەت).

(12) چى (岐) قەدىمكى شەھەر. ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى چىشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى گۇگۇڭ چەنفۇ ئېلىنى بىن دېگەن يەردىن چىشەن تېغىنىڭ تۈۋىدىكى جۇيۈەن دېگەن يەرگە كۆچۈرۈپ، شەھەر - قورغانلار، ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپ، ئەتراپتىن كەلگەن ئاھالىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 787 - بەت).

(13) جۇ ۋېنۋاڭ (周文王) فامىلىسى جى (姬)، ئىسمى چاڭ. جۇ ۋۇۋاڭنىڭ دادىسى. يىن سۇلالىسى دەۋرىدە، چىشەن تېغىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراقلاشقان بەگ - تۆرىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ھۆكۈمدار جۇ (纣) تەرىپىدىن يۇلى دېگەن جايغا قامالدى. بوشانغاندىن كېيىن كىۇنپېيتىشتىكى جايلارنىڭ بەگلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، كىۇنپېيتىشتىكى جايلارنىڭ بېگى دەپ ئاتالدى. مەركىزىنى فېڭ دېگەن يەرگە كۆچۈردى. ئوغلى ۋۇۋاڭ شاڭ - جۇغا جازا يۈرۈشى قىلىپ يىن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، جۇ سۇلالىسىنى قۇردى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 507 - بەت).

(14) كىۇنپېيتىشتىكى جايلارنىڭ بەگلىرىنىڭ بېگى (西伯) غەربتىكى بەگ تۆرىلەرنىڭ باشلىقى، ئاتا بەگ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 2842 - بەت).

(15) يۈ بەگلىكى (虞国) جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى
ۋېنۋاڭ دەۋرىدە قۇرۇلغان قەدىمكى بەگلىكلەردىن. جى فامىلىلىك
بولۇپ، بەگلىكنىڭ قۇرغۇچىسى گۇگۇڭ چەنفۇنىڭ ئوغلى يۈجۇڭ-
نىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى پىڭلۇ
ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا. م. ب. 655 - يىلى جىن بەگلىكى تەرى-
پىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1854 - بەت).

(16) رۇي بەگلىكى (芮国) جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇ
ۋېنۋاڭ دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بەگلىكلەردىن. جى فامىلىلىك.
ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى دالى ناھىيىسى چاۋيى با-
زىرىنىڭ جەنۇبىدا. م. ب. 640 - يىلى چىن سۇلالىسى تەرىپى-
دىن مۇنقەرز قىلىنغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 555 - بەت).

(17) لۈۋاڭ (吕望) جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە
ئۆتكەن زات. جياڭ (姜) فامىلىلىك بولۇپ، ئىسمى شاڭ، لۈ
ئۇرۇقىدىن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ۋېيخې دەرياسى بويىدا
بېلىق تۇتۇۋاتقاندا ئوۋغا چىققان جۇ ۋېنۋاڭ ئۇنىڭغا ئۇچراپ قې-
لىپ، سۆھبەتلىشىپ تونۇشۇپ قالغان، سۆھبەتتىن مەمنۇن بول-
غان جۇۋېنۋاڭ ئۇنىڭغا «ئۇستاز ۋاڭ» ئۇنۋانىنى بەرگەنىكەن.
جۇۋېنۋاڭنىڭ ئوغلى جۇۋۇۋاڭ تەختكە چىققاندا، لۈشاڭنى ھۆر-
مەتلەپ «ئۇستاز ئاتا» دېگەنىكەن. ئۇستاز لۈۋاڭ يىن سۇلالىسىنى
ئاغدۇرۇشتا ۋۇۋاڭغا ياردەم بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، جۇ
سۇلالىسى قۇرۇلۇشى بىلەنلا، چى ئېلى لۈۋاڭغا سۇيۇرغال قىلىپ
بېرىلدى. شۇڭا لۈۋاڭ چى بەگلىكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 706 - بەت).

(18) بويى (伯夷) شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى گۇجۇ
(孤竹) بېگىنىڭ چوڭ ئوغلى. گۇجۇ بېگى ھايات ۋاقتىدا ئى-
كىنچى ئوغلى شۇچىنى ۋەلىئەھدلىككە بەلگىلىگەن. گۇجۇ بې-

گى ئۆلگەندىن كېيىن، شۈچى بەگلىك تەختىنى ئاكىسى بويىغا ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، قوبۇل قىلمىغان. كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى جۇ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ۋە جۇ ۋۇۋاڭنىڭ شاڭ سۇلالىسىگە قىلغان جازا يۈرۈشىگە قارشى چىققان. ۋۇۋاڭ شاڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئىككىسى شۇياڭشەن تېغىغا چىقىۋېلىپ خىلۋەتتە ياشىغان. جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەۋقاتلىرىنى يېمەيمىز دەپ ئاچلىقتىن ئۆلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 232 - بەت).

(19) جۇۋۇۋاڭ (周武王) غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى. جى (姬) فامىلىلىك بولۇپ، ئىسمى فا. ئاتىسى جۇ ۋېنۋاڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۇڭ، شۇ، چياڭ، ماۋ، ۋېي، لۇ، پېڭ، پۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، قوشۇنى بىلەن شەرققە ھۇجۇم قىلدى. مۇيې (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى جىشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) جېڭىدە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ، شاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، غەربىي جۇ سۇلالىسىنى قۇردى. خاۋ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى فېڭشۈي دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا) شەھىرىنى مەركەز قىلدى. . .

(بىر توملۇق «سىخەي»، 201 - بەت).

(20) جۇ (纣) شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى. دىنىڭ ئوغلى. ئىسمى شۇ (受)، لەقىمى دىشىن. تارىختا شاڭ - جۇۋاڭ دەپ ئاتالغان. شەرقىي ياۋا يىللارنى بويسۇندۇرۇپ، نۇرغۇن ئەسىر ئالغانىكەن، مىيىبولارنى ئۆلتۈرۈپ، جۇ ۋېنۋاڭنى قامىغان. كېيىن جۇۋۇۋاڭ غەربىي جەنۇبتىكى قەبىلە مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، شاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغان. مۇيې (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى چيې ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى) جېڭىدە، ئەسكەرلىرى جۇغا قارشى چىققاچقا، مەغلۇپ بولغان شاڭ جۇ-

ۋاڭ ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1150 ـ بەت؛

(21) مېڭجىن (孟津) كېچىك. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى مېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 785 ـ بەت).

(22) جۇ چېڭۋاڭ (王成周) غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. جى فامىلىلىك، ئىسمى سۇڭ. ئاتىسى ۋۇۋاڭ ئۆلگەندە، گۆدەك بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغىسى جۇگۇڭدىن ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. جۇگۇڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشلىرىدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بەگ ـ تۆرىلەرگە كەڭ ـ كۆلەمدە سۇيۇرغال ئىنئام قىلىش يولى بىلەن غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇگۇڭ ھاكىمىيەتنى چىڭۋاڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 201 ـ بەت).

(23) جۇگۇڭ (周公) جى دەن (姬旦) مۇ دېيىلىدۇ. جۇ پادىشاھى ۋېنۋاڭنىڭ كىچىك ئوغلى. جۇ پادىشاھى ئاكىسى ۋۇۋاڭنىڭ شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياۋۇز جۇ (纣) نى يوقىتىشىغا، جۇ سۇلالىسىنى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى. لۇ ئېلى (鲁) سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. ۋۇۋاڭ ئۆلگەندە، چىڭۋاڭ گۆدەك بولغاچقا، جۇگۇڭ ھاكىمىيەتنى ۋاقىتلىق ئىدارە قىلىپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئاكىسى گۇەنشۇ، تاغىسى سەيشۇ مۇنقەرز قىلىنغان يىن سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى ۋۇگېڭ بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان قىلدى. جۇگۇڭ شەرققە يۈرۈش قىلىپ توپىلاڭنى باستۇردى، ۋۇگېڭ بىلەن گۇەنشۇنى ئۆلتۈرۈپ، سەيشۇنى سۈرگۈن قىلدى. چېڭجۇ، لۇيى شەھەرلىرىنى بىنا قىلدى. ئەدەب ـ قائىدە مىزانلىرىنى، نەغمە تۈزۈملىرىنى بېكىتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 505 ـ بەت).

(24) چېڭجۇ (成周) قەدىمكى شەھەر. رىۋايەتلەرگە قا-

رىغاندا. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شەر-
قىدىكى بەيما بۇتخانىسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، خەن، ۋېي سۇلالى-
لىرى دەۋرىدىكى لوياڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. جۇ چېڭۋاڭ
دەۋرىدە جۇگۇڭ بىنا قىلدۇرۇپ، يىن سۇلالىسىنىڭ ئاھالىسىنى
بۇ شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. م.ب. 516 - يىلى خانزادە
چاۋنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلى جۇ جىڭۋاڭ پايتەختنى چېڭجۇغا
كۆچۈردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1653 - بەت).

(25) شەرقىي جۇ (东周) سۇلالە. م.ب. 770 - يىلى
جۇ پىڭۋاڭنىڭ پايتەختنى لويى (لوياڭ) غا كۆچۈرگىنىدىن كې-
يىن م.ب. 256 - يىلى چىن سۇلالىسىنىڭ جۇ سۇلالىسىنى مۇن-
قەرز قىلغىنىغا قەدەر بولغان دەۋر شەرقىي جۇ سۇلالىسى دېيى-
لىدۇ. شەرقىي جۇ سۇلالىسى يەنە ئەمىنىيە - يىغىلىق دەۋرى دەپ
ئىككى دەۋرگە ئايرىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 47 - بەت).

(26) غەربىي جۇ (西周) سۇلالە. م. ب. XI ئەسىردە
جۇ ۋۇۋاڭنىڭ شاڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلغىنىدىن باشلاپ،
م.ب. 771 يىلى جۇ يۇۋاڭنىڭ شېنخۇ ۋە چۈەنرۇڭلار تەرى-
پىدىن ئۆلتۈرۈلگىنىگە قەدەر بولغان دەۋر غەربىي جۇ سۇلالىسى
دەپ ئاتىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1832 - بەت).

(27) فېڭشيەن (丰县) ناھىيە. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەر-
بىي شىمالى بۇرجىكىدە. ئەسلى چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان
پېي ناھىيىسىنىڭ بىر بازىرى بولۇپ، خەن سۇلالىسى ناھىيە تە-
سىس قىلدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
1324 - بەت).

(28) شۇجۈن (蜀郡) قەدىمكى ۋىلايەت. چىن سۇلالىسى

ئەسسىز قىلغان. ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى كونا چېڭدۇ، لۇڭ-
مەن، تۈگچۈەن، ياجۇ ۋىلايەتلىرىنى ھەمدە چيۇگجۇ، باۋنىڭ ۋى-
لايىتىدىكى خەتەرلىك سوقماق يوللارنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى. قەدىمكى شۇ بەگلىكى (蜀国) مۇشۇ شۇجۇن
ۋىلايىتى ئىدى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
1060 — بەت).

(29) جۇ كاڭۋاڭ (周康王) جۇ چېڭۋاڭنىڭ ئوغلى. ئىسمى
جاۋ (钊). سەلتەنىتى دەۋرىدە چېڭۋاڭنىڭ سىياسەتلىرىنى داۋام-
لاشتۇردى. «جۇ چېڭۋاڭ — جۇ كاڭۋاڭ يولى» نى تۇتۇپ، ھاكى-
مىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. كونا تارىخچىلار بۇ دەۋرنى جۇ سۇلالى-
سىنىڭ «ئەڭ گۈللەنگەن ئەمىنىيەت دەۋرى» دەپ يېزىشقانىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 202 — بەت).

(30) چىن بەگلىكى (泰国) قەدىمكى بەگلىك. م. ب.
897 — يىللار (تەخمىنەن) دا شەكىللىنىشكە باشلىغان. ياڭ (嬴)
فامىلىلىك. جۇ شياۋۋاڭ بويىنىڭ ئەۋلادى فېيزىنى كىچىك بەگ-
لىككە بەگ قىلىپ، چىن شەھرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى.
چىن شياڭگۇڭ (م.ب. ؟ — 766) دەۋرىدە بەگلىك رەسمىي
قۇرۇلۇپ، چىن شياۋگۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە كۈچلىنىپ، يېغىلىق-
لار دەۋرىدىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.
ئەمىنىيە دەۋرىدە ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغاچقا، ئادەتتە شەنشى چىن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 — توم، 2301 — بەت).

(31) بايلىق ماكانى (天府) تۇپرىقى مۇنبەت، جۇغرا-
پىيۋى ئورنى مۇھىم، مەھسۇلاتى، ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى مول
جايلار.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 — توم، 686 — بەت).

(32) خەنگۇ ئۆتكىلى (函谷关) ئۆتكەل (قوۋۇق).(1)

چىن ئۆتكىلى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لىڭباۋ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، چىن بەگلىكىنىڭ شەرقىي ئۆتكىلى ئىدى. شەرقتە شياۋشەن تېغىدىن باشلىنىپ، غەربتە تۇڭجىنغىچە بارىدۇ. چوڭقۇر، خەتەرلىك ئورەككە ئوخشىغاچقا، خەنگۇ ئورەك (ھاڭ) ئۆتكەل دەپ ئاتالدى. (2) خەن ئۆتكىلى. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شىنئەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. م.ب. 114 - يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە خەنگۇ ئۆتكىلىنى ئەسلىدىكى ئورنىدىن 300 چاقىرىم شەرققە يۆتكەپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شەرق ئۆتكىلى قىلىندى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى شىنئەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 336 - بەت).

(33) خۇاشەن (华山) ئېلىمىزدىكى بەش چوڭ تاغنىڭ بىرى. زامان - زامانلاردىن بېرى غەربىي تاغ دېيىلىپ كەلگەن. ئورنى شەنشى ئۆلكىسىدىكى خۇايىن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا. خۇاشەننىڭ شەرقىدە كىچىك خۇاشەن تېغى بار بولۇپ، تەيخۇاشەنمۇ دېيىلىدۇ. ليەنخۇا (غەرب چوققىسى)، لويەن (جەنۇب چوققىسى)، چاۋياڭ (شەرق چوققىسى)، يۈنۈ (ئوتتۇرا چوققىسى)، ۋۇيۈن (شىمال چوققىسى) قاتارلىق چوققىلىرى بار. بىر رىۋايەتتە، تاغنىڭ ئۈستىدە كۆل بار بولۇپ، بۇ تاغ كۆلدە ئۆسىدىغان نېلۇپەر بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 - توم، 2664 - بەت).

(34) ليۇ بېگى (留侯) جاڭلياڭنىڭ سۇيۇرغاللىق ئۇنۋانى، خەن خانى ليۇباڭ ئەلنى تىنچىتىپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ لياڭغا 30 مىڭ تۈتۈنلۈك سۇيۇرغال ئىنئام قىلىپ ئۆزىنىڭ تاللىشىغا قويدى. جاڭ لياڭ ليۇ ناھىيىسىنى تاللىغاچقا، ليۇ بېگى بولدى. ئورنى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى پېيشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 - توم، 2113 - بەت).

(35) جيەنشىن (建信县) قەدىمكى ناھىيە. خەن گاۋدى

ھېيەتىشىنى لۇجۇڭغا سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاھىيە بولدى. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆلكە تەسىس قىلىندى. قەدىمكى شەھىرى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى گاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 615 – بەت).

(36) قۇدىلىشىش (和亲) خەنزۇ فېئودال خانلىرى بىلەن باشقا قوۋملارنىڭ خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىش ۋە قۇدىلىشىش ئىشى (سېھرىي مۇناسىۋەتمۇ دېيىلىدۇ). مۇنداق قۇدىلىشىش مۇئەييەن سىياسىي مەقسەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇ «قۇدىلىشىش سىياسىتى» (和亲政策) دەپ ئاتىلىدۇ. ليۇجىڭ مەملىكىتىمىز تارىخىدا «قۇدىلىشىش سىياسىتى»نى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 – توم، 504 – بەت).

(37) بەيياڭ (白羊) ھۇن خانلىقلىرىدىن بىرى.

(«خەننامە»، 7 – توم، 2123 – بەت).

(38) چىنجۇڭ (秦中) قەدىمكى رايون. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك. ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرىدە، بۇ رايون چىن بەگلىكىنىڭ يېرى بولغاچقا، مۇشۇ نام بېرىلگەن. گۇەنجۇڭمۇ دېيىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1612 – بەت).

«خەننامە» 45 – جىلد

# شى فۇگۇڭ(1)نىڭ تەرجىمىھالى

تەڭرىقۇت(2) خەن ئەيدىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ كۆرۈشۈش ۋاقتىدا، ئاغرىپ قالغانلىقىنى ۋە كېلەر يىلى كېلىپ كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئەلچى ئەۋەتىپ بىلدۈردى، بۇ ئەھۋال ھەققىدە شى فۇگۇڭ خانغا سۇنغان مەلۇماتىدا: «تەڭرىقۇت دىل ۋە ئىپىدا پايتەختكە كېلىپ، خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ئاغرىقىنى باھانە قىلىپ كەلمىدى. ئۇنىڭدا باشقا غەرەز بارمىكىن دەيمەن. ھازىر ئاسىيۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك كۈنبېيلىرى(3) نىڭ كۈچى ئاجىز، ئەمما بىيانىج (4) ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇ چياڭخۇاڭ (5) دېگەن يەردە تۇرىدۇ. 100 مىڭ قوشۇنغا ئىگە. شەرقتە خۇن تەڭرىقۇتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئوغلىنى تەڭرىقۇتنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. ناۋادا بىيانىج كۈچىگە تايىنىپ، بۇۋىسى ئۇجۇت(6) نىڭ ئىزىدىن مېڭىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلسا، چوڭ - كىچىك كۈنبېيلەرنى بىراقلا يۇتۇۋالىدۇ، ئاسىيۇلار بىرلىككە كەلسە، ھۇنلار تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ» دەپ مەلۇمات سۇندى ھەم «بىز تەسلىم

بولغان ھۇنلاردىن بىرىنى يالغاندىن بىيانىجىنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئۇنىڭ نامىدا خانغا: «كەمىنىلىرىنىڭ پەرزەنتىمنى تەگ-رىقۇتنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئەۋەتىشىم يېقىنچىلىقتىن ئەمەس، بەلكى قورققانلىقىمدىن بولغان. خان ئالىيلىرى رەھىم قىلىپ، تەگرىقۇتقا ئېيتىپ، تۇرغاقتىكى ئوغلۇمنى ياندۇرۇپ ئەكىلىپ بەر-سىلە، كەمىنىلىرى قورۇل چېرىكچېبىگىگە ھەمكارلىشىپ ئىدۇن(7) نىڭ چېگرىسىنى قوغدار ئىدىم» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىتايلى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، يەنە بۇ ساختا خەتنى سان-غۇنلارنىڭ مەسلىھىتىگە سېلىپ، ئىشنى مەقسەتلىك ھالدا ھۇن ئەلچىسىگە بىلدۈرەيلى. كونىلارنىڭ، ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئالىي تەدبىرى — دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىش، ئاندىن قالسا دۈشمەننىڭ دىپلوماتىيىسىنى بۇزۇش، دېگىنى مانا شۇ دېدى.

خەن ئەيدى تەكلىپنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال شى فۇ-گۇڭ بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە سانغۇنلار-نى يىغىپ تەپسىلىي كېڭەشتى. سول قانات سانغۇن گۇڭسۇن لۇ (8) مۇنداق دەپ قاردى: «ئوتتۇرا جۇڭگو ئەزەلدىن ئاتاق - ئابروي بىلەن يات دىلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ كەلگەن، بۈگۈنكى كۈندە شى فۇگۇڭ ئەكس يول تۇتۇپ، ئالدامچىلىق ھىيلىسىنى ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۇنلار مەرھۇم خانىمىزنىڭ شەپ-قىتىگە تايىنىپ، چېگرىنى قوغداپ، ئۆزلىرىنى رەئىيە ساناپ كەلدى. تەگرىقۇت ئاغرىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن خان ھۇ-زۇرىغا كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەھۋال-نى ئۆزلۈكىدىن ئالدىن ئۇقتۇردى. ۋەزىرلەرنىڭ ئەدەب - قا-ئىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلمىدى. شۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلى-مەنكى، مەن بۇ ئۆمرۈمدە، ھۇنلارنىڭ چېگرىمىزغا باستۇرۇپ كىرىشىنى كۆرمەسلىكىم مۇمكىن». شى فۇگۇڭ گۇڭسۇن لۇنى

ئەيىبلەپ: «مەن دۆلەت مەنپەئىتىنى ئويلاۋاتىمەن. ئالدىن تەدبىر قوللىنىپ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەتتا بىرەر ئىشنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى كۆرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈپ قويۇش لازىم. بۇ، كېلىچەك ئەۋلادلارنىڭ ئەمىنلىكى ئۈستىدە ئويلىغانلىق بولىدۇ. لېكىن سول قانات سانغۇن گۇڭسۇن لۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ئۆمرى بىلەن ھازىرقى كۆز ئالدىدىكى ئىشنى مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدۇ دەپ كېپىللىك قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ بىلەن گۇڭسۇن لۇ ئىككىمىزنىڭ پىكرى ئوخشاش ئەمەس. بۇنى تەڭ قويۇشقا بولمايدۇ» دېۋىدى، خەن ئەيدى: «خوپ» دېدى ۋە ۋەزىرلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، شى فۇگۇڭ بىلەن ئايرىم مەسلىھەتلەشتى......

(«خەننامە»، 7 ـ توم، 2182 — 2184 ـ بەتلەر).

---

(1) شى فۇگۇڭ (息夫躬) خېياڭلىق. ياش ۋاقتىدا بىلگىنىڭ تالىپلىرىدىن بولۇپ، «ئەمىنىيە ناملىق كىتابتىن دەرس ئالاتتى. چىراي، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن كىشى ئىدى. خەن ئەيدى ئۇنى كېڭەشبەگلىككە تەيىنلەپ، يىلىڭ بېگىلىك مەرتىۋە بەردى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ توغرا، دادىل سۆزلۈكلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. كېيىن ئەمەلدىن قالدى، ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن زىندانغا تاشلاندى. ئادالەتسىزلىككە چىدىمىغان شى فۇگۇڭ كۆككە قاراپ قاتتىق پەرياد چېكىپ، قان قۇسۇپ ئۆلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 801 ـ بەت).

(2) تەڭرىقۇت (单于) م.ب. 8 ـ يىلدىن م. 13 ـ يىلغىچە 21 يىل سەلتەنەت سۈرگەن، ھۇن ئېلىنىڭ 18 ـ ئەۋلاد ھۆكۈمدارى ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«ھونلار تارىخى يىلنامىسى»، 294 ـ بەت).

(3) كۇنبېي (昆弥) ئاسىيۇلارنىڭ خانلىرىنىڭ ئىسىم ئۇنۋانى. كۇنبەك (昆莫) مۇ دېيىلىدۇ. م.ب. 53 ـ يىلدىن

باشلاپ ئاسىيۇلاردا ئۆز ئالدىغا ئېلى، زېمىنى بولـغان چوڭ ـ كىچىك كۆنبەكلەر بار ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 1408 ـ بەت).

(4) بىيانىج (卑爱疐) ئەسلىدىكى كىچىك كۆنبېگى مۇجىنـ جاننىڭ ئىنىسى. بۇرۇن مۇجىنـجان چوڭ كۆنبېگى ئانربەگنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئانربەگنىڭ يابغۇلىرىدىن ئانىج مۇجىنجاننى ئۆلتۈردى. ئاخىر مۇجىنجاننىڭ جىيەنى ئانلىبەگ كىچىك كۆنـ بەك بولدى.

(«خەننامە»، 12 ـ توم، «غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»، 3909 ـ بەت).

(5) چىياڭخۇاڭ (疆煌) ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ مەركىزى (ئورنى ھەققىدە مەنبە تېپىلمىدى).

(«خەننامە»، 7 ـ توم، 2182 ـ بەت).

(6) ئۇجۇت (乌就屠) ئاسىيۇلارنىڭ سىمىز خانى ئۆڭكۈر بەگنىڭ ھۇن خانىشىدىن تۇغۇلغان ئوغلى. ئۇ قۇتراشقان نىبەكـ نى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى كۆنبەك بولـغانىدى. بىيانىج ئۇجۇتنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، چوڭ كۆنبېگى ئىچبەگ، كىچىك كۆنبېگى ئانلىـ بەگلەر بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى.

(«خەننامە»، 12 ـ توم، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 3907 ـ 3909 ـ بەتلەر).

(7) ئېبدۇن (恶都奴) يەر نامى. ئورنى ھەققىدە مەنبە يوق. غەربىي يۇرتتىكى بىر يەر بولۇشى مۇمكىن.

(تەھرىردىن).

(8) كۇڭسۇن لۇ (公孙禄) خان ئەيدى دەۋرىدىكى سانـ غۇنلاردىن بىرى.

(«خەننامە»، 7 ـ توم، 2183 ـ بەت).

«خەننامە» 48 ـ جىلد

## جىيايى(1) نىڭ تەرجىمىھالى

... خەن ۋېندى دەۋرىدە ھۇنلار قۇدرەت تېپىپ، كۆپ قېتىم چېگرىغا تاجاۋۇز قىلىپ تالان ـ تاراج قىلدى. پۈتكۈل ئەل ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئەمدىلا تىنچلانغان بولسىمۇ، قائىدە ـ تۈزۈملەر يوزە ئىدى... جىيايى كۆپ قېتىم خانغا مەلۇمات يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى ھەر جەھەتتىن تۈگىتىش ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىش كويىدا بولدى...

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2230 ـ بەت).

«... دۆلەت نىڭ ۋەزىيىتى خۇددى بىر ئادەمنىڭ بېشى پۇت، پۇتى باش بولۇپ قالغاندەك بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئومۇمەن خانلار دۆلەتنىڭ بېشى ھېسابلىنىدۇ. سەۋەبى، ئۇلار ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. يات قەۋملار بولسا دۆلەتنىڭ پۇتى ھېسابلىنىدۇ. سەۋەبى، ئۇلار ئەڭ پەس ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ھۇنلار ئوردىمىزنى مەنسىتمەي ھاقارەت قىلدى. ھەمىشە چېگرىلىرىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزۈپ، ھەقىقەتەن

ناھايىتى چوڭ ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، ئوتتۇرا جۇڭگوغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ، تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بىراق ئەكسىچە، بۈيۈك سۇلالىمىز ھەر يىلى ئۇلارغا زور مىقداردا ئالتۇن، يىپەك، تاۋار - دۇردۇن تەقدىم قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. يات قوۋملەر ئەمر - پەرمان چۈشۈرۈۋاتىدۇ. بۇ خان ئالىيلىرىنى كونترول قىلغانلىق بولىدۇ. خان ئالىيلىرى ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سوۋغا تەقدىم قىلىۋاتىدىلا، بۇ سىلىنىڭ ئۇلارغا ۋەزىر بولۇپ قالغانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. پۇت باش، باش پۇت بولۇپ قىلىشتەك مۇنداق ئازابلىق جىددىي ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان كىشى بولمىسا، قانداقمۇ دۆلەت ئىچىدە ئاقىل ئادەملەر بار دېگىلى بولىدۇ؟

باش بىلەن پۇت ئاستىن - ئۈستىن بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاقساقلىق ۋە پالەچلىكمۇ بار. ئاقساقنىڭ بىر تەرىپى، پالەچنىڭ بىر يېنى ئاغرىيدۇ. ھازىر غەرب ۋە شىمال تەرەپتىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بىر قىسىم كىشىلەر گەرچە يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، دۈشمەندىن يەنىلا مۇداپىئەلىنىپ، ھاشاردىن قۇتۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. بويى ئىككى يېرىم گەزدىن ئاشىدىغان ئەرلەر ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، ئاسايىشلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزەتكۈچىلەر خەۋەر تۇرلىرىدا قاراۋۇللۇق قىلىپ، ئۇيقۇ كۆرمەيدۇ. سەركەردە - سىپاھلار بولسا ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرى بىلەن يېتىشىدۇ. شۇڭا كەمىنىلىرى دېمەكچىمەنكى، بۇ جەھەتلەردە مەسىلە بار. بۇ مەسىلىلەرنى تۈزەتكۈدەك ئوبدان ئادەملەر بار بولسىمۇ، لېكىن خان ئالىيلىرى بۇ كىشىلەرنى ئىشقا سالمىدىلا. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنارلىق ئىش - ھە! ئالىيلىرى خانلىق نامىلىرى بىلەن ھۇنلارنىڭ بىر بېگى بولۇپ قېلىشقا قانداقمۇ چىدايدىلا. شۇنداق پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ ھاقارەتلىنىۋاتقان بولسىلىمۇ. ھۇنلارنىڭ

ئاپەتى يەنىلا توختىمىدى. بۇ ئەھۋال مۇشۇنداق داۋام قىلى ۋەرسە، بىز پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالايىئاپەتكە قالىمىز. ئاقىل ھېسابلانغان پىلان ـ تەدبىر كۆرسەتكۈچى كىشىلەر ھەممىشە بۇنى ھەل قىلىپ بولمايدىغان مەسىلە دەپ قارايدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن قابىلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. پېقىر ھونلارنىڭ ئاھالە ـ نوپۇسىنى مۆلچەرلەپ باقتىم، ئۇلارنىڭ نوپۇس سانى پەقەت سۇلالىمىزنىڭ بىر چوڭ ناھىيىسىگىلا باراۋەر كېلىدىكەن. شۇنداق بىر چوڭ ئەل بىر ناھىيە ئادىمى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ، ھاقارەتكە ئۇچراۋاتىمىز. مەن ھەقىقەتەن ھازىر ئىش باشقۇرۇۋاتقان ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئۈچۈن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن. ئالىيلىرى نېمە ئۈچۈن كەمىنە خادىملىرىنى قارام ئەللەر بېگى (2) قىلىپ، مەخسۇس ھۇنلارنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇشقا قويۇپ باقمايلا؟ پېقىرنىڭ پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈلسە، كېسىپ ئېيتىمەنكى تەڭرىقۇت(3) نى چوقۇم بوينىدىن باغلاپ ئېلىپ كېلىش مۇمكىن، جۇڭخاڭ يۆ(4) نى يەرگە ياتقۇزۇپ دۇمبالاپ، ھۇنلارنىڭ پۈتكۈل ئەسكەر ۋە خەلقىنى تامامەن خان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىگە قارايدىغان قىلىش مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە ئەشەددىي دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشماي، قاۋان توڭگۇز ئوۋلايدىغان، ئىسيانچى قاراقچىلارغا زەربە بەرمەي، توشقان ئوۋلاپ ئوينايدىغان، چوڭ ئاپەت بىلەن كارى بولمايدىغان ئىشلار بىخەتەرلىككە ئېرىشىشنىڭ چارىسى ئەمەس، ئىلتىپاتلىرى يىراقلارغا تارقالدى، كۈچ ـ قۇدرەتلىرى يىراق ئەللەرگە يېتىپ باردى، لېكىن سۇلالىمىزنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى پايتەختتىن بىرنەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ھۇنلار رايونىغىمۇ يېتىپ بارالمايۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنارلىق ئىش!...» دېدى.

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2240 — 2242 ـ بەتلەر).

---

(1) جيايى (贾谊، م.ب. 201 — 169) لوياڭلىق. كىچىكىدىنلا ھەرقايسى ئىلىم ئېقىملىرىغا مەنسۇپ كىتابلارنى ئوبـ

دان ئۆگەنگەچكە، خەن ۋېندى چاقىرتىپ بىلگەلىككە تەيىنلەپ،
كېيىن كېڭەشبەگلىككە ئۆستۈردى. جيايى توغرا سۆزلۈك ئادەم
بولۇپ، تۈزۈم، ئۆرپ - ئادەت ئىشلىرىدا ئىسلاھات تەرەپدارى
بولغاچقا، ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۇنى كۆرەلمەيتتى، كېيىن چاڭشا
بېگىگە خەلپەتبېگىلىككە چۈشۈرۈلدى. ئۇ يەردىن لياڭ بېگىگە خەلپەت-
بەگ بولۇپ يۆتكەلدى. 33 يېشىدا ئۆلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 2962 - بەت).

(2) قارام ئەللەر بەگلىكى (属国) خەن سۇلالىسى
دەۋرىدە كۆچمەن ۋە تەسلىم بولۇپ كەلگەنلەر. قورغان سىرتىغا
ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۆز ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ياشايدىغان بەش
ۋىلايەت تەسىس قىلىندى. بۇلار قارام (بېقىندى) ئەللەر بەگ-
لىكى سۈپىتىدە خەن سۇلالىسىگە قارايتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 916 - بەت).

(3) تەڭرىقۇت (单于) بۇ يەردە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ
م.ب. 174 - يىلدىن 161 - يىلغىچە 13 يىل سەلتەنەت سۈرگەن
ئوغلى كىئوك (ئاغا) تەڭرىقۇت نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«هونلار تارىخى يىلنامىسى»، 293 - بەت).

(4) جۇڭخاڭ يۆ (中行说) يەن بەگلىكىدىن. خەن
ۋېندى زامانىسىدىكى ئاغۋاتلاردىن بىرى. هۇن تەڭرىقۇتىغا ئالچى-
لىققا بېرىلگەن مەلىكە بىلەن بىللە بېرىشقا تەيىنلەنگەندە،
بارالماسلىق تەلىپىنى قويغان بولسىمۇ، مەجبۇرىي ئەۋەتىلگەچكە،
هۇنلارغا تەسلىم بولۇپ. كىئوك تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى كۈن تەڭ-
رىقۇتنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن تەربىيىلەيدۇ ۋە خەن سۇلالىسىگە
قارشى كۆپ زىيانلىق پائالىيەتلەرنى قىلىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 23 - بەت).

«خەننامە» 49 – جىلد

## چاۋسونىڭ تەرجىمىھالى

... بۇ چاغدا ھۇنلار كۆچىيىپ چېگرا – قورۇللارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغاچقا، خەن ۋېندى ئەسكەر ماڭدۇرۇپ مۇداپىئە كۆردى. چاۋسو خەن ۋېندىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ: «ئاڭلىشىمچە، خەن سۇلالىسى بەرپا بولغاندىن بۇيان، ھۇنلار كۆپ قېتىم چېگرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، كىچىك تاجاۋۇزچىلىق قىلغاندا كىچىك پايدا، چوڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلغاندا چوڭ پايدا ئېلىپتۇ. خەن گاۋدىنىڭ خانىكىسى لۈ خۇ ھاكىمىيەت باشقۇرغان چېغىدا ھۇنلار ئىككى قېتىم لۇڭشى ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، چارۋا – ماللارنى بۇلاپ – تالاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە لۇڭشى ۋىلايىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، سىپاھ – بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە تالان – تاراج قىلىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ھەيۋىتى بىلەن خەلقنىڭ جاسارىتى ھەسسىلەپ ئاشىدىكەن، يېڭىلگەن ئەسكەرلەر شىجائىتىنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدىكەن. لۈ خۇدىن كېيىن لۇڭشىدىكى ئەسكەر ۋە خەلقلەر ھۇنلار تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم ئاياغ – ئاستى قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن، خەلقنىڭ جاسارىتى زور دەرىجىدە سۇنۇپ، غەلـ

جه قىلىش ئىرادىسى يوقالغان. بۈگۈنكى كۈندە لۈكشىدىگى ئەمەلدارلار يەر ئىلاھى (1)، رىزىق ئىلاھى (2) نىڭ پاناھىغا تايىنىپ، ئالىيلىرىنىڭ دانا كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلىدى؛ ئەسكەرلەر بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغىتىپ، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھۇنلارغا غەلىبە-لىك تاقابىل تۇردى. ئاز بىلەن كۆپكە زەربە بېرىپ ھۇنلار-نىڭ بىر خانىنى ئۆلتۈردى ۋە ھۇن ئەسكەرلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ لۈكشى خەلقنىڭ گاھ باتۇر، گاھ ئاجىز بولۇپ قالغانلىقىدىن بول-ماي، بەلكى سەركەردىلەرنىڭ ئىقتىدار جەھەتتىكى ئوخشاش-ماسلىقىدىن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھەربىي تەدبىرلەر»③ دە: «ئۇرۇشتا غالىب سەركەردە بولىدۇ، غالىب خەلق بولمايدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش، شۆھرەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى ياخشى سەر-كەردىنىڭ بولۇشىدا. ياخشى سەركەردىنى ئىستايىدىل تاللى-ماي بولمايدۇ!...

مەن يەنە مۇنداق دەپ ئاڭلايمەن، دۆلەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، ئوخشاشمىغان تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئەسكىرىي كۈچنى دۈشمەنىنىڭ كۈچلۈك - كۈچسىز-لىكىگە قاراپ ھەر خىل ئىشقا سېلىش، يەر شەكلىگە قاراپ ھەر خىل مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى چۈشۈرۈپ كۈچلۈك دۆلەتلەرگە خىزمەتكار بولۇش، كىچىك دۆلەتلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى، كىچىك دۆ-لەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، چوڭ دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىش — بۇ تەڭ كۈچكە ئىگە دۆلەتلەر ئارىسىدا بولىدىغان ئىش. يات قەبىلىلەرنى يات قەبىلىلەرگە سېلىش — بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (4) نىڭ يات قوۋملەرگە تاقابىل تۇرۇش چارى-

سى. هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھۇنلار ئىشغال قىلىپ
تۇرغان يەرلەرنىڭ يەر شەكلى ۋە ئۇلارنىڭ ماھارىتى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى تاغلىق ۋە
ئېگىزلىكلەردە، جاڭگاللاردا ماڭالايدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
ئاتلىرى بولسا ھۇن ئاتلىرىغا ئوخشىمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەس-
كەرلىرى قىيالىقلاردا ئاتلىق ئوقيا ئاتالايدۇ، ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىك چەۋەندازلىرى ھۇنلارنىڭ چەۋەندازلىرىغا ئوخشاش-
مايدۇ؛ ھۇنلار بوران - چاپقۇنلاردا چارچىمايدۇ، ئاچلىق،
ئۇسسۇزلۇققا چىدايدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر ھۇنلاردەك جاپا-
كەش ئەمەس. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ ئارتۇق-
چىلىقى. تۈزلەڭگە كەلسەك، يېنىك جەڭ ھارۋىلىرىدا جەڭ
قىلالايدىغان ئەسكەرلەر ۋە دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلالايدىغان چەۋەندازلار ئىشقا سېلىنسا، ھۇن ئەس-
كەرلىرى ئاسانلا قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. قونداقلىق ئوقيالار
بىلەن يىراققا ئاتسا، ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن يىراقتا تۇرۇپ
سانچىسا، ھۇن ئوقياچىلىرى قارشىلىق كۆرسىتەلمەي قالىدۇ.
مۇستەھكەم ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ، ئۆتكۈر قىلىچ ئىشلىتىل-
سە، ئۇزۇن - قىسقا ھەربىي قوراللار ماسلاشتۇرۇلسا، ھەرى-
كەتچان كامالەك - ئوقيا ماھىرلىرى ئوق ياغدۇرسا، پىيادە
ئەسكەرلەر سەپ تۈزۈپ باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلىسە، ھۇن
ئەسكەرلىرى تاقابىل تۇرالماي قالىدۇ. باتۇر ئەسكەرلەر
ئورتاق نىشانغا بىراقلا ئوق ياغدۇرسا، ھۇنلارنىڭ تېرە
ساۋۇت، ياغاچ قالقانلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ.
قىلىچ - نەيزىلەر بىلەن پىيادە جەڭ بولۇپ قالسا، ھۇن ئەسكەرلىرى-
نىڭ قەدىمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمىدەك
كۈچلۈك ۋە تېتىك ئەمەس. مانا بۇ — ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ
ئالاھىدىلىكلىرى. دېمەك، ھۇنلارنىڭ ئۈچ ئارتۇقچى-
لىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بولسا بەش ئارتۇقچىلىقى
بار. ھازىر ئالىيلىرى يەنە نەچچە يۈز مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ،

ئەچچە ئون مىڭ ھۇن ئەسكەرىنى قىردىلا، ئادەم سانى بىلەن
ھېسابلىغاندا، بۇ ئون بىلەن بىرگە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكى-
سى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن قورال رەھىمسىز. ئۇرۇش
خەتەرلىك بىر ئىش. ئۇرۇش سەنئىتىنى ئۇقمىغان قوشۇن
ھەر قانچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ئاجىز قوشۇنغا ئايلىنىپ
قالىدۇ، ئۆزگىرىش كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بېرىدۇ،
كىشىلەر جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق غەلىبىنى
قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنىدىن قوپالماي
قالسا، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەي-
دۇ. قەدىمكى خانلارنىڭ ئەلنى باشقۇرۇش چارىسى شۇكى،
ئۇلار بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بەرگەن. ھازىر ئەل بولغان
يىجۇ (5) ھۇنلىرى ۋە باشقا بەدەۋى ياتلارنىڭ يەنىلا نەچ-
چە مىڭ ئادىمى بار. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى
ھۇنلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارغا مۇستەھكەم ساۋۇت ۋە
ئوقيا بېرىپ، ئاندىن چېگرا ۋىلايەتلەردىكى خىل چەۋەنداز-
لارنى ئۇلارغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى
چۈشىنىدىغان، ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولالايدىغان سەركەر-
دىلەرنى تەيىنلەپ، شۇلار ئارقىلىق ئالىيلىرىنىڭ دانا پىلانى
بويىچە ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىش، خەتەرلىك تۈيۈق
يەرلەردە مۇشۇ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇرۇش،
تۈزلەڭ - ئوچۇق يەرلەردە يېنىك ھارۋىلىق ۋە جەڭگىۋار
ئەسكەرلەر بىلەن مۇداپىئە قىلىش كېرەك. بۇ ئىككى قوشۇن
ئۆزئارا ماسلىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى
قىلىپ، كۆتۈلمىگەن يەردىن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلسا، ئۇ ھال-
دا بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن بىخەتەر تاكتىكا بولۇپ قالىدۇ»...
دېدى.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2778 — 2283 - بەتلەر).

چاۋسو ئۆز مەكتۇپىدا يەنە چېگرا مۇداپىئەسى، تېرىق-

چىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىش دەپ ھېسابلاپ: «... ھۇنلار ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە كىيىم - كېچەكنى تېرىقچىلىق قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلمايدۇ، بۇ ھال ئۇلارنى ئاسانلا چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. سەۋەبى ھۇنلار ئەسلى گۆش يەپ، سۈت - قېتىق ئىچىدۇ، تېرە، يۇڭدىن كىيىم - كېچەك كىيىدۇ، ئۇلار-دا شەھەر، تېرىلغۇ يەر ۋە ئولتۇراق جاي بولمايدۇ، ئۇلار كەڭ دالىدا ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلاردەك، نەدە ئوت - چۆپ، سۇ بولسا، شۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرىدۇ، ئوت - چۆپ تۈگەپ، سۇ قۇرۇسا، دەرھال يۆتكىلىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئۇلار ھەمىشە كۆچۈپ يۈرىدۇ، گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقاپ كېتى-دۇ، مانا بۇ ھۇنلارنىڭ دائىملىق تۇرمۇش ئادىتى. ئوتتۇرا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تاشلاپ، چېگرا مۇداپىئەسىگە بېرىشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. ھازىر ئەگەر ھۇن-لار بىرقانچە يايلاقلارنى ئايلىنىپ كېلىپ، چېگرا ئەتراپىدا ئوۋچىلىق قىلسا، بەزىدە يەن ۋە دەي بەگلىكلىرىگە، بەزىدە شاڭجۈن، بېيدى، لۇڭشى ۋىلايەتلىرىگە يېقىنلىشىپ، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ سانىنى چارلايدۇ. ئەگەر ئەسكەر-لىرىمىز ئاز بولسا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاجاۋۇز قىلىدۇ. ئالىيلىرى ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم قىلمىسىلا، چېگرا خەلقى ئۈمىدسىزلىنىپ، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ياردەم بېرىش توغرا كەلسە، ئەسكەر ئاز ئەۋەتىلسە، ئاجىز كېلىپ قالىدۇ، ئەسكەر كۆپ ئەۋەتىلسە، يىراق يەرلەردىكى ئەسكەرلەر يېتىپ بارغۇچە ھۇنلار قېچىپ كېتىدۇ، ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ كەلمەي تۇرغۇزۇپ قويسا، خىراجەت كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، قايتۇرۇپ كەلسەك، ھۇنلار يەنە تاجاۋۇز قىلىدۇ، ھەر يىلى بۇنداق ئەسكەر چىقىرىپ - ئەسكەر قايتۇرۇپ كېلىش ئوتتۇرا جۇڭگونى نامراتلىققا ئېلىپ بارىدۇ، خەلق خۇشال - خۇرام تىرىك-

چىلىك قىلالمايدۇ. ئالىيلىرى چېگرىنىڭ ئامانلىقىدىن ئەنـ
سىرىگەنلىكلىرى ئۈچۈن سەركەردە ۋە ئەسكەر ئەۋەتىپ، چېگرا
قورۇللارنى ئوڭلاپ تەرتىپكە سالدىلا. بۇ ئالىيلىرىنىڭ ئىنـ
تايىن زور ئىلتىپاتى. لېكىن بەلگىلىمە بويىچە، يىراقتىن
كەلگەن چېگرا مۇداپىئەسىدىكى ئەسكەرلەر يىلىدا بىر قېتىم
ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ چېگرىنى مۇداپىئە قىلىش ۋاقتى
بەك قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۇنلارنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشەنـ
مەي تۇرۇپلا ئالمىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چېگرىدا
مۇقىم تۇرۇشنى خالايدىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى شۇ
يەردە ماكانلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن تېرىقچىلىق
قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھۇنلاردىن مۇداپىئە قىلىش لازىم.
ئۇلار دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئېگىز
سېپىل سوقۇپ، چوڭقۇر خەندەك كولاپ، سېپىل ئۈستىگە
كۆپ مىقداردا تاش ھازىرلاپ، سېپىل ئەتراپىغا تۆمۈر تىكەنـ
لىك توسۇق ياسىشى لازىم. ئاندىن سېپىل سىرتىدا يەنە
بىر كىچىك سېپىل ياساش، ئىككى سېپىل ئارىلىقى 150
قەدەم ئۆپچۆرىسىدە بولۇش لازىم. نۇقتىلىق يەرلەردىن تۈز-
لەڭلىككە قاتنايدىغان يوللاردا مۇۋاپىق ھالدا شەھەرلەرنى
بەرپا قىلىش، شەھەر ئاھالىسى 1000 تۈتۈندىن كەم بول-
ماسلىقى كېرەك، چوڭ سېپىل بىلەن كىچىك سېپىل ئارىلىقىدا
چىتلاق ياساش كېرەك، ئالدى بىلەن ئۆي سېلىپ، تېرىلغۇ
سايمانلىرىنى ھازىرلاپ، ئاندىن گۇناھكارلارنى ۋە كەچۈرۈم
قىلىنغان گۇناھكارلارنى، شۇنىڭدەك قانۇن بويىچە ھاشارغا
ھۆكۈم قىلىنغان ئاياللارنى يىغىپ ئەكىلىپ، مۇشۇ يەرگە
ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئەگەر ئادەم سانى ئاز بولۇپ قالسا،
گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن بېرىدىغان ۋە مەر-
تىۋە ئېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان قۇرامىغا يەتكەن قۇل ۋە
دېدەكلەرنى يىغىش كېرەك. ئەگەر بۇمۇ يېتىشمىسە، ئۆزلۈ-

كىدىن چېكىرىغا بېرىپ ماكانلىشىشنى خالايدىغان كىشىلەرنى
يىغىش لازىم، ئۇلارغا يۇقىرى مەرتىۋە بېرىلىشى، ئائىلىسىگە
قويۇلغان هاشار ۋە باج - سېلىقلار بىكار قىلىنىشى،
قىشلىق - يازلىق كىيىم - كېچەك،
ئوزۇق - تۈلۈك تارقىتىپ بېرىلىشى تاكى
ئۆز جېنىنى ئۆزى باقالايدىغان بولغۇچە تەمىنلىنىشى
لازىم. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى قۇللارنى ھەدىيە
قىلىش ئارقىلىق چېگرىغا ياردەم قىلغان كىشىلەر تۆرە -
ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئېرى ياكى
ئايالى ئۆلگەن چېگرا ئاھالىلىرىگە ھۆكۈمەت ئەر ياكى ئايال
ھەل قىلىپ بېرىشى زۆرۈر. چۈنكى جۈپى بولمىسا، چېگرىدا
ئۇزۇن ۋاقىت خاتىرجەم تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ كىشىلەر ئارىسى
دىكى نورمال ئەھۋال. چېگرىدا تۇرغان كىشىلەرگە ئەگەر
مەرتىۋە ۋە مەنپەئەت بېرىلمىسە، ئۇلارنى خەتەرلىك ۋە جاپا-
لىق يەرلەردە ئۇزاق تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ. ھۇنلار تاجاۋۇز-
چىلىق قىلىپ ئادەم ۋە چارۋىلارنى بۇلىغاندا، ئەگەر بىرىرى
تاقابىل تۇرۇپ قايتۇرۇۋالالىسا، مالنىڭ ئەسلى ئىگىسى
قايتۇرۇۋېلىنغان چارۋىلىرىنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە
قىلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى كېرەك. قايتۇرۇۋېلىنغان
ئادەملەرنى ھۆكۈمەت پۇلغا سېتىۋېلىپ پۇل تۆلىشى لازىم.
شۇنداق قىلغاندىلا، بىر يۇرتتىكى كىشىلەر ئۆزئارا ياردەم
قىلىدىغان، ئۆلۈمدىن قورقماي ھۇنلارنى قوغلاپ چىقىرىدى-
غان بولىدۇ. بۇ خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش
بولماستىن، بەلكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئامانلىقىنى
ساقلاش ۋە مال - مۈلكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ
ۋە بۇنى يەر شارائىتى بىلەن تونۇش بولمىغان، ھۇنلاردىن
قورقىدىغان شەرقتىن كەلگەن چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى
بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن نەچچە

ھەسسە چوڭ بولىدۇ. ئەگەر ئالىيلىرى بۇ ۋاقىتتا، ئاھالە يۆتكەپ چېگرا مۇداپىئەسىنى تولۇقلايدىغان بولسىلا، يىراق ۋىلايەت - ناھىيىلەردىكى خەلق چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرۇش ھاشىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. چېگرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەلقلەر بىر - بىرىنى قوغداپ، ھۇنلارغا ئەسىر بولۇش ئازابىنى تارتمايدۇ. بۇنىڭ پايدىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ كۆرىدۇ. ياخشى ناملىرى مەڭگۈ قالىدۇ. بۇنى چىن سۇلالىسىنىڭ چىن كۆڭلىدىن رازى بولمىغان كىشىلەرنى چېگرا مۇداپىئەسىدە مەجبۇرىي تۇرغۇزۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق ھەقىقەتەن ئىنتايىن زور» دېدى. خەن ۋېندى چاۋسونىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى ۋە چېگرىغا ئادەم كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى.

چاۋسو يەنە تەكلىپ بېرىپ: «ئالىيلىرى ئادەم كۆچۈرۈپ چېگرا مۇداپىئەسىنى تولۇقلاشنى تەستىقلىدىلا، بۇ ھال چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرۇش ھاشىرىنى ئاستا - ئاستا ئازايتىدۇ. قاتناش - نەقلىيات خىراجىتىنىمۇ ئازايتىدۇ. بۇ ئالىيلىرىنىڭ خەلققە قىلغان ئىنتايىن زور ئىلتىپاتى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئەمەلدارلار ئەگەر ئالىيلىرىنىڭ خەلققە بولغان كۆيۈمچانلىقلىرىنى چۈشىنىپ، دانا ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، كۆچۈپ كەلگەن قېرى - ئاجىزلاردىن ھال سوراپ ۋە نەپىقە بېرىپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باتۇر - ئەزىمەتلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىنى بوزەك قىلمايدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان، كۆچمەنلەرنى يۇرتىنى سېغىنماي، تىنچ - خاتىرجەم ياشايدىغان قىلسا، ئۇ چاغدا، نامرات خەلقلەر بۇنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ ۋە بىر - بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ چېگرىغا كېلىدۇ.

ئاڭلىشىمچە، قەدىمكى زاماندا، يىراق ۋە بوش يەرلەر-

گە ئادەم كۆچۈرۈپ تولدۇرۇشتا ئىقلىمى ئىللىقراق يەرلەرنى
تاللايدىكەن ۋە سۈيىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرىدىكەن. قانداق
زىرائەتلەرنى تېرىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقىدىكەن
ھەمدە ئوت - چۆپ مول يەرلەرنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن شەھەر
بىنا قىلىپ، يېزا - كەنتلەرگە ئايرىپ، تۇرار جاي سالدى-
كەن. ئېتىز - ئېرىق يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ ۋە چەك -
چېگرىسىنى ئايرىيدىكەن. كۆچمەنلەرگە ئاۋۋال ئۆي - جاي
بېرىلىدىكەن، ھەر ئائىلىگە بىر ئېغىز مېھمانخانا، ئىككى
ئېغىز ئىچكىرىكى ئۆي بېرىلىدىكەن، ئاھالىلەر تۇرار جايغا
ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا يەنە سەرەمجان ۋە جابدۇق
بېرىلىدىكەن. دېمەك، ئۇلار يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئۆيگە،
ئىش قوراللىرىغا ئىگە بولىدىكەن،
كىشىلەرنىڭ يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ،
بىر - بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى شەھەرگە
يېتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ
ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تىۋىپ - داخانلارنى سەپلەپ،
ئۇلارنىڭ كېسەلىنى داۋالايدىكەن، نەزىر - چىراق بېرىدىكەن،
ئوغۇل - قىزلار ئۆز ۋاقتىدا توي قىلالايدىكەن، ئۇلار ئۆمۈر-
ۋايەت ئۆزئارا بىر - بىرىگە غەمخورلۇق قىلالايدىكەن، ئۆلسە
بىر يەرگە كۆمۈلىدىكەن. ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىپ،
ئۈجمە ۋە كەندىر ئۆستۈرىدىكەن. توخۇ، ئىت، چوشقا ۋە
قويلارنى باقىدىكەن، ئومۇمەن تەلتۆكۈس ئائىلە تۇرمۇشى
بەرپا قىلىنىدىكەن. كۆچمەنلەرنىڭ بۇ يەرنى ياخشى كۆرۈشى ۋە
ئۇزۇن مۇددەتلىك ماكانلىشىش ھېسسىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى
تۈپ سەۋەب مانا شۇ ئىكەن. مەن يەنە مۇنداق دەپ
ئاڭلايمەن: قەدىمكى زاماندا يىراق چېگرا رايونلاردا شەھەر-
نامىيە بەرپا قىلىش دۆشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈشنى مەقسەت
قىلغان، خەلقنى تەشكىللىگەندە بەش تۈتۈن بىر مەھەللە

قىلىنىپ، مەھەللە بېشى قويۇلغان؛ ئۇن مەھەللە بىر كەنت قىلىنىپ كەنت بېشى قويۇلغان؛ ئۇن كەنت بىر يېزا قىلىنىپ، يېزا بېشى قويۇلغان؛ ئۇن يېزا بىر شەھەر قىلىنىپ، شەھەر بېگى قويۇلغانىكەن. ئاساسىي قاتلام ئەمەلدارلىرى شۇ يۇرتتىكى ئەخلاقلىق ـ پەزىلەتلىك، قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە يەر شارائىتى بىلەن تونۇش، خەلق ئەھۋالىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىن تاللاپ ئېلىنىدىكەن. ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كىشىلەرگە ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلدۇرىدىكەن. ئۇرۇشقا چىققاندا دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىتىدىكەن. قوشۇن خەلق ئىچىدىن تەشكىل قىلىنىدىكەن. قائىدە ـ تۈزۈملەر يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن ھەربىي ھەكەم(6) تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىكەن. مۇشۇنداق قايتا ـ قايتا مەشق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، قۇدرەتلىك قوشۇن بارلىققا كېلىدىكەن، بۇنداق قوشۇننى ئۇلار ھەرگىز يۆتكىمەيدىكەن. ئۇلار كىچىكىدە بىللە ئويناپ، چوڭ بولغاندا بىللە ئىشلەپ يۈرگەچكە، قاراڭغۇ تۈنلەردە جەڭ قىلغاندا، بىر ـ بىرىنى ئاۋازىدىنلا تونۇۋالىدىكەن ـ دە، ئۆزئارا ياردەملىشىدىكەن، كۈندۈزى جەڭ قىلغاندا بولسا ئۇلار بىر قاراپلا بىر ـ بىرىنى تونۇۋالىدىكەن. بۇنداق ئىتتىپاقلىق ۋە مېھرىبانلىق ھېسسىياتى ئۇلارنى بىر جان ـ بىر تەن قىلغانىكەن. مۇشۇنداق قوشۇن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىرى كاتتا ئىنئاملار بىلەن رىغبەتلەندۈرۈلسە، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى ئېغىر جازالار بىلەن ئېغىر تەھدىت ئاستىغا ئېلىنسا، ئۇ چاغدا ئۇلار ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۆلۈشتىنمۇ قايتمايدۇ. ئەگەر كۆچۈرۈلىدىغان خەلق قاۋۇل، جاسارەتلىك بولماستىن، كېيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكىنىلا خورتىدىغان ئادەملەردىن بولسا، ئۇلارنى كۆچۈرمەسلىك كېرەك. كۆچمەنلەر ياش، قەيسەر بولغان، تەقدىردىمۇ،

ئەگەر ئۇلارنى ياخشى ئەمەلدار باشقۇرمىسا، تەربىيىلىمىسە، ئۇلار ھەرگىز خىزمەت كۆرسىتەلمەيدۇ. ئالىيلىرى ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئۇلار بىلەن ياراشمىدىلا، مۆلچەرىمچە، بۇ يىل قىشتا ئۇلار جەنۇبقا كېلىپ، چېگرىغا تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ قاتتىق جاجىسىنى بەرگەندىلا، ئاندىن بۇ ئۇلارغا ئۇنتۇلماس ساۋاق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىز ھونلارغا قاتتىق زەربە بەرمەكچى بولساق، كۆز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئالدىن ئەسكەر چىقىرىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنىلا كۈتۈپ، دېگەندەك زەربە بېرەلمىسەك، ئۇلار غەلىبە قىلىپ قايتىپ كەتسە، كېيىن ئۇلارنى ئاسانلىقچە بويسۇندۇرغىلى بولماي قالىدۇ. كەمىنىلىرى كەم ئەقىلدۇرمەن، ئالىيلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2285 — 2289 ـ بەتلەر).

---

(1) يەر مۇئەككىلى (土神) قەدىمكى ئېتىقادلارغا كۆرە، مەدەن، ئۆسۈملۈك، سۇ، ئوت، يەر (تۇپراق) دىن ئىبارەت بەش ئاناسىر ئىلاھلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يەر يۈزىدە ئۆي ـ زېمىن ئىشلىرىغا مۇئەككەل ئىلاھ ھېسابلىنىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 584 ـ بەت).

(2) رىزىق مۇئەككىلى (谷神) قەدىمكى ئېتىقاد بويىچە، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى ۋە رىزىق بەرگۈچى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 24 ـ توم، 281 ـ بەت).

(3) ھەربىي تەدبىرلەر (兵法) قەدىمكى زاماندا ئەسكەر ئىشلىتىش ئۇسۇلى؛ ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىسى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 287 ـ بەت).

(4) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (中原) رايون. ئوتتۇرا زېمىن، ئوتتۇرا ئايماق مەنىلىرىدە بولۇپ، تار مەنىدىكى ئوتتۇرا تۈز ـ

لەگلىك ھازىرقى خېنەن ئەتراپلىرىنى، كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارنى ياكى پۈتكۈل خۇاڭخې ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (中原) دەپ ئېلىندى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1408 ـ بەت).

(5) يىچۇ (义渠) رۇڭ ئېلى بەگلىكلىرىدىن. چىن سۇلالىسى مۇنقەرز قىلغان. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى كونا چىڭياڭ ۋىلايىتى بىلەن جىڭچۇ ئايمىقىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1047 - بەت).

(6) ھەربىي ھەكەم (军正) قوشۇندا قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدار.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 3015 ـ بەت).

# فېڭ تاڭ(1)، جى ئەن(2) نىڭ تەرجىمىھالى

## فېڭ تاڭنىڭ تەرجىمىھالى

فېڭ تاڭ نىڭ بوۋىسى جاۋ بەگلىكىدىن بولۇپ، ئاتىسى دەي بەگلىكىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقانىدى. خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئەنلىڭغا كۆچتى. فېڭ تاڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت ۋە ھۆرمەت قىلىش بىلەن نام قازانغاچقا، نۆكەر بەگ مەھكىمىسى (3) نىڭ بېگىلىك ۋەزىپىسىدە بولۇپ خەن ۋېندىغا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانىدى. بىر كۈنى خەن ۋېندى ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، نۆكەر بەگ مەھكىمىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ فېڭ تاڭدىن: «يېشىڭىز چوڭ ئىكەن، نېمە ئۈچۈن تېخىچە نۆكەر بەگ بولۇپ يۈرىسىز؟ يۇرتىڭىز قەيەر؟» دەپ سورىغانىدى. فېڭ تاڭ ئۆز ئەھۋالىنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى. خەن ۋېندى: «مەن دەي بەگلىكىدە تۇرغان چېغىمدا، ئاشچىباشى (4) كاۋچۈ ماڭا جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى لى چىنىڭ ئاقىل، ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى، جۈلۇ (5) شەھىرى تۈۋىدە قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانلىقىنى كۆپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ھازىر مەن ھەر قېتىم تاماق يېگەندە لى چىنىڭ جۈلۇ جېڭىدىكى باتۇرلۇقىنى ئەسلەيمەن.

سز بۇ نسەرگەردنىنى بلەمسز؟» دەپ سوردى. فېلىڭ تاڭ: «لى چى ئىقتىدار جەھەتتە ليەن پو (6)، لى مۇ (7) لارغا يېتەلمەيدۇ!» دەپ جاۋاب بېردۇ. خەن ۋېندى: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغىنىدا، فېلىڭ تاڭ: «كەمىنلىرىنىڭ بوۋىسى جاۋ بەگلىكىدە سەركەردە بولغان چېغىدا لى مۇ بىلەن دوست ئىكەن؛ دادام دەي بەگلىكىدە ۋەزىر بولۇپ تۇرغاندا، جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى لىچى بىلەن دوست ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدىن خەۋىرىم بار» دەپ جاۋاب بېردۇ. خەن ۋېندى ليەن پو، لى مۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇرسەنىد بولۇپ، يوتىسىغا بىرنى ئۇردۇ - دە، ئېچىنغان ھالدا: «ھەي، ئىست! مەن ليەن پو، لى مۇلارغا ئوخشاش ئىستېداتلىق سەركەردىلەرگە ئىگە بولالمىدىم. ئەگەر شۇنداق سەركەردىلەرگە ئېرىشكەن بولسام، ھونلاردىن ئەنسىرىيتتىممۇ!» دېيىشىدى. فېلىڭ تاڭ: «سۆزۈم قوپاللىراق بولسا كەچۈرگەيلا، ئالىيلىرى ليەن پو، لى مۇغا ئوخشاش ئىستېداتلىق كىشىلەرگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەيتتىلا» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەن ۋېندى چىچاڭشىپ كېتىدۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپلا ئوردىسىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئاردىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى خەن ۋېندى فېلىڭ تاڭنى چاقىرتىپ: «نېمە ئۈچۈن شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا مېنى ئەيىبلەيسىز؟ ئەجەبا، بىرەر خالىراق جايدا دېيىشكىلى بولمايتتىمۇ؟» دەپ ئەيىبلەيدۇ. فېلىڭ تاڭ ئەيۇ سوراپ: «كەچۈرسىلە، مەن ئەقىلسىز گەپنى ئەگىتىپ ئېيتىشنى بىلمەيتتىمەن» دەيدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ھۇنلار جۇنا (8) ناھىيىسىگە ئەمدىلا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بېيدى ۋىلايىتىنىڭ كاھىپگى سۈن ئاڭنى ئۆلتۈردى. ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

خەن ۋېندىنىڭ خىيالىنى بەنت قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا فېڭ تاڭدىن: «سىز نېمە ئۈچۈن ليەن پو، لى مۇلارنى ئىشلىتەلمەيتتىلا دەيسىز؟» دەپ سورايدۇ. فېڭ تاڭ جاۋاب بېرىپ: «ئاڭلىشىمچە، قەدىمكى خان - بەگلەر سەركەردىلەرنى ھەربىي يۈرۈشكە چىقارسا، ئۆزلىرى ئالايىتەن سەركەردىلەرنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىدىكەن ۋە: «بوسۇغا ئىچىدىكى ئىشلارغا ئۆزۈم مەسئۇل، بوسۇغا سىرتىدىكى ئىشلارغا سەركەردە مەسئۇل، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ مەرتىۋە، ۋە ئىنئام بېرىش ئىشلىرىنى سەركەردە ئۆزى سىرتتا بىر تەرەپ قىلىپ، ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن مەلۇم قىلىپ قويسىلا بولىدۇ» دەيدىكەن. بۇ ھەرگىز بىكار گەپ ئەمەس. بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، لى مۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ شىمالىي چېگرىنى قوغداۋاتقىنىدا، قوشۇن بازىرىدىن ئېلىنغان باج - سېلىقلارنى ئەسكەرلەرگە خىراجەت قىلىپ، ئىنئام ئىشلىرىنى سىرتتا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىكەن، ھەرگىز جاۋ بەگلىكى بېگىنىڭ ئالدىن تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزمەيدىكەن. دېمەك، خان - بەگلەر بىر تەرەپتىن سەركەردىلەرنى ئىخلاس بىلەن ئىشقا سېلىپ، تەلەپنىمۇ قاتتىق قويىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، سەركەردە لى مۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا سالالىدى. ئۇ 1300 جەڭ ھارۋىسى، قونداقلىق ئوقيا ماھىرلىرىدىن تاللانغان 13000 چەۋەنداز، قابىل باتۇر جەڭچىلەردىن 100 مىڭنى باشلاپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ھۇن تەڭرىقۇتىغا قوغلاپ زەربە بەردى، غۇزلار (9) نى يېڭىپ، دەنلىن (10) ھۇنلىرىنى يوقاتتى، غەربتە قۇدرەتلىك چىن بەگلىكىنى بېسىقتۇرۇپ، جەنۇبتا خەن، ۋېي بەگلىكلىرىگە مەدەت بەرگەچكە، شۇ چاغلاردا جاۋ بېگى ھاكىمبەگ بولۇشقا ئاز قالدى.

كېيىن جاۋچيەن(11) جاۋ بەگلىگىنىڭ بېگى بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئەسلى ئەزەلخانىكەن. گوكەيىنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىگە ئىشەنگەن جاۋ بېگى جاۋچيەن لى مۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەن جۇنى تويدى. شۇنىڭ بىلەن جاۋ بەگلىكى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئاڭلىشىمچە، يۈنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ۋېي شاڭ (12) قوشۇن بازىرىدىن ئېلىنغان باج ـ سېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلەرنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي پۇلى بىلەن بەش كۈندە بىر كالا سويۇپ مېھمانلارنى، ئەمەلدارلارنى ۋە يېقىن خىزمەتچىلەرنى كۈتىدىكەن. ھونلار يىراقلارغا قېچىپ، يۈنجۇڭ چېگرا ـ قورۇلىغا يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ھونلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، ۋېي شاڭ ھارۋا ـ ئاتلىق قوشۇن بىلەن زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ كۆپ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى ھەممىسى ئاددىي پۇقرالارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئېتىزلىقتىن چىقىپلا ئەسكەر بولغانلار ئىدى، ئۇلار كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى خاتىرىلەش، بىر ـ بىرىگە كېپىللىك قىلىشنى نەدىن بىلسۇن! ئۇلار پەقەت كۈن بويى ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننى يوقىتىش ۋە ئەسىر ئېلىشنىلا بىلىدۇ. بارگاھقا نەتىجە مەلۇم قىلىنغاندا، بىرەر سان نامۇۋاپىق بولۇپ قالسىلا، مۇنشىلار ئۇلارنى قانۇن بويىچە جازالايدىكەن. ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ئىجرا قىلىنماي قالسىمۇ، ئەمما ئەمەلدارلار قانۇننى قارىغۇلارچە ئىجرا قىلسىلا ئېتىبارغا ئېرىشىدىكەن. كەمىنىلىرى كەم ئەقىل. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى بەك قاتتىق، ئىنئاملىرى بەك ئاز، جازالىرى بەك ئېغىر، يۈنجۇڭ ۋالىيسى ۋېي شاڭ جەڭ نەتىجىلىرىنى مەلۇم قىلغاندا، ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەندىن ئالتە كىشىنىلا ئارتۇق ئېيتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن،

ئالىيلىرى ئۇنى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە تاپشۇردىلا. ئەمەل ۋە مائاشلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەمگەك بىلەن جازالىدىلا. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئالىيلىرى لىيەن پو بىلەن لى مۇلاردەك ئىقتىدارلىق سەركەردىلەرگە ئېرىشكەن بىلەنمۇ، ئەتىۋارلاپ ئىشقا سالالمايدىكەنلا. كەمىنىلىرى ھەقىقەتەن كەم ئەقىل، دېمەيدىغان گەپلەرنىمۇ دەۋەتتىم، ئۆلۈمگە مەھكۇمەن» دەيدۇ.

فېڭ تاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇشال بولغان خەن ۋېندى شۇ كۈنىلا فېڭ تاڭغا يارلىق دەستىكىسى بېرىپ، ۋېي شاڭنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىپ، يەنىلا يۈنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدىكى يارلىق بىلەن ئەۋەتىدۇ. فېڭ تاڭنى ھارۋا - ئاتلىقلار كاھىبىگىسى(13) قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قوشبېشىلار ۋە ۋىلايەت بەگلىكلىرىنىڭ ھارۋىلىق قوشۇنلىرىنى باشقۇرۇش ئىدى....

(«خەننامە»، 8 - توم، 2312— 2314 - بەتلەر).

## جى ئەننىڭ تەرجىمىھالى

... بۇ چاغدا خەن سۇلالىسى ھونلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئەتراپتىكى يات قوۋملارنى ئەل بولۇشقا ئۈندەۋاتاتتى. جى ئەن ئۇرۇشنى كۆپ قوزغىماسلىق كېرەك، دەپ قارايتتى. ھەمىشە پۇرسەت تاپسىلا، خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «ھونلار بىلەن ياخشىلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، ئەسكەرلەرنى ئىشقا سالمىساق» دەيتتى...

(«خەننامە») 8 - توم، 2319 - بەت).

خەن ۋۇدى ھونلارغا كۆپ جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەلىبە قازانغانلىقى ئۈچۈن، جى ئەننىڭ تەسەببۇسىنى تېخىمۇ قوبۇل قىلمىدى.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2320 - بەت).

ئۇزۇن ئۆتمەي هۇن خانى قۇنشارخان ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ۋە ئېلىنى باشلاپ كېلىپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. خەن سۇلالىسى 20 مىڭ هارۋا ئەۋەتىپ قارشى ئالماقچى بولدى. خەزىنىدە پۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن پۇقرالاردىن نېسىگە ئات ئېلىندى. بەزى پۇقرالار ئاتلىرىنى يوشۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن لازىملىق ئاتلارنىڭ سانى توشماي قالدى. غەزەپلەنگەن خەن ۋۇدى چاڭئەن ناهىيىسىنىڭ هاكىمىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى. جى ئەن: «چاڭئەن هاكىمى گۇناهسىز. كەمىنىلىرى جى ئەننى ئۆلتۈرسىلە، پۇقرالار ئاندىن ئېتىنى بېرىدۇ. بۇ هۇنلار خوجايىنلىرىغا ئاسىيلىق قىلىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى، ئۇلارنى يول ئۈستىدىكى ناهىيە ـ شەهەرلەر تەرتىپ بويىچە بېكەت هارۋىلىرى بىلەن توشۇسىلا بولىدى، ئەلنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى هالىدىن كەتكۈزۈپ، بۇ هۇنلارنى رازى قىلىشنىڭ نېمە هاجىتى؟» دېدى. خەن ۋۇدى ئاڭلاپ، هېچنەرسە دېمىدى. كېيىن قۇنشارخان چاڭئەنگە كەلدى. هۇنلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىپ، دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان سودىگەرلەر 500 دىن ئاشتى. جى ئەن ئوردىغا كېلىپ، خانغا مەلۇم قىلىدىغان بىر ئىش بارلىقىنى ئېيتتى. خەن ۋۇدى گاۋمىن قەسرى(14)دە جى ئەن بىلەن كۆرۈشتى. جى ئەن: «هۇنلار يول ئۈستىدىكى قورۇللارغا هۇجۇم قىلىپ، ياخشىلىشىش مۇناسىۋىتىنى بۇزدى. خەن سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلىپ زەربە بەردى، ئۆلگەن ـ يارىلانغانلار سانسىز بولۇپ، چىقىم نەچچە مىليون يارماققا يەتتى. مېنىڭ پىكرىم شۇكى، ئالىيلىرى قولغا چۈشكەن هۇنلارنى قۇل قىلىپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ئىنئام قىلسىلا، ئولجا ئېلىنغان هەممە بايلىقلارنىمۇ ئۇلارغا تەقسىم

قىلىپ بەرسىلە. مۇشۇ يول بىلەن خەلقتىن ئەپۇ سوراپ، پۇقرالارنى رازى قىلىسىلا بولاتتى. لېكىن ھازىر شۇنداق قىلىنمىدى. ئەكسىچە، قۇنشارخان نەچچە تۈمەن ئادىمى بىلەن تەسلىم بولغاندا، ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى ئېچىپ، ئۇلارغا مال - بايلىق ئىنئام قىلدى. مۆمىن كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خۇددى ئۆزىمىزنىڭ سۆيۈملۈك باللىرىمىزنى پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىلدۇق. نادان خەلق چاڭئەن شەھىرىدىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىدا، ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ئوغرىلىقچە چېگرىدىن مال كىرگۈزگەن دېگەن جىنايى نام بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىلىپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئالىيلىرى ھۇنلاردىن چۈشكەن بىر قىسىم مال - بايلىقلارنى ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق خەلققە ئۆزرىخاھلىق قىلماستىن. ئەكسىچە يەنە قاتتىق قانۇن ماددىلىرى ئارقىلىق نادان خەلقتىن 500 دىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈردىلە! كەمىنىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئالىيلىرى مۇنداق قىلمىسىلا بولاتتى» دېدى. جى ئەنىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغان خەن ۋۇدى: «مەن ئۇزۇندىن بېرى جى ئەنىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانىدىم. بۈگۈن ئۇ يەنە بىلجىرلاۋاتىدۇ» دېدى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن جى ئەن قانۇنغا خىلاپ ئازراق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلى ئېلىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خالى سەھرادا بىرقانچە يىل ئىستىقامەتتە بولدى.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2320 — 2321 - بەتلەر).

---

(1) فېڭ تاڭ (冯唐) ئەنلىك (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) لىق. خەن ۋېندى دەۋرىدە نۆكەر بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ۋېندىغا

كۆپ مەسلىھەت بېرەتتى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە پەزىلەتلىك كىشىلەر قاتارىدا كۆرسىتىلدى. كېيىن يېشى 90 دىن ھالقىپ كەتكەنلىكتىن، ئوغلى فېڭ سۈي نۆكەر بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1221 ـ بەت).

(2) جى ئەن (汲黯)، م.ب.؟ — 112) پۇياڭلىق. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئاۋۋال دۇڭخەي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، كېيىن ئوردا ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. خەن ۋۇدى بىلەن كۆپ قېتىم مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئۈچۈن، قارىماققا خان ئۇنى ھۆرمەتلىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن بىزار بولغانىدى. كېيىن خۇەيياڭ ۋالىيسى بولۇپ شۇ يەردە ئۆلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 ـ توم، 1725 ـ بەت).

(3) نۆكەر بەگ مەھكىمىسى (郎中署) خان ساراي (ئوردا) قوۋۇقلىرىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 3102 ـ بەت).

(4) ئاشچىباشى [尚食(监)] خان ـ بەگلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، ياتاق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 896 ـ بەت).

(5) جۇلۇ (钜鹿) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جۇلۇ ناھىيىسىدە.

(بىر توملۇق «سىخەي»: 167 ـ بەت).

(6) ليەن پو (廉颇) يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى، جاۋ خۇيۋېنۋاڭ دەۋرىدە ليەن پو، چى بەگلىكى قوشۇنىنى يېڭىپ، جىنياڭ شەھىرىنى ئالىدۇ. كېيىن چى بەگلىكىنىڭ ھىيلىسى بىلەن جاۋ بېگى ليەن پونى چەتكە قاقىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا چاڭپىڭ دېگەن يەردە چىن بەگلىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ 45 مىڭ ئەسكىرىنى ھالاك قىلىدۇ. جاۋ شياۋچېڭۋاڭ دەۋرىدە م. ب. 257 ـ يىلى ليەن قوماندىسىدىكى قوشۇن خاۋ (鄗) دېگەن يەردە يەن بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى

يەڭگەچكە، باش ۋەزىر بولىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن»، 2 ـ توم، 1016 ـ بەت).

(7) لى مۇ (李牧، م.ب.؟—229) يىغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىدىن. بەگلىكنىڭ شىمال چېگرا مۇداپىئەسىگە مەسئۇل ئىدى. ماھىر چەۋەنداز كاماندار بولۇپ، خەۋەر ـ رازۋېتكا ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەچكە، ھۇنلار تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمايتتى. جاۋ بېگى چاۋچيەن دەۋرىدە م.ب. 223 ـ يىلى چىن بەگلىكى قوشۇنىنى يەڭگەچكە، ۋۇئەن بېگى بولغان. م.ب. 229 ـ يىلى چىن بەگلىكى ۋاڭ جيەن قوماندىسىدا جاۋ بەگلىكىگە يۈرۈش قىلدى. جاۋ بەگلىكى لى مۇ بىلەن سىماشاڭنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. چىن بەگلىكى ھىيلە ئىشلىتىپ، لى مو ئاسىيلىق قىلماقچى دەپ سۆز تارقاتتى. بۇنىڭغا ئىشەنگەن جاۋ بېگى لى مۇنىڭ ئورنىغا جاۋسۇڭ، يەنە جۇلەرنى ئەۋەتتى. بويسۇنمىغان لى مۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىنچى يىلى جاۋ بەگلىكى مۇنقەرز قىلىندى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن»، 2 ـ توم، 1519 ـ بەت).

(8) جۇنا (朝那) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئەندىك ۋىلايىتىگە قارايتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھون تەڭرىقۇتى باتۇر جۇناغا كەلدى. م.ب. 166 ـ يىلى خەن ۋېندى دەۋرىدە باتۇر تەڭرىقۇت ھۇجۇم قىلغان جۇنا مۇشۇ يەر ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن»، 2 ـ توم، 1489 ـ بەت).

(9) غۇزلار (东胡) قەدىمكى قوۋم. ھۇنلارنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن «شەرقىي غۇزلار» دېيىلەتتى. ئەمىنىيە يىغىلىق دەۋرلىرى ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ ئېلىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى يەن بەگلىكىگە تۇتىشاتتى. يەن بەگلىكى سەركەردىسى چىن كەي بۇلارنى يەڭگەندىن كېيىن، غەربىي لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا ئورۇنلاشتى. چىن بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شەرقىي خۇلار كۈچەيگەن بولسىمۇ، ھون ھۆكۈمدارى باتۇر تەڭ

رىقۇت ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. قالغان غوزلار ئۇغان قېچى ئىلەن سىيانپى تېغىغا ئورۇنلاشتى ھەم ئايرىم ھالدا ئۇغانلار ۋە سىيانپىلار دەپ ئاتالدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 – توم، 1526 – بەت).

(10) دەنلىنلار (澹林) قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى قوۋم، ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2315 – بەت (5) ئىزاھ)

(11) جاۋ بېگى جاۋچيەن (赵王迁) م.ب. 403 – يىلى بەگلىكلەر قاتارىغا كىرگەن جاۋ بەگلىكىنىڭ 30 – ھۆكۈمدارى. بەگلىك ئۇنىۋانى يوۋمۇۋاڭ (幽穆王) بولۇپ، م. ب. 235 – يىلىدىن 228 – يىلىغىچە سەلتەنەت سۈردى.

(مۇھەررىر).

(12) ۋېي شاڭ (魏尚) خەن گاۋدى زامانىدىكى چوڭ ۋەزىرلەردىن بولۇپ، تارىخ، تەقۋىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۇچار قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتىكەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1736 – بەت).

(13) ھارۋا – ئاتلىقلار كاھېگى (车骑都尉) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سانغۇنلاردىن بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىرلەردىن قالسا، سانغۇن ۋېي چىڭ ھەم ئوڭ – سول، ئالدى – ئارقا سانغۇنلار قاتارىدا تۇراتتى. م.ب. 179 – يىلى يەنى خەن ۋېندىنىڭ بىرىنچى يىلى تەسىس قىلىنغانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1338 – بەت).

(14) گاۋمېن قەسىرى (高门殿) خەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ قەسىرلىرىدىن. «پايتەخت ئەتراپى خەرىتىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە گاۋمېن قەسىرى ۋېيياڭ ئوردىسىدا ئىكەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 – توم، 3478 – بەت).

# خەن ئەنگونىڭ تەرجىمىھالى

ھۇن ھۆكۈمدارى كۈن تەگرىقۇت ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەكلىپ قىلدى. خەن ۋۇدى بۇ ئىشنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالدى. يەن بەگلىكىدىن سورۇنبەگ ۋاڭ خۇي ئۆز ۋاقتىدا چېگرا ۋىلايەتلەردە بىرقانچە قېتىم ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ تەكلىپ بېرىپ: «خەن سۇلالىسى ھۇنلار بىلەن قۇدا بولۇپ باققان. ئەمما بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا ھۇنلار ۋەدىگە خىلاپلىق قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماي ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلىش كېرەك» دېدى. خەن ئەنگو: «يىراقلارغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىش ئەسكەرلەر ئۈچۈن پايدىسىز. ھازىر ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ قاۋۇل جەڭ ئاتلىرىغا تايىنىپ، ئاچكۆز يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك بەزىدە كۆچۈپ تارقاق ياشايدۇ، بەزىدە يىغىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈش تەس. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىگىنىمىز بىلەن زېمىنىمىز كېڭىيىپ كەتمەيدۇ. ئاھالىلىرىنى ئەل قىلغىنىمىز بىلەن كۈچ ـ قۇدرىتىمىز ئېشىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قەدىم زاماندىن تارتىپ بىزگە ئەل بولغان ئەمەس. خەن قوشۇنلىرى نەچچە مىڭ چاقىرىملاپ يۈرۈش قىلىپ

غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ھېرىپ - چارچاپ ھالىدىن كېتىدۇ.
ھۇنلار بولسا بۇ ھالسىرىغان خەن سۇلالىسى قوشۇنىنى پۈ-
تۈن كۈچى بىلەن بېسىپ چۈشۈپ، چوقۇم خەتەرلىك ئاقىۋەت
كەلتۈرىدۇ. شۇڭا مېنىڭچە قۇدىلاشقانغا يەتمەيدۇ» دېدى.
ۋەزىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەن ئەنگونىڭ پىكرىگە قوشۇلغان-
لىقتىن، خەن ۋۇدى ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىشقا ماقۇل بولدى.

ئىككىنچى يىلى (م.ب. 133 - يىلى، خەن ۋۇدى يۈەن-
گۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) يەنمېن ۋىلايىتى مايى شەھىرى-
دىكى مۆتىۋەر نىې يى (1) سورۇنبەگ ۋاڭ خۇيى ئارقىلىق
خەن ۋۇدىغا تەكلىپ بېرىپ: «ھونلار بىلەن يېقىندىلا قۇدا
بولۇشتۇق. ئۇلار چېگرىدىكىلەرگە ئىشىنىدۇ. ئەگەر پايدا -
مەنپەئەت كۆرسىتىش ئارقىلىق مەلىكە تىلەپ تۇرۇپ، بۆكتۈر-
مىدىكى قوشۇنلار بىلەن تۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىنسا، بۇ، ھۇن-
لارنى چوقۇم مەغلۇپ قىلىشنىڭ ئوبدان ئۇسۇلى بولىدۇ»
دەيدۇ. خەن ۋۇدى ۋەزىر - ۋۇزرالارنى يىغىپ مەسلىھەت
سوراپ: «مەن مەلىكىنى چىرايلىق ياساپ - تاراپ تەگرى-
قۇتقا خوتۇنلۇققا بەرسەممۇ، نۇرغۇن ئالتۇن ۋە تاۋار - دۇر-
دۇن ھەدىيە قىلساممۇ، ئەمما تەگرىقۇت ئوردىنىڭ ئەمر -
پەرمانلىرىنى قىلچە كۆزگە ئىلمىدى. تاجاۋۇزچىلىق ۋە بۇلاڭ-
چىلىقنى توختاتمىدى. چېگرا ئاھالىلىرى كۆپ قېتىم بۇلاڭ -
تالاڭ قىلىنىپ، زىيانغا ئۇچرىدى. ئۇلارغا ئىنتايىن ئېچىنىمەن.
ھازىر ئەسكەر چىقىرىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلاي دەۋاتىمەن.
سىلەر بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورايدۇ.

سورۇنبەگ ۋاڭ خۇيى جاۋاب بېرىپ: «ئالىيلىرى بۇنى
دېمىگەن تەقدىردىمۇ، كەمىنىلىرى بۇ ھەقتە ئاللىقاچان
چارە - تەدبىر كۆرسەتمەكچى بولۇپ تۇراتتىم. ئاڭلىشىمچە،
ئالتە بەگلىك زاماندا دەي بەگلىكى بىر كىچىك بەگلىك
ئىكەن. شىمالدا كۈچلۈك دۈشمەن ھۇنلارنىڭ، ئىچكى قىسمىدا

خۇاڭخې دەريا بويىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ
تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆز ئاھالىسىنى بېقىپ كېتەلىگەن،
تېرىقچىلىقنى ئۆز قەرەلىدە قىلغاچقا، ئامبارلىرى ئاشلىق بىلەن
تولۇپ تۇرغان، ھۇنلار چېقىلىشقا پېتىنالمىغانىكەن. ھازىر
ئالىيلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئەل بىرلىككە كەلتۈ-
رۇلدى. پۈتكۈل ئەل ھەممىسى بىردەك ئەمر - پەرمانلىرىنى
قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. پەرزەنتلەر چېگرا - قورۇللارنى مۇداپىئە
قىلىشقا ئەۋەتىلمۇۋاتىدۇ ۋە چېگرا، جايلارغا ئاشلىق توشۇلۇپ
تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئەمما ھۇنلار بولسا تاجاۋۇزچىلىق
ۋە بۇلاڭچىلىقنى قىلچىمۇ توختاتمىدى، بۇنىڭ باشقا سە-
ۋەبى يوق، بۇ پەقەت ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ
قويمىغانلىقتىن بولغان. شۇڭا، مېنىڭچە، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان
ياخشى» دېدى. باش تەپتىشبەگ خەن ئەنگو: «بۇنىڭغا مەن
قوشۇلمايمەن. ئاڭلىشىمچە، خەن گاۋدى پىڭچېڭدا مۇھاسىرىدە
قالغاندا، ھۇن چەۋەندازلىرى ئاتلارنىڭ ئېگەر - توقۇملىرى-
نى ئېلىپ دۈۋىلەپ سېپىلدەك ئېگىزلىكتە بىرنەچچە قورغان
ھاسىل قىلغانىكەن. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ پىڭچېڭ-
دا يەتتە كېچە - كۈندۈز ئاچ قالغانلىقى خەلقى-ئالەمگە پۇر
كەتتى. خان قامالدىن چىقىپ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، بۇ ئىشتىن خاپا بولمىغان. چۈنكى، دانا ئادەملەر
پۈتكۈل ئەلنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىي ئاداۋىتىنى
دەپ ئەلنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويمايدۇ. شۇڭا
لىۇجىڭنى ئەۋەتىپ، تەڭرىقۇتقا 1000 جىڭ ئالتۇن تەقدىم
قىلدى ۋە قۇدىلىق ئەھدى تۈزدى. بۇنىڭ بەش ئەۋلادقىچە
پايدىسى بولدى. خەن ۋېندى پۈتكۈل ئەل بويىچە خىللانغان
ئەسكەرلەرنى گۇاڭۋۇ ناھىيىسىدىكى چاڭشى (2) دېگەن يەرگە توپ-
لىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولماي، خەلق غەم -
ئەندىشىدىن خالى بولالمىدى. خەن ۋېندى ئەسكەرلەرنى ئۇ يەردە

ئۆزاق ئۆرغۈزۈشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزدىلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ئىككى دانىشمەننىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن تامامەن ئۆگىنىشكە بولىدۇ. شۇڭا مەن ھونلارغا ھۇجۇم قىلمىغان ياخشى دەيمەن» دېدى.

ۋاڭ خۇي: «مەن بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن، ئاڭلىشىمچە، بەش چوڭ پادىشاھنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمىغان، ئۈچ خاننىڭ نەغمە ـ ناۋالىرىدا تەكرارلىنىش بولمىغان. ئۇلار قەستەن بىر ـ بىرىگە زىت ئىش قىلماستىن، ھەر كىم دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق ئىش قىلغانىكەن. بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەن خەن گاۋدى شەخسەن ئۆزى قولىغا ئۆتكۈر قورال ئېلىپ، ئىس ـ تۈتەك، قار ـ شىۋىرغانلاردا ئون يىلچە جەڭ قىلدى. ئۇنىڭ پىكچېكىدىكى ئىنتىقامىنى ئالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەلنى ئارام ئالدۇرماقچى بولغانلىقىدا. ھازىر چېگرا خەلقى دەككە ـ دۈككىدە تۇرماقتا. جەسەت توشۇۋاتقان ھارۋىلارنىڭ كەينى ئۈزۈلگىنى يوق. مانا بۇ شەپقەتلىك ھۆكۈمدارنى ئېچىندۇرىدىغان بىر ئىش، شۇڭا مەن ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان ياخشى دەپ قارايمەن» دېدى.

خەن ئەنگو: «مەن ئۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. ئاڭلىشىمچە ئون ھەسسە پايدا بولمىسا، بۇرۇنقى ئۇسۇلنى ئۆزگەرتمەسلىك، 100 ھەسسە ئۈنۈم بەرمىسە بۇرۇنقى قائىدە ـ تۈزۈمنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك، دېگەن سۆز بار. قەدىمكى ھۆكۈمدارلار بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئەجدادلار ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ دۇئا ـ تەلەپ قىلاتتىكەن، يارلىق چىقارماقچى بولغاندا، كوندىلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى سورايدىكەن. مانا بۇ بىرەر يېڭى ئىشنى قىلىشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇچ خان (3) نىڭ قۇدرەتلىك دەۋرىدىن باشلاپ يات قوۋملەر ئوتتۇرا جۇڭگو

گالبىندارى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە (4) ئىشلەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇلارنى كۈچ بىلەن بېقىندۇرالمايدۇ، دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى يىراق ياقا يۇرتتىكى بۇ نادان خەقلەر ئۇچۇن باش قاتۇرۇش ۋە كۈچ سەرپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەنلىك بولىدۇ. ھون ئەسكەرلىرى چەبدەس ـ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇچقاندەك كېلىپ، ئۇچقاندەك كېتىدۇ. ئۇلار چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق قىلىدۇ. ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. مۇقىم ئولتۇراق جايى يوق. شۇڭا ئۇلارنى باشقۇرۇپ كېتىش قىيىن. ھازىر چېگرا ۋىلايەتلىرىدىكى ئاھالىلەر تېرىقچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بولۇپ كەتسە، بۇ بىز ئۈچۈن پايدىسىز. شۇڭا مەن ھونلارغا ھۇجۇم قىلمىغان ياخشى دەپ قارايمەن» دېدى.

ۋاڭ خۇي: «مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. ئاڭلىشىمچە، سۇمۇرغ شامالنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇچارمىش، دانالار ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرەرمىش. ئىلگىرى چىن مۇگۇڭ (5) يۇڭ دېگەن يەردە پايتەخت قۇرغاندا، زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى 300 چاقىرىملا ئىكەن. ئۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ غەربىي رۇڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، 1000 چاقىرىمچە يەر كېڭەيتكەن، 14 رۇڭ ھۇدۇتلىقىنى يۇتۇۋالغانىكەن. ھازىرقى لۇڭشى، بېيدى ۋىلايەتلىرى ئەنە شۇ يەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. كېيىن چىن سۇلالىسىدىن مېڭ تيەن(6) ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يەرنى ئالدى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، تاش قېزىپ سېپىل سالدى. چېگرا ـ قورۇللارغا كۆپ مىقداردا قارىياغاچ تىككۈزدى. ھونلار شۇنىڭدىن باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىغا كېلىپ ئاتلىرىنى سۇغىرىشقا پېتىنالمىدى. پەقەت تۇرلارنى سېلىپ ئاندىن چارۋا ـ ماللىرىنى بېقىشقا جۈرئەت قىلالغاندى.

دېمەك، ئۇلارنى پەقەت قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغىلى
بولىدۇكى، رەھم ـ شەپقەت بىلەن باش ئەگدۈرگىلى بول-
مايدۇ. خەن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ هازىرقى كۈچ ـ قۇدرىتى
ۋە ھەددى ـ ھېسابىسىز بايلىقىنىڭ يۆزىدىن بىرى بىلەن
هونلارغا هۇجۇم قىلىدىغان بولسا، خۇددى يىرىڭلىغان جارا-
ھەتكە چەنلەپ ئوق ئاتقاندەك، چوقۇم غەلىبە قىلماي قال-
مايدۇ. شۇنداق قىلمىندىغان بولسا، شىمالدىكى توخرى قا-
تارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەل بولماي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا
مەن هونلارغا هۇجۇم قىلىش كېرەك دەيمەن» دەيدۇ.

خەن ئەنگو: «مەن بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن، ئاڭلىشىمچە،
ئۇرۇشقا ماھىر ئادەم دۈشمەنگە ئۇنىڭ ئاچلىقىدىن، قالايمى-
قان ۋە هارغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ تاقابىل تۇرىدىكەن. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ھامان غەلىبە قىلغىلى،
دۈشمەنىنىڭ شەھەرلىرىگە هۇجۇم قىلغان ھامان ئۇنى ۋەيران
قىلغىلى بولىدىكەن. ئۇلار ھەمىشە ئەنە شۇنداق ئەقىل ـ
پاراسەت بىلەن دۈشمەننى بويسۇندۇرۇپ كەلگەن. مانا بۇ
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ئىكەن. يەنە ئاڭلىشىمچە،
بورانىنىڭ ئاخىرى قۇش پېيىنىمۇ ئۇچۇرالمايدىكەن، ھېرىپ قال-
غان ئوق نېپىز شايىنىمۇ تېشىپ ئۆتەلمەيدىكەن. چۈنكى،
كۈچلۈكنىڭ ئاجىزلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. بۇ خۇددى ئەت-
گەنلىكنىڭ كەچلىكى بولغاندەك بىر ئىش. ھازىر ساۋۇت
كىيمەي يېنىك ئاتلىنىپ، دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى
بولۇۋاتىمىز. بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ دېيىش تەس.
ئۇزۇتىسىغا سەپ تارتىپ يۈرۈش قىلساق دۈشمەنىنىڭ تەھدىتىگە
ئۇچرايمىز، توغرىسىغا سەپ تارتىپ يۈرۈش قىلساق دۈشمەن ئوتتۇ-
رىدىن بۆلۈۋېتىدۇ. تېز مېڭىپ كەتسەك ئوزۇق ـ تەمىناتلىرىمىز
ئۆلگۈرۈپ كېلەلمەيدۇ، ئاستا ماڭساق پايدىلىق پۇرسەتنى
قولدىن بېرىپ قويىمىز. 1000 چاقىرىم يەرگە بارمايلا ئادەم

ۋە ئات - ئۆلاغلىرىمىز ئوزۇقسىز قالىدۇ. «ھەربىي تەدبىرلەر» دە: مۇنداق قىلىش «دۈشمەنگە ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەنلىك بولىدۇ» دېگەن گەپ بار: ۋاڭ خۇيىنىڭ دۈشمەننى قولغا چۈشۈرىدىغان يەنە باشقا قانداق ھىيلىسى بار ئىكىن، بۇنى ئۇقمىدىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن كەمىنىلىرىنىڭ پىكرى يەنىلا شۇ، ھۇجۇم قىلمىغان ياخشى» دېدى.

ۋاڭ خۇي: «مەن بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن. ئۈششۈك تەگكەن ئوت - گىياھلار شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەينەكتە چىرايىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ. گەپدانلارنىڭ گەپ يورغىلىتىپ قايمۇقتۇرۇشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ھونلارغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك دېيىشىم دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش دېگەنلىك ئەمەس. مەن تەڭرىقۇتنىڭ ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، ئۇنى مەلىكە قىلىپ چېگرىغا باشلاپ كېلىش، باتۇر، قابىل چەۋەندازلارنى بۆكتۈرمىگە قويۇپ، يوشۇرۇن تەييارلىق كۆرۈپ، مۇھىم جايلارنى قاتتىق قامال قىلىش كېرەك دېمەكچىمەن. قوشۇنىمىز ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىسىملىرىمىزنىڭ بەزىلىرى دۈشمەننىڭ سول تەرىپىدىن، بەزىلىرى ئوڭ تەرىپىدىن قىسىدۇ. بەزىلىرى دۈشمەننىڭ ئالدىنى، بەزىلىرى مەخسۇس ئۇلارنىڭ ھىمايىچى قوشۇنلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. دۈشمەن تۆت تەرەپتىن قورشىلىپ تەڭرىقۇت تىرىك قولغا چۈشىدۇ. مانا بۇ يۈزدە يۈز غەلىبە قىلىشنىڭ ئۇبدان چارىسى ئەمەسمۇ» دەيدۇ.

خان: «شۇنداق بولسۇن» دەپ ۋاڭ خۇيىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. يوشۇرۇن ھالدا نىې يىنى ئايغاقچى قىلىپ ھونلار تەرەپكە قاچۇرۇۋېتىدۇ. نىې يى كۆن تەڭرىقۇتقا: «مەن مايى شەھىرى ھاكىمىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى سىزگە تەسلىم قىلىمەن. ئاندىن سىز شەھەرنىڭ پۈتكۈل بايلىقلىرىغا ئىگە

بولمىسۇن» دەيدۇ. كۆن تەڭرىقۇت مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن
كىشى بولغاچقا، بۇنىڭغا ئىشىنىپ ماقۇل بولىدۇ. نىيى يى
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر مەھبۇسنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ
مايى شەھىرىنىڭ سېپىلىگە ئېسىپ، ھۇن ئەلچىسىگە كۆرسە-
تىدۇ ۋە ئۇنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن: «مايى شەھىرىنىڭ ھا-
كىمى ئۆلتۈرۈلدى، چاققان كېلىڭلار!» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن
تەڭرىقۇت چېگرىدىن ئۆتۈپ 100 مىڭ چەۋەنداز بىلەن
ۋۇجۇ قورغىنىغا كىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خەن سۇلالىسىنىڭ ھار-
ۋىلىق ـ ئاتلىق ئەسكەرلىرى، ئاتلىق كاماندازلىرى بولۇپ
300 مىڭ ئەسكەر مايى شەھىرى يېنىدىكى جىلغىغا بۆكتۈرۈپ
قويۇلغانىدى. ياساۋۇلبەگ لى گۇاڭ، ئالىپ چەۋەنداز سان-
غۇن، ئۇردا مىراقۇرلى گوڭسۇن خې، يېنىك ھارۋىلىقلار
سانغۇنى، سورۇنبەگ ۋاڭ خۇي باقاۋۇل قوشۇن سانغۇنى، كې-
گەشبەگ لى شى نۆكەرلەر سانغۇنى(7) بولىدۇ. باش تەپ-
تىشبەگ خەن ئەنگو ھىماتچى سانغۇنى (8) بولۇپ، يۇقىرى-
دىكى سانغۇنلارنى باشقۇرىدۇ. ئۇلار تەڭرىقۇت مايى شەھىرى-
گە كىرگەن ھامان ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشىدۇ. ۋاڭ خۇي بى-
لەن لى شى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دەي ۋىلايىتىدىن چىقىپ
ھۇنلارنىڭ ھەربىي تەمىنات قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى
بولدى. كۆن تەڭرىقۇت قورۇلغا كىرىپ مايىغا 100 چاقىرىم
قالغاندا، ئەھۋالنى ئۇقۇپ قېلىپ چېكىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە
«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە تەپسىلىي يېزىلغان. قورۇل ئى-
چىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا تەڭرىقۇتنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلى-
كى توغرىسىدا سۆز تارقىلىدۇ. خەن قوشۇنلىرى بۇنى ئاڭلاپ
كەينىدىن قوغلاپ چېگرىغا قەدەر بارىدۇ ۋە يېتىشەلمەيدىغان-
لىقىغا كۆزى يەتكەن ۋاڭ خۇي قاتارلىق سانغۇنلار قوشۇنلى-
رىنى يىغىپ قايتىپ كېلىدۇ.

خەن ۋۇدى ۋاڭ خۇينىڭ تەڭرىقۇتنىڭ ھەربىي تەمىنات

قىسمىلىرىغا ھۇجۇم قىلمىغانلىقىدىن غەزەپلىنىدۇ. ۋاڭ خۇي:
«تەگرىقۇت مايى شەھىرىگە كىرىپ، ئەسكەرلىرىمىز بىلەن
ئۇچراشقاندا، ئاندىن مەن ھۇنلارنىڭ ھەربىي تەمىنات قى-
سىملىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ كېلىشكەنىدۇق، شۇنداق
قىلغاندىلا غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولاتتى. لېكىن تەگرىقۇت ما-
يىغا كىرمەي چېكىنىپ كەتتى. مەن 30 مىڭ قوشۇن بىلەن
ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيتتىم. بەلكى مەغلۇپ بولۇپ قالاتتىم.
مەن ئەسلىدە قايتىپ بارغاندىن كېيىن كاللام كېتىدىغانلىقى-
نى بىلدىم. ئەمما ئالىيلىرىنىڭ 30 مىڭ ئەسكىرىنى ئامان
ساقلاپ قالدىم» دەيدۇ. ۋاڭ خۇي ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ بىر
تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئوردا ئەھكام ۋەزىرى «ۋاڭ خۇينى
ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويغان» دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ.
ۋاڭ خۇي باش ۋەزىر تيەن فېن(9) غا 1000 جىڭ ئالتۇن
پارا بېرىدۇ. تيەن فېن بۇنى خانغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلال-
مايدۇ. تيەن فېن شاھ سانىيەگە: «مايى ھىيلىسىنى بىرىنچى
قېتىم ۋاڭ خۇي ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمدى ئىش دېگەن يەر-
دىن چىقماي قالغاندا ۋاڭ خۇيغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسە،
بۇ ھۇنلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرگەنلىك بولمامدۇ» دەي-
دۇ. خەن ۋۇدى شاھ سانىيەنىڭ ئالدىغا كۆرۈنۈش قىلىپ كىر-
گەن چاغدا، شاھ سانىيە ئۇنىڭغا تيەن فېننىڭ سۆزىنى ئېيتى-
دۇ. خەن ۋۇدى: «مايى ھىيلىسىنى بىرىنچى بولۇپ ۋاڭ خۇي
پىلانلىغان. شۇڭا پۈتكۈل ئەل بويىچە نەچچە 100 مىڭ ئەس-
كەر يۆتكەپ كېلىنىپ، شۇنىڭ گېپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
تەگرىقۇتنى تۇتقىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ۋاڭ خۇي ئەگەر
ۋاقتىدا ھۇجۇم قىلغان بولسا، غەلىبە قىلىش مۇمكىن ئىدى.
شۇ ئارقىلىق سىپاھ - بەگلەرنى رازى قىلغىلى بولاتتى. ئەم-
دى ۋاڭ خۇي ئۆلتۈرۈلمىسە، ئەلنى رازى قىلغىلى بولمايدۇ»
دەيدۇ. ۋاڭ خۇي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ نائىلاج ئۆزىنى

ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

خەن ئەنگو يىراقنى كۆزلەيتتى. ئۇ پاراسەتلىك بولۇپ،
ۋەزىيەتكە قاراپ مۇۋاپىق ئىش كۆرەتتى، ھەممە ئىشتا سە-
مىمىي ئىدى. ئۇ ئۆزى پايدا - مەنپەئەتكە بېرىلمىسمۇ، لېكىن
ئۆزگە قارىغاندا پەزىلەتلىك ۋە پاك ئادەملەرنى تونۇشتۇراتت-
تى. ئۇ لياڭ بەگلىكى (10) دە تۇرغان ۋاقتىدا تونۇشتۇرغان
خۇ سۈي (11)، زاڭ گۇلار ۋە باشقا جايدىن تونۇشتۇرغان
ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاتاقلىق ئۆلىمالار ئىدى. شۇڭا ئۆلى-
مالار ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. خەن ۋۇدىمۇ ئۇنى ئەلنىڭ تۈۋرۈ-
كى دەپ ھېسابلايتتى. بەش يىل باش تەپتىشبەگ بولغان
خەن ئەنگو باش ۋەزىر تيەن فېن ۋاپات بولغاندىن كېيىن،
مۇۋەققەت باش ۋەزىر بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ خەن ۋۇدىغا يول
باشلاپ كېتىۋاتقاندا، ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى سۇ-
نۇپ كەتتى. خان ئۇنى باش ۋەزىر قىلماقچى بولۇپ، ئادەم
ئەۋەتىپ يوقلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پۇتى قاتتىق ئاقسىغان-
لىقتىن، خان پىڭجى بېگى(12) شۆزېنى باش ۋەزىر قىلىپ،
كېسەل خەن ئەنگونى خىزمىتىدىن ئازاد قىلدى. نەچچە ئاي
ئۆتۈپ كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن يەنە قوشبېشى بولۇپ
ئىشلىدى. بىر يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن ياساۋۇلبەگ
بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ چاغلاردا سانغۇن ۋېي چىڭ قاتار-
لىقلار ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ لۇڭچېڭ شەھىرىنى ئالىدۇ.
ئىككىنچى يىلى، يەنى م. ب. 128 - يىلى (خەن ۋۇدى
يۈەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى) ھونلار كەڭ كۆلەمدە چېگرىغا بې-
سىپ كىردى. بۇ ھەقتە «ۋېي چىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دە
تەپسىلىي يېزىلغان. خەن ئەنگو نۆكەرلەر سانغۇنى بولۇپ،
يۈياڭ ۋىلايىتىنى مۇداپىئە قىلىدۇ. ئۇ ھۇن ئەسىرلىرىدىن
ھۇنلارنىڭ چېگرا - قورۇلدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭ-
لاپ، خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ھازىر تېرىقچىلىق پەسلى ئىكەن

ئىلكىنى ئېيتىدۇ ۋە مۇداپىئەدە تۇرغان قوشۇنلارنى ۋاقتىنچە
قىسقارتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. قوشۇن قىسقارتىلىپ بىر ئاي-
دىن كېيىن هۇنلار شاگگۇ، يۈياڭ ۋىلايەتلىرىگە كەڭ كۆلەم-
دە هۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ. خەن ئەنگونىڭ قورغىنىدا پەقەت
700 دىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى. ئۇ جەڭگە چىقىپ يا-
رىدار بولىدۇ ۋە چېكىنىپ قورغانغا كىرىۋالىدۇ. هونلار تۇتۇ-
ۋالغان 1000 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن بۇلىغان مال - ۋا-
رانلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. خەن ۋۇدى بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ، ئا-
دەم ئەۋەتىپ خەن ئەنگونى ئەيىبلەيدۇ ۋە خىزمىتىنى تېخىمۇ
شەرقتىكى رايونغا يۆتكەپ يۈبېيپىڭ ۋىلايىتىنى مۇداپىئە
قىلىشقا قويىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا هۇنلار شەرققە هۇجۇم
قىلىمىز دەپ جار سالغانىدى.

خەن ئەنگو ئەسلىدە باش تەپتىشبەگ ۋە هىماتچى سان-
غۇن بولۇپ ئىشلىگەنىدى. كېيىن ئاستا - ئاستا مەنسىپى
تۆۋەنلىدى. يېڭى چىققان ياش سانغۇن ۋېي چىڭ قاتارلىقلار
خىزمەت كۆرسىتىپ، تېخىمۇ ئەتىۋارلاندى. خەن ئەنگو ئۆزى
چەتكە قېقىلغان ھەمدە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇندىن
ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئىن-
تايىن خىجالىق ھېس قىلاتتى. شۇڭا خىزمىتىدىن چېكىنىپ
ئائىلىسىگە قايتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا تېخىمۇ
شەرققە يۆتكىۋېتىلدى. شۇڭا ئىچى تىت - تىت بولۇپ، نەچ-
چە ئايدىن كېيىن قان قۇسۇپ ئۆلدى.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2398 — 2406 - بەتلەر).

---

(1) نيېپ يى (聂壹) يەنمېن ۋىلايىتى مايى شەھىرىنىڭ
مۆتىۋەرلىرىدىن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە نيېپ يى هۇنلارغا مايى
شەھىرىنى ئېلىشقا ياردەم قىلىمەن دەپ، تەگرىقۇتنى تۇزاققا چۈ-
شۈرۈش ھىيلىسىنى ئىشلەتكەنىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1722 - بەت).

(2) چاڭشى (常奚谷) بىرغولنىڭ نامى.

(«خەننامە»، 8 ــ توم، 2400 ــ بەت (3) ئىزاھ).

(3) ئۈچ خان (三代) خەن سۇلالىسى خانلىرىدىن خەن گاۋدى، خەن ۋېندى، خەن جىڭدىلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە»، 8 ــ توم، 2401 ــ بەت).

(4) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئىشلىتىلىدىغان رەڭ (服色) قەدىمكى زامانلاردا سۇلالىلەرنىڭ ئات ـ هارۋا ۋە نەزىر ـ چىراق ئىشلىرىدا قوللىنىدىغان رەڭلىرى بولاتتى. مەسىلەن، شيا سۇلالىسى قارا، شاڭ سۇلالىسى ئاق، جۇ سۇلالىسى قىزىل رەڭ قوللىناتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ــ توم، 1479 ــ بەت).

(5) مۇگۇڭ (穆公) چىن مۇگۇڭ (م. ب. ؟ــ621) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ هۆكۈمدارى، ئىسمى رېنخاۋ. ئۇ بەيلى شى، جيەن شۇ، يوۋيۇ قاتارلىق كىشىلەرنى مۇشاۋۇر قىلىپ، جىن بەگلىكىنى يېڭىپ، جىن جۈيگۇڭنى ئەسىر ئالدى. لياڭ ۋە رۇي بەگلىكلىرىنى مۇنقەرز قىلدى. شياۋشەن تېغىدا (خېنەن) جىن بەگلىكى قوشۇنىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ يېڭىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن غەربكە كېڭىيىپ، 12 رۇڭ بەگلىكىنى ئېلىپ، غەربىي رۇڭلار ئېلىگە بەگلەر بېگى بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1613 ــ بەت).

(6) مېڭ تيەن (蒙恬، م ب.؟ ــ 210) چىن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىسى. ئەجدادى چى بەگلىكىدىن، بوۋىسى مېڭ ئاۋدىن تارتىپ چىن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرىدىن بولۇپ كەلگەن. چىن سىخۇاڭ ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن مېڭ تيەن 300 مىڭ قوشۇن بىلەن هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، خېنەن (هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خېتاۋ ئەتراپلىرى) نى قايتۇرۇۋالدى. سەددىچىننى ياسىدى. مېڭ تيەن چېگرىدا تۇرغان مەزگىلدە هۇنلار هۇجۇم قىلىشقا پېتىنال

ئىدى. كېيىن چىن سىخۇاڭ Ⅱ خۇخەيىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ موي قەلەمنى ئىسلاھ قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت بار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1627 ـ بەت).

(7) ئۆكەرلەر سانغۇنى (林官将军) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتلىرىغا قاراپ ئەسكەر تۈرلىرىنى تەربىيىلىگۈچىلەرنى باشقۇرغۇچىلار «ئۆكەرلەر سانغۇنى» دەيتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1256 - بەت).

(8) ھىماتچى سانغۇن (护军将军) دەسلەپ يۈرۈشلەردە سانغۇنلارغا ماسلىشىش ئۈچۈن قويۇلغان سانغۇن ئىدى. كېيىن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان ۋە مەركەزدە ھەربىي ھوقۇققا ئىگە مۇھىم خىزمەت قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك بۇنىڭ يەنە ئوردا ـ سارايى مۇھاپىزىتىنى قىلىش مەنىسىمۇ بار.

(«تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى ئەمەللەر»، 205 ـ بەت).

(9) تيەن فېن (田蚡، م.ب.؟—131) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ ۋەزىرلىرىدىن، چاڭلىڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شيەنياڭنىڭ شەرقىي شىمالى) لىق. خەن جىڭدىنىڭ ئانا بىر ئىنىسى. خەن ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ۋۇئەن بېگلىكى بېرىلىپ، ھەربىي ۋەزىر بولغانىدى، بىر مەزگىل ئورنى تۆۋەنلىتىلگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە باش ۋەزىر بولدى. تەكەببۇر، مۇستەبىت، خەلقنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادەم ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1671 ـ بەت).

(10) لياڭ بەگلىكى (梁国) خەن سۇلالىسىنىڭ بەگلىكلىرىدىن. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭچيۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 815 ـ بەت).

(11) خۇسىۋي (壶逐) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لياڭ بەگلىكىدىن. دۆلەت ۋەقە نەۋىسى سىماچيەن قاتارلىق زاتلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە - نىزاملىرى، تەقۋىملىرىنى تۈزۈپ چىققان. ئۆزى بەك سەمىمىي-سادىق بولغاچقا، خەن ۋۇدى ئۇنى ۋەزىر قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن كېسەل بولۇپ ئۆلدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1142 - بەت).
(12) پىڭجى (平棘) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدىكى جاۋشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 214 - بەت).

«خەننامە» 54 - جىلد

# لى گۇاڭ، سۇجيەننىڭ تەرجىمىھالى

## لى گۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى

لى گۇاڭ لۇڭشى ۋىلايىتى چېڭجى(1) ناھىيىسىدىن. ئۇنىڭ بوۋىسى لى شىن چىن سىخۇاڭ ۋاقتىدا سەركەردە بولۇپ، يەن بەگلىكى بەگزادىسى دەن(2) نى قوغلاپ تۇتتى. لى گۇاڭنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلاد مەرگەن بولۇپ ئۆتكەن. م.ب. 166 - يىلى (خەن ۋېندىنىڭ 14 - يىلى) ھۇنلار شياۋگۇەن ئۆتكىلى(3) گە كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرگەندە، لى گۇاڭ مۆمىن خەلق پەرزەنتى(4) سۈپىتىدە ھەربىيگە قاتنىشىپ، ھۇنلارغا قارشى تۇردى. ئۇ ماھىر مەرگەن بولغاچقا، كۆپ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، نۆكەر بەگ بولدى. دائىم ئاتلىق ھالدا خاننىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. خەن ۋېندى بىلەن كۆپ ئوۋغا چىقىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۆلتۈردى. خەن ۋېندى: «ئېست! لى گۇاڭ ئەگەر خەن گاۋدى زامانىدا تۇغۇلغان بولسا، تۈمەن تۈتۈنگە بەگ بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى» دېگەنىدى.

خەن جىڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن لى گۇاڭ چەۋەنداز نۆكەر بېگى بولدى. ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىكلەرنىڭ شاھزادىلىرى ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۇ ئاتلىق چەۋەندازلار تۇتۇق بېگى(5) بولۇپ، ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى جۇياڧۇ بىلەن بىرلىكتە چاڭيى(6) شەھىرى تۈۋىدە جەڭ قىلىپ داڭق چىقاردى. لى گۇاڭ لياڭ شياۋۋاڭ(7) بەرگەن سانغۇنلۇق مۆھۈرىنى ئۆز ئالدىغا قوبۇل قىلىپ قويغاچقا، ئوردىغا قايتقاندا مۇكاپاتلانماي قالدى(8). كېيىن لى گۇاڭ شاڭگۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ھۇنلار بىلەن كۆپ جەڭ قىلدى. ۋاسساللار بېگى گۇڭسۇن كۇنيې(9) خانغا يىغلاپ تۇرۇپ: «لى گۇاڭ تەڭدىشى يوق پالۋان، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تەمەننا قويۇپ، دائىم ھۇنلار بىلەن ئېلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن» دەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن خەن جىڭدى ئۇنى شاڭجۈن ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ يۆتكىدى.

ھۇنلار شاڭجۈن ۋىلايىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، خەن جىڭدى بىر يېقىن ھەرەم ئاغىسىنى لى گۇاڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىپ ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەرەم ئاغىسى نەچچە ئونلىغان چەۋەنداز بىلەن ئوۋغا چىقىدۇ. يولدا تۇيۇقسىز ئۈچ نەپەر ھۇن ئەسكىرىگە يولۇقۇپ قېلىپ جەڭ قىلىدۇ. جەڭدە ھەرەم ئاغىسىغا ئوق تېگىدۇ. چەۋەندازلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەرەم ئاغىسى لى گۇاڭنىڭ ئالدىغا قېچىپ كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. لى گۇاڭ: «بۇ چوقۇم شۇڭقار ئاتىدىغان مەرگەنلەر بولسا كېرەك» دەيدۇ ــ دە، 100 نەپەر چەۋەنداز بىلەن ھېلىقى ئۈچ نەپەر ھۇن ئەسكىرىنىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ. ئېتىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئۈچ نەپەر ھۇن ئەسكىرى بىرنەچچە

ئۇن چاقىرىم يىراقلاپ كەتكەنىكەن. لى گۇاڭ ئۇلارنى قوغلاپ يېتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ چەۋەندازلىرىنى ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن قورشاتقۇزۇپ ئۆزى ئوقيا بىلەن ئىككىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بىرىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلىدۇ، ئۇلار راستتىن ھۇنلارنىڭ شۇڭقار ئاتىدىغان مەرگەنلىرى ئىكەن. لى گۇاڭ ئەسىرنى باغلاپ تاغقا ئېلىپ چىقىدۇ ۋە بىرنەچچە مىڭ ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ھۇن چەۋەندازلىرى، لى گۇاڭنى كۆرۈپ، بۇ چوقۇم خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بىزنى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئازغىنا چەۋەندازى دەپ بىلىدۇ ۋە قورقۇشۇپ دەرھال قوشۇنلىرىنى سەپ تارتقۇزىدۇ. لى گۇاڭنىڭ بىر 100 چەۋەندازىمۇ قورقىدۇ ۋە قاچماقچى بولىدۇ. لى گۇاڭ: «بىز چوڭ قوشۇنىمىزدىن نەچچە ئۇن چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇۋاتىمىز. ئەگەر بىز قاچىدىغان بولساق، ھۇنلار كەينىمىزدىن قوغلاپ ئاتىدۇ. ھەممىمىز تۈگەيمىز. ئەگەر بىز قاچمىساق، ئۇلار بىزنى چوقۇم چوڭ قوشۇننىڭ تۇزاقچىلىرى دەپ قاراپ، بىزگە چېقىلالمايدۇ» دەيدۇ ھەم «ئالغا» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ھۇنلار سېپىگە ئىككى چاقىرىمدەك ئارىلىق قالغاندا، چەۋەندازلىرىنى توختىتىپ: «ھەممىڭلار ئاتتىن چۈشۈڭلار. ئاتنىڭ ئېگەر - توقۇمىنى ئېلىپ ئارام ئېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. چەۋەندازلار «دۈشمەن شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئاتنىڭ ئېگەر - توقۇمىنى ئېلىپ ئارام ئالغان بىلەن مۇبادا جىددىي ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟» دېيىشىدۇ. لى گۇاڭ: «دۈشمەن بىزنى چېكىنىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئاتنىڭ ئېگەر - توقۇملىرىنى ئېلىۋەتسەك، ئۇلارنىڭ بىزنى تۇزاقچىلار دېگەن خىيالى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ» دەيدۇ. ھۇنلارنىڭ بىر ئاق ئاتلىق سەركەردىسى چىقىپ، لى گۇاڭنىڭ قوشۇنىغا نەزەر تاشلاۋاتقاندا، لى گۇاڭ ئۇن نەچچە چەۋەن-

دازىنى باشلاپ ئاتالىنىپ، ئاق ئاتلىق سەركەردىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئاندىن ئۆز قوشۇنىغا قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ قويىۋېتىدۇ. ئەسكەرلەر ئۆز ئورنىدا ئۇخلىسىغا ياتىدۇ. بۇ گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىت ئىدى. ئەجەبلەنگەن خۇن ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. تۈن يېرىم بولغاندا ئۇلار بۆكتۈرمىدىكى خەن سۇلالىسى قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ دەپ ئويلاپ پۈتۈنلەي چېكىنىپ كېتىدۇ. ئەتىسى لى گۇاڭ چوڭ قوشۇنغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن لى گۇاڭ لۇڭشى، بېيدى، يەنمېن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە ئالمىشىپ، ۋالىي بولۇپ ئىشلەيدۇ.

خەن ۋۇدى تەختكە چىققاندا، ئەتراپىدىكىلەر لى گۇاڭنى ئاتاقلىق سەركەردە دەپ ماختىغاچقا، لى گۇاڭ ۋېييالڭ ئوردىسى(10) غا ياساۋۇلبەگ بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. چېڭ بۇشى بولسا، چاڭلې ئوردىسىغا ياساۋۇلبەگ بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. چېڭ بۇشى بۇرۇن لى گۇاڭ بىلەن بىرلىكتە چېگرا ۋىلايەت ۋالىيسى بولۇپ، چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلغانىدى. ئەسكەر تارتىپ، خونلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ھەربىي يۈرۈشلەردە لى گۇاڭ قوشۇنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە سەپ شەكىللىرى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. ئوت ـ سۈيى ياخشى جاي بولسىلا شۇ يەرنى قونالغۇ قىلاتتى. ئۇ ئەسكەرلىرىنى ئەركىن تۇتاتتى. كەچلەردە جاڭ ئۇردۇرۇپ كۆزەتچى قويۇپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ قارارگاھى(11) دا خەت ـ ئالاقە ئىشلىرى مۇمكىنقەدەر ئاددىي تۇتۇلاتتى. ئەمما قاراۋۇللارنى قوشۇندىن يىراق يەرلەرگە قوياتتى. شۇڭا دۈشمەنىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىگە ئۇچراپ باقمايتتى. چېڭ بۇشى بولسا ھەربىي يۈرۈش ۋە قونالغۇلاردا، سەپ تۈزۈلۈشىنى تەرتىپلىك تۇتاتتى. تۈندە كۆزەتچى قويۇپ، جاڭ ئۇردۇراتتى. قارارگاھ ئەمەلدارلىرى خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى پۇختا

تىرتاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز مەيلىچە ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويمايتتى. چېڭ بۇشى: «سانغۇن لى گۇاڭ قوشۇنىنى بوش باشقۇرىدۇ، لېكىن دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلسىمۇ ئۇنى يېڭەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئىنتايىن خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام بولۇپ، ئۇلار ھەممىسى لى گۇاڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى. مېنىڭ قوشۇنۇم ھامان زەخمەت چېكىپ قاتلاڭچىلىقتا ئۆتسىمۇ، لېكىن دۈشمەن ماڭا تېگەلمەيدۇ» دەپ زارلىناتتى. شۇ ۋاقىتلاردا لى گۇاڭ بىلەن چېڭ بۇشىلار چېگرا ۋىلايەتلەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئاتاقلىق سەركەردىلەر ئىدى، ئەمما ھۇنلار لى گۇاڭنىڭ تەدبىرلىرىدىن بەك قورقاتتى، ئەسكەرلەر لى گۇاڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە رازى ئىدىكى، چېڭ بۇشى بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايتتى. چېڭ بۇشى خەن جىڭدى زامانىدا، خانغا بىرنەچچە قېتىم دادىل مەسلىھەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن كېڭەشبەگ بولىدۇ. ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، ئوردىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىنتايىن پۇختا، ئەستايىدىل ئىجرا قىلاتتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەن سۇلالىسى كۈن تەڭرىقۇتىنى مايى شەھىرىگە قىزىقتۇرۇپ، شەھەر ئەتراپىغا چوڭ قوشۇن مۆكتۈرىدۇ. لى گۇاڭ ئالىپ چەۋەنداز سانغۇن بولۇپ، ھەماتىپى سانغۇن خەن ئەنگونىڭ قارمىقىدا بولىدۇ. تەڭرىقۇت خەن قوشۇنلىرىنىڭ مۆكتۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قېلىپ، دەرھال چېكىنىپ كېتىدۇ. خەن قوشۇنى خىزمەت كۆرسىتەلمەي قايتىپ كېلىدۇ. تۆت يىلدىن كېيىن، يەنى م.ب. 129 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) لى گۇاڭ ياساۋۇلبەگلىكتىن ئۆسۈپ سانغۇن بولىدۇ ۋە يەنمەندىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ھۇن قوشۇنى كۆپ بولغاچقا، لى گۇاڭنىڭ قوشۇنى يېڭىلىپ، لى گۇاڭ ئەسىر-

گە چۈشۈپ قالىدۇ. كۈن تەڭرىقۇت ئەزەلدىن لى گۇاڭنىڭ ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا، «لى گۇاڭنى چوقۇم تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ھۇن چەۋەندازلىرى لى گۇاڭنى ئەسىر ئالغاندا، لى گۇاڭ يارىدار بولۇپ قالغانىدى. ھۇنلار ئۇنى شىرغىغا ياتقۇزۇپ قويغانىدى. ئون نەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن لى گۇاڭ يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋېلىپ، يېنىدا كېتىۋاتقان بىر ھۇن بالىسىنىڭ ئاستىدىكى ياخشى ئاتقا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئىرغىپ قوپقان پېتى ھېلىقى ھۇن بالىسىنىڭ ئېتىغا مىنىۋالىدۇ. بالىنى قۇچاقلىۋېلىپ ئاتنى قامچىلاپ، جەنۇبقا قاراپ قاچىدۇ ۋە بىرنەچچە ئون چاقىرىم يەرگە بېرىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى تاپىدۇ. بىرنەچچە يۈز ھۇن چەۋەندازلىرى كەينىدىن قوغلاپ كەلگەندە، لى گۇاڭ ھېلىقى ھۇن بالىسىنىڭ ئوقياسى بىلەن قوغلاپ يېقىنلاشقان چەۋەندازلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاخىر قېچىپ قۇتۇلىدۇ». لى گۇاڭ خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندە، ئوردا ئۇنى دادخاھنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. لى گۇاڭنىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا ناھايىتى كۆپ چىقىم تارتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ. ئالتۇن، تاۋار تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەنسىپىدىن مەھرۇم قالغاچقا، ئاددىي پۇقرا بولۇپ قالىدۇ.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، لى گۇاڭ سابىق يىڭيىن(12) بېگى گۇەن چياڭ (13) بىلەن بىللە لەنتيەن ناھىيىسى جۇڭنەن(14) تېغىدا خالى ئارامگاھ قۇرۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇ بىر كۈنى كېچىسى بىر چەۋەندازى بىلەن چىقىپ، دالىدا ئولپەتلىرى بىلەن ھاراق ئىچىشىدۇ. ئۇ يەردىن يېنىپ بالىڭ(15) بېكىتىگە كەلگەندە، بالىڭ ھاكىمى

مەسلىكتە لى گۇاڭنى ۋارقىراپ توسۇپ ماڭغۇزمايدۇ. لى گۇاڭ بىلەن كېتىۋاتقان چەۋەنداز: «بۇ كىشى خىزمەتتىن چېكىنگەن سانغۇن لى گۇاڭ بولىدۇ» دەيدۇ. ھاكىم: «ھېلىغۇ خىزمەتتىن چېكىنگەنىكەن. خىزمەت ئۈستىدىكى سانغۇننىڭمۇ كەچتە مېڭىشىغا رۇخسەت يوق!» دەيدۇ ۋە لى گۇاڭنى ماڭغۇزماي بېكەتتە تۇتۇپ قالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھۇنلار لياۋشى ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ۋالىيىنى ئۆلتۈرۈپ، سانغۇن خەن ئەنگونى مەغلۇپ قىلىدۇ. كېيىن سانغۇن خەن ئەنگو يۇبېيپىڭغا يۆتكىلىپ، شۇ يەردە ئۆلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خان لى گۇاڭنى چاقىرتىپ ئۇنى يۇبېيپىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. لى گۇاڭ خاندىن ھېلىقى بالىڭ ھاكىمىنى بىللە بېرىشقا قوشۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بالىڭ ھاكىمى قىسمىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا لى گۇاڭ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە خەن ۋۇدىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ئەپۇ سورايدۇ. خەن ۋۇدى جاۋاب قايتۇرۇپ: «سانغۇنلار — دۆلەتنىڭ تىرىكى. بۇ ھەقتە ‹سىما راڭجۈينىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى›» (16)دە: ‹سانغۇنلار جەڭگە ئاتلانغاندا، ھېچقانداق ئادەمگە ھۆرمەت — ئېھتىرام بىلدۈرمەسلىكى، ئۆلۈم — يېتىم ئىشلىرى دۇچ كەلسە ماتەم كىيىمى كىيمەسلىكى، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ ئەسكەرلەرنى خاتىرجەم قىلىپ، باش ئەگمىگەن ئەللەرنى باش ئەگدۈرۈشى كېرەك. قوشۇندىكى سىپاھ — بەگلەرنى بىر نىيەتتە ھەمكارلاشتۇرۇپ ئىشقا سېلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بىر غەزەپ بىلەن مىڭ چاقىرىم يەردىكى دۈشمەننى دىر تىترىتكىلى، بىر ھەيۋە بىلەن ھەممىنى باش ئەگدۈرگىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا يات قوۋملەر تەۋرىسە داڭقى چىقىپ، ھەيۋىتىدىن قوشنا ئەللەر زىلزىلىگە كېلىدۇ› دېيىلگەن. قىساس ئېلىپ، ئاپەتنى تۈگىتىش، زالىم ۋە قاتىللارنى يوقىتىش — بۇ

دەل مېنىڭ سىز سانغۇندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم. تەقسىر،
دەپ تەزىم قىلىپ، كەچۈرۈم سوراش مېنىڭ مۇددىئايىمغا
ئۇيغۇن كېلەتتىمۇ؟ سانغۇن دەرھال قوشۇننى باشلاپ شەرق-
قە يۈرۈش قىلىشىڭىز، بەيتەن(17) ناھىيىسىگە بېرىپ،
ھۇنلارنىڭ كۆزدە يۈرۈۋېتىپ قىلىدىغان ھۇجۇمىغا تاقابىل
تۇرۇشىڭىز لازىم» دەيدۇ. لى گۇاڭ يۈزبېيىپىڭدا تۇرغان
چېغىدا، ھۇنلار ئۇنى خەن سۇلالىسىنىڭ «ئۇچار سانغۇنى»
دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، بىرقانچە
يىل چېگرىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.
بىر كۈنى ئوۋغا چىققان لى گۇاڭ ئوت ئارىسىدىكى بىر
تاشنى كۆرۈپ، ئۇنى يولۋاسمىكىن دەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئۇنىڭغا ئوق ئاتقانىدى، يانىڭ ئوقى تاشنى تېشىپ كىرىپ
كېتىدۇ. قارىسا بىر يوغان تاش ئىكەن. باشقا بىر كۈنى
ئۇ يەنە تاشقا ئوق ئېتىپ بېقىۋىدى، بىراق ئوق تاشنى
تېشىپ كىرەلمىدى. لى گۇاڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇر-
غان ۋىلايەتتە يولۋاس بارلىقىنى ئاڭلىسىلا، دائىم ئۆزى
بېرىپ، ئۇنى ئېتىپ كېلەتتى. ئۇ يۈبېيپىڭدا مۇداپىئەدە
تۇرغان ۋاقتىدا، بىر قېتىم يولۋاس ئاتقانىدا، يولۋاس ئېتىـ
اپ كېلىپ ئۇنى ياردار قىلغان بولسىمۇ، لى گۇاڭ يەنىلا
يولۋاسنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى.
شى جيەن(18) ئاغرىپ ئۆلگەندىن كېيىن، خەن ۋۇدى
لى گۇاڭنى چاقىرتىپ، ئۇنى شى جيەننىڭ ئورنىغا قوۋۇقچى
باشى قىلىپ تەيىنلىدى. م.ب. 123 ـ يىلى (خەن ۋۇدى
يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) لى گۇاڭ يەنە سانغۇن بولۇپ،
ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە دىڭشياڭ ۋىلايىتىـ
دىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. كۆپچىلىك سەركەردىـ
لەرنىڭ ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان دۈشمەن سانى بەلگىلىـ
ـمىگە مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خىزمەت كۆرسىتىپ

بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ. لېكىن لى گۇاڭ قوماندان-
لىقىدىكى قوشۇن بولسا خىزمەت كۆرسىتەلمەيدۇ. ئىككى
يىلدىن كېيىن، يەنى م.ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى
يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) لى گۇاڭ قوۋۇقچىباشىلىق سالا-
ھىيىتى بىلەن 4000 چەۋەندازنى باشلاپ، يۇبېيپىڭ-
دىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، بوۋاڭ(19) بېگى
جاڭ چيەن 10 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، لى گۇاڭ بىلەن
بىللە يۇبېيپىڭدىن ئاتلىنىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مېڭىش
يولى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بىرنەچچە يۈز چاقىرىم ماڭ-
غاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخانى 40 مىڭ
چەۋەنداز بىلەن كېلىپ، لى گۇاڭنى قورشىۋالغاچقا،
لى گۇاڭنىڭ قوشۇنى ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. لى گۇاڭ
ئۆز ئوغلى لى گەن (20) نى ھۇن قوشۇنى تەرەپكە ئەۋەتىدۇ.
لى گەن بىرنەچچە ئون چەۋەنداز بىلەن ھۇن چەۋەندازلىرى
ئىچىگە بۆسۈپ كىرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ، سول قانىتىنى
يېرىپ ئۆتۈپ، تىنىچ - ئامان قايتىپ كېلىدۇ ۋە لى گۇاڭغا:
«بۇ ھۇنلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدىكەن» دەيدۇ. مانا شۇ
چاغدىلا ئەسكەرلەرنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشىدۇ. لى گۇاڭ
ئەسكەرلەرنى تاشقىرىغا قارىتىپ دائىرە شەكلىدە سەپ تۈزى-
دۇ. ھۇنلار شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ يامغۇردەك ئوق ياغ-
دۇرىدۇ. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى
ئۆلىدۇ. ئوقلىرىمۇ تۈگەي دەپ قالىدۇ. لى گۇاڭ يانى ئوق-
لاپ، كىرىچىنى چىڭ تارتىپ، ئاتماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق
قىلىدۇ. ئۆزى بولسا تەپكىلىك چوڭ سېرىق ئوقيا بىلەن
ھۇنلارنىڭ بىرنەپەر يانداش سانغۇنىنى ۋە بىرنەچچە
ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ ھۇجۇ-
مى بىرئاز بوشايدۇ. كەچ كىرىش بىلەن قورققان سىپاھ -
بەگلەرنىڭ چىرايلىرىدا قان قالمايدۇ، ئەمما لى گۇاڭنىڭ

چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماستىن، بەلكى ئادەت تىكىدەك تۇرىدۇ، قىسىملىرىنى تېخىمۇ تەرتىپكە سالىدۇ. قوشۇنىدىكى سىپاھ - بەگلەر ئۇنىڭ باتۇر ۋە تەمكىنلىكىگە تېخىمۇ قايىل بولىدۇ. ئىككىنچى كۈنى يەنە بىر قېتىم جىددىي جەڭ قىلىدۇ. بۇ چاغدا بوۋاڭ بېگىنىڭ قوشۇنىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ھۇنلار مۇھاسىرىنى بوشىتىپ چېكىنىپ كېتىدۇ. ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھونلارغا قوغلاپ زەربە بېرەلمەيدۇ. پۈتۈنلەي يوقىلىشقا تاس قالغان لى گۇاڭ قوشۇنى قايتىپ كېتىدۇ. كېچىكىپ ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغان بوۋاڭ بېگى جاڭ چيەن خەن سۇلالىسى قانۇنى بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ. ئالتۇن تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاددىي پۇقرالىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈلىدۇ. يېڭىلگەن لى گۇاڭنىڭ ئۇتۇقى بىلەن تالاپىتى تەڭ بولغاچقا، مۇكاپاتلانمايدۇ.

دەسلەپتە لى گۇاڭ بىلەن بىر نەۋرە ئىنىسى لى سەي ئىككىسى نۆكەر بەگ بولۇپ، خەن ۋېندىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. خەن جىڭدى زامانىغا كەلگەندە، لى سەينىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى يەكۈنلىنىپ، ئۇنىڭ يىللىق مائاشى 2000 تاغار ئاشلىققا يەتتى. ئۇ م.ب. 124 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) يېنىك ھارۋىلىقلار سانغۇنى بولدى، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ئوڭ قول بىلىكخانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۇنىۋان بېرىش ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن، لېئەن(21) بېگى بولدى. م.ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) گۇڭسۇن خۇڭ(22) نىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر بولدى. لى سەينىڭ بىلىم - قابىلىيىتى تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا سەۋىيىسىدە ئىدى، نام - شۆھرەت جەھەتتە لى

گېڭدىن كۆپ تۆۋەن تۇراتتى؛ بىراق لى گۇاڭ بەگلىك ئۇنۋان ۋە سۇيۇرغال ئالالمىدى، مەنسەپ دەرىجىسى توققۇز ۋەزىرلىك(23) تىن ئېشىپ كېتەلمىدى. لى گۇاڭنىڭ قول ئاستىدىكى سىپاھ- بەگلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا بەگلىك ئۇنۋانىغا ئېرىش- كەندى. لى گۇاڭ قىياپەتچى ۋاڭ شو بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ: «خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشلىرى باشلانغاندىن بۇيان مەن قاتناشمىغان ئۇرۇش يوق. ئادەتتىـ كى چېرىكچىلەردەك تۆۋەن خادىملارنىڭ ئىقتىدارى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كىشىلەرگە يەتمىسىمۇ، كۆرسەتكەن ھەربىي خىزمىتى بويىچە بەگلىك ئۇنۋانى ئالغانلار نەچچە ئونغا يېتىدۇ. مېنىڭ ئىقتىدارىم باشقىلاردىن تۆۋەن ئەمەس، بىراق بەگلىك ئۇنۋانى ياكى سۇيۇرغال ئېلىشقا لايىق ئازراق خىزمەتنىمۇ كۆرسىتەلمىدىم. نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولىدۇ؟ بەگلىك پېشانەمگە پۈتۈلمىگەنمۇ - يا؟» دەيدۇ. ۋاڭ شو: «سانغۇن ئەسلەپ باقسىلا، ئەپسۇسلانغۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ قويغانمىدىلا؟» دەپ سورايدۇ. لى گۇاڭ: «مەن لۇڭشىدا ۋالىي بولغان چېغىمدا، چياڭلار ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلارنى ئالدىدىم، تەسلىم بولغان 800 دىن ئوشۇق ئادەمنى ھىيلە بىلەن شۇ كۈنىلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىم. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ھازىرغىچە ۋىجدان ئازابى چېكىمەن» دەيدۇ. ۋاڭ شو: «تەسلىم بولغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشتىن ئارتۇق گۇناھ يوق. سانغۇن ئالىيلىرىنىڭ بەگ بولالماسلىقلىرىدىكى توپ سەۋەب مانا شۇ ئىكەن» دەيدۇ.

لى گۇاڭ يەتتە ۋىلايەتتە ئىلگىرى - كېيىن 40 نەچچە يىل ۋالىي بولدى. ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرىنى دائىم قول ئاستىدىكىلىرىگە بۆلۈپ بېرەتتى، يېمەك - ئىچمەكتە ئەسكەر- لىرى بىلەن بىللە بولاتتى. ئائىلىسىنىڭ ئارتۇقچە مال - دۇنياسى بولمىسىمۇ، بۇ ھەققە گەپ - سۆز قىلمايتتى.

لى گۇاڭ بەستلىك، قوللىرى چەبدەس ئادەم بولۇپ، تۇغما
مەرگەن ئىدى. لى گۇاڭدىن مەرگەنلىكنى ئۆگەنگەن ئەۋلادلىرى
ۋە باشقىلار مەرگەنلىكتە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. لى گۇاڭ
كېكەچلەپ سۆزلەيتتى، كەم سۆز ئىدى. كىشىلەر بىلەن
بىللە بولۇپ قالسىلا، يەرگە ئۇرۇش مەيدانىنىڭ خەرىتىسىنى
سىزاتتى، قارىغا ئېتىش ئارىلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ
ھاراق تىكىپ بەسلىشەتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئوقيا ئېتىش
مۇسابىقىسىنى ياخشى كۆرەتتى. لى گۇاڭ قوشۇن باشلاپ
ماڭغاندا، سۇسىز يەرلەرگە كەلگەندە ئەسكەرلىرى سۇ ئىچ-
مىگۈچە ئۆزى ئىچمەيتتى. ئاشلىق ئۈزۈلۈپ قالغان چاغلاردا،
ئەسكەرلىرى تاماق يەپ بولمىغىچە ئۆزى يېمەيتتى. ئۇ قول
ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇلايىم مۇئامىلە قى-
لاتتى. قاتتىق قوللۇق قىلمايتتى. شۇڭا ئەسكەرلىرى ئۇنى
ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ قولىدا ئىشلەشنى خالايتتى.
لى گۇاڭ ئوقيا ئېتىشتا دۈشمەن يېقىن بولمىسا، تەگكۈزۈشكە
كۆزى يەتمىسە ئاتمايتتى. بىرنەچچە ئون قەدەم ئارىلىقتا
ئاتسىلا چوقۇم تەگكۈزەتتى. شۇڭا لى گۇاڭ ئەسكەر باشلاپ
جەڭگە چىققان چاغلاردا، كۆپ قېتىم دۈشمەنىنىڭ مۇھاسىرى-
سىگە چۈشۈپ قالغانىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئاتقاندىمۇ
ئارىلىق بەك يېقىن بولغانلىقتىن، بىرقانچە قېتىم يىرتقۇچ
ھايۋانلار چىشلەپ زەخىملەندۈرۈپ قويغانىدى.

م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇ تۆتىنچى يىلى)
ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇ-
بىڭلار ھۇنلارغا كەڭ - كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلانغاندا،
لى گۇاڭ ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىللە جەڭگە چىقىشنى كۆپ
قېتىم تەلەپ قىلىدۇ. خەن ۋۇدى لى گۇاڭنى قېرىپ قالدى
دەپ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ. خېلىدىن كېيىن رۇخسەت
قىلىدۇ ۋە ئۇنى تۇرشاۋۇل سانغۇن قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

چېگرىدىن چىققان ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ قولغا چۈشكەن بىر ئەسىرنىڭ ئاغزىدىن ئىچىغسە تەكرىقۇتنىڭ تۇرار جايىنى ئۇقۇۋالغاچقا، ئۆزى خىللانغان چەۋەندازلارنى باشلاپ ئىچىغسە تەكرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭىدۇ. لى گۇاڭنى بولسا ئوڭ قانات سانغۇن جاۋىيجىنىڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ شەرقىي يولدىن يۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. شەرقىي يول سەل ئايلانما، يىراق ئىدى. يولدا ئوت ـ چۆپ، سۇ كەم بولغاچقا، قوشۇن توپلىشىپ ماڭالمايتتى. شۇڭا لى گۇاڭ: «مەن تۇرشاۋۇل سانغۇن قىلىپ ئەۋەتىلگەن، ئەمدىلىكتە ئۇلۇغ سانغۇن مېنى يۆتكەپ شەرقىي يولدىن يۈرۈشكە ئەۋەتىۋاتىدۇ، مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلىپ كەلدىم. مانا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم تەكرىقۇت بىلەن ئۇرۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، ئالدىنقى سەپتە تەكرىقۇت بىلەن ھايات ـ مامات ئۇرۇشى قىلىشنى خالايمەن» دېدى. ئۇلۇغ سانغۇن خەن ۋۇدىنىڭ «لى گۇاڭدىن ئامەت قاچقان، ئۇنى تەكرىقۇتقا تاقابىل قويماڭ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ئەكسىچە يېڭىلىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن يوليورۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ، ھەمرا بەگلىك مەرتىۋىسىدىن ئەمدىلا مەھرۇم بولۇپ ئارىچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەنگەن گۇڭسۇن ئاۋنى ئۆزىگە ياندىشتۇرۇپ، تەكرىقۇت بىلەن جەڭ قىلىش مەقسىتىدە لى گۇاڭنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن لى گۇاڭ قەتئىي رەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلۇغ سانغۇن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ ۋە قارارگاھ بېگىگە دەرھال ئالاقە يېزىپ، لى گۇاڭنىڭ قارارگاھىغا ئەۋەتىپ بېرىشىنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئالاقىدە: «قىسىمنى باشلاپ دەرھال ئوڭ قانات سانغۇن قىسىملىرىغا بېرىڭ، ھەممە ئىش ئۇشبۇ ئالاقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولسۇن»

دەپ بۇيرۇلغانىدى. غەزەپلەنگەن لى گۇاڭ ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن خوشلاشماستىنلا يولغا چىقىپ، ئوڭ قانات سانغۇنىنىڭ قارارگاھىغا باردۇ ۋە ئوڭ قانات سانغۇن جاۋيىجىنىڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، شەرقىي يول بىلەن سەپەرگە چىقتى. يولدا ئېزىپ قېلىپ ئۇلۇغ سانغۇندىن كېيىن قالدۇ. ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ئېچىنسە تەڭرىقۇت بىلەن ئۇرۇش قىلدۇ، تەڭرىقۇت قېچىپ كەتتى. خەن قوشۇنلىرى قوغلاپ يېتەلمەي قايتىپ كەلدى. ئۇلۇغ سانغۇن قىسىملىرى قوملۇقتىن ئۆتۈپ جەنۇبقا قايتقان چاغدا، ئاندىن بۇئىككى سانغۇن بىلەن ئۇچراشتى. لى گۇاڭ ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆز قىسمىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلۇغ سانغۇن يېمەكلىك ۋە هاراق - شارابلار بىلەن قارارگاھ بېگىنى ئەۋەتىپ، لى گۇاڭ، جاۋيىجىلارنىڭ يول ئېزىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتە قىلدۇردى. قارارگاھ بېگى ئۇلۇغ سانغۇننىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ: «سىلەرنىڭ ۋاقتى - قەرەلىدە يېتىپ بارالمىغىنىڭلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى خانغا مەلۇم قىلىنىدۇ» دېيدۇ. لى گۇاڭ تېخى جاۋاب قايتۇرماستىنلا، قارارگاھ بېگى لى گۇاڭ قارارگاھىدىكى ئەمەلدار - بەگلەرنى سوراققا چىقىشقا قىستايدۇ. لى گۇاڭ: «چېرىكچىلەردە گۇناھ يوق. يولدىن ئېزىپ كەتكەن مەن، بۈگۈن ئۆزۈم بېرىپ جاۋاب بېرىمەن» دەيدۇ.

لى گۇاڭ (ئۇلۇغ سانغۇن قارارگاھىغا بارغاندىن كېيىن) ئادەملىرىگە: «مەن بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ، هۇنلار بىلەن چوڭ - كىچىك 70 نەچچە قېتىم جەڭ قىلدىم. بۇ قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىرلىكتە تەڭرىقۇت قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىش پۇرسىتىگە ئاران ئېرىشكەنىدىم، ئەمما ئۇلۇغ سانغۇن مېنىڭ قىسىملىرىمنى يىراق ئايلانما يول بىلەن مېڭىشقا ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدىن ئېزىپ كەت-

تىم. بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە يېشىم 60 تىن ئاشقاندا، يارغۇچبەگلەرنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلسام، بۇ ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ؟!» دېدى ـ دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئۆزىنى بوغۇزلىۋالىدۇ. بۇ بەختسىز خەۋەرنى ئاڭلىغان پۇقرالار، مەيلى ئۇنى تونۇسۇن ـ تونۇمىسۇن چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى يىغلايدۇ. ئەدلىيە مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلغان ئوڭ قانات سانغۇن جاۋيىجى بولسا، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىدىن قالدۇرۇلۇپ ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلىدۇ.

لى گۇاڭنىڭ لى داڭخۇ، لى جياۋ، لى گەن ناملىق ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ھەممىسى ئوردىدا نۆكەر بەگ ئىدى. خەن ۋۇدى خەن يەن (24) بىلەن ھەزىللەشكىنىدە، سەل ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويىدۇ. لى داڭخۇ خەن يەننى ئۇرۇۋىدى، خەن يەن قېچىپ كېتىدۇ. خەن ۋۇدى لى داڭخۇنى قولىدىن ئىش كېلىدىكەن دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن لى داڭخۇ ياش ئۆلۈپ كېتىدۇ. خەن ۋۇدى لى جياۋنى دەيجۈن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ ئىككىسى لى گۇاڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. لى گۇاڭ قوشۇندا ئۆلگەن چاغدا، لى گەن قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى. لى گۇاڭ ئۆلۈپ ئىككىنچى يىلى (م.ب. 118 ـ يىلى، خەن ۋۇدى، يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) باش ۋەزىر لى سەي خەن ۋۇدى ياڭلىڭ (25) قەبرىستانلىقىدىن ئاجرىتىپ بەرگەن 20 مو يەردىن تاشقىرى، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالغان 300 مو يەرنى 400 نەچچە مىڭ يارماقتىن ئوشۇق پۇلغا ساتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە خەن جىڭدى قەبرىستانلىقىدىن ئوغرىلىقچە بىر مو يەر ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىنى دەپنە قىلىدۇ. بۇ ئىش پاش بولۇپ، رىندانغا سېلىپ جازالىنىدىغان چاغدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. لى گەن چېرىكچى سالاھىيىتىدە

قىران چەۋەنداز سانغۇن بىلەن ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخا-
نىغا ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇ، سول قول
بىلىكخانىنىڭ تۇغ ۋە داقا – دۇمباقلىرىنى ئولجا ئېلىپ،
كۆپ دۈشمەننىڭ كاللىسىنى كەسكەنلىكتىن، ئۆلكە بېگلىك
ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ ۋە 200 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال ئالىدۇ ھەم-
دە لى گۋاڭنىڭ ئورنىغا قوۋۇقچىباشى بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي
ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسى لى گۋاڭنى ئۆلۈۋېلىشقا
مەجبۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاداۋەت قىلىپ يۈرگەن لى گەن
ئۇلۇغ سانغۇننى ئۇرۇپ ياردار قىلغان بولسىمۇ، ۋېي چىڭ
بۇ ئەھۋالنى يوشۇرۇپ بىرىگە دېمەيدۇ. كۆپ ئۆتمەي
لى گەن خەن ۋۇدى خىزمىتىدە يۈگشيەن ناھىيىسىگە بارىدۇ.
گەنچۈەن قەسرىگە كېلىپ ئوۋ ئوۋلاشقا چىققاندا، لى گەننىڭ
ۋېي چىڭنى ئۇرۇپ ياردار قىلغانلىقىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن
قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.
بۇ خوچۈبىڭنى خەن ۋۇدىنىڭ قەدىرلەۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا،
خەن ۋۇدى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ، لى گەننى
بۇغا ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ قويىدۇ. بىر يىلدىن كۆپرەك
ۋاقىتتىن كېيىن خوچۈبىڭمۇ ئۆلىدۇ.
لى گەننىڭ بىر قىزى ۋەلىئەھدىنىڭ بانۇسى بولۇپ،
ۋەلىئەھد ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. لى گەننىڭ ئوغلى لى يۈ(26)
ۋەلىئەھدىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ ئۆزى
باتۇر بولسىمۇ، دۇنياپەرەست ئىدى. ئۇ دائىم ئوردىدىكى
ھەرەمئاغىلىرى بىلەن هاراق ئىچىشەتتى ۋە هاراق ئىچىۋېلىپ
ھەرەمئاغىلىرىنى بوزەك قىلاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن
قورقۇپ گەپ ياندۇرالمايتتى. كېيىن ئۇلار خەن ۋۇدىغا لى يۈ
ئۈستىدىن غەيۋەت – شىكايەت قىلىشىدۇ. خان لى يۈنى چا-
قىرىپ، يولۋاس ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنى ئارقان بىلەن
يولۋاس قوتىنىغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ پۇتى تېخى يەرگە تەگ-

ھەستىنلا خان ئۇنى قايتىدىن تارتىپ چىقىشىنى بۇيرۇيدۇ.
ىىراق لى يۇ قىلىچ بىلەن ئارقانىنى كېسىپ تاشلاپ يولۋاسـ
نى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ جەسۇرلۇقىدىن مەمنۇن
بولغان خان ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالىدۇ. لى داگخۇ ئۆلگەندە، ئۇنىڭ
لى لىڭ دېگەن ئوغلى تېخى تۇغۇلمىغانىدى. ئەسكەر باشلاپ
ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان لى لىڭ يېڭىلىپ، ھۇنلارغا تەسلىم
بولىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن بەزىلەر لى يۇنى لى لىڭنىڭ
يېنىغا قاچماقچى دەپ شىكايەت قىلغاچقا، خەن ۋۇدى لى يۇنى
ئەدلىيە مەھكىمىسىگە سوراققا بېرىپ، ئۆلتۈرگۈزىدۇ. لى لىڭـ
نىڭ يەنە بىر ئىسمى لى شاۋچىڭ ئىدى. ئۇ كىچىكىدە شىغاۋۇل
بولۇپ، جيەنجاڭ قەسرىنىڭ نازارەتچىبېگى (27) مۇ بولغان.
ئۇ ماھىر چەۋەنداز ۋە ئۇستا مەرگەن، خۇشپېئىل ئادەم
بولۇپ، ئاقىللارغا كەمتەرلىك ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە
قىلاتتى. كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. لى لىڭدا
لى گۇاڭنىڭ خىسلىتى بار دەپ ھېسابلىغان خەن ۋۇدى
ئۇنىڭغا 800 چەۋەنداز بېرىدۇ. لى لىڭ 800 چەۋەندازنى
باشلاپ، ھۇنلارنىڭ زېمىنىگە 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق
ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جۈيەن شەھىرىدىن ئۆتۈپ، يەر ۋەزىيـ
تىنى تەكشۈرۈپ، ھونلارغا ئۇچراشماي قايتىپ كېلىدۇ. خەن
ۋۇدى ئۇنى شىرمەت ـ چەۋەندازلار بېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.
ئۇ جەسۇر 5000 ئەسكەر بىلەن جيۇچۈەن، جاڭيې
ئەترابلىرىدا تۇرۇپ، قوشۇنلىرىغا مەرگەنلىكنى ئۆگىتىدۇ ۋە
شۇ ئارقىلىق ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن
كېيىن خەن سۇلالىسى سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلىنى پەرغانە
يۇرۇشىگە ئەۋەتكەندە، لى لىڭنىمۇ 5000 ئەسكەر بىلەن
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا بۇيرۇيدۇ. چېگرىغا ئەمدىلا يېتىپ
بارغاندا، قايتىپ كېلىۋاتقان سۇترىشنا سانغۇنىغا يولۇقىدۇ.
خەن ۋۇدى لى لىڭنى سىپاھ ـ بەگلەرنى قالدۇرۇپ، پەقەت

500 يېنىڭ قوراللانغان چەۋەنداز بىلەن دۇنخۇاڭدىن لوپنۇر(28) غا بېرىپ سۇترىشنا سانغۇننى قارشى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن لى لىڭ يەنە جاڭيې ۋىلايىتىدە تۇرۇپ قالىدۇ.

م. ب. 99 - يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى) سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى 30 مىڭ چەۋەنداز بىلەن جيۇچۇەندىن چىقىپ، تەڭرىتاغلىرى(29) دا ھۇنلارنىڭ ئوڭ قول بىلىكخانىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. خەن ۋۇدى لى لىڭنى چاڭئەنگە چاقىرتىپ، ئۇنى ئېرشى سانغۇننىڭ ھەربىي تەمىنات قىسىملىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. لى لىڭ ۋېيياڭ ئوردىسىنىڭ ۋۇتەي قەسرى(30) دە قوبۇل قىلىندى. ئۇ خەن ۋۇدىغا باش قويۇپ تۇرۇپ: «پېقىرنىڭ قولىدىكى چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى جىڭچۇ (31) ئەتراپلىرىدىن چىققان باتۇر ۋە ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە قىلىچۋازلار بولۇپ، ئۇلار يولۋاس تۇتالايدىغان مەرگەن ئادەملەر، شۇڭا تەڭرىقۇتنىڭ يالغۇز ئېرشى سانغۇن قىسىملىرىغىلا تاقابىل تۇرۇشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، مېنى ئايرىم بىر قىسىم قىلىپ، لەنگەن (32) تېغىنىڭ جەنۇبىدا تەڭرىقۇتنىڭ كۈچىنى پارچىلاشقا ئەۋەتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. ۋۇدى: «سەركەردە بولۇۋالغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ قارمىقىدا بولۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ! مەن بۇ قېتىم ناھايىتى كۆپ ئەسكەر چىقاردىم. سىزگە ئاجرىتىپ بەرگۈدەك چەۋەندازلار يوق» دېدى. لى لىڭ: «ماڭا چەۋەندازلارنىڭ لازىمى يوق، كەمىنىلىرى كىچىككىنە قىسىم بىلەن دۈشمەننىڭ چوڭ قىسمىغا ھۇجۇم قىلىمەن. 5000 پىيادە ئەسكەر بىلەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىغا يۈرۈش قىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ تەنتەنىلىك سۆزلىرىگە زوقلىنىپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلىدۇ - دە، قون-

ذائىلىق ئۇقيالىقلار كاھىبگى لۇبودىغا ئەسكەر باشلاپ يولدا
لى لىك قىسىملىرىنى قارشى ئېلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. لۇبودي
ئىلگىرى داۋالغۇشنى تىنچىستقۇچى سانغۇن بولغاچقا، ئۇمۇ
لى لىگنىڭ ئارقا سەپ ياردەمچىسى بولۇشقا نومۇس قىلىپ
خانغا: «ھازىر كۈز پەسلى، ھۇنلارنىڭ ئاتلىرى سېمىز ۋە
كۈچلۈك، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش پايدىسىز، لى لىڭ
كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە تۇرۇپ تۇرسا، ئەتىيازدا بىر بىرلىكتە
جىۋ چۈەن، جاڭيېلەردە مۇداپىئەدە تۇرغان چەۋەندازلارنىڭ
ھەرقايسىسىدىن 5000 دىن ئەسكەر ئېلىپ، شەرقىي ۋە غەر-
بىي جۇنجى تېغىغا تەڭلا ھۇجۇم قىلساق دەيمەن. شۇ چاغدا
تەڭرىقۇتنى چوقۇم تىرىك قولغا چۈشۈرگىلى بولاتتى» دەپ
مەكتۇپ سۇنىدۇ. بۇ مەكتۇپنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن
خان، لى لىڭ ئۇرۇشقا چىققۇسى كەلمەي لۇبودىغا بۇ مەك-
تۇپنى يازدۇرغان بولسا كېرەك دەپ گۇمانلىنىدۇ - دە، لۇبو-
دىغا: «مەن لى لىڭغا چەۋەندازلاردىن ئاجرىتىپ بېرەي دېسەم،
لى لىڭ ئاز ئەسكەر بىلەن كۆپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىمەن،
دېدى. ھازىر دۈشمەنلەر شىخېغا باستۇرۇپ كىردى. سىز دەر-
ھال ئەسكەر بىلەن شىخېغا بېرىپ گۇ يىڭ(33) نىڭ يولىنى
توسۇڭ!» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ. شۇ قاتاردا لى لىڭغا:
«قەۋىس ئېيىدا يولغا چىقىپ، جېلۇجىاڭ(34) قورغىنى ئارقى-
لىق شەرقىي جۇنجى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى لۇڭلېي دەر-
ياسىغا بېرىپ، دۈشمەننى كۆزىتىڭ، ئەگەر دۈشمەن كۆرۈنمى-
سە، جۇيې بېگى جاۋپونۇ ماڭغان يول بىلەن تەسلىم بولغان-
لارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە كېلىپ ئەسكەرلەرنى دەم ئال-
دۇرۇڭ. بېكەتلەر ئارقىلىق ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭ.
سىز لۇ بودې بىلەن نېمە دېيىشكەن؟ بۇ ھەقتە مەكتۇپ ئار-
قىلىق ماڭا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىڭ!» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن لى لىڭ 5000 پىيادە ئەسكىرى بىلەن

بۇيەن شەھىرىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ 30 كۈن مېڭىپ، جۇنجى تېغىغا كېلىپ قارارگاھ تىكىدۇ، ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن پۈتكۈل تاغ - دەريا ۋە يەر ۋەزىيىتىنى خەرىتىگە چۈشۈرۈپ، قول ئاستىدىكى چەۋەنداز چېبىن بۇلىينى خانغا مەلۇمات بېرىشكە ئەۋەتىدۇ. چېبىن بۇلىي خەن ۋۇدى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. چېبىن بۇلىي لى لىڭنىڭ قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى مەدھىيىلەپ، ئەسكەرلەرنىڭ پۈتكۈل كۈچىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولغان خان چېبىن بۇلىينى نۆكەر بەگلىك ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلايدۇ.

لى لىڭ جۇنجى تېغىغا بېرىپ چەتئۇ تەڭرىقۇت قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھۇنلارنىڭ 30 مىڭدەك چەۋەندازى لى-لىڭنى قورشىۋالىدۇ. لى لىڭنىڭ قوشۇنلىرى شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا جايلىشىپ، ھارۋىلار بىلەن قورغان ياسىۋالىدۇ. ئەسكەرلىرى بىلەن قورغاندىن چىققان لى لىڭ سەپ تارتىدۇ. ئالدى قاتاردىكىلەر يالمان ۋە قالقان بىلەن، ئارقا قاتاردىكىلەر ئوقيا ۋە تەپكىلىك ئوقيا بىلەن قوراللانغانىدى. «دۇمباق ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا ئوقيا ئاتسىلەر، جاڭنىڭ ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا ئېتىشنى توختىتىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈلىدۇ. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن ھۇنلار، توپتوغرا قورغاننىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىدۇ. لى لىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ ۋە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. تەپكىلىك ئوقيالار تەڭلا ئېتىلىدۇ. دۈشمەن كىرىچنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭلا يىقىلىپ ئۆلىدۇ. ھۇنلار تاغقا قاراپ چېكىنىدۇ. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى دۈشمەننى غەلىبىسىرى قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىپ دۈشمەننىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ. قاتتىق چۈچىگەن چەتئۇ تەڭرىقۇت ئەتراپتىكى رايونلاردىن

80 نەچچە مىڭ چەۋەنداز يۆتكەپ كېلىپ، لى لىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن چېكىنگەن لى لىڭ جەنۇبقا بىرنەچچە كۈن مېڭىپ تاغ جىلغىسىغا كىرىۋالىدۇ. ھەر كۈنى ئۇرۇشقانلىقتىن، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى يارىلانغانىدى. ئۈچ يېرىدىن يارىلانغانلار ھارۋىغا سېلىندى. ئىككى يېرىدىن يارىلانغانلار ھارۋا ھەيدەپ ماڭدى. بىر يېرىدىن يارىلانغانلار بولسا، يەنىلا قورال تۇتۇپ جەڭ قىلدى. لى لىڭ: «قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ، داقا - دۇمباق چېلىنسىمۇ جانلانمايۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ قوشۇن ئىچىگە ئاياللار كىرىۋالغانمۇ قانداق؟» دەيدۇ. ئەسلىدە قوشۇن يولغا چىقىدىغان ۋاقتىدا، ئەسكەرلەر گۇەندۇڭدىكى قاراقچىلارنىڭ چېگرىغا سۈرگۈن قىلىنغان خوتۇنلىرىنى ئۆزلىرىگە خوتۇن قىلىۋېلىپ، ھارۋىلارغا يوشۇرۇپ قويغانىكەن. لى لىڭ خوتۇنلارنى ئاختۇرۇپ تېپىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. ئەتىسى يەنە ئۇرۇش بولۇپ، 3000 دىن ئارتۇق دۈشمەننىڭ كاللىسى ئېلىندى. ئاندىن قوشۇننى باشلاپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ لۇڭچېڭ شەھىرىگە ماڭىدىغان كونا يول بىلەن 4 — 5 كۈن يۈرۈپ، بىر چوڭ كۆلنىڭ بويىدىكى قومۇشلۇققا كېلىدۇ. دۈشمەن شامال تەرەپتىن قومۇشلۇققا ئوت قويىدۇ. لى لىڭمۇ ئەسكەرلىرىگە قارارگاھ ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپلەرگە ئوت قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئوتىنى توسۇپ، ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەنۇبقا مېڭىپ تاغ ئېتىكىگە چۈشىدۇ. جەنۇبىي تاغ ئۈستىدە تۇرغان چەنيۈ تەڭرىقۇت لى لىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئوغلىنى چەۋەندازلار بىلەن ئەۋەتىدۇ. لى لىڭ قوشۇنى ئورمانلار ئارىسىدا دۈشمەننىڭ چەۋەندازلىرى بىلەن پىيادە ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ يەنە نەچچە مىڭ ئادىمىنى

ئۆلتۈرىدۇ ھەمدە كەمەندەر (قونداقلىق ئوقيا) (36) بىلەن
تەڭرىقۇتنى ئاتىدۇ، قورققان تەڭرىقۇت تاغدىن چۈشۈپ
قېچىپ كېتىدۇ. بۇ كۈنى قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر: «تەڭرىقۇت
‹بۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ خىل قىسىملىرى ئىكەن. بىز ئۇنى
ھۇجۇم قىلىپ يېڭەلمىگۈدەكمىز، ئۇلار بىزنى كېچە - كۈندۈز
مەلىكە قىلىپ جەنۇبتىكى چېگرىغا باشلاپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۇ
يەرگە يۆتكۈرمە قويغان بولمىسۇن يەنە› دېيىشىدۇ، ياساقبېگى ۋە
قەبىلە ئاقساقاللىرى بولسا: ‹تەڭرىقۇت ئۆزى بىۋاستە
نەچچە ئون مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ بىرنەچچە سىڭ خەن
سۇلالىسى قوشۇنىنى يوقىتالمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن چېگرا
مۇداپىئەسىگە سەركەردىلەرنى ئەۋەتكىلى بولماي قالىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى ھۇنلارنى
تېخىمۇ كۆزگە ئىلماي قويىدۇ. بىز ئەمدى جىلغىدا يەنە
كۆچەپ جەڭ قىلىپ كۆرەيلى، ئالدىمىزدا 40 — 50 چاقىرىم
نېرىدا بىر تۈزلەڭلىك بار. ئەگەر شۇ تۈزلەڭلىككە چىققۇچە
يېڭەلمىسەك قايتىپ كەتسەك بولىدۇ› دېيىشتى» دەيدۇ.

بۇ چاغدا لى لىڭ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر-
لاشقانىدى. ھۇنلارنىڭ چەۋەندازلىرى كۆپ بولغاچقا،
كۈنىگە نەچچە ئون قېتىم جەڭ بولاتتى. خەن سۇلالىسى
قوشۇنلىرى يەنە 2000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى.
ئورۇشنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىزلىقىنى كۆرگەن ھۇنلار چېكىن-
مەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا لى لىڭ قوشۇنىدىكى
چاۋۇشبېگى (37) گۇەن گەن چېرىكچىنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرى-
غانلىقتىن، ھۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. ئۇ چەتقۇ تەڭرىقۇتقا:
«لى لىڭ قوشۇنىغا ئارقىدىن كېلىدىغان ياردەم يوق، ئوقيا
ئوقى تۈگەپ قالاي دېدى. لى لىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى
ۋە چېڭئەن بېگىنىڭ داقاۋىدىن بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ 800
دىنلا ئەسكىرى قالدى. ئۇلار سەپ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بەلگىلىرى ئاق، سېرىق تۇغ. ئەگەر خىل چەۋەندازلار بىلەن
مەركەزلىك ھالدا ئوقيا تۇتۇلىدىغان بولسا، ئۇلارنى مەغلۇپ
قىلىشقا بولىدۇ» دەپ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. چېڭئەن
بېگى يىڭچۇەن(38) لىك ئىدى، ئاتىسى خەن چىيەنچيۇ
جىنەن بەگلىكى(39) نىڭ ۋەزىرى بولۇپ، جەنۇبىي يۆلەرگە
قەھرىمانلارچە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەنىدى.
خەن ۋۇدى ئۇنىڭ ئوغلى خەن يەننيەنگە بەگلىك مەرتىۋىسى
بەرگەچكە، بۇ قېتىم ئۇ چېرىكچى ئۇنۋانىدا لى لىڭ بىلەن
بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتناشتى. گۇەن گەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ
ئىنتايىن خۇشال بولغان تەڭرىقۇت چەۋەندازلىرىنى ئەۋەتىپ،
خەن سۇلالىسى قوشۇنىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ھۇن
قوشۇنلىرى: «لى لىڭ، خەن يەننيەنلەر دەرھال تەسلىم
بولۇڭلار!» دەپ چۇقان سېلىشتى ھەمدە چېكىنىش يولىنى
توسۇپ، لى لىڭ قوشۇنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى.
لى لىڭ قوشۇنلىرى جىلغىدا، ھۇنلار بولسا تاغ ئۈستىدە
ئىدى. ئۇلار تۆت تەرەپتىن مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇۋەتتى.
خەن قوشۇنلىرى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ جەنۇبقا يۈرۈپ،
دىخان(40) تېغىغا يېتىپ بارماستىن بىر كۈندىلا 500 مىڭ
تال ئوق ئېتىلىپ تۈگىگەچكە، ھارۋىلىرىنى تاشلاپ چېكىنىپ
كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۈچ مىڭدىن ئوشۇقراق ئەسكەر قالغا-
نىدى. ئۇلار ھارۋىلارنىڭ كۆكۈسلىرىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ
قورال - ياراق قىلىپ، ئەمەلدارلار بولسا خەنجەرلىرىنى
قولىغا ئېلىپ تاغ جىلغىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. تەڭرىقۇت
خەن قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تاغدىن
تاش دومىلاتتى. خەن قوشۇنلىرىدىن كۆپ ئادەم يانجىلىپ
ئۆلدى. چېكىنىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گۇگۇم
چۈشكەندىن كېيىن لى لىڭ ئۆزى كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ،
سىرتقا چىقماقچى بولدى ۋە ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرىنى

يۇسۇپ: «سىلەر ماڭا ئەگەشمەڭلار، مەن يالغۇز ئۆزۈم بېرىپ تەگردىقۇتنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىمەن!» دېدى. خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەلگەن لى لىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىپ «قوشۇن مەغلۇپ بولدى، مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم» دېدى. بىر ھەربىي ئەمەلدار: «سانغۇن ھەيۋەتسىگىز ھۇنلارنى تىترىتىۋەتتى. بىز پەقەت تەقدىرىمىز ياخشى بولمىغانلىقتىن مەغلۇپ بولدۇق. يول تېپىپ يەنە قايتىپ كېتەلەيمىز، مەسىلەن، جويى بېگى جاۋپونۇ ھۇنلارغا ئەسىر چۈشۈپ، كېيىن يەنە قېچىپ قايتىپ بارغاندا، خان ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانىكەن. سىز جانابىي سانغۇن مانا مۇشۇنداق چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭىزغۇ؟!» دەپ تەسەللى بېرىپ نەسىھەت قىلدى. لى لىڭ: «بولدى، قويۇڭ! مەن بۈگۈن ئۆلمىسەم يىگىت ئەمەسمەن» دېدى ـ دە تۇغلارنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، قىممەتلىك نەرسە ـ كېرەكلەر بىلەن كۆمۈۋېتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى ۋە ئېغىر تىنىپ: «يەنە بىر- نەچچە ئون پاي ئوق بولغان بولسا، قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولاتتى. ئەمدى يەنە ئۇرۇش قىلغۇدەك قورال ـ ياراق يوق، تاڭ يورۇسىلا قاراپ تۇرۇپ تۇتقۇن بولىمىزغۇ! ھەممىڭلار تارقىلىپ جېنىڭلارنى ئېلىڭلار، قۇتۇلۇپ بېرىپ خانغا ئەھۋال- نى مەلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىپ قالار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سىپاھ ـ بەگلەر ھەر ئادەم ئىككى كاپچىدىن ئاشلىق، بىر پارچىدىن مۇز ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى ۋە جېلۇجاڭ قورغىنىغا ئاۋۋال يېتىپ بارغانلار شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. تۈن يېرىمىدا دۇمباق ئاستا چېلىنىپ ئەسكەرلەر ئورنىدىن تۇرغۇزۇلماقچىدى، دۇمباق يېرىلغاچقا ئاۋازى چىقمىدى. لى لىڭ بىلەن خەن يەنىيەنلەر ئاتقا مىندى. ئون نەچچە نەپەر يىگىتىنى كەينىگە سېلىپ يولغا چىقتى. دۈشمەنىنىڭ بىر نەچچە مىڭ چەۋەندازى

گېنىدىن قوغلىدى. خېن يەنىيەن جەڭدە ئۆلدى. لى لىڭ: «خان ئاسىيلىرىنى كۆرۈشكە يۈزۈم قالمىدى» دېدى ۋە ھونلارغا تەسلىم بولدى. ئەسكەرلىرى ئۆز جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن تارقىلىپ كەتتى، ئاخىرىدا 400 دەك ئادەم قۇتۇلۇپ چېگرا قورغىنىغا قايتىپ كەلدى.

لى لىڭ چېگرا قورغىنىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتا يېڭىلگەنىدى. چېگرىدىكى مەسئۇل ئەمەلدارلار ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلدى. دەسلەپتە خەن ۋۇدى لى لىڭنىڭ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە خوتۇنىنى چاقىرتىپ سىنچىغا كۆرسەتتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن مۇسىبەت ئالامىتى كۆرۈلمىدى. كېيىن لى لىڭنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلەندى. چېن بۇلېي ئەيىبلەپ سۆز سوردۇدى، قورقۇپ كەتكەن چېن بۇلې ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. خاننىڭ رايىغا باققان بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار گۇناھنى لى لىڭغا ئارتىشتى. خەن ۋۇدى بۇ ئىشنى سالنامىچى سىماچيەن(41) دىن سورىدى، سىماچيەن لى لىڭنى ئاقلاپ: «لى لىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار ئىدى. ئۆلىما - زىيالىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ۋەدىسىدە تۇراتتى. دائىم جان پىدالىق بىلەن دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ كەلدى. ئادەتتىكى پىكرى ھالەتلىرىدىگە كەلسەك، كاتتا ئەخلاق - پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. ھازىر بىرەر ئىشتا بەختسىزلىككە ئۇچرىسىلا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزى ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭلا ئامانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ كېلىۋاتقان ۋەزىرلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىتنە - پاسات تارقىتىۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئېچىنارلىق ئىش! ئۇنىڭ ئۈستىگە لى لىڭ 5000 غا يېقىن پىيادە ئەسكىرى بىلەن ھەربىي ئاتقا ماي ھۇنلار ئېلىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، دۈشمەننىڭ نەچچە ئون مىڭ چەۋەندازىنى مەغلۇپ قىلىپتۇ، ھونلار

ئۆلگەن ۋە ياردار بولغان ئادەملىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، پۈتكۈل ئوقياچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، لى لىڭ قوشۇنلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپتۇ، لى لىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۇزۇن يول مېڭىپ، ئوقيا ئوچارى تۈگەپ، مېڭىش يولى ئۈزۈلگەن ھالەتتىمۇ ئەسكەرلىرى يەنىلا ئوقسىز يا بىلەن دۈشمەننىڭ نەيزىسىگە قارىماي، شىمالغا قاراپ دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلىپتۇ. بۇ جەھەتتە قەدىمكى ئاتاقلىق سانغۇنلارمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. ئۆزى گەرچە تارمار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھونلارنى مەغلۇپ قىلىشتەك قەھرىمانانە نەتىجىلىرىنى پۈتۈن ئەلگە نامايان قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماسلىقىنىڭ سەۋەبى، پۇرسەت تېپىپ خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇيۇش ئارقىلىق ئوردىنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك» دەيدۇ. دەسلەپتە خەن ۋۇدى سۇترىشنا سانغۇن لى گۇاڭلىنى چوڭ قوشۇن بىلەن ھەربىي يۈرۈشكە چىقىرىپ، لى لىڭنى پەقەت ياردەمچى قىسىملارنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، كېيىن لى لىڭ چەتقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئېلىشىپ زور تۆھپە ياراتتى. سۇترىشنا سانغۇنىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىنتايىن ئاز ئىدى. خەن ۋۇدى سىماچيەن يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئالدامچىلىق قىلىۋاتىدۇ، سۇترىشنا سانغۇ-نىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، لى لىڭنى ئاقلاۋاتىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە سوراققا بەردى ۋە ئاختىلاش جازاسى (42) بەرگۈزدى.

ئۇزۇن ئۆتكەندىن كېيىن خەن ۋۇدى لى لىڭنىڭ ياردەمچىسىز قالغانلىقى تۈپەيلى يېڭىلگەنلىكىنى ئۇقۇپ پۇشايمان قىلدى، ۋە: «يولغا چىقىدىغان ۋاقتىدا مەن ئوقيا-لىقلار كاھىبېگى لۇبودېنى ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش توغرىسىدا

يارلىق چۈشۈرگەنىدىم. بۇ يارلىقنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن
مەسلىھەت قىلمايلا چۈشۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، كۆڭلىدە گۇمان
پەيدا بولغان پېشقەدەم سەركەردە لۇبودې شۇڭا ۋاقتىدا
يولغا چىقمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن ماسلاشمىغانىكەن»
دېدى ـ دە، ئەلچى ئەۋەتىپ لى لىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى-
دىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتكەن ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى
ۋە ئۇلارنى مۇكاپاتلىدى.

لى لىڭ ھۇنلار ئىچىدە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇردى.
خەن ۋۇدى يېنىۋ (43) سانغۇنى گۇڭسۈن ئاۋنى ئەسكەر بىلەن
ھۇنلار ئېلىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، لى لىڭنى ئېلىپ كېلىشكە
ئەۋەتتى. نەتىجە قازىنالماي قايتىپ كەلگەن گۇڭسۈن ئاۋ
خانغا: «قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، لى لىڭ
تەڭرىقۇتقا خەن قوشۇنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئەسكەر
تەربىيىلەپ بېرىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پېقىر ھېچقانداق
نەتىجە قازىنالماي قايتىپ كەلدىم» دەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى
ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن خان لى لىڭنىڭ جەددى ـ
جەمەتىنى يوقىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن
لى لىڭنىڭ ئانىسى، ئاكا ـ ئۇكىلىرى، خوتۇنى ۋە بالىلىرى-
نىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. لۇڭشىلىق ئۆلىما ـ زىيالىيلار
لى لىڭنىڭ ئۆلۈم يولى بىلەن ئۆز خىسلىتىنى ساقلىماي،
پۈتكۈل ئائىلىسىنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە زامىن بولغانلىقىدىن
نومۇس قىلىشتى. كېيىن خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا ئەلچى
ئەۋەتتى. لى لىڭ خەن ئەلچىسىدىن: «مەن خەن سۇلالىسىنىڭ
5000 پىيادە ئەسكىرى بىلەن ھۇنلار ئېلىدە قاتتىق جەڭ
قىلدىم. ياردەمسىز قالغانلىقىمدىن مەغلۇپ بولدۇم. خەن
سۇلالىسى ئالدىدا نېمە ئەيىبىم بار، نېمە ئۈچۈن ئائىلەم
قىرىپ تاشلىنىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. خەن ئەلچىسى: «ئوردىغا
سىزنى ھۇنلارغا ئەسكەر تەربىيىلەپ بېرىۋېتىپتۇ دەپ خەۋەر

كەلدى» دەيدۇ. لى لىڭ: «ئۇ، لى شۇنىڭ قىلغان ئىشى، مەن ئەمەسقۇ» دەيدۇ. لى شۇ ئەسلىدە خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى كاھىبېگى بولۇپ، شىخۇ (44) شەھىرى مۇداپىئەسىدە تۇراتتى. ھۇنلار ھۇجۇم قىلغاندا لى شۇ تەسلىم بولغانلىقتىن، تەگرىقۇت ئۇنى مېھمان قاتاردا كۆرۈپ دائىم لى لىڭدىن يۇقىرى ئولتۇرغۇزاتتى. لى شۇنىڭ كاساپىتى بىلەن پۈتكۈل ئائىلىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئېچىنغان لى لىڭ ئادەم ئەۋەتىپ لى شۇنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. تەگرىقۇت چەتقۇنىڭ ئانىسى چوڭ ئالچى لى لىڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، تەگرىقۇت ئۇنى شىمال تەرەپكە ئەۋەتىۋېتىپ يوشۇرىدۇ. چوڭ ئالچى ئۆلگەندىن كېيىن لى لىڭ قايتىپ كېلىدۇ.

لى لىڭنىڭ قاۋۇل ۋە باتۇرلۇقىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان تەگرىقۇت ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىدۇ ۋە ئوڭ چېرىكچىلەر خانى قىلىدۇ. ۋە لۈي (45) نى بولسا دىڭلىڭلار (تۇرالار)(46) غا خان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇلارغا مۇھىم ھوقۇقلارنى تۇتقۇزىدۇ. ۋەلۈينىڭ ئاتىسى چاڭشۈي (47) لۈك ھۇنلاردىن بولۇپ ۋەلۈي خەن ئېلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ نەغمە-ناۋا تۇتۇقبېگى لى يەننيەن بىلەن ئاغىنە بولغاچقا، لى يەننيەن ۋە لۈنى ھۇنلارغا بارىدىغان خەن ئەلچىلىكىگە تونۇشتۇرىدى. ئۇ ئەلچىلىكتىن قايتىپ كەلگىنىدە، لى يەننيەننىڭ پۈتكۈل ئائىلىسى قولغا ئېلىنغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئۇلارغا چېتىلىپ قېلىپ، ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورققان ۋە لۈي دەرھال ھۇنلار ئېلىگە قېچىپ بېرىپ تەسلىم بولدى. ھۇنلار ئۇنى قەدىرلەپ، ھەمىشە تەگرىقۇتنىڭ يېنىدا تۇرغۇزۇشتى. لى لىڭ سىرتتا تۇراتتى، چوڭ ئىشلار بولۇپ قالغاندىلا، تەگرىقۇت ئوردىسىغا كېلىپ يىغىنغا قاتنىشاتتى.

خەن جاۋدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ، سول قول (قانات) سانغۇن (48) شاڭگۇەن جيې (49)

لەر خاننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ياردەملىشەتتى. بۇلار ئادەتتە لى لىڭ بىلەن ئاغىنە ئىدى. شۇڭا لى لىڭنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى، لۇڭشىلىق رېن لىجېڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ھۆن ئېلىگە ئەۋەتىپ، لى لىڭنى قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىشتى. رېن لىجېڭ قاتارلىقلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قۇلۇقۇ (50) تەڭرىقۇت ئۇلارغا زىياپەت بېرىپ مېھماننەۋازلىق قىلدى. زىياپەتتە لى لىڭ بىلەن ۋېي لۈيلەرمۇ بار ئىدى. لى لىڭنى كۆرسىمۇ ئايرىم سۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان رېن لىجېڭلار ئۇنىڭغا پەقەت كۆز ئىشارىسى قىلىپ، پات - پات قىلىچىنىڭ دەستىسىنى سىلايتتى. پۇتلىرىنى تۇتۇپ، خەن سۇلالىسىگە قايتىملا دېگەن ئىشارىنى بىلدۈرەتتى. كېيىن لى لىڭ بىلەن ۋېي لۈيلەر كالا گۆشى ۋە ھاراق ئەپكېلىپ خەن ئەلچىلىرىنى كۈتۈشتى. شاھمات ئويناشتى ۋە شاراب ئىچىشتى. لى لىڭ بىلەن ۋېي لۈي ھەر ئىككىسى ھۆنچە كىيىنىپ، چېچىنى تۈرۈۋالغانىدى. رېن لىجېڭ ئۈنلۈك قىلىپ: «خەن سۇلالىسى ئومۇمىي كەچۈرۈم يارلىقى چىقاردى. ئەل ئىچى ئامان - ئېسەن، خان تېخى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاكىمىيەتنى خوگۇاڭ بىلەن شاڭگۇەن جىيې باشقۇرۇۋاتىدۇ» دەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق لى لىڭنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئۈن چىقارماستىن رېن لىجېڭغا تىكىلىپ ۋە سىنچىلاپ قارىغان لى لىڭ قولى بىلەن چېچىنى سىلاپ: «مەن ھۆنچە كىيىنىشكە ئادەتلىنىپ قالدىم!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ۋېي لۈي ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجەتكە چىقىدۇ. رېن لىجېڭ: «قانداق؟ جانابلىرى ئامان ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ خوگۇاڭ بىلەن شاڭگۇەن جېيلەر سىلىگە سالام ئېيتتى» دەيدۇ. لى لىڭ: «خوگۇاڭ بىلەن شاڭگۇەن جىيېلەر ياخشىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. رېن لىجېڭ: «سىلىنى ۋەتەنگە قايتىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق. راھەت -

پاراغەتتىن غەم قىلمىسىلا» دەيدۇ. لى لىڭ رېن لىجېڭنىڭ يەنە بىر ئىسمىنى ئاتاپ: «شاۋگۇڭ، قايتىش ئاسان، لېكىن ھاقارەتكە قېلىشتىن قورقىمەن، قانداق قىلىش كېرەك» دەيدۇ. سۆز ئاخىرلاشمايلا ۋە لۇي كىرىپ قالىدۇ. ئۇ سۆزنىڭ ئاخىرىسىنى سەل ئاڭلاپ قالغاچقا: «لى لىڭ دانىشمەن ئادەم، ئۇ بىرلا دۆلەتتە تۇرۇشنى خالىمايدۇ. بۇرۇنقى زاماندا فەن لى دېگەن كىشى پۇتكۇل ئەلنى كەزگەنىكەن. يۇيۇ (51) دېگەن كىشى غەربىي رۇڭلارنى تاشلاپ چىن بەگلىكىگە كەتكەنىكەن. سىلەرنىڭ بۈگۈنكى قىلىۋاتقان گېپىڭلار نېمىدېگەن سەممىي ۋە قىزغىن ـ ھە؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەيخورلۇق توختاپ سورۇن ئەھلى تارقىلىشىدۇ. لى لىڭنىڭ ئارقىسىدىنلا كېلىۋاتقان رېن لىجېڭ: «سىلىنىڭ خەن سۇلالىسىگە قايتقۇلىرى بارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورايدۇ. لى لىڭ: «يىگىت ئادەم ئۈست ـ ئۈستىلەپ ھاقارەتكە قېلىشنى كۆتۈرمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

لى لىڭ ھۇنلار ئېلىدە 20 نەچچە يىل ياشاپ م.ب. 74 ـ يىلى (خەن جاۋدى يۈەنپىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ئاغرىپ ئۆلىدۇ.

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2439 — 2459 ـ بەتلەر).

## سۇ جيەنىڭ تەرجىمىھالى

سۇجيەن دۇلىڭ (52) لىق، ئۇ چېرىكچىلىك مەنسىپىدە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن پىڭلىڭ بېگى بولدى. م.ب. 127 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) سانغۇنلۇق مەنسىپى بىلەن قىسىملىرىنى باشلاپ شوفاڭ

شەھىرىنى ياسىدى. كېيىن ياساۋۇلبەگ ۋەزىپىسىدە گېزەگچى سانغۇن ئۇلۇغ بولۇپ، سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە شوفاڭ شەھىرىدىن ھەربىي يۈرۈش قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن، يەنى م.ب. 123 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئوڭ قول (قانات) سانغۇن ئۇنۋانىدا ئىككى قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە دىڭشياڭ ۋىلايىتىدىن يۈرۈشكە چىقتى. سۇجيەن ۋە تۇرشاۋۇل سانغۇن شى بېگى جاۋسۇننىڭ 3000 دىن ئوشۇق چەۋەندازى ھۇنلار- نىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇرۇشتا يېڭىلدى. نەتىجىدە جاۋسۇن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. پۈتكۈل قوشۇنى ھالاك بولۇپ، ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلگەن سۇجيەن قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈپ قالدى. كېيىن ئۇ يەنە دەيجۈن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولدى. شۇ ۋەزىپىسىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، چوڭ ئوغلى سۇجيا مىراخور (53)، ئۈچىنچى ئوغلى سۇشيەن شىرمەت - چەۋەندازلار بېشى بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلى سۇۋۇ بولسا تېخىمۇ مەشھۇر ئىدى.

سۇۋۇ، يەنە بىر ئىسمى سۇزىچىڭ بولۇپ، دادىسى 2000 تاغار ئاشلىق مائاش ئالىدىغان ئەمەلدار بولغاچقا، ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەن ياش تۇرۇپلا نۆكەر بەگ بولۇپ، خانغا خىزمەت قىلاتتى. سۇۋۇ ئاستا - ئاستا مىراقۇل (54) لىككە كۆتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتلاردا خەن سۇلالىسى ھەر يىلى دېگۈدەك ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپ دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى. ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ گوجى، لۇچۇڭگو قاتارلىق ئون نەچچە تۈركۈم ئەلچىسىنى تۇتۇپ قالدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن خەن سۇلالىسىمۇ ھۇن ئەلچىلىرىنى

تۇتۇپ قالاتتى. م.ب. 100 - يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ بىرىنچى يىلى) چەتئۇ تەڭرىقۇت ئەمدىلا تەختكە چىققانىدى. ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ: «خەن خانى ئاتام ئورنىدىكى ئادەم» دەيدۇ ۋە لۇچۇڭگو قاتارلىق خەن ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. خەن ۋۇدى چەتئۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلىپ سۇۋۇنى ئەمىر نۆكەرلىك مەنسىپى بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئەلچىلىك دەستىكىنى ئېلىپ خەن سۇلالىسىدە تۇتۇپ قېلىنغان ھۇن ئەلچىلىرىنى ئاپىرىپ بېرىشكە بارىدۇ. تەڭرىقۇتقا كۆپ سوۋغا - سالام تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىگە تەشەككۇر بىلدۈرىدۇ. سۇۋۇ ياندىش ئەمىر نۆكەر (55) جاڭ شېڭ (56) ۋە مۇۋەققەت ئەلچى (57) چاڭ خۇي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئەسكەر ۋە چارلىغۇچىلار بولۇپ 100 دىن ئوشۇق ئادەم بىلەن ھۇنلار ئېلىگە بېرىپ، چەتئۇ تەڭرىقۇتقا سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرىقۇت بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كەتكەچكە، ئىش خەن سۇلالىسىنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالدى.

چەتئۇ تەڭرىقۇت سۇۋۇ قاتارلىقلارنى ئەلچى ئەۋەتىپ دۆلىتىگە ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ دەل گۇۋقان بىلەن چاڭشۈيلۈك يۇ چاڭ (58) قاتارلىقلار ھۇنلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشنى پىلانلاۋاتقان ۋاقىت ئىدى. گۇۋقان بولسا قۇنشار خانىنىڭ جىيەنى (ئاچىسىنىڭ بالىسى) بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قۇنشارخان بىلەن بىرلىكتە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانىدى، كېيىن جويى بېگى جاۋپونۇ بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ يېڭىلىدۇ ۋە جاۋپونۇ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. گۇخان ۋە يۇچاڭلار ئۆز ۋاقتىدا ۋە لۈي باشچىلىقىدىكى ھۇنلارغا تەسلىم بولغان خەن ئەسكەرلىرى

بىلەن ئالاقە باغلاپ، چەتقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى ئالچىنى تۇتۇپ، خەن سۇلالىسىگە كېتىش توغرىسىدا يوشۇرۇن پىلان تۈزىدۇ. بۇ دەل سۇۋۇ قاتارلىقلارنىڭ ھۇنلارغا ئەلچى بولۇپ بارغان ۋاقتى ئىدى. يۇچاڭ خەن سۇلالىسىدىكى ۋاقتىدىلا يانداش ئەلچى جاڭ شېڭنىڭ دوستى بولغاچقا، ئۇ شەخسەن زىيارەتكە بېرىپ: «ئاڭلىشىمچە خەن سۇلالىسى لۈيىنى بەك يامان كۆرىدىكەن. خەن سۇلالىسى ئۈچۈن مەن ئۇنى يوشۇرۇن ئاتقۇزۇۋېتەلەيمەن. مېنىڭ ئانام ۋە ئىنىلىرىمنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىدە، ئۇلارغا خەن سۇلالىسىنىڭ ئىلتىپات كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ. جاڭ شېڭ ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ مال - بۇيۇملار ھەدىيە قىلىدۇ. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چەتقۇ تەڭرىقۇت ئوۋغا چىقىپ كېتىدۇ. ئېلىدە بولسا ئالچى بىلەن پەرزەنت ۋە ئىنىلىرى قالىدۇ. يۇچاڭ قاتارلىق 70 تىن ئارتۇق ئادەم ئەمدىلا ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئىچىدىن بىرى كېچىدە قېچىپ چىقىپ ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. تەڭرىقۇتنىڭ پەرزەنت ۋە ئىنىلىرى ئەسكەر تارتىپ كېلىپ يۇچاڭ قاتارلىقلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ. گۇخان قاتارلىقلار جەڭدە ئۆلىدۇ. يۇچاڭ تىرىك تۇتۇلىدۇ.

چەتقۇ تەڭرىقۇت بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ۋە لۈيىنى تەيىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان جاڭ شېڭ ئۆزىنىڭ يۇچاڭ بىلەن قىلغان سۆھبىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەھۋالنى سۇۋۇغا ئېيتىدۇ. سۇۋۇ: «ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسا، چوقۇم ماڭا چېتىلىدۇ. مەن رەسمىي ئەلچى بولسام قانۇن - قائىدىلەرنى ياخشى سۆزلەپ، چەكلىمىگەنلىكىم ئۈچۈن، يانداش ئەلچى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدى. دۆلەتنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىدىم. ئەگەر بالدۇرراق ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماي ھۇنلار خورلىغاندا

ئۆلسەم، دۆلەت ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمەن» دەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، جاڭ شىك، چاڭ خۇيلەر ئۇنى توسۇۋالىدۇ. دەرۋەقە سوراقتا يۇچاڭ جاڭ شىكنى چىشلەپ تارتىدۇ. غەزەپلەنگەن چەتقۇ تەڭرىقۇت ئىسىلزادىلەرنى چاقىرىپ، خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىدۇ. سول قول ئىجىز(59): «ئەگەر ئۇلار تەڭرىقۇتقا سۇيىقەست قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازانى ئېغىرلاشتۇرۇش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇشىمىز مۇۋاپىقراق» دەيدۇ. چەتقۇ تەڭرىقۇت سۇۋۇنى سوراق قىلىشقا ۋەلۈينى ئەۋەتىدۇ، سۇۋۇ چاڭ خۇي قاتارلىقلارغا: «ۋىجدانسىزلىق بىلەن تەسلىم بولۇپ، خاننىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قالدۇرۇپ ياشىغان تەقدىردە، خەن ئېلىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قايتىپ بارىمەن!» دەيدۇ ـ دە، خەنجىرىنى ئېلىپ ئۆزىگە سالىدۇ. قاتتىق چۆچۈگەن ۋەلۈي ئۇنى قۇچاقلىۋالىدۇ ۋە دەرھال چاپارمەن ئەۋەتىپ تېۋىپ چاقىرتىدۇ. ئۇ بىر ئورەك كولىتىپ ئورەككە چوغ سېلىپ، سۇۋۇنى ئورەك ئۈستىگە ياتقۇزىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قان ئۇيۇپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. سۇ ۋۇ ئۇزاق ھوشىدىن كېتىپ، كېيىن ھوشىغا كېلىدۇ. تولا يىغلاپ ھالى قالمىغان چاڭ خۇي قاتارلىقلار ئۇنى ھارۋىغا سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ چۈشكۈنىگە ئېلىپ كېتىدۇ. چەتقۇ تەڭرىقۇت سۇ ۋۇنىڭ قەھرىمانلىق خىسلىتىگە قايىل بولۇپ، ھەر كۈنى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ھال سوراپ تۇرىدۇ. جاڭ شىكنى بولسا قولغا ئېلىپ زىندانغا تاشلايدۇ.

سۇ ۋۇنىڭ يارىسى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ. چەتقۇ تەڭرىقۇت ئادەم ئەۋەتىپ، سۇۋۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ دەل يۇچاڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان ۋاقىت بولغاچقا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سۇۋۇنى تەسلىم بولۇشقا مەج-

بۇر قىلماقچى بولىدۇ. يۇچاڭنىڭ كالىلىسىنى ئېلىپ بولغان-
دىن كېيىن ۋەلۇي: «خەن سۇلالىسىنىڭ ياندىاش ئەلچىسى
جاڭ شېڭ تەڭرىقۇتنىڭ يېقىن ۋەزىرىنى ئۆلتۈرۈشكە سۇيىـ
قەست قىلغانلىقتىن ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدى. لېكىن تەڭرىقۇت
تەسلىم بولغانلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ» دەيدۇ ــ دە، جاڭ شېڭغا
قىلىچىنى تەڭلەپ تەسلىم بول! بولمىسا ئۆلتۈرۈلىسەن! دەپ
پوپۇزا قىلىدۇ. ئۆلۈمدىن قورققان جاڭ شېڭ تەسلىم بولىدۇ.
ۋەلۇي سۇۋۇغا: «ياندىاش ئەلچى جىنايەت ئۆتكۈزگەنىكەن،
رەسمىي ئەلچىمۇ چېتىلىپ جازالىنىشى كېرەك» دەيدۇ. سۇۋۇ:
«مەن يا ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىگە قاتناشمىسام، يا مېنىڭ ئۇ-
لار بىلەن تۇغقانچىلىقىم بولمىسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا چېتىـ
لىدىكەنمەن؟» دەيدۇ. ۋەلۇي يەنە قىلىچىنى تەڭلەيدۇ، سۇۋۇ
بولسا مىدىر قىلمايدۇ. ۋەلۇي: «سۇۋۇ جانابلىرى، مەن خەن
سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ھۇنلارغا ئەل بولغاندىن بۇيان، تەڭـ
رىقۇتنىڭ چوڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، خانلىق ئورنىغا
ئېرىشتىم. نەچچە يۈز مىڭ پۇقرايىم بار. مال ـ چارۋا، يىلـ
قىلىرىم تاغ ـ دالىلارنى قاپلىدى. مانا شۇ قەدەر دۆلەتكە
ئېرىشتىم. جانابلىرى بۈگۈن تەسلىم بولسىلا، ئەتىلا ماڭا ئوخـ
شاش باي بولۇپ كېتىدىلا. نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار جە-
سەتلىرىنىڭ قاغا ـ قۇزغۇنغا يەم بولۇپ كېتىشىگە چىدايدىلا،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇنداق قىلغانلىرى بىلەن سىلىنى كىممۇ
چۈشىنىدۇ؟» دەيدۇ. سۇۋۇ بۇ سۆزگە پىسەنت قىلمايدۇ.
ۋەلۇي: «جانابلىرى گېپىمگە كىرىپ تەسلىم بولسىلا، مەن سىلى
بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولىمەن. ئەگەر بۈگۈن پىكرىمنى قوبۇل
قىلمىسىلا، كېيىن مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن دېسىلىمۇ كۆرۈ-
شەلمەيلا» دەيدۇ. سۇۋۇ ۋەلۇينى: «سەن خەن سۇلالىسىنىڭ
ۋەزىرى تۇرۇقلۇق ۋاپاسىزلىق قىلىپ، خانىڭدىن، تۇغقىنىڭـ
دىن يۈز ئۆرۈپ، يات قوۋملەرگە تەسلىم بولۇپ قۇل بولدۇڭ.

ساقا ئوخشاش ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز خائىنلار بىلەن كۆرۈشۈپ
نېمە قىلاتتىم! چەتقۇ تەگرىقۇت ساقا ئىشىنىپ، سېنى بۇ
دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھايات –
ماماتىنى بەلگىلەشكە قويدى. سەن خالىس – ئادىل ئىش قىل–
ماي، تەگرىقۇتنى خەن خانى بىلەن سوقۇشقا سېلىپ قويۇپ
تاماشا كۆرمەكچى بولدۇڭ. ئۆتكەندە جەنۇبىي يۆلەر خەن
سۇلالىسى ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بېسىقتۇرۇ–
لۇپ زېمىنى توققۇز ۋىلايەتكە بۆلۈۋېتىلدى(60). پەرغانە
خانى خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر كاللىسى
خەن ئوردىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا ئېسىلدى. كورىيانلار
خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ۋاقتىدىلا
خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن جازالاندى (61). پە–
قەت ھۇنلارلا خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى ئۆلتۈرمىدى. سەن
مېنىڭ تەسلىم بولمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ ئىككى دۆ–
لەتنى سوقۇشقا سېلىپ قويماقچى بولۇۋاتىسەن. ئەگەر ئىش
شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدا ھونلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا –
قازا مەندىن باشلىنىدۇ» دەيدۇ.

سۇۋۇنى قورقۇتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن ۋەلۇي
چەتقۇ تەگرىقۇتقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. سۇۋۇنى تەسلىم
بولۇشقا تېخىمۇ قىستىماقچى بولغان تەگرىقۇت، ئۇنى كونا،
بوش بىر ئاشلىق گەمىسىگە قاماتقۇزۇپ قورسىقىنى ئاچ قو–
يىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قار يېغىۋاتاتتى. گەمىدە قار ۋە كىگىز
يەپ ياتقان سۇۋۇ بىرنەچچە كۈن ئۆتسىمۇ ئۆلمەيدۇ. ھونلار
ئۇنى ئەۋلىياكەن دەپ بىلىپ، ئادەم قەدىمى تەگمىگەن بايقال(62)
بويىغا سۈرگۈن قىلىپ، قوي باققۇزىدۇ ۋە: «سەن قوچ–
قار قوزىلىغاندا خەن ئېلىگە قايتىسەن» دەيدۇ، ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكى چاڭ خۈي قاتارلىق ئەمەلدارلارنى جايلارغا بۆلۈپ
ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

سۇۋۇ بايقالغا بارغاندىن كېيىن هۇنلار ئۇنى ئوزۇق ـ
تۈلۈك بىلەن تەمىنلىمەي قويدى. سۇۋۇ دالىدا چاشقان ئۇۋۇ-
لىرىنى كولاپ، چاشقانلارنىڭ يىغىپ قويغان چۆپ ئۇرۇقلى-
رىنى يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچى-
لىك دەستىكىنى ئېلىپ يۈرۈپ قوي باقاتتى، كېچە ـ كۈندۈز
دەستەكنى قولىدىن چۈشۈرمىگەچكە، دەستەكنىڭ بېزەك ـ پۆ-
پۈكلىرىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. يىللار ـ ئايلار ئۆتۈپ ئۇنىڭغىمۇ
5 — 6 يىل بولۇپ قالىدۇ. چەتقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئۇ-
شەن خان بايقال بويىغا ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىدۇ. سۇۋۇ ئوۋ تو-
ری توقۇشنى، ئوق يېيەك تانىسى ئېگىرىشنى هەم ئوقيا رې-
مونت قىلىشنى بىلگەچكە، ئۇ ئۇشەن خانغا يېقىپ قالىدۇ.
خان ئۇنى ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەي-
دۇ. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتىدۇ. ئاغرىپ قالغان ئۇ-
شەن خان سۇۋۇغا ئات، ئۇلاغ، شاراب ـ قېتىق كوزىسى، كى-
گىز ئۆيلەرنى هەدىيە قىلىدۇ. ئۇشەن خان ئۆلگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ ئېلى كۆچۈپ كېتىدۇ. شۇ يىلى قىشتا تۇرالار سۇۋۇنىڭ
قوي ۋە كالىلىرىنى هەيدەپ كەتكەچكە، سۇۋۇ يەنە نامرات-
لىققا چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇرۇن سۇۋۇ بىلەن لى لىڭ خەن ئوردىسىدا شىغاۋۇل
بولغانىدى. سۇۋۇ هۇنلارغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ ئىككىنچى
يىلى (63) لى لىڭ هۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ خى-
جالەت بولۇپ، سۇۋۇدىن هال سوراپ بارالمىغانىدى. ئۇزۇن
ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن تەڭرىقۇت لى لىڭنى بايقالغا
ئەۋەتىپ، سۇۋۇغا زىياپەت بېرىدۇ، نەغمە ـ ناۋالار بىلەن
كۆڭلىنى ئېچىپ، ئوبدان كۈتكۈزىدۇ. لى لىڭ سۇۋۇغا: «ئۆز-
لىرى بىلەن قويۇق ئاغىنىدارچىلىقىم بارلىقىنى ئاڭلىغان تەڭ-
رىقۇت، مېنى سىلىگە مەسلىھەت بېرىشكە ئەۋەتتى. تەڭرىقۇت
سىلىنى ئىخلاس بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. خەن سۇلالىسىگە ئاخىر

كېتەلمىگەندىن كېيىن بۇ ئىنس - جىن يوق ئايدالادا بىكار
جاپا چېكىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ساداقەت-
لىرىنى باشقىلارغا قانداقمۇ بىلدۈرەلەيلا؟ ئىلگىرى مىراقۇل-
بېگى بولغان ئاكىلىرى سۈجىيا، خاننىڭ خىزمىتىدە يۈياڭ
ئوردىسى (64) غا بارغان، خاننىڭ ھارۋىسىنى يۆلەپ پەلەم-
پەيدىن چۈشۈۋاتقىنىدا، ھارۋىنىڭ شوتىسى تۈۋرۈككە تېگىپ
كېتىپ سۇنۇپ كەتكەچكە، خانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى دەپ
ھۆكۈم چىقىرىلدى. شۇڭا ئاكىلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. خان
2000000 يارماقلا ئىنئام قىلىپ ئۇنى دەپنە قىلدۇردى.
ئىنىلىرى سۈشيەن خان خىزمىتىدە خېدۇڭ ۋىلايىتىگە بارغان-
دى. يەر مۇئەككىلىگە نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈلگەندە، ئاتلىق
ھەرەم ئاغىسى(65) بىلەن مىراقۇل(66) ئوتتۇرىسىدا كېمە
تالىشىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئاتلىق ھەرەم ئاغىسى مىراقۇل-
نى سۇغا ئىتتىرىۋېتىدۇ، ئۇ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەچكە، قېچىپ كەت-
كەن ئاتلىق ھەرەم ئاغىسىنى قوغلاپ تۇتۇش توغرىسىدا خان
سۈشيەنگە يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئۇنى تۇتالمىغان سۈشيەن خاننىڭ
جازالىشىدىن قورقۇپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. مەن بۇياققا
كېلىدىغان چاغدا ئانىلىرى بەختكە قارشى ۋاپات بولۇۋىدى،
ياڭلىڭ قەبرىستانىغا دەپنە قىلىپ قويدۇم. رەپىقىلىرى ياش
بولغانلىقتىن، ئاڭلىشىمچە ياتلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ھازىر پە-
قەت ئىككى سىڭىللىرى، ئىككى قىزلىرى ۋە بىر ئوغۇللىرىلا
قاپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇيان ئون نەچچە يىل ئۆتتى، ئۇلارنىڭ
بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاشمۇ تەس. ئادەمنىڭ ئۆمرى خۇددى
ئەتىگەنكى شەبنەمدەك قىسقا، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئۇزۇنغىچە
مۇنداق قىيناشنىڭ نېمە ھاجىتى! دەسلەپ تەسلىم بولغان
چاغدا، مېنىڭ ئىچىم تىت - تىت بولۇپ گاڭگىراپ ساراڭ-
دەكلا بولۇپ قالغان، خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىم
ئۈچۈن ئۆز - ئۆزۈمدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدىم. ئۇنىڭ

ئۇستىگە قېرى ئانام ھەرەم ئاغىسى (67) غا ئېلىنغانىدا، ھە-
قىقەتەن بەك ئېچىندىم. سىلىنىڭ تەسلىم بولماسلىق روھىي
كەيپىياتلىرى مېنىڭ شۇ چاغدىكى كەيپىياتىمنى بېسىپ چۈ-
شەلمەيدىغانىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە خان ئالىيلىرى ياشاندى.
قانۇن - پەرمانلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. نەچچە ئونلىغان
ۋەزىرلەر ئائىلىلىرى بىلەن گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلدى. تەقدىرى-
مىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بول-
مايدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سىلى زادى كىم ئۈچۈن بۇن-
چىۋالا سادىق بولۇۋاتىدىلا؟ مېنىڭ گېپىمگە كىرسىلە، ئار-
تۇقچە تارتىشمىسىلا» دەيدۇ. سۇۋۇ: «بىز ئاتا - بالا، ئاكا -
ئۇكىلار گەرچە ھېچقانداق خىزمەت كۆرسەتمىگەن بولساقمۇ،
خان ئالىيلىرىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئۆستۈرۈشى ئارقىسىدا سەر-
كەردىلىك ئورنىغا، چوڭ تۆرىلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتۇق. بىز
ئاكا - ئۇكا ھەممىمىز خاننىڭ يېقىن ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ
قالدۇق. خاننىڭ بۇ ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن بىزنىڭ جېنىمىز
پىدا، ئەگەر خاننىڭ ئىلتىپاتىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بوگۈن
چېپىلسامۇ قىزىق ياغقا تاشلانسامۇ رازىمەن. پېقىرنىڭ
خان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشۇم بالا ئاتىنىڭ خىزمىتىدە
بولغاندەكلا بىر ئىش. ئاتىسى ئۈچۈن ئۆلگەن بالىدا قىلچە
ئارمان يوق. بۇ گەپنى ئەمدى تەكرارلاۋەرمىسىلە» دېدى.
لى لىڭ سۇۋۇ بىلەن بىر قانچە كۈن مەي ئىچىشىپ، يەنە:
«سىلى گېپىمنى ئاڭلىسىلا» دېۋىدى، سۇۋۇ: «مەن ئۆزۈمنى
ئاللىقاچان ئۆلگەن دەپ ھېسابلايمەن! سىلى مېنى چوقۇم
تەسلىم قىلدۇرماقچى بولسىلا، بۇ زىياپەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ،
ئالدىلىرىدا ئۆلۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايلا!» دېدى. لى لىڭ
ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىگە مۇنداق سەممىي - سادىقلىقىنى كۆ-
رۈپ، ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلىدۇ ۋە ئېغىر نەپەس
ئېلىپ: «سىلى ھەقىقەتەن سەممىي - سادىق ۋە ۋاپادار

ئەزىمەت ئىكەنلا! ۋەلىنۇي بىلەن ئىسگەنسەمزىنىڭ جىنايىتى
ئېنتايىن ئېغىركەن» دەپ ئۆكسۈپ يىغلىغانلىقى ئۈچۈن كۆز يېشى
ئېتەكلىرىنىمۇ ھۆل قىلىۋېتىدۇ.

سۈۋۈغا بەۋاستە تەقدىم قىلىشقا خىجىل
بولغان لى لىڭ رەپىقىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا نەچچە ئون تۇ-
ياق كالا، قوي تەقدىم قىلىدۇ. كېيىن بايقالغا يەنە كەلگەن
لى لىڭ سۈۋۈغا: «ھۇن چېگرا قاراۋۇللىرى ئەسىر ئالغان
يۇنجۇڭلۇقلارنىڭ ئېيتىشىچە يۇنجۇڭ ۋىلايىتى ۋالىيى، ئەمەل-
دار ۋە، خەلقلەرنىڭ ھەممىسى قارىلىق كىيىۋاپتۇمىش، ئېيتىش-
لارغا قارىغاندا خان ئاغرىپ ئۆلگەن بولسا كېرەك» دېگەن خەۋەرنى
يەتكۈزىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۈۋۈ جەنۇبقا قاراپ ھۆكرەك يىغ-
لايدۇ ۋە قان قۇسىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھەر كۈنى توختى-
ماي يىغلايدۇ.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن خەن جاۋدى تەختكە ئولتۇرىدۇ.
يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھۇنلار بىلەن خەن
سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىدۇ. خەن سۇلالىسى ئەلچى
ئەۋەتىپ قويانىدى(68) تەگرىقۇتتىن سۈۋۈ قاتارلىقلارنى
قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھۇنلار سۈۋۈ ئۆلۈپ كەتتى
دەپ يالغان ئېيتىدۇ. كېيىن خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا يەنە
ئەلچى ئەۋەتىدۇ. چاڭ خۇي ئۆزىنى كۆزەتكۈچىلەردىن خەن
سۇلالىسى ئەلچىسىگە ئاپىرىپ كۆرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلى-
دۇ. كۆزەتكۈچى قوشۇلغاندىن كېيىن كەچتە خەن سۇلالىسى
ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، پۈتكۈل ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىدۇ
ۋە ئەلچىگە سىز قويانىدى تەگرىقۇتقا، شاڭلىن (69) شىكار-
گاھىغا ئوۋغا چىققان خان جاۋدى چوڭ بىر ياۋا غاز ئېتىپ-
تۇ، غازنىڭ پۇتىغا خەت يېزىلغان بىر پارچە شايى باغلان-
غان بولۇپ، خەتتە سۈۋۈ قاتارلىقلار مەلۇم بىر كۆلدە دېيىل-
گەنىكەن، دەڭ دەيدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇ-

شال بولغان ئەلچى چاڭ خۇيىنىڭ دېگىنى بويىچە: سىلى خەن خانىنى ئالدىماسلىقلىرى كېرەك ئىدى دەپ، قويانىدى تەگرىقۇتنى ئەيىبلەيدۇ. ئەتراپىدىكى يېقىن ۋەزىرلىرىگە قاراپ ھەيران بولغان قوياندى تەگرىقۇت خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىدىن ئەپۇ سوراپ: «سۇۋۇ قاتارلىقلار راست بار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن لى لىڭ زىياپەت بېرىپ سۇۋۇنى تەبرىكلەيدۇ ۋە: «ئەمدى خەن ئېلىگە قايتىدىغان بولدىلا، ھۇن ئېلىدە ياخشى ناملىرى تارقالدى، خەن سۇلالىسىدە تۆھپىلىرى نامايات بولغۇسى. قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلغان سادىق ۋە ۋاپادار ۋەزىر ــ ئەزىمەتلەر، ماھىر سەنئەتكارلار سىزغان ئاتاقلىق ئادەملەر قانداقمۇ سىلىدىن ئېشىپ كېتەلىسۇن! مەن لى لىڭ ئىقتىدارسىز قورقۇنچاق بولسامۇ، ئەگەر خەن سۇلالىسى جىنايىتىمنى ۋاقتىنچە كەچۈرۈم قىلىپ، قېرى ئانامنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەت قىلغان بولسا، مېنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ئارنومۇس ئاستىدا تىكلىگەن ئىرادەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول قويۇلسا، ئۇ چاغدا مەنمۇ ساۋمو (70) نىڭ كې (71) دېگەن يەردە چى خۇەنگۇڭ (72) نى بۇلاپ ئېلىپ كەتكىنىدەك ئىش قىلغان بولاتتىم. بۇ مېنىڭ كېچە ــ كۈندۈز ئويلاپ كەلگەن ئارزۇيۇم ئىدى. ئەمما خەن سۇلالىسى پۈتكۈل ئائىلە ــ جەمەتىمنى قىرىپ تاشلىدى. خەلقى ئالەم ئالدىدا ۋىجدانىسىز دەپ ئاتىلىپ، تۆكۈرۈپ تاشلاندىم. بولىدىغىنى بولدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمدىلىكتە مېنىڭ تارتىشىدىغان نېمەم قالدى؟ ۋادەرىخا! مېنىڭ بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى پەقەت سىلىگە ئۆزۈمنىڭ كەيپىياتىمنى بىلدۈرۈشتىنلا ئىبارەت، خالاس. مەن يات يۇرت ــ ئۆزگە ئەلدىكى ئادەم. بۇ قېتىم سىلى بىلەن مەڭگۈ جۇدالىشىشىم مۇمكىن» دەپ سۆزىنى تۈگەتكەن لى لىڭ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئويناپ مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىدۇ:

«مىڭلارچە يول ـ مۇساپە، چۆل ـ باياۋان، قۇملار كەزدىم،
خانىنى دەپ ئەسكەر باشلاپ، هۇنغا قارشى جەڭ قىلدىم،
قىلىچ ـ ئوقلار قالمىدى، تۇسۇلۇپ مەن قورشاۋدا قالدىم،

بەك قىرىلىپ ئەسكەرلىرىم، بۇزۇلدى نام ـ شۆھرىتىم،
ئۆلگەن ئانام سۈتىگە، جاۋاب بېرىش ئىدى بۇرچۇم.
نەگە بېرىپ جاۋاب بېرەي، ئەمدى مەن بىلمەي قالدىم!»

ناخشىسىنى تۈگىتىپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققان لى لىڭ، سۇۋۇ بىلەن خوشلىشىدۇ. قۇيانىدى تەگرىقۇت سۇۋۇ بىلەن بىللە كەلگەن ئەمەلدارلارنى يىغدۇرىدۇ. بۇرۇن تەسلىم بولغان ۋە ئۆلگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سۇۋۇ بىلەن خەن ئېلىگە قايتىدىغانلار جەمئىي توققۇزلا كىشى ئىكەن.
سۇۋۇ م.ب. 81 ـ يىلى (خەن جاۋدى شىيۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى) ئەتىيازدا پايتەختكە قايتىپ كەلدى. خەن جاۋدى سۇۋۇغا بىر كالا، بىر توڭگۇز، بىر قوي نەزىرلىك ئېلىپ خەن ۋۇدىنىڭ قەبرىسىنى ۋە خانلىق بۇتخانىسىنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. ھەم قارام ئەللەر بېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. يىللىق مائاشىنى ئوتتۇرىچە 2000 تاغار قىلىپ بېكىتىدۇ. 2000000 يارماق، 200 مو يەر، بىر قورۇ جاي ئىنئام قىلىدۇ. چاڭ خۇي، شۇشېڭ(73)، جاۋ جۇڭگېن (74) لارنى نۆكەر بەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ھەر بىرىگە 200 توپتىن يىپەك رەخت ئىنئام قىلىدۇ. قالغان ئالتە كىشى قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دەم ئېلىشقا ئائىلىسىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە 100،000 يارماق پۇل ئىنئام قىلىدۇ ھەمدە ئۆمۈرۋايەت ھاشار ۋە ئالۋان ـ ياساقتىن ئازاد قىلىنىدۇ. چاڭ خۇي كېيىن ئۇلۇغ قانات سانغۇن

بولۇپ، چوڭ تۆرە مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ خاس ئەزە
كىرىسى بار. ھۇنلار ئېلىدە 19 يىل تۇتقۇن بولغان سۇۋۇ
قىران ۋاقتىدا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، چاچلىرى ئاقارغاندا
قايتىپ كېلىدۇ.

سۇۋۇ قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى يىلى شاڭگۇەن جيې بى-
لەن ئوغلى شاڭگۇەن ئەن، ساڭ خۇڭياڭ، يەن بېگى لىيۇدەن
(75) ۋە خەن جاۋدىنىڭ چوڭ ئاچىسى (76) ئىسيان كۆتۈر-
گەنىدى. سۇۋۇنىڭ ئوغلى سۇيۈەن شاڭگۇەن ئەنگە چېتىش-
لىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ.

بۇرۇن شاڭگۇەن جيې، شاڭگۇەن ئەن ئاتا - بالا ئىككى-
سى بىلەن ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ ئارىسىدا ھوقۇق تالىشىش
ماجىراسى يۈز بەرگەندە، بۇلار بىرقانچە قېتىم خوگۇاڭنىڭ
خاتالىقلىرىنى يېزىپ، يەن بېگى لىيۇ دەنگە سۇنىدۇ ۋە ئۇنى
خانغا مەلۇم قىلىشقا ئۈندەيدۇ ھەمدە سۇۋۇ ئەلچى بولۇپ
ھۇنلار ئېلىدە 20 نەچچە يىل تۇتقۇن بولۇپ يۈرۈپ تەسلىم
بولماي قايتىپ كەلسە، ئاران قارام ئەللەر بېگى دېگەن
مەنسەپ بېرىلدى. ئۇلۇغ سانغۇن دورغاپى ياڭ چاڭ(77)
ھېچقانداق خىزمەت كۆرسەتمىسىمۇ، ئەكسىچە ساڭبېگى بولۇپ
كۆتۈرۈلدى. خوگۇاڭ ھاكىممۇتلەقلىق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكى-
لىكلىرى قالمىدى دەيدۇ. كېيىن يەن بېگى لىيۇدەن قاتارلىق-
لارنىڭ ئىسيانى مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئوردا ئۇلارنىڭ
شېرىكلىرىنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. سۇۋۇ-
نىڭ ئادەتتە شاڭگۇەن جيې ۋە ساڭ خۇڭياڭلار بىلەن ئاغى-
نىدارچىلىقى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەن بېگى لىيۇدەن
بىرقانچە قېتىم خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ سۇۋۇنىڭ ئورنى بەك
تۆۋەن بولۇپ قالدى دەپ دەۋا قىلىدۇ، ئوغلى سۇيۈەن ئىس-
يانغا چېتىشلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئوردا ئەھكام ۋەزىرى يۇ-
قىرىقى سەۋەبلەرگە ئاساسەن سۇۋۇنى قولغا ئېلىپ جازالاش

ئوغرىسىدا مەلۇمات سۇنىدۇ. ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ بۇ مە-
لۇماتنى بىلىپ قويۇپ، پەقەت سۇۋۇنىڭ مەنسىپىنىلا ئېلىپ
تاشلايدۇ.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن خەن جاۋدى ئاغرىپ ئۆلدى.
سۇۋۇ سابىق 2000 تاغار مائاشلىق ئەمەلدار سالاھىيىتى بى-
لەن خەن شۈەندىنى تەختكە چىقىرىش ئىشىغا قاتناشقانلىقى
تۈپەيلى، خان ئۇنىڭغا ئۆلكە بېگى ئۇنۋانى بېرىپ، 300
ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدى. ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كې-
يىن مۇھاپىزەتچى سانغۇن جاڭ ئەنشى خەن شۈەندىگە سۇ-
ۋۇنى قائىدە ـ تۈزۈملەرگە پىششىق، ئەلچى بولۇپ چىققىنىدا
دۆلەتنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ساقلىغان، خەن جاۋدى ئۆزىنىڭ
ۋەسىيىتىدە سۇۋۇنىڭ بۇ ئىككى ئارتۇقچىلىقىنى ئۇچۇق تىلغا
ئالغان دەپ تونۇشتۇرىدۇ. خەن شۈەندى سۇۋۇنى دەرھال قو-
بۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەرەم ئاغىسى مەھكىمىسى (78) دە پەر-
مان كۈتۈپ تۇرۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرىدۇ. كېيىن بىرقانـ
چە قېتىم قوبۇلغا مۇيەسسەر بولغان سۇۋۇ ۋاسسالـلار ئوڭ
قول دىۋانبېگى لىككە تەيىنلىنىدۇ. خەن شۈەندى
سۇۋۇنى پازىل پېشقەدەم ۋەزىر دەپ قارىغاچقا، ئۇنى ھەر
ئاينىڭ بېشى ۋە ئون بەشى ئىككى كۈن ئوردىنى زىيارەت
قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئاقساقال دەپ نام بېرىپ
ئىنتايىن ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

سۇۋۇ ئۆزىگە ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي
بىر جەمەت قېرىنداشلىرى ۋە ئەل ئاغىنىلىرىگە بۆلۈپ بەر-
گەچكە، ئۆيىدە ئارتۇقچە مال ـ دۇنياسى يوق ئىدى. خاننىڭ
قېيىن ئاتىسى، پىڭئېن (80) بېگى شۈ گۇاڭخەن (81) خەن
شۈەندىنىڭ تاغىلىرى پىڭچاڭ (82) بېگى ۋاڭ ۋۇگۇ (83)،
لېچاڭ (84) بېگى ۋاڭ ۋۇ (85)، ھارۋا ـ ئاتلىقلار
سانغۇنى خەن زېڭ، باش ۋەزىر ۋېي شياڭ (86)، باش تەپ-

تىشبەگ بىلىڭ جى (87) لار سۈۋۈنى ھۈرمەتلەيتتى. سۈۋۈ بۇ
ۋاقىتتا ياشىنىپ قالغانىدى. ئوغلى سۈيۈەن ئىلگىرى يەن
بېگى لىيۇدەن قاتارلىقلارنىڭ ئىسيانىغا چېتىلىپ قېلىپ ئۆل-
تۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، خەن شۈەندى ياشانغان سۈۋۈنىڭ يال-
غۇز قالغانلىقىغا ئېچىنىپ، ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلاردىن:
«سۈۋۈ ھۇن ئېلىدە ئۇزۇن تۇرۇپتۇ، ئەجەبا ئۇنىڭ بالىسى
يوقمىكەن؟» دەپ سورايدۇ. سۈۋۈ پىڭئېن بېگى شۈگۇاڭخەن
ئارقىلىق خانغا: «ھۇنلار ئېلىدىن قايتىدىغان چاغدا ھۇن
ئاياللىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلغان، ئىسمى سۇتۇڭگو ئىدى. خە-
ۋەرلىشىپ تۇردۇم. ئەلچىلەردىن تاۋار - دۇردۇن ئەۋەتىپ
بالىنى ياندۇرۇپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ مەلۇم قى-
لىدۇ. خان سۈۋۈنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلىدۇ. كېيىن سۇتۇڭگو
ئەلچىلەر بىلەن چاڭئەنگە قايتىپ كېلىدۇ. خان ئۇنى نۆكەر
بەگ قىلىدۇ ھەمدە سۈۋۈ ئىنىسىنىڭ ئوغلىنى ئوڭ قول لاۋا-
زىم قىلىپ تەيىنلەيدۇ. 80 نەچچە يىل ياشىغان سۈۋۈ م.ب.
60 - يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى) كې-
سەل بولۇپ ئۆلىدۇ.

م.ب. 51 - يىلى (خەن شۈەندى گەنلۇنىڭ ئۈچىنچى
يىلى) ھۇن تەڭرىقۇتى قوغشار خەن ئوردىسىنى زىيارەت قى-
لىدۇ، خان ئۆزىگە ياردەملەشكەن ۋەزىرلەرنىڭ پەزىلىتىنى
ئەسلەپ، چىلىن راۋىقى (88) غا ئۇلارنىڭ رەسىمىنى سىزدۇ-
رۇپ، ئەمەل، مەرتىۋە ۋە ئىسىملىرىنى يازغۇزىدۇ. پەقەت
خوگۇاڭنىڭلا ئىسمى ئاتالماي، باش ئەمىر لەشكەر ئۇلۇغ سا-
غۇن بولۇ (89) بېگى خو دەپلا قويۇلغان، ئۇنىڭدىن قالسا
مۇھاپىزەتچى سانغۇن فۇپىڭ (90) بېگى جاڭ ئەنشى يېزىل-
غان، قالغانلىرى تەرتىپ بويىچە: هارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى
لۇڭئې بېگى خەن زىڭ؛ ھىماتچى سانغۇن، يەڭپىڭ (91)
بېگى جاۋ چۇڭگو؛ باش ۋەزىر، گاۋپىڭ (92) بېگى ۋېي

شياڭ؛ باش ۋەزىر، بىوياڭ (93) بېگى بىلڭ جى؛ باش تەپ
تىشبەگ، جيەنپىڭ بېگى دۇيەننىيەن (94)؛ ئوردا ئىشلىرى
بېگى، ياڭچىڭ بېگى ليۇدىي (95)؛ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى
(96) لياڭ چيۇ خي (97)؛ ۋەلىئەھد خەلپەتبېگى (98)
شياۋۋاڭجى (99)؛ قارام ئەللەر بېگى سۇۋۇلار بار ئىدى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۆز دەۋرىنىڭ مەش-
ھۇر ئادەملىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلار تەقدىرلەندى. خانغا يار-
دەملىشىپ ئەلنى گوللەندۇرگەن بۇتۆھپىكار ۋەزىرلەرنىجۇ شۇەن-
ۋاڭغا ياردەملىشىپ ئەلنى گوللەندۇرگەن فاڭ شۇ (100)،
جاۋخۇ (101)، جۇڭ شەنپۇ (102) قاتارلىق مەشھۇر ۋەزىر-
لەر قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن ئىدى. بۇ 11 كىشىنىڭ
تەزكىرىسى يېزىلغان. باش ۋەزىر خۇاڭ با (103)؛ ئوردا
ئەھكام ۋەزىرى (104) يۈدىڭگو (105)، ئەمىر ھەدەس (106)
جۇيى (107)؛ پايتەخت بېگى (108) جاڭ چاڭ (109)؛ يوۋ
فۇفېڭ (110)، يىن ۋېڭگۇي (111) ۋە كۇڭزىچى ئۆلىما
شيا خوشېڭ (112) لار ئۆمۈر بويى خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن،
ئۇلار خەن شۈەندى زامانىدا ناھايىتى داڭلىق كىشىلەر بول-
سىمۇ، ئەمما ئاتاقلىق ۋەزىرلەرنىڭ رەسىملىرى قاتارىغا كىر-
گۈزۈلمىدى. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى تال-
لاش ئۆلچىمى ئىنتايىن يۇقىرى بولغانىدى.

مۇئەررىختىن: سانغۇن لى گۇاڭ ئاددىي - ساددا، ئېھ-
تىياتچان ئادەم بولۇپ، خۇددى سەھرالىقلارغا ئوخشىسىمۇ،
گەپدان ئادەملەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆلگەن كۈنى پۈتكۈل
ئەلدىكى ئۇنى تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ
ھەممىسى قايغۇرۇپ يىغلاشقانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سەمىمىي -
ساددىلىقى تۆرە ئۆلىمالارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە
ئېرىشكەنىدى. كونىلاردا: «شاپتۇل - ئالۇچا گەرچە شې-

رىن سۇخەن بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. بۇ سۆزنىڭ ئۆزى ئاددىي بولمىسىمۇ، مەنىسى چوڭقۇر. ئەمما ئۈچ ئەۋلاد سەركەردە بولغان كىشىنى تەرىقەتچىلەر يامان كۆرىدۇ. لى گۇاڭدىن لى لىڭغا قەدەر توپتوغرا ئۈچ ئەۋلاد ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرى ھالاك بولدى. بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئىش - ھە! كۇڭزى: «ئەخلاق پەزىلەتلىك زاتلار جان پىدالىق بىلەن رەھىمدىللىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇكى، ھەرگىز ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن رەھىمدىللىككە زىيان يەتكۈزمەيدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە: «ئەلچى بولۇپ باشقا دۆلەتلەرگە بېرىپ خانىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداپ كېتەلىگەندىلا، ئاندىن ئىرادىلىك زاتلاردىن بولغىلى بولىدۇ» دېگەن. سۇۋۇ مانا شۇنداق گۈزەل ئەخلاققا ئىگە كىشىلەردىن ئىدى.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2439 — 2469 - بەتلەر).

---

(1) چېڭجى (成纪) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا لۇڭشى ۋىلايىتىگە قارايتتى. م.ب. 114 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) تيەنشۈي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ۋىلايەتكە قارايدىغان بولدى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭئەن ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 - توم، 1186 - بەت).

(2) يەن بەگلىكىنىڭ ۋەلىئەھدى دەن (燕太子丹، م.ب. ؟ — 226) يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى يەن بەگلىكىنىڭ بېگى شى (喜) نىڭ ئوغلى، ئىسمى دەن. چىن بەگلىكىدە تۇرغاق بولۇپ، كېيىن قېچىپ كەلگەن. بۇ چىن بەگلىكى كۈچىيىپ، يەن بەگلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. م.ب. 227 - يىلى (يەن بېگى شى سەلتەنىتىنىڭ 28 - يىلى) ۋەلىئەھد دەن چىن بەگلىكى بېگىنى ئۆلتۈرۈشكە پىدائىي جىڭ كېنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ،

مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. چىن بەگلىكى يەن بەگلىكگە هۇجۇم قىلغاچقا، يەن بېگى شى ۋەلىئەھد دەنىنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى چىن بەگلىكگە تەقدىم قىلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن بەش يىل كېيىن چىن بەگلىكى يەنە يەن بەگلىكگە يۈرۈش قىلىپ مۇنقەرز قىلىدۇ ۋە يەن بېگى شىنى ئەسىر ئالىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 — توم، 1955 — بەت).

(3) شياۋ گۇەن (萧关) قەدىمكى ئۆتكەل. ئورنى هازىرقى نىڭشيادىكى گۇيۇەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. گۇەنجۇڭدىن قورۇلىنىڭ شىمالىغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 593 — بەت).

(4) مۆمىن خەلق پەرزەنتى (良家子) پاك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئادەم «مۆمىن خەلق پەرزەنتى» دېيىلەتتى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىيگە ئىككى خىل ئادەم — بىر خىلى مۆمىن خەلقنىڭ پەرزەنتلىرى، يەنە بىر خىلى جىنايەتچىلەر ئېلىناتتى.

(«ئىككى خەن ئەدەبىياتى تارىخىدىن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، 353 — بەت).

(5) ئالپ چەۋەنداز تۇتۇقبەگ (骁骑都尉) ھەربىي ئەمەل. باتۇر چەۋەندازلارغا باشلىق بولغۇچى قوماندان. خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 — توم، 3466 — بەت).

(6) چاڭيى (昌邑) قەدىمكى ناھىيە، چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە لياڭ بەگلىكگە قارايتتى. بۇ يەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خەن سۇلالىسىگە قارام بولغان شيەنياڭ، چاڭيى بەگلىكلىرى، چاڭيى ۋىلايىتى ۋە يەنجۇنىڭ مەركەز شەھىرى بولغانىدى. قەدىمكى شەھىرى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنشياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 40 چاقىرىم كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 — توم، 1406 — بەت).

(7) لياڭ شياۋۋاڭ (梁孝王) خەن ۋېندىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ليۇ ۋۇمو دېيىلىدۇ. دەي، خۇەيياڭ ۋە لياڭ بېگى بولغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1450 ـ بەت).

(8) مۇكاپاتلانماي قېلىش (赏不行) لياڭ بەگلىكىنىڭ مۇھىم شەھىرى چاڭيى جېڭىدە لى گۇاڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، لياڭ بېگى شياۋۋاڭ ئۇنىڭغا سانغۇنلۇق مۆھۈرى بەرگەنىدى. لى گۇاڭ بۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئوردىنىڭ قانۇن ـ قائىدىسىگە خىلاپ بولغاچقا، ئوردا لى گۇاڭنى خاتالىق ئۆتكۈزدى دەپ مۇكاپاتلىمايدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(9) گۇڭسۇن كۇن (خۇن) يې [公孙昆(浑)邪] يىچۇدىن، خەن جىڭدى دەۋرىدە لۇڭشى ۋالىيسى ئىدى. ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك ئىسيانىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پىڭچۇ بېگى بولدى. 15 جىلدلىق ئەسىرى بار ئىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى». 36 ـ بەت).

(10) ۋېيياڭ ئوردىسى (未央宫) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردا. خەن باش خانى ليۇ باڭنىڭ يەتتىنچى يىلى باش ۋەزىر شياۋ خې رىياسەتچىلىكىدە سېلىنغان. شەرقىي ۋە شىمالىي راۋاقلىرى، ئالدى ساراي، قورال ۋە ئاشلىق ئامبارلىرى بار بولۇپ، دائىرىسى 28 چاقىرىم كېلىدۇ. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى چاڭئەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 1499 ـ بەت).

(11) قارارگاھ (幕府) سانغۇن ـ سەركەردىلەرنىڭ دالىلاردا قۇرغان چېدىر ـ بارىگاھلىرى، يۈرۈشكە چىققان قوشۇنلار دالىدا چېدىر ئۆي ئىشلىتەتتى. سەركەردىلەرنىڭ چېدىر ئۆيلىرىدىكى مەھكىمىسى قارار گاھ بولاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 985 ـ بەت).

(12) يىڭيىن (颍阴) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. يىڭچۇەن ۋىلايىتىگە قارايتتى. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شۇچاڭ ناھىيىسى شۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1789 - بەت).

(13) گۇەن چياڭ (灌疆) خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى سەركەردىلەردىن يىڭيىن بېگى گۇەن يىڭنىڭ نەۋرىسى. گۇەن يىڭنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوغلى گۇەن خې بەگلىككە ۋارىسلىق قىلدى. گۇەن خې ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى گۇەن چياڭ يىڭيىن بەگلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى.

(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 2 - توم، 761 - بەت).

(14) جۇڭنەن (终南山) تاغ. شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا. «نەنشەن» (南山) مۇ دېيىلىپ، تار مە- نىدە چىنلىڭنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ناملىرى تەيىشەن، دىفېيشەن، جۇڭنەنشەن (中南山)، جۇڭنەنشەن چىنلىڭنىڭ ئاساسىي چوققىلىرىدىن بىرى بولۇپ، شىئەن شەھىرىنىڭ سەيياھگاھلىرىدىن بىرى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1163 - بەت).

(15) بالىڭ (霸陵) قەبرىستان. خەن ۋېندىنىڭ قەبرىستانى. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيە- سىنىڭ شەرقىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 3342 - بەت).

(16) «سىماراڭجۇينىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى» (司马兵法) ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ھەربىي ئىشلار قوللانمىسى. بۇ كىتاب «سۇينامە» ۋە «تاڭنامە» لەردە خاتا ھالدا ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان چى بەگلىكى ھەربىي ئالىمى سىماراڭجۇي تەرە- پىدىن يېزىلغان، دېيىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى مەلۇمات- لارغا قارىغاندا، يىغىلىق دەۋرىدە چى ۋېيۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەدىمكى ئەمىر لەشكەر ئۇرۇش قوللانمىلىرى تەرتىپكە سېلىنغاندا،

سىما راڭجۇينىڭ ئۇرۇش قوللانمىلىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇمچە
قىلىنغان. بۇ دەستۇر «سىما راڭجۇينىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى»
دەپ ئاتالغان. «خەننامە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى» دە
خاتىرىلىنىشىچە «سىما راڭجۇينىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى» جەمئىي
155 جىلد ئىكەن. ئەمما زامانىمىزغىچە ئۇنىڭ ئاران بەش جىلدىلا
يېتىپ كېلەلىگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 106 ـ بەت).

(17) بەيتەن (白檀) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى
دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. يۇياڭ ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى
ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى چېڭدې شەھىرىدىكى لۇەنخې دەرياسى-
نىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 ـ توم، 2161 ـ بەت).

(18) شى جيەن (石建) ۋەزىرلەردىن شى فېڭنىڭ ئوغلى.
خەن ۋۇدىنىڭ جيەنيۇەن يىللىرى (م.ب. 140 — 135 ـ يىللىرى)
دا، خانىكە رۇنىڭ نەزەرى ئۇنىڭغا چۈشۈپ، نۆكەر بەگ بولدى.
ئۇزۇن ياشىغان كىشى ئىدى.

(جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 216 ـ بەت).

(19) بوۋاڭ (博望) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى
دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى
نەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. خەن ۋۇدى بوۋاڭ ناھىيە-
سىنى جاڭ چيەنگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 429 ـ بەت).

(20) لى گەن (李敢) لى گۇاڭنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى.
چېرىكچى بولۇپ، باتۇر، جەسۇر ئىدى. جەڭدە ئۇرغۇن ھۇنلارنى
ئۆلتۈرۈپ، ھۇن سول قول بەلىكخانىنىڭ بايراق ۋە ناغرىلىرىنى
تارتىۋېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلكە بېگى بولغان.
ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭنى
ئۇرۇپ قويغاچقا، ۋېي چىڭنىڭ جيەنى خوچۈبىڭ شىكاردا لى

گەننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 425 ـ بەت).

(21) لېئەن (乐安) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى بوشىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1168 ـ بەت).

(22) گۇڭسۇن خۇڭ (公孙弘، م.ب. 200 — 121) زىچۇەن (شەندۇڭ ئۆلكىسىدە) بەگلىكىدىن. گۇندىپا يىللىقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ئەممىيە» ناملىق تارىخ كىتابىنى ئوبدان ئۆگەنگەن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە بىلىگە بولۇپ، ھۇنلارغا ئەلچىلىككە بارغان لېكىن خانىنىڭ دىتىغا ياقمىغانلىقتىن، ئەمەلى ئېلىپ تاشلانغان. كېيىن يەنە بىلىگە بولغان. خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ سەلتەنەت دەۋرىدە باش تەپتىشبەگلىكتىن باش ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلگەن ۋە پىڭجىن بېگى بولغان. گۇڭسۇن خۇڭ كۆرۈنۈشتە كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۇيدۇرماستىن ئۆچ ئالىدىغان ئادەم ئىدى. «خەننامە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئون پارچە ئىلمىي ئەمگىكى بار بولسىمۇ، ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 ـ توم، 314 ـ بەت).

(23) توققۇز ۋەزىر (九卿) قەدىمكى زاماندا مەركىزىي ھۆكۈمەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك توققۇز ئەمەل. جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە: ئۇستاز بەگ (少师)، ئاتالىق (少博)، ئاغالىق (少保)، باش ۋەزىر (家宰)، ئەمىر زېمىن (司徒)، قائىدە يوسۇن بېگى (宗伯)، ئەمىر لەشكەر (司马)، ئەمىر زىندان (司寇)، ئەمىر مىمار (司空) دىن ئىبارەت توققۇز ۋەزىر بولاتتى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە: قەبرە مۇراسىمبېگى (奉常)، قوۋۇقچىباشى (郎中令)، ياساۋۇلبەگ (卫尉)، ئوردا مىرا-

قوْلى (太仆)، ئوردا ئەھكام ۋەزىرى (廷尉)، داستىخانچى (典客)، ئوردا ئىشلىرى بېگى (宗正)، ئاشلىق، خەزىنىچى ۋەزىر (治粟内史)، دەستارپېچ (少府) دىن ئىبارەت توققۇز ۋەزىر بار ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بەزى ۋەزىرلىكلەرنىڭ ناملىرىدا ئۆزگىرىش بولسىمۇ، داۋاملاشتۇرۇلۇۋەردى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 107 - بەت).

(24) خەن يەن (韩嫣) خەن (韩) بېگى خەن شىننىڭ ئەۋلادىدىن. خەن ۋۇدى لياۋدۇڭ بېگى بولۇپ تۇرغىنىدا بىللە ئوقۇيتتى، كۆڭلى يېقىن ئىدى. خەن يەن ماھىر چەۋەنداز، كامانداز بولۇپ، سۆزمەن ئىدى. ئەسكەرلەرگە مەشىقاۋۇللۇق قىلاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك تۆردلەردىن بولۇپ، خان بىلەن ھەمىياتاق ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» لەردە خاس تەرجىمىھالى بار.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1705 - بەت).

(25) ياڭلىڭ (阳陵) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى گاۋلىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. خەن جىڭدىنىڭ قەبرىستانلىقى مۇشۇ يەردە.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 410 - بەت).

(26) لى يۈ (李禹) لى گۇاڭنىڭ نەۋرىسى، لى گەننىڭ ئوغلى. باتۇر يىگىت بولۇپ، ۋەلىئەھدىنىڭ ئېتىبارىغا ئىگە بولغانىدى. مال - دۇنياپەرەست كىشى ئىدى. لى لىڭنىڭ قېشىغا (ھۇن ئېلىگە) قاچماقچى دەپ مەلۇم قىلىنغاچقا ئۆلتۈرۈلگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 408 - بەت).

(27) نازارەتچى بەگ (监) ساراي - ئوردا ئىشلىرىنىڭ نازارەتچىسى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 - توم، 2190 - بەت).

(28) لوپنۇر (盐泽) كۆل. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدە. سۈيىدە تۇز تەركىبى كۆپ بولغاچقا. خەنزۇچە قەدىمكى مەنبەلەردە «تۇز كۆل» دەپ يېزىلغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1687 ‒ بەت).
(29) تەڭرىتاغ، تىلەنتاغ (天山) يەنى چىلىيەن تېغى. ھۇنلار تەڭرىنى تىلەن دەيتتى. بۇ يەردىكى تەڭرىتاغ چىلىيەن تېغىنى كۆرسىتىدۇ.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ‒ توم، 683 ‒ بەت).
(30) ۋۇتەي قەسرى (武台殿) قەدىمكى چاڭئەن شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىگە سېلىنغان ۋېيياڭ ئوردىسىنىڭ بىر بۆلۈمى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ‒ توم، 1499 ‒ بەت).
(31) جىڭچۇ (荆楚) چۇ (楚) بەگلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ دەسلەپكى زېمىنى ئاساسەن قەدىمكى جىڭچۇ زېمىنلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا جىڭچۇ دېيىلگەن.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ‒ توم، 2645 ‒ بەت).
(32) لەنگەن (兰干山) تاغ. ئورنى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى كونا گۇڭچاڭ ۋىلايىتى (تيەنشۈي) چېگرىسى ئىچىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1378 ‒ بەت).
(33) گۇيىڭ (钩营) ھۇن ئېلىدىن خەن سۇلالىسىگە كېلىش يولىدىكى مۇھىم بىر ئورۇن.
(«خەننامە»، 8 ‒ توم، 2452 ‒ بەت (8) ئىزاھ).
(34) جېلۇجاڭ (庶虏障) يەر نامى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سانغۇن لوبۇدې بىنا قىلغان جۈيېرە (جۈيەن) شەھىرى شۇ. ئورنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئېجىن خوشۇنىدا.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ‒ توم، 3085‒ بەت).
(35) لۇڭلې (龙勒水) دەريا. ئورنى ھازىرقى موڭغۇلىيە

خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
1268 - بەت)
(36) قونداقلىق ئوقيا (连弩) قونداق ئورنىتىلىپ، كۆپ ئوق ئېتىلىدىغان ئوقيا.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 - توم، 3057 - بەت).
(37) چاۋۇشبېگى (军侯) قوشۇن ئىچىدە ئىنتىزام ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل سىپاھ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلۇغ سانغۇنىنىڭ قارارگاھى بەش بۆلۈمگە بۆلۈنۈپ، بۆلۈم ئاستىدا بىرلىكلەر بولاتتى، ھەر بىرلىككە بىر نەپەر چاۋۇشبېگى قويۇلاتتى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 - توم، 3016 - بەت).
(38) يىڭچۈەن (颍川) قەدىمكى ۋىلايەت. ئەمىنىيە دەۋرىدە جېڭ (郑) بەگلىكىنىڭ يېرى ئىدى. يېغىلىقلار دەۋرىدە خەن (韩) بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولدى. م.ب. 230 - يىلى (چىن شىخۇاڭنىڭ 17 - يىلى) ۋىلايەت تەسىس قىلىندى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي بۆلەكلىرىگە توغرا كېلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەركىزى ياڭدى (阳翟) ئىدى).
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 - توم، 1879 - بەت).
(39) جىنەن بەگلىكى (济南国) خەن ۋېندى دەۋرىدە جىنەن ۋىلايىتى بەگلىككە ئۆزگەرتىلدى. خەن جىڭدى دەۋرىدە ئىسيان قىلغان يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى بولغاچقا، ئىسيان بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە ۋىلايەت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلدى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى جىنەن شەھىرى. جاڭچيۇ، جياڭ، زوۋپىڭ(ھازىرقى جاڭچيۇنىڭ غەربى) قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنىلا بەگلىك قىلىندى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 933 - بەت).

(40) دىخان (鞮汗山) قەدىمكى تاغ ئىسمى. ئورنى جۇيەن (جۇيىرە) شەھىرىنىڭ شىمالىدا، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى گوبى ئالتاي تېغىنىڭ بىر قىسمى.

(«جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى»، 2 ـ جىلد، 39 ـ بەت).

(41) سىماچيەن (司马迁، تەخمىنەن م.ب. 145 ياكى 135 ـ ؟) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس (سالنامىچى)، ئەدىب، مۇتەپەككۇر، شيا ياڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خەنچېڭ) لىق. سىما تەننىڭ ئوغلى. ياشلىقىدا ئېلىمىز ـ نىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەممە جايلارنى ساياھەت قىلىپ، تارىخ ـ ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەپ ـ سانە ـ رىۋايەتلەرنى توپلىغان. دەسلەپ ئوردىدا كاتاۋۇل بولۇپ ئىشلىدى. م.ب. 108 ـ يىلى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا سالنامىچىلىككە تەيىنلىنىپ، دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان تارىخ كىتابلىرىنى باشقۇردى ۋە ئوقۇدى. م.ب. 104 ـ يىلى تەقۋىمنى ئۆزگەرتىش ئىشىغا قاتناشتى. كېيىن ھۇنلارغا تەسلىم بولغان لى لىڭنى ئاقلىغانلىقى تۈپەيلى قاماققا ئېلىنىپ، ئاختىلاش جازاسىغا ئۇچرىدى. بوشىغاندىن كېيىن ھۇدەيچى بولدى. تارىخ يېزىشقا قەتئىينىيەت قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ئومۇمىي تارىخى ھېسابلانغان «تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىپ چىقتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 106 ـ بەت).

(42) ئاختىلاش جازاسى (宫刑, 腐刑) ئېلىمىزنىڭ قەدىم زاماندىكى بەش خىل جازاسىنىڭ بىرى، ئەركەكلەرنىڭ ئەرلىك ئەزاسىنى پىچىۋېتىش، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى كاردىن چىقىرىش (بىر رىۋايەتتە ئاياللارنى ئوردىغا سولاش) جازاسى. تەخمىنەن شاڭ ۋە جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، دەسلەپ «پاھىشىۋاز» لارغا بۇ جازا بېرىلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە

ئاسىي، خاقانلارغىمۇ بۇ جازا بېرىلمىدىغان بولدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1020 ــ بەت).
(43) يىنيۇ (因杆) ھۇن ئېلىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى.
(«خەننامە»، 8 ــ توم، 2457 ــ بەت (1) ئىزاھ).
(44) شىخۇ (奚侯) شەھەر ئىسمى. شى (奚) لار تۇڭغۇسلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ياشىغان شەھەر شىخۇ شەھىرى ئىدى. ئورنى لياۋشۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، لياۋچېڭنىڭ غەربىي شىمالىدا.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ــ توم، 724 ــ بەت).
(45) ۋەلۈي (卫律) ئاتىسى چاڭشۇيلىق ھۇنلاردىن، ئۆزى خەن سۇلالىسىدە تۇغۇلغان. شىيلۇ كاھىبگى لى يەننىيەننىڭ ئاغىينىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھۇن ئېلىگە ئەلچى بولۇپ باردى. قايتىشى لى يەننىيەننىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، چېتىلىپ قېلىشتىن قورققان ۋەلۈي ھۇن ئېلىگە بېرىپ تەسلىم بولدى. ھۇن تەڭرىقۇتى ئۇنى ھۆرمەتلەپ، تۇرالارغا خان قىلدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1604 ــ بەت).
(46) تۇرالار (丁灵, 丁令, 丁零) قەدىمكى مىللەت. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلارغا قارام ئەل ئىدى. ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدىكى كەڭ رايونلاردا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلاتتى. IV ــ V ئەسىرلەردە تۇرالار دېيىلگەن، يەنە ئېگىز قاڭقىللار، ئۇيغۇرلار دەپمۇ ئاتالغان.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ــ توم، 19 ــ بەت).
(47) چاڭشۇي (长水) دەريا. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لەنتيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلىنىپ، چاڭئەننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئېقىپ كېلىدۇ.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ــ توم، 3223 ــ بەت).
(48) سول قول (قانات) سانغۇن (左冀将军) جەڭ

قىلغۇچى قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئوڭ، سولدىن ئىبارەت ئىككى قىسىم. دۈشمەن تەرەپنى ئۆلچەم قىلغاندا ئوڭ تەرەپ (ئوڭ قول، ئوڭ قانات)، سول تەرەپ (سول قول، سول قانات) دېيىلىدۇ. ئوڭ تەرەپكە مەسئۇل قوماندان ئوڭ قول (قانات) سانغۇن، سول تەرەپكە مەسئۇل قوماندان سول قول (قانات) سانغۇن دەپ ئاتىلىدۇ.

(بىر تومluق «سىخەي»، 156 ـ بەت).

(49) شاڭگۇەن جيې (上官桀) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شاڭگۇي (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى تيەنشۈي شەھىرى) ناھىيىسىدىن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئوردا مىراقۇلى بولغان. م. ب. 87 ـ يىلى خەن جاۋدى (ليۇفۇلىڭ) تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خو گۇاڭ بىلەن بىللە خەن جاۋدىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئەنياڭ بېگلىكىگە تەيىنلەنگەن. كېيىن خەن جاۋدىنى تەختتىن چۈشۈرۈش سۈيىقەستى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، پۈتۈن ئۇرۇقى قىرىپ تاشلانغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 12 ـ بەت»).

(50) قۇلۇقۇ (狐鹿姑) ھۇنلارنىڭ 10 ـ ئەۋلاد تەڭرىقۇتى. چەتقۇ تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى. سەلتەنەت دەۋرى م. ب. 96 يىلدىن 85 ـ يىلغىچە 11 يىل داۋام قىلغان.

(«ھۇنلار تارىخى يىلنامىسى»، 293 ـ بەت).

(51) يۇيۇ (由余) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ ئەمەلدارى. ئەجدادى جىن بەگلىكىدىن بولۇپ، رۇڭلار ئېلىگە قېچىپ كەتكەن. يۇيۇ دەسلەپ رۇڭلار خانلىقىدا خىزمەت قىلغان. كېيىن چىن بەگلىكىگە ۋەزىر بولۇپ ھۆرمەتلەنگەن. چىن مۇگۇڭنىڭ غەربىي رۇڭلارغا يۈرۈش قىلىپ، 12 بەگلىكنى يوقىتىپ، غەربىي رۇڭلارغا ھۆكۈمران بولۇشىغا ياردەم بەرگەن.

(بىر تومluق «سىخەي»، 1679 ـ بەت).

(52) دۇلىڭ (杜陵) قەبرىستان شەنشى ئۆلكىسى چاڭ

ئەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، قەدىمكى دۇبەي بەگلىكىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. خەن شۇەندىنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇلىڭ دەپ ئاتالغان.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 393 ـ بەت).

(53) مىراقۇلبېگى (奉车都尉) خاننىڭ ھارۋا ـ ئاتلىرىغا قارايدىغان ھەم خان بىر يەرگە چىققاندا ئەتراپىدا قوغداش خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەمەلدار.

(«تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى ئەمەللەر» 83 ـ بەت).

(54) مىراقۇل (移中厩监) يىجۇڭ ئاتخانىسىنىڭ ئاتلىرى، خاننىڭ ئوۋ ئىتى، شۇڭقارى ۋە ئوۋ سايمانلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

(«ئىككى خەن ئەدەبىياتى تارىخىدىن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 436 ـ بەت).

(55) ياندىش ئەمىر نۆكەر (付中郎将) ئەمەل. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خان مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنىڭ ياردەمچى باشلىقى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1ـ توم، 90 ـ بەت).

(56) جاڭ شېڭ (张胜) تيەنخەن يىللىرى (م. ب. 100 ـ 97 ـ يىللىرى) نىڭ باشلىرىدا ياندىش ئەمىر نۆكەرلىك سالاھىيىتىدە سۇۋۇ بىلەن ھۇن ئېلىگە ئەلچىلىككە بارغان ۋە تەھدىت ئاستىدا ھۇنلارغا تەسلىم بولغان كىشى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 954 ـ بەت).

(57) مۇۋەققەت ئەلچى (假吏) ۋاقىتلىق ئىش باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، ـ توم، 241 ـ بەت).

(58) يۈچاڭ (虞常) چاڭشۇيلۇك، ھۇن ئېلىدە گۇخان بىلەن بىرلىكتە جۇتقۇ تەگىنقۇتنىڭ ئانىسىنى تۇتۇپ، خەن سۇلا-

لىسىگە بەيئەت قىلىش ھەققىدىكى پىلانى ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1321 – بەت).

(59) ئىجىز (伊秩訾) ھۇنلاردا ئەمەل نامى.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2461 – بەت).

(60) توققۇز ۋىلايەتكە بۆلۈش (置九郡) م. ب. 112 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) جەنۇبىي يۆلەر ئىمسيات كۆتۈرۈپ، خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. خەن سۇلالىسى ئىمپ يانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن لۇبۇدې، ياڭ پۇ سانغۇنلار قوماندىسىدا، بەش يول بويلاپ 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن ئەۋەتتى. جەنۇبىي يۆلەر خانى جيەن دې، ۋەزىرى لۈشياگلار ئەسىر ئېلىندى. زېمىنى نەنخەي (南海)، ساڭۋۇ (苍梧)، يۈلىن (郁林)، خېپۇ (合甫)، جياۋجى (交趾)، جيۇجېن (九真)، رىنەن (日南)، جۇيا (珠崖)، دەنئېر (儋耳) دىن ئىبارەت توققۇز ۋىلايەتكە بۆلۈندى.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 – توم، 501 – بەت).

(61) كورىيانلارنى جازالاش (征朝鲜) م. ب. 109 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) بەيئەت قىلدۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن خەن ئەلچىسى شې خېنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن خەن ۋۇدى ياڭ پۇ، شۈن جى سانغۇنلار قوماندىسىدا، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرىدىن كورىيانغا جازالاش قوشۇنى ئەۋەتلدى، كورىيان خانى يۇچۇ تەسلىم بولدى.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 – توم، 503 – بەت).

(62) بايقال كۆل، (北海, 贝加尔湖) قەدىمكى زامان جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئوموەن شىمالىدىكى ئەڭ يىراق رايونلار شىمالىي كۆل (北海) دېيىلەتتى. سۇۋۇ سۈرگۈن قىلىنغان يەر

بايقال ئىدى. ئورنى هازىرقى روسىيىدىكى ئوتتۇرا سىبىرىيىدە بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا هۇن ئېلىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرى ئىدى.

(«ئىككى خەن ئەدەبىياتى تارىخىي پايدىلىنىش ماتېرىيالل‍ىرى»، 441 - بەت).

(63) ئىككىنچى يىلى (明年) م.ب99 - يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى) نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(64) يۈياڭ ئوردىسى (棫阳宫) يېغىلىق دەۋرىدىكى چىن جاۋۋاڭ زامانىسىدا سېلىنغان. ئورنى شەنشى ئۆلكىسى فۇفېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1590 - بەت).

(65) ئاتلىق هەرەم ئاغىسى (臣骑) ئاختىلانغان هەرەم خادىملىرىدىن بولغان ئاتلىقلار بېگى.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2465 - بەت، 5 - ئىزاھ).

(66) مىراقۇل كوراگان (黄门附马) خان بىرەر يەرگە هارۋىلىق ماڭغاندا هەمراھ بولغۇچىلارنىڭ هارۋىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇپ، ئوردا مىراخورىغا قارايتتى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 3952 - بەت).

(67) هەرەم ئاغىسى (保宫) جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئەمەلدارلارنى سولايدىغان قاماقخانا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 217 - بەت).

(68) قويان‍دى (壶衍鞮) قۇلۇقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. هۇن ئېلىنىڭ 11 - هۆكۈمدارى. م. ب. 85 - يىلدىن م. ب. 68 - يىلغىچە 17 يىل سەلتەنەت سۈرگەن.

(«هۇنلار تارىخىي يىلنامىسى»، 293 - بەت).

(69) شاڭلىن (上林) شىكارگاھ. چىن سۇلالىسىنىڭ كونا شىكارگاھى بولۇپ، خەن ۋۇدى كېڭەيتتى. دائىرىسى 300

چاۋىرىم كېلەتتىن ۋە 70 دالا سارىيى بار ئىدى. خانلارنىڭ شىكار قىلىشى ئۈچۈن بۇ شىكارگاھتا قۇش ـ هايۋانلار بېقىلاتتى. ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى چاڭئەن، جۇجى، خۇ ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 60 ـ بەت).

(70) ساۋمۇ (曹沫) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى. لۇ بەگلىكى چى بەگلىكى بىلەن بولغان ئۈچ قېتىملىق جەڭنىڭ هەممىسىدە مەغلۇپ بولغاچقا، لۇ بەگلىكىنىڭ بېگى جۇاڭگۇڭ سۈيىي شەھىرىنى چى بەگلىكىگە بېرىش بەدىلىگە كېلىشىم تۈزۈشىدۇ. ساۋمۇ سۈلھ تۈزۈلگىلى كەلگەن چى خۇەنگۇڭغا تۇيۇقسىز خەنجەر تەڭلەپ ئۇنى تۇتىۋالىدۇ. سۈيىي شەھىرىنى لۇ بەگلىكىگە قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە چى خۇەنگۇڭ قويۇپ بېرىلىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» 987 ـ بەت).

(71) كې (柯) يەر نامى. هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى دۇڭگا ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 1546 ـ بەت).

(72) چى خۇەنگۇڭ (齐桓公، م.ب.؟—643) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى بەگلىكىنىڭ بېگى. جياڭ (姜) فامىلىلىك، چى شياڭگۇڭنىڭ ئىنىسى. م. ب. 685 — 643 ـ يىللىرىچە سەلتەنەت سۈرگەن. چى شياڭگۇڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جۇ (  ) بەگلىكىدىن قايتىپ كېلىپ هاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن. گۇەن جۇڭنى ئىشقا سېلىپ، بەگلىكنى كۈچەيتكەن. يەن بەگلىكىگە ياردەم بېرىپ، شىمالىي رۇڭلارنى يەڭگەن. شىڭ (邢)، ۋېي (卫) بەگلىكلىرىنى قۇتقۇزۇپ، رۇڭ، دىلارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا بولغان تاجاۋۇزىنى توسۇغان. ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، سەي، چۇ بەگلىكلىرىگە هۇجۇم قىلغان. يەنە جۇ سۇلالىسىنىڭ

ئىچكى ئىزالىرىنى ئىنچىتىپ، ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئۆتىنجى بەگلەر بېگى بولغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1914 ـ بەت).

(73) شۈشېڭ (徐圣) خەن ۋۇدى دەۋرىدە خۇن ئېلىگە بېرىپ، بارىمتا يىلىقتا تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن سۇۋۇ بىلەن خەن خانلىقىغا سالامەت قايتىپ كەلگەن ئەلچىلەردىن.

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2467 ـ بەت).

(74) جاۋ جۇڭگېن (赵终根) خەن ۋۇدى دەۋرىدە خۇن ئېلىگە بېرىپ، بارىمتا يامىقتا تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن سۇۋۇ بىلەن خەن سۇلالىسىگە سالامەت قايتىپ كەلگەن ئەلچىلەردىن.

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2467 ـ بەت).

(75) ليۇدەن (刘旦) خەن ۋۇدىنىڭ ئوغلى. خەن جاۋدىنىڭ ئاكىسى، يەن بەگلىكىنىڭ بېگى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1437 ـ بەت).

(76) چوڭ ئاچىسى (盖主，鄂邑长公主) خەن ۋۇدىنىڭ چوڭ قىزى. مەلىكە ئېيىجاڭ، خەن جاۋدىنىڭ مۇرەببىيىسى. شاھزادە ليۇدەن، شاڭگۇەن جيې، ساڭ خۇڭياڭ قاتارلىقلار بىلەن قىلماقچى بولغان ئىسيانى باسىنىپ قالغانلىقتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 ـ توم، 519 ـ بەت).

(77) ياڭ چاڭ (杨敞 م. ب.؟ — 74) ئەمىر لەشكەر، باش تەپتىشبەگ، باش ۋەزىر قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئەنپىڭ بېگى ئىدى. باش ۋەزىر خوگۇاڭ بىلەن چاڭيى بېگى ليۇخۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، خەن شۈەندىنى تەختكە چىقىرىشقا كۈچ چىقارغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1275 ـ بەت).

(78) ھەرەم ئاغىسى مەھكىمىسى (官者署) خەزىنەۋەزىرلىكىگە

قارايتتى. ھەرەم ئاغىلىق مەھكىمىسىدىكىلەر ئۇردا ئىچىدە خان ئەتراپىدا يۈرگەچكە، سۇۋۇ مۇشۇ مەھكىمىدە پەرمان كۈتۈشكە بۇيرۇلغانىدى.

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2468 ـ بەت).

(79) ۋاسساللار ئۇڭ قول دىۋان بېگى (右曹典属国) ئەمەل. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئىزچىل قوللىنىلغان. مەملىكەتلەر ئارا بېرىش ـ كېلىش، مەملىكەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. خەن چېڭدى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئەمەل باش ھۆدەيچى ئەمەلىگە قوشۇۋېتىلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 ـ توم، 318 ـ بەت).

(80) پىڭئېن (平恩) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى چۇجۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 11 ـ توم، 322 ـ بەت).

(81) شۈگۇاڭخەن (许广汉) چاڭيىلىق. خەن شۈەندىنىڭ قېيىن ئاتىسى بولۇپ، پىڭئېن بېگى ئىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1039 ـ بەت).

(82) پىڭچاڭ (平昌) خەن سۇلالىسىنىڭ بەگلىكلىرىدىن ئىدى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئەنچيۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 210 ـ بەت).

(83) ۋاڭ ۋۇگۇ (王无故) خەن شۈەندىنىڭ تاغىسى (ئانىسىنىڭ ئاكىسى) بولۇپ، پىڭچاڭ بېگى ئىدى، ناملا بولۇپ سۆيۈرغال بېرىلگەن.

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2468 ـ بەت).

(84) لېچاڭ (乐昌) ناھىيە. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چۇجياڭ ناھىيىسىنىڭ يېرى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 1628 ـ بەت).

(85) ۋاڭ ۋۇ (王武) خەن شۇەندىنىڭ تاغىسى، ۋاڭ ۋۇگۇ-
نىڭ ئىنىسى. لېچاڭ بېگى، (نامى بار، سۇيۇرغالى يوق ئىدى).
(«خەننامە»، 8 — توم، 2468 — بەت).

(86) ۋېي شياڭ (魏相) م. ب. ؟ — 59) دىكى-تاۋدىن. ياشلىقىدا ۋىلايەتنىڭ كىچىك مەمۇرلىرىدىن بولۇپ، خەن شۇەندى دەۋرىدە باش ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلگەن. گاۋپىڭ بېگى بولغانىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1738 — بەت).

(87) بىڭ جى (丙吉) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىدىن. مەزالىم ھەكەم بولغان، خەن شۇەندى دەۋرىدە باش ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلۈپ، بوياڭ بېگى بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 166 — بەت).

(88) چىلىن راۋىقى (麒麟阁) ۋېيياڭ ئوردىسىدىكى راۋاق بولۇپ، م. ب. 122 — يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بىرىنچى يىلى) سېلىنغان.

(غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئەدە-بىيات تارىخىي پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، 452 — بەت).

(89) بولۇ (博陆) قەدىمكى شەھەر. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى جى (蓟) ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، باش ۋەزىر خوگۇاڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق ئىدى.

(خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 5 — توم، 282 — بەت).

(90) فۇپىڭ (富平) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ياڭشىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، ياساۋۇل سانغۇن جاڭ ئەن-شىگە بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق ئىدى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 10 — توم، 141 — بەت).

(91) يىڭپىڭ (营平) جاۋ چۇڭگوغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 21 — توم، 9 — بەت).

(92) گاۋپىڭ (高平) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى شەنشىيا خۆيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى گۇيۈەن ناھىيىسىدە.

(بىر تومluq «سىخەي»، 2043 – بەت).

(93) بوياڭ (博阳) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى بەگلىكىنىڭ بويى شەھىرى بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جىنەن دېيىلدى، باش شەھىرى بوياڭ ئىدى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى تەيئەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى»، 880 – بەت).

(94) دۇ يەننىيەن (杜延年) ياردەمچى ئەمىرى مىمار، تەكلىپدار، ئوردا مىرا قۇلى، ۋالىي، باش تەپتىشبەگ... قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. بىلىملىك، ئىقتىسادچىل، كەڭ قورساق كىشى بولغاچقا، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 462 – بەت).

(95) ليۇدې (刘德) ياش ۋاقتىدا داۋچىلىق تەلىماتىنى ئۆگەندى. ئەقىل – پاراسەتلىك ئىدى. ئوردا ئىشلىرى بېگى، كېڭەشبەگ قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. خەن شۈەندىنى تەختكە چىقىرىشتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ياڭچېڭ بېگى بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1481 – بەت).

(96) ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، دەستارپېچ (少府) ئەمەل. يېغىلىق دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىمۇ داۋام قىلدى. توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى. تاغ، دېڭىز، كۆل، سالىقلار ھەم خان ئائىلىسىگە قاراشلىق قول سانائەت بۇيۇملىرى خاننىڭ خۇسۇسىي مەھكىمىسىگە قارايتتى. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئەنە شۇ ئىشلارنى باشقۇراتتى.

(بىر تومluq «سىخەي»، 1113 – بەت).

(97) لياڭ چيۇخې (梁丘贺) دەسلەپ خەن شۈەندىگە ئاتلىق نۆكەر بولغان. ئېھتىياتچان بولغاچقا، ئىشەنچكە ئىگە

بولۇپ، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە كۆتۈرۈلگەن.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 995 — بەت).
(98) خەلپەتىبىگى (太傅) ۋەلىئەھد (تەخت ۋارىسى) نىڭ تەربىيىچىسى.
(بىر تومluق «سىخەي»، 640 — بەت).
(99) شياۋۋاڭجى (萧望之، م.ب. 106 — 41) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۆلەتمەن. كېيىن دۆلەتكە كۆچكەن. ئالىم خوۋساڭدىن چى بەگلىكى دەۋرىنىڭ ئەدەبىياتىنى، شياخوشېڭدىن «ئەدەبنامە»، «مۇھاكىمە ۋە بايان» لارنى ئۆگىنىپ، ئىمتىھان بېرىپ، غۇلام، تەكلىپدار، باش تەپتىشبەگ بولدى. خەن شۈەندىنىڭ پىكرى بويىچە ۋەلىئەھد (يۈەندى) گە خەلپەتىبىگى بولدى. خەن شۈەندى ئۆلۈپ، خەن يۈەندى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇستاز، تەربىيەتچىم دەپ بەك ھۆرمەتلىدى. كېيىن ئاغۋاتلاردىن خۇڭ گۇڭ، شى شيەنلەرنىڭ چەتكە قېقىشى تۈپەيلى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 — توم، 2722 — بەت).
(100) فاڭ شۇ (方叔) جۇ شۈەنۋاڭنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ، شىمالدىكى شيەنيۈن قوۋملىرىغا قىلىنغان جازا يۈرۈشلىرىدە خىزمەت كۆرسەتتى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 60 — بەت).
(101) جاۋخۇ (召虎) جۇشۈەنۋاڭ دەۋرىدىكى شەخس. بۇ ۋاقىتتا خۇەيخې دەرياسى بويىدىكى قوۋملەر ئىتائەتسىزلىك قىلغاچقا، جۇ شۈەنۋاڭ خەنجياڭ تەرەپلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن جاۋخۇنى قوشۇن بىلەن ئەۋەتتى.
(«جوڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 172 — بەت).
(102) جۇڭ شەنپۇ (仲山甫) جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇ بېگى شيەنگۇڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، فەن بەگلىكىنىڭ بېگى، جۇ شۈەنۋاڭنىڭ ۋەزىرى بولغان. ياخشى ئىشلارنى

قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن قەسىدىلەر يېزىلـ
غانىدى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 183 - بەت).
(103) خۇاڭ با (黄霸، م. ب.؟ — 51) خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى خۇەييالڭ ياڭشيا ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى تەيكاڭ)
لىق. خەن شۈەندى دەۋرىدە ياڭجۇ ئايماق بېگى، يىڭچۈەن ۋا-
لىيسى، باش تەپتىشبەگ ۋە باش ۋەزىر قاتارلىق خىزمەتلەرنى
قىلغان. جيەنچېڭ بېگى ئىدى. كېيىنكىلەر ئۇنى گۇڭ سۈي بىلەن
بىر قاتاردا «فېئوداللار قانۇنلارغا رىئايە قىلغۇچى ئەمەلدارلار»
نىڭ ۋەكىلى دەپ قاراپ، «گۇڭ - خۇاڭ» دەپ ئاتاشتى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 2054 - بەت).
(104) ئوردا ئەھكام ۋەزىرى (廷尉)ئەمەل نامى. چىن سۇلا-
لىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى. جازا، زىندان
ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. خەن سۇلالىسى بۇ ئەمەلنى داۋاملاشتۇردى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1028 - بەت).
(105) يۈدىڭگو (于定国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈگۈڭ-
نىڭ ئوغلى. ياشلىقىدا ئاتىسىدىن قانۇن ئۆگەنگەن. ئاتىسى
ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا گۇندىپاي بولغان. خەن شۈەندى دەۋرىدە
ئوردا ئەھكام ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۆزى كەمتەر بولۇپ،
قانۇننى كەسكىن ئىجرا قىلاتتى. ئۇز دەۋرىدە ئۇنىڭ توغرۇلۇق: «...يۈ-
دىڭگو ئوردا ئەھكام ۋەزىرى بولۇپ، ئاھالە ۋابالچىلىقىقا قالمىدى»
دېگەن سۆز تارالدى. كېيىن باش ۋەزىر بولۇپ، شىپىڭ بېگى
بولدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 15 — 16 - بەتلەر).
(106) ئەمىر ھەردەس(大司农)ئەمەلنامى. ئىجارە، باج، پۇل،
ئاشلىق، تۇز، تۆمۈر ھەم سۇلالىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم
ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. توققۇز ۋەزىرنىڭ بىرى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 628 - بەت).

(107) جۇيى (朱邑) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۇ ناھىيىسىدىن. تۇڭشاڭ يېزىسىنىڭ ئەمەلدارى ئىدى. كېيىن بېخەيگە ۋالىي بولغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 253 ـ بەت).

(108) پايتەخت بېگى، كىنجا بېگى (京兆尹) ئەمەل. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەمۇرىي رايون بولۇپ، م.ب. 104 ـ يىلى ئوڭ، سول ھۆددىچى ئىدارىسىدە بولدى ۋە ئەسلىدىكى ئوڭ ھۆددىچى قارمىقىدىكى رايوننىڭ شەرقىي يېرىم قىسمى ئايرىپ بېرىلدى. ھوقۇق ـ سالاھىيىتى ۋالىيغا تەڭ كېلەتتى. ئورنى شەھەر ئەتراپى رايونى بولغاچقا، ۋىلايەت دېيىلمەي، پايتەخت ئەتراپى ئۈچ رايوننىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئىدارە ئورنى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى) بولۇپ، تېررىتورىيىسى شەنشى ئۆلكىسى چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالى. شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقى ۋە ۋېيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەردىن ئىبارەت ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 351 ـ بەت).

(109) جاڭ چاڭ (张敞) پىڭياڭلىق. خەن شۇەندى دەۋ ـ رىدە پايتەخت بېگى ئىدى. بۇ بەگنىڭ ئىدارىسىدىكى پايتەخت شەھىرىدە ئوغرىلىق ـ قاراقچىلىق يوقالدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 955 ـ بەت).

(110) يوۋفۇفېڭ (右扶风)(1) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋىلايەت. ئەسلىدە چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆددىچىگە قارايتتى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوڭ ھۆددىچىگە قارايدىغان بولدى. باشقۇرغان رايونى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيىسى ـ نىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.(2) پايتەخت بېگى (京北尹) ئىزا ـ ھىغا قاراڭ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 463 ـ بەت).

(111) يىن ۋېڭگۈي (尹翁归) پىڭياڭلىق. خەن شۇەندى دەۋرىدە دۇڭخەي ۋالىيسى ئىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 50 ـ بەت).

(112) شياخوشېڭ (夏侯胜) دۆڭپىڭلىق. ياشلىقىدىن ئارتىپ ئوقۇشقا ئىرىشاتتى. ئالىم شياخوۋشىچاڭ، ئوۋياڭ شىڭلاردىن تەلىم ئالدى. خىزمەتكە كىرىپ چاڭشىن ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولدى. خەن شۈەندى دەۋرىدە بىلگە بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «نامشۇناسلىق» (چوڭ شياخوچىلىق) نىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. قورئەندازلىقتا خاتالىشىپ زىندانغا تاشلاندى. كەچۈرۈمگە ئېرىشكەندىن كېيىن ۋەلىئەھد **ليۈشى** (يۈەندى) گە خەلپەتىبىگى بولدى. 90 يېشىدا ئۆلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 838 – بەت).

# ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭنىڭ تەرجىمھالى

ۋېي چىڭ يەنە بىر ئىسمى ۋېي جۇڭچىڭ. ئاتىسىنىڭ ئىسمى جېڭ جى. خېدۇڭ ۋىلايىتى پىڭياڭ(1) ناھىيىسىدىن. ئۇ ناھىيە ئامبىلى سالاھىيىتىدە پىڭياڭ بېگىگە رەئىيەت بولغان. پىڭياڭ بېگى ساۋشۇ(2) خەن ۋۇدىنىڭ ئاچىسى چوڭ مەلىكە ياڭشىنىڭ ئېرى ئىدى. ۋېي چىڭ جېڭ جى بىلەن پىڭياڭ بېگىنىڭ ئائىلىسىدىكى دېدەك ۋېي ئاۋ(3) دىن تۇغۇلغان. ۋېي چىڭنىڭ بىر قورساقتىن بولغان، ئاتا باشقا ۋېي چاڭجۈن ئىسىملىك بىر ئاكىسى ۋە ۋېي زىفۇ ئىسىملىك بىر ئاچىسى بار ئىدى. ۋېي زىفۇ پىڭياڭ مەلىكىنىڭ ئۆيىدە خەن ۋۇدىنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېي چىڭ فامىلىسىنى ۋېي دەپ ئۆزگەرتىۋالغانىدى. ۋېي خېنىمنىڭ چوڭ قىزى ۋېي جۇنزۇ، ئىككىنچى قىزى ۋېي شاۋئېر، ئۈچىنچى قىزى ۋېي زىفۇ ئىدى، ئۇنىڭ ئىنىسى بۇگۇاڭ (步广) مۇ ھەم فامىلىسىنى ۋېيغا ئۆزگەرتىۋالغانىدى.

ۋېي چىڭ پىڭياڭ بېگىنىڭ چاكىرى بولۇپ، بالا ۋاقتىدا ئۆز ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەچكە، ئاتىسى ئۇنىڭغا قوي باقتۇردى. ئاتىسىنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرى ئۇنى ئۆز قېرىندىشى قاتارىدا كۆرمەي، قۇل

ئورنىدا كۆرۈشەتتى. بىر كۈنى ۋېي چىڭ بىرى بىلەن گەنچۈەن قەسرىدىكى نازارەتخانىغا بېرىپ قالىدۇ. بىر گۇناھكار ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ: «سەن ئېسىلزادىلەردىن ئىكەنسەن، مەنسىپىڭ ئۆرلەپ تۆرە بولغۇدەكسەن» دەيدۇ. ۋېي چىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قۇلدەك ياشاۋاتىمەن، تاياق ۋە ئاھانەتكە ئۇچرىمىسام بولدى. ماڭا تۆرىلىك نەدە تۇرۇپتۇ» دەيدۇ.

ۋېي چىڭ يىگىت بولغاندىن كېيىن، پىڭياڭ بېگىنىڭ ئۆيىدە چەۋەنداز نۆكەر بولۇپ، پىڭياڭ مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ.

م.ب. 139 ـ يىلى (خەن ۋۇدى جىيەنيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) ئەتىيازدا، خەن ۋۇدى ۋېي چىڭنىڭ ئاچىسى ۋېي زىفۇنى ئەتىۋارلاپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىدۇ. خانىكە(4) خەن ۋۇدىنىڭ ھاممىسى مەلىكە داجاڭنىڭ قىزى بولۇپ، تۇغماس، ھەسەتخور بىر ئايال ئىدى. مەلىكە داجاڭ ۋېي زىفۇنىڭ خانغا يېقىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەسەت قىلىدۇ. ئادەم ئەۋەتىپ ۋېي چىڭنى قولغا ئالدۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ۋېي چىڭ جىيەنجاڭ قەسرىدە خىزمەت قىلاتتى. تېخى نامى چىقمىغانىدى. مەلىكە داجاڭ ئۇنى سولىتىپ قويىدۇ ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن ۋېي چىڭنىڭ دوستى چەۋەنداز نۆكەر گۇڭسۇن ئاۋ ۋە باشقا پالۋانلار ئۇنى قاچۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان خەن ۋۇدى ۋېي چىڭنى چاقىرتىپ جىيەنجاڭ قەسرىنىڭ نازارەتچىبېگى ۋە شىغاۋۇللۇق مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرىمۇ بەخت ـ سائادەتكە ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالغان

ئىنئاملىرى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا نەچچە مىڭ جىڭلاپ
ئالتۇنغا يېتىپ قالىدۇ. چوڭ ئاچىسى ۋېي جۇنزۇ ئوردا مىرا-
قۇلى گۇڭسۇن خېغا ياتلىق قىلىنىدۇ. ئىككىنچى ئاچىسى
ۋېي شاۋئېر بۇرۇن چېن جاڭ(5) بىلەن زىنا قىلىپ قويغان-
لىقتىن، چېن جاڭمۇ خەن ۋۇدىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ،
ئىززەت - ھۆرمەت ۋە بايلىققا ئىگە بولىدۇ. گۇڭسۇن ئاۋ
ۋېي چىڭنى قۇتقۇلدۇرغانلىقى ئۈچۈن، تېخىمۇ ھۆرمەتلىك بو-
لۇپ كېتىدۇ. ۋېي زىفۇ بانولىققا كۆتۈرۈلىدۇ، ۋېي چىڭ
كېڭەشبەگ بولىدۇ.

م.ب. 129 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى
يىلى) ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ۋېي چىڭ ھارۋا -
ئاتلىقلار سانغۇنى بولۇپ شاڭگۇدىن؛ گۇڭسۇن خې يېنىك
ھارۋىلىقلار سانغۇنى بولۇپ يۈنجۇڭدىن؛ كېڭەشبەگ گۇڭسۇن
ئاۋ چەۋەنداز سانغۇن بولۇپ دەي ۋىلايىتىدىن؛ ياساۋۇلبەگ
لى گۇاڭ ئالىپ چەۋەنداز سانغۇن بولۇپ يەنمېندىن يولغا
چىقتى. ھەرقايسى قوشۇندا 10 مىڭدىن چەۋەنداز بار ئىدى.
تەختى ھۇن شەھىرىگە يېتىپ بارغان ۋېي چىڭ ھۇنلارنىڭ
نەچچە يۈز ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. چەۋەنداز
سانغۇن گۇڭسۇن ئاۋنىڭ قوشۇنىدىن 7000 ئادەم چىقىم
بولدى. ياساۋۇلبەگ لى گۇاڭ ھۇنلارغا ئەسىر چۈشتى ۋە
قېچىپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئۆلۈمگە مەھكۇم بولسىمۇ، پۇل
تۆلەپ قۇتۇلدى. لېكىن ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈپ
قويۇلدى. گۇڭسۇن خېمۇ خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. پەقەت
ۋېي چىڭغىلا ئۆلكە بېگىلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى. ھۇنلار
ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ چېگرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. بۇ ۋە-
قەلەر «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىنغان.

م.ب. 128 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇونىڭ بىرىنچى
يىلى) باھاردا ئوغۇل تۇغقان بانو ۋېي خانىشلىككە كۆتۈ-

رۇلدى. شۇ يىلى كۈزدە ۋېي چىڭ يەنە 30 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ يەنمېندىن يولغا چىقىپ، لى شى دەي ۋىلايىتىدىن يولغا چىقىپ بىرلىكتە ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ۋېي چىڭ ھۇنلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى. ئىككىنچى يىلى ۋېي چىڭ يەنە يۈنجۇڭدىن يولغا چىقىپ غەربتە گاۋچۆگە بېرىپ، لۇڭشىغا قەدەر ھۇجۇم قىلدى. ھۇنلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. مىليوندىن ئوشۇق چارۋا - مال ئولجا ئالدى. بەيياڭ، لۇفەن خانلىرى قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خېنەن رايونىدا شوفاڭ ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. ۋېي چىڭغا چاڭپىڭ(6) بېگىلىكى بېرىلدى ۋە 3800 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ۋېي چىڭنىڭ چېرىكچىسى سۇجيەن پىڭلىڭ بېگى جاڭ سىگۇڭ ئەنتۇ بېگى بولدى. سۇجيەن شوفاڭ شەھرىنى سېلىشقا ئەۋەتىلدى. خان: «ھۇنلار تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەدەب - قائىدىنى بۇزدى. قېرىلارغا قوپال مۇئامىلىدە بولدى. بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقا بەدەۋى قوۋملارنى ئالداپ ئەسكەر ئېلىپ، سۇيىقەست بىلەن ئورۇش قوزغاپ، چېگرىمىزغا كۆپ قېتىم ئاپەت يەتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكەر ۋە سەركەردىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى جازالىدىم.

«نەزمىنامە» دە:

شيەنيۈنگە يۈرۈش قىلىپ،
تەييۈەنگىچە باردۇق بىز.
ھارۋىنى گۈلدۈرلىتىپ،
قورغاننى پۇختا سېلىپ،
شىمال ياقنى تىنچىتىپ،
بۇ ئەلنى قوغدايلى بىز

دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟ مانا بۇگۈنگىچە كۈندە بولسا ھارۋا -
ئاتلىقلار سانغۇنى ۋېي چىڭ شىخې(7) دەرياسىدىن ئۆتۈپ،
گاۋچۈگە قەدەر باردى. 2300 دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ،
ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئات - ھارۋا، ھەربىي لازىمەتلىكلىرى ۋە
مال چارۋىلىرىنى ئولجا ئالدى. شۇڭا ئۇنىڭغا چوڭ تۆرە
مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئۇ غەربتە خېنەن رايونىنى تىنىچىتتى
ۋە كونا يۈشى قەلئەسى(8) نى تېپىپ، زىلىنىڭ (9). چوققى-
سىدىن ئۆتتى. بېيخې دەرياسىغا كۆۋرۈك سالدى. پۇنى خان(10)
غا جازا يۈرۈشى قىلىپ بۆرى قورغىنىنى تارمار قىلدى.
ھۇنلارنىڭ خىل ئەسكەرلىرى ۋە مۆكتۈرمىدىكى چارلىغۇچى
ئەسكەرلىرىدىن جەمئىي 3017 ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر
ئالدى. ئەسىر ئېلىنغانلارنى سوراق قىلىش ئارقىلىق قالغان -
قاتقان ئادەملىرىنى تۇتتى. مىليوندىن ئۇشۇق ئات، كالا،
قوي ئولجا ئېلىپ، پۈتكۈل قوشۇن بىلەن ساق - سالامەت
قايتىپ كەلدى. شۇڭا ۋېي چىڭغا 3800 تۇتۇنلۇك يەر سۇ-
يۇرغال قىلدىم» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھۇنلار ھەر يىلى
دەيجۈن، يەنمېن، دىڭشياڭ، شاڭجۈن، شوفاڭ ۋىلايەتلىرىگە
بېسىپ كىرىپ، كۆپ ئادەملەرنى بۇلىدى ۋە ئۆلتۈردى.
«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭلار.

م.ب. 124 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى
يىلى) باھاردا خەن ۋۇدىنىڭ يارلىقى بويىچە ۋېي چىڭ 30 مىڭ
چەۋەنداز بىلەن گاۋچۈدىن يولغا چىقتى. ياساۋۇلبەگ سۇ-
جيەن گېزەكچى سانغۇن، سولقول ھۇدەيچى(11) لى جۇ ئوڭ
يالىقلار سانغۇنى، ئوردا مىراقۇلى گۇڭسۇن خې چەۋەنداز
سانغۇن(12)، دەي بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى لى سەي يېنىك
ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى بولۇپ، ۋېي چىڭنىڭ قوماندانلى-
قىدا شوفاڭ ۋىلايىتىدىن يولغا چىقتى. سورۇنبەگ لى شى،

ئەنتۇ بېگى جاڭ سىگۇڭلار سانغۇن بولۇپ، يۈبېيپىڭدىن يولغا چىقتى. ئوڭ قول بىلىكخانىنىڭ يېرى ۋېي چىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشىدە ئىدى. لېكىن ئۇ، يول يىراق، خەن ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ، ھاراق - شارابقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى كېچىسى يېتىپ كېلىپ، ئوڭ قول بىلىكخانىنى قورشىۋالدى. چۆچۈپ كەتكەن ئوڭ قول بىلىكخان پەقەت ئۆزىنىڭ ئامراق توقلى ۋە بىر نەچچە يۈز چەۋەندازلىرى بىلەن قورشاۋنى بۇزۇپ شىمالغا قاچتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يېنىك چەۋەندازلار چېرىكچىسى(13) گوچېڭ قاتارلىقلار بىر نەچچە يۈز چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ يېتىشەلمىدى. پەقەت ئوڭ قول بىلىكخاندىن تۆۋەن دەرىجىلىك باسوت خانلاردىن ئون نەچچە كىشىنى ۋە ئەر - ئايال 15 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ، مىليونلاپ مال - چارۋا ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى. قورۇلغا كىرگەندە خان ئەۋەتكەن ئەلچى يوتۇن ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ۋېي چىڭنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۇلۇغ سانغۇنلۇق تامغىسىنى تاپشۇردى. ھەممە سانغۇنلار قوشۇنى بىلەن ئۇنىڭ قارمىقىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ ۋېي چىڭ ئۇلۇغ سانغۇنلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. خان: «ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ئۆزى ئەسكەر باشلاپ جەڭدە زور غەلىبە قازاندى. ھۇن خاقانلىرىدىن ئون نەچچىسىنى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېي چىڭغا يەنە 8700 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم» دېدى ھەمدە ۋېي چىڭنىڭ ئوغۇللىرى ۋېي كاڭغا يىچۈن، ۋېي بۇغا يىنئەن، ۋېي دېڭغا فاگەن بېگلىكى مەرتىۋىسى بېرىلدى. ۋېي چىڭ ئۆزرىخاھلىق بىلەن رەت قىلىپ: «پېقىر بەختىيار ھالدا ئىھتىياتچانلىق بىلەن قوشۇندا خىزمەت قىلىپ كەلدىم. قوشۇن خان ئالىيلىرىنىڭ دانالىقىغا

تايىنىپ چوڭ غەلىبە قازاندى. بۇنىڭ ھەممىسى سىپاھ ـ بەگلەرنىڭ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.
خان ئالىيلىرى پېقىر ۋېي چىڭغا ئىلتىپات قىلىپ ناھايىتى چوڭ سۇيۇرغال ئىنئام قىلدىلا. مېنىڭ باللىرىم تېخى كىچىك، ھېچقانداق تۆھپىسى يوق. ئۇلارغا يەر ـ زېمىن ئىنئام قىلىپ بەگلىك مەرتىۋە بەردىلە. بۇ ھال مېنىڭ قوشۇندا ئېھتىيات بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئەسكەرلەرنى باتۇرلارچە جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مەقسىتىمنى يوققا چىقىرىدۇ. مېنىڭ ۋېي كاڭ قاتارلىق ئۈچ ئوغلۇم بۇ ئىنئاملارنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن!» دەيدۇ. خان: «مەن سىپاھ ـ بەگلەرنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئۇلارنىمۇ ئويلاۋاتىمەن» دەيدۇ ۋە تەپتىش بەگكە يارلىق چۈشۈرۈپ: «مۇھاپىزەتچى كاھبەگ(14) گۇڭسۇن ئاۋ ئۈچ قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىللە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. قوشۇنلارغا نازارەت قىلدى، بىر بۆلۈم ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ھۇن خاقانىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمراھ بەگ(15) ئۇنۋانى بېرىلسۇن؛ كاھبەگ خەن يۆ قوشۇن بىلەن بىللە تىيەنخۇن(16) دىن چىقىپ ھۇن ئوڭ قول بىلىكخانىنىڭ بارگاھىغىچە باردى ۋە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭنىڭ قوماندانلىقىدا جەڭ قىلىپ، بىر ھۇن خاقانىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇنىڭغا لوڭئې بېگلىكى بېرىلسۇن؛ چەۋەندازلار سانغۇنى گۇڭسۇن خې ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىرلىكتە ھۇن خانىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇنىڭغا نەنپاۋ بېگلىكى بېرىلسۇن، يېنىك ھارۋىلىقلار سانغۇنى لى سەي يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىللە ھۇن خاقانىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن لى سەيگە لېئەن بېگلىكى بېرىلسۇن؛ چېرىكچى لى شۇ، جاۋ بۇيۇ، گۇڭسۇن رۇڭنۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۈچ قېتىمدىن ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىرلىكتە ھۇن خاقانىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن لى شۇغا جىجى(17)

بېگلىكى، جاۋبۇيۇگە سۇيپىڭ بېگلىكى، گۇڭسۇن رۇڭنۇغا سۇڭپىڭ بېگلىكى بېرىلسۇن؛ سانغۇنلاردىن لى جۇ، لى شى ۋە چېرىكچى دوۋرۇيى ئەسىر نۆكەر ۋەن قاتارلىقلارنىڭ تۆھپىسى بار، بۇلارغا ئۆلكە بېگلىكى بېرىلسۇن؛ لى جۇ، لى شى، دوۋرۇيىلارنىڭ ھەرقايسىسىغا 300 ئۆيلۈكتىن يەر سۇيۇرغال قىلىنسۇن» دېدى. شۇ يىلى كۈزدە ھۇنلار دەيجۈن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ كاھبەگنى ئۆلتۈردى.

ئىككىنچى يىلى باھاردا ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ دىڭشياڭدىن چىقىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ھەمرابەگ گۇڭسۇنئاۋ ئارىچى سانغۇن(18) ئوردا مىراقۇلى گۇڭسۇن خې سول قانات سانغۇن. شى بېگى جاۋسۇن تۇرشاۋۇل سانغۇن، ياساۋۇلبەگ سۇجيەن ئوڭ قانات سانغۇن، قوۋۇقچىباشى لى گۇاڭ ھىماتچى سانغۇن، سول قول ھۇدەيچى لى جۇ ئوقيالىقلار سانغۇنى بولۇپ، ئۇلۇغ سانغۇننىڭ قوماندانلىقىدا نەچچە مىڭ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى. بىرەر ئايدىن كېيىن ئۇلار يەنە دىڭشياڭدىن چىقىپ 10 مىڭدىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى. سۇجيەن ۋە جاۋسۇن 3000 دىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن تەڭرىقۇت قوشۇنلىرىغا ئۇچراپ قېلىپ بىر كۈندىن كۆپرەك ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، خەن قوشۇنلىرى تارمار بولدى. جاۋشۇن ئەسلى ھۇن بولۇپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن شى بېگى بولغاندى، ئۇ ئۇرۇش ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇنلارنىڭ ئۇنى ئۆزلىرىگە تارتىشى ئارقىسىدا قالدۇق 800 دىن ئوشۇقراق چەۋەندازلىرى بىلەن تەڭرىقۇتقا تەسلىم بولۇپ كەتتى. قوشۇنلىرى تامامەن تارمار بولغان سۇجيەن يالغۇز قېچىپ، ۋېي چىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى، ۋېي چىڭ ھەربىي ھەكەم خۇاڭ(19)، دوغاپ(20)، ئەن (21)، مۇشاۋىر جۇبا قاتارلىقلاردىن: «سۇجيەننى قانداق جازاغا تار-

قىلىشى كېرەك؟» دەپ سورىۋىدى، جۇبا: «ئۇلۇغ سانغۇن
يۇرۇشكە چىققانلىرىدىن بۇيان، بىرەر كىچىك سەركەردىمۇ
ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە سۇجيەنىنىڭ پۈتكۈل
ئەسكەرلىرى تارمار بولدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش، شۇ
ئارقىلىق ئۇلۇغ سانغۇنىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش لازىم» دەيدۇ.
لېكىن ھەربىي ھەكەم خۇڭ بىلەن دورغاپ ئەن ئۇنىڭ ئەك-
سىچە: «بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، ‹ھەربىي تەدبىرلەر› دە:
‹ئەسكەر ئاز بولۇپ تۇرۇقلۇق قاتتىق جەڭ قىلسىمۇ، ئاخىرىدا
يەنە كۆپ ساندىكى دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالىدىغان ئەھ-
ۋاللار بولىدۇ› دەپ كۆرسىتىلگەن. سۇجيەن ئۆزىنىڭ بىر-
نەچچە مىڭ ئادىمى بىلەن تەڭرىقۇتنىڭ نەچچە تۈمەن ئاد-
مىگە قارشى بىر كۈندىن ئارتۇق قاتتىق جەڭ قىلدى. ئەسكەرلەر
ئالا كۆڭۈللۈك قىلماستىن قەتئىي بولدى. ئەگەر ئۆزى قايتىپ
كەلگەنلەر ئۆلتۈرۈلىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇشتا
يېڭىلگەنلەر قايتىپ كەلمەستىن دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ
كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماسلىق كېرەك»
دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ۋېي چىڭ: «مەن خانغا تۇغقانلىق مۇناسىۋە-
تىم بىلەن قوشۇن تۇتۇپ كەلدىم. ھەيۋىسىز بولۇپ قالارمەن-
مىكىن دەپ قورقمايمەن، جۇبانىڭ مېنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ
ھەيۋەڭىزنى كۆرسىتىڭ دېگىنى تازا قاملاشمىغان گەپ بولدى.
ۋەزىپەم بويىچە ئېيتقاندا، بۇنداق سەركەردىلەرنىڭ كالل-
سىنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بولساممۇ، لېكىن مەن خاننىڭ
ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىم ئۈچۈن ياقا يۇرتلاردا ئۆز
ئالدىمغا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايمەن. بۇنى خان
ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ
ھوقۇقىنى ئۆز ئالدىغا قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلى-
قىنى كۆرسەتسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. سىپاھ بەگلەر-
نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا «بارىكاللا» ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن

سۇجيەن كۆشۈك هارۋىغا سېلىنىپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى خوچۇبىڭ دەسلەپ بەگ بولدى. خوچۇبىڭ
ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭنىڭ ئاچىسى ۋېي شاۋئېرنىڭ ئوغلى
بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى خوجۇڭرۇ ئىلگىرى ۋېي شاۋئېر بىلەن
شەھۋانىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، خوچۇبىڭ تۇغۇلغان-
دى. ۋېي زىفۇ خانىشكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ۋېي شاۋئېر
خوجىدار بەگ(22) چېن جاڭغا تەگدى. خوچۇبىڭ خانىشنىڭ
ئوغلى بولغانلىقتىن، 18 يېشىدىلا شىغاۋۇل بولدى. ئۇ چە-
ۋەندازلىق ۋە كاماندازلىقتا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى
قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن يۈرۈشكە چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم
قىلدى. ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ئۇنى خەن ۋۇدىنىڭ يارلىقى
بويىچە قىران چېرىكچى(23) قىلىپ تەيىنلىدى. خوچۇبىڭ
800 نەپەر باتۇر چەۋاندازغا قوماندانلىق قىلىپ، چوڭ
قوشۇندىن بىرنەچچە يۈز چاقىرىم ئالدىدا يۈرۈپ، ئوڭۇشلۇق
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆپ دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە تۇتقۇن قىلدى.
ئۆلگەن ۋە ئەسىر چۈشكەن ھۇنلارنىڭ سانى خەن سۇلالىسى
قوشۇنى تەرەپنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا خان:
«قىران چېرىكچى خوچۇبىڭ دۈشمەننىڭ 2028 ئادىمىنى
ئۆلتۈردى ۋە تۇتقۇن قىلدى ھەمدە دۈشمەننىڭ باش ۋەزىرى
ۋە ياساقبېگىنى، ئىچىغسە تەڭرىقۇتنىڭ بوۋا جەمەتىدىن بولغان
شىرو (24) بېگى، چان بەگنى ئۆلتۈردى. تەڭرىقۇتنىڭ تاغى-
سى روگبېينى قولغا چۈشۈرۈپ، قوشۇن بويىچە يەنە بىرىنچى-
لىكنى ئالدى. شۇڭا ئۇنىڭغا 2500 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال
قىلىپ، ئۇزغان بەگ (25) ئۇنۋانى بەردىم؛ شاڭگۇ ۋالىيسى
خاۋشيەن تۆت قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ،
دۈشمەننىڭ 1300 ئادىمىنى تۇتقۇن قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
جاۋشيەنگە جۈڭلى بېگىلىكىنى بەردىم؛ چەۋەنداز مېڭ يى ئۇ-
رۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئۇنىڭغا ئۆلكە بېگىلىك ئۇنۋانى

بەردىم ۋە 200 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم» دېدى.

شۇ يىلى ئۇرۇشتا ئىككى سانغۇننىڭ قوشۇنلىرى تارمار بولغانلىقى شى بېگىنىڭ ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكى، ئۇرۇشتا غەلىبە كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋېي چىڭغا سۇيۇرغاللىق قوشۇپ بېرىلمىدى. خان سۇجيەننى ئۆلتۈرمىدى. ئۇ پۇل بەدىلىگە قۇتۇلۇپ، ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى. ۋېي چىڭغا مىڭ جىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلىندى. بۇ چاغدا بانۇ ۋاڭ ئايىم(26) خاننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. نىڭ چېڭ (27) ۋېي چىڭغا: «سانغۇن سىلىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئانچە كۆپ دېگىلى بولمىسىمۇ، 10 مىڭ ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ئۈچ ئوغۇللىرى بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. بۇ سىلىنىڭ ئىگىچىلىرى، خانىكە ۋېي خان تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىر بانۇۋاڭ ئايىم خاننىڭ ئەتىۋارلىق خانىكى، لېكىن ئۇنىڭ جەمەتى تېخى باي ۋە مەرتىۋىلىك بولۇپ كەتمىدى. شۇڭا سىلىنىڭ ئىنئام ئالغان مىڭ جىڭ ئالتۇنلىرىنى بانۇ ۋاڭ ئايىمنىڭ ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ. ۋېي چىڭ 500 جىڭ ئالتۇننى بانۇۋاڭ ئايىمنىڭ ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خان ۋېي چىڭدىن ئەھۋالنى سورىغانىدا، ۋېي چىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. خەن ۋۇدى شۇئان نىڭ چېڭنى دۇڭخەي(28) كاھىبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ.

ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان چېرىكچى جاڭ چيەن ئىلگىرى باكترىيىگە ئەلچى بولۇپ بارغىنىدا، ھۇنلارنىڭ قولىدا ئۇزۇن مۇددەت تۇتقۇن بولۇپ تۇرغانىدى. كېيىن چوڭ قوشۇنغا يول باشلىغۇچى بولدى. ئۇ ئوت - چۆپ ۋە سۇ بار يەرلەرنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا قوشۇن ئاچ ۋە سۇسىز قالمىدى. ئۇ ئىلگىرى

يىراق چەت مەملىكەتلەرگە ئەلچىلىككە بېرىپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بىلگىبەگ بولدى.

خوچۇبىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، م.ب. 121 – يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى)، باھاردا قىران چەۋەنداز سانغۇن بولدى ۋە 10مىڭ چەۋەنداز بىلەن لۇڭشىدىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتتى. خەن ۋۇدى: «قىران چەۋەنداز سانغۇن ۋۇلىي(29) تېغىدىن ئۆتۈپ، ھۇنلارنىڭ سۇپۇ قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. ھۇن دەرياسى (30) نى كېچىپ، بەش خانلىق (31) نى بېسىپ ئۆتتى. بەيئەت قىلغانلارنىڭ ئادەملىرى، ياراق – جابدۇقلىرى، ئوزۇق – تۈلۈكلىرىگە تەگمىدى. ئۇ تەڭرىقۇتنىڭ بالىسىنى تۇتۇشنى كۆزلەيتتى. شۇڭا ئالتە كۈن يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلدى. يەنجى تېغى(32) دىن ئۆتۈپ، مىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم ئىلگىرىلىدى ۋە گاۋلەن تېغى ئېتىكىدە قاتتىق گىرەلەشمە جەڭ قىلىپ، شەزەن قان(33) نى ئۆلتۈرۈپ، رۇگورفان(34) نىڭ كالىسىنى ئېلىپ، قارشىلىق قىلغانلارنى قىرىپ، قوشۇننى قىلىچە چىقىمغا ئۇچراتماستىن، دۈشمەنلەرنى تۇتقۇن قىلدى. بۇلار قۇنشار قاننىڭ ئوغلى ۋە ۋەزىر، كاھبەگ قاتارلىق 8960 ئادەم ئىدى. ئۇ يەنە شۇتۇق خان ئىبادەت قىلىدىغان ئالتۇن بۇتنى قولغا چۈشۈردى. بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ تەخمىنەن $\frac{7}{10}$ قىسمى چىقىم بولدى. شۇڭا خوچۇبىڭگە يەنە 2200 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم» دېدى.

شۇ يىلى يازدا خوچۇبىڭ ۋە ھەمرابەگ گۇڭسۇن ئاۋ بېيدىدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلدى. بىلگەبەگ جاڭ چيەن قوۋۇقچىباشى لى گۇاڭ بىلەن بىرلىكتە يۇبېيپىڭدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. لى گۇاڭ 4000

چەۋەنداز بىلەن جەڭ مەيدانىغا ئاۋۋال يېتىپ باردى. جاڭ چيەن بولسا 10 مىڭ چەۋەنداز قوشۇن بىلەن كېچىكىپ ياردى. هۇنلارنىڭ قول بىلىكخانى نەچچە تۈمەن قوشۇن بىلەن لى گۇاڭنى قورشىۋالدى. لى گۇاڭ ئىككى كۈن جەڭ قىلدى. قوشۇنىنىڭ تەڭدىن تولىسى چىقىم بولدى. دۈشمەنىنىڭ چىقىمى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. جاڭ چيەن يېتىپ بارغاندا، هۇنلار چېكىنىپ كەتتى. جاڭ چيەن ھەربىي يۈرۈشتە كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، پۇل بەدىلىگە قۇتۇلۇپ، ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى.

بېيدەدىن چىققان خوچۇبىڭ دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. يولدىن ئېزىپ كەتكەن ھەمرابەگ گۇڭسۇن ئاۋ خوچۇبىڭ بىلەن ئۇچرىشالمىدى. چىلىيەن تېغىغا ھەممىدىن ئاۋۋال يېتىپ بارغان خوچۇبىڭ نۇرغۇن دۈشمەننى ئەسىر ئالدى. خان: «قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ جۇنجى، جۇيەن دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، توخرىلارغا باردى ۋە چىلىيەن تېغىغا ھۇجۇم قىلىپ، لۇدې (35) دېگەن جايدا زور غەلىبە قازاندى. هۇنلارنىڭ تەڭقىن خان، چۇتۇق خان ناملىق ئىككى خاقانىنى تۇتۇۋالدى ھەمدە ۋەزىر، كاھبەگ قاتارلىق جەمئىي 2500 ئادەمنى تەسلىم قىلدى. تەسلىم بولغانلارنى سۈرۈشتۈرمىدى، غەلىبىدىن كېيىن قىرغىنچىلىق قىلمىدى. جەمئىي 30،200 ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. هۇنلارنىڭ بەش نەپەر خاقانىنى، خان ئانىلىرىنى، تەگرىقۇتنىڭ ئالچىسى، تېكىنى قاتارلىق 59 ئادەمنى، يەنە ۋەزىر، سانغۇن، ياساقبەگ، كاھبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار بولۇپ 63 ئادەمنى قولغا چۈشۈردى. دۈشمەن قوشۇنىدىن تەخمىنەن $\frac{3}{10}$ ى چىقىم بولدى. شۇڭا خوچۇبىڭغا 5400 تۈتۈنلۈك يەر قوشۇپ سۇيۇرغال قىلدىم. قوشۇن بىلەن بىرلىكتە توخرىلارغا

بارغان چېرىكچىلەرگە سول قول تۆرە(36) لىك ئۇنۋانى بەردىم. شۇڭقار ئەمرلەشكەر(37) جاۋپۇنى ئىككى قېتىم قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ بىلەن يۈرۈشكە چىقىپ بىرلىكتە سۇپۇلار خانىنىڭ كالىسىنى ئالدى. جىكە خانىنى ئوڭ قول مىڭلىق چەۋەندازلار خانىنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ھەمدە تېكىندىن تۆۋەن دەرىجىلىك 41 ئادەمنى تىرىك تۇتۇپ، 3330 ئادەمنى ئەسىر ئالدى. جاۋپۇنى توشۇن ئالدىدا يۈرۈش قىلغاندا يەنە 1400 ئادەمنى ئەسىر ئالغانىدى. شۇڭا جاۋپۇنۇغا يانداش چاپاۋۇل بەگ ئۇنۋانى بەردىم؛ چېرىكچى گاۋبۇش قىران چەۋەنداز سانغۇن بىلەن بىرلىكتە قويۇنچ خانىنىڭ تېكىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 ئادەمنى قولغا چۈشۈرۈپ، 1768 ئادەمنى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گاۋبۇشقا ماستۆرە ئۇنۋانى بەردىم؛ چېرىكچى پۇدۇ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا خۇيچۇ بېگى ئۇنۋانى بەردىم» دېدى. ھەمراھبەگ گۇڭسۇن ئاۋ ھەربىي يۈرۈشتە كېچىكىپ، قىران چەۋەنداز سانغۇن بىلەن ۋاقتىدا قوشۇلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان بولسىمۇ، پۇل تۆلەپ قۇتۇلۇپ، ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى. باشقا ئاتاقلىق سەركەردىلەرنىڭ ئەسكەرلىرى، ئات ـ ئۇلاغلىرى، قوراللىرى خوچۇبىڭنىڭكىگە يەتمەيتتى. خوچۇبىڭ ئەسكەرلەرنى دائىم تاللاپ ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوچۇبىڭ دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇ باتۇر چەۋەندازلارنى باشلاپ چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى خۇددى تەڭرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندەك زادىلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتى. باشقا سەركەردىلەر دائىم كېچىكىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا خوچۇبىڭ بارغانسېرى خەن ۋۇدىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئورنى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن تەڭلىشىپ قالدى.

كېيىن ئۇنشارخان غەربتە خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن داۋاملىق يېڭىلىپ نەچچە تۈمەن ئادىمى قىران چەۋەنداز سانغۇن قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۇن تەڭرىقۇتى ئۇنىڭغا غەزەپلەندى ۋە قۇنشارخاننى چاقىر- تىپ كېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. قۇنشارخان بىلەن شۇتۇق خان مەسلىھەتلىشىپ، خەن خانلىقىغا تەسلىم بولماقچى بولدى ۋە ئالدى بىلەن چېگرىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش توغرى- سىدا ئادەم ئەۋەتتى. بۇ چاغدا سورۇنبەگ لى شى خۇاڭخې دەرياسى بويىدا قەلئە سېلىۋاتاتتى. ئۇ قۇنشارخاننىڭ ئەل- چىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى دەرھال خانغا مەلۇم قىلدى. خەن ۋۇدى ئۇلارنىڭ يالغان تەسلىم بولۇپ، چېگرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، خوچۇبىڭغا ئەسكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا يارلىق بەردى. خوچۇبىڭ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قۇنشارخاننىڭ ئوردىسىغا ئايرىم بارگاھ قۇردى. قۇنشارخاننىڭ باسوت خانى ۋە باسوت سانغۇنلىرى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىكى تەسلىم بولۇشقا ئۇنىماي قاچتى. خوچۇبىڭ ئۇچقاندەك بېرىپ، قۇنشارخان بىلەن كۆرۈشتى ۋە قاچماقچى بولغان 8000 ئادەمنى ئۆلتۈردى. قۇنشارخاننى ئالاھىدە ئادەم قوشۇپ ھارۋا بىلەن خان ئوردىسىغا ئەۋەتتى ۋە قۇنشارخا- نىڭ بارلىق ئادەملىرىنى باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتى. تەسلىم بولغانلار بىرنەچچە تۈمەنگە يەتتى، ئەمما 100 مىڭ دېيىلدى. چاڭئەنگە قايتقاندىن كېيىن خان ئۇلار- غا نەچچە 100 مىڭ يارماق پۇل - مال ئىنئام قىلدى. قۇن- شارخانغا 10 مىڭ ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ، لويىن بېگلىكى بېرىلدى. باسوت خانلىرىدىن قۇدرۇن خانغا شيامو بېگى، يەگىبي خانغا خۇيچۇ بېگى، چىنلى خانغا خېچى بېگى، چوڭ تۇتۇنبېگى تاۋۇسقا بولسا چاڭلىپ (38)

بېگلىك ئۇنۋانلىرى بېرىلدى. شۇڭا خان خوچۇبىڭنىڭ خىزمىتىنى تەقدىرلەپ: «قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ھۇنلارغا يۈرۈش قىلدى. غەربىي يۇرت خانى قۇنشارخان ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسى، ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىدى. خوچۇبىڭ 10 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر بىلەن بېرىپ، جاھىللىق قىلغان 8000 دىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى. ھۇن خانلىرىدىن 32 ئادەمنى تەسلىم قىلدى. قوشۇننى چىقىمغا ئۇچراتماي، قۇنشارخاننىڭ 100 مىڭ ئادەمىنى بويسۇندۇردى. خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا قىلىنغان بۇ قېتىمقى يۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇ يەردە ئۇرۇش ئاپىتى يوقىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىران چەۋەنداز سانغۇنغا يەنە 1700 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم. لۇڭشى، بېيدى، شاڭجۈن قاتارلىق جايلاردىكى مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمى قىسقارتىلىپ، ئەلنىڭ ئۈستىدىكى سېلىق ۋە ھاشار ئازايتىلسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن تەسلىم بولغان ئاھالىلەر قورۇل سىرتىدىكى بەش ۋىلايەت (39) كە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ يەرلەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە ياشىدى ۋە خەن خانلىقىغا بېقىندى ئەل بولۇپ تۇردى. ئىككىنچى يىلى، ھۇنلار يۇبېيپىڭ، دىڭشياڭ قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ، خەن خانلىقىنىڭ 1000 نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلىدى.

يەنە بىر يىلدىن كېيىن خەن ۋۇدى سانغۇنلارنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ: «شى بېگى جاۋسىن تەڭرىقۇتقا يول كۆرسىتىپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئۇزۇن تۇرالمايدۇ، دەپتۇ. بىر چوڭ قوشۇن ماڭدۇرساق، ۋەزىيەت چوقۇم بىز كۈتكەندەك بولىدۇ دېدى. بۇ م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئىدى. باھاردا خەن

ۋۇدى ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭلارغا ھەر بىرىنىڭ 50 مىڭدىن چەۋەنداز، نەچچە يۈز مىڭدىن پىيادە ئەسكەر ۋە تەمىنات ـ نەقلىيات قوشۇنى ئېلىپ يۈرۈش قىلىش ھەمدە غەيرەت بىلەن جەڭ قىلالايدىغان ۋە دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدىغان ئەسكەرلەرنىڭ خوچۇبىڭ قوماندىسىدا بولۇشى ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. خوچۇبىڭ دەسلەپ دىڭشياڭدىن چىقىپ، ئىجىش تەڭرىقۇت بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى. لېكىن ئەسىرگە چۈشكەن بىر ھۇن ئەسكىرىنىڭ دېگىنىدىن تەڭرىقۇتنىڭ شەرقتە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇڭا خوچۇبىڭغا دەيجۈن ۋىلايىتىدىن، ۋېي چىڭغا دىڭشياڭدىن يولغا چىقىش توغرىسىدا قايتا بۇيرۇق بېرىلدى. قوۋۇقچىباشى لى گۋاڭ تۇرشاۋۇل سانغۇن، ئوردامىراقۇلى گۇڭسۇن خې سول قانات سانغۇن، ئۇنۋانبەگ (40) جاۋيىجى ئوڭ قانات سانغۇن، پىڭياڭ بېگى ساۋشياڭ (41) ھىماتچى سانغۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭغا قارىدى. جاۋسۇن تەڭرىقۇتقا: «خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەن تەقدىردىمۇ ئەسكەرلىرى ھېرىپ ـ ھارچايدۇ. ئۇ چاغدا ھۇنلار كۈچ سەرپ قىلماستىنلا، خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى ئەسىر ئالىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى. شۇڭا لازىمەتلىك يۈكلەرنى يىراق شىمالدىكى رايونلارغا ئاپىرىپ قويۇپ، خىل ئەسكەرلەر بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى كۈتتى. ۋېي چىڭنىڭ قوشۇنلىرى قورۇلدىن 1000 نەچچە چاقىرىم چىقىپلا، سەپ تۈزۈپ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان تەڭرىقۇت ئەسكەرلىرىنى كۆردى. شۇڭا ۋېي چىڭ جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ قورغان ھاسىل قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ ۋە ھۇنلارغا قارشى 5000 چەۋەنداز ماڭدۇرىدۇ. ھۇنلارمۇ 10 مىڭ چەۋەنداز

چىقىرىدۇ. بۇ گۈگۈم چۈشۈۋاتقان چاغ بولۇپ، بوران چىقىشقا باشلىغانىدى. قۇم - تاشلار يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىنى كۆرەلمەيتتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئوڭ ۋە سول قاناتلاردىن ئەسكەر چىقىرىپ تەڭرىقۇتنى مۇھاسىرىگە ئالدى. تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ ۋە كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ، ئۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملىدى ۋە گۈگۈم چۈشكەن چاغدا يۈگۈرۈك قېچىرغا مىنىپ بىرنەچچە يۈز قاۋۇل چەۋەندازلىرى بىلەن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ، غەربىي شىمالغا قاراپ قاچتى. قاراڭغۇ كەچتە خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن هۇن قوشۇنلىرى ئۇچرىشىپ گىرەلەشمە جەڭ بولۇپ كەتتى. هەر ئىككى تەرەپنىڭ چىقىمى تەڭ بولدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سول قول چېرىكچىسى تۇتۇۋالغان ئەسىرنىڭ ئېيتىشىچە، تەڭرىقۇت قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرىلا قېچىپ كەتكەنىكەن. خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يېنىك چەۋەندازلىرى ئۇلارنى كېچىلەپ قوغلىدى. ۋېي چىڭنىڭ چوڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىلگىرىلەپ ماڭدى. هۇن قوشۇنلىرى تەرەپ - تەرەپلەرگە قاچماقتا ئىدى. تاڭ يورۇغىچە قوشۇن 200 چاقىرىمدىن ئوشۇق ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، تەڭرىقۇتنى قولغا چۈشۈرەلمىدى. لېكىن ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئۆلگەن دۈشمەننىڭ سانى 10 مىڭدىن ئاشاتتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تيەنيەن تېغىدىكى جاۋشۇن شەھىرى (42) گە كىرىپ، هۇنلارنىڭ زاپاس سۆكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قوشۇننىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تولۇقلىدى ۋە قوشۇن بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن ياندى. شەھەردە قېپقالغان سۆكلەر كۆيدۈرۈپ تاشلاندى.

ۋېي چىڭ تەڭرىقۇت بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، تۇرشاۋۇل ساڭغۇن لى گۇاڭ، ئوڭ قانات ساڭغۇن جاۋيىجىلار-

ئىنىڭ قوشۇنى شەرقىي يول بىلەن مېڭىپ ئېزىپ قالغاچقا، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ قوشۇنلىرى قايتىپ چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلگەندە ئاندىن ئۇلار بىلەن قوشۇلالىدى. ۋېي چىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلماقچى بولدى ۋە قارارگاھ بېكىتكە رەتلەپ چىقىلغان خاتالىرى بويىچە لى گۇاڭنى سوراق قىلىشقا بۇيرۇدى، لى گۇاڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. جاۋيىجى پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى. ۋېي چىڭ قوشۇنلىرى قورۇلغا قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇلار جەمئىي 19 مىڭ-دىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى.

شۇ چاغدا ھۇنلار ئون نەچچە كۈن تەگرىقۇتسىز قال-غاچقا، ئوڭ قول بىلىكخان ئۆزىنى تەگرىقۇت ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تەگرىقۇت قەبىلىلىرىنى يىغىپ توپلىۋالغاندىن كېيىن، ئوڭ قول بىلىكخان ئۆزىنىڭ تەگرىقۇتلۇق نامىنى بىكار قىلدى.

خوچۈبىڭنىڭ چەۋەنداز، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ھەربىي يۈك ھارۋىلىرى ئۇلۇغ سانغۇننىڭكى بىلەن تەڭلەشكەن بولۇپ، پەقەت، باسوت سانغۇنىلا يوق ئىدى. لى گەن قاتارلىقلار چوڭ چېرىكچى (43) لىككە كۆتۈرۈلۈپ، باسوت سانغۇن (44) لۇققا قويۇلدى. ئۇلار دەيجۈن ۋىلايىتى ۋە يۇبېيپىڭدىن چىقىپ 2000 چاقىرىمدىن ئوشۇق ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننىڭ سول تەرەپ قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. ئۇنىڭ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىش جەھەتتە يەتكۈزگەن خىزمىتى ۋېي چىڭدىن كۆپ ئىدى.

قوشۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خان: «قىران چەۋەن-داز سانغۇن خوچۈبىڭ ئۆز قوشۇنى ۋە ھۇنلاردىن تەسلىم بولغان قوشۇنلارنى باشلاپ، يېنىك ئاتلانغان ھالدا، چوڭ قۇملۇقتىن ۋە دەريالاردىن ئۆتۈپ، تەگرىقۇتنىڭ يېقىن

ۋەزىرى جانقۇرت(45) نى تۇتتى ھەمدە بەچەچ قان(46) نى ئۆلتۈردى. يەنە بۇرۇلۇپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ سول قول چوڭ سەركەردىسى چانغا زەربە بەردى ۋە دۈشمەننىڭ تۇغ ـ ئەلەم، ناغرا ـ دۇمباقلىرىنى ئولجا ئالدى. نەنخۇ(47) تېغى ئارقىلىق گۇڭلۇ (48) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تونتۇق خان (49) بىلەن خان قان (50) قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى، شۇنىڭدەك سانغۇن ۋەزىر، ياساقبەگ، كاھبەگ قاتارلىق 83 ئادەمنى قولغا چۈشۈردى. لاڭجۈشۈ تېغىدا مېھراپ ياساپ تەڭرىگە ئىبادەت قىلدى. گۇيەن (51) دە يەر مۇئەككىلىگە نەزىر بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بايقالغىچىلىك بېرىپ، 70443 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالدى ۋە ئۇلارنى سوراق قىلدى. دۈشمەن قوشۇنىدىن تەخمىنەن $\frac{2}{10}$ قىسمى چىقىم بولدى. ئوزۇق ـ تۈلۈكنى دۈشمەندىن ئالغاچقا، قوشۇن يىراقلارغا يۈرۈش قىلسىمۇ، ئاشلىقتىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى. شۇڭا قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭگە يەنە 5800 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم؛ يۇبېيپىڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى لۇبودې قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، شىڭچېڭ(52) دا ئۇنىڭ بىلەن دېگەن قەرەلدە قوشۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرلىكتە تاۋيۈ (53) تېغىغا بېرىپ، دۈشمەننىڭ 2800 ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. شۇڭا، لۇبودىغا پىلى(54) بېگلىك مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى؛ بېيدى ۋىلايىتى كاھېگى ۋېي شەن قىران چەۋەنداز سانغۇن بىلەن بىرلىكتە ھۇن خانىنى قولغا چۈشۈرگەچكە، ئۇنىڭغا يىياڭ بېگلىك مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى؛ ھەقىقەتكە قايتقان خانلاردىن ئىنچۈن قان پۈرۈز، روجان قان ئىجشان قىران چەۋەنداز سانغۇن بىلەن بىرلىكتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پۈرۈز دو بېگلىك مەرتىۋىسى، ئىجشان خانغا جۇڭلى بېگلىك مەرتىـ

ۋىسى ئىنئام قىلىندى؛ يانداش چاپاۋۇل جاۋپونۇ، چاڭۋۇ بېگى جوئانچ قاتارلىقلار قىران چەۋەنداز سانغۇن بىلەن بىرلىكتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا 300 تۈتۈندىن يەر سۇيۇرغال قىلدىم؛ يۇياڭ ۋالىيسى شىپ(55)، چېرىكچى لى گەن قاتارلىقلار دۈشمەننىڭ ناغرا-دۇمباق، تۇغ-ئەلەملىرىنى ئولجا ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆزلىكە بېگىلىك مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى. شىپىگە 300 تۈتۈن يەر، لى گەنگە 200 تۈتۈن يەر سۇيۇرغال قىلدىم؛ چېرىكچى شۈزىۋېي سولقول تۆرە قىلىندى» دېدى. سىپاھ بەگلەردىن مەنسەپكە چىققان ۋە ئىنئام ئالغانلار ناھايىتى كۆپ بولدى. لېكىن ۋېي چىڭغا سۇيۇرغال قوشۇپ بېرىلمىدى. ئۇنىڭ قوشۇندىكى سىپاھ-بەگلەر ۋە ئەسكەرلەردىن ھېچقايسىسى بەگلىك رۇتبىسىگە ئېرىشەلمىدى. پەقەت شىخې ۋالىيسى چاڭ خۈي، يۈنجۇڭ ۋالىيسى سۇي چېڭ (56) لارلا ئىنئامغا ئېرىشتى. سۇي چېڭنىڭ تەمىنات دەرىجىسى بەگلىك ۋەزىرلىرى بىلەن تەڭ بولدى. ئۇنىڭغا 200 ئۆيلۈك يەر، 100 جىڭ ئالتۇن ئىنئام بېرىلدى. چاڭ خۈيغا ئۆزلكە بېگى مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى.

ئىككى قوشۇن قورۇلدىن چىقىش ئالدىدا قىلىنغان كۆرەكتە ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ بولۇپ جەمئىي 140 مىڭ تۇياق ئات بار ئىدى. قايتىپ كەلگەن ئاتنىڭ سانى بولسا 30 مىڭغا يەتمىدى. باش ئەمرلەشكەرلىك ئورنى تەسىس قىلىنىپ، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ باش ئەمرلەشكەرلىككە تەيىنلەندى ھەمدە قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ مائاشى، ئورنى ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن تەڭ بولىدۇ دەپ يارلىق چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋېي چىڭنىڭ ئورنى بارغانسېرى چۈشۈشكە، خوچۈبىڭنىڭ ئورنى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئىلگىرى ۋېي چىڭ

نىڭ كەينىدە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى خوچۇبىگىنىڭ خىزمىتىگە كەتتى ۋە دەرھال مەنسەپكە ئېرىشتى. پەقەت رېن ئەن (57) لا كېتىشنى خالىمىدى. خوچۇبىڭ كەم سۆز، ئاغزى چىڭ، جەسۇر، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەتلىك ئادەم بولغاچقا، خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا ۋۇچى (58) ۋە سۇن ۋۇ(59) نىڭ ھەربىي ئىلمىنى ئۆگىتىش كويىدا بولدى. لېكىن ئۇ: «جەڭ پەنتلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، يالغۇز كونا ھەربىي ئىلمىنى ئۆگىنىش كۇپايە قىلمايدۇ» دەيتتى. خان ئۇنىڭغا خاس ھويلا - ئارام سالدۇرۇپ، ئۇنى كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇ: «ھۇنلار تېخى يوقىتىلمىدى. ئۆزۈمگە ئۆي - روزغار قىلىش ھاجەتسىز» دەپ جاۋاب بەرگەچكە، خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا شىغاۋۇل بولغانلىقى ۋە ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، سىپاھ - بەگ ۋە ئەسكەرلەرنى ئاسرىمايتتى. ھەربىي يۈرۈشكە چىققاندا خەن ۋۇدى ساراي داستىخانچىسى(60) ئارقىلىق نەچچە ئونلىغان ھارۋىلاردا ئوزۇق - تۈلۈك ئەۋەتەتتى. لېكىن ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئېشىپ قالغان ئاشلىق ۋە گۆشلەرنى تاشلىۋېتەتتى. ئەسكەرلەر بولسا ئاچ قالاتتى. قورۇلىنىڭ سىرتىدىكى ۋاقتىدا قوشۇندا ئاشلىق كەم بولغاچقا، ئەسكەرلەر روھسىز بولاتتى. خوچۇبىڭ مەيدان ياسىتىپ توپ تېپىپ ئوينايتتى. بۇنداق ئىشلار كۆپ بولۇپ تۇراتتى. ۋېي چىڭ رەھىمدىل بولۇپ، ئەسكەرلەرنى ئاسرايتتى ۋە باشقىلارغا يول قويىاتتى. خانغا مۇلايىم ۋە سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان ئادەم چىقمىدى.

خوچۇبىڭ م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى م.ب. 117 - يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ ئالتىنچى

يىلى) ئۆلدى. خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا ماتەم تۇتتى ۋە بېقىندى ئەللەر قوشۇنلىرىغا قارا ساۋۇت كىيدۈرۈپ، چاڭئەندىن ماۋلىڭ (61) قەبرىستانىغا قەدەر تىزدى ۋە خۇددى چىليەنشەن تېغىغا ئوخشىتىپ قەبرە ياساتتى. خوچۈبىڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى، دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئېيل ئالىمىش تۆرە» (62) دەپ نام بېرىلدى. ئوغلى خوشەن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. خوشەننىڭ يەنە بىر ئىسمى خوزىخۇ بولۇپ، خەن ۋۇدى ئۇنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ قاۋۇل بولغانلىقتىن، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى ۋەخان ھارۋىسى كاھىبگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ خان بىلەن بىرلىكتە تەيشەن (63) تېغىغا نەزىر - چىراققا بارغىنىدا ئۆلۈپ كەتتى. بالىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

خوچۈبىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ۋېي چىڭنىڭ چوڭ ئوغلى، يىچۈن بېگى ۋېي كاڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەگلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. بەش يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى يىنئەن بېگى ۋېي بۇيى، فاگەن بېگى ۋېي دېڭلار نەزىر - چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكتىن، بەگلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇزغان بەگ خوچۈبىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يەنە تۆت يىلدىن كېيىن م.ب. 106 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ بەشىنچى يىلى) ۋېي چىڭ ئۆلدى. ئۇنىڭغا «چوڭ تۆرە» دەپ شەرەپ نامى بېرىلدى. ئورنىغا ئوغلى ۋېي كاڭ ۋارىسلىق قىلدى. ئالتە يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلاندى.

تەگرىقۇتنى قورشاپ ئۇرۇش قىلىپ 14 يىلدىن كېيىن

ۋېي چىلىڭ ئۆلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلارغا قايتا ھۇجۇم قىلىنمىدى. چۈنكى خەن خانلىقىدا ئات يېتىشمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبتىكى ئىككى يۈ دۆلىتىگە، شەرقتە چاۋشيەنگە جازا يۈرۈشى قىلىنىپ، چىيائىلارغا، غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋملار(64) غا ھۇجۇم قىلىنغاچقا، ئۇزۇنغىچە ھۇنلارغا يۈرۈش قىلىنمىدى.

دەسلەپ، ۋېي چىڭنىڭ ئورنى يۇقىرى ئىدى، پىڭياڭ بېگى ساۋشۇۋ قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغاچقا، يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. شۇڭا چوڭ مەلىكە (65) ياكىشى (66): «چوڭ تۆرىلەرئىچىدە قايسىسى دانىشمەن؟» دەپ سورىدى. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى «ئۇلۇغ سانغۇن» دېيىشتى. مەلىكە كۈلۈپ: «ئۇ خانىدانىمىزنىڭ خىزمەتكارى، كەينىمدە دائىم ئاتلىق ئەگىشىپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا تەگسەم قانداق بولىدۇ؟» دېۋىدى. ئەتراپىدىكىلەر: «ھازىر ئۇنىڭ ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ مەلىكە ياكىشى خانىشىگە بۇ ئىشتىن ئىشارەت بېرىدۇ. خانىشە خانغا ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. خان ۋېي چىڭ بىلەن چوڭ مەلىكىنىڭ توي قىلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. ۋېي چىڭ ۋە چوڭ مەلىكە ئۆلگەندە ئىككىسى بىللە كۆمۈلدى ۋە لۇشەن(67) تېغىغا ئوخشىتىپ قەبرە ياسالدى.

ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ھۇنلارغا يەتتە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنىنىڭ 50 مىڭدىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. بىر قېتىم تەڭرىقۇت بىلەن جەڭ قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ شوفاڭ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. ئۇنىڭغا قايتا ــ قايتا ئۇنۋان ۋە مائاش قوشۇپ بېرىلىپ، 16 مىڭ300 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. ئۈچ بالىسىغا بەگلىك

مەرتىۋىسى بېرىلىپ ھەربىرىگە 1300 تۇتۇندىن يەر سۇيۇرغال قىلىندى. بۇنى قوشقاندا، ئۇلارغا جەمئىي 20 مىڭ200 تۇتۇن يەر سۇيۇرغال قىلىنغان بولىدۇ. ئۇنىڭ باسوت، سانغۇن ۋە چېرىكچىلىرىدىن توققۇز ئادەمگە بەگلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى. 15 ئادىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى. لى گۇاڭ، جاڭچيەن، گۇڭسۇن خې، لى سەي، ساۋشياڭ، خەن يۆ، سۇجيەن قاتارلىقلار ئۇچۇن ئايرىم تەرجىمھال يېزىلدى.

لى شى يۇجى(68) لىك، خەن جىڭدى زامانىسىدىن باشلاپ مەنسەپدار بولۇپ كەلدى. خەن ۋۇدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى سەككىزىنچى يىلى مەشقاۋۇل سانغۇن بولۇپ، قوشۇن بىلەن مايى شەھىرىدە تۇردى. يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن سانغۇنلۇق سالاھىيىتى بىلەن دەي ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلدى. يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن سانغۇنلۇق سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن شوفاڭ ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلدى. لېكىن ھەر قېتىمدا خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۈچ قېتىم سانغۇن بولۇپ، كېيىن دائىم سورۇنبەگلىك خىزمىتىدە بولدى.

گۇڭسۇن ئاۋ يىچۈلۈك، خەن جىڭدى ۋاقتىدا نۆكەر بەگ بولۇپ، خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ 12 ـ يىلى چەۋەندازلار سانغۇنى بولدى. دەيچۈن ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلىپ، 7000 ئەسكەرنى تالاپەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى. بەش يىلدىن كېيىن چېرىكچى سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ھەمرا بەگ بولدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئارىچى سانغۇن بولۇپ، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر قېتىم دىڭشياڭدىن يۈرۈش قىلدى. لېكىن

خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن سانغۇن بولۇپ بېيدىدىن يولغا چىقتى. لېكىن كېچىكىپ قىلىۋان چەۋەنداز سانغۇن بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە تېگىشلىك بولسىمۇ، پۇل تۆلەپ قۇتۇلدى ۋە ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن چېرىكچى سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلدى. يەنىلا خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. 14 يىلدىن كېيىن يېنىۋ سانغۇنى سالاھىيىتى بىلەن تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى سېلىشقا مەسئۇل بولدى. شۇنىڭدىن يەتتە يىل كېيىن يېنىۋ سانغۇنى سالاھىيىتى بىلەن ئۇرۇشقىلى چىقىپ، ھۇنلارغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. قوشۇن يۇۋۇ دەرياسىغا بارغاندا چېقىم كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، يارغۇچى بەگكە تاپشۇرۇلۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. لېكىن يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋېلىپ قېچىپ كېتىپ، خەلق ئارىسىدا بەش ـ ئالتە يىل يوشۇرۇنۇپ يۈردى. كېيىن پاش بولۇپ يەنە تۇتۇلدى. خوتۇنى داخانلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن، پۈتۈن ئائىلە جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئومۇمەن ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تۆت قېتىم سانغۇن بولدى.

لى جۇ يۈنجۇڭلۇق، خەن جىڭدى زامانىسىدىلا ئەمەلدار ئىدى. خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ 17 ـ يىلى سول قول ھۆدەيچى سالاھىيىتىدە ئوقيالىقلار سانغۇنى بولدى. بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئوقيالىقلار سانغۇنى بولدى.

جاڭ سىگۇڭ خېدۇڭلۇق، چېرىكچى سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغاچقا، ئەنتۇ بېگلىق مەرتىۋە بېرىلدى. كېيىن شاھ سانىيە ئۆلگەندە سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىغا مەسئۇل بولدى. بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي

چىلك بىلەن بىرلىكتە يۇرۇش قىلدى. ئومۇمەن ئىككى قېتىم سانغۇن بولدى. كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ بەگلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى.

جاۋسۈن ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ ۋەزىرى ئىدى. كېيىن خەن خانلىقىغا تەسلىم بولۇپ بەگ بولدى. خەن ۋۇدىنىڭ 18 - يىلى ئالدى سانغۇن بولغان جاۋسۈن جەڭدە يېڭىلىپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ كەتتى.

جاۋپىجى دۈيشۇ(69) لۇك، خەن ۋۇدىنىڭ 18 - يىلى ئۇنۋان تۇتۇقبېگى سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن يۇرۇش قىلىپ، 660 نەپەر دۈشمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى. م. ب. 120 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۆلكە بېگى بولدى. يۇزجىڭ ئالتۇن ئىنئام بېرىلدى. ئىككىنچى يىلى ئوتتۇرانچى سانغۇن بولۇپ، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە دىڭشياڭدىن يۇرۇش قىلدى. يولدىن ئېزىپ كېتىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان بولسىمۇ، پۇل تۆلەپ قۇتۇلدى. لېكىن ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى.

گوچاڭ يۈنجۇڭلۇق، چېرىكچى سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن ھەربىي يۇرۇش قىلدى، م. ب. 107 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) كېڭەشبەگلىكتىن ھۇنلارنى يوقىتىش سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ شوفاڭ ۋىلايىتىدە تۇردى ۋە قايتىپ كېلىپ كۈنىمىڭ(70) گە زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى، لېكىن خىزمەت كۆرسىتەلمىگەنلىكتىن سانغۇنلۇق مۆھرى تارتىۋېلىندى.

شۈنجى تەييۈەن ۋىلايىتى گۇاڭۋۇ ناھىيىسىدىن. ھارۋا ھەيدەشكە ئۇستا بولغانلىقتىن، شىغاۋۇل بولدى. كېيىن چېرىكچى بولۇپ، كۆپ قېتىم ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىرلىكتە يۇرۇشلەرگە قاتناشتى. م. ب. 108 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى)

سول قانات سانغۇن بولۇپ چاۋشىيەنگە ھۇجۇم قىلغان بول-
سىمۇ، خىزمەت كۆرسىتەلمىدى، بالىخانىلىق كېمە (71) سان-
غۇنى ياڭ پۇنى تۇتۇپ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن
ئۆلتۈرۈلدى.

ئومۇمەن قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ ھۇنلارغا
قارشى جەمئىي ئالتە قېتىم يۈرۈشكە چىقىپ، ئۇرۇش قىلدى.
ئۇنىڭ تۆت قېتىمىدا سالاھىيىتى بىلەن جەڭ
قىلىپ، 110 000 دىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر
ئالدى. قۇنشارخان نەچچە 10 000 ئادىمى بىلەن تەسلىم
بولغاندىن كېيىن، جېشى بىلەن جيۇچۇەن قاتارلىق جاي-
لارغا بارىدىغان يول ئېچىلىپ، غەربىي تەرەپتە ھۇنلارنىڭ پارا-
كەندىچىلىكى خېلى ئازايدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستى - ئۈستىلەپ
تۆت قېتىم ئىنئاملىنىپ، جەمئىي 17700 تۈتۈنلۈك يەر سۇ-
يۇرغال قىلىندى. قول ئاستىدىكى چېرىكچى ۋە سىپاھ بەگ-
لەردىن ئالتە ئادەم خىزمەت كۆرسىتىپ بەگلىككە ئېرىشتى.
ئىككى ئادەم سانغۇن بولدى. لۇبودې شىخې ۋىلايىتى پىڭ-
جوۋ (72) ناھىيىسىدىن. يۇ بېيپىڭنىڭ ۋالىيسى سالاھىيىتىدە
قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ بىلەن يۈرۈش قىلىپ،
خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پىلى بېگى بولدى. قىران
چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ياساۋۇل بەگ-
لىكتىن داۋالغۇشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن(73) لۇقىغا تە-
يىنلەنگەن لۇبودې جەنۇبىي يۆلەرگە يۈرۈش قىلىپ بويسۇندۇر-
غانلىقتىن، ئۇنىڭغا سۇيۇرغاللىق كۆپەيتىپ بېرىلدى. كېيىن خاتالىق
ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن بەگلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. ئۇنىڭدىن
كېيىن كىچىك ئوقيالىقلار كاھىبېگى بولۇپ جۇيەن (جۇيېرە)
دە تۇرۇپ قالدى ۋە شۇ يەردە ئۆلدى.

جاۋپونۇ تەيىيۈەنلىك. ئىلگىرى ھۇنلار ئارىسىغا قېچىپ كې-
تىپ كېيىن خەن خانلىقى تەرەپكە قايتىپ كەلدى. قىران چەۋەنداز

سانغۇن خوچۇبىڭگە ئەمرلەشكەر بولۇپ، بىيدىدىن يۈرۈش قىلىپ شۇ قېتىمدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ياندىش چاپاۋۇل ئۇنۋانى ئالدى. نەزىر - چىراق سوۋغىسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ تاپشۇرمىغانلىقتىن، بەگلىكتىن ئېلىپ تاشلاندى. بىر يىلدىن كېيىن هۇن دەرياسى سانغۇنى بولدى ۋە هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، هۇن دەرياسىغىچە بېرىپ، خىزمەت كۆرستەلمىدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن كىروران خانىغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئەسىر ئالغانلىقتىن جويىپ بېگى بولدى. يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن جۇنجىي سانغۇن بولۇپ، 20 مىڭ چەۋەنداز بىلەن هۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخانىغا هۇجۇم قىلدى. هۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخانى 80 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئۇنى مۇهاسىرىگە ئېلىپ ئۇرۇشتى. جاۋپونۇ ئەسىر چۈشۈپ، قوشۇنى تارمار بولدى. جاۋپونۇ هۇنلارنىڭ قولىدا ئون يىل تۇرغاندىن كېيىن، هۇن تېكىنى ئەنگۈر بىلەن خەن خانلىقىغا قېچىپ كەلدى. داخانلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، پۈتۈن ئائىلە - جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

ۋېي جەمەتى روناق تاپقاندىن كېيىن ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىرىنچى بولۇپ مەرتىۋىگە ئېرىشتى. كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بەش ئادەم بەگلىككە ئېرىشتى. لېكىن 24 يىل داۋامىدا بۇ بەش بەگنىڭ مەرتىۋىسى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاندى. م. ب. 92 — 89 - يىللىرى (خەن ۋۇدى جېڭخې يىللىرى) ۋەلىئەهد لىيۇجۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ۋېي جەمەتى تۈگىشىپ، خوچۇبىڭنىڭ ئىنىسى خوگۇاڭ دۆلەتمەن بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئايرىم تەرجىمھال يېزىلدى.

مۇئەررىختىن: سۇجىيەن ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭغا: «سىلى
چوڭ ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بولسىلىمۇ، لې-
كىن مەملىكەتتىكى دانىشمەن بەگلەرنىڭ ھېچقايسىسى سى-
لىنى مەدھىيىلىمەيدۇ. سىلى قەدىمكى مەشھۇر سەركەردى-
لەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، قابىل زاتلار - دانىشمەن-
لەرنى جەلپ قىلسىلا! مۇشۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەت-
سىلە بولارمىكىن!» دەپ پىكىر بەرگەنىكەن. ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي
چىڭ ئۆزرە بىلەن رەت قىلىپ: «ۋېيچى (74) بېگى دۇيىڭ (75)،
ۋۇئەن (76) بېگى تيەن فېن مېھمانلارنى ھۆرمەتلەپ
كۈتكەنلىكى ئۈچۈن، خان ھەمىشە ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيتتى.
تۆرە - ئۆلىمالارغا يېقىنلىشىش، ئۇلارنى كۈتۈش، ياخشى-
لارنى تاللاپ خىزمەتكە قويۇش، ناچارلىرىنى خىزمىتىدىن
قالدۇرۇش، بۇلار خاننىڭ ئىشى. بىز پۇقرالار قانۇنغا
بويسۇنۇپ، ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلساقلا بولدى. نېمە
ئۈچۈن تۆرە - ئۆلىمالارنى ئەتراپىمىزغا توپلاپ يۈرەت-
تۇق...» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭنىڭ كۆز-
قارىشى ۋېي چىڭنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ سانغۇن
بولغان ئادەم ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەيتتى.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2471 — 2493 - بەتلەر).

---

(1) پىڭياڭ (平阳) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى
تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى لىنفېن
ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
215 - بەت).

(2) ساۋشۇ (曹寿) خەن سۇلالىسىنىڭ قورغۇچىسى

ليۇباڭ دەۋرىدىكى پىڭياڭ بېگى ساۋسىنىڭ چەۋرىسى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 6 - توم، 3959 - بەت).

(3) ۋېي ئاۋ (卫媪) ۋېي چىڭنىڭ ئانىسى، پىڭياڭ بېگى ساۋشوۋنىڭ ئائىلە دېدىكى. (ئاۋ) ئايلا ياكى ياشىراق كۆرسىتىلگەندە چۈۋان مەنىسىدە بولۇپ، ئېرىنىڭ فامىلىسى «ۋېي» (卫)، ئۆز فامىلىسى نامەلۇم.

(«خەننامە»، 8 - توم، 2471 - بەت (2) ئىزاھ).

(4) خانىكە (皇后) خەن ۋۇدىنىڭ ھامىمىسى (خەن جىڭدىنىڭ ھەدىسى)، مەلىكە دا جاڭ (ليۇپياۋ) نىڭ قىزى چېن ئاجياۋ (陈阿娇) نى كۆرسىتىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(5) چېن جاڭ (陈掌) خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى ليۇباڭ دەۋرىدىكى ئەمەلدارلاردىن چۈنى بېگى چېن پىڭنىڭ چەۋرىسى. خوچۈبىڭنىڭ ئۆگەي ئاتىسى. خانىكە ھەرەمى، ۋەلىئەھد سارىيىنىڭ غوجىدارى ئىدى.

(«خەننامە، تۆھپىكارلار جەدۋىلى» گە قاراڭ).

(6) چاڭپىڭ (长平) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شىخۇا ناھىيىسىنىڭ 18 - چاقىرىم شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 549 - بەت).

(7) شىخې (西河) دەريا. قەدىمدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاققان بۆلىكى شىخې (غەربىي دەريا) دېيىلەتتى. بۇ يەردىكى شىخې ھازىرقى نىڭشيا ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلىرى ئارىلىقىدا جەنۇبتىن شىمالغا ئاققان قىسمى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1832 - بەت).

(8) يۈشى قەلئەسى (榆溪塞) بۇگۇنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خېتاۋ رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1318 ـ بەت).

(9) زىلىڭ (梓岭) مۇگېن تېغى (木根山) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى بۇگۇنكى شەنشى ئۆلكىسى جىڭبيەن ناھىيىسىدە.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 6 ـ توم، 3964 ـ بەت).

(10) پۇنى خان (蒲泥) هۇن خانلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2474 ـ بەت (10) ئىزاھ).

(11) سول قول هۆدەيچى (左内史) ئەمەل نامى. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىلا تەسىس قىلىنىپ، ئەسەر يېزىش ـ تۈزۈش ئىشلىرى، تۆرە ـ ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان ئەمر پەرمانلار، ئۇنۋان ـ مائاشلارنى بەلگىلەش ۋە بىكار قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئەمىنىيە دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇلدى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت ئەتراپىنى باشقۇرىدىغان بولدى. خەن جىڭدى دەۋرىدە ئوڭ، سول قول هۆدەيچىلىككە ئايرىلدى. بۇ ئەمەلدارلىق ئاساسەن خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 192 ـ بەت).

(12) چەۋەنداز سانغۇن (骑将军) ئاتلىق ئەسكەرلەر باشلىقى؛ ئاتلىق قوشۇنلار قوماندانى.

(مۇھەررىردىن).

(13) يېنىك چەۋەندازلار چېرىكچىسى (轻骑校尉) يەڭگىل قوراللانغان ۋە تېز ھەرىكەتلىنىدىغان چەۋەندازلار باشلىقى.

(مۇھەررىردىن).

(14) مۇھاپىزەتچى كابېگ (护军都尉) چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە سانغۇنلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 677 ـ بەت).

(15) ھەمراھبەگ (合骑侯) قىران چەۋەنداز، ئوزغان

تۆرە،... لەرگە ئوخشاش ئۇنۋانلار بار بولۇپ، ھەمراھبەگ «ھەمدەملەشكۈچى» مەنىسىدىكى بىر شەرەپ ئۇنۋانى.

(«خەننامە»، 8 — توم، 2476 — بەت (8) ئىزاھ).

(16) تيەنخۇن (賓浑) قورغان ئىسمى. ئورنى ئېنىق ئەمەس.

(«خەننامە»، 8 — توم، 2476 — بەت (9) ئىزاھ).

(17) جىجى (陟软) ئورنى ھەققىدە مەنبەلەردە مەلۇمات تېپىلمىدى.

(مۇھەررىردىن).

(18) ئاردىچى سانغۇن (中将军) قەدىمدىن قوشۇن ئوتتۇرا، ئوڭ، سول دەپ ئۈچكە ئايرىلاتتى. ئوتتۇرا قوشۇن قوماندانلىق قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئوتتۇرا قوشۇن سانغۇنلىرى، ئاردىچى سانغۇن دېيىلەتتى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 1 — توم، 419 — بەت).

(19) خۇڭ ھەربىي ھەكەمىنىڭ ئىسمى بولۇپ، فامىلىسى مەنبەلەردە بېرىلمىگەن.

(«خەننامە»، 8 — توم، 2477 — بەت (2) ئىزاھ).

(20) دورغاپ (长史) غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا قوشنا ۋىلايەتلەردە دورغاپ بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا قارايتتى. شۇنىڭدەك سانغۇنلار قارىمىقىدىمۇ دورغاپلار بولۇپ، قارارگاھ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 68 — بەت).

(21) ئەن (安) دورغاپنىڭ ئىسمى. فامىلىسى مەنبەلەردە بېرىلمىگەن.

(مۇھەررىردىن).

(22) خوجداربەگ (詹事) خانىش ھەرەمى، ۋەلىئەھد سارىيىنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 462 — بەت)،

(23) قىىران چىرىكچى (票姚校尉) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ شەرەپ ئىسمى. «قىران» كۆچلۈك، چاققان يىگىتلەرگە بېرىلىدىغان نام بولۇپ، كۆپرەك خوچۇبىڭ نەزەردە تۇتۇلاتتى.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 1841 — بەت).

(24) جىرو (籍若) ھۇن بەگلىكى (تۆرىلىكى).

(«خەننامە»، 8 — توم، 2478 — بەت (3) ئىزاھ).

(25) ئۇزغان بەگ (冠军侯) ھۇنلارغا قارشى جەڭلەردە خوچۇبىڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى باشقا سانغۇنلارغا قارىغاندا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئۇزغان بەگ» (بىرىنچىلىكنى ئالغان بەگ) دەپ ئۇنۋان بېرىلگەنىدى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 4 — توم، 2614 — بەت).

(26) ۋاڭ خېنىم (王夫人) خەن ۋۇدىنىڭ بانۇلىرىدىن.

(«خەننامە»، 8 — توم، 2478 — بەت).

(27) نىڭ چېڭ (宁乘) چى (齐) دېگەن يەردىن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە دۇڭخەي كاھىنى بولغان.

(«خەننامە»، 8 — توم، 2478 — بەت).

(28) دۇڭخەي (东海) قەدىمكى ۋىلايەت. دائىرىسى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى فېيشيەن، لىنيى ناھىيىلىرى ۋە جياڭسۇ ئۆلكىسى گەنيۈ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، شەندۇڭ ئۆلكىسى زاۋجۇاڭ شەھىرى ۋە جياڭسۇ ئۆلكىسى پېيشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقى، سۇچيەن، گۇەننەن ناھىيىلىرىنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركىزى تەن (بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى تەنچىڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا).

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 48 — بەت).

(29) ۋۇلېي (乌鞘山) تاغ. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىڭتاۋ ناھىيىسىنىڭ يېنىدا.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 20 — توم، 320 — بەت).

(30) خۇنۇ (狐奴) دەريا. «جۇڭگو تىلى قامۇسى» 21 – توم، 175 – بېتىدە: «خۇنۇ — قەدىمكى ناھىيە بولۇپ، ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شۇيىنى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا» دېيىلگەن. بۇ دەريامۇ ئېھتىمال شۇ يەردە بولسا كېرەك.

(مۇھەررىردىن).

(31) بەش خانلىق (五王国) خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرىسىدىن يەنجى تېغىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھۇنلارنىڭ بەش بەگلىكى نەزەردە تۇتۇلسا كېرەك.

(«ھۇن ئىمپېراتورلۇقى تارىخى»، 1 – توم، 607 – بەت).

(32) يەنجى (焉支山，燕支山，胭脂山) تاغ، ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي، شەندەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، چىلىيەن (تىلەن) تېغى بىلەن لۇڭشۇ تېغى ئارىلىقىدا جايلاشقان. شەندەن دەرياسى (خېيخې — قاراسۇ دەرياسىنىڭ تارمىقى) بىلەن شياڭخې دەرياسىنىڭ سۇ بۆلگۈچى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1569 – بەت).

(33) شەرەن خان (折兰王) شەرەن ھۇنلاردا فامىلە بولۇپ، بەگلىك شۇ فامىلىدىن ئىسىم ئالغان. شەرەن خان بۇ چاغدا ئەنە شۇ ھۇن بەگلىكىنىڭ خانى ئىدى.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2480 – بەت (7) ئىزاھ).

(34) روقۇخان (卢侯王) خېشى كورىدورىدىكى ھۇن خانلىقلىرىدىن بىرى.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2480 بەت (7) ئىزاھ).

(35) لۇدې (觻得) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«ھۇنلار تارىخى يىلنامىسى»، 30 – بەت).

(36) سول قول تۆرە (左庶长) پىكىرمە دەرىجىلىك

رۇتبىسنىڭ ئۇنىنچىسى.
(«خەننامە. ئەمەلدار، تۈرە – ۋەزىرلەر جەدۋىلى»).
(37) شۇڭقار ئەمرلەشكەر (鹰击司马) شەرەپ ئۇنۋانى.
باتۇر، جەسۇر، ھەيۋەتلىك مەنىلىرىدە، بۇ ھەربىيلەرگە بېرىلى-
دىغان ئۇنۋانلاردىن بولۇپ، «سانغۇن جاۋپونۇغا مۇشۇ ئۇنۋان
بېرىلگەنىدى.
(«خەننامە»، 8 – توم، 2481 – بەت).
(38) چاڭلې (常乐) قەدىمكى نامىيە. ئۇرنى ھازىرقى
گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»،
798 – بەت).
(39) بەش ۋىلايەت (五都) لۇڭشى، بېيدى، شاڭجۇن،
شوفاڭ، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
(مۇھەررىردىن).
(40) ئۇنۋانبەگ (主爵) خانلىقنىڭ ئۇنۋان ئىشلىرىنى
باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1202 – بەت).
(41) ساۋشياڭ (曹襄) پىڭياڭ بېگى ساۋشوۋنىڭ
ئوغلى.
(مۇھەررىردىن).
(42) جاۋسۈن شەھرى(赵信城) ھۇنلارغا تەسلىم بولغان
جاۋسۈن سانغۇنغا ھۇنلار مەخسۇس شەھەر سېلىپ، ئۇنى ماكانلاشتۇر-
غانىدى. بۇ شەھەر موڭغۇلىيىدىكى خانگاي تېغىنىڭ ئېتىكىدە.
(«تارىخىي خاتىرىلەر ئىزاھلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»،
4549 – بەت).
(43) چوڭ چېرىكچى (大校) ھەربىي ئۇنۋانىنىڭ بىر
دەرىجىسى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 625 – بەت).

(44) باسوت سانغۇن(裨将) سانغۇنلارنىڭ ئورۇن باسارى. «خەننامە، شياڭ جىنىڭ تەرجىمىھالى» دە: «شياڭ لياڭ كۆيچىگە سانغۇن، شياڭ جى بولسا باسوت سانغۇن بولغان» دېيىلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1802 – بەت).

(45) جانقۇرت(章渠) م. ب. 119 – يىلى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدا چوڭ چۆلنىڭ شىمالىدا بولغان جەڭلەردە خەن سۇلالىسىگە ئەسىر چۈشكەن ھۇن ۋەزىرلىرىدىن.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2486 – بەت).

(46) بەچەچ (北车耆) م. ب. 119 – يىلى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ چۆلنىڭ شىمالىدا بولغان جەڭلەردە ئۆلتۈرۈلگەن ھۇن خانى.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2486 – بەت).

(47) نەنخۇ (难候山) تاغ. ھۇنلار ئېلىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

(مۇھەررىردىن).

(48) گوڭلۇ(弓卢河) دەريا. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى كېرلېن (كېرۇلېن) دەرياسى بولۇپ، خۇلۇننۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 – توم، 39 – بەت).

(49) تۈنتۈق خان (屯头王) م. ب. 119 – يىلى چوڭ چۆلنىڭ شىمالىدا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدا بولغان جەڭلەردە خەن سۇلالىسىگە ئەسىر چۈشكەن ھۇن خانلىرىدىن بىرى.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2486 – بەت).

(50) خان خاقان (韩王) م. ب. 119 – يىلى گوبىنىڭ شىمالىدا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدا بولغان جەڭلەردە خەن سۇلالىسىگە ئەسىر چۈشكەن ھۇن خانلىرىدىن.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2486 – بەت).

(51) گۇيەن (姑衍山) تاغ، گوبى چۆلىنىڭ شىمالىدا
بولۇپ، ئۇلانباتور بىلەن لاڭجۇشۇ تېغىنىڭ ئارىلىقىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
445 ـ بەت).
(52) شىڭچېڭ (兴城) ھۇنلار ئېلىدىكى بىر شەھەرنىڭ
نامى. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن).
(53) تاۋيۈشەن (寿余山) تاغ. ھۇنلار ئېلىدىكى بىر
تاغنىڭ نامى. ئورنى نامەلۇم.
(مۇھەررىردىن).
(54) پىلى (邳离) يەر نامى. پىلىنى فۇلى (符离)
دېگۈچىلەرمۇ بار. فۇلى بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسى سۇشيەن ناھى-
يىسىدىكى فولى بازىرىنى كۆرسىتىدۇ.
(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 6 ـ توم، 3981 ـ بەت).
(55) شيې (解) گوبى چۆلىنىڭ شىمالىدا خەن سۇلالىسى
بىلەن ھۇنلار ئارىسىدا بولغان جەڭلەردە (م.ب. 119 ـ يىلى)
خىزمەت كۆرسەتكەن يوياڭ ۋالىيسى.
(«خەننامە»، 8 توم، 2487 ـ بەت).
(56) سۇي چېڭ (遂成) چوڭ چۆلنىڭ شىمالىدا خەن
سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدا بولغان جەڭلەردە (م. ب. 119 ـ
يىلى) خىزمەت كۆرسەتكەن يۈنجۇڭ ۋالىيسى.
(«خەننامە»، 8 ـ توم، 2487 ـ بەت).
(57) رېن ئەن (任安) شىڭياڭدىن. ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي
چىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىدى. كېيىن يىجوۋ ۋالىيسى بولدى.
ئۇ دوستلارغا سادىق، ۋاپادار كىشى ئىدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 223 ـ بەت).
(58) ۋۇچى (吴起)، م.ب.؟ — 378) يېغىلىق دەۋرىدىكى
ۋېي (卫) بەگلىكىدىن. ۋېي (魏) بېگى ۋېنخۇ زامانىدا سەر-

كەردە قىلىپ تەيىنلىنىپ، چىن بەگلىكىدىن بەش شەھەرنى تار-تىۋالغان. چىن بەگلىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، شىمىلىدا ۋالىي بولۇپ تۇرغان كېيىن ۋېي بەگلىكى باش ۋەزىرى گۇڭ شۇ پاتۇرمىغا نىلىقتىن، چۇ بەگلىكىگە قاچقان. چۇ داۋۋاڭنىڭ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇپ، سەركەردە بولغان. ئەسكەرلەر بىلەن جاپا-ھالاۋەتتە بىللە ئۆتكەن، قانۇن - پەرمانلارنى قاتتىق ئىجرا قىلغان، ئەمەل - مەنسەپ دېمىگەن. بەگلىكنى كۈچەيتىشكىلا تىرىشقان. چۇ داۋۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، بەگنىڭ ھەسەتخور تۇغقانلىرى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 488 - بەت).
(59) سۈن ۋۇ (孙武) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى بەگلىكىدىن. ھەربىي ئالىم. ئېلىمىزنىڭ دەسلەپكى نادىر ھەربىي ئەسىرى بولغان «ھەربىي ئىشلار تەدبىرلىرى» نىڭ ئاپتورى. ۋۇ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ تۇرغىنىدا غەربتە قۇدرەتلىك چۇ بەگلىكىنى تارمار قىلدى. شىمالدا چى، جىن بەگلىكلىرىگە تەھدىت سالدى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 - توم، 792 - بەت).
(60) ساراي داستىخانچىسى (太官) خاننىڭ يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرى ۋە ئوردا زىياپەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 2 - توم، 1118 - بەت).
(61) ماۋلىڭ (茂陵) قەدىمكى ناھىيە ۋە قەبرىستان. م. ب. 139 - يىلى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شىڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ماۋشياڭ يېزىسىغا خانلىق قەبرىستان قۇرۇلۇپ، ناھىيە تەسىس قىلىندى. خەن ۋۇدىنىڭ جەسىتى مۇشۇ قەبرىستانغا كۆمۈلگەن. بۇ قەبرىستان كۆلىمى جەھەتتىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش قەبرىستاننىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 569 - بەت).

(62) ئېل ئالمىش تۆرە (景桓侯) قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىلىڭ جەڭ قىلىپ ئەلنى كېڭەيتكەنلىكى ئۈچۈن «ئېل ئالمىش تۆرە»، دېگەن شەرەپ ئۇنۋانى بېرىلدى.

(«خەننامە»، 8 – توم، 2489– بەت (3) ئىزاھ).

(63) تەيشەن (泰山) تاغ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، دۇڭپىڭ كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلۇپ، زىبو شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا لۇشەن (魯) تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1614 – بەت).

(64) غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋملەر (西南夷) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، سىچۇەنىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمى ھەم يۈننەن، گۇيجۇ ئەتراپلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1834 – بەت).

(65) چوڭ مەلىكە (长公主) خاننىڭ ئىگىچىسى ياكى ھەمشىرىسى چوڭ مەلىكە دېيىلىدۇ. بۇ چوڭ مەلىكە خەن ۋۇدىنىڭ ئىگىچىسى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 – توم، 3229 – بەت).

(66) مەلىكە ياڭشى (阳石公主) ياڭشى يەر ئىسمى. ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خوچيۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ياڭشىچېڭ (阳石城) مۇ دېيىلىدۇ. خانىكە ياڭشىلىق بولغىنى ئۈچۈن مەلىكە ياڭشى دەپ ئاتالدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 – توم، 3287 – بەت).

(67) لۇشەن (庐山) تاغ، جياڭشى ئۆلكىسى جيۇجياڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا. شىمالى چاڭجياڭ دەرياسىغا، جەنۇبى بوياڭ كۆلىگە تۇتىشىدۇ. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر سەيلىگاھلىرىدىن بىرى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 – توم، 1027 – بەت).

(68) يۈجى (郁郅) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى

دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىنىياڭ ناهىيىسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 670 ـ بەت).

(69) دۇيشۇ (祋栩) قەدىمكى ناهىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى ياۋشيەن ناهىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 653- بەت).

(70) كۇنمىڭ (昆明) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي جەنۇبتىكى قوۋملەر قۇرغان خانلىق.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 470 ـ بەت).

(71) بالىخانىلىق كېمە (楼船) قەۋەتلىك قىلىپ ياسالغان كېمىلەر بولۇپ، قەدىمكى زاماندا كۆپرەك ئۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى. ئېگىزلىكى 50 نەچچە گەز كېلەتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 1624 ـ بەت).

(72) پىڭجۇ (平周) قەدىمكى ناهىيە. خەن سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى جېشيۇ ناهىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 210 ـ بەت).

(73) داۋالغۇشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن (伏波将军) جەنۇبىي يۆلەر ئېلىدە يۈزبەرگەن پاراكەندىچىلىكلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، خەن ۋۇدى لۇبودېنى داۋالغۇشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ يۇرۇشكە ئەۋەتتى.

(«خەننامە. جەنۇبىي يۆلەر ھەققىدە قىسسە» دىن).

(74) ۋېيچى (魏其) قەدىمكى ناھىيە، خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى لىنيى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى»، 1338 – بەت).

(75) دۇيىڭ (窦婴) شاھ سانىيە دۇيفاڭنىڭ جىيەنى. خەن جىڭدى دەۋرىدە ساراي غوجىدارى. ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك ئىسيانىدا ئۇلۇغ سانغۇن، ئىسيانى باستۇرغاندىن كېيىن ۋېيچى بېگى بولغان. لى (栗) ۋەلىئەھد بولغاندىن كېيىن خەلپەت بېگىلىكىگە تەيىنلەنگەن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە باش ۋەزىر بولغان. دۇيىڭ مېھماندوست زات بولغاچقا، ئەلدىكى نۇرغۇن ئەزىمەتلەر ئۇنىڭغا ھەمسۆھبەت بولغانىدى. ۋۇئەن بېگى تيەن فېن باش ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، دۇيىڭ خىزمەتتىن يىراقلاشتۇرۇلغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1774 – بەت).

(76) ۋۇئەن (武安) ناھىيە. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى، تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە بولۇپ، سەنشى ئۆلكىسىگە تۇتىشىدۇ. بېيجىڭ – گۇاڭجۇ تۆمۈريولىنىڭ تارمىقى بۇ ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

(«بىر تومluq «سىخەي». 717 – بەت).

«خەننامە» 58 ـ جىلد

## گۇڭسۇن خۇڭ، بۇشى (1) نىڭ تەرجىمىھالى

گۇڭسۇن خۇڭ زىچۇەن بەگلىكى شۆشيەن(2) ناھىيىسىدىن. ياش ۋاقتىدا شۆشيەن ناھىيىسىدە گۇندىپاي(3) بولۇپ، كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئائىلىسى كەمبەغەل بولغانلىقتىن، دېڭىز ياقىسىدا تۇڭگۇز باقتى، 40 يېشىدىن كېيىن «ئەمىنىيە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەن ۋۇدى تەختكە چىقىش بىلەنلا پەزىلەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئەھلى ئالىملەرنى، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ئىشقا قويدى. گۇڭسۇن خۇڭ مانا شۇ چاغدا 60 ياشتا ئىدى. ئۇ پەزىلەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئادەم سۈپىتىدە بىلگە(4) ئۇنۋانى بىلەن ئىشقا قويۇلدى ۋە ھۇنلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك جەريانىدا قىلغان ئىشلىرىدىن خەن ۋۇدىغا مەلۇمات بەردى، خەن ۋۇدىنىڭ كۆتكىنىدەك چىقمىغاچقا، غەزەپلەنگەن خەن ۋۇدى ئۇنى ئىقتىدارسىز ئادەم ئىكەن دەپ قاردى. گۇڭسۇن خۇڭ ئۆزىنى كېسەلىم بار دېگەن باھانە بىلەن خىزمىتىدىن بوشاندى ۋە ئۆيىگە دەم ئېلىشقا قايتتى.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2613 ـ بەت).

... خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بۇشى خەن ۋۇدىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، پۈتكۈل ئائىلە مۈلكىنىڭ يېرىمىنى چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن ۋۇدى بۇشىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى بۇشىدىن: «ئەمەلدار بولۇشنى ئويلامسىز؟» دەپ سورىدى. بۇشى: «مەن كىچىكىمدىن تارتىپ قوي باققانلىقىم ئۈچۈن ئەمەلدارلىق قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۇقمايمەن، ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايمەن» دېدى. ئەلچى يەنە: «ئائىلىڭىز بىرەر ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان بولسا، ئەرز-شىكايەت قىلماقچىمۇسىز-يا؟» دەپ سورىدى، بۇشى: «مەن ئۆمرۈمدە ھېچكىم بىلەن جېدەل-ماجىرا قىلىپ باققان ئەمەس. يۇرتداشلىرىم ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە قەرز پۇل بېرىمەن، ئەخلاقى ياخشى ئەمەسلەرگە تەربىيە بېرىمەن، ھەممە ئادەم گېپىمنى ئاڭلايدۇ. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ناھەقچىلىككە ئۇچرايمەن» دېدى. ئەلچى: «ئەگەر راست مۇشۇنداق بولسا، ئائىلە مۈلكىڭىزنى ئىئانە قىلىش بىلەن زادى نېمە مەقسەتكە ئېرىشمەكچىدىڭىز؟» دەپ سورىدى. بۇشى: «خانىمىز ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەپتۇ، مېنىڭچە، ئىقتىدارلىق كىشىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ساداقەت كۆرسىتىشى، پۇلى بارلار پۈتۈن مال-مۈلكىنى ئىئانە قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھۇنلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ» دېدى. ئەلچى بۇشىنىڭ سۆزلىرىنى خانغا ئەينەن مەلۇم قىلىۋىدى، خان بۇشىنى باش ۋەزىر گۇڭسۇن خۇڭغا ئېيتتى. گۇڭسۇن خۇڭ: «بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇشى قانۇن-قائىدىگە رىئايە قىلمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇنى ئۈلگە قىلساق قانۇن-قائىدىلەر قالايمىقانلىشىدۇ. ئالىيلىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا رۇخسەت قىلمىغايلا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەن ۋۇدى بۇشىنىڭ ئىلتىماسىغا جاۋاب بەرمىدى. بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇشى

ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. بۇشى ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن
دىن كېيىن داۋاملىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللاندى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن هۇن خانى
قۇنشارخان تەسلىم بولدى، ئوردىنىڭ چىقىمى كۆپەيدى، خەزىنە
قۇرۇقدىلىپ قالدى. كەمبەغەل ئاھالىلەر كەڭ - كۆلەمدە كۆچۈ-
رۇلدى، ئۇلار ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك جەھەتتە دۆلەت-
كە يۆلىنىپ قالدى. لېكىن دۆلەتنىڭ كۆچمەنلەرنى تەمىنلى-
گۈدەك ئىقتىسادىي قۇدرىتى يوق ئىدى. بۇشى خېنەن ۋالىيسىغا
200,000 يارماق پۇل بەردى. بۇ پۇل كۆچمەنلەرنى تەمىن-
لەش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، خېنەن ۋالىيسى كەمبەغەللەرگە پۇل
ياردەم قىلغان ئۆز رايونىدىكى بايلارنىڭ ئىسىملىكىنى خانغا
مەلۇم قىلدى. خان بۇشىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ ئۆتكەنكى
ئىشلارنى ئەسلىدى ۋە: «ئۆتكەندە ئائىلە مۈلكىنىڭ يېرىمىنى
چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئىئانە قىلماقچى بولغان ھېلىقى
بۇشى شۇغۇ» دەپ ئويلىدى ھەمدە ھەر يىلى ئەسكەرلىك
مەجبۇرىيىتى ئۆتىمەيدىغان 400 ئادەمدىن ئېلىنىدىغان مەج-
بۇرىيەت پۇلىنى بۇشىغا بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. لېكىن ئۇ
بۇ كىرىمنىڭ ھەممىسىنى يەنە ئوردىغا تاپشۇردى. بۇ ۋاقىتتا
بايلار ئۆزلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى بەس - بەس بىلەن يوشۇ-
رۇۋاتاتتى، پەقەت بۇشىلا ئۆز مال - مۈلكىنى چېگرىدىكى قو-
شۇنلارغا ئىئانە قىلىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتى. خەن ۋۇدى
بۇشىنى بۇ راستىنلا ساداقەتمەن زات ئىكەن دەپ قارىدى ۋە
ئۇنى چاقىرتىپ ئوردىغا نۆكەر بەگ قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە
ئۇنىڭغا سول قول تۆرە ئۇنۋانى بېرىپ، 100 مو يەر ئىئانە
قىلدى. بۇشىنىڭ ئۆز مال - مۈلكىنى چېگرا مۇداپىئە قوشۇن-
لىرىغا ياردەم قىلغانلىقىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ئېلان قىلىپ،
ئۇنى چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىش ئارقىلىق خەلقنى
تەسىرلەندۈردى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2625 - بەت).

(1) بۇشى (卜式) — خېنەنلىك. چارۋىچىلىق قىلىپ بېيىغان؛ خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلكە بېگى، نۆكەربەگ قاتارلىق خىزمەتلەرگە قويۇلغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 11 ـ بەت).

(2) شۆشيەن (薛县) قەدىمكى ناھىيە ـ چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى تېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 40 چاقىرىم كېلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» 1296 ـ بەت).

(3) گوۋندىپاي (狱吏) قەدىمكى زاماندا قاماقخانا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 822 ـ بەت).

(4) بىلگە (博士) قەدىمكى زاماننىڭ ئىلمىي ئەمەلدارلىرى. دەسلەپ يېغىلىقلار دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، ئورنى بەگلىكلەرنىڭ باش ۋەزىرلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىدى. چىن ۋە خەن سۇلالىلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەدىمكى ۋە ئەينى دەۋردىكى تارىخ ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە، بىلگەلەر كىتاب تۈزۈش ـ شەرھلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 144 ـ بەت).

## «خەنئامە» 59 - جىلد

## جاڭ تاڭ(1) نىڭ تەرجىمھالى

... بۇ دەل ھۇن خانى قۇنشارقان خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان، خەن سۇلالىسى چوڭ قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغنىڭ شەرقىدە(2) سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، خانىۋەيران بولغان كەمبەغەللەر ھەر تەرەپكە قاچتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالدى. جاڭ تاڭ خەن ۋۇدىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە تەڭگە ۋە يېرىم مىسقالدىن يېنىكرەك ئېغىرلىقتىكى يارماق چىقاردى، پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە تۇز ۋە تۆمۈردىن كىرىدىغان كىرىمنى تىزگىنلەپ، چوڭ سودىگەرلەرنى چەكلىدى ھەم «بايلىقىنى يوشۇرغان ۋە باج ئوغرىلىغانلارنى پاش قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يارلىقى» چىقىرىپ، ھوقۇقىغا تايىنىپ باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇچىلارنى يوقىتىشنى ئىلتىماس قىلدى. جاڭ تاڭ قەلەم ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، قارا چاپلاش، زىيانكەشلىك قىلىش يولى بىلەن قانۇننىڭ ئىجراسىغا ياردەم بەردى. ئۇ ھەر قېتىم خان ھۇزۇرىغا كىرىپ مەلۇمات سۇنغان ۋاقتىدا، ئەتىدىن - كەچكىچە دۆلەتنىڭ مەسرەپ - چىقىملىرى توغرىسىدا، سۆزلەيتتى، خەن ۋۇدى غىزالىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. بۇ

چاغدا باش ۋەزىر(3) بەقەت بوش ئورۇننى تولدۇرغۇچىلا
بولۇپ قالدى. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى جاڭ
تاڭ بىر تەرەپ قىلاتتى. لېكىن پۇقرالار تىنچ ـ ئەمىن
ياشىيالمىدى. مەملىكەت بويىچە ھەممە يەردە پاراكەندىچىلىك
يۈز بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى ھېچقانداق
پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلمىدى. ئەكسىچە مەككار ئەمەلدار-
لار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىنى
بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى. شۇڭا بۇ خىلدىكى كىشىلەر قاتتىق
جازالاندى. بىراق ۋەزىر ـ ۋۇزرالاردىن تارتىپ ئاددىي
پۇقراغىچە ھەممە گۇناھنى جاڭ تاڭغا قوييدى. شۇنداق
بولسىمۇ ئۇ شۇنچىلىك ئالاھىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە ئىدىكى،
جاڭ تاڭ ئاغرىپ قالغاندا، خەن ۋۇدى ئۆزى بېرىپ ئۇنى
يوقلىغانىدى.

ھۇنلار قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ۋەزىرلەر خەن
ۋۇدىنىڭ ئالدىدا بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشتى. بىلاگە دى
شەن (4): «قۇدىلىشىش ياخشى» دېدى. خەن ۋۇدى قانداق
ياخشىلىقى بار دەپ سورىۋىدى، دى شەن: «ئۇرۇشتا ئادەم
ئۆلىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇشنى دائىم قوزغاشقا بولمايدۇ. بۇرۇن
خەن گاۋدى ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ پىڭچېڭدا چوڭ زىيان
تارتقاندىن كېيىن، ئاندىن ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدى
تۈزگەن. خەن خۇيدى ۋە خانىكە لىۋ (خەن گاۋدى لىيۇباڭ-
نىڭ خانىكىسى) دەۋرىدە پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى خۇشال ـ
خۇرام تۇرمۇش كەچۈردى. خەن ۋېندى دەۋرىگە كەلگەندە
ھۇنلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىنماقچى بولغان-
لىقى ئۈچۈن، شىمالىي چېگرا رايون چۆلدەرەپ كەتتى. خەن
جىڭدى دەۋرىدە ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك ئىسيان
كۆتۈردى. خەن جىڭدى شەرقىي قەسىرە(5) ئارىلىقىدا بېرىپ-
كېلىپ شاھ سانىيەدىن يولىيورۇق سورىدى. پۈتكۈل مەملىكەت

خەلقى بىرقانچە ئاينى تەشۋىش ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ۋۇ، چۇ
بەگلىكلىرىنىڭ ئىسيانى باستۇرۇلغاندىن كېيىن خەن جىڭدى
ئۇرۇشنى ئۆمۈر بويى ئاغرىغا ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولدى. ھازىر ئالىي-
لىرى ھۇنلارغا يۈرۈش قىلماقچى، خەزىنىمىز قۇرۇقدىلىپ، چېگرا
ئاھالىلىرى كەمبەغەللىشىپ كەتتى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا
يەنىلا قۇدىلىشىش ياخشى» دېدى. خەن ۋۇدى جاڭ تاڭدىن
سورىدى، جاڭ تاڭ: «بۇ ھاماقەت كىتابباز ھېچنەرسە ئۇق-
مايدۇ» دېدى. دى شەن: «كەمىنىلىرى ھەقىقەتەن ھاماقەت
سادىقلاردىن بولسام، ئۇردا باش تەپتىشبېگى جاڭ تاڭغا
ئوخشاش كىشىلەر ساختىپەز سادىقلار ھېسابلىنىدۇ. جاڭ تاڭ
خۇەينەن بېگى(6) بىلەن جياڭدۇ بېگى(7) نىڭ ئەرز - دەۋا
ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغاندا، قانۇن ماددىلىرىنى ھەددىدىن
تاشقىرى قاتتىق تەكىتلەپ، بەگلەرگە بىھۇدە جىنايەت ئارتىپ،
ئۇلارنىڭ خان بىلەن بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى
يىراقلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە بەگلەر دەككە - دۈككى-
گە چۈشتى. كەمىنىلىرى جاڭ تاڭنىڭ ساختا سادىقلىقىنى
بۇرۇندىنلا بىلەتتىم» دېۋىدى، خەن ۋۇدى چىرايىنى تۈرۈپ:
«سېنى بىر ۋىلايەتنى ساقلاشقا ئەۋەتسەم، ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمى-
نى توسيالامسەن؟» دېدى. دى شەن «ياق» دەپ جاۋاب
بەردى. خەن ۋۇدى: «ئۇنداقتا بىر ناھىيىنى قوغدىيالامسەن؟»
دېدى. يەنىلا «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. خەن ۋۇدى يەنە:
«ئۇنداق بولسا چېگرىدىكى بىرەر قورغاننى ساقلىيالامسەن؟»
دەپ سورىدى. دى شەن «ياق» دېسەم قانۇن ئورۇنلىرىغا
تاپشۇرۇپ جازالايدۇ دەپ ئويلاپ «ساقلايمەن» دەپ جاۋاب
بەردى. شۇنىڭ بىلەن دى شەن چېگرىدىكى بىر قورغاننى
قوغداشقا ئەۋەتىلدى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن
كېيىن ھۇنلار دى شەننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ

دىن كېيىن ۋەزىر - ۋۇزرالار قورقۇپ، جاڭ تاڭنىڭ چىشىغا تېگەلمەيدىغان بولدى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2641 — 2642 - بەتلەر).

---

(1) جاڭ تاڭ (张汤) دۇلىڭلىق. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ياشىغان ئەربابلاردىن، خەن ۋۇدى دەۋرىدە كېڭەشچىلىك ۋە باش تەپتىشبەگ بولغان. ئاخىرىدا جۇمەيچېن قاتارلىقلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 956 - بەت).

(2) تاغ شەرقىدە (山东) شياۋشەن (崤山) ئىزاھىغا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

(3) بۇ چاغدا باش ۋەزىر ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار لى سەي (李蔡) ۋە جۇاڭ چىڭدى (庄青翟) لار ئىدى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 6 - توم، 4167 - بەت).

(4) دى شەن (狄山) خەن ۋۇدى دەۋرىنىڭ بىلگەلىرىدىن بولۇپ، ھۇنلارغا يۈرۈش قىلماسلىق ھەققىدە پىكىر بەرگەنلىكى ئۈچۈن، غەزەپلەنگەن خان ئۇنى چېگرىدىكى بىر قەلئە مۇھاپىزەتچىلىكىگە تەيىنلىدى. بىر ئايغا قالماي ھۇنلار كاللىسىنى كېسىپ كەتتى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 504 - بەت).

(5) شەرقىي قەسىر (东宫) (1) ۋەلىئەھدلەر سارىيى. (2) تۈرىلەر توقاللىرىنىڭ سارىيى. (3) خەن سۇلالىسى تۈزۈمىدە شاھ سانىيە چاڭلې قەسىرىدە تۇراتتى. بۇ قەسىر ۋېيياڭ قەسىرىنىڭ شەرقىدە بولغاچقا، شاھ سانىيە قەسىرى ئادەتتە شەرقىي قەسىر دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1527 - بەت).

(6) خۇەينەن بېگى (淮南王) خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى ليۇ باڭنىڭ ئالتىنچى ئوغلى ليۇ چاڭنىڭ ئوغلى ليۇ ئەن (刘安) نى كۆرسىتىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1441 ـ بەت).

(7) جياڭدۇ بېگى (江都王) خەن جىڭدىنىڭ ئوغلى جياڭدۇ بېگى ليۇ فېينىڭ ئوغلى ليۇ جيەن (刘建) نى كۆرسىتىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

# جاڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجىمىھالى

جاڭ چيەن خەنجۇڭلۇق، خەن ۋۇدى جيەنيۈەننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (م. ب. 140 — 135 - يىللىرى) نۆكەر بەگ بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھۇنلار توخرى خانىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى شاراب قاچىسى قىلىۋالغان. توخرىلار قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھۇنلارغا غەزىپى بار بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىدىغان ياردەمچىگە ئىگە بولالمىغانىدى. بۇ ۋاقىتتا خەن سۇلالىسى ھۇنلارنى يوقىتىشقا تەييارلانىدى. شۇڭا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن يول ھۇنلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەچكە، ئۇ يەرگە ئەلچى بولۇپ بارالايدىغان ئادەم ئىزدەشكە توغرا كەلدى. جاڭ چيەن نۆكەر-بەگ سۈپىتى بىلەن ئەلچى بولۇپ توخرىلارغا بارماقچى بولىدۇ. ئۇ تاڭيى دېگەن ئادەمنىڭ قۇلى گەنفۇ(1) بىلەن بىرلىكتە لۇڭشىدىن يولغا چىقىدۇ. ھۇنلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەنىدە قولغا چۈشۈپ قېلىپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەڭرىقۇت: «توخرىلار بىزنىڭ شىمالىمىزدا تۇرسا، خەن سۇلالىسى نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىدىكەن؟ مەن جەنۇبىي يۆ خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولسام، خەن سۇلالىسى بۇ-

نىڭغا ئۇنامدىكەن؟» دەيدۇ ـ دە، جاڭ چيەننى 10 نەچچە يىل تۇتقۇن قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆيلەپ قويىدۇ. ئۇ بالىلىق بولىدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

جاڭ چيەن ھۇنلارنىڭ غەربىي تەرىپىدە تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن قېچىپ توخرىلار تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ ۋە غەربكە قاراپ بىرقانچە 10 كۈن يول مېڭىپ پەرغانىگە يېتىپ بارىدۇ. پەرغانىلىكلەر خەن سۇلالىسىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. شۇڭا جاڭ چيەننى كۆرۈپ خۇشال بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورايدۇ. جاڭ چيەن: «مەن خەن ئەلچىسى، توخرىلارغا بارىمەن. يولدا ھۇنلارغا تۇتۇلۇپ قېلىپ قېچىپ چىقتىم. خاننىڭ ئادەم قوشۇپ ئاپىرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئۇ يەرگە بېرىپ ۋەزىپەمنى ئورۇنداپ قايتىپ كېتەلىسەم، خەن سۇلالىسى سىلىگە كۆپ مال ـ دۇنيا ئىنئام قىلىدۇ» دەيدۇ. پەرغانىلىكلەر بۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ ۋە جاڭ چيەنگە تىلماچ، يول باشلىغۇچى قوشۇپ كاڭگاغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. كاڭگا خانلىقى ئۇنى يەنە توخرىلارغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئۇلۇغ توخرىلار خانى ھۇنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئورنىغا خانىكىسى خان بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار باكترىيىنى بويسۇندۇرۇپ، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىۋالغانىدى. باكترىيىنىڭ يېرى مۇنبەت، بايلىقى مول بولۇپ. توخرىلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى خاتىرجەم تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن سۇلالىسى ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ھۇنلاردىن ئۆچ ئېلىش نىيىتى يوق ئىدى. جاڭ چيەن توخرىلاردىن چىقىپ باكترىيىگە باردى. بۇ جەرياندا توخرىلار بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقىلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن

ئېنىق جاۋاب ئالالمىدى.

جاڭ چيەن بۇ بەردە بىر يىلدىن ئوشۇق تۇرۇپ، جەنۇبىي تاغ(2) نى بويلاپ چياڭلارنىڭ ئارىسى بىلەن قايتماقچى بولىدۇ. لېكىن كۈتۈلمىگەندە يەنىلا ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، بىر يىلدىن ئوشۇق تۇتقۇن بولىدۇ. تەگرىقۇت ئۆلۈپ ئەل ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچقان جاڭچيەن ئۆزىنىڭ ھۇن خوتۇنى ۋە تاڭيى گەنفۇ بىلەن بىرلىكتە خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى جاڭ چيەنگە كېڭەشبەگ، تاڭيى گەنفۇغا غۇلامبەگ(3) لىك ئەمەلى بېرىدۇ.

جاڭ چيەن قەيسەر، كەڭ قورساق، ئىناۋەتلىك ئادەم بولغاچقا، يات قوۋملار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. تاڭيى گەنفۇنىڭ ئاتىسى ھۇنلاردىن بولۇپ، ئۆزى ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. يولدا ئوزۇقى تۈگەپ ئامالسىز قالغاندا، قۇش ۋە ھايۋانلارنى ئېتىپ ئوزۇق قىلغانىدى. دەسلەپ جاڭ چيەن يۈز نەچچە ئادەم بىلەن يولغا چىققان بولسىمۇ، 13 يىلدىن كېيىن ئاران ئىككى ئادەم قايتىپ كەلدى.

جاڭ چيەن پەرغانە، ئۇلۇغ توخرىلار، باكترىيە، كانگاغا باردى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 5 — 6 چوڭ خانلىقنىڭ ئەھۋالىنى باشقىلاردىن ئۇقۇپ، ئۇلارنىڭ يەر شەكلى، بايلىقى ئۈستىدە خەن ۋۇدىغا مەلۇمات بەردى (بۇنىڭ تەپسىلاتى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلغان). جاڭ چيەن: «پىيقىر باكترىيىدە چيۇڭ دېگەن يەرنىڭ بامبۇك ھاسىسى، شۇ (سىچۇەن) نىڭ رەختلىرىنى كۆردۈم ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدۇم. باكترىيىلىكلەر: «بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز ھىندۇ (ئەنەتكەك)(4) دۆلىتىدىن ئېلىپ كەلگەن. ھىندۇ دۆلىتى باكترىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇلار ئولتۇراق خەلق، ئۆرپ -

ئادەتلىرى باكترىيىلىكلەرگە ئوخشايدۇ. لېكىن يېرى ئويمان،
نەم بولغاچقا، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. ئۇ يەردە ئادەملەر
پىلغا مىنىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇ دۆلەت دېڭىزغا يانداشسىپ
تۇرىدۇ، دېدى. مۆلچەرىمچە، باكترىيە خەن سۇلالىسىدىن 12
مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق يىراقلىقتا بولۇپ، خەن سۇلالىسى-
نىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ھىندلار بولسا باكترى-
يىنىڭ بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان.
شۇ ۋىلايىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ بولغىنىغا قارىغاندا، ئۇلار شۇ
ۋىلايىتىدىن يىراقتا بولمىسا كېرەك. ھازىر باكترىيىگە ئەلچى
ماڭدۇرساق، ئۇلار چياڭلارنىڭ ئارىسى بىلەن ماڭىدۇ. بۇ يول
ناھايىتى خەتەرلىك ۋە مۈشكۈل، چياڭلار ئۆتكۈزمەيدۇ. سەل
شىمال بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلسە، ھۇنلار تۇتقۇن قىلىدۇ.
شۇ ۋىلايىتىدىن ئۇدۇل يول بار، بۇلاڭچىلارمۇ يوق» دېيدۇ.
خەن ۋۇدى پەرغانە، كانگا ۋە ئارساك(ى) لارنىڭ چوڭ دۆ-
لەتلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن ئاجايىپ نەرسىلەرنىڭ كۆپ
چىقىدىغانلىقىنى، خەلقى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۆرپ -
ئادەتلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، لېكىن
ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئاجىز ئىكەنلىكىنى، خەن سۇلالىسىنىڭ
مەھسۇلاتلىرىنى ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شىمالىدا
ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن كانگالارنىڭ بارلىقىنى، ھەربىي كۈچ
جەھەتتە ئۇلارنىڭ كۈچلۈكرەك ئىكەنلىكىنى. مال - بايلىق
تەقدىم قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، ئۇلارنىڭ پايدىنى كۆز-
لەپ زىيارەتكە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە ئەگەر ئۇلارنى
ئەدەب - قائىدە بىلەن بويسۇندۇرۇپ كېتىشكە بولسا، زېمىننى
چەكسىز كېڭەيتىشكە، تىلدىن - تىلغا تەرجىمە قىلىش يولى
بىلەن يىراق يات ئەللەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسى-
نىڭ ھەيۋىتى ۋە مېھرى - شەپقىتىنى پۈتكۈل ئەللەرگە تار-
قاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. خەن ۋۇدى ئويلىغانسېرى

خۇشاللىنىپ، جاڭ چيەننىڭ سۆزى ئورۇنلۇق دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ ۋە چيەنۋېي ۋىلايەتلىرىدىن ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇشقا يارلىق چۈشۈردى. ئەلچىلەر ماڭ(6)، رو(7)، شى(8)، چيۇڭ، بو قاتارلىق يەرلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ھەرقايسىسى 1 — 2 مىڭ چاقىرىم يول ماڭدى. ئۇلار شىمالدا تۇرالار ۋە زولار، جەنۇبتا سۈي (سۈيجۇ)(9) ۋە كۇنمىڭلەر تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالدى. كۇنمىڭ قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى يوق بولۇپ، ئۇلار بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى كۆرسىلا ئۆلتۈرەتتى ۋە بۇلايتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ يولدىن زادىلا ئۆتەلمىدى. لېكىن خەن سۇلالىسىگە كۇنمىڭنىڭ غەربىدە، تەخمىنەن مىڭ نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا پىلغا مىنىدىغان «ديەنيۆ»(10) ناملىق بىر دۆلەتنىڭ بارلىقى ھەمدە شۇ ۋىلايەتتىكى سودىگەرلەردىن ئۇ يەرگە تىجارەت قىلىشقا كەتكەنلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. خەن سۇلالىسى باكترىيىگە بېرىش يولىنى ئىزدەش ئۈچۈن ديەن خانلىقى بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى. ئىلگىرى خەن سۇلالىسى غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋملەر بىلەن ئالاقە باغلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كۆپ چىقىم كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، توختىتىپ قويغانىدى. جاڭ چيەننىڭ غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋملەر رايونلىرى ئارقىلىق باكترىيە بىلەن ئالاقىلىشىش مۇمكىن دېگەن سۆزىدىن كېيىن، بۇ ئىش يەنە قولغا ئېلىندى.

جاڭ چيەن چېرىكچى مەنسىپىدە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇ يەر شارائىتىنى بىلگەچكە، قوشۇن، ئوت - چۆپ ۋە سۇدىن قىسىلمىدى. ئۇنىڭغا بىلگە بەگ(11) ئۇنۋانى بېرىلدى. بۇ م. ب. 123 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) بولغان ئىش ئىدى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى م. ب. 121 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى)

ياساۋۇلبەگ مەنسپىگە كۆتۈرۈلگەن جاڭ چيەن لى گۇاڭ
بىلەن بىرلىكتە يۇبېيپىڭدىن چىقىپ هۇنلارغا هۇجۇم قىلدى.
هۇنلار سانغۇن لى گۇاڭنى مۇهاسىرە قىلىۋالدى. قوشۇننىڭ
كۆپ قىسمى هالاك بولۇپ پىتىراپ قاچتى. جاڭ چيەن ۋاقـ
تىدا يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە مەهكۇم بولدى.
پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى.
شۇ يىلى قىران چەۋەنداز سانغۇن خو چۈبىڭ هۇنلارنىڭ
غەربىي قىسمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە تۈمەن
ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە تىلەن تېغىغىچە قوغلاپ باردى. كۈزدە
قۇنشارقان ئادەملىرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى.
شۇنىڭ بىلەن جىنچېڭ، خېشى ۋىلايەتلىرىنىڭ غەربى ھەمدە
جەنۇبى تاغدىن لوپنۇرغىچە هۇنلاردىن ئەسەر قالمىدى. بەـ
زىدە چارلىغۇچىلىرى كەلسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناهايىتى ئاز
ئىدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن خەن سۇلالىسى هۇن تەڭـ
رىقۇتى ئىجىشىنى قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتتى.
خەن ۋۇدى جاڭ چيەندىن باكترىيە تەرەپتىكى ئەهۋالـ
لارنى كۆپ سۈرۈشتە قىلدى. جاڭ چيەن مەنسىپىدىن مەهرۇم
بولۇپ قالغانلىقتىن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «پېقىر هۇنلارـ
نىڭ ئارىسىدا تۇرغان چېغىمدا ئاسيۇلارنىڭ خانىنىڭ نامـ
نىڭ كۈنبېي (كۈنبەك) ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ
ئاتىسى ناندۇبېي(12) ئىكەن. ئۇلار ئەسلىدە ئۇلۇغ توخرىلار
بىلەن تىلەن تېغى ۋە دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان كىچىك
دۆلەتلەر ئىكەن. ئۇلۇغ توخرىلار ناندۇبېيگە هۇجۇم قىلىپ،
ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، يەرلىرىنى تارتىۋاپتۇ. ناندۇبېينىڭ خەلقى
هۇنلار ئىچىگە قېچىپتۇ. يېڭى تۇغۇلغان بالىسى كۈنبېينى
ئاتا بەك بۇجۇ يابغۇ(13) ئېلىپ قېچىپ تورايلىق ئىچىگە يوشۇرۇپ
قويۇپ، ئۇنىڭغا ئوزۇق ئىزدەشكە كېتىپتۇ. قايتىپ
كەلسە بىر چىشى بۆرە ئۇنى ئېمىتىۋېتىپتۇ، يەنە گۆش چىشـ

لىگەن بىر قارغا ئەتراپىدا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.
بۇنى كۆرۈپ تەڭرى يار بولۇپتۇ دەپ ئويلاپتۇ ۋە بالىنى
هۇنلارنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. تەڭرىقۇتنىڭ ئا-
راقلىقى كېلىپ ئۇنى بېقىپتۇ. بۇ بالا چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندە،
تەڭرىقۇت ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئېلىنى كۇنبېيگە تاپشۇرۇپ بې-
رىپتۇ ھەمدە قوشۇنغا باش قىلىپتۇ. ئۇ كۆپ خىزمەت كۆرسە-
تىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلۇغ توخرىيلار هۇنلار تەرىپىدىن ئاللىقا-
چان مەغلۇپ قىلىنىپ، غەربتە ساقلار(14) نىڭ خانىغا هۇ-
جۇم قىلىپتۇ، ساق خانى ئېلىنى ئېلىپ يىراق جەنۇبقا كۆ-
چۈپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ توخرىلار ساقلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال
قىلىپتۇ. كۇنبېي كۈچەيگەندىن كېيىن، تەڭرىقۇتقا ئاتىسىنىڭ
ئۆچىنى ئېلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىپتۇ ۋە غەربكە يۈ-
رۈش قىلىپ، ئۇلۇغ توخرىلارنى يېڭىپتۇ. ئۇلۇغ توخرىلار
يەنىمۇ غەربكە كۆچۈپ، باكترىيىگە بېرىپتۇ. كۇنبېي ئۇلارنىڭ
خەلقىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ ۋە شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ، هەر-
بىي جەھەتتە بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا
تەڭرىقۇت ئۆلگەچكە، كۇنبېي هۇنلارغا زىيارەتكە بېرىشنى ۋە
بېقىندى بولۇشنى خالىمايدۇ. هۇنلار ئەسكەر چىقىرىپ هۇجۇم
قىلغان بولسىمۇ، غەلىبە قىلالمايدۇ ۋە تەڭرى ئۇنى يۆلەۋا-
تىدۇ دەپ ئۇلاردىن يىراق قاچىدۇ. هازىر تەڭرىقۇت خەن
سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. كۇنبېينىڭ ئەجداد-
لىرى تۇرغان يەرلەر بوش قالدى. يات قوۋملەر كونا يۇرت-
لىرىنى سېغىنىدۇ، ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ بايلىقلىرىغا قىزى-
قىدۇ. مۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كۆپ مىقداردا سوۋغا -
سالام تەقدىم قىلىش يولى بىلەن ئاسىيۇلارنى كونا
يۇرتلىرىغا كۆچۈپ كېلىشكە ئۈندەش كېرەك. خەن سۇلالىسى
كۇنبېيگە مەلىكە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولۇش لازىم.
شۇ چاغدىلا ئۇ دائىم خەن سۇلالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان

بولىدۇ. بۇ ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىۋەتكەنلىك بولىدۇ. ئاسىيۇلار بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، ئاسىيۇلارنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان باكترىيە قاتارلىق خانلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى خەن سۇلالىسىنىڭ چەت ئەللەردىكى رەئىيەتىگە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ» دەيدۇ. خەن ۋۇدى بۇنى توغرا تاپىدۇ ۋە ئۇنى ئەمىر نۆكەر قىلىدۇ. جاڭ چيەن 300 كىشىگە باش بولۇپ، كىشى بېشىغا ئىككىدىن ئات ئېلىپ، 10 مىڭدىن ئوشۇق كالا - قوي ھەيدەپ، قىممىتى نەچچە مىڭ تۈمەن پۇلغا يارايدىغان ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق بايلىقلارنى ئېلىپ، ئەلچىلىك دىستىكى تۇتقان نۇرغۇن نائىب ئەلچىلەر بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئىمكانىيەت تېپىلغاندا يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولىدۇ.

جاڭ چيەن ئاسىيۇغا بېرىپ، خاننىڭ مەقسىتىنى يەتكۈزىدۇ، لېكىن، ئىجابىي جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنغان. جاڭ چيەن پەرغانە، كانگا، توخرى، باكترىيىگە نائىب ئەلچىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ئاسىيۇلار تىلماچ ۋە يول باشلىغۇچى بېرىپ جاڭ چيەننى ئۆز ئېلىگە يولغا سېلىپ قويىدۇ. جاڭ چيەن ئاسىيۇلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئونلىغان ئاتلارنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. ئاسىيۇلار خانى بۇ ئەلچىلەرگە خەن سۇلالىسىنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ.

جاڭ چيەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سورۇنبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر يىلدىن كېيىن جاڭ چيەن ئەۋەتكەن نائىب ئەلچىلەر باكترىيە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ،

ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ يولنى جاڭ چيەن ئېچىپ يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقتىن، كېيىنكى ئەلچىلەر- نىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى بىلگىبەگ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. چەت ئەللىكلەرمۇ بۇلارغا ئىشەندى. ئاسىيۇ ئاخىرى خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشتى.

دەسلەپ خەن ۋۇدى پال سالدۇرغاندى. پالدا: «خىس- لەتلىك ئات يۇقىرى كۇنپېتىش تەرەپتىن چىقىدۇ» دەپ چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خەن سۇلالىسى ئاسىيۇ ئاتلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنى «تۇلپار» دەپ ئاتىدى. كېيىن پەرغا- نىنىڭ چىلانتورۇق ئاتلىرىغا ئىگە بولدى. بۇ ئاتلار ئاسىيۇ ئاتلىرىدىنمۇ قاۋۇل بولغاچقا، ئاسىيۇ ئاتلىرىنى «يىراق كۇن- پېتىش ئېتى» دەپ ئۆزگەرتىپ، پەرغانە ئاتلىرىنى «تۇلپار» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى لىڭجۇنىڭ غەربىدە مۇداپىئە قورغانلىرى سېلىشقا باشلىدى، جيۇچۇەن ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، غەربىي شىمالدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلماقچى بولدى ۋە ئارساك، ئائورسى(15)، راپكىن(16)، تاجىك (تەزىك)(17)، ئەنەتكەك قاتارلىق دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. خەن ۋۇدى پەرغانە ئېتىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئات ئېلىشقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇردى. ئەلچىلەرنىڭ سانى ھەر قېتىم كۆپ دېگەندە نەچچە يۈز، ئاز دېگەندە يۈز نەچچە ئادەم بولاتتى. ئۇلار ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن - كۈمۈش ۋە تاۋار - دۇردۇنلار بىلگىبەگ جاڭ چيەننىڭ ۋاقتىدىكىدىن قېلىشمايتتى. كېيىن باردى - كەلدى كۆپىيىپ، ئەلچى ئەۋەتىش بارغانسېرى ئازايدى. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىمۇ ھەر يىلى كۆپ بولغاندا

10 نەچچە تۆركۈم ئاز بولغاندا، 5 — 6 تۆركۈم ئەۋەتىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىراققا كەتكەنلىرى 8 — 9 يىلدا، يېقىنغا كەتكەنلىرى بىرنەچچە يىلدا قايتىپ كېلەتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا خەن سۇلالىسى جەنۇبىي يۆ خانلىقىنى يوقاتقانىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن شۇ ۋىلايىتى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يولدىكى غەربىي جەنۇب يات قوۋملىرى خەن سۇلالىسىدىن ئەمەلدار ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى زاڭكې، يۆسۈي، يىجۇ، چېنلى(18)، ۋېنشەن(19) ۋىلايەتلىرىنى قۇرۇپ، زېمىننى باكترىيىگە تۇتاشتۇرماقچى بولۇپ، بىر يىلدا 10 نەچچە تۆركۈم ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر يېڭى تەسىس قىلىنغان ۋىلايەتلەر ئارقىلىق يولغا چىقىپ يەنىلا كۇنمىڭدا توسۇلۇپ قالدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. پۇل - ماللىرى بۇلاپ كېتىلدى. شۇڭا خەن سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ كۇنمىڭغا ھۇجۇم قىلدى. نەچچە تۈمەن ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. كېيىن يەنە ئەلچى ئەۋەتتى، يەنە توسۇلۇپ قالدى. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى «غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋملەر ھەققىدە قىسسە»دە بايان قىلىنغان.

جاڭ چيەن چەت ئەللەرگە بارىدىغان يولنى ئېچىپ ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىك ئەمەلدارلار چەت ئەللەردىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار ۋە ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان پايدىسى توغرىسىدا يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئەلچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىلتىماس قىلىشتى. خەن ۋۇدى يولنىڭ ئىنتايىن يىراقلىقى، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا ماقۇل بولدى ۋە ئەلچىلىك تەمتىكى بەردى، ئۇلارنىڭ تارىخى قانداق ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلماستىنلا، ئەلچى ئۆمىكى قىلىپ ئەۋەتىۋەردى. شۇ ئارقىلىق ئالاقە باغ-

لاش دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولغانىدى. بۇ ئەلچىلەر بې-
رىش - كېلىش جەريانىدا دۆلەتنىڭ پۇل - ماللىرىغا خىيا-
نەت قىلدى. ئوردىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشتى.
خان مۇشۇنداق ئادەتكە ئۆگىنىپ قالغانلارنى ئېغىر جازاغا
تارتتى ۋە پۇل - ماللىرى بىلەن جىنايىتىنى يۇيۇشقا بۇي-
رۇدى. لېكىن ئۇلارنىڭ يەنە ئەلچى بولۇش توغرىسىدىكى
تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ئەلچى بولىمىز دېگەنلەر بارغانسېرى
كۆپەيدى. ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن قورقمايتتى. ھەتتا
ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەرمۇ چەت
ئەللەرنىڭ ئىشلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆككە كۆتۈرەتتى. خەن
ۋۇدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ مۇبالىغىچىلەرنى ئەلچىلىككە،
كىچىك مۇبالىغىچىلەرنى ياردەمچى ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى قۇرۇق گەپ ساتىدىغان پەزىلەتسىز
كىشىلەر بەس - بەس بىلەن ئۇلارنى دوراشقا باشلىدى.
ئۇلار خان بەرگەن بايلىقلارنى ئۆزلىرى بىلگەنچە خىيانەت
قىلىپ ۋە ئەرزان باھادا سېتىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ئۇلار
ھەر خىل لاپ گەپلەرنى قىلىپ، چەت ئەللىكلەرنى خەن سۇ-
لالىسىدىن بىزار قىلىۋەتتى. چەت ئەللىكلەر خەن سۇلالىسى
ئەسكەرلىرى يىراقتا، بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ،
خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەي، قىيىن-
چىلىق تۇغدۇراتتى. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بولسا ئاشلىق-
سىز قېلىپ ئۇلارنى ئەيىبلەيتتى. ھەتتا ئۇلار بىر - بىرىگە
ھۇجۇم قىلىشاتتى. كروران، قوس كىچىك دۆلەتلەردىن بولسىمۇ،
لېكىن قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانىدى. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ
ئەلچىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قات-
تىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇن چەۋەنداز-
لىرىمۇ ئۇلارغا دائىم توسۇپ ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. خەن
ئەلچىلىرى چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، كروران

بىلەن قوسىنى بويسۇندۇرۇش پايدىلىق. بويسۇندۇرالماسلىق زىيانلىق، ئۇلار شەھەرلەردە تۇرىدۇ، ھەربىسى كۆچى ئاجىز، ھۇجۇم قىلىش ئاسان دەپ مەلۇم قىلغاچقا، خەن ۋۇدى يانداش چاپاۋۇلبەگ جاۋ پونۇنى بېقىندى ئەللەر چەۋەندازلىرى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ھۇنلار تامامەن چېكىنىپ كەتتى. ئىككىنچى يىلى قوسنى ئىشغال قىلىپ، كرووران خانىنى ئەسىر ئالدى. جيۇچۈەندىن يۈمېن (قاشقوۋۇق) قوۋۇقى(20) غىچە كەنت ۋە قورغانلارنى قۇردى.

پەرغانە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ئەلچى قوشۇپ ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خەن سۇلالىسىگە تۆگىقۇشى تۇخۇمى ۋە داكچىن سېھىرگەرلىرىنى ئەۋەتتى. خەن ۋۇدى ناھايىتى خۇشال بولدى. يەنە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى كۆزەتكەن خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئۇ يەردىكى تاغلاردا قاشتېشىنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ، بىر ئاز قېزىپ ئېلىپ كېلىشتى. خەن ۋۇدى قەدىمكى خەرىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى قۇرۇمتاغ (قاراڭغۇ تاغ، كۇئېنلۇن) دەپ ئاتىدى.

بۇ چاغدا خەن ۋۇدى دېڭىز بويلىرىنى كېزىپ كەچۈرۈۋاتاتتى. شۇڭا چەت ئەللىك مېھمانلارنى چوڭ، ئادىمى كۆپ، ئاۋات شەھەرلەرگە ئېلىپ باردى ۋە كۆپ مىقداردا پۇل - مال، تاۋار - دۇردۇن تەقدىم قىلىپ، ياخشى غىزالاندۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ باي ۋە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى ھەمدە كەڭ - كۆلەملىك چېلىشىش، ئۇسسۇل، سېھىرلىك ئويۇنى كۆرسەتتى. ئۇنى كۆپ تاماشىچىلار كۆردى. خان ئويۇن قويغۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى ۋە شاھانە زىياپەت

ئۈتكۈزدى. چەت ئەللىك مېھمانلارنى خەزىنىدىكى بايلىقلار كۆرسىتىلدى، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەشەمەت قۇدرىتى نامايان قىلىنغاچقا، كۆرگەن مېھمانلار ھەيران قالدى. كۆرەشچىلەر، سېرىكچىلەر ماھارىتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى، سېرىك ئويۇنلىرى بارغانسېرى ياخشىلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئويۇنلار كۈندىن - كۈنگە راۋاجلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەللىك ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇردى. لېكىن پەرغانىنىڭ غەربىدىكى ئەللەر ئۇزلىرىنىڭ يىراقلىقىدىن پايدىلىنىپ كۆرەڭلەپ كەتكەچكە، ئۇلارنى ئەدەب - قائىدە بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ تىزگىنلەش مۇمكىن بولماي قالدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئەلچىلىرىنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەلچىلەرگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتكەن بىرمۇنچە خىزمەتكارلار خانىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن: «پەرغانىدە ياخشى ئاتلار بار، لېكىن ئۇنى سۇترىشنا شەھىرىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە كۆرسەتمەيۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلىشىدۇ. خەن ۋۇدى پەرغانە ئاتلىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پەرغانە ئاتلىرىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ ۋە باتۇر چې لىڭ(21) قاتارلىقلارنى نۇرغۇن ئالتۇن ۋە ئالتۇن ئات ھەيكەللى قاتارلىق نەرسىلەرنى سۇترىشنا شەھىرىدىكى پەرغانە ئېتىغا تېگىشىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. پەرغانىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيۇملىرى كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئالتۇن ئات ھەيكەللى قاتارلىق نەرسىلەرگە قىزىقمايدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ: «خەن سۇلالىسى بىزدىن يىراقتا، ئەگەر كېلىدىغان بولسا تۇزلۇق كۆلدە ھالاك بولىدۇ، شىمالدا ھۇنلار پاراكەندە قىلىدۇ، جەنۇبتا ئوت - چۆپ، سۇ يوق بولغانلىقتىن، ماڭغىلى بولمايدۇ. يېقىن يولدىكى

رايونلاردا نە شەھەر، نە ئاشلىق يوق. بۇرۇن يۆزلەپ كەلگەن خەن ئەلچىلىرىنىڭ يىرىمىدىن تولىسى ئاچلىقتىن ئۆلگەن، مۇنداق ئەھۋالدا خەن سۇلالىسى قانداق قىلىپ چوڭ قوشۇن ئەۋەتەلىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇتىرىشنا ئاتلىرى پەرغانىنىڭ ئىسىل ئاتلىرى تۇرسا» دېيىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار خەن ئەلچىلىرىگە نەسىللىك ئاتلارنى بېرىشنى خالىمايدۇ. خەن ئەلچىسى غەزەپكە كېلىپ تىللايدۇ ھەمدە ئالتۇن ئات ھەيكىلىنى چېقىپ تاشلايدۇ. پەرغانە ئاقسۆڭەكلىرىمۇ غەزەپلىنىپ: «خەن ئەلچىلىرى بىزنى كۆزگە ئىلمىدى» دەپ ئۇلارنىڭ كەشنى توغرىلاپ قويىدۇ ۋە شەرقىي قىسمىدىكى ئۆزكەنت خانىغا خەن ئەلچىلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش ۋە ئۆلتۈرۈش، مال ـ بايلىقلىرىنى تارتىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. خەن ۋۇدى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ. ئىلگىرى پەرغانىگە ئەلچى بولۇپ چىققان ياۋدىڭخەن قاتارلىقلار خانىغا: «پەرغانە ھەربىي كۈچ جەھەتتە ناھايىتى ئاجىز، پەقەت ئۈچ مىڭچە ئەسكەر ئەۋەتىلسىلا، كۈچلۈك ئوقيالار بىلەن ئېتىپ پەرغانىنى تارمار كەلتۈرۈشكە بولىدۇ» دەيدۇ. خان ئىلگىرى جويى بېگى جاۋپونۇنى رورانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ 700 چەۋەنداز بىلەن جىددىي يۈرۈش قىلىپ، كىرورەن خانىنى تۇتقۇن قىلغانىدى. شۇڭا خان ياۋدىڭخەن قاتارلىقلارنىڭ سۆزىنى توغرا تاپىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئامراق كىچىك خانىشىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرىنى بەگ قىلىش مەقسىتى بولغاچقا، كىچىك خانىشىنىڭ ئاكىسى لى گۇاڭلىنى بەگلىك ئۇنۋانى ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى سانغۇن قىلىپ پەرغانە يۈرۈشىگە ئەۋەتىدۇ.

جاڭ چيەننىڭ نەۋرىسى جاڭ مېڭ، يەنە بىر ئىسمى جاڭ زىيۇ ئىدى، ئۇ قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇپ، خەن يۈەندى ۋاقتىدا كېڭەشبېگى بولغانىدى. ھۇنلارغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ قايتقاندىن

كېيىن، باش غوجىدار(22) بولدى. شى شيەن(23) نىڭ تۆھمىتى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىنىڭ سىڭلىسى، بافولى ئايىمنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چاڭيى ئەيۋاڭ(24) لىيۇبو(25) نى تۇغقان. م. ب. 104 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ بىرىنچى يىلى) خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىنى سۇترىشنا سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى. بېقىندى ئەللەردىن 6000 چەۋەنداز ئېلىپ، ھەر-قايسى ۋىلايەت، بەگلىكلەردىن نەچچە تۈمەن بىكار تەلەپ ياشلارنى يىغىپ، پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. بۇنىڭدىن مەقسەت سۇترىشنا شەھىرىگە بېرىپ ياخشى ئاتلارنى ئېلىش بولغاچقا، «سۇترىشنا سانغۇنى» دەپ ئاتالدى. سابىق جاۋ بېگى ۋاڭ خۇي قوشۇنغا باشلامچى بولدى. ئۇلار غەربتە شورلۇق (لوپنۇر) كۆلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يول بويىدىكى كىچىك خانلىقلار ئۆز شەھەرلىرىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك بەرمەيتتى. خەن قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالالمايتتى. شەھەرنى ئالغانلار ئوزۇق - تۈلۈككە ئېرىشىپ، ئالالمىغانلار بىرقانچە كۈن ئۇرۇشقاندىن كېيىن چېكىنىپ، ئۆز يولىنى داۋام قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۆزكەنت شەھىرىگە بارغاندا ئاران بىرنەچچە مىڭلا ئەسكەر قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ئاچ ۋە ھارغىن ئىدى. ئۇلار ئۆزكەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، شەھەر قاتتىق مۇداپىئە قىلىنغانلىقتىن، كۆپ ئەسكەر ئۆلۈپ، يارىدار بولدى. سۇترىشنا سانغۇنى ئەتراپىدى-كىلەر بىلەن كېڭىشىپ: «ئۆزكەنت شەھىرىنى تېخىچە ئالالمىساق، خانلىقنىڭ پايتەختىنى قانداق ئالارمىز؟» دېيىشىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا بېرىش - كېلىش بولۇپ ئىككى يىل

ۋاقىت ئۆتتىدۇ. دۈنخۇاڭغا قايتىپ كەلگەندە، قوشۇننىڭ ئوندىن بىر ـ ئىككىسىلا قالدى. شۇڭا خانغا ئادەم ئەۋەتىپ: «يول يىراق، ئاشلىق يوق، ئەسكەرلەر جەڭ قىلىشتىن قورقمىدى، ئاچلىقتىن قورقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ئاز، پەرغانىنى ئېلىشقا كۆزىمىز يەتمىدى. ۋاقتىنچە چېكىنىپ ئەسكەرنى تولۇقلاپ، قايتا ھۇجۇم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىمىز» دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان خەن ۋۇدى ئادەم ئەۋەتىپ يۈمېن قوۋۇقىنى توسىدۇ ۋە: «يۈمېن قوۋۇقىدىن كىرىشكە جۈرئەت قىلغان سىپاھ ـ بەگلەر-نىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ. قورققان سۇترىشنا سانغۇنى دۈنخۇاڭدا تۇرۇپ قالىدۇ.

شۇ يىلى يازدا (م. ب. 103 ـ يىلى، خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن سۇلالىسى جويىپ بېگى جاۋپونۇنى 20000 دىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار پۈتۈنلەي تارمار بولىدۇ. شۇڭا ئوردىدىكى مەنسەپدارلار پەرغانىگە قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشنى توختىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۇنلارغا زەربە بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىدۇ. لېكىن خەن ۋۇدى پەرغانىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەسكەر ماڭدۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ پەرغانىدەك كىچىككىنە بىر دۆلەتنى بويسۇندۇرالمىساق، باكترىيە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسىنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ، پەرغانە ئېتىغا زادىلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئاسىيۇ، بۈگۈر(26) بەگلىكلىرىمۇ خەن ئەلچىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالىدۇ. چەت ئەللىكلەر ئالدىدا مەسخىرىگە قالىمىز، دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن پەرغانىگە يۈرۈش قىلىشقا جىددىي قارشى چىققۇچى دېڭ گۇاڭ(27) قاتارلىقلار جازاغا تارتىلىپ، زىندانىدىكى جىنايەتچىلەرگە ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۇلار ئەسكەرلىككە قاتناشتۇرۇلدى. بىكار تەلەپ ياشلار ھەم

چېگرىدىكى چەۋەندازلاردىن قوشۇن تەشكىل قىلىنىپ، بىر
يىلدىن ئوشۇق تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەنگەندىن كېيىن،
دۇنخۇاڭدىن 60000 ئادەم يۈرۈش قىلدى. ئوزۇق ـ تەمىنات
توشۇغۇچىلار ۋە ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلار بۇ سانغا
كىرمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 100000 كالا، 30000
ئاتتىن تاشقىرى ئاشلىق ئارتىلغان ئېشەك، قېچىر، تۆگىلەر
10 نەچچە مىڭغا يەتتى. قورال ـ ياراق، يەم ـ خەشەك
تولۇق بولۇپ، پۈتۈن دۆلەت غەليانغا كەلدى. جايلاردىن
پەرغانە يۈرۈشىگە ياردەم قىلىنغان نەرسىلەر جىددىي توشۇلدى
ۋە قوشۇندا 50 تىن ئوشۇق چېرىكچى بار ئىدى.

پەرغانە پايتەختىدە قۇدۇق يوق بولۇپ، ئۇلار شەھەر
سىرتىدىن كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىنەتتى. شۇڭا خەن
قوشۇنلىرى سۇ ئىشچىلىرىنى ئەۋەتىپ، سۇ يولىنى ئۆزگەرتتى،
كونا سۇ يولى بويلاپ كولانغان لەخمە بىلەن شەھەرگە
ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. چېگرا مۇداپىئە قوشۇنىدىن يەنە
180000 ئادەم ئەۋەتىلىپ، جيۇچۈەن، جاڭيېنىڭ شىمالىدا
جۈيەن (جۈيېرە)، شۇتۇق (28) ناھىيىلىرى تەسىس قىلىنىپ،
جيۇچۈەن مۇھاپىزەت قىلىندى. يەنە دۆلەت بويىچە ھەربىي
خىزمەت ئۆتەشكە يىغىلغان 7 خىل ئادەملەر(29) ھەم
سۈترىشنا سانغۇنىغا ئوزۇق ـ تەمىنات توشۇغۇچى خادىملار ۋە
ھارۋىلار دۇنخۇاڭغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈزۈلمەي مېڭىپ
تۇراتتى. يەنە ئات تونۇيدىغان ئىككى نەپەر كىشىنى ئات
تاللىغۇچى ۋە ئات ھەيدىگۈچى چېرىكچى قىلىپ تەيىنلەپ،
پەرغانىنى يەڭگەندىن كېيىن ياخشى ئاتلارنى تاللاپ ئېلىشقا
تەييارلىق قىلىندى.

سۈترىشنا سانغۇنى ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغاندا،
ئەسكىرىي كۈچى كۆپ بولغانلىقتىن، بارغانلا يەردە كىچىك
دۆلەتلەر ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئەسكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن

ئەمىنلىدى. قوشۇن بوگۇرگە يېتىپ كەلگەندە، بوگۇر تەسلىم
بولمىغانلىقتىن بىرنەچچە كۈن ئۇرۇش بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى
ۋە ئەسكەرلىرى قىرىپ تاشلاندى. بۇ يەردىن غەربكە ماڭدى،
30000 خەن ئەسكىرى پەرغانە شەھىرىگە تىنچ ـ ئامان
يېتىپ باردى. پەرغانە ئەسكەرلىرى خەن سۇلالىسى ئەسكەرلى-
رىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسى ئەسكەر-
لىرى ئوقيا ئېتىپ، ئۇلارنى قايتۇردى. پەرغانە ئەسكەرلىرى
چېكىنىپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى. سۇترىشنا سانغۇن ئەسلىدە
ئۆزكەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى
ئالالماي ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، پەرغانىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر
ئىشلىتىشىدىن ئەنسىزەپ. ئاۋۋال پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىش
قارارىغا كەلدى ـ دە، ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ، سۇ
يولىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن پەرغانە قاتتىق
ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدى. خەن قوشۇنلىرى شەھەرنى
مۇھاسىرە قىلىپ، 40 نەچچە كۈن ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە
تاشقى شەھەر ئېلىنىپ، پەرغانە ئېسىلزادىلىرىدىن پالۋان
جانىبېي ئەسىر چۈشتى. قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالغان پەرغا-
نىلىكلەر ئىچكى شەھەرگە چېكىندى، پەرغانە مۆتىۋەرلىرى ئۆز-
ئارا كېڭىشىپ: «خەنلىكلەر شۇنىڭ ئۈچۈن پەرغانىگە ھۇجۇم
قىلىۋاتىدۇكى، بۇنىڭ سەۋەبى، خان ئۆگە ياخشى ئاتلارنى
يوشۇرغۇزۇپ قويۇپ، خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. بىز خاننى
ئۆلتۈرۈپ، ياخشى ئاتلارنى چىقىرىپ بەرسەك، خەن قوشۇن-
لىرى مۇھاسىرىنى بوشىتىشى مۇمكىن. ئەگەر مۇھاسىرىنى
بوشاتمىسا، يەنە بىر قېتىم قاتتىق جەڭ قىلساقمۇ ئۈلگۈ-
رىمىز» دېيىشتى. بۇ مەسلىھەتنى توغرا كۆرگەن پەرغانە
ئېسىلزادىلىرى خاننى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئەلچى ئارقىلىق
سۇترىشنا سانغۇنغا چىقارتتى ۋە شەرتلىشىپ: «خەن قوشۇنى
ھۇجۇمنى توختاتسۇن، بىز ياخشى ئاتلارنى چىقىرىپ بېرىمىز،

خالىغانچە ئالىۋالىسىلەر ۋە خەن قوشۇنلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيمىز. ئەگەر شەرتىمىزگە كۆنمىسەڭلار، پۈتكۈل ياخشى ئاتلارنى قىرىپ تاشلايمىز. كانگىيا ياردەمچى قوشۇنلىرىمۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرىغا بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز ئىچىدىن، كانگىيا قوشۇنلىرى سىرتتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئوبدان ئويلاڭلار!» دەيدۇ. كانگىيالىقلار خەن قوشۇنلىرىنى چارلاپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ، ئىلگىرىلەشكە پېتىنالمايۋاتاتتى. پەرغانە شەھىرىدە يېقىندا كەلگەن قۇدۇق قېزىشنى بىلىدىغان داكچىنلىقلارنىڭ بارلىقىنى، شەھەردە ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ كۆپلۈكىنى ئاڭلىغان سۇترىشنا سانغۇنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ: «بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنىڭ مەقسىتى باش جىنايەتچى ئۇگەنى ئۆلتۈرۈش ئىدى. ئۇگەنىڭ بېشى كەلتۈرۈلدى. ئەگەر شەرتىگە ماقۇل بولمىساق، ئۇلار جەزمەن قاتتىق مۇداپىئە قىلىدۇ. كانگىيالىقلار خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ھارغان ۋاقىتتا پەرغانىگە ياردەمگە كېلىپ، قوشۇنىمىزنى جەزمەن تارمار كەلتۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ. ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بۇنى توغرا تاپىدۇ ۋە پەرغانىنىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولىدۇ. پەرغانىلىكلەر ئاتلارنى چىقىرىپ، خەنلىكلەرنىڭ تاللىۋېلىشىغا قويىدۇ ۋە خەن قوشۇنلىرىنى نۇرغۇن ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. خەن قوشۇنلىرى ياخشى ئاتلاردىن بىرنەچچە ئوننى ۋە ئوتتۇراھال ئاتلاردىن ئەركەك - بايتال بولۇپ 3000 دىن ئوشۇقراقىنى تاللىۋالىدۇ. پەرغانە ئېسىلزادى-لىرىدىن ئىلگىرى خەن ئەلچىلىرىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلغان مەساي(30) ئاتلىق كىشىنى خان قىلىپ، بىتىم تۈزۈشىدۇ. خەن قوشۇنلىرى ئاخىر ئىچكى شەھەرگە كىرەلمەستىن قايتىپ كېتىدۇ.

باشتا سۇترىشنا سانغۇنى دۇنخۇاڭدىن چىقىپ غەربكە

يۇرۇش قىلغاندا. ئادەم كۆپ بولۇپ، يول ئۇستىدىكى دۆلەتلەر ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ كېتەلمەسمىكىن دەپ قوشۇننى بىر قانچىگە بۆلۈپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول بىلەن يۈرۈش قىلغانىدى. چېرىكچى ۋاڭ شىنشىڭ، سابىق خۇدەيچى خۇچۇڭگو(31 قاتارلىق مىڭدىن ئوشۇق ئادەم باشقا يول بىلەن ئۆزكەنت شەھىرىگە بارىدۇ. ئۆزكەنتلىكلەر شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ، ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. ۋاڭ شىنشىڭ بىلەن چوڭ قوشۇننىڭ ئارىلىقى ئىككى يۈز چاقىرىم كېلەتتى. دۈشمەننى سەل چاغلىغان كۆرەڭ ۋاڭ شىنشىڭ قاراملىق قىلىپ ئۆزكەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ۋاڭ شىنشىڭ ئەسكىرىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى ئۇقۇپ قالغان ئۆزكەنتلىكلەر ئەتىگەنلىكى 3000 ئادەم بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ۋاڭ شىنشىڭ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرىدۇ. قېچىپ قۇتۇلغان بىرنەچچە ئادەملا سۇترىشنا سانغۇننىڭ يېنىغا بارىدۇ. سۇترىشنا سانغۇنى ساڭبېگى شاڭگۇەن جېنى ئۆزكەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، ئۆزكەنت شەھىرى تەسلىم بولۇپ، خانى كانگاغا قاچىدۇ. شاڭگۇەن جې ئۇنى كانگاغا قەدەر قوغلاپ بارىدۇ. خەن قوشۇنىنىڭ پەرغانىنى تارمار قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان كانگالىقلار، ئۆزكەنت خانىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. شاڭگۇەن جې ئۇنى تۆت چەۋەندازغا ھەيدىتىپ، سۇترىشنا سانغۇنغا ئەۋەتىدۇ. يولدا بۇ تۆت ئەسكەر كېڭىشىپ: «ئۆزكەنت خانى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، بۈگۈن ئۇ تىرىك قولغا چۈشتى. كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ قالارمىكىن» دېيىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن ھېچكىم بىرىنچى بولۇپ قول سالالمايدۇ. شاڭگۇي(32) لۇق چەۋەندەز جاۋدى شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئۆزكەنت خانىنى ئۆلتۈرىدۇ. شاڭگۇەن جېنىڭ قوشۇنلىرى سۇترىشنا سانغۇننىڭ قوشۇنلىرىغا يېتىشىۋالىدۇ.

دەسلەپ سۇترىشنا سانغۇنى ئىككىنچى قېتىم يولغا

چىققاندا، خەن ۋۇدى ئاسىيۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئەسكەر چىقىرىپ پەرغانىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاسىيۇ دۆلىتى 2000 چەۋەنداز چىقىرىپ ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلىنىپ ئىلگىرىلىيەلمىدى. سۇتىرىشىنا سانغۇنى غەلىبە بىلەن شەرققە قايتقاندا، پەرغانىنىڭ تارمار بولغانلىقىنى ئاڭلىغان يول بويىدىكى كىچىك دۆلەتلەر، پەرزەنتلىرىنى سۇتىرىشىنا سانغۇنىغا قوشۇپ خەن سۇلالىسىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ ھەمدە خاننى زىيارەت قىلىپ شۇ يەردە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. خەن قوشۇنلىرى قايتىپ يۇمېن قوۋۇقىغا كەلگەندە، ئاران 10000 دىن ئوشۇق ئادەم، 1000 دىن ئوشۇق ئات قالىدۇ. سۇتىرىشنا سانغۇن ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغاندا ئاشلىقتىن قىسىلمىغان، ئۇرۇشتا كۆپ ئادەم ئۆلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلدارلارنىڭ خىيانىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلەرنى ئاسرىماسلىقى، ئەسكەرلەرنىڭ تەمناتىغا خىيانەت قىلىشى نەتىجىسىدە كۆپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خان بۇ ئەمەلدارلارنىڭ يىراقتا جەڭ قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى سۈرۈشتە قىلمىدى ھەمدە يارلىق چۈشۈرۈپ: «ھۇنلار ئۇزۇندىن بۇيان خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئاپەت بولۇپ كەلگەنىدى. ھازىر ئۇلار قۇملۇقنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ توخرىلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى توسۇپ قويىدى. ئەمىر نۆكەر جىياڭ(33) بىلەن يەنمېن ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى راڭ(34) نى توسۇپ ئۆلتۈردى. باغراش (بوستان) ئېلى(35) نىڭ غەربىدىن پەرغانىگىچە بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇراللىق چاقسابېگى(36) چې لىڭنى، ئەمىرنۆكەر چاۋ(37) ۋە ئەنەتكەك ئېلىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشقا

ئوسقۇنلۇق قىلدى. جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بۇ دۆلەتلەرگە سۇترىشنا سانغۇنى جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە پەرغانىنى يەڭدى. خەن قوشۇنلىرى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تاغ - دەريالاردىن ئېشىپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، غەربىي كۆل(38) ئارقىلىق يىراق غەربىي يۇرتقا باردى. تاغلاردا قار ئاز بولغاچقا، غەربىي يۈرۈشكە قولاي بولدى. خانلارنىڭ كاللىسى ئېلىندى. ئوردىغا ئېلىپ كېلىنگەن قىممەتلىك ئاجايىپ بۇيۇملار ئوردا ئالدى راۋاقتا كۆرگەزمە قىلىندى. شۇڭا لى گۇاڭلىغا خەيشى بېگىلىكى ئۇنۋانى بېرىلىپ، 8000 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. يەنە ئۆزكەنت خانىنى ئۆلتۈرگەن جاۋدىغا شىنجى(39) بېگىلىكى ئۇنۋانى بېرىلدى. غەربىي ھەكەم جاۋ شىچېڭ ئەڭ كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن كېڭەشبېگى-لىككە تەيىنلەندى. شاڭ گۇەنجې دۇشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەندى. لى دو تەدبىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن شاڭداڭ ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى» دېدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى غەربىي ئەمەلدارلاردىن ئۈچ ئادەم 9 ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. يۈزدىن ئارتۇق كىشى بەگلىكلەر ۋەزىرلىكىگە ۋە ۋىلايەت ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ 2000 تاغاردىن ئاشلىق مائاش ئالىدىغان بولدى. 1000 تاغاردىن تۆۋەن ئاشلىق مائاش ئالىدىغان ئەمەلدارلار 1000 دىن ئاشتى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇنغا قاتناشقانلارنىڭ ئېرىشكەن مەنسىپى ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. جىنايىتى بىلەن ھەربىيگە قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەر جىنايىتىدىن خالاس قىلىندى، ئۇلارغا تۆھپە خاتىرىلەنمىدى. ھەربىر ئەسكەرگە قىممىتى 40 مىڭ يارماق كېلىدىغان مال - بايلىق ئىنئام قىلىندى. پەرغانىگە قىلىنغان ئىككى قېتىملىق جازا يۈرۈشكە جەمئىي تۆت يىل ۋاقىت كەتتى.

11 يىلدىن كېيىن، يەنى م. ب. 90 - يىلى (خەن ۋۇدى جىڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى يەنە 70000 چەۋەنداز بىلەن ۋۇيۇەن ۋىلايىتىدىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە جىجۇشۇي(40) دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەغلۇپ بولۇپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ئاخىر قولىغۇ تەگرىقۇت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە يېزىلدى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2687 — 2704 - بەتلەر).

---

(1) گەنفۇ (甘父) بەزى مەنبەلەردە تاڭيى (堂邑) فامىلە، گەنفۇ ئىسمى بولۇپ، ھۇنلۇق قۇل ئىدى دېيىلسە؛ بەزى مەنبەلەردە تاڭيى ناھىيىسىدىكى بىراۋنىڭ گەنفۇ ئىسىملىك ھۇن قۇلى دېيىلىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، 6 - توم، 3158 - بەت).

(2) جەنۇبىي تاغ (南山) چىلەن، قاراڭغۇ تاغ (كۇئېنلۇن)، ئالتۇن تاغلار قەدىمكى زاماندا جەنۇبىي تاغ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەردە چىلەن تېغى نەزەردە تۇتۇلغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 419 - بەت).

(3) غۇلامبەگ (奉使君) ئەلچىلەر خىزمىتىدە چەتئەللەرگە بارغان خادىملار.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 718 - بەت).

(4) ھىند (身毒) ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ناملىرىدىن بىرى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار «ئەنەتكەك» دەيتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1973 - بەت).

(5) ئارساك، پارتىيە، پارفىيە (安息) غەربىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى دۆلىتى. ئەسلىدە پارس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى. كېيىن ئىسكەندەر ئىمپېراتورلۇقى ھەم سەلەفكىلەر ھۆ-

گۇمرانلىقىغا قارىدى. م. ب. 249 — 247 ـ يىللىرى مۇستەقىل بولدى. ئارشاك I ھۆكۈمران بولۇپ، ئېشكانىيان خانلىقىنى قۇردى. م. ب. II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئارشاك پۈتكۈل ئىران ئېگىزلىكى ۋە ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىنى ئىچىگە ئالغان چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. مەركىزى دەسلەپ دارا (تالات)، كېيىنچە ھىكاتومپىلوس (تىسىفون ـ سەردەررازە) شەھىرى ئىدى. م. ب. I ئەسىردىن II ئەسىرگىچە ئارشاك رىم ئىمپېراتورلۇقى بىلەن جۇڭگو ئارىلىقىدىكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالدى. ئارشاك كۈچەيگەن دەۋردە شەرقتە كۇشانلار، غەربتە رىم ئىمپېراتورلۇقى بىلەن بوي تۆلچەشكەنىدى. م. II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا زەئىپلىشىپ، م. 226 ـ يىلى ئىران ساسانىيلىرى بۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1001 ـ بەت).

(6) ماڭ ( 駹 ) قەدىمكى قوۋملەردىن بولۇپ، شۇ (ھازىرقى سىچۈەن ماۋۋېن چاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ئەتراپلىرى) ئايمىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 3458 ـ بەت).

(7) زو (莋) زولار قەبىلىسى جايلاشقان يەر بولۇپ، باش شەھىرى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى خەنيۈەن ناھىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 2662 ـ بەت).

(8) شى (徙) قەدىمكى خانلىق. ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى تيەنچۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ـ توم، 26 — 27 ـ بەتلەر).

(9) سۇيجۇ (巂州) ئايماق. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۆسۈي ۋىلايىتى. ئورنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى شىچاڭ رايونىغا توغرا كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 947 ـ بەت).

(10) ديەنيۆ (滇越) قەدىمكى خانلىق. ديەن خانلىقى (滇国) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۈگۈنكى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى

دېڭىزى كۆلى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 – توم، 1859 – بەت).
(11) بىلىگىنە بەگ (博望侯) بىلىملىك، دانىشمەن تۆرە مەنىسىدە.
(«خەننامە»، 9 – توم، 2691 – بەت (1) ئىزاھ).
(12) نانىدۇبىي (بەگ) (难兜靡) ئاسىيۇلار خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى بولۇپ، ئۇلۇغ توخرىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، يىلنامىلەر جەدۋىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 593 – بەت).
(13) بۇجۇ يابغۇ(布就翖侯) ئۇلۇغ توخرىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئاسىيۇ خانى نانىدۇبەكنىڭ بوۋاق ئوغلى لىبي جياۋبەكنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاسىيۇ ئاتا بېگى.
(«خەننامە»، 9 – توم، 2692 – بەت).
(14) ساقلار، ساقالار، ئىسكىتلەر، ئىسكىفلەر (塞人) قەدىمكى قوۋم. دەسلەپ ئوتتۇرا ئىسيانىشان بويلىرىدا، كېيىن غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادا ياشىغان تۇرانىي قوۋملەر توپى (م. ب. VIII — IV ئەسىرلەر). بۇلارغا شەرقىي ئىرانىنىڭ تىجارەتچى قوۋملىرىدىن سوغدىلارمۇ قوشۇلدى. قەشقەر، پەرغانە، ئارال كۆلى، كاسپىي دېڭىزى ھەم بۈگۈنكى روسىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى بۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇپ، ھاكىمىيىتى تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئىدارە قىلىشىدا ئىدى.

م. ب. II ئەسىردىن ئىلگىرى غەربكە كۆچكەن توخرىلار ساقلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋالدى، بىر تۈركۈم ساقلار كۆچۈپ كەشمىر رايونىنى ئىگىلىدى. قالغان ساقلار يېڭىدىن باستۇرۇپ كىرگەن قوۋملەرگە سىڭىپ كەتتى. ساقلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ، ئۆلۈمى م. ب. 632) بولۇپ، تومىرىس، ئىسپارغاپىس، قارتاسلارمۇ ساقلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى

ئىدى. ھازىر ياقۇتلار ئۆزلىرىنى ساقلار (ساقالار) دەپ ئاتىشىدۇ.
(بىر تومluq «سىخەي»، 1030 ـ بەت).

(15) ئائوزسى (奄蔡) قەدىمكى خانلىق. ئورنى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى رايونلار ئىدى. مىلادى II ئەسىرلەردە ئالان خانلىقى، V ئەسىرلەردە سوغد خانلىقى دەپ ئاتالدى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 ـ توم، 721 ـ بەت).

(16) داكچىن، روما، رۇم، ئۇرۇم (犁靬) قەدىمكى دۆلەت. روما ئىمپېراتورلۇقى. 大秦国، 犁鞬 «داكچىن» دەپمۇ يېزىلىدۇ. بەزى مەنبەلەردە ئىل دەرياسىنىڭ قويۇلۇشىدىكى ئىسكەندەرىيەنى رۇم دېسە، ئىسلام ئەللىرى ئۆز زامانىسىدا روما ئىمپېراتورلۇقى زېمىنى ئىچىدە بولغان ئاناتولى ۋە رۇم ئېلىنى رۇم دەيتتى. م. ب. III ئەسىردىن باشلاپلا ئېلىمىز بىلەن قاتناش ئالاقىسى بار ئىدى.
(بىر تومluq «سىخەي»، 1449 ـ بەت؛ تۈركچە «ئوكيانۇس» 30 ـ توم، 2438 ـ بەت)

(17) تاجىك، تەزىك (条支) تاجىك ـ تەزىك سۆزى ئەسلىدە ئەرەبلەرنىڭ «تاي» قەبىلىسى نامىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «ئەرەبلەر» مەنىسىدە قوللىنىلغان. تۈركىي خەلقلەر ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلارنى «تاجىك، تەزىك» دېگەندەك، خەنزۇلار «داشى» (大食) ياكى «تياۋجى» (条支) دەپ ئاتىدى. ھەر ئىككى سۆز «تاجىك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى. كېيىنچە ئەرەبلەر ۋە ئۇلار بىلەن غەربتىن كەلگەن ئىرانلىق قوۋملەرنىڭ ھەممىسى پارسچە سۆزلەشكەنلىكى ئۈچۈن، «تاجىك» دېگەن نام «پارسىي» مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇ ئاتالما ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ قارىشى ھەر خىل بولۇپ كەلدى.
(مۇھەررىردىن).

(18) چېنلى (沈黎) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 111 ـ يىلى

غەربىي خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن زو قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتىدا تەسىس قىلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى خەنيۈەنىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. باش شەھىرى زودۇ ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 904 ــ بەت).

(19) ۋېنشەن(文山) قەدىمكى ۋىلايەت. رەن، ماڭ قەبىلىلىرى ياشىغان جايلار بولۇپ، م. ب. 111 ــ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋىلايەت تەسىس قىلىندى. باش شەھىرى ۋېنجياڭ (ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى ماۋۋېن چياڭ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالى) ئىدى. م. ب. 67 ــ يىلى شۇ ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 901 ــ بەت).

(20) يۈمېن، قاش قوۋۇق (玉门) قەدىمكى ئۆتكەل (قوۋۇق)، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ياڭگۇەن ئۆتكىلى (قوۋۇقى) ئۇنىڭ جەنۇبىدا، قەدىمدە غەربىي يۇرتقا بارىدىغان مۇھىم يول ئىدى. جەنۇبىي يولغا ماڭىدىغانلار ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن، شىمالىي يولغا ماڭىدىغانلار يۈمېندىن چىقىشاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 ــ توم، 2030 ــ بەت).

(21) چېلىڭ (车令) خەن ۋۇدى دەۋرىدە پەرغانىگە ئات ئالغىلى بارغان خەن سۇلالىسى باتۇرلىرىدىن بىرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 527 ــ بەت).

(22) باش غوجىدار (给事中) قوشۇمچە ئەمەل. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئوردىدىكى مەمۇرىي ئىشلار مۇھاكىمىسىگە قاتنىشاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1172 ــ بەت).

(23) شى شيەن (石显) جىنەنلىك. خەن يۈەندى دەۋرىدە ئوردا مەھىرىمى، ئوردا چارچىسى ئىدى. كېيىن چارچىبەگ،

باش جارچىبەگلىككە كۆتۈرۈلدى. تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئادەم بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانىدى. خەن چېڭدى دەۋرىگە كەلگەندە باش ۋەزىرنىڭ سۇنغان مەلۇماتى بىلەن ئىشتىن بوشىتىلىپ، يۇرتىغا ھەيدەلگەن شى شيەن تاماق يېمەي ئاغرىپ يولدا ئۆلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 220 ـ بەت).

(24) چاڭيى ئەيۋاڭ (昌邑哀王) شاھزادە ليۇبونىڭ ئۇنۋانى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 15 ـ توم، 341 ـ بەت).

(25) ليۇبو (刘髆) خەن ۋۇدىنىڭ سانغۇن لى گۇاڭلىنىڭ سىڭلىسى بانۇ لى ئايىمدىن تۇغۇلغان ئوغلى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 15 ـ توم، 342 ـ بەت).

(26) بۇگۇر (轮台) غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بولۇپ، ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1342 ـ بەت).

(27) دېڭ گۇاڭ (邓光) خەن ۋۇدى دەۋرىدە م. ب. 103 ـ يىلىدىكى پەرغانە يۇرۇشىگە كەسكىن قارشى پىكىر بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2700 ـ بەت).

(28) شۇتۇق (休屠) يەر نامى. ھۇن خانى شۇتۇق خاننىڭ خانلىق مەركىزى مۇشۇ يەردە ئىدى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇ ۋېي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 177 ـ بەت).

(29) يەتتە خىل ئادەملەر (七科适) بۇلار ـــ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئەمەلدارلار، قاچقۇنلار، ئىچ كۈيئوغۇللار، سودىگەرلەر، ھايانكەشلەر، سودىگەرلەرنىڭ بالىلىرى، سودىگەرلەرنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىبارەت يەتتە خىل كىشىلەردىن ئىبارەت.

(«تارىخىي خاتىرىلەر. ئىزاھلىرى، ھەققىدە تەتقىقات»)،

(30) مەساي (昧蔡) پەرغانە خانى ئۆگەر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پەرغانىگە خان بولغان بەگلەردىن. ئەسلىدە پەرغانە ساغۇنلىرىدىن ئىدى. كېيىن پەرغانىلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 529 — بەت، 72 — ئىزاھ).

(31) خۇچۇڭگو (壶充国) خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھۇدەيچى بولۇپ، نائىب ئەلچى سۇپىتىدە سىماشياڭرۇ بىلەن چيۇڭ، زو قاتارلىق غەربىي جەنۇبتىكى قوۋملەر ئېلىگە ئەلچى بولۇپ بارغان.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1142 — بەت).

(32) شاڭگۇي (上邽) قەدىمكى ناھىيە. قەدىمدە گۇي رۇڭ ـ لىرىنىڭ يېرى بولۇپ، چىن سۇلالىسى گۇي ناھىيىسىنى تەسىس قىلدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شاڭگۇي دەپ ئاتالدى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى تيەنشۇينىڭ غەربىي جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى» 43—بەت).

(33) جياڭ (江) بۇ ئەمىرنۆكەرنىڭ ئىسىم فامىلىسى مەلۇم ئەمەس.

(مۇھەررىردىن)،

(34) راڭ (攘) بۇ ۋالىينىڭ ئىسىم فامىلىسى مەلۇم ئەمەس.
(مۇھەررىردىن).

(35) باغراش (بوستان)، چۇقو دۆلىتى (危须国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ بىرى. ئوچ خانلىق دەۋرىدە قارا شەھەر (ئاگنى) بەگلىكىگە قارايتتى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 289 — بەت).

(36) چاقسا بېگى (期门) ئەمەل. م. ب. 138 — يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ساراي — قوۋۇق قاراۋۇللىرىنى باشقۇراتتى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 — توم، 1487 — بەت).

(37) چاۋ (朝) بۇ ئەمىرنۆكەرنىڭ ئىسىم فامىلىسى مەلۇم ئەمەس.

(مۇھەررىردىن).

(38) غەربىي كۆل (西海) «تاغ - ئىزىملار قۇرئى» دا غەربىي كۆلنىڭ ئېنىق ئورنى مەلۇم ئەمەس، دېيىلگەن. كېيىن جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن «غەربىي كۆل» دەپ ئاتالغان يەرلەرمۇ كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمى ياكى غەربىدە بولۇش بىلەن ناملانغان. بۇ ئاتالما ھەققىدىكى مەلۇماتلار مۇنداق: 1) پارس قولتۇقى، قىزىل دېڭىز، ئەرەب دېڭىزى، ھىند ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى «غەربىي كۆل» دېيىلگەن؛ 2) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۈگۈنكى كۆكنۇر كۆلى ئەتراپىدا «غەربىي كۆل ۋىلايىتى» (西海郡) قۇرۇلغان. دېمەك بۇ يەردىكى «غەربىي كۆل» كۆكنۇرنى كۆرسىتىدۇ؛ 3) شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى قەدىمكى جۈيرە (جۈيەن) كۆلى «غەربىي كۆل» دېيىلگەن؛ 4) باغراش كۆلى «غەربىي كۆل» دېيىلگەن؛ 5) ئوتتۇرا دېڭىز «غەربىي كۆل» دېيىلگەن؛ 6) ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزى «غەربىي كۆل (دېڭىز)» دېيىلگەن. «خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى» 6 - تومىدىكى يەشمىلەر بويىچە قارىغاندا، بۇ يەردە كۆكنۇر كۆلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1832 - بەت).

(39) شىنجى (新時) يەر نامى. ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدە. ئېنىق ئورنى مەنبەلەردە كۆرسىتىلمىگەن.

(مۇھەررىردىن).

(40) جىجۇشۈي (郅居水) دەريا. ھۆن ئېلىدىكى دەريا بولۇپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى سېلېنگا دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - توم، 39 - بەت)،

### «خەننامە» 62 ـ جىلد

## سىماچيەنىنىڭ تەرجىمھالى

... مەن لى لىڭ بىلەن ئوردىدا بىللە ئىشلىگەن بولسامۇ، بىراق بىز ئەزەلدىن يېقىن دوست ئەمەس، ئىككىمىزنىڭ تۇتقان يولىمىز ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىرەر قەدەھ شارابىنىمۇ بىللە ئىچكەن ئەمەس، بىرەر قېتىم قىزغىن سۆھبەتتىمۇ بولغان ئەمەس. لېكىن ئۇنى كۆزىتىش جەريانىدا شۇنداق تونۇشقا كەلدىمكى، ئۇ ئىقتىدارلىق، ئانىسىغا بەك ۋاپادار زات ئىدى. ئۆلىمالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ۋە ئىشەنچلىك، ئىقتىسادىي ئىشلاردا پاك، ئېلىم ـ بېرىمدە ئىشەنچلىك، چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىدىغان ئەدەبلىك، كەمتەر ئادەم ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ھەمىشە پىداكارلىق بىلەن دۆلەتنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلايتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەزەلدىن كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن ئارزۇ ـ ئارمانى ئىدى. مېنىڭچە ئۇ ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە ئادەم. بىر ئەمەلدارنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئومۇمنىڭ غېمىنى يېيىشى ھەقىقەتەن ناھايىتى تەس. ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇۋىدىلا، پەقەت ئۆز ئائىلىسىنىڭلا ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتىدىغان ھېلىقى ئەمەلدارلار، ئۇنىڭ خاتالىقى توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك قىلىشتى. مەن لي لىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا غەزەپلىنىمەن! ئۇنىڭ

ئۇستىگە لى لىڭ 5000 دەك پىيادە قوشۇن بىلەن چەۋەندازلار ماكانىغا كىرىپ، تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قەدەر ئىچكىرىلەپ باردى. دۈشمەن ئىچىگە يالغۇز ئىچكىرىلەپ كىرگەن ۋە خەتەر ئىچىدە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ناھايىتى قۇدرەتلىك، ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان 100000 كىشىلىك ھۇن چەۋەنداز-لىرىغا قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ ئېلان قىلىپ، ھۇن تەڭرىقۇتى بىلەن ئۇدا ئون نەچچە كۈن ئېلىشتى. ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان دۈشمەننىڭ سانى خەن قوشۇنلىرىدىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ سانىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ھەتتا ھۇنلار ئۆز يارىدارلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ قەھرىمان ۋە ئۇرۇشقا ماھىرلىقى تېرە چاپان كىيگەن ھۇن بەگلىرىنى ھەيران قالدۇردى. شۇڭا ھۇنلار ئوڭ، سول قول بىلىكخانلىرىنى يىغىپ، پۈتكۈل ئەل بويىچە ئوقيا ئاتالايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، لى لىڭ قىسىملىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. لى لىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ مىڭ چاقىرىم يەرگىچە يۆتكىلىپ يۈرۈپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئوقلىرى تۈگەپ، چېكىنىش يوللىرى ئېتىلىپ ياردەمچىسىز قالدى. ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتتى. لى لىڭ ئەسكەرلىرىدىن ھال سوراپ ئۇلارغا مەدەت بەرگۈچى سۆزلەرنى قىلسىلا جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، باش - كۆزلىرى قانغا بويالغان، دەرد - ئەلىمنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا تەپكىلىك يالىرىنى كېرىپ، قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ ھەيۋىسىگە قارىماي شىمالغا قاراپ ئېتىلىپ، دۈشمەنگە قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. لى لىڭ تېخى يېڭىلمىگەن چاغدا، چاپارمەن كېلىپ ئۇنىڭ جەڭ نەتىجىلىرىنى خانغا مەلۇم قىلىۋىدى، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە بەگلەر قەدەھ كۆتۈرۈپ خاننىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەشتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن لى لىڭنىڭ

يېڭىلىگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كېلىۋىدى، خاننىڭ كېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. زىيارەتلەرنى قوبۇل قىلىش، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشلاردا كۆڭلى ئېچىلمىدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار قورقۇپ، ۋەھىمە ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. مەن خاننى مۇشۇنداق قايغۇ ئىچىدە كۆرۈپ، ئورنۇمنىڭ تۆۋەنلىكىگە قارىماي، ئۆزۈمنىڭ سەممىي - سادىق پىكىرلىرىمنى تەقدىم قىلىشنى ئويلىدىم. لى لىڭ ئادەتتە سىپاھ - بەگلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سەممىي ئىدى، ئۇ دائىم لەززەتلىك تائاملارنىڭ تولىسىنى ئۇلارغا بېرىپ، ئۆزىگە ئازلا ئېلىپ قالاتتى. شۇڭا سىپاھ - بەگلەر ئەنە شۇنداق جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. قەدىمكى مەشھۇر سەركەردىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ مەقسىتى مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئارقىلىق خانغا جاۋاب قايتۇرماقچى بولسا كېرەك. ھازىر ئەھۋال ئوڭشۇلىشتىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاز ئەسكەر بىلەن ھۇنلارنى يېڭىشتەك قەھرىمانلىق تۆھپىسىنى پۈتكۈل ئەلگە تەرغىب قىلىشقا ئەرزىيتتى. مەن يۇقىرىقى قاراشلىرىمنى بايان قىلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن پۇرسەت بولمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا خان ئۆزى چاقىرتىپ سۈرۈشتە قىلىپ قالدى. مەن بۇ پىكىرلىرىمنى ئەرز ئېيتىپ لى لىڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى مەدھىيىلىدىم، مەقسىتىم خاننىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش، لى لىڭ توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەرنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن تەپسىلىي چۈشەندۈرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، دانا خانىمىز تازا چۈشىنىپ كېتەلمەي، مېنى سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭ-لىنىڭ شۆھرىتىنى يەرگە ئۇردى، لى لىڭ ئۈچۈن ۋەز ئېيتتى دەپ قاراپ، ئوردا ئەھكام ۋەزىرىگە تاپشۇرۇپ سوراق قىلدۇردى. مەن بۇ سەممىي ساداقىتىمنى زادىلا سۆزلەپ

چۈشەندۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدىم. شۇڭا خاننى ئالدىغان دېگەن گۇناھقا ھۆكۈم قىلىندىم، خان ئاخىر ئوردا ئەھكام ۋەزىرىنىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلىدى. مېنىڭ ئائىلەم كەمبەغەل بولغاچقا، تۆلەپ گۇناھىمنى يۇغۇدەك ۋەجىم يوق ئىدى. دوستلىرىممۇ ياردەم قىلمىدى. يېقىنلىرىم مەن ئۈچۈن بىرەر ئېغىز ھەققانىي گەپىنىمۇ قىلمىدى. مەن ھېسسىياتسىز ياغاچ ئادەم ئەمەس، ئۆزۈم يالغۇز زىندان ئەمەلدارىغا ھەمراھ بولۇپ، زىندانىنىڭ ئەڭ تېگىدە ياتسام، كىمگىمۇ ئەرز ئېيتا-لايمەن؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رېن ئەن ئۆزىڭىز كۆرگەنسىدىڭىز. مەن قىلغان ئىشلار مانا مۇشۇنداق ئەمەسمىدى؟ لى لىڭ جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئابرويىنى تۆكتى. مەن بولسام ئاختىلاش (جازا) ئۆيىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاختا قىلىنىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا مەڭگۈ مەسخىرىگە قالدىم. بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئىش-ھە!...

(«خەننامە»، 9 - توم، 2729 — 2730 - بەتلەر).

«خەننامە» 64 — جىلد

## جۇفۇيەن(1) نىڭ تەرجىمىھالى

جۇفۇيەن چى بەگلىكىنىڭ لىزى دېگەن يېرىدىن. باشتا «تەدبىرچىلىك» نى(2)، كېيىنرەك «پالنامە»(3)، «ئەمنىيە» نى ۋە ھەر خىل ئىلمىي ئېقىملارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەندى. ئۇ چى بەگلىكىدە ئۆلىمالار بىلەن بېرىش — كېلىش قىلىپ يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ، چى بەگلىكىدە تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، قەرزدارچىلىق بىلەنمۇ كۆن ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن، شىمالغا قاراپ يەن، جاۋ، جۇڭشەن(4) بەگلىكلىرىگە مۇساپىر بولۇپ باردى. لېكىن بۇ يەرلەردىمۇ دىققەت — ئېتىبارغا ئېرىشەلمەي خارۇ زار بولۇپ يۈردى. ئۇ، بەگلەر ماڭا ئېتىبار بەرمەيدىكەن دەپ، م. ب. 134 — يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ بىرىنچى يىلى) غەربكە سەپەر قىلىپ، خەنگو ئۆتكىلىدىن ئۆتتى ۋە سانغۇن ۋېي چىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. سانغۇن ۋېي چىڭ ئۇنى خەن ۋۇدىغا نەچچە قېتىم تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خەن ۋۇدى بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدى. ئۇ كۈندىلىك خىراجەتتىن قىسىلىپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا بەگلەر ۋە مېھمانلار ئۇنىڭدىن بىزار بولاتتى. شۇڭا ئامالسىزلىقتىن خەن ۋۇدىغا مەكتۇپ سۇندى. مەكتۇپ خانغا شۇ كۈنى

ئەگدى ۋە شۇ كۈنلا چاقىرتىلدى. مەكتۇپتا جەمئىي توققۇز تۈرلۈك ئىش بايان قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ سەككىزى قانۇن ـ پەرمانلار توغرىسىدىكى ئىش بولۇپ، بىرى هونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ ئىدى. تەكلىپتە مۇنداق دېيىلگەن: «كەمىنىلىرى ئاڭلىشىمچە، دانا خان ـ بەگلەر سەمىمىي مەسلىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئەتراپلىق قاراشلارغا ئېرىشىدىكەن؛ سادىق ئەمەلدارلار ئېغىر جازالاردىن قورقماي راستچىللىق بىلەن مەسلىھەت بېرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق ئىشتا ھېچ قانداق خاتالىق يۈز بەرمەيدىكەن، بەلكى مەڭگۈ شۆھرەت قازىنىلىدىكەن. بۈگۈن پېقىر كەم ئەقىل بولسامۇ، ساداقەت يولىدا ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي بەزى چارە ـ تەدبىرلەرنى ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلدىم. ئالىيلىرى گۇناھىمدىن ئۆتۈپ پىكىرلىرىمنى ئاڭلاپ باققايلا.

«سىما راڭجۈينىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى» دە: «دۆلەتتە چوڭ بولسىمۇ ئۇرۇشقاق بولسا، جەزمەن مۇنقەرز بولۇر؛ جاھان تىنچ ـ ئاسايىش بولسىمۇ ئۇرۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويسا، جەزمەن خەۋپ ـ خەتەرگە قالۇر» دېيىلگەن. دېمەك، جاھان تېپتىنچ ۋە خان ئالىيلىرى شەرىپىگە غەلىبە كۈيلىرى ياڭراپ تۇرغان ھالەتتىمۇ، ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە يەنىلا ئوۋ ئوۋلاش زۆرۈر. بەگلەرمۇ ئەتىيازدا ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، كۈزدە ھەربىي ماھارەت مەشقى ئېلىپ بېرىشلىرى لازىم. مۇنداق بولغاندا ئۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارمىغان بولىدۇ. ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئاسانلا غەزەپلىنىش يولسىزلىق بولىدۇ. ئۇرۇشتا ئادەم ئۆلىدۇ. ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىراش ماختاشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەس. قەدىمكى زاماندا خان ـ بەگلەر غەزەپلەنسىلا قان تۆكۈلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دانا خان ـ بەگلەر ئۇرۇشتىن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلاتتى. جەڭ غەلىبىسىگە بېرىلىپ

ئەسكەرلەرنى ئۇرۇشقا تولا سالغانلار، ئاخىر پەندىيات دېمەي
قالمايدۇ.

بۇرۇن چىن سىخۇاڭ(5) غەلىبە ھەيۋىسى بىلەن پۈتۈن
جاھاننى پىلە قۇرتىدەك يەپ، باشقا بەگلىكلەرنى بېسىۋېلىپ
پۈتكۈل ئەلنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭ نام - شۆھرىتى
ئۈچ خان(6) نىڭكىگە تەڭ كېلەتتى. لېكىن ئۇ غەلىبە قوغ-
لىشىپ، ئۆزىنى تۇتالماي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش خىيالىدا
بولدى. شۇڭا لى سى(7): «بولمايدۇ، ھۇنلاردا يا ئولتۇراق
شەھەر - كەنت، يا قوغدىغۇدەك مال - دۇنيا يوق.
ئۇلار دائىم قۇشلاردەك كۆچۈپلا يۈرىدۇ. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش-
مۇ تەس. قوشۇن ئۇلارنىڭ زېمىنىغا يەڭگىل قوراللىنىپ
بېسىپ كىرگەن تەقدىردىمۇ، ئوزۇق - تۈلۈكتىن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.
كۆپ مىقداردا ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كەلسە، يۈك
ئېغىرلىشىپ، سەپەر سۈرئىتى ئاستىلىشىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئىشلىرى
ئۈچۈن پايدىسىز. ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان تەقدىردىمۇ
پايدىلىنالمايمىز ھەم ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇپ كېتەلمەيمىز. ئۇلار-
نى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تاشلىۋەتسەك، ئەلگە
غەمگۇزار بولماي قالىمىز. ئوتتۇرا جۇڭگونى خاراب قىلىپ،
ھۇنلارنى خوش قىلىدىغان مۇنداق چارە ئەلا چارە ئەمەس»
دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى. چىن سىخۇاڭ بۇنىڭغا قۇلاق
سالماي، مېڭ تيەننى قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا
ئەۋەتىدۇ ۋە 1000 چاقىرىم يەرنى بېسىۋېلىپ، خۇاڭخې
دەرياسىنى چېگرا قىلىدۇ. ئۇ يەرلەر كۆپىنچە سازلىق ۋە شورلۇق
بولۇپ، ئاشلىق تېرىشقا بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئەلدىكى ياش
يىگىتلەرنى بېيخې دەرياسىنى قوغداشقا ئەۋەتىدۇ. قوشۇن ئۇ
يەردە ئون نەچچە يىل تۇرىدۇ. سان - ساناقسىز ئادەم ئۆلۈپ
كېتىدۇ. ئاخىر يەنىلا خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ شىمالغا
قاراپ يۈرۈش قىلالمايدۇ. نىھايەتكى بۇ ھال ئەسكەرلەرنىڭ يې-

ئەرلىك بولمىغانلىقىدىن، قورال ـ ياراقلارنىڭ خىل ـ تولۇق بولمىغانلىقىدىن بولغانمۇ؟ ياق، بۇ پەقەت ۋەزىيەتنىڭ يار بەرمىگەنلىكىدىن بولدى. مۇداپىئەدىكى بۇ قوشۇنلارنى تەمىنلەش خۇاڭشيەن(8)، چۇيشەن(9)، لاڭيا(10) قاتارلىق دېڭىز ساھىلىدىكى رايونلارغا تېزلىكتە ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلىدى. ئۇ يەرگە بارغىچە 1920 كۈرە (192 تاغار) ئاشلىق سەرپ بولۇپ، ئاران 10 كۈرە ئاشلىق يېتىپ باراتتى. ئەرلەرنىڭ ھېرىپ ـ پېشىپ تېرىغان ئاشلىقلىرى ئوزۇقلۇققا يېتىشمەيتتى. ئاياللار ھەرقانچە كۈچەپ توقۇمىچىلىق قىلسىمۇ، چېدىر تىكىشكە يېتىشمەيتتى. پۈتكۈل ئەل خارابلاشقان، يېتىم ـ يېسىر، قېرى ـ ئاجىزلار پاناھسىز قالغان، يوللار جەسەت بىلەن تولغانىدى. شۇڭا ئەل قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

خەن گاۋدى ئەلنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، زېمىننى كېڭەيتىپ شىمالىي قورۇلغا قەدەر باردى ۋە ھۇنلارنىڭ دەيگۇ ئەتراپىدا توپلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. تەپتىشبەگ چېڭ(11) تەكلىپ بېرىپ: «ياق، ھۇنلار ھايۋانلاردەك توپلىنىپ، قۇشلاردەك تارقىلىپ كېتىدۇ. قوغلاپ جەڭ قىلساق خۇددى كۆلەڭگىگە مۇشت ئاتقاندەك بىر ئىش. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەجەللىك يېرىگە زەربە بەرگىلى بولمايدۇ. ئالىيلىرىنىڭ بۈگۈنكى شۇ بۈيۈك نام ـ ئابرويلىرى بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىنىشلىرى كەمىنىلىرىنىڭ قارىشىچە ئىنتايىن خەتەرلىك» دېگەنىدى. خان ليۇباڭ بۇنىڭغا قۇلاق سالماي دەيگۇغا قەدەر بېسىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دېگەنىدەك پىڭچېڭ مۇھاسىرىسى يۈز بېرىدۇ. خان ليۇباڭ پۇشايمان قىلىپ، ليۇجىڭنى قودىلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش يۈز بەرمەيدۇ.

قەدىمكى ھەربىي ئىشلار تەدبىرىدە: «100000 ئەسكەر
چىقىرىلسا، كۈنىگە مىڭ جىڭ ئالتۇن سەرپ بولىدۇ» دېيىلگەن.
چىن سۇلالىسى دائىم نەچچە يۈز مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ،
دۈشمەن قوشۇنلىرىنى يوقاتقان، دۈشمەن سەركەردىلىرىنى
ئۆلتۈرۈپ، تەگرىقۇتىنى تۇتقۇن قىلغان بولسىمۇ(12)، بۇ
پەقەت ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتكەنۇ، ئەل سەرپ قىلغان
ناھايىتى زور چىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىغان. ھونلارنىڭ
قاراقچىلىق قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزۈشىنى ئۇلارنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلىرى بەلگىلىگەن. شيا، شاڭ ۋە جۇ زامان-
لىرىدىن بۇيان ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىنمىغان، پەقەت
ئۇلارنى ھايۋان ھېسابلاپ، ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەن. ئالدى-
لىرى شيا، شاڭ ۋە جۇ خانلىقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسەت-
لىرىنى نەزەرگە ئالماي، چىن سۇلالىسىنىڭ خاتا چارىلىرى
بويىچە ئىش كۆرسىلە، بۇ پېقىرنى ئىنتايىن ئەنسىرىتىدۇ،
پۇقرالار ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش بولۇ-
ۋەرسە چوقۇم ئىسيان كېلىپ چىقىدۇ. ئەھۋال قانچە ئېغىر
بولسا، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى شۇنچە ئاسان ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر
چېگرا ئاھالىلىرى ھالىدىن كېتىپ جاپا تارتىۋەرسە، سەركەردە
ۋە ئەمەلدارلار بىر - بىرىدىن گۇمانلانسا، ئۇلار جەزمەن
دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ. بۇ ھال چوقۇم ۋېي تو(13)
نىڭ ئۆزىنى خان تىكلىشى، جاڭ خەن(14) نىڭ
دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشىدەك ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ۋېي تو بىلەن جاڭ خەننىڭ غەرەزلىرى ئەمەلگە ئاشقاندىن
كېيىن، چىن سۇلالىسىنىڭ ئەمر پەرمانلىرى ئەمەلدە ئىجرا
بولمىغان. ئەلنىڭ كۈچىنى ۋېي تو بىلەن جاڭ خەن پارچى-
لىۋەتكەن. مانا بۇ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنىڭ
ئوبدان ئەينىكى. شۇنىڭ ئۈچۈن «جۇنامە»(15) دە: «دۆلەت-
نىڭ تىنچ ياكى تىنچ بولماسلىقى خانلارنىڭ قانداق ئەمر-

پەرمان چىقىرىشقا باغلىق؛ دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتلىقى بولسا خانلارنىڭ قانداق ئەمەلدارلارنى ئىشلىتىشىگە باغلىق، دېيىلگەن. كەمىنىلىرى ئالىيلىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.»

... جۇفۇيەن ئۆز مەكتۇپىدا شوفاڭنىڭ يېرى مۇنبەت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ سىرتىدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كۈچلۈك توسۇق بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، شۇڭا مىڭ تيەننىڭ سەددىچىن سېپىلىنى سېلىپ ھۇنلارنى قوغلىغانلىقى، شوفاڭ ئوبدان قوغدالسا ھەم مۇداپىئە ئىشلىرى ۋە تەمىنات توشۇش ئىشلىرىنى قىسقارتقىلى، ھەم زېمىننى كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقى ۋە بۇ تەدبىرنىڭ ھۇنلارنى يوقىتىشنىڭ ئاساسىي تەدبىرى ئىكەنلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەكىتلىگەنىدى. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ چىقىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ كېڭىشىگە چۈشۈردى. گۇڭسۈن خۇڭ: «چىن سۇلالىسى دەۋرىدە بېيخې دەرياسى رايونىنى مۇداپىئە قىلىشقا 300000 كىشى ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئاخىر نەتىجە قازىنالماي تاشلىۋېتىلگەن» دېدى. جۇمەيچېن گۇڭسۈن خۇڭنىڭ گېپىنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شوفاڭ ۋىلايىتى قۇرۇلدى. مانا بۇ جۇفۇيەننىڭ مەسلىھەتى ئىدى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2798 — 2803 - بەتلەر).

---

(1) جۇفۇيەن (主父偃) چى بەگلىكىنىڭ لىنزى دېگەن يېرىدىن. «تەدبىرچىلىك»، «پالنامە»، «ئەمنىيە» دىن ۋە تۈرلۈك ئىلمىي ئېقىملار تەلىماتلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. خەن ۋۇ ي دەۋرىدە كاتاۋۇل بولدى. كېيىن چى بەگلىكىگە ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەندى. چى بېگى ئۈستىدە بىر پاھىشە ھەققىدىكى شىكايەتنى تۈپەيلى چى بېگى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاچقا، جۇفۇيەن پۈتۈن جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 167 - بەت).

(2) «تەدبىرچىلىك» (长短纵横术) يىغىلىقلار دەۋرىدە مەيدانغا چىققان ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنىڭ تەلىماتلىرى.

(مۇھەررىردىن).

(3) «جۇ پالنامىسى» (易经) مۇ دېيىلىدۇ. دەسلەپ يىن، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە پەيدا بولۇشقا باشلاپ، تېكىستلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى توپلانغان. جەمئىي 64 رەمىل، 384 ئالامەتتىن ئىبارەت. ئەسەردە دىنىي خۇراپات نىقابى ئاستىدا، قەدىمكى زامان ئىنسانلىرىنىڭ بەزى ساددا دىئالېكتىكىلىق قاراشلىرى ساقلانغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1390 – بەت).

(4) جۇڭشەن (中山) قەدىمكى ۋىلايەت، بەگلىك. خەن گاۋدى دەۋرىدە ۋىلايەت تەسىس قىلىنىپ، خەن جىڭدى دەۋرىدە بەگلىككە ئۆزگەرتىلگەن. باش شەھىرى لۇنۇ (بۇگۇنكى دىڭشيەن) ناھىيىسى بولۇپ، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى لاڭيا تېغىنىڭ جەنۇبى، باۋدىڭ، ئەنگونىڭ غەربى، تاڭشيەن ناھىيىسى، شىنلىنىڭ شەرقى ۋە خۇتۇخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1406 – بەت).

(5) چىن سىخۇاڭ (秦始皇، م. ب. 259 — 210) فامىلىسى يىڭ (嬴)، ئىسمى يىڭ جىڭ (嬴政)، چىن جۇاڭشياڭۋاڭنىڭ ئوغلى. چىن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى. 13 ياش ۋاقتىدا كىچىك تەختكە چىققانلىقى ئۈچۈن، ھاكىمىيەتنى ئانىسى بىلەن باش ۋەزىر لۈبۇۋېي ئىدارە قىلغان. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، م. ب. 238 – يىلى چاڭشىن بېگى لاۋدۇنى ئۆلتۈرگەن. ئانىسىنى خىلۋەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، لۈبۇۋېينى باش ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالغان. ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ، ئالتە بەگلىكنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆزىنى خان ئېلان قىلغان. فېئوداللىزمنىڭ بەزى كونا تۈزۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،

پۈتۈن ئەلدە 36 ۋىلايەت تەسىس قىلغان. قوراللارنى يىغقان. قانۇننى، خەت ـ ئالاقىلەرنى بىرلەشتۈرگەن. قۇرۇقلۇق ۋە سۇ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرغان، سەددىچىننى ياساتقان. يەنە باش ۋەزىر لى سىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كىتابلارنى كۆيدۈرگۈزۈپ، زىيالىيلار، ئالىملارنى تىرىك كۆمدۈرگەن. ساياھەتكە چىقىپ، ئۆلمەسلىك دورىسى تېپىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرغان. مۇستەھكەم ساراي ـ قەسىرلەرنى بىنا قىلدۇرغان. 26 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ شاچيۇ سارىيىدا ئۆلگەن. ئۇ ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن چېن شېڭ، ۋۇ-گۇاڭ، ليۇباڭ، شياڭ لياڭ، شياڭ جىلار باشچىلىقىدىكى مەملىكەت خاراكتېرلىك دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 ـ توم، 2302 ـ بەت).

(6) ئۈچ خان (三代) شيا يۈ، شاڭ تاڭ، جۇ ۋېنۋاڭ (جى چاڭ) لار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(7) لى سى (李斯، م. ب؟ ـ 208) شاڭسەيلىك. يىغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان، شۈنزىنىڭ شاگىرتلىرىدىن. بۇ دەۋردىكى ئالتە بەگلىكنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنى كۆرگەن لى سى چىن بەگلىكىگە بېرىپ باش ۋەزىر لۈبۇ ۋېينىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلدى. ئالتە بەگلىكنى بىرلەشتۈرۈشكە چىن بېگىنى دالالەت قىلىغىنى ئۈچۈن ئەمەلدارلىققا تەكلىپ قىلىنىدى. ئالتە بەگلىكنى مۇنقەرز قىلىپ ئەلنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىغا زور ھەسسە قوشتى. چىن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن باش ۋەزىر بولغان لى سى ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى تەسىس قىلىش، ئورتاق يېزىقنى يولغا قويۇش قاتارلىق بىر تۈتاش مۇھىم ئىسلاھاتلارنى ئاكتىپ يولغا قويدى. چىن سىخۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن جاۋگاۋنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرىغان لى سى شيەنياڭ شەھىرىدە بېلى ئۈشتۈلۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 1520 ـ بەت).

(8) خۇاڭشيەن (黄县) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى

ته سىس قىلىنغان. ئورنى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى خۇاڭشيەن ناهىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 989 ـ بەت).

(9) چۇيشيەن قەدىمكى ناهىيە. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلىنغان. ئورنى هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ۋېيدىڭ ناهىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 932 ـ بەت).

(10) لاڭيا (琅邪) قەدىمكى ۋىلايەت. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلىنغان. باش شەھىرى لاڭيا (بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى جياۋنەن ناهىيىسىدىكى لاڭيا تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا). غەربىي خەن سۇلالىسى دۇڭۋۇ (بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى جۇچېڭ ناهىيىسى) غا يۆتكەلگەندى.

(بىر تومluq «سىخەي»، 1215 ـ بەت).

(11) چېڭ (成) خەن ليۇباڭ دەۋرىدىكى تەپتىشبەگلەردىن، ئىسمى ـ فامىلىسى نامەلۇم.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2801 ـ بەت).

(12) تەگرىقۇتنى تۇتقۇن قىلىش (虏单于) چىن سىخۇاڭ دەۋرىدە تۈمەن تەگرىقۇت تۇتقۇن قىلىنمىغان، يىراق يەرلەرگە قوغلاپ چىقىرىلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 244 ـ بەت، 48 ـ جىلد، «چېن شې تەزكىرىسى» گە قاراڭ).

(13) ۋېي تو (尉佗) جېندىڭلىق. جاۋتو دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە نەنخەي ۋىلايىتى ۋالىيسى ئىدى. چىن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆزىنى جەنۇبىي يۆ (南粤)لەر خانى دەپ ئېلان قىلدى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 10 ـ توم، 225 ـ بەت).

(14) جاڭ خەن (章邯) چىن سىخۇاڭ II دەۋرىدە ئىچكى

دەستارپېچ ئىدى. چېن شېڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە سانغۇنلۇقتا تەيىنلەنگەن. جاڭ خەن ئىلگىرى - كېيىن جۇ جاڭنى يوقاتتى، دورغاپ سىماشىن بىلەن بىرلىكتە چېن شېنى مەغلۇپ قىلىپ، شياڭ ليانى تارمار قىلدى. ۋېي جىيۇنى بېسىقتۇردى. چۇ بەگلىكى سەل تىنچىغاندىن كېيىن، شياڭ يۈ بىلەن ئۆتكەل ئىچىگە كىردى. شياڭ يۈ جاڭ خەننى يوڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. خەن ليۇباڭ ئۈچ چىن يېرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، جاڭ خەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1016 - بەت).

(15) «جۇنامە» («周书»)، «نەسىرنامە» («尚书») رىۋايەتلەر بويىچە يۈ (虞)، شيا (周)، شاڭ (商)، جۇ (夏) دىن ئىبارەت تۆت سۇلالىنىڭ تارىخى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە جۇ ۋە چىن سۇلالىسى ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان «مۇقەددەس قەسەم» (秦誓) دىن «مۇقەددەس قەسەم» 32 - پەسىلگىچە بولغان قىسمى «جۇنامە» دېيىلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 506 - بەت).

# گۇڭسۇن خې، لیۇ چۇماۋ(1)، جۇ چیەنچۇ(2) نىڭ تەرجىمھالى

## گۇڭسۇن خېنىڭ تەرجىمھالى

گۇڭسۇن خې، يەنە بىر ئىسمى گۇڭسۇن زىشۇ، بېيدى ۋىلايىتى يىچۇ ناھىيىسىدىن. گۇڭسۇن خېنىڭ بوۋىسى گۇڭ-سۇن كۇنيې خەن جىڭدى دەۋرىدە لۇڭشى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغانىدى. سانغۇنلۇق سالاھىيىتى بىلەن قوشۇن باشلاپ، ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىككە جازا يۈرۈشى قىلىپ، خىز-مەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پىڭچۇ(3) بېگى بولدى. ئۇ ئون نەچچە پارچە ماقالە يازغان. ياش ۋاقتىدا چەۋەنداز بولغان گۇڭسۇن خې ھەربىيگە قاتنىشىپ كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى. خەن ۋۇدى ۋەلىئەھد ۋاقتىدا يېقىن زاكاتچىسى بولغان گۇڭسۇن خې ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوردا مىراقۇللىقىغا ئۆستۈرۈلدى. گۇڭسۇن خېنىڭ رەپىقىسى ۋېي جۈنرۇ خانىكە ۋېي زىفۇنىڭ ئىگىچىسى بولغاچقا، گۇڭسۇن خې خەن ۋۇدىنىڭ ئىلتىپاتىغا تېخىمۇ سازاۋەر بولدى. م. ب. 133 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) يېنىك

هارۋىلىقلار سانغۇنى بولۇپ مايى شەھىرىدە تۇردى. تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى م. ب. 129 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) يۈنجۇڭ ۋىلايىتىدىن ئەسكەر باشلاپ چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. يەنە بەش يىلدىن كېيىن، يەنى م. ب. 124 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى سالاھىيىتىدە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، نەنجياۋ بېگى بولدى. ئىككىنچى يىلى، يەنى م. ب. 123 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى) يەنە سول قانات سانغۇنلۇق ۋەزىپىسىدە ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن دىڭشياڭدىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. خانغا نەزىر ـ چىراق ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەگلىك مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلاندى. م. ب. 111 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) يەنە فۇجۇ سانغۇنى(4) سالاھىيىتىدە ئەسكەرلىرى بىلەن ۋۇيۈەندىن ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. 2000 چاقىرىمدىن ئوشۇق يول يۈرگەن بولسىمۇ دۈشمەن ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، خىزمەت كۆرسىتەلمەي قايتىپ كەلدى. يەنە سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى م. ب. 103 ـ يىلى (خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) شى چىڭ(5) نىڭ ئورنىغا باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، گېيى(6) بېگى بولدى.

بۇ ۋاقىتتا ئوردىدا ئۆزگىرىش ناھايىتى كۆپ ئىدى. ۋەزىرلەر دائىم دېگۈدەك نازارەت قىلىنىپ، جازالىنىپ تۇراتتى. گۇڭسۇن خۇڭدىن كېيىن باش ۋەزىر بولغان لى سەي، يەن چىڭدى (7)، جاۋجۇ(8) لار ئارقا ـ ئارقىدىن جازاغا تارتىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. شى چىڭ ئېھتىياتچان بولغىنى ئۈچۈن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قېتىم ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى. گۇڭسۇن خې دەسلەپ باش ۋەزىر-

لىككە تەيىنلەنگەن چاغدا، ئۇ باش ۋەزىرلىك تامغىسى ۋە جەركىسىنى قوبۇل قىلماي باش قويغان ھالدا: «كەمىنىلىرى ئېلىمىزنىڭ چەت ياقىسىدىن بولۇپ، ئوقيا ئېتىش ماھارىتىم بىلەن ئەمەلدار بولدۇم. كەمىنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى ھەقىقەتەنمۇ ۋەزىر بولۇشقا لايىق ئەمەس» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. گۆڭسۈن خېنىڭ قايغۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەن خەن ۋۇدى ھەم ۋەزىر - سانغۇنلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار سەل بولۇپ ئاقتى. خەن ۋۇدى: «باش ۋەزىرنى تېز يۆلەڭلار» دېدى. گۆڭسۈن ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى، خەن ۋۇدى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. گۆڭسۈن خې ئامالسىز باش ۋەزىرلىك تامغىسى بىلەن جەركىسىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. يېقىن ئادەملىرى ئۇنىڭ نېمىشقا باش ۋەزىر بولۇشنى خالىمايۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، گۆڭسۈن خې: «خانىمىز ئىنتايىن دانىشمەن، مېنىڭ ئىقتىدارىم باش ۋەزىرلىك ئورنىغا مۇناسىپ ئەمەس، بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، تەس كۈنگە قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.

گۆڭسۈن خېنىڭ ئوغلى گۆڭسۈن جىڭشېڭ (9) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئوردا مىراقۇلى بولدى. ئاتا - بالا ئىككىسى يۇقىرى ۋەزىرلىك ئورۇندا تۇراتتى. گۆڭسۈن جىڭشېڭ خانىكەنىڭ ئىگىچىسىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆكتەملىك قىلىپ، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ، قانۇنغا رىئايە قىلمايتتى. م. ب. 91 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ خىراجىتىدىن 19 مىليون يارماقنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئوغرىلىقچە ئىشلەتكەن، بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن قاماققا ئېلىنغان. دەل شۇ ۋاقىتتا ئوردىدىن ياڭلىنلىق جۇئەنشىنى تۇتۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشكەن بولسىمۇ، تۇتۇلمىغانىدى. خەن ۋۇدى بۇ ئەنزىنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلغاچقا، گۆڭسۈن خې ئوغلى گۆڭسۈن جىڭ-

شىڭنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن جۇئەنشىنى تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. دەرۋەقە، كېيىن ئۇ جۇئەنشىنى تۇتتى.

جۇئەنشى ئەسلى پايتەختتىكى چوڭ پالۋان ئىدى. گۇڭسۇن خېنىڭ ئۇنى تۇتۇپ ئوغلى گۇڭسۇن جىڭشىڭنىڭ گۇناھىنى يۇماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان جۇئەنشى كۈلۈپ: «باش ۋەزىر ئۆزىگە ۋە پۈتۈن ئائىلىسىگە بالا تېرىش ئۈچۈن ئوت بىلەن ئويناشماقچى بولۇپتۇ! نەنشەن(10) تېغىدىكى بامبۇكلارنى قەلەم قىلسامۇ مېنىڭ ئەرز ـ شىكايەت يېزىشىمغا يەتمەيدۇ. شيېگۇ(11) جىلغىسىدىكى دەرەخلەرمۇ مېنىڭ جازا ئەسۋابلىرى ياسىشىمغا يەتمەيدۇ. قېنى كۆرۈپ باقايلى» دەيدۇ. تۈرمىدە ياتقان جۇئەنشى خەن ۋۇدىغا ئەرز يېزىپ، گۇڭسۇن جىڭشىڭ خەن ۋۇدىنىڭ قىزى «مەلىكە ياڭشى بىلەن زىنا قىلغان، داخان ـ باخشىلارنى سېتىۋېلىپ ئوقۇتۇپ، خانغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان ۋە گەنچۈەن قەسرىدىكى يولغا ياغاچ قورچاق كۆمۈپ خاننى زەھەرلىك تىللار بىلەن قارغىغان» دەپ شىكايەت قىلدى. غەزەپلەنگەن خەن ۋۇدى گۇڭسۇن خېنى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ جىنايىتىنى تەلتۆكۈس بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا ئىككىسى تۈرمىدە ئۆلدى. پۈتكۈل جەددى ـ جەمەتى يوق قىلىندى.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2877 ـــ 2878 ـ بەتلەر).

## ليۇ چۈماۋنىڭ تەرجىمھالى

ليۇ چۈماۋ جەن جىڭدىنىڭ بانوسىدىن تۇغۇلغان، خەن ۋۇدىنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى، جۇڭشەن بېگى ليۇ شىڭ(21)

نىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ دەسلەپ ئەمەلدارلىق سېپىگە قانداق قاتناشقانلىقى مەلۇم ئەمەس...

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى م.ب. 90 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) سۇتىرىشنا سانغۇنى لى گۋاڭلى ھۇنلارغا يۈرۈش قىلغاندا، باش ۋەزىر ليۇ چۈماۋ سۇتىرىشنا سانغۇنىنىڭ يۈرۈشكە چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ۋېيخې دەرياسى كۆۋرۈكىگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە خوشلاشتى. لى گۋاڭلى: «جا-نابىي تۆرەم، مەن سىلىدىن چاڭيى بېگىنىڭ بۇرۇنراق ۋەلىئەھد بولۇشىنى تەلەپ قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئە-گەر چاڭيى بېگى خان بولسا، جانابىي تۆرەم غەمدىن خا-لاس بولاتتىلا» دېدى. ليۇ چۈماۋ لى گۋاڭلىنىڭ تەۋسىيىسى-نى ماقۇل كۆردى. چاڭيى بېگى ليۇبو سۇتىرىشنا سانغۇنى لى گۋاڭلىنىڭ سىڭلىسى، خانىكەنىڭ ئوغلى بولۇپ، سۇتىرىشنا سانغۇنىنىڭ قىزى بولسا ليۇچۈماۋنىڭ كېلىنى ئىدى. شۇڭلاش-قا ھەر ئىككىسى چاڭيى بېگىنى خان قىلىپ تىكلەشنى ئويلايتتى. بۇ دەل داخانلىق دېلوسى جىددىي تۇتۇلۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. چادىر بېگى(13) گوراك باش ۋەزىرنىڭ خا-نىمىنى پاش قىلىپ: «باش ۋەزىر خاننىڭ بىر قانچە قېتىم ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، خانغا نارازىلىقى بولغاچقا، داخانغا ئوقۇتۇپ، خانغا بالايىئاپەت تىلىدى. زەھەرلىك گەپلەر بىلەن خاننى ھاقارەتلىدى. باش ۋەزىر يەنە سۇتىرىش-نا سانغۇنى لى گۋاڭلى بىلەن بىرلىشىپ، چاڭيى بېگىنى خان قىلىشماقچى بولدى» دەپ مەلۇمات بەردى. ئەدلىيە مەھكىمى-سىنىڭ ئەمەلدارلىرى خاندىن ليۇچۈماۋنى تەھقىقلەشنى تە-لەپ قىلدى. ئاخىر ئۇ خانغا ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى. خەن ۋۇدى ليۇچۈماۋنى كۆشۈگىلىك ھار-ۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ سازايى قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي

رەستىمدە بىلىمدىن چىپىپ ئۆلتۈرۈشكە، خوتۇنى ۋە بالىلىرى-
نىڭ بېشىنى كېسىپ خۇاياڭ كوچىسىغا ئېسىپ سازايى قىلىش-
قا يارلىق چۈشۈردى. سۇترىشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلىنىڭ خو-
تۇنى ۋە بالىلىرىمۇ زىندانغا تاشلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلى-
غان سۇترىشىنا سانغۇنى لى گۇاڭاي ھۇنلارغا تەسلىم بولدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۇرۇق جەمەتى قىرىپ تاشلاندى.
(«خەننامە»، 9 - توم، 2879 - ۋە 2883 - بەتلەر).

## جۇچيەنچيۇنىڭ تەرجىمىھالى

جۇچيەنچيۇنىڭ ئەسلى فامىلىسى تيەن بولۇپ، ئۇنىڭ
ئاتا - بوۋىسى چى بەگلىكىدىكى تيەن فامىلىلىكلەردىن ئىدى.
كېيىن گۇەندۇڭدىن چاڭلىنىڭ(14) غا كۆچۈپ كەلگەن.
جۇچيەنچيۇ مەرھۇم خەن گاۋدىنىڭ قەبرىستانىنى قوغدايدىغان
مەقبەرە قاراۋۇلى ئىدى. بۇ دەل ۋەلىئەھد ليۇجۈ جاڭ چۇڭ (15)
نىڭ تۆھمىتى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان
چاغ ئىدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جۇچيەنچيۇ ۋەلىئەھد
ليۇجۈنى ئاقلاپ مەكتۇپ سۇندى. ئۇ مەكتۇپتا: «بالا ئاتىسى-
نىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىشلەتكەن خاتالىقى ئۈچۈن پالاق ئۇرۇلسا
بولاتتى. خاننىڭ ۋەلىئەھدى خاتالىشىپ ئادەم ئۆلتۈرسە،
بۇنى قانداق جىنايەت ھېسابلاش كېرەك؟ پېقىر چۈشۈمدە
بىر ئاقساقال بوۋاينى كۆرگەنىدىم. ئۇ ماڭا مانا شۇ سۆزنى
قىل، دېدى» دەپ يازدى. بۇ ۋاقىتتا خەن ۋۇدى ۋەلىئەھد
كۆڭلىنىڭ پەقەت دەككە - دۈككىدە بولغانلىقىنى، باشقا
نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭا ئۇ قاتتىق تەسىر-
لىنىپ جۇچيەنچيۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ سورىدى. جۇچيەنچيۇنىڭ
بويى 1.70 مېتىردىن ئېگىزرەك بولۇپ، ئۆزى كېلىشكەن كىشى

ئىدى. خەن ۋۇدى بىر كۆرۈپلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى
ھەمدە: «ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى
ئادەتتە كىشىلەر ئاسان ئېيتالمايدۇ. پەقەت سىزلا بۇ ئىشنىڭ
مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىنى ئېيتالىدىڭىز، پەدەرىمىز
خەن گاۋدى ئىبادەتخانىسىدىكى روھلار سىز ئارقىلىق ماڭا
تەنبىھ بېرىپتۇ. سىز ماڭا ياردەمچى بولۇشىڭىز كېرەك» دېدى
ۋە دەرھال ئۇنى باش ھۇدەيچى قىلىپ تەيىنلىدى. بىرقانچە
ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ليۇچۇماۋنىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر
قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇنىڭغا پاراۋان بەگ (16) مەرتىۋىسى
بېرىلدى. جۇچيەنچيۇنىڭ بىلىمى ۋە ئىقتىدارى يوق بولۇپ،
كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە خىزمەت تارىخىمۇ يوق ئىدى. پەقەت
سۆزى بىلەنلا خەن ۋۇدىنىڭ كۆڭلىنى يورۇتقانلىقى ئۈچۈن
قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا باش ۋەزىر ۋە بەگ بولدى. بۇ ھەقىقەـ
تەنمۇ دۇنيادا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. كېيىن ھۇنلارغا خەن
سۇلالىسىدىن ئەلچى بارغاندا، قۇلۇقۇ تەگرىقۇت ئەلچىدىن:
«ئاڭلىشىمىزچە، خەن سۇلالىسى يېڭى باش ۋەزىر قويۇپتىمىش،
بۇ كىشى باش ۋەزىرلىككە قانداق قويۇلغان؟» دەپ سورىغان.
ئەلچى: «خانىغا مەكتۇپ سۇنۇپ ئەھۋال ئىنكاس قىلغانلىقى
ئۈچۈن باش ۋەزىر بولغان» دېگەن. قۇلۇقۇ تەگرىقۇت:
«ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولسا، خەن سۇلالىسى باش ۋەزىر
قويۇشتا ئىقتىدارغا ئېتىبار قىلمايدىكەن. نادانلارچە بىلجىرـ
لايدىغان بىر كىشى خانغا مەكتۇپ سۇنۇپلا ۋەزىر بولۇۋاپتۇ»
دېگەن. ئەلچى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا قايتىپ تەگرىقۇتنىڭ
گېپىنى يەتكۈزدى. خەن ۋۇدى ئەلچى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا
قىلمىغان دەپ قاراپ، ئۇنى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە بەرمەكچى
بولدى ۋە خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كەڭچىلىك
قىلدى. لېكىن جۇچيەنچيۇ پەزىلەتلىك، ئاقكۆڭۈل، پاراسەتلىك
بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسمى جىسمىغا لايىق ۋەزىر بولۇپ، ئۆزـ

دىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى باش ۋەزىرلەردىن ئېشىپ چۈشكەنىدى.

(«خەننامە»، 9 – توم، 2883 — 2884 – بەتلەر).

---

(1) ليۇچۇماۋ (刘屈氂) خەن جىڭدىنىڭ بانۇسىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، خەن ۋۇدىنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى ليۇشىڭنىڭ ئوغلى. م.ب. 90 – يىللارنىڭ باشلىرىدا سول قول باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، پېڭ (澎) بېگى بولىدى. جياڭ چۇڭنىڭ پىتنىسى بىلەن ۋەلىئەھد باش ۋەزىرنىڭ قەسرىگە ئەسكەر ئەۋەتكەندە، ليۇچۇماۋ قېچىپ قۇتۇلدى. كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، بېلى كېسىلىپ ئۆلتۈرۈلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1448 – بەت).

(2) جۇچيەنچيۇ (车千秋) ئەسلى فامىلىسى تيەن (田) بولۇپ، چى بەگلىكىدىكى تيەن جەمەتىدىن ئىدى. كېيىن چاڭلىڭغا كۆچۈپ كېلىپ، خانلار قەبرىستانلىقىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولدى. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ۋەلىئەھد ليۇجۈنى ئاقلاپ خەن ۋۇدىغا مەكتۇپ سۇنغانلىقى ئۈچۈن خانغا ياراپ كېتىپ، باش ھۇدەيچى ۋە باش ۋەزىر بولدى. جۇچيەنچيۇ ئۆزى پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل زات ئىدى. خەن جاۋدى دەۋرىگە كەلگەندە، قېرىپ قالغان باش ۋەزىر ساراي تەزىمگە ھارۋا بىلەن كېلىدىغان بولغاچقا، ھارۋىلىق باش ۋەزىر دەپ نام ئالدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 508 – بەت).

(3) پىڭچۈ (平曲) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى شۈياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 209 – بەت).

(4) فۇجۇ سانغۇنى (浮沮将军) فۇجۇ (浮沮) يەر

نامى بولۇپ، فۇجۇ سانغۇنى مۇشۇ يەرنىڭ نامىدىن ئېلىنغان.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 19 – توم، 277 – بەت).

(5) شى چىڭ (石庆) خەن ۋۇدىنىڭ باش ۋەزىرلىرىدىن. م.ب. 103 – يىلى باش ۋەزىرلىكتىن قالغان.
(«خەننامە»، 9 – توم، 2877 – بەت).

(6) گېيى (葛绛) تاغ. ئورنى ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى يى ناھىيىسىنىڭ 80 چاقىرىم جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 1056 – بەت).

(7) يەن چىڭدى (严青翟) جۇمەيچىن قاتارلىقلار بىلەن بىللە باش تەپتىشبەگ جاڭ تاڭغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن، جازاغا تارتىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان باش ۋەزىر.
(«خەننامە. جاڭ تاڭ تەزكىرىسى» دىن.

(8) جاۋجۇ (赵周) خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ 5 يىلى (م.ب. 112 – يىلى) خانلىق ئىبادەتخانىلىرىنىڭ نەزىر – چىراق ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ئۆلچەم بويىچە بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، 160 نەچچە كىشى جازالانغان. باش ۋەزىر جاۋجۇمۇ بۇ دېلوغا چېتىلىپ قېلىپ، مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان.

(9) گۇڭسۇن جىڭشېڭ (公孙敬声) گۇڭسۇن خېنىڭ ئوغلى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئوردا مىراقۇلى بولغان. خانىشنىڭ ئىنگىچىسىنىڭ ئوغلى بولغاچقا، كۆرەڭ بولۇپ قانۇنسىز ئىشلارنى تولا قىلاتتى. ئاخىرىدا ئاتىسى بىلەن بىللە تۈرمىدە ئۆلدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 36 – بەت).

(10) نەنشەن (南山) 567 – بەتتىكى «جۇڭنەنشەن» ئىزاھىغا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

(11) شيېگۇ (斜谷) جىلغا. جۇڭنەنشەن تېغىدا بولۇپ،

باۋ، شيې ئاملىق ئىككى ئېغىزى باۋ. شىمال ئېغىزى شيې، جەنۇب ئېغىزى باۋ دەپ ئاتىلىدۇ. جىلغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170 چاقىرىم كېلىدۇ. تاغ ئاھايىتى ئېگىز ۋە تىك بولۇپ، قەدىمكى زاماندا شەنشى بىلەن سىچۈەن ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 - توم، 1369 - بەت).

(12) ليۇشېڭ (刘胜) خەن جىڭدىنىڭ توققۇزىنچى ئوغلى. جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ بېگى ئىدى. كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن بولۇپ، 120 دىن ئارتۇق بالىسى بار ئىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1468 - بەت).

(13) چادىر بەگ (内者令) ئەمەل. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، خەن سۇلالىسىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇلغان. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى قارمىقىدىكى چېدىر - بارگاھ (كىيىم - كېچەك) ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 3 - توم، 413 - بەت).

(14) چاڭلىڭ (长陵) خان قەبرىستانى. خەن گاۋزۇ ليۇباڭ مۇشۇ قەبرىستانغا دەپنە قىلىنغان. ۋېيشۈي دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، قەدىمكى ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 - توم، 3227 - بەت).

(15) جياڭ چۇڭ (江充) خەندەنلىك. جاۋ بەگلىكىنىڭ ۋەلىئەھدى بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن يۇرتىنى تاشلاپ، خەن ۋۇدى ھۇزۇرىغا كېلىپ خىزمەتكە كىرگەنىدى. بۇ يەردىمۇ ۋەلىئەھد ليۇجۈ بىلەن ئارىسى بۇزۇلۇپ، ۋەلىئەھد ئۈستىدىن خانغا شىكايەت قىلدى. ۋەلىئەھد ليۇجۈ بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، جياڭ چۇڭنى تۇتقۇزۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئاتىسى خەن ۋۇدىغا قارشى ئىسيان قىلدى. مەغلۇپ بولغان ۋەلىئەھد ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 272 - بەت).

(16) پاراۋان بەگ (富民侯) خەن ۋۇدى دەۋرىدە (م. ب. 90 - يىللىرى) باش ۋەزىر جۆچيەنچيۇغا بېرىلگەن ئۇنۋان.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 10 - توم، 141 - بەت).

# جىن مىتىنىڭ تەرجىمىھالى

جىن مىتى، يەنە بىر ئىسمى جىن ۋېڭشۇ، ئەسلىدە ھۇن شۈتۈق خانىنىڭ ۋەلىئەھدى ئىدى. م.ب. 122—117 - يىللار ئارىلىقىدا قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ياردار قىلدى ھەمدە شۈتۈق خانىنىڭ چوقۇنىدىغان ئالتۇن بۇتىنى ئولجا ئالدى. شۇ يىلى يازدا قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ قايتا غەربكە يۈرۈش قىلىپ، جۈيىرە (جۈيەن) كۆلىدىن ئۆتۈپ چىلەن تاغقا ھۇجۇم قىلدى ۋە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن غەربتە خەن سۇلالىسىدىن بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ بولغان قۇنشارخان ۋە شۈتۈق خانغا غەزەپلەنگەن ئىچىش تەڭرىقۇت ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ۋەھىمىگە چۈشكەن قۇنشارخان بىلەن شۈتۈق خان خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشقا كېڭەشتى. كېيىن پۇشايمان قىلغان شۈتۈق خان قۇنشارخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئېلىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدۇ. قۇنشارخان چوڭ تۆرە ئۇنۋانىنى ئالدۇ. جىن مىتى ئاتىسى ئەل بولغىلى ئۇنىماي ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئانىسى ۋە ئىنىسى

شىن رون (1) لار بىلەن بىرلىكتە ئائىلە قۇلى قىلىنىپ، ئوردىسىغا ئات بېقىشقا ئەۋەتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ 14 ياشتا ئىدى.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خەن ۋۇدى بەزمە ئۆتكۈزۈپ، خانىكە ۋە خانىشلىرى بىلەن سەيلىگە چىقتى ۋە ئاتلارنى كۆرمەكچى بولدى. جىن مىتى قاتارلىق دەچچە ئونلىغان ئادەم ئات يېتىلەپ سارايى ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئاتچىلارنىڭ ھەممىسى ئاغىچا - خېنىملارغا كۆز قىرىنى سالماي ئۆتمەيدۇ. پەقەت جىن مىتىلا يەرگە قارىغان پېتى ئۆتۈپ كېتىدۇ. جىن مىتىنىڭ بويى 1.74 مېتر بولۇپ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ باققان ئاتلىرى سېمىز، تېمەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن خەن ۋۇدى ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى سورىۋىدى، ئۇ ئەھۋالىنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى. خەن ۋۇدى ئۇنى باشقىلارغا ئوخشاشمايدىكەن دەپ قاراپ، شۇ كۈنىلا يۇيۇندۇرۇپ ئۈستىباش ئىنئام قىلىپ، مىراقۇللۇققا تەيىنلىدى. ئارقىدىنلا يەنە شىغاۋۇل، مىراخور كاھبەگ(2)، قوشۇمچە كېڭەش بېگى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. جىن مىتى ئېتىبارغا ئېرىشكەندىن كېيىن زادىلا سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىدى، خەن ۋۇدى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ۋە ئىشىنەتتى. بېرىلگەن ئىنئام ئالتۇنلار 1000 جىڭدىن ئاشتى. جىن مىتى خەن ۋۇدى سىرتقا چىقسا مۇلازىم (3) بولۇپ بىللە چىقاتتى. ئوردىدا تامغاچ (4) بولۇپ، خانىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. خانىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ: «خان نەدىكى بىر ھۇن بالىسىنى شۇنچە قەدىرلەپ كەتتىغۇ!» دېيىشەتتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغان خەن ۋۇدى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

جىن مىتىنىڭ ئانىسى ئىككى ئوغلى (جىن مىتى ۋە جىن

لۇن)نى ياخشى تەربىيىلىدى. خەن ۋۇدى بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ ئۆلگەندە خان يارلىق چۈشۈرۈپ، گەنچۈەن قەسرىدىكى ئىچىگە ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇردى ۋە ئۈستىگە «شۇتۇق خاننىڭ ئەلچىسى» دەپ يازدۇردى. جىن مىتى ھەر قېتىم سۈرەتنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا چوقۇناتتى، بىر دەم يىغلاپ ئاندىن كېتەتتى. جىن مىتىنىڭ ناھايىتى ئوماق ئىككى ئوغلى بار ئىدى. خەن ۋۇدى ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ، ئەرمەك ئوغۇل قىلىۋالدى. ئۇلار دائىم خەن ۋۇدىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. بەزىدە ئۇلار خاننىڭ كەينىدىن بويىنىغا ئېسىلىۋالاتتى. جىن مىتى كۆرۈپ قالسا بالىلىرىغا كۆزىنى ئالايتىپ تۇياتتى. ئەرمەك ئوغۇللار «ئاتام ئاچچىقلاۋاتىدۇ» دەپ يىغلاپ قاچاتتى. خەن ۋۇدى جىن مىتىغا: «كىچىك بالىغا نېمىشقا ئاچچىقلايسەن؟» دەپ كايىيتتى. كېيىن چوڭ بولۇپ قالغان ئەرمەك ئوغۇل ئۆزىنى تۇتالماي ئوردىدىكى كېنىزەكلەر بىلەن ئوينىشىپ قويىدۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان جىن مىتى ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپتۇ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ جىن مىتىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. خەن ۋۇدى ئاڭلاپ غەزەپلىنىدۇ، جىن مىتى باش قويۇپ كەچۈرۈم سورايدۇ ۋە ئوغلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. خەن ۋۇدى قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ جىن مىتىغا چىن كۆڭلىدىن تېخىمۇ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

دەسلەپتە ماڭ خېيلو بىلەن جياڭ چۇڭ ئاغىنە ئىدى. جياڭ چۇڭ خەن ۋۇدىنىڭ خانىكىسى ۋېي زىفۇدىن تۇغۇلغان ئوغلى، ۋەلىئەھد ليۇ جۈگە تۆھمەت قىلدى. ماڭ خېيلونىڭ ئىنىسى ماڭ تۇڭ ۋەلىئەھدگە قىلىنغان جازا يۈرۈشىدە كۆچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن بەگ بولىدى. كېيىن خەن ۋۇدى ۋەلىئەھد ليۇ جۈنىڭ ناھەقلىكتە ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ،

جياڭ چۇڭنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ۋە شېرىكلىرىنى يوقاتتى. ۋەھىمىگە چۈشكەن ماڭ خېلو ۋە ئىنىسى ئىسيان كۆتۈرۈش نىيىتىگە كېلىشتى. ھېرىكەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ گۇمانلانغان جىن مىتى ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى ئاستىرتتىن كۆزىتىپ باردى، ئوردىغا كىرىپ - چىقسا ئەگىشىپ يۈردى. بۇنى سېزىپ قالغان ماڭ خېلو ئۆزۈنىغىچە غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. بۇ ۋاقىتتا خەن ۋۇدى لىنگۇاڭ قەسرىسى(5) گە قەدەم تەشرىپ قىلدى. جىن مىتى بولسا بۇ يەردە بىتاپ بولۇپ ياتقانىدى. ماڭ خېلو ۋە ماڭ تۇڭلار كىچىك ئىنىسى ماڭ ئەنچىڭ بىلەن يالغاندىن خاننىڭ ئەمرىنى ئالغان كىشىلەر سۈپىتىدە كېچىسى چىقىپ، بىرلىكتە خىزمەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن ئىسيان كۆتۈردى. تاڭ سەھەردە خەن ۋۇدى تېخى ئورنىدىن قوپمىغانىدى، ماڭ خېلو ئوردىغا ئوسۇپ كىرىپ كېلىدۇ. تاسادىپى تەرەتكە چىققان جىن مىتىنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ دەرھال يېنىپ كىردى - دە، ئىچكىرىكى ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. شۇ ئەسنادا يەڭ ئىچىگە خەنجەر يوشۇرغان ماڭ خېلو شەرق تەرەپتىكى يان ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. جىن مىتىنى كۆرۈپ تاتىرىپ كەتكەن ماڭ خېلو ئالدىراپ - تېنەپ خان ياتاقخانىسىغا مېڭىۋىدى، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان چالغۇ ئەسۋابىغا ئورۇلۇپ كېتىپ قورققىنىدىن قېتىپلا تۇرۇپ قالدى. ماڭ خېلونى قۇچاقلاپ تېزتۇۋالغان جىن مىتى: «ماڭ خېلو ئىسيان كۆتۈردى!» دەپ ۋارقىرىدى. خەن ۋۇدى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئەتراپتىكى ياساۋۇل - نۆكەرلەر كېلىپ قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ ئۇنى چاپماقچى بولغاندا، خەن ۋۇدى جىن مىتىنىڭ رەخىملىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، «توختاڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. جىن مىتى ماڭ خېلونى گەجگىسىدىن تۇتقان پېتى خاننىڭ

ئالدىغا ئاتتى. ئۇ تۇتۇپ باغلاندى ۋە قاتتىق سوراق قىلىنىپ جازا بېرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جىن مىتى سادىق، ۋاپادار دەپ شۆھرەت قازاندى.

جىن مىتى نەچچە ئون يىللاپ خەن ۋۇدىنىڭ خىزمىتىدە بولغان بولسىمۇ، قائىدە ـ يوسۇنغا بىرەر قېتىممۇ خىلاپلىق قىلىپ باقمىدى. ئۇ، ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان كېنىزەكلەرگە يېقىنمۇ بېرىپ باقمايتتى. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ قىزىنى خانىكە ئوردىسىغا كىرگۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. ئەنە شۇنداق سەممىي، سادىق ۋە ئېھتىياتچان بولغانلىقتىن، خەن ۋۇدى ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. خەن ۋۇدى ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا خوگۇاڭنى ياش خەن جاۋدىغا ياردەمچىلىككە تەيىنلىدى. خوگۇاڭ بۇ ۋەزىپىنى جىن مىتىغا ئۆتۈندى. جىن مىتى بولسا: «چېقىر يات ئەلدىن. بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى مەن ئۆتىسەم، ھۇنلار خەن سۇلالىسىدە بۇ ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالغۇدەك بىرەر ئادەم چىقماپتۇ دەپ كەمسىتىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن خەن ۋۇدى ئۇنى خوگۇاڭنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلىدى. خوگۇاڭ ئۆز قىزىنى جىن مىتىنىڭ ئوغلى جىن شانغا بېرىدۇ. باشتا خەن ۋۇدىنىڭ ۋەسىيەت يارلىقى بويىچە ماڭ خېلونى تۇتۇپ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن جىن مىتىغا دۇ بېگىلىكى مەرتىۋىسى بېرىلدى. جىن مىتى خەن جاۋدىنىڭ ياشلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي، خەن جاۋدىغا بىر يىلدىن كۆپرەك ياردەمچىلىك قىلغاندىن كېيىن، ئاغرىپ قالدى. خان ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭنىڭ تەلىپى بىلەن جىن مىتىنى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى؛ ئۇ تامغا ۋە جەركىلىرىنى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن بىر كۈن كېيىن ئۇ ۋاپات بولىدۇ. خەن جاۋدى ئۇنىڭغا دەپنە جابدۇقلىرى ۋە قەبرە ئىنئام قىلىدۇ ھەمدە جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ساۋۇتلۇق سىپاھلاردىن

تەشكىل تاپقان ھۆرمەت قاراۋۇللىرى بىلەن ماۋلىڭ قەبرىسى
تانىغا دەپنە قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭغا
«قەدىردان تۆرە» دېگەن شەرەپ ئۇنۋانىنى بېرىلىدۇ.

جىن مىتىنىڭ ئىككى ئوغلى جىن شان بىلەن جىن جان
خەن جاۋدى ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلاتتى، خەن جاۋدى بىلەن
بىر دېمەتلىك ئىدى، ئۇلار جاۋدى بىلەن بىر يەردە يېتىپ
قوپاتتى. جىن شان مىراقۇل، جىن جان بولسا مىراخور
كاھىبېگلىك خىزمىتىنى قىلاتتى. جىن شان بەگلىك ئۇنۋانىغا
ۋارىسلىق قىلغاچقا، تامغا جەركىسىدىن ئىككىسىنى ئاساتتى.
خەن جاۋدى خوگۇاڭغا: «جىن فامىلىسىلىك ئاكا - ئۇكىلارنىڭ
ھەر ئىككىسى ئوخشاش ئىككىدىن تامغا جەركىسى ئېلىشقا
بولامدىغۇ؟» دېگەندە، خوگۇاڭ: «جىن شان دادىسىنىڭ بەگلىك
ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خەن
جاۋدى كۈلۈپ تۇرۇپ: «بەگلىكنى بەرگۈچى يەنىلا سىز
بىلەن مەن ئەمەسمۇ؟» دېۋىدى، خوگۇاڭ: «مەرھۇم خاننىڭ
قائىدىسى شۇكى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرلا بەگلىككە سازاۋەر
بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى 8 — 9
ياشلاردا ئىدى. خەن شۈەندى تەختكە چىققاندىن كېيىن
جىن شان ئوردا مىراقۇلى بولىدۇ. خوگۇاڭ ئائىلىسىنىڭ
ئاسىيلىق ئىشى پاش بولۇپ قالغاندا، جىن شان خانغا
مەكتۇپ سۇنۇپ خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
خەن شۈەندى ئۇنىڭغا بەك ئىچ ئاغرىتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئاسىيلىق قىلماقچى بولغان خوگۇاڭ جەمەتىنى جازالىغاندا،
پەقەت شۇلا ئامان قالدى. خەن يۈەندى دەۋرىدە ئۇ كېڭەشبېگى
بولدى. ئۆلگەندىن كېيىن ۋارىسلىق قىلىدىغان بالىسى
بولمىغاچقا، كېڭەشبېگىلىك ئۇنۋانى بىكار قىلىندى.
مىلادىنىڭ 2 -، 3 - يىللىرى (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ ئوتتۇرىلىرى)
ئۈزۈلۈپ قالغان ئۇنۋانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، جىن

جاڭنىڭ نەۋرىسى جىن دان دۇبېگى بولۇپ جىن مىنتىغا ۋارىسلىق قىلدى.

باشتا جىن مىنتى بىلەن بىللە تەسلىم بولۇپ كەلگەن جىن شاۋچىڭ ناملىق ئىنىسى جىن رون ئىشىكئاغىسى(6) بولۇپ، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىدى. جىن مىنتىنىڭ ئىككى بالىسى بىر مەزگىل ئەتىۋارلانغان بولسىمۇ، نەۋرىلىرىگە كەلگەندە چۈشكۈنلىشىشكە باشلىدى. جىن روننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا روناق تېپىپ بېيىدى. ئوغلى جىن ئەنشان(7) دىن باشلاپ قەدىرلەندى ۋە بەگ مەرتىۋىسىگە ئىگە بولدى.

جىن ئەنشاننىڭ تەخەللۇسى جىن رىخۇ بولۇپ، كىچىكىدە شىغاۋۇل بولغانىدى. سەممىي ۋە ئەقىللىك بولغىنى ئۈچۈن خەن شۈەندى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. چۇ بېگى يەن شۇ(8) نىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش سۇيىقەستىنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆلكە بېگىلىكى بېرىلىپ، 300 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىندى. كېيىن خوگۇاڭ جەمەتى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقتىن، جىن ئەنشان ئوردىنىڭ قوۋۇق - ئىشىكلىرىنى ئەتتۈرۈپ، خوگۇاڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئوردىغا كىرگۈزمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇچىڭ(9) بېگى بولدى ۋە جيەنجاڭ قەسرىسىنىڭ ياساۋۇلبېگىلىكىگە كۆتۈرۈلدى. ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ قەبرىستانلىقىدىن ئورۇن بېرىلدى ۋە قەدىردان تۆرە دەپ شەرەپ نامى ئالدى. ئۇنىڭدىن جىن چاڭ (常)، جىن چاڭ (敞)، جىن سېن، جىن مىڭ ناملىق تۆت ئوغۇل قالدى. جىن سېن بىلەن جىن مىڭ ئەمىر-نۆكەر، جىن چاڭ بولسا كېڭەشبېگى بولدى. خەن يۈەندى ۋەلىئەھد ۋاقتىدا، جىن چاڭ ئۇنىڭ ئاتالىقى(10) بولۇپ، ئىشەنچكە ئىگە بولدى. يۈەندى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ شىرمەت - چەۋەندازلار دانىشبېگى، ئەمىر نۆكەر ھەرەم

ئاغىسى بولدى. خاقان يۈەندى ئۆلگەندىن كېيىن، قائىدە بويىچە خاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ھەممىسى جەسەتنى قەبرىستانغا ئۇزىتىپ بېرىپ مەقبەرە بېگى(11) بولۇشى كېرەك ئىدى. جىن چان (敞) ۋاپادار. سادىقلىقى بىلەن تونۇلغاچقا، شاھ سانىيە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى خەن چېگدىنىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئېلىپ قالدى ۋە ئوردا باش ئۆلچەم نازىرى قىلىپ تەيىنلىدى، ئاخىرىدا ياساۋۇلبەگ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. جىن چان (敞) ۋىجدانلىق ۋە دۇرۇس ئادەم بولۇپ، ئادەتتە خاننىڭ چىشىغا تېگىشكىمۇ جۈرئەت قىلالاتتى. خاننىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن قورقاتتى، ھەتتا خانمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قالغاندا، خەن چېگدى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ نېمە تەلىپى بارلىقىنى سوراتتى. ئۇ، ئۆكىسى جىن سېنىنى خانغا تاپشۇردى. خەن چېگدى جىن سېنىنى چاقىرتىپ ئۇنى داستىخانبېگى(12) قىلىپ تەيىنلىدى.

جىن چان (敞) نىڭ ئوغلى جىن شې ئەسلىدە سول قول لاۋازىم(13) ئىدى. خەن چېگدى ئۇنى شىغاۋۇل قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە خان ئەۋلادلىرى ھارۋىسى بىلەن ئاتىسى جىن چان (敞) نى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. چىن چان ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. جىن چاننىڭ جىن شې، جىن سەن ۋە جىن راۋ ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى.

ئوقۇمۇشلۇق ۋە پازىل ئادەم بولغىنى ئۈچۈن كۆكزىچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان جىن شې خەن چېگدى دەۋرىدە، شىرمەت چەۋەندازلار شىغاۋۇلى بولۇپ، پايتەخت ئەتراپىدىكى ئۈچ رايون(14) نىڭ ھۇن، يۆ چەۋەندازلىرىغا باشلىق بولدى. خەن ئەيدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، خان

مەپسى كاھبېگى ئاخىرىدا چاغشىن ئوردىسىنىڭ ئىچكى
ئىشلار ۋەزىرى بولدى.

جىن سەن ھۇنلارغا ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئەمىر نۆكەر، كېيىن يۆ ئىلى چەۋەندازلار چېرىكچىسى، ئۆلكە كاھبېگى، ئەندىڭ ۋە دۇڭخەي ۋىلايەتلىرىگە ۋالىي بولدى. جىن راۋ بولسا يۆ چەۋەندازلار چېرىكچىسى بولدى. جىن شىنىڭ جىن تان ۋە جىن رۇن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولۇپ، بۇلار ئوردىدا شىغاۋۇللۇق قىلاتتى. جىن شىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى جىن چىن بىلىملىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەلى ئەھد سارىيىدا قوۋۇقچىباشى(15) لىق قىلاتتى. خەن ئەيدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ كېڭەشبەگ، باش غوجىدار بولدى. جىن چىننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى جىن چيەن ئوردا باش مىرزىسى بولدى. بۇ ئاغا - ئىنىلارنىڭ ھەممىسى ئوردىدا ۋەزىپە ئۆتەيتتى. خەن ئەيدىنىڭ مومىسى، شاھ سانىيە ۋۇ(16) ۋاپات بولغاندا، جىن چىن دەپنە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن تەيشەن ۋە خۇڭنۇڭ(17) ۋىلايەتلىرىگە ۋالىي بولۇپ شان - شۆھرەت قازاندى. خەن پىڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، جىن چىن باش ئەمىرلەشكەر مۇپەتتىشى(18) ۋە پايتەخت بېگى بولدى. خەن پىڭدى ياش بولغاچقا، ئالىم ۋە پازىل باش ۋەزىر كۇڭ گۇاڭ(19) نى ئۆزىگە ئۇستاز قىلىپ تاللىدى. پايتەخت بېگى جىن چىن ئائىلىسى زامان - زاماندىن تارتىپ سادىق بولۇپ كەلگەچكە ئۇنى دوست قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىن چىن كېڭەش بېگى شىغاۋۇل بولۇپ، مائاشى 2000 تاغار ئاشلىققا يېتىپ، دۇچېڭ بېگى بولدى.

بۇ ۋاڭ مانگنىڭ خەن پىڭدىنىڭ شىرەم تۇغقانلىرىدىن بولغان ۋېي جەمەتىنى يىڭدىن قەتل قىلغان چاغ ئىدى. ئۇ قائىدە - يوسۇن ئەھلىلىرىدىن دەستارپېچ

زۇڭ يۇفېيىڭ(20) نى چاقىرتىپ، ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ
قائىدە - ئەدەبلىرى توغرىسىدا سۆزلەتتى ھەمدە ۋەزىرلەر،
سانغۇنلار، شىغاۋۇللار ۋە بارلىق ئوردا ئەھلىلىرىگە بۇنى
ئاڭلاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. شۇ ئارقىلىق
ئىچكى جەھەتتە خەن پىڭدىغا پەند - نەسىھەت قىلىش،
تاشقى جەھەتتە خەقنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى توسۇشنى
ئويلىدى. جىن چىن ۋە ئۇنىڭ جەمەتداش ئىنىسى دۈبېگى جىن
دان ئەنە شۇ چاغدا بەگلىك ئۇنۋانى ئالدى. باشتا جىن
داننىڭ بوۋىسى جىن مىتىنىڭ بەگلىك ئۇنۋانى ۋىجدانلىق
بەگ جىن شانغا، جىن چىننىڭ بوۋىسى جىن ئەنشاننىڭ
بەگلىك ئۇنۋانى ئوغلى يى(21) بېگى جىن چانغا بېرىلدى.
جىن شان بىلەن جىن چاننىڭ باللىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن
بەگلىك ئۇنۋانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇڭا ۋاڭ ماڭ
جىن چىن ۋە جىن داننى بەگ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز بوۋىلىرى
جىن مىتى ۋە جىن ئەنشاڭغا ۋارىس قىلدى. جىن داننىڭ
ئانىسى نەن خانىم(22) ۋاڭ ماڭنىڭ ئانىسى گۇڭ شيەنجۈن
خېنىمنىڭ سىڭلىسى ئىدى. جىن دان خان ئالىيلىرىغا مەكتۇپ
سۇنۇپ نەن خانغا بەگ ئانا ئۇنۋانى بېرىشنى تەلەپ
قىلدى. جىن چىن مۇشۇ ۋەجىدىن جىن دانغا: «سېنى بەگ
قىلىپ بېكىتىش يارلىقىدا جىن مىتىنىڭ كۆرسەتكەن
تۆھپىسىلا كۆرسىتىلگەن. جىن شان توغرىسىدا گەپ يوق،
سەن نەۋرە سۈپىتىدە بوۋاڭنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق
قىلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتاڭ ۋە بوۋاڭغا ئاتاپ ئىبادەتخانا
سالدۇرۇشۇڭ كېرەك، جىن شاننىڭ مەرتىۋە - ئۇنۋانلىرى
بىكار قىلىنغان، شۇڭا ئۇنىڭغا بىرەر ئەمەلدارنى ئەۋەتىپ
نەزىر - چىراق قىلدۇرۇپ قويساڭلا بولىدى» دەيدۇ. بۇ
چاغدا چەتتە قاراپ تۇرغان جىن جېنخان(23) بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاپ قېلىپ، دەرھال ئوردىدا جىن چىننى ئەيىبلەيدۇ

ھەمدە خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «جىن چىن ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، بەختلىك بولۇپ خان ھۇزۇرىدا ئىشلەپ، كاتتا ئىلتىپات ـ مەرھەمەتكە ئېرىشتى، ئۇنىۋانغا ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ، كېيىنكىلەر مەرتىۋە ـ ئۇنىۋانغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن نەزىر ـ چىراق قىلىش، ئىخلاسمەن بولۇش توغرىسىدىكى قائىدىلەرنى بىلەتتى. مىسالغا ئالايلى، خەن ئەيدى خەن چېگ-رىسىنىڭ ئۆز بالىسى بولمىسىمۇ، لېكىن خەن چېگدىغا ۋارىسلىق قىلىپ خان بولدى، ئۇ ئەلۋەتتە خەن چېگدىغا نەزىر ـ چىراق قىلىشى كېرەك. لېكىن خەن ئەيدىنىڭ مومىسى، شاھ سانىيە دىڭتاۋ(24) بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى دىڭتاۋ بېگىگە ئىبادەتخانا سالدۇردى. نەتىجىدە خەن ئەيدى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەي ئۆلۈپ كەتتى. ھازىر لۇ گۇەن بىلەن ۋېي باۋ كۆپ قېتىم سۈيقەست پىلانلاپ، خەن پىڭدىنىڭ ئانىسىنى پايتەختكە يۆتكەپ كېلىشكە ئۇرۇندى. نەتىجىدە ھەر ئىككىسى تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. شاھ سانىيە (25) ئىلاھىي قانۇنلارغا ئاسىيلىق قىلمىسا، دانىشمەنلەرنىڭ تەلىملىرىگە خىلاپلىق قىلمىسا، قانۇن ـ قائىدىلەر ئاياغ ـ ئاستى قىلىنسا، بالايىئاپەتلەر كېلىپ چىقىدۇ دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇ تەگرىنىڭ ئىرادىسى ۋە دانىشمەنلەرنىڭ تۈزۈم ـ قائىدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خانغا ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ مەرھۇم خانغا ئىخلاس-مەن بولۇشىدەك توپ پرىنسىپىنى مۇستەھكەملەشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۆزى ئوردىغا بېرىپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن كۆرۈشۈپ «قائىدە ـ يوسۇن دەستۇرى» دا ئېيتىلغان پرىنسىپلارنى چۈشەندۈرگەنىدى. «نەۋرىلەرنىڭ ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىشى» دېگەن نېمە؟ بۇ، خانىكىدىن تۇغۇلغان ئەۋلادى يوق، ئۆز نەسەبىدىنمۇ

ھېچقانداق كىششىسى يوق ھالەتتە، نەۋرىلەر ئەجدادلارغا نەزىر - چىراق قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىك. جىن شان جىن مىتىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. كېيىنكىلەر ئۇنى ئۆز نەسەبى ھېسابلىشى كېرەك. بۇ «قائىدە - يوسۇن دەستۇرى» دا ئېيتىلغان «ئاتا - بوۋىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم نەسەبىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش كېرەك» دېگەن قائىدىنىڭ ئۆزى. نەسەبىنى ئۆزگەرتمەسلىك لازىم. جىن چىن ئۆزىنىڭ جىن دان بىلەن بىرلىكتە بەگ مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن نەسەب شەرىپىلىرىگە ئىبادەت قىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئوردىدا جىن داننى ئۆزى كۆرسەتكەندەك ئىشلەشكە كۆپ قۇتراتتى. ئەگەر جىن دان ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرسە، ئۇ چاغدا جىن چىنمۇ نامى - نەسەبى بولغان يى بېگى جىن چانغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سالدۇرۇشى كېرەك بولۇپ، ئۆز ئاتىسى جىن مىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانا سالماسلىققا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق خىيانەتكارانە سۆزلەرنى تولا تەكىتلەپ كۆپ ئادەملەرنى قايمۇقتۇردى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، دۆلەت قانۇنى جەزمەن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، ئاپەت يۈز بېرەتتى. ئۇنىڭ ئەجدادلارنى ئاياغ ئاستى قىلىشى - ۋاپاسىزلىق بولۇپ، ۋەزىرلىك سالاھىيىتى بىلەن مۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشى دۆلەت ئاساسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭ ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى. دۇ بېگى جىن داننىڭ ئانىسى ئۈچۈن بەگ ئانىلىق ئۇنۋانى تەلەپ قىلىشىمۇ ئەدەب - قائىدىنى بۇزۇپ، ئەجدادلارنى ھۆرمەت قىلماسلىقتىن بولغان،» دەپ جىن چىننى پاش قىلدى. ۋاڭ ماڭ بۇنى شاھ سانىيەگە مەلۇم قىلدى ۋە بۇ ئىشنى تۆت نائىب (26)، ۋەزىر - ۋۇزرالار، بەگلەر،

دانىشمەنلەر ۋە مۇشاۋىرلارنىڭ مەسلىھەتىگە قويۇۋىدى،
بۇلار بىر ئېغىزدىن، «جىن چىڭنى دەرھال جازالاش
كېرەك» دېيىشتى. ئوردا خەۋەرچىسى(27) پەرمان بىلەن
جىن چىڭنى زىندانغا ئالغىلى بارغاندا، جىن چىڭ ئۆزىنى
ئۆلتۈرىۋالدى. جىن خان دۆلەت قانۇنلىرىنى قوغداش يولىدا
شەخسىيەتتىن كېچىپ، ساداقەت، ۋاپادارلىقتا داڭق چىقارغاچقا،
1000 تۈتۈنلۈك يەر ئاشۇرۇپ سۇيۇرغال قىلىندى. يەنە
چاڭشىن ئوردىسىنىڭ دەستارپېچى جىن شېنىڭ
ئوغلى، ئوڭقول لاۋازىم (28) جىن تان دۇچېڭ بېگى قىلىندى.
جىن تان بۇ كۈنى نەسەب شەرىپىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش
قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئادا قىلىپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتتى. بۇ
قېتىم سۇيۇرغاللىق ئاشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ماڭ
يەنە جىن چىڭنىڭ ئىنىسى جىن زۇننى بەگ قىلىپ، ئۇنىڭ
خىزمىتىنى توققۇز ۋەزىرلەر دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

مۇئەررىختىن: ... جىن مىتى ھۇن بولۇپ، خەن سۇلا-
لىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن خان ئوردىسىدا خىزمەتكە
قويۇلدى. ئۇنىڭ سادىق ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەشتەك پەز-
لىتى خەن ۋۇدىنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ پۈتكۈل ئۆمۈر بويى
ساداقەت بىلەن ئىشلەپ، ئىناۋەت قازاندى، خىزمەت كۆرسى-
تىپ، چوڭ سەركەردىلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ
ئۇنۋانى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مىراس بولۇپ قالدى. ئەۋلاد-
لىرىنىڭمۇ ھەممىسى سادىق ۋە ۋاپادارلىقى بىلەن تونۇلدى.
يەتتە ئەۋلادى ئوردىدا ئىشەنچلىك چوڭ ئەمەلدار بولۇشتى.
بۇ نېمىدېگەن شەرەپ - ھە! ئەسلىدە ئالتۇن بۇت شۇتۇقانى-
نىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇدى بولغاچقا، بۇ جەمەتكە جىن
(金) فامىلىسى بېرىلگەندى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2959 — 2967 - بەتلەر).

---

(1) جىن رون (金伦) قونشارقان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن

شۇتۇق قاننىڭ كىچىك ئوغلى. جىن مەتىننىڭ ئىنىسى.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2959 ـ بەت).

(2) مىراخور كاھبەگ (驸马都尉) خان ھارۋىلىرىنىڭ قوشۇمچە ئاتلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇپ، 2000 تاغار ئاشلىق مائاش ئالاتتى. ساراي ـ ھەرەملەرگە كىرىپ چىقالايتتى. خانغا مۇلازىملىقمۇ قىلاتتى.

(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 2 ـ توم، 1130 ـ بەت).

(3) مۇلازىم (骖乘) قەدىمكى زاماندا ھارۋىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ھەمراھ بولغۇچى خادىم.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1144 ـ بەت).

(4) تامغاچ (侍从) خانلارنىڭ، بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغۇچىلار ياكى قوغدىغۇچىلار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 237 ـ بەت).

(5) لىنگۇاڭ قەسىرىسى (林光宫) چىن سىخۇاڭ II دەۋرىدە سېلىنغان بولۇپ، يېنىغا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە گەنچۈەن قەسىرىسى سېلىنغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 2 ـ توم، 1536 ـ بەت).

(6) ئىشىك ئاغىسى (黄门郎) ئوردىنىڭ سىرىدىق سىرلانغان قوۋۇقى كىرىش مەنئى قىلىنغان جاي بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشىك ئاغىلىرى سىرىدىق قوۋۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ خان ۋە ئوردا خىزمەتلىرىنى قىلاتتى. بۇلار ئوردا مۇلازىملىرى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ـ توم، 3574 ـ بەت).

(7) جىن ئەنشان (金安上) جىن مەتىننىڭ جىيەنى، جىن رۇننىڭ ئوغلى. خەن شۇەندى دەۋرىدە شىغاۋۇل، ئۆلكە بېگى، ياساۋۇلبەگ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2963 ـ بەت).

(8) خەن يەنشۇ (韩延寿، م.ب.؟ — 57) يەن بەگلـ

كىدىن بولۇپ، كېيىن دۇلىڭغا كۆچكەن. خەن جاۋدى دەۋرىدە مەسلىھەتچى ۋە خۇەيياڭ، دۇڭجۇن ۋالىيسى بولدى. تەدبىرلىك، توغرا سۆزلۈك زات ئىدى. م.ب. 59 - يىلى خەن شۈەندى دەۋرىدە شياۋ ۋاڭجىنىڭ ئورنىغا سول قانات دوبېگى بولۇپ تەيىنلەندى. كېيىن ئۇ ھەسەتخور شياۋ ۋاڭجىنىڭ خەن يەنشۇ دۇڭجۇندىكى ۋاقتىدا ئىسيان قىلماقچى بولغان دەپ خانغا قىلغان شىكايىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. دۇڭجۇن ۋىلايىتى بۇزۇنقى چۇ بەگلىكى دائىرىسىدە بولغاچقا، خەن يەنشۇ چۇ بېگى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 3375 - بەت).

(9) دۇچېڭ (都成) يەر نامى. ئورنى نامەلۇم.

(مۇھەررىردىن).

(10) ئاتالىق (中庶子) ئەمەل. جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بەگ، ۋەزىر، زىيالىي ئەمەلدار تەبىقىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش - تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 91 - بەت).

(11) مەقبەرە بېگى (园令, 园郎) خان قەبرىستانلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بەگ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 578 - بەت).

(12) داستىخان بېگى (使主客) ھۇدەيچى قارمىقىدا بولۇپ، ئاساسەن ھۇن ئېلىدىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈش ئىشلىرىغا قارايتتى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2964 - بەت (2) ئىزاھ).

(13) سولقول لاۋازىم (左曹) ئەمەل. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوڭ - سول قول لاۋازىملار بار بولۇپ، دىۋان بېگىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 960 - بەت).

(14) پايتەخت ئەتراپىدىكى ئۈچ رايون (三辅) غەربىي

خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان چاڭئەن خەن جىڭدى دەۋرىدە ئوڭ ۋە سول قول ھۆدەيچى ھەمدە كاھبەگ ئىدارىسىدە ئۈچ رايونغا ئايرىلىپ ئىدارە قىلىنغاچقا، «ئۈچ رايون نامى» كېلىپ چىققان. خەن ۋۇدى دەۋرى (م. ب. 104 - يىلى) دە، ئوڭ قول ھۆدەيچى پايتەخت ۋالىيسى بولۇپ، چاڭئەننىڭ شەرقىنى؛ سول قول ھۆدەيچى پايتەخت ياردەمچى ئەمىنى بولۇپ، چاڭلىڭنىڭ شىمالىنى؛ كاھبېگى ئوڭ ياردەمچى ئەمىنى بولۇپ، ۋېيچېڭنىڭ غەربىنى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن»، 1 - توم، 39 - بەت).

(15) قوۋۇقچىباشى (门大夫) ئەمەل. ۋەلىئەھد (شەرق) سارىيىنىڭ قوۋۇق مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن»، 4 - توم، 3235 - بەت).

(16) شاھ سانىيە فۇ (傅太后) خەن يۈەندىنىڭ خانىشى، خەن چىڭدىنىڭ ئانىسى، خەن ئەيدىنىڭ مومىسى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2090 — 2091 - بەتلەر).

(17) خۇڭنۇڭ (弘农) قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب. 113 - يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. تېررىتورىيىسى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى تېيشياڭ، يىياڭ ناھىيىلىرىنىڭ غەربى، خۇاڭخې دەرياسى بىلەن خۇاشەن تېغىنىڭ جەنۇبى، شەنشى ئۆلكىسى جاشۈي ناھىيىسىنىڭ شەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورنى ھازىرقى خېنەن لىڭباۋ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن»، 2 - توم، 1042 — 1043 - بەتلەر).

(18) باش ئەمرلەشكەر مۇپەتتىشى (大司马司直) ئەمەل، م.ب. 118 - يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. قانۇنسىز ئىشلارنى تەپتىش قىلىپ پاش قىلىش بويىچە باش ۋەزىرگە ياردەملىشەتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۋەن»، 1 - توم، 464 - بەت).

(19) كۇڭ گۇاڭ (孔光، م.ب. 65 - م. 5) غەربىي خەن

سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىدىن. ئەھلى بىلىم بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئوبدان بىلەتتى. چىڭدى، ئەيدى ۋە پىڭدىدىن ئىبارەت ئۈچ خانغا خىزمەت قىلدى. باش تەپتىشبېگى، باش ۋەزىر، خەلپەت بەگ قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بەگ بولغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 778 - بەت).

(20) زۇڭ بوفېڭ (宗伯凤) خەن پىڭدى دەۋرىدە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 558 - بەت).

(21) يى (夷) قەدىمكى بەگلىك. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىمۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى جۇاڭۋۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسى شۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 713 - بەت).

(22) نەن خانىم (南) باش ۋەزىر خوگۇاڭنىڭ قىزى، جىن شانىڭ رەپىقىسى، جىن دانىڭ ئانىسى، ۋاڭ ماڭنىڭ كىچىك ئانىسى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2965 - بەت).

(23) جىن جېنخان (金甄邯) شۇتۇققان ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، خان مەپىسى كاھىبېگى ئىدى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2965 - بەت).

(24) شاھ سانىيە دىڭتاۋ (定陶太后) خەن يۈەندىنىڭ بانۇسى بولۇپ، دىڭتاۋ بېگى ليۇكاڭنىڭ ئانىسى. خەن ئەيدىنىڭ مومىسى ئىدى. فۇ فامىلىلىك بولغاچقا، فۇشاھ سانىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، غەيرىي ئىسىملار جەدۋىلى، 14 - بەت).

(25) شاھ سانىيە (太皇太后) خەن يۈەندىنىڭ خانىكىسى.

خەن چېڭدىنىڭ ئانىسى، ۋاڭ ماڭنىڭ ھاممىسى. ئىسمى ۋاڭ جېڭجۈن (王政君).

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، غەيرىي ئىسىملار جەدۋىلى، 7 - بەت).

(26) تۆت نائىب (四辅) ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۈچ گۇڭنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن تۆت نائىب قويغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 563 - بەت).

(27) ئوردا خەۋەرچىسى (谒者) ئەمەل. ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ھۆكۈمدارغا خەۋەرچىلىك قىلاتتى. چىن ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 397 - بەت).

(28) ئوڭ قول لاۋازىم (右曹) 513 - بەتتىكى 13 - ئىزاھقا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

# جاۋچۇڭگو ۋە شىن چىڭجى (1) نىڭ تەرجىمىھالى

جاۋ چۇڭگو، يەنە بىر ئىسمى جاۋ ۋېڭسۈن، لوڭشى ۋىلايىتى شاڭگۇي ناھىيىسىدىن بولۇپ، كېيىن جىنچېڭ ۋىلايىتىنىڭ لىنجۇ ناھىيىسىگە كۆچكەن. باشتا چەۋەندازلىق قىلىپ يۈرگەن جاۋ جۇڭگو ئالتە ۋىلايەت (2) نىڭ مۆمىن يۇقرا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ ئۇستا چەۋەنداز ۋە ئوقياچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوردا مۇھاپىزەتچىلىكىگە ئېلىنىدى. ئۆزى غەيۇر ۋە زور ئىستىبدات ئىگىسى بولۇپ، كىچىككىدىن تارتىپلا سەردارلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا قىزىقاتتى، ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگىنەتتى. ئەتراپتىكى يات قوۋملەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئوبدان بىلەتتى.

خەن ۋۇدى زامانىدا، ئۇ پەخرىي ئەمىرلەشكەر (3) سالاھىيىتىدە سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قورشاۋدا قالدى. خەن ئەسكەرلىرى نەچچە كۈنگىچە ئاچ قېلىپ، كۆپ تالاپەت بەردى. جاۋچۇڭگو 100 دىن ئوشۇق باتۇر ئەزىمەت بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. سۇترىشنا سانغۇنى لي گۇاڭلى قوشۇنىنى باشلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن قاتمۇ قات مۇھاسىرى-

دىن قۇتۇلدى. سۇتۇرشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى 20 نەچچە يىر-
دىن يارىلانغان جاۋ چۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى خەن ۋۇدىغا مەلۇم
قىلىۋىدى، خان ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى جارا-
ھەتنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىندى، ئۇنى نۆكەر بەگ قىلىپ
تەيىنلىدى. كېيىن ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنىنىڭ دورغاپى
قىلىپ ئۆستۈردى.

خەن جاۋدى زامانىدا، ۋۇدۇدىكى تۇرالار قوزغىلاڭ كۆتۈر-
دى. جاۋچۇڭگو ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭغا قاراشلىق مۇھاپىزەت-
چىكاھبەگ بولۇپ، تۇرالارنى تىنچلاندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشتى ۋە
ئەمىر - نۆكەر بولۇپ كۆتۈرۈلدى. ئەسكەرلىرى بىلەن شاڭگۇدا
تۇردى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ باش ئۆلچەم نازىرى(4)
بولدى. كېيىن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، شەچى قان(5) نى
ئەسىرگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھىماتچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى،
يەنىلا قوشۇمچە باش ئۆلچەم نازىرلىقىنى قىلىۋەردى. ئۇ ئۇلۇغ
سانغۇن خوگۇاڭ بىلەن شۇەندىنى خان قىلىپ تىكلەش توغرى-
سىدىكى پىلاننى تۈزۈپ ئىشقا ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن يىڭپىڭ
بېگى بولدى. م.ب. 72 - يىلى (خەن شۇەندى بېنشىنىڭ
ئىككىنچى يىلى)، باركۆل سانغۇنى بولغان جاۋچۇڭگو ھۇنلارغا يۈرۈش
قىلىپ، نەچچە يۈز دۈشمەننى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن ھىماتچى سانغۇن، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار
ۋەزىرى بولدى. م.ب. 61 - يىلى (خەن شۇەندى شىنجۆنىڭ
بىرىنچى يىلى) ھۇنلار 100000 دىن ئوشۇق چەۋەنداز
بىلەن جەنۇب قورغانلىرىغا چۈشۈپ قۇشىلۇ (6) تېغىغىچە كەلدى
ۋە ئىچكىرىلەپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقچى بولدى. خەن
سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھۇن تىچۇچۇتان(7) بۇ ئەھۋالنى
ئېيتىپ قويدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى جاۋچۇڭگونى
40000 چەۋەنداز بىلەن چېگرا بويىدىكى توققۇز ۋىلايەت (8)
نى مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شۇرۇ-

چانچۇ تەڭرىقۇت چېكىنىپ كېتىدۇ.

شۇ چاغدا، يىچۇلەردىن دانىشبەك ئانغۇر چياڭلارغا ئەلچى بولۇپ بارىدۇ، شيەنلىڭلەر(9) نىڭ ئاقساقىلى: «خۇاڭشۇي (10) دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ، بوزلۇقلاردا مال باقساق» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئانغۇر بۇنى ئوردىغا مەلۇم قىلىدۇ. جاۋچۇڭگو ئانغۇرنى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇۋۇمغانلىقتىن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان دەپ ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چياڭلار ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقى تەلىپى بويىچە چەكلىمىنى بۇزۇپ، ئۆز ئالدىغا خۇاڭشۇي دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلارنى ۋىلايەت ۋە ناھىيە ئەمەلدارلىرى توسۇيالماي قالىدۇ. م.ب. 63 - يىلى (خەن شۈەندى يۈەنكاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) شيەنلىڭلەر بىلەن چياڭلار ئاقساقاللىرىدىن 200 دەك كىشى كونا ئاداۋەتلىرىنى تاشلاپ، ئۆزئارا تۇرغاق بېرىشىپ، ئىتتىپاقلىق ئەھدى تۈزۈشىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان خان جاۋچۇڭگودىن سورايدۇ، جاۋچۇڭگو: «چياڭلارنى شۇ سەۋەبتىن ئوڭاي بويسۇندۇرغىلى بولىدۇكى، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقساقىلى بار. ئۇلار ھەمىشە ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇرغاچقا، بىرلىككە كېلەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىل بۇرۇن غەربىي چياڭلار ئىسيان كۆتۈرگەندىمۇ ئالدى بىلەن ئۆزئارا ئاداۋەتنى تاشلاپ كېلىشىم تۈزۈشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن لىڭجۈگە ھۇجۇم قىلىپ خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشتى. بۇ ئەھۋال 5 — 6 يىلدا ئاران بېسىقتى. م.ب. 90 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) شيەنلىڭلەر ئاقساقىلى فېڭ جيەن (11) ھۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ھۇنلار بولسا توخرىلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلار ئارقىلىق چياڭ قەبىلىلىرىگە: «سۇتىرشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى 100000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. چياڭلار خەن سۇلالىسىنىڭ قولىدا ئېزىلىۋاتىدۇ. جاڭيې،

جيۇچۇەنلەر ئەسلى بىزنىڭ يېرىمىز بولۇپ ئىنتايىن مۇنبەت ئىدى، بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، بىرلىكتە ياشايلى» دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھۇنلارنىڭ چىياڭلار بىلەن بىرلىشىشكە ئۇرۇنۇشى يېقىنقىلا ئىش ئەمەس. ئاڭلىشىمىچە ھۇنلار غەربتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغانلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېقىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ يەنە شەرقتىن ئەسكەر ماڭدۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆنچى (قاراقۇم)(12) ۋە چۇقو (بوستان) بەگلىكلىرىگە نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەر - ئاياللار كىيىدىغان سۆسەر تونلىرىنى سوۋغا قىلىشقا ۋەدە بېرىپ، ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. مەن ئويلايمەنكى، ھۇنلار ئېھتىمال چىياڭلارغا ئەلچى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك. ئەلچىلەر شايىن (قۇملۇق)(13) بىلەن لوپنۇر كۆلىگە چىقىپ، چاڭكېلىڭ(14) ئارقىلىق چيۇگشۇي قورغىنى(15) غا كىرىپ، ئاندىن جەنۇبتىكى بېقىندى بەگلىككە (جاڭيېگە) بارسا، شيەنلىڭ قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشالايدۇ. پېقىر چىياڭلار ئىسيانىنىڭ يەنىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىن، يەنە ئۇلارنىڭ باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، تېخىمۇ چوڭ چاتاق چىقىرىشىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك» دەيدۇ. دەرۋەقە، ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ، چياڭ بېگى لاڭخې ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئۇلاردىن ئەسكەر ياردەم ئېلىپ، پىشامشان(16) ۋە دۇنخۇاڭغا ھۇجۇم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولىنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولىدۇ. جاۋ چۇڭگو: «لاڭخې توخرىلاردىن بولۇپ، ياڭگۇەن(17) قوۋۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئۇلار بۇ قارارنى ئۆز ئالدىغا يالغۇز چىقىرالمايدۇ. ئېھتىمال، ھۇن ئەلچىلىرى چىياڭلار

ئارىسىغا بارغاندىن كېيىن، شىيەنلىك، خەن(18)، جىيەن(19) قەبىلىلىرى ئاداۋەتنى تاشلاپ، ئىتتىپاقلىق ئەھدى تۈزۈگەن بولسا كېرەك. كۆزدە ئات - ئۇلاغلار سەمرىگەندە ئىسيان جەزمەن يۈز بەرمەي قالمايدۇ. بىز ئەلچى ئەۋەتىپ، چېگرىغا ئەسكەر ماڭدۇرۇشىمىز، ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈشىمىز، چياڭلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئاداۋەتنى يوقىتىشىغا يول قويماسلىقىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى پاش قىلىشىمىز لازىم» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئىككى دىۋان(20) ئەھۋالنى خەن شۈەندىگە مەلۇم قىلدى ھەمدە يىچۈلەردىن ئانغۇرنى چياڭلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، ياخشى - يامىنىنى ئايرىپ جازالاشقا ئەۋەتتى. يىچۈلەردىن ئانغۇر يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شىيەنلىگلەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن 30 نەچچە ئادەمنى يىغىپ، ئۇلارنى ئەڭ قەبىھ ئادەملەر دەپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئەسكەر چىقىرىپ، قەبىلە ئاھالىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، 1000 دىن ئوشۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان بەزى چياڭ قەبىلىلىرى ھەمدە ھەقىقەتكە قايتقان چياڭلارنىڭ بېگى ياڭ يۈ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چۆچۈيدۇ ۋە غەزەپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار بەزى ئۇششاق قەبىلىلەرنى زورلاپ، خەن سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ ۋە چېگرا قورۇغلا باستۇرۇپ كىرىپ، سىپاھ - بەگلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. يىچۈلەردىن ئانغۇر شىرمەت - چەۋەندازلار بېشى سالاھىيىتىدە 3000 چەۋەنداز بىلەن چياڭلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن گېيىن(21) گە كېلىپ تۇرۇپ قالىدۇ. لېكىن چياڭلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۆپ قورال - ياراق ۋە ھارۋا، ھەربىي تەمىنات ئەشيالىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەسكەرلىرى بىلەن لىنجۈگە چېكىنگەن ئانغۇر ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلىدۇ. بۇ م. ب. 61 - يىلى (خەن شۈەندى

شىنجۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ئەتىياز ۋاقتى ئىدى.
شۇ چاغدا جاۋ چۇڭگونىڭ يېشى 70 تىن ھالقىغانىدى. خەن شۇەندى ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، باش ئەپتىشبەگ بىڭ جى(22)نى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ئالدىنقى سەپكە كىمنىڭ ئەسكەر باشلاپ بارالايدىغانلىقىنى سورىتىدۇ. جاۋ چۇڭگو: «پېقىردىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خان يەنە ئادەم ئەۋەتىپ «سانغۇن جانابلىرى! چياڭلارنىڭ كۈچى قانچىلىك؟ ئۇلارنى تىنجىتىش ئۈچۈن قانچىلىك ئادەم كېرەك بولىدۇ؟» دەپ سورىتىدۇ. جاۋ چۇڭگو جاۋاب بېرىپ: «مىڭ ئاڭلىغان بىر كۆرگەنگە يەتمەيدۇ، ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرمەي تۇرۇپ، ھەربىي كۈچنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. پېقىر دەرھال جىنچېڭگە بېرىپ، ئورۇش پىلانى تۈزۈپ ۋە يەر شەكلىنى سىزىپ ئەۋەتىمەن. چياڭ، رۇڭ(23) قاتارلىق ئۇششاق قوۋملەر پەغپۇرغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئوردىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار پات ئارىدا ھالاك بولىدۇ. ئالىيلىرى بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرسىلا، بۇ ھەقتە غەم — ئەندىشە قىلمىسىلا» دەيدۇ. خان: «ھەببەللى!» دەپ كۈلىدۇ.

جاۋ چۇڭگو جىنچېڭگە بارىدۇ. 10000 ئەسكەر توپلانغاندا، خۇاڭشۇي دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولىدۇ. لېكىن چياڭلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، كېچىسى ئالدىن ئۈچ داقاق ئەسكەر ماڭدۇرۇپ، چوكا چىشلىتىپ(24) دەريادىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۆتۈپ بولۇپلا قىرغاقتا سەپ تۈزىدۇ. تاڭ يورۇش بىلەن چوڭ قىسىم تەرتىپ بويىچە دەريادىن پۈتۈنلەي ئۆتۈپ بولىدۇ. ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن 100 گە يېقىن چياڭ چەۋەندازلىرى خەن قوشۇنىنىڭ يېنىدا چېپىشىپ يۈرەتتى. جاۋ چۇڭگو: «قوشۇنلىرىمىز ھارغىن، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە بولمايدۇ. بۇ نېمىلەر ئاسانلىقچە قولغا چۈشمەيدىغان

باتۇر چەۋەندازلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەلگىم بۇلار بىزنى مەلكە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن مەقسەت ئۇلارنى يوقىتىش، ھەرگىز كىچىككىنە پايدىغا بېرىلىپ كەتمەسلىك كېرەك» دەپ ھۇجۇم قىلماسلىق توغرىسىدا قوشۇنغا يارلىق چۈشۈرىدۇ ۋە چاپارمەن ئەۋەتىپ، سىۋاڭ جىلغىسى(25) نى چارلىتىدۇ. ئۇ يەردە ئادەم يوقلۇقى بىلىنىدۇ. شۇ كېچىسى ئىلگىرىلەپ ۋوشۇن بىلەن لىدۇ(26) غا يېتىپ كېلىدۇ ۋە ھەر-قايسى داقاقلاردىكى ئەسكەر بەگلەرنى يىغىپ: «مەن چياڭلارنىڭ ھەربىي ئىشلارنى ئۇقمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەگەر دۈشمەن سىۋاڭ جىلغىسىنى قوغداشقا مىڭ ئادەم قويغان بولسا، ئەسكەرلىرىمىز ئۇ يەرگە قانداق كىرەلەيتتى!» دەيدۇ. جاۋ چۇڭگو ئادەتتە يىراققا چارلىغۇچى چىقىرىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ھەر قېتىم ھەربىي يۈرۈشكە چىققاندا جەڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلاتتى، قارارگاھنىڭ مۇداپىئەت ئىشلىرىنى كۈچەيتەتتى. ئۇ ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ، سىپاھ - بەگلەرنى ئاسرايتتى. ھەر قاچان ئاۋۋال پىلان تۈزۈپ ئاندىن جەڭ قىلاتتى. ئۇ كۈنپېتىشقا يۈرۈپ، غەربىي قىسىم كاھبەگ مەھكىمىسى(27)گە يېتىپ بارىدى ۋە ئەسكەرلەرنى ئوبدان ئوزۇقلاندۇردى. ئەسكەرلەرمۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى. چياڭلار كۆپ قېتىم ئىغۋاگەرچىلىك قىلغان بولسىمۇ، جاۋ چۇڭگو قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتمىدى. خەن ۋوشۇنغا چۈشكەن ئەسىرلەر چياڭ ئاقساقاللىرىنىڭ بىرىنى ئەيىبلەپ: «توپىلاڭ قىلما دېگەنىدىم، مانا ئەمدى خان سانغۇن جاۋ چۇڭگونى ئەۋەتىپتۇ، ئۇ 80 — 90 ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، ئۇرۇشقا ماھىر ئادەم. بۈگۈن بىز ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقىنىمىز بىلەنمۇ پايدىسى يوق» دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى.

جاۋ چۇڭگونىڭ ئوغلى ــ ئوڭ قول ئەمىر نۆكەر جاۋئاڭ(28)

مۇھاپىزەتچى، ماھىر ئوقياچى، يېتەكچى پاسىبانلار قىسمى (29) ۋە ھۇن، يۆ چەۋەندازلىرىنى تايانچ قوشۇن قىلىپ، لىڭجۇگە باشلاپ باردۇ. چياڭلار ئۇزۇق - تۈلۈك توشۇيدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جاۋ ئاڭ ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلىدۇ. سەككىز نەپەر چېرىكچى، ئالپ چەۋەنداز تۇتۇۋېلەگ ۋە جىنچېڭ ۋالىيلىرىغا تەڭلا ئاتلىنىپ، تاغدىكى قاراقچىلارنى ئىزدەپ تۇتۇشقا ھەم ئۇزۇق - تۈلۈك توشۇيدىغان يوللار ۋە كېچىكلەردە قاتناشنى راۋانلاندۇرۇشقا يارلىق چۈشۈرۈلىدۇ.

باشتا چياڭلارنىڭ خەن، جېەن قەبىلىلىرى ئاقساقاللىرىدىن ستانئېر كاھېگكە ئۆز ئىنىسى تاۋۇۋنى ئەۋەتىپ شيەنلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدۇردى. دېگەندەك بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىسيان كۆتۈرۈلدى. تاۋۇۋنىڭ قەبىلىسى كۆپىنچە شيەنلىڭ قەبىلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، كاھېگ تاۋۇۋنى تۇرغاق قىلىۋالغانىدى. جاۋ چۇڭگو ئۇنى ئەيىبسىز دەپ قاراپ ئېلىگە قايتۇرۇۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئارقىلىق قەبىلە ئاقساقاللىرىغا: «چوڭ قوشۇن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالايدۇ. ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلماڭلار، خان چياڭ قوۋۇملىرىغا شۇنى ئۇقتۇردۇكى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بىر بىرىنى تۇتۇپ بەرسە ياكى ئۆلتۈرسە، ئۇلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ. جىنايەتكار چوڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن بىرنى ئۆلتۈرگەنلەرگە 400000 يارماق، ئوتتۇرا ئاقساقاللاردىن بىرنى ئۆلتۈرگەنلەرگە 150000 يارماق، كىچىك ئاقساقاللاردىن بىرنى ئۆلتۈرگەنلەرگە 20000 يارماق، چوڭ يىگىتلەردىن بىرنى ئۆلتۈرگەنلەرگە 300 يارماق، قىز ۋە قېرى - چۆرە، بالىلارنى ئۆلتۈرگەنلەرگە 1000 يارماق

بىرىلىدۇ. ئولجا ئالغان خوتۇن، بالا ۋە
مال - بايلىق، چارۋا تامامەن ئۆزىگە بېرىلىدۇ»
دەپ جاكارلايدۇ. جاۋ چۈگگو تەھدىت ۋە ئىناۋەت بىلەن
خەن، جىيەن قەبىلىلىرى ۋە ئىسيانغا مەجبۇرىي قاتناشقان-
لارنى تەسلىم قىلماقچى ھەم دۈشمەننىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ،
ئۇلارنىڭ ماغدۇرىدىن كەتكەن ۋاقىتدا ھۇجۇم قىلىپ يوقات-
ماقچى بولغانىدى.
بۇ چاغدا خەن شۆەندى يارلىق چۈشۈرۈپ، پايتەخت
ئەتراپىدىكى ئۈچ رايوننىڭ باشلىقى ۋە مۇراسىمبېگى تەۋە-
سىدىكى ئازاد قىلىنغان گۇناھكارلار، سەنخې (30)، يىڭچۈەن،
پېيجۈن، خۇەيياڭ، رۇنەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى نۆكەرلەر،
جىنچېڭ، لۇڭشى، تيەنشۈي، ئەندىڭ، بېيدى، شاڭجۈن
قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى چەۋەندازلار، چياڭ چەۋەندازلىرى
ھەمدە ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۈەن ۋالىيلىرىغا قاراشلىق ۋىلا-
يەتلەردە مۇداپىئەدە تۇرغان ئەسكەرلەر بولۇپ، جەمئىي
60000 كىشىنى توپلىدى. جيۇچۈەن ۋالىيسى شىن ۋۇشيەن
خانغا: «ھازىر ۋىلايەتلەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى
جەنۇبتىكى چىلىيەنتېغى ئەتراپىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شىمالىي چېگرا
بوش قالدى. بۇ ئەھۋال ئۇزۇنغا سوزۇلسا بولمايدۇ. بەزىلەر
كۈز ياكى قىشتا ئەسكەر تارتىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ.
دۈشمەن چېگرا سىرتىدا ھىيلە ئىشلىتىپ، ئەتە - ئاخشام-
لاردا تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ. بۇ
سوغۇق ئىقلىمدا خەن ئاتلىرىنىڭ قىشتىن چىقىشى تەس.
ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۈەنلەردە تۇرۇۋاتقان چەۋەنداز 10000
دىن ئوشۇق، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تولىسى ئورۇق ۋە ئاجىز.
ئۇلارغا يەم - خەشەك كۆپەيتىپ بېرىلىشى كېرەك. 7 -
ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ 30 كۈنلۈك ئوزۇق -
تۈلۈك تەييارلاپ، جاڭيې بىلەن جيۇچۈەندىن تەڭلا يۈرۈش

قىلىپ، بىرلىكتە شيەنىنىۋي (31) بويىدىكى خەن، جيەن قوۋملىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش لازىم. چياڭلار چارۋىچىـ لىق بىلەن ياشايدۇ. ھازىر ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كەتتى. بىز ئىككى تەرەپتىن قوشۇن چىقارساق، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتەلىگەن تەقدىردىمۇ، ماللىرىنى ئولجا ئېلىپ، خوتۇن - باللىرىنى تۇتقۇن قىلىپ قايتىپ كېلىمىز. قىشتا يەنە ھۇجۇم قوزغاپ چوڭ قوشۇننى قايتا - قايتا ئىشقا سالساق، دۈشمەن چوقۇم ئالاقزادە بولۇپ ۋەيران بولىدۇ» دەپ مەكتۇپ سۇنىدۇ.

خەن شۈەندى ئۇنىڭ مەكتۇپىنى جاۋ چۇڭگوغا چۈشەنـ دۈرۈپ، چياڭلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان چىرىكـ چىلەر بىلەن كەڭ - كۆلەمدە مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇدى، جاۋ چۇڭگو ۋە ئۇنىڭ دورغاپى دۆڭ تۇڭنيەن: «شىن ۋۇشيەن يېنىڭ قوراللانغان 10000 چەۋەنداز بىلەن جيۇچۇەن ۋە جاڭيېدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ چىقىپ، 1000 چاقىرىم يول ئايلىنىپ ماڭماقچىكەن. بىر ئاتقا 30 كۈنلۈك ئاشلىق، يەنى جەمئىي 2 پاتمان (32) 4 گۈرە گۈرۈچ ۋە 8 پاتمان بۇغداي، يەنە قورال - ياراق ۋە كىيىم - كېچەك ئارتىلسا، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش تەس بولىدۇ. مىڭ جاپا بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ يېتىپ بارغان تەقـ دىردىمۇ، دۈشمەن بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى مۆلچەرلىۋالىدۇ - دە، تۇيدۇرماي قېچىپ تاغ - ئورمانلار ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولىدۇ. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرسەك دۈشمەن دەرھال ئالدى - كەينىمىزدىن خەتەرلىك ۋە مۇھىم يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، تەمىنات ۋە نەقلىيات يولىمىزنى كېسىپ تاشلاپ، قوشۇنىـ مىزنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يات قوۋملەر ئالدىدا كۈلكىگە قالىمىز. شىن ۋۇشيەن ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى ئولجا ئېلىپ، خوتۇن - باللىرىني تۇتقۇن قىلىمىز، دەپتۇ،

بۇ بىر قۇرۇق گەپ، بۇنى ھەرگىز ياخشى چارە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋۇۋېي، جاڭيې ۋە زىلى (33) قاتارلىق يەرلەر شىمالدىكى چېگرا - قورۇللارغا جايلاشقان. ئۇ يەردىن شىمالغا بارىدىغان سوقماق يوللار بار بولۇپ، بۇ تاغ ۋە جىلغىلاردىمۇ ئوت - چۆپ، سۇ بار. پېقىر ھۇنلارنىڭ چياڭلار بىلەن كېلىشىۋېلىپ، كەڭ - كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىپ جاڭيې، جيۇچۈەن يوللىرىنى توسۇپ، غەربىي يۇرت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش مەقسىتىگە يېتىشتەك خام خىيالى بارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭيې ۋە جيۇچۈەنلەردە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنى ھەرگىز يۆتكەشكە بولمايدۇ. شيەنلىنىڭ قەبىلىسى باش ئىسيانچى بولۇپ، قالغان قەبىلىلەر مەجبۇرىي ئەگەشكۈچىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پېقىر شۇ ئەرزىمەس چارىنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، خەن ۋە جيەن قەبىلىلىرىنىڭ بۇ خاتالىقىنى كەچۈرۈپ، ئۇنى ئېغىزغا ئالماسلىق، ھەممىدىن ئاۋۋال شيەنلىك قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ئېگىپ، توۋا قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن گۇناھدىن كېچىش ھەم ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئوبدان ئەمەلدارلارنى تاللاپ، شۇلار ئارقىلىق ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش لازىم. مانا بۇ قوشۇننى زىيانغا ئۇچراتماستىن غەلىبىگە ئېرىشىش ۋە چېگرىنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ ئوبدان چارىسى» دېگەن قاراشلىرىنى قويۇشتى. خەن شۈەندى جاۋ چۇڭگو قاتارلىقلارنىڭ مەكتۇپىنى ۋەزىرلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە تاپشۇردى. مۇھاكىمىگە قاتناشقان ۋەزىر - ۋۇزرالار شيەنلىك قەبىلىسىنىڭ ھەربىي كۈچى ئۈستۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن، جيەن قەبىلىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئىگە. ئاۋۋال خەن، جيەن قەبىلىلىرىنى تارمار كەلتۈرمەي تۇرۇپ، شيەنلىك قەبىلىسىنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس دەپ

قارىشى،

شۇنداق قىلىپ خەن شۇەندى شىغاۋۇل لىچېك(34) بېگى شۇ يەنشۇنى ئۇقيالىقلار سانغۇنى، جيۇچۇەن ۋالىيسى شىن ۋۇشيەننى چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ، تامغا، گۇۋاھنامە بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ چارە ـ تەدبىرىنى مۇكاپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يارلىق چۈشۈرۈپ جاۋ چۇڭگونى مۇنداق ئەيىبلەيدۇ:

«خان ھىماتچى سانغۇنغا سالام يوللايدۇ. كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت چەكتىڭىز! ھەمەل ئېيى كىرگەندە خەن چياڭلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلان قىلىپسىز، ئۇ چاغدا چياڭلار ئاشلىقنى ئېلىپ بولىدۇ ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى يىراقلارغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، تۈمەن كىشىلىك كۈچلۈك قوشۇن توپلاپ جيۇچۇەن ۋە دۇنخۇاڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئۈرۈنىدۇ. چېگرا ـ قورۇللاردا ئەسكەر ئاز، ئاھالە مۇداپىئە بىلەن بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ. ھازىر جاڭيېنىڭ شەرقىدە يۈزنەچچە يارماقچا بىر تاغار ئاشلىق، ئون نەچچە يارماقچا بىر باغ چۆپ بېرىدىكەن. جايلاردىن تەمىنات ۋە يەم خەشەك توشۇشقا توغرا كەلسە ئەل ـ پۇقرا كۆپ ئاۋارىچىلىق تارتىدۇ.

سانغۇن! سىز ئون نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئالدىن ھەرىكەت قىلىپ، كۆز كېلىشتىن ئىلگىرى يېتەرلىك ئوت ـ سۇ بار بولۇشتەك قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، دۈشمەن بىلەن چارۋا ـ ماللارنى تالاشسىڭىز بولاتتى. ئەكسىچە قىشنى كۈتۈپ تۇرۇپسىز. ئەگەر قىش كەلسە دۈشمەن مال ـ چارۋىلىرىنى ئېلىپ تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىدۇ ۋە مۇھىم جايلارنى ئىگىلىۋالىدۇ. سىزنىڭ سىپاھىگەرلىرىڭىز بولسا سوغۇقتا قېلىپ پۇت ـ قوللىرى ئۇششۇيدۇ. بۇنى قانداق چىشىگە بىز ئۇچۇن پايدىلىق دېگىلى بولسۇن؟! سىز سانغۇن

تۇرۇقلۇق دۆلەتكە كېلىدىغان غايەت زور چىقىمنى ئويلاش-
ماستىن، ئەكسىچە ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈش ئارقىلىق كىچىككىنە
غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاپسىز. سىزدىن باشقا قايسى
بىر سانغۇن مۇشۇنداق بولۇشنى خالىسۇن؟!

بۈگۈن يارلىق چۈشۈردۈمكى، چياڭلارنى يوقىتىش
سانغۇنى شىن ۋۇشيەن 6100 ئەسكەر، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى
كۇەي 2000 ئەسكەر، چاڭشۇي چېرىكچىسى فۇچاڭ ھەم
جيۇچۇەننىڭ ۋىلايەت بېگى فېڭ شىلار رو (35)، توخرى ئەس-
كەرلىرىدىن 4000 بولۇپ، جەمئىي 12000 كىشى بىلەن 30
كۈنلۈك ئوزۇق ئېلىپ مىزان ئېيىنىڭ 22 كۈنى خەن
چياڭلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە شيەنشۇي كۆلىنىڭ ئەگرى -
بۈگرى شىمالىي قىرغىقىغىچە بارىدۇ. بۇ يەردىن جيۇچۇەنگە
800 چاقىرىم، سىز تۇرغان يەرگە 1200 چاقىرىم كېلىدۇ.
سىز تەڭلا ئەسكەرلىرىڭىزنى ئېلىپ، يېقىن يول بىلەن غەربكە
يۈرۈش قىلسىڭىز، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشالمىغان تەقدىردىمۇ،
چوڭ قوشۇن شەرق ۋە شىمالدىن تەڭلا يولغا چىقىپتۇ
دېگەن خەۋەرنى تارقىتىپ، دۈشمەننىڭ كۆڭلىنى ئالاقزادە
قىلىۋېتىسىز - دە، شېرىكلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتەلەيسىز.
بۇ چاغدا ئۇلارنى تولۇق يوقىتالمىساقمۇ، بىر قىسمىنى
بولسىمۇ چوقۇم ھالاك قىلىمىز. يەنە ئەمىر نۆكەر جاۋئاڭغا
ھون — يۆ چەۋەندازلىرى، ماھىر ئوقياچىلار ۋە ئىككى
داۋاق پىيادە ئەسكەر باشلاپ، سىزنىڭ ئەسكەرلىرىڭىزگە
قوشۇلۇشقا يارلىق بەردىم.

ھازىر بەش يۇلتۇز شەرقتىن چىقتى (36). ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك ئېلىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، يات قەۋملەرگە
شۇملۇق ئاتا بولدى! زۆھرە يۇلتۇزى ئېگىز كۆتۈرۈلگەندە،
دۈشمەنگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان-
لارغا ياخشىلىق، قورقۇنچاقلارغا يامانلىق بولىدۇ. سانغۇن

سىز پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال ئاتلىنىپ، ۋاپاسىز-
لارغا جازا يۈرۈشى قىلغايسىز. غەلىبە سىز تەرەپتە بولىدۇ.
ئەمدى ئىككىلىنىۋەرمىگەيسىز.»
جاۋ چۈڭگو ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، سىرتتا
قوشۇن تارتىپ يۈرگەن بىر سەركەردىمەن. ئەمەلىيەتنى
نەزەردە تۇتۇپ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىم كېرەك،
دەپ قارىدى. شۇڭا خانغا مەكتۇپ يوللاپ ئەپۇ سورىدى
ھەم بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپ-
لىرىنى بايان قىلدى:
«ئالىيلىرى شىرمەت – چەۋەندازلار بېشى ئانغۇرگە
ئەۋەتكەن يارلىق مەكتۇپلىرىدا، چياڭلاردىن ئەلچى بولال-
غۇدەكلەرنى تاللاپ خەن قەبىلىسىگە ئەۋەتىش ئارقىلىق خەن
سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تېز يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھەمدە
ئۇلارنىڭ خەن قەبىلىلىرىگە تەگمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش پىلانىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك-
لىكىنى بۇيرۇغان ئىكەنلا. ئالىيلىرىنىڭ خەن قەبىلىسىگە
كۆرسەتكەن بۇ چوڭ ئىلتىپاتلىرى كەمىنىلىرىنىڭ قولىدىن
كېلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىچىمدە ئالىيلىرىنىڭ
بۇ چوڭ ئىلتىپاتى ۋە ئاجايىپ چارە – تەدبىرلىرىگە ئاپىرىن
ئوقۇدۇم ۋە ئۆزۈمنى باسالماي جيەن قەبىلىسى ئاقساقىلى
تاۋقۇنى ئەۋەتىپ، ئالىيلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئىلتىپاتىنى
تەرغىپ قىلدىم. خەن، جيەن قەبىلە ئاھالىلىرى، دانا يارلىق-
لىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاقىپ بولدى. ھازىر شيەنلىڭ چياڭلىرى-
دىن ياڭ يۈ 4000 چەۋەنداز ۋە جيەنگۇڭ (37) قەبىلى-
سىدىن 5000 چەۋەندازنى باشلاپ، تاغ – ئورمانلاردا
تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈۋاتىدۇ. خەن چياڭلىرىنىڭ
تاجاۋۇزچىلىق قىلىش نىيىتى يوق. ھازىر شيەنلىڭ قەبىلى-
سىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال خەن قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلساق،

يەنى گۇناھكارلارنى قويۇۋېتىپ، گۇناھسىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلساق بىر دۈشمەننى ئىككى قىلىۋالغان بولىمىز. بۇ ئالىي لىرنىڭ ئەسلىدىكى مۇددىئالىرى ئەمەس ئىدى.

ھەربىي تەبىرلەردە: «ھۇجۇم قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەنلەر، مۇداپىئە قىلغىنى ياخشى»، يەنە: «ئۇرۇشتا ماھىرلار دۈشمەننى يېتىلەپ ماڭىدۇ، دۈشمەنگە ئۆزىنى يېتىلەتمەيدۇ» دېيىلگەنىكەن. بۈگۈن خەن چياڭلىرى دۇنخۇاڭ ۋە جيۇچۇەنگە كىرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ چاغدا بىز قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، جەڭچىلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، قورغاننى چىڭ ساقلىشىمىز، دۈشمەننى مەلكە قىلىپ ئېلىپ كىرىشىمىز، ھاردۇق ئېلىۋېلىپ، ھارغاننى ساۋدىشىمىز كېرەك. مانا بۇ غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ چارىسى. ھازىر ئىككى ۋىلايەتنىڭ ئەسكەرلىرى مۇداپىئەگە ئازلىق قىلامدىكىن دەپ غەم قىلىۋاتقاندا، يەنە ئۇلارنى ھۇجۇمغا ماڭدۇرساق، بۇ، دۈشمەننى مەلكە قىلىپ غەلىبە قازىنىش ھۈنىرىنى تاشلاپ، دۈشمەنگە ئۆزىنى يېتىلىتىش يولىغا كىرىپ ئااغانلىق بولىدۇ. كەمىنە نادانلىرى بۇنى بىز ئۈچۈن پايدىسىز دەپ قارايمەن. شيەنلىڭ چياڭلىرى ئىسيان كۆتۈرمەكچى، شۇڭا خەن ۋە جيەن قەبىلىلىرى بىلەن ئاداۋەتنى تاشلاپ ئىتتىپاقلاشتى. لېكىن ئۇلار خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كەلسىلا، خەن ۋە جيەن قەبىلىلىرىنىڭ يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىدىن قورقىدۇ. كەمىنە نادانلىرى ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاۋۋال خەن ۋە جيەن قەبىلىلىرىنى چەندىيىلىكتىن خالاس قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ئەھدىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاۋۋال خەن قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلساق، شيەنلىڭ قەبىلىسى چوقۇم ياردەمگە كېلىدۇ. ھازىر دۈشمەننىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى سېمىز، ئاشلىقتىن يېڭىلا مول ھوسۇل ئالدى. بۇ ھالدا

ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى نابۇت قىلغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، شيەنلىڭ قەبىلىسىنىڭ خەن چياڭلىرىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئىتتىپاقلىق ئەھدىنى چىگىتىپ، ئۆز شېرىكلىرى بىلەن ئىناق بولۇۋېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىمىز. دۈشمەن مۇستەھكەم بىرلىشىۋېلىپ، شېرىكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇۋالسىلا، ئۇ چاغدا 20000 دىن ئوشۇق ئەسكەرگە ئىگە بولۇۋالىدۇ - دە، كىچىك قەبىلىلەرگە تەھدىت سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بېقىندىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. مۇشۇ (38) دەك قەبىلىلەرمۇ ئۇلاردىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۈشمەننىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىدۇ - دە، ئۇ چاغدا ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن نەچچە ھەسسە كۈچ كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەمىنىلىرى بۇ ھال دۆلەتكە ئىككى - ئۈچ يىللىق ئەمەس، بەلكى 10 نەچچە يىللىق ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئېلىپ كېلەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

كەمىنىلىرى ئالىيلىرىنىڭ چوڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولدۇم، ئاتا ۋە بالا ھەممىمىز ئوردىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك مەرتىۋىگە ئېرىشتۇق؛ پېقىرنىڭ خىزمەت ئورنى چوڭ ئەركان، ئۇنۋانىم چوڭ تۆرىلىككە يەتتى. يېشىم 76 گە باردى. ئالىيلىرىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش يولىدا سۇ كېچىپ، ئوتقا كىرسەممۇ، جان پىدا قىلىپ ئۆلسەممۇ ئارمانىم يوق. مەن پەقەت ئۇرۇشنىڭ پايدا - زىيىنى ئۈستىدىلا ئويلىشىۋاتىمەن. چۈنكى بۇ ئىشلار ماڭا تونۇشلۇق. مېنىڭچە ئاۋۋال شيەنلىڭ قەبىلىسىگە يۈرۈش قىلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، خەن، جيەن قەبىلىلىرىنى ئۇرۇشسىز بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ. شيەنلىڭ قەبىلىسى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇبادا خەن، جيەن قەبىلىلىرى يەنىلا بويسۇنمىسا، بىرىنچى ئايدا ئاندىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلساق، بۇمۇ ئورۇنلۇق

ھەمدە مۇۋاپىق پەيت. ئەگەر ھازىر ئەسكەر تارتىپ خەن، جىيەن قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىنسا، بۇ پايدىسىز بولارمىكىن. ئالىيلىرىنىڭ بۇنى ئويلىشىپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ. م. ب. 61 - يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ تۇنجى يىلى) سومبۇلە ئېيىنىڭ 28 - كۈنى مەكتۇپ سۇنۇلىدۇ. مىزان ئېيىنىڭ 5 - كۈنى جاۋ چۇڭگونىڭ پىلانى ماقۇللىنىپ، خانىنىڭ تامغىلىق جاۋاب مەكتۇپى چۈشۈرۈلىدۇ.

جاۋ چۇڭگو ئەسكەر تارتىپ، شيەنلىڭ قەبىلىسى تۇرغان جايغا كېلىدۇ. دۈشمەن ئۇزاق تۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن بوشىشىپ قالغانىدى. چوڭ قوشۇننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شيەنلىڭلار ئات - ئۇلاق ۋە ھارۋا جابدۇقلىرىنى تاشلاپ، خۇاڭشۇي دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ئالدىراشتى. يول تار بولغانلىقى ئۈچۈن، جاۋ چۇڭگو دۈشمەن كەينىدىن ئاستا مېڭىپ قوغلىدى. بەزىلەر: بۇنداق قوغلىساق دۈشمەن ئۆزىنى ناھايىتى ئازادە سېزىدۇ، دېيىشتى. جاۋ چۇڭگو: «ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالغان دۈشمەننى ئارتۇقچە قىستىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر قىستاپ قوغلىساڭ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆلگۈچە ئېلىشىدۇ. قىستىمىساڭ كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىۋېرىدۇ» دېۋىدى، قوشۇندىكى ئەسكەرلەر تەڭلا «توغرا» دەپ ۋارقىراشتى. دۈشمەننىڭ بىرنەچچە يۈز ئادىمى دەريادىن ئۆتكۈچە سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى، ئەل بولغان ۋە كاللىسى ئېلىنغانلار 500 دىن ئاشاتتى، 100000 دىن ئوشۇق ئات، كالا ۋە قوي، ئۆچكە ھەم 4000 دىن ئوشۇق ھارۋا ئولجا ئېلىندى. خەن قەبىلىسى تەۋەلىكىگە كىرگەندە، ئۆي - جايلارغا ئوت قويماسلىق، ئېتىزدىكى ئاشلىقلارنى ئورماسلىق ۋە ئۇ يەردە چارۋا - مال باقماسلىق توغرىسىدا قوشۇنغا يارلىق چۈشۈرۈلدى. بۇنى ئاڭلىغان خەن چياڭلىرى: «خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىزگە راستتىنلا چېقىلمايدىكەن!» دەپ

خۇرسەنت بولۇشتى. قەبىلە ئاقساقىلى مىۋان(39) ئەلچى ئەۋەتىپ: «بۇرۇنقى ماكانىمىزغا قايتىپ بېرىشنى خالايتتۇق» دېۋىدى، جاۋ چۇڭگو بۇنى ئوردىغا مەلۇم قىلدى. تېخى جاۋاب كەلمەستىنلا مىۋان ئۆزى كېلىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋىدى، جاۋ چۇڭگو ئۇنى مېھمان قىلدى ۋە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئۆز قوۋمىگە ئۇقتۇرۇشنى ئېيتتى. قوشۇن مۇھاپىزەتچىسى قاتارلىق ئەمەلدارلار: «بۇنداق ئىسيانكار قاراقچىنى قايتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ» دېيىشتى، جاۋ چۇڭگو: «جانابلار! ئۆز مەنپەئەتىڭىزلارنىلا چىقىش قىلىپ، دۆلەتكە ساپ دىللىق بىلەن چارە ـ تەدبىر تەقدىم قىلمايۋاتىسىزلەر» دەپ تۇرۇشىغا، خاندىن تامغا بېسىلغان تەستىق جاۋاب مەكتۇپ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدا مىۋان ئۆز گۇناھىنى يۇدى دېيىلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەن قەبىلىسى ئۇرۇشسىز بويسۇنۇشتى.

شۇ يىلى كۈزدە، جاۋ چۇڭگو ئاغرىپ قالىدۇ. خەن شۈەندى يارلىق چۈشۈرۈپ: «ئاڭلىشىمچە، پۇتىڭىز ئاغرىيدىكەن. سوغۇق تېگىپ ئىچىڭىز سۈرۈپ كېتىپتۇ. سانغۇن، سىز ياشىنىپ قالغانلىقىڭ ئۈستىگە يەنە ئاغرىپ قاپسىز، مۇبادا بەختسىزلىك يۈز بېرىپ قالسا، ھەسرەتتە قالماي دەپ ئەنسىرەيمەن. بۈگۈن چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى شىن ۋۇشيەن يېنىڭىزغا بېرىپ، سىزگە ياردەمچى بولىدۇ. ھازىرقى ياخشى پەيت ـ شارائىت ۋە قىسمىدىكى پالۋانلارنىڭ جاسارىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، 12 ـ ئايغىچە شيەنلىك چياڭلىرىغا ھۇجۇم قىلغايسىز. ۋاقتى كەلگەندە ئاغرىقىڭىز ئېغىرلىشىپ قالسا، قارارگاھنى ساقلاپ، جەڭگە چىقماي، چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى شىن ۋۇشيەن بىلەن ئوقيالىقلار سانغۇنى شۈيەنشۈنى ئەۋەتسىڭىزلا بولىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا چياڭلاردىن ئەل بولغان-

لار 10000 دىن ئاشاتتى. ئۇلارنىڭ چوقۇم يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان جاۋ چۇڭگو ئۇلارنىڭ چەۋەندازلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پىيادە ئەسكەرلىرىنى دېھقانچىلىق قىلىشقا سالدى. شۇ ئارقىلىق پەيتى كەلگەندە چياڭلارنى ئاجىزلىتىشنى ئويلىدى. بۇ ھەقتە تەييارلانغان مەكتۇپ تېخى خانغا سۇنۇلماي تۇرۇپلا، يۇرۇش ھەققىدىكى تامغىلىق بۇيرۇق يېتىپ كېلىدۇ. ئەنسىرىگەن ئەمىر نۆكەر جاۋ ئاڭ جاۋ چۇڭگو ھۇزۇرىغا كىرىشى ئەۋەتىپ: «خان ئالىيلىرى يۇرۇش قىلىشقا ھارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئەسكەرلەر زىيان - زەخمەت ۋە تالاپەتكە ئۇچرىسا، بۇ دۆلەتكە ھېساب. سىلى مۇشۇ يەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرسىلا بولارمىكىن. ھەربىي جەھەتتىكى پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلىشىپ نېمە قىلاتتىلا! مۇبادا خاننىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلار بولۇپ قالسا، كىمخاب تونلۇق ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، سىلىنى ئەيىبلەيدۇ. سانغۇن ئۆزلىرىمۇ خەتەر ئۈستىدە تۇرۇۋاتسىلا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى توغرىسىدا قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۇھ تارتقان جاۋ چۇڭگو: «بۇ نېمىدېگەن ساداقەتسىزلەرچە ئېيتىلغان سۆزلەر — ھە! باشتىلا مېنىڭ پىكرىم بويىچە ئىش كۆرۈلگەن بولسا، چياڭلارنىڭ ئىسيانى بۇ دەرىجىگە يېتەلەيتتىمۇ؟ ئىلگىرى چياڭلارغا ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىنى تەيىنلەشتە مەن شىن ۋۇشيەنني كۆرسەتسەم، باش ۋەزىر، باش تەپتىشبەگلەر خانغا دەپ يۈرۈپ، يىچۇلەردىن ئەنگۇرنى ئەۋەتىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن چياڭلار زىيانغا ئۇچرىدى. شۇ چاغلاردا جىنچېڭ، خۇاڭجۇڭ(40)لاردا ئاشلىقنىڭ بىر پاتمىنى ئاران سەككىز يارماق ئىدى. مەن ياردەمچى ئەمىر ھەرەس گېڭ شۇچاڭغا ئىككى مىليون پاتمان ئاشلىق سېتىۋالساقلا، چياڭلار ئىسيان كۆتۈرمەيدۇ دەپ تەكلىپ بەرگەنىدىم. گېڭ شۇچاڭ بىر مىليون

پاتمان ئېلىشنى ئەستىقلالتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاران 400000 پاتمان ئاشلىق ئېلىنغان. ئىككى قېتىم ئەلچى بولۇپ چىققان ئانغۇر ئۇنىڭ يېرىمىنى تۆگەتتى. ستراتېگىيە جەھەتتىكى مانا مۇشۇ ئىككى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن چياڭلار يۈز ئۆرۈپ ئىسيان كۆتۈردى. سەللا سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، كاللا كېتىدىغان چوڭ خاتالىق يۈز بېرىدۇ دېگەنلىك مانا شۇ. ئەھۋال مانا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ھازىر ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى، غەلىبىگىمۇ ئېرىشەلمىدۇق، مۇبادا ئەترابتىكى يات قوۋملار تەسىرگە ئۇچراپ بىر - بىرىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتسا، ھەرقانچە ئاقىللار بولغان بىلەنمۇ، مەسىلىنى جايىدا ھەل قىلالمايدۇ. ھالبۇكى، كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان يالغۇز چياڭلارلا ئەمەس - تە! مەن ئۆزۈمنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش پىكرىمدە تۇرغىنىم تۇرغان. خان مېنىڭ سەممىي سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئىشىنىمەن» دېيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق قىلىش ھەققىدە خانغا مەكتۇپ سۇنىدۇ:

«كەمىنىلىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، ئۇرۇش ئادالەتپەرۋەرلىكنى نامايەن قىلىپ، بالايىئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئالدىنقى سەپتىكى تەدبىرلەر مۇۋاپىق بولسا ئەلگە بەخت كېلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئېھتىياتچان بولمىساق بولمايدۇ. كەمىنىلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى سىپاھ - بەگلەرنىڭ تەمناتى ئۈچۈن ئېيىغا 199630 پاتمان ئاشلىق، 1693 پاتمان تۇز، ئات - ئۇلاقلارغا 250286 دادەن يەم - خەشەك كېتىدۇ. چياڭلارنىڭ ئىسيانى ئۇزۇندىن بۇيان بىر تەرەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئالۋان - ياساق ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. يەنە باشقا يات قوۋملەر بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق تەڭلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خان ئالىيلىرىنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى ئاشۇرۇۋېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ ئوردىدىلا

كېڭىشىش يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. ھالبۇكى، چىڭلارنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يېڭىش ئاسان، قورال كۈچى بىلەن تىنچىتىش قىيىنراق. شۇڭا كەمىنە ناتىۋانلىرى ھەربىي ھەرىكەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئەپسىز دەپ قارايمەن.

لىنچىياڭ (41) نىڭ شەرقىدىن گېيىڭگىچە يۇقىرالار تېرىمىغان چىڭلارنىڭ كونا يەرلىرى ۋە خانلىق تېرىلغۇ يەرلەر بولۇپ، 200000 مودىن ئاشىدۇ. بۇ يەرلەردىكى بېكەت ـ مەنزىللەرنىڭ كۆپى ۋەيران بولۇپ كەتكەن. پېقىر يېقىندا ئەسكەرلەر بىلەن تاغقا چىقىپ، جەمئىي 60000 تالدىن كۆپرەك چوڭ ـ كىچىك دەرەخنى كېسىپ دەريا بويىغا دۆۋىلەپ قويدۇم. چەۋەندازلارنى چېكىندۈرۈپ، ئازاد قىلىنغانلاردىن تۈزۈلگەن قىسىملار، خۇەييالىك ۋە رۇنەن پىيادە ئەسكەرلىرى، سىپاھ ـ بەگلەرنىڭ شەخسىي خىزمەتچىلىرى بولۇپ جەمئىي 10281 نەپەر ئادەم قالدۇرساق، ئۇلارغا 27363 پاتمان ئاشلىق، 308 پاتمان تۇز كېتىدىكەن. ئۇلارنى مۇھىم جايلارغا بۆلۈپ، ئورۇنلاشتۇرسام دەيمەن. قار ـ مۇز ئېرىگەندە ياغاچلارنى ئاققۇزۇپ كېلىپ، بېكەت ـ مەنزىللەرنى ياساپ رېمونت قىلماقچىمىز، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ لېيىنى ئادالاپ، خۇاڭشۈي بوغۇزىنىڭ غەربىدە 70 يەرگە كۆۋرۈك سالماقچىمىز. شۇنداق قىلىپ خانىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى شىيەنشۈي كۆلى ئەتراپلىرىغىچە يەتكۈزمەكچىمىز. تېرىلغۇ باشلىنىش بىلەن كىشى بېشىغا 20 مودىن يەر تەقسىم قىلىپ بېرىمىز. 4 ـ ئايلار كېلىپ، ئوت ـ چۆپ چىققاندا، ۋىلايەت چەۋەندازلىرى بىلەن بىقىندى ئەللەردىكى ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن 1000 دىن ئادەم چىقارغۇزۇپ، ھەر 10 ئادەمگە ئىككى ياردەمچى ئات قوشۇپ بېرىمىز. ئۇلار ئاتلارنى باققاچ دېھقانچىلىق قىلغۇچىلارغا

جىسەكچىلىك قىلىدۇ. ئىلىنغان ھوسۇلنى جىنچىلىك ۋىلايىتىگە تاپشۇرۇپ زاپىسىنى كۆپەيتىپ، خىراجەتنى زور دەرىجىدە تېجەيمىز. ھازىر ئەمىر ھەرەس يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاشلىق 10000 كىشىنى بىر يىل تولۇق قامدايدۇ. ئېچىلىدىغان يەرلەر بىلەن سايمان ـ جابدۇقلارنىڭ رويخېتى سۇنۇلدى. ئالىيلىرى ھۆكۈم قىلغايلا!»

خەن شۆەندى جاۋابىدا: «بىز ھىماتېچى سانغۇن جاۋ چۇڭگودىن ھال سورايمىز. سىزنىڭ پىكرىڭىزچە چەۋەندازلارنى چېكىندۇرۇپ، پەقەت 10000 ئادەمنىلا دېھقانچىلىققا قالدۇرىدىكەنمىز. ئەگەر سانغۇننىڭ پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈلسە، دۈشمەن قاچان يوقىتىلىدۇ، ئۇرۇش قاچان ئاياغلىشىدۇ؟ بۇ ئىشنىڭ پايدا ـ زىيىنى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىشىپ، ئاندىن مەلۇم قىلغايسىز!» دېدى. جاۋ چۇڭگو يەنە مەكتۇپ سۇنۇپ:

«ئاڭلىشىمچە بەگ ـ خانلارنىڭ تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىشى ئۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويماي، چارە ـ تەدبىرلەرگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بولغان. ئۇرۇش قىلىسىلا غەلىبە قىلىش، چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەمەس، شۇڭا ئاۋۋال ئۆزىنى ئوبدان كۈچەيتكەندىلا، دۈشمەنگە يېڭىلمەي، غالىب بولىدۇ. يات قوۋملەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئەدەب ـ قائىدىلىك ئەلگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ زىياندىن قېچىپ پايدا قوغلىشىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كۆيۈنۈپ، ئۆلۈم ـ ئاپەتتىن قورقۇش جەھەتلىرى باشقىلارغا ئوخشايدۇ. ھازىر ئۆزىنىڭ مۇنبەت يەر ـ ئوتلاقلىرىدىن مەھرۇم بولغان دۈشمەن يىراقلاردا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ، قان ـ قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، غەم ـ غۇسسە ئىچىدە قالدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتتە قايتىش نىيىتى بار. بۇنداق پەيتتە دانا خان ئەسكەرلەرنى چەگدىن قايتۇرۇپ، تۇمەن

كىشىنىلا دېھقانچىلىقتا قالدۇرىدىغان بولسا، بۇ پۇرسەتكە قاراپ، جۇغراپىي ئەۋزەللىكىنى پايدىلىنىپ، دۈشمەن ئۈستى-دىن غەلىبە قىلىش پەيتىنى كۈتكەنلىك بولاتتى. دۈشمەن تېخى توۋا قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇش ۋاقتىنى ئاي ساناپ كۈتكىلى بولىدۇ. چياڭلار تارمار بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر 10700 نەچچە كىشى ئەل بولدى. بۇيرۇق بويىچە ئۆز ئېلىگە قايتقانلار 70 تۈركۈمگە يېتىدۇ. مانا بۇ دۈشمەننى پارچىلاش چارىسى ھېسابلىنىدۇ.

كەمىنىلىرى ئەسكەرلەرنى ئۇرۇشقا سالماي، دېھقانچىلىقتا سېلىشنىڭ 12 تۈرلۈك پايدىسىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچى-مەن. تەنتۇز داقاق سىپاھ - ئەسكەر مۇداپىئەدە تۇرغاچ دېھقانچىلىق قىلىپ ئاشلىق ئالسا، تەھدىت بىلەن ئادالەت تەڭ ئىجرا قىلىنغان بولىدۇ. بۇ پايدىنىڭ بىرىنچىسى؛ چياڭلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇنبەت يەرلىرىگە قايتۇرغۇزمىساق، نام-راتلاشقان قەۋملىرى خانىۋەيران بولۇپ، بىر - بىرىدىن بار-غانسېرى يۈز ئۆرۈشىدۇ. بۇ پايدىنىڭ ئىككىنچىسى؛ ئاھالە تەڭ كۆچ چىقىرىپ دېھقانچىلىق قىلىپ، ئۆز كەسپلىرىنى تاشلىمايدۇ. بۇ پايدىنىڭ ئۈچىنچىسى؛ قوشۇن ۋە جەڭ ئاتلىرىنىڭ بىر ئاي-لىق خىراجىتى دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىر يىللىق تەمىناتىغا يېتىدۇ. دېمەك چەۋەندازلارنى چېكىندۈرۈپ كەتسەك، زور چىقىم تېجەپ قېلىنىدۇ. بۇ پايدىنىڭ تۆتىنچىسى؛ ئەتىيازدا ساۋۇت - دۇبۇلغىسىز ئەسكەرلەر خۇاڭخې ۋە خۇاڭشۈي دەريالىرى ئارقىلىق ئىنچياڭغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق چياڭلارغا كۈچ - قۇدرىتىمىزنى نامايىش قىلىمىز ھەمدە دۈشمەننى ئەقىل - پاراسەت بىلەن يېڭىش ئۇسۇلىنىمۇ ئەۋلادتىن - ئەۋ-لادقا مىراس قالدۇرغان بولىمىز، بۇ پايدىنىڭ بەشىنچىسى: بوش ۋاقىتلاردا كېسىلگەن ياغاچلارنى چۈشۈرۈپ، بېكەت - مەنزىل-لەرنى ياسايمىز ۋە رېمونت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن جىنچېڭنىڭ

ئېھتىياجى قامدىلىدۇ، بۇ پايدىنىڭ ئالتىنچىسى؛ ئەسكەر چىقىرىپ
ھۇجۇم قىلىساق ئىسيانچى خەۋپ-خەتەر ئىچىدە تەلەي سىناش
ھالىتىدە تۇرىمىز. ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلمىساق ئىسيانچى
چياڭلار سوغۇق دالىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. بىز ئىس-
سىق - سوغۇق ۋە كېسەللىك دەردىنى تارتمايمىز. مۇستەھكەم
مۇداپىئەدە تۇرۇپ مۇقەررەر ھالدا غەلىبە قىلىمىز، بۇ پايدىنىڭ
يەتتىنچىسى؛ دۈشمەنگە توسۇپمۇ ۋە يىراقتىن قوغلاپمۇ زەربە بې-
رەلەيمىز، شۇنىڭدەك ئۆلۈش - يارىدار بولۇش تالاپىتىدىن
خالى بولالايمىز، بۇ پايدىنىڭ سەككىزىنچىسى؛ ئىچكى جەھەتتە
كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى ساقلاپ، تاشقى جەھەتتە دۈشمەن پايدىلانغۇ-
دەك پۇرسەت قالدۇرمايمىز، بۇ پايدىنىڭ توققۇزىنچىسى؛ خۇاڭخې
دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ جېيەن ۋە كىچىك جېيەن تەبىلىرىنى
ئۈركۈتۈۋەتمەي باشقا بىرەر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىپ
قالالايمىز، بۇ پايدىنىڭ ئونىنچىسى؛ خۇاڭشۇي دەرياسىنىڭ بوغۇزى-
دىكى كۆۋرۈكلەر ۋە يوللارنى ياساپ، خانىمىزنىڭ ئەمر -
پەرمانلىرىنى شيەنشۇي كۆلى ئەتراپلىرىغىچە يەتكۈزۈپ، شۇ-
نىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەپ، يىراقلارغا توسالغۇسىز
كۈچ - قۇدرىتىمىزنى نامايان قىلالايمىز، بۇ پايدىنىڭ ئون بىرىن-
چىسى. ھەربىي خىراجەتنى تېجەپ، ئالۋان - ياساقنى توختىتىپ،
كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەردىن ساقلىنالايمىز، بۇ پايدىنىڭ ئون ئىككىن-
چىسى؛ ئەسكەرلەرنى دېھقانچىلىققا سېلىشنىڭ ئەنە شۇنداق 12
تۈرلۈك پايدىسى بار بولۇپ، ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلساق،
بۇ ئون ئىككى تۈرلۈك پايدىنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. پېقىر
جاۋچۇڭگو كەم ئەقىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ قالدىم. بۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئوبدان چارە - تەدبىرلەر بار
بىلمەيمەن. يۇقىرىقى تەكلىپلىرىمنى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ مۇ-
ھاكىمە قىلىپ بېكىتىشىگە تاپشۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.»
خەن شۈەندى جاۋابىدا: «بىز ھىماتچى سانغۇندىن

ھال سورايمىز، سىز ئېيتقان دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ 12 تۆرلۈك پايدىسىدىن ۋاقىپ بولدۇق. ئالدىنقى مەكتۇپتا دۈشمەن گەرچە يوقىتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ساناقلىقلا كۈن قالدى، دەپسىز. بۇ ساناقلىق كۈن بۇ يىل قىشتىمۇ ياكى قايسى ۋاقىت؟ ساڭغۇن سىز شۇنى ئويلىماپسىزكى، دۈشمەن بىر قىسىم قوشۇن چېكىنگەننى ئاڭلىغان ھامان، ياشلارنى يىغىپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان ئاھالىلەرگە ۋە يول ئۈستىدە قاراۋۇلدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ يەنە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزسە، ئۇ چاغدا قانداق توختىتىۋالغىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ جيەن ۋە كىچىك جيەن قەبىلىلىرى گەپ تارقىتىپ: «بىز خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە شيەنلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايىنى ئاللىقاچان ئېيتىپ بەرگەنىدۇق، خەن سۇلالىسى ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلماي تۇرۇۋالدى. ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە خۇددى يۈەنكاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى (م. ب. 62 - يىلى خەن شۈەندىنىڭ يۈەنكاڭ تۆتىنچى يىلى) دىكىدەك ئۇلارغا قوشۇپ بىزگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ قالمىسۇن؟ دېگۈدەك. دېمەك ئۇلار خاتىرجەم ئەمەس. شيەنلىڭ قەبىلىلىرىگە يۈرۈش قىلمىساق، چوڭ جيەن ۋە كىچىك جيەن قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، شيەنلىڭ قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىۋالىدىغان ئەھۋال بولماسمۇ؟ ساڭغۇن ئوبدان ئويلىنىپ، قايتا مەلۇم قىلغايسىز» دەيدۇ. جاۋچۇڭگو مەكتۇپ سۇنۇپ:

«پېقىرغا مەلۇم بولۇشىچە، ئۇرۇشتا چارە - تەدبىر نېگىز ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كۆپ تەدبىرلىكلەر كەم تەدبىرلىكلەرنى يېڭىدۇ. شيەنلىڭ چياڭلىرىنىڭ قولىدا قالغان خىل ئەسكەرلەر ھازىر 7 — 8 مىڭدىن ئاشمايدۇ. ئۇلار ماكانلىرىنى تاشلاپ يىراق يات يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ، ئاچ - يالىڭاچ يۈرۈۋاتىدۇ. خەن، جيەن ۋە مۇشۇ قەبىلىلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئورۇق - ئاجىز ماللىرىنى بۇلاپ - تالاپ

گەتتى. يۈز ئۆرۈپ قايتىپ كەلگۈچىلەر ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ؛ ئۇلار خان ئالىيلىرىنىڭ ئىسيانچىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى يارلىقىنى ئاڭلاشقان. كەمىنىلىرى دۈشمەننىڭ تارمار بولۇشىغا ساناقلىق كۈنلەر قالدى. ئەڭ كېچىككەندە كېلەر يىل ئەتىيازدىن نېرى كەتمەيدۇ دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى ئۇزاققا بارمايدۇ، دەيمەن. دۇنخۇاڭدىن لياۋدۇڭغىچە 11500 چاقىرىمدىن ئوشۇق كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا چېگرا مۇداپىئەسى ۋە تۇرلارنى ساقلاپ تۇرغان سىپاھ ـ بەگلەر ئاران بىرنەچچە مىڭلا بولسىمۇ، دۈشمەن نەچچە قېتىم چوڭ قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىدى. ھازىر بىز بۇ يەردە دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن تۈمەن پىيادە ئەسكەر قالدۇرماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇ يەرلەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، ئەتراپىدا چىقىپ يىراقلارغا قارىغۇدەك ئېگىز تاغلىرى بار، قىسىملار بىر ـ بىرىنى قوغدىيالايدۇ. ئۇلار خەندەك كولاپ، قورغانلارنى سېلىپ، كۆرسىتىش پەشتاقلىرىنى ياسايدۇ ھەمدە ئوقتا ۋە باشقا قورال ـ ياراقلارنى تەييارلايدۇ، تۇرلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ. دۈشمەن تەرەپتىن بىرەر ئەھۋال سېزىلسە، كۆپ ئەجىر قىلمايلا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت. كەمىنە نادانلىرىنىڭ قارىشىچە، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ دېھقانچىلىق قىلىش — ئىچكى جەھەتتە ھەربىي چىقىمنى تېجەش ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، سىرتقى جەھەتتە دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەييارلىقى ھېسابلىنىدۇ. چەۋەندازلار چېكىندۈرۈلگەن بولسىمۇ، تۈمەن ئادەمنىڭ قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن دۈشمەن، ئۆزلىرىنى توتۇشقا قويۇلغان دەپ بىلىپ، ئۆزلۈكىدىن تارمار بولىدۇ، ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم ئەل بولىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ئۈچ ئايغىچە دۈشمەننىڭ ئات ئۇلاغلىرى ئورۇقلايدۇ. ئۇلار بالا-

چاقىلىرىنى باشقا قەبىلىلەر ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ، يىراق
يوللارنى بېسىپ، دەريالارنى كېچىپ، تاغ - داۋانلارنى
ئېشىپ كېلىپ تاجاۋۇزچىلىق قىلىشقا ھەرگىزمۇ پېتىنالمايدۇ
ھەمدە دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان تۆمەن خىل ئەسكەرنى كۆرۈپ
تۇرۇپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن كونا يۇرتلىرىغا قايتىپ كې-
لەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دۈشمەن ھازىر تۇرغان جايلى-
رىدا چوقۇم ئۆزلۈكىدىن ۋەيران بولۇپ، ئۇرۇشسىز تارمار
بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. دۈشمەننىڭ ئۇششاق - چۈششەك
بۆلەك - تالىكى ۋە ئاندا - ساندا پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈش
ئىشلىرىغا كەلسەك، بۇنىڭدىن ساقلانماق ناھايىتى تەس.
ئاگىلىشىمچە، يېڭەلمەيدىغان ئۇرۇشنى قىلغاندىن قىلمىغان
ياخشى. ھۇجۇم قىلىپ ئالغىلى بولمىسا ھۇجۇم قىلمىغان ياخ-
شى. شيەنلىڭ قەبىلىلىرىگە يۈرۈش قىلىپ يوقىتىۋېتەلمىگەن
تەقدىردىمۇ، دۈشمەننىڭ ئۇششاق - چۈشەك پاراكەندىچىلىكىنى
توختىتالىساققۇ مەيلىدى. يۈرۈش قىلىپ بۇنىمۇ ئىشقا ئاشۇ-
رالمىساق، ئۇچاغدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ غەلىبە قىلىش تاكتىكى-
سىدىن ۋاز كېچىپ، قارامىلىق بىلەن يۈرۈش قىلىش چارىسى-
نى قوللانغان بولۇپ قالىمىز. بۇ ھالدا يۈرۈش قىلغان بى-
لەن بىرەر نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۆزىمىزنى
ئاۋارە قىلىپ قويىمىز ۋە ئىناۋىتىمىزنى چۈشۈرۈۋالىمىز. بۇ
يات قوۋملەرگە كۆرسىتىدىغان ئىپادە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە
يواغا چىققان چوڭ قوشۇننى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.
خۇاگجۇڭنى بوش تاشلاپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. مۇنداق ھا-
لەتتە چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن ئېلىشقا توغرا
كېلىدۇ، يەنە ھۇنلاردىن مۇداپىئەلەنمەي، ئۇغانلاردىن ئەنسى-
رىمەي بولمايدۇ. ھازىر يىراققا توشۇش ئۈچۈن تەييارلانغان
مەتلۇباتلارنى مۇشۇ بىر رايونغىلا ئىشلىتىۋەتسەك مېنىڭچە
مۇۋاپىق بولماس. چېرىكچى شىن لىنجۇڭ خەن سۇلالىسىنىڭ

ھەيۋىتىگە ۋە شەپقىتىگە تايىنىپ، كۆپ پۇل ئاپىرىپ چياڭلار-
نى تىنچلاندۇرۇپ، دانا يارلىقلىرىنى يەتكۈزگەچكە ماقۇل
بولۇپ تىنچلاندى. ئۇلار گەرچە يۈەنكاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى م.ب.
62 - يىلى)دىكىدەك ئىشلار بولۇپ قالامدىكىن، دېگەن بولس-
مۇ، لېكىن باشقىچە گۇمانلىق ئەھۋاللار سېزىلمىدى. شۇڭا
ئۇلارغا يۈرۈش قىلىشقا بولماس. بۇرۇن كۆڭلۈمدە، مەن
خاننىڭ يارلىقى بىلەن قورۇلدىن چىقىپ يىراقلارغا يۈرۈش
قىلىۋاتىمەن، خاننىڭ خىل ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قى-
لىپ چوڭ بىر داغدۇغا پەيدا قىلىپ قوياي، شۇنداق قىل-
غاندا نەتىجە كۆرسىتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، غەيۋەت - شىكا-
يەتلەردىن خالى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىما-
مەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن بۇنداق قىلىش ساداقەتسىز
ۋەزىرلەر ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ، خانغا ۋە دۆلەتكە پايدى-
سىز ئىدى. پېقىر خىل قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، خىيا-
نەتكارلارغا جازا يۈرۈشى قىلىۋاتىمەن. لېكىن دۈشمەننى
بالدۇرراق يوقىتالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدىم.
بەختىمگە ئالىيلىرى كەڭچىلىك ۋە مېھىر - شەپقەت قىلىپ،
مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇمىدىلا، بەلكى كۆپ قېتىم چارە - تەدبىر
ئويلاشقا ئۈندەپ، يارلىق چۈشۈردىلە، مەن بۇ چارە - تەد-
بىرلەرنى ئىنتايىن ئەتراپلىق ئويلاشتىم دەپ ھېس قىلىمەن،
شۇڭا ئۆلۈش - تىرىلىشىمگە قارىماي ئۇشبۇ چارە تەدبىرلى-
رىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئالىيلىرى كۆرۈپ تەپتىش قىلغايلا»،
دېدى.

جاۋ چۇڭگونىڭ مەكتۇپلىرى ھەر قېتىم خانغا سۇنۇلغان
ھامان، خەن شۈەندى ئۇنى ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە مەسلىھەت-
چىلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە قوياتتى. جاۋچۇڭگونىڭ چارە -
تەدبىرلىرىگە قوشۇلىدىغانلار باشتا $\frac{3}{10}$ كىشى بولسا، كې-

يىنى $\frac{5}{10}$ كە، ئاخىرىدا $\frac{8}{10}$ كىشىگە يەتتى. خەن شۈەندى ئىلگىرى جاۋچۇڭگونىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى مۇۋاپىق كۆر-مىگەنلىكىدىن سورىۋىدى، ھەممىسى بېشىنى ئېگىپ قايىل بو-لۇشتى. باش ۋەزىر ۋېي شياڭ: «پېقىر نادانمەن، ھەربىي جەھەتتىكى پايدا - زىياننى ئۇقمايمەن. ھىماتېي ساڭغۇن جاۋچۇڭگو كۆپ قېتىم پىلان تۈزدى. سۆزلىرى ھامان يوللۇق. پېقىر ئۇنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ دەپ ئىشىنىمەن» دەيدۇ. شۇڭا خەن شۈەندى جاۋچۇڭگوغا جاۋاب يوللاپ: «بىز سىز ھىماتېي ساڭغۇنغا سالام يوللايمىز. سىز چياڭلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ھەققىدە مەكتۇپ يوللاپسىز. ساڭغۇننىڭ چارە - تەدبىرلىرى توغرا بولغانلىقتىن قوبۇل قىلىندى. دېھقانچىلىققا ئورۇنلاشتۇ-رۇلىدىغان ۋە چېكىندۈرۈلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئات - ئۇلاغلارنىڭ سانىنى يوللاپ بەرگەيسىز. ئۆزىڭىز ئوبدان ئويزۇقلىنىڭ، ئېھ-تىيات بىلەن ئىش كۆرۈڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ» دەيدۇ. خەن شۈەندى چياڭلارنى يوقىتىش ساڭغۇنى شىن ۋۇشيەن بىلەن ئوقيالىقلار ساڭغۇنى شۈيەنشۇنىڭ ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بەرگەن كۆپ قېتىملىق پىكىرلىرىنى ھەمدە جاۋچۇڭگونىڭ دېھقانچىلىق قىلماقچى بولغان جايلىرى تارقاق بولغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەننىڭ بېسىپ كىرىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پىكىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ساڭغۇن شىن ۋۇشيەن بىلەن شۈيەنشۇغا ۋە ئەمىرنۆكەر جاۋئاڭغا دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق بەردى. ئوقيالىقلار ساڭغۇنى شۈيەنشۇ يۈرۈشكە چىقىۋىدى، ئۇنىڭغا 4000 دىن ئوشۇق ئادەم تەسلىم بولدى. چياڭلارنى يوقىتىش ساڭغۇنى شىن ۋۇشيەن 2000 دۈشمەننى ئۆلتۈردى. ئەمىرنۆكەر جاۋئاڭمۇ 2000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە تەسلىم قىلدى.

جاۋچۇگوغا يەنە 5000 دىن ئوشۇق كىشى تەسلىم بولدى،
خەن شۆەندى قوشۇننى چېكىندۈرۈش توغرىسىدا يارلىق چۈ-
شۈردى، يالغۇز جاۋچۇگو دېھقانچىلىق قىلىشقا قالدۇرۇلدى.
م. ب. 60- يىلى (خەن شۆەندى شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى)
5 - ئايدا جاۋچۇگو مەكتۇپ سۇنۇپ: «چياڭلاردا ئەسلى
50000 كىشىلىك ئەسكەر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن 7600 كىشى
ئۆلتۈرۈلدى. 31200 كىشى تەسلىم بولدى، 5 — 6 مىڭ
كىشى خۇاڭخې، خۇاڭشۈي دەريالىرىدا غەرق بولۇپ ۋە ئاچ
قېلىپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن قېچىپ قۇتۇلغانلىرى ۋە جيەنگۇڭ،
خۇاڭدى(42) قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ قاچقانلىرى جەمئىي 4000
كىشى ئىدى. چياڭلاردىن مۇۋان قاتارلىقلارنىڭ قارىشى
چە ئۇلارنى ئەل بولۇشقا كۆندۈرگىلى بولىدىكەن.
شۇڭا دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ قايتۇرۇلۇشىنى
تەلەپ قىلىمەن» دەپ ئىلتىماس قىلدى. خەن شۆەندى ئىلتى-
ماسنى تەستىقلىدى. جاۋچۇگو قوشۇننى يىغىپ قايتىپ كەل-
دى. جاۋچۇگونىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىپ چىققان دوستى خاۋ
شىڭشى (43) ئۇنىڭغا پىكىر بېرىپ: «ئوردىدا كۆپچىلىك
ئادەملەر چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى شىن ۋۇشيەن، ئوقيالىق
لار سانغۇنى شۆيەنشۇلار ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، دۈش-
مەننى كۆپ ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. شۇڭا دۈشمەن تارمار
بولدى دەپ قارىسا، بەزى ئاقىللار دۈشمەننىڭ ھالى خاراب
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلمىغان تەقدىر-
دىمۇ چوقۇم بويسۇناتتى، دەپ قارىماقتا. سانغۇن جانابلىرى
خان بىلەن كۆرۈشكەندە، كەمىنىلىرىنىڭ خىزمىتى شىن ۋۇشيەن
بىلەن شۆيەنشۇ سانغۇنلارنىڭ تۆھپىسىگە يەتمەيدۇ، دېسىلە،
مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىش جايىدا بولغان بولىدۇ» دەيدۇ،
جاۋچۇگو: «مەن ياشىنىپ قالدىم. مەرتىۋە - ئۇنۋانىم
ئىنتايىن يۇقىرى، كۇماندىن قېچىپ راست گەپ قىلماي،

دانا خان ئالىيلىرىنى ئالداشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلاي؟ ئەسكىرىي ھەرىكەت دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى. كېيىنكىلەر ئۈچۈن دەستۇر يارىتىش كېرەك. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە خان ئالىيلىرىغا ئۇرۇشنىڭ پايدا - زىيانلىرىنى ئوچۇق ئېيتىپ قويماي تاسادىپىي ئۆلۈپ كېتىپ قالسام بۇنى كېيىن كىم ئېيتىپ بېرىدۇ؟!»، دەيدۇ. نىھايەت ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى خانغا ئېيتىدۇ. خەن شۈەندى بۇنى توغرا تېپىپ شىن ۋۇشيەننى سانغۇنلۇقتىن قالدۇرۇپ، ئۇنى يەنىلا جيۇچۇەنىنىڭ ۋالىيلىقىغا قايتۇرىدۇ. جاۋچۇڭگو بولسا قايتىدىن ھىماتچى سانغۇن، قوشۇمچە ياساۋۇلبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ.

شۇ يىلى كۈزدە چياڭلاردىن رولىڭ، لى ليۇ، چيې جۇڭ ۋە ئېركۇ دېگەن كىشىلەر قوزغىلىپ، شيەنلىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن يوۋفېي ۋە ياڭيۇلارنىڭ بېشىنى ئالدى ھەمدە دىزى، لياڭئېر، ياڭدياۋ، مىۋان قاتارلىق ئاقساقاللار بىلەن جيەنگۇڭ، خۇاڭدى قەبىلىلىرىنىڭ 4000 دىن ئوشۇق ئاھالىسىنى باشلاپ كېلىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. رولىڭ بىلەن دىزى ئىككىسى خان، لىليۇ، چيېجۇڭ ئىككىسى بەگ بولۇپ تەيىنلەندى. ئېركۇ ھاكىم بولدى. ياڭدياۋ ھەربىي مەسلىھەتچى بەگ، لياڭئېر ھاكىم بولدى. مىۋان ئۆكۈز ھەدىيە قىلغۇچى ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندى. دەسلەپ جىنچېڭ بېقىندى بەگلىكى تەسىس قىلىنىپ تەسلىم بولغان چياڭلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خەن شۈەندى چياڭلارنى قوغداش چېرىكچىلىك ۋەزىپىسىگە ئادەم تونۇشتۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەندە جاۋچۇڭگو ئاغرىق ئىدى. تۆت دىۋان (44) دىكىلەر شىن ۋۇشيەنىنىڭ ئىنىسى شىن تاڭ(45) نى كۆرسىتىشىدۇ. كېسەل ياتقان جاۋچۇڭگو خانغا: «شىن تاڭ دائىم مەست يۈرىدىغان ئادەم، ئۇ يات قوۋملەرنىڭ ئىشىنى باشقۇرالمايدۇ، ئۇنىڭدىن

كۆره ئاكىسى شىن لىنجۇڭ تۇزۇك» دەپ مەكتۇپ سۇنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىن تاڭ تىز چۆكۈپ يارلىق دەستىكىنى ئېلىپ بولغانىدى. شۇەندى قايتا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شىن لىنجۇڭنى تەيىنلەيدۇ. شىن لىنجۇڭ ئاغرىق بولغاچقا، ۋەزىپىسىدىن ئازاد قىلىنىدۇ. بەش دىۋاندىكىلەر يەنە شىن تاڭنى كۆرسىتىشىدۇ. شىن تاڭ كۆپ قېتىم مەست ھالەتتە چياڭلارغا كايىغاچقا، چياڭلار قوزغىلىدۇ. ئەھۋال جاۋچۇڭگو ئېيتقاندەك بولۇپ چىقىدۇ.

بۇرۇن چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى شىن ۋۇشيەن ھەر-بىي يۇرۇشتە بىر قېتىم ئەمىرنۆكەر جاۋئاڭ بىلەن مەي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا، جاۋئاڭ ئۇنىڭغا: «ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى جاڭ ئەنشى خەن شۇەندىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان-لىقى ئۈچۈن شۇەندى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئاتام سان-غۇن جاڭ ئەنشى ئىلگىرى خەن ۋۇدىنىڭ يېقىن خىزمەتكارى بولۇپ نەچچە ئون يىل باشتىن ئاخىرغىچە ئېھتىيات ۋە سا-داقەت بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلدى، ئۇنى ساقلاپ قېلىش كېرەك دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جاڭ ئەنشى كەچۈرۈم قىلىنىپتۇ» دەيدۇ. جاۋچۇڭگو قايتىپ كېلىپ خان ئالىيلىرىغا ئۇرۇش قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شىن ۋۇشيەن سانغۇنلۇقتىن قالدۇرۇلۇپ بۇرۇنقى ۋەزىپىسىگە ئەۋەتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاداۋەت يۈزىسىدىن مەكتۇپ سۇنۇپ، جاۋ ئاڭ ئوردى-دىكى كونا مۇھاكىمىلەرنى ئاشكارىلاپ قويىدى دەپ شىكايەت قىلغاچقا، جاۋئاڭ نەزەربەند قىلىنىدۇ. جاۋچۇڭگونىڭ قارار-گاھىغا كىرىپ، ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ قويغاچقا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالىدۇ.

جاۋچۇڭگو خىزمەتتىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، خەن شۇەندى ئۇنىڭغا تۆت ئاتلىق كىچىك ھارۋا (46) ۋە 60 جىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلدى. خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن

ئۆز ئۇستىقا مەتگاھىدا ياشىدى. ھەر قېتىم ئەتراپتىكى يات
قوۋملەر مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە بولسىلا، ھەممىشە دېگۈ-
دەك ھەربىي چارە - تەدبىر بەلگىلەش ئىشلىرىغا
قاتناشتۇرۇلاتتى. ئۇنىڭدىن چارە - تەدبىرلەر ھەققىدە
مەسلىھەت ئېلىناتتى. ئۇ م. ب. 52 - يىلى (خەن شۈەندى
گەنلۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
ئۇنىڭغا «باتۇر تۆرە» دېگەن شەرەپ ئۇنۋانى بېرىلدى. بۇ
ئۇنۋان ئوغلى، نەۋرىسىگە مىراس قالدى. نەۋرىسى جاۋچىن
(47) مەلىكە جىڭۋۇغا ئۆيلەندى، مەلىكە تۇغماس بولغاچقا،
جاۋچىننىڭ شى (48) ناملىق توقلىنى يالغاندىن ھامىلدار
بولۇپ قالدىم دېگۈزۈپ، كېيىن باشقا بىرىنىڭ بالىسىنى
بېقىۋالدى. جاۋچىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە
ئاسراندى بالىسى جاۋسىن ۋارىسلىق قىلدى. شى ناماسىق
بانوسى شاھ سانىيە بولدى. جاۋسىننىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى
پۇل تەلەپ قىلىپ، مۇرادىغا يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئاچچىقى-
دا شىكايەت قىلدى. جاۋسىن ساختا ۋارىس دېگەن ئەيىب
بىلەن مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم قىلىندى. م. بىرىنچى يىلى (خەن
پىڭدى يۈەنشىننىڭ بىرىنچى يىلى) خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلا-
رنىڭ ئەۋلادلىرىغا سۆيۈرغال بېرىلىدىغان بولغاندا، جاۋچۇڭگونىڭ
ئەۋرىسى جاۋجى يەنە يىڭپىڭ بېگى بولدى.

دەسلەپ جاۋ چۇڭگو تۆھپە ۋە ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە
خوڭگۇاڭ بىلەن بىرقاتاردا سانىلىپ، ئۇنىڭ سۈرىتى ۋېييالڭ ئوردىسىغا
سىزىلغانىدى. خەن چېڭدى زامانىدا غەربىي چياڭلار دائىم
پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، سەركەردىلەرنى سېغىنغان
خەن چېڭدى جاۋچۇڭگونى ئەسلەپ تەقدىرلىمەكچى بولىدۇ -
دە، ئىشىكئاغىسى ياڭ شيۇڭ(49) نى چاقىرتىپ، ئۇنى جاۋچۇڭ-
گونىڭ سۈرىتىگە مەرسىيە ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ.

شىنى ۋۇشىيەن چياڭلارغا يۈرۈش قىلىپ يەتتە يىلدىن

كېيىن يەنە چېپاڭلارنى يوقىتىش سانىغۇنلۇقىغا ئەيىنلەندى ۋە ئاسىيۇلارغا يۈرۈش قىلدى. دۈنخۇاڭغا بارغاندا توختاپ قالدى. خان چاقىرتقان بولسىمۇ، تېخى بارماستىنلا ئۆلۈپ كەتتى. ئوغلى شىن چىڭجى بولسا چوڭ ئەمەلدار بولۇپ ئۆتتى.

شىن چىڭجى، يەنە بىر ئىسمى شىن زىجېن، ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن ئوڭ ياردەمچى چېرىك-چى بولۇپ، چاڭلۇ بېگى چاڭ خۇينىڭ قول ئاستىدا، ئاسىيۇ-لارنىڭ قىزىل قورغان (50) شەھىرىدە دېھقانچىلىق قىلدى. ئاسىيۇ يابغۇسى بىلەن بولغان جەڭدە شىن چىڭجى دۈشمەننى سېپىگە قەھرىمانلارچە بېسىپ كىرىپ دۈشمەننى چېكىندۈردى. چاڭ-خۇي ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىۋېدى، ياندىش بەگلىككە تەيىنلەندى. كېيىن چېرىكچىلىككە ئۆستۈ-رۈلگەن شىن چىڭجى قوشۇن بىلەن ئاگنى (قارا شەھەر) (51) خانلىقىدا تۇردى. قايتقاندىن كېيىن خەۋەرچى بولغاچقا، ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنچە داڭقى چىقمىغانىدى. خەن يۈەندىنىڭ دەسلەپدە جىنچېڭ دورغاپىنىڭ ئورنىغا قويۇلدى. ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، هارۋا ئاتلىقلار ئەمىر نۆكەرلىك-كە كۆتۈرۈلدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۇنى كۆپ قەدىرلەيتتى. كېيىن چېرىكچىبەگلىككە كۆتۈرۈلۈپ، جاڭيېغا ۋە جيۇچۈەنگە ۋالىي بولدى. بارغانلا يېرىدە شۆھرەت قازاندى.

خەن چېڭدىنىڭ دەسلەپدە، پايتەختكە چاقىرتىلىپ كېڭەشبېگىلىككە تەيىنلەندى. ئوردا سول قول ئەمىر نۆكىرى، ئەمىر نۆكەر ۋە قوشبېشى بولۇپ كۆتۈرۈلدى. بۇرۇن شىن ۋۇشيەن بىلەن جاۋچۇڭگونىڭ ئارىسى بۇزۇلدى. كېيىن جاۋ-چۇڭگو جەمەتىدىن بىرى شىن ۋۇشيەن جەمەتىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئەمدى شىن چىڭجى قوشبېشى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى جاۋ جەمەتىدىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ

قويغاچقا، شىن چىڭجىنىڭ ئەمەلىي تۆۋەنلەپ جىسۇ چۆەنگە
ۋالىي بولۇپ قالغانىدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ سانغۇن ۋاڭ فېڭ (52) شىن چىڭجى-
نى تونۇشتۇرۇپ: «ئىلگىرى ئىككى ۋىلايەتتە ۋالىي بولۇپ
تۇرغىنىدا، خىزمەت كۆرسەتتى. چاقىرتىلغاندىن كېيىن ئىلگى-
رى - ئاخىر ئوردا خىزمەتلىرىدە بولۇپ ھەممە جەھەتتە
ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. ئۆزى پەزىلەتلىك، مېھىر - شەپقەت-
لىك ھەم جاسارەتلىك بولۇپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە.
ئۇ ھەربىي ئىشلارنى ئوبدان بىلىدىغان، تەدبىرلىك، ئىناۋەت-
لىك ئادەم، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئۇنىڭ
ئاتىسى شىن ۋۇشيەن چىياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى بولۇپ
شۆھرەت قازانغان، ئۇنىڭ ھەيۋىتى يات قوۋملەرنى تىترەتكە-
نىدى. پېقىر ۋاڭ فېڭ شىن چىڭجىدىن يۇقىرى تۇرۇشقا مۇنا-
سىپ ئەمەسمەن» دېۋىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە كېيىنكى ئەش
بېگى، قوشبېشى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بىرقانچە يىل ئۆتۈپ
ئازراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇش تۈپەيلى، خىزمىتى تۆ-
ۋەنلەپ يۈنجۇڭ ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ قالىدۇ. كېيىن يەنە
ئوردىغا چاقىرتىلىپ تۆھپىدار دانىشبەگ بولىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئارقا - ئارقىدىن ئاپەت ۋە غەلىتە ئەھۋال-
لار يۈز بەرگەچكە، باش ۋەزىر مۇپەتتىشى خې ۋۇ (53) خان
ئالىيلىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «يۇ بەگلىكىدە گۇڭ جىچى (54)
بولغاچقا، جىن شىيە ئىگۇڭ (55) ئارامخۇدا ئۇخلىيالمىغان. ۋېي چىڭ
ئوردا خىزمىتىدە بولغاچقا، خۇەينەندە ئىسيان كۆتۈرۈشنى
قەستلەشتەك ئىش قايتا سادىر بولمىغانىكەن. شۇڭا دانىش-
مەن ۋە ئىقتىدارلىق ئادەملەر ئوردىدا ھەربىي - مەمۇرىي
ئىشلارنى بېجىرسە، قالايمىقانچىلىق ۋە ئاپەت ئۆز - ئۆزىدىن
توگەيدۇ. «سىماراڭجۇينىڭ ھەربىي ئىشلار تەدبىرى» دە: «ئەل
تىنچ - ئاسايىشتا بولسىمۇ، ئۇرۇش ئەستىن چىقىرىلسا چوقۇم

خەۋپ - خەتەر يۈز بېرىدۇ» دېيىلگەن. سەركەردىلەر ئالدىن
بەلگىلىمىسە، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرغىلى
بولمايدۇ، ئەسكەرلەر ئادەتتە مەشق قىلىپ تۇرمىسا، ئۇلارنى
دۈشمەنگە قارشى جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلدۇرغىلى
بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكەنكى خانلار ھەرخىل سانغۇن-
لارنى بېكىتىپ، ئۆزىگە يېقىن تۇغقانلىرىنى ئىچكى ئىشلارنى
باشقۇرۇشقا قويۇپ، يات فامىلىلىك سەركەردىلەرنى بولسا،
تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. شۇ سەۋەبتىن
قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشى بىلەنلا بېسىقتۇرۇلاتتى. بۇ ئەمە-
لىيەتتە مەڭگۈلۈك دانا تەدبىر ئىدى. تۆھپىدار دانىشبەگ
شىن جىڭجى ئەخلاق - پەزىلەتلىك، مۇلايىم ۋە ساددا، يىراق-
نى كۆرەر، چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك ئىدى. ئىلگىرى چېگرا
ۋىلايەتلەردە خىزمەتتە بولۇپ كۆپ قېتىم دۈشمەننى يەڭگەن
ۋە ئەسىر ئالغان. يات قوۋملەر ئىچىدە ئۇنى بىلمەيدىغانلار
يوق. بۈگۈنكى كۈندە ھەدەپ غەلىتە ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ،
ئۇنىڭغا قارشى تېخى چارە - تەدبىر قوللىنىلمىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش بولمىدى. «ئەمنىيە» (پەسىل-
نامە) دە چوڭ بالايىئاپەت كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن ساق-
لىنىش چارىلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇش كېرەك، دەپ
كۆرسىتىلگەن. شۇڭا شىن جىڭجى خان ئالىيلىرى ئەتراپىدا
مۇھىم ۋەزىپىدە بولۇشى كېرەك. شۇ ئارقىلىق كۈتۈلمىگەن
ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش لازىم» دېگەچكە، ئۇ ئوڭ قانات
سانغۇن، مۇپەتتىشبەگ، ئاتلىق مۇلازىمبەگ، باش غوجىدار
بولدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن
سول قانات سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى.

شىن جىڭجىنىڭ تۇرمۇشى ئاددىي - ساددا، بولۇپمۇ
يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلىرى بەك ئاددىي ئىدى.
بىراق ئات ۋە ھارۋىلارغا ئامراق بولۇپ، ئۇنى بېزەپ چىراي-

لىق قىلىۋالاتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەشەمەتلىك
يېرى ئىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ پەھلىۋانى. شۇڭا تىنچلىق مەزگىل-
لىرىدىمۇ، يەنى ھۇنلار ۋە غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىگە
بېقىنغان مەزگىللىرىدىمۇ، ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە ئىناۋىتىدىن
ئەيمىنىپ يۇرۇشەتتى. ئۇ ياشىنىپ خىزمەت ئۈستىدە ئۆلدى.
چوڭ ئوغلى شىن تۇڭ چياگلارنى قوغداش چېرىكچىسى،
ئوتتۇرانچى ئوغلى شىن زۇن خەنگۇ ئۆتكىلى كاھىبىگى، كەنجە
ئوغلى شىن ماۋ باش ئۆلچەم نازىرى، كېيىن ۋىلايەت ۋالىيسى
بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە سەردارلىق خىسلەت بار بولۇپ،
جەمەتلىرىدىن 2000 تاغار ئاشلىق مائاش ئالىدىغانلار ئون
نەچچە كىشىدىن ئاشقانىدى. مىلادىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا
(خەن پىڭدى يۇەنشى يىللىرىدا)، خەن سۇلالىسى ئەمىنبېگى
ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇۋاتقاندا، ئۇلۇغ سانغۇن ۋاڭ فېڭ-
نىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مۇھىم خىزمەت ئۆتەۋاتقان شىن-
چىڭجىنىڭ ۋە ئۈچ ئوغلى ھەممىسىگىلا ئىقتىدارلىق ئىكەن-
لىكىنى كۆرگەن ۋاڭ ماڭ ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىشنى ئويلىغانىـ
دى. بۇ ۋاقىتتا ۋاڭ ماڭ ئۆز نوپۇزىنى ئەمدىلا تىكلەۋات-
قان بولۇپ، جېن فېڭ (56) ۋە جېن خەن (57) نى ئۆزىگە
ياردەمچى قىلغانىدى. يېڭىدىن نوپۇزى تىكلەنگەن جېن
فېڭ ۋە جېن خەنلەر ئوردا ئەھلىلىرى ئارىسىدا دەۋران سۈرۈ-
ۋاتاتتى. باش ئۆلچەم نازىرى شىن ماۋ ئۆزىنى داڭلىق
ۋەزىرنىڭ ئەۋلادى، ئاكا - ئۇكىلىرىمىز ئوردىدا مەنسەپ -
مەرتىۋىلەرگە ئىگە دەپ جېن فېڭ بىلەن جېن خەنگە
ئانچە ئىتائەت قىلمايتتى. ئۇ چاغدا خەن پىڭدى تېخى كى-
چىك بولغانلىقتىن، ئانىسى ۋېي شاھ سانىيە (58) پايتەختتە
تۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى. چياگلارنى قوغ-
داش چېرىكچىسى شىن تۇڭنىڭ چوڭ ئوغلى شىن سىشيۇڭ
خەن پىڭدىنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى ۋېيزىبو (59) بىلەن ئاغى-

ئىدارچىلىق قىلاتتى. ئىككىلىسى مەردۇ - مەردانىلەردىن بول-
غاچقا، ئۇلپەتلىرى كۆپ ئىدى. لۇكۇەن ۋەقەسى (60) مۇناس-
ۋەتى بىلەن ۋاڭ ماڭ ۋېي جەمەتىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى.
جىن فېڭ بىلەن جىن خەن، شىن سىشيۇڭ ئائىلىسىدىكىلەر
ۋېي زىبو بىلەن ئاستىرىتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەن سۇلالىسى
ئەمىنبېگى ۋاڭ ماڭنىڭ چارە - تەدبىرلىرىدىن نارازى بولۇپ
يۈرىدۇ، دەپ پىتنە تارقىتىپ زىيانكەشلىك قىلدى. باش
ۋەزىر مۇپەتتىشى چېن چۇڭ ھەم: ئۇلارنىڭ لۇڭشىدىكى
جەمەتىدىن شىن شىڭ قاتارلىقلار پۇقرالارنى بوزەك ئېتىپ،
ئايماق - ۋىلايەتلەردە زوراۋانلىق قىلدى، دەپ پاش قىلىپ
شىكايەت يازدى. ۋاڭ ماڭ، ئاتا - بالا شىن تۇڭ بىلەن
شىن سىشيۇڭنى، ئاكا - ئۇكا شىن زۈن بىلەن شىن ماۋنى ۋە
نەنجۈن ۋالىيسى شىن بولارنى قەتل قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ
شىن جەمەتى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. شىن چىڭجى دىداۋلىق
بولۇپ، سانغۇن بولغاندىن كېيىن چاڭلىڭ (61) غا كۆچتى،
چاڭلىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى توختىتىلغاندىن كېيىن
چاڭئەندە تۇرۇپ قالدى.

مۇئەررىختىن: چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن بۇيان
شىياۋشەن تېغىنىڭ شەرقىدىن ۋەزىرلەر، شىياۋشەن تېغىنىڭ
غەربىدىن سەركەردىلەر چىقىشتى. يېغىلىق دەۋرىدىكى چىن
بەگلىكى سەركەردىسى بەي چى (62) مېيشيەن (63) ناھىيە-
سىدىن بولۇپ، ۋاڭ جيەن (64) پىنياڭ (65) لىق ئىدى. خەن
سۇلالىسى روناق تاپقاندىن بۇيان، يۈجىلىق ۋاڭ ۋېي، گەن
يەنشۇلار، يىچۈلۈك گۇڭسۇن خې، فۇجيېزىلار، چېڭجىلىق
لى گۇاڭ، لى سەيلەر، دۇلىڭلىق سۇجيەن بىلەن سۇۋۇ، شاڭ-
گۇيلۇك شاڭگۇەن جېي، جاۋچۇڭگولار، شىياڭۋۇ (66) لۇق
ليەنباۋ، دىداۋلىق شىن ۋۇشيەن ھەم شىن چىڭجىلەر غەييۇرلۇقى

بىلەن شۆھرەت قازانغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتا - بالا سۇجيەن، سۇۋۇ ۋە شىن ۋۇشيەن، شىن چىڭجىلار بىرلا ۋاقىتتا سەركەردە بولدى. بۇلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قالغانلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ شياۋشەن تېغىنىڭ غەربىدىكى تيەنشۇي، لۇڭشى، ئەندىڭ ۋە بېيدى ۋىلايەتلىرى چىياڭلار ۋە ھۇنلارغا قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ئەزەلدىن ھەربىي مەشق ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇش تەييارلىقى ئېلىپ باراتتى. ئاتقا مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە ئۇنى ھەممىدىن يۇقىرى قوياتتى. شۇڭا «چىن نەزمىلىرى» دە: «خان - بەگلەر ئەسكەر ئېلىپ چىقسا ئۇرۇشقا، بىز كىرىشىمىز قورال-ياراق ياساشقا، ھەممە تەييار پەرزەنتلەر بىلەن ئاتلىنىشقا» دېيىلگەن. مانا شۇنداق خىسلەت - ئادەتلەر ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى شېئىر - قوشاقلاردىمۇ غەيۇرلۇق ۋە مەردانىلىك ئۇرغۇپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلاردا بۇ خىسلەتلەر ساقلىنىپ قالغانىدى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2971 — 2999 - بەتلەر).

---

(1) شىن چىڭجى (辛庆忌، م. ب. ؟— 12) شىن ۋۇشيەننىڭ ئوغلى. دىداۋ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىڭتاۋنىڭ جەنۇبىدا) لىق بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان. يەنە بىر ئىسمى شىن زىجېن (辛子真). خەن شۈەندى دەۋرىدە باتۇرلۇقى بىلەن شۆھرەت قازانغان شىن چىڭجى ئوڭ ياردەمچى چېرىكچى بولۇپ، ئاسىيۇلار شەھىرى قىزىل قورغانىدا تۇرۇدى. خەن يۈەندى دەۋرىدە چاگىپ (كەنجۇت)، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىرىدە ۋالىي بولدى. خەن چىڭدى دەۋرىدە سول قانات سانغۇن بولدى. ئەۋلادى ۋاڭ ماڭغا ھون ۋە غەربىي ئەلدە ھۆرمىتى بار ئىدى.

نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى.

(تۈزىتىلگەن «شىيۈەن»، 4 ـ توم، 3038 ـ بەت).

(2) ئالتە ۋىلايەت (六郡) لۇڭشى، تيەنشۈي، ئەندىڭ، بېيدى، شاڭجۈن، شىخې ۋىلايەتلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2971 ـ بەت (3) ئىزاھ).

(3) پەخرىي ئەمىرلەشكەر (假司马) خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئەسكەرلىك ماھارىتى بار جاۋچۈڭگو پەخرىي ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئەسكىرىي ئىشلارغا قارايتتى.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2971 ـ بەت (2) ئىزاھ).

(4) باش ئۆلچەم نازىرى (水衡都尉) ئەمەل. م. ب. 115 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شاڭلىن چاھارباغنى ۋە قوشۇمچە خان جەمەتىنىڭ مال ـ مۈلكى ھەم پۇل قۇيۇش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(تۈزىتىلگەن «شىيۈەن»، 3 ـ توم، 1712 ـ بەت).

(5) شەچىقان (西祁王) ھۇنلارنىڭ خانلىرىدىن بىرى بولۇپ، جاۋچۈڭگو تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2972 ـ بەت، 3 ـ ئىزاھ).

(6) فۇشىلۇ (符奚卢山) تاغ. ئورنى ھەققىدە مەنبە تېپىلمىدى.

(مۇھەررىردىن).

(7) تىچۇ چۇتان (题除渠堂) خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھونلاردىن.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2972 ـ بەت).

(8) توققۇز ۋىلايەت (九郡) ۋۇيۈەن، شوفاڭ، يۈنجۇڭ، دەيجۈن، يەنمېن، دىڭشياڭ، يۈبېيپىڭ، شاڭگۇ، يۈياڭلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2972 ـ بەت (2) ئىزاھ).

(9) شيەنلىڭلەر (先零) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چياڭ-

لارنىڭ بىر تارمىقى. شىيەنلىك چىيائىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دەڭ-
لەپ ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەيدىكى خۇاڭشۇي دەرياسى ۋادىلىرى-
دا ياشايتتى. كېيىن خۇاڭجۇڭنى تەرك ئېتىپ، غەربىي كۆل
(كۆكنۇر)، تۇزلۇق كۆل ئەتراپلىرىغا كۆچتى، ئاخىرىدا غەربىي
شىمالدىكى مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتتى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 279 ـ بەت).

(10) خۇاڭشۇي (湟水) دەريا. شىنىڭ دەرياسىمۇ دېيىلى-
دۇ. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تارمىقى. بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسى
خەييەن ناھىيىسىدىكى بوغتۇ تېغىدىن باشلىنىدۇ. شەرقىي جەنۇب-
قا ئېقىپ، شىنىڭ، لېدۇلاردىن ئۆتكەندە، داتۇڭخې دەرياسى بى-
لەن بىرلىشىپ، ئاخىرىدا خۇاڭخې دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 ـ توم، 1854 ـ بەت).

(11) فېڭ جيەن (封煎) چياڭ قەبىلىلىرىدىن شيەنلىگلەر-
نىڭ ئاقساقىلى.
(«خەننامە»، 9 ـ توم، 2973 ـ بەت).

(12) كۆنچى دۆلىتى (尉犁国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
غەربىي يۇرتتىكى بىر شەھەر دۆلىتى (بەگلىكى). ئورنى ھازىرقى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم
ئوبلاستىدا. بۇ بەگلىك جەنۇبتا پىشامشان، چەرچەنلەر بىلەن تۇتى-
شاتتى. قاراقۇم دەپمۇ ئاتىلاتتى.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 43 ـ بەت).

(13) شايىن (قۇملۇق) (沙阴) ھۇن ئېلى بىلەن لوپنۇر
كۆلى ئارىلىقىدا بولسا كېرەك.
(مۇھەررىردىن).

(14) چاڭكېڭ (长阬) تۇزلۇق كۆل (لوپنۇر) بىلەن
چيۇڭشۇي قورغىنى ئارىلىقىدىكى بىر جاي. مەنبە تېپىلمىدى؛
(مۇھەررىردىن).

(15) چيۇڭشۇي قورغىنى (穷水塞) يەر نامى. بۈگۈنكى

گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 4 – تـوم، 2884 – بەت).

(16) پىشامشان (鄯善) غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن. ئەسلى نامى كرووران. م.ب. I ئەسىرنىڭ ئۇچىنچى چارىكىدە چارقىلىق دەپ ئاتالغان. IX ئەسىردە قۇم بېسىپ كېتىپ خارابىلىككە ئايلانغان. ئورنى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چارقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 – توم، 3121 – بەت).

(17) ياڭگۈەن (阳关) قوۋۇق (ئۆتكەل) نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. يۈمېنگۈەن (قاشقۇۋۇق) نىڭ جەنۇبىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، كۈن قوۋۇق (阳关) دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنىڭ مۇھىم ئېغىزى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 – توم، 3290 – بەت).

(18) خەن (罕, 罕) قەدىمكى زاماندىكى چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنجيەن (罕幵) ناھىيىسىدە (ھازىرقى ئورنى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى تيەنشۈي شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا) ياشايتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 2480 – بەت).

(19) جيەن (幵) قەدىمكى زاماندىكى چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى. خەن (罕) ۋە جيەن (幵) قەبىلىلىرى ئەسلىدە جىنچېڭ شەھىرى (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرى) نىڭ جەنۇبىدا ياشايتتى، كېيىن تيەنشۈي شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا كۆچتى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 7 – توم، 4507 – بەت).

(20) ئىككي دۇۋان (两府) خەن سۇلالىسي دەۋرىدە باش

ۋازارەت ۋە باش تەپتىش مەھكىمىسى ئىككى دىۋان دەپ ئاتىلاتتى.

(تۈزۈتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 293 - بەت).

(21) گېمېن (浩亹) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، گېمېنشۈي (بۈگۈنكى داتۇڭخې) دەرياسىغا نىسبەت قىلىپ بۇ نام بېرىلگەن. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭدېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى داتۇڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 940 - بەت).

(22) بىڭ جى (丙吉، م. ب. ؟ — 55) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ چوڭ ۋەزىرلىرىدىن. يەنە بىر ئىسمى بىڭ شاۋچىن، لۇ بەگلىكى (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى چۈفۇ) دىن. ئەسلىدە لۇ بەگلىكىنىڭ گۇندىپايىسى بولۇپ، مەزلۇم ھەكەملىكتە كۆرۈلگەن. ئاتالمىش «خەن ۋۇدىغا دۇئا ئوقۇتۇپ سېھىرگەرلىك قىلىش ۋەقەسى» دە سولانغان خان ئەۋرىسى (شۈەندى) نى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭغا دوستلىشىپ بولدى. شۈەندىنى خان قىلىش تەكلىپىنى بەردى. كېيىن بوياڭ بېگى ۋە باش ۋەزىر بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 40 - بەت).

(23) رۇڭلار (戎) قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر «رۇڭلار» دەپ ئاتىلاتتى.

(تۈزۈتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1183 - بەت).

(24) چوكا چىشلەش (衔枚) قەدىمكى زامان ئەسكىرىي يۈرۈشلىرىدە، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدا، شەپە چىقارماسلىق ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئاغزىغا چوكا چىشلىتىلەتتى. چوكىنىڭ ئىككى ئۇچىدا بوغقۇچ بولۇپ، ئادەتتە بويۇنغا ئېسىپ قويۇلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 805 - بەت).

(25) سىۋاڭ جىلغىسى (四望陿) ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكى-

سى لېدۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 201 ـ بەت).

(26) لېدۇ (乐都) ناھىيە. چىڭخەي ئۆلكىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 1628 ـ بەت).

(27) غەربىي قىسىم كاھبەگ مەھكىمىسى (西部都尉府) جىنچېڭ ۋىلايىتىدىكى قوۋملەرنى باشقۇرۇش تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گاۋلەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 2866 ـ بەت).

(28) جاۋئاڭ (赵卬) جاۋچۇڭگونىڭ ئوغلى. ئوڭ قول ئەمىر- نۆكەر بولغان. چياڭلارغا قارشى جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن. كېيىن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدى دەپ ئەيىبلەنگەندە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1390 ـ بەت).

(29) يېتىمچى پاسبانلار قىسمى (羽林孤儿) خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ بالىلىرى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى- غا ئېلىنىپ ھەربىي تەلىم بېرىلەتتى. بۇلار يېتىمچى پاسبانلار قىسمى دەپ ئاتىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1939 ـ بەت).

(30) سەنخې (三河) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خېنېي (河内)، خېنەن (河南)، خېدۇڭ (河东) دىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت سەنخې دەپ ئاتىلاتتى. دائىرىسى بۈگۈنكى خېنەن ئۆل- كىسى لوياڭ شەھىرى يېنىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمىدىكى يەرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 ـ توم، 29 ـ بەت).

(31) شيەنشۈي (鲜水) چىڭخەي (كۆككۆل) كۆلىنىڭ قەدىم- كى ئاتىلىشى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 3510 ـ بەت).

(32) پاتمان (斛) ئۆلچەم بىرلىكى. قەدىمكى زاماندا ئون كۆرە بىر پاتمان بولاتتى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى (XIII ئەسىر) دا بەش كۆرە بىر پاتمان، ئىككى پاتمان بىر تاغار قىلىپ بەلگىلەندى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 - توم، 1369 - بەت).

(33) رىلې (日勒) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - توم، 33 — 34 - بەتلەر).

(34) لېچېڭ (乐成) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەگلىك بولۇپ، نەنياڭ ۋىلايىتىگە قارايتتى. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېبەي ئۆلكىسى دېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 - توم، 1627 - بەت).

(35) رولار (若) چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2980 - بەت (1) ئىزاھ).

(36) بەش يۇلتۇز شەرقتىن چىقتى (五星出东方) بەش يۇلتۇز —ۋېنېرا، يۇپىتېر، مېركۇرىي، مارس، ساتۇرنىنى كۆرسىتىدۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردىسى شەرقتە، چياڭلارنىڭ غەربتە ئىدى. بەش يۇلتۇزنىڭ شەرقتىن ئۆرلىشى خەن سۇلالىسىنىڭ تەلىيىنىڭ ئۈستۈن كېلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ، دېمەكچى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2981 - بەت (1) ئىزاھ).

(37) جيەنگۇڭلار (煎巩) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي چياڭلارنىڭ بىر قەبىلىسى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 20 - توم، 404 - بەت).

(38) موشۇلەر (莫须) چياڭلارنىڭ كىچىك بىر تارمىقى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2982 - بەت (5) ئىزاھ).

(39) مىۋان (靡忘) چياڭلارنىڭ سەركەردىسى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2984 - بەت (6) ئىزاھ).

(40) خۇاڭجۇڭ (湟中) يەر نامى. ئورنى بۇگۇنكى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. خۇاڭشۇي دەرياسى ئوتتۇرىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، خۇاڭجۇڭ دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ رايوندا چياڭلار ياشايتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 1854 – بەت).

(41) لىنچياڭ (临羌) قەدىمكى ناھىيە. جىنچېڭۋىلايىتىگە قاراشلىق بولۇپ، خۇاڭشۇي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئورنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى خۇاڭيۇەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 2580 – بەت).

(42) خۇاڭدىلار (黄瓶) چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى.

(«خەننامە»، 9 – توم، 2992 – بەت).

(43) خاۋشىڭشى (浩星赐) فامىلىسى خاۋشىڭ، ئىسمى شى بولۇپ، جاۋچۇڭگونىڭ يېقىن دوستى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 815 – بەت).

(44) تۆت دىۋان (四府) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە باش ۋازارەت، باش تەپتىش بەگلىك، ھارۋا – ئاتلىقلار سانغۇنلۇقى، تۇرشاۋۇل سانغۇنلۇق «تۆت دىۋان» دەپ ئاتىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 – توم، 561 – بەت).

(45) شىن تاڭ (辛汤) شىن ۋۇشيەنىنىڭ ئىنىسى. چياڭلارنى قوغداش چېرىكچىسى بولغانىدى.

(«خەننامە»، 9 – توم، 2993 – بەت).

(46) تۆت ئاتلىق كىچىك ھارۋا (安车驷马) بەگلەرنىڭ بەگلىرى ئولتۇرىدىغان ھارۋىغا تۆت ئات قوشۇلاتتى. جاۋچۇڭگوغا تۆت ئاتلىق ھارۋا بېرىلىشى ئۇنىڭ شان – شۆھرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

(«خەننامە»، 9 – توم، 2994 – بەت).

(47) جاۋ چىن (赵钦) جاۋ چۇڭگونىڭ نەۋرىسى. خەن شۈەندىنىڭ كۈيئوغلى. مەلىكە جىڭۋۇغا ئۆيلەنگەن، بوۋىسىنىڭ

بەگلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2994 - بەت).

(48) شى (习) جاۋ چىنىنىڭ توقىلى. جاۋ سىنىنىڭ ئانىسى (ئەمەلىيەتتە ئۆز ئانىسى ئەمەس) سۈپىتى بىلەن بەگ ئانا بولغان.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2994 - بەت).

(49) ياڭ شيۇڭ (杨雄، م.ب. 53 — م. 18) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۇۋجۇن ۋىلايىتى چېڭدۇدىن، ياشلىقىدا ئىجتىھاد قىلىپ ئوقۇدى. كۆپ كىتابلارنى مۇتالىئە قىلدى. قەدىمكى تىلنىڭ تەس خەتلىرىنىمۇ بىلەتتى. خەن چېڭدى دەۋرىدە باش ئەمىر لەشكەر ۋاڭ يىنىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن غۇلام بولدى. ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە تۆرە بولۇپ، تيەنلۇ ساراي كۇتۇپخانىسىدا كىتابلارنى تۈزىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىن بىر ۋەقەگە چېتىلىپ قالغان ياڭ شيۇڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1291 - بەت).

(50) قىزىلقورغان (赤谷城) قەدىمكى شەھەر. ئورنى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - توم، 40 — 41 - بەت).

(51) ئاگنى (阿耆尼؛焉耆) قەدىمكى ئاگنى تىلىدا ئوت دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئارگى، ئاركى، ئارىس، IX ئەسىردىن كېيىن سولمى، سۇلمى، XIV — XV ئەسىرلەردە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن چالىش دەپ ئاتالغان. ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قارا شەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى شۇ.

(«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى. تۈزەتمە ئىزاھلىرى»، مۇقەددىمە I، 49 - بەت).

(52) ۋاڭ فېڭ (王凤) خەن يۈەندىنىڭ خانىشى ۋاڭ جىڭجۈننىڭ ئاكىسى. خەن چېڭدىنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى. م.ب. 33 - يىلى خەن يۈەندى ئۆلۈپ، چېڭدى تەختكە ئولتۇرغاندا، ۋاڭ فېڭ

ئەمىرلەشكەر، ئۇلۇغ سانغۇن قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىگىلەپ، خانلىقنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى قولغا ئېلىۋالغانىدى.
(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 ـ توم، 539 ـ بەت).

(53) خې ۋۇ 何武 (م.ب. ؟ ـ م.3) يەنە بىر ئىسمى خې جۈنگۇڭ. شۇ ۋىلايىتى پىشيەن (بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسىدە) ناھىيىسىدىن. ئۇ، ئوردا ئەھكام ۋەزىرى، پاش ۋەزىر مۇپەتتىشى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 229 ـ بەت).

(54) گۇڭ جىچى(宫之奇) گۇڭ چى (宫奇) مۇ دېيىلىدۇ. ئەمىنىيە دەۋرىدىكى يۈ (虞) بەگلىكىنىڭ تەدبىرلىك، دانىشمەن تۆرىسى ئىدى. جىن شيەنگۇڭنىڭ يۈ بەگلىكىنى ئېلىش نىيىتى بولسىمۇ، يۈ بەگلىكىدە دانىشمەن گۇڭ جىچى بولغاچقا، ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ـ توم، 834 ـ بەت).

(55) جىن شيەنگۇڭ (晋献公) يەنە بىر ئىسمى گۈيجۇ، جىن ۋۇگۇڭنىڭ ئوغلى. م.ب. 676 ـ يىلدىن 651 ـ يىلغىچە 26 يىل سەلتەنەت سۈرگەن، ئەمىنىيە دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ 18 ـ ھۆكۈمدارى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 547 ـ بەت).

(56) جېن فىڭ (甄丰) خەن پىڭدى دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە پىلان ـ تەدبىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، نائىب بەگ (ئاتالىق) بولغان، ۋاڭ ماڭ خان بولغان ۋاقىتدا گۇاڭشىن بېگى بولدى. كېيىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئوغلى جېن شۈن ئۆلتۈرۈلگەچكە، جېن فىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1365 ـ بەت).

(57) جېن خەن (甄邯) خەن چېڭدى دەۋرىنىڭ سىلگەلىرىدىن كۇڭ گۇاڭنىڭ كۈيئوغلى. شىغاۋۇل بولۇپ، ۋاڭ ماڭ خان بولغاندا،

باش ئەمرلەشكەرلىككە تەيىنلىنىپ، چىڭشىن بېگى بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1364 - بەت).

(58) شاھ سانىيە ۋېي (卫氏) خەن ئەيدىنىڭ خانىكىسى. خەن پىڭدىنىڭ ئانىسى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2998 - بەت).

ۋېي زىبو (卫子伯) خەن پىڭدىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاكىسى، پىڭدىنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2998 - بەت).

(60) لۈكۈەن ۋەقەسى (吕宽事件) ۋاڭ ماڭ خەن پىڭدى بىلەن ئانىسى، شاھ سانىيە ۋېينىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، شاھ سانىيەنى جۇڭشەن بەگلىكىگە ئورۇنلاشتۇردۇ. بۇنىڭغا نارازى بولغان ۋاڭ يۈ (ۋاڭ ماڭنىڭ ئوغلى) لۈكۈەننى ئەۋەتىپ، ۋاڭماڭ مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا ئىت قېنىنى چاچتۇردۇ. بۇ ئىشنىڭ پاش بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋاڭ ماڭ ۋېي جەمەتى ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدۇ، تارىختا بۇ «لۈكۈەن ۋەقەسى» دېيىلىدۇ.

(«خەننامە»، 9 - توم، 2998 - بەت).

(61) چاڭلىڭ (昌陵) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىنتۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 472 - بەت).

(62) بەي چى (白起 م.ب.؟ — 257) گوڭ سۈنچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېغىلىقلار دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى، ھەربىي ئالىم. مېي (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدە) ناھىيىسىدىن، چىن خاۋاڭ ئۇنى مۇھىم ھەربىي ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندىن كېيىن، يۈرۈش قىلىپ 70 نەچچە شەھەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئالغانلىقى ئۈچۈن، ۋۇئەن بېگى بولغان. ئاخىر باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 - توم، 2158 - بەت).

(63) مېيشيەن (郿县) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى مېيشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 950 ـ بەت).

(64) ۋاڭ جيەن (王翦) چىن سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى. پىنياڭلىق. ھەربىي ئالىم. چىن سىخۇاڭنىڭ مەملىكەتنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىدا ۋاڭ جيەن زور خىزمەت كۆرسەتكەنىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 ـ توم، 2047 ـ بەت).

(65) پىنياڭ (频阳) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى فۇپىڭ ناھىيىسىنىڭ 50 چاقىرىم شەرقىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1255 ـ بەت).

(66) شياڭۋۇ (襄武) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لۇڭشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1299 ـ بەت).

# فۇجىيېزى، چاڭ خۇي، جېڭ جى، گەن يەنشۇ، چېن تاڭ، دۇەن خۇيزۇڭ(1) نىڭ تەرجىمىھالى

## فۇجىيېزىنىڭ تەرجىمىھالى

فۇجىيېزى بېيدى ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ئەسكەرلىككە كىر-
گەندىن كېيىن، ئۆسۈپ ھەربىي ئەمەلدار بولغان. ئىلگىرى
كۇسەن (2)، كىروران ئەللىرى خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگە-
نىدى. بۇ ئەھۋاللار «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بايان قى-
لىنغان. م.ب. 77 – يىلى (خەن جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى
يىلى) فۇجىيېزى مىراقۇلبېگى سالاھىيىتى بىلەن پەرغانىگە
ئەلچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاچقا، خەن جاۋدى يارلىق
چۈشۈرۈپ، ئۇنى كۇسەن ۋە كىروران ئەللىرىگە بېرىپ، يۈز
تۇرانە ئەيىبلەشكە ئەۋەتتى. فۇجىيېزى كىرورانغا بېرىپ، كىروران
خانىنىڭ ھۇنلارنى كۈشكۈرتۈپ خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن-
لىكىنى ئەيىبلىدى ۋە «خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى يېتىپ
كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، خان ئەگەر سىز ھۇنلارنى كۈشكۈرتمى-
گەن بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەر ئارقىلىق باشقا ئەللەرگە
كېتىۋاتقان ھۇن ئەلچىلىرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلمايسىز؟»
دەيدۇ. كىروران خانى خاتالىقىنى تونۇپ، جىنايىتىنى بويىنىغا

ئالدى ۋە: «ھۇن ئەلچىسى يېقىندىلا ئۆلتۈپ كەتتى. ئۇ ئاسىيۇغا بارىدىكەن، يولدا كۇسەندىن ئۆتىدۇ» دېدى. فۇجىيېزى كۇسەنگە بېرىپ كۇسەن خانىنىمۇ ئەيىبلىدى. كۇسەن خانىمۇ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلدى. فۇجىيېزى كېيىن پەرغانىدىن كۇسەنگە قايتىپ كەلگەندە كۇسەن خانى ئۇنىڭغا: «ھۇن ئەلچىسى ئاسىيۇغا يېنىپ كەلدى، ھازىر مۇشۇ يەردە» دەيدۇ. فۇجىيېزى ئۆزى ئېلىپ يۈرگەن سىپاھ-بەگلەر بىلەن بېرىپ ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى ۋە پايتەختكە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلادى. خەن جاۋدى يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى نۆكەر بەگ قىلدى ۋە پىڭلې قەسرىگە نازارەتچىبەگ قىلىپ كۆتۈردى.

فۇجىيېزى ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭغا: «كروران، كۇسەن خانلىرى كۆپ قېتىم لىكتاسىملىق قىلادى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلمىسە باشقا ئەللەرنى ئەدەبلىگىلى بولمايدۇ. مەن كۇسەندىن ئۆتكەندە، كۇسەن خانى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكىنى سەزدىم. شۇڭا بېرىپ كۇسەن خانىنى ئۆلتۈرۈپ، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرگە تەھدىت سېلىشنى خالايمەن» دېدى. ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ ئۇنىڭغا: «كۇسەن يىراق، بۇ ئىشنى كروراندا سىناپ كۆرەيلى» دېدى ۋە خەن جاۋدىغا فۇجىيېزىنى كرورانغا ئەۋەتىش توغرىسىدا مەلۇمات سۇندى. شۇنىڭ بىلەن فۇجىيېزى ۋە ئەسكەرلىرى ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئېلىپ، مەقسەتلىك ھالدا بۇ نەرسىلەرنى چەت ئەللەرگە ھەدىيە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى. ئۇ كرورانغا كەلگەندە كروران خانى ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىدى. فۇجىيېزى يالغاندىن كەتمەكچى بولۇپ كروراننىڭ غەربىي چېگرىسىغا باردى ۋە تىلماچ ئارقىلىق كروران خانىغا: «خەن ئەلچىسى نۇرغۇن ئالتۇن ۋە كىمخاب - تاۋار ئېلىپ كەلدى. ھەرقايسى ئەللەرگە تەقدىم قىلىدۇ. ئەگەر كروران خانى يەنىلا قوبۇل قىلىشقا كەلمىسە، مەن ئۇدۇل غەربتىكى بەگلىكلەرگە

كېتمەن» دەيدۇ ھەمدە ئالتۇن، كىمخاب - تاۋارلارنى ئېلىپ تىلماچقا كۆرسىتىدۇ. تىلماچ بېرىپ خانغا مەلۇم قىلىدۇ. ئاچكۆز خان ئۆزى كېلىپ، خەن ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ. فۇجيېزى كروران خانى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشىدۇ ۋە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى چىقىرىپ خانغا كۆرسىتىدۇ. ھەر ئىككىسى مەست بولۇپ قالىدۇ. فۇجيېزى كروران خانىغا: «خان مېنى بىر ئىش بىلەن ئەۋەتتى. خان ئالىيلىرى بىلەن ئايرىم سۆزلەشسەم» دەيدۇ. ئورنىدىن تۇرغان خان خالىي سۆزلەشمەكچى بولۇپ، فۇجيېزى بىلەن بىرلىكتە بارگاھقا كىرگەندە، قاۋۇل ئىككى ئەسكەر كەينىدىن كېلىپ خانغا خەنجەر سالىدۇ. خەنجەر كۆكرەكتىن تېشىپ چىققاچقا، خان شۇئان ئۆلىدۇ. كروران بەگلىرى ۋە ئەتراپتىكى ياساۋۇللار تەرەپ - تەرەپكە قاچىدۇ. فۇجيېزى ئەلگە: «كروران خانى خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن، خەن خانى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مېنى ئەۋەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىغا خەن خانلىقىدا تۇرغاقتا تۇرۇۋاتقان سابىق خانتىكىن خان بولىدۇ. خەن قوشۇنلىرى تېز يېتىپ كېلىدۇ. سىلەر قالايمىقانچىلىق چىقارماڭلار، ئۇنداق بولمايدىكەن دۆلىتىڭلار ھالاك بولىدۇ!» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن فۇجيېزى كروران خانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتتى ۋە ئوردىغا تەقدىم قىلدى. ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار، سانغۇن ۋە مۇشاۋىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى مەدھىيىلەشتى. خەن جاۋدى: «كروران خانى ئانقۇي(3) ھەمىشە ھۇنلارغا پايلاقچى بولۇپ، خەن ئەلچىلىرىنىڭ ئالدىنى توساتتى، ئەسكەر چىقىرىپ ياساۋۇللار ئەمرلەشكىرى ئەناي. كېڭەشبېگى جۇڭ، پاسىبانبەگ سۇي چېڭ قاتارلىق ئۈچ تۈركۈم ئەلچىلىرىمىزنى ۋە ئارساك، پەرغانە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرىنى ئىلگىرى - ئاخىر ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. خەن ئەلچىلىرىنىڭ ئەل-

چىلىك دەستەكلىرىنى، مۆھۈرلىرىنى ھەم ئارساك ۋە پەرمانە قاتارلىق دۆلەتنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن سوۋغاتلىرىنى تارتىۋالدى. بۇ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش. پىگلىپ قەسرى نازارەتچىسىگە فۇجېزى ئەلچىلىك دەستىكى بىلەن چىقىپ، كىروران خانى ئانقۇينىڭ كالىلىسىنى ئالدى ۋە ئۇنى ئوردىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا ئاستى. ئۆزى بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلدى. قوشۇننىمۇ ئاۋارە قىلمىدى. شۇڭا فۇجېزىغا يىپاك بېگىلىك مەرتىۋە بېرىلسۇن، 700 تۈتۈنلۈك يەر سۇ-يۇرغال قىلىنسۇن، ئانقۇينى ئۆلتۈرگەن ئىككى ئەسكەر ياندا بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

فۇجېزى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى فۇچاڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاچقا، ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلالمىدى. بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق بىكار قىلىندى. م. 1 — 5 - يىللىرى ئارىلىقىدا (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ بىرىنچى يىلى) تۆھپىكار ئەمەلدارلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئىشى يولغا قويۇلغاندا چەۋرىسى فۇچاڭ (傅敞) غا يىپاك بېگىلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى. بۇ مەرتىۋە ۋاڭ ماڭنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3001 — 3003 - بەتلەر).

## چاڭ خۇينىڭ تەرجىمھالى

چاڭ خۇي تەيىيۈەنلىك بولۇپ، كىچىكىدە ئائىلىسى نامرات ئىدى. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن دۆلەتنىڭ چاقىرىقىغا قوشۇلۇپ، مىراقۇلبېگى سۇۋۇ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلار ئېلىگە ئەلچىلىككە باردى ۋە سۇۋۇ بىلەن بىرلىكتە ھۇن ئېلىدە ئون يىلدىن ئارتۇق تۇتۇپ قېلىندى. خەن جاۋدى

دەۋردە ئاندىن قايتىپ كەلدى. يەتكۈزگەن خىزمىتى ئۈچۈن خان ئۇنى كېڭەشبېگىلىككە تەيىنلىگەندى.

بۇ چاغدا ئاسىيۇدىكى خەن مەلىكىسى جىيېيۇ (غەمغالاس مەلىكە) خەن جاۋدىغا: «هۇنلار چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ ۋوستا دېھقانچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئاڭلىشىمچە ئۇلار قوس بىلەن بىرلىشىپ ئاسىيۇغا هۇجۇم قىلماقچىكەن. خان ئالىيلىرىنىڭ بىزنى قۇتقۇزۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ مەكتۇپ يوللايدۇ. خەن سۇلالىسى ئاتلارنى بېقىپ، ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەپ هۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى كېڭىشىۋاتقان چاغدا، خەن جاۋدى ئۆلۈپ، خەن شۇەندى تەختكە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ۋاقتىنچە توختاپ قالدى. م.ب. 72 - يىلى (خەن شۇەندى بېنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) چاڭ خۇي ئاسىيۇ ئېلىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. مەلىكە جىيېيۇ بىلەن كۈنبېيمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، چاڭ خۇي ئارقىلىق خەن شۇەندىگە: «هۇنلار داۋاملىق ئەسكەر ماڭدۇرۇپ، ئاسىيزغا هۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. چېيەن(4)، ئېشى قاتارلىق جايلارنى تارتىۋېلىپ، خەلقنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەلچىلىرى تەھدىت سېلىپ، مەلىكىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇ ئارقىلىق خەن سۇلالىسى بىلەن ئاسىيۇنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى. كۈنبېي دۆلەت بويىچە خىل ئەسكەرلەردىن يېرىمىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۆزى 50000 چەۋەنداز بىلەن هۇنلارغا هۇجۇم قىلىشنى خالايدۇ. خاننىڭ ئەسكەر چىقىرىپ مەلىكە ۋە كۈنبېيگە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى 150000 كىشىلىك چەۋەنداز چىقاردى. قوشۇن بەش سانغۇن(5) باشچىلىقىدا بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى «هۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىندى.

خەن شۇەندى چاڭ خۇينى چېرىكچى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ يارلىق دەستىكى بىلەن بېرىپ ئاسىيۇ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق

قىلدى. يابغۇ(6) لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 50000 دىن ئارتۇق چەۋەندازغا قوماندانلىق قىلغان كۇنبىي، هۇنلارنىڭ غەربىدىن هۇجۇم قىلىپ ئوڭ قولخان(7) نىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىردى ۋە قوياندى تەڭرىقۇتنىڭ ئاتىسى، يەڭگىسى، قىزى، ئاتاغلىق خان ۋە چەۋەنداز سەركەردىلىرى باشلىق جەمئىي 39000 ئادەمنى ئەسىر ئالدى. 50000 دىن ئارتۇق ئات، كالا، ئېشەك، قېچىر، تۆگە. 600000 تىن ئارتۇق قوي-ئۆچكە ئولجا ئالدى. ئولجىلارنى ئاسىيۇلار بۆلۈشۈپ ئېلىشتى. چاڭ خۇي ئۆزىنىڭ ئون نەچچە نەپەر سىپاھ - بېگىنى باشلاپ كۇنبىي بىللەن بىللە قايتىپ تېخى ئاسىيۇلار زېمىنىغە يېتىپ كەلگەندە، ئاسىيۇلار ئۇنىڭ تامغا ۋە يارلىق دەستىكىنى ئوغرىلاپ كەتتى. چاڭ خۇي ئېلىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تامغا ۋە يارلىق دەستىكىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن كاللىسى كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق بۇ قېتىم بەش سانغۇن هۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتەلمىدى. خەن شۈەندى چاڭ خۇينى يارلىق بويىچە ئاسىيۇغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، هۇنلارنى يەڭدى ۋە كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىپ خىزمەت كۆرسەتتى دەپ قاراپ، ئۇنى چاڭلۇ بېگى قىلدى. يەنە ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن ئاسىيۇغا ئەۋەتىپ، بۇ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇسۇن بەگلىرىنى ئىنئاملىدى. چاڭ خۇي ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، كۇسەن خانى ئىلگىرى چېرىكچى لەي دەننى ئۆلتۈرگەندى. ئۇنىڭغا تېخىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىدى، دېدى ۋە يولدا كۇسەندىن ئۆتكەن چاغدا ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. خەن شۈەندى بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىدى، لېكىن ئۇلۇغ سانغۇن خو گۇاڭ ۋەزىيەت يار بەرسىلا شۇنداق قىلىش توغرىسىدا بىشارەت بەردى. چاڭ خۇي 500 چە سىپاھ - بەگ بىلەن ئاسىيۇغا كەلدى. قايتىپ كۇسەندىن ئۆتەر چاغدا، كۇسەننىڭ غەربىدىكى خانلىقلاردىن 20000

ئەسكەر، نائىب ئەلچىنى ئەۋەتىپ كۇسەننىڭ شەرقىدىكى خانـ لىقلاردىن 20 000 ئەسكەر چاقىرتتى. يەنە ئاسىيۇ ئىلىدىن 7000 ئەسكەر بولۇپ كۇسەنگە شەرق، غەرب، شىمال تەرەپـ لەردىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئۇرۇش باشلىشىتىن ئاۋۋال ئەلچى ئەۋەتىپ كۇسەن خانىنىڭ ئىلگىرى خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. كۇسەن خانى جىنايىتىنى تونۇپ: «بۇ، مەرھۇم خان تەختتىكى ۋاقىتتا كۇـ سەن بەگلىرىدىن قويى(8) نىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن بولغان خاتالىق، مېنىڭ جىنايىتىم يوق» دەيدۇ. چاڭ خۇي: «ئەگەر راستىن شۇنداق بولغان بولسا، دەرھال قويىنى باغلاپ ئەۋەـ تىپ بېرىڭ، سىز خان ئالىيلىرىنى سۈرۈشتە قىلمايمەن» دەيدۇ. كۇسەن خانى قويىنى تۇتۇپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. چاڭ خۇي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئىلىگە قايتىدۇ.

كېيىن چاڭ خۇي سۇۋۇنىڭ ئورنىغا قارام ئەللەر بېگى بولدى. ئۇ خارجى ئىشلارغا پىششىق، خىزمەتتە تىرىشچان بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى. م. ب. 52 – يىلى (خەن شۈەندى گەنلۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھىماتچى سانغۇن جاۋ چۇڭگو ئۆلۈپ، چاڭ خۇي ئوڭ قانات سانغۇن بولۇپ تەيىنلەندى ۋە بۇرۇنقىدەكلا قارام ئەللەر ئىشلىرى خىزمىتىنى ئىشلەۋەردى. خەن شۈەندى ئۆلگەندىن كېيىن، چاڭ خۇي يەنە خەن يۈەندىگە ئۈچ يىل خىزمەت قىلىپ م. ب. 46 – يىلى (خەن يۈەندى چۇيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۆلدى. ئۇنىڭغا «بەھەيۋەت بەگ»(9) دەپ ئاتاق بېرىلدى. سۈيۈرغاللىق چەۋرىدىرىگىچە مىراس بولۇپ قالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭۋۇدى(10) جيەنۋۇ (م. 25 —55- يىللىرى) ئوتتۇرىلىرىدا سۈيۈرغاللىق ئاندىن ئۈزۈلدى.

(«خەننامە»، 9 – توم، 3003 — 3005 – بەتلەر).

# جېڭ جىنىڭ تەرجىمھالى

جېڭ جى گۇيجى ۋىلايىتىدىن بولۇپ، بەش يۈز بېشى (پانسات)(11) سۈپىتى بىلەن ئەسكەرلىككە كىرگەندىن كېيىن خەن ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆپ قېتىم غەربىي يۇرتقا بارغاچقا، غۇلام بولدى. جېڭ جى ئىرادىلىك ئادەم بولۇپ، خارجى ئىشلارغا پىششىق ئىدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى ئېچىپ، لى گۇاڭلى پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا چېرىكچى تەسىس قىلىپ، چېدىردا دېھقانچىلىق قىلغانىدى. م. ب. 68 – يىلى( خەن شۈەندى دىجېينىڭ ئىككىنچى يىلى) جېڭ جى يانداش بەگ سالاھىيىتى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى باشلاپ، چېدىردا دېھقانچىلىق قىلىپ كۆپ ئاشلىق جۇغلىدى. شۇڭا غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى يىغىپ ۋە يېتەكلەپ قوسنى تارمار قىلدى. ياساۋۇللار ئەمىرلەشكەرلىككە كۆتۈرۈلۈپ چارقىلىقنىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي يول (12) بويلىرىغا جايلاشقان ئەللەرنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

م. ب. 60 – يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى. باتىسقان شەنشەنچان (13) خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولماقچى بولۇپ، جېڭ جىغا ئادەم ئەۋەتتى. جېڭ جى چېدىر ۋە كۇسەن خانلىقلىرىدىن 50 000 ئەسكەر توپلاپ باتىسقاننى قارشى ئالدى. 12000 ئاھالە، 12 نەپەر كىچىك خان ۋە سەركەردىنى باشلاپ كەلگەن باتىسقان جېڭجى بىلەن بىرلىكتە خېچۈ(14) گە باردى. باتىسقانىنىڭ قول ئاستىدىكى ئاز

سانلىق قاچقۇنلارنى جېكجى ئەسكەر ئەۋەتىپ قىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن باتىسقان قاتارلىقلارنى پايتەخت چاڭئەنگە ئېلىپ باردى. خەن شۈەندى باتىسقانغا «ئەردەمبەگ» (15) دەپ ئاتاق بەردى. قوسنى ئېلىپ باتىسقاننى ئەل قىلغاچقا، جېكجىنىڭ نامى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە پۇر كەتتى. شۇڭا ئۇ قوسنىڭ غەربىدىكى شىمالىي يول بويلىرىغا جايلاشقان بەگلىكلەرنى ھەم قوشۇمچە جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولنى قوغداشقا تەيىنلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن قورۇقچىبەگ (16) دەپ ئاتالدى. «قورۇقچىبەگ» دېگەن بۇ ئەمەل جېكجىدىن باشلاندى.

خەن شۈەندى: «قورۇقچىبەگ، غەربىي يۇرت شىرمەت ـ چەۋەندازلار بېشى جېكجى يات قوۋملەرنى بەيئەت قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئابرويىنى كۆتۈردى. ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئېلى بىلەن تەسلىم بولغان بىر نەۋرە ئاكىسى باتىسقاننى قارشى ئالدى. قوس خانلىقىنىڭ دۇز (16) شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ خىزمەت كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جېكجىغا ‹يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ› ئۇنۋانى بېرىلىپ، 1000 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. جېكجى غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئۇلى (بۇگۇر) (18) شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، شۇ يەردە مەھكىمە (17) قۇردى ۋە شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى خانلىقلارنى تىزگىنلىدى. جازاسىنى بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە جازا يۈرۈشى، سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىكلەرگە ئوبدان مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمر پەرمانلىرى غەربىي يۇرتقا تارقالدى. بۇ ئىش جاڭ چيەندىن باشلانغان بولسىمۇ، جېكجى دەۋرىدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە سۆزلەندى.

جېكجى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «مۇخلىس تۆرە»

دەپ ئاتاق بېرىلدى. ئوغلى جىبك گۇاڭ ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى. جىبك گۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا ۋارىسلىق ئۈزۈلۈپ قالدى. مىلادى ئۈچىنچى يىللىرى (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) جىنايەت ئۆتكۈزمەي ئۇنۋانى ئۈزۈلۈپ قالغان تۆھپىدارلارنىڭ ئەۋلادلىرى خىزمەتكە ئېلىنغان چاغدا، جىبك جىنىڭ ئەۋرىسى جىبكيۈك ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇپ، يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ بولدى.
(«خەننامە»، 9 - توم، 3005 — 3006 - بەتلەر).

## گەن يەنشۇنىڭ تەرجىمىھالى

گەن يەنشۇ يەنە بىر ئىسمى گەن جۇنكۇاڭ، بېيدى ۋىلايىتى يۇجى ناھىيىسىدىن، مۆمىن پۇقرانىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشتا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئوردا مۇھاپىزەتچىسى (20) بولدى. ئۇ، تاش ئېتىپ كۈچ سىنىشىش(21) ماھارىتىدە ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇ يەنە مۇھاپىزەتچىلەر راۋىقىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتكەچكە، نۆكەرلىككە كۆتۈرۈلگەنىدى. قول زەربىسى سىنىقىغا قاتناشقاندىن كېيىن پاسىبانبەگ بولدى. ئۇ ئىقتىدارلىق ۋە باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، خەن يۈەندىنىڭ قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا لياۋدۇڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقتىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانىدى. ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى شۈجيانىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ كېكەشبېگى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىقىپ قورۇقچىبەگ، شىرمەت - چەۋەندازلار بېشىلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ياردەمچى چېرىكچى چېن تاڭ بىلەن بىرلىكتە چىچى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەچكە،

يىمچىلىك بېگى بولدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن «باتۇر تۆرە» دېگەن ئاتاق بېرىلدى. بۇ ئۇنۋان ئەۋرىسىگىچە داۋام قىلىپ، ۋاڭ ماڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۈزۈلدى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3007 - بەت).

## چېن تاڭنىڭ تەرجىمىھالى

چېن تاڭ، يەنە بىر ئىسمى چېن زىگۇڭ، شەنياڭ (22) ۋىلايىتىنىڭ شياچيۇ (23) ناھىيىسىدىن بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ ئوقۇشقا خۇشتار بىر ئادەم ئىدى. ئۇ، بىلىم ئەھلى بولۇپ، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى بار بولسىمۇ، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، دائىم كىشىلەردىن تىلەپ - سوراپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. غۇرۇرسىز بولغاچقا، يۇرتداشلىرى ئۇنى پەس كۆرەتتى. ئۇ ئاخىر چاڭئەنگە بېرىپ مەنسەپ تەلەپ قىلدى ۋە ياردەمچى داستىخانبەگ (24) بولۇپ ئىشلىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن فۇپىڭ بېگى جاڭبۇ، چېن تاڭ بىلەن دوست بولۇپ قالدى. جاڭبۇ، چېن تاڭنىڭ ئىقتىدارىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. م. ب. 47 - يىلى (خەن يۈەندى چۇيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن يۈەندى ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇش توغرىسىدا چوڭ تۆرىلەرگە يارلىق چۈشۈرگەندە، جاڭبۇ چېن تاڭنى تونۇشتۇردى. خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان چېن تاڭ ئاتىسى ئۆلگەندە ئۆلۈمىگىمۇ بارمىغاچقا، مۇپەتتىش چېرىكچى (25) خانغا: چېن تاڭ پەزىلەتسىز ئادەم، جاڭبۇنىڭ ئۇنى كۆرسىتىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ بۇنىڭ 200 تۈتۈنلۈك سۇيۇرغال يېرىنى قىسقارتىش لازىم، دەپ مەلۇمات سۇندى. دەل شۇ چاغدا جاڭ بۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا «بولمىغۇر تۆرە» دېگەن شەرەپسىز ئۇنۋان

بېرىلدى. چىن تاڭ بولسا زىندانغا تاشلاندى. كېيىن چىن تاڭ باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن نۆكەر بەگ بولدى. ئۇ كۆپ قېتىم چەت ئەلگە ئەلچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن غەربىي يۇرت ياردەمچى چېرىكچىسى(26) لىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، گەنيەنشۇ بىلەن بىللە غەربىي يۇرتتا ئىشلىدى.

ئىلگىرى خەن شۈەندى تەختتىكى ۋاقىتتا هۇنلارنىڭ ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، بەش تەڭرىقۇت ئارىسىدا هوقۇق تالىشىش كۆرىشى بولدى. خەن سۇلالىسى قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن چىچى تەڭرىقۇتنىڭ خەن ئوردىسىغا تۇرغاق-لىققا ئەۋەتكەن ئوغۇللىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. كېيىن شەخ-سەن خەن ئوردىسىغا بەيئەت قىلغىلى كەلگەن تەڭرىقۇت قوغشارخاننى زىيارەت قىلدى. چىچى تەڭرىقۇت قوغشارنى «ئۇرۇشتا مېنىڭدىن يېڭىلىپ ئاجىزلاپ كەتكەچكە، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ» دەپ قاردى ۋە غەربكە ئەسكەر ماڭدۇرۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى يەرلەرنى ئىشغال قىلماقچى بولدى. بۇ دەل خەن سۇلالىسى قوغشار تەڭرىقۇتنى قوشۇن بىلەن قوغداپ، ئېلىگە ئاپىرىپ قويۇۋاتقان چاغ بولغاچقا، چىچى تەڭرىقۇت غەربكە هۇجۇم قىلىپ، ئۇغۇز (27)، قىرغىز (28) ۋە تۇرالار-نى يېڭىپ، ئۈچ ئەلنى بىرلەشتۈردى ۋە ئۇ يەردە پايتەخت قۇردى. خەن سۇلالىسىنىڭ قوغشارنى هىمايە قىلىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلمىغانلىقىغا نارازى بولغان چىچى تەڭرىقۇت خەن ئەلچىسى جياڭنەيشى قاتارلىقلارنى نەزەربەند قىلىپ قويدى. م. ب. 45 — يىلى (خەن يۈەندى چۇيۈەننىڭ تۆتىنچى يىلى) سوۋغا — سالاملار بىلەن ئەلچى يوللاپ، تۇرغاقتىكى ئوغلىنى قايتۇرۇۋېتىشنى ئىلتىماس قىلدى ۋە شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن سۇلالىسى چىچى تەڭرىقۇتنىڭ تۇرغاقتىكى ئوغلىنى ئاپىرىپ

قويۇشقا ياساۋۇلـلار ئەمـرلەشكىرى گۇجىنى بـەلگىلەپ قارار
چىقاردى. باش تەپتىشبەگ گۇڭيۇ (29)، بىلگە كۇاڭ خېڭ(30)
لار «ئەمــنىــيە» دە بــەلــگىلەنــگەن قائىدىلەر بويىچە:«يات
قوۋملەرنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى تــولۇق
قاندۇرماسلىق كېرەك. هازىر چىچى تەڭرىقۇتنىڭ خـەن سۇلا-
لىسىگە ئەل بولۇش نىيىتى تېخى ساپ ئەمــەس. ئۇ ئىنتايىن
يىراقتا تۇرىدۇ. ئەلچىگە ئۇنىڭ ئوغلىنى چېگرا قورۇلغا ئاپىـ
رىپ قويۇپلا قايتىپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق بېرىش لازىم»
دېيىشىدۇ. گۇجى خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يات
قوۋملەر بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن. چىچىنىڭ
ئوغلى 10 يىلدىن ئارتـۇق تەربىيىلەندى. ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىـ
پات كۆرسىتىلدى. ئەگەر ئۇلار بىلەن مـۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي
ئۈزۈپ تۇرغاق ئوغلىنى يەتكۈزۈپ بەرمىسەك يـاكى چېگرا -
قورۇلغا ئاپىرىپ قويۇپلا قايتىپ كەلسەك، بۇ بىزنىڭ ئۇلارنى
تاشلىۋەتكەنلىكىمىزنى ۋە ياراتمىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ
هال ئۇلارنىڭ ئەل بـولـۇش مايىــللىقىنى يـوقىتىدۇ. ئۇلارغا
قىلىنغان بۇرۇنقى ئىلتىپاتتىن كېچىپ، كېيىنكى ئۆچمەنلىكـ
نى كەلتۈرۈپ چىقارساق، بۇ هەقــىقەتەن مۇۋاپىق بولــمايدۇ.
مۇهاكىمىگە قاتناشقۇچىلار ئىلگىرى جياڭ نەيــشىدە دۈشمەنگە
تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى، پەم - پاراسەت ۋە
باتۇرلۇق خىسلەتلەرنىڭ كەملىكىنى كۆرگەچكە، چىچى تەڭرىـ
قۇت تەرىپىدىن خورلاندى، دەپ مەندىن ئەنىسرەشتى. كەمـ
نىلىرى بۇگۈن شــەرەپلىك هالدا قۇدرەتــلىك خەن ئەلــچىسى
سۈپىتى بىلەن دانا خان ئاتىلىرىنىڭ يارلىقى بويىچە كاتتا
ئىلتىپاتلىرىنى هۇنلارغا يەتكۈزگىلى بارىمەن. هەيۋەتــلىرىدىن
ئەيمەنگەن چىچى تەڭرىقۇت يامانلىق قىلالمايدۇ دەپ ئويلايـ
مەن. ئەگەر ئۇ يىرتقۇچلۇق قىلىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلسا،
ئۇ چاغدا ئۇ مەڭگۈ چوڭ جىنايەت قىلغان بولىدۇ - دە، چو-

تۆم يىراقتا قېچىپ، چېگرىغا يېقىن كېلەلمەيدۇ. بىر ئەلچىنى
قۇربان قىلىش ئارقىلىق خەلقنى ئەمىنلىكتە ئېرىشتۈرۈش —
دۆلەتنىڭ چوڭ پىلانى، شۇنداقلا پېقىرنىڭ ئارزۇسى. شۇنىڭ ئۈچۈن
مەن تەڭرىقۇتنىڭ تۇرغاق ئوغلىنى ئۇنىڭ ئوردىسىغا يەتكۈ-
زۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. خان گۇجىنىڭ مەكتۇپ-
نى ۋەزىر - ۋۇزرالارغا كۆرسەتتى. كۆك يۇ يەنىلا مۇنازىرە
قوزغاپ: گۇجىنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا بېرىشى چوقۇم دۆلەت-
كە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭغا يول قويغىلى بولماس،
دەيدۇ. ئوڭ قانات سانغۇن فېڭ فېڭشى گۇجىنىڭ بېرىشىغا
قوشۇلىدۇ. خەن يۈەندى گۇجىنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆردى.

گۇجى ھۇن ئوردىسىغا بارغاندى. غەزەپلەنگەن چىچى
تەڭرىقۇت گۇجى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى. ئۇ ھۇنداق قىلىش-
نىڭ خەن سۇلالىسىگە نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلى-
قىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغىشارنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت
تاپقانلىقىنى ئاڭلىغاچقا، ئۇ غەربكە قاراپ كانگاغا قاچتى.
كانگا خانى قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. چىچىمۇ قىزىنى
كانگا خانىغا ياتلىق قىلدى. كانگا خانى چىچى تەڭرىقۇتقا
ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايى-
نىپ، غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارغا تەھدىت سېلىشنى ئويلايت-
تى. چىچى تەڭرىقۇت بولسا كانگا قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ
ئاسىيۇلارغا بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى ۋە ئىچكىرىلەپ
كىرىپ قىزىل قورغانغىچە باردى. خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قى-
لىپ مال - چارۋىلارنى ئېلىپ كەتتى. ئاسىيۇلار ئۇلارنى
قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. نەتىجىدە ئاسىيۇلارنىڭ غەرب
تەرەپتىكى مىڭ چاقىرىمچە يېرى ئادەمسىز بوش قالدى. چى-
چى تەڭرىقۇت ئۆزىنى چوڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى، شۆھرەتلىك،
ھەممىدىن يۇقىرى ھېسابلىدى ۋە ئاسىيۇلارئۈستىدىن قازانغان
غەلىبىسى بىلەن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، كانگا خانىغا ھۆرمەتسىز-

لىك قىلدى. كانگا خانىنىڭ قىزى، بەگلىرى ۋە بىر نەچچە
يۈز پۇقرالىرىنى ئۆلتۈردى. بەزىلىرىنىڭ پۇت - قولىنى كې-
سىپ تالاس (31) دەرياسىغا تاشلىدى. ئۇ يەنە خەلقنى قوز-
غاپ قورغان سالغۇزدى. ھەر كۈنى 500 ئادەم ئىشلىتىپ قور-
غاننى ئىككى يىلدا پۈتتۈردى. ئۇ يەنە ئائورىسى ۋە پەرغانە
خانلىقلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئولپان تاپشۇرۇش توغرىسىدا
يارلىق چۈشۈردى. بۇ خانلىقلار ئولپان بېرىشكە مەجبۇر قى-
لىندى. خەن سۇلالىسى ئىلگىرى - كېيىن كانگاغا ئۈچ تۆر-
كۈم ئەلچى ئەۋەتىپ گۇجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جەسىتىنى
تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، چىچى تەڭرىقۇت ئەلچىلەرنى خورلاپ،
يارلىقنى قوبۇل قىلمىدى. لېكىن قورقۇپ بەگ ئارقىلىق خانغا:
«مەن ھازىر ئىنتايىن مۇھتاجلىق شارائىتىدا ياشاۋاتىمەن.
قۇدرەتلىك خەن دۆلىتىگە ئەل بولۇشنى، ئوغلۇمنى تۇرغاق
قىلىپ ئەۋەتىشنى خالايمەن» دەپ مەكتۇپ يازدى. ئۇ مانا شۇ
دەرىجىدە كۆرەڭلەپ كەتكەنىدى.

م. ب. 36 - يىلى (خەن يۈەندى جيەنجاۋنىڭ ئۈچىنچى
يىلى) چېن تاڭ بىلەن گەن يەنشۇ غەربىي يۇرتقا كەلدى. چېن تاڭ
سالماق، باتۇر، ئىرادىلىك ۋە تەدبىرلىك كىشى ئىدى. ئۇ
ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىشنى خالايتتى. ھەر قېتىم شەھەر -
قەلئەلەردىن، تاغ - دەريالاردىن ئۆتكەندە ئېگىزگە چىقىپ
يەر تۈزۈلۈشىنى كۆزىتەتتى. ئۇ ھازىر يارلىق بويىچە غەربىي
يۇرتنى باشقۇرۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، گەن يەنشۇ بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىپ: «يات قەۋملەرنىڭ كۈچلۈك قەۋملەردىن قورقۇپ بوي-
سۇنۇشى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى. غەربىي يۇرت ئەسلىدە ھونلارغا
قارام بولۇپ كەلگەن. ھازىر چىچى تەڭرىقۇتنىڭ شۆھرىتى
ناھايىتى يىراق ئەللەرگىچە يېتىپ باردى. ئۇ ئاسىيۇ ۋە پەر-
غانىگە بېسىپ كىرىپ، كانگا خانىغا يول كۆرسىتىپ ئاسىيۇ
بىلەن پەرغانىنى بېقىندۇرماقچى. ئەگەر ئۇ بۇ ئىككى دۆلەتنى

يۈتۈپ كەتسە، يەنىمۇ شىمالغا ئىلگىرىلەپ ئىلىي (32) غەربتە ئارساكقا، جەنۇبتا توخرىلار بىلەن بەلۇجىستان (33) غا ھۇجۇم قىلسا، بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرى (34) خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىچى تەگرىقۇت قازام، ئۇرۇشقاق ئادەم بولۇپ كۆپ قېتىم ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇزۇن مۇددەت يول قويۇلسا، ئۇ چوقۇم غەربىي يۇرت ئۈچۈن ئاپەت بولىدۇ. چىچىنىڭ تۇرغان جايى يىراق بولسىمۇ، لېكىن يات قەۋملەردە سېپىل - قەلئە، يىراققا ئاتىدىغان كۈچلۈك ئوقيا قاتارلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ۋە قوراللار يوق. ئەگەر دېھقانچىلىق قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئاسىيۇ قاتارلىق ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرىنى يېتەكلەپ تاكى تەگرىقۇت شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغىچە ھۇجۇم قىلىپ بارساق، ئۇ چاغدا چىچى قاچسا قوغلالمايدىغان، مۇداپىئە كۆرسە جېنىنى ساقلاپ قالالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئاجايىپ خىزمەتنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئورۇندىشىمىز مۇمكىن» دەيدۇ. گەن يەنشۇمۇ بۇ پىكىرنى ئورۇنلۇق دەپ قارىدى ۋە ئوردىغا ھەرىكەت پىلانىنى تەستىقلاش توغرىسىدا مەلۇمات سۇنماقچى بولۇشتى. چېن تاڭ يەنە مۇبادا «خانغا مەلۇم قىلساق، خان چوقۇم ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن كېڭەشىدۇ. يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بەزى ۋەزىر - ۋۇزرالار بۇنىڭغا جەزمەن قوشۇلمايدۇ» دېۋىدى، بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغان گەن يەنشۇ چېن تاڭنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدى.

بۇ چاغدا گەن يەنشۇ ئاغرىپ خېلى ئۇزۇن يېتىپ قالدى. چېن تاڭ ئۆز ئالدىغا ئوردا نامىدىن ساختا يارلىق چىقىرىپ، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرى ۋە قوستىكى قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ تېرىقچى قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. بۇنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولغان گەن يەنشۇ ئۇنى توسماقچى

بولدى. غەزەپلەنگەن چىن تاڭ شەمشىرىنىڭ دەستىسىنى تۇتقان ھالدا ۋارقىراپ تۇرۇپ: «چوڭ قوشۇن يىغىلىپ بولدى، سەن كۆپچىلىكنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلماقچىمۇ؟» دەپ ئەيىبلىدى. چىن تاڭغا بويسۇنغان گەن يەنشۇ قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى. «ھەيۋە كۆرسىتىش»، «ئاق بارس»، «بىرلەشمە ئاتلىقلار» قوشۇنىدىن ئىبارەت ئۈچ مىڭلاق ئەسكەر تەشكىل قىلىپ، ھەيۋىلىرىنى نامايان قىلدى. خەن قوشۇنى ۋە يەرلىك قوشۇن بولۇپ جەمئىي 40 نەچچە مىڭ ئەسكەر بولدى. گەن يەنشۇ بىلەن چىن تاڭ بىرلىكتە يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئوردا نامىدىن ساختا يارلىق چىقارغان جىنايىتىنى ئۆزلىرى پاش قىلدى ۋە مۇشۇنداق قىلماي بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىشتى.

ئۇلار شۇ كۈنىلا قوشۇنلىرىنى باشلاپ يولغا چىقىشتى. پۈتكۈل قوشۇن ئالتە مىڭلاققا بۆلۈندى. ئۇنىڭ ئۈچ مىڭلاقى جەنۇبىي يول بىلەن پامىر (35) دىن ئېشىپ پەرغانە ئارقىلىق ماڭدى. قالغان ئۈچ مىڭلاق قورۇقچىبەگ گەن يەنشۇ قوماندىسىدا ئونسۇ (ئۇچتۇرپان) (36) دىن شىمالىي يول بىلەن قىزىل قورغانغا كىردى ۋە ئۇيسۇن ئارقىلىق كانگاغا كىرىپ، ئىسسىقكۆل (37) نىڭ غەربىدىكى رايونلارغا يېتىپ باردى. لېكىن شۇ چاغدىكى كانگانىڭ نائىب خانى باۋتان بىر نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن قىزىل قورغاننىڭ شەرقىگە بېسىپ كىردى، چوڭ كۈنبېيىنىڭ 1000 دىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، نۇرغۇن مال - چارۋىلىرىنى ئېلىپ كەتتى ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلدى ۋە تەمناتلىرىنى بۇلاپ كەتتى. چىن تاڭ يەرلىك خەلق قوشۇنلىرىنى زەربە بېرىشكە قوزغاپ، باۋتان قىسىملىرىنىڭ 460 ئادىمىنى ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن 470 نەپەر ئاسىيۇلۇقنى قۇتۇلدۇرۇپ چوڭ كۈنبېيىگە

قايتۇرۇپ بەردى. ئۇلجا ئېلىنغان يىلقا، كالا، قويلار بىلەن قوشۇننى تەمىنلىدى ۋە باۋتاننىڭ بەگلىرىدىن ئىنئۇتنى تۇتۇۋالدى.

قوشۇنلار كانگانىڭ شەرقىي چېگرىسىغا كىرگەندىن كېيىن گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلماسلىق توغرىسىدا قوشۇنلارغا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە كانگا بەگلىرىدىن تۇبىينى مەخپىي چاقىرتىپ كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا خەن سۇلالىسىنىڭ شان - شەۋكىتى توغرىسىدا ۋەز ئېيتتى. بىرلىكتە شاراب ئىچىپ ئەھدۇ - پەيمان تۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى ئۈزىتىپ قويدى. گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەڭرىقۇت شەھىرى (38) گە تەخمىنەن 60 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا توختاپ قارارگاھ قۇردى. يەنە كانگا بەگلىرىدىن بەسىزنىڭ ئوغلى قايمۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا يول باشلاتقۇزدى. بەسىز تۇبىينىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇلار چىچى تەڭرىقۇتقا ئۆچ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ ئۇلاردىن چىچىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى بىلىۋالدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار يەنە ئاتلىنىپ تەڭرىقۇت شەھىرىدىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە بارگاھلىرىنى تىكتى.

تەڭرىقۇت ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ «خەن قوشۇنلىرى نېمىشقا كەلدى» دەپ سورىدى. گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ: «تەڭرىقۇت خەن خانىغا يوللىغان مەكتۇپىدا ئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى، قۇدرەتلىك خەن خانىغا ئەل بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزى ئوردىغا بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. خان تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئەلنى تاشلاپ كانگادا بويىنىنى قىسىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ، قورۇقچىبەگنى ئەسكەر بىلەن بېرىپ تەڭرىقۇت ۋە ئائىلىسىنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن شەھەرگە يېقىن بارمىدۇق» دېدى.

ئەلچىلەر سۆز يەتكۈزۈپ، ئوتتۇرىدا بىرنەچچە قېتىم قاتنىدى، گەن يەنىشۇ بىلەن چىن تاڭ ئاخىرىدا چىچىنى ئەيىبلەپ: «بىز تەڭرىقۇتنى دەپ شۇنچە يىراقتىن كەلسەك، سىلەردىن شۇ چاغقىچە نامى بار بىرەر بەگ ـ خان كېلىپ، سالغۇن بىلەن كۆرۈشمىدى. قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ئىش كۆرمىدى. تەڭرىقۇت نېمە ئۈچۈن ئوردىنىڭ چوڭ پىلانىغا مۇنداق سەل قارايدۇ ۋە مېھمان بىلەن ساھىبخان ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىدۇ؟ قوشۇنىمىز ئۇزۇن يولدىن كەلدى. ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئادەملىرىمىزمۇ ھاردى. ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىمىزمۇ تۈگەي دەپ قالدى. ئېھتىمال قايتىپ كېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. تەڭرىقۇتنىڭ ۋەزىرلىرى بىلەن بۇنى مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. ئەتىسى خەن قوشۇنلىرى تەڭرىقۇت شەھىرى يېنىدىكى تالاس دەرياسىغا يېتىپ كەلدى ۋە تەڭرىقۇت شەھىرىگە ئۈچ چاقىرىمچە كېلىدىغان جايغا قارارگاھ قۇردى. خەن قوشۇنلىرى شەھەر سېپىلى ئۈستىگە قادالغان رەڭمۇ رەڭ تۇغلارنى ۋە ساۋۇت كىيىپ مۇداپىئە قىلىۋاتقان بىرنەچچە يۈز كىشىنى كۆردى. يەنە 100 دىن ئوشۇق چەۋەنداز سېپىل تۈۋىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈشەتتى. 100 دىن ئوشۇق ئەسكەر شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بېلىق قاسىرقىدەك سەپ تۈزۈپ جەڭ مەشقى قىلىۋاتاتتى. سېپىل ئۈستىدىكى ئادەملەر خەن قوشۇنلىرىغا ھە دەپ قوللىرىنى شىلتىپ «قېنى كېلىڭلار!» دەيتتى. ھېلىقى 100 نەچچە نەپەر چەۋەنداز خەن بارگاھى يېنىغا ئات سېلىپ كېلىشكەنىدى. بارگاھ مۇداپىئەسىدىكى ئەسكەرلەر بەتلەگلىك ئوقيالىرىنى ئۇلارغا قاراتتى. چەۋەندازلار شۇئان چېكىنىپ كەتتى. گەن يەنىشۇ بىلەن چىن تاڭ كىچىك بىر قىسىم سىپاھ بەگلەرنى ئەۋەتىپ سېپىل سىرتىدىكى ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدۇرغانىدى. ئۇلار دەرھال

سىپىل ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ پۈتكۈل قوشۇنغا يارلىق چۈشۈرۈپ، دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭلا سىپىلغا يېقىنلىشىڭلار، تۆت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىدۇ. ئۇلار لەخمە كولاپ سىپىل دەرۋازىسىنى ئېتىۋېتىدۇ. قالقانلىقلار ئالدىدا، نەيزە ۋە ئوقياچىلار ئارقىدا مېڭىپ سىپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنگە ئوق ئاتىدۇ. سىپىل ئۈستىدىكى دۈشمەن بەدەر قاچىدۇ. تويا سىپ-پىلنىڭ سىرتىدا يەنە ئىككى قات ياغاچ قورغان بار ئىدى. هۇنلار ياغات قورغاندىن تاشقىرىغا ئوقيا ئېتىپ سىرتتىكى خەن قوشۇنلىرىدىن بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە بەزىلىرىنى يا-رىدار قىلدى. خەن قوشۇنلىرى ئوت قويۇپ ياغاچ قورغاننى كۆيدۈرۈۋەتتى. كېچىسى ياغاچ قورغان ئىچىدىكى بىر نەچچە يۈز هۇن چەۋەندازلىرى قورغاندىن قېچىپ چىقىپ كەتمەك-چى بولغانىدى. سىرتتىكى خەن قوشۇنلىرى ئۇلارنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

دەسلەپ چېچى تەڭرىقۇت خەن قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەن-لىكىنى ئاڭلاپ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن كانگالىقلارنىڭ ئىچكى جە-هەتتىن خەن قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيۇ قاتارلىق ئەللەر قوشۇنلىرىنىڭ هەر-كەتكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قەيەرگە بېرىشىنى بىلمەي قال-دى. ئۇ سىپىلدىن چىققان بولسىمۇ، شۇلارنى ئويلاپ يەنە قايتىپ كىرىپ كەتتى ۋە: «ئەڭ ياخشىسى مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك. خەن قوشۇنلىرى يىراقتىن كەلدى. هۇجۇمنى ئۇزاق داۋام قىلدۇرالمايدۇ» دەپ ئويلىدى. ساۋۇت كىيگەن چېچى تەڭرىقۇت سىپىل راۋىقىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرقانچە ئونلى-غان ئالچىسى سىرتتىكى خەن قوشۇنلىرىغا قارىتىپ ئوق ئېتى-ۋاتاتتى. خەن قوشۇنىدىكى بىر ئەسكەرنىڭ ئاتقان ئوقى تەڭ-

ردىقۇتىنىڭ بۇرنىغا تەگدى. ئالچىلىرىنىڭ بىر مۇنچىسى
ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. راۋاقتىن چۈشكەن تەگرىدقۇت ئاتلىق هال-
دا ئېتىشىپ ماڭدى ۋە ئوردىغا كىرىپ كەتتى. يېرىم كېچە-
دىن كېيىن خەن قوشۇنلىرى ياغاچ قورغاننى كۆيدۈرۈپ تۆ-
شۈك ئاچتى. قورغان ئىچىدىكى هۇنلار سېپىل ئىچىگە چېكى-
نىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. شۇ چاغدا كانگانىڭ 10000 دىن
ئوشۇق چەۋەندازى 10 نەچچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ سېپىلنى
تۆت تەرەپتىن ئورىۋالدى ۋە سېپىل ئۈستىدە چۇقان كۆتۈرۈ-
شۈپ تۇرغان هۇنلارغا ماسلاشتى. كېچىسى ئۇلار خەن قارار-
گاهىغا بىرقانچە قېتىم هۇجۇم قىلغان بولسىمۇ،
ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چېكىندى. تاڭ يورۇش بىلەن تۆت
تەرەپتىن يانغىن كۆتۈرۈلدى. خەن ئەسكەرلىرى چۇقان كۆتۈ-
رۈپ، كانگا قوشۇنلىرىغا شىددەت بىلەن هۇجۇم قىلدى. داقا-
دۇمباق ساداسى يەر - جاهاننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. كانگا
قوشۇنلىرى ئالدىراپ - تېنەپ چېكىندى. قالقانلىق خەن
ئەسكەرلىرى توپا سېپىل ئىچىگە بېسىپ كىردى. چىچى تەگ-
رىدقۇت باشلىق يۈزنەچچە ئەر - ئايال ئوردىغا كىرىۋالدى.
خەن ئەسكەرلىرى ئوت قويدى ۋە ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى.
ئېغىر يارىلانغان تەگرىدقۇت ئۆلدى. ۋاقىتلىق چاۋۇشبېگى(39)
دۇشۇن تەگرىدقۇتنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى. خەن قوشۇنى
خەن ئەلچىلىرىنىڭ ئىككى ئەلچىلىك دەستىكى بىلەن گوجى
قاتارلىقلار ئېلىپ كەلگەن شايى مەكتۇپ (40) نى قولغا چۈ-
شۈردى. ئولجا ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسى كىم ئالغان
بولسا شۇنىڭغا بېرىلدى. ئالچى، خانتېكىن، مەشهۇر خانلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان 1518 كىشى ئۆلتۈرۈلدى، 145 كىشى
تىرىك قولغا چۈشۈپ، 1000 دىن ئوشۇق ئادەم تەسلىم بول-
دى. بۇلار 15 شەهەر دۆلىتى خانلىرىغا بۆلۈپ بېرىلدى.

گەن يەنشۇ چېن تاڭلار: «ئاڭلىشىمىزچە، جاهاندا

ئوغرا يول بىرلىك ئىكەن، بۇرۇن روناق تاپقان تائىڭ(41)، يۇ
(42) لەر بولغان بولسا، ھالا بۈگۈنكى كۈندە قۇدرەتلىك خەن
سۇلالىسى بار. ھۇنلاردىن قوغشار تەگرىقۇت شىمالدىكى بې
قىندىمىز بولدى، پەقەت چىچى تەگرىقۇتلا ئاسىيلىق قىلىپ
ھازىرغىچە جىنايىتىنى تونۇمىدى. باكتىرىيىنىڭ غەربىدىكى
دۆلەتلەر قۇدرەتلىك خەن سۇلالىسىمۇ چىچىنى بويسۇندۇرال
مايدۇ دەپ قارىدى. چىچى تەگرىقۇتنىڭ خەلققە رىيانكەشلىك
قىلىش جىنايىتى چېكىدىن ئاشقانىدى. خادىملىرى گەن يەنشۇ،
چېن تاڭلار ئادالەت قوشۇنىنى باشلاپ خانىمىزنىڭ ئىرادىسى
بويىچە جازا يۈرۈشى قىلدۇق. خان ئالىيلىرىنىڭ مەنىۋى
قۇدرىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشىمىز ئوڭغا تارتتى. ھاۋا ئو-
چۇق بولۇپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىپاھ-بەگلەر قورغانغا
كىرىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. چىچى تەگرىقۇت
ۋە ئاتاقلىق خانلارنىڭ كاللىسى ئېلىندى. ئۇلارنىڭ كاللىسى-
نى گاۋجېي (43) كوچىسىدىكى يات قوۋملەر سارىيىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىغا ئېسىپ، يىراق جايلاردىن كەلگەنلەرگە كۆرسىتىش،
شۇ ئارقىلىق قۇدرەتلىك خەن سۇلالىسىنىڭ چېشىغا تەگكۈچى-
لەر ھەرقانچە يىراقتا بولسىمۇ، چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقىنى
نامايان قىلىش كېرەك» دەپ ئوردىغا مەكتۇپ يوللىدى. خەن
يۈەندى بۇ ئىشنى ئەمەلدارلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويدى.
باش ۋەزىر كۇاڭ خېڭ، باش تەپتىش بەگ فەنيەنشۇ: «چىچى
تەگرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ئاتاقلىق خانلىرىنىڭ كاللىسى غەربىي
يۇرتتا سازايى قىلىندى. يات قوۋملەردىن بۇنى بىلمەيدىغان
كىشى قالمىدى. ‹تەقۋىمنامە› (44) دە: ‹باھار قۇرۇغان سۆڭەك
ۋە چىرىگەن گۆشلەرنى كۆمۈۋېتىدىغان پەسىل دېگەن گەپ
بار›، بۇنى ئاسمايلىق كېرەك» دېيىشتى. ھارۋا ـ ئاتلىقلار سان-
غۇنى شۇجيا، ئوڭ قانات سانغۇن ۋاڭ شاڭ (45) لار: «ئەمىنىيە
دەۋرىدىكى جياگۇ (46) سۆھبىتىدە يۈشى (47) بەگنى مەس

خىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭزى (48) ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنىدى، بۇ تازا ئىسسىق ياز پەسلى بولسىمۇ، جەسەتنىڭ بېشى ۋە پۇتى ئىككى دەرۋازىنىڭ تېشىغا چىقىرىپ قويۇلغانىكەن. بۇلارنىڭ كاللىسىنىمۇ 10 كۈن سازايى قىلىپ ئاندىن كۆمۈش كېرەك» دېيىشتى. خان سانغۇنلارنىڭ پىكىرىنى توغرا تاپتى.

ئوردا ھۆدەيچىسى (49) شى شيەن (50) ئىگىمچىسىنى گەن يەنشۇغا ياتلىق قىلاي دېگەنىدى، ئەمما گەن يەنشۇ قوبۇل قىلمىدى. باش ۋەزىر، باش تەپتىشبەگلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئوردا نامىدىن ساختا يارلىق چىقارغانلىقىغا نارازى ئىدى. شۇڭا چىن تاڭنى ياقتۇرمايتتى. چىن تاڭ ئەزەلدىن ئاچكۆز بولۇپ، قورۇلغا كىرگەندىن كېيىن ئولجا ئالغان غەنىيمەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى تەنھا ئىگىلىۋالاتتى. مۇپەتتىش چېرىكچى يول ئۈستىدىكى ناھىيىلەر ئەمەلدارلىرىغا چىن تاڭنىڭ قول ئاستىدىكى سىپاھ - بەگلەرنى قاماققا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى ئېنىقلاش توغرىسىدا ئالاقە ئەۋەتتى. چىن تاڭ خانغا: «كەمىنىلىرى سىپاھ - بەگلەر بىلەن بىرلىكتە چىچى تەڭرىقۇتقا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئاخىر ئۇنى يوقاتتىم. 10 000 چاقىرىملارچە يول يۈرۈپ زەپەر بىلەن يىراقتىن كەلگەن قوشۇننى قائىدە بويىچە ئەلچى ئەۋەتىپ قارشى ئېلىش ۋە ئۇلاردىن ھال سوراش لازىم ئىدى. لېكىن ھازىر مۇپەتتىش چېرىكچىسى ئەكسىچە پېقىرنىڭ سىپاھ - بەگلىرىنى قاماققا ئېلىپ سوراق قىلىۋاتىدۇ. بۇ چىچى تەڭرىقۇت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش بولماسمۇ؟!» دەپ مەكتۇپ يوللايدۇ. خان دەرھال قاماققا ئېلىنغان سىپاھ - بەگلەرنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ ھەمدە يول ئۈستىدىكى قوشۇن ئۆتىدىغان ناھىيە ھاكىملىرىنى زىياپەت بېرىپ قوشۇندىن ھال سوراشقا بۇيرۇيدۇ. قوشۇن پايتەختكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۆھپە باھالاش بولىدۇ. شى شيەن،

كۇاڭ خېڭلار: «گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ ئۆز ئالدىغا ئوردا نامىدىن ساختىنا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەسكەر چىقاردى. بەختكە يارىشا ئۆلتۈرۈلمەي ئامان قالدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۇنۋان مەرتىۋىلىرى ئۆستۈرۈلۈپ سۈيۈرغال بېرىلمىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلىككە بارغانلار بەس - بەستە تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشكە تەۋەككۈل قىلىپ، يات قوۋملەر ئىچىدە ۋەقە تۇغدۇرۇپ، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈ- رىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولماس...» دې- يىشتى. خەن يۈەندى كۆڭلىدە گەن يەنشۇ، چېن تاڭلارنىڭ تۆھپىسىدىن رازى بولسىمۇ، لېكىن شى شيەن ۋە كۇاڭ خېڭ- لارنىڭ پىكرىنى رەت قىلالماي ئۇزۇن مۇھاكىمە قىلسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدى.

ئىلگىرى ئوردا ئىشلىرى بېگى بولغان لىيۇ شياڭ (51) مەكتۇپ سۇنۇپ: «يۈزلەرچە ئەلچى، سىپاھ - بەگلىرىمىز چېچى تەگرىقۇت تەرىپىدىن سولاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقەلەر چەت ئەللەرگىمۇ ئاڭلىنىپ، سۈلالىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈردى. ۋەزىر - ۋۇزرالار بۇ ئىشتىن ئەنسىرىگەنىدى. ئالىيلىرى بىر- دىن غەزەپلىنىپ چېچىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدىلا ۋە بۇنى زادى يادىلىرىدىن چىقارمىدىلا، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى گەن- يەنشۇ، ياردەمچى چېرىكچى چېن تاڭ خاننىڭ ئىرادىسى ھەم مەرھۇم خانلار روھلىرىنىڭ مەدىتى بىلەن يات قوۋملەر بەگ - خانلىرىنى توپلىدى، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرىغا قو- ماندانلىق قىلدى، ئۆلۈپ - تىرىلىشكە قارىماي يىراق جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، كانگاغىچە باردى ۋە بەش قات شە- ھەرنى ئىشغال قىلىپ يابغۇلۇق تۇغلىرىنى يۇلۇپ تاشلىدى. چېچى تەگرىقۇتنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، تۇغ - ئەلەملىرىمىزنى 10 000 چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى يەرلەرگە قادىدى. شانۇ شەۋكىتىمىزنى قارا قۇرۇم تېغىنىڭ غەربىگىچە تارقاتتى، گۇ-

جىنىڭ نومۇسىنى ئاقلاپ، شانلىق تۆھپە ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە يات قوۋملەر ئالاقزادىلىكتە چۈشتى. قوغشار تەڭرىقۇت چىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ھەم خۇشال بولدى، ھەم چۆچۈدى. خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرھال باش ئېگىپ كېلىپ ئوردىنى زىيارەت قىلدى. ھەمدە شىمالىي چېگرا - قورۇللارنى ساقلايدىغانلىقىنى، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭنىڭ بۇ نادىر تۆھپىسى ئېلىمىزگە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تىنچلىق بەخش ئېتىدۇ. خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىر - ۋۇزرالار ئىچىدە ئۇلارغا يېتىدىغىنى يوق. بۇرۇن جۇ سۇلالىسىنىڭ بەگلىرىدىن فاڭشۇ، جى فۇ (52) لار شۇەنۋاڭ نامىدىن شيەنيۈنلەر (53) گە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، جەنۇبتىكى يات قوۋملەرمۇ بويسۇنغانىدى. ئۇلارنى مەدھىيىلەپ:

«نۇرغۇنلىغان جەڭ ھارۋىسى يۈرۈشكە چىقتى،
گۈلدۈرلىگەن سادالىرىدىن ھەريان ياڭراتتى.
دانا فاڭشۇ جازا بەرگەچ شيەنيۈنلەرگە،
جەنۇبتىكى يات قوۋملەرمۇ بىزگە ئەل بولدى.»

دېگەن شېئىر يېزىلدى. «پالنامە» دە: «خان - بەگلەر يۈرۈشكە چىققاندا، دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئالغان ۋە دۈشمەننى كۆپ ئەسىرگە چۈشۈرگەن تۆھپىكار ئەمەلدارلارنى مۇكاپاتلىشى كېرەك» دېيىلگەن. «نەزمىنامە» ۋە «پالنامە» دىكى بۇ سۆزلەر باش جىنايەتچى ئۆلتۈرۈلسە، بۇرۇن بويسۇنمىغانلار ئۆزلىرى كېلىپ بېقىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭنىڭ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ۋە چۆچۈتۈش جەھەتتىكى تۆھپىلىرىگە قارىغاندا، «پالنامە» دىكى «كاللىسىنى ئېلىش»، «نەزمىنامە» دىكى «گۈلدۈرلىگەن سادا-

لار، ھېچ نەرسە ئەمەس. تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى باھالىغاندا،
ئۇلارنىڭ كىچىك سەۋەنلىكلىرى بىلەن، چوڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بار
ئادەملەرنى كۆرسەتكەندە ئۇلارنىڭ ئۇششاق كەمچىلىكلىرى
بىلەن ھېسابلاشماسلىق كېرەك. «سىماگۇاڭجۇينىڭ ھەربىي
ئىشلار تەدبىرى» دە: «قوشۇنلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات بىر
ئاي ئىچىدە بېرىلىپ بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن. بۇ خەلق
ياخشى ئىش قىلغانلىقىنىڭ پايدىسىنى دەرھال كۆرۈشى لازىم
دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك ھەربىي تۆھپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن
كىشىلەرنى ئەنە شۇنداق قەدىرلەپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلى-
دۇ. شيەنيۈنلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ
كەلگەن جى فۇنى جۇ شۈەنۋاڭ كاتتا مۇكاپاتلىغانىدى. مۇشۇ
ۋەقە خاتىرىلەنگەن شېئىردا:

«شۈەنۋاڭ ئۇنى يىراق خاۋ (54) دىن كەلدى دەپ،
بۇ قېتىمقى جەڭنى ئۇزۇن قىلدى دەپ.
ئىنئام بېرىپ كۆپ قىممەتلىك مۇكاپات،
چاي بەردى خان جى فۇنى خۇش بولسۇن دەپ.»

دېيىلگەن. 1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى خاۋ شەھىرىنى شۈەن-
ۋاڭ شۇنچە يىراق كۆرگەن. ھالبۇكى، 10 000 چاقىرىم يى-
راقلىقتا بارغان سىپاھ ـ بەگلەرنىڭ تىرىشچانلىقى چېكىگە
يەتكەن تۇرۇقلۇق، بۈگۈنكى كۈندە گەن يەنشۇ بىلەن چېن-
تاڭ ھېچقانداق مۇكاپاتقا ئېرىشمىدى. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ
جانپىدالىق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن تۆھپىلىرى كەمسىتىلىپ،
ئەدلىيە مەھكىمىسى ئالدىدا خورلىنىۋاتىدۇ. بۇ تۆھپىكار
ئەمەلدارلار ۋە جەڭچىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش چارىسى ئەمەس.
قەدىمكى دەۋردە ئۆتكەن چى خۇەنگۇڭ پەيغۇر جۇنى ھۆرمەت
قىلىپ تۆھپە ياراتقان بولسىمۇ، كېيىن شياڭ بەگلىكى (55)

لى مۇنقەرز قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن. شۇ زاماندىكى مۇ-
ھاكىمچىلەر ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ، شياڭ بەگلىكىنى
مۇنقەرز قىلىشتەك خاتالىقىنى يوشۇرۇشتى. سۇترىشنا سانغۇنى
لى گۇاڭلى 50 000 قوشۇننى قۇربان قىلىپ، 100 مىليونلاپ
پۇل - بايلىق سەرپ قىلىپ، تۆت يىل جاپا چېكىپ ئاخى-
رىدا ئاران 30 ياخشى ئات ئېلىپ كەلدى. ئۇ گەرچە پەر-
غانە خانى ئۆگەنىڭ بېشىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، بۇ ئۇ
تارتقان زىيانغا دال بولالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇترىشنا
سانغۇن لى گۇاڭلى ئۆزىمۇ جىق جىنايەت ئۆتكۈزدى. خەن ۋۇدى
ئۇنى 10000 چاقىرىم يىراقلىقتا يۈرۈش قىلىپ تۆھپە ياراتـ
تى دەپ، خاتالىقىنى ھېسابقا ئالماي، بەلكى بىللە يۈرۈش
قىلغانلاردىن ئىككى ئادەمنى بەگلىككە، ئۈچ ئادەمنى ۋەزىر-
لىككە، 100 دىن ئوشۇق ئادەمنى 2000 تاغار ئاشلىق مائاش
ئالىدىغان ئەمەلدارلىققا تەيىنلىدى. ھازىرقى كانگا خانلىقى
پەرغانىدىن كۈچلۈك. چىچىنىڭ نام شۆھرىتى پەرغانە خانى
ئۆگەنىڭكىدىن يۇقىرى. چىچىنىڭ ئەلچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش
جىنايىتى پەرغانە خانىنىڭ ئات بەرمىگەنلىكىدىن
ئېغىر. ھالبۇكى گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ خەن
سىپاھ - بەگلىرىنى ئاۋارە قىلماستىن، ئۆزىمىزدىن بىر كۆرە
ئاشلىق سەرپ قىلماستىن، سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلىدىن
100 ھەسسە ئوشۇق تۆھپە ياراتتى. چاڭ خۇي بولسا ئاسىيۇ
قوشۇنى بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى، جېڭ جى بولسا
ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولغان ھۇن خانى باتىسقاننى قارشى
ئالغانلىقى ئۈچۈنلا سۇيۇرغال ۋە ئۇنۋانغا ئېرىشتى. گەن يەنشۇ،
چېن تاڭلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە تىرىشچانلىقى فاڭ شۇ،
جى فۇلاردىن چوڭ؛ سەۋەنلىكى بولسا چى خۇەنگۇڭ ۋە سۇترىش-
نا سانغۇنى لى گۇاڭلىلاردىن يېنىك. بۇ قېتىمقى تۆھپىنى
ئېلىپ ئېيتساق، يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ بىلەن چاڭلو

بېگىدىن كۆپ ئۈستۈن. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بۇ چوڭ تۆھپى-
سى تەقدىرلەنمەي، ئەكسىچە ئۇششاق يېتىشسىزلىكلىرى
قايتا - قايتا جاكارلىنىۋەردى. پېقىر بۇنىڭغا ئىنتايىن ئېچى-
نىمەن. مېنىڭچە بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇششاق يېتىشسىزلىكلىرىنى
كەچۈرۈم قىلىپ سۈرۈشتە قىلماسلىق، يۇقىرى ئەمەل - ئۇنۋان
بېرىش يولى بىلەن تۆھپىكارلارنى مۇكاپاتلاش كېرەك» دېدى.
شۇنىڭ بىلەن خەن يۈەندى يارلىق چۈشۈرۈپ: «چىچى
تەڭرىقۇت ئەدەب - قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، خەن ئەلچى-
لىرى ۋە سىپاھ - بەگلىرىنى تۇتۇپ قالدى ۋە ئۆلتۈردى.
بۇ ھەقىقەتەن يولسىزلىق. بىز بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغى-
نىمىز يوق، بىز كۆپ قوشۇن ماڭدۇرۇپ سەركەردىلەرنى رىيازەت
چەكتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن سەۋر قى-
لىشقا، يەنە سەۋر قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ھالا بۈگۈنكى
كۈندە گەن يەنشۇ، چېن تاڭلار دۆلەت مەنپەئىتىنى كۆزدە
تۇتقان ھالدا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەر دۆلەتلىرى بى-
لەن بىرلىشىپ، ئوردا نامىدىن ئۆز ئالدىغا ساختا يارلىق
چىقىرىپ، جازا يۈرۈشى قىلدى. ئاسمان ۋە يەر مۇئەككەللىرى
ھەمدە ئەجدادلارنىڭ روھ - ئەرۋاھلىرى مەدەت بەرگەنلىكتىن،
چىچى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى ھەم
ئالچى، بەگ، مەشھۇر خانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1000
دىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ
قائىدىدىن چىقىپ ئىنتىزامسىزلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
دۆلەت ئىچىدىكى بىرمۇ ئادەمنى ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتى
بىلەن رىيازەت چەكتۈرمىدى. خەزىنىدىن بىر تىيىن چىقىم
قىلدۇرمىدى. دۈشمەن ئاشلىقى بىلەن ئەسكەرلەرنى تەمىنلەپ،
10 000 چاقىرىملىق يىراقلىقتا چوڭ تۆھپە ياراتتى. ھەي-
ۋىتى پۈتكۈل يات قوۋملەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، شان -

شۆھرىتى پۈتكۈل دۇنياغا تارقالدى. ئەلنىڭ دۈشمىنىنى
يوقىتىپ، ئۈرۈشنىڭ يىلتىزىنى تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن چېگرا
قورۇللارنىڭ تىنچلىقى كاپالەتكە ئىگە بولدى. لېكىن
بۇ سەركەردىلەر يەنىلا ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ.
ئۇلار ئەمىر - پەرمانغا رىئايە قىلمىغان دېگەن جىنايەت
بىلەن ئەيىبلىنىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا ئىچىنىمىز. شۇ ۋەجىدىن
ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلىمىز، جازالىمايمىز. شۇن-
داقلا ۋەزىر - ۋۇزرالارنى بۇلارغا قانداق ئىنئام بېرىش
توغرىسىدا مۇھاكىمە - مەسلىھەت ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيمىز»
دېدى. مۇھاكىمىگە قاتناشقان ۋەزىرلەر ھەربىي قانۇنىنىڭ
ھۇن تەگرىقۇتىنى تۇتقان ۋە ئۆلتۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش
توغرىسىدىكى ماددىسى بويىچە ئىنئام بېرىش كېرەك، دەپ
قاراشتى. لېكىن كۇاڭ خېڭ بىلەن شى شيەن بولسا چىچى
ئەسلىدە ئېلىنى تاشلاپ كەتكەن قاچقۇن، ئۇ يىراقتا قېچىپ
بېرىپ تەگرىقۇتلۇق نامىنى سۇيىئىستېمال قىلغان، ئەمەلى-
يەتتە ئۇ ھەقىقىي تەگرىقۇت ئەمەس دېيىشتى. خەن يۈەندى
يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ جېڭ جىنى نەمۇنە قىلىپ، ئىك-
كىنچىسىنى مىڭ تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال ئالىدىغان بەگلەر-
دىن قىلىپ بېكىتمەكچى بولدى. كۇاڭ خېڭ بىلەن شى شيەن
بۇنىڭغىمۇ قارشى چىققاچقا، خەن يۈەندى گەن يەنشۇنى يى-
چېڭ بېگلىككە، چېن تاڭنى ئۆلكە بېگلىككە تەيىنلىدى ۋە
300 تۈتۈنلۈكتىن يەر سۇيۇرغال بېرىپ، يەنە 100 جىڭ
ئالتۇن بىلەن ئىنئاملىدى. خەن يۈەندى ئىلاھ ۋە ئەجدادلىرىغا
نەزىر - چىراق قىلىپ، جىنايەتكارلارغا ئومۇمىي كەچۈرۈم
قىلدى. گەن يەنشۇنى چاڭشۇي چېرىكچىسى، چېن تاڭنى ماھىر
ئوقياچىلار چېرىكچىسى (56) قىلىپ تەيىنلىدى. گەن يەنشۇ
كېيىن قوۋۇقبېشى (57)، مۇھاپىزەتچى كاھىبەگلىككە كۆتۈ-
رۈلدى ۋە شۇ ئەمەلدە ئۆلدى.

ھەن چىگدى ئەمدىلا تەختكە چىققاندا، باش ۋەزىر
كۇاڭ خېڭ: «چېن تاڭ 2000 تاغار ئاشلىق مائاش ئالىدىغان
مەنسىپى بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغىنىدا ئوردى-
دىن يولیورۇق سورىمايلا ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى. ئۆزىنىڭ
ئىستىلىنى تۈزىتىپ قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلگە بولماي، بەل-
كى كاڭگادىن مۇسادىرە قىلىنغان مال بايلىقلارنى ئۆزىنىڭ
قىلىۋالدى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە: ‹يىراق ئەللەردىكى ئىش-
نى ئوردا سۈرۈشتە قىلىپ يۈرمەيدۇ› دەپ ئۇقتۇردى. بۇ
ئىشلار ئومۇمىي كەچۈرۈمدىن بۇرۇن سادىر بولغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن قارىغاندا، ئۇنى خىز-
مەتكە قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ قايتا مەكتۇپ سۇنغاچ-
قا، چېن تاڭ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى. كېيىن چېن تاڭ،
كاڭگا خانى ئەۋەتكەن تۇرغاق بالا خانىتېكىن ئەمەس دەپ
مەلۇم قىلدى. ئوردا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈۋىدى، خانتېكىن
بولۇپ چىقتى. بۇ تۈپەيلى چېن تاڭ زىندانغا تاشلىنىپ ئۆ-
لۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ چېن تاڭ-
نى ئاقلىغان كېڭەشبەگ گۇيۇڭ (58) «كەمىنىلىرى ئاڭلىشىمچە،
بۇرۇن چۇ بەگلىكىدە زىيۇدىچېن (59) سەركەردە بولغاندا،
جىن ۋېنگۇڭ (60) خاتىرجەم ئولتۇرالماي قالغانىكەن. جاۋ
بەگلىكىدە ليەن پو، جاۋشې (61) قاتارلىق مەشھۇر سەركەر-
دىلەر بولغاچقا، قۇدرەتلىك چىن بەگلىكى ئەسكەر چىقىرىپ
جاۋ بەگلىكىنىڭ جىڭشىڭ (62) دېگەن يېرىنى چارلاشقىمۇ
پېتىنالمىغانىكەن. يېقىندىن بېرى خەن سۇلالىسىدە جى دۇ(63)
ۋېي شاڭ قاتارلىقلار چېگرا ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىيسى
بولغاچقا، ھۇنلار قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قى-
لالمىغان. دېمەك، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغان
سەركەردىلەر دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنى قەدىر-
لىمەي بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى ماقامدىكى ئادەملەر

قوشۇنىنىڭ داقا ـ دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان سەركەر-
دىلىكنى ئۈستىگە ئالغان پالۋانلارنى ئەسلەيدۇ. ئۆلكە بېگى
چېن تاڭ غەربىي يۇرتقا ياردەمچى چېرىكچى بولۇپ بارغىنىدا،
چەتچى تەڭرىقۇتنىڭ زوراۋانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەندى ۋە
ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە جازا يۈرۈشى قىلىنمىغانلىقىدىن ئەنسى-
رەپ، ئۇنى جازالاش چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇردى ھەمدە
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك ئۇلۇغۋار، جەسۇرانە ئىرا-
دىسى بىلەن ئەسكىرىي يۈرۈش قىلدى. ئاسىيۇ دۆلىتىدىن
ئۆتۈپ، يىراق تالاس دەرياسى بويىدا قوشۇنلارنى توپلىدى.
ئۈچ قات قورغاننى بىتچىت قىلىپ، چېچېننىڭ كاللىسىنى
ئالدى. 10 يىلدىن ئارتۇق قالايمىقانچىلىق سالغان قاچقۇن-
نىڭ ئەددىبىنى بېرىپ، چېگرا ۋىلايەتلەردىكى سىپاھ ـ بەگ-
لەرنىڭ نومۇسىنى ئاقلىدى. ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى پۈتكۈل
يات قوۋملەرنى لەرزىگە كەلتۈردى. ھەربىي كۈچى بولسا
غەربىي كۆلگىچە باردى. بۈيۈك خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن
بۇيان يىراق ئەللەرگە يۈرۈش قىلغان سەركەردىلەردىن چېن
تاڭدەك تۆھپە ياراتقانلىرى يوق. چېن تاڭ خاتا سۆز قىلىپ
قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇندىن بېرى زىنداندا يېتىۋاتىدۇ. تې-
خىچە ھۆكۈم قىلىنمىدى. ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا ئۆ-
لۈم جازاسى بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇرۇن چىن بەگلىكىگە
سەركەردە بولغان بەيچى جەنۇبتا چۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم
قىلىپ، پايتەختى يىڭدۇ (64) نى ئىشغال قىلغانىدى. شى-
مالدا جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، جاۋكو (65) نى 400000
قوشۇنى بىلەن تىرىك كۆمگەنىدى. كېيىن ئازراق خاتالىق
ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، دۇيۇ (66) دېگەن يەردە چىن
جاۋ ۋاڭ (67) ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا بۇيرۇدى. چىن
بەگلىكىدە ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلدى.
ھالبۇكى، چېن تاڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ئەس-

كىرىپ يۈرۈش قىلىپ 1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چىـ
چىنى مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى بىلەن ئۆلتۈردى. ئوردىغا قايـ
تىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن يۈەندى ئەجدادلار ئىبادەتخاـ
نىسىدا تۆھپىلەرنى مەلۇم قىلىپ، ئىلاھقا ئاتاپ
نەزىر - چىراق بەردى. شۇ چاغدا پۈتكۈل ئەلدىكى سىپاھ -
بەگلەر چېن تاڭنى مەدھىيىلىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ
مەسىلىنى توغرا ئىنكاس قىلمىغان دېگەن جىنايەت بىلەن
ئەيىبلىنىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېچقانچە چوڭ گۇناھى
يوق. «جۇنامە» دە: «ۋەلىيلەر كىشىلەرنىڭ
تۆھپىسىنى ئېسىدە تۇتۇپ، سەۋەنلىكىنى ئېسىدىن
كۆتۈرۈۋېتىشى كېرەك» دېيىلگەن. ئىت - ئېشەكمۇ كىشىلەر
ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ قېرىپ ئۆلسە ئىگىسى ئۇنى كۆمۈپ، ئۇنىڭ
قىلغان خىزمىتىنى ياندۇرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، دۆلەتـ
نىڭ تۆھپىكار ئەمەلدارلىرىغا نىسبەتەن قانداق مۇئامىلىدە
بولۇش كېرەك؟ پېقىر ئالىيلىرىنى قوشۇننىڭ چوڭ - كىچىك
ناغرىلىرىنىڭ ساداسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، «جۇنامە» دىكى
سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، ئىت - ئېشەكنى كۆمۈپ
قويۇشنى ئۇنتۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. چېن تاڭغا
ئاددىي، ناچار ئەمەلدارلار قاتاردا مۇئامىلە قىلىپ، ھەتتا
قانۇن ئەمەلدارلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ، خۇددى چىن بەگلىكى
پۇقرالىرى بەي چى ئۈچۈن نادامەت چەككەندەك پۇقرالىرىمىزنى
نادامەتتە قالدۇرساق، بۇ دۆلەت ئۈچۈن جان پىدا قىلغان
ئەمەلدارلارنى مۇكاپاتلاشنىڭ ئوبدان چارىسى بولماسمىكىن»
دەيدۇ. مەكتۇپنى كۆرگەن خەن چېڭدى چېن تاڭنى دەرھال
قويۇپ بەردى. لېكىن ئۆلكە بېگلىكىدىن ئېلىپ تاشلاپ،
ئۇنى ئاددىي ئەسكەرلىككە چۈشۈرۈپ قويدى. ئارىدىن بىرنەچچە
يىل ئۆتكەندىن كېيىن، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى دۈەن
خۇيزۇڭ ئاسىيۇ قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ

جام ـ رابات چاپارمەنلىرى ئارقىلىق خانغا مەكتۇپ يوللاپ غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرى ۋە دۇنخۇاڭ قوشۇنلىرىنى ياردەمگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. باش ۋەزىر ۋاڭ شاڭ، ئۇلۇغ سانغۇن ۋاڭ فېڭلار مۇلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن يىغىن ئېچىپ بىرنەچچە كۈن مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلىشەلمىدى. ۋاڭ فېڭ: «چېن تاڭ تەدبىرلىك ھەمدە چەت ئەل ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار كىشى. ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ باقساق» دەپ تەكلىپ بېرىۋىدى، خەن چېڭدى چېن تاڭنى چاقىرتىپ، شۇەنشى قەسىرى(68) دە كۆرۈشتى. چەچىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا سوغۇق تېگىپ ئىككى قولى پالەچ بولۇپ قالغان چېن تاڭغا خەن چېڭدى بىلەن كۆرۈشكەندە ئېھتىرام بىلدۈرمەسلىككە ئىجازەت قىلىندى ھەمدە دۇەن خۇيزۇڭنىڭ ياردەم تىلەپ يازغان مەكتۇپى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلدى. چېن تاڭ ئۆزرە ئېيتىپ: «ئۇلۇغ سانغۇن، باش ۋەزىر ۋە باشقا ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى ئىش بىلىدىغان دانالار. كەمىنىلىرى قېرىدىم، ئۆزۈم ئاغرىقچان، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرەلمەيمەن» دېدى. خەن چېڭدى: «دۆلەت جىددىي قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان پەيتتە كەمتەرلىك قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېۋىدى، چېن تاڭ جاۋاب بېرىپ: «كەمىنىلېرىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشتىن غەم قىلىش ھاجەتسىز» دېدى. خان: «نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟» دەپ سورىغانىدى. چېن تاڭ: «ھۇنلارنىڭ بەش ئەسكىرى خەن سۇلالىسىنىڭ بىر ئەسكىرىگە توغرا كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلىچى، ئوقى گال. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار ھازىر خەن قوشۇنىنىڭ ماھارىتىنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆگەنگەنمىش، شۇنداقتىمۇ ئۈچ ھۇن ئەسكىرى بىر خەن ئەسكىرىگە تەڭ كېلىدۇ. ‹ھەربىي تەدبىرلەر› دە: ‹دۈشمەننىڭ كۈچى ئۆزىدىن بىر ھەسسە

ئارتۇق بولسا ئاقابىل تۇرالايدۇ. دۇەن خۇيزۇڭغا قورشاپ هۇجۇم قىلغان ئاسىيۇ قوشۇنلىرى سان جەھەتتىن ئالغاندا دۇەن خۇيزۇڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالمايدۇ. ئالىيلىرى بۇ ئىشتىن ئەنسىرىمىسىلە. ھالبۇكى يېنىك قوراللىق قوشۇن كۈنىگە 50 چاقىرىم، ئېغىر قوراللىق قوشۇن بولسا ئاران 30 چاقىرىم يول باسالايدۇ. ھازىر دۇەن خۇيزۇڭ شەھەر دۆلەتلىرى ۋە دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىنىڭ قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا سالماقچى بولسا، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ قۇتقۇزۇش رولىنى ئەمەس، ئىنتىقام ئېلىش رولىنىلا ئوينىغان قالىدۇ» دېدى. خەن چېڭدى: «ئۇنىڭ قورشاۋنى چوقۇم بۇزالايدىغانلىقىنى سىز قانداق بىلىسىز؟ مۆلچەرىڭىزچە قاچان بۇزار؟» دەپ سورىدى. چېن تاڭ ئاسىيۇ قوشۇنلىرىنىڭ ۋاقىتلىق توپلانغان قوشۇن ئىكەنلىكىنى، ئۆتكەنكى تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ: «بۇ چاغقىچە قورشاۋنى بۇزۇپ بولغاندۇ» دەپ جاۋاب بەردى ۋە بارماقلىرىنى ساناپ: «بەش كۈنگە قالماي خۇش خەۋەر كېلىدۇ» دېدى. دېگەندەك تۆت كۈندىن كېيىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مەكتۇپ ئەۋەتىپ، قورشاۋنى بۇزۇپ چىققانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

ئۇلۇغ سانغۇن ۋاڭ فېڭ خەن چېڭدىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، چېن تاڭنى مۇلازىمبەگ(69) لىككە تەيىنلەپ، قارارگاھ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. چېن تاڭ قانۇن ـ پەرمانلارنى پىششىق بىلەتتى. ئىشلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز نوپۇزىنى كۈچەيتىشكە ماھىر ئىدى. بەرگەن نۇرغۇن تەكلىپلىرى قوبۇل قىلىنغانىدى. ئۇ ھەمىشە باشقىلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى يېزىپ بېرىپ پۇل ئالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاخىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ئىلگىرى چىن تاڭ پىركامىل(70) شىي ۋەنىيەن بىلەن
دوست ئىدى. خەن يۈەندى دەۋرىدىن باشلاپ ۋېيلىڭ(71)
قەبرىستانلىقىغا ئادەم يۆتكەپ ناھىيە تەسىس قىلىش ئىشى
توختىتىلدى. دەسلەپ چۇلىڭ قەبرىستانلىقىنى بىنا قىلدۇرغان
خەن چېڭدى بىرقانچە يىلدىن كېيىن بالىڭ ناھىيىسى
چۇتىلىڭ (72) نىڭ جەنۇبىدىكى يەر شارائىتىنى يارىتىپ
قېلىپ، يەنە باشقىدىن قەبرىستانلىق بىنا قىلدۇردى.
چىن تاڭ بىلەن كېڭەشكەن شىي ۋەنىيەن: «خەن ۋۇدى
ۋاقتىدا ياڭ گۇاڭ ئۇستام سالغان نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار خەن
ۋۇدىنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقى ئۈچۈن، ئۇ پىركامىل ئەمەلگە
ئېرىشكەن. ياردەمچى ئەمىر ھەرەس(73) گېڭ شۇچاڭ بىلەن
بىرلىكتە دۇلىڭ قەبرىستانىنى ياسىغانلىقى ئۈچۈن، خەن
شۈەندى ئۇنى ئۆلگەندە بېگىلىكىگە تەيىنلىدى. پىركامىل چېڭما
يەنىيەن(74) جاپا چېكىپ كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە،
ئەمەلى ئۆسۈپ 2000 تاغار ئاشلىق مائاش ئالىدىغانلار
قاتارىغا ئۆتتى. ھازىر يېڭى قەبرىستانلىق قۇرۇلۇۋاتىدۇ.
ئەگەر شۇ يەردە ناھىيە تەسىس قىلىنسا، بىر چوڭ تۆھپە
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چاغدا مەنمۇ چوڭ ئىنئامغا سازاۋەر بولىمەن،
رەپىقىڭىزنىڭ ئائىلىسى چاڭئەندە، باللىرىڭىزمۇ چاڭئەندە
تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ئۆسكەن. ئۇلار سىزنىڭ كونا يۇرتىڭىزغا
قايتىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز قەبرىستان
قۇرۇلۇۋاتقان يەرگە كۆچۈپ كېلىشنى تەلەپ قىلىشىڭىز كېرەك.
ئوردىدىن ئىنئام قىلىنىدىغان تېرىلغۇ يەر ۋە ئۆي - جايلارغا
ئېرىشىسىز. بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن پايدىلىق» دېدى. چىن تاڭمۇ
بۇنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، دەرھال خانغا
پېچەتلىك مەكتۇپ سۇنۇپ: «يېڭى قەبرىستان پايتەخت
رايونى ئىچىگە جايلاشقان، تېرىلغۇ يەرلىرى ئىنتايىن
ئۈنۈملۈك بولۇپ، ئۇ يەردە ناھىيە تەسىس قىلىشقا بولىدۇ.

ئەلىدىن قەبرىستانلارغا ئادەم كۆچۈرۈلمىگىلى 30 نەچچە يىل بولدى، خەنگۇ ئۆتكىلىنىڭ شەرقىي رايونىدا بايلار تېخىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇلار كۆپ يەرلەرنى ئىگىلەپ، كەمبەغەللەرنى مەجبۇرىي ئىشلىتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى يېڭى قەبرىستانغا يۆتكەپ، پايتەختنى كۈچەيتىپ، بەگلىكلەرنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ھالدىن تۆۋەن كىشىلەر ئارىسىدىكى باي - كەمبەغەللىكنى تەڭشىسەك، مەن باشلامچىلىق قىلىپ، بالا - چاقىلىرىم بىلەن يېڭى قەبرىستانغا كۆچۈپ بېرىشنى خالايمەن» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. خەن چېڭدى بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، يېڭى قەبرىستان قۇرۇلۇۋاتقان يەردە چاڭلىڭ شەھىرىنى بىنا قىلغۇزدى. ئاندىن بەگلىك ۋە ۋىلايەتلەردىكى بايلارنى كۆچۈردى. شىي ۋەننىيەن ئۈچ يىلدا تۈگىتىمەن دېگەن قۇرۇلۇشنى ئاخىر تۈگىتەلمىدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار چاڭلىڭ قەبرىستانىنى بىنا قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن دېيىشتى، شۇڭا خان بۇ ئىشنى ئەمەلدارلارنىڭ مەسلىھەتىگە سالدى. ئەمەلدارلار: «چاڭلىڭنىڭ ئورنى پەس، ئۇنى تىندۇرۇپ ئېگىزلىتىش ئۈچۈن تۇپىنى تاغدەك دۆۋىلەشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا سېلىنغان ئۆيلەر يەنىلا تۆزلەڭلىكتە قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن لاي - توپىلار يەر ئاستىدىكى روھ - ئەرۋاھلارنى ساقلىيالمايدۇ. بەلكى توپا قاتلىمى ناھايىتى نېپىز، مۇستەھكەم ئەمەس. ئەسكەرلەر، ھاشارلار ۋە ئۇستىلارغا كېتىدىغان چىقىم ناھايىتى كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا كېچىسىمۇ چىراغ يېقىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شەرقىي تاغدىن توپا ئېلىپ كەلسەك، كىرا ھەققىنى قوشقاندا ئۇنىڭ باھاسى ئاشلىق باھاسى بىلەن تەڭ توختايدۇ. قۇرۇلۇش بىرنەچچە يىل ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ئەل ئومۇمىيۈزلۈك بۇ ھاشارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مالىيە كۈچى كۆپ مىقداردا خوراپ،

خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالاي دېدى. تۆۋەندە پېقىرالار ۋاي – دات سېلىشۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى قەبرىستان تەبىئىي شارائىتقا قاراپ ياسالغان بولۇپ، ئېگىز ۋە كەڭتاشا ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە 10 يىل قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىكى قەبرىستانلىنى ياساش خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەككى، ئادەم كۆچۈرۈلمەسلىكى كېرەك» دېيىشىدۇ. خەن چېڭدى چاڭلىڭ قەبرىستانلىنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختىتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. بۇ يارلىقنىڭ مەزمۇنى «خەن چېڭدىنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلەنگەن. باش ۋەزىر ۋە باش تەپتىشبەگ قاتارلىقلار چاڭلىڭ قەبرىستانلىقىدىكى كۆچمەنلەر ئۈچۈن سېلىنغان يېڭى ئۆيلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشىدۇ. ئىلتىماستىكى تەستىقلىنىپ چۈشمەستىنلا بەزىلەر چېن تاڭدىن: «سارېيىڭىز بۇزۇلماستىنلا يەنە كۆچەمسىز؟» دەپ سورايدۇ. چېن تاڭ جاۋاب بېرىپ: «خان ۋەزىر – ۋۇزرالارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، بىزنى يەنە كۆچۈرۈشى مۇمكىن» دەيدۇ.

بۇ چاغدا ئەمدىلا باش ئەمرلەشكەر، مۇھاپىزەتچى سانغۇن بولغان چېڭدۇ(75) بېگى ۋاڭ شاڭ خەن چېڭدىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ياردەملىشىۋاتاتتى. ئادەتتە ئۇنىڭ چېن تاڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغاچقا، چېن تاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالغان ۋاڭ شاڭ چېن تاڭ قالايمىقان سۆزلەپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئۇنى خەن چېڭدىغا چاقتى ۋە زىندانغا سېلىپ، ئۇنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدە سوراق قىلدى.

چېن تاڭ ئىلگىرى شىرمەت – چەۋەندازلار بېشى ۋاڭ ماڭ ئۈچۈن خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «ئاتىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپ، يالغۇز ئۇنىڭغا ئۇنۋان بېرىلمەي قالغان، ئانىسى مىڭجۇن بولسا پايپېتەك بولۇپ، شاھ سانىيە(76) نى كۈتكەن.

شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇنۋان بېرىلىشى لازىم» دەپ ئىلتىماس قىلغاچقا، ۋاڭ ماڭغا شىندۇ (77) بېگىلىكى بېرىلدى. كېيىن شاھ سانىيەنىڭ ئانا بىر ئىنىسى گۇسېن(78) باش ئۆلچەم نازىرى بولۇپ، خىزمەت ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىپ، ئوغلى گۇجى شىغاۋۇل بولدى. گۇسېننىڭ خوتۇنى گۇجىغا ئۇنۋان تەلەپ قىلماقچى بولدى. چىن تاڭ تەقدىم قىلغان 50 جىڭ ئالتۇن-نى قوبۇل قىلىپ، قائىدىگە توغرىلاپ ئوردىغا مەكتۇپ يېزىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. بىر مىليوندىن ئارتۇق يارماق پارا ئېلىپ، ساختىپەزلىك ۋە يولسىزلىق قىلغان خۇڭنۇڭ(79) ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جاڭ كۇاڭ خاننىڭ يارلىقى بويىچە ئۆز جايىدىلا سوراقتا تارتىلدى. زىندانغا تاشلىنىشتىن قورققان جاڭ كۇاڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى چىن تاڭغا ئېيتقۇزدى. چىن تاڭ ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئاقلاپ، ئەنزىسىنى كەينىگە سۈرەپ قىشتىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. جاڭ كۇاڭ چىن تاڭغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىككى مىليون يارماق بەرمەكچى بولدى. چىن تاڭنىڭ مانا مۇشۇنداق يامانغا يانتاياق بولۇش، پارا ئېلىش قاتارلىق ئىشلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئالاھىدە كەچۈرۈمدىن ئىلگىرى سادىر بولغان ئىشلار ئىدى.

كېيىن دۇڭلەي(80) ۋىلايىتىدە بىر قىش كۈنى قارا ئەجدىھا پەيدا بولغان، بەزىلەرنىڭ بۇ ھەققىتىكى سوئالىغا چىن تاڭ: «ئوردىنىڭ ئوتتۇرا دەرۋازىسى ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ. خان دائىم كىيىمىنى ئۆزگەرتىپ يوشۇرۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرەلسىز كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجدىھامۇ قەرەلسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئاھالە يەنە كۆچۈرۈلىدۇ، دېگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى 10 نەچچە ئادەم تارقاتقان. شۇڭا باش ۋەزىر بىلەن باش تەپتىشبەگ خانغا: «چىن تاڭ قالايمىقان گەپ تارقىتىپ، ئالدامچىلىق قىلىپ، غەلىتە ئىشلارنىڭ سادىر

بولۇشىنى خانىغا ئارتىۋاتىدۇ. ئۇ قىلمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ،
خانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى» دەپ
مەلۇمات يوللاشتى. ئوردا ئەھكام ۋەزىرى جاۋ زىڭشۇ: «چىن
تاڭنى يولسىزلىق قىلدى دېگەن سۆز مۇۋاپىق، لېكىن
قانۇنىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنىڭ
ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ گۇناھ بېكىتىش كېرەك. تۆۋەن
دىكىلەر بۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن،
ئوردا ئەھكام ۋەزىرىگە يوللانغان. ئومۇمەن ئۆلگە ئۈچۈن
سېلىشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلغۇدەك مۇشۇ خىلدىكى باشقا ئەنزە
بولمىسا يولييورۇق سوراش كېرەك. بۇ جازانى تەرتىپكە
سېلىش كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشماسلىقنى مەقسەت
قىلغان. دانا خانىمىز ئالىيلىرى پۇقرالارغا رەھىم قىلىپ،
چاڭلىڭ قەبرىستانى قورۇلۇشىنى توختىتىشقا يارلىق چۈشۈردىلە،
ئادەم كۆچۈرمىدىلە، بۇ ھەقتە ھۆكۈمەت ئوچۇق بۇيرۇق چىقاردى.
چىن تاڭنىڭ بىھۇدە جۆيلۈپ، يەنە «ئاھالە كۆچۈرۈلىدۇ» دەپ
يۇرۇشى، گەرچە ئاز ساندىكى ئادەملەرنى چۆچۈتۈۋەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن كۆپ تارقىلىپ كەتمىگەچكە، پۇقرادا
ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاممىنى
قايمۇقتۇرغان دېگىلى بولمايدۇ. چىن تاڭنىڭ قالايمىقان گەپ
قىلىپ ئالدامچىلىق قىلىشى، يوق ئىشلارنى پەرەز قىلىپ
دېمەيدىغان گەپلەرنى دەپ يۇرۇشى بۇ بىر چوڭ ھۆرمەتسىزلىك
خاتالىقى ھېسابلىنىدۇ» دەپ پىكرىنى بايان قىلغانىدى.
خەن چېڭدى: «ئوردا ئەھكام ۋەزىرى جاۋ زىڭشۇ توغرا ھۆكۈم
قىلىپتۇ. چىن تاڭ ئىلگىرى چەرچى تەڭرىقۇتقا جازا يۇرۇشى
قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، كەڭچىلىك قىلىنسۇن. خىزمىتى
دىن بوشىتىلىپ ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلسۇن. چېگرا
ۋىلايەتكە سۈرگۈن قىلىنسۇن» ۋە يەنە: «سابىق پىركامىل
شىي ۋەننيەن كاززاپ، ساداقەتسىز بولۇپ، تىل ياغلىما

سۆزلەر بىلەن ئالدامچىلىق قىلدى. ئۇ باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىپ، ھاشارنى ئېغىرلاشتۇردى. قۇرۇلۇشلارنى ھەددىدىن ئارتۇق تېزلىتىپ ئەسكەرلەر ۋە ھاشارچىلارنى زىيانغا ئۇچراتتى. ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ ئاممىنى دات ـ پەرياد دېگۈزدى. پۈتكۈل ئەلنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇ كەڭچىلىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن پايتەختتە تۇرماسلىقى كېرەك» دەپ يارلىق چۈشۈردى. شۇڭا چېن تاڭ بىلەن شيې ۋەننيەن دۇنخۇاڭغا سۈرگۈن قىلىندى.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى خانغا: «چېن تاڭ ئىلگىرى چىچى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، شان ـ شۆھرىتىمىزنى چەت ئەللەرگە يايدى. ئۇ چېگرا ـ قورۇل ئەتراپىغا سۈرگۈن قىلىنماسلىقى كېرەك» دەپ مەلۇمات سۇندى. خەن چېڭدى ئۇنى ئەندىڭ ۋىلايىتىگە يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

مەسلىھەتچىبەگ گېڭ يۈ ئوردىغا نۆۋەتتىكى ئىشلار توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ۋە چېن تاڭنى ئاقلاپ: «گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭ بۈيۈك خەن سۇلالىسى خانىنىڭ ھەربىي كۈچىنى يىراقلارغا نامايان قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق نومۇسىنى ئاقلىدى. يىراق جايلاردىكى بويسۇنمىغان ئەللەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، 10 مىڭلاپ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بويسۇندۇرۇش تەس بولغان ھونلارنى ئەسىر ئالدى. مۇنداق چوڭ تۆھپە ۋە ئۇلۇغ نەتىجە يارىتىشتا كىممۇ ئۇلار بىلەن تەڭ بولالىسۇن! مەرھۇم خان ئۇلارنى مۇكاپاتلىغان؛ ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلىگەن ھەمدە سەلتەنەت دەۋرىنىڭ نامىنى، ‹جىڭنىڭ› سەلتەنەت دەۋرىگە ئۆزگەرتىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆپ قېتىم يارلىق چۈشۈرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەنجۇن (81) ۋىلايىتى ئاق بارس تەقدىم قىلىپ، چېگرا

رايونلىرىمۇ تىنچلاندى. كېيىن مەرھۇم خان ئاغرىپ قالغاندىمۇ ئۇلارنى ئېسىدىن چىقارمىدى، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى بويىچە دەرھال ئىنئام بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىرنەچچە قېتىم دىۋانبېگىنى ئەۋەتىپ باش ۋەزىرنى ئەيىبلىگەنىدى. لېكىن باش ۋەزىر كۇاڭ خېڭ ئۇلارنى قەستەن چەتكە قېقىپ ۋە بېسىپ، تېگىشلىك ئىنئامغا ئېرىشتۈرمىدى، گەن يەنشۇ بىلەن چېن تاڭغا پەقەت بىرنەچچە يۈز ئۆيلۈكلا يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. خىزمەت كۆرسەتكەن ئەزىمەتلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. خەن چېڭدى ئەجدادلىرى ياراتقان ئاساسقا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەربىي يۈرۈش غەلىبىسىنىڭ شان - شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش قوزغىمىدى. ئەل تىنچ - ئامان ياشىدى. لېكىن ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ئىستىلى توغرا بولمىغانلىقتىن، پىتنىخور - چېقىمچىلار ۋە خۇشامەتچىلەر ئوردىدا ئەمەلگە ئېرىشىۋالدى. ئۇلار قىلىنغان جازا يۈرۈشى داۋامىدىكى مۇشكۇللۇكلەرنى، شۇنىڭدەك چېن تاڭنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەن ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن نەزەردە تۇتماستىن، ئەكسىچە خان ئالىيلىرىنىڭ ئىناۋىتى ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارنى چەتكە قاقتى ۋە ھەسەتخورلۇق قىلدى. چېن تاڭنى يەككە - يېگانە ھالدا قاماپ قويدى. ئۆزىنى ئاقلىشىغا يول قويمىدى. ئاخىرىدا گۇناھسىز بولۇپ كەڭچىلىك قىلىنغان بولسىمۇ، قېرىپ ئاجىزلىغاندا دۇنخۇاڭغا سۈرگۈن قىلىندى. دۇنخۇاڭ دەل غەربىي يۇرتقا قاتنايدىغان چوڭ يول. دۈشمەننى يېڭىپ داڭق چىقارغان تۆھپىكار ئەمەلدار ئاخىرىدا مۇنداق چەتكە قېقىلسا ۋە زەربىگە ئۇچرىسا، چېچىنىڭ قالدۇق ئادەملىرى ھەسرەت قىلمامدۇ؟ بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ھال! بۈگۈنگە قەدەر چەت ئەلگە ئەلچى بولۇپ بارغانلارنىڭ ھەممىسىلا

چىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەشۇ قىلىش ئارقىلىق خەن
سۇلالىسىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ كەلدى. باشقىلار-
نىڭ ئەسكىرىي ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەننى قورقىتىش،
يەنە كېلىپ باشقىلارنى ۋەيران قىلىپ دۈشمەننى كولدۇرۇش، بۇ
ئېچىنىشلىق ئىش ئەمەسمۇ!؟ تىنچ چاغلاردا خەۋپ-خەتەرنى،
قۇدرەت تاپقاندا زەئىپلىكىنى ئۇنتۇماسلىق لازىم-دە.
ھازىر ئېلىمىزنىڭ خەن ۋېيدى ۋاقتىدا تىجەپ توپلىغان
بايلىق زاپاسلىرى ئاللىقاچان تۈگىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
خەن ۋۇدى دەۋرىدىكىدەك دۈشمەننى تىرىك تۇتىدىغان باتۇر
سەركەردىلەردىن پەقەت چېن تاڭلا قالدى، خالاس. ئەگەر
مۇۋەققەت ئەلچى چېن تاڭ بىر ئەۋلاد ئىلگىرى تۇغۇلۇپ،
ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ
كۆرسەتكەن خىزمىتىنى خاتىرىلەپ، قەبرىسىگە توپا يۈلەپ،
مەڭگۈ تاش تىكلەش، شۇ ئارقىلىق كېيىنكىلەرنى رىغبەت-
لەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان بولاتتۇق. ئەمما چېن تاڭ
دەۋرىمىزدە تۇغۇلدى. تۆھپە ياراتقىلىمۇ ئۇزۇن بولمىدى.
ئالىيلىرى ئەكسىچە مۇناپىق ۋەزىرلەرنىڭ غەيۋەت-شىكا-
يىتىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنى يىراققا قوغلاپ سۈرگۈن قىلدىلا،
ئۆلۈپ كەتسە ياتىدىغانمۇ يېرى يوق بولۇپ قالدى.
ئومۇمەن يىراقنى كۆرەر كىشىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ توغرىسىدا
ئويلانمايدىغانلىرى يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چېن تاڭنىڭ
تۆھپىسىنى ھەرقانداق دەۋردىكى سەركەردىلەرگە سېلىشتۇرغىلى
بولمايدۇ. ئۇنىڭ خاتالىقىنى بولسا، ھەممە ئادەمدە كۆرۈل-
دىغان خاتالىق دەپ قارىشىۋاتىدۇ. چېن تاڭ مانا
مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان يەردە،
ئادەتتىكى ئادەملەر قىيما-چىيما بولۇپ دۆلەت ئۈچۈن
جان پىدا قىلغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا خۇشامەتگويلارنىڭ
بېسىمى، ھەسەتخور ۋەزىرلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ،

خالاس. پىقىرنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە ئالاھىدە ئەنسىرىشىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ» دەپ مەكتۇپ سۇنىدۇ. خەن چېڭدى بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن يارلىق چۈشۈرۈپ، چېن تاڭنى قايتۇرۇپ كەلدى. كېيىن ئۇ چاڭئەندە ئۆلدى.

شۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ ماڭ ئەمىنبەگ(82) بولۇپ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئۇ بىر تەرەپتىن كۆڭلىدە چېن تاڭنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشىلىقىغا تەشەككۇر بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شاھ سانىيەگە خۇشامەت قىلىپ، چېچى تەگرىسقۇتقا جازا يۈرۈشى قىلغۇزغان تۆھپىسى ئۈچۈن خەن يۈەندى ئىبادەتخانىسىغا «ئۇلۇغ ئەجداد» ئىبادەتخانىسى دېگەن شەرەپ نامى بەردى. چېن تاڭ، گەن يەنشۇلارنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولسىمۇ، ئىنئام ئاز بولۇپ قالغان، بەگ مۇلازىمى(83) دۇ شۇنگە تۆھپىسى بولسىمۇ، ئىنئام بېرىلمىگەن دەپ قاراپ، گەن يەنشۇنىڭ نەۋرىسى گەن چىيەنگە 1600 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدى. چېن تاڭغا «ھۇنلارنى يوقاتقۇچى پالۋان بەگ»(84) دېگەن شەرەپ نامى بېرىلدى. چېن تاڭنىڭ ئوغلى چېن فېڭغا «ھۇنلارنى يوقاتقۇچى بەگ»، دۇ شۇنگە «دىللارغا يۈرۈش قىلغان بەگ» دېگەن شەرەپ ئۇنۋانى بېرىلدى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3007 — 3029 - بەتلەر).

## دۈەن خۇيزۇڭنىڭ تەرجىمىھالى

دۈەن خۇيزۇڭ، يەنە بىر ئىسمى دۈەن زىشۇڭ، تيەن شۈي ۋىلايىتى شاڭگۈي ناھىيىسىدىن. م.ب. 33 - يىلى (خەن يۈەندى جىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) دۇلىڭ ناھىيىسى ھاكىمى

ۋاقتىدا بەش مەھكىمە(85) باشلىقلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، شىرمەت - چەۋەندازلار بېشى، باش تەپتىش بەگ بولۇپ، غەربىي يۇرتتا ئىناۋەت قازاندى. ئۈچ يىللىق خىزمەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، پېيجۇن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولدى. خۇن تەڭرىقۇتى پۇ جۇرجوت زىيارەتكە كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەنىمىن ۋالىيلىقىغا يۆتكەلدى. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاچقا، خىزمەتتىن بوشىتىلدى. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ خان - بەگلىرى خەن چېگرىغا مەكتۇپ يوللاپ، دۇەن خۇيزۇڭنى سورىغاچقا، م.ب. 22 - يىللىرى (خەن چېگدى ياڭشونىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۇ غەربىي يۇرتقا قورۇقچىبەگ بولۇپ تەيىنلەندى.

دۇەن خۇيزۇڭ كۆكسى - قارنى كەڭ، نام - ئاتاقنى قەدىرلەيدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ گۇ يۇڭ بىلەن دوست ئىدى. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە يىراق غەربىي يۇرتتا ئىشلەۋاتقانلىقىغا ئىچ ئاغرىتقان گۇ يۇڭ: «سىز يىراقتىكى كىشىلەرنى تىنچلاندۇرۇش خىسلىتىگە ئىگە بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن يەنە قورۇقچىبەگلىكتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىڭىزگە ئالدىڭىز. بۇ ناھايىتى ياخشى. سىزدەك تالانت ئىگىسى پايتەختتە بەخىرامان ۋەزىر بولماي، نېمە ئۈچۈن قۇرۇم تاغلىرىغا بېرىپ رىيازەت چېكىپ يۈرۈيسىز؟ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى باشقۇرۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوخشاشمايدىغان يىراق يۇرتتىكى خەلقنى بەزلەپ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش، بۇ سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىز. بۇ جەھەتتە مېنىڭ پىكرىم يوق. لېكىن دوستلار ئارا سەممىي سۆز پاراڭ بولغاندا، مەن نېمە ئۈچۈن قەلبىمنى ئىزھار قىلالمايمەن؟ ھازىر خەن سۇلالىسى ساۋابلىق ئىشلىرى بىلەن يىراق جايلاردىكى قوۋملەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇۋاتىدۇ. فۇ جيېزى،

جىڭجى، گەن يەنشۇ، چېن تاڭلارنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى بۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كېلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. مەن سىزدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، سىز كونا قائىدە-يوسۇنلارغا رىئايە قىلىپ، پەۋقۇلئاددە تۆھپە يارىتىشقا ئىنتىلمەستىن، مۇددەت توشۇش بىلەنلا تېز قايتىپ كېلىڭ. بۇمۇ سىزنىڭ يەنىمېن ۋالىيسى بولغان ۋاقتىدا تارتقان بەختسىزلىكلىرىڭىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدۇ. سىز ئىنتايىن يىراقتا بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراش مۇھىم ئىش. مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئەتراپلىق ئويلاپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ خەت يازىدۇ.

دۇەن خۇيزۇڭ غەربىي يۇرتقا بارغاندا، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى تېكىنلىرىنى ئەۋەتىپ بۇگۇر شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئۇنى قارشى ئالدى. ئاسىيۇنىڭ كىچىك كۈنبىيىسى ئانىرى(86) نى بۇرۇن دۇەن خۇيزۇڭ كۈنبىيلىككە تىكلەپ قويغانىدى. شۇڭا ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ يۈرگەن ئانىرى دۇەن خۇيزۇڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، يابغۇلار ئۇنى توسقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي، كۆسەن خانلىقىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. شەھەر دۆلەتلىرى دۇەن خۇيزۇڭ بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئىدى.

كانگا دۆلىتىدىكى خانتېكىن باۋسۇن 10000 دىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دۇەن خۇيزۇڭ دەرھال خانغا مەلۇمات يوللايدۇ. ياساۋۇللار ئەمىر لەشكىرىنى ئەۋەتىپ قارشى ئالىدۇ. دۇەن خۇيزۇڭ قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ياساۋۇللار ئەمىرلەشكىرى بىلەن بىرلىكتە تەسلىمنى قوبۇل قىلىدۇ. ياساۋۇللار ئەمىرلەشكىرى باۋسۇننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇپ، تەسلىم بولغۇچى كانگالىقلارنى ئۆزلىرىنى — ئۆزلىرى باغلاشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭغا غەزەپلەن-

گەن خانتېكىن باۋسۇن ئادەملىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. دۇەن خۇيزۇڭنىڭ خىزمەت مۇددىتى توشۇپ ئوردىغا قايتىدۇ ۋە ئۇ، قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز ئالدىغا يۆتكەپ ھەربىي تەمىنات ئىشلىرىغا دەخلى قىلغان دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. خەن چېگدى ئالتۇن ۋە تاۋار - دۇردۇن بىلەن گۇناھىنى يۇيۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى ھەمدە جېنچېڭ ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن ئاغرىق سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن قالدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاسىيۇلارنىڭ كىچىك كۈنبېيى ئانىرى ئۆز كىشىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يابغۇلار غەليان كۆتۈردى. ئوردا دۇەن خۇيزۇڭنى سول ئەمىر نۆكەر، كېڭەشچىبېگلىككە تەيىنلەپ ئاسىيۇنى تىنچلاندۇرۇشقا ئەۋەتتى. دۇەن خۇيزۇڭ ئانىرىنىڭ ئاكىسى موجېنجان(87) نى كىچىك كۈنبېي قىلىپ تىكلەپ، دۆلەتنى تىنچلاندۇرۇپ قايتتى.

ئىككىنچى يىلى موجىنجان ئادەم ئەۋەتىپ چوڭ كۈنبېي سىلىبېي(88) نى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىمۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى. خەن سۇلالىسى موجىنجاننى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى. م.ب. 11 - يىلى (خەن چېگدى يۈەنيەننىڭ ئىككىنچى يىلى) دۇەن خۇيزۇڭنى قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ ھەمدە شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ، موجىنجاننىڭ خانتېكىنى پانچۇكنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتى. چوڭ قوشۇن بىلەن ئاسىيۇغا بارغان دۇەن خۇيزۇڭ پانچۇكنى چۆچۈتۈپ قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ قوشۇننى دىيەنلۇ(89) دېگەن جايدا قالدۇردى، تاللانغان 30 نەپەر خىل ئەسكەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن تەپكىلىك ئوقيا ئالدۇرۇپ، ئۇدۇل يول بىلەن كۈنبېينىڭ قارارگاھىغا كەلدى ۋە پانچۇكنى چاقىرتىپ: «موجىنجان ئۆز قېرىنداشلىرى ئارىسىدا قىرغىنچىلىق قىلىپ، خەن مەلى-

گىسىدىن بولغان ئەۋلادىنى ئۆلتۈردى. ئۇ جازاسىنى بەرگۈچە ئۆلۈپ كەتتى. مەن خانىنىڭ يارلىقى بىلەن پانچۇكنى ئۆلتۈرۈشكە كەلدىم» دەپ ئەيىبلىدى ۋە شۇئان شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ پانچۇكنى ئۆلتۈردى. پانچۇكنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ھەمراھلىرى قورققىنىدىن ئاتلىرىغا مىنىپ قېچىپ كېتىشتى. موجىنجاننىڭ جىيەنى ئۇلبېي(90) نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن كېلىپ دۇەن خۇيزۇڭنى قورشىۋالدى. دۇەن خۇيزۇڭ ئۇنىڭغا پانچۇكنى يارلىق بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈردى ۋە: «ھازىر سىلەر مېنى قورشىۋالدىڭلار، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار، بۇ خەن سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا پەقەت بىر تال تۈكنى يۇلۇۋەتكەندەكلا بىر ئىش، خالاس. گاۋچې كوچىسىغا ئېسىلغان پەرغانە خانى بىلەن چېچى تەڭرىقۇتنىڭ كاللىسى ئاسىيۇلارنىڭ يادىدا بولسا كېرەك» دېدى. كۇنبېي ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى قايىل بولغان ھالدا: «موجىنجان خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈش ھەق. ئەمما بىزگە ئېيتماي شۇنداق ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار بولامدۇ؟» دېيىشتى. دۇەن خۇيزۇڭ: «ئەگەر كۇنبېيگە ئالدىن مەلۇم قىلساق، پانچۇك ئۇقۇپ قېلىپ قېچىپ كېتەتتى ياكى سىلەر ئۇنى يوشۇرۇپ قوياتتىڭلار، شۇنىڭ بىلەن بۇ تېخىمۇ چوڭ جىنايەت بولاتتى. ئەگەر سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ماڭا تاپشۇرغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىڭلارغا زەرەر يېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى مەن سىلەرگە ئالدىن ئۇقتۇرمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. كۇنبېي ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنكى ھەممىسى ئىنتايىن تەسىرلەندى ۋە بۇقۇلداپ يىغلاشقان ھالدا چېكىنىپ كېتىشتى.

دۇەن خۇيزۇڭ قايتقاندىن كېيىن خانغا مەكتۇپ يېزىپ، پانچۇكنى ئۆلتۈرۈش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى مەلۇم

قىلـدى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار مۇھاكىمـە قىلىپ، دۇەن خۇيزۇڭ پايدا ـ زىيانىنى ئوبدان مۆلچەرلەپ، ئەڭ پايدىـلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىش كۆرگەن. ئۇ ئاز ساندىكى ئەسكـەر بىلـەن ئاسىيۇ ئىلىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا پـانـچۇكنى ئۆلتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ شۆھـرىتىنى چىقـارغـان. ئۇنى چوڭ ئەنئامىلار بىلەن مۇكاپاتلاش كېرەك، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن خەن چېڭدى دۇەن خۇيزۇڭغا ئۆلكە بېگى ئۇنۋانى بـەردى ۋە 100 جىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلدى.

كىچىك كۇنـبىيىنىڭ تـاغىسى بـايـانـج ئادەم تويـلاپ كۇنـبىيىنـى ئۆلـتۈرمـەكـچى بولـدى. خـەن سۇلالىسى يـەنە قورۇقچىبەگ سـۈن جيەن بىلـەن بىرلىكتە ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن دۇەن خۇيزۇڭنى ئاسىيۇغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىككىنـچى يىلى 75 يـاشـلىق دۇەن خۇيزۇڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئاسـيۇدا ئۆلدى. غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرى ئۇنىڭغا ماتەم تۇتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سالدى.

مۇئەررىختىن: م.ب. 119 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) جـاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولـنى ئاچقانىدىن تارتىپ م.ب. 60 ـ يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى) جېڭ جى قورۇقچىبـەگ بولغانـغا قـەدەر ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ۋاڭ ماڭ دەۋرىگىچە غەربىي يۇرتتا جەمئىي 18 ئادەم قورۇقچىبـەگ بولدى. ئۇلار غـەيۇر ۋە تەدبىرلىك بولـغـانـلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىگە قويۇلـغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خىزمەت كۆرسەتكەنلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىلا مۇشۇ قىسىمدا خاتىرىلەندى. ليەن باۋ ئىلتىپاتلىق ۋە ئىناۋەتلىك لىكـى بىلـەن داڭق چىقـاردى. گۆشۈن ئىنسابلىق ۋە ئادا ـ لەتلىكلىكى بىلەن مەشھۇر بولدى. سۈن جيەن ھەيۋەتـلىكلىكى ۋە شۆھرىتى بىلەن نام چىقاردى. قالغانلىرىنىڭ مەدھىيىلىگۈدەك

ئىشلىرى يوق، چېن تاڭ ئۆز بېشىمچى بولغانلىقتىن، ئاخىر غۇربەتچىلىكتە قالدى. ھەممە ئۇنىڭغا ئۆچمەندۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تەپسىلىي يازدىم.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3001 - ، 3032 - بەتلەر).

---

(1) دۇەن خۇيزۇڭ (段会宗، م.ب. 87 — 10) يەنە بىر ئىسمى دۇەن زىسۇڭ. شاڭگۇيلۇق. خەن خانلىرىدىن يۈەندى، چېڭدى دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، يەنمېن ۋىلايىتىگە ۋالىيسى بولدى. غەربىي يۇرتنى تىنچىتىپ، ئاسىيۇلار ئېلىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلكە بېگى بولدى ۋە ئاسىيۇلار ئېلىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 1687 - بەت).

(2) كۇچا، كۇسەن، كۇچىنا، كىيۇجە (曲先·苦先·丘兹·屈支
归兹·屈茨·鸠兹·龟兹·库车·苦叉·俱支囊·拘夷) قەدىمكى غەربىي يۇرت خانلىقلىرىدىن بىرى. ئورنى، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۇچا ناھىيىسى ئەتراپلىرىدا. خەلقى ئاساسەن دېھقانچىلىق، قوشۇمچە چارۋىچىلىق قىلاتتى. مېتالچىلىق بىلەن شارابچىلىققا ئوخشاش سانائەتلىرى راۋاجلانغان. يېزىقى بار بولۇپ، مۇزىكا سەنئىتى گۈللەنگەن. م. I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۇسەنگە تارقالغان بۇددىزم م. III ئەسىردە تازا روناق تاپتى، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە باغلىغاندىن كېيىن، كۇسەن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىدى. I ئەسىرنىڭ ئۈچىنچى چارىكىدە خەن سۇلالىسى مەلىكىسى جېيۇ (غەمخالاس) غا ئۆيلەنگەن كۇسەن خانى جانبىن زىيارەت بىلەن خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا باردى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئىدارە قىلىش تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، ئۆز ئېلىگە تەتبىق قىلدى. شەرقىي خەن دەۋرىدە بەن چاۋ غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بولۇپ

تۇرغان چېغىدا، خەن سۇلالىسىدە تۇرغاق بولۇپ تۇرغان بايشان كۇسەن خانى بولدى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ۋېي پادىشاھ-لىقىغا قارىدى. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەن خان تېپكىنى تۇرغاق بولۇپ تۇردى. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، خانىنىڭ ئىنىسى بەچەن كۇسەن خانى بولدى.

(بىر تومۇلۇق «سىبخەي»، 1978 - بەت).

(3) ئانقۇي (安归) م.ب. I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى كرووران خانى، خۇن تەرەپدارى ئىدى. خەن ئەلچىسى فۇجيېزى م.ب. 77 - يىلى ئانقۇينى ئۆلتۈردى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3002 - بەت).

(4) چېيەن (车延) ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ يېرى. مەنبەلەر-دىن تېپىلمىدى.

(مۇھەررىردىن).

(5) بەش سانغۇن (五将军) تيەن گۇاڭمىڭ، جاۋچۇڭگو، تيەن شۇن، فەن مىڭيۇ، خەن زېڭ قاتارلىق سانغۇنلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3004 - بەت (3 -) ئىزاھ).

(6) يابغۇ (翕侯) قەدىمكى قوۋملەردە ھۆكۈمدار مەنىسىدە قوللىنىلغان ئۇنۋان. ھۇنلارنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمدارى تۇمەن، يابغۇ دېيىلەتتى. كېيىنكىلەر تەڭرىقۇت دەپ ئاتالدى. كۆكتۈرك ھاكىمىيىتىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى خەزەر ھۆكۈمدارلىرى ھەمدە ئاس-يۇلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى يابغۇ دەپ ئاتىلاتتى.

(«مەيدان - لارۇس ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 12 - توم، 685 - بەت)؛
تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 - توم، 2506 - بەت).

(7) ئوڭ قول قان (右谷蠡王) ھۇنلاردا ئەمەل. باتۇر تەڭرىقۇت (م.ب. 209 — 170) دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ھۇن ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە تەڭرىقۇتتىن كېيىن ئوڭ - سول بىلگە (تۇغ) قانلار بولۇپ، بۇ ئورۇنغا تەڭرىقۇتنىڭ قېرىنداشلىرى قويۇلاتتى،

بۆلارنىڭ ئاستىدا ئۇڭ - سول قانلار بولۇپ، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. تەگرىقۇتنىڭ تېكىنلىرى بۇ ئورۇنغا قويۇلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1975 - بەت).

(8) قويى (姑翼) كۇسەن خانلىقىنىڭ ئەشرەپلىرىدىن. ھۇن پەرەست ئادەم بولۇپ، خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگۈزگەچكە، چاڭ خۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3004 - بەت).

(9) بەھەيۋەت بەگ (壮武侯) چاڭ خۇي ئۆلگەندىن كېيىن، خەن يۈەندى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئاتاق نامى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3005 - بەت).

(10) خەن گۇاڭۋۇدى (汉光武帝، م. ب. 6 — م.57)

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى.م.25 — 57 - يىللىرى سەلتەنەت سۈردى. ئىسمى فامىلىسى ليۇ شيۇ، قەدىمكى نەنياڭ ۋىلايىتى سەيياڭ ناھىيىسى (بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسى زاۋياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) دىن. غەربىي خەن سۇلالىسى خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان. ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ ئاكىسى ليۇيەن بىلەن بىللە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان قىلىپ، لۈلىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قېتىلدى. م.23 - يىلى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىگە بېرىپ خەن سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ تۇغۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شوئارىدا ھەرىكەتلىنىپ، بىر بۆلۈك تۆرە، پومېشچىكلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ۋە تونگما قاتارلىق قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى باستۇرۇپ، ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق كۈچىنى بارغانسېرى زورايتتى. م. 25 - يىلى ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ، لوياڭنى پايتەخت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىل قاشلىقلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى باستۇرۇپ ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى تەپرىقىچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، م.36 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى.

تەختتە ئولتۇرغان يىللىرىدا قۇل - دېدەكلەرنى ئازاد قىلىش ۋە ئۇلارنى خارلاشنى چەكلەش توغرىسىدا كۆپ قېتىم يارلىق چىقاردى؛ ئالۋان - ياساقنى ئازايتىپ، يەرلىك ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى؛ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى؛ 400 نەچچە ناھىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلدارلارنى ئىخچاملاشتۇردى. شۇنىڭدەك مەركىزىي ھاكىمىيەتتە دىۋان بەگلىك ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەندە ھەربىي ھوقۇق تۇتىدىغان كاھبەگلىك ئەمىلىنى بىكار قىلدى. شۇ ئارقىلىق مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتتى. ليۇ شيۇ ئۆلگەندىن كېيىن «گۇاڭۋۇدى» دەپ شەرەپ نامى بېرىلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 887 - بەت).

(11) بەش يۈز بېشى (卒伍) قەدىمكى زامان ئەسكىرىي تۈزۈمدە بەش يۈز بېشى (پانسات).

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 416 - بەت).

(12) جەنۇبىي يول (南道) قەدىمدە جۇڭگودىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللارغا بۆلۈنەتتى. جەنۇبىي يول يۈمىنگۇەن (قاشقۇۋۇق) بىلەن ياڭگۇەن (گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي) نىڭ غەربىدە بولۇپ، ئاساسەن ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، تارىم دەرياسى بىلەن ئالتۇن تاغ، قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرى ئارىلىقىدىكى يول بىلەن غەربكە مېڭىلاتتى. يەكەننىڭ غەربىدە پامىردىن ئېشىپ، ئۇلۇغ توخرىيلار (بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلار) بىلەن ئارساك (ھازىرقى ئىران تەرەپلەر) قاتارلىق جايلاردىن ئۆتەتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 136 - بەت).

(13) شەنشەنچان (先贤掸) م.ب. 60 - يىلى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ باتىسقانى.

(«خەننامە»، 9 - توم، 3005 - بەت).

(14) خېچۇ (河曲) يەر نامى. ئەسىنىيە دەۋرىدە جىن بەگلىكىنىڭ شەھىرى بولۇپ، جىنلىقلار بىلەن چىنلىقلار مۇشۇ يەردە جەڭ قىلىشقان. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى يۇڭجى ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى پۇجۇدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 - توم، 1753 - بەت).

(15) ئەردەمبەگ (归德侯) قەدىمكى تۈركىي تىلدا ئەر- دەم ياخشىلىق، پەزىلەت مەنىسىدە بولۇپ، باتىسقان خەن سۇلا- لىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، پەزىلەتكە، ياخشىلىققا قايتقۇچى بەگ ئۇنۋانى بېرىلدى.

(مۇھەررىردىن).

(16) قورۇقچىبەگ (都护) ئەمەل. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى ئەمەلى تەسىس قىلىندى. بۇ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىك - خانلىقلارنى نازارەت قىلىش ۋە قوغداش ھەمدە جەنۇبىي، شىمالىي يولنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل ئىدى. قورۇقچىبەگلىك قوشۇمچە ئەمەل ھېسابلىناتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 3112 - بەت).

(17) دۇز (兜訾城) قەدىمكى شەھەر. ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ، قوس خانلىقىغا قاراشلىق شەھەرلەردىن بىرى ئىدى.

(«خەننامە، قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 - توم، 5538 - بەت).

(18) ئۇلى (乌垒) قەدىمكى شەھەر. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا غەر- بىي يۇرتنىڭ مەركىزى بولۇپ، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مۇشۇ يەردە ئىدى. ئورنى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۈگۈر ناھىيە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چېدىر يېزىسى يېنىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 74 - بەت).

(19) مەھكىمە (莫府) قەدىمكى زاماندا سانغۇن سەركەر- دىلەرنىڭ ئىش بېجىرىدىغان چېدىر - بارگاھلىرى مەھكىمە دېيە-

لەتتى. بۇگۇر غەربىي يۇرتىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولغىنى ئۈچۈن، قورۇقچىبەگلىك مەھكىمىسى چېدىرغا تەسىس قىلىنغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ‐ توم، 2658 ‐ بەت).

(20) مۇھاپىزەتچى (羽林) خان مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنىڭ نامى. م.ب. 104 ‐ يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، جېەنجاڭ ئوردىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى قىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2502 ‐ بەت).

(21) تاش ئېتىپ كۈچ سىنىشىش (投石拔距) مەلۇم ئېغىرلىقتىكى تاشلارنى يىراققا ئېتىش ۋە كۈچ سىنىشىشتا گەن‐يەنشۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى.

(«خەننامە»، 9 ‐ توم، 3007 ‐ بەت (1 ‐) ئىزاھ).

(22) شەنياڭ (山阳) قەدىمكى ۋىلايەت. خەن ۋۇدى دەۋرىدە لياڭ بەگلىكىنى بۆلۈپ تەسىس قىلغان ۋىلايەت، دائىرىسى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى دۇشەن كۆلىنىڭ غەربى. يۈنچېڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي، چېڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي، ساۋشيەن، دەنشيەن ناھىيىلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. باش شەھىرى چاڭيى (بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنشياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 783 ‐ بەت).

(23) شياچيۇ (瑕丘) قەدىمكى ناھىيە. ئەسلىدە دەۋرىدە لۇبەگلىكىنىڭ يېرى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىندى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى يەنچۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 ‐ توم، 2068 ‐ بەت).

(24) ياردەمچى داستىخانبەگ (太官献食丞) ئەمەل. چىن ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بار ئىدى. خاننىڭ يېمەك ۋە زىياپەت ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 ‐ توم، 702 ‐ بەت).

(25) مۇپەتتىش چېرىكچى (司隶校尉) ئەمەل. ئەسلىدە
جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «مىلى» (司隶) دېگەن ئەمەل بولۇپ،
قۇللار ۋە ئەسىرلەرنى ئەمگەككە سېلىش، ئوغرى - قاراقچىلارنى
تۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە
司隶校尉 ئەمەلى تەسىس قىلىندى ۋە مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەرگە
باشچىلىق قىلىپ، سۇيىقەستچى پېرىخونلارنى تۇتۇش ۋە چوڭ
ئالدامچى - مەككارلارنى تىنتىش - مۇپەتتىش قىلىشقا مەسئۇل
بولدى. كېيىنچە ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلىش هوقۇقى توختىتى
لىپ، پايتەخت ئەتراپىدىكى مەركىزىي ۋىلايەتلەر خىزمىتىنى
مۇپەتتىش قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 - توم، 465 - بەت).

(26) غەربىي يۇرت ياردەمچى چېرىكچىسى (西域副校尉)
غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنىڭ ياردەمچىسى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1- توم، 362 — 363 - بەتلەر).

(27) ئوغۇزلار (呼揭) تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەڭ چوڭ
گۇرۇھلىرىدىن بىرى. سەلچۇقىيلەر، ئوسمانىيلەر، ئازەربەيلەر ۋە
ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركمەنلىرى ئوغۇزلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

(تۈركچە «ئوكيانۇس»، 3 - توم، 2152 - بەت).

(28) قىرغىزلار، خاكاسلار، چەرەكسەلەر (坚昆) قەدىمكى
مىللەت. (结骨، 居勿، 鬲昆، 隔昆) دەپمۇ يېزىلاتتى. VII
ئەسىردىن باشلاپ 扢结斯 ياكى 黠戛斯 دېيىلدى. هازىرقى
يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايتتى، خەن سۇلالىسى
نىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا هونلارغا قارام ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 526 - بەت).

(29) گۇڭ يۈ (贡禹) لاگىيالىق. ئىلمىي ئىقتىدارى بىلەن
بىلگە بولدي. بىر مەھەل لياگچۇغا ئايماق بېگى، خېنەنگە ئام

ئال بولدى. خەن يۇەندى دەۋرلىرىدە باش تەپتىش بەگلىككە كۆتۈرۈلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 853 ـ بەت).

(30) كۇاڭ خېڭ (匡衡) دۇڭخەيلىك شائىر. ۋەلىئەھدكە ئاتالىق قىلاتتى، ساراي كېڭەشلىرىگە چاقىرىلاتتى. خەن يۇەندى دەۋرىدە بىر مەزگىل باش ۋەزىرمۇ بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 233 ـ 234 ـ بەتلەر).

(31) تالاس (都赖水) دەريا. كانگگا خانلىقىدا بولۇپ، چىچى (تەڭرىقۇت) شەھىرى (هازىرقى جامبۇل شەھىرى) بۇ دەريانىڭ بويىدا ئىدى. تالاس دەرياسى قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستان ئىچىدە ئاقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 661 كىلومېتىر.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ـ توم، 24 ـ 25 ـ بەتلەر؛ «سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، 1270 ـ بەت).

(32) ئىلىپ (伊列) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىپ ئاسىيۇ خانلىقىدا بولۇپ، بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلەتتى. مەنبەلەردە ئىلىپنى «ئىلى» دەپ كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا، ئۇ زامانلاردا ئىلى نامى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ھەم ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا كېرەك.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى» 2 ـ توم، 362 ـ بەت؛ «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ـ توم، 13 ـ 14 ـ بەتلەر).

(33) بەلۇجىستان (山离乌戈) هازىرقى جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر رايون، شەرقىي ئىران بىلەن پاكىستاننىڭ بىر بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومان دېڭىزىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، مەيدانى تەخمىنەن 350000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 1393000.

(«مەيدان ـ لائۇرۇس ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2 ـ توم 676 ـ بەت).

(34) شەھەر دۆلەتلىرى (城国诸国) قەدىم زامانلاردا

شەھەرنى مەركەز قىلىپ، ئەتراپىدىكى يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قۇرۇلغان دۆلەتلەر، شەھەر دۆلىتى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەردە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر — خانلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(35) پامىر، كۆكتارت (葱岭) قەدىمكى زاماندا پامىر ئېگىزلىكى، قارا قۇرۇم، تىيانشان تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمى كۆكتارت دېيىلەتتى. پامىر ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىر پامىرنىڭ غەربىي قىسمى تاجىكىستانغا، شەرقىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمى جۇڭگو ۋە ئافغانىستانغا تەۋە.

(«تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 — توم، 2688 — بەت؛

(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى» 1005 — بەت).

(36) ئونسۇ (ئۇچتۇرپان) بەگلىكى (温宿国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ بىرى ئۇچ (于祝) مۇ دېيىلىدۇ، ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 100 — بەت).

(37) ئىسسىقكۆل (阗池) كۆل. ھازىر قىرغىزىستاندا، ئۆز ۋاقتىدا غەربىي يۇرتقا بارىدىغان قاتناش يولى بۇ يەردىن ئۆتەتتى. بۇ يەردە تارىختىن بېرى ئاسىيۇلار، كۆكتۈركلەر، چىگىللار، قارلۇقلار، قىرغىزلار ياشاپ كەلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 631 — بەت؛

«مەيدان — لاروس ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 6 — توم، 128 — بەت).

(38) تەگرىقۇت شەھىرى (单于城) بۇ يەردە چىچى تەگرىقۇت قۇرغان پايتەخت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئورنى قازاقىستاندىكى جامبۇل شەھىرى يېنىدا.

(مۇھەررىردىن).

(39) ۋاقىتلىق چاۋۇشبېگى (军侯假丞) خەن سۇلالىسى

نىڭ ھەربىي تۈزۈمىدە ئۇلۇغ سانغۇن قارارگاھى ئاستىدا بەش قوشۇن ئەسكەر بولاتتى، ھەر قىسىم ئاستىدا بۆلۈم بار بولۇپ، بىر بۆلۈمگە بىردىن ۋاقىتلىق چاۋۇشبېگى قويۇلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ـ توم، 3016 ـ بەت).

(40) شايى مەكتۇب (帛书) شايىغا يېزىلغان مەكتۇپلەر شايى مەكتۇپ دېيىلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 974 ـ بەت).

(41) تاڭ (唐) تاڭياۋ (唐尧) مۇ دېيىلىدۇ. قەدىمكى پادىشاھلار (ھۆكۈمدارلار) دىن دەسلەپ تاۋ (陶)، كېيىن تاڭ (唐) دېگەن يەرگە پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، تاۋتاڭشى (陶唐氏) دېيىلگەن: ئوغلى دەنچۇ يارامسىز كىشى بولغاچقا، شۈن (氏) نى ئورنىغا پادىشاھلىققا تەيىنلىگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1 ـ توم، 515 ـ بەت).

(42) يۈ (虞) يۈشۈن (虞舜) مۇ دېيىلىدۇ. قەدىمدىكى ئاقساقال (ھۆكۈمدارلار) لاردىن. تاڭ ياۋنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ، 48 يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

(تۈزىتىلگەن (سىيۇەن»، 4 ـ توم، 2754 ـ بەت).

(43) گاۋجيې (槁街) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چاڭئەن شەھىرىدىكى بىر كوچىنىڭ نامى بولۇپ، چەتئەللىك مېھمانلار چۈشىدىغان ھۆكۈمەت سارىيى مۇشۇ كوچىدا ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 1611 ـ بەت).

(44) تەقۋىمنامە (月令) «يۈسۈننامە» قىسىملىرىدىن. ئاپتورى جۇگۇڭ، يىلنىڭ 12 ئېيىدىكى دېھقانچىلىق مەۋسۇملىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 1472 ـ بەت).

(45) ۋاڭ شاڭ (王商) لۇۋۇلۇق. خەن شۈەندىنىڭ قېيىن ئاغىسى. باش تەپتىشبەگ، باش ۋەزىرلىك خىزمەتلىرىدە بولغان،

بەيتىدىلىك سۆزلۈك ئادەم ئىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 118 ـ بەت).

(46) جياگۇ(夹谷) قەدىمكى يەر ئىسمى. ئەمىنىيە دەۋ-رىدە چى بەگلىكىنىڭ يېرى ئىدى. ئورنى ھەققىدە: 1) ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى لەيۋۇنىڭ جەنۇبى؛ 2)ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى گەينۇنىڭ غەربى؛ 3)ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى زىبونىڭ غەربىي جەنۇبى دېگەن ئۈچ خىل قاراش بار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 54 ـ بەت).

(47) يۇشى (优施) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى بەگلىك-نىڭ ئويۇنچىسى (قىزىقچىسى). چى جىڭگۇڭ بىلەن لۇ دىڭگۇڭ جياگۇدا كۆرۈشكەندە، قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپ دىڭگۇڭنى مەس-خىرە قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، كۇڭزى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 218 ـ بەت).

(48) كۇڭزى (孔子، م. ب. 551 ـــ 479) ئىسمى كۇڭ-چيۇ، يەنە بىر ئىسمى كۇڭ جۇڭنى. لۇ بەگلىكىنىڭ زوۋيى (ھازىر-قى شەندۇڭ ئۆلكىسى چۇفۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) لىق. ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇتەپەككۇر، سىياسىئون، پېداگوگ، كۇڭزىچىلىق تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى. ئەجدادى سۇڭ بەگلىكى-نىڭ ئېسىلزادىلىرىدىن. مۇئەييەن مۇددەرىسى بولمىغاچقا، بەزىدە ئالىم لاۋزىدىن تەلىم ئالاتتى. دەسلەپ لۇ بەگلىكىدە مېھمان كۈتكۈچى، ئامبارچى، چوپان قاتارلىق كىچىك خىزمەتلەردە بولۇپ، 50 يېشىدا زىندان، جازا ئىشلىرى مەئمۇرى بولدى. كېيىن بەگ-لىكىدىن نارازى بولغان كۇڭ زى ۋېي، سۇڭ، چېن، سەي، چۇ قاتارلىق بەگلىكلەرگە بېرىپ، ۋەز ئېيتتى. لېكىن ھېچبىر بەگلىك ئۇنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلمىغانلىقتىن، ئۆز يۇرتى لۇ بەگلىكىگە قايتىپ كېلىپ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. «نەزمىنامە»، «نەسرنامە» قاتارلىق كىتابلارنى رەتلىدى ھەم لۇ بەگلىكىنىڭ تارىخچىسى تۈزگەن «ئەمىنىيە» نى تەھرىرلەپ ـ ئۆزگەرتىپ،

ئۇنى جۇڭگونىڭ تۇنجى يىلنامىلىق تارىخى قىلىپ تۈزۈپ چىققى. كۇڭزىنىڭ 3000 تالىپى بار بولۇپ، ئۇلاردىن مەشھۇرلىرى 72 نەپەر ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1119 - بەت).

(49) جۇڭشۇلىڭ (中书令) ئەمەل. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئاختا قىلىنغان خادىملار بۇ ئىشقا قويۇلغان بولۇپ، پەرمانلارنى جاكارلاش، يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى قىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1409 - بەت).

(50) شى شيەن (石显) جىنەنلىك. خەن يۈەندى دەۋرىدە جۇڭشۇلىڭ، خەن چېڭدى دەۋرىدە چاڭشىن ئوردىسىغا ئوردا مىرا قۇلى بولغان. كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ يۇرتىغا قايتۇرۇلىۋاندا، تاماق يېمەي ئۇنىماي يولدىلا ئۆلگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 220 - بەت).

(51) ليۇشياڭ (刘向) تەخمىنەن م. ب. 77 — 6).

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىقتىسادشۇناس، مۇندەرىجىچى ئەدەبىياتچى، پېيشيەن (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدە)ناھىيىسىدىن. خەن سۇلالىسى خان جەمەتىدىن چۇ يۈەنۋاڭنىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى. خەن يۈەندى دەۋرىدە مەسلىھەتچىبەگ، ئوردا ئىشلىرى بېگى، خەن چېڭدى دەۋرىدە كېڭەشبېگى، قورغان چېرىكچىبېگى بولغانىدى. نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىپ «别录» (مۇندەرىجات) ناملىق كىتابىنى يازدى ۋە ئېلىمىز مۇندەرىجىچىلىكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1538 - بەت).

(52) جى فۇ(吉甫) جۇ سۇلالىسىنىڭ تۆرىلىرىدىن بولۇپ، م. ب. 823 - يىلى جۇ شۈەنۋاڭ دەۋرىدە تەييۈەندىكى شيەنيۈنلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى شىمالغا قاچۇردى. بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈگەن باشقا يات قوۋملەر جۇ سۇلالىسىگە بويسۇنۇشقانىدى.

(«جۇڭگوتارىخىدىكى زورۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 - توم،79-بەت).

(53) شيەنيۇنلەر (山戎) ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملەردىن بولۇپ، تاغ رۇڭلىرى (山戎) شيەنيۇنلەر (猃狁)، شۈنيۈلەر (荤粥) دەپمۇ ئاتىلاتتى، ھۇنلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، زامانىمىزدىن 4200 يىل بۇرۇن ئېلىمىز تارىخىدا نامى تىلغا ئېلىنىدىغان ئەپسانىۋى شەخس تاڭ يۈ (唐虞) زامانىدىن بۇرۇن شەنرۇڭلار (تاغ رۇڭلىرى)، ياۋ (尧) دەۋرىدە شيەنيۈلەر، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە شيەنيۇنلەر، چىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ھۇنلار دەپ ئاتالدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 3- توم، 2013 - بەت).

(54) خاۋ (镐) يەر نامى. جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شوفاڭ ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر يەرنىڭ نامى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى نىڭشيا ئۆلكىسىدىكى لىڭۋۇ ناھىيىسى ۋە يېقىن ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ئىبارەت.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 34 - توم، 376 - بەت).

(55) شياڭ بەگلىكى (项国) قەدىمكى بەگلىك. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شياڭچېڭ شەھىرى. م. ب. 647 - يىلى مۇنقەرز بولغان. «زوجۇەن» ناملىق كىتابتا: «شياڭ بەگلىكى لۇ شىگۇڭ تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان» دېيىلسە، «گۇڭياڭ تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا: «چى خۇەنگۇڭ تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى» دېيىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 510 - بەت).

(56) ماھىر ئوقياچىلار چېرىكچىسى (射声校尉) ئەمەل. خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان سەككىز چېرىكچىلىكنىڭ بىرى. شەپىگە تەگكۈزىدىغان ئوقياچىلار، يەنى ماھىر ئوقياچىلارنىڭ باشلىقى. 2000 دەن ئاشلىق مائاش ئالاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 - توم، 872 - بەت).

(57) قوۋۇق بېشى (城门校尉) ئەمەل. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە تەسىس قىلىنغان. پايتەخت دەرۋازىلىرى-

دىكى قوشۇنغا مەسئۇل ئىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 533 ـ بەت).

(58) گۈيۇڭ (谷永) بىلىملىك، قەلىمى كۈچلۈك ۋە توغرا سۆزلۈك زات ئىدى. م. ب. 36 ـ يىلى خەن يۈەندى دەۋرىدە مۇراسىمبېگى بولدى. خەن چېڭدى دەۋرىدە كېڭەش بېگى، ۋالىي ئەمىر ھەرەس قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 506 ـ بەت).

(59) زىيۇدېچېن (子玉得臣) زىيۇ ـ قامىلىسى بولۇپ، ئىسمى دېچېن. ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چۇ بەگلىكىنىڭ تەدبىرلىك سەركەردىسى. م. ب. 632 ـ يىلى زىيۇدېچېن قوماندىسىدىكى چۇ بەگلىكى قوشۇنى پۇچېڭ دېگەن يەردە جىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى. چۇ بەگلىكى قوشۇنى يېڭىلگەن بولسىمۇ، جىن ۋېنگۇڭ يەنىلا زىيۇدېچېندىن ئەندىشە قىلغانىدى.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 3021 ـ بەت (1) ئىزاھ).

(60) جىن ۋېنگۇڭ (晋文公، م. ب. ؟ ـــ 628) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ بېگى. ئىسمى چۇڭئېر، شەنگۇڭنىڭ ئوغلى. ئاتىسىدىن خەۋپسىرىگەن چۇڭئېر دىلار ئېلىگە قاچتى. 19 يىل سەرگەردانچىلىقتىن كېيىن، چىن مۇگۇڭنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىگە قايتىپ بەگ بولدى. 9 يىل سەلتەنەت سۈردى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 1430 ـ بەت).

(61) جاۋشې (赵奢) يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى. ھەربىي ماھارىتى ئۈستۈن ئىدى. م. ب. 269 ـ يىلى چىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنى يەنيۈگە ھۇجۇم قىلىپ قورشىۋالغاندا، جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى خۇيۋاڭ جاۋشېنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاۋشې تۈمەنى 28 كۈن مۇداپىئەدە تۇرۇپ، چىن قوشۇنىنىڭ بوشاشقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ

پەسكە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەن قوشۇنىنى تارمار قىلىدى.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 - توم، 377 - بەت).

(62) جىڭشىڭ (井陉) تاغ. خېبېي ئۆلكىسى جىڭشىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 50 چاقىرىم كېلىدۇ. خۇلۇ ناھىيىسى بىلەن چېگرىداش. شىڭشەن تېغى جىڭشىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 80 چاقىرىم كېلىدۇ. تۆت تەرىپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى قۇدۇققا ئوخشىغاچقا، جىڭشىڭ (قۇدۇقتاغ) دېيىلگەن. خېبېي بىلەن خېدۇڭنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا كۆپ ئۇرۇش بولغان جاي.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 119-بەت).

(63) جى دۇ (郅都) داياڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى پىڭلۇ ناھىيىسى) لىق. خەن جىڭدى دەۋرىدە ئەمر نۆكەر، جىنەن ۋالىيسى، قوشېيشى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولىدى. توغرا سۆزلۈك بولۇپ، قانۇن-قائىدە بويىچە ئىش قىلاتتى. خان جەمەتى ۋە ئەمەلدار بەگلەردىن قورقمايتتى. لىنجياڭ بېگى لىيۇرۇڭ ئۆزىگە ئىستىقامەتگاھ سالىمەن دەپ، ئەجدادلار ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋەقپە يېرىگە چاڭ سېلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، جى دۇنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەچكە، شاھ سانىيەنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان جى دۇ غەربىي شىمال چېگرىدىكى يەنمېن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا چۈشۈرۈۋېتىلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 719 - بەت).

(64) يىڭدۇ (郢都) يەر نامى. ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چۇ ۋېنۋاڭ دەۋرىدە (م. ب. 689 — 677) پايتەخت بولغان. ئورنى ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى جياڭلىڭنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 450 - بەت).

(65) جاۋكو (赵括 م. ب. ؟ — 260) يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى. جاۋشېنىڭ ئوغلى. «ھەربىي ئىشلار تەدبىرلىرىدىن نەزەرىيىدىلا ئۆگىنىپ، ئەمەلىي ماھارىتىنى ئۆزلەشتۈرەلمىگەن. م. ب. 260 – يىلى جاۋ بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ چاڭپىڭ (بۇگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى گاۋپىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دېگەن يەردە چىن بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى بەي چى بىلەن جەڭ قىلغاندا يېڭىلىپ ئوق تېگىپ ئۆلگەن. جاۋ بەگلىكىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن 400000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى تىرىك كۆمۈلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1944 – بەت).

(66) دۇيۇ (杜邮) يەر نامى. ئورنى بۇگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 393 – بەت).

(67) چىن بېگى جاۋۋاڭ (秦昭王، م. ب. 323 — 251) چىن بېگى جياۋشاڭۋاڭ (秦昭襄王) مۇ دېيىلىدۇ. يېغىلىق دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ بېگى، چىن ۋۇۋاڭنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى. م. ب. 306—251 غىچە سەلتەنەت سۈرگەن. دەسلەپ ھوقۇق ئانىسى شۈەن شاھ سانىيەنىڭ قولىدا ئىدى. شىرەم تۇغقانلىرىدىن ۋېي رەننى باش ۋەزىر، بەي چىنى سەركەردىلىككە تەيىنلەپ، ئىلگىرى - ئاخىر جىن، چى، چۇ بەگلىكلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ۋېي بەگلىكىدىن خېدۇڭ ۋە نەنياڭنى، چۇ بەگلىكىدىن چيەنجۇڭنى ۋە چۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى يىڭ شەھىرىنى تارتىۋالدى. م. ب. 266 – يىلى فەن سۈينى باش ۋەزىر قىلدى. چاڭپىڭدا جاۋ بەگلىكى قوشۇنىنى تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىدىكى چىن بەگلىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىغا ئاساس يازاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1613 – بەت).

(68) شۈەنشى قەسىرى (宣室) خەن سۇلالىسى دەۋرىدى

كى ۋېيياڭ ئوردىسىدا، شۇەنشى ناملىق قەسىر بولۇپ، خانلار بۇ يەردە پەرھىز تۇتۇشاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 2 – توم، 827 – بەت).

(69) ئىش بېجىرگۈچىبەگ (从事中郎) كاتىپلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، قانۇنسىزلىق ئىشلىرىنى پاش قىلىدىغان ۋە تەكشۈرىدىغان ئەمەلدار.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 – توم 1031 – بەت).

(70) پىركامىل (大匠) ئەمەل. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردا، ئەجدادلار ئىبادەتخانىسىنىڭ رېمونت ئىشلىرى، ئورمان بىنا قىلىش ئىشلىرىغا قارايتتى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 8 – توم، 193 – بەت).

(71) ۋېيلىڭ (渭陵) قەبرىستان. ئورنى شەنشى ئۆلكىسى شيەنيالڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، خەن يۈەندى ئۆلگەندىن كېيىن (م. ب. 33 – يىل 5 – ئايدا) مۇشۇ قەبرىستانغا دەپنە قىلىنغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 1851 – بەت).

(72) چۇتىڭ (曲亭) يەر نامى. خېنەن ئۆلكىسىدىكى شيۇۋۇشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 317 – بەت).

(73) ياردەمچى ئەمىر ھەرەس (大司农中丞) ئىجارە، باج، پۇل، ئاشلىق، تۇز، تۆمۈر ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 – توم، 677 – بەت).

(74) چېڭما يەننىيەن (乘马延年) فامىلىسى چېڭما، ئىسمى يەننىيەن. خەن چېڭدى دەۋرىدىكى كېڭەش بەگلەردىن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى». 729 – بەت).

(75) چېڭدۇ (成都) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى شەندۇڭ

ئۆلكىسى پۇجۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 4 - توم، 2647 - بەت).

(76) شاھ سانىيە (皇太后) خەن يۈەندىنىڭ خانىكىسى ۋاڭ جېڭجۈننى دېمەكچى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، ئۆزگەرگەن ئىسىملەر جەدۋىلى، 7 بەت).

(77) شىندۇ (新都) خەن سۇلالىسىنىڭ بەگلىكلىرىدىن بولۇپ، ۋاڭ ماڭ شىندۇ بېگى بولغانىدى. قەدىمكى ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شىنيې ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 15 - توم، 203 - بەت).

(78) گۇسېن (苟参) گۇبىنىنىڭ ئوغلى. خەن يۈەندىنىڭ خانىكىسىنىڭ ئاتا باشقا ئىنىسى. خەن چېڭدى تەختكە چىققاندا، شاھ سانىيە ئۇكىسى گۇسىنىنى يۇقىرىراق ئەمەلگە قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ پىكىرنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن خەن چېڭدى گۇ سېننى شىغاۋۇل ئوردا ئۆلچەم نازىرى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 703 - بەت).

(79) خۇڭنۇڭ (弘农) قەدىمكى ۋىلايەت. م. ب. 113 - يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. تېررىتورىيىسى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئېيشياڭ، يىياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي، خۇاڭخې دەرياسى، خۇاشەن تېغىنىڭ جەنۇبى، شەنشى ئۆلكىسى جاشۈي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. مەركىزى خۇڭنۇڭ ناھىيىسى.

(«تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»»، 2 - توم، 1042—1043— بەتلەر).

(80) دۇڭلەي (东莱) قەدىمكى ۋىلايەت. ئەمىنىيە دەۋرىدە لەيزى بەگلىكى ئىدى. چى بەگلىكىنىڭ شەرقىدە بولغاچقا، بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە دۇڭلەي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنىپ، چىڭجۇغا قارىدى. تېررىتورىيىسى شەندۇڭ كونا دېڭجۇ، لەيجۇ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مەركىزى يىپ يەنى هازىرقى شەندۇڭدىكى يېشيەن ناھىيىسى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 1528 ـ بەت).

(81) نەنجۈن (南郡) قەدىمكى ۋىلايەت. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. خۇبېي كونا جىڭجۇ، ئەنلۇ، خەنياڭ، ۋۇچاڭ، خۇاڭچۇ، دېئەن، شىنەن قاتارلىق ۋىلايەتلەر ھەم شياڭياڭ ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي چېگرىلىرىنىڭ ھەممىسى نەنجۈنگە قارايتتى. مەركىزى يىڭ (郢) ئىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 591 ـ بەت).

(82) ئەنىنبەگ (安侯丞) ۋاڭ ماڭغا بېرىلگەن شەرەپ ئۇنۋانى. خەن پىڭدى دەۋرىدە ۋاڭماڭ پۈتۈن ھوقۇق ـ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغاچقا، تۆۋەندىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار خۇشامەت يۈزىسىدىن، «ئەلنى ۋە خەن سۇلالىسى خان جەمەتىنى ئەمىنلەشتۈرۈشتە زور خىزمەت كۆرسەتكەن» دەپ، مىلادى بىرىنچى يىلى (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ تۇنجى يىلى) خەلپەتىبگىلىككە تەيىنلەنگەن ۋاڭ ماڭغا بۇ ئۇنۋان بېرىلگەنىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم 807 ـ بەت).

(83) بەگ مۇلازىمى (侯亟) تۆرە ـ بەگلەرنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى خادىم.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 3028 ـ بەت).

(84) هۇنلارنى يوقاتقۇچى پالۋان بەگ (破胡壮侯) چېن تاڭ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ هۇنلارنى يېڭىپ، چىچى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، «هۇنلارنى يوقاتقۇچى پالۋان بەگ» دەپ شەرەپ ئۇنۋانى بېرىلگەن.

(«خەننامە»، 9 ـ توم، 3028 — 3029 ـ بەتلەر).

(85) بەش مەھكىمە (五府) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەلپەتىبگى مەھكىمى ئەمرلەشكەر مەھكىمىسى، ئەمرى زېمىن مەھكىمىسى، ئەمرى مىمار مەھكىمىسى، ۋە ئۇلۇغ سانغۇن مەھكى

مىسى قاتارلىق بەش ئورۇن بەش مەھكىمە دەپ ئاتىلاتتى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ــ توم، 133 ــ بەت).
(86) ئانرى (安日) ئۇجۇتىنىڭ ئوغلى. م. ب. 30 —17—
يىللىغىچە ئاسىيۇلارنىڭ كىچىك كونىپگى بولدى.
(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات»، 1983 ــ يىلى، خەنزۇچە
نەشرى، ئاسىيۇ كونىپگىلىرىنىڭ شەجەرىسى 162 ــ بەت).
(87) موجىنجان (末振将) ئۇجۇتىنىڭ ئوغلى، ئانرىنىڭ
ئاكىسى. م. ب. 17 — 12 ــ يىللىغىچە ئاسىيۇلارنىڭ كىچىك
كونىپگى بولدى. «خەننامە»، 9 ــ توم، 3030 ــ بەتتە كىچىك
كونىبەگنىڭ ئاكىسى، «ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات»، 262 ــ بەت
«ئاسىيۇ كونىبەگلىرىنىڭ شەجەرىسى» دە ئىنىسى دېيىلگەن.
(«خەننامە»، 9 ــ توم، 3030 ــ بەت؛
«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات»، 262 ــ بەت).
(88) سىلىبىي، سىلبەك (雌栗靡) يانقۇيبەگنىڭ ئوغلى.
م. ب. 33 — 16 ــ يىللىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئاسىيۇ ھۆكۈمدارى
(كونىپگى).
(« ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات» 262 ــ بەت).
(89) دىيەنلۇ (蛰娄) ئاسىيۇ ئېلىنىڭ بىر جايى، ئورنى
مەنبەلەردىن تېپىلمىدى.
(مۇھەررىردىن).
(90) ئۇلبىي، ئۇلبەك (乌犁靡) مۇجىنجانىنىڭ جىيەنى
(ئاكىسىنىڭ ئوغلى)، كىچىك كونىبەگ.
(«خەننامە»، 9 ــ توم، 3031 ــ بەت).

## «خەننامە» 73 — جىلد

# ۋېي شيەن (1) نىڭ تەرجىمھالى

خەن ئەيدى زامانىدا ئوردا ۋەزىرلىرى خەن ۋۇدى ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇپ تاشلاشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ئوردا مىراقۇلى ۋاڭ شۇن (2)، قورغان چېرىكچىسى(3) ليۇشىن (4)لار بۇنداق پىكىرگە قوشۇلمىدى. ئۇلار: «ئاڭلىشىمىزچە، جۇ جەمەتى ئاجىزلىغان مەزگىللەردە تۆت ئەتراپتىكى يات قوۋملەر ئوتتۇرا جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە شيەنيۈنلەر (ھۇنلار) ئەڭ كۈچلۈكى ئىكەن. جۇ شۈەنۋاڭ زامانىغا كەلگەندە، ئاندىن ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىنغانىكەن. شائىرلار بۇ يۈرۈشنى مەدھىيىلەپ:

«يۈرۈش قىلىپ شيەنيۈنلەرگە، باردۇق بىز تەييۈەنگىچە»

دەپ يازغان، ئۇلار يەنە:

«ئىتتىرىتىپ يەر - جاھاننى كۈچلۈك قوشۇن ھەيۋىسى،
قىلدى پاك قۇلاقلارنى بۇ يۈرۈش داغدۇغىسى.
يۈرۈش قىلغاچ ھۇنلارغا دانا، سادىق فاڭ سانغۇن،
قورقۇپ بەيئەت قىلىشتى يات جىڭمەن (5) نىڭ
ھەممىسى».

دەپ كۆيلىگەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋر جۇ سۇلالىسى قۇدرەت تاپقان ۋە گۈللەنگەن دەۋر دەپ ئاتالغان. جۇ يۇۋاڭ(6) دەۋرىگە كەلگەندە رۇڭلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، يۇۋاڭ-نى ئۆلتۈرگەن. خانلىق ئىبادەتخانىسىنىڭ نەزىر - چىراق ۋە نەغمە - ناۋا ئەسۋابلىرىنى بۇلاپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇب ۋە شىمالدىكى يات قوۋملەر ئارقا - ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇ سۇلالىسى قىل ئۈستىدە قالغان (ئەمنىيە) دە: «چى خۇەنگۇڭ جەنۇبتا چۇ بەگلىكىگە، شىمالدا تاغ رۇڭلىرى (7) غا يۈرۈش قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. كۆڭزى: «ئەگەر چى خۇەنگۇڭغا گۇەن جۇڭنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، بىز ئاللىقاچان ياۋايىلارچە كىيىنگەن بولاتتۇق» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چى خۇەنگۇڭنىڭ سەۋەنلىكى ئەپۇ قىلىنىپ، كۆرسەتكەن خىزمىتى تەقدىرلىنىپ، بەش ھاكىمبەگ ئىچىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان ۋاقىتتا كۆچمىشكە باشلىغان ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر توڭغۇس-لارنى يېڭىپ، توخرىيلارنى تارمار قىلغان. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىپ، زېمىنىنى كېڭەيتكەن. قوشۇنلىرىنى كۆچەيتىپ، ئوتتۇرا جۇڭگوغا خەۋپ تۇغدۇرغان. جەنۇبىي يۈ خانلىقىنىڭ خانى ۋېي تو (8) جەنۇبىي يۆلەرنى ئىدارە قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەن سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تىنچلىق ئورنىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىدىكى يات قوۋملەرنىڭ يەنىلا تەھدىتى بولۇپ، زادىلا تىنچ - خاتىرجەم زامان بولمىغان. بىر تەرەپتە خەۋپ يۈز بەرسە، ھەممە تەرەپتىن كىشىلەر ياردەمگە كەلگەن. پۈتكۈل ئەل پاتىپاراق بولۇپ ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن. خەن ۋېندى كۆپ مال - باپلىق تەقدىم قىلىپ، ھۇنلار بىلەن ياراشقان ۋە ئىتتىپاقلىق توختىمى تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا داۋاملىق تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراپ تۇرغان. ئەھۋال ئېغىرلاشقاندا،

100 نەچچە مىڭ ئوشۇننى پايتەخت ئەتراپى ۋە چېگرا جاي-
لارغا تۇرغۇزۇپ، ھەر يىلى چېگرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇنلار-
نىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرگەن. ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكنى پاراكەندە قىلىۋاتقانلىقىغا ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار
بولۇپ، مۇشۇ بىر دەۋردىلا كىچىكەن ئەمەس، بەگلەر ۋە
ۋىلايەت ۋالىيلىرىدىن ھۇنلار ۋە يۆلەر بىلەن تىل بىرىكتۈ-
رۈپ، ئىسيان كۆتۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس، ھۇنلار ئۆلتۈرگەن
ۋىلايەت ۋالىيلىرى، كاھىبەگلەر ۋە ئۇلار تۇتۇپ كەتكەن ئادەم-
لەرنى ساناپ تۈگەتكىلىمۇ بولمايدۇ. خەن ۋۇدى ئەھۋال
مۇنداق داۋام قىلىۋەرسە، ئەل ھالسىزلىنىپ كېتىدۇ، ئەمنىلىك
بولمايدۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ، قىران
چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ، داۋالغۇشنى تىنچىتقۇچى سانغۇن
لۇبۇدې، بالىخانىلىق كېمە سانغۇنى ياڭ پۇ قاتارلىقلارنى
ئەۋەتىپ، جەنۇبتا يۆلەرنى يوقىتىپ، يەتتە ۋىلايەت قۇرغان.
شىمالدا ھۇنلارنى يەڭگەچكە، قۇنشارخان 100 000 ئادىمى
بىلەن تەسلىم بولۇپ، بەش بېقىندى ئەل تەسىس قىلىنغان،
شوفاڭ ۋىلايىتى قۇرۇلۇپ، مۇنبەت، باي زېمىنلەر تارتىپ
ئېلىنغان؛ شەرقتە كورىيەگە يۈرۈش قىلىپ، شۈەنتۇ(9)، لېلاڭ(10)
ۋىلايەتلىرى تەسىس قىلىنغان، شۇ ئارقىلىق ھۇنلارنىڭ
سول قولى كېسىپ تاشلانغانىدى، يەنە غەربتە پەرغانىگە
يۈرۈش قىلىپ، 36 شەھەر دۆلىتى بىرلەشتۈرۈلگەن، ئاسىيۇلار
بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈلگەن، دۇنخۇاڭ، جيۇچۇەن،
جاڭيې ۋىلايەتلىرى تەسىس قىلىنىپ، چياڭلار ئايرىۋې-
تىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولى كېسىپ تاشلان-
غان. يېتىم قالغان ئىجىش تەڭرىقۇت قۇملۇقنىڭ يىراق شىما-
لىغا قېچىپ كەتكەن. تۆت ئەتراپ تىنچلىنىپ، زېمىن كېڭى-
يىپ، ئوندىن ئوشۇق ۋىلايەت قۇرۇلغان. بۇ ئەۋلادتىن - ئەۋ-
لادقا قالىدىغان ئاساس، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى روناق تاپتۇردى-

غان تۆھپە بولۇپ، بۇ جەھەتتە خەن ۋۇدىدىن ئېشىپ كېتى-
دىغانلار بولمىغانىدى. خەن گاۋدى چوڭ تۆھپە يارىتىپ
تەيزۇ (太祖)؛ خەن ۋېندىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى
ساۋابلىق ئىشلىرى ئەڭ كۆپ بولغاچقا، تەيزۇڭ (太宗)؛
خەن ۋۇدىنىڭ ھەربىي جەھەتتە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئالاھىدە
بولغانلىقى ئۈچۈن ۋۇشىزۇڭ (武世宗) دەپ ئاتالدى. خەن
شۈەندىنىڭ خەن ۋۇدى ئىبادەتخانىسىغا ھۆرمەت قىلىشىنىڭ
سەۋەبى شۇ ئىكەن... كەمىنىلەرنىڭ قارىشىچە، خەن ۋۇدى
ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ تۆھپە ياراتقان ھەم خەن شۈەندىنىڭ
ئەنە شۇنداق ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. شۇڭا ئۈچۈن مەر-
ھۇمنىڭ ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇپ تاشلىماسلىق كېرەك» دەپ
تەكلىپ بېرىشتى. خەن ئەيدى ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قو-
بۇل قىلىپ خەن ۋۇدىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى بۇزماسلىققا
قوشۇلدى.

(«خەننامە»، 10 ـ توم، 3125 — 3127 ـ بەتلەر).

---

(1) ۋېي شيەن (韦贤، م.ب. 148 — 60) زوشيەن (ھا-
زىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى زوشيەن ناھىيىسىدىن). كىچىكىدىنلا ئۇ
بەگلىكنىڭ شېئىرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ داڭقى چىققان.
خەن جاۋدى زامانىدا بىلگەلىكتىن كېڭەشبەگلىككە كۆتۈرۈلدى.
خەن شۈەندى دەۋرىدە مەسلىھەتچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلكە
بېگى بولدى. كېيىن باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ـ توم، 3372 ـ بەت).

(2) ۋاڭ شۈن (王舜) ۋاڭ ماڭنىڭ نەۋرە ئىنىسى. ئانا
خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ ماڭ دەۋ-
رىدە ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى، كېيىن خەلپەت بەگ بولۇپ،
شىنئەن بېگى بولدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 129 ـ بەت).

(3) قورغان چېرىكچىسى (中垒校尉) ئەمەل. ئالدىنقى خەن دەۋرىدە قورغان چېرىكچىلىرى بار بولۇپ، شىمال قوشۇنىنىڭ قورغان ئىشلىرىغا، سىرتتا غەربىي يۇرت ئىشلىرىغا قارايتتى، سەككىز چېرىكچىنىڭ بىرى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ــ توم، 90 ــ بەت).

(4) ليۇشىن (刘歆، م.؟ — 23) ليۇشاڭنىڭ ئوغلى. ئاتىسى ليۇشياڭ بىلەن كىتابلارنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلدى. ئاتىسىدىن كېيىن قورغان چېرىكچىسى بولدى. ئاتىسىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ــ سەنئەت ۋەسىقىلىرىنى رەتلىدى. جۇڭگو كاتالوگىيە ئىلمىنىڭ تىكلىنىشىگە مۇئەييەن ھەسسە قوشتى. ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە خەلپەت بەگ بولدى. كېيىن ۋاڭ ــ ماڭنى ئۆلتۈرۈش ئىشىغا قاتنىشىپ، پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ــ توم، 369 ــ بەت).

(5) جىڭمەنلەر (荆蛮) قەدىمكى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى يەنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇ (楚) بەگلىكىنى تېررىتورىيىسىدە ياشىغۇچى خەلقلەر جىڭمەنلەر دەپ ئاتىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ــ توم، 2645 ــ بەت).

(6) جۇ يۇۋاڭ (周幽王، م.ب.؟ — 771) جۇ شۇەنۋاڭنىڭ ئوغلى. جۇ يۇ ۋاڭ خانىكە شېننى خانىكىلىكتىن، ئوغلى يىجيۇنى ۋەلىئەھدىلىكتىن قالدۇرۇپ، خانىكىلىككە ئامراق بانۇسى باۋسىنى، ۋەلىئەھدىلىككە باۋسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى بەيفۇنى بەلگىلىدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خانىكە شېن چۈەنرۇڭلار بىلەن بىرلىشىپ، جۇ يۇۋاڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە لىشەن تېغى ئېتىكىدە خاننى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي جۇ سۇلالىسى يىمىرىلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 1 ــ توم، 507 ــ بەت).

(7) تاغ رۇڭلىرى (山戎) قەدىمكى قوۋم، شىمال رۇڭـ
لىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمىنىيە دەۋرىدە ھازىرقى خېبېي ئۆلكىـ
سىنىڭ شىمال قىسىملىرىدا ياشايتتى. سۆكپىياز، قىزىلمۇچ
تېرىشقا ماھىر ئىدى. م.ب. VII ئەسىردە كۈچىيىپ، جېڭ، چى،
يەن قاتارلىق بەگلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. م.ب. 663 –
يىلى چى خۇەنگۇڭ تاغ رۇڭلىرىغا يۈرۈش قىلىپ ئۇلارنى يەڭـ
دى. ئۇلاردىن سۆكپىياز بىلەن قىزىلمۇچنى چى بەگلىكىگە ئەپـ
كېلىپ تېرىتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي» 783 – بەت).

(8) ۋېي تو (尉佗) جاۋتو (赵佗) (م.ب.؟ — 137) دەپـ
مۇ ئاتىلىدۇ. چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جېندىڭ (بۈگۈنكى
خېبېي ئۆلكىسى جېڭدىڭ) ناھىيىسىدىن. چىن سىخۇاڭ II دەۋرىدە
نەنخەي ۋىلايىتى لۇڭچۇەن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولغان. نەنخەي
ۋىلايىتى ھەربىي ئىشلار باشلىقى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا
باشلىق بولغان. چىن سۇلالىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ۋېي تو
ئۆزىنى جەنۇبىي يۆ خانلىقىنىڭ ۋۇۋاڭى (武王) دەپ جاكارـ
لىدى. خەن گاۋزۇ (ليۇباڭ) تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، لىڭ
جيانى ئەۋەتىپ، ئۇنى جەنۇبىي يۆ خانى قىلىپ تىكلىگەن. خاـ
نىكە لۈخۇ دەۋرىدە ئۆزىنى جەنۇبىي يۆ خانلىقىنىڭ ۋۇدىسى
(武帝) دەپ ئاتىغان. خەن ۋېندى (ليۇخېڭ) تەختكە چىققاندىن
كېيىن يەنە لىڭ جيانى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئەيىبلىگەن. جاۋتو خانغا
مەكتۇپ سۇنۇپ ئۆزىنى «بەدەۋىيلەرنىڭ پېشۋاسى، پېشقەدەم ۋەـ
زىر جاۋتو» دەپ ئاتاپ، ئىمپېراتور دېگەن نامنى بىكار قىلـ
غان. م.ب. 137 – يىلى ئۆلگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن» 4 – توم، 2988 – بەت).

(9) شۈەنتۇ (玄菟) قەدىمكى ۋىلايەت. خەن ۋۇدى تەـ
سىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى چاۋشيەن شيەنچىڭ ۋىلايىتى ۋە
ئېلىمىزنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرق قىسمى، جىلىننىڭ جەـ

نۇب قىسمىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركەز شەھىرى ۋوجۇچېڭ، يەنى ھازىرقى چاۋشيەننىڭ شيەنجىڭ ۋىلايىتىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 2023 – بەت).

(10) لېلاڭ (乐浪) قەدىمكى ۋىلايەت. م.ب. 108 – يىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى شىنبىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن، 2 – توم. 1628 – بەت).

# ۋېي شياڭنىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 65 - يىلى (خەن شۈەندى يۈەنكاڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ ۋوستا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان غەربىي قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قوشنى بېسىۋالالمىدى. خەن شۈەندى ھىماتچى سانغۇن جاۋچۇڭگو قاتارلىقلار بىلەن كېڭىشىپ، ھۇنلارنىڭ ھالسىرىغان پەيتىدە ئۇلارنىڭ ئوڭ قانىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي يۇرتنى زادىلا پاراكەندە قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولدى. لېكىن ۋېي شياڭ خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «كەمىنىلىرى ئاڭلىشىمچە، ئەلنى پاراكەندىچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ، ياۋۇز ھۆكۈمرانىنى ئۆلتۈرگەن قوشۇن ‹ئادالەت قوشۇنى› دەپ ئاتىلىدىكەن، ئادالەت قوشۇنى ئەلنى قۇدرەت تاپقۇزالايدىكەن؛ دۈشمەن تاجاۋۇز قىلغاندا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلار ‹مۇداپىئە قوشۇنى› دەپ ئاتىلىدىكەن، مۇداپىئە قوشۇنى چوقۇم غەلىبە قىلىدىكەن؛ ئەرزىمىگەن ئىشلارغا ئاداۋەت قىلىپ، غەزىپىنى باسالماي ئۇرۇش قىلغانلار ‹غەزەپلىك قوشۇن› دەپ ئاتىلىپ، غەزەپتە ئۇرۇش قىلغانلار چوقۇم يېڭىلىدىكەن؛ باشقىلارنىڭ يېرى ۋە بايلىقىغا قىزىقىپ ئۇرۇش قىلغانلار ‹ئاچكۆز قوشۇن› دەپ ئاتىلى-

دىكەن، ئاچكۆز قوشۇن چوقۇم گۇمران بولىدىكەن. دۆلىتىنىڭ
چوڭلۇقىغا تايىنىپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەغرۇرلى-
نىپ، ئۆزگىگە ھەيۋە قىلغۇچىلار «كۆرەك قوشۇن» ئاتىلىپ،
كۆرەك قوشۇن چوقۇم يوقىلىدىكەن. خاراكتېرى ئوخشاش بول-
مىغان بۇ بەش خىل قوشۇننىڭ ئوخشاش بولمىغان نەتىجى-
لەرگە ئېرىشىشى ئادەم ئامىلى جەھەتتىكى سەۋەبلەردىنلا بو-
لۇپ قالماستىن، بەلكى ئىلاھىي قانۇنىيەتكە مۇۋاپىق ئىكەن.
يېقىندا ھۇنلار خەن سۇلالىسى كىشىلىرىدىن ئۆزلىرى تۇتۇپ
ئېلىپ كەتكەن بىر - بىرلەپ قايتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
ياخشى ئارزۇسىنى بىلدۈردى، چېگرىغا باستۇرۇپ كىرمىدى.
ھازىر ئىككى تەرەپ گەرچە قوستا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچى-
لىق قىلىش ئۈچۈن توقۇنۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەن-
سىرىگۈدەك ئىش ئەمەس. بۈگۈن ئاڭلىشىمچە، سانغۇنلار ئەس-
كەرلىرى بىلەن ھۇنلارنىڭ ئوڭ قانىتىغا ھۇجۇم قىلىپ كىر-
مەكچىكەن. كەمىنىلىرى نادانلىقىمدىن بۇ قوشۇننىڭ نېمە
دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ھازىر چېگرا ۋىلايەتلىرى-
دىكى خەلق ئىنتايىن نامرات، بىر پارچە ئىت تېرىسى ياكى
قوي تېرىسىنى ئاتا - بالا تەڭ يېپىنىدۇ، ئوت - گىياھ ئو-
رۇقىنى ئاشلىق ئورنىدا ئىستېمال قىلىدۇ. ھەمىشە كۈن
ئالالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا
ئۇرۇش قىلىش بەك تەسكە توختايدۇ. «ئۇرۇشتىن كېيىن، چو-
قۇم شۇم يىل بولىدۇ» بۇ خەلقنىڭ غەم - غۇسسە ۋە قايغۇ -
ھەسرىتى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەركىبىنى بۇزۇۋېتىدۇ،
دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازانغان تەقدىردىمۇ،
ئۇنىڭ قالدۇرغان زەرىرى تەبىئىي ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرى-
شى مۇمكىن. ھازىر ۋىلايەت ۋە بەگلىكلەرنىڭ ۋالىيلىرى
ۋە ۋەزىرلەرنىڭ تولىسى ھەقىقىي ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس.
خىزمەت ئىستىلى ئىنتايىن ناچار. شۇنىڭ بىلەن بىللە پات -
پات سۇ ئاپىتى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتى-

دۇ. ۋىلايەت ۋە بەگلىكلەرنىڭ بۇ يىلقى يۇقىرىغا يوللىغان مەلۇماتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بالىسى دادىسىنى، ئىنىسى ئاكىسىنى، خوتۇنى ئېرىنى ئۆلتۈرگەنلەر جەمئىي 222 ئادەم ئىكەن. كەمىنىلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ كىچىك ئاپەت ئەمەس! بۇگۈنكى كۈندە ۋەزىرلەر بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئەكسىچە، ئەسكەر چىقىرىپ يىراقتىكى يات قوۋملەردىن ئەرزىمىگەن ئىشلار ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشنى ئويلايدۇ. مانا بۇ خۇددى كۇڭزىنىڭ «جى سۈن جەمەتى(1) دە بولىدىغان ئاپەت جۇەنيۇ بېقىندى بەگلىكى(2) دىن كەلمەستىن، بەلكى ئىچكى جەھەتتە تۇغۇلارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن» دېگىنىدەك بىر گەپ. ئالىيلىرىنىڭ پىڭچاڭ بېگى ۋاڭ ۋۇگۇ، لېچاڭ بېگى ۋاڭ ۋۇ، پىڭئېن بېگى شۈبو(3) ۋە باشقا كۆپ ئىش كۆرگەن ۋەزىرلەر بىلەن ئەتراپلىق كېڭىشىپ بېقىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ تەكلىپ بەردى. خەن شۈەندى ۋېي شياڭنىڭ پىكرىنى قوبۇل كۆرۈپ يۈرۈش قىلىشنى توختاتتى.

(«خەننامە»، 10 ــ توم، 3136 ــ بەت).

---

(1) جىسۈن جەمەتى (季孙氏) ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا لو بەگلىكىدە ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغان ئېسىلزادىلەردىن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 ــ توم، 790 ــ بەت).

(2) جۇەنيۇ (颛臾) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى بەگلىك. فۇشى جەمەتى (伏羲氏) نىڭ ئەۋلادى. فامىلىسى فېڭ (凤). لۇ بەگلىكىگە قارام كىچىك بىر بەگلىك. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى فېيشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ــ توم، 3398 ــ بەت).

(3) شۈبو (许伯) ۋەلىئەھد ليۇشى (خەن يۈەندى) نىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى. «شۈگۇاڭخەن» ئىزاھىغا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

## «خەننامە» 78 - جىلد

# شياۋۋاڭجىنىڭ تەرجىمىھالى

م.ب. 61 - يىلى (خەن شۈەندى شىنجۆنىڭ بىرىنچى يىلى) غەربىي چياڭلار ئىسيان قىلغاچقا، خەن سۇلالىسى ھەماتچى سانغۇن جاۋ چۇڭگونى قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. پايتەخت بېگى جاڭ چاڭ خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «سۇلالىمىزنىڭ ئەسكەرلىرى سىرتتا، ئۇلار يازدا غەربىي چياڭلارغا يۈرۈش قىلدى. لۇڭشى ۋىلايىتىنىڭ شىمالى، ئەندىڭ ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى رايونلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە پۇقرالار ھەربىي ئەشيالارنى توشۇش بىلەن بەند بولغاچقا، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاشلىنىپ قالدى. ئادەتتە جۇغلاپ قويۇلغان ئوشۇق ئاشلىق يوق، چياڭلارنى يەڭگەن تەقدىردىمۇ، كېلەر يىل ئەتىيازدا پۇقرالارنىڭ ئاشلىقى جەزمەن كەملەيدۇ. پۇل بولغان ھالەتتىمۇ نامرات، ياقا يۇرتلاردىن ئاشلىق تاپقىلى بولمايدۇ، ئېھتىمال ھۆكۈمەتنىڭ جۇغلانمىسى كېمىنى تولدۇرالماس. شۇڭا جىنايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئوغرى، پارىخور، قاتىل ۋە كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىگە قاراپ لۇڭشى، ئەندىڭ قاتارلىق سەككىز ۋىلايەتكە ئاشلىق بېرىپ گۇناھىنى يۇيۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلۈشىنى ۋە شۇ

يول بىلەن ئاشلىق توپلاپ پۇقرالارنىڭ ئاشلىق جىددىيلىكى
ھەل قىلىپ بېرەلمىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. خەن شۈەندى
بۇ ئىشنى ئەمەلدارلارنىڭ كېڭىشىپ بېقىشىغا تاپشۇردى.

شياۋۋاڭجى بىلەن ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى لى چىياڭلار
تەكلىپىدە: «پۇقرالاردا توغرا ۋە ناتوغرىلىقتىن ئىبارەت ئىك-
كى خىل كەيپىيات بار. يەنى ئۇلاردا ئادالەتپەرۋەرلىك، ئاچ-
كۆزلۈك كەيپىياتلىرى بار. گەپ ئۇلارنى قانداق قىلىپ توغ-
را يولغا باشلاشتا. ھازىر چوڭ ئاقساقال ياۋ تەختتە بولغان
تەقدىردىمۇ، پۇقرالارنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى يوقىتىۋېتەلمەيتتى. لې-
كىن ئۇلارنىڭ ئاچكۆزلۈكىنىڭ ئادالەتتىن ئېشىپ چۈشۈشىگىمۇ
يول قويمايتتى؛ شيا سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جيې بولغان
ھالەتتىمۇ پۇقرالارنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى يوقىتىۋېتەلمەيتتى.
لېكىن ئادالەتنىڭ ئاچكۆزلۈكتىن ئېشىپ چۈشۈشىگىمۇ
يول قويمايتتى. دېمەك، ياۋ بىلەن جيېنىڭ پەرقى
شۇكى، بىرى پۇقرانى ئادالەتكە ئۈندىسە، يەنە بىرى مەن-
پەئەتكە ئۈندەيتتى، خالاس. مانا بۇنىڭدىن پۇقرانى تەربىيە-
لەشتە ئېھتىيات قىلماي بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولى-
دۇ. ھازىر بىز خەلقنى ئاشلىق بېرىپ جىنايىتىنى يۇيۇشقا
ئۈندىسەك، ئۇ چاغدا بايلار كۆپ كۆرۈپ، كەمبەغەللەرگە ئۆل-
مەكتىنى باشقا ئىش قالمايدۇ. مانا بۇ كەمبەغەللەر بىلەن
بايلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى، ئەمىر-
پەرمانلارنىڭمۇ بىر خىل ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كەمبەغەل-
لەرنىڭ ئادەمگەرچىلىكى شۇكى، ئۇلار ئاتىسى ياكى ئاكىسى
زىندانغا چۈشۈپ قالسا، پۇل تۆلەپ قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش مۇمكىن
دەپ بىلىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قانۇنغا خىلاپ
ئىش قىلىپ، مال - بايلىق تېپىپ ئاتىسى ياكى ئاكىسىنى
قۇتقۇلدۇرۇشقا كىرىشىدۇ. نەتىجىدە، بىر ئادەم قۇتقۇلۇپ 10
ئادەم ئۆلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بويىدەك ئالىيجانابلارنىڭ
پەزىلىتى ئاياغ - ئاستى بولىدۇ؛ مېڭ گۇڭچو(1) نىڭ نامىدەك

گۈزەل نامىلار يەر بىلەن يەكسەن بولىدۇ. سىياسەت ۋە ئاقار-
تىش ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، جۇ گۇڭ، جاۋ گۇڭ(2)
غا ئوخشاش دانالار ئەقىل كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەلنى
گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. قەدىمكى زاماندا دۆلەت ئاشلىقنى
خەلققە تارقىتىپ بېرىش يولى بىلەن ساقلايدىكەن. دۆلەتكە
ئاشلىق لازىم بولغاندا خەلقتىن يىغىۋالىدىكەن. دۆلەتتە
ئاشلىق ئوشۇق بولسا، خەلققە تارقىتىپ بېرىدىكەن. «نەزمە
نامە» دە: «كەمبەغەللەرنى روھلاندۇرۇش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ
بېشىنى سىلاش كېرەك» دېيىلگەن. مانا بۇ خان - بەگلەرنىڭ
پۇقرالارنى سۆيۈشىنىڭ ئىپادىسى. ئۇنىڭدا يەنە: «يامغۇر ئاۋ-
ۋال ھۆكۈمەت ئېتىزىغا يېغىپ، ئاندىن بىزنىڭ شەخسىي ئېتى-
زىمىزغا ياغسۇن» دېيىلگەن. مانا بۇ پۇقرالارنىڭ خان -
بەگلەرنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر غەرب
تەرەپتە ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. پۇقرالار ئىشلەپچىقىرىشنى تاش-
لاپ قويدى. مەملىكەت بويىچە تۇتۇن بېشىغا ئومۇميۈزلۈك
سېلىق يىغىش ئارقىلىق شۇ يەردىكى كەمبەغەللەرنى تەمىنلى-
سەك، بۇ قەدىمكى زاماندىكى دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئومۇمىي
قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. پۇقرالارمۇ بۇنى خاتا دېمەي-
دۇ. لېكىن ھازىر پۇقرالارنى جان تىكىپ ئاتىسى ۋە ئاكىسىنى قۇتۇل-
دۇرۇشقا ئۈندەش ئېھتىمال ياخشى بولمىسا كېرەك. ئالىيلىرى ئەخلا-
قىي تەربىيە يۈرگۈزۈپ، ياخشى سىياسىي قائىدە - يوسۇن
بەرپا قىلىدىغانلا بولسىلا، ياۋ ۋە شۈن(3) لەرنىڭ تۆھپىلى-
رىمۇ سىلىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. ھازىر بەزىلەر مال-
بايلىق تېپىشنىڭ يولىنى چوڭ ئېچىۋېتىشنى تەشەببۇس قى-
لىش ئارقىلىق ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان ئالىيجاناب
پەزىلەتنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋاتىدۇ. بىز كەمىنىلىرى
بۇنىڭغا ئىنتايىن ئېچىنىمىز» دېيىشتى.

خەن شۈەندى شياۋۋاڭجىلارنىڭ تەكلىپىنى باش ۋەزىر

بىلەن باش تەپتىشبەگنىڭ مۇزاكىرىسىگە تاپشۇردى. ئۇلار شياۋۋاڭجى بىلەن لى چياڭنىڭ پىكرى توغرىسىدا جاڭ چاڭدىن مەسلىھەت سورىدى، جاڭ چاڭ: «ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى لى چياڭ بىلەن ئاستانە ياندىش مىرشابىبېگى شياۋۋاڭجىنىڭ ئېيتقانلىرى ئادەتتىكى ئادەمەر رىئايە قىلىدىغان قائىدە - يوسۇنلار، خالاس. ئىلگىرى مەرھۇم خەن ۋۇدى ئەتراپىدىكى يات قوۋملەرگە 30 نەچچە يىل جازا يۈرۈشى قىلغاندا، پۇقراغا سېلىقنى ئاشۇرمىسىمۇ، ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئىنتايىن يېتەرلىك بولغانىكەن. ھازىرقى چياڭلار بولسا ئازغىنە بىر قوۋم بولۇپ، تاغ - جىلغىلاردا كېزىپ يۈرىدۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ جىنايەتچىلەردىن جىنايىتىنى يۇدۇرۇش ئۈچۈن پۇل - ئاشلىق ئېلىپ، ئۇنى چياڭلارغا قىلىدىغان جازا يۈرۈشىگە ئىشلىتىشى ئاددىي پۇقرانى پاراكەندە قىلىپ زورلۇق بىلەن سېلىق يىغقانغا قارىغاندا كۆپ ياخشى. ھالبۇكى، ئوغرى - قاراقچى، قاتىللار خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلار بولۇپ، ئۇلار جىنايىتىنى يۇيۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. جىنايەتچىنى يوشۇرغان، جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنى بىلىپ تۇرۇپ ياكى كۆرۈپ تۇرۇپ پاش قىلمىغان ۋە جىنايەتچىلەرنى قەستەن قېچىشقا قۇتراتقانلارغا نىسبەتەن كېڭەشبەگلەر ئارىسىدىكى بەزىلەر جازا ئېغىر بولۇپ كەتتى دەپ قاراپ، ھەمىشە مۇنداق ئېغىر جازالاش قانۇنىنى بىكار قىلىش كېرەك دەيدۇ. ھازىرقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا جىنايىتىنى يۇدۇرۇش ئىنتايىن پايدىلىق. بۇ قانداقمۇ قائىدە - يوسۇننىڭ بۇزۇلۇشى بولسۇن؟ «جازا قوللانمىسى»(4) دىكى پۇل تۆلەپ جىنايىتىنى يۇيۇش ماددىسىدا كىچىك خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، يېنىك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر پۇل تۆلەپ جىنايىتىنى يۇيىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ھەممە جىنايەتنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى بويىچە دەرىجىلەرگە

بۆلۈنۈپ ئېلىنىدىغان جەرىمانىنىڭ كونكرېت مىقدارى كۆرسى-
تىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جىنايىتىنى يۈيۈش-
نىڭ چارىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ بار ئى-
دى. بۇنى قانداقمۇ ئوغرى - قاراقچىلارنى پەيدا قىلىدۇ دې-
گىلى بولسۇن؟ پېقىر جاڭ چاڭ قارا كىيىم(s) كىيگىلى 20
نەچچە يىل بولدى. شۇ جەريانىدا مەن پەقەت جىنايەتچىلەر-
نىڭ پۇل ۋە ئاشلىق تۆلەپ جىنايىتىنى يۇغانلىقىنىلا ئاڭلاپ
كەلدىم. بۇنىڭ ئوغرى - قاراقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلى-
قىنى تېخىچە ئاڭلاپ باقمىدىم. مەن ھەمىشە لياڭجۇ ئايمى-
قىدىكى پۇقرالارنىڭ چياڭلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋات-
قانلىقىغا ئىچىنىمەن، دەل كۆزلۈك ھوسۇل پەسلىدە پۇقرالار
ئاچلىق - غۇربەتچىلىك تارتىۋاتقان، يول ئۈستىدە ئۆلۈپ يات-
قان تۇرسا، ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا چوڭ ئاچارچىلىق يۈز
بەرمەي قالامدۇ؟ ئاۋۋال قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىمەس-
تىن، ئەكسىچە كونا قائىدىلەر بىلەن قىيناش، كېيىن ئېغىر
مەسئۇلىيەتكە تارتىلىشتىن قورقۇش — مانا بۇ چاكىنا ئادەم-
لەرنىڭ كونا قائىدىلەر بىلەنلا باغلىنىپ، ئىشنى جانلىق
باشقۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، خالاس. پېقىر جاڭ
چاڭ توققۇز ۋەزىرلەر قاتارىدىكى مەنسەپدارمەن، باش ۋەزىر
ۋە باش تەپتىشبېگىگە ياردەملىشىش مەسئۇلىيىتىم بار. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئىمكانىقەدەر ئۆزۈمنىڭ بۇ نادانلارچە قارىشىمنى
ئوتتۇرىغا قويماي تۇرالمايمەن دېدى».

شياۋۋاڭجى بىلەن لى چياڭ يەنە جاۋاب يېزىپ: «مەز-
ھۇم خانلار ئالىيجاناب ئەخلاق ۋە يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە
ئىدى. ئەخلاقلىق ۋە ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى خىزمەتكە تەيىن-
لەپ، قانۇن تۈزۈپ، ئەمىر - پەرمان چىقىرىپ ئۇلارنى مەڭ-
گۈلۈك قائىدە - نىزام قىلىپ بېكىتتى. ھەمىشە چېگرىدىكى
خەلقنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن «خەزىنە ئىشلىرى نىزامى» (6) نىڭ 1 - ماددـ
دىسىدا: «چېگرا ۋىلايەتلەردە ئۇرۇش كۆپ بولۇپ تۇرغاچقا،
كىشىلەر ئاچ - يالىڭاچ قالدى. ئوغۇل - قىزلار تېخى بويىغا
يەتمەيلا ھالاك بولۇپ، ئاتا - بالا بىر - بىرىدىن جۇدا
بولدى، شۇڭا پۈتكۈل ئەلگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەمىنلەش
توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى»، دېيىلگەن. بۇ يارلىق ئەسلىدە
تۇيۇقسىز پارتىلىغان ئۇرۇشلار ئۈچۈن مەخسۇس چۈشۈرۈلگەنىـ
دى. ئاڭلىشىمىزچە، م.ب. 97 - يىلى خەن ۋۇدى
تيەنخەننىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۆلۈمگە لايىق جىنايەتچىلەرـ
دىن 500000 يارماقتىن تۆلىتىۋېلىنغاچقا، جىنايىتى بىر
دەرىجە يېنىكلەشكەنىكەن. شۇڭا زوراۋان ئەمەلدار ۋە خەلقلەر
باشقىلاردىن تىلەش، تارتىۋېلىش، قەرز ئېلىش قاتارلىق
ۋاسىتىلەر بىلەن، ھەتتا ئوغرىلىق - بۇلاڭچىلىق يولى بىـ
لەن ئاتىسى ياكى ئاكىسىنىڭ جىنايىتىنى يۇيۇشقانىكەن.
كېيىنكى ۋاقىتلاردا ساختىپەز، رەزىل ئادەملەر تېخىمۇ زوراۋانـ
لىشىپ كەتكەن. ئوغرىلارمۇ بىرلىكتە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇـ
رۇپ، شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان، ۋىلايەت ۋالىيلىرىنى
ئۆلتۈرىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولۇپ، تاغ - جىلغىلار ئوغـ
رى - قاراقچىلارغا تولغان، ئەمەلدارلار ئۇلارنى توسۇيالماي
قالغانىكەن. مەرھۇم خان ئەۋەتكەن كىمخاب تونلۇق ئەلـ
چىلەر قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىـ
لىكىنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ
نوخۇلىسى ئېلىنىپ، ئاخىر يوقالغانىكەن. بىزنىڭ نادان
قارىشىمىزچە، مانا بۇ، ئۆلۈمگە لايىق جىنايەتچىلەردىن پۇل
تۆلىتىۋېلىپ جىنايىتىنى يۇدۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ساۋىقى
ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كونا چارىنى قوللىنىش مۇـ
ۋاپىق ئەمەس، دېيىشتى. باش ۋەزىر ۋېي شياڭ، باش تەپتىشـ
بەگ بىڭ جىلارمۇ چياڭلار تېز ئارىدا مەغلۇپ بولىدۇ، ھەربىي

لازىمەتلىكلەر يېتىپ قالدۇ دەپ قاراشتى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ چاڭنىڭ تەشەببۇسى قوبۇل قىلىنمىدى. شياۋۋاڭجى ئۈچ يىل ئاستانە يانداش مىرشابېگى بولدى. پايتەخت خەلقى ئۇنىڭ ئادىللىقىنى مەدھىيىلىدى. شۇڭا شياۋۋاڭجى باش ھۆددىچى بولۇپ كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاسىيۇ كۇنبېگى ئۆڭكۈر بەگ (7) چاڭلۇ بېگى چاڭ خۇي ئارقىلىق خانغا مەكتۇپ يوللاپ: «خەن خانىنىڭ تاش نەۋرىسى يانقۇيبەك(8) نى تەخت ۋارىسى قىلىشنى ۋە ئۇنى خەن مەلىكىسىگە ئۆيلەندۈرۈشنى، ئۆيلەنگەندىن كېيىن ھۇنلاردىن يۈز ئۆرۈپ، خەن سۇلالىسىگە بېقىندىغانلىقىنى» بىلدۈرگەنىدى. خەن شۈەندى بۇنى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ كېڭىشىپ بېقىشى ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈردى. شياۋۋاڭجى: «ئاسىيۇلار ئىنتايىن يىراق، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، مەلىكىنى نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا ياتلىق قىلىش ئۇبدان چارە ئەمەس» دەپ قارىدى. خەن شۈەندى شياۋۋاڭجىنىڭ تەكلىپىگە قۇلاق سالماي، م.ب. 60 - يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى) مەلىكىنى قوغداپ بېرىپ، يانقۇيبەككە ياتلىق قىلىش ئۈچۈن چاڭلو بېگى چاڭ خۇينى ئەۋەتتى. لېكىن ئۇلار تېخى قورۇلدىن چىقماستىنلا ئۆڭكۈربەك ئۆلۈپ كەتتى، ئاكىسىنىڭ ئوغلى ساراڭ خان نىبەك(9) ئۆڭكۈربەك ھايات ۋاقتىدىكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆزىنى كۇنبەك دەپ ئېلان قىلدى. چاڭ خۇي قورۇلدىن خانغا مەكتۇپ يوللاپ، مەلىكىنى دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىدە ۋاقىتىنچە قالدۇرۇپ، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئاسىيۇغا بارىدىغانلىقىنى، نىبەكنىڭ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى، يانقۇينى كۇنبەكلىككە تىكلەپ، ئاندىن مەلىكىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. خەن شۈەندى بۇنى ۋەزىرلەرنىڭ كېڭىشىشىگە سالدى. شياۋۋاڭجى يەنە ئۆز قارىشىنى ئېيتىپ: «بولمايدۇ، ئاسىيۇلار

ئىككى يۈزلىمە كېلىدۇ. ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ، ئاقىۋەتتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە جىيېۇ ئاسىيۇدا 40 نەچچە يىل تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆنبەك بىلەن بولغان مۇھەببىتى ياخشى بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن چېگرىمۇ تىنچلانمىدى. مانا بۇ ئۆتكەنكى ساۋاق. ھازىر يانقۇيبەك كۆنبەك بولالمىغانلىقتىن كىچىك مەلىكە قايتىپ كەلسە، بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەتراپتىكى يات - قوۋملەرگە بولغان ئىشەنچىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلمىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك خەن سۇلالىسى ئۈچۈنمۇ بەخت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كىچىك مەلىكە ھازىرچە قېلىپ تۇرمىسا، ئالۋان - ياساق كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تۇرۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ» دەيدۇ. خەن شۈەندى ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، كىچىك مەلىكىنى قايتۇرۇپ كەلدى. كېيىن ئۇسۇنلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ چوڭ ۋە كىچىك كۆنبەكلەر تىكلەنگەن ۋە يانقۇيبەك چوڭ كۆنبەك بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەن سۇلالىسى ئاسىيۇ بىلەن ئىككىنچى قۇدىلاشمىدى.

م.ب. 59 - يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ ئۈچىنچى يىلى) شياۋۋاڭجى بىن جىنىڭ ئورنىغا باش تەپتىشبەگ بولدى. م.ب. 57 - يىلى (خەن شۈەندى ۋۇفېڭنىڭ تۇنجى يىلى) ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ قالايمىقانچىلىق چىقتى. ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ كۆپچىلىكى ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پاراكەندىچىلىك سېلىپ كەلگىنىگە ئۇزۇن زامان بولدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەر ئەۋەتىش بىلەن ھۇنلارنى يوقىتىش كېرەك، دېيىشتى. خەن شۈەندى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئوردا ئەمر لەشكىرى، ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى خەن زېڭ، مۇپەتتىشبەگ فۇپېڭ بېگى جاڭ يەنشۇ، قوۋۇقچىباشى ياڭ يۈن(10)، ئوردا مىراقۇلى دەي چاڭلې قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، شياۋۋاڭجى

دىن بۇنىڭغا تەدبىر سوراتتى. شىيالۋۋاڭجى ئەمەنىيە دەۋرىدە چىن بەگلىكى(11) نىڭ تۆرىسى شى گەي(12) چىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوشۇن بىلەن گۇيبى(13) شەھىرىگە بارغاندا، چى لىڭگۇڭ (14) نىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال قوشۇننى قايتۇرۇپ كەلگەنىكەن. سىياسىي ئەنزارچىلار ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى ئۈچۈن ماتەم بىلدۈرۈۋاتقان بەگلىككە ھۇجۇم قىلماسلىقنى مەدھىيلىگەن ۋە مۇنداق ئىلتىپات كۆرسىتىش يولى بىلەن ھازىدارنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ، ئەھۋالغا قاراپ تەدبىر قوللىنىش چارىسى بىلەن بەگلەرنى تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. يېقىندا ئاقارتىش ئىشىنى ئارزۇ قىلغان ھۇنلارنىڭ تەگرىقۇتى ياخشى يولغا مېڭىپ، ئۆزىنى خەن شۈەندىنىڭ ئىنىسى دەپ ئاتىدى. ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسى بىلەن ياخشىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. يات قوۋملەرنىڭ ھەممىسى بۇنى ئاڭلىدى. تېخى توختام تۈزۈلمەستىنلا، بەختكە قارشى تەگرىقۇت مۇناپىق ۋەزىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەگەر ھازىر ئەسكەر چىقىرىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىنسا، بۇ ھۇنلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىك، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن كۈلگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇلار چوقۇم يىراقلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ. ئادالەتسىز ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلسا ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، ھال سورىشىمىز، ئەمدىلا تەختكە چىققان تەگرىقۇتقا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى يات قوۋملەر خەن سۇلالىسىنىڭ مېھرىبانلىقىغا قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئەگەر يېڭى تەگرىقۇت خانىنىڭ چوڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى چىڭىتالىسا، ئۇلۇغ خەن سۇلالىسىگە چوقۇم

بېقىنىدۇ. مانا بۇ ناھايىتى چوڭ ساۋابلىق ئىش بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. خەن شۈەندى ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلدى. كېيىن ئەسكەر چىقىرىپ قوغشار تەگرىبقۇتنى قوغدىدى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنى تىنچلاندۇرۇشقا ياردەم قىلدى.

(«خەننامە»، 10 - توم، 3275 — 3280 - بەتلەر).

... دەسلەپ، ھۇن تەگرىقۇتى قوغشار ئوردىغا زىيارەتكە كەلدى. خەن شۈەندى ۋەزىرلەرنى زىيارەت رەسمىيىتىنى كېڭىشىپ بېكىتىشكە بۇيرۇدى. باش ۋەزىر خۇاڭ با، باش تەپتىشبەگ يۈ دىڭگولار: «قەدىمكى دانىشمەن خان - بەگلەر بېكىتكەن تۈزۈمدە ياخشىلىق ۋە ئىلتىپات ئاۋۋال پايتەختكە، ئاندىن ئوتتۇرا جۇڭگوغا؛ ئاۋۋال ئوتتۇرا جۇڭگوغا، ئاندىن ئەتراپتىكى يات قوۋملەرگە قىلىناتتى. «نەرمىنامە شاڭ جەمەتىگە مەدھىيە. چاڭغا» دا: «شاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇئەسسەسى شيې (契) ئەدەب - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمىگەچكە، ئۇنىڭ سۇلالىسىدە قانۇن - پەرمانلار ئومۇميۈزلۈك ئىجرالاشتۇرۇلدى. جاسارەتلىك شياڭ تۇ بوۋسىنىڭ تۆھپىسىنى داۋاملاشتۇردى. شۇڭا چەت ئەل قوۋملىرى تەرتىپلىك ھالدا سەممىيەت بىلەن يېقىندى» دېيىلگەن. ئالىيلىرىنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرى پۈتكۈل جاھانغا يېيىلدى؛ ئەدەب - قائىدىلىرى، مېھرىبانلىقلىرى يات ئەللەرگىچە يەتتى. بۈنى ئاڭلاپ قايىل بولغان ھۇن تەگرىقۇتى ئۈنچە - مەرۋايىت كۆتۈرۈپ كېلىپ تەبرىكلەيدۇ. بۇ قەدىمدىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئىش بولىدۇ. تەگرىقۇتنى كۈتۈۋالىدىغان مۇراسىم بەگلەرنى كۈتۈۋالىدىغان مۇراسىم بىلەن ئوخشاش بولسۇن، لېكىن ئۇنىڭ ئورنى بەگلەردىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك» دەپ تەكلىپ بېرىشتى. شياۋۋاڭجى:

ھۇن تەڭرىقۇتى ئوتتۇرا جۇڭگو تەقۋىمىنى قوللانمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەڭ دەرىجىلىك دۆلەت ھېسابلىنىپ، مېھمانلارچە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىشى، ئورنى بەگلەردىن يۇقىرى بولۇشى لازىم. يات ئەل ھۆكۈمرانى باش قويۇپ بېقىنغاندا، ئوتتۇرا جۇڭگو كەمتەرلىك قىلىپ ئۇنى ۋەزىر ئورنىدا كۆرمەسلىكى لازىم. مانا بۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. كەمتەرلىك چوقۇم بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. «نەسىرنامە» دە: «تۆكلۈك تۈراللار قىردا تۇرىدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، ئۇلار بېقىنغان تەقدىردىمۇ تۇراقسىز بولىدۇ. ھۇنلار- نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى يىراققا كۆچۈپ كېتىپ زىيارەتكە كەلمىسىمۇ، ئۇلارنى ھەرگىز ئاسىي دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا خانىنىڭ ئىناۋىتى ئەتراپتىكى يات قوۋملەر ئارىسىغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. خانلىق ئورنى مەڭگۈ مىراس بولۇپ قالىدۇ. بۇ سۇلالىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇشنىڭ ئوبدان چارىسى» دېدى. خەن شۇەندى بۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى.

(«خەننامە»، 10 – توم، 3282 — 3283 – بەتلەر).

---

(1) مېڭ گۇڭچو (孟公绰) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى لۇ بەگ- لىكىنىڭ تۆرىسى بولۇپ، ئەقىل پاراسەتلىك ۋە ئەخلاق – پەزىلە- تى بىلەن مەشھۇر زات ئىدى.

(«خەننامە»، 10 – توم، 3276 – بەت(6) ئىزاھ).

(2) جاۋ گۇڭ (召公) جۇ (周) پادىشاھ جەمەتىدىن بولۇپ، جۇ ۋۇۋاڭنىڭ ۋەزىرى. جاۋ ئېلىنى باشقۇرۇش ئىشى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغاچقا، جاۋ گۇڭ دەپ ئاتالغان (جاۋ بو دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، يىن (شاڭ) سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يوقىتىل- غاندىن كېيىن، جاۋ گۇڭ شىمالىي يەنگە بەگ بولدى. جۇ چىڭۋاڭ

دەۋردە شەنشىنىڭ غەربىنى جاۋ گۇڭ، شەرقىنى جۇگۇڭ ئىدارە قىلىغانىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 – توم، 467 – بەت).

(3) شۇن(舜) رىۋايەتلەردىكى جۇڭگو باشلانغۇچ جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقىلى. دەسلەپ يۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، كېيىن ياۋنىڭ ئورنىغا چوڭ ئاقساقال بولدى. ئەپسانىۋى ۋەقەلىرى «ياۋنامە» ۋە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ «بەش چوڭ ئاقساقالنىڭ تەرجىمىھالى»دا بايان قىلىنغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 2601 – بەت).

(4) جازا قوللانمىسى (甫刑) «نەسىرنامە»نىڭ بىر پەسلى بولۇپ «ئۈ جازا نىزامى» (吕刑) مۇ دېيىلىدۇ. جۇ مۇۋاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لۈ تۆرەم شىيا ۋە يۇ ئاقساقاللار دەۋرىدىكى جازالارنى بەدەل ھېسابىغا يېنىكلىتىپ تۈزۈپ چىققان جازا قانۇنى بولۇپ، پۈتۈن ئەلگە ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ ھەتتە «نەسىرنامە، لۈشىڭ تەزكىرىسى»، «كېيىنكى خەننامە، چىن جۇڭ تەزكىرىسى» دە زىكىر قىلىنغان.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 2101 – بەت).

(5) قارا كىيىم (皂衣) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ قارا رەختتىن تىكىلگەن فورمىسى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 – توم، 2176 – بەت).

(6) خەزىنە ئىشلىرى نىزامى (金布令) پەرمان قىسىملىرىنىڭ نامى. مەھكىمە ئامبارلىرىدا ئالتۇن، رەخت، شايى قاتارلىقلار بولغاچقا (خەنزۇچە خەتلەر شۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ)، بۇ نام بېرىلگەن.

(«خەننامە»، 10 – توم، 3278 – بەت (2)ئىزاھ).

(7) ئۆڭگۈبەك (翁归靡، تەخمىنەن م. ب. 93 — 60)

سىمىز خانمۇ دېيىلىدۇ. لېي جياۋ بەگنىڭ نەۋرىسى، تايۇرنىڭ ئوغلى، ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ھۆكۈمدارى.

(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات. ئاسىيۇلار شەجەرىسى» 163 ـ بەت).

(8) يانقۇيبەگ (元贵靡) م.ب. 53 — 51 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن، ئۆڭكۈربەگ بىلەن خەن خانىكىسى جىيوۋدىن تۇغۇلغان. ئاسىيۇلارنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد ھۆكۈمدارى بولۇپ، كىچىك كۈنبەكلەردىن.

(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات. ئاسىيۇلار ھەققىدە قىسسە»، 163 ـ بەت).

(9) نىبەك (泥靡، م.ب.59 — 53 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن. ساراڭ خان (قۇتراشخان) مۇ دېيىلىدۇ. كۈنەشبەگنىڭ ھۇن خانىكىسىدىن بولغان ئوغلى. ئۇسۇنلارنىڭ بەشىنچى ھۆكۈمدارى.

(«ئۇسۇنلار ھەققىدە تەتقىقات. ئۇسۇنلار شەجەرىسى»، 163 ـ بەت).

(10) ياڭ يۈن (杨恽، م.ب.؟ — 54) خۇايىنلىق. ياڭ چاڭنىڭ ئوغلى سىماچيەننىڭ تاش نەۋرىسى. خەن شۈەندى دەۋرىدە سول قول لاۋازىم بولغان. خو جەمەتىنى پاش قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پىڭتۇڭ بېگى بولىدى. ئەمىر-نۆكەرلىككە كۆتۈرۈلدى. كېيىن باشقىلارنىڭ شىكايىتى تۈپەيلى ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى. مال ـ مۈلكى كۆپ بولغاچقا، بەك مېھماندوست ئىدى. دوستى شىخېي ۋالىيسى سۈن خۈيزۇڭ خەت يېزىپ نەسىھەت قىلىسىمۇ، ياڭ يۈن جاۋاب خېتىدە بەزى ئىشلارغا نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى يازغانىدى. بۇنى ئوقۇپ قالغان شۈەندى ئۇنى بېلىدىن چاپتۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 2 - توم، 1604 ـ بەت).

(11) جىن بەگلىكى (晋国) قەدىمكى بەگلىك. م.ب. XI ئەسىردە جۇ سۇلالىسى تەرىپىدىن بەگلىك قىلىپ ئايرىلدى. بېگى

نىڭ فامىلىسى جى (姬)، بەگلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇ چېڭۋاڭ-
نىڭ ئىنىسى شۇ يۈ (叔虞). ئورنى بۈگۈنكى سەنشىنىڭ غەر-
بىي جەنۇبى قىسمىدا، تاڭ (بۈگۈنكى سەنشى يىچېڭنىڭ غەربى)
شەھىرىنى مەركەز قىلدى. ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ دەسلەپىدە
چىن جاۋخۇ تاغىسى چېڭ شىنى چۈۋو (بۈگۈنكى سەنشى ۋېنشى-
نىڭ شەرقىي شىمالى) غا تەيىنلىدى. نەتىجىدە بۆلۈنمە ھالەت
كېلىپ چىقتى. كېيىن، چۈۋو ۋۇگۇڭ بىرلىككە كەلتۈردى.
جىن شيەنگۇڭ مەركەزنى جاڭ شەھىرى (ھازىرقى سەنشى يىچېڭ-
نىڭ شەرقىي جەنۇبى) گە كۆچۈرۈپ، ئەتراپىدىكى كىچىك بەگ-
لىكلەرنى ئارقا - ئارقىدىن مۇنقەرز قىلدى. جىن ۋېنگۇڭ
ئىچكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ بەگلىكنى كۈچەيتىپ باش بەگ
بولدى. چىن جىڭگۇڭ دەۋرىدە مەركەز شىنتيەن (بۈگۈنكى سەنشى
چۈۋونىڭ غەربىي شىمالى) گە كۆچۈرۈلدى. قىزىل دىلارنى قو-
شۇۋالغاچقا، زېمىنى بۈگۈنكى سەنشىنىڭ كۆپ قىسمى. خېبېينىڭ
غەربىي جەنۇب قىسمى، خېنەننىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن شەن-
شىنىڭ بىر بۇرجىكىگىچە كېڭىيىپ، خېلى كەڭ يەرلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالدى. ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئالتە
بەگلىك بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى قوشۇۋالدى.
م.ب. IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جىن بەگلىكى خەن (韩)،
جاۋ، ۋېي بەگلىكلىرى تەرىپىدىن بۆلۈپ ئېلىندى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى،
57 - بەت، 34 - ئىزاھ).

(12) شى گەي (士匄) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى جىن بەگلىكى-
نىڭ تۆرىسى. م.ب. 534 - يىلى چى بەگلىكىگە يۈرۈش قىل-
غاندا، چى لىڭگۇڭ ئۆلگەچكە، مۇسىبەت ئۈستىدىكى بەگلىككە ھۇ-
جۇم قىلمىدى.

(«خەننامە»، 10 - توم، 3280 - بەت (1) ئىزاھ).

(13) گۈيى (穀邑) ئەمىنىيە دەۋرىدە چى بەگلىكىنىڭ

شەھىرى ئىدى. ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى دۇڭئا
ناھىيىسى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى
قامۇسى»، 1187 ـ بەت).
(14) چى لىڭگۇڭ (齐灵公). چىڭگۇڭنىڭ ئوغلى .م.ب.
581 ـ يىلدىن 554 ـ يىلغىچە 27 يىل سەلتەنەت سۈرگەن
ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى بەگلىكىنىڭ 21 ـ ھۆكۈمدارى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1428 ـ بەت).

«خەننامە» 79 - جىلد

# فېڭ فېڭشىنىڭ تەرجىمھالى

فېڭ فېڭشى، يەنە بىر ئىسمى فېڭ زىمىڭ، شاڭداڭ ۋىلايىتى لۇشيەن(1) ناھىيىسىدىن بولۇپ، كېيىن دۇلىڭدا تۇرغان. ئۇنىڭ بوۋىسى فېڭ تىڭ(2) خەن (韓) بەگلىكى شاڭداڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئىدى. چىن بەگلىكى ئەسكەرلىرى شاڭداڭغا ھۇجۇم قىلغاندا تەيخاڭشەن(3) تېغىنىڭ خەتەرلىك يوللىرىدىن ئۆتكەچكە، خەن بەگلىكى مۇداپىئە قىلالمىدى. شاڭداڭ شەھىرىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغان فېڭ تىڭ جاۋ بەگلىكىگە بەيئەت قىلدى. جاۋ بەگلىكى بېگى فېڭ تىڭنى خۇاياڭ(4) بېگى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ جاۋ بەگلىكى سەركەردىسى جاۋكو بىلەن بىرلىكتە چىن بەگلىكى ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇرۇپ، چاڭپىڭ ئۇرۇشىدا ئۆلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تارقىلىپ كەتكەن جەمەتىنىڭ بەزىلىرى يەنىلا لۇشيەن ناھىيىسىدە قېلىپ، بەزىلىرى جاۋ بەگلىكىگە ئورۇنلاشتى. جاۋ بەگلىكىگە ئورۇنلاشقان ئەۋلادلىرىدىن بىرى سەركەردە بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى دەي بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولدى. چىن بەگلىكى ئالتە بەگلىكنى يوقىتىپ، پۈتكۈل ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، فېڭ تىڭنىڭ ئەۋلادلىرىدىن فېڭ ۋۇزې، فېڭ چۈجى، فېڭ جيې قاتارلىقلار چىن

بەگلىكىدە چوڭ سەركەردە ياكى ۋەزىر بولدى.

خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ خەن ۋىندى زامانىغا كەلگەندە فېڭ تاڭ ئىنتايىن شۆھرەت قازاندى. ئۇ دەي بەگلىكى ۋەزىرىنىڭ ئوغلى ئىدى. خەن ۋۇدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى فېڭ فېڭشى مۆمىن پۇقرالار پەرزەنتى سۈپىتىدە نۆكەر بەگ بولۇپ تەيىنلەندى. خەن جاۋدى ۋاقتىدا كۆرسەتكەن خىزمەت دەرىجىسى بويىچە ۋۇئەن ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاندى. شۇ چاغلاردا ئۇ 30 نەچچە ياشتا بولۇپ، «ئەمىنىيە» نى ئەمدىلەتىن ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى. كىتابنى چالا - پۇچۇق ئوقۇيتتى، مەزمۇنىنى يېرىم - يارتا چۈشىنەتتى ھەمدە «ھەربىي ئىشلار تەدبىرلىرى» نى ئۆگىنەتتى. تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن زېڭ ئۇنى ھەربىي زىندانبېگى (5) قىلىپ بەلگىلەش توغرىسىدا خانغا ئىلتىماس سۇنۇپ تەستىقلاتتى. م. ب. 72 - يىلى (خەن شۈەندى بېنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) فېڭ فېڭشى ھەربىيلىككە قاتنىشىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ يەنە نۆكەر بەگ بولدى.

ئالدىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا بىرقانچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، نۇرغۇن ئەلچىلەر ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدى. بەزىلىرى خىيانەت بىلەن چىرىكلىشىپ، غەربىي يۇرتتا ھاقارەتكە ئۇچرىدى. دەل شۇ چاغدا ئاسىيۇلار ھۇنلارنى يېڭىپ: «چوڭ تۆھپە ياراتتى. غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلار ئەمدىلا خەن سۇلالىسى بىلەن ياخشى بولۇشقانىدى. خەن سۇلالىسى ئۇلارنى ياخشى تارتۇق لىماقچى بولۇپ، چەت ئەللەرگە چىقىرىدىغان ئەلچىلەرنى تاللاۋاتقانىدى. تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن زېڭ فېڭ فېڭشىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن فېڭ فېڭشى باسقاق بەگ(6) نامى بىلەن دەستەكلىك ئەلچى بولدى. ئۇ پەرغانە خانلىق

لمربدىن كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ، مىران(7) غا
بارغاندا، كاھبەگ سۇڭ جياڭ(8): «ياركەنت(9) ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى ئەللەر بىرلىكتە خەن سۇلالىسى تىكلىگەن ياركەنت
خانى ۋانىنان(10) نى ئۆلتۈردى، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى
شى چۇڭگونىمۇ ئۆلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا ھۇنلار يەنە ئەسكەر
چىقىرىپ قوس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
شەھەرنى ئالالماي چېكىنىپ كەتتى، ياركەنت خانى ئەلچى
ئەۋەتىپ شىمالى يولدىكى دۆلەتلەر ھۇنلارغا بېقىندى،
دەپ ئىغۋا تارقاتتى ۋە جەنۇبى يولدىكى دۆلەتلەرگە ھۇجۇم
قىلىپ ئۇلارنى بۇلاپ - تالىدى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئەھدىلىك
ئىتتىپاق تۈزۈپ، خەن سۇلالىسگە ئاسىيلىق قىلدى. شۇڭا
پىشامشاندىن غەربكە ماڭىدىغان يول توسۇلۇپ قالدى.
قورۇقچىبەگ جېڭ جى، چېرىكچى سىماشىلار شىمالي يولدىكى
دۆلەتلەر ئارىسىدا قېلىپ، جەنۇبي يولدىكى دۆلەتلەرگە
ياردەملىشىشكە قۇربى يەتمىدى» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان فېڭ
فېڭشى ياردەمچى ئەلچى يەن چاڭ بىلەن كېڭىشىپ، ئەگەر
دەرھال زەربە بېرىلمىسە، ياركەنت بارغانسېرى كۈچىيىپ
كېتىپ تىزگىنلىگىلى بولماي قالىدۇ، غەربىي يۇرتتىكى
دۆلەتلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن
ئەلچىلىك دەستىكى بىلەن شەھەر دۆلەتلىرى خانلىرىغا
ئۇقتۇرۇش قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى يىغدى. جەنۇبىي
ۋە شىمالىي يولدىكى شەھەر دۆلەتلىرىدىن جەمئىي 15000
ئادەم فېڭ فېڭشىنىڭ قوماندانلىقىدا ياركەنتكە ھۇجۇم قىلىپ،
شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ياركەنت خانى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋ-
ۋالدى. ئۇنىڭ بېشى كېسىپ ئېلىنىپ، جام - رابات
چاپارمەنلىرى ئارقىلىق چاڭئەنگە ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن
غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر تىنچلاندى. فېڭ فېڭشىنىڭ ھەيۋىسى
پۈتكۈل غەربىي يۇرتنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئەسكىرىي ھەرىكەتنى

توختاتقان فېڭ فېڭشى ئەھۋالىنى ئوردىغا مەلۇم قىلىۋىدى، خەن شۈەندى خەن ۋېڭنى چاقىرتىپ: «سانغۇن تونۇشتۇرغان ئادەمنىڭ مۇۋاپىق چىققانلىقىنى تەبرىكلەيمەن» دېدى. غەربكە ماڭغان فېڭ فېڭشى پەرغانىگە يېتىپ كەلگىنىدە، فېڭ فېڭشىنىڭ ياركەنت خانىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان پەرغانە خانى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭغا باشقا ئەل ئەلچىلىرىگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىدىنمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلدى. فېڭ فېڭشى پەرغانىنىڭ ئەڭ ياخشى ئاتلىرىغا ئىگە بولدى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ كېلىپ ئوردىغا تەقدىم قىلدى. خەن شۈەندى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ھەمدە يارلىق چۈشۈرۈپ ۋەزىر - ۋۇزرالارغا ئۇنى قانداق تارتۇقلاش توغرىسىدا كېڭەشلىرىنى بۇيرۇدى. ۋەزىر، سانغۇنلار «ئەمىنىيە» دە: «چېگرىدىن چىققان ئەمەلدارلار ئەلنى تىنچلاندۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولسىلا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرۈشى كېرەك» دېيىلگەن. فېڭ فېڭشىنىڭ بۇ قېتىم كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇنۋان ۋە سۇيۇرغال بېرىلىشى كېرەك» دېيىشتى. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى شياۋۋاڭجى بۇنىڭ ئەكسىچە: «فېڭ فېڭشى ئەسلىدە بۇيرۇق بويىچە پەرغانە ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ بارغان. بىراق ئۆز ئالدىغا يالغان يارلىق ياساپ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ، شەھەر دۆلەتلىرىدىن ئەسكەر توپلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ گەرچە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىلسە، ئۇ چاغدا كېيىن ئەلچىلىككە چىققۇچىلار ئۈچۈن پايدا - مەنپەئەت قوغلىشىش يولى ئېچىپ بېرىلگەن بولىدۇ - دە، ئۇلار فېڭ فېڭشىنى ئۆلگە قىلىپ، بەس - بەس بىلەن ئەسكەر توپلاپ، يىراق يات يۇرتلاردا خىزمەت

كۆرستىشكە ئۇرۇنۇپ، دۆلتىمىز بىلەن يات قوۋملەر ئوتتۇرى-
سىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يامراپ
كېتىشىگە ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن
فېڭ فېڭشىغا ئىنئام بەرمەسلىك كېرەك» دېدى. خەن شۇەندى
شياۋۋاڭجىنىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپ فېڭ فېڭشىنى كېڭەش
بېگى، باش ئۆلچەم نازىرى قىلىپ تەيىنلىدى.

خەن يۈەندى تەختكە چىققان ۋاقتىدا، فېڭ فېڭشى
قوشبېشى ئىدى. شاڭجۇن بېقىندى ئېلى(11) تەسلىم بولغان
ھۇنلاردىن 10000 دىن ئارتۇق ئادەم ئاسىيلىق
قىلىپ قېچىپ كەتتى. خەن جاۋدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىخې
بېقىندى ئېلى(12) دىن ھۇن خانى ئىچۈر(13) ئۆز ئېلىدىن
بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى ئېلىپ ئاسىيلىق قىلغاندا، فېڭ فېڭشى
يارلىق دەستىكى بىلەن ئەسكەر باشلاپ ئۇلارغا قوغلاپ زەربە
بەردى. ئوڭ قانات سانغۇن، بېقىندى ئەللەر بېگى چاڭ خۇي
ئاغرىپ ئۆلگەندىن كېيىن، فېڭ فېڭشى ئوڭ قانات سانغۇن،
بېقىندى ئەللەر بېگى بولۇپ تەيىنلەندى ھەمدە ئۇنىڭغا
قوۋۇقچىباشى دېگەن نام قوشۇپ بېرىلدى. بىرنەچچە يىلدىن
كېيىن كېڭەش بېگى بولدى.

م. ب. 42 - يىلى (خەن يۈەندى يۇڭگۇاڭنىڭ ئىككىنچى
يىلى) كۇزدە لۇڭشىدىكى غەربىي چياڭلاردىن شيەنجيېلەر(14)
ئىسيان كۆتۈردى. خەن يۈەندى يارلىق چۈشۈرۈپ باش ۋەزىر
ۋېي شۈەنچېڭ(15)، باش تەپتىشبەگ جېڭ خۇڭ(16)، باش
ئەمىرلەشكەر، ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى ۋاڭ جېې،
سول قانات سانغۇن شۇجيا، ئوڭ قانات سانغۇن فېڭ فېڭشى
قاتارلىقلارنى ئوردىغا يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. بۇ چاغلاردا
ھەر يىلى كەم ھوسۇل ئېلىنىپ تۇرغانلىقتىن، پايتەختتە بىر
دەن ئاشلىقنىڭ باھاسى 200 نەچچە يارماققا چىققانىدى.
چېگرا رايونلاردا 400 يارماققا. گۇەنىدۇڭدا بولسا ھەتتا

500 يارماققا ئۆرلەپ كەتكەندى. پۈتكۈل دۆلەت بويىچە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ئوردا ئەندىشىدە قالدى. دەل مۇشۇ چاغدا چياڭلار ئىسيان كۆتۈردى. شۇنداق قىيىن شارائىتتا ۋېي شۇەنچېڭ قاتارلىقلار خەن يۈەندى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەي جىم بولۇپ قېلىشتى. پەقەت فېڭ فېڭشىلا جاۋاب بېرىپ: «چياڭلار لۇڭشى ۋىلايىتىدە ئىسيان كۆتۈردى. ئەگەر ئۇلار ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇلمىسا، يىراقتىكى يات قوۋملەرگە تەھدىت سېلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. كەمىنىلىرى ئەسكەر تارتىپ ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەييار» دېدى. خەن يۈەندى ئۇنىڭدىن قانچىلىك ئەسكەر كېرەكلىكىنى سورىغاندا، فېڭ فېڭشى: «ئاڭلىشىمچە، ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىشتا ماھىر ئادەملەر ئۇرۇشنى ئىككىنچى تەكرارلانمايدىغان، ئاشلىق ـ تەمىناتنى يۆتكەۋەرمەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزىدىكەن. شۇڭا ئەسكەرلەرنى ئۇزۇن مۇددەت دالىدا تۇرغۇزمايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بەگ خانلارنىڭ جازا يۈرۈشىمۇ ئىنتايىن تېز ۋە ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىدىكەن. ئۆتمۈشتە دۇشمەنلىك ھەربىي كۈچى بىلەن ھېسابلاشماستىن كۆپ قېتىم قارىغۇلارچە ئۇرۇش قىلىنىپ، دۆلەت ئەسكەرلىرى چىقىمغا ئۇچراپ كەتكەندى. ئەگەر كەينى ـ كەينىدىن ئەسكەر ماڭدۇرۇلۇپ، تەمىنات قايتا ـ قايتا يۆتكەلسە، ۋاقىت ئۇزىراپ خىراجەت ئېشىپ كېتىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ھازىر ئىسيان كۆتۈرگەن چياڭلار تەخمىنەن 30 مىڭ ئادەم بولسا كېرەك. «ھەربىي ئىشلار تەدبىرلىرى» بويىچە بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ 60 مىڭ ئادەم بىلەن ھۇجۇم قىلىش كېرەك. لېكىن چياڭ ئەسكەرلىرى پەقەت ئوقيا ۋە نەيزە ئىشلىتىدۇ. قورالىرى خىل ـ ئۆتكۈر ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن 40 مىڭ ئادەم سالساق ئۇرۇشنى بىر ئايدىلا ئاياغلاشتۇرغىلى بولىدۇ» دېدى. باش ۋەزىر، باش تەپتىشبەگ ۋە

ئىككى نەپەر سانغۇن: «بۇ دەل پۇقرالارنىڭ يىغىسىم - تېرىم ۋاقتى، كۆپ ئەسكەر چىقىرىشقا بولمايدۇ، 10000 ئادەم بىلەن مۇداپىئە قىلساقلا بولىدى» دېيىشتى. فېڭ فېڭشى: «ياق، پۇتكۈل دۆلەت قەھەتچىلىكتە يۈزلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەسكەر ۋە ئاتلار ھالسىز ۋە ئاز، مۇداپىئە خىزمىتى ئۇزۇن مۇددەت تاشلىنىپ كەتتى. شۇڭا يات قوۋملەر چېگرا ۋىلايەتلەردىكى ئەمەلدارلارنى كۆزىگە ئىلمايۋاتىدۇ. چياڭلار ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسيان كۆتۈردى. ھازىر 100 مىڭ ئادەم بىرنەچچە ئورۇننى بۆلۈپ مۇداپىئە قىلىپ تۇرسا، دۈشمەن ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ بىزدىن قورقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەسكەرلىرىمىز جەڭگە كىرىش بىلەنلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، مۇداپىئەدە خەلقنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغىلى بولماي قالىدۇ. بۇنداقتا قورقۇنچاقلىق - ھالسىزلىق كەيپىياتىمىز ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. چياڭلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقا قوۋملەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى قۇترىتىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ. كەمىنىلىرى سولالىمىزنىڭ ئۇرۇش ئىشلىرىدىن ئەنسىرەيمەن. 40000 ئەسكەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ مالىيە بىلەنلا ھەل بولۇپ كېتىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ئەسكەر چىقىرىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنى بىر قېتىم كەڭ - كۆلەملىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇرۇشنى تېز ھەل قىلىش بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇ ئىككىسى ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ ئەمەسمۇ» دېدى. فېڭ - فېڭشى قايتا - قايتا مۇنازىرلەشسىمۇ ۋەزىر، باش تەپتىشبەگ ۋە ئىككى سانغۇننىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. خەن يۈەندى 2000 ئادەم كۆپەيتىپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن فېڭ فېڭشى 12000 ئەسكەر بىلەن ھەربىي تېرىقچىلىق نامىدا، بېقىندى ئەللەر بېگى رېن لى(17)،

مۇھاپىزەتچى كاھبەگ خەن چاڭلارنى ئۆزىگە ياردەمچى سەركەردە قىلىپ، لۇڭشى ۋىلايىتىگە باردى ۋە ئۈچ يەرگە بۆلۈنۈپ مۇداپىئەدە تۇردى. بىقىنىدى ئەللەر بىگى رېن لى ئوڭ قانات قوشۇن سەركەردىسى بولۇپ بەيشى (18) ناھىيىسىدە تۇردى. مۇھاپىزەتچى كاھبەگ خەن چاڭ تۇرشاۋۇل قوشۇن سەركەردىسى بولۇپ لىنتاۋ(19) دا تۇردى. فېڭ فېڭشى ئوتتۇرا قوشۇن سەركەردىسى بولۇپ شۇياڭ ناھىيىسىدىكى شىجى تېغىدا تۇردى. شياڭتۇڭ تۆپىلىكى(21) گە بارغان تۇرشاۋۇل قوشۇن ئاۋۋال چېرىكچى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئالدىن ماڭغۇزۇپ، چياڭلار بىلەن يەر شارائىتى ئەپلىك جاينى تالىشىشقا ئەۋەتتى. يەنە بىر چېرىكچىنى گۇاڭيياڭ جىلغىسىدىكى يۇقىرالارنى قامالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن چياڭلار كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ ئىككى تارماق خەن ئەسكەرلىرى يېڭىلدى. ئىككى چېرىكچى ئۆلتۈرۈلدى. فېڭ فېڭشى خانغا مەكتۇپ يوللاپ، دۈشمەن بىلەن ئۆز تەرەپنىڭ يەر شارائىتى ۋە ئادەم سانىنى، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش پىلانىنى مەلۇم قىلىپ، يەنە 360 مىڭ ئەسكەر ئاشۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى ۋە شۇ چاغدىلا ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەكتۇپنى كۆرگەن خەن يۈەندى 60 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر توپلىدى ۋە مۇراسىمبېگى، يىنياڭ(22) بېگى رېن چيەنچيۇنى جەسۇر سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، چوڭ قوشۇن بىلەن ئۇنى ياردەمگە ئەۋەتتى. خانغا يەنە ئىلتىماس قىلغان فېڭ فېڭشى مەكتۇپىدا: «ياردەمچى ئەسكەر بولسىلا بولىدى، سانغۇنلارنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن» دەپ، تەمىنات ـ ترانسپورت خىراجىتى ئۈستىدە توختالدى.

خەن يۈەندى تامغا بېسىلغان مەكتۇپ ئارقىلىق فېڭ فېڭشىدىن ھال سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بىدىللە ئۇنى ئەيىبلەپ:

«خان ئوڭ قانات سانغۇندىن ھال سورايدۇ. سىلەر دالىدا يېتىپ - قوپۇپ يۈرۈش قىلىپ، جاپا چەكتىڭلار! چېگرا رايونلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان چىياڭلار ئەمەلدار ۋە پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ھەقىقەتەن ئىلاھىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى. تەڭرىنىڭ جىنايەتچىلەرگە بېرىدىغان جازاسىنى ۋەكالىتەن ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سانغۇن سىزنى قوشۇن بىلەن ئەۋەتتىم. سانغۇننىڭ مۇنداق يۈكسەك ئىقتىدار بىلەن خىل قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ئاسىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشى يېڭىلمەس جەڭ قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. ئەمما ھازىر دۈشمەندىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى دېگەن ئاتاققا قېلىپ خەن سۇلالىسىگە چوڭ ئۇيات كەلتۈردىڭىز. بۇ ئىلگىرى ھەربىي ماھارەت بىلەن تونۇشمىغانلىقتىن بولدىمۇ ياكى ئەسكەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كېلىشەلمەسلىك بارمۇ ۋە ياكى ئادىل بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن كېلىپ چىقتىمۇ؟ بىز ئىنتايىن ئەجەبلەنمەكتىمىز. سىز مەكتۇپىڭىزدا: چىياڭلار تاغ - جىلغىلاردا يۈرىدۇ، ئۇششاق چىغىر يوللار ناھايىتى كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇھىم نۇقتىلارنى كۆپرەك ئەسكەر ئايرىپ مۇداپىئە قىلماي بولمايدۇ، ئارقا سەپتىن ياردەمچى قوشۇن بولۇش زۆرۈر، شۇ چاغدىلا جەڭ ۋەزىيىتىنى غەلىبىلىك تاماملىغىلى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولدى، يەنە سانغۇن ئاجرىتىپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپسىز. ئاڭلىشىمىزچە، دەسلەپتە ئەسكەرلىرىڭىز ئاز بولۇپ مۇداپىئەگە يېتىشمىگەنىكەن. شۇڭا بىز ئەتراپتىكى جايلاردىن چەۋەندازلارنى يۆتكەپ ۋە ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز توختىماي يۈرۈپ، بارگاھىڭىز بار جايغا بېرىشقا ئەۋەتتۇق. ئۇلارنى ھۇجۇم قىلىشقا ئەمەس، مۇداپىئە ئۈچۈن ياردەملىشىشكە ئەۋەتتۇق. ھازىر پايتەخت ئەتراپى، خېدۇڭ، خۇڭنۇڭ ۋىلايەتلىرىدى-

كى ئەسكەرلەر، يۈ چەۋەندازلىرى(23)، ماھىر ئوقياچىلار، ئىز قوغلاپ
ئاتقۇچى كامانىدازلار(24)، ئاتلىق ئوقياچىلار، يېتىمچى
پاسىبانلار قىسمى، شۇنىڭدەك تەسلىم بولغان خۇسۇل بەگ
(25) ۋە غەربىي رۇلار(26) قوشۇنىنى يۆتكەپ، ئۇلارغا دەر-
ھال ئالدىنقى سەپكە بېرىش توغرىسىدا يارلىق بېرىلدى.
ئۇرۇش ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق
ئېلىشىش ئىكەن. مۇقەررەركى ئۇنىڭدا يېڭىش - يېڭىلىش
بولىدۇ. ئەڭ يامان يېرى ئالدىن تەييارلانغان تەپسىلىي
پىلانىنىڭ بولماسلىقى ۋە دۈشمەن ئەھۋالى ئۈستىدە توغرا
ھۆكۈمنىڭ چىقىرىلماسلىقىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە جەسۇر
سانغۇن رېن چيەنچيۇ ياردەمگە ئەۋەتىلدى. «ھەربىي تەدبىر-
لەر» دە: «ئۇلۇغ سانغۇن يۈرۈشكە چىقسا، ئۇنىڭغا چوقۇم
ئورۇنباسار سانغۇن تەيىنلەش كېرەك» دېيىلگەن. بۇ قوشۇن-
نىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇش، چارە - تەدبىرلەرنى كېڭەيتىشنى
مەقسەت قىلىدۇ. سانغۇن بۇنىڭدىن نېمىشقا گۇمانلىنىسىز؟
ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى ئاسراش، ئامىنىڭ ھىمايىسىگە
ئېرىشىش، ئىشنى كېيىن پۇشايمان قىلمىغۇدەك دەرىجىدە
ئىشلەش، شۇنىڭدەك دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقىتىش —
بۇلار سىز سانغۇننىڭ مەسئۇلىيىتى. تەمىنات - ترانسپورت
خىزمىتىگە كەلسەك، بۇنى مەخسۇس خادىم مەسئۇل بولۇپ
بىر تەرەپ قىلىدۇ، سىز بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ. جەسۇر سان-
غۇننىڭ ياردەمچى ئەسكەرلىرى يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چياڭ-
لارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغايسىزلەر» دېدى.
شۇ يىلى 10 - ئايدا، جەسۇر سانغۇن رېن چيەنچيۇ
قوماندىسىدىكى قوشۇن لۇڭشى ۋىلايىتىگە تولۇق يېتىپ
باردى. 11 - ئايدا ئىككى قوشۇن تەڭلا ھۇجۇم قىلدى.
چياڭلار يېڭىلىپ، نەچچە مىڭ ئادىمى ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلى-
رى چېكىنىپ قورغانلىرىدىن قېچىپ كەتتى. ئۇرۇش تېخى

ئاياغلاشماستىنلا خەن سۇلالىسى يەنە ئەسكەرلىككە ئېلىنغان
10000 ئادەمنى يۆتكەپ، دىڭشياڭ ۋىلايىتى ۋالىيسى خەن
ئەنگونى بەھەيۋەت سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، مەزكۇر قوشۇنغا
قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى. لېكىن ئۇ قوشۇنى بىلەن بەلگى-
لەنگەن جايغا يېتىپ بارماستىنلا چياڭلارنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى
ئاڭلاپ قايتىپ كەلدى. خەن يۈەندى: «چياڭلار تارمار بول-
دى. بىر قىسمى زەربە يەپ چېكىنىدىن قېچىپ كەتتى.
نۆۋەتتە ئەسكەرلەر تەرتىپكە سېلىنىپ دەم ئالسۇن، بىر قىس-
مى تېرىقچىلىققا قالدۇرۇلۇپ مۇھىم جايلار مۇداپىئە قىلىن-
سۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى.
ئىككىنچى يىلى (م.ب. 41 - يىلى، خەن يۈەندى
يۇڭگۇاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىككىنچى ئايدا، فېڭ فېڭشى
پايتەختكە قايتىپ كېلىپ، سول قانات سانغۇنلۇققا تەيىنلەن-
دى ھەمدە يەنىلا قوۋۇقچىباشىلىق ۋەزىپىسىدە بولدى. كېيىن
كۆرسەتكەن خىزمىتى باھالىنىپ ئۇنىۋان بېرىلگەندە، خەن
يۈەندى: «چياڭلار ياۋۇز ۋە مەككار بولۇپ، ئەمەلدار ۋە
پۇقرالارنى ئۆلتۈردى. لۇڭشى ۋىلايىتىدىكى بەزى ھۆكۈمەت
مەھكىمىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بېكەتلەرگە ئوت قويىدى،
كۆۋرۈك ۋە يوللارنى بۇزۇپ تاشلىدى. ھەقىقەتەن ئىلاھىي
قانۇنغا قاتتىق خىلاپلىق قىلدى. سول قانات سانغۇن (قوۋۇقچى-
باشى فېڭ فېڭشى يېقىندا ئەسكەر بىلەن ئاسىيلارغا جازا يۈرۈ-
شى قىلىپ، 8000 دىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر
ئالدى. نەچچە تۈمەنلەپ ئات، كالا، قويلارنى ئولجا ئالدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن فېڭ فېڭشىغا ئۆلكە بېگى ئۇنىۋانى بېرىپ،
500 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال، 60 جىڭ ئالتۇن ئىنئام
قىلدۇق» دەپ يارلىق چۈشۈردى. ئورۇنباسار سانغۇن، چېرىك-
چىلەردىنمۇ 30 نەچچە ئادەم مۇۋاپىق ۋەزىپىلەرگە تەيىن-
لەندى. شۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن فېڭ فېڭشى ئاغرىپ

ئۆلدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر 10 يىل ھەربىي ئەمەلدار بو-
لۇپ، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغان پىشقەدەم سانغۇن بولۇپ
قالدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى پەقەت جاۋ چۇڭگودىنلا
كېيىن تۇراتتى.

فېڭ فېڭشى ئۆلۈپ ئىككىنچى يىلى، غەربىي يۇرت
قورۇقچىبېگى گەن يەنشۇ چىچى تەگرىقۇتنى ئۆلتۈرگەنلىكى
ئۈچۈن بەگ ئۇنۋانى ئالغانىدى. شۇ چاغدا باش ۋەزىر
كۇاڭ خېڭمۇ گەن يەنشۇنى ساختا يارلىق بىلەن چاتاق
چىقارغان دەپ قاراپ، شياۋۋاڭجىنىڭ ئۆتكەندىكى تەكلىپى
بويىچە ئۇنىڭغا بەگلىك ئۇنۋانى بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى
تەشەببۇس قىلغانىدى. لېكىن ۋەزىر - ۋۇزرالار مۇھاكىمە
قىلغاندا، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيلەشكەنلىكى ئۈچۈن خەن
يۈەندى شۇلارنىڭ پىكرىگە بىنائەن ئۇنىڭغا بەگلىك ئۇنۋانى
بېرىشنى قارار قىلدى. شۇڭا دۇچېن(27) خانغا فېڭ
فېڭشىنىڭ ئىلگىرى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى قايتا بايان
قىلىپ: «ئۆتكەندە خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەن يەركەنت خانى
ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىگە
ئاسىيلىق قىلغاندا، سول قانات سانغۇن فېڭ فېڭشى باسقاق
بېگلىك سالاھىيتى بىلەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي،
ئەسكەر يۆتكەپ يەركەنت خانىنى ئۆلتۈردى. ئۆز ئەقىل -
پاراسىتى بىلەن غەربىي يۇرتنى تىنچىتىپ، چېگرا خەلقلىرى
ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتتى. لېكىن بۇ ئىشنى مۇھاكىمە
قىلغاندا، بەزى كىشىلەر فېڭ فېڭشى كونكرېت ۋەزىپە بىلەن
ئەلچىلىككە چىققان، دېيىشىۋاتىدۇ. «ئەمىنىيە» دە: «تۆرىلەر
ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. خەن
سۇلالىسى قانۇنىدا: «خان نامىدىن ساختا يارلىق چىقارغان
بولسا، خىزمەت كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ ئىنئام بېرىلمەيدۇ»
دېگەن ماددا بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بەگلىككە تەيىنلىگەنلى

بولمايدۇ. ھازىر ھۇن تەڭرىقۇتى چىچى خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، كانگاغا قېچىپ بېرىپ باشپاناھلىق تىلىدى. قوروقچىبەگ گەن يەنشۇ غەربىي يۇرت دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى ۋە 40 مىڭدىن ئوشۇق تېرىقچى سىپاھبەگنى ئىشقا سېلىپ، چىچى تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا چوڭ تۆرە ئۇنۋانى بېرىلدى. كەمىنە ئەقىلسىزنىڭ قارىشىچە، جىنايەت سېلىشتۇرۇلسا، روشەنكى چىچى تەڭرىقۇتنىڭ جىنايىتى كىچىكرەك، ھەربىي كۈچ جەھەتتە روشەنكى ياركەنت ئۈستۈن بولۇپ، فېڭ فېڭشىنىڭ ئىشقا سالغان ئەسكىرى سان جەھەتتە دۈشمەن ئەسكىرىدىن ئاز ئىدى. غەلىبە نەتىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، فېڭ فېڭشىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى شۇكى، ئۇ چېگرىدىنى تىنچلاندۇردى. گەن يەنشۇ دۆلەتكە ئىنتايىن چوڭ بالايىئاپەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئومۇمەن، ئۇلار پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆز ئالدىغا چاتاق چىقىرىش جەھەتتە ئوخشاش. لېكىن گەن يەنشۇ سۇيۇرغال - ئىنئامغا ئېرىشتى. فېڭ فېڭشى بولسا ئەكسىچە باھاغا ئىگە بولالمىدى. كەمىنىلىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، كۆرسەتكەن خىزمىتى ئوخشاش بولۇپ ئىنئام ئوخشاش بولمىسا، خىزمەت كۆرسەتكۈچىلەر گۇمانغا چۈشۈپ قالىدىكەن؛ جىنايىتى ئوخشاش بولۇپ جازا ئوخشاش بولمىسا، پۇقرالار قايمۇقۇپ قالىدىكەن؛ گۇمانلىنىش قائىدە - تەرتىپنىڭ بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ، قايمۇقۇش نېمە قىلىشنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. قائىدە - تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىنمىسا، ئالىيجاناب پەزىلەت ئورناتقىلى بولمايدۇ؛ نېمە قىلىشنى بىلەلمىسە، پۇقرالار تەمتىرەپ قالىدۇ. فېڭ فېڭشى دۆلەتنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن يىراق ئەللەردە ئەلچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ نام - ئابرويى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ، زامانىمىز-

دىكى ئەلچىلەرنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئەكسىچە بىپسىمغا ئۇچراپ، ئىنئامغا ئېرىشەلمىدى. بۇ ھەرگىز خانىنىڭ ئادىل ئىنئام بېرىش ئارقىلىق گۇمانىنى تۈگىتىش ۋە ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇددىئاسى ئەمەس. فېڭ فېڭشىغا ئىنئام بېرىش مەسىلىسىنىڭ ئەمەلدار-لارنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. خەن يۈەندى مەرھۇم خەن شۈەندىنىڭ بېكىتكەن ئىشلىرىنى يەنە قايتا مۇھاكىمە قىلمايلى، دەپ قارىدى.

(«خەننامە»، 10 - توم، 3293 — 3301 - بەتلەر).

---

(1) لۇشيەن (潞县) قەدىمكى ناھىيە. خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى لۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھ»، 4 - توم، 2552 - بەت).

(2) فېڭ تىڭ (冯亭) يىغىلىق دەۋرىدىكى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ شاڭداڭ ۋىلايىتى ۋالىيسى. چىن بەگلىكى شاڭداڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، ياردەم يوللىرى كېسىلگەچكە، مۇداپىئەگە ئاجىزلىق قىلىپ، جاۋ بەگلىكىگە تەسلىم بولغان فېڭ تىڭ خۇاياڭغا ۋالىي بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. جاۋ بەگلىكى سەركەردىسى جاۋكو بىلەن چاڭپىڭدا چىن بەگلىكىگە قارشى جەڭدە ئۆلىدۇ.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1230 - بەت).

(3) تەيخاڭشەن (太行山) تاغ. سەنشى ئېگىزلىكى بىلەن خېبېي تۈزلەڭلىكى ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا يۆنىلگەن بولۇپ، شىمالىي جۈما جىلغىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي جىن (سەنشى)، يۈ (خېنەن) چېگرىلىرىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 840 - بەت).

(4) خۇاياڭ (华阳) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى شەنشى

ئۆلكىسى شاڭشيەن ناھىيىسىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 2666 ـ بەت).

(5) ھەربىي زىندانبېگى (军司空令) ھەربىي جىنايەتچىلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

(«خەننامە، قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 7 ـ توم، 4836 ـ بەت).

(6) باسقاق بېگى (卫侯) ياساۋۇلبەگ قارىمىقىدىكى ئەمەلدار بولۇپ، قوغدىغۇچىلار قىسمىنىڭ كوماندىرلىقىنى قىلاتتى.

(«خەننامە، قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 7 ـ توم، 4836 ـ بەت).

(7) مىران (米兰, 伊修城) پىشامشان (چاقىلىق) بەگلىكىنىڭ شەھىرى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالى، ئابدالنىڭ جەنۇبىدا. قەدىمكى تىبەتچىدە «نوبچان» (كىچىك پىشامشان) دېيىلىدۇ. 屯城, 小鄯善, 伊倏, 七屯城 دېگەن نامـ لارنىڭ ھەممىسى مىران شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 65 ـ بەت).

(8) سۇڭ جياڭ (宋将) خەن شۇەندى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى كاھىبەگلەردىن.

(«خەننامە»، 10 توم، 3294 ـ بەت).

(9) يەركەنت خانلىقى (莎车国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 شەھەر دۆلىتىنىڭ بىرى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە سۇلېك (سۇلې ـ قەشقەر) دۆلىتىگە قارىدى. قەدىمدە شەرق بىلەن غەرب قاتناش يولىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. ئورنى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمى، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋەھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى»، 850 ـ بەت).

(10) ۋاننان (万年) ئاسىيۇ كۈنبېگى ئۆڭكۈربەگ بىلەن خەن خانىشى جېيۇدىن تۇغۇلغان بولۇپ، م.ب. 65 ـ يىلى

سابىق يەركەنت خانىنىڭ ئىنىسى قۇتچىن تەرىپىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى شى چۇڭگو بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن يەكەن خانى.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»،
1 – توم، 527 – بەت).

(11) شاڭجۈن بېقىندى ئېلى (上郡属国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆسەندىن تەسلىم بولغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بېقىندى ئەل بولۇپ، بىر نەپەر كاھبەگ ئىدارە قىلاتتى. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يۈلىن ناھىيىسى.

(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 4838 – بەت)،
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 – توم، 65 – بەت).

(12) شىخې بېقىندى ئېلى (西河属国) ھۇن ئېلىدىن تەسلىم بولغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، م.ب. 55 – يىلى (خەن شۈەندى ۋۇفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئالتىنچى ئايدا، شېخې (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىسى ئايماقنىڭ شەرقى)، بېيدى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭياڭنىڭ غەربىي شىمالى) بېقىندى بەگلىكىنى تەسىس قىلغان.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»،
1 – توم، 530 – بەت).

(13) ئىچۈر (伊酋若) تەسلىم بولغان ھۇن خانلىرىدىن. م.ب. 55 – يىلى 8 – ئايدا 10 مىڭدەك ئادىمى بىلەن قايتا ھۇنلارغا قېچىپ كەتكەن.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»،
1 – توم، 534 – بەت).

(14) شيەنجيېلەر (三姐) غەربىي چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى.

(«خەننامە»، 10 – توم، 3297 – بەت (1) ئىزاھ).

(15) ۋېي شۈەنچېڭ (韦玄成 ؟ — م.ب. 36) يەنە بىر ئىسمى ۋېي شاۋۋېڭ. كىچىكىدىنلا ئوبدان ئوقۇغاچقا، خىزمەتكە

ئېلمىندى. ئوردا كېڭەشلىرىدە يۇكسەك ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويااتتى. كېيىن خېنەنگە ۋالىي بولدى. م.ب. 42 - يىلى باش ۋەزىر بولدى. قەلىمى ناھايىتى كۈچلۈك زات ئىدى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 720 - بەت).
(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»،
1 - توم، 536 - بەت).
(16) جېڭ خۇڭ (郑弘) يەنە بىر ئىسمى جېڭ جىجىڭ. قانۇن - سىياسەتلەرنى ياخشى بىلگەچكە، نەنياڭ ۋىلايىتىگە ۋالىي، خۇەيياڭ ۋەزىرى، ئاخىرىدا باش تەپتىشبەگ بولغان.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1557 - بەت).
(17) رېن لى (任立) خەن يۇەندى دەۋرىدە بېقىندى ئەللەر بېگى بولۇپ، م.ب. 42 - يىلى فېڭ فېڭشى چياڭلارغا يۇرۇش قىلغاندا، ئوڭ قانات قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان.
(«خەننامە»، 10 - توم، 3297 - بەت).
(18) بەيشى (白石) قەدىمكى ناھىيە. قەدىمكى جىنچېڭ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىدى. قەدىمكى شەھەر ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - توم، 22 — 23 - بەتلەر).
(19) لىنتاۋ (临洮) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشيەن ناھىيىسى، تاۋشۈي دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولغاچقا، لىنتاۋ دەپ ئاتالغان.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى
قامۇسى»، 1290 - بەت).
(20) شۇياڭ (首阳) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان بولۇپ، لۇڭشى ۋىلايىتىگە قارايتتى. ئورنى

هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېيۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»،2 - توم، 22 - 23 - بەتلەر).
(21) شياڭتۇڭ تۆپىلىكى (降同阪) ئۈستى تۈز كەتكەن بىر تۆپىلىك.
(«خەننامە»، 10 - توم، 3298 - بەت (3) ئىزاھ).
(22) يىياڭ (弋阳) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى خۇاڭچۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 99-بەت).
(23) يۆ چەۋەندازلىرى (越骑) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان يۆ قوۋملىرىدىن ئېلىنغان چەۋەندازلار.
(«خەننامە»، 3 - توم، 737 - بەت).
(24) ئىز قوغلاپ ئاتقۇچى كاماندار (迹射) خەن دەۋرىدە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ ئاتقۇچى كامانـدازلار ئىز قوغلاپ ئاتقۇچى كاماندازلار دېيىلەتتى. ئاۋاز، شەپە، ئىزلارغا قاراپ ئاتقۇچىلار ماھىر ئوقياچىلار ھېسابلىناتتى.
(«خەننامە»، 10 - توم، 3298 - بەت).
(25) خۇسۇل (呼速累) قۇنشارقاننىڭ سول چوڭ سەركەردىسى. ئۆلچۈر بىلەن ئۇنىڭ دادىسى خۇسۇل ئولۇۋېنتون ھۇن ئېلىدىكى پاراكەندىچىلىكلەرنى كۆرۈپ، بىرنەچچە تۈمەنلىك ئاھالىسىنى جەنۇبقا باشلاپ كېلىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلچۈر شىنچېڭ بېگى، ئولۇۋېنتون يىياڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. «خەننامە» نىڭ 3797 - بېتىدىكى (2) ئىزاھتا «خۇسۇل ئەمەل نامى» دېيىلگەن.
(«خەننامە»، 11 - توم، 3796 - بەت).

(26) رۇلار (辱؟) چياڭلارنىڭ بىر تارمىقى. يەنە بىر خىل ئېيتىلىشىچە هۇنلارنىڭ بىر تارمىقى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 541 - بەت).

(27) دۇچىن (杜钦) يەنە بىر ئىسمى دۇزىشيا، خەن چېگدى دەۋرىدە جەبخانا بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۆزى تەدبىرلىك، ساراي كېڭەشلىرىدە توغرا پىكىر بايان قىلاتتى.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 466 - بەت).

«خەننامە» 94 ـ جىلد

# هۇنلار ھەققىدە قىسسە (I)

ھۇنلار شياخۇ ئۇرۇقى(1) نىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، بۇرۇنقى چاغلاردا چۇنۇيلار(2) دەپ ئاتىلاتتى. تاڭ ۋە يۇ زامانلىرىدىن ئىلگىرى تاغ رۇڭلىرى، شيەنيۇنەر، شۈنيۇلەر(3) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار يۇقىرىقى تەرەپلەرگە جايلاشقانىدى. ئۇلار ئوتلاق قوغلىشىپ، چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. چارۋا ـ ماللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئات، كالا، قوي بولۇپ، تۆگە، ئېشەك، قېچىر، ئېشەك قېچىر، قۇلان، ئات قېچىرلار ئالاھىدە چارۋىلار ھېسابلىناتتى.

ئۇلار ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. شەھەرلىرى ۋە مۇقىم تۇرىدىغان جايلىرى يوق بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلمايتتى. لېكىن ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق يەرلىرى بولاتتى. ھۆججەت-تەشمەيتتى، ئاغزاكى سۆزگە ئەمەل قىلىناتتى. باللىرى قويلارغا مىنىپ ئوقيا بىلەن قۇش ۋە چاشقان ئاتالايتتى. سەل چوڭ بولغاندا تۈلكە ۋە توشقانلارنى ئېتىپ، گۆشىنى ئىستېمال قىلاتتى. ياش ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوقيا تۇتۇپ چەۋەنداز بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بويىچە تىنچ مەزگىللەردە مال بېقىپ يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىسا، جىددىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە ھەممىسى جەڭ

مەشقى ئېلىپ بېرىپ بولاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ
تەبىئىتى ئىدى. ئۇلار يىراقتا ئوقيا، يېقىندا قىلىچ ـ نەيزە
ئىشلىتەتتى. ئوڭۇشلۇق بولسا ھۇجۇم قىلىپ، ئوڭۇشسىز بولسا
چېكىنەتتى، قېچىشنى ھار كۆرمەيتتى. پايدىنىلا كۆزلەيتتى،
ئەدەب ـ قائىدە بىلەن ھېسابلاشمايتتى. تەگرىقۇتتىن تارتىپ
ھەممىسى گۆشنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلاتتى. تېرىدىن كىيىم
كىيەتتى، جۇۋىنى يېپىنچا، كىگىزنى سېلىنچا قىلاتتى. ياشلار
ياخشى تائاملارنى، قېرىلار ئاشقان ـ تاشقانلارنى يەيتتى. ياش،
قاۋۇل ئادەملەر ھۆرمەتلىنىپ، قېرى ـ ئاجىزلار كەمسىتىلەتتى.
ئاتىسى ئۆلسە ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكىسى ياكى ئىنىسى ئۆلسە
يەڭگىسىنى ياكى ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنى ئالاتتى. ئادەتتە ئۆز-
ئارا ئىسىملىرىنى ئاتاۋېرەتتى، تەخەللۇسلىرى بولمايتتى.

شىيا سۇلالىسى چۈشكۈنلەشكەن مەزگىلدە، گۇڭلىيۇ داققال(4)
لىق ئەمەلدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، غەربىي رۇڭلار (5)
نىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى قوبۇل قىلىپ، بىن دېگەن يەرگە
شەھەر سالدى. 300 نەچچە يىلدىن كېيىن رۇڭ ـ دىلار (6)
گۇڭلىيۇنىڭ نەۋرىسى چوڭ خان (بەگ) دەنفۇ(7) غا
ھۇجۇم قىلدى. دەنفۇ يېڭىلىپ چىشەن تېغىغا قاچتى. دەنفۇغا
ئەگىشىپ بارغان بىنلىقلار شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى ۋە جۇ سۇلا-
لىسى دەپ ئاتالغان سۇلالە قۇرۇلدى. يەنە يۈز نەچچە يىل
ئۆتكەندىن كېيىن غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى جى چاڭ(8)
چۇەنرۇڭلار(9) غا يۈرۈش قىلدى. يەنە ئون نەچچە يىلدىن
كېيىن جۇ ۋۇۋاڭ شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇغا يۈرۈش
قىلىپ، لويى(10) شەھىرىنى بىنا قىلدى. كېيىن يەنە فېڭ
جىڭ(11)، خاۋجىڭ شەھەرلىرىگە ئورۇنلىشىپ رۇڭلارنى جىڭ-
شۇي(12)، لوشۇي(13) دەريالىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە
ھەيدىۋەتتى ۋە ئۇلارنى «قىر ياساقچىلىرى»(14) دەپ ئاتاپ،
قەرەل بويىچە ئۇلاردىن ئولپان ئېلىپ تۇردى. يەنە 200

نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن جۇ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، لېكىن جۇ مۇۋاڭ(15) رۇڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ تۆت ئاق بۆرە، تۆت ئاق بۇغىغا ئىگە بولۇپ قايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قىر ياساقچىلىرى زىيارەتكە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن «جازا قوللانمىسى» تۈزۈلدى. جۇ مۇۋاڭنىڭ نەۋرىسى يىۋاڭ(16) زامانىغا كەلگەندە سۇلالە بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، رۇڭ، دى قەۋملىرى كەينى ـ كەينىدىن تاجاۋۇز قىلىپ جۇڭگوغا زوراۋانلىق ئىشلەتتى. جۇڭگو خەلقى تويغىچە ئازاب چەكتى. خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى كۈلپەت ـ ئەلەملەرگە ئېچىنغان شائىرلار: «قالدۇق ئۆي ۋە ماكانسىز ھونلارنىڭ بالاسىدىن، ھەر كۈنى ھوشيار تۇرمىساق يېڭىلىسەن ھونلاردىن» دەپ نەزمە پۈتۈپ ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەشكەنىدى. جۇ يىۋاڭنىڭ چەۋرىسى شۇەنۋاڭ ئەسكەر تەييارلاپ ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، شائىرلار ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى مەدھىيىلەپ:

«يۈرۈش قىلىپ شيەنيۈنلەرگە،
باردۇق بىز تەييۈەنگىچە.
دۈشمەنگە يۈرۈش قىلىپ،
قورغاننى پۇختا سېلىپ،
شىمال ياقنى تىنچىتىپ،
بۇ ئەلنى قوغدايلى بىز».

دەپ نەزمە پۈتۈشتى. بۇ چاغدا ئەتراپتىكى يات قەۋملەر بويسۇندۇرۇلۇپ، جۇ سۇلالىسى گۈللەنگەنىدى.

جۇ يۇۋاڭ(17) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ خانىشى باۋسى(18) نى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، شېن بېگى(19) بىلەن دۈشمەنلەشتى. غەزەپلەنگەن شېن بېگى رۇڭلار بىلەن بىرلـ

شىپ، يېڭۋاڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە لىشەن(20) تېغىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، جۇ سۇلالىسىنىڭ يىپزىنى بىسىۋالدى ۋە مال - بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ، جىڭشۈي دەرياسى بىلەن ۋېيشۈي دەرياسى ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ، زوراۋانلىق يۈرگۈزدى. چىن شياڭگۇڭ (21) قوشۇن ئەۋەتىپ جۇ سۇلالىسىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جۇ پىڭۋاڭ (22) فېڭجىڭ ۋە خاۋجىڭ شەھەرلىرىدىن شەرقتىكى لويىغا كۆچۈپ باردى. بۇ چاغدا چىن شياڭگۇڭ رۇڭلارغا يۈرۈش قىلىپ چىشەن تېغىغا يېتىپ بارغانلىقتىن، بەگلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. 65 يىلدىن كېيىن تاغ رۇڭلىرى يەن بەگلىكىنى بېسىپ ئۆتۈپ، چى بەگلىكىگە تاجاۋۇز قىلدى. چى لىگۇڭ(23) تاغ رۇڭلىرى بىلەن چى بەگلىكى زېمىنىدا جەڭ قىلدى. يەنە 44 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاغ رۇڭلىرى يەن بەگلىكىگە تاجاۋۇز قىلدى. يەن بەگلىكى چى بەگلىكىدىن ياردەم سورىدى. شۇڭا چى خۇەنگۇڭ شىمالدىكى تاغ رۇڭلىرىغا يۈرۈش قىلدى. تاغ رۇڭلىرى چېكىنىپ كەتتى. يەنە 20 نەچچە يىلدىن كېيىن رۇڭ - دىلار لويى شەھىرىگە كېلىپ، جۇ شياڭۋاڭ(24) غا ھۇجۇم قىلدى. شياڭۋاڭ جېڭ بەگلىكى(25) نىڭ فەنيى(26) شەھىرىگە قېچىپ باردى. ئەسلىدە جېڭ بەگلىكىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغان جۇ شياڭۋاڭ دىلاردىن بىر قىزغا ئۆيلەندى ۋە دىلار بىلەن بىرلىشىپ جېڭ بەگلىكىگە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شياڭۋاڭ دىلاردىن ئالغان خوتۇنىنى خانىشلىكتىن قالدۇردى. بۇ ئىش خانىشقا بەك ئەلەم قىلدى. جۇ شياڭۋاڭنىڭ ئۆگەي ئانىسى، خانىشقا خۇي(27) ئۆزىنىڭ ئوغلى جى زىدەي(28) نى پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزماقچى بولغاچقا، پادىشاھنىڭ دىلاردىن بولغان رەپىقىسى بىلەن جى زىدەيلەر ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ رۇڭ - دىلارنى قارشى ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن رۇڭ - دىلارنىڭ قوشۇنلىرى بېسىپ كىردى.
شياڭۋاڭنى يېڭىپ ۋە قوغلاپ چىقىرىپ جى زىندەينى جۇ
پادىشاھى قىلىپ تىكلىدى. بىر قىسىم رۇڭ - دىلارلۇخۇن(29)
دېگەن يەرگە ئورۇنلىشىپ، شەرقتە ۋېي بەگلىكى(30)
گە قەدەر كېڭىيىپ، قاتتىق تالان - تاراج يۈرگۈزدى. قاچقۇن
جۇ شياڭۋاڭ سىرتتا تۆت يىل قېچىپ يۈردى. ئاخىر جىن
بەگلىكىدىن ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئەمدىلا
بەگلىك ئورنىغا چىققان جىن ۋېنگۇڭ(31) ھاكىمبەگ بولۇش
كويىدا بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، رۇڭ - دىلارغا قارشى جازا
يۈرۈشى قىلىپ، جى زىندەينى ئۆلتۈردى ۋە جۇ شياڭۋاڭنى لويى
شەھىرىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا چىن، جىن بەگلىكلىرى كۈچلۈك بەگلىكلەر ئىدى.
جىن ۋېنگۇڭ رۇڭ - دىلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى شىمىبىدى-
كى يىنشۈي(32)، لوشۈي دەريالىرى ئارىلىقىغا قوغلىۋەتتى.
ئۇلار كېيىنكى چاغلاردا تۇرالار دەپ ئاتالغان قىزىل دىلار(33)،
ئاق دىلار(34) دەپ ئاتىلاتتى. چىن مۇگۇڭ(35) يۈيۈك-
نىڭ ياردىمىگە ئېگە بولغاندىن كېيىن، غەربىي رۇڭلارنىڭ
سەككىز خانلىقىنى بويسۇندۇردى. لۇڭشەن(36) تېغىنىڭ
غەربىدە مىيەنجۇ(37)، چۈەنرۇڭ، دىيۈەن ناملىق رۇڭ قەبىلى-
لىرى ياشايتتى. چىشەن تېغى، لياڭشەن(38) تېغى ۋە جىڭ
شۈي، چىشۈي(39) دەريالىرىنىڭ شىمالىدا يىچۈ، دالى(40)،
ۋۇجى(41)، چۈيەن (42) رۇڭلىرى دەپ ئاتىلىدىغان رۇڭ قەبىلىلىرى
بار ئىدى. جىن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا لىنخۇلار(43)، لوۋفەن
رۇڭلىرى، يەن بەگلىكىنىڭ شىمالىغا تۇڭغۇسلار، تاغ رۇڭلىرى
جايلاشقانىدى. بۇلار تاغ - جىلغىلارغا تارقالغان بولۇپ،
ئۆز ئالدىغا ئاقساقاللىرى بار ئىدى. ئۇلار بىر يەردە توپلىشىپ
ياشىسىمۇ بىرلىشەلمەيتتى.

شۇنىڭدىن 100 نەچچە يىللار كېيىن، جىن داۋگۇڭ(44)

ڕۇڭ ـ دىلار بىلەن يارىشىشقا ۋېي جياڭ (45) نى ئەۋەتكەچ
كە، ڕۇڭ ـ دىلار جىن بەگلىكىنى زىيارەت قىلدى. يەنە 100
نەچچە يىلدىن كېيىن، جاۋشياڭزى(46) گوجۇ تېغىنى ئېشىپ
ڕۇڭ ـ دىلارنى يەڭدى ۋە دەي دېگەن يەرنى ئۆزىگە قوشۇ-
ۋېلىپ، خۇمولار(47) رايونىغىچە يېتىپ
كەلدى. كېيىن جاۋشياڭزى خەن (韩)، ۋېي (魏)
بەگلىكلىرى بىلەن بىرلىكتە جى بو(48) نى
يوقىتىپ، جىن بەگلىكىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالدى ھەمدە
جاۋ، خەن، ۋېي بەگلىكلىرىنى قۇردى. جاۋ بەگلىكى دەي ۋە
گوجۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى، ۋېي بەگلىكى شىخې ۋە
شاڭجۈن رايونىنى ئىگىلەپ ھەممىسى ڕۇڭلار بىلەن چېگرىداش
بولۇپ قالدى، كېيىن يىچۈ ڕۇڭلىرى شەھەر ۋە قەلئەلەرنى
سېلىپ مۇداپىئەلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن چىن بەگلىكى ئۇلار-
نىڭ يەرلىرىنى خۇددى پىلە قۇرتىدەك يەپ قوشۇۋالغانلىقتىن،
چىن خۇيۋاڭ(49) دەۋرىگە كەلگەندە يىچۈ ڕۇڭلىرىنىڭ 25
شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. خۇيۋاڭ يەنە ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم
قىلغاچقا، ۋېي بەگلىكى شىخې ھەم شاڭجۈننى پۈتۈنلەي چىن
بەگلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. چىن جاۋۋاڭ(50) دەۋرىگە كەل-
گەندە، چىن جاۋۋاڭنىڭ ئانىسى شاھ سانىيە شۈەن(51)
يىچۈ ڕۇڭلىرى خانى بىلەن ئويناپ، ئۇنىڭدىن ئىككى بالا تۇغدى.
شاھ سانىيە شۈەن بۇ سىرنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن،
يىچۈ ڕۇڭلىرىنىڭ خانىنى ھىيلە بىلەن گەنچۈەندە ئۆلتۈردى
ۋە يىچۈ ڕۇڭلىرىغا ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى يوقاتتى.
شۇنىڭدىن باشلاپ چىن بەگلىكى لۇڭشى، بېيدى ۋە شاڭجۈن
ۋىلايەتلىرىگە ئىگە بولدى ھەمدە سەددىچىننى سوقتۇرۇپ ھۇن-
لاردىن مۇداپىئەلەندى. بۇ ۋاقىتتا جاۋ ۋۇلىڭۋاڭ(52) ئۆرپ ـ
ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، پۇقرالىرىنى ھۇنچە كىيىندۈرۈپ، ئات
مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەتتى ھەمدە ئەسكىرىي

يۇرۇش قىلىپ، شىمالدىكى لىنخۇ ۋە لوۋفەنلەرنى تارمار
قىلدى، دەيجۇندىن باشلاپ چۇغاي (يىنشەن) تېغى(53) دىن
توپتوغرىلا گاۋچۇگىچە قورغان سېلىپ، يۈنجۇڭ، يەنمېن،
دەيجۈن ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى. كېيىن يەن بەگلىكىدىن
ھۇن ئېلىدە تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بول-
غان تالانتلىق سەركەردە چىن كەي(54) يەن بەگلىكىگە
قايتىپ كەلدى ۋە ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىپ تۇڭخۇسلارنى
تارمار قىلدى. تۇڭخۇسلار مىڭ چاقىرىملاپ ئارقىغا چېكىن-
دى. كېيىنكى چاغلاردا جىڭ كې(55) بىلەن بىرلىشىپ چىن
بېگىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان چىن ۋۇياڭ(56) ئەنە شۇ چىن
كەينىڭ نەۋرىسى ئىدى. يەن بەگلىكىمۇ زاۋياڭ(57) دىن
شياڭپىڭ(58) دېگەن يەرگىچە سېپىل سوقتۇرۇپ شاڭگۇ، يۇ-
ياڭ، يۇبېيپىڭ، لياۋشى ۋە لياۋدۇڭ ۋىلايەتلىرىنى تەسىس
قىلىپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. بۇ چاغلاردا يېغىلىق
دەۋرىدىكى قالپاق كىيىپ، كەمەر باغلايدىغان يەتتە
بەگلىكتىن ئۈچى ھۇنلارغا چېگرىداش ئىدى. كېيىن
لى مۇجاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى بولغان ۋاقىتتا،
ھۇنلار جاۋ بەگلىكىنىڭ چېگرىسىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلال-
مىدى. كېيىن چىن بەگلىكى ئالتە بەگلىكنى مۇنقەرز قىلدى.
چىن شىخۇاڭ چوڭ سەركەردە مېڭ تيەننى بىر نەچچە يۈز
مىڭ ئەسكەر بىلەن شىمالدىكى ھۇنلارغا جازا يۈرۈشىگە ئە-
ۋەتىپ، خېنەن رايونىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋالدى ھەمدە
خۇاڭخېنى بويلاپ قورغان سالدى. دەريانىڭ جەنۇبىغا يانداپ
44 ناھىيە تەسىس قىلدى ۋە بۇ يەرلەرگە گۇناھكارلارنى
كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ جيۇيۈەندىن يۈن-
ياڭغا قەدەر ئۇدۇل يول ئېچىپ، خەتەرلىك تاغ - جىلغىلارنى
بويلاپ لىنتاۋدىن لياۋدۇڭغا قەدەر 10 نەچچە مىڭ چاقىرىم
ئۇزۇنلۇقتا سەددىچىننى رېمونت قىلىپ ياساپ چىقتى. يەنە
خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ياڭشەن(59) تېغى بىلەن

بىيجياڭ(60) ئاربلىقىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىدى.

بۇ چاغلاردا تۇڭگۇسلار كۈچەيگەن، توخرىيلار تەرەققىي تاپقانىدى. ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئىسمى تۇمەن (61) بولۇپ،
10 ئۇ چىن سۇلالىسىنى يېڭەلمىگەچكە شىمالغا كۆچكەنىدى. نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، چىن سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى مېڭ تيەن ئۆلدى. ئەسلىدىكى بەگلىكلەر چىن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. چىن سۇلالىسى چېگرا جايلارغا كۆچۈرگەن گۇناھكارلار ئىلگىرى - ئاخىر قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار ئازادلىك ھېس قىلىپ ئاستا - ئاستا يەنە خۇاڭخې دەرياسىدىن جەنۇبقا ئۆتۈپ، چىن سۇلالىسى بىلەن بۇرۇنقى چېگرا بويىچە چېگرىداش بولۇۋالدى.

تۇمەن تەڭرىقۇتىنىڭ باتۇر ئىسىملىك بىر خانتېكىنى بار ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئامراق ئالچىسى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەندىن كېيىن، تۇمەن تەڭرىقۇت باتۇرنىڭ خانتېكىنلىك ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغلىنى خانتېكىن قىلماقچى بولدى، شۇڭا، باتۇرنى توخرىيلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. باتۇر توخرىيلاردا تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا تۇمەن ئۇلارغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلدى. توخرىيلار باتۇرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، باتۇر ئۇلارنىڭ بىر تۇلپار ئېتىنى ئوغرىلاپ مىنىپ قېچىپ كەلدى. ئوغلىنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرگەن تۇمەن ئۇنى تۇمەن چەۋەندازغا باشلىق قىلدى. باتۇر ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان ئاۋازلىق ئوق ياسىتىپ ئەسكەرلەرگە ئوقيا ئېتىش يوللىرىنى ئۆگەتتى. ئۇ: «ئاۋازلىق ئوق ئېتىلغان نىشانغا ئوق ئاتمىغانلار ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ئوۋغا چىققاندا ئاۋازلىق ئوق ئېتىلغان نىشانغا ئوق ئاتمىغانلارنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي باتۇر ئاۋازلىق ئوق بىلەن ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان تۇلپار

ئېتىنى ئاتقاندا ئەتراپتىكىلەر ئوق ئېتىشقا پېتىنالمىدى
دەرھال ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە ئاۋازلىق ئوق بىلەن ئۆزىنىڭ نەق سۆيۈملۈك خوتۇنىنى ئاتتى. ئەتراپتىكىلەر قورقۇپ كېتىپ يەنە ئوق ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. باتۇر يەنە دەرھال ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈردى. يەنە بىر مەزگىل ئۆتۈپ، باتۇر ئوۋغا چىققاندا، تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپار ئېتىنى نىشانلاپ ئاۋازلىق ئوق ئاتتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئوق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن باتۇرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملىرىنىڭ كارغا يارايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت بىلەن ئوۋغا چىققاندا ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئاتقانىدى، ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئاۋازلىق ئوق چىقىش بىلەن تەڭلا ئوق ئېتىپ تۇمەننى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن باتۇر ئۆگەي ئانىسى، ئىنىسى ۋە ئۆزىگە بويسۇنمىغان ۋەزىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى تەڭرىقۇت بولدى.

باتۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىققان چاغلاردا تۇڭگۇسلار كۈچلۈك ئەل ئىدى. ئۇلار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇمەننىڭ تۇلپارىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. باتۇر بۇ ھەقتە ۋەزىرلىرىدىن مەسلىھەت سورىۋىدى، ۋەزىرلەر: «بۇ تۇلپار ھۇنلارنىڭ تەۋەررۈك ئېتى، بەرمەسلىك كېرەك» دېيىشتى. باتۇر «قوشنا ئەلدىن بىر ئاتنى ئايىمىزمۇ؟» دېدى ۋە ئاتنى بېرىۋەتتى. تۇڭگۇسلار باتۇر تەڭرىقۇتنى قورقۇنچاق كۆرۈپ، يەنە تەڭرىقۇتنىڭ بىر ئالچىسىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت يەنە ۋەزىرلەردىن مەسلىھەت سورىۋىدى، غەزەپلەنگەن ۋەزىرلەر: «تۇڭگۇسلار يولسىزلىق قىلىپ ئالچىنى سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرەيلى» دېيىشتى. باتۇر: «قوشنا ئەلدىن بىر ئايالنى ئايىمىزمۇ؟» دېدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئامراق ئالچى-

سىنى تۈڭگۈسلارغا ئەۋەتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن تۈڭگۈسلار خانى غەربكە تاجاۋۇز قىلدى. تۈڭگۈسلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئارىلىقىدا 1000 چاقىرىمدىن ئوشۇق كېلىدىغان، ئىنس - جىن يوق بىر چۆل بولۇپ، بۇ جايدا چېگرا قاراۋۇللىرى تۇرىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ كەمە ئۆيلىرى بار ئىدى. تۈڭگۈسلار باتۇرغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «سىلەر ھۇنلار بىزنىڭ چېگرىمىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىنس - جىنسىز رايونغا ئاياغ باسقۇچى بولماڭلار، ئۇ يەرنى بىز ئىگىلىمەكچىمىز» دېدى. باتۇر بۇ مەسىلىنى يەنە ۋەزىرلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدى. بەزىلىرى: «ئۇ تاشلاندۇق يەر، بېرىۋەتسەكمۇ بولىدۇ» دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان باتۇر: «يەر - زېمىن دۆلەتنىڭ ئۇلى، نېمىدەپ بېرىۋەتكۈدەكمىز؟!» دېدى - دە، بېرىۋېتىش كېرەك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن باتۇر يۈرۈشكە ئاتلاندى ۋە: «ئەل ئىچىدە بۇ يۈرۈشكە چىقمىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن!» دەپ يارلىق چۈشۈردى ھەمدە شەرققە يۈرۈش قىلىپ تۈڭگۈسلارغا ھۇجۇم قىلدى. تۈڭگۈسلار دەسلەپتە باتۇرنى سەل چاغلاپ تەييارلىق كۆرمىگەنىدى. باتۇر قوشۇن بىلەن كېلىپ تۈڭگۈسلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈردى ۋە ئادەملىرىنى ئەسىر، ماللىرىنى ئولجا ئېلىپ قايتتى. غەربكە يۈرۈش قىلىپ توخرىيلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى قوغلىۋەتتى. جەنۇبتا خېنەن رايونىدىكى لوۋفەن، بەيياڭ (ئاق قويلۇقلار) خانلىرىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە مېڭ تيەن تارتىۋالغان ھۇن يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن خېنەن رايونىدىكى كونا قورۇللارنى چېگرا قىلىپ تاكى جۇنا، فۇشى(62) دېگەن يەرلەرگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدىكى يەن، دەي بەگلىكلىرىنىڭ يېرىگە تاجاۋۇز قىلدى. بۇ چاغدا خەن (汉) بېگى ليۇباڭ

چۈشىيالىڭ يۈ بىلەن ئۇرۇش قىلمۋاتقانلىقتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى ئۇرۇش تۈپەيلى ھارغانىدى. شۇ سەۋەبتىن باتۇر قۇدرەت تېپىپ 300 000 دىن ئوشۇق ئەسكەرگە ئىگە بولغانىدى.

چۈنتۈپىدىن تۇمەنگىچە مىڭ نەچچە يۈز يىل ئۆتتى. شۇ جەرياندا ھۇنلار بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلاپ تارقاق ياشاپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ شەجەرە ـ نەسەبلىرىنى بىلىش ۋە تۈزۈشكە بولمايتتى. لېكىن باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە قۇدرەت تېپىپ، شىمالدىكى يات قەبىلىلەرنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇردى ۋە جەنۇب تەرىپىدە ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەر بىلەن دۈشمەنلەشتى. ئۇلارنىڭ شەجەرە ـ نەسەبلىرى ۋە نام ـ ئەمەللىرى شۇنىڭدىن باشلاپ خاتىرىلىنىشكە باشلىدى.

تەڭرىقۇت لەۋەنت ( 挛鞮 ) (63) ئۇرۇقى (فامىلىسى) دىن بولۇپ، ئېلى ئۇنى «تەڭرىقۇت» دەيتتى. ھۇنلار كۆك (ئاسمان) نى «تەڭرى»، ئوغۇلنى «قۇت» دەپ ئاتىشاتتى.

تەڭرىقۇت «بۈيۈك، كەڭ» مەنىسىدە بولۇپ، ئۇ «كۆكتەك بۈيۈك» دېگەنلىك بولىدۇ. ھۇنلاردا ئوڭ، سول تۇل بىلىكخان، ئوڭ، سول تۇل قان، ئوڭ، سول چوڭ سەركەرد (64)، ئوڭ، سول چوڭ كاھبەگ (65)، ئوڭ، سول چوڭ ياساقبەگ (تۇتۇنبەگ) (66)، ئوڭ، سول قۇتبەگ (67) لەر تەيىن قىلىنغانىدى. ھۇنلاردا بىلىملىك، دانىشمەن «تۇغ» دېيىلەتتى. شۇڭا ئۇلاردا كۆپىنچە خانتېكىن (ۋەلىئەھد) سول قول بىلىكخان بولاتتى. ئوڭ، سول قول بىلىكخاندىن تارتىپ ياساقبەگكىچە چوڭلىرىنىڭ تۇمەندىن ئارتۇق، كىچىكلىرىنىڭ بىر نەچچە مىڭ چەۋەندازى بار بولۇپ، ئومۇمەن 24 باشلىق بولاتتى. بۇ قوشۇنلار «تۇمەن چەۋەنداز» دەپ ئاتىلاتتى. چوڭ مەنسەپلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالاتتى. تويان(68)، لان(69) ئۇرۇقلىرى، ئاندىن قالسا شۈيبۇ ئۇرۇقى(70) ئالىي مەرتىۋىلىك ئۈچ ئۇرۇق ھېسابلىناتتى. سول قول بىلىكخان ۋە سول

سەركەردىلەر شەرق تەرەپكە جايلاشقان، يەنى شاڭگۇ ۋىلايىتى-
نىڭ شەرقىدە بولۇپ، خۇيخېلەر(71) رايونى ۋە كورىيانلار
بىلەن تۇتىشاتتى. ئوڭ قول بىلىكخان ۋە ئوڭ سەركەردىلەر
غەرب تەرەپتە، يەنى شاڭجۈن ۋىلايىتىنىڭ غەربىي رايونىدا
تۇرۇپ، تۇرا، چياڭلار بىلەن تۇتىشاتتى. تەڭرىقۇت ئوردىسى
بولسا، دەي ۋە يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى.
ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن ئايرىم يەرلىرى بار بولۇپ، ئوت -
چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوڭ
قول بىلىكخان، سول قول بىلىكخان، ئوڭ قول قان، سول قول
قانلارنىڭ ئېلى ئەڭ چوڭ ئىدى. ئوڭ - سول قۇتبەگ ئۇلار-
غا ياردەملىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. يەنە 24 باشلىقنىڭ
ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا تەسىس قىلغان مىڭبېشى(72)، يۈز
بېشى(73)، ئونبېشى(74) كىچىك قان(75)، ۋەزىر، كاھبەگ،
ياساقبەگ، قۇتقۇبەگ(76) قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بولاتتى.

ھەر يىلى بىرىنچى ئايدا ھۇنلارنىڭ باشلىقلىرى تەڭرىقۇت
ئوردىسىدا كىچىك مەرىكە ئۆتكۈزۈپ نەزىر - چىراق قىلاتتى.
5 - ئايدا ئەجدەربالىق (لۇڭچېڭ) شەھىرىدە چوڭ مەرىكە
ئۆتكۈزۈپ ئەجدادلىرىغا، يەر - ئاسمان ۋە روھ - ئەرۋاھلارغا
نەزىر - چىراق قىلاتتى. كۈز پەسلى يىلقىلار سەمرىگەندە،
ئىبادەت ئورمانلىقى(77) غا يىغىلاتتى. ئادەم ۋە چارۋا ماللار-
نىڭ سانى ئېنىقلىنىپ، باج ئېلىناتتى. ھۇنلارنىڭ قانۇنى
بويىچە ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قالغاندا، قىلىچىنى غىلىپىدىن بىرىن-
چى سۇغۇرغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئوغرى -
بۇلاڭچىلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىناتتى. جىنايەت
ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جىنايىتى يېنىك بولسا ئوشۇقى چېقىلاتتى.
ئېغىر بولسا ئۆلتۈرۈلەتتى. قاماق جازاسى 10 كۈندىن ئوشۇق
بولمايتتى. پۈتكۈل ئەل بويىچە قاماقتا چۈشكۈچىلەر بىرنەچچە
كىشىدىن ئاشمايتتى. تەڭرىقۇت ھەر تاڭدا بارگاھىدىن چىقىپ

ئاڭ قۇياشقا، كەچتە بولسا ئايغا چوقۇناتتى. ھۇنلار ئولتۇرۇشتا سول تەرەپنى تۆر قىلىپ، شىمالغا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇرجىنىڭ 5 – ، 6 – كۈنلىرى ئەڭ خاسىيەتلىك كۈنلەر ھېسابلىناتتى. دەپنە ئىشلىرىدا ئىچ – تاش قوش تاۋۇت ياساپ، جەسەت بىلەن بىللە، ئالتۇن – كۈمۈش، كىيىم – كېچەكلەرنى سالاتتى. قەبرە ئۈستىگە دەرەخ تىكمەيتتى، قارىلىق كىيمەيتتى. تەگرىقۇت ئۆلسە ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن ۋەزىرلىرى ۋە كىچىك ئاغىچىلىرى بىللە كۆمۈلەتتى. بۇنداق بىللە كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا بىر نەچچە ئون ياكى يۈزچە كىشىگە يېتەتتى. ھۇنلار يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ پائالىيەتلىرىنى بەلگىلەيتتى. ئاي تولغاندا ئۇرۇش قىلاتتى. ئاي كەمتۈكلەنگەندە ئۇرۇشنى توختىتاتتى. ئۇرۇشتىكى مۇكاپات ۋە جازا بەلگىلىمىلىرى بويىچە دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە بىر جام شاراب ئىنئام قىلىناتتى. ئالغان ئولجا – غەنىيمەتلىرى ئۆزىگە بېرىلەتتى. ئەسىر ئالغان بولسا، قۇلى بولاتتى. شۇڭلاشقا ھەممە پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلاتتى. ئۇلار دۈشمەننى ئالداپ، قورشاۋغا ئېلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇرۇش پايدىلىق بولسا خۇددى قۇشلاردەك ئېتىلىپ كېلەتتى. يېڭىلىپ قالغاندا بولسا خۇددى بۇلۇت تارقىغاندەك تەرەپ – تەرەپكە پىتىراپ كېتەتتى. ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى كىم ئالغاچ كەلسە، ئۆلگۈچىنىڭ مال – مۈلكى شۇنىڭغا بېرىلەتتى.

كېيىن باتۇر شىمالدا خۇنيۇ(78)، چۇشې(79)، كېيىنكى چاغلاردا تۇرا دەپ ئاتالغان دىڭلىڭ، قىرغىز ۋە شىنلى(80) ئەللىرىنى بويسۇندۇرغاچقا، ھۇنلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە چوڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا ئىستائەت قىلىپ، باتۇرنى بىلگە (دانىشمەن، تۇغ) ھېسابلاشتى.

بۇ چاغدا، خەن سۇلالىسى ئەلنى ئەمدىلا بىرلىككە

گەلتۈرگەن بولۇپ؛ خەن (韩) بېگى خەن شىنىنى دەي بەگ-
لىكىگە ئەۋەتىپ، مايىنىنى بەگلىكىنىڭ مەركىزى قىلغانىدى.
ھۇنلار مايىغا كەڭ - كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قورشىۋالغان-
لىقتىن، خەن شىن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ھۇنلار خەن شىننى
قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبقا قوشۇن ئەۋەتىپ، گوۋجۇ
تېغىدىن ئاشتى ۋە تەييۈەنگە ھۇجۇم قىلىپ، جىنياڭغا قەدەر
باردى. خەن گاۋدى ئۆزى قوشۇن باشلاپ ھۇنلارغا قارشى
يۈرۈش قىلغاندا، قىشنىڭ مۇدھىش سوغۇق قار - شىۋىرغان-
لىرىغا دۇچ كېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئوندىن ئىككى - ئۈچىنىڭ
قول، پۇتى ئۈششۈپ كەتتى. باتۇر يالغان چېكىنگەن بولۇپ
خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى مەلىكە قىلدى. خەن ئەسكەرلىرى
قوغلاپ يۈرۈپ باتۇرغا ھۇجۇم قىلدى. باتۇر خىل قىسىملىرى-
نى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئاجىز قىسىملىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويغا-
نىدى. تامامەن جەڭگە ئاتلانغان خەن قوشۇنلىرىدا پىيادە ئەسكەر
كۆپ بولۇپ، جەمئىي 320000 كىشى ئىدى. ئۇلار ھۇنلارنى شىمالغا
قوغلاپ زەربە بېرىۋاتاتتى. گاۋدى ئۆز قىسىملىرىدىن بۇرۇن پىڭچېڭغا
يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلگۈچە
باتۇر 300000 دىن ئوشۇق خىل چەۋەنداز بىلەن كېلىپ
گاۋدىنى بەيدېڭ تېغىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشىۋالدى.
نەتىجىدە خەن قوشۇنلىرى ئىچكى - تاشقى جەھەتتە ئۆزئارا يار-
دەمدىن ئۈزۈلۈپ قالدى. ھۇنلارنىڭ چەۋەندازلىرىدىن غەربتىكى-
لىرى ئاق ئاتلىقلار، شەرقتىكىلىرى كۆك ئاتلىقلار، شىمالدىكى-
لىرى قارا ئاتلىقلار، جەنۇبتىكىلىرى بولسا توروق ئاتلىقلار
ئىدى. خەن گاۋدى يوشۇرۇن ھالدا باتۇرنىڭ ئالچىسىغا نۇر-
غۇن سوۋغاتلار بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. ئالچى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ
باتۇرغا «ئىككى ھۆكۈمدار بوغۇشماڭلار. بۈگۈن خەن سۇلالى-
سىنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغان تەقدىردىمۇ، سىلى تەگرىقۇت

بەرىبىر بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ تۇرالمايلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن سۇلالىسىنىڭمۇ تە[illegible]رىسى بار، تەڭرىقۇت ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرسىلە» دەيدۇ. سابىق خەن (韓) بېگى خەن شىنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن ۋاڭ خۇاڭ، جاۋلىلار بىلەن باتۇرنىڭ ۋەدىلەشكەن ئۇچرىشىش ۋاقتى بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى تېخىچە يېتىپ كەلمەي ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇلارنى خەن قوشۇنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدىمىكىن دەپ گۇمانلانغان باتۇر، ئالچىنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولۇپ قورشاۋنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن خەن گاۋدى ھەممە ئەسكەرلىرىگە ئوقيالىرىنى بەتلەپ تاشقىرىغا قارىتىشقا يارلىق چۈشۈردى ۋە ئېچىپ بېرىلگەن بۇرجەكتىن ئۇدۇل چىقىپ چوڭ قوشۇنغا قوشۇلدى. باتۇر ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چېكىنىپ كەتتى. خەن سۇلالىسىمۇ قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى ۋە سۇلھ تۈزۈش ئۈچۈن ليۇجىڭنى ھۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن خەن شىن ھۇنلارنىڭ سەركەردىسى بولۇپ قالدى. جاۋلى، ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلار سۇلھ شەرتنامىسىگە ۋاپا قىلماي دەيجۈن، يەنمېن، يۈنجوڭ ۋىلايەتلىرىگە بىرقانچە قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلغان چېنشى خەن شىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دەي ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلغاچقا، خەن سۇلالىسى ئۇلارغا قارشى فەن كۇەينى ئەۋەتىپ، دەيجۈن، يەنمېن، يۈنجوڭ ۋىلايەتلىرىنى ناھىيىلىرى بىلەن قايتۇرۇۋالدى. لېكىن قورۇلنىڭ سىرتىغا چىقمىدى. بۇ چاغدا خەن سەركەردىلىرى قوشۇنلىرى بىلەن ھۇنلارغا كۆپلەپ قېچىپ تەسلىم بولۇپ تۇرغاچقا، باتۇرمۇ دائىم دەيجۈن ۋىلايىتىنىڭ زېمىنلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ ئىشتىن ئەنسىرىگەن خەن گاۋدى ليۇجىڭ ئارقىلىق خان جەمەتىدىن بولغان بىر

مەلىكىنى تەگرىقۇتقا ئالچى قىلىپ بەردى ۋە ھەر يىلى ھۇنلارغا بەلگىلىك مىقداردا مەشۇت، يىپەك رەخت، ھاراق - شاراب ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى ھەمدە قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئەھدى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن باتۇر ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى سەل توختاتتى. كېيىن يەن بېگى لۇۋەن خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، 10000 غا يېقىن ئادىمى بىلەن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى ۋە پۈتكۈل خەن گاۋدى زامانىدا شاڭگۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىغە ئۆزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ بەردى.

خەن خۇيدى ۋە خانىكەلۇ زامانىدا بارغانسېرى ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەن باتۇر تەگرىقۇت خانىكە لۇخۇغا ئەلچى ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «مەن تەگرىقۇت مال - چارۋا يايلايدىغان دالىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، خەن سۇلالىسىنى ساياھەت قىلىش نىيىتىدە چېگرا جايلارغا كۆپ باردىم. جانابلىرى تۇل قالدىلا، مەنمۇ يالغۇز ياشاۋاتىمەن. بىز ئىككىلا ھۆكۈمدار كۆڭۈلسىز ئۆتمەكتىمىز، بىزگە كۆڭۈل ئېچىشنىڭ يولى بولمايۋاتىدۇ. بارلىقىمنى سىلىگە بېغىشلاشقا تەييارمەن» دەپ يازغانىدى. بۇ مەكتۇپنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن خانىكە لۇ باش ۋەزىر چېن پىڭ ۋە فەن كۇەي، جى بۇلارنى چاقىرىپ، ئەلچىنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسكەر ماڭدۇرۇپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا كېڭەشتى. فەن كۇەي: «پېقىرغا 100000 ئەسكەر بېرىلسە، ھۇنلارنى تارمار قىلسام» دېدى. خانىكە لۇ جى بۇنىڭ رايىنى سورىۋىدى، جى بۇ: «فەن كۇەينىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك! بۇرۇن چېن شى، دەي بەگلىكىدە ئىسيان كۆتۈرگەندە خەن سۇلالىسىنىڭ 320000 ئەسكىرى بار بولۇپ، شۇ چاغدا فەن كۇەي باش سانغۇن ئىدى. ھۇنلار خەن گاۋدىنى پىڭچېڭ شەھىرىگە قورشىۋالغاندا، فەن كۇەي قورشاۋنى بۇزالمىدى. ئەل ئىچىدە:

«پىنگچېڭ شەھىرىدە چۈشتى قوشۇن قامالغا،
يەتتە كۈنلەپ ئەسكەر قالدى ئاچلىقتا،
ئاتالمىدى ئوقيارىنى ھالسىزلىقتا.»

دەپ قوشاق توقۇلغانىدى. بۇ قوشاقنىڭ ئىچىنىشلىق ساداسى تېخى توختىمىغان، جاراھەت ئىزلىرى ئەمدىگىنە پۈتەي دەپ قالغان بىر پەيتتە، خەن كۆەي يەنە ئەلنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ، 100000 ئەسكەر بىلەن ھۇنلارنى تارمار قىلىمەن دەپ لاپ ئۇرۇپ، جانابىلىرىنى ئالداۋاتىدۇ. يات قوۋملەر خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە خۇشال بولۇپ كەتمەسلىك، يامان گەپلىرىگە غەزەپلەنمەسلىك كېرەك» دېدى. خانىكە لۈخۇ «ياخشى» دەپ، خەۋەرچى جاڭ زېغا جاۋاب يېزىپ ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. مەكتۇپتا: «تەڭرىقۇت ئېلىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ مەكتۇپ ئەۋەتىپتىلا. بۇنىڭدىن خىجىل بولماقتىمىز. مەن ياشىنىپ ماغدۇرۇمدىن كەتكەن، چاچلىرىم ناقىرىپ، چىشلىرىم چۈشكەن، ھەتتا ماڭالماس بولۇپ قالغان ئايالمەن. سىلى بەلكىم خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدىلا. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلىنىڭ گەپلىرى ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئېلىمىزدە تەڭرىقۇتقا نىسبەتەن سەۋەنلىك ئۆتكەن ئەمەس، ۋاقىپ بولۇپ قېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھۇزۇرلىرىغا ئىككى مەپە، سەككىز ئات ئەۋەتتىم، ئىشلىتەرلا» دەپ يېزىلغانىدى. مەكتۇپنى ئالغان باتۇر يەنە ئەلچى ئارقىلىق تەشەككۈر مەكتۇپى ئەۋەتىپ: «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولسام ئەپۇ قىلۇرلا!» دېدى ۋە ئات سوۋغا قىلدى ۋە ياخشىلىشىش ئەھدى تۈزۈلدى.

خەن ۋېندى تەختكە چىققاندا يەنە بىر قېتىم ياخشىلىشىش بولدى. م. ب. 177 - يىلى (خەن ۋېندىنىڭ ئۈچىنچى

يىلى) يازدا، ھۇنلارنىڭ ئوڭ قول بىلىكخانى خېتاۋ(81)نىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ – تالاڭ قىلدى. خەن ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ «خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق ئەھدى تۈزۈلۈپ، ئۇزۇندىن بېرى بىر – بىرىمىزنىڭ چېگرىسىغا ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشمىغانىدۇق. شۇڭا ھۇنلارغا نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغىلار ئەۋەتىپ تۇرۇۋادى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئوڭ قول بىلىكخان ئېلىدىن كېلىپ، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى (خېتاۋنىڭ جەنۇبىدىكى) رايونلارنى ئىشغال قىلدى. بۇ نورمال ئەھۋال ئەمەس. ئۇ چېگرا – قورۇلغا كىرىپ سىپاھ – بەگلەرنى تۇتتى ۋە ئۆلتۈردى. چېگرا – قورۇللارنى ساقلاۋاتقان يات قوۋملەرنى بۇلاپ – تالىدى ۋە قوغلاپ چىقاردى. ئۇلارنى ئۆز يەرلىرىدە ئەمىن تاپتۇرمىدى. چېگرىدىكى سىپاھ – بەگلىرىمىزنى بوزەك قىلىپ، قالايمىقان-چىلىق چىقاردى. بۇلاپ – تالاپ يولسىزلىق قىلدى. بۇ ھال ئەھدىنامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ. چېگرىدىكى سىپاھ – بەگلەر بولۇپ 80000 ئەسكەر دەرھال گاۋنۇ ناھىيىسىگە يۆتكەلسۇن ھەمدە باش ۋەزىر گۈەن يىڭ قوماندانلىقىدا ئوڭ قول بىلىكخانغا جازا يۈرۈشى قىلىنسۇن» دېدى. ئوڭ قول بىلىكخان قورۇلدىن چېكىنىپ كەتتى. خەن ۋېندى تەيىۋەننى كۆزدىن كەچۈردى. شۇ ئارىدا جىبېي بېگى ليۇشىڭجۇ خەن سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەچكە، پايتەختكە قايتىپ كەلگەن خەن ۋېندى باش ۋەزىرنىڭ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى توختاتتى.

ئىككىنچى يىلى (م. ب. 176 – يىلى) تەڭرىقۇت خەن خانىغا: «تەڭرى قويغان ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتى ھۆرمەت بىلەن خانغا سالام يوللايدۇ. بۇرۇن سىلى ياخشىلىشىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىلە، بۇ مەكتۇپىمدىكى پىكىرلەرگە ئۇيغۇن بولغاچقا، خۇشال بولغانىدۇق. خەن سۇلا-

لىسىنىڭ چېگرا ئەمەلدارلىرى ئوڭ قول بىلىكخانىنى ھاقارەتلىگەن. ئوڭ قول بىلىكخان بولسا مەندىن يولىيورۇق سورىماستىن، كېيىنكى ئېلىبەك نانچى قاتارلىقلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋىتىمىزنى بۇزغان. خان قايتا - قايتا مەكتۇپ يوللاپ بىزنى ئەيىبلىدىلەر، مەن جاۋاب خەت يوللىغانىدىم، ئەلچىمىزنى قايتۇرمىدىلا، ئۆزلىرىمۇ ئەلچى ئەۋەتمىدىلە، شۇ تۈپەيلى خەن سۇلالىسى بىزدىن يامانلىدى. ئىككى قوشنا ئەل ئىناق بولماي قالدۇق. كىچىك بىر ئەمەلدار تۈرۈپ ئەھدىنى بۇزغانلىقتىن، ئوڭ قول بىلىكخانىنى جازالاپ، غەربكە تۇخرىيلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتىم. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىپاھ ـ بەگلەرنىڭ ئىستىپداتلىقى ۋە ئاتلارنىڭ قاۋۇللۇقى ئارقىسىدا تۇخرىيلار تارمار قىلىندى. ئۇلار قىرىلىپ، تەسلىم بولۇپ تىنجىدى. كرورانلىقلار، ئاسىيۇلار، ئوغۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى. شىمالدىكى يەرلەرمۇ تىنچلاندى. ئەمدى ئۇرۇشنى توختىتىپ ئەسكەرلەرگە ئارام بېرىپ، ئاتلارنى بېقىش نىيىتىدىمەن. ئۆتكەندىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، بۇرۇنقى ئەھدىنامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چېگرا خەلقىنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلساق، ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ياخشىلىشىش ئەھدىنىڭ روھىغا مۇۋاپىق ئىش كۆرۈپ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە ئىمكان بەرسەك، قېرىلار ئۆز ماكانلىرىدا خاتىرجەم ياشىسا، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىنچ، خۇشال - خۇرام ئۆتسەك دەيمەن. خاننىڭ ئىرادىسىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن كاتاۋۇل شىخۇرچان ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتتىم ھەمدە بىر تۆگە، ئىككى مىنىك ئېتى، سەككىز ھارۋا ئېتى سوۋغا قىلدىم. خان ئالىي-

لىرى ھۇنلارنىڭ چېگرىغا يېقىنلاشماسلىقىنى خالايدىغان بول-
سىلا، ئۇ ھالدا ئەمەلدار ۋە خەلقلىرىگە چېگرىدىن يىراق
ئولتۇرۇش توغرىسىدا يارلىق بېرەرلا. ئەلچى بارغان ھامان
قايتۇرۇۋېتىشارلا» دەپ مەكتۇپ يازدى. ئالتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدا ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى شىنۋاڭ(82) غا يېتىپ كەلدى.
مەكتۇپ تېگىشى بىلەنلا خەن خانى ئۇرۇشۇش ياكى ياخشى-
لىشىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. ۋەزىرلەر: «تەڭرىقۇت
يېقىندىلا توخرىلارنى بويسۇندۇردى، ئۇ غەلىبە قىلىۋاتقان
پەيتتە ھۇجۇم قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇنلارنىڭ
زېمىنى سازلىق، شورتاڭ، ئۇنى ئالغان بىلەنمۇ ماكانلىشىشقا
ئەپسىز. ياخشىلىشىش پايدىلىق» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن
خەن خانى ياخشىلىشىشقا قوشۇلدى.

م. ب. 174 - يىلى (خەن ۋېندىنىڭ ئالتىنچى يىلى)

خەن خانى ھۇنلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «خان ئۇلۇغ ھۇن
تەڭرىقۇتىغا ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايدۇ. ئەلچى شىخۇر-
چاندىن ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدا: «ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئەس-
كەرلەرگە ئارام بەرسەك. ئۆتكەنكى ئىشلارنى تۈزىتىپ، بۇرۇنقى
ئەھدىنامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق چېگرا ئاھالىلىرىنى
تىنچ ياشىتىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد، شاد - خۇرام ئۆتسەك دەپتىلا،
بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەنت بولدۇق. قەدىمكى دانىشمەن
خانلارنىڭ نىيىتى ئەنە شۇ ئىدى. خەن سۇلالىسى ھۇنلار ئېلى
بىلەن قېرىنداشلىق ئەھدى تۈزگەچكە، تەڭرىقۇتقا كۆپ
قىممەتلىك سوۋغىلار ئەۋەتىپ تۇردى. ۋەھالەنكى، ئەھدىنى
بۇزۇش، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى يوققا چىقىرىش ھەمىشە
ھۇنلار تەرىپىدىن بولۇپ كەلدى. ئوڭ قول بىلىكخانىنى جا-
زالاپتىلا، ئەمدى ئۇنى ئارتۇقچە ئەيىبلىمىگەيلا. تەڭرىقۇت
ئەگەر مېنىڭ مەكتۇپىمدىكى پىكىرگە قوشۇلىدىغان بولسىلا،
ئەمەلدارلىرىغا ئەھدىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، ئىشەنچلىك

بولۇش. ھەممە ئىشنى سىلىسىنىڭ مەكتۇپلىرىدا ئېيتىلغىنىدەك قىلىش توغرىسىدا ئوچۇق ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويغايلا. ئەلچى: «تەڭرىقۇت شەخسەن قوشۇن بىلەن بېرىپ، ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، يۇرۇشتە جاپا تارتتى» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياقىلىق ئۆزۈم كىيىدىغان تاۋار ئەستەرلىك دۇردۇن تون، بىر ياقىلىق كەمزۇل ۋە كىمخاب يەكتەك، بىر دانە ئالتۇن تارغاق (بۇلاپكا)، بىر زەررىن كەمەر، بىر ئالتۇن توقا، 10 توپ دۇردۇن، 20 توپ كىمخاب، 40 توپ قىزىل شايى، 40 توپ كۆك شايى قاتارلىق نەرسىلەرنى كېڭەش بېگى يى، جارچىبەگ جيەن ئارقىلىق ئەۋەتتۇق» دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي باتۇر تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئوغلى قايۇق (كىئوك) (83) تەختكە چىقتى ۋە ئۇ «ئاغا تەڭرىقۇت»(84) دەپ ئاتالدى.

ئاغا تەڭرىقۇت قايۇق تەختكە چىقىشى بىلەن خەن ۋېندى خان جەمەتىدىن بىر مەلىكىنى يەنە ئالچى قىلىپ ئەۋەتتى. مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە يەن بەگلىكىدىن بولغان ھەرەم ئاغىسى جۇڭخاڭ يۆ تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، جۇڭخاڭ يۆ بارغىلى ئۇنىمىغاچقا، خان ئۇنى ئەلچى بولۇپ بېرىشقا مەجبۇرلىدى. جۇڭخاڭ يۆ: «ئەگەر مېنى زورلىساڭلار، خەن سۇلالىسىگە جەزمەن ئاپەت بولىمەن» دېدى-دە، بېرىپلا ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ، تەڭرىقۇتنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇۋالدى.

باشتا تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ يىپەك - كىمخاب، تاۋار - دۇردۇن ۋە نازۇ- نېمەتلىرىگە قىزىقىپ كەتكەنىدى. جۇڭخاڭ يۆ: «ھۇنلارنىڭ نوپۇسى خەن سۇلالىسىنىڭ بىر ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسىغىمۇ يەتمەيدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ سىلەرنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىڭلارنىڭ سەۋەبى شۇكى، سىلەر كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ئۇلارغا ئوخشىمايسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە تەمىنلىشىگە تايانمايسىلەر. ئەمدى-

لىكتە بولسا تەڭرىقۇت ئۆرۈپ - ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، خەن سۇلالىسىدىن كېلىدىغان نەرسىلەرگە قىزىقىپ كېتىپتىلا. خەن سۇلالىسى ئۆز ماددىي بايلىقىنىڭ $\frac{2}{10}$ قىسمىنىلا بېرىدىغان بولسا، سىلەرنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە بېقىندۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر بىز خەن سۇلالىسىنىڭ تاۋار - دۇردۇن كىيىملىرىنى كىيىپ، توقايلىق ئىچىدە ئات چاپتۇرۇپ يۈرسەك، ئۇ جۇل - جۇل بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، ئۆزىمىزنىڭ يۇڭ، تېرە كىيىملىرىمىزدەك پىششىق بولمايدۇ. خەن سۇلالىسىدىن ئالغان يېمەكلىكلەر تاشلىۋېتىلدى. دېمەك، بۇ نەرسىلەر ئۆزىمىزنىڭ گۆش ۋە سۈت - قايماقلىرىدەك لەززەتلىك ئەمەس» دېدى. ئۇ يەنە تەڭرىقۇتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە نوپۇس ۋە مال - چارۋىلارنى تىزىملاپ سانىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى.

خەن سۇلالىسى تەڭرىقۇتقا ئادەتتە بىر گەز بىر ئىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى تاردىشىغا مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتەتتى. مەكتۇپنىڭ بېشىدا: «خان ھۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىغا ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايدۇ» دېيىلەتتى. ئاندىن ئەۋەتىلگەن ھەدىيىلەر، دېيىلىدىغان سۆزلەر يېزىلاتتى. جوڭخاڭ يۆ تەڭرىقۇتقا، خەن خانىغا ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇپنىڭ بىر چى ئىككى سۇڭ تاردىشىغا يېزىلىشىنى، تامغا ۋە لېپاپىنىڭ چوڭ، ئۇزۇن بولۇشىنى، مەكتۇپنىڭ بېشىدا: «ئاسمان - زېمىندىن تۇغۇلغان، قۇياش - ئاي تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى خەن خانىغا ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايدۇ...» دېگەندەك كىبىرلىك سۆز - ئىبارىلەرنىڭ يېزىلىشىنى، ئاندىن ئەۋەتىلگەن ھەدىيىلەر ۋە دېيىلىدىغان سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

خەن ئەلچىلىرىدىن بەزىلىرى «ھۇنلاردا قېرىلىرىنى خورلاش ئادىتى بار ئىكەن» دېگەندە، جوڭخاڭ يۆ رەددىيە

بىرىپ: «خەنلىكلەرنىڭ ئادىتىچە، بىرى قوشۇنغا قاتنىشىپ چىگرا مۇداپىئەسىگە ماڭسا، ئۇلارنىڭ قېرى تۇغقانلىرى ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئىسسىق كىيىم - كېچەك، مەززىلىك يېمەك-لىكلەرنى بېرىدىغۇ» دېگەنىدى. خەن ئەلچىسى: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى. جۇڭخاڭ يۈ: «هۇنلارنىڭ جەڭنى كەسىپ قىلغانلىقى ئايان. ئۇلارنىڭ قېرى - ئاجىزلىرى، ئۇرۇشقا يارى-مىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن يېمەكلىكنىڭ ياخ-شىسىنى نەۋقىرانلىرىغا يېگۈزىدۇ. بۇ ئاتا - بالىنىڭ بىر - بىرىنى ئاسرىغانلىقىغا ئوخشاش ئىش. بۇنى قانداقمۇ هۇنلار-نىڭ قېرىلارنى خورلىغانلىقى دېگىلى بولسۇن؟!» دېدى. خەن ئەلچىسى: «هۇنلار ئاتا - بالا بىر كىگىز ئۆيدە ياتىدىكەن، ئاتىسى ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكىسى ئۆلسە يەڭگى-سىنى، ئىنىسى ئۆلسە كېلىنىنى ئالىدىكەن، ئۇلاردا تاج ۋە كەمەر بولمايدىكەن، ئوردا ئەدەب - قائىدىلىرى يوق ئىكەن» دېۋىدى. جۇڭخاڭ يۈ: «هۇنلاردا ئادەت شۇنداق، ئۇلار چارۋا - ماللارنىڭ گۆشىنى يەپ، سۈتىنى ئىچىدۇ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىدۇ. مال - چارۋىلار ئوت - چۆپ، سۇغا موهتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، هۇنلار هەمىشە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. جىددىي پەيتلەردە هەممە كىشى ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلىدۇ. تىنچ ۋاقىتلاردا بولسا هەممە ئادەم خۇشال - خۇرام ياشايدۇ. قائىدە - يوسۇن ئاددىي بولسا، ئۇنى ئىجرا قىلىش ئاسان بولىدۇ. خان بىلەن ۋەزىرلەر ئارىسىدىكى ئەدەب - قائىدە ئاددىي بولسا، ئىناقلىق ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. بۇ يەردە ئەلنىڭ سىياسىي ئىشلىرى بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. ئاتىسى ياكى ئاكىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ نەسىل - نەسەب ساپلىقىنى ساقلاشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن هۇنلاردا بۇ جەمەتتە قالايمىقانچىلىق بولسىمۇ، نەسىل - نەسەب مۇناسىۋىتى قالايمىقان ئەمەس.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كۆرۈنۈشتە ئاتىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ خو-
تۇنىنى ئالمايدۇ. لېكىن تۇغقاندىق مۇناسىۋەتنى بارغانسېرى
يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزئارا بىر - بىرىنى قىرىشىۋاتىدۇ،
ھەتتا نەسەب - ئۇرۇق ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئەنە
شۇ ئەدەب - قائىدە، چۈشكۈنلىشىپ كەتسە، يۇقىرى بىلەن
تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك تۇغۇلىدۇ. ھەشەمەتلىك ئۆي -
ئىمارەتلەرنىڭ كۆپلەپ سېلىنىشى بايلىقنى ۋە ئەمگەك كۈچ-
لىرىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ. ھەممە ئادەم دېھقانچىلىق ۋە توقۇمى-
چىلىق قىلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسىنى
ھەل قىلىش، شەھەر - قەلئەلەرنى سېلىپ ئۆزىنى قوغداش
بىلەن بولۇپ كەتسە، جىددىي پەيتلەردە ئۇرۇش قىلىش مەشقى
ئېلىپ بارالمايدۇ. تىنچ شارائىتلاردا دېھقانچىلىق بىلەن
بولۇپ ھالىدىن كېتىدۇ. توپا تام ئىچىدە ياشىغۇچىلارنىڭ
ھالىغا ۋاي! ھالىڭلارغا باقماي تولا سۆزلەپ مەمەدانلىق
قىلىشىڭ، چىرايلىق تاج ۋە كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ غادىيى-
ۋېلىشىڭ نېمە كېرىكى؟» دەپ جاۋاب بەردى. خەن ئەلچىلىرى
يەنە مۇنازىرىلەشمەكچى بولۇۋىدى، جۇڭخاڭ يۆ: «خەن ئەل-
چىلىرى، گەپنى ئاز قىلىڭلار. خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلارغا
بېرىۋاتقان تاۋار - كىمخاب، ئاشلىقلىرىنىڭ سانى تولۇق،
سۈپىتى ياخشى بولسىلا بولدى. ئۇشۇق گەپنىڭ نېمە كېرىكى؟
ئەۋەتكەن نەرسەڭلار تولۇق، سۈپەتلىك بولۇشى كېرەك، ئەگەر
تولۇق ۋە سۈپەتلىك بولماي قالسا، كۈز كۈنلىرى زىرائىتىڭ-
لارنى ئاتقا دەسسىتىپ چەيلىۋېتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.
جۇڭخاڭ يۆ تەڭرىقۇتقا كېچە - كۈندۈزلەپ پايدىلىق پەيتنى
كۈتۈشنى ئۆگەتتى.

م. ب. 166 - يىلى (خەن ۋېندىنىڭ 14 - يىلى) ھونلار-
نىڭ تەڭرىقۇتى 140000 چەۋەنداز بىلەن جۇنا، شياۋگۇەنلەرگە
بېسىپ كىرىپ، بېيدى ۋىلايىتىنىڭ كاھىپگى سۇن ئاڭنى

كۆپلىگەن مال ـ
ئۆلتۈردى. نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ،
چارۋىلارنى بۇلاپ كەتتى ھەمدە يۇرۇش قىلىپ پېكىيالڭ(85)
غا قەدەر باردى. چەۋەندازلىرىنى خۇيجۇڭ قەسرى(86) گە
ئوت قويۇشقا بۇيرۇدى. چارلىغۇچى قىسىملىرىنى گەنچۇەنگە
ماڭدۇردى. خەن ۋېندى قوشىبېشى جوۋشې بىلەن قوۋۇقچىباشى
جاڭ ۋۇنى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، 1000 جەڭ ھارۋىسى،
100000 چەۋەنداز چىقىرىپ چاڭئەن ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ،
ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆردى. يەنە چاڭ(87)
بېگى لۇچىڭ(88) نى شاڭجۈن ۋىلايىتىگە، نىڭ (89) بېگى
ۋېي سۇنى بېيدى ۋىلايىتىگە، لۇڭلو(90) بېگى جوۋزاۋ (91)
نى لۇڭشى ۋىلايىتىگە سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى. دۇڭيالڭ
بېگى جاڭ شياڭرۇنى ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا، چېڭ بېگى دۇڭچى(92)
نى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، كۆپ ھارۋا ۋە چەۋەندازلار
بىلەن ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. تەڭرىقۇت قورۇل ئىچىدە
بىر ئايدىن كۆپرەك تۇردى. خەن قوشۇنلىرى ئۇلارنى قورۇلدىن
قوغلاپ چىقىرىپ، ئاندىن قايتىپ كەلدى. قىرغىنچىلىق بولمىدى.
بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كەتكەن ھۇنلار ھەر يىلى چېگرىغا
بېسىپ كىرىپ، كۆپلىگەن پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە بۇلاپ
تۇردى. بۇ ھال بولۇپمۇ يۈنجۇڭ، لياۋدۇڭ ۋىلايەتلىرىدە
ئېغىرراق بولدى. ھەر ئىككى ۋىلايەتتىن 10000 دىن ئوشۇق
كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئاپەت ئىچىدە قالغان خەن
سۇلالىسى ھۇنلارغا يەنە ئەلچى بىلەن مەكتۇپ يوللىدى. تەڭ-
رىقۇتمۇ ياساقبېگىنى ئەۋەتىپ تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە يەنە
ياخشىلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

م. ب. 162 ـ يىلى (خەن ۋېندى خۇيۇەنىنىڭ ئىككىنچى
يىلى) خەن ۋېندىنىڭ ئەلچى ئارقىلىق ھۇنلارغا يوللىغان
مەكتۇپىدا: «خان ھۇنلارنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىغا ھۆرمەت بىلەن
سالام يوللايدۇ. ياساقبېگى قۇتقۇ دېۋ چۈنان، كاتاۋۇل خەن

لياۋ ئارقىلىق سوۋغا قىلغان ئىككى ئاتلىرىنى ھۆرمەت بىلەن
تاپشۇرۇۋالدىم. مەرھۇم خان ئاتام قالدۇرۇپ كەتكەن تۈزۈم
بويىچە سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى ئوقيالىقلار ئېلى تەڭرىقۇتقا
تەۋە بولۇشى، سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىكى قالپاق - كەمەرلىك
خەلقلەر مېنىڭ ئىدارەمدە بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق
بولغاندا بارلىق خەلقلەر دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق، ئوۋچىـ
لىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكـ
لىرىگە ئىگە بولالايتتى. ئاتا - بالىلار سەرسان - سەرگەردان
بولۇپ يۈرمەيتتى. خان بىلەن ۋەزىر - ۋۇزرالار تىنچ - شاـ
دىمان ياشايتتى، زوراۋانلىق ۋە خورلۇق يۈز بەرمەيتتى. بەزى
يامان ئادەملەر شەخسىي مەنپەئەتلىرى تۈپەيلى ياخشىلىشىش
ئەھدىنى بۇزۇپ، ئومۇم خەلقنىڭ ھاياتىغا قىلچە پەرۋا قىلـ
ماي، ئىككى ھۆكۈمراننىڭ ئىناقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.
لېكىن بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. مەكتۇپلىرىدا ئىككى ئەل
ئىناقلاشتى، ئىككى ھۆكۈمران دوستلاشتى، ھەربىي ھەرىكەتـ
لەرنى توختىتىپ، ئەسكەرلەرگە ئارام بېرىپ، ئاتلارنى ئاسـ
رايلى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شاد - خۇرام ئۆتەيلى، بۇ دوستلۇق
ۋەزىيىتىنى يېڭىباشتىن باشلايلى، دەپتىلا. سىلىنىڭ بۇ
نىيەتلىرىگە ئاپىرىن! دانىشمەنلەر ھەممىشە ئالغا ئىنتىلىش
ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق قېرىلارنى ئارام ئالدۇرۇشى،
ئۆسمۈرلەرنى يېتىلدۈرۈشى، دۆلەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا
قويۇشى، دۆلەت زېمىنىنى ياخشى قوغدىشى، شۇ ئارقىلىق
تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشلىرى كېرەك. بىز ئىكـ
كىمىز مانا شۇ يولدا مېڭىشىمىز لازىم. بىز تەڭرىنىڭ ئىراـ
دىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، پۇقرالارنىڭ بېشىنى سىلاپ، بۇ
ئىشنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇپ، پۈتكۈل ئەلنىڭ ئالقىشىغا
ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئېلى
تەڭ ئورۇندىكى قوشنا ئەل، ھۇنلار شىمال تەرەپكە جايلاشقان

بولۇپ، ھاۋاسى سوغۇق، قىراۋ - ئۇششۇك بۇرۇنراق چۈشىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەگرىقۇتقا ئاشلىق، ھاراق ئېچىتقۇسى،
ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن، سەرنەخ ۋە باشقا نەرسىلەرنى
ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا يوللاپ تۇرۇش توغرىسىدا ئەمەل-
دارلارغا يارلىق چۈشۈردۇق. بۈگۈنكى كۈندە ئەل تىنچلىنىپ،
ھەممە ئادەم خۇشال - خۇرام ئۆتۈۋاتىدۇ. تەگرىقۇت بىزئىككىمىز
خەلقىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولدۇق. بىز بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ
بەزى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ۋە ئەتراپىمىزدىكى مەسلى-
ھەتچىلەرنىڭ پىكرىدىكى خاتالىقلار بىزنىڭ قېرىنداشلارچە
دوستلۇقىمىزنى بۇزالمايدۇ دەپ قارايمىز. ئاڭلىشىمىزچە،
قۇياش ھەممە ياقنى تەڭ يورۇتارمىش، زېمىن يەر ئۈستى-
دىكى ھەممە نەرسىنى تەڭ كۆتۈرۈپ تۇرارمىش، بىز ئۇششاق -
چۈششەك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ياخشىلىشىش
پرىنسىپىدا چىڭ تۇرايلى. ئۆتمۈشتىكى زىددىيەتلەرنى
ئۇنتۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمىنلىكىنى
قولغا كەلتۈرەيلى، ئىككى ئەل خەلقى بىر ئائىلىدەك ئۆتسۇن.
ئاق كۆڭۈل خەلق، شۇنىڭدەك سۇدىكى بېلىق ۋە تاشپاقىلار،
ئاسماندىكى ئۇچار قاناتلار، يەر يۈزىدىن جانىۋارلار-
نىڭمۇ ھېچقايسىسىنىڭ بالا - قازا ئىچىدە ياشاشنى خالاي-
دىغىنى يوق. ئىستىقبال چەكسىز، مانا بۇ ئىلاھىي قانۇن.
ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايلى. بىز ھۇنلار تەرەپكە
قېچىپ كەتكەن خەن سۇلالىسى كىشىلىرىنى سۈرۈشتە قىلماي-
مىز. تەگرىقۇت سىزمۇ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان جانە
قاتارلىق ھۇنلارنى سۈرۈشتە قىلمىغايلا. ئاڭلىشىمچە قەدىمكى
بەگ - خانلار ئەھدىدە چىڭ تۇرىدىكەن، ۋەدىسىگە ۋاپاسىز-
لىق قىلمايدىكەن. تەگرىقۇت ياخشىلىشىشقا ئېتىبار بىلەن
قارايدىغانلا بولسىلا، ئەلدە ئەمىنلىك ئورنىماي قالمايدۇ.
ياخشىلاشقاندىن كېيىن خەن سۇلالىسى تەرەپ ئالدى بىلەن

ئەھدىنى بۇزمايدۇ. تەڭرىقۇت كۆزىتىپ كۆرۈرلەر» دەپ يېزىلغانىدى.

تەڭرىقۇت بىلەن ياخشىلىشىش ئەھدى تۈزۈلگەندىن كېيىن خەن ۋېندى تەپتىشىگە: «ھۇنلارنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى بىزگە يوللىغان مەكتۇپىدا: ياخشىلىشىش ئەھدى تۈزۈلدى. ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلغانلىقا ھېچكىمنىڭ ئادىمى كۆپىيىپ، يەرلىرى كېڭىيىپ كەتمەيدۇ. ھۇنلار چېگرىدىن ئۆتمىسۇن، خەن كىشىلىرى چېگرىدىن چىقمىسۇن. ئەگەر ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئەھدىنامىنى ئۇزۇن داۋام قىلدۇرغىلى، كېيىنكى بالا ــ قازالاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈنلا پايدىلىق، دەپتۇ. بىز تەڭرىقۇتنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدۇق، ئېلان چىقىرىپ پۈتۈن ئەلگە ئۇقتۇرۇش قىلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

م.ب. 160 – يىلى (خەن ۋېندى خۇيۈەنىنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئاغا تەڭرىقۇت قايۇق ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى كۈن تەڭرىقۇت تەختكە چىقتى ۋە جۇڭخالىڭ يۆ يەنىلا تەڭرىقۇتقا خىزمەت قىلدى. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئىناق ئۆتۈشتى.

كۈن تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ھۇنلار يەنە ئەھدىنامىنى بۇزدى، شاڭجۈن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە 30000 دىن چەۋەنداز كىرگۈزۈپ، كەڭ ــ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق يۈرگۈزدى. خەن سۇلالىسى ئۈچ سانغۇن(93) نىڭ قوشۇنلىرىنى بېيدى ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇردى. دەي بەگلىكى ئەسكەرلىرى گوۋجۇدا، جاۋ بەگلىكى ئەسكەرلىرى فېيخۇ ئېغىزىدا تۇردى. چېگرىدىكى ئەسكەرلەرمۇ ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. يەنە ئۈچ سانغۇن(94) نى قوشۇنلىرى بىلەن چاڭئەننىڭ

غەربىدىكى شىلىۇ، ۋېيشۈي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جىمسىن ۋە باشاڭ دېگەن جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. ھۇن چەۋەندازلىرى دەيىجۇن ۋىلايىتىنىڭ گوجۇ دېگەن يېرىگە باستۇرۇپ كىرگەچكە، بەلگە ئوتلىرى يېقىلىپ، گەنچۈەن ۋە چاڭئەنلەرگە خەۋەر قىلىندى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن خەن قوشۇنلىرى چېگرىغا يېتىپ كەلدى. ھۇنلار چېگرىدىن يىراقلاپ كېتىپ قالغاچقا، خەن قوشۇنى يۈرۈشنى توختاتتى. يەنە بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن خەن ۋېندى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىڭدى تەختكە چىقتى. جاۋ بەگلىكى بېگى لىيۇسۈي ھۇنلارغا يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋۇ، چۇ بەگلىكلىرى ئىسيان كۆتۈردى. ھۇنلار جاۋ بەگلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چېگرىغا كىرمەكچى بولغاندا، خەن قوشۇنلىرى جاۋ بەگلىكىنى قورشاپ تارمار قىلدى. ھۇنلارمۇ توختاپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەن جىڭدى ھۇنلار بىلەن قايتىدىن ياخشىلىشىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. تەڭرىقۇتقا سوۋغىلار يوللاپ ۋە خانىشكە بېرىپ بۇرۇنقى ئەھدى بويىچە ئىش كۆردى. خەن جىڭدى دەۋرىدە كىچىك سۈركىلىشلەر يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭ - كۆلەملىك باستۇرۇپ كىرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى.

خەن ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن ياخشىلىشىش ئەھدىنى تەكىتلەپ، بازارلارنى ئېچىپ بېرىپ، ئىمتىياز بېرىپ مۇئامىلە قىلدى. تەڭرىقۇت ۋە ھۇنلارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە يېقىنلىشىپ، سەددىچىننىڭ تۈۋىگە بېرىپ كېلىپ تۇردى.

خەن سۇلالىسى مايىلىق نېپ يى بوۋاينى ئەتەيگە چېگرىدىن چىقىپ ھۇنلار بىلەن سودا - سېتىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ ساختىپەزلىك بىلەن مايى شەھىرىنى تەقدىم قىلىپ تەڭرىقۇتنى قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ يالغان تەسلىم

بولۇش ھېلىسىگە ئىشەنگەن ھەمدە مايى شەھىرىنىڭ مال -
بايلىقلىرىغا قىزىققان تەكۈرىقۇت 100 مىڭ چەۋەنداز بىلەن
ۋۇجۇ قەلئەسىگە باستۇرۇپ كىردى. خەن سۇلالىسى مايى
شەھىرى ئەتراپىغا 300 000 دىن ئارتۇق قوشۇننى مۆكتۈرۈپ
قويدى. باش تەپتىشبەگ خەن ئەنگو ھىماتچى سانغۇنلۇققا
تەيىنلەندى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى تۆت سانغۇن تەك-
رىقۇتنى كۈتۈپ مۆكۈپ ياتتى. خەن سۇلالىسى چېگرىسىدىن
ئۆتۈپ، مايى شەھىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان تەكۈرىقۇت مايى
شەھىرىگە 100 نەچچە چاقىرىم قالغاندا، ئەتراپتا مال -
چارۋىلارنىڭ ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى، لېكىن پادىچىلارنىڭ
يوقلۇقىنى كۆرۈپ قالدى. گۇمانلانغان تەكۈرىقۇت قاراۋۇلخا-
نىغا ھۇجۇم قىلدى، دەل شۇ چاغدا يەنمېن ۋىلايىتىنىڭ
زىندانبېگى(95) چېگرا قورۇللارنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقانىدى.
ئۇ ھۇنلارنى كۆرۈپ قېلىپ قاراۋۇلخانىغا كىرىۋالدى. تەكۈر-
قۇتنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋېدى،
زىندانبېگى خەن قوشۇنلىرىنىڭ مۆكتۈرمە ھۇجۇم پىلانىنى
بىلگەچكە، تەكۈرىقۇتقا مەخپىي پىلاننى دەپ بەردى. چۆچۈپ
كەتكەن تەكۈرىقۇت: «ئەسلىدە مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلغانىدىم»
دېدى ۋە ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. چېگرىدىن
چىققاندىن كېيىن: «زىندانبېگىنى قولغا چۈشۈرۈشۈم تەكۈرىنىڭ
ئىلتىپاتى بىلەن بولدى» دەپ، ئۇنىڭغا «خۇدا بەردىبەگ»
دەپ نام بەردى. خەن قوشۇنلىرى تەكۈرىقۇت مايىغا كېلىشى
بىلەنلا ھۇجۇم قىلماقچىدى. تەكۈرىقۇت كەلمىگەچكە،
ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. سانغۇن ۋاڭ خۇيىنىڭ قىسمىلىرى
دەي بەگلىكىدىن چىقىپ ھۇنلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات
قىسمىلىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن تەكۈر-
قۇتنىڭ چېكىنگەنلىكى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى
ئاڭلاپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. خەن ۋۇدى بۇ پىلاننى

ئەسلىدە ۋاڭ خۇي ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ھوجۇمغا ئۆتمىدى دەپ، ۋاڭ خۇيغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ھۇنلار يول توسۇپ، يول بويىدىكى قورغانلارغا ھوجۇم قىلىپ تۇردى، چېگرىغا باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. لېكىن ھۇنلار ئاچكۆز بولغانلىقتىن يەنىلا ئۆتكەل بازارلىرىغا ئامراق ئىدى. خەنلىكلەرنىڭ مال - بۇيۇملىرىغا قىزىقاتتى. خەن سۇلالىسىمۇ ئۆتكەل بازارلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى رازى قىلاتتى.

مايى ۋەقەسى بولۇپ بەشىنچى يىلى (م.ب. 129 - يىلى، خەن ۋۇدى يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) كۆزدە خەن سۇلالىسى تۆت سانغۇن(96) نىڭ ھەر بىرىنى 10000 ئەسكەر بىلەن ئۆتكەل بازارلىرىنىڭ تۆۋىدە ھۇنلارغا ھوجۇم قىلغۇزدى. شاڭگۇدىن چىققان ۋېي چىڭ سانغۇن لۇڭچېڭ شەھىرىگىچە ھوجۇم قىلىپ، 700 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ئەسىر ئالدى. يۈنجۇڭ ۋىلايىتىدىن چىققان گۇڭسۇن خې قۇرۇق قايتىپ كەلدى. دەيجۈن ۋىلايىتىدىن چىققان گۇڭسۇن ئاۋ ھۇنلاردىن يېڭىلىپ، 7000 ئادىمى چىقىم بولدى. يەنمېن ۋىلايىتىدىن چىققان لى گۇاڭ يېڭىلىپ، ھۇنلارغا ئەسىر چۈشكەن بولسىمۇ، يولدا قېچىپ قايتىپ كەلدى. خەن ئوردىسى گۇڭسۇن ئاۋ بىلەن لى گۇاڭنى قاماققا ئالدى. ئۇلار پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. شۇ يىلى قىشتا چېگرىغا باستۇرۇپ كىرگەن بىرنەچچە مىڭ ھۇن قوشۇنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بولۇپمۇ يۈياڭ ۋىلايىتى كۆپ زىيانغا ئۇچرىدى. خەن سۇلالىسى سانغۇن خەن ئەنگونى يۈياڭغا ئەۋەتىپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. ئىككىنچى يىلى كۆزدە ھۇنلارنىڭ 20000 چەۋەندازى بېسىپ كىرىپ، لياۋشى ۋالىيسىنى ئۆلتۈرۈپ، 2000

ئادەمنى ئەسىر ئالدى. يەنە يۈياڭ ۋالىيسى قوشۇنلىرىدىن 1000 دىن ئوشۇق ئەسكىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، سانغۇن خەن ئەنگونى قورشىۋالدى. خەن ئەنگونىڭ 1000 دىن ئارتۇق چەۋەندازى قىرىلىپ تۈگەي دەپ قالغاندا، يەن بەگلىكى قوشۇنلىرى ياردەمگە كەلگەچكە، چېكىنگەن ھۇنلار يېڭىباشتىن يەنمىنىگە بېسىپ كىرىپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى سانغۇن ۋېي چىڭنى 30000 چەۋەنداز بىلەن يەنمىندىن، لى شىنى دەيجۈندىن ماڭدۇرۇپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار دۈشمەننىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. ئىككىنچى يىلى يەنە يۈنجۇڭنىڭ غەربىدىن يولغا چىققان ۋېي چىڭ لۇڭشىغا بېرىپ، خېنەن رايونىدا ھۇنلارنىڭ لۇفەن ۋە بەيياڭ (ئاق قويلۇقلار) خانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. 1000000 تۇياقتىن ئارتۇق قوينى غەنىيمەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خېنەن رايونىنى خەن سۇلالىسى قايتۇرۇۋېلىپ، شوفاڭ شەھىرىنى سالدى ھەمدە چىن سۇلالىسى دەۋرىدە سەركەردە مېڭ تيەن ياسىغان چېگرا قورۇللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنى بويلاپ قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. خەن سۇلالىسى شاڭگۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى زاۋياڭ ناھىيىسىنى ھۇنلارغا بېرىۋەتتى. بۇ م.ب. 127 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىدى.

ئىككىنچى يىلى قىشتا كۆن تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى سول قول قان ئىچىغسە ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىپ، كۆن تەڭرىقۇتنىڭ خانتىيكىنى يوتاننى مەغلۇپ قىلدى. قاچقان يوتان خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن شىئەن بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن يوتان بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپلا ئۆلۈپ كەتتى.

ئىچىغىسە تەڭرىقۇت تەختكە چىققان يىلى يازدا ھۇنلارنىڭ نەچچە 10000 چەۋەندازى دەيجۈن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ، ۋالىيى گوڭ يۇنى ئۆلتۈرۈپ، 1000 دىن ئوشۇق كىشىنى ئەسىر ئېلىپ كەتتى. كۈزدە يەنە يەنمېن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئېلىپ كەتتى. ئىككىنچى يىلى (م.ب. 125 - يىلى، خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى)، يەنە دەيجۈن، دىڭشياڭ ۋە شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەرقايسىغا 30000 دىن چەۋەنداز بېسىپ كىرىپ، نەچچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئېلىپ كەتتى. ھۇنلارنىڭ ئوڭ قول بىلىكخانى خەن سۇلالىسىنىڭ خېنەن رايونىنى تارتىۋالغانلىقى ھەمدە ئۇ يەردە شوفاڭ شەھىرىنى بىنا قىلغانلىقىغا نارازى بولۇپ، چېگرىلارغا كۆپ قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى ھەم خېنەن رايونىغا بېسىپ كىرىپ، شوفاڭ شەھىرىنى پاراكەندە قىلدى، نۇرغۇن ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈردى ھەم ئەسىر ئېلىپ كەتتى.

ئىككىنچى يىلى (م.ب. 124 - يىلى، خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى) باھاردا، خەن سۇلالىسى سانغۇن ۋېي چىڭ قوماندانلىقىدىكى ئالتە سانغۇننى 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شوفاڭ، گاۋچۆدىن ھەربىي يۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئوڭ قول بىلىكخان خەن قوشۇنى تېز يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ، ھاراق - شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ ياتقان بىر پەيتتە، چېگرىدىن چىقىپ، 600 — 700 چاقىرىم يول ماڭغان خەن قوشۇنى ئوڭ قول بىلىكخاننى كېچىدە قورشىۋالدى. چۆچۈپ كەتكەن ئوڭ قول بىلىكخان قاچتى، خىل چەۋەندازلاۋازىملىرى ئارقىسىدىن كەلدى. خەن سانغۇنلىرى ئوڭ قول بىلىكخاننىڭ ئېلىدىن ئەر - ئايال بولۇپ 15000 ئادەم، ياردەمچى خانلىرىدىن 10 نەچچىسىنى قولغا چۈشۈردى. شۇ

يىلى كۆزدە يەنە دەيجۈن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرگەن ھۇنلار-
نىڭ 10 000 چەۋەندازى كاھبەگ جۇياڭنى ئۆلتۈرۈپ،
1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى بۇلاپ تۇتۇپ كەتتى.

م.ب. 123 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى)
باھاردا، خەن سۇلالىسى يەنە سانغۇن ۋېي چىڭ قوماندانلىقى-
دىكى ئالتە سانغۇننى 100 نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن
يۈرۈشكە چىقاردى. دىڭشياڭدىن چىقىپ بىر نەچچە يۈز چاقىرىم
يول يۈرگەندىن كېيىن خەن قوشۇنلىرى ھۇنلارغا ھۇجۇم
قىلدى ۋە ئىلگىرى - ئاخىر 19000 كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە
ئەسىر ئالدى. خەن سۇلالىسىمۇ ئىككى سانغۇن ۋە 3000
دىن ئارتۇق چەۋەنداز چىقىم تارتتى. ئوڭ قانات سانغۇن
سۇجيەن ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلدى. تۇرشاۋۇل سانغۇن
شى بېگى جاۋسۇن ئۇرۇشتا ئۈكۈشسىزلىققا ئۇچراپ ھۇنلارغا
تەسلىم بولدى. جاۋسۇن ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ يارىدەمچى خانى
بولۇپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاچقا، خەن سۇلالىسى
ئۇنى شى بېگى، تۇرشاۋۇل سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، ئوڭ قانات
سانغۇن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى.
ئەمما ئۇ تەڭرىقۇت ئەسكەرلىرى بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ
قالغانلىقتىن، يېڭىلدى ۋە پۈتۈن قوشۇنى تارمار بولدى.
ئۇنى قولغا چۈشۈرگەن تەڭرىقۇت ئۆزىگە يارىدەمچى قىلىۋالدى،
ئۆز ئىگىچىسىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە
خەن سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى ئۇستىدە كېڭەشتى.
جاۋسۇن تەڭرىقۇتقا قوملۇقنىڭ يىراق شىمالىغا چېكىنىش،
خەن قوشۇنىنى مەلىكە قىلىپ، ھاردۇرۇش، ئاندىن تارمار
قىلىش، قورۇلغا يېقىنلىماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى.
تەڭرىقۇت ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. ئىككىنچى يىلى
ھۇنلارنىڭ 10 نەچچە مىڭ چەۋەندازى شاڭگۇغا بېسىپ
كىرىپ نەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى.

كېيىنكى يىلى (م.ب. 121 ـ يىلى، خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ
ئىككىنچى يىلى) باھاردا، خەن سۇلالىسى قىران چەۋەنداز
سانغۇن خوچۈبىڭ قوماندىسىدا لۇڭشىدىن يۈرۈشكە چىققان
10000 چەۋەنداز يەنجى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، مىڭ چاقىرىمـ
دىن ئارتۇق ئىلگىرىلەپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ 8000 دىن
ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى ھەمدە، شۇتۇق
قاننىڭ چوقۇنىدىغان ئالتۇن بۇتىنى قولغا چۈشۈردى. شۇ
يىلى يازدا، نەچچە 10 مىڭ چەۋەنداز بىلەن لۇڭشى،
بېيدىدىن يولغا چىققان قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ
ۋە ھەمراھبەگ گۇڭسۇن ئاۋلار 2000 چاقىرىم يول يۈرۈپ
جۈيەندىن ئۆتۈپ چىلەن تېغىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ھۇنلارنىڭ
30000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى.
ياردەمچى قانلاردىن ئون نەچچىسىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ
چاغدا ھۇنلارمۇ دەيجۈن، يەنمېن ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىرىپ،
نەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. خەن
سۇلالىسى بىلگىبەگ جاڭ چيەن بىلەن سانغۇن لى گۇاڭنى
يۇ بېيپىڭدىن يۈرۈش قىلىپ، ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخا-
نىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. سول قول بىلىكخان لى گۇاڭنى
قورشىۋالغاچقا، لى گۇاڭ قىسمىدىكى 4000 ئەسكەرنىڭ يېرى-
مىدىن كۆپى تالاپەتكە ئۇچرىدى. ھۇنلار بولسا تېخىمۇ
كۆپرەك چىقىم تارتتى. بىلگىبەگ جاڭ چيەن قوماندىسىدىكى
ئەسكەرلەر ياردەمگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىنلا سانغۇن
لى گۇاڭ قورشاۋدىن قۇتۇلدى. ئەمما ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى
ھالاك بولدى. قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ قوشۇنىغا
قەرەلدە يېتىپ كېلەلمىگەن ھەمرابەگ گۇڭسۇن ئاۋ، بىلگى-
بەگ جاڭ چيەنلەر بىرلىكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇلار
بەدەل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي پۇقرالىققا
چۈشۈرۈپ قويۇلدى.

شۇ يىلىنىڭ كۈزلۈكى، قۇنشارقان بىلەن شۇتۇق قانلار ئىدارىسىدىكى جايلارنىڭ غەرب تەرىپى، خەن قوشۇنلىرى نەچچە 10 مىڭلىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، غەزەپلەنگەن تەڭرىقۇت ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. قورقۇپ ئەندىشىگە چۈشكەن قۇنشارقان ۋە شۇتۇق قانلار مەسلىھەتلىشىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولماقچى بولدى. خەن سۇلالىسى قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭنى ئەۋەتىپ قارشى ئالدى. شۇتۇق قاننى ئۆلتۈرۈپ، ئادەملىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان قۇنشارقان خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. ئۇلار 40000 دىن كۆپرەك كىشى بولسىمۇ، 100000 ئادەم دەپ پوپاڭ كۆتۈردى. شۇنداق قىلىپ خەن سۇلالىسى قۇنشارخانغا ئىگە بولغاندىن كېيىن لۇڭشى، بېيدى، خېشى قاتارلىق يەرلەردە ھۇنلارنىڭ تەئەررۇزلىرى بارا - بارا ئازلىدى. گۇەندۇڭدىكى كەمبەغەللەر ھۇنلاردىن تارتىۋالغان خېنەن رايونىدىكى شىنچىنجۈڭ(97) غا كۆچۈرۈلدى ھەمدە بېيدىنىڭ غەربىدە تۇرۇشلۇق مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ يېرىمى قىسقارتىلدى. ئىككىنچى يىلى باھاردا ھۇنلار دىڭشياڭ ۋە يۈبېيپىڭغا نەچچە 10 مىڭ ئەسكەر بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە تۇتۇپ كەتتى.

م.ب. 119 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) باھاردا خەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر كېڭەشتە: «شى بېگى جاۋسىن تەڭرىقۇتقا قۇملۇقنىڭ شىمالىدا تۇرساق، ئۇ يەرگە خەن قوشۇنلىرى بارالمايدۇ، دەپ پىلان كۆرسىتىپتۇ» دېگەن قارار قوبۇل قىلىندۇ ۋە ياراملىق 100 000 چەۋەنداز ماڭدۇرىدۇ. ئاشلىق ۋە كىيىم - كېچەك ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ خىزمىتى ئاتلىرى 140000 چە بولۇپ، ئوزۇق - تۈلۈك، تەمىنات ئاتلىرىنىڭ سانى بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى.

ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن قىران چەۋەنداز سانغۇن
خوچۇبىڭلارغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلىش ھەققىدە پەرمان
بېرىلگەچكە، ئۇلۇغ سانغۇن دىڭشياڭدىن، قىران چەۋەنداز
سانغۇن بولسا دەيجۈن ۋىلايىتىدىن ئاتلاندى، ئۇلار قۇملۇقتىن
ئۆتۈپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە كېلىشىۋالدى. بۇنىڭ-
دىن خەۋەر تاپقان تەڭرىقۇت يۈك - تاقلىرىنى يىراققا ئورۇن-
لاشتۇرۇپ، خىللانغان چەۋەندازلىرى بىلەن قۇملۇقنىڭ شىما-
لىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن بىر
كۈن ئۇرۇشتى. كەچ كىرگەندە بوران چىقىپ، خەن قوشۇنلىرى
ئوڭ، سول قاناتلاردىن تەڭرىقۇتنى قورشىۋالدى. ئۇرۇش
ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلىگەن
تەڭرىقۇت نەچچە يۈز باتۇر چەۋەندازى بىلەن قورشاۋنى
بۇزۇپ، غەربىي شىمال تەرەپكە قاچتى. خەن قوشۇنلىرى
كېچىلەپ قوغلاپمۇ ئۇنى تۇتالمىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە
ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىر ئېلىنغانلار 19000 كىشىگە يەتتى.
خەن قوشۇنلىرى شىمالدا تيەنيەن تېغىدىكى جاۋسۇن شەھى-
رىگىچە بېرىپ قايتتى.

تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرى
بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئەسكەرلىرى تەڭرىقۇتنى ئىزدەشتى.
تەڭرىقۇت ئۆزىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى بىلەن ئۇزاققىچە ئۇچرى-
شالمىغاچقا، ئوڭ قول قان تەڭرىقۇتنى ئۆلدى ھېسابلاپ،
ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلدى، ھەقىقىي تەڭرىقۇت قايتىپ
ئۆز ئېلىنى تاپقاندىن كېيىن، ئوڭ قول قان تەڭرىقۇتلۇقنى
بېرىپ، بۇرۇنقى ئورنىدا قېلىۋەردى.

دەيجۈن ۋىلايىتىدىن يۈرۈشكە چىققان قىران چەۋەنداز
سانغۇن 2000 نەچچە يۈز چاقىرىم يول يۈرۈپ، سول قول
بىلىكخان بىلەن جەڭ قىلدى. خەن قوشۇنلىرى ھۇنلاردىن
جەمئىي 70000 دىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر

ئالدى. سول قول بىلىكىغان ۋە سەرگەردىلىرى تامامەن قېچىپ كەتتى. قىران چەۋەنداز سانغۇن لاڭ جۇشۇ تېغىداكىڭ ئىلاھىغا، گۈيەن تېغىدا يەر مۇئەككىلىگە نەزىر قىلىپ بايقالغىچە بېرىپ قايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلار يىراققا قېچىپ كەتتى، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا ئۇلار خان ئوردىسىنى قايتا قۇرالمىدى. خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتكەن خەن قوشۇنلىرى شوفاڭ شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىن لىڭجۇغىچە ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ تېرىقچىلىق قىلدى. تېرىلغۇ يەرلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى. تېرىقچىلىق قىلىدىغان سىپاھ - بەگلەر تەخمىنەن 50 — 60 مىڭغا يەتتى. يەرلىرىنى پىلە قۇرتىدەك يەپ، زېمىنىنى ھۇنلارنىڭ شىمالىدىكى رايونلىرى بىلەن تۇتاشتۇردى.

باشتا نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يۈرۈش قىلغان خەن سۇلالىسىنىڭ ئىككى سانغۇنى(98) تەگرىقۇتنى قورشىۋېلىپ، 80 — 90 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. خەن قوشۇنلىرىدىنمۇ نەچچە تۈمەنلەپ ئەسكەر چىقىم بولۇپ، 100 000 دىن ئارتۇق ئات ئۆلدى. ھۇنلار گەرچە ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ يىراقلارغا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەن سۇلالىسىدە ئات ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، داۋاملىق ھۇجۇم قىلالمىدى. تەگرىقۇت جاۋسۇنىڭ پىلانى بويىچە، ئەلچى ئەۋەتىپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. خان بۇ ئىشنى ۋەزىرلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدى. بەزىلىرى يارىشايلى دېسە، بەزىلىرى ھۇنلارنى بېقىنىشقا مەجبۇرلاش كېرەك، دېيىشتى. باش ۋەزىر دورغاپىي رېن چاڭ: «ھۇنلار يېقىندىلا مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنى بىزگە بېقىنىشقا مەجبۇرلاش كېرەك، ئۇلار چېگرىغا زىيارەتكە كېلىپ، ئىلتىماس قىلسۇن» دەپ پىكىر بەردى، خەن سۇلالىسى رېن چاڭنى تەگرىقۇتقا

ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇنىڭ رىن چاڭنىڭ پىلانى ئىكەنلى-
كىنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن تەڭرىقۇت، ئۇنى قايتۇرماي تۇتۇپ
قالدى. ئىلگىرى خەن سۇلالىسىدىمۇ ھۇنلارنىڭ ئەلچىلىرىنى تەسلىم
بولۇشقا ئۈندەپ، تۇتۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى بولاتتى، تەڭرى-
قۇتمۇ بۇنىڭ بەدىلىگە خەن ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قالاتتى.
خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشقىدىن تەرتىپكە سېلىپ،
ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغان پەيتتە، قىران
چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ
بىلەن خەن سۇلالىسى ئۇزۇن زامانلارغىچە شىمالدىكى
ھۇنلارغا يۈرۈش قىلمىدى.

بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن 13 يىل تەڭرىقۇت
بولغان ئىچىغىسە ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى ئۇۋۋى تەڭرىقۇت بول-
دى. بۇ م. ب. 114 - يىلى(خەن ۋۇدى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى
يىلى) ئىدى. ئۇۋۋېي تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن،
خەن ۋۇدى ۋىلايەت - ناھىيەلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باش-
لىدى. كېيىن خەن سۇلالىسى جەنۇبتىكى ئىككى يۆ دۆلىتىگە
يۈرۈش قىلغاچقا، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلمىدى. ھۇنلارمۇ چېگرى-
غا بېسىپ كىرمىدى.

ئۇۋۋى تەختكە چىقىپ ئۈچىنچى يىلى خەن سۇلالىسى
جەنۇبىي يۆ دۆلىتىنى يوقاتتى. يارلىق بويىچە 15000 چە-
ۋەنداز بىلەن جيۇيۈەندىن يولغا چىققان سابىق ئوردا مىرا-
قۇلى گۇڭسۇن خې 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ،
فۇجۇجىڭ(وو) دېگەن يەرگە باردى، 10000 دىن ئار-
تۇق چەۋەنداز بىلەن لىڭجۇدىن يولغا چىققان يانداش چا-
پاۋۇل جاۋپونۇ نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ ھۇن دەرياسى-
غىچە باردى. ئۇلار ھۇنلاردىن بىرەرسىنىمۇ ئۇچراتماي قايتىپ
كەلدى.

بۇ چاغدا خان شەخسەن ئۆزى چېگرىنى كۆزدىن كەچۈ-

رۇش ئۈچۈن 180000 چەۋەنداز بىلەن شوفاڭغا كېلىپ، خەن
سۇلالىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى نامايان قىلدى ھەمدە تەڭ-
رىقۇتنى ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن گوجىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.
ھۇنلارنىڭ داستىخانبېگى(100) گوجىدىن نېمە ئىش بىلەن كەل-
گەنلىكىنى سورىغانىدى. گوجى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئەدەب
بىلەن: «مەن تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆز ئاغزىم بىلەن
ئېيتسام» دېدى. تەڭرىقۇت ئۇنى قوبۇل قىلدى. گوجى: «جە-
نۇبىي يۈ خانىنىڭ كاللىسى خەن ئوردىسىنىڭ شىمالى
قوۋۇقىغا ئېسىلدى. تەڭرىقۇت ھازىر خەن سۇلالىسى بىلەن
ئۇرۇش قىلالىسىلا، خانىمىز شەخسەن ئۆزى قوشۇنى بىلەن
چېگرىدا سىلىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇرۇشالمىسىلا، دەر-
ھال جەنۇبتىكى خەن سۇلالىسىگە ئەئىيان بولۇشلىرى كېرەك.
نېمە ئۈچۈن يىراق يەرلەرگە قېچىپ، سۇسىز، گىياھسىز قۇملۇق-
نىڭ شىمالىدىكى قەھرىتان سوغۇق دەشتلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈ-
رىدىلا!» دەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا غەزەپلەنگەن
تەڭرىقۇت دەرھال داستىخانبېگىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، گوجىنى
قايتۇرماي بايقالغا سۈرگۈن قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭ-
رىقۇت خەن چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىرىشكە زادىلا جۈرئەت
قىلالمىدى. ئەسكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئاتلىرىنى بېقىپ،
ئات مىنىش - ئوقيا ئېتىش مەشقى بىلەن شۇغۇللاندى. خەن
سۇلالىسىگە داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىپ، چىرايلىق سۆزلەر بى-
لەن ياخشىلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

خەن سۇلالىسى ھۇنلارنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن، ۋاڭ
ۋۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتتى. ھۇنلارنىڭ قائىدىسى بويى-
چە خەن ئەلچىسى ئەلچىلىك دەستىكىنى تاشلاپ، يۈزىنى بو-
يىمىسا تەڭرىقۇت ئوردىسىغا كىرگۈزۈلمەيتتى. ۋاڭ ۋۇ بېيدى-
لىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۇنلارنىڭ بۇ ئادىتىنى بىلەتتى. شۇ-
ڭا ئۇ ئەلچىلىك دەستىكىنى تاشلاپ، يۈزىنى بوياپ تەڭرىقۇت

ئۇردىسىغا كىردى. بۇنى كۆرۈپ خۇرسەن بولغان تەڭرىقۇت ۋاڭ ۋۇنىڭ پىكرىنى يالغاندىن قوبۇل قىلغان بولۇپ، «خانـ تىپكىننى تۇرغاقلىقا ئەۋەتەي، شۇ ئارقىلىق ياخشىلىشايلى» دېدى.

خەن سۇلالىسى ياڭ شىننى ھۇنلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ چاغدا خەن سۇلالىسى شەرقتە خۇيمو ۋە چاۋـ شيەن ئېلىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە ۋىلايەتلەرنى تەسىس قىلغان، غەربتە جيۇچۈەن ۋىلايىتىنى قۇرۇپ، ھۇنلار بىلەن چياڭلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان، يەنىمۇ غەربتە توخرىيلار، باكترىيە بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتـ قان ۋە يەنە ئاسىيۇلارنىڭ كۈنبىيگە مەلىكە بېرىپ، ھۇنلارنى غەربتىكى ئىتتىپاقچىلىرىدىن ئايرىۋەتكەن، يەنىمۇ شىمالغا قاـ راپ تىېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىپ شۈەنلېي(101) نى چېگرا قىلغانىدى. ھۇنلار بۇنىڭغا سۈكۈت قىلاتتى. شۇ يىلى شى بېگى جاۋسۇن ئۆلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى ھۇنلار ئاجىزلاشتى، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش كېرەك، دەپ ھېـ سابلاشتى. ياڭ شىن قەيسەر، سۇباتلىق ئادەم بولسىمۇ، ئېتىـ بارلىق ۋەزىرلەردىن بولمىغاچقا، تەڭرىقۇتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالمىدى. تەڭرىقۇت ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتماقچى بولۇۋېدى، ئېكىن ئۇ ئەلچىلىك دەستىكىنى تاشلىمىغانلىقتىن، تەڭرىقۇت ئۇنى چېدىرنىڭ سىرتىدا ئولتۇرغۇزۇپ قوبۇل قىلـ دى. ياڭ شىن تەڭرىقۇتقا «ئەگەر خەن سۇلالىسى بىلەن ياخـ شىلىشىشنى خالىسىلا، خانتىپكىننى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلغايلا» دەپ تەكلىپ بەردى. تەڭرىقۇت: «بۇ بۇرۇنقى ئەھـ دىنامىلەردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇرۇنقى ئەھدىـ نامىلەر بويىچە خەن سۇلالىسى دائىم خانىكىچە ئەۋەتىپ، تاـ ۋار ـ دۇردۇن، ئوزۇق ـ تۈلۈك قاتارلىق بۇيۇملار سوۋغا قىـ لىپ تۇراتتى. بۇ ياخشىلىشىشنىڭ شەرتى ئىدى. شۇڭا ھۇنـ

لارمۇ چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە
بۇرۇنقى ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىپ، خانلىكىنىنى تۇرغاقلىق-
قا ئەۋەت دېسەڭلار، ياخشىلىشىشتىن ئۈمىد قالمايدۇ» دېدى.
ھۇنلارنىڭ ئادىتىدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ئېسىلزادى-
لەردىن بولماي زىيالىيلاردىن بولسا، ۋەز ئېيتقىلى كەلگەن
دەپ، ئۇنى سۆزلىگىلى قويمايتتى. كەلگەن ئەلچىلەر ياش -
قاۋۇل بولسا، ئۇنى پىدائىيلار دەپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇن-
دۇراتتى. خەن سۇلالىسى ھەر قېتىم ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتسە،
ھۇنلارمۇ جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتەتتى. خەن سۇلالىسى ھۇنلار-
نىڭ ئەلچىسىنى تۇتۇپ قالسا، ھۇنلارمۇ خەن ئەلچىسىنى تۇ-
تۇپ قالاتتى. ئىككى تەرەپ تەپمۇ تەڭ بولغاندىلا
توختايتتى.

ياڭ شىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى
ھۇنلارغا ۋاڭ ۋۇ قاتارلىقلارنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. تەڭرى-
قۇت ئۇنىڭغا يەنە ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، خەن سۇلالىسى-
دىن كۆپرەك مال - بايلىق يۇلۇش كويىدا بولدى. ۋاڭ ۋۇ-
نى ئالداپ: «مەن خەن سۇلالىسىگە بېرىپ، خان بىلەن كۆرۈ-
شىمەن. يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئاغا - ئىنى بولىمەن» دېدى.
ۋاڭ ۋۇ ئوردىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانىدى. خەن
سۇلالىسى چاڭئەندە تەڭرىقۇت ئۈچۈن بىر مېھمانخانا ياسات-
تى. ھۇن تەڭرىقۇتى: «خەن تۆرىلىرىدىن بىرەرسى ئەلچى
بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي سۆزلىشىمەن» دەپ،
ھۇن ئېسىلزادىلىرىدىن ئەلچى تەيىنلەپ ئەۋەتتى. ئەلچى خەن
ئېلىگە كېلىپلا ئاغرىپ قالغاچقا، خەن سۇلالىسى ئۇنى داۋالاپ
ساقايتماقچى بولغان بولسىمۇ، بەختكە قارشى ئۆلۈپ قالدى.
خەن سۇلالىسى لۇچۇڭگوغا 2000 تاغار ئاشلىق مائاش ئالى-
دىغان گۇۋاھنامە بېرىپ، جەسەتنى ھۇنلار ئېلىگە ئاپىرىشقا
ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. نەچچە مىڭ جىڭ ئالتۇن قىممىتىدە

سوۋغات ئەۋەتىلدى، لېكىن تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى ئېلىنىڭ
قەدىرلىك ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى دەپ، لۇچۇڭگونى تۇتۇپ قال
دى. تەڭرىقۇتنىڭ ۋاڭ ۋۇغا قىلغان گەپ - سۆزلىرى يالغان
بولۇپ، ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىگە زىيارەتكە بېرىش، خانتېكىنى
نى تۇرغاق قىلىپ بېرىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. ھۇنلار يەنە
كۆپ قېتىم ھۇجۇمچى قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى
نىڭ چېگرا - قورۇللىرىغا تاجاۋۇز قىلدى. خەن سۇلالىسى
گوچاڭنى ھۇنلارنى يوقىتىش سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، جو يې
بېگى جاۋپونۇ بىلەن شوفاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە تۇرۇپ،
ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەۋەتتى.
ئۇۋى تەڭرىقۇت 10 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆلدى. ئوغلى
ئۇشىلۇ(102) تەختكە چىقتى. ئۇ تېخى كىچىك بولغىنى
ئۈچۈن بالا تەڭرىقۇت (儿单于) دەپ ئاتالدى. بۇ م. ب.
105 - يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) ئىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرىقۇت تېخىمۇ غەربىي شىمالغا قاراپ
سىلجىدى. ھۇنلارنىڭ سول قانات قىسىملىرى يۈنجۇڭغا، ئوڭ
قانات قىسىملىرى جيۇچۈەن ۋە دۇنخۇاڭغا توغرا كېلەتتى.
بالا تەڭرىقۇت تەختكە چىقىش بىلەنلا خەن سۇلالىسى
ئىككى ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇۋى تەڭرىقۇتقا،
يەنە بىرى ئوڭ قول بىلىكخانغا تەزىيە بىلدۈرۈشكە باردى.
ئۇلارنىڭ نىيىتى ھۇنلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئىدى. ئەل
چىلەر يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، ھەر ئىككىلىسى تەڭرىقۇتنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى. غەزەپلەنگەن تەڭرىقۇت خەن ئەلچى
لىرىنى تۇتۇپ قالدى. ھۇنلار ئىلگىرى - ئاخىر تۇتۇپ قال
ھان خەن ئەلچىلىرى ئون نەچچە تۈركۈمگە يەتتى. بۇنىڭ
بەدىلىگە خەن سۇلالىسىمۇ ھۇنلارنىڭ ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قالاتتى.
شۇ يىلى (م.ب.104 - يىلى، خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ تۇن
جى يىلى) خەن سۇلالىسى سۇترېشنا سانغۇن لى گۇاڭلىنى

غەربگە ماڭدۇرۇپ پەرغانە ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. يېڭىيۇ سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋنى تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرى قۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇ يىلى قىشتا ھۇنلار ئېلىدە قېلىن قار يېغىپ، چارۋىلارنىڭ تولىسى ئاچلىقتىن توڭلاپ ئۆلدى. تەڭرىقۇت ياش، ئۇرۇشخۇمار بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدە ئەنسىزچىلىك تۇغۇلدى. سول چوڭ كاھبەگ تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، خەن سۇلالىسىگە يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇ ئارقىلىق: «مەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولماقچىمەن. ئەمما ئارىلىق يىراق، خەن سۇلالىسى ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلسا، مەن قوزغالماقچىمەن» دېدى. خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ مەلۇماتتىن باشتىلا خەۋىرى بار بولۇپ، تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى سالدۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئارىلىقنى يىراق كۆرگەنىدى.

ئىككىنچى يىلىنىڭ باھارىدا خەن سۇلالىسى جويې بېگى جاۋپونۇ قوماندىسىدا، 20000 چەۋەندازنى يولغا سالدى. شوفاڭدىن چىققان قوشۇن 2000 چاقىرىمدىن ئوشۇق شىمالغىچە بېرىپ، جۇنجى تېغىدا سول چوڭ كاھبەگ بىلەن ئۇچراشماقچىدى. جويې بېگى پۈتۈشكەن ۋاقتى قارارىدا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن سول چوڭ كاھبەگنىڭ قوزغالماقچى بولغانلىقىنى سېزىپ قالغان تەڭرىقۇت ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە سول تەرەپتىكى قوشۇنى بىلەن جويې بېگىگە ھۇجۇم قىلدى. جويې بېگى يۈرۈش داۋامىدا دۈشمەننىڭ بىرنەچچە مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئېلىپ قايتتى. تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە 400 چاقىرىم قالغاندا، 80000 ھۇن چەۋەندازنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى. جويې بېگى كېچىسى سۇ ئىزدەپ چىققاندا ھۇنلار ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈۋالدى ۋە دەرھال خەن قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. سىپاھ-بەگلەر سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆلۈم-

ىدىن قورقۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. شۇنىڭ
بىلەن پۈتكۈل قوشۇن هونلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. بۇ-
نىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان تەڭرىقۇت تەسلىمچىلەرنى
قوبۇل قىلىش شەھىرىگە هۇجۇم قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن شەھەرنى ئالالماي، چېگرا ـ قورۇللارغا
تاجاۋۇز قىلىپ قايتىپ كەتتى. كېيىنكى يىلى تەسلىمچىلەرنى
قوبۇل قىلىش شەھىرىنى ئېلىشقا تەڭرىقۇت ئۆزى ئاتلانغان
بولسىمۇ، يول ئۈستىدە كېسەل بولۇپ ئۆلدى.
بالا تەڭرىقۇت ئۈچ يىل هۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆلدى.
ئۇنىڭ بالىسى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، هۇنلار ئۇنىڭ تا-
غىسى، ئۇۋۇي تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئوڭ قول بىلىكخان گۈيلى-
قۇنى تەڭرىقۇتلۇققا كۆتۈردى. بۇ م. ب. 102 - يىلى (خەن
ۋۇدى تەيچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىدى.
گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت سەلتەنىتى ۋاقتىدا، خەن سۇلالىسى
كېڭەش بېگى شۇزىۋېينى ئەۋەتىپ ۋۇيۇەن قورغىنىدىن نەچچە
يۈز چاقىرىم، هەتتا مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى لۇچۇ
تېغىغىچە قەلئە، قورغان ۋە قاراۋۇلخانىلارنى سالدۇردى. كې-
زەكچى سانغۇن خەن يۆ بىلەن چاكېپىڭ بېگى ۋېي كاڭ ئۇنىڭ
ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قوندالىق ئوقيا ئىقلار كاھ-
بېگى لۇ بودې جۈيەن ساسلىقى بويىغا قورغان سېلىپ مۇدا-
پىئە كۆرۈشكە بۇيرۇلدى.
شۇ يىلى كۈزدە هۇنلار يۈنجۇڭ، دىڭشياڭ، ۋۇيۇەن ۋە
شوفاڭلارغا كەڭ ـ كۆلەمدە بېسىپ كىرىپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى
ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. يىلىغا 2000 دا-
دەن ئاشلىق مائاش ئالىدىغان سانغۇنلارنى يېڭىپ، يولدا كې-
ڭەش بېگى شۇزىۋېي قۇرغان قاراۋۇلخانىلارنى ۋەيران قىلى-
ۋەتتى. يەنە ئوڭ قول بىلىكخانىنى جيۇچۇەن، جاڭيېلەرگە
ئەۋەتىپ بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى تالان ـ تاراج قىلدى. دەل

شۇ چاغدا خەن سۇلالىسى سانغۇنى رېن ۋېن(103) يېتىپ
كېلىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى، ھۇنلار ئولجا ئالغان غەنىيمەت-
لەرنى تاشلاپ چېكىنىپ كەتتى. ئېرشى سانغۇن لى گۇاڭلى-
نىڭ پەرغانىنى يېڭىپ، خاننى ئۆلتۈرۈپ قايتقانلىقىنى ئاڭلى-
غان ھۇنلار سۈترىشنا سانغۇننى توسۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ،
پېتىنالمىدى. شۇ يىلى (م. ب. 101 - يىلى، خەن ۋۇدى
تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى) قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت قىشتا كېسەل
بولۇپ ئۆلدى.

گۆيلىقۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن
ئۆلگەچكە، ئىنىسى سول چوڭ كاھبەگ چەتقۇ ئۇنىڭ ئورنىغا
تەڭرىقۇت بولدى.

خەن سۇلالىسى پەرغانىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن،
نام - ھەيۋىسى چەت ئەللەرنى تىترىتىۋەتكەنىدى. بۇ پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ، ھۇنلارنى بوغۇپ تاشلىماقچى بولغان
خەن ۋۇدى: «خەن گاۋدىنىڭ پىڭچېڭ شەھىرىدە مۇھاسىرىگە
چۈشۈپ تارتقان دەرد - ئەلىمىنىڭ ۋە خانىكە لۈنىڭ تەڭ-
رىقۇتنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ قىساسىنى ئېلىش بىز-
گە قالدۇرۇلغانىدى، ئۆتمۈشتە چى شياڭگۇڭ(104) توق-
قۇز ئەجدادىنىڭ قىساسىنى ئالغانلىقى ئۇچۇن ئەمىنىيدە
ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىلگەنىدى» دەپ يارلىق چۈشۈردى.
بۇ چاغ م. ب. 101 - يىلى (خەنۋۇدى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى
يىلى) ئىدى.

چەتقۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، دەسلەپتە
خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ،
تۇتۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، ھۇنلارغا تەسلىم بولمىغان لۇچۇڭ-
گو قاتارلىق خەن ئەلچىلىرىنى تامامەن قايتۇردى. تەڭرىقۇت
ئۆز - ئۆزىگە: «مەن بىر بالا تۇرسام، ئۆزۈمنى قانداقمۇ
خەن خانىغا تەڭلەشتۈرەلەيدىكەنمەن!» دېدى. خەن سۇلالىسى

ئمىر ـ نۆكەر سۇۋۇ ئارقىلىق تەگرىقۇتقا كۆپ سوۋغا ـ بايلىقـلار ئەۋەتتى. تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن تەڭرىقۇت ھۇرمەتسىزلىك قىلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىدى. ئىككىنچى يىلى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچقان جويې بېگى جاۋپونۇ خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كەلدى.

ئىككىنچى يىلى (م. ب. 99 ـ يىلى، خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن 30000 چەۋەنداز بىلەن جيۇچۇەندىن چىققان ئېرشى سانغۇنى گۇاڭلى تەڭرىتاغ (چىلىيەنشەن) دا ئوڭ قول بىلىكخانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ 10000 ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ قايتتى. يولدا ھۇنلارنىڭ رور قوشۇنىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان ئېرشى سانغۇن ئاران قۇتۇلغان بولسىمۇ، خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئوندىن 6 — 7 قىسمى تالاپەتكە ئۇچرىدى. خەن سۇلالىسى يەنە يىنىۋ سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋنى شىخېدىن ماڭدۇردى. ئۇ قونداقلىق ئوقيالىقلار كاھېگى لۇ بودې بىلەن جۇشيې (105) تېغىدا قوشۇلۇپ ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي قايتىپ كېلىشتى. يەنە شىرمەت چەۋەندازلار بېشى لى لىڭنى 5000 پىيادە ئەسكەر بىلەن ماڭدۇردى. ئۇ چۈيەندىن چىقىپ، شىمالغا 1000 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول ماڭغاندا، تەڭرىقۇت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇرۇشتا ھۇن ئەسكەرلىرىدىن 10000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ۋە ياردار قىلىندى. ئەسكىرىي تەمىنات تۈگەپ قايتماقچى بولغان لى لىڭ تەڭرىقۇتنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغاچقا، ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ئەسكەرلىرىدىن ئاران 400 كىشى قېچىپ قايتىپ كەلدى. تەڭرىقۇت لى لىڭنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا قىزىنى بەردى.

ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ئېرشى سانغۇننى 60000 چەۋەنداز، 70000 پىيادە ئەسكەر بىلەن

شۇفاڭدىن ماڭدۇردى. قوندالىق ئۇقيالىقلار كاھىبگى لۇ بودى
10 نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئېرشى سانغۇنغا قوشۇلدى.
كېيىنكى سانغۇن خەن يۆ 30000 پىيادە ئەسكەر بىلەن
ۋۇيۇەندىن يولغا چىقتى. يىنيۇ سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋ 10000
چەۋەنداز، 30000 پىيادە ئەسكەر بىلەن يەنمېندىن ئاتلاندى.
هونلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، بالا - چاقا ۋە ئېغىر يۈك -
تاقلىرىنى يۇۋۇ دەرياسىنىڭ شىمالى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇردى.
100000 چەۋەنداز بىلەن دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىدە هازىر-
لىنىپ تۇرغان تەڭرىقۇت، سۇترىشنا سانغۇن لى گۇاڭلى بىلەن
ئۇرۇشماقچى بولدى. سۇترىشنا سانغۇن تەڭرىقۇت بىلەن ئۇدا
10 نەچچە كۈن ئۇرۇشۇپ ئاستا - ئاستا چېكىندى. كېيىنكى
سانغۇن خەن يۆ هېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. سول قول بىلىك-
خان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان يىنيۇ سانغۇنى
گۇڭسۇن ئاۋ چېكىندى.
ئىككىنچى يىلى چەنقۇ تەڭرىقۇت ئۆلدى. ئۇ جەمئىي
بەش يىل هۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سول قول
بىلىكخان تەڭرىقۇت بولۇپ، قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت،(106) دەپ
ئاتالدى. بۇ چاغ م. ب. 96 - يىلى (خەن ۋۇدى تەيشىنىڭ
بىرىنچى يىلى) ئىدى.
ئەسلىدە چەنقۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، چوڭى سول
قول بىلىكخان، كىچىكى سول قول چوڭ سانغۇن ئىدى. تەڭ-
رىقۇت ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز ئورنىغا سول قول بىلىك-
خاننى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سول قول بىلىكخان يېتىپ كەل-
مىگەچكە، هۇن تۆرىلىرى ئۇنى ئاغرىقچان دەپ، سول قول
چوڭ سانغۇننى تەڭرىقۇتلۇققا تىكلىدى. بۇنى ئاڭلىغان سول
قول بىلىكخان كېلىشكە پېتىنالمىدى. سول قول چوڭ سانغۇن
سول قول بىلىكخاننى چاقىرتىپ، تەڭرىقۇتلۇق ئورۇنىنى ئۇنىڭ-
غا ئۆتۈنمەكچى بولۇۋىدى، سول قول بىلىكخان ئاغرىقلىقىنى

باھانە قىلىپ قوبۇل قىلمىدى. ئۇنىڭغا ئۇنىمىغان سول قول چوڭ سانغۇن: «مۇبادا بەختسىزلىك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتسەڭىز، تەڭرىقۇتلۇق ئاندىن كېيىن ماڭا قالسۇن» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، سول قول بىلىكخان ماقۇل بولدى ۋە «قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت» نامى بىلەن تەختكە چىقتى.

قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن، سول قول چوڭ سانغۇننى سول قول بىلىكخانلىققا تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سول قول چوڭ سانغۇن ئاغرىپ ئۆلدى. ئوغلى شەنچانچان ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلالماي، باتىسقان بولدى. باتىسقاننىڭ ئورنى سول قول بىلىكخاندىن تۆۋەن تۇراتتى. تەڭرىقۇت ئۆز ئوغلىنى سول قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىدى.

تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ ئالتىنچى يىلى (م.ب.91 - يىلى، خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھۇنلار شاڭگۇ، ۋۇيۈەن ۋىلايەتلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى قىرغىن قىلدى ۋە بۇلىدى. شۇ يىلى ھۇنلار يەنە ۋۇيۈەن، جيۇچۇەن ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىرىپ، بۇ ئىككى ۋىلايەتنىڭ كاھىبەگلىرىنى ئۆلتۈردى. خەن سۇلالىسى ئېرشى سانغۇن لى گۇاڭلىنى 70000 ئەسكەر بىلەن ۋۇيۈەندىن ماڭدۇردى. باش تەپتىشبەگ شاڭچيۇچېڭ 30000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن شىخېدىن ئاتلاندى. چۇڭخې بېگى ماڭ تۇڭ 40000 چەۋەنداز بىلەن جيۇچۇەندىن چىقىپ، 1000 چاقىرىمدىن ئوشۇق ئىلگىرىلىدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ كەڭ - كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان تەڭرىقۇت، پۈتكۈل يۈك - تاقلىرىنى يۆتكەپ، جاۋسۇن شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى جىجۇ دەرياسىغىچە ئاپىرىپ قويدى. سول قول بىلىكخان ئۆز ئېلىنى كۆچۈرۈپ شۇۋۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، 600 — 700 چاقىرىم يىراقلىقتىكى دۇشيەن(107) تېغىغا ئورۇنلاشتۇردى. تەڭرىقۇت ئۆزى خىل چەۋەندازلىرى

بىلەن ئۇرقۇن(108) نىڭ سول تەرىپىدىن چىقىپ، گۇجۇ
دەرياسى(109) دىن ئۆتتى.
جوشىبېجىك(110) غىچە قوغلاپ بارغان باش تەپتىشبەگ
شاڭ چيۇچېڭ قوشۇنى دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشالماي قايتىپ
كەلدى. خۇنلار باش سەركەردىسى ۋە لى لىڭنى 30 نەچچە
مىڭ چەۋەنداز بىلەن خەن قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە
ئەۋەتتى. جۈنجى تېغىدا ئۇچرىشىپ توققۇز كۈن ئۇرۇش بولدى.
خەن قوشۇنلىرى دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ،
ئۇلارنى چېكىندۈردى. نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار
قىلدى. پۇنۇ(111) دەرياسىغا بارغاندا ئوكۇشسىزلىققا ئۇچرى-
غان خۇنلار چېكىنىپ كەتتى.
تەڭرىتاغلىرىغا يېتىپ كەلگەن چۇڭخې بېگى ماڭ تۇڭ
قوشۇنىغا قارشى خۇنلار چوڭ سەركەردە يانچۇ ۋە ئوڭ - سول
قوچ قانلارنى 20 نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن خەن قوشۇن-
لىرىغا توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، ئۇلار خەن قوشۇنلى-
رىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ چېكىنىپ كەتكەچكە، چۇڭخې بې-
گى ماڭتۇڭ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، چىقىمىمۇ تارت-
مىدى. بۇ چاغدا قوس خانلىقى قوشۇنىنىڭ چۇڭخې بېگىگە
توسۇپ زەربە بېرىشىدىن ئەنسىرىگەن خەن سۇلالىسى قوسقا
قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، كەيلىڭ(112) بېگى چېڭ
مىەننى قوشۇنى بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلار قوس خانى ۋە ئۇنىڭ
نۇرغۇن پۇقرالىرىنى ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كەلدى.
قورۇلدىن چىققان سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى قومان-
دىسىدىكى خەن قوشۇنلىرىغا فۇياڭگۇ جىلغىسى(113) دا تو-
سۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، خۇنلار ئوڭ چوڭ كاھبەگ بىلەن
ۋە لۈي قوماندىسىدا 5000 چەۋەنداز ئەۋەتتى. ئېرشى
سانغۇن بېقىندى ئەللەردىن 2000 نەپەر خۇن چەۋەندا-
زىنى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا سالدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى

يېڭىلىپ پىتىراپ كەتتى. بىرقانچە يۈز ئادىمى ئۆلدى ۋە يا-
رىدار بولدى. غەلىبىدىن پايدىلىنىپ شىمالغا سۈرۈپ، زەربە
بېرىۋاتقان خەن قوشۇنى فەنفۇرىن شەھىرى(114)گە يېتىپ باردى.
قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەن ھۇنلار قاچتى. بۇ ۋاقىتتا سۈترىشى-
نا سانغۇنىنىڭ خوتۇنى داخانلىق دېلوسىغا چېتىلىپ قېلىپ
زىندانغا تاشلانغانچىقا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە
چۈشكەن سۈترىشىنا سانغۇن قورقۇپ قالدى. گۇناھ
ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئەسكەرلىككە پالانغان ئەمەلدارلىرىدىن
خۇيافۇ(115) سۈترىشىنا سانغۇنغا: «رەپىقىڭىز ۋە
پۈتكۈل ئائىلىڭىز زىنداندا ئىكەن، ئەگەر قايتقاندىن كېيىن
خاننىڭ كۆڭلىگە سەللا ياقماي قالسىڭىز، سىزمۇ ئائىلىڭىز
بىلەن زىنداندىلا كۆرۈشىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا جىجۇ دەرياسىنىڭ
شىمالىدىكى رايونلارنى يەنە كۆرەلىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟» دېۋىدى،
ئارىسالدى بولۇپ قالغان سانغۇن خىزمەت كۆرسەتمەكچى
بولۇپ، دۈشمەن ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىش ئۈچۈن،
شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، جىجۇ دەرياسىغىچە باردى. ھۇنلار
بۇ يەردىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. سۈترىشىنا سان-
غۇن ھىماتچى سانغۇننى 20 000 چەۋەنداز بىلەن جىجۇ
دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ئەۋەتتى. بىر كۈنى ئىككى تۈمەن چە-
ۋەنداز بىلەن ئۇچراپ قالغان ھۇنلارنىڭ سول قول بېلىكخا-
نى ۋە سول قول چوڭ سانغۇنى خەن قوشۇنى بىلەن بىر
كۈن قاتتىق جەڭ قىلدى. خەن قوشۇنى ھۇنلارنىڭ سول قول
چوڭ سانغۇنىنى ئۆلتۈردى، يەنە نۇرغۇن ئادىمىنى ئەسىر
ئالدى ئۆلتۈردى، يارىلاندۇردى. قوشۇن دورغابېگى بىلەن جۇ-
سۈي(116) كاھبېگى خۇيچۇ بېگى مەسلىھەتلىشىپ: «سانغۇن
ئالا كۆڭۈل بولۇپ قالدى. ئۇ پۈتكۈل قوشۇننى خەتەرلىك
ئىشقا سېلىپ خىزمەت كۆرسەتمەكچى، بۇ جەڭدە ئۇ چوقۇم
مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ سۈترىشىنا سانغۇننى قولغا ئالماقچى

بولۇشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان سۇترىشنا سانغۇن دور-
غاپنى ئۆلتۈردى ۋە قوشۇننى سۇشيېۋۇدىكى يەنرەن (خاڭ-
غناي»(117) تېغىغا قايتۇرۇپ كەلدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ
ھارغىنلىقىنى بىلگەن تەڭرىقۇت، ئۆزى 50 000 چەۋەنداز
بىلەن ئېرشى سانغۇنغا توسۇپ زەربە بەردى. بۇ جەڭدە ھەر
ئىككى تەرەپتىن كۆپ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. ھۇنلار
كېچىلەپ خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە نەچچە گەز
چوڭقۇرلۇقتا خەندەك كولاپ، ئارقا تەرىپىدىن شىددەت بىلەن
ھۇجۇم قىلىۋىدى، خەن قوشۇنلىرى يېڭىلىپ پىتىراپ كەتكەچكە،
سۇترىشنا سانغۇن تەسلىم بولدى. تەڭرىقۇت ئۇنىڭ ئەزەل-
دىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئېتىبارلىق ئۇلۇغ سانغۇنى ئىكەن-
لىكىنى بىلگەچكە، قىزىنى بېرىپ ۋە لۈيگە قىلىنغان ھۇر-
مەتتىنمۇ ئارتۇق ھۆرمەت قىلدى.

ئىككىنچى يىلى (م. ب. 89 - يىلى،خەن ۋۇدى جىڭخېنىڭ
تۆتىنچى يىلى) تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئار-
قىلىق ئەۋەتكەن مەكتۇپتا: «جەنۇبتا بۈيۈك خەن سۇلالىسى،
شىمالدا قۇدرەتلىك ھۇنلار بار. ھۇنلار بولسا تەڭرىنىڭ
ئەڭ مەغرۇر ئوغلى. ئۇششاق - چۈششەك قائىدە - يوسۇنلار
بىزگە كاشىلا قىلالمايدۇ. خەن سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇ-
ناسىۋەت ئورنىتىپ خەن مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئالماق-
چىمىز، خەن سۇلالىسى بىزگە ھەر يىلى 10 000 دەن ئوب-
دان ئېچىتقۇلۇق ھاراق، 5000 پاتمان تېرىق، 10 مىڭ توپ
ھەر خىل تاۋار - دۇردۇن بەرسۇن. قالغان ئىشلار بۇرۇنقى
ئەھدە بويىچە بولسۇن. مۇشۇنداق بولسا، بىز چېگرىنى پارا-
كەندە قىلمايمىز» دېيىلگەنىدى. خەن سۇلالىسىمۇ جاۋا-
بەن ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ھۇن ئەلچىسىنى ئۆز ئېلىگە قايـ-
تۇردى. تەڭرىقۇت خەن ئەلچىسىنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۇ-
چۈن ئەتراپىدىكىلەرگە ئەتەي: «خەن سۇلالىسى ئەدەب - قا-

ئىدىلىك دۆلەت، لېكىن سۇترىشنا سانغۇنىنىڭ ئېيتىشىچە
سەل بۇرۇن ۋەلىئەھد ئىسيان قىلغانىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟»
دېگۈزدى. خەن ئەلچىسى: «راست شۇنداق ئىش بولغان.
سەۋەبى باش ۋەزىر بىلەن ۋەلىئەھد ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت
بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا كۆرەش قىلىپ كەلدى. باش ۋەزىر ۋە-
لىئەھدكە تۆھمەت چاپلىغاچقا، باش ۋەزىرنى يوقىتىش ئۈچۈن،
ۋەلىئەھد ئەسكىرىي يۈرۈش قىلدى. بۇ ناھايەت بالىسى
ئاتىسىنىڭ ئەسكىرىدىن پايدىلانغاندەكلا بىر ئىش. بۇ كىچىك-
كىنە خاتالىق ئۈچۈن ئۇنى كالتەكلەپ قويسىلا بولدى.
بۇنى قانداقمۇ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ
تەختكە چىقىشى بىلەن بىر قاتاردا قويغىلى بولسۇن؟! ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئاتىسى ئۆلسە ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قى-
لىش — بۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى بولسۇن!» دەپ
جاۋاب بەردى. تەڭرىقۇت خەن ئەلچىسىنى تۇتۇپ قېلىپ ئۈچ
يىلدىن كېيىن قايتۇردى.
سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى ھۇنلار ئىچىدە بىر يىلدىن
ئارتۇق تۇردى. ۋەلۈي ئۇنىڭ ئېتىبارلىق بولۇپ كېتىۋاتقان-
لىقىغا ھەسەت قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى
ئاغرىپ قالغاچقا، ۋەلۈي ھۇن پېرىخۇنلىرىنى قۇترىتىپ
سۆزلەتتى. ئۇلار «مەرھۇم تەڭرىقۇت ھۇنلار بۇرۇن ئەسكەرلەرگە
ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ تۇراتتى. مەن سۇترىشنا سانغۇنى
لى گۇاڭلىنى قۇربانلىققا ئاتاپ قويغانىدىم، نېمە ئۈچۈن تېخىچە
ئىجرا قىلمىنايدۇ؟ دەپ غەزەپلىنىۋاتىدۇ» دېيىشتى. شۇنىڭ
بىلەن سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى قولغا ئېلىندى. غەزەپ-
لەنگەن لى گۇاڭلى: «ئۆلسەممۇ ھۇنلارنى چوقۇم يوقىتىمەن»
دەپ تىللىدى. شۇنداق قىلىپ سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭ-
لىنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە
ئاي توختىماي قار يېغىپ جۇت بولۇپ كەتكەچكە، كۆپ مال-

چارۋىلار قىرىلىپ كەتتى، ۋابا تارقالدى. زىرائەتلەر پىشمىدى.
تەشۋىشلەنگەن تەگرىقۇت سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى ئۇچۇن
بۇتخانا سالدۇردى. سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى ھۇنلارغا
تەسلىم بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىر
ئۇلۇغ سانغۇن ۋە نەچچە 10 مىڭ ئەسكىرىدىن
ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يەنە ئەسكىرى يۈرۈش قىلمىدى.
ئۈچ يىلدىن كېيىن خەن ۋۇدى ئۆلدى. ئۆتكەن 20 نەچچە
يىلدىن بېرى خەن قوشۇنلىرى ھۇنلارنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ
كىرىپ ئۇرۇشقانلىقتىن، ھونلار ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ بولۇپ زور
چىقىم تارتتى، خەلقى ھېرىپ - چارچاپ ئازاب چەكتى.
شۇ سەۋەبلىك تەگرىقۇت ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى، ۋە
ئېلىنىڭ ھەممىسىدە خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىش ئارزۇسى
پەيدا بولغانىدى.

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن يارىشىش ئارزۇسىدا بول-
غان تەگرىقۇت ئۆلۈپ كەتتى. دەسلەپتە تەگرىقۇتنىڭ ئانا
باشقا ئىنىسى سول چوڭ كاھبەگ بولغان بولۇپ، ئۇ ناھا-
يىتى ئىقتىدارلىق كىشى ئىدى. پۇتكۇل ئەل ئۇنىڭغا بوي-
سۇناتتى. تەگرىقۇتنىڭ ئۆز بالىسىنى تەختكە ۋارىس قىل-
ماي، سول چوڭ كاھبەگنى تەختكە چىقىرىپ قويۇشىدىن
ئەنسىرىگەن تەگرىقۇتنىڭ ئانىسى ئالچى يوشۇرۇن ئادەم ئەۋە-
تىپ، سول چوڭ كاھبەگنى ئۆلتۈرگۈزدى. بۇنىڭغا ئىنتايىن
غەزەپلەنگەن سول چوڭ كاھبەگنىڭ ئانا بىر ئاكىسى تەگ-
رىقۇت ئوردىسىغا زىيارەتكە بارمىدى. ئاغرىپ قالغان تەگرى-
قۇت ئۆلۈش ئالدىدا خان - بەگلەرنى چاقىرتىپ: «مېنىڭ
ئوغلۇم كىچىك، ئەلنى ئىدارە قىلالمايدۇ. ئىنىم ئوڭ قول
خان تەگرىقۇت بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلدى. ۋەلۇي قاتار-
لىقلار تەگرىقۇتنىڭ ئالچىسى جۇەنچۇ(118) بىلەن كېڭىشىپ
تەگرىقۇتنىڭ ئۆلۈمىنى يوشۇرۇشتى ۋە تەگرىقۇت نامىدىن

يالغان يارلىق چىقىرىپ، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن قەسەمياد قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئوغلى، سول قول خاننى قوياندى نامى بىلەن تەگرىقۇت قىلىشتى. بۇ چاغ م. ب. 85 - يىلى (خەن جاۋدى شىيۈەنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىدى. تەختكە چىققان قوياندى تەگرىقۇت خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئاستىرتتىن خەن ئەلچىسىگە بىلدۈردى. تەختكە ۋارىسلىق قىلالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن قېيىدىغان سول قول بىلىكخان، ئوڭ قول خانلار ئۆز ئېلى بىلەن جەنۇبقا چۈشۈپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولماقچى بولۇشتى. لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىشىپ، لۇتۇق خاننىمۇ زورلاپ، بىرلىكتە غەربتىكى ئاسىيۇلارغا ئەل بولۇپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇشتى. لۇتۇق خان ئەھۋالنى تەگرىقۇتقا مەلۇم قىلغاچقا، تەگرىقۇت ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈردى. ئۈستىگە ئالمىغان ئوڭ قول خان جىنايەتنى لۇتۇق خانغا ئارتىپ قويدى. لېكىن پۈتۈن ئەل لۇتۇق خانغا ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن سول قول بىلىكخان ۋە ئوڭ قول خانلار ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى، لېكىن ئەجدەر بالىق (لۇڭچېڭ) شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراققا بارماي قويدى.

يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن كۈزدە ھۇنلار دەپچۇن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ كاھبەگنى ئۆلتۈردى. ئەمدىلا تەختكە چىققان تەگرىقۇت تېخى ياش بولۇپ، ئانىسى ئالچىنىڭ كۆڭلى سۆيۈق ئىدى. ئىتتىپاقسىزلىق ئىچىدە قالغان ئەل - يۇرت دائىم خەن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغانىدى. شۇڭا ۋەلۇي تەگرىقۇتقا: «قۇدۇق قېزىپ، سېپىل - قورغانلارنى سوقۇپ، ئاشلىق ھازىرلاپ، چىنلىقلار(119) بىلەن بىرلىكتە مۇداپىئە كۆرەيلى، ئۇ چاغدا خەن قوشۇنلىرى كەلگەن تەقدىردىمۇ بىزنى ھېچنېمە

قىلالمايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. دەرھال نەچچە يۈز قۇدۇق قېزىلىپ، نەچچە مىڭ تال ياغاچ كېسىلدى. بەزىلەر، ھونلار شەھەر مۇداپىئەسى قىلالمايدۇ. ئاشلىقنى خەن سۇلالىسىگە تارتتۇرۇپ قويىدۇ، دېيىشتى. بۇ ئىشنى توختاتقان ۋەلۈي باشقا يول كۆرسىتىپ: تەسلىم بولمىغان خەن ئەلچىلىرى سۇۋۇ، ماخۇڭ(120) قاتارلىقلارنى قايتۇرايلى دەپ مەسلىھەت بەردى. ماخۇڭ ئىلگىرى كېڭەش بېگى ۋاڭ جۇڭنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ بارغان. يولدا ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بولۇنغان جەڭدە ۋاڭ جۇڭ ئۆلۈپ، ماخۇڭ ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ تەسلىم بولمىغانىدى. ھۇنلار بۇ ئىككى ئادەمنى قايتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇق ئىپادىسىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا تەڭرىقۇتنىڭ تەختكە چىققىنىغا 3 يىل بولغانىدى.

ئىككىنچى يىلى (م. ب. 80 - يىلى خەن جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ھۇنلار ئوڭ - سول قانات قىسىملىرىدىن 20000 چەۋەندازنى تۆتكە بۆلۈپ چېگرىلارغا ئەۋەتتى. ئۇلار تەڭلا چېگرىغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەرگەن خەن قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ 9000 ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى ھەمدە ئۇ تاۋخاننى تىرىك تۇتۇۋالدى. خەن قوشۇنلىرى ھېچقانداق چىقىم تارتمىدى. ئۇتاۋخان خەن سۇلالىسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ خەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھۇنلار غەربىي شىمالنىڭ يىراق جايلىرىغا كۆچۈپ كەتتى، جەنۇبىتىكى ئوت - چۆپ، سۇلۇق يەرلەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىر قىسىم ئاھالە ئۇتاۋخاننىڭ رايونىغا جايلاشتۇرۇلدى. ئىككىنچى يىلى يەنە تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە 9000 چەۋەنداز ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەن قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئە كۆردى. يۈۋۈ دەرياسىدىن

ئۆتۈشكە، جىددىي پەيتلەردە ئېچىشقا قولاي بولۇش ئۈچۈن
دەرياغا كۆۋرۈك سېلىندى. بۇ ۋاقىتتا ۋەلۇي ئۆلگەندى.
ۋەلۇي هايات چېغىدا هەمىشە يارىشىش پايدىلىق دەيتتى،
هۇنلار بولسا بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن
هۇن ئەسكەرلىرى بىر نەچچە قېتىم يېڭىلىپ، دۆلەت تېخىمۇ
نامراتلاشتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى سول قول خان ۋەلۇينىڭ
سۆزىنى ئەسلەپ، خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىشنى ئويلىغان بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ رەت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىن ئېغىز ئاچماي،
ئەتراپتىكىلەر ئارقىلىق خەن ئەلچىلىرىگە بېشارەت بېرىپ
كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىش
هەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئازلاپ، خەن ئەلچىلىرىگە هۆرمەت بى-
لەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، يارىشىشنى بالدۇرراق ئەمەلگە
ئاشۇرۇشنى ئويلايتتى. خەن سۇلالىسىمۇ ئۇلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ
تارتىشقا باشلىدى. كېيىن سول قول خان ئۆلدى، ئىككىنچى
يىلى تەڭرىقۇت لەۋخاننى چېگرا- قورۇللارنى چارلاشقا
ئەۋەتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ جيۇچۇەن، جاڭيېلەردە خەن سۇلا-
لىسىنىڭ هەربىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېيتتى ۋە ئەسكەر
چىقىرىپ هۇجۇم قىلىپ باقساق، بۇ يەرلەرنى يەنە قولغا
كىرگۈزۈشكە بولىدۇ، دېدى. بۇ چاغدا خەن سۇلالىسى تەس-
لىم بولغانلارنىڭ ئاغزىدىن بۇ پىلاننى ئاللىقاچان بىلىپ
بولدى ۋە خەن جاۋدى چېگرا جايلارغا هوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ
مۇداپىئە كۆرۈش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي
ئۇڭ قول بىلىكخان بىلەن لەۋخان 4000 چەۋەنداز بىلەن
ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ، رىلې، ۋۇلەن(121) ۋە پەنخې(122)
ناهىيىلىرىگە بېسىپ كىردى. جاڭيې ۋالىيسى، بېقىندى ئەل
كاهىبېگى قوشۇن باشلاپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى ۋە
زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. هۇنلاردىن ئاران بىر نەچچە يۈزلا
ئادەم قېچىپ قۇتۇلدى. بېقىندى ئەل مىڭبېگى يىچۇلەر

خانىنىڭ چەۋەندازلىرىدىن بىرى لەۋخاننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەچكە ئۇنىڭغا 200 جىڭ ئالتۇن، 200 ئات ئىنئام بېرىلىپ، لەۋخانى تەيىنلەندى. بېقىندى ئەل كاھىبېگى گوجۇڭ چېگتەن بېگى قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن هۇنلار ئىككىنچىلەپ جاگىيېگە بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمىدى.

ئىككىنچى يىلى (م.ب. 78 - يىلى، خەن جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ۋۇيۇەنگە بېسىپ كىرگەن هۇنلارنىڭ 3000 نەچچە يۈز چەۋەندازى بىرنەچچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى. كېيىن يەنە نەچچە 10000 چەۋەنداز جەنۇبتىكى چېگرا - قورۇللار ئەتراپىدا ئوۋ قىلىپ، چېگرا سىرتىدىكى قاراۋۇلخانىلارغا هۇجۇم قىلدى هەمدە ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى بۇلاپ - تالاپ قايتىپ كەتتى. شۇ چاغلاردا خەن سۇلالىسىنىڭ تۇر ۋە قاراۋۇلخانا ئىنشائاتلىرى ئىنتايىن ياخشى ۋە تەلتۆكۈس بولغانلىقتىن، هۇنلار چېگرا - قورۇللارغا باستۇرۇپ كىرىپ پايدا ئالالماي، تاجاۋۇزچىلىق هەرىكەتلىرىنى ئازايتتى. خەن سۇلالىسى يەنە تەسلىم بولغان هۇنلاردىن ئۇغانلار مەرھۇم تەگرىقۇتنىڭ قەبرىسىنى ئاچقانلىقى، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن هۇنلارنىڭ 20000 چەۋەنداز بىلەن ئۇغانلارغا هۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. هۇنلارغا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەسكىرىي يۈرۈش قىلماقچى بولغان ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ هىماتچى كاھبەگ جاۋچۇڭگودىن مەسلىھەت سورىدى. جاۋ چۇڭگو: «ئۇغانلار چېگرا - قورۇللىرىمىزغا كۆپ قېتىم هۇجۇم قىلدى، بۈگۈنكى كۈندە هۇنلارنىڭ ئۇلارغا هۇجۇم قىلىشى خەن سۇلالىسى ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە هۇنلار تاجاۋۇزچىلىقنى ئازايتقاچقا، شىمالىي چېگرىمىز تىنچلاندى. يات قوۋملەر ئۆزئارا ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، ئەگەر بىز ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇش قىلساق، باشقىلارنىڭ بىزگە قارشى ئۇرۇش قوزغىشى مۇقەررەر، بۇ ياخشى چارە ئەمەس» دېدى. خوگۇاڭ يەنە ئەمىر - نۆكەر فەن مىڭيۇ-

دىن مەسلىھەت سورىۋىدى، فەن مىڭيۇ ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ،
دېدى. شۇنىڭ بىلەن فەن مىڭيۇغا «لياۋخې دەرياسىدىن
ئۆتۈش سانغۇنى(123)» دەپ نام بېرىلدى. ئۇ 20000 چەۋەن-
داز بىلەن لياۋدۇڭدىن يولغا چىقتى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەس-
كىرىي يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھۇنلار چېكىنىپ كەتتى.
يۈرۈش ئالدىدا خوگۇاڭ فەن مىڭيۇغا «قوشۇن بىكار ماڭمىسۇن،
ئەگەر ھۇنلارغا قوغلاپ يېتەلمىسىڭىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ئۇغانلارغا ھۇجۇم قىلىڭ!» دەپ تاپىلىغانىدى. ئۇغانلار تېخى
يېقىندىلا ھۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ھالىدىن كەتكەنىدى.
ھۇنلارغا يېتىشەلمىگەن فەن مىڭيۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ئۇغانلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە 6000 دىن ئوشۇق ئادەمنى
ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ خانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ غەلىبە بىلەن قايتىپ
كەلدى. شۇڭا فەن مىڭيۇ پىڭلىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسىدىن قورققان ھۇنلار خەنگە
تاجاۋۇز قىلمىدى. ئەلچى ئەۋەتىپ ئاسىيۇدىكى خەن خانىكىسىنى
تەلەپ قىلدى ۋە ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، جۇيەن(124) ۋە
ئوش (125) رايونلىرىنى تارتىۋالدى، ئاسىيۇدىكى خەن خانىكىسى
ياردەم سوراپ خەن جاۋدىغا مەكتۇپ يوللىدى. ۋەزىرلەرنى
يىغىپ ياردەم بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ،
تېخى بىر قارارغا كەلمەستىنلا خەن جاۋدى ئالەمدىن ئۆتتى.
ئورنىغا شۈەندى تەختكە چىقتى. ئاسىيۇ كۈنبېگى خەن شۈەندىگە
يەنە مەكتۇپ يوللاپ «ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا كۆپ ئۇچرىدۇق،
مەن ئېلىمىزنىڭ خىل چەۋەندازلىرىدىن 50000 ئەسكەر چىقى-
رىپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلماقچىمەن. خان
ئالىيلىرىنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ خانىكىنى قۇتۇلدۇرۇشلىرىنى
ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. م.ب. 72 - يىلى (خەن شۈەندى
بېنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن سۇلالىسى خەنگۇ ئۆتكىلى شەر-
قىدىكى قوشۇنلارنى كەڭ - كۆلەمدە تەشكىللەپ، بەگلىك - ۋىلا-

يەتلەردىن 300 تاغار ئاشلىق ماتاش ئالىدىغان ئەمەلدارلار ئىچىدىن قاۋۇل، ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئادەملەرنى تاللاپ ئەسكەرلىككە ئالدى. باش تەپتىشبەگ تيەن گۇاڭمىڭنى چىلىيەن (تەڭرىتاغ) سانغۇنى قىلىپ 40000 دىن ئوشۇق ئەسكەر بىلەن شىخېدىن، لياۋ شۈي دەرياسىدىن ئۆتكەن سانغۇن فەن مىڭيۇنى 30000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن جاڭيېدىن، تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن زېڭنى 30 نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن يۈنجۇڭدىن، ھىماتچى سانغۇن جاۋ چۇڭگونى بارىكۆل سانغۇنى قىلىپ 30000 دىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن جيۇچۇەندىن، يۈنجۇڭ ۋالىيسى تيەن شۈننى بارس سانغۇن قىلىپ 30 نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن ۋۇيۇەندىن ماڭدۇردى. بۇ بەش سانغۇن 100 نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن چېگرا - قورۇللار-دىن چىقىپ، ھەرقايسىسى 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول مېڭىشتى. چېرىكچى چاڭ خۇي ئاسيۇ قوشۇنلىرىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلدى. كۈنبىي ئۆزى يابغۇ ۋە 50000 چەۋەنداز بىلەن غەرب تەرەپتىن كىرىدىغان بولدى. بۇلارغا بەش سانغۇننىڭ ئەسكەرلىرى قوشۇلۇپ، جەمئىي 200 نەچچە مىڭ چەۋەنداز بولدى. ھۇنلار خەن قوشۇنلىرىنىڭ كەڭ - كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېرى - ئاجىزلارغا ماللارنى ھەيدەپ يىراققا قېچىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، شۇڭا بۇ بەش سانغۇن كۆپ نەتىجە قازىنالمىدى.

قورۇلدىن چىقىپ 1200 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول ماڭغان لياۋشۈي دەرياسىدىن ئۆتكەن فەن مىڭيۇ سانغۇن پۇلىخۇ(126) دەرياسىغا بېرىپ، دۈشمەننىڭ 700 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. 10000 دىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي ئولجا ئالدى. قورۇلدىن چىقىپ 1200 نەچچە چاقىرىم يول ماڭغان تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن زېڭ ۋۇيۇەن(127) گە يېتىپ بېرىپ، ھۇنلارنى خوشەن(128) تېغىغىچە قوغلاپ بېرىپ،

100 دىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. 2000 نەچچە يۈز ئات، كالا، قوي ئولجا ئالدى. بارىكۆل سانغۇنى جاۋ چۈڭگونىڭ قوشۇنلىرى ئەسلىدە ئاسىيۇلار بىلەن بىرلىكتە بارىكۆل سازلىقىدا ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. ئاسىيۇلار ئاۋۋال كېلىپ كېتىپ قالغاچقا، خەن ئەسكەرلىرى ئۇلار بىلەن ئۇچرىشالمىدى. قورۇلدىن چىقىپ 1800 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول مېڭىپ، غەربكە بۇرۇلغان بارىكۆل سانغۇنى خوشەن تېغىغا بېرىپ دۈشمەننى قىردى ۋە تۇتقۇن قىلدى. تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسى پۇيىن ۋاڭنى ۋە 300 دىن ئوشۇق كىشىنى قولغا چۈشۈردى. 7000 دىن ئوشۇق ئات، كالا، قوي ئولجا ئالدى. ھۇنلارنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان بۇ ئۈچ سانغۇن بەلگىلەنگەن قەرەلدىن بۇرۇن قايتىپ كەلدى. خەن شۈەندى ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈم قىلىپ ئەيىبلىمىدى. قورۇلدىن چىقىپ 1600 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرگەن چىليەن سانغۇنى تيەن گۇاڭمىڭ جىجى تېغىغا يېتىپ بېرىپ، 19 دۈشمەننى ئۆلتۈردى. 100 دىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي ئولجا ئالدى ۋە ھۇنلاردىن قايتقان خەن ئەلچىسى رەن خۇڭلارغا ئۇچراپ قالدى. رەن خۇڭدىن جىجى تېغىنىڭ غەربىدە نۇرغۇن دۈشمەن بارلىقىنى ئاڭلىغان چىليەن سانغۇنى رەن خۇڭغا دۈشمەن يوق ئىكەن دېيىشىڭ كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ قايتماقچى بولۇۋىدى، باش تەپتىشبەگ قارىمىقىدىكى ئەمەلدار گۇڭسۈن يىشۇ(129) بۇنداق قىلىشقا بولماس دەپ پىكىر بېرىپ توسىمۇ، قوبۇل قىلمىغان چىليەن سانغۇنى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەلدى. قورۇلدىن چىقىپ 800 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول مېڭىپ، دەنيۈۋۈ دەرياسىغىچە بارغان بارس سانغۇن تيەن شۇن شۇ يەردىن ئىلگىرىلىمەي 1900 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. 70 نەچچە مىڭ ئات، كالا، قوي غەنىيمەت ئېلىپ قايتىپ

كەلدى. خەن شۇەندى بەلگىلەنگەن قەرەلدە يېتىپ بارمىغان ۋە ئولجىا سانىنى يالغان مەلۇم قىلغان بارس سانغۇن ۋە ئالدى تەرەپتە دۇشمەن بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلىمىگەن چىليەن سانغۇن ئىككىسىنى ئەدلىيەگە تاپشۇرغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. گۇڭسۇن يىشۇنى ئۆستۈرۈپ يارىدەمچى باش تەپتىشبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. چېرىكچى چاڭ خۇي ئاسىيۇ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇڭ قول خان ئوردىسىغا قەدەر بېرىپ، تەڭرىقۇتنىڭ تاغىسى، يەڭگىسى، قىزى، ئاتاغلىق خانلىرى، لىۋۇ كاھىپگى، مىڭبېشى، سەركەردىلەردىن تۆۋەن 39000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، 700000 دىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي، قېچىر، ئېشەك، تۆگە غەنىيمەت ئالغاچقا، خەن سۇلالىسى چاڭ خۇينى چاڭلو بېگى قىلدى. ھۇن ئاھالىلىرى ئۆلۈپ، يارىدار بولۇپ پىتىراپ كەتتى. يىراققا كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا ئۆلگەن مال ـ چارۋىنىڭ سانىنى بىلىپ بولمايتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار ئاجىزلاپ كەتتى ۋە ئاسىيۇلار بىلەن قاتتىق ئۆچلەشتى.

شۇ يىلى قىشتا تەڭرىقۇت ئۆزى 10000 چەۋەنداز بىلەن ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن قېرى ـ ئاجىزلارنى ئەسىر ئېلىپ قايتماقچى بولۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز قاتتىق جۇدۇن بولۇپ كېتىپ، بىر كۈندىلا ئۈچ گەزدىنمۇ قېلىن ياغقان قاردا ئادەم ۋە ئۇلاقلار توڭلاپ ئۆلدى، ئۇلارنىڭ ساق قايتىپ كەلگەنلىرى $\frac{1}{10}$ گە يەتمىدى. ھۇنلارنىڭ ھالسىرىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تۇرالار شىمالدىن، ئۇغانلار شەرقتىن، ئاسىيۇلار غەربتىن بىراقلا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ ئەلنىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ نەچچە 10 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، نەچچە 10 مىڭ يىلقىسىنى، نۇرغۇن كالا

قويلىرىنى بۆلاپ كەتتى. ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرنى قوشقاندا ئەلنىڭ $\frac{3}{10}$ قىسمى، مال - چارۋىنىڭ $\frac{5}{10}$ قىسمى هالاك بولدى. شۇنىڭ بىلەن هۇنلار تېخىمۇ هالسىراپ كەتكەچكە، ئۇلارغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن ئەللەرمۇ بارا - بارا پارچىلىنىپ كەتتى. بەزىدە بۇ ئەللەر هۇنلارنى بۆلاپ - تالىسىمۇ، هۇنلار ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي قالدى. كېيىن خەن سۇلالىسى 3000 دىن ئوشۇق چەۋەندازنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ هۇنلار ئېلىگە باستۇرۇپ كىردى ۋە نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئېلىپ قايتتى. لېكىن هۇنلار زادىلا ئىنتىقام ئالالمىدى ۋە ئىناقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېخىمۇ تەقەززا بولدى. شۇنىڭدىن بېرى چېگرا ۋەقەلىرى ناهايىتى ئازايدى.

قۇيانىدى تەگرىقۇت 17 يىل هۆكۈم سۈرۈپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى سول قول بىلىكخان تەختكە چىقتى ۋە شۇرۇ-چانچۇ تەگرىقۇت دەپ ئاتالدى. بۇ چاغ م. ب. 68 - يىلى (خەن شۈەندى دىجيېنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىدى.

شۇرۇچانچۇ تەگرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوڭ چوڭ سانغۇننىڭ قىزىنى چوڭ ئالچىلىققا ئېلىپ، مەرھۇم تەگرىقۇت ياخشى كۆرىدىغان ئالچى جۇەنچۈنى ئالچىلىقتىن قالدۇرغاچقا، ئالچى جۇەنچۈنىڭ ئاتىسى سول چوڭ قۇتقۇ بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغانىدى. بۇ چاغدا هۇنلارنىڭ چېگرا - تورۇللارغا تاجاۋۇز قىلغۇدەك قۇدرىتى قالمىغاچقا، خەن سۇلالىسى چېگرا سىرتىدىكى شەھەر - مۇداپىئەسىنى بىكار قىلىپ، پۇقرالارغا ئەمىنلىك بەردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خوش بولغان تەگرىقۇت چوڭلارنى يىغىپ خەن بىلەن يارىشىش پىلانى ئۈستىدە كېڭەشتى. سول چوڭ قۇتقۇ بۇ ئىشنى بۇزۇش نىيىتىدە: «بۇرۇنلاردا خەن ئەلچىسى كەلسە، ئارقىدىن ئەسكەرلىرى كېلەتتى. ئەمدى بىزمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۆزال

ئەلچى ئەۋەتىپ، ئارقىدىنلا ئەسكەر ماڭدۇرايلى» دېدى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، قولۇس خان(130) بىلەن بىرلىكتە ھەربىرىمىز 10000 دىن چەۋەنداز باشلاپ، جەنۇب تەرەپتىكى (چېگرا ئەتراپىدا ئوۋ قىلغان بولۇپ ئۇچرىشايلى - دە، خەن سۇلالىسى چېگرىسىغا بېسىپ كىرەيلى، دەپ ئىلتىماس قىلدى. بۇلار تېخى يېتىپ بارماستىنلا چېگرىدا خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ئۈچ نەپەر چەۋەنداز ھۇنلارنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن خەن خانىنىڭ يارلىقى بويىچە، چېگرا مۇداپىئەسىدىكى چەۋەندازلار تەشكىللىنىپ، مۇھىم ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە ئۇلۇغ سانغۇنىنىڭ ھەربىي نازارەتچىسى(131) جى جۇڭ قاتارلىق تۆت كىشىنى 5000 چەۋەنداز بىلەن ئاتلاندۇردى. ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ قورۇلدىن چىققان بۇ قوشۇنلار ھەر قايسىسى نەچچە يۈز چاقىرىمدىن يول بېسىشتى ۋە ھەرقايسىسى نەچچە ئونلىغان دۈشمەننى ئەسىر ئېلىپ قايتىشتى. ئۈچ نەپەر چەۋەندازى قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھۇنلار چېگرىغا كىرىشكە پېتىنالمىدى. شۇ يىلى ھۇنلاردا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ئادەم ۋە مال - چارۋىلارنىڭ $\frac{7}{10}$ قىسمى قىرىلىپ كەتتى. ھۇنلار يەنە ھەربىرى 10000 كىشىلىك ئىككى مۇداپىئە قىسمى ئەۋەتىپ، خەن قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئە كۆردى. شۇ يىلى كۈزدە، بۇرۇن ھۇنلار ئىگىلىۋالغان غەربىي رۆلار(132) نىڭ سول تەرىپىدىكى رايونلاردا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ خانى ۋە نەچچە مىڭ ئادەمى مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ھۇنلارنىڭ چېگرا كۆزەتچىلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇرۇشتا ھۇنلاردىن ناھايىتى نۇرغۇن كىشى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەنۇبقا چۈشۈپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى.

ئىككىنچى يىلى(م. ب. 67 - يىلى، خەن شۈەندى دېجىيېنىڭ

ئۈچىنچى يىلى) ھۇنلارغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغان غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرى قوس دۆلىتىنى ئىشغال قىلىپ، قوس خانى ۋە ئادەملىرىنى ئەسىر ئېلىپ كەتتى. تەڭرىقۇت يەنە قوس خانىنىڭ ئىنىسى دۇبەكنى خان قىلغانىدى، ئۇ بۇرۇنقى يېرىدە تۇرۇشقا پېتىنالماي، قالغان خەلقنى يىغىپ شەرققە كۆچتى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى تېرىقچى ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ، قوس دۆلىتىدە تۇرغۇزدى. ئىككىنچى يىلى قوسقا ھۇجۇم قىلغان دۆلەتلەردىن خاپا بولغان ھۇنلار ئوڭ قول ۋە سول قول چوڭ سانغۇنلىرىنىڭ ھەربىرىگە 10 نەچچە مىڭدىن چەۋەنداز بېرىپ، ئوڭ تەرەپتىكى يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە شۇ يول بىلەن ئاسىيۇ ۋە غەربىي يۇرتقا تەھدىت سالدى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن (م.ب. 62 – يىلى، خەن شۈەندى يۈەنكاڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئوڭ – سول ئۆكەن(133) خانلارنىڭ ھەرقايسىسىغا 6000 دىن چەۋەنداز بېرىپ، ئۇلارنى سول قول چوڭ سانغۇن بىلەن بىرلىكتە خەن قوشۇنلىرىنىڭ قوستىكى تېرىقچى قىسىملىرىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھۇجۇم قىلالمىدى. ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ تۇرالار ھۇنلارنى ئۇدا ئۈچ يىل پاراكەندە قىلىپ، نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ – تالاڭ قىلىپ، ئات – ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ كەتتى. ھۇنلار 10 نەچچە مىڭ چەۋەنداز ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالمىدى، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 100 نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن چېگرىغا يېقىن جايلاردا ئوۋ قىلغان شۈلۈچانچۇ تەڭرىقۇت قورۇلغا ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچى بولغان بولسىمۇ، چېگرا – قورۇلغا يېتىپ كەلگۈچە ئادەملىرىدىن خەن سۇلالىسىگە قېچىپ ئۆتكەن تىچۇچۇتان ھۇنلارنىڭ ھەربىي يۈرۈش ئەھۋالىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. شۇڭا خەن خانى ئۇنى ھەربىي مەسلىھەتچى(134)، لۈشىلۇ(135)

بېگى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ھىماتچى سانغۇن جاۋ چۇڭگونى 40000 دىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن چېگرىدىكى توققۇز ۋىلايەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندە ئاغرىپ قالغان تەڭرىقۇت قان قۇسقاچقا، ھۇنلار قورۇلغا باستۇرۇپ كىرىشكە پېتىنالماي چېكىنىپ كەتتى. تىرخان، تولقۇز تاتارلىق كىشىلەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىدىن يارىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تەڭرىقۇت ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئىش نەتىجىسىز قالدى. بۇ چاغ م.ب. 60 – يىلى (خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئىدى.

شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت توققۇز يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ئۆلدى. ئۇ تەختكە چىقىپلا جۇەنچۇ ئالچىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. جۇەنچۇ ئالچى ئوڭ قول بىلىكخان بىلەن ئويناپتتى. ئەجدەربالىق (لۇڭچېڭ) دىكى قۇرۇلتايغا قاتناشقان ئوڭ قول بىلىكخان قايتماقچى بولۇۋىدى، جۇەنچۇ ئالچى ئۇنىڭغا تەڭرىقۇتنىڭ كېسەللىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېيتىپ، ھازىرچە يىراققا كەتمەسلىكنى جېكىلىدى. نەچچە كۈن ئۆتۈپلا تەڭرىقۇت ئۆلدى. خۇسۇر خانى(136) شىنۋيان خانلارنى چاقىرتقان بولسىمۇ، خانلار تېخى يېتىپ كەلمەستىنلا، ئالچى جۇەنچۇ ئىنىسى سول چوڭ قۇتقۇ دۇرۇنچى(137) مەسلىھەتلىشىپلا ئوڭ قول بىلىكخان تۇغتانىنى ئۇيانجۇت ئۇنۋانى بىلەن تەڭرىقۇتلۇققا تىكلىدى. ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت ئەسلىدە ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئوڭ قول بىلىكخان بولغان بولۇپ، ئۇۋۋى تەڭرىقۇتنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى ئىدى.

ئۇيانجۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن يارىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئىنىسى ئىچۇر(138)خانى شىنزىرنى خەن سۇلالىسىگە قايتا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى ۋە زىيارەت قىلغۇزدى. تەختكە چىققان تەڭرىقۇت ياۋۇز تەبىئەتلىك بولغاچقا، شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت دەۋرىدە خىزمەت قىلغان شىنۋيان

قاتارلىق ئىسلزادىلەرنى ئۆلتۈردى، جۈەنچۇ ئالپىنىڭ ئىنىسى دۇرۇلچىنى ئىشقا سالدى. شۇرۇچانچۇنىڭ پەرزەنتلىرى، ئىنىسى ۋە يېقىنلىرىنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ پەرزەنت - ئىنىلىرىنى قويدى. تەختكە ۋارىسلىق قىلالمىغان شۇرۇچانچۇنىڭ ئوغلى جىخسان قېيىن ئاتىسى ئۇچەم(139) نىڭ يېنىغا قېچىپ باردى. ئۇچەم ئەسلىدە ئاسىيۇ بىلەن كانگا ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بىر خانلىقنىڭ خانى بولۇپ، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا كۆپ ئۇچرىغانلىقتىن، بىر - نەچچە مىڭ ئاھالىسى بىلەن ھۇنلارغا ئەل بولغانىدى. قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت جىيەنى باتىسقاننىڭ ئاچىسىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئۆز ئۇلۇسىغا باش قىلىپ، ئوڭ تەرەپ رايونغا ئورۇنلاشتۇردى. باتىسقان شەنشەنجاننىڭ ئاتىسى سول قول بىلىكخان ئەسلىدە تەڭرىقۇت بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇ تەڭرىقۇتلۇقنى قۇلۇقۇغا ئۆتۈنۈپ بەرگەچكە، قۇلۇقۇمۇ تەختنى كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشكە سۆز بەرگەنىدى. ئەل - يۇرت باتىسقاننىڭ تەڭرىقۇت بولۇشىنى قوللايتتى. باتىسقان بىلەن ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن زىددىيەت بولغاچقا، باتىسقان نەچچە تۈمەن چەۋەندازى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئەردەمبەگ ئۇنۋانى بەردى. ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بوشتاننى باتىسقان قىلىپ تەيىنلىدى.

ئىككىنچى يىلى ئۇچەم كەڭچىلىك قىلىشنى سورىغان بولسىمۇ، قۇلاق سالمىغان تەڭرىقۇت شەنشەنجاننىڭ ئىككى ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەچكە، ئۇچەم بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندى. كېيىن سول ئۆكەن خان ئۆلۈۋىدى، تەڭرىقۇت ئۆزىلا كىچىك ئوغلىنى ئۆكەن خانلىققا تەيىنلەپ، ئوردىدا تۇرغۇزدى. ئۆكەن خاننىڭ ئەمەلدارلىرى بىرلىشىپ، مەرھۇم ئۆكەن خاننىڭ ئوغلىنى خان قىلىپ تىكلەشتى - دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە شەرق

تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى. تەڭرىقۇت ئوڭ قول ۋەزىرىنى 10000 چەۋەندازى بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئەكسىچە بىر نەچچە مىڭ ئادىمى چىقىم بولدى.

ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ، ئىككىنچى يىلى (م.ب. 59 - يىلى، خەن شۈەندى شېنجۆنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۇنىڭ زوراۋانلىقى، قىرغىنچىلىقى تۈپەيلى ئەل - يۇرت ئۇنىڭغا بويسۇنماي قويدى. يەنە خانتېكىن، سول قول بىلىكخانلار سول تەرەپ رايونلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىدىن كۆپ غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ تۆھمەت چاپلىغاچقا، ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئىككىنچى يىلى ئۇغانلار ھۇنلارنىڭ شەرقىدىكى گۇش خان(140) غا ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ ئادىمىنى تۇتۇپ كەتتى. بۇنىڭغا تەڭرىقۇت غەزەپلەندى. تەشۋىشلەنگەن گۇش خان ئۈچەم ۋە سول تەرەپ رايونلاردىكى ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە جىخسانىنى قوغشار ئۇنۋانى بىلەن تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلەشتى. غەربتىكى ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، سول تەرەپ رايونلاردىن يۇرۇشكە چىقىرىلغان 40 — 50 مىڭ ئەسكەر گۇجۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا يېتىپ كېلىپ تېخى سوقۇشماستىنلا، ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ قاچتى. ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت ئىنىسى ئوڭ قول بىلىكخانغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ھۇنلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ھۇجۇم قىلدى. ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم قىلالامسەن؟» دېدى. ئوڭ قول بىلىكخان: «سەن خەلقنى ئاسىرىمىدىڭ، قېرىنداشلىرىڭنى ۋە ئەمەلدارلىرىڭنى ئۆلتۈردۈڭ. ئەمدى ئۆز جايىڭدىلا ئۆلۈۋال! مېنى بۇلغىما!» دەپ جاۋاب قايتۇردى. پۇشايمان قىلىپ خىجىل بولغان ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. سول چوڭ قۇتىقۇ دۇرۇنچى ئوڭ قول بىلىكخان بارگاھىغا قاچتى. ئۇنىڭ ئېلى پۇتۇنلەي قوغشار تەڭرىقۇتقا

ئەل بولدى. بۇ م.ب. 58 - يىلى (خەن شۈەندى شىنجۆنىڭ 4 - يىلى) بولۇپ، ئۇ يانجۇت تەڭرىقۇت ئۈچ يىل سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆلدى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3743 — 3791 - بەتلەر).

---

(1) شياخۇ ئۇرۇقى (夏后氏) قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلىشىچە، يۈ (禹)، باش ئاقساقال شۈن (舜) گە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ئاقساقاللىق (بەگلىك) شيا (夏) دەپ ئاتىلاتتى ھەم شياخۇشى، شياخۇ ياكى شياشى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 647 - بەت).

(2) چۈنۋېيلار (淳维) شياخۇشىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھۇنلارنىڭ ئەجدادى ئىدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 3 - توم، 1809 - بەت).

(3) شۈنيۈلەر (獯粥) جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى قەدىمكى قوۋملەرنىڭ بىرى. خەنزۇچىدا ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان (匈奴) (ھۇن) لارنىڭ باشقىچە ئېيتىلىشى. قەدىمكى تاڭ (唐)، يۈ (虞) زامانلىرىدىن بۇرۇن شەنرۇڭلار (山戎)، شۈنيۈلەر (獯粥)، شيا سۇلالىسى دەۋرىدە چۈنۋېيلار (淳维)، يىن سۇلالىسى دەۋرىدە گۈيفاڭلار (鬼方)، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە شيەنيۈنلەر (捡، 狁، 狎狁)، چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلار (匈奴) دەپ ئاتالغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 24 - بەت، 15 - ئىزاھ).

(4) داقبال (农官) دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 - توم، 3045 - بەت).

(5) غەربىي رۇڭلار (西戎) قەدىمكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغۇچى رۇڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. «يۈگۈڭ»

(«禹贡») دە: چىپىلار (织皮)، كۇنلۇنلەر (昆仑)، شىجىلار (析支)، چۇسۇلار (渠搜) غەربىي رۇڭلار دەپ كۆرسىتىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر، ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: ئەمىنىيە دەۋرىدىكى مىەنجۇلار (绵诸)، گۇنرۇڭلار (绲戎)، يىچۇلەر (义渠)، دالىلار (大荔)، ۋۇشۇلار (乌氏)، چۇيەنلەر (朐衍) دىن ئىبارەت قەبىلىلەر غەربىي رۇڭلار دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇلار ئەسلىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ھەم گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشايتتى، كېيىن تەدرىجىي ھالدا شەرققە كۆچۈشتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1831 — بەت).

(6) دىلار (تۇرالار) (狄, 翟) قەدىمكى قەبىلە (مىللەت) ئەمىنىيە دەۋرىدىن بۇرۇن ئۇزۇن بىر زامان چى (齐)، لۇ (鲁)، جىن (晋)، ۋېي (卫)، سۇڭ (宋)، شىڭ (邢) قاتارلىق بەگلەر ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. م.ب. Ⅶ ئەسىردە دىلار قىزىل دىلار، ئاق دىلار، ئېگىز دىلار دەپ ئۈچكە بۆلۈندى. بۇلار كۆپرەك شىمالدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، شىمال دىلىرى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 819 - بەت).

(7) دەنفۇ (亶父) يەنى قەدىمكى خان (بەگ) دەنفۇ. جۇ ۋېنۋاڭنىڭ بوۋىسى، جۇ قەبىلىسىنى باشلاپ چىشەن (岐山) تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىكنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ۋاپاتىدىن كېيىن جۇ ۋۇۋاڭ تەرىپىدىن ھۆرمەتلەپ «چوڭ خان (بەگ)» دېگەن شەرەپ ئۇنۋانى بېرىلگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 157 - بەت).

(8) جى چاڭ (姬昌) جۇ ۋېنۋاڭ بولۇپ، فامىلىسى جى، ئىسمى چاڭ ئىدى. چوڭ خان (بەگ) نىڭ نەۋرىسى ئۆزى پازىل زات بولۇپ، بەگلەر بېگى بولغان.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 9 - توم، 128 — بەت).

(9) چۈەنرۇڭلار (犬戎) قەدىمكى روڭ قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى. يىن، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىدە ياشايتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 - توم، 1992 - بەت).

(10) لويى (雒邑) قەدىمكى شەھەر. جۇ چىڭۋاڭ ۋاقتىدا جۇگۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سېلىنغان. ئورنى بۈگۈنكى خېنەن لوياڭ شەھىرى لوشۈي دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا، چىيەنشۈي دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپىدە بولۇپ، ئىككى شەھەردىن ئىبارەت: بىرى ۋاڭ چىڭ، بىرى چېڭجۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2013 - بەت).

(11) فېڭجىڭ (丰京) شەھەر ئىسمى. جۇ ۋېنۋاڭ بىنا قىلغان. ھازىر شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن فېڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 131 - بەت، 8 - ئىزاھ).

(12) جىڭشۈي (泾水) دەريا، ۋېيخې دەرياسىنىڭ تارمىقى. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاقىدۇ. نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى ليۇپەنشەن تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشتە گەنسۇ ئۆلكىسىگە ئېقىپ، شەنشى ئۆلكىسىدىكى گاۋلىڭ ناھىيىسىدە ۋېيخې دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 924 - بەت).

(13) لوشۈي (洛水) دەريا. شىمالىي لوشۈي (北洛水) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ۋېيخې دەرياسىنىڭ تارمىقى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا. يۇقىرى ئېقىنى شىلاۋخې (石涝河) بولۇپ، دىڭبيەن ناھىيىسىدىكى نەنلىياڭشەندىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتە جىدەن، لوچۇەن قاتارلىق ناھىيىلەردىن ئېقىپ، دالى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى سەنخې

گوغا يېقىن جايدا ۋېيخې دەرياسىغا قويۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 600 كىلومېتىر كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 931 - بەت).

(14) قىر ياساقچىلىرى (荒服) پايتەختتىن 2000—2500 چاقىرىمغىچە بولغان يەرلەرنى باشقۇرىدىغان كىشىلەر قىر ياساقچىلىرى دېيىلەتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 439 - بەت، 4 - ئىزاھ).

(15) جۇ مۇۋاڭ (周穆王) سەلتەنەت دەۋرى م. ب. 1001 — 947) غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى، جى (姬) فامىلىلىك، ئىسمى مەن (满)، جاۋ ۋاڭنىڭ ئوغلى. غەربتە چۇەنرۇڭلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەش سەركەردىسىنى ئەسىر ئالغان ھەمدە چۇەنرۇڭلارنىڭ بىر قىسمىنى تەييۈەن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى چىنيۈەن ئەتراپى) گە كۆچۈرگەن. بۇلاردىن باشقا، ئۇ يەنە شەرقتە شۈرۈڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تۇشەن تېغىدا (ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خۇييۈەن دېگەن جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) بەگلەر بىلەن ئۇچراشقان. كېيىنكى رىۋايەتلەردە، جۇ مۇۋاڭنىڭ ئەل كەزگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. «مۇتيەنزىنىڭ تەرجىمھالى» دىمۇ ئۇنىڭ غەربكە ساياھەت قىلغانلىقى» يېزىلغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 53 - بەت، 16 - ئىزاھ).

(16) جۇ يىۋاڭ (周懿王 سەلتەنەت دەۋرى. م.ب. 934 — 910) جۇ سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى پادىشاھى، جۇ مۇۋاڭنىڭ نەۋرىسى، جۇ گۇڭۋاڭنىڭ ئوغلى. سەلتەنىتى دەۋرىدە پايتەختنى خاۋ شەھىرىدىن چۈەنچيۇغا كۆچۈردى. يىگىرمە تۆت يىل سەلتەنەت سۈردى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 6 - توم، 293 - بەت).

(17) جۇيۇۋاڭ (周幽王، م.ب.؟ — 771) غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ 12 - پادىشاھى. فامىلىسى جى (姬)، ئىسمى گۇڭنىې (宫涅) م.ب. 781 — 771 - يىللار ئارىلىقىدا 10 يىل

سەلتەنەت سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 54 ـ بەت، 21ـ ئىزاھ).

(18) باۋسى (褒姒) بۇ يەردىكى باۋ (褒) خېتى باۋچىلىك ئاھىيىسىنى، سى (姒) خېتى خاننىڭ ئانىلىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ. باۋسى باۋچېڭلىق ئانۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 54ـ بەت،22 ـ ئىزاھ).

(19) شېن بېگى (申侯) شېن بەگلىكى جۇ سۇلالىسى ۋاقتىدا جياڭ (姜) فامىلىلىكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بەگلىك بولۇپ، كېيىن چۇ بەگلىكى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدى. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا. خانىكە شېن خۇ (申后) — شېن بېگىنىڭ قىزى ئىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 ـ بەت، 27 ـ ئىزاھ»).

(20) لىشەن [骊(丽)山] تاغ. شەنشى ئۆلكىسى لىنتۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ دەپمۇ 丽山 يېزىلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ـ توم، 3558 ـ بەت).

(21) چىن شياڭگۇڭ (秦襄公، م.ب. ؟ — 766) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى. فامىلىسى يىڭ (嬴)، ئىسمى نامەلۇم، م.ب. 659—766 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن. غەربىي جۇ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندا، جۇ پىڭۋاڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ، شەرققە كۆچۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن بەگلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، چىشەن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چىشەن تېغىنىڭ شەرقىي شىمالى) تېغىنىڭ غەربىدىكى يەرلەر ئىنئام قىلىپ بېرىلگەنىدى. كېيىن چۆەنرۇڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، چىشەن تېغىدا ئۆلدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1613 ـ بەت).

(22) جۇ پىڭۋاڭ (周平王، م.ب. ؟ — 720) شەرقىي جۇ

سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. ئىسمى يەنجيۇ (宜臼) بولۇپ، جۇ
يوۋاڭنىڭ خانىشى شېن خۇدىن تۇغۇلغان ئوغلى. م.ب.
770—720 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن. شېن بېگى چۈەنرۇڭلار
بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇشۇپ، جۇ يوۋاڭنى ئۆلتۈردى ۋە شەرقىي
جۇ سۇلالىسىنى قۇردى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 - بەت،
296 - ئىزاھ»).

(23) چى لىگوڭ (齐厘公) ئىسمى، لۇفۇ (禄父). ئەسلىيە
دەۋرىدىكى چى بەگلىكىنىڭ 13 - بېگى. م.ب. 730 - دىن 698 -
گىچە 33 يىل سەلتەنەت سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 439 - بەت،
7 - ئىزاھ).

(24) جۇ شياڭۋاڭ (周襄王) جۇ خۇيۋاڭنىڭ ئوغلى.
ئىسمى جېڭ (郑). ئاتا بىر ئىنىسى شۈدەي رۇڭلار، دىلار
بىلەن بىرلىشىپ شياڭۋاڭغا قارشى چىقماقچى بولغىنىدا، پادىشاھ
شۈدەينى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان. شۇڭا شۈدەي چى بەگلىكىگە
قاچتى. چى خۇەنگوڭ رۇڭلارنى باستۇرۇشتا گۇەن جۇڭ قوماندان-
لىقىدا قوشۇن ئەۋەتكەن. تۇرالار جۇ سۇلالىسىگە بېسىپ كىرگەندە
شياڭۋاڭ جېڭ بەگلىكىگە قېچىپ كەتكەچكە، شۈدەي پادىشاھ
بولۇپ، شياڭۋاڭ خانىشلىقتىن قالدۇرغان تۇرا خانىمنى ئەمرىگە
ئالغان. جېڭ ۋېنگوڭ شياڭ ۋاڭغا ياردەم بېرىپ، شۈدەينى
ئۆلتۈرگەن. شياڭۋاڭ 32 يىل سەلتەنەت سۈرگەن.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 546 - بەت).

(25) جېڭ بەگلىكى (郑国) قەدىمكى بەگلىك بولۇپ،
فامىلىسى (姬)، بەگلىكنىڭ مۇئەسسىسى جۇ شۈەنۋاڭنىڭ ئىنىسى
جېڭ خۇەنگوڭ جى يوۋنىڭ ئۆزى. م.ب. 806 - يىلى جېڭ
دېگەن يەر (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى خۋاشيەن ناھىيىسىنىڭ
شەرقىي) جېڭ خۇەنگوڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. جۇ

يىۋۋاڭ دەۋرىدە غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىنقىرازىغا كۆزى يەتكەن خۇەنگۇڭ ئائىلىسى مال - مۈلۈكى، ئېلى ۋە سودىگەرلىرىنى قوشۇپ، دۇڭگو بىلەن كۇەي دېگەن يەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆچتى. جېڭ ۋۇگۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، كۇەي ۋە دۇڭگۇلارنى ئىگىلەپ، جېڭ بەگلىكىنى تەسىس قىلدى. پايتەختى شىنجېڭ (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدە) ئىدى. جېڭ بەگلىكىنىڭ بەگلىرىدىن ۋۇگۇڭ، جۇاڭگۇڭلار داۋاملىق هالدا جۇ پىڭۋاڭغا ۋەزىرلىك مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى كۈچلۈك بەگلىك ئىدى. كېيىن تەدرىجىي زەئىپلىشىپ، م.ب. 375 - يىلى خەن (韓) بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

(بىر توملۇق «سىيۇەن»، 447 - بەت).

(26) فەنيى (泥邑) قەدىمكى شەھەر. ئەمىنىيە دەۋرىدىكى شەھەر، هازىر يىڭچۇەندىكى (ئوتتۇرا ۋە جەنۇبى خېنەن) شياڭچېڭ شەھىرى شۇ بولۇپ، شياڭۋاڭنىڭ نامىغا نىسبەت قىلىپ شياڭچېڭ دېيىلگەن.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3746 - بەت (7) ئىزاھ).

(27) خانىكە خۇي (惠后) ۋۇلىڭۋاڭنىڭ خوتۇنى، مىڭ ياۋ بۇ، ۋۇۋا دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، خۇيۋېنۋاڭنىڭ ئانىسى ئىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 240 - بەت، 38 - ئىزاھ).

(28) جى زىدەي (姬子带) جۇ خۇيۋاڭنىڭ ئوغلى. شياڭۋاڭنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى. شۇدەي (叔带) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. م.ب. 649 - يىلى زى دەينىڭ رۇڭ، دىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇ سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلىش پىلانى سېزىلىپ قالغاچقا، زى دەي چى بەگلىكىگە قاچتى. م.ب. 643 - يىلى زى دەي ئېلىگە قايتتى. بۇ چاغدا تۇرالار جۇ سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلغاچقا، جۇ شياڭۋاڭ جېڭ بەگلىكىگە قاچتى. زى دەي ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى.

م.ب. 635 ـ يىلى جىك ۋېنگوڭنىڭ ياردىمى بىلەن شياڭۋاڭ جۇ
سۇلالىسىگە قايتىپ كەلدى. زى دەي ئۆلتۈرۈلدى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 46—49 ـ بەتلەر).
(29) لۇخۇن (陆浑) قەدىمكى ناھىيە. ئەمىنىيە دەۋرىدە
لۇخۇن رۇڭلىرىنىڭ ئىستىقامەتگاھى ئىدى. خەن سۇلالىسى
دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىندى. ئورنى ھازىرقى خېنەن
ئۆلكىسى سۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى،124ـبەت،
4 ـئىزاھ).
(30) ۋېي بەگلىكى (卫国) قەدىمكى بەگلىك. دەسلەپ جۇ
ۋۇۋاڭنىڭ ئىنىسى كاڭشۇغا بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق. م.ب.
VI ئەسىردە جۇگۇڭ، ۋۇگېڭ ئىسيانىنى باستۇرغاندىن كېيىن،
شاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەخت ئەتراپىدىكى يەرلىرى ۋە يىن
سۇلالىسى ئاھالىسىدىن يەتتە قەبىلە كاڭشۇغا بۆلۈپ بېرىلگە-
نىدى. ئۇز دەۋرىدە چوڭ بەگلىك بولۇپ، مەركىزى چاۋگې
(ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى چىشيەن ناھىيىسى) ئىدى. م.ب.
660 ـ يىلى دىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ۋېي بەگلىكى چى
بەگلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن چۇچيۇ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى
خۇاشيەن) غا كۆچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىچىك بەگلىككە ئايە-
لىنىپ قالدى. كېيىن يەنە مەركىزىنى دىچيۇ (ھازىرقى خېنەن
ئۆلكىسىدىكى پويياڭ) غا كۆچۈردى. م.ب. 254 ـ يىلى ۋېي
تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. كېيىن چىن بەگلىكىنىڭ قوللىشى
بىلەن بەگلىك ئەسلىگە كېلىپ، يىۋاڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى
دىكى چىنياڭ) غا كۆچتى ۋە چىن بەگلىكىگە بېقىندى ئەل بولۇپ
قالدى. م.ب. 209 ـ يىلى چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن مۇنقەرز
قىلىندى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 403 ـ بەت).
(31) جىن ۋېنگوڭ (晋文公، م.ب. 697—628) ئىەمىنىيە

دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ بېگى. جىن شيەنگۇڭنىڭ ئوغلى، ئىسمى چۇڭئېر. م.ب. 636—628 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن. ئاتىسى جىن شيەنگۇڭ كىچىك ئوغلىنى ۋەلىئەھد قىلغاچقا، چەت بەگلىكلەرگە قاچقان چۇڭئېر 19 يىل سەرگەردانچىلىقتىن كېيىن، چىن بەگلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىگە كېلىپ تەختكە چىققان. بەگ بولغاندىن كېيىن ئىچكى ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ، قوشۇننى كۈچەيتكەن جىن ۋېنگۇڭ بەگلىكىنى راۋاجلاندۇردى ھەمدە جۇ شياڭۋاڭنى قايتا ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، «جۇ پادىشاھ-لىرىغا ھۆرمەت قىلىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چېڭپۇ ئۇرۇشىدا چۇ بەگلىكى قوشۇنى ئۈستىدىن زور غەلىبە قازاندى. جيەنتۇ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى شىڭياڭنىڭ شەرقىي شىمالى) دا، بەگلىكلەر بەگلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ھاكىمبەگ بولدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1829 - بەت).

(32) يىنشۇي (闇水) دەريا. بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇ ئايمىقىدىكى ئوردۇس ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، شەرققە ئېقىپ، خۇاڭخې دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 - توم، 572 - بەت).

(33) قىزىل تۈرالار [赤(翟)狄] قەدىمكى قوۋم. ئەمەلىيە دەۋرىدىكى تۈرالارنىڭ بىر قىسمى. ئاساسەن، بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىدىكى چاڭجى ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا ماكانلاشقان بولۇپ، جىن (晋) لىقلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىزىل كىيىم كىيگەچكە «قىزىل تۈرالار» دەپ ئاتالغا-نىكەن. م.ب. VI ئەسىردە قىزىل تۈرالارنىڭ بىر قىسمى جىن بەگلىكىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1951 - بەت).

(34) ئاق دىلار (ئاق تۈرالار) [白(翟)狄] قەدىمكى قوۋم. ئەمەلىيە دەۋرىدىكى تۈرالارنىڭ بىر قىسمى. ئەسلىدە ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يەنئەن، سەنشى ئۆلكىسىدىكى جىشيۇ

دائىرىسىدە ياشايتتى. كېيىن شەرققە كۆچۈپ، هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىگە ئورۇنلاشتى. بۇلار ئاق كىيىم كىيگەچكە، «ئاق تۇرالار» دەپ ئاتالغانىدى. م.ب. VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاق تۇرالار-نىڭ كۆپچىلىكى جىن بەگلىكىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1759 ـ بەت).

(35) چىن مۇگۇڭ (秦穆公) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ بېگى. ئىسمى رېنخاۋ (任好). م. ب. 659 — 621 ـ يىللىرى هۆكۈم سۈرگەن. بەي لىشى (百里奚)، جيەن شۇ (蹇叔)، يۇيۇڭ (由余) لارنى مۇشاۋۇر قىلىپ، جىن بەگلىكىنى يېڭىپ، جىن خۇيگۇڭنى ئەسىر ئالغان. لياڭ (梁)، رۇي (芮) بەگلىكلىرىنى مۇنقەرز قىلغان. كېيىن شياۋ (崤) دېگەن يەردە (هازىرقى خېنەندىكى سەنمېنشيانىڭ شەرقىي جەنۇبى) جىن بەگلىكى قوشۇنىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ يېڭىلگەن. غەربكە يۈرۈش قىلىپ 12 بەگلىكنى يوقىتىپ، غەربىي رۇڭلارغا هۆكۈمدار بولغان.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 84 ـ بەت، 42 ـ ئىزاھ).

(36) لوڭشەن (陇山) تاغ. ليۇپەنشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىنىڭ ئىسمى. لوڭدى (陇坻)، لوڭبەن (陇坂) مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى لوڭشيەن ناھىيىسىدىن گەنسۇ پىڭليياڭ ئەتراپلىرىغىچە توغرا كېلىدۇ. تاغنىڭ تۈزۈلۈشى تىك هاڭلاردىن ئىبارەت بولۇپ، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئۆتكەللىرى ھېسابلىنىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 3300 ـ بەت).

(37) ميەنجۇ (绵诸) رۇڭ قەبىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تيەنشۈي دائىرىسىدە ياشايتتى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3747 ـ بەت).

(38) لياڭشەن (梁山) تاغ. شەنشى ئۆلكىسىدىكى خەنچېڭ ناھىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە بولۇپ، خېياڭ ناھىيىسىنىڭ

چېگرىسىغىچە سوزۇلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ـ توم، 1575 ـ بەت).

(39) چىشۈي (漆水) دەريا. شەنشى ئۆلكىسىدىكى كونا تۇڭگۇەن ناھىيىسىدىن باشلىنىدۇ. غەربىي جەنۇب يۆنىلىشتە ياۋجۇغىچە ئېقىپ كەلگەن چىشۈي، جۇشۈي دەرياسىغا قوشۇلۇپ، شىجۇ دەرياسىنى تەشكىل قىلىدۇ ـ دە، شەرقىي جەنۇبقا ئېقىپ ۋېي دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 ـ توم، 1873 ـ بەت).

(40) دالى (大荔) قەدىمكى قوۋم. غەربىي رۇڭلارنىڭ بىر تارمىقى. چىشەن، لياڭشەن تاغلىرى، جىڭشۈي، چىشۈي دەريالىرىنىڭ شىمالى، بۈگۈنكى شەنشى دالى ناھىيىسى ئەتراپلىرىغا تارقالغان. كېيىن كۈچىيىپ، ئۆزلىرىنى خانلىق دەپ ئېلان قىلغان. شەھەر ـ قورغانلىرى بار. م. ب. 461 يىلى جىن بەگلىكى ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، يېرىنىڭ نامىنى لىنجىن (临晋) گە ئۆزگەرتكەندى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 84 ـ بەت، 47 ـ ئىزاھ).

(41) ۋۇجى (乌氏) قەدىمكى نامىيە. جۇ سۇلالىسىنىڭ قەدىمكى يەرلىرى بولۇپ، كېيىن رۇڭلار ئىگىلىۋالغان. چىن خۇيۋىنۋاڭ بۇ يەرنى ئېلىپ، ۋۇجى ناھىيىسىنى قۇرغان بولۇپ، ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى جىڭچۇەن (泾川) ناھىيىسى شۇ. رۇڭلارنىڭ بىر تارمىقى بۇ يەردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيىنىڭ نامىغا نىسبەت قىلىپ ۋۇجى رۇڭلىرى دېيىلگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 ـ توم، 1921 بەت).

(42) چۈيەن (朐衍) قەدىمكى رۇڭ خانلىقلىرىدىن بولۇپ، ئورنى ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ يەنچى (盐池) ناھىيىسىدە.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 439 ـ بەت، 14 ـ ئىزاھ).

(43) لىنخۇلار، ئورمان ھۇنلىرى (林胡) قەدىمكى قوۋم (قەبىلە). تەنلىنلەر (澹林) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىغىلىق دەۋرىدە ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى شوشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىچكىرىسىگىچە تارقالغان بولۇپ، چارۋىچىلىق قىلاتتى. ماھىر چەۋەنداز ۋە مەرگەنلەر ئىدى. جاۋ بەگلىكى بۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سەددىچىننى سالغۇزدى، يىغىلىقلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جاۋ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى لى مۇ لىنخۇلارنى يېڭىپ، جاۋ بەگلىكىگە قاراتقانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1271 ـ بەت).

(44) جىن داۋگوڭ (晋悼公، م. ب. 585 —558) ئىسمى جۇ زى (周子). جىن بەگلىكىنىڭ 23 ـ بېگى شياڭ گوڭنىڭ چەۋرىسى. م. ب. 573 ـ يىلى جىن لىگوڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەختكە چىقتى. لۈش ياڭ (吕相)، شى فاڭ (士鲂)، ۋېي جيې (魏颉)، جاۋۋۇ (武赵) قاتارلىق كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئىچكى ئىشلارنى تەرتىپكە سالدى، كەمبەغەللەرگە ياردەم بەردى. ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزدى، باج ـ سېلىقنى يېنىكلەتتى. خەلق ئارام تېپىپ، جىن بەگلىكى قايتىدىن روناق تاپتى. جىن داۋ گوڭ 15 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، م. ب. 558 ـ يىلى ئۆلدى.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى». 1 ـ توم، 184 — 194 ـ بەتلەر).

(45) ۋېي جياڭ (魏绛) ۋېي جۇاڭزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمىنيە دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ ئەمەلدارى. ھەربىي خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. رۇڭلار بىلەن ياخشىلىشىش سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، جىن بەگلىكىنى رۇڭلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلىغانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 2035 ـ بەت).

(46) جاۋ شياڭزى (赵襄子) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى جىن بەگلىرىدىن ياڭ (鞅)، يەنى جاۋ جيەنزى (赵简子) نىڭ ئىككىنچى ئوغلى. جاۋ ۋۇشۇ (赵无恤) مۇ دېيىلىدۇ. ئۆزى ئاقىل بولغاچقا، ئاتىسى ۋەلىئەھد بەي لۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جاۋ ۋۇشۇنى ۋەلىئەھد قىلدى. م. ب. 475 – يىلى ئاتىسى جاۋ جيەنزى ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا بەگ بولدى. بەگلىك ئۇنۋانى جاۋ شياڭزى دەپ ئاتالدى. جاۋ بىلەن چىن (泰) نىڭ ئەجدادى بىر. كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن زاۋ فۇغا جۇ مۇۋاڭ جاۋ-چېڭ شەھرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەچكە، جاۋ فامىلە بولۇپ قالغانىدى. جاۋ شياڭزى 51 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، م. ب. 425 – يىلى ئۆلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1413 – بەت).

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 287 — 301 – بەت).

(47) خۇمولار (胡貊) شىمالىي دىلار (تۇرا) نىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 27 – توم، 147 – بەت).

(48) جى بو (智伯) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ بەگلىرىدىن بىرى. ئىسمى شۈن ياۋ (荀瑶) بولۇپ، شۈن جيا (荀甲) نىڭ ئوغلى. جىن بەگلىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىرلىرىدىن ئىدى. خەن كاڭزى، ۋېي خۇەنزىلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە جاۋ شياڭزىغا ھۇجۇم قىلغان. خەن (韩)، ۋېيلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، جاۋ شياڭزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جى بونى ئۆلتۈرۈپ، زېمىنىنى بۆلۈشۈپ ئالغانىدى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 85 – بەت، 51 – ئىزاھ).

(49) چىن خۇيۋاڭ (王泰惠) يەنى خۇيۋېنۋاڭ، خۇيۋېن-

جۇن) ئىسمى يىڭسى (嬴驷) م. ب. 337 — 311 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن. م. ب. 316 - يىلى سەركەردىسى سىماساۋنى قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ، شۇ (蜀) ۋە با (巴) بەگلىكلىرىنى مۇنقەرز قىلدى ۋە بۇ جايلاردا ياشىغان يات قوۋملەر بىلەن ئىناق مۇناسىۋەت ئورناتتى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر» چىن بەگلىرى تەزكىرىسىگە قاراڭ).

(50) چىن جاۋۋاڭ (秦昭王) يەنى چىن جاۋ شياڭۋاڭ بولۇپ، ئىسمى زې (则)، يەنە بىر ئىسمى جى (稷)، چىن خۇيۋېنۋاڭنىڭ ئوغلى. چىن ۋۇۋاڭنىڭ ئاتا باشقا ئىنىسى بولۇپ، م. ب. 306 — 251 يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 240 - بەت، 39 - ئىزاھ).

(51) شاھ سانىيە شۈەن (宣太后) يىغىلىق دەۋرىدىكى چىن بېگى خۇيۋېنجۇننىڭ خانىشى. چىن جاۋشياڭۋاڭنىڭ ئانىسى. چۇ بەگلىكىدىن بولۇپ، فامىلىسى مى (芈). جاۋ شياڭۋاڭ تەختكە چىققاندا كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، شاھ سانىيە شۈەن بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، قوشۇمچە بۆلۈمى. 11 - بەت).

(52) جاۋ ۋۇلىڭۋاڭ (赵武灵王، م. ب. ؟— 295) يىغىلىقلار دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى. ئىسمى يۇڭ (雍). م. ب. 325 - يىلدىن 299 - يىلغىچە ھۆكۈمدار بولغان. م. ب. 302 - يىلى ئەسكىرىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ھۇنچە كىيىنىشنى جارى قىلىپ، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلدۇردى. جۇڭشەن بەگلىكى، لىنخۇلار، لوۋفەنلەرنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، بەگلىكنى كۈچەيتتى. م. ب. 299 - يىلى تەختنى ئوغلى جاۋخېغا بەردى. ئۆزى «بەگ ئاتا» بولدى. كېيىن ئىچكى مالىمانچىلىقتا، لى رۇي تەرىپىدىن شاچيۇگۇڭ ئوردىسىغا قورشى-

لىپ قالغان جاۋۇ لىڭۋاڭ ئاچلىقتىن ئۆلدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1946 ـ بەت).
(53) چۇغاي تېغى (阴山) ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم را-
يونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، ۋۇيۈەندىن توغرىسىغا كۆ-
خوت شەھىرىگىچە سوزۇلىدۇ.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 93 ـ بەت،
15 ـ ئىزاھ).
(54) چىن كەي (秦开) يىغىلىق دەۋرىدىكى يەن بەگلى-
كىنىڭ سەركەردىسى. تۇڭگۇسلار ئېلىدە تۇرغاق بولۇپ تۇرغان-
لىقى ئۈچۈن، ئەھۋالنى ياخشى بىلەتتى. كېيىن يەن بەگلىكىگە
قايتقان چىن كەي ئەسكەر باشلاپ بېرىپ تۇڭگۇسلارنى يەڭدى،
زېمىنىنى مىڭلارچە چاقىرىم كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن يەن بەگ-
لىكى شاڭگۇ، يۈياڭ، يوبېيپىڭ، لياۋشى قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى
تەسىس قىلدى. بۇ يەن بېگى جاۋۋاڭ (昭王) نىڭ دەۋرى
ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1612 ـ بەت).
(55) جىڭ كې (荆轲، م. ب. ؟ — 227) يىغىلىقلار دەۋرى-
نىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان پىدائىيلاردىن. يۇرتى ۋېي (卫) بەگ-
لىكى. يەن بەگلىكىنىڭ ۋەلىئەھدى دەن (丹) نىڭ ھۆرمىتىگە
سازاۋەر بولغان. كېيىن چىن سىخۇاڭنى ئۆلتۈرۈشكە پىدائىي بو-
لۇپ بارغان جىڭ كې چىن سىخۇاڭغا خەنجەر ئۇرغان بولسىمۇ،
ئەجەللىك يېرىگە تەگمەي قېلىپ، تۇتۇلۇپ قالدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.
(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى،
288 ـ بەت، 4 ـ ئىزاھ).
(56) چىن ۋۇياڭ (秦无阳) يىغىلىقلار دەۋرىدىكى يەن
بەگلىكى ئەزىمەتلىرىدىن بولۇپ، 13 يېشىدىلا ئادەم ئۆلتۈرگەچ-
كە، كىشىلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. جىڭ كې چىن بەگ-

لىكىگە ئەۋەتىلگەندە، چىن ۋۇياڭ ياردەمچى بولۇپ بارغانىدى.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 24 ـ توم، 220 ـ بەت).

(57) زاۋياڭ (造阳) قەدىمكى يەر نامى. ئورنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى دۇشكو ئەتراپىدا. بىر رىۋايەتتە، بۇگۇنكى خۇەيلەي، يەنى چىن، خەن دەۋرىدىكى جۇياڭ (沮阳) ناھىيىسى دېيىلەمدۇ. يېغىلىقلار دەۋرىدە يەن بەگلىكى شەرقىي خۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، غەربتە زاۋياڭدىن باشلاپ شەرقتە شياڭپىڭ (بۇگۇنكى لياۋنىڭدىكى لياۋياڭ) غىچە سەددىچىننى سالغانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1053 ـ بەت).

(58) شياڭپىڭ (襄平) قەدىمكى ناھىيە. چىن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. مەركىزى بۇگۇنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى لياۋياڭ شەھىرى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 361 ـ بەت).

(59) ياڭشەن (阳山) تاغنىڭ نامى. چىن، خەن سۇلالىرى دەۋرىدە چۇغاي تېغىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى بىر بۆلىكى ياڭشەن (كۇنگەي تاغ) دېيىلەتتى. هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى لاڭشەن (狼山) تېغىنى كۆرسىتىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 409 ـ بەت).

(60) بېيجيا (北假) يەر نامى. بۇگۇنكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چۇغاي تېغىنىڭ جەنۇبى، ۋۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 1 ـ توم، 391 ـ بەت).

(61) تۈمەن (头曼، م. ب.؟ ــ 209) هۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى. تۈمەن دەۋرىدە هۇنلار شەرقتە تۇڭگۇسلار، جەنۇبتا چىن بەگلىكى، غەربتە توخرىيلار (بۇگۇنكى خېتاۋ ئەتراپلىرى) بىلەن قوشنا ئىدى. م.ب. 215 ـ يىلى چىن سۇلالىسى سەركەردە مېڭ تيەننى قوشۇن بىلەن خېنەن رايونىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. تۈمەن

تەڭرىقۇت شىمالغا يۆتكەلدى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرـ لىرىدە چېگرا مۇداپىئەسى بوشاپ قالغاچقا، يەنە ئاستا ـ ئاستا جەنۇبقا ئىلگىرىلىدى. م.ب. 209 ـ يىلى تۈمەن تەڭرىقۇت ئوغلى باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

(بىر تومluق «سىخەي»، 643 ـ بەت).

(62) فۇشى (肤施) قەدىمكى ناھىيە. يېغىلىق دەۋرىدە ۋېي بەگلىكى تەسىس قىلغان. ناھىيە مەركىزى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يۈلىننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شاڭجۈن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە ھۇنلار جەنۇبقا چۈشكەندە، جۇڭنا (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى گوۋۇيۇەننىڭ شەرقىي جەنۇبى)، فۇشى لىنىيىسى بويلاپ چېگرا قىلىنغانىدى.

(بىر تومluق «سىخەي»، 1499 ـ بەت).

(63) لەۋەنت (挛鞮) ھۇن ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3751 ـ بەت).

(64) ئوڭ، سول چوڭ سەركەردە (左右大将) ھۇن ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، ئاز بولغاندا بىرنەچچە مىڭ، كۆپ بولغاندا تۈمەن ئەسكەرگە باشچىلىق قىلاتتى. سول چوڭ سەركەردىنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 11 ـ توم، 159 ـ بەت).

(65) ئوڭ، سول چوڭ كاھىبەگ (左右大都尉) ھۇن ئېسىلزادىلىرىنىڭ مىراسىي ئۇنۋانى. ئوڭ كاھىبەگكە قارىغاندا، سول كاھىبەگنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 11 ـ توم، 159 ـ بەت).

(66) ئوڭ، سول چوڭ ياساقبەگ (左右大当户) ھۇن ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئۇنۋانى. تۇتۇنبەگمۇ دېيىلىدۇ. سول ياساق

بەگىنىڭ دەرىجىسى ئوڭ ياساقبەگكە قارىغاندا يۇقىرى ئىدى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 11 ـ توم، 159 ـ بەت).

(67) ئوڭ، سول قۇتبەگ(左右骨都侯) ھۇن ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئۇنۋانى. سول قۇتبەگىنىڭ ئورنى ئوڭ قۇتبەگدىن يۇقىرى ئىدى. ئۆز نەسەبلىكلەردىن بولاتتى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 11 ـ توم، 171 ـ بەت).

(68) قويانلار(呼衍氏) ھۇنلارنىڭ ئېسىل ئۇرۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ۋەزىرلەر كۆپرەك بۇ ئۇرۇقتىن بولاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 500 ـ بەت).

(69) لانلار (兰氏) ھۇنلارنىڭ ئېسىل ئۇرۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئۇرۇقتىن ۋەزىرلەر چىقاتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 500 ـ بەت).

(70) شۇيبۇلار(须卜氏) ھۇنلارنىڭ ئېسىل ئۇرۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، قويانلار، لانلاردىن قالسا، بۇ ئۇرۇق تىلغا ئېلىناتتى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 1 ـ توم، 500 ـ بەت).

(71) خۇيخېلەر (移貉) قەدىمكى زامانلاردا ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشىغان قوۋملەردىن. خۇيمولار (移貊) مۇ دېيىلىدۇ.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 24 ـ توم، 307 ـ بەت).

(72) مىڭبېشى (千长) ھۇنلاردا ئەمەل. تۈمەن بېگىگە قاراشلىق مىڭلىق ئەسكىرىي بىرلىكنىڭ قوماندانى ياكى مىڭ تۈتۈن (ئائىلە) نىڭ باشلىقى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3751 ـ بەت)؛

(بىر توملۇق «سىخەي»، 118 ـ بەت).

(73) يۈز بېشى (百长) ھۇنلاردا كىچىك ئەمەل. مىڭبېشىغا قاراشلىق يۈزلۈك ئەسكىرىي بىرلىكنىڭ ياكى يۈز تۈتۈن

(ئائىلە) نىڭ باشلىقى.

(«خەننامە»، 11 – توم، 3751 – بەت)؛

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1766 – بەت).

(74) ئونبېشى (什长) ھۇنلاردا ئەڭ كىچىك ئەمەل. يۈزبېشىغا (يۈز بېگىگە) قاراشلىق ئونلۇق ئەسكىرىي بىرلىكنىڭ ياكى ئون تۈتۈن (ئائىلە) نىڭ باشلىقى.

(«خەننامە»، 11 – توم، 3751 – بەت).

(75) كىچىك خان (裨王) ھۇنلاردا بەگلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكى بولۇپ، باسوت قانىۋ دېيىلىدۇ.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 30 – توم، 231 – بەت).

(76) قۇتقۇ بەگ (且渠) ھۇنلاردا ئەمەل نامى بولۇپ، ياساقبەگكە قارايتتى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 1 – توم، 392 – بەت).

(77) ئىبادەت ئورمانلىقى (蹛林) قەدىم زاماندىكى ھۇنلار ئۆرپ – ئادەتلىرى بويىچە ھەر يىلى كۈز پەسلىدە (چارۋا سەمرىگەندە) ئورمانلىققا يىغىلاتتى، ئورماننى ئۈچ ئايلىنىپ ئىبادەت قىلىپ، ئىلاھلىرىغا نەزىر – چىراق ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئىبادەت ئورمانلىقى دېيىلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1971 – بەت).

(78) خۇنيۈلار (浑庾、浑窳) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇن بەگلىكلىرىدىن بىرى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 19 – توم، 426 – بەت).

(79) چۈشېلەر (屈射) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇن بەگلىكلىرىدىن بىرى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 10 – توم، 361 – بەت).

(80) شىنلى (新黎) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇن بەگلىكلىرىدىن بىرى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 15 – توم، 208 – بەت).

(81) خېتاۋ (河套) ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى خېلەنشەن تېغىنىڭ شەرقى، لاڭشەن بىلەن داچىڭشەن تېغىنىڭ جەنۇبى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدىكى رايونلار ئو-مۇمەن خېتاۋ دەپ ئاتىلىدۇ. خۇاڭخې دەرياسى مۇشۇ يەردە زور بىر ئەگىم ھاسىل قىلغاچقا، بۇ ئىسىم بېرىلگەن. ئۇلا تېغىنى پاسىل قىلغان ھالدا شەرقى تەرىپى ئالدى خېتاۋ، غەربى تەرى-پى ئارقا خېتاۋ دېيىلىدۇ. قەدىمدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىما-لىدىكى ئارقا خېتاۋغا نىسبەت قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جە-نۇبى، سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى رايونلار ئالدى خېتاۋ» دېيىلەتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 911 - بەت).

(82) شىنۋاڭ (新望) خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىكى بىر قورغاننىڭ نامى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3757 - بەت).

(83) كىنۇك (稽粥، م.ب. ؟ — 161) باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. «قايۇق» مۇ دېيىلىدۇ. م.ب. 174 - يىلى ھۆكۈمدار بولغان ھون ئېلىنىڭ ئىككىنچى تەڭرىقۇتى. 13 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، م.ب. 161 - يىلى ئۆلگەن.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 - توم، 474 — 478 - بەتلەر).

(84) ئاغا تەڭرىقۇت (老上单于) باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. كىنۇك (قايۇق) نىڭ تەڭرىقۇتلۇق ئۇنۋانى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 26 - توم، 391 - بەت).

(85) پېڭياڭ (彭阳) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇ-لالىسى تەسىس قىلغان. ناھىيە مەركىزى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆل-كىسىدىكى جېڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 816 - بەت).

(86) خۇيجۇڭ قەسرى (回中宫) ئورنى ھازىرقى شەنشى

ئۆلكىسىدىكى لوڭشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا. م.ب. 166 – يىلى ھۇنلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلانغان.

(بىر تومۇق «سىخەي»، 764 – بەت).

(87) چاڭ (昌) يەر نامى. بەگلىك بولۇپ، ئورنى بۇگۇنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى جۇ چېڭ شەھرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 473 – بەت).

(88) لۇ چىڭ (卢卿) يېغىلىق دەۋرىدىكى چى بەگلىكىدىن. م.ب. 203 – يىلى خۇەيىن بېگى خەن شىن بىلەن ۋۇيەن (بۇگۇنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى دۇڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقى) دە شياڭ يۈگە ھۇجۇم قىلدى. كېيىن دەي ۋىلايىتىگە بېرىپ، خەن (韩) بېگى، خەن شىنگە ھۇجۇم قىلدى. شۇڭا ئۇچىڭغا چاڭ دېگەن يەر سۇيۇرغاللىنىپ بېرىلىپ، چاڭ بېگى بولدى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 2 – توم، 845 – بەت).

(89) نىڭشيەن (宁县) قەدىمكى ناھىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدى. ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى شۈەنخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1091 – بەت).

(90) لۇڭلۇ (隆虑) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لىنشيەن ناھىيىسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 963 – بەت).

(91) جۇزاۋ (周灶) ئەسلى چۇ بەگلىكىنىڭ كىچىك ئەمەلدارى بولۇپ، كېيىن خەن (汉) بېگى ليۇباڭغا تەسلىم بول-

غان. شياڭ يۇگە ھۇجۇم قىلغاندا، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈ‐
چۈن لۇڭلۇ بېگى بولغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 548 ‐ بەت).

(92) دۇڭ چى (董赤) ھەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلى‐
رىدىن، چېڭ (جيەنچېڭ) (建成) بېگى بولغان.

(«خەننامە»، 11 ‐ توم، 3762 ‐ بەت (5) ئىزاھ).

(93) ئۈچ سانغۇن (三将军) لىڭ مىيەن (令免)، جاڭ ۋۇ (张武)، سۇيى (苏意) سانغۇنلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(94) ئۈچ سانغۇن (三将军)، جۇ يافۇ (周亚夫)، ليۇ لى (刘礼)، شۇ لى (徐厉) سانغۇنلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(95) زىندانبەگ (尉史) زىندان ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار (狱吏) غا قاراڭ.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 10 ‐ توم، 225 ‐ بەت).

(96) تۆت سانغۇن (四将军) لى گۇاڭ (李广)، گۇڭسۇن خې (公孙贺)، ۋاڭ خۇي (王恢)، لى شى (李息) سانغۇنلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(97) شىنچىنجۇڭ (新秦中) يەر نامى. قىسقارتىلىپ شىنچىن (新秦) مۇ دېيىلىدۇ. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئېكېجۇ ئايمىقىغا توغرا كېلىدۇ.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 ‐ توم، 1376 ‐ بەت).

(98) ئىككى سانغۇن (两将军) بۇ يەردە ۋېي چىڭ (卫青)، خو چۈبىڭ (霍去病) نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(99) فۇجۇجىڭ (浮苴井) يەر نامى، «تارىخىي خاتى‐

رىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: جىيۇ يۈەندىن 2000 چاقىرىمدىن ئوشۇق يەردە فۇجۇجىڭ دېگەن يەر بار، دېيىلگەن. ئېنىق ئورنى ھەققىدە مەنبە تېپىلمىدى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 19 – توم، 278 – بەت).

(100) داستىخانبېگى (主客) ھۇن ئېلىنىڭ مېھمان كۈتكۈچى ئەمەلدارى.

(«خەننامە»، 11 – توم، 3772 – بەت (3) ئىزاھ).

(101) شۈەنلېي (眩雷) يەر نامى. ئاسىيۇلارنىڭ شىمالىدىكى بىر جاي.

(«خەننامە»، 11 – توم، 3773 – بەت (2) ئىزاھ).

(102) ئۇشىلۇ (乌师庐، م.ب. ؟ — 102) ھۇنلارنىڭ يەتتىنچى ھۆكۈمدارى، ئۇۋېي تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. بالا تەڭرىقۇت (儿单于) مۇ دېيىلىدۇ. م.ب. 105 – يىلىدىن 102 – يىلىغىچە ئۈچ يىل سەلتەنەت سۈرگەن.

(«ھۇنلار تارىخى يىلنامىسى. ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى»، 293 – بەت).

(103) رېن ۋېن (任文) خەن سۇلالىسىنىڭ يۇمېن قوۋۇقىدا تۇرۇشلۇق سانغۇنى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 447 – بەت، 79 – ئىزاھ).

(104) چى شياڭگۇڭ (齐襄公، م.ب. ؟ — 686) ئەمىنىيە دەۋرىدىكى چى جۇاڭگۇڭنىڭ نەۋرىسى. لى گۇڭ (شىگۇڭ) نىڭ ئوغلى. ئىسمى جۇئېر (诸儿) بولۇپ، چى بەگلىكىنىڭ 14 – ھۆكۈمدارى. 11 يىل سەلتەنەت سۈردى. سەلتەنىتى دەۋرىدە توققۇز ئەجدادىنىڭ قىساسىنى ئالغانىدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1428 – بەت).

(105) جوشيې (涿邪山) قەدىمكى تاغ نامى. ھازىرقى

موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 821 ــ بەت).

(106) قۇلۇقۇ (狐鹿姑، م. ب. ؟ ــ 85) چەتقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. ھۇن ئېلىنىڭ 10 ــ ئەۋلاد تەڭرىقۇتى. 11 يىل سەلتەنەت سۈرگەن.

(«ھۇنلارنىڭ تارىخىي يىلنامىسى. ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى»، 293 ــ بەت).

(107) دوۋشىيەن (兜衔山) تاغ. ھۇن ئېلىدىكى تاغ بولۇپ، ئورنى ھەققىدە مەنبە تېپىلمىدى.

(مۇھەررىردىن).

(108) ئۇرقۇن (安侯河) دەريا. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە. سېلېنگا دەرياسىنىڭ ئوڭ تارمىقى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1124 كىلومېتىر، خاڭغاي تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ.

(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، 347 ــ بەت).

(109) گۇجۇ (姑且水) دەريا. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىدىكى بايدارىغ دەرياسى بىلەن ئوڭغىنغول دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، تۈين غول دەرياسى شۇ. جۈنجى تېغى (ھازىرقى گوبى ئالتاي تاغلىرى) نىڭ شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ــ جىلد، 39 ــ خەرىتە).

(110) جو شيېجىڭ [涿(追)邪径] يەر نامى. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ــ جىلد، 39 ــ خەرىتە).

(111) پۇنۇ (蒲奴水) دەريا. بۈگۈنكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوڭغىنغول دەرياسى شۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ــ جىلد، 39 ــ خەرىتە).

(112) كەيلىڭ (开陵) يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى ئەنخۇي

ئۆلكىسىنىڭ لىنيى ناھىيىسىدە.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 4 – توم، 2740 – بەت).

(113) فۇياڭگو جىلغىسى (夫羊句山狭) ئورنى بۈگۈنكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىدىكى دالانجاداغا شەھىرىنىڭ غەربىدە (تارىختىكى فەن فۇرېن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا).

(لاتىنچە «جۇڭگو خەرىتىسى»، خەرىتە نەشرىياتى، 1985 – يىل، بېيجىڭ، 3 – نەشرى؛ «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 – جىلد، 39 – بەت؛ «ھۇنلارنىڭ تارىخي يىلنامىسى»، 39 – بەت).

(114) فەن فۇرېن شەھىرى (范夫人城) ئەسلىدە خەن سانغۇنى تەرىپىدىن سېلىنغان شەھەر بولۇپ، سانغۇن ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇنى ئەسكەرلەر بىلەن مۇداپىئە قىلغاچقا، شەھەر «فەن خانىم شەھىرى» دېيىلگەن. بۇ خوتۇن ھۇنچە ئەپسۇن ئوقۇيالايدىكەن. ئورنى بۈگۈنكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىدىكى دالانجاداغاد شەھىرىنىڭ غەربىدە (تارىختىكى فۇياڭگۇ جىلغىسىنىڭ شىمالىدا).

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 – جىلد، 39 – خەرىتە؛ «خەننامە»، 11 – توم، 3780 – بەت (2) ئىزاھ).

(115) خۇيافۇ (胡亚夫) م.ب. 91 – يىلدىكى ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشكە قاتناشقان ۋە سانغۇن لى گۇاڭلىغا خەن سۇلالىسىگە قايتىماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن ئەمەلدار.

(«خەننامە»، 11 – توم، 3779 – بەت).

(116) جۇسۇي (决眭) ھۇنلاردا ئەمەل نامى بولۇپ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى نامەلۇم.

(مۇھەررىردىن).

(117) خاڭغاي (杭爱山، 燕然山) تاغ. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەسكەي

باغرى ئورمانلىق بولۇپ، كۈنگەي ئېتىكى يايلاق ئىدى. سېلىنگا،
ئۆرقۇن دەريالىرىنىڭ مەنبەسى مۇشۇ تاغ بولۇپ، ئالتۇن، جاۋا-
ھىرات ۋە چىرىمتال (سىلىيۇدا) لار چىقىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1279 ـ بەت).

(118) ئالچى جۈەنچۈ (颛渠阏氏) قۇلۇقۇ تەگرىقۇتنىڭ
ئالچىسى، قويانىدى تەگرىقۇتنىڭ ئانىسى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3782 ـ بەت).

(119) چىنلىقلار (秦人) چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇن
ئېلىگە بېرىپ يەرلىشىپ قالغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى خەن سۇلالىسى
دەۋرىدە چىنلىقلار دېيىلەتتى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3783 ـ بەت (1) ئىزاھ).

(120) ماخۇڭ (马宏) غەربىي رايونغا ۋاڭ جۇڭ بىلەن
بىللە ئەلچىلىككە بارغان خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىدىن بولۇپ،
ھۇنلارغا تەسلىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىنغان ۋە كېيىن
قايتۇرۇلغان توققۇز نەپەر ئەلچىنىڭ بىرى ئىدى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3782 ـ بەت).

(121) ۋۇلەن (屋兰) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى
تەسىس قىلغان. كېيىن ۋېي (魏) سۇلالىسى تەرىپىدىن
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى
شەندەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى»،
612 ـ بەت).

(122) پەنخې (番和) قەدىمكى ناھىيە. ئورنى ھازىرقى
گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې ناھىيىسىدە.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3784 ـ بەت (7) ئىزاھ).

(123) لياۋخې دەرياسىدىن ئۆتكۈش سانغۇنى (渡辽将军)
م.ب. 78 ـ يىلى يازدا خەن جاۋدى دەۋرىدە سانغۇن فەن
مىڭيۇ 20000 چەۋەنداز بىلەن لياۋدۇڭدىكى ئۇغانلارنى باستۇ-

رۇشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن، «لياۋخې دەرياسىدىن ئۆتۈش سانغۇنى» دېگەن شەرەپ ئۇنۋانى بېرىلگەندى.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 ـ توم، 519 ـ بەت).

(124) جۇ يەن، گۈيىيەن (车延) ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ يېرى. ئورنى نامەلۇم.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 32 ـ توم، 306 ـ بەت).

(125) ئوش (恶师) ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ يېرى. ئورنى نامەلۇم.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3785 ـ بەت).

(126) پۇلخۇ (蒲 侯水) دەريا. جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر دەريانىڭ ئىسمى. ئورنى نامەلۇم.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3785 ـ بەت).

(127) ۋۇيۈەن (乌员) يەر نامى. ئورنى نامەلۇم.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3786 ـ بەت(1) ئىزاھ).

(128) خۇشەن (侯山) تاغ. ئورنى نامەلۇم.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3786 ـ بەت(2) ئىزاھ).

(129) گۇڭسۇن يىشۇ (公孙益寿) ھۇنلارغا قارشى ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان ئەمەلدارلاردىن بىرى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3786 ـ بەت).

(130) قۇلۇس خان (呼卢訾王) ھۇن بەگلىرىدىن بىرى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3786 ـ بەت).

(131) ھەربىي نازارەتچى (军监) خەن سۇلالىسى قوشۇنىدا نازارەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 32 ـ توم، 327 ـ بەت).

(132) غەربىي رۇلار (西辱) ھۇنلارنىڭ بىر ئۇرۇقى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3788 ـ بەت (5) ئىزاھ).

(133) ئۆكەن (奥鞬) ھۇن بەگلىرىدىن. «ئۆگە» دەپ ئوقۇلۇشىمۇ مۇمكىن.

(مۇھەررىردىن).

(134) ھەربىي مەسلىھەتچى (言兵) خەن سۇلالىسى قوشۇنىدا مۇشاۋىرلىق ئىشلىرىنى قىلغۇچى.

(«خەننامە»، 11 – توم، 3789 – بەت).

(135) لۇشىلۇ (鹿奚卢) يەر نامى. فۇشىلۇ (符奚卢) تېغى ئىزاھىغا قاراڭ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5351 – بەت).

(136) خۇسۇر (赫宿) مەنبە تېپىلمىدى. يەر ئىسمى بولۇشى مۇمكىن.

(مۇھەررىردىن).

(137) دۇرۇنچى (都隆奇) ھۇن ئېلىنىڭ سول چوڭ قۇتقۇسى. م.ب. 58 – يىلى قوغشار تەڭرىقۇتقا قارشى چىقىپ، باتېسقان بوشتانىنى تەڭرىقۇت قىلغانلاردىن بىرى.

(«ھۇنلار تارىخي يىلنامىسى»، 51 – بەت).

(138) ئىچۇر (伊酋若) يەر ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. خۇلۇر (呼留若) مۇ دېيىلىدۇ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5352 – بەت).

(139) ئۇچەم (乌禅幕) جىخسانىنىڭ قېيىن ئاتىسى. ئوڭ تەرەپ رايونلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى.

(«خەننامە»، 11 – توم، 3790 – بەت).

(140) گۇش خان (姑夕王) ھۇنلارنىڭ شەرق خانلىرىدىن، ئۇچەم خان بىلەن بىرلىكتە ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلغان.

(«خەننامە»، 11 – توم، 3790 – بەت).

### «خەننامە» 94 ــ جىلد

## ھۇنلار ھەققىدە قىسسە (Ⅱ)

قوغشار تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ بىرنەچچە ئايغىچە ھەربىي ھەرىكەتنى توختاتتى. ئەسكەرلىرىنى ئۆز جايىغا قايتۇردى ھەمدە خەلق ئارىسىدا يۈرگەن ئاكىسى قۇتۇس(1) نى تاپتۇرۇپ كېلىپ، سول قول قان قىلدى. يەنە ئوڭ قول بىلىكخان تۇرغان يەردىكى ئەمەلدارلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئوڭ قول بىلىكخاننى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇ يىلى قىشتا دۇرۇنجى بىلەن ئوڭ قول بىلىكخان بىرلىكتە باتىسقان بوشتانىنى تۇغ تەڭرىقۇت(2) ئۇنۋانى بىلەن تەڭرىقۇتلۇققا تىكلىدى ۋە نەچچە تۈمەن ئەسكەر بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، قوغشار تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. يېڭىلگەن قوغشار تەڭرىقۇت چېكىندى. قايتىپ كەلگەن تۇغ تەڭرىقۇت ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى دۇتۇشىنى سول قول قان، كىچىك ئوغلى قۇملۇتنى ئوڭ قول قان قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆزى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا تۇردى.

2 ــ يىلى (م.ب. 57 ــ يىلى، خەن شۈەندى ۋۇ فېڭ بىرىنچى يىلى) كۈزدە، تۇغ تەڭرىقۇت باتىسقان شەنشەنچانىڭ ئاكىسى ئوڭ ئۆكەن قان بىلەن كاھىبەگ(3) ئۇجەلەرنىڭ ھەر بىرى 20 مىڭدىن چەۋەنداز بىلەن شەرقتە تۇرۇپ، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ مۇداپىئە كۆردى. بۇ چاغدا غەرب تەرەپتىكى

ئوغۇز خانى ياساقبېگى ۋەلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوڭ قول بىلىكخان ئۆزىنى ئۇچە تەگرىقۇت ئېلان قىلماقچى دېگەن پىتنە ـ ئىغۋانى تارقاتقاچقا، تۇغ تەگرىقۇت ئوڭ قول بىلىك خاننى بالىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈردى. كېيىن ئوڭ قول بىلىكخانغا ئۇۋال بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ياساق بېگى ۋەلىنىمۇ ئۆلتۈردى. قاتتىق تەشۋىشلەنگەن ئوغۇز خانى تۇغ تەگرىقۇتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى ئوغۇز تەگرىقۇتى دەپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوڭ ئۆكەن خان ئۆزىنى چەلى تەگرىقۇت(4)، كاھبەگ ئۇچە ئۆزىنى ئۇچە تەگرىقۇت دەپ ئېلان قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا بەش تەگرىقۇت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. تۇغ تەگرىقۇت ئۆزى بىۋاسىتە شەرقتىكى چەلى تەگرىقۇتقا يۈرۈش قىلىپ، ئۇچەگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا دۈرۈنجىغا يارلىق چۈشۈردى. مەغلۇپ بولغان ئۇچە، ۋەلىلەر غەربىي شىمالغا قاچتى ۋە ئوغۇز خانى بىلەن بىرلىشىپ 40 مىڭ قوشۇنغا ئىگە بولۇشتى. ئۇچە بىلەن ئوغۇز خانى تەگرىقۇت نامىنى تاشلاپ، چەلىنى تەگرىقۇت قىلىپ تىكلىدى. بۇنى ئاڭلىغان تۇغ تەگرىقۇت سول چوڭ سەركەردە ۋە سول چوڭ كاھبەگنى 40 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئايرىم ھالدا شەرقتە تۇرۇپ، قوغشار تەگرىقۇتتىن مۇداپىئەلىنىشكە ئەۋەتتى. ئۆزى 40 مىڭ چەۋەنداز بىلەن غەربتىكى تەگرىقۇتقا يۈرۈش قىلدى. مەغلۇپ بولغان چەلى تەگرىقۇت غەربىي شىمالغا چېكىندى. تۇغ تەگرىقۇت قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ، غەربىي جەنۇبقا كەتتى ۋە تادۇن رايونىدا تۇرۇپ قالدى.

م.ب. 56 ـ يىلى (خەن شۈەندى ۋۇفېڭ ئىككىنچى يىلى) قوغشار تەگرىقۇت ئىنىسى ئوڭ قول خان قاتارلىقلارنى تۇغ تەگرىقۇتنىڭ غەربتە تۇرغۇزغان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار تۇغ تەگرىقۇتنىڭ 10 مىڭدىن ئوشۇق

ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇغ تەگرىقۇت شەخسەن ئۆزى قوغشار تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، 60 مىڭ چەۋەنداز بىلەن يۈرۈشكە چىقتى. 1000 چاقىرىم يۈرۈپ، رۇڭگۇ دېگەن يەرگە يېتىپ بارماستىنلا قوغشار تەگرىقۇتنىڭ 40 مىڭ ئەسكىرىگە ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن تۇغ تەگرىقۇت ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالدى. دۇرۇنجى بىلەن تۇغ تەگرىقۇتنىڭ كىچىك ئوغلى ئوڭ قول خان قۇملۇت قېچىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شەرققە كەتكەن چەلى تەگرىقۇت قوغشار تەگرىقۇتقا تەسلىم بولدى. ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى كۆرۈشكە قوغشار تەگرىقۇتنىڭ سول چوڭ سەركەردىسى ئۇلچۇ(5) بىلەن ئاتىسى خۇسۇل بەگ ئۇرۇۋىنتۇن(6) قول ئاستىدىكى نەچچە تۈمەن ئادىمى بىلەن جەنۇبقا چۈشۈپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن سۇلالىسى ئۇلچۇنى شىنچىپىڭ(7) بېگى، ئۇرۇۋىنتۇننى يىياڭ بېگى قىلدى. بۇ چاغدا لى لىڭنىڭ ئوغلى كاھبەگ ئۇجەنى تەگرىقۇتلۇققا كۆتۈرگەچكە قوغشار تەگرىقۇت تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قوغشار تەگرىقۇت يەنە تەگرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. لېكىن ئاھالىدىن پەقەت بىرنەچچە تۈمەنلا ئادەم قالدى. تۇغ تەگرىقۇتنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى شۇشۇنخان(8) قول ئاستىدىكى 500 — 600 چەۋەندازى بىلەن سول چوڭ قۇتقۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. قوشۇنلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئوڭ تەرەپ رايونلارغا كۆچۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنى رۇنجىن تەگرىقۇت دەپ ئاتاپ، غەربتە تۇردى. كېيىن قوغشار تەگرىقۇتنىڭ ئاكىسى سول قول بىلىكخان قۇتۇس ئۆزىنى چىچى-قۇتبەگ تەگرىقۇت ئاتاپ شەرقتە تۇردى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇنلىرى بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلغان رۇنجىن تەگرىقۇت چىچى تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. چىچى تەگرىقۇت ئۇرۇشتا رۇنجىن

تەگرىقۇتنى ئۆلتۈردى. ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، قوغشار تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. يېڭىلگەن قوغشار چېكىنىپ كەتتى. چىچى تەگرىقۇت ئوردىنى ئىشغال قىلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

قوغشار تەگرىقۇت ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، سول ئىجىزقان قوغشارغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئۈندىدى ۋە مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھۇنلار ئاندىن ئەمىن تاپىدۇ، دېدى. قوغشار تەگرىقۇت بۇنى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار: «بۇنداق قىلغىلى بولماس، ھۇنلارنىڭ ئادىتىدە ئەزەلدىن كۈچ - قۇدرەت ئەتىۋارلىنىپ، قۇللۇق پەس كۆرۈلىدۇ. ھۇنلار ئاتلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۆلەت قۇرغان، شۇڭا يات قوۋملەر ئارىسىدا ئابرويلۇق بولۇپ كەلگەن. ئۇلار ئۇرۇشتا ئۆلۈشنى شەرەپلىك دەپ بىلىدۇ. ھازىر قېرىنداشلار ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت ئاغىنىنىڭ بولمىسا، ئىنىسىنىڭ بولىدۇ. ئىنىسى ئۆلسە يەنىلا نامى قالىدۇ. ھۇنلار يەنىلا ئەۋلادتىن باشقا يات قوۋملەرگە باش بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. خەن سۇلالىسى گەرچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قائىدە - تۈزۈمىنى بۇزۇپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغۇدەكمىز؟! ئۇنداق قىلساق ئۆتكەن دەۋرلەردىكى تەگرىقۇتلارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قالىمىز. بۇنداق قىلىپ ئەمىنلىككە ئېرىشكىنىمىز بىلەن يات قوۋملەرنى قانداق باش قۇرىمىز؟» دېيىشتى. سول ئىجىز خان: «يوغىسۇ، دۆلەتنىڭ بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلىشىشى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. ھازىر خەن سۇلالىسى كۈچلۈك. ئاسىيۇلار، شۇنىڭدەك غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا

بېقىندى. چەتقۇ تەڭرىقۇتتىن بۇيان ھۇنلار كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. بىردىنلا ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تەرسالىق قىلغىنىمىز بىلەن بىر كۈنمۇ ئەمىنلىك تاپالمايمىز. خەن سۇلالىسىگە بېقىنساق تىنىچ ـ ئامان ياشايمىز؛ ئەگەر بېقىنمىساق دۆلەت ھالاك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ياخشى چارە يوق» دېدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئۇنىڭ بىلەن كۆپ مۇنازىرىلەشكەن بولسىمۇ، ئاخىر ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان قوغشار تەڭرىقۇت ئاھالىسىنى باشلاپ جەنۇبقا چۈشتى. خەن سۇلالىسى قورۇلىغا يېقىنلاشقاندا، ئوغلى ئوڭ قول بىلىكخان جۇلقۇتاننى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. چىچى تەڭرىقۇتمۇ ئوغلى ئوڭ چوڭ سەركەردە جۇيىرۇش(9) نى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ م.ب. 53 ـ يىلى (خەن شۈەندى گەنلۇ بىرىنچى يىلى) ئىدى.

م.ب. 52 ـ يىلى (خەن شۈەندى گەنلۇ ئىككىنچى يىلى) قوغشار تەڭرىقۇت ۋۇيۈەن قورۇلىغا بېرىپ، كېلەر يىلى بىرىنچى ئايدا زىيارەتكە كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن سۇلالىسى ھارۋا ـ ئاتلىقلار كاھېگى خەن چاڭنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. قوغشار تەڭرىقۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن، خەن شۈەندى يول ئۈستىدىكى يەتتە ۋىلايەتكە 2000 دىن چەۋەنداز چىقىرىپ يوللىغا قويۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. قوغشار تەڭرىقۇت بىرىنچى ئايدا خەن شۈەندى بىلەن گەنچۈەن ئوردىسىدا كۆرۈشتى. خەن سۇلالىسى پەۋقۇل ئاددە ۋە تەنتەنىلىك مۇراسىملار بىلەن كۈتۈۋالدى. ئورنى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىدىن يۇقىرى بولدى. زىيارەت ۋاقتىدا قوغشار تەڭرىقۇت ئۆزىنى پەقەت ئەئىيانىڭىز دەپ، تەڭرىقۇتلۇق نامىنى ئاتىمىدى. ئۇنىڭغا تاج، كەمەر، تون، ئالتۇن تامغا ۋە يېشىل تامغا بېغى، قاشتېشىدا زىننەتلەنگەن شەمشەر،

يان خەنجەر، بىر دانە يا، 48 تال ئوق، ئون دانە يالمانلىق
يان نەيزە، بىر بېزەك هارۋا، بىر يورۇش ئېگەر ـ جابدۇق،
15 ئات، 20 جىڭ ئالتۇن، 200 مىڭ يارماق، 70 قۇر كى-
يىم ـ كېچەك ۋە يوتقان ـ كۆرپە، 8000 توپ هەر خىل، هەر
رەڭلىك تاۋار ـ دۇردۇن، 60 جىڭ سەرناق تەقدىم قىلىندى.
زىيارەت تۈگىگەندىن كېيىن، قوغشار تەگىنقۇت چاگپىڭ قە-
سىرىگە ئاپىرىپ قويۇلدى. خەن شۈەندى گەنچۈەن ئوردىسىدىن
چىياڭ ئوردىسىدىكى ياتىقىغا كەلدى. خەن شۈەندى چاگپىڭ
قەسرىگە بېرىپ، قوغشار تەگىنقۇت بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنى
ئۆزىگە باش قويغۇزمىدى. ئۇنىڭ ئوڭ، سول ياساقبەگ
قاتارلىق ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ، تاماشا
كۆرۈشىگىمۇ ئىجازەت قىلىندى. يات قوۋملەرنىڭ خان ۋە
بەگلىرى بولۇپ، بىرنەچچە تۈمەن ئادەم ۋېيخې دەرياسى
كۆۋرۈكى يېنىدا خان بىلەن قوغشار تەگىنقۇتنى قارشى ئالدى
ۋە يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتار تىزىلىپ ئۇلارنى زىيارەت
قىلدى. خەن شۈەندى كۆۋرۈككە چىققاندا، هەممە «ياشىسۇن»
دەپ ۋارقىرىدى. قوغشار تەگىنقۇت مېهمانخانىغا ئورۇنلاش-
تۇرۇلۇپ بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، ئېلىگە
ئاپىرىپ قويۇلدى. تەگىنقۇت گۇاڭلۇ قورغىنى(10) دا تۇرۇشنى
تەلەپ قىلىپ، جىددىي پەيتلەردە خەن سۇلالىسىنىڭ تەسلىم-
چىلەرنى قوبۇل قىلىش شەهىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
قوغشار تەگىنقۇتنى شوفاڭ ۋىلايىتى جاۇ قورغىنى(11) ئىچىگە
قوغداپ ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى چاگىلى
ئوردىسىنىڭ ياساۋۇلبېگى، گاۋچاڭ بېگى دۇڭ جۇڭ، هارۋا ـ
ئاتلىقلار كاھىبېگى خەن چاڭلارنى 16 مىڭ چەۋەنداز بىلەن
يەنە چېگرا ۋىلايەتلەردىن بىرنەچچە مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە
چەۋەنداز ئەۋەتتى. قوغشار تەگىنقۇتنىڭ يېنىدا قېلىپ ئۇنى
قوغداش، بويسۇنمىغانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن دۇڭ جۇڭ قا-

تارىلىقلارغا يارلىق چۈشۈرۈلدى. چېگرا رايونلاردىن ئىلگىرى ـ ئاخىر 34 مىڭ پاتمان ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى چىچى تەڭرىقۇتمۇ زىيارەتكە ئەلچى ئەۋەتتى ۋە سوۋغات يوللىدى. خەن خانى ئۇنىڭغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئىككىنچى يىلى (م.ب. 50 ـ يىلى، خەن شۈەندى گەنلۇ تۆتىنچى يىلى) ھەر ئىككى تەڭرىقۇت ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلىشتى ۋە خەن شۈەندىنى زىيارەت قىلغۇزدى. خەن سۇلالىسى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىلىرىنى تېخىمۇ كاتتا كۈتۈۋالدى. كېيىنكى يىلى (م.ب. 49 ـ يىلى، خەن شۈەندى خۇاڭلۇڭ بىرىنچى يىلى) قوغشار تەڭرىقۇت يەنە خەن خانىنى زىيارەت قىلىشقا كەلدى. ئۇنىڭغا قىلىنغان ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە ئىنئام ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا 115 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 9000 توپ تاۋار ـ دۇردۇن، 8000 جىڭ سەرناق قوشۇپ بېرىلدى. چېگرىدا تۇرۇشلۇق قوشۇن بولغانلىقى ئۈچۈن يەنە ئەسكەر چىقىرىپ قوغداپ ئاپىرىپ قويۇلمىدى.

دەسلەپ چىچى تەڭرىقۇت قوغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى، ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئاجىز بولغاچقا قايتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ، ئاھالىسىنى غەربكە باشلاپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ ئوڭ تەرەپ زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالماقچى بولدى. ئەسلىدە قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئوڭ تەرەپتىكى ئەلگە كېتىپ قالغان تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك ئىنىسى ئىككى ئاكىسىنىڭ بىرنەچچە مىڭ ئادىمىنى يىغىۋېلىپ، ئۆزىنى ئىلىم تەڭرىقۇت (12) دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ، يولدا چىچى تەڭرىقۇت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولدى. ئۇنى ئۆلتۈرگەن چىچى تەڭرىقۇت ئاھالىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكىرى 50 مىڭدىن ئاشتى. خەن سۇلالىسىنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتقا ئەسكەر

-ۋە ئاشلىق ياردەم بېرىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چىچى تەڭرىقۇت ئۇ تەرەپ رايونىدا تۇرۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ھۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۈچى ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چىچى تەڭرىقۇت تېخىمۇ غەربكە كۆچۈپ ئاسىيۇغا يېقىنلاشتى ۋە ئاسىيۇ بىلەن بىرلىشىشنى ئويلاپ، ئاسىيۇ كىچىك كۈنبېگى ئۇجۇت بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەلچى ئەۋەتتى. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى، چىچى تەڭرىقۇتنىڭ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەن ئۇجۇت ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، خەن سۇلالىسىگە ياخشى كۆرۈنۈشكە ئۇرۇندى ۋە چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئەۋەتتى ھەمدە 8000 چەۋەنداز بىلەن چىچى تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. ئاسىيۇ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ قايتمىغانلىقىنى بايقىغان چىچى تەڭرىقۇت ئەسكەر تارتىپ ئاسىيۇ بىلەن ئۇرۇش قىلدى ۋە ئۇلارنى تارمار كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن شىمالغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوغۇزلارنى بويسۇندۇردى. غەربكە يۈرۈش قىلىپ خاكاسلار (قىرغىزلار) نى يەڭدى. يەنە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ تۇرالارنى تەسلىم قىلىپ، بۇ ئۈچ خانلىقنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئاسىيۇلارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، دائىم يېڭىپ تۇردى. خاكاسلار شەرقتىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن 7000 چاقىرىم يىراقلىقتا، جەنۇبتىكى قوس خانلىقىدىن 5000 چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. تەڭرىقۇت مانا شۇ يەردە پايتەخت تەسىس قىلىپ تۇردى.

خەن يۈەندى يېڭى تەختكە چىققاندا، قوغشار تەڭرىقۇت خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېيتىپ، خانىغا مەكتۇپ يوللىدى، خەن خانى يۈنجۇڭ، ۋۇيۈەن ۋىلايەتلىرىدىن 20 مىڭ خۇ ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

ئۆزىنىڭ تۇرغان يېرىنى يىراق كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن سۇلالىسىنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتىنى قوللاۋاتقانلىقىدىن نارازى بولغان چىچى تەڭرىقۇت تۇرغاق ئوغلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى چىچى تەڭرىقۇتنىڭ تۇرغاق ئوغلىنى ئاپىرىپ قويۇشقا گۇجىنى ئەۋەتتى. چىچى تەڭرىقۇت گۇجىنى ئۆلتۈردى. خەن سۇلالىسى بولسا گۇجىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار گۇجىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى چېگرىدا ئاڭلىغانىكەن. شۇڭا قوغشار تەڭرىقۇتىنىڭ ئەلچىسى كەلگەن چاغدا خەن سۇلالىسى بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈردى. ئىككىنچى يىلى (م. ب. 47 - يىلى، خەن يۈەندى چۇيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن سۇلالىسى ھارۋا - ئاتلىقلار كاھىبېگى خەن چاڭ، كېڭەشبېگى جاڭ مېڭنى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ تۇرغاقتىكى ئوغلىنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە گۇجى قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ شۈبھىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىپ، خەن چاڭ، جاڭ مېڭلار قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاھالىسى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەچكە، قورۇل ئەتراپىدا قۇش ۋە ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۈگەتكەنلىكىنى، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئۆزىنى قوغدىيالايدىغانلىقىنى، چىچى تەڭرىقۇتتىن ئەمدى قورقمايدىغانلىقىنى بايقىدى. ھۇن ۋەزىرلىرىنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتنى شىمالدىكى كونا ماكانىغا كۆچۈپ كېتىشكە ئۈندەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خەن چاڭ، جاڭ مېڭلار ھۇنلار شىمالغا قايتىپ كەتسە، ئۇلارنى تىزگىنلەشنىڭ تەس بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشتى. شۇڭا قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشتى. ئەھدىنامىدە: «بۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى بىر ئائىلىدەك يېقىن ئۆتىدۇ. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلمايدۇ ۋە بىر - بىرىنى

ئالدىمايدۇ. بۇلاڭ - تالاڭ ئەھۋاللىرى يۈز بەرسە، بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىدۇ ۋە جازالايدۇ. زېمىننى تۆلىتىۋالىدۇ؛ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىسا، ئەسكەر چىقىرىپ، بىر - بىرىگە ياردەم قىلىدۇ. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ قايسىسى ئاۋۋال ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلسا، شۇ تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئەۋلادلىرىنى بۇ ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىسىگە رىئايە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» دېيىلگەن. خەن چاڭ، جاڭ مېڭلار قوغشار تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارنىڭ نوشۇي(13) دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى دۆڭشەن تېغىغا چىقىپ ئاق ئات سويۇشتى، ئاغا تەڭرىقۇت توخرىيلار خانىنى ئۆلتۈرۈپ، باش سۆڭىكىدىن ياسىغان شاراب جامىغا مەي قۇيغۇزدى، قوغشار تەڭرىقۇت شەمشىرى بىلەن بىلىكىدىن قان چىقىرىپ، مەيگە تېمىتتى ۋە ئالتۇن نەقىشلىك قوشۇقتا قان بىلەن مەينى ئارىلاشتۇرۇپ، بىرلىكتە ئىچىپ قەسەمياد قىلىشتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەن چاڭ بىلەن جاڭ مېڭلار ئەھۋالنى مەلۇم قىلىۋېدى، بەزى ۋەزىر - ۋۇزرالار: «تەڭرىقۇت چېگرا - قورۇللاردا تۇرىدۇ. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ بېقىندى يات قوۋملىرى، شىمالغا قايتىپ كەتسىمۇ بىزگە خەۋپ - خەتەر تۇغۇلمايدۇ. خەن چاڭ، جاڭ مېڭلار ئۆز ئالدىغا خەن سۇلالىسىنىڭ نامىدا، يات تۇرالار (ھۇنلار) بىلەن قەسەمياد قىلىشتى. تېخى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەمەل قىلىدىغان ئىتتىپاقلىق ئەھدىنىمۇ تۈزۈپتىمىش! بۇ تەڭرىقۇتنى نەزىر - چىراقتا قىلىدىغان بولمىغۇر گەپلەر بىلەن تەمسىلگەنلىك، دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك، ھەيۋىتىمىزنى سۇندۇرغانلىق بولۇپ، بۇنى ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. قوغشار تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇقتۇرۇش قىلىش كېرەك. قوغشار تەڭرىقۇت تەڭرىگە نەزىر - چىراق قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ئەھدىنى ئەمەلدىن قالدۇرسۇن.

خەن چالا بىلەن چالا مېگلار ئەلچىسىلىك ۋەزىپىسىنى بىلىشى
ئادا قىلمىدى، جىنايىتى ئېغىر» دېيىشتى. خەن يېڭەندى
ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى يېنىك ھېسابلاپ، خىزمەت كۆرسىتىپ
جىنايىتىنى يۇيۇش پۇرسىتىنى بېرىش توغرىسىدا يارلىق
چۈشۈردى. ئىتتىپاقلىق ئەھدىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى.
كېيىن قوغشار تەگرىقۇت شىمالدىكى ئوردىسىغا قايتىپ
كەتتى. ئۇنىڭ ئاھالىلىرىمۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ داۋاملىق
شىمالغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچى ئەمىن تاپتى.
چىچى تەگرىقۇت خەن ئەلچىسى گۇ جىنى ئۆلتۈرۈپ
قويغانلىقى تۈپەيلى ئۆزىنىڭ خەن سۇلالىسى ئالدىدا تىلى
قىسىقلىقىنى چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوغشار
تەگرىقۇتنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،
ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، يىراققا كۆچۈپ
كەتمەكچى بولدى. كانگا خانى ئاسىيۇدىن كۆپ قېتىم
يېڭىلگەچكە، يابغۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھۇنلار چوڭ
دۆلەت، ئاسىيۇلار ئەزەلدىن ئۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن، ھازىر
چىچى تەگرىقۇت سىرتتا جاپا چېكىۋاتىدۇ، ئۇنى تەكلىپ
قىلىپ، شەرق تەرىپىمىزگە ئورۇنلاشتۇرساق ۋە كانگا بىلەن
بىللە ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېرىنى بېسىۋېلىشقا
ئۈندىسەك، چىچى تەگرىقۇت ئۇ يەردە دۆلەت قۇرسا، شۇنىڭ
بىلەن ھۇنلارنىڭ بىزگە كەلتۈرىدىغان پاراكەندىچىلىكى
تۈزۈن مۇددەت يوقىلاتتى - دېدى - دە، قىرغىزلارغا ئەلچى
ئەۋەتىپ، چىچى تەگرىقۇتقا بۇ گەپلەرنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى
ئىلتىماس قىلدى. خەن سۇلالىسى بىلەن قوغشار تەگرى-
قۇتتىن ئەنسىرەپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيۇلارغا ئۆچى
بولغان چىچى تەگرىقۇت كانگانىڭ پىلانىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن
خۇش بولدى ۋە كانگا بىلەن دوستلىشىپ، ئەسكەرلىرىنى
باشلاپ غەربكە يۈرۈپ كەتتى. كانگامۇ نەچچە مىڭ تۆگە،

ئات بىلەن ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ، چىچى تەڭرىقۇتىنى قارشى ئالدى. چىچى تەڭرىقۇتىنىڭ كۆپ ئادىمى يولدا توڭلاپ ئۆلگەچكە كانگاغا ئاران 3000 ئادەم بىلەن يېتىپ باردى. م. ب. 36 - يىلى (خەن يۈەندى جيەنجاۋنىڭ ئۈچىنچى يىلى) قورۇقچىبەگ گەن يەنشۇ بىلەن ياردەمچىسى چېن تاڭ ئەسكەرلىرى بىلەن كانگاغا ھۇجۇم قىلدى ۋە چىچى تەڭرىقۇتىنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇشۇ كىتابنىڭ «گەن يەنشۇ، چېن تاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا پۈتۈلگەن.

چىچى تەڭرىقۇتىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەم خۇش بولغان، ھەم ئەنسىرىگەن قوغشار تەڭرىقۇت خەن يۈەندىگە مەكتۇپ سۇنۇپ: «مەن خان بىلەن كۆرۈشۈشنى دائىم ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن چىچى غەربتە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاسىيۈلار بىلەن بىرلىشىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن خان ئالىيلىرىنى زىيارەت قىلالمىدىم. ھازىر چىچى ئۆلتۈرۈلدى. سىلىنى زىيارەت قىلىشقا بارماقچىمەن» دېدى. م. ب. 33 - يىلى (خەن يۈەندى چىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) قوغشار تەڭرىقۇت يەنە بىر قېتىم زىيارەتكە كەلدى. قائىدە - يوسۇن ۋە ئىنئام - ئىشلىرى بۇرۇنقىدەكلا بولدى. كىيىم - كېچەك، تاۋار - دۇردۇن، سەرنەخ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خەن شۈەندى خۇاڭلۇڭ تۇنجى يىلدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپ تەقدىم قىلىندى. قوغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە كۈيئوغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق دوستلۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. خەن يۈەندى خانىشلار ئوردىسىدىن خانىنىڭ قولىنىڭ ئۈچىنى تۇتۇپ باقمىغان قىز ۋاڭ چياڭ (ۋاڭ جاۋجۈن) غا مەلىكىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىپ، ئۇنى قوغشار تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلدى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان قوغشار تەڭرىقۇت خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ،

شاڭگۇدىن دۇنخۇاڭغا قەدەر بولغان چېگرا - قورۇللىرىنى
قوغدايدىغانلىقىنى، بۇ ۋەزىپىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا
قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە چېگرا - قورۇللارنى
مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان سىپاھ - بەگلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشنى،
شۇ ئارقىلىق خاننىڭ پۇقرالىرىنى دەم ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس
قىلدى. خەن يۈەندى بۇنى ئەمەلدارلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇ-
ۋېدى. مۇزاكىرىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇنى توغرا دەپ
قارىغان بولسىمۇ، لېكىن كاتاۋۇل خۇ يىڭ چېگرا ئەھۋالىنى پىش-
شىق بىلگەچكە، بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. خەن
يۈەندى ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، خۇ يىڭ: «جۇ سۇلالىسى
ۋە چىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن بۇيان ھۇنلار ئىنتايىن
زوراۋانلىشىپ، چېگرا - قورۇللىرىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ
كەلگەن، خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ
زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلدى. ئاڭلىشىمچە شىمالىي چېگرىمىز
لياۋدۇڭغىچە بارىدىكەن، سىرتىمىزدىلا چۇغاي تېغى بار بولۇپ،
بۇ تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى شەرقتىن غەربكىچە 1000 چاقىرىمدىن
ئارتۇق كېلىدىكەن. ئۇ يەر قېلىن ئوتلاق بولغاچقا، قۇش ۋە
ھايۋانلار ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئەنە شۇ يەردە تۇرغان باتۇر
تەڭرىقۇت ئوقيا ياساپ، بۇلاڭ - تالاڭ بىلەن شۇغۇللانغان
بولۇپ، ئۇ يەرنى ئات - كالا باقىدىغان يايلاق قىلىۋالغا-
نىكەن. خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە ئەسكىرىي يۈرۈش
قىلىنىپ، ئۇ يەرلەر تارتىۋېلىنغان، ھۇنلار چوڭ قۇملۇقنىڭ
شىمالىغا قوغلاپ چىقىرىلىپ قورۇل ۋە راباتلار سېلىنىپ،
تۇرلار ياسالغان. قورغانلار سېلىنىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ
مۇداپىئە كۆرۈلگەچكە، چېگرا - قورۇللار سەل تىنچلانغا-
نىكەن. قۇملۇق شىمالىنىڭ يەر شەكلى تەكشى، دەرەخ - ئور-
مانلىرى ئاز، تىتراڭ سايلىق كۆپ بولغاچقا، ھۇجۇم قىلىپ
كەلگەن ھۇنلارغا يوشۇرۇنغۇدەك يەر يوق ئىدى. چېگرا -

قورۇللارنىڭ جەنۇبىدىكى يوللار تاغ ـ جىلغىلار ئىچىدە
بولغانلىقى تۈپەيلى، قاتناش ئوڭايسىز ئىدى. چېگرىدىكى
قىرىللارنىڭ ئېيتىشىچە، ھۇنلار چۇغاي تېغىدىن ئايرىلىپ
قالغاندىن بۇيان، بۇ يەردىن ئۆتسىلا كۆزلىرىگە ياش ئالىدى-
كەن. ئەگەر چېگرا مۇداپىئەسىدىكى ئەسكەرلەر قايتۇرۇلۇپ
كېتىلىدىغان بولسا، بۇ يات قوۋملەرنى پايدىلىق پۇرسەتكە
ئىگە قىلغانلىق بولىدۇ. مانا بۇ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدى-
غانلىقىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى. ھازىر خەن سۇلالىسىنىڭ
شانۇ ـ شەۋكىتى پۈتكۈل ئەتراپقا يېيىلغان بولۇپ، خۇددى
كۆك گۈمبىزىدەك ھۇن ئېلىنىمۇ قاپلىدى. ھازىر ھۇنلار ئۆز
ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتە خەن سۇلالىسىنىڭ
پاناھىغا ئىگە بولغاچقا، باش ئېگىپ بېقىندى. لېكىن يات
قوۋملەر قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئىتائەت قىلىپ، كۈچەيگەن
چېغىدا تەكەببۇرلىشىپ ئاسىيلىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلى
تەبىئىتى مانا شۇ. بۇرۇن سىرتقى قورغانلارنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇپ، بېكەت ـ قاراۋۇلخانىلارنى ئازايتقانلىقىمىز ئۈچۈن،
ھازىر چېگرا ئەھۋالىنى كۆزىتەلمەيدىغان ۋە ئۇنى مەلۇم
قىلالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدۇق. قەدىمكىلەر تىنچلىق
ۋاقىتلىرىدا خەۋپ ـ خەتەرنى ئېسىدىن زادى چىقارمايدىكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن چېگرا قورغانلىرىنى ئېلىپ تاشلاشقا بولماس،
بۇ ئىككىنچى سەۋەب. خەن سۇلالىسىدە كىشىلەر قائىدە ـ
يوسۇن بىلەن تەربىيىلىنىپ، جازا قانۇنى بىلەن تىزگىنلەنگەن.
شۇنداق بولسىمۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغانلار پات ـ پات
چىقىپ تۇرىدۇ. تەگرىقۇت ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق
ئەھدىگە خىلاپلىق قىلماسلىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟
مانا بۇ ئۈچىنچى سەۋەب. خەن سۇلالىسى يەنە قوۋۇق ـ
قورغانلارنى سېلىپ، بەگلىكلەرنى تىزگىنلەپ، بەگلەرنىڭ قارا
نىيىتىنى چەكلىشى لازىم. شۇڭا قورغانلاردا مۇداپىئە ئەسكەر-

لىرىنى تۇرغۇزۇش پەقەت ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى يەنە ھەرقايسى بېقىندى ئەللەر ۋە تەسلىم بولغان ئاھالىلەردىنمۇ مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن. چۈنكى ئۇلار ئەسلى ھۇن بولغانلىقتىن. قېچىپ كېتىش ئېھتىمالى بار، مانا بۇ تۆتىنچى سەۋەب. يېقىندىن بۇيان چېگرا - قورۇللارنى قوغداۋاتقان غەربىي چياڭلار خەنزۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىۋاتىدۇ، خەن ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقى نەپسى يامانلىق قىلىپ، ئۇلارغا چاڭ سېلىپ، مال - چارۋا ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شۇڭا ئۇلار نارازى بولۇپ ئىسيان كۆتۈردى. بۇ ئىسيان توختىماي داۋاملىشىۋاتىدۇ. ھازىر چېگرا مۇداپىئەسىنى ئېلىپ تاشلىساق، چياڭلارنىڭ خورىكى ئېشىپمۇ ئۆسۈپ ماجىرا پەيدا بولىدۇ، بۇ بەشىنچى سەۋەب. بۇرۇن ھەربىي يۈرۈشكە چىققان نۇرغۇن كىشىلەر قايتىپ كەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ نامراتلاشقان ئەۋلادلىرى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئالتىنچى سەۋەب. چېگرىدىكى ئەر ۋە ئايال قۇللار تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلى قېچىشنى ئويلايدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كېڭىشىپ «ھۇنلار ئېلى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىكەن. بىراق قورغانلار قاتتىق كونترول قىلىنغاچقا، قېچىپ كېتىشكە ئامال يوق» دېيىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنىلا چېگرىدىن قېچىپ كېتىۋاتقانلار بار. مانا بۇ يەتتىنچى سەۋەب. قاراقچىلار ياۋۇز بولۇپ، دائىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامالسىز قالغان ۋاقتىدا شىمالغا قېچىپ كېتىدۇ، تىزگىنلىگىلى بولمايدۇ. مانا بۇ سەككىزىنچى سەۋەب. چېگرا - قورۇللىرى قۇرۇلغىنىغا 100 يىلدىن ئاشتى، بۇ قورۇللارنىڭ ھەممىسى توپىدىن ياسالغان ئەمەس، تاغ قىيالىرى ياكى قۇرىغان - سۇنغان دەرەخ - ياغاچلاردىن پايدىلىنىپ ياسالغان ياكى جىلغىلارنى تاملار بىلەن ئېتىپ قامال قىلىپ قويۇلغان ۋە ياكى ئەمەلىي

ئەھۋالغا مۇۋاپىق ئازراق تۈزلەپ قويۇلغان، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئۇنىڭغا كەتكەن ئادەم ۋە مالىيە كۈچىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەس. كەمىنلىرى بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ئەمەلدارلار ئەتراپلىق ئويلىماي، پەقەت چېگرا مۇداپىئەسىگە كېتىدىغان ھاشارنى ئازايتىشنىلا ئويلاپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. مۇبادا 10 يىلدىن كېيىن ياكى 100 يىل ئۆتكەندە بىرەر جىددىي ئەھۋال چىقىپ قالسا، ئۇ چاغدا بۇزۇلغان قورۇل بېكەت ۋە تۇرلارنى يەنە بىر قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ قايتا ياساشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىشنى بىرنەچچە ئەۋلادنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ھەرگىز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ توققۇزىنچى سەۋەب. ئەگەر مۇداپىئە قوشۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاراۋۇللارنى قىسقارتساق، قوغشار تەگرىقۇت چوقۇم چېگرا - قورۇللارنى قوغداپ، خەن سۇلالىسىگە خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ئىنئام تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپى سەللا قاندۇرۇلماي قالسا، كۈتۈلمىگەن ئەھۋال چىقىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا يات قەۋملەرگە پايدىلىق پۇرسەت تۇغۇلۇپ، ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ مۇداپىئەسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، مانا بۇ ئونىنچى سەۋەب. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك مۇھاكىمىلەر دۆلەت ئەمىنلىكىنى ئۇزاق مۇددەتكىچە ساقلاپ، يات قەۋملەرنى كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇشنىڭ ئەلا چارىسى ئەمەس!» دېدى.

خۇ يىڭ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، خەن يۈەندى: «چېگرا - قورۇللارنى ئېلىپ تاشلاش مەسىلىسى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە مۇشۇ يەردە توختىتىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى ۋە ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى شۈجيانى قوغشار تەگرىقۇتقا ئېغىزچە يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇپ: «تەگرىقۇت مەكتۇپلىرىدا شىمالدىكى چېگرا - قورۇللاردا تۇرۇشلۇق سىپاھ - بەگلەر ئەمەلدىن قالدۇ- رۇلسا، چېگرا - قورۇللارنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قوغدىسا

دەپ ئىلتىماس قىلغانىكەنلا، تەڭرىقۇت ئەدەب - قائىدىگە ئىنتىلىپ، خەلق ئۈچۈن ئەتراپلىق ئويلاپتىلا. بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئەمىنلىكىنىڭ ئەلا چارىسى. بىز بۇنى ناھايىتى ئالقىشلايمىز. لېكىن خەن سۇلالىسىنىڭ تۆت ئەتراپىدا گومرۇك، كۆۋرۈك، بېكەت، قورۇللار بار بولۇپ، يالغۇز قورۇل سىرتىغىلا قارىتىلغان مۇداپىئە ئەمەس. خەن سۇلالىسىدىكى ئاسىيلارنىڭ ئەسكىلىكلىرى ۋە چېگرىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرۇۋاتقان قاراقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا خەلقنىڭ ئوي - پىكرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، قانۇن - قائىدىلەر تەكتىلىنىدۇ. بىز تەڭرىقۇتنىڭ سەلتەنىتىمىزگە بولغان ساداقىتىنى چۈشىنىمىز، بۇنىڭغا قىلچە گۇمان قىلمايمىز. چېگرا مۇداپىئەسىنى بىكار قىلماسلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېھتىمال تەڭرىقۇت چۈشەنمىسىلىرى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن باش ئەمىر - لەشكەر، ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى شۇجيانى بۇ ئەھۋاللارنى ئۆزلىرىگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا ئەۋەتتۇق» دېگۈزدى. تەشەككۈر بىلدۈرگەن تەڭرىقۇت: «مەن نادان چوڭ مەقسەتلەرنى چۈشەنمەپتىمەن. باش ئەمىر - لەشكەرنى ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قويغانلىقى خاننىڭ كەمىنىگە قىلغان ئىلتىپاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى سول ئىجىز قان خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇش توغرىسىدا قوغشار تەڭرىقۇتقا ئەقىل كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمىنلىك ئورنىغانىدى. كېيىن بەزىلەر سول ئىجىز خانغا قارا چاپلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى دەستەك قىلىپ ئىچىدە ھەمىشە نارازى بولۇپ يۈرىدۇ، دەپ قوغشار تەڭرىقۇتنى گۇمانلاندۇرۇپ قويغاچقا، ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورققان سول ئىجىز خان ئۆزىنىڭ مىڭدەك ئېلى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن سۇلالىسى

ئۇنىڭغا ئۆلكە بېگى ئۇنىۋانى بەردى ۋە 300 ئۇتۇنلۇك يەر سۇيۇرغال قىلىپ، خانلىق تامغىسى پۆپۈكىنى داۋاملىق ئېسىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى. م. ب. 33 - يىلى (خەن يۈەندى جىڭنىڭ تۇنجى يىلى) زىيارەتكە كەلگەن قوغشار تەڭرىقۇت سول ئىجىز خان بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا ناماقۇل بولۇپ: «سىزنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئەقلىڭىزنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى چوڭ بولدى. ھۇنلار تاكى ھازىرغىچە تىنچ ياشاۋاتىدۇ، بۇ سىزنىڭ تۆھپىڭىز، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇغىلى بولسۇن! مەن سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن، سىزنىڭ كېتىپ قېلىشىڭىز مېنىڭ خاتالىقىم، ھازىر مەن خانىغا سىزنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن» دەيدۇ. سول ئىجىز خان: «تەڭرىقۇت تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، ئەلنى ئەمىنلىككە ئېرىشتۈردىلە. بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، خانىنىڭ يار - يۆلىكى بىلەن بولدى. بۇ قانداقمۇ مېنىڭ تۆھپەم بولسۇن؟ مەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، يەنە ھۇنلار ئېلىگە قايتىپ كەتسەم، بۇ ئالا كۆڭۈللۈك بولۇپ قالىدۇ. مەن تەڭرىقۇت ئۈچۈن خەن سۇلالىسىگە خىزمەت قىلاي، يارلىقلىرىنى قوبۇل قىلالمايمەن» دېدى. قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىپ، ماقۇل قىلالمىغان قوغشار تەڭرىقۇت قايتىپ كەتتى.

ۋاڭ جاۋجۈننىڭ نامى ھۇنلارنى تىنچلاندۇرغۇچى ئالچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىتجىياس(14) ئىسىملىك ئوغۇل ئوڭ باتىسقان بولۇپ تەيىنلەندى. قوغشار تەڭرىقۇت 28 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، م. ب. 31 - يىلى (خەن چېڭدى جيەنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۆلدى. قوغشار تەڭرىقۇت بۇرۇن سول ئىجىر خانىنىڭ ئاكىسى قويانقان(15) نىڭ ئىككى قىزىنى ياخشى

كۆرەتتى. چوڭ قىز جۈەمچۇ ئالچى (بىرىنچى ئالچى)(16)
ئىككى بالا تۇغقان بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى جۇمۇچ(17)،
كىچىكىنىڭ ئىسمى نانكىياس(18) ئىدى. كىچىك قىزى چوڭ
ئالچى (ئىككىنچى ئالچى) بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۆت بالا تۇغۇلدى.
چوڭىنىڭ ئىسمى دېۋتاۋبوقا، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى جۇمدىش(19)
بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جۇمۇچتىن چوڭ ئىدى.
ئىككى كىچىك ئوغۇلىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى شيەن(20)، يەنە
بىرىنىڭ لىي(21) بولۇپ، بۇلار نانكىياستىنمۇ كىچىك ئىدى.
يەنە باشقا ئالچىلاردىن تۇغۇلغان 10 نەچچە بالا بار ئىدى.
ئالچى چۇنچۇ ئەتىۋارلىق ئالچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغشار
تەگرىقۇت جۇمۇچنى ياخشى كۆرەتتى. قوغشار تەگرىقۇت
ئۆلۈش ئالدىدا، جۇمۇچنى ئۆزىگە ۋارىس قىلماقچى بولغان
بولسىمۇ، ئانىسى جۈەن چۇ ئالچى: «ھۇنلاردا بولغان ئون نەچچە
يىللىق قالايمىقانچىلىقتا، ئەل قىل ئۈستىدە قالغانىدى. خەن
سۇلالىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئاران ئەمىنلىككە ئېرىشتى. ھالا
بۈگۈن ئەمىللىك ئورنىغاچقا، خەلقنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى.
جۇمۇچ تېخى كىچىك، پۇقرالار ئۇنىڭغا بېقىنىپ كەتمەيدۇ.
ئۇ تەگرىقۇت بولسا، ئەلدە يەنە قالايمىقانچىلىق چىقىپ
قالارمىكىن. چوڭ ئالچى بىلەن ئىككىمىز ئاچا - سىڭىل،
بالىلارمۇ بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى، ئەڭ ياخشىسى دېۋتاۋبوقا
ۋارىسلىق قىلغىنى تۈزۈك» دېدى. چوڭ ئالچى: «جۇمۇچ
گەرچە كىچىك بولسىمۇ، دۆلەت ئىشىغا ۋەزىرلەر ياردەم
قىلىدۇ. ھازىر جۈەن چۇ ئالچىدىن بولغان بالىنى تاشلاپ قويۇپ،
چوڭ ئالچىدىن بولغان بالىنى ۋارىس قىلىپ قويساق كېيىن
چوقۇم قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ» دېدى. قوغشار تەگرىقۇت
ئالچى جۈەنچۈنىڭ پىكرى بويىچە، دېۋتاۋبوقانى ۋارىس
قىلدى، كېيىنچە ئۇنىڭ ئىنىسى جۇمۇچنى ۋارىس قىلىش
توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇردى. قوغشار تەگرىقۇت ئۆلۈپ،

ئورنىغا دېۋتاۋبوقا ھۆكۈمدار بولۇپ، پۈجۈلجۈت تەڭرىقۇت دەپ ئاتالدى. پۈجۈلجۈت تەڭرىقۇت ئوغلى ئوك جىلۇرقانى(22) شىشتۇنۇقنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. جۈمىشنى سول قول بىلىكخان، جۈمۇچنى سول قول خان، نانكىياسنى ئوك قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىدى. پۈجۈلجۈت تەڭرىقۇت ۋاڭ جاۋجۈنگە ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى قىز كۆردى. چوڭى شۈيبۇقىز(23)، كىچىكى تانىيۇقىز(24) دەپ ئاتالدى.

م. ب. 28 - يىلى (خەن چېڭدى خېپىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) تاپشۇرۇق بويىچە ئوك گاۋلىن(25) خانى ئىشمۇيان قاتارلىقلار خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا زىيارەتكە كېلىپ، سوۋغا تەقدىم قىلدى ۋە يېڭى يىلنى تەبرىكلىدى. ئۇلار ئېلىگە قايتقاندا، خەن سۇلالىسى ئەلچى قوشۇپ پۇفەن(26) ناھىيىسىگە ئۇزىتىپ باردى. ئىشمۇيان: «مەن ئەل بولسام، مۇبادا قوبۇل قىلىنماي قالسام، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، ھەرگىز قايتمايمەن» دېۋىدى، خەن ئەلچىسى ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلدى. خان بۇ ئىشنى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالدى. مۇھاكىمە داۋامىدا، بەزىلەر ئىلگىرىكى قائىدە بويىچە ئۇنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، دېيىشتى. كېڭەشبېگى گۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەتچىبەگ دۇ چىنلار: «خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھۇنلار چېگرىدا كۆپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ زىيان سالغاچقا، ئالتۇن ئىنئام قىلىش، ئۇنۋان بېرىش يولى بىلەن تەسلىم بولغۇچىلار قوبۇل قىلىنغانىدى. ئەمدىلىكتە تەڭرىقۇت باش ئېگىپ ۋەزىر بولۇپ، شىمالدا بېقىندى خانلىقىمىز سۈپىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالا كۆڭۈل ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. شۇڭا خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇناسىۋىتى بۇرۇنقىدەك بولماس

لىقى كېرەك. بۈگۈن بىز تەگرىقۇتنىڭ زىيارەت قىلىش، سوۋغا تەقدىم قىلىشىنى سەممىيىتىنىمۇ ھەم ئۇنىڭ قاچقۇن ئەمەلدارلىرىنىمۇ قوبۇل قىلساق، بۇ بىرنى دەپ پۈتۈن بىر ئەلدىن مەھرۇم قالغانلىق، ئاسىي ئادەمنى قوغداپ، خەن سۇلالىسىنى ياخشى كۆرىدىغان ھۇن تەگرىقۇتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىك بولىدۇ. مۇبادا پۇجۇلجۇت تەگرىقۇت باشتا تەختكە چىققاندىلا خەن سۇلالىسىگە بېقىنماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى بۇنىڭ پايدا - زىيىنىنى چۈشىنەلمەي، ئىشمۇيانىنى يوشۇرۇن ئەۋەتىپ يالغان ئەل بولغان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ نىيىتىنى بىلمەكچى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ تەسلىمنى قوبۇل قىلىشىمىز ئىناۋىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزىدۇ - دە، تەگرىقۇتنى خەن سۇلالىسىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ ۋە ئۇنى چېگرا ئەمەلدارلىرى بىلەن يېقىنلاشتۇرمايدۇ. ئەگەر بۇ پۇجۇلجۇتنىڭ ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق زىددىيەت تۇغدۇرۇشنى ئويلىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئىشمۇيانىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشىمىز قىلتاققا چۈشكەنلىكىمىز بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار خەق خاتالىقنى خەن سۇلالىسىگە ئارتىپ قويۇپ، بىزنى ئەيىبلەيدۇ. مانا بۇ چېگرا بېخەتەرلىكىنىڭ كاپالىتى، ئۇرۇش ۋە تىنچلىقنىڭ ھالقىسى بولۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئويلاشماي بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئىشمۇيانىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلماسلىق، شۇ ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلارغا بولغان ئىشەنچىسى ئىنتايىن تولۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، قۇۋۇلۇق - سۇيىقەستلەرنى يوقىتىپ، ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېقىنىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا مۇۋاپىق بولىدۇ» دېيىشتى. مۇھاكىمىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆرگەن خەن چېڭدى ئەمر - نۆكەر ۋاڭ شۈننى ئەۋەتىپ، تەسلىم بولۇشقا دائىر ئەھۋاللارنى سۈرۈشتە قىلغۇزدى.

ئىشىمۇيان: «ئەسەبىيلىشىپ جۆيلۈپ قويۇپتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىگە قايتۇرۇلدى. قايتقىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. پەقەت خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمىدى. ئىككىنچى يىلى (م. ب. 27 - يىلى، خەن چېڭدى خېپىڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) بىرىنچى ئايدا زىيارەتكە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مەكتۇپ يوللىدى. ئۇ زىيارەتكە كەلگەندە، 20 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن، 20 مىڭ جىڭ سەرنەخ ئاشۇرۇپ بېرىلدى. باشقا نەرسىلەر م. ب. 33 - يىلى (خەن يۈەندى جىڭنىڭ بىرىنچى يىلى) دىكىگە ئوخشاش بولدى.

پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ 10 يىلدىن كېيىن ئۆلدى. بۇ م. ب. 20 - يىلى (خەن چېڭدى خۇڭجيانىڭ بىرىنچى يىلى) ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى جۇمىش ۋارىسلىق قىلىپ، سۇشجۇت تەڭرىقۇت(27) دەپ ئاتالدى. سۇشجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوغلى سول جۇتقان(28) چۇلۇسقۇنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. جۇمۇچنى ئوڭ قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىدى. سۇشجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ سەككىز يىلدىن كېيىن، م. ب. 12 - يىلى (خەن چېڭدى يۈەنيەننىڭ تۇنجى يىلى)، يۈەنيەن ئىككىنچى يىلىنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەشكە كېتىۋېتىپ، قورۇلغا يېتىپ بارماستىنلا كېسەل بولۇپ قېلىپ يولدا ئۆلدى. ئورنىغا ئىنىسى جۇمۇچ ۋارىسلىق قىلىپ، چەياجۇت تەڭرىقۇت(29) دەپ ئاتالدى.

چەياجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوغلى ئوڭ يۇتچۇچانخان(30) ئۇيىتاننى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. نانكىياسنى سول قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىدى. چەياجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ تۆت يىلدىن كېيىن (م. ب. 8 - يىلى خەن چېڭدى سۈيخې(31) نىڭ

بىرىنچى يىلى) ئۆلدى. ئورنىغا ئىنىسى نانكىياس ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت دەپ ئاتالدى.

ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى ئالچىسىدىن بولغان ئوغۇل قېرىندىشى لىنى سول قول بىلىكخان، ئاتىسىنىڭ بەشىنچى ئالچىسىدىن بولغان ئوغۇل قېرىندىشى يۇ(32) نى ئوڭ قول بىلىكخان قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئوغلى ئوڭ گۇنۇ(33) قان ئۇقياسىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى ئەمىر نۆكەر شيا خوۋفەن، ئورۇنباسار چېرىكچى خەن رۇڭنى ھونلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ چاغدا خەن چېڭدى مومىسىنىڭ ئىنىسى باش ئەمىر - لەشكەر، قىران چەۋەنداز سانغۇن ۋاڭ گېن(34) دىۋان بېگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتاتتى. بەزىلەر ۋاڭ گېنغا: «ھونلارنىڭ جاڭيې ۋىلايىتى ئۇدۇلىدا خەن زېمىنىغا ئۆسۈپ كىرىپ تۇرغان بىر پارچە يېرى بار، ئۇ يەردە ئاجايىپ بىر خىل دەرەخلەر ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن شۇڭقار پەيلىك ئوقلارنى ياسىغىلى بولىدىكەن. ئەگەر ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىۋالساق، چېگرا مۇداپىئەسى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، دۆلەتنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتكىلى بولاتتى. سىلى شۇ ئىش بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ ناملىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرمامدىلا!» دەپ تەكلىپ بېرىشتى. ۋاڭ گېن بۇ يەرنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى خەن چېڭدىغا بايان قىلدى. خەن چېڭدىمۇ بۇ يەرنى ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇتتىن سورىۋېلىشنى ئويلىدى - يۇ، لېكىن، مۇبادا بەرمەي قويسا، ئىناۋەتكە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتتى. ۋاڭ گېن خەن چېڭدىنىڭ مەقسىتىنى شيا خۇفەنگە يەتكۈزۈپ، ئۇنى تەگرىقۇتقا ئۆزىنىڭ پىكرى قىلىپ ئېيتىپ بېقىشنى بۇيرۇدى. ھون ئېلىگە بارغان شيا خۇفەن سۆھبەت داۋامىدا تەگرىقۇت ئۇجۇلجۇتقا: «ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسى زېمىنىغا ئۆسۈپ كىرگەن بىر پارچە

يېرى جاڭيېي ۋىلايىتىگە ئۆدۈل كېلىدىكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ
ئۈچ نەپەر كاھىبېگى شۇ ئەتراپتىكى چېگرىدا تۇرۇۋاتىدۇ.
نەچچە يۈز ئەسكەر سوغۇقتا جاپا چېكىپ، ئۇزۇندىن بۇيان
مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتىدۇ. تەڭرىقۇت خانغا مەكتۇپ يوللاپ شۇ
يەرنى تەقدىم قىلغان بولسىلىرى ياخشى بولاتتى. ئۇ چاغدا بۇ يەر-
دىكى خەن سۇلالىسى چېگرىسى تۈز سىزىق بويىچە سوزۇلاتتى-
دە، خەن سۇلالىسى ئىككى نەپەر كاھىبەگ ۋە بىرنەچچە يۈز
ئەسكەرنى قىسقارتاتتى. شۇ ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ ئىل-
تىپاتىغا جاۋاب قايتۇرغان بولاتتىلا. خەن سۇلالىسى سىلىگە
يەنىمۇ چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتكەن بولاتتى» دەيدۇ. ئۇجۇلجۇت
تەڭرىقۇت: «بۇ خاننىڭ يارلىقىمۇ ياكى ئەلچى سىزنىڭ
تەلىپىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. شياخۇ فەن جاۋابەن: «بۇ خان-
نىڭ يولىيورۇقى، شۇنداقلا مېنىڭ سىلىگە بېرىدىغان ياخشى
مەسلىھەتىم» دېدى. تەڭرىقۇت: «خەن شۈەندى، خەن يۈەندىلار
ئاتام قوغشار تەڭرىقۇتقا ئىچ ئاغرىتىپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ
شىمالى ھۇنلارنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، دەپتىكەن. سىز
دېگەن يەر ئۇنئۇتخان تۇرۇشلۇق يەر، مەن ئۇ يەرنىڭ ۋەزى-
يىتى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى بىلمەيمەن. ئادەم ئەۋەتىپ ئۇقۇشۇپ
باقاي» دېدى. شياخۇ فەن، خەن رۇڭلار قايتىپ كەلدى.
كېيىن يەنە ئەلچى بولۇپ بارغىنىدا، مەزكۇر يەرنى قايتا
تەلەپ قىلىشۇدى. تەڭرىقۇت: «ئاتا ۋە ئاكىلىرىم تەڭرىقۇت
بولۇپ بەش ئەۋلاد ئۆتتى. خەن سۇلالىسى بۇ يەرنى تەلەپ
قىلىپ باققان ئەمەس، مەن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان بۈگۈنكى
كۈندە بولسا بۇ يەر تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى
نېمە؟ مەن ئۇنئۇتخاندىن ئۇقۇشتۇم، ھۇنلارنىڭ غەرب تەرىپى-
دىكى خانلىقلارنىڭ ھەممىسى چېدىر ۋە ھارۋىغا كېرەكلىك
ياغاچ ماتېرىياللىرىنى مۇشۇ تاغدىن ئالىدىكەن، شۇنىڭدەك
بۇ يەر مەرھۇم ئاتامدىن ماڭا مىراس قالغان زېمىن بولۇپ،

قولدىن بېرىپ قويۇش ھەددىم ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلگەن شىيا خۇفەن تەيۈەن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ كۆتۈرۈلدى. تەڭرىقۇت ئەلچى بىلەن مەكتۇپ يوللاپ، شياخۇفەننىڭ زېمىن تەلەپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىشۋىدى. خەن چېڭدى جاۋاب بېرىپ: «شياخۇفەن ئۆز ئالدىغا مېنىڭ نامىمدا يارلىق ياساپ، تەڭرىقۇتتىن زېمىن تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدى، ئىككى قېتىم كەڭچىلىك قىلىش ئارقىسىدا، شياخۇفەن جىنەن ۋىلايىتى ۋالىيلىقىغا يۆتكەلدى. ئۇنىڭ ھۇنلار ئېلىگە يېقىن بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېدى. ئىككىنچى يىلى تۇرغاق ئوغۇل ئۆلۈپ كەتكەچكە، جەسىتى ئۆز ئېلىگە ئاپىرىپ دەپنە قىلىندى. تەڭرىقۇت يەنە ئوغلى سول يۈتچۇچان خان جىلقۇن(35) نى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى.

م.ب. 5 - يىلى (خەن ئەيدى جىيەنپىڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھۇنلارنىڭ غەرب تەرىپىگە باستۇرۇپ كىرگەن ئاسىيۇ كونىبېيەنىڭ كىچىك ئالچىسىدىن بولغان بالىسى يابغۇ بىيانجىنىڭ ئادەملىرى ھۇنلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت سول چوڭ ياساقبېگى ئۇيلىنىنى بەش مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئەۋەتىپ ئاسىيۇغا ھۇجۇم قىلغۇزدى ۋە بىر نەچچە يۈز ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 1000دىن ئارتۇق ئادىمىنى تۇتقۇن قىلىپ، كالا قاتارلىق چارۋا - ماللىرىنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى. قورققان بىيانج ئوغلى چۈلۈنى ھۇنلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. تۇرغاق ئوغۇلنى قوبۇل قىلغان ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ئەھۋالنى خەن سۇلالىسىگە مەلۇم قىلدى. خەن سۇلالىسى ئەمرنۆكەر دىڭ يېلىن بىلەن ئورۇنباسار چېرىكچى گۇڭشىڭ يىننى ھۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، تەڭرىقۇتنى ئەيىبلىدى ۋە بىيانجنىڭ تۇرغاق ئوغلىنى قايتۇرۇش توغرىسىدا يارلىق

بەردى. يارلىقنى قوبۇل قىلغان تەڭرىقۇت تۇرغاق ئوغۇلىنى قايتۇردى.

م.ب. 3 - يىلى (خەن ئەيدى جيەنپىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت خانغا مەكتۇپ يوللاپ، كېلەر يىلى زىيارەتكە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا خەن ئەيدى ئاغرىق ئىدى. بەزىلەر: «ھۇنلار يۇقىرىدىن كەلسە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. خۇاڭلۇڭ، جىڭنىڭ يىللىرى تەڭرىقۇت زىيارەتكە كەلگەچكە، شۇ يىللىرى خانلىرىمىز قازاغا ئۇچرىغانىدى» دېيىشتى. شۇڭا ئىككىلەنگەن خەن ئەيدى ۋەزىرلەردىن پىكىر سورىدى. ئۇلارمۇ دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ كېتىدىكەن، رۇخسەت قىلماسلىق كېرەك دەپ قاراشتى. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسى خوشلىشىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ كېتىش ئالدىدا ئىشىكئاغىسى ياڭ شيۇڭ خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «كەمىنىلىرى ‹ئالتە كىتاب›(36) تىن بىلىشىمچە، ئەل باشقۇرۇشتا ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىش ھەممىدىن ئەلا، ھەربىيلەرنىڭ ئۇرۇشماي غەلىبىگە ئېرىشىشى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ئىككى نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە بولۇش كېرەك. شۇڭا ماھىيەتلىك چوڭ ئىشلار توغرىسىدا سالماقلىق بىلەن ئويلانماي بولمايدۇ. ھازىر تەڭرىقۇت مەكتۇپ يوللاپ زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلىۋىدى. بىز تەرەپتىن ئۆززە كۆرسىتىلىپ رەت قىلىندى. پېقىرنىڭ قارىشىچە مۇشۇنداق بولغاندا، ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. ئۇلار ئەسلى شىمالىي تۇرالار(37) بولۇپ، بەش بۈيۈك پادىشاھ ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىغان، ئۈچ خانمۇ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغانىدى. دېمەك، ئۇلار بىلەن سۈركىلىش تۇغدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى ئېنىق، كەمىنىلىرى يىراقنى

قويۇپ، چىن دەۋرىدىن بۇيانقى پاكىتلار بىلەنلا بايان قىلماقچىمەن:

«قۇدرەتلىك چىن سىخۇاڭ دەۋرىدە، بەھەيۋەت سەركەردە مىڭ تيەن 400 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەرگە ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا شىخې رايونىغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي، چېگرىلارغا سېپىل سوقۇپ مۇداپىئەلەنگەنىكەن. خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك ۋە دانا خان خەن گاۋدىمۇ 300 مىڭ ئەسكەر بىلەن پىڭچىڭ شەھىرىدە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى يەتتە كۈن ئۈزۈلۈپ قالغانىكەن. شۇ چاغدا ئەقىل ۋە يول كۆرسەتكۈچلەرمۇ كۆپ بولۇپ، مۇھاسىرىنى قانداق بۇزۇپ چىققانلىقى ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىنمىغان. ھۇنلارغا غەزەپلەنگەن خانىكە لۈخۇ ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن ئوردىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، فەن كۇەي 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن ھۇنلارنى تارمار قىلىۋېتىمەن دەپ ئىلتىماس قىلغاندا، جى بۇ: «فەن كۇەينىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك، ئۇ شاھ سانىيەنىڭ ئىرادىسىگە يالغاندىن ماسلىشىۋاتىدۇ، دېگەنىكەن. شۇڭا ۋەزىر - ۋۇزرالار ياخشى سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش يولىنى تۇتقاچقا، ھۇنلار بىلەن بولغان زىددىيەت پەسىيىپ، ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ غەم - قايغۇسى تۈگىگەنىكەن. خەن ۋېندى دەۋرىگە كەلگەندە، ھۇنلار شىمالىي چېگرىغا تاجاۋۇز قىلغان، ئۇلارنىڭ يۈگۈشىيەن ناھىيىسىگە كەلگەن چارلىغۇچى چەۋەندازلىرى گەنچۈەن ئوردىسىغا كىرگەچكە، پايتەختنى لەرزىگە كەلتۈرگەن. خەن ۋېندى جۇيافۇ، ليۇ لى، شۈلى سانىغۇنلارنى شىليۇ، جىمېن، باشاڭ قاتارلىق جايلارنى مۇداپىئە قىلىشقا بۇيرۇغاچقا، ھۇنلار بىرنەچچە ئايدىن كېيىن چېكىنىپ كەتكەن. خەن ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، مايى شەھىرىگە مۆكتۈرمە قويۇش پىلانىنى يۈرگۈزۈپ، ھۇنلارنى مەلىكە قىلتاققا چۈشۈر-

مەكچى بولغاچقا 300 مىڭ ئەسكەر بىلەن كۆن تەڭرىقۇتقا هۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنىكەن. لېكىن هۇنلار سېزىپ قېلىپ چېكىنىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ مادىي ۋە مەنىۋى كۈچىنى بىكار خورىتىپ، تەڭرىقۇت تۇرماق، بىرمۇ دۈشمەننى ئۇچرىتالمىغان. كېيىن ئەلنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمنىلىكى ۋە ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەڭ - كۆلەمدە نەچچە 100 مىڭ ئەسكەر چىقىرىلغان، ۋېي چىڭ بىلەن خۇچۈبىڭغا هەربىي قوماندانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. ئىلگىرى - ئاخىر ئون نەچچە يىل داۋامىدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە ئۆتۈپ، چوڭ قۇملۇقنى هالقىپ، تيەنيەن تېغىنى ئىشغال قىلغان ۋە تەڭرىقۇت ئوردىسىغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى كېزىپ، قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەرگەن. لاڭجۈشۈ تېغىدا ئاسمان ئىلاهىغا، گۇيەندە يەر مۇئەككىلىگە نەزىر - چىراق قىلىپ تاكى بايقال كۆلىگە قەدەر يۈرۈش قىلىپ بارغان. مەشهۇر خان ۋە ئەمەلدارلاردىن 100 نەچچە ئادەمنى ئەسىر ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن هۇنلار قورقۇپ، يارىشىشنى تېخىمۇ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بېقىنمىغانىكەن.

يۇقىرىقى ئەهۋاللاردىن قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ هەرقانچە زور چىقىمدىن قورقماي، نۇرغۇنلىغان گۇناهسىز ئادەملەرنى ئىشقا سېلىشتىن مەقسىتى چېگرا شىمالىدىكى هۇنلار رايونىنى قولغا كىرگۈزۈشمىدى؟ ياق، ئۇلار ئەجىر قىلماستىن، مەڭگۈلۈك ئاراملىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ۋاقىتلىق زىيانغا ئۇچرىماستىن، مەڭگۈلۈك ئەمىنلىكنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇلار مىليون قوشۇن بىلەن بېرىپ، ئاچ بۆرىلەرنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلىغان. دۆلەت خەزىنىسىدىكى نۇرغۇنلىغان بايلىقنى هەربىي يۈرۈشلەرگە سەرپ قىلىپ تۈگەتكەن. م.ب. 73 — 72 - يىللىرى

(خەن شۈەندى بېنشى باشلىرىغا كەلگەندە) خەن سۇلالىسىدىن
يەنە يۈز ئۆرىگەن ھۇنلار ئاسىيۇغا تاجاۋۇز قىلىپ، خەن
سۇلالىسى مەلىكىسىنى تارتۇۋېلىشنى ئويلىغانىكەن. شۇڭا
تيەن گۇاڭمىڭ، فەن مىڭيۇ، فەن زېڭ، جاۋ چۇڭگو، تيەن
شۇندىن ئىبارەت بەش سانغۇننىڭ 150 مىڭ چەۋەندازى
ھۇنلارنىڭ جەنۇبىغا، چاڭلو بېگى چاڭ خۇي 50 مىڭ ئاسىيۇن
چەۋەندازلىرى بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە
ئالدىن پۈتۈشۈپ قويغان يەرگە قەدەر بېرىپ، ئاندىن قايت-
قان. بۇ چوڭ ئۇرۇشتا ئېرىشىلگەن نەتىجە ناھايىتى ئاز
بولۇپ، پەقەت ھەيۋە كۆرسىتىپ خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى
ھەرىكىتىنىڭ چاقماقتەك تېز ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان.
قۇرۇق بېرىپ قۇرۇق كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا تيەن شۈن
بىلەن تيەن گۇاڭمىڭدىن ئىبارەت ئىككى سانغۇن ئۆلتۈرۈۋالغا-
نىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شىمالىي تۇرالار بېقىنمىغۇچە، ئوتتۇرا
جۇڭگونىڭ ياستۇقنى قىرلاپ خاتىرجەم ئۇخلىشى مۇمكىن
ئەمەس. يۈەنكاڭ، شېنجۆ يىللىرى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا
ئادالەت يولغا قويۇلۇپ، خانىنىڭ ئىلتىپاتى كەڭ تارقالدى.
ھۇنلاردا بولسا ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، بەش
تەڭرىقۇت ئۆزئارا ھاكىمىيەت تالاشتى، باتىسقان بىلەن قوغ-
شار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە بېقىندى. لېكىن ئۇلارنى
جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار بېقىندى ۋەزىر دەپ قارالمىغان.
ئىختىيار قىلىپ زىيارەتكە كەلسە رەت قىلىنمىغان، كەلمىسە
مەجبۇرلانمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى شۇكى، ھۇنلار
ياۋۇز تەبىئەتلىك، قاۋۇل، كۈچلۈك خەلق بولغاچقا، ئۇلارنى
ئەدەب ـ ئەخلاق بىلەن بويسۇندۇرۇش تەس، ئەكسىچە، پەقەت
ھەيۋە بىلەنلا بېقىندۇرۇش مۇمكىن. ھۇنلار كۈچەيگەندە،
ئۇلارنى بېقىندۇرماقمۇ تەس، ئۇلار بىلەن ياراشماقمۇ تەس،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تېخى بېقىنمىغان چاغدا زور كۈچ بىلەن

يۇرۇش قىلىش كېرەككى، بۇ ئىشتا دۆلەتنىڭ كۈچىنى زايا قىلىپ، مال ـ بايلىقنى خورىتىش ۋە قان تۆكۈپ قۇربان بېرىش بەدىلىگە دۈشمەننى تارمار كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلار بېقىنغاندىن كېيىن، هال سوراپ تىنچلاندۇرۇش، كەلسە ـ كەتسە سوۋغا تەقدىم قىلىش زۆرۈركى، يەنە تېخى زىيارەت مۇراسىمى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك. بۇرۇن خەن سۇلالىسى پەرغانىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىپ ئۇغانلار قەلئەسىنى خاراب قىلغان. گۇ زېڭلار(38) قورغىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تاڭجېپلەر(39) نى تارمار قىلغان، چاۋشيەن قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق بايرىقىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىككى يۈ خانلىقىنىڭ تۇغلىرىنى يۇلۇۋەتكەنىكەن. بۇنىڭغا كەتكەن ئۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئىسقىلىرى 10 كۈندىن بىر ئايغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلىرىمۇ يېرىم يىللىق جەڭلەر بىلەنلا خان ئوردىلىرى ۋەيران قىلىنىپ، يېزا ـ كەنتلەر دۈشمەندىن تازىلىنىپ، ئۇ يەرلەردە ۋىلايەت ـ ناهىيىلەر تەسىس قىلىنغانىكەن. هېچقانداق بالايىئاپەت قالدۇرۇلماستىن، يات قوۋملەرنى باشقۇرۇش مەسىلىسى بىرقەدەر تەلتۆكۈس هەل قىلىنغانىكەن. لېكىن هۇنلار بۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى، ئۇلارنى شەرقتىكى ئۇغانلار، غەربتىكى پەرغانە، غەربىي جەنۇبتىكى گۇزېڭلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىز هۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، قىلچە سەل قارىمىغانىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە بېقىنغان تەگرىقۇت ئوردىسىدىن چىقىپ، سەمىمىي كۆڭلى بىلەن زىيارەتكە كەلمەكچى، بۇ ئەسلىدە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان سىياسەت بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىنتىلىپ كەلگەن ئىش. دۆلەت چىقىم تارتىشمۇ، بۇنىڭغا ئىلاج يوق. نېمە ئۈچۈن هۇن تەگرىقۇتىنىڭ زىيارەتكە

كېلمىشى خەن خانىمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن پايدىسىز دېگەن سۆز بىلەنلا ئۇنىڭ زىيارىتى رەت قىلىنىدۇ ياكى چەكسىز كەينىگە سۈرۈلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى مېھرىبانلىق يوق قىلىنىپ، نىزا كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ؟ بىر ياقتىن ئەلچىسىنى قوبۇل قىلساق، بىر ياقتىن نىزا تۇغدۇرساق، نارازى بولغان تەكرىقۇت ئۆتمۈشتىكى يارىشىش ۋاقتىدا قىلغان سۆزلىرىنى بۇزدى دەپ بىزنى ئەيىبلەيدۇ. خەن سۇلالىسىدىن رەنجىيدۇ ۋە مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ. ئىككىنچىلەپ بېقىنماي قويىدۇ. ئۇ چاغدا تەھدىت سېلىپمۇ بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ، كۆڭلىنى ئالغىلىمۇ بولمايدۇ. ئاقىۋەتتە بىز ئۈچۈن ئەڭ يامان ئاپەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. دانا كىشىلەر شەكىلسىز نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، زېرەك ئادەملەر سادىسىز ئاۋازنىمۇ ئاڭلىيالايدۇ. مۇبادا ھەممە ئادەم كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مىڭ تىيەن، فەن كۇەيگە ئوخشاش ئۇلۇغ سانغۇنلارنى يەنە ئىشقا سېلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى. جىمېن، شىلىيۇ قاتارلىق يەرلەرنى يەنە زور قوشۇن بىلەن بېرىپ مۇداپىئە قىلىشمۇ ھاجەتسىز بولاتتى. مايى شەھىرىگە مۆكتۈرمە قويۇشتەك ئىشمۇ بولمايتتى. ۋېي چىڭ، خۇ چۈبىڭلارغا ئوخشاش داغدۇغىلىق ھەربىي يۈرۈش قىلىشمۇ بولمايتتى. بەش سانغۇن تەھدىت سالىدىغان ئوبيېكتمۇ بولمايتتى. ئەگەر تەكرىقۇتنىڭ تەلىپى قوبۇل قىلىنمىسا، نىزا تۇغۇلىدۇ. ئاقىللار ئىچكى جەھەتتە پىلان تۈزۈپ، ئەلچىلەر سىرتتا شاپاشلاپ يۈرگەندىن كۆرە، يەنىلا تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان ئاپەتتىن ساقلانغان تۈزۈك. ئۆتمۈش دەۋرلەردە غەربىي يۇرت كۆزلەندى، قوس كونترول قىلىندى. غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ 36 بەگلىك (خانلىق) باشقۇرۇلدى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن ھەر يىلى بىر نەچچە مىليون پۇل سەرپ قىلىندى. بۇ كانگا، ئاسىيۇلارنىڭ قۇمتاغ(40)

دىن ئۈلتۈپ، غەربىي چېگرىمىزغا ھۇجۇم قىلىشىدىن قورق-
قانلىق ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن مۇھىمى ھۇنلارنى ئىسكەن-
جىگە ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. 100 يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن
قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ نەتىجىلەر بىر كۈندىلا يوق قىلىنسا
بولماس، بۇرۇن ھۇنلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن 10 ھەسسە
پۇل چىقىم قىلىشقا ئىچىمىز ئاغرىمىغانىدى، بۈگۈنكى كۈندە
ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ زىيارىتىگە كېتىدىغان بىر ھەسسە پۇلنى
كۆزىمىز قىيمايۋاتىدۇ. پېقىر ھەقىقەتەن دۆلەتنىڭ بىخەتەر-
لىكىدىن ئەنسىرەيمەن! ئالىيلىرىنىڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى
مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىغا دىققەت قىلىپ، چېگرىدا يۈز
بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئاپەتنى ساقلىنىشلىرىنى ئۈمىد
قىلىمەن» دېگەن مەسلىھەتنى بەردى.

يالڭ شيۇڭنىڭ مەكتۇپلۇق مەسلىھەتىنى ئوقۇغاندىن
كېيىن، خەن ئەيدى ئېسىنى تېپىپ، ھۇن ئەلچىسىنى چاقىرتتى
ۋە ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتقا جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنىڭ
زىيارەتكە كېلىشىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يالڭ شيۇڭ
50 توپ تاۋار - دۇردۇن، 10 جىڭ ئالتۇن بىلەن تارتۇقلان-
دى. تەڭرىقۇت تېخى يولغا چىقماستىنلا ئاغرىپ قالغاچقا،
يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ كېلەر يىلى زىيارەت قىلىشنى تەلەپ
قىلدى. بۇرۇنقى ئادەت بويىچە تەڭرىقۇت زىيارەتكە كەلگەندە،
ئۇنىڭغا مەشھۇر خانلار ۋە ئەمەلدارلاردىن 200 نەچچە ئادەم
ھەمراھ بولۇپ كېلەتتى. تەڭرىقۇت يەنە سۇنغان مەكتۇپىدا:
«خاننىڭ دانالىقىدا خەلق روناق تاپتى، زىيارەتكە 500
ئادەم بىلەن بېرىپ، خانىمىزنىڭ ئادالىتىنى نامايان قىلىشنى
ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنىدى. خەن ئەيدى قوشۇلىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى.

م.ب. بىرىنچى يىلى (خەن ئەيدى يۈەنشۇ دەۋرىنىڭ ئىك-
كىنچى يىلى) ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت زىيارەتكە كېلىۋىدى، بىۋ

يىل قۇتلۇق يىل بولمىغانلىقتىن، تەگرىقۇت شاگىلىنىن چار
بېغىدىكى پۇتاۋ قەسرى(41) گە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە
بۇ تەگرىقۇتقا بولغان پەۋقۇلئاددە ھۇرمەت ئىكەنلىكى
ئۇقتۇرۇلدى، تەگرىقۇتمۇ بۇنى چۈشەندى. ئۇنىڭغا يەنە 370
قۇر كىيىم - كېچەك، 30 مىڭ توپ كىمخاب ۋە تاۋار -
دۇردۇن، 30 مىڭ جىڭ سەرنەخ تەقدىم قىلىندى.
باشقا نەرسىلەر خېپىگىنىڭ ئۆتىنچى يىلىدىكىگە ئوخشاش
بولدى. زىيارەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئەمر - نۆكەر خەن كۆۋاڭ
تەگرىقۇتنى ئۇزىتىپ قويۇشقا ئەۋەتىلدى. قورۇلدىن چىقىپ
شۇتۇن قۇدۇقى(42) غا يېتىپ بارغان تەگرىقۇت شىمالدا
چېتىيەنلۇ(43) دەرياسىدىن ئۆتتى. قايتىش يولى يىراق بول-
غانلىقتىن خەن كۆۋاڭلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى كەملەيتتى. تەگ-
رىقۇت ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
كېچىكىپ، قايتىپ كېلىش مۇددىتى 50 نەچچە كۈن ئېشىپ كەتتى.
بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق خەن ئەيدى جىلقۇننى ئاتىسى
ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئېلىگە قايتۇرغانى-
دى. ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت ئېلىگە قايتقاندىن كېيىن، جىلقۇن-
نىڭ ئانا بىر ئاكىسى ئوڭ چوڭ قۇت پاننى رەپىقىسى بىلەن
خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. كېيىن ئۇمۇ ئېلىگە
قايتۇرۇلدى. ئورنىغا ئۇنىڭ ئانا بىر ئاكىسى سول باتىسقان دۇ
رەپىقىسى بىلەن بىللە تۇرغاقلىققا ئەۋەتىلدى. بۇ ۋاقىتتا
خەن پىڭدى تېخى ياش ئىدى. شاھ سانىيە خانىشا ۋەكالىتەن
ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. شىندۇ بېگى ۋاڭ ماڭ بولسا
ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ۋاڭ ماڭ شاھ سانىيەگە ياخشى-
چاق بولۇپ، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئالدىنقى ئەجدادلاردىن ئاشۇ-
رۇۋەتمەكچى بولدى، شۇڭا ئۇ تەگرىقۇتقا ئاستىرتتىن يارلىق
چۈشۈرۈپ، شاھ سانىيەنى كۆتۈش ئۈچۈن ۋاڭ جاۋجۈننىڭ
قىزى شۇبۇ قىز يۈننى ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭغا

تۇرۇپ يارلىقىنى قوبۇل قىلدى. تىلماچ كونا تام-
غىنى يېشىۋالماقچى بولدى. تەگرىقۇت قولىنى كۆتۈرۈپ تام-
غىنى تاپشۇرماقچى بولۇۋاتقاندا، يېنىدا تۇرغان سول گۇشبەگ(49)
سۇ ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇتقا: «يېڭى تامغىنىڭ خېتىنى
كۆرۈشتىن بۇرۇن، كونا تامغىنى ۋاقتىنچە تاپشۇرماي تۇراي-
لى» دېدى. تەگرىقۇت تۇرۇپ قېلىپ تامغىنى تاپشۇرمىدى
ۋە ئەلچىلەرنى كىگىز ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۇجۇلجۇت تەگ-
رىقۇت ئالدىغا ئۆتۈپ، مېھمانلارنى مەيگە تەكلىپ قىلماقچى
بولۇۋېدى، بەش ئىشتا ھەيۋەتلىك سانغۇن ۋاڭ جۈن: «كونا
تامغا ۋە تامغا پۆپۈكىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋەتسىلە» دېدى.
تەگرىقۇت: «خوپ» دەپ كونا تامغىنى تىلماچقا بېرەي دېگەن-
دە، سۇ يەنە: «تامغىنىڭ خېتىنى كۆرمەي، تاپشۇرمىسىلا!»
دېۋىدى. تەگرىقۇت: «تامغىدىكى خەت نېمىدەپ ئۆزگەرتىلىدۇ!»
دېدى-دە، كونا تامغا ۋە تامغا پۆپۈكىنى تاپشۇرۇپ بەردى.
سانغۇن كونا تامغىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، يېڭى تامغىنى بەردى.
تەگرىقۇت ئېچىپ كۆرمەيلا قويۇپ قويدى. زىياپەت تۈنگىچە
داۋاملاشتى. ئوڭ قول سانغۇن چېن راۋ باشقا سانغۇنلارغا:
«ھېلىقى سول گۇشبەگ تامغىدىن گۇمانلىنىپ، تەگرىقۇتقا
كونا تامغىنى بەرگۈزمەي قويۇشقا تاس قالدى. ئەگەر تام-
غىدىكى يېڭى خەتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بارلىقىنى
سېزىپ قالسا، كونا تامغىنى چوقۇم قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ھالدا
بۇنى سۆز بىلەن رەت قىلغىلى بولمايدۇ. كونا تامغىنى قول-
مىزغا ئېلىپ بولۇپ يەنە ئايرىلىپ قالساق، ۋەزىپىنى ئورۇن-
دىيالمىغان بولىمىز-دە، جاۋابكارلىقىمىز ئېغىرلىشىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن كونا تامغىنى چېقىۋېتىپ، بالا-قازادىن
ئۈزۈل كېسىل قۇتۇلۇش كېرەك» دېدى. كۆپچىلىك ئىككىلىنىپ
بىر نەرسە دېيەلمىدى. چىن راۋ يەن بەگلىكىدىن بولۇپ،
كەسكىن ئادەم ئىدى. ئۇ دەرھال كونا تامغىنى پالتا بىلەن

ئۆرۈپ سۇندۇرۇۋەتتى. دەرۋەقە ئىككىنچى كۈنى تەڭرىقۇت ئۆڭ قۇتبەگ(50) تانىنى ئەۋەتىپ، سانغۇن ۋاڭ جۈنگە: «خەن سۇلالىسى بەرگەن تامغىدىكى خەتتە «مۆھۈر» ئەمەس، «تامغا» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا «خەن» دېگەن خەتمۇ يوق ئىدى. بەگلىكلەر بەگلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنىڭ تامغىسىدا «خەن» دېگەن خەت بار بولۇپ، «مۆھۈر» دەپ ئاتىلاتتى، يېڭى تامغىدا «تامغا» دېگەن خەتنىڭ ئورنىغا «مۆھۈر» دېگەن خەت ئويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «شىن» (新) دېگەن خەت بار ئىكەن. بۇ ھالدا پېقىر بىلەن ئادەتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ پەرقى يوق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا كونا تامغىنى ياندۇرۇپ بېرىڭلار!» دېگۈزدى. سانغۇن ۋاڭ جۈن كونا تامغىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن شىن سۇلالىسى قۇرۇلدى. كونا تامغىنى سەركەردە سۇندۇرۇۋەتتى. تەڭرىقۇت خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، شىن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك» دېدى. تان قايتىپ كېلىپ تەڭرىقۇتقا بۇ سۆزلەرنى مەلۇم قىلدى. ئامال قالمىغانلىقىنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋغا ـ سالامنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەن تەڭرىقۇت ئىنىسى ئۆڭ قول بىلىكخان يۈنى ئەۋەتىپ ئات ـ كالا تەقدىم قىلدى ۋە ئۇنى سانغۇن ۋە سەركەردىلەرگە قوشۇپ، تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوردىغا ماڭغۇزدى ھەمدە خانغا مەكتۇپ يوللاپ، كونا تامغىنى تەلەپ قىلدى.

قايتىش سەپىرىدە سول لىخانىخان(51) شيەن تۇرۇشلۇق يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سانغۇن ۋاڭ جۈن نۇرغۇنلىغان ئۇغان ئاھالىلىرىنى كۆرۈپ، شيەندىن ئەھۋالنى سورىدى. سول لىخانىخان شيەن ئۆتكەن ئەھۋالنى دەپ بەردى. سانغۇن «ئۆتكەندە بەلگىلەنگەن تۆت ماددا بويىچە ئۇغانلاردىن تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلماسلىق كېرەك، بۇلارنى دەرھال قايتۇرۇۋېتىڭلار» دېدى. سول لىخانىخان شيەن: «مەن تەڭرىقۇتقا يوشۇرۇن

مەلۇم قىلىپ، تەڭرىقۇتنىڭ جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن ئاتدىن قايتۇرۇۋېتەي» دېدى. تەڭرىقۇت سول لىخانخان شىيەنگە ئۇغانلارنى قورۇلنىڭ ئىچى بىلەن قايتۇرۇش ياكى قورۇلنىڭ سىرتى بىلەن قايتۇرۇش توغرىسىدا يولىيورۇق سوراپ بېقىشنى تاپشۇردى. سانغۇن ئۆز ئالدىغا كېسىپ جاۋاب بېرەلمەي ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ خانغا مەلۇم قىلدى. قورۇل سىرتى بىلەن قايتۇرۇش توغرىسىدا خاندىن يارلىق كەلدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن شياخۇ فەن زېمىن تەلىپىنى قويغان چاغدا، تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە قارشى سۆزلەرنى قىلغانىدى. كېيىن يەنە ئۇغانلاردىن باج - سېلىق تەلەپ قىلىپ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئۇغانلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاچقا، زىددىيەت مانا مۇشۇ يەردىن باشلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تامغا خېتىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئۇنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلەتتى. شۇڭا ئۇغانلارنى ئاپىرىپ قويۇش نامى ئاستىدا ئوك چوڭ قۇتقۇ پۇقلۇز قاتارلىق 10 نەچچە ئادەمنى تۇمەن چەۋەنداز بىلەن ماڭدۇرۇپ، ئۇلارنى شوفاڭ چېگرا - قورۇلىدا تۇرغۇزدى. شوفاڭ ۋىلايەت ۋالىيسى ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى.

ئىككىنچى يىلى (م.10-يىلى، ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ ئىككىنچى يىلى) غەربىي يۇرتتىكى ئارقا قوس خانى شۇجەل ھۇنلارغا تەسلىم بولماقچى بولغاندا، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى دەن چىن(52) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇجەلنىڭ ئاكىسى قۇلانجى 2000 دىن ئوشۇق ئاھالىنى باشلاپ، مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، پۈتكۈل ئېلى بىلەن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ئۇنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى. قۇلانجى ھۇنلار بىلەن بىرلىكتە تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالدى ۋە قوسقا ھۇجۇم قىلدى. قوچەن(53) بەگلىكىنىڭ بېگىنى ئۆلتۈردى ھەمدە، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ

ھەكىمىنى ئەمىر ـ لەشكىرىنى يارىلاندۇرۇپ چېكىنىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، غەربىي يۇرتتىكى كۆپچىلىك بەگلىكلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە ھۇنلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ دورغاپى چېن لياڭ، جۇڭ دەي، ياردەمچى ئەسكەربەگ خەن شۈەن، چارلاقچىبەگ رېن شاڭ قاتارلىقلار ھالاك بولۇشىدىن قورقۇپ، ئەمەلدار، ئەسكەرلەردىن بىرنەچچە يۈزىنى ھەيدەپ كېتىش، قورۇل چېرىكچىبېگى دياۋ خۇنى بىرلىكتە ئۆلتۈرۈش، ھۇنلارنىڭ جەنۇب ئىلخانىخانى جەنۇب سەركەردىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ سۆزلىشىش توغرىسىدا كېلىشتى. 2000 چەۋەنداز بىلەن غەربىي يۇرتقا كىرگەن ھۇنلارنىڭ جەنۇب سەركەردىسى چېن لياڭ قاتارلىقلارنى قارشى ئالدى. چېن لياڭ قاتارلىقلار قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ سىپاھ ـ بەگلىرى ۋە ئەر ـ ئايال بولۇپ 2000 دىن ئوشۇق ئادىمىنى تەھدىت سېلىپ ھۇنلارغا ئېلىپ كەتتى. خەن شۈەن، رېن شاڭلار جەنۇب سەركەردىسىنىڭ ئىسقامەتگاھىدا تۇرۇپ قالدى. چېن لياڭ، جۇڭ دەيلەر بولسا توپتوغرا تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىغا باردى. ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى لىڭۋۇ دەرياسى بويىغا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تەڭرىقۇت چېن لياڭ بىلەن جۇڭ دەيگە ئۇغان سانغۇنى دەپ نام بەردى ۋە تەڭرىقۇت ئىسقامەتگاھىدا تۇرغۇزۇپ قالدى. تەڭرىقۇت ئۇلارنى كۆپ قېتىم چاقىرتىپ بىرلىكتە تاماق يېدى. غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى دەن چىن خانغا مەكتۇپ يوللاپ، ھۇنلارنىڭ جەنۇب سەركەردىسى ئوڭ ئىجىزقان ئادەملىرى بىلەن كېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاڭ ماڭ ھۇنلارنى 15 تەڭرىقۇتلۇققا بۆلۈۋەتتى. ئەمىر ـ نۆكەر لىن باۋ ئورۇنباسار چېرىكچى دەي جىلارنى كۆپ مىقداردا جاۋاھىرات ۋە 10 مىڭ چەۋەنداز بىلەن يۇنجۇڭ

قورۇلىغا ئەۋەتىپ، قوغشار تەگرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆزىگە
تارتىش ۋە ئۇلارنى تەرتىپ بويىچە تەگرىقۇت قىلىشقا تەي-
يارلاندى. تىلماچلارنى ئەۋەتىپ ئۇلۇغ لىخانىخانىنى شيەن ۋە
ئوغلى دىڭ(54)، جۇ(55) لارنى چاقىرتتى ھەمدە ئۇچەيلەن-
نى ئىنئام ۋە ئەمەل قوبۇل قىلىشقا قىستىدى. شيەن ۋاپادار
تەگرىقۇت بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭغا بىر مەپە ۋە بىر تاغ-
رىلىق ھارۋا، 1000 جىڭ ئالتۇن، 1000 توپ رەڭدار تاۋار-
دۇردۇن، 10 دانە تۇغلۇق يالمان تەقدىم قىلىندى؛ جۇ بولسا
ئىتائەتچان تەگرىقۇت بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭغا 500 جىڭ
ئالتۇن تەقدىم قىلىندى. جۇ ۋە دىڭلار چاڭئەنگە ئاپىرىپ
قويۇلدى. ۋاڭ ماڭ لىن باۋنى ھەيۋەتلىك تۆرە قىلىپ، بارىس
سانغۇنلۇققا، دەي جىنى بەھەيۋەت تۆرە قىلىپ، پەخرىي قارا-
ۋۇللار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىدى. بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن
ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت: «مەرھۇم تەگرىقۇت خەن شۈەندىنىڭ ئىل-
تىپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ ياخشىلىق يەردە قالدۇرۇلمىدى. ھا-
زىرقى خان خەن شۈەندىنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، نېمە ئۈچۈن خان
بولىدۇ؟» دېدى ـ دە، سول قۇتبەگ، ئۇلۇغ ئىجىزقانى قۇلۇس
سول قول بىلىكخان لېلەرنى قوشۇن بىلەن يۇنجۇڭ ۋىلايىتى-
نىڭ يىشو قورۇلىسى(56) غا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ ئەمەل-
دار، پۇقرالارنى كەڭ ـ كۆلەمدە ئۆلتۈردى، بۇ چاغ م. 11 ـ
يىلى (ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت سول ۋە ئۇلۇغ
قىسمىدىكى كاھبەگلەر، چېگرىدىكى خانلارغا قورۇلغا كىرىپ
بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۇلار
كۆپ بولغاندا 10 مىڭ، ئوتتۇرىچە بولغاندا بىرنەچچە مىڭ،
ئاز بولغاندا بىرنەچچە يۈز ئادەم بىلەن كېلىپ، يەنمېن،
شوفاڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىيسى ۋە كاھبەگلىرىنى ئۆلتۈردى،
ئەمەلدار، پۇقرالارنى تۇتقۇن قىلىپ، سان ـ ساناقسىز مال-

چاۋۇلارنى بېسۇلاپ، چېگرا ـ قورۇل ئەتراپىغا ناھايىتى چوڭ زىيان يەتكۈزدى. يېڭىدىن تەختكە چىققان ۋاڭ ماڭ خەزىنە بايلىقىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلىمەكچى بولغاچقا، 12 يولغا سانغۇن تەيىنلىدى. ۋىلايەت ـ بەگلىكلەردىكى پالۋانلارنى ھەرىكەتلەندۈردى، ئامباردىكى ئېسىل ـ قورال ـ ياراغلارنى چىقىرىپ، جايلاردىكى مۇداپىئە قوشۇنلىرىغا تارقىتىپ بەردى. ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى قورۇللارغا توشۇدى. 300 مىڭ ئەسكەر توپلاپ، 300 كۈنلۈك ئاشلىق ئېلىندى، 10 يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلغان قوشۇن ھۇنلارنى نۇرالار رايونىغا تۇغلىۋەتمەكچى، ئۇلارنىڭ يېرىنى پارچىلاپ قوغلاپ تەڭرىقۇتنىڭ 15 ئوغلىنى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىمەكچى بولغانىدى.

ۋاڭ ماڭنىڭ يەن يۇ ئىسىملىك سانغۇنى: «كەمىنىلىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، ھۇنلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغانىكەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرالىغانلىقىنى تېخىچە ھېچكىم ئاڭلىمىغان ئەمەس. جۇ سۇلالىسى، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى ئۇلارغا جازا يۈرۈشلىرى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرەر يۈكسەك تەدبىرگە ئىگە بولالمىغان. جۇ سۇلالىسى ئوتتۇرا تەدبىرگە ئىگە بولغان بولسا، خەن سۇلالىسى ئاران تۆۋەن تەدبىرگىلا ئېرىشەلىگەن، چىن سۇلالىسى دەۋردە تەدبىر بولمىغان. جۇ شۈەنۋاڭ دەۋردە شيەنيۈنلەر (ھۇنلار) جىڭياڭ(57) غىچە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەچكە، شۈەنۋاڭ سانغۇن ـ سەركەردىلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، ئۇلار چېگرىغىچە يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەن. ئۇلار رۇڭ ـ دىلار (ھۇنلار) نىڭ تاجاۋۇزىنى خۇددى كۆكۈيۈن ۋە پاشىلارنىڭ چېقىشىغا ئوخشاش دەپ قاراپ، ئۇلارنى ھەيدىۋېتىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەچكە، پۈتكۈل خەلق بۇنى ئاقىلانە تەدبىر دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا تەدبىر دەپ ئاتالغان. خەن

ۋۇدى دەۋرىدە سانغۇن – سەركەردىلەر تاللىنىپ، ئەسكەرلەر
تەربىيىلەنگەن، كىيىم – كېچەك ۋە ئوزۇق – تۈلۈك ئاز ئېلى-
نىپ، يىراققا يۈرۈشلەر قىلىنغان، دۈشمەن چېگرىسىغا ئىچكى-
رىلەپ كىرىپ، دۈشمەن مەغلۇپ قىلىنىپ نەتىجىگە ئېرىشىلگەن
بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلار ھەمىشە دېگۈدەك ئۈچ ئېلىپ تۇرغان.
ئۇرۇش بۇزغۇنچىلىقى 30 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئۈزۈلمەي
داۋام قىلغاچقا، خەن سۇلالىسى ھېرىپ – چارچاپ، كۆپ
چىقىمغا ئۇچرىغان، ھۇنلارمۇ ناھايىتى چوڭ زەخىملەنگەن،
پۈتكۈل ئەل بۇنى قورال كۈچى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن
نەتىجە دەپ قارىغاچقا، ئۇ تۆۋەن تەدبىر دەپ ئاتالغان. ئازراق
ھاقارەتكە چىدىمىغان چىن سىخۇاڭ خەلقىنىڭ كۈچىنى
ئاسرىماي، 10 مىڭ چاقىرىملاپ سوزۇلغان بىر تۇتاش ئۇزۇن
سېپىل سوقتۇرۇپ، مۇداپىئە ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش نى-
يىتىدە، سېپىل سوقۇش ئۈچۈن دېڭىز بويىدىن چېگرىغىچە
بارىدىغان قاتناش – ترانسپورت يوللىرىنى تەييارلىغان.
چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەنگەن بولسىمۇ، بىراق دۆلەت
ھالسىزلىنىپ، مۇنقەرز بولۇش ھالىغا چۈشۈپ قالغان. شۇڭا
ئۇ تەدبىرسىز دەپ ئاتالغان. ھازىر ئېلىمىز قۇرغاقچىلىق
ئاپىتىگە دۇچ كېلىپ، ھەر يىلى ھوسۇل كېمىيىپ، ئاچارچىلىق
يۈز بېرىۋاتىدۇ. غەربىي شىمالى چېگرىدا ئاپەت تېخىمۇ ئېغىر.
مۇشۇنداق پەيتتە 300 مىڭ ئادەم سەپەرۋەر قىلىنىپ، 300
كۈنلۈك ئاشلىق تەييارلانماقچى، شەرقتە بوخەي ۋە دەيجۈن
ۋىلايەتلىرىدىن، جەنۇبتا چاڭجياڭ دەرياسى ۋە خۇەيخې دەر-
ياسى رايونلىرىدىن تەمىنات ئالغاندىلا، ئاندىن ئېھتىياجنى
قامدىغىلى بولىدۇ. يول ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقىدىن قوشۇن بىر
يىلدىمۇ توپلىنىپ بولالمايدۇ. ئاۋۋال يېتىپ كەلگەن قوشۇن-
لارنىڭ تۇرار جايى ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ، قوشۇن ھارىدۇ،
قورال – ياراقلىرى داتلىشىپ كارغا كەلمەي قالىدۇ. مانا

بۇ بىرىنچى قىيىنچىلىق. چېگرا ئاھالىلىرى قۇرۇقدىلىپ كەت-
كەن بولۇپ، ھەربىي تەمىنات بېرەلمەيدۇ. ۋىلايەت - بەگلىك-
لەردىن ئاشلىق يۆتكەشكە توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ ۋىلايەت - بەگ-
لىكلەرگە چىشى پاتمايدۇ. مانا بۇ ئىككىنچى قىيىنچىلىق.
ئادەم بېشىغا 300 كۈنلۈكتىن ئاشلىق ھېسابلىغاندا، 18
پاتمان ئاشلىق كېتىدۇ. كالا ترانسپورتى بولمىسا، بۇنىڭ
ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. كالىنىڭ يەم - خەشەكلىرى
يەنە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. شۇڭا يەنە ئۇنىڭغا
20 پاتمان قوشۇلىدۇ. بۇ ئارتۇقچە يۈكنى كالىلار كۆتۈرۈپ
كېتەلمەيدۇ. ھۇنلارنىڭ يېرى قۇم ۋە شورلۇق، بىرمۇنچە
يەرلەردە ئوت - چۆپ، سۇ يوق. ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەر
بويىچە شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، قوشۇننىڭ يۈرۈشى
100 كۈنگە بارماستىنلا كالىلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بۇ چاغدا
قالغان ئاشلىق يەنىلا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنى ئادەم كۈچى
بىلەن ئېلىپ ماڭغىلى بولمايدۇ، مانا بۇ ئۈچىنچى قىيىنچىلىق،
ھۇن ئېلىدە كۈز ۋە قىشتا سوغۇق بولىدۇ، ئەتىياز ۋە يازدا
بوران كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قازان - ئوچاق، ئوتۇن -
كۆمۈرلەرنى كۆپ ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇلار
ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغان ئېغىر يۈك. دېمەك، تۆت
پەسىلنىڭ ھەممىسىدە تاماق يېيىلىدۇ، سۇ ئىچىلىدۇ. قوشۇن
ئىچىدە كېسەللەردىن خالىي بولۇش تەس، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىز ھۇنلارغا قىلىنىدىغان ھەربىي يۈرۈشنى
100 كۈندىن ئاشۇرمىغانىكەن. بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش
قىلىشتىن باش تارتقانلىق ئەمەس، بەلكى مۇھىت ۋە شارا-
ئىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى كۈچ يەتمەيدۇ دېگەنلىكتىن ئىبا-
رەت. مانا بۇ تۆتىنچى قىيىنچىلىق. تەمىنات ھارۋىلىرى بىل-
لە ئېلىپ مېڭىلسا، يېنىك چەۋەندازلار ئازىيىپ كېتىپ،
ھەرىكەت ئاستىلىشىپ دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويىمىز، قوغلاپ

زەربە بېرىشمۇ تەس، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، يەنە تەمىنات ھارۋىلىرى پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. خەتەرلىك يەرلەرگە كېلىپ قالغاندا ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئالدى - كەينى كېلىپ بولغۇچە، دۈشمەن ئالدى ۋە ئارقىدىن قىسىپ زەربە بېرىپ، خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھالدا ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ بەشىنچى قىيىنچىلىق. خەلقنىڭ كۆچىنى كەڭ - كۆلەمدە قوزغىغان بىلەنمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز ناتايىن. شۇڭا، كەمىنىلىرى ئىنتايىن ئەنسىرەيمەن. ھازىر تۇشۇن يولغا چىقتى. ئالدىنقى قىسىملار ھۇجۇمغا ئۆتسە، كەمىنىلىرى ئاتالىقلارغا بۇيرۇق بېرىپ، دۈشمەن ئىچىگە چوڭقۇر كىرىپ چاقماق تېزلىكىدە تېگىش قىلساق، شۇ ئارىلىقتا دۈشمەننى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلغىلى بولاتتى» دەپ نەسىھەت قىلدى. ۋاڭ ماڭ يەن بۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماستىن، داۋاملىق ئەسكەر يۆتكەپ ئاشلىق توشۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئەل پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

ۋاڭ ماڭ بەرگەن ۋاپادار تەگرىقۇت ئۇنىۋانىنى قوبۇل قىلغان شىيەن قورۇلدىن قېچىپ چىقىپ، ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇتنىڭ ئوردىسىغا باردى ۋە ئۆزىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت شىيەننى يۇسىبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ھۇنلاردا تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپ ئىدى. كېيىن شىيەننىڭ ئوغلى جۇ ئاغرىپ ئۆلدى. ۋاڭ ماڭ ئۇنىڭ ئورنىغا دېڭنى ئىتائەتچان تەگرىقۇت قىلىپ تەيىنلىدى.

قەيسەر سانغۇن چېن چىن(58) تۇرالارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن ۋاڭ شۈنلەر يۈنجۇڭ ۋىلايىتى گېشى قورۇلى(59) دا تۇردى. بۇ ۋاقىتتا ھۇنلار چېگرا - قورۇلغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ ۋە بۇلاپ - تالاپ، سىپاھ - بەگلەرنى ئۆلتۈردى. خەلقنى تۇتقۇن قىلدى، نۇرغۇنلىغان مال - چارۋىلارنى

ئېلىپ كەتتى. قولغا چۈشكەن ھۇنلارنى سوراق قىلغاندا،
ئۇلار ۋاپادار تەگرىقۇت شيەننىڭ ئوغلى جياۋنىڭ كۆپ قېتىم
تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشتى. ئىككى سانغۇن
بۇ ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلىشىدى. م. 12 - يىلى (ۋاڭ ماڭ
شىجيەنگونىڭ تۆتىنچى يىلى) ۋاڭ ماڭ چاكئەن شەھىرىدە يات
قوۋملەرنى يىغىپ شيەننىڭ ئوغلى دېڭنىڭ كاللىسىنى ئالدى.
دەسلەپ خەن شۈەندىدىن بۇيان، شىمالدا بىرنەچچە
ئەۋلادقىچە خەۋەر ئۇرلىرى قوللىنىلمىغان، خەلق روناق تېپىپ
بېيىغان. ئات ۋە كاللار داللارنى قاپلاپ كەتكەنىدى.
ۋاڭ ماڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت
قالايمىقانلاشتۇرۇلغاچقا، پاتىپاراقچىلىق كېلىپ چىقتى. چېگرا-
قورۇللاردا ئاھالىلەر قىرىلدى ۋە تۇتقۇن بولدى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە 12 يول قوشۇنى يۈرۈشكە چىقماي چېگرىدا ئۇزاق
تۇرۇپ قالغانلىقتىن، سىپاھ- بەگلەرگە ھارغىنلىق يېتىپ، شى-
مالىي چېگرا مۇداپىئەسى بىرنەچچە يىل بوشىشىپ، داللار-
دا جەسەتلەر كۆمۈلمەي قالدى.
ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت 21 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، م.
13 - يىلى (ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ بەشىنچى يىلى) ئۆلدى.
ھۇنلارنىڭ ھوقۇقدارى، ئوڭ قۇتبەگ شۇبۇتان ۋاڭ جاۋجۈننىڭ
قىزى ئىمقىزيۈننىڭ ئېرى ئىدى. يۈن ھەمىشە خەن سۇلالىسى
بىلەن يارىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئادەتتە شيەن بىلەن
ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى. شۇڭا شيەننىڭ ۋاڭ ماڭ تەرىپىدىن
خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇجۇلجۇتنىڭ
ئىنىسى يۈنى قويۇپ، شيەننى ئۇلجۇت تەڭرىقۇت(60) ئۇنۋانى
بىلەن تەڭرىقۇتلۇققا تىكلەشتى.
ئۇلجۇت تەڭرىقۇت شيەن تەختكە چىققاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ ئىنىسى يۈنى سول قول خان قىلىپ تەيىنلىدى.
ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى سۇتۇق ئەسلىدە سول قول

بىلىكخان بولغاچقا، تۇغ ئالچى(61) دىن تۇغۇلغان ئىنىسى رۇقۇننى ئوڭ قول بىلىكخان قىلغانىدى. ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت دەۋرىدە بىرنەچچە سول قول بىلىكخان ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەچكە، بۇ نام شۇم نام ئىكەن دەپ قارىلىپ، سول قول بىلىكخان دېگەن نامنى «قۇي»(62) غا ئۆزگەرتتى. قۇي دەپ ئاتالغان بۇ ئەمەل ئىنتايىن ئەتىۋارلىق بولۇپ، تەرتىپ بويىچە تەگرىقۇتنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت چوڭ ئوغلىنى قۇيلۇققا تەيىنلەپ، دۆلەتنى شۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇتنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىپ قويغانلىقىدىن رەنجىگەن شيەن دۆلەتنى سۇتۇققا تاپشۇرۇپ بەرمەي، ئەكسىچە سۇتۇق قۇينىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرۈپ، يەنە سول قول بىلىكخان قىلىپ قويدى. يۈن بىلەن شۇبۇتان شيەننى خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىشقا ئۈندىدى.

م.14 – يىلى (ۋاڭ ماڭ تيەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى) يۈن بىلەن شۇبۇتانلار شىخې ۋىلايىتى خۇمىڭ(63) ناھىيىسىدىكى يات قوۋمەرنى بويسۇندۇرۇش قورۇلىغا ئادەم ئەۋەتىپ، قورۇلدىكى ئەمەلدارلارغا ئەلچىبەگ(64) بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەلچىبەگ ۋاڭ شى بولسا ۋاڭ جاۋجۈننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئوتتۇرا قىسىم كاھىبېگى بۇ ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلىۋىدى. ۋاڭ ماڭ ۋاڭ شى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى چەۋەندازلار كاھىبېگى ئىلتىپاتبېگى(65) ۋاڭ سانى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۇلجۇت تەگرىقۇتنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە ئالتۇن، كىيىم – كېچەك، يوتقان – كۆرپە، تاۋار – دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى ھەمدە ئۇلجۇت تەگرىقۇتنىڭ تۇرغاق ئوغلى دېگىنى تېخى ھايات دەپ ئالداپ، چېن لياڭ، جۇڭ دەي قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش تەلىپىنى قويدى. ئۇلجۇت تەگرىقۇت بۇ تۆت كىشىنى ھەم دياۋخۇنى ئۆلتۈرگەن

قاتىلجى يىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى قاتارلىق 27 ئادەمنى تەڭلا قولغا ئالدى. كۆشۈككە سېلىپ ئەلچىلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە چۇ ۋېي(66) گۇش خانى فۇ قاتارلىق 40 كىشىنى ۋاڭ شى، ۋاڭ سالارنى تۇغداپ ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ۋاڭ ماڭ ئوتتا كۆيدۈرۈپ جازالاش قانۇنى بويىچە چېن لياڭ قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى ۋە ھەرقايسى سانغۇن - سەركەردىلەرنىڭ مۇداپىئەدىكى قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، پەقەت گېزەكچى كاھېەگ(67) لەرنىلا تەسىس قىلدى. ئۇلجۇت تەڭرىقۇت ۋاڭماڭ تەقدىم قىلغان نەرسىلەرگە ھېرىسلىق قىلىپ، كۆرۈنۈشتە خەن سۇلالىسىدىن قالغان بەزى قائىدىلەرگە رىئايە قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن يەنىلا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش نىيىتىدە بولدى. ھۇن ئەلچىلىرى ئېلىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلى دېڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقۇپ غەزەپلەنگەن تەڭرىقۇت شەرقىي رايوندىن ئادەم كىرگۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇزچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇردى. خەن ئەلچىسى بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرگەندە دائىم باھانە كۆرسىتىپ: «ئۇغان ۋە ھۇنلاردىكى قانۇن - پەرمانغا رىئايە قىلمايدىغان يامان ئادەملەر بىرلىشىپ، چېگرا - قورۇللارغا بېسىپ كىرىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، بۇ خۇددى خەن سۇلالىسىدە قاراقچىلار بولغاندەك بىر ئىش، مەن ھاكىمىيەتكە يېقىندىلا چىقتىم، تېخى ئىناۋەت قازىنىپ كەتمىدىم. بۇلارنى چوقۇم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن چەكلەيمەن، ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشقا قانداقمۇ پېتىنالايمەن» دەيتتى.

م. 15 - يىلى (ۋاڭ ماڭ تيەنفېڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) 5 - ئايدا، ۋاڭ ماڭ يەنە ۋاڭ شى ۋە بەش ئىشتا ھەيۋەتلىك سانغۇن ۋاڭ شيەن(68) نى فۇئەن(69)، دىڭ يې قاتارلىق ئالتە ئادەم بىلەن ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، ئوڭ

چوۋېي گۇش خانىنى ئۆزىتىپ قويىدى ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆلتۈرۈلگەن تۇرغاق ئوغۇل دېگىنىڭ جەسىتىنى ھەمدە جەسەتنى قوغداپ ئېلىپ بارىدىغان ئەمەلدار ۋە خادىملارنى كىرا ھارۋىلىرىغا سېلىپ، قورۇلغا قەدەر ئۆزىتىپ قويدى. تەڭرىقۇت يۈن بىلەن شۈيبۇتانىنىڭ ئوغلى چوكقۇتقۇشى قاتارلىقلارنى تورۇلغا ئەۋەتىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. ۋاڭ شيەن قاتارلىقلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆلجۇت تەڭرىقۇتقا يەنە كۆپلىگەن ئالتۇن ۋە جاۋاھىراتلارنى تەقدىم قىلدى ۋە ھۇن (匈奴) دېگەن نامنى «ئەدەبلىك نۇل» (恭奴) دەپ، تەڭرىقۇت (单于) دېگەن سۆزنى «ئوبدان تەڭرىقۇت» (善于) دەپ ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلدى ۋە تامغا پۆپۈكى تەقدىم قىلدى. قۇتبەگ شۈيبۇتانىنى ئارقا ئەمىنلىك تۆرىسى(70)، ئۇنىڭ ئوغلى شېنى ئارقا مىنبەگ(71) قىلىپ تەيىنلىدى. ۋاڭ ماڭنىڭ ئالتۇن پۇللىرىغا بېرىلىپ كەتكەن تەڭرىقۇت ھەممىگە ماقۇل بولدى، لېكىن يەنىلا بۇرۇنقىدەك تاجاۋۇزچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇردى. ۋاڭ شيەن ۋە ۋاڭ شىلەر يەنە چېن لياڭ قاتارلىقلارنى سېتىۋالغان بەدەلىنى يۈن ۋە شۈيبۇتانلارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارغا دەرىجىسى بويىچە بېرىشنى تەيىنلىدى ۋە شۇ يىلى 12 - ئايدا قايتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ۋاڭ ماڭ شىغا ئىككى مىليون يارماق مۇكاپات بەردى. فۇئەن قاتارلىق ئادەملەرگە ئىنئام ۋە مەرتىۋە بېرىلدى.

ئۆلجۇت تەڭرىقۇت بەش يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، م. 18 - يىلى (ۋاڭ ماڭ تيەنفېڭنىڭ 5 - يىلى) ئۆلدى. ئۇرنىغا ئىنىسى سول قول بىلىككخان يۈ ۋارىسلىق قىلىپ «قۇتئەر-شىداۋگاۋ جۇت تەڭرىقۇت»(72) دەپ ئاتالدى. ھۇنلار ۋاپادار (孝) دېگەن سۆزنى «جۇت»(73) دەيتتى. ھۇنلار

قوغشاردىن باشلاپ خەن سۇلالىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇلار خەن خانلىرىنىڭ نامىدا «ۋاپادار» (孝) دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىنى كۆرگەچكە ئىنتايىن قىزىقىپ، ھەممىسى تەڭرىقۇتنى «جۇت» دەپ ئاتاشقانىدى.

قۇتىئەرشىداۋگاۋ جۇت تەڭرىقۇت يۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئىنئام تەمە قىلىپ، چوڭ قۇتقۇشىنى يۇنىنىڭ سىڭلىسى تانيۇ قىزىنىڭ ئوغلى شىدۇقان(74) بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە سوۋغات تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋاڭ ماڭ يارىدىش بېگى ۋاڭ شى ۋە شې قاتارلىقلارنى يات قوۋملەرنى بويسۇندۇرۇش قورۇلىغا ئەۋەتىپ، يۇن، شۇبۇتانلار بىلەن كۆرۈشتۈردى. ھۇن ئەلچىلىرى قوراللىق تەھدىت بىلەن چاڭئەنگە ئېلىپ كېتىلىشۋاتقاندا، يۇن ۋە شۇبۇتانىنىڭ جىيەنى شىدۇقان قورۇلدىن قېچىپ ھۇنلار تەرەپكە قايتىپ كەتتى. شۇبۇتان چاڭئەنگە كەلگەندىن كېيىن ۋاڭ ماڭ ئۇنى شۇبۇ تەڭرىقۇت دەپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ھۇنلارغا ھۆكۈمدار بولۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن قۇتىئەرشىداۋگاۋ جۇت تەڭرىقۇت، قوشۇن تېخى توپلىنىپ بولماستىنلا پۈتكۈل كۈچ بىلەن شىمالىي چېگرىغا بېسىپ كىرىپ، شىمالىي چېگرىنىڭ مۇداپىئەسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا شۇبۇتان ئاغرىپ ئۆلدى. ۋاڭ ماڭ ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان قىزى لۇ لۇربېن (ۋاڭ جىيې) نى ئارقا مىنىلىڭ تۆرىسى شېغا ياتلىق قىلدى. كاتتا ئىنئاملار بېرىپ، ئۇنى ئەتىۋارلىدى ۋە ھەر ۋاقىت ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ تەڭرىقۇت قىلىش كويىدا بولدى. دەل شۇ چاغدا خەن سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ ئادەملىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋاڭ ماڭنى ئۆلتۈردى. يۇن ۋە شېلارمۇ ئۆلدى.

م. 24 - يىلى (گېڭشىنىڭ 2 - يىلى) قىشتا خەن

سۇلالىسى ئەمىر ـ نۆكەر ئەردەمبەگ(75) سىا، باش لەشكەر
بەگ مۇپەتتىشى چېن زۇن(76) لارنى ھۇنلارغا ئەلچىلىككە
ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمى بويىچە تەڭرىقۇتقا
تامغا ۋە تامغا بېغى بەردى، قان ۋە بەگلەرگە مۆھۈر ۋە
مۆھۈر بېغى بەردى ھەم يىپ ۋە شۇبۇتانلارنىڭ قېلىپ
قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى
قايتۇرۇلدى. تەكەببۇرلىشىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن قۇتئەرشىداۋـ
گاۋجۇت تەڭرىقۇت چېن زۇن بىلەن ساغا: «ھۇنلار ئەسلىدە
خەن سۇلالىسى بىلەن ئاغا ـ ئىنىدەك مۇناسىۋەت قىلاتتى.
ھۇنلار ئىلىدە قالايمىقانچىلىق چىققاندا خەن شۇەندى
قوغشار تەڭرىقۇتنى قوللىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى
ۋەزىر دەپ ئاتاپ، خەن سۇلالىسى خان جەمەتىنى ھۆرمەت
قىلغانىدى. كېيىن خەن سۇلالىسىدىمۇ زور قالايمىقانچىلىق
چىقىپ، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاچقا، ھۇنلار
ئەسكەر چىقىرىپ ۋاڭ ماڭغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭ چېگرا
مۇداپىئەسىنى ئاجىزلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئەلدە
پاتىپاراقچىلىق تۇغۇلدى، پۇقرالار خەن سۇلالىسىنى
سېغىنغاچقا، ۋاڭ ماڭ مەغلۇپ بولۇپ، خەن سۇلالىسى
قايتا باش كۆتۈردى. بۇ بىزنىڭ كۈچىمىز بىلەن بولدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھۇنلارغا ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك»
دېدى. چېن زۇن ئۇنىڭ بىلەن قايتا ـ قايتا مۇنازىرىلەشكەن
بولسىمۇ، تەڭرىقۇت ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.
يانۋۇرۇقى يىلى (م. 25 ـ يىلى، گېڭشىنىڭ ئۈچىنچى
يىلى) يازدا چېن زۇنلەر قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا
قىزىلقاشلىقلار(77) چاڭئەنگە بېسىپ كىرىپ، گېڭشى دەۋرىـ
گە خاتىمە بېرىلگەنىدى.

مۇئەررىختىن: «نەسىرنامە» دە: «بەدەۋىيلەر ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنى پاراكەندە قىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان.

«نەزمىنامە» دە چى خۇەنگۇڭ مەدھىيىلىنىپ: «ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى» دېيىلگەن. «ئەمىنىيە» دە: «دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇش ئالامەتلىرىنىڭ بىرى، ئەتراپتىكى چېگرىلارنى مۇداپىئە قىلىپ، تۇرالارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت» دېيىلگەن. يۇقىرىقىلاردىن بەدەۋىيلەر بالايىئاپەتتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇندىن بۇيان بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان سەممىي تەكلىپ بېرىپ، ئوبدان ئەقىل كۆرسىتىدىغان ۋەزىرلەرنىڭ ئوردىدا ھەر خىل پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنازىرىلىشىشى مانا شۇ ۋەجىدىن ئىدى. بۇنداق ۋەزىرلەردىن خەن گاۋدى زامانىدا لىيۇ جىڭ خانىكە، لۈ زامانىدا فەن كۇەي، جى بۇ؛ خەن ۋېندى زامانىدا جيايى، چاۋ سۇ؛ خەن ۋۇدى زامانىدا ۋاڭ خۇي، خەن ئەنگو، جۇ مەيچېن، گۇڭ سۇڭخۇڭ، دۇڭ جۇڭشۇ(78) لار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز پىكىرلىرىدە چىڭ تۇراتتى، پىكىرلىرىدە ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىقلار بولاتتى. لېكىن يىغىپ ئېيتقاندا، ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى: مەمۇرىي ئەمەلدارلار يارىشىشنى، ھەربىي ئەمەلدارلار بولسا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇ بىر مەزگىللىك پايدا - زىياننىلا كۆرۈپ، ھۇنلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى تەتقىق قىلمىغانلىق ئىدى. خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ بولغۇنىغىچە ئەمىنىيە زامانىغا قارىغاندا كۆپ ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئارىلىقتا ھۇنلار بىلەن ئەدەب - قائىدە بويىچە مۇئامىلە قىلىنىپ، ئۇلار بىلەن قۇدىلاشقان چاغلارمۇ، قورال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلىنىۋالغان چاغلارمۇ، دېمىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ، ئۇلارغا خۇشامەت قىلغان چاغلارمۇ، ھەيۋە بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى بېقىنىشقا مەجبۇر قىلغان چاغلارمۇ بولغانىدى. تېز چۆكۈش بىلەن باش كۆتۈرۈش ئۆزگىرىپ تۇردى،

كۆچىيىش بىلەن ئاجىزلىشىش ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشىنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىرلىشىش ئىمكانىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئۆتمۈشتە قۇدىلىشىش توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى ھەممىدىن ئاۋۋال لىيۇ جىڭ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ ئەل ئەمدىلا تىنچىغان، پىڭچېڭ مۇھاسىرىسى خەتىرىگە يېڭىدىن ئۇچرىغان چاغلار بولغاچقا، ئۇنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنىپ، ھۇنلار بىلەن ئەھدىلىشىلدى، قۇدىلىشىلدى. تەگرىقۇتقا كۆپ سوۋغات بېرىش يولى بىلەن چېگرىنىڭ ئەمىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىد قىلىندى. خەن خۇيدى ۋە خانىكە لۈ زامانىدا بۇ سىياسەتكە رىئايە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى ئازايماي، ئەكسىچە تەگرىقۇت تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنىدى. خەن ۋېندى زامانىغا كەلگەندە خەن سۇلالىسى ئۆتكەل بازىرى ئېچىپ، ھۇنلار بىلەن ئۆزئارا سودا ئىشلىرىنى يولغا قويدى، خەن جەمەتى قىزلىرى خوتۇنلۇققا بېرىلدى. ھۇنلارغا بېرىلىدىغان مال - بايلىقلار كۆپەيتىلدى. بۇ ئىشلارغا ھەر يىلى مىڭ جىڭ ئالتۇن سەرپ قىلىندى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھۇنلار كۆپ قېتىم ئەھدىنى بۇزۇپ، چېگرىغا ئۈزلۈكسىز بالايىئاپەت كەلتۈرگەچكە، خەن ۋېندى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە خەن سۇلالىسى بىردىنلا كۈچلەندى، خەن ۋېندىنىڭ ئۆزىمۇ ھۇنچە كېيىنىپ، جەڭ ئېتىغا مىنىپ، ئالتە ۋىلايەت(79) تىكى مۆمىن پۇقرالاردىن بولغان پالۋانلارنى باشلاپ شاڭلىن چار بېغىدا ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلدى ۋە ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگەندى، پۈتكۈل ئەل بويىچە خىل ئەسكەرلەرنى يىغىپ گۇاڭۋۇدا تۇرغۇزدى. ئۆتكەن زامانلاردىكى سانغۇن - سەركەردىلەر توغرىسىدا فې...

بىلەن بىللە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، قەدىمكى زاماندىكى داڭلىق ۋەزىرلەرنى ئەسلىدى. مانا بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، قۇدىلىشىشنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقى ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ئىدى.

دۆڭ جۇڭشۇ تۆت دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە، ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئەھدىگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يەنە بەزى ماددىلارنى قوشۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ: «ئالىيجانابلارنى ھەققانىيەت بىلەن، ئاچكۆزلەرنى پايدا - مەنپەئەت بىلەن تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ. ھەققانىيەت ھۇنلارغا كار قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى پايدا بېرىش يولى بىلەنلا ئېلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ مۇشۇ تەبىئىتىدىن پايدىلىنىپ تىزگىنلەش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا مەنپەئەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، تەڭرى ئالدىدا ئانتلىشىپ، ئىتتىپاقلىق ئەھدىگە قاتتىق رىئايە قىلدۇرۇش، ئەتىۋارلىق بالىسىنى تۇرغاق قىلىشقا مەجبۇرلاش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇش لازىم. بۇنداق قىلغاندا ھۇنلار گەرچە يۈز ئۆرۈشنى ئويلىسىمۇ، لېكىن چوڭ مەنپەئەتتىن ئايرىلىپ قېلىش، تەڭرى ئالدىدا يالغانچىلىق قىلىش ۋە تۇرغاقتىكى سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ يۈز ئۆرۈشكە پېتىنالمايدۇ. مانا بۇ بىر تۈرلۈك تىزگىنلەش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باج - سېلىق يىغىپ ھۇنلارغا چوڭ سوۋغات يوللاش خىراجىتى، چوڭ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ جازا يۈرۈشى قىلىش خىراجىتىدىن كۆپ ئەمەس - تە! شەھەر - قەلئەلەرنى مۇداپىئە قىلالمىغاندىن كۆرە ئىشەنچلىك ئادەم ئەۋەتىپ ئىتتىپاقلىق ئەھدى تۈزگەن تۈزۈك. شۇنداق قىلغاندا، چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ قېرىنداشلىرى تۆشەك سېلىپ خاتىرجەم ئۇخلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، بوۋاقلار بىمالال

ئۇزۇقلىنالايدۇ، ھۇنلارنىڭ جەڭ ئاتلىرى سەددىچىن سېپىلىگە
كەلمەيدۇ، ئوتتۇرا جۇڭگودا ئەسكەر ئېلىش يارامىقى بولمايدۇ.
بۇ پۈتكۈل ئەلدىكى خەلققە پايدىلىق ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى.
دۇڭ جۇڭشۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي
ئەھۋاللارغا باغلاپ قارىغاندا، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنىڭ
شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ۋە
كېيىنكى دەۋرلەرگىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى بىلىنىدۇ.
خەن ۋۇدى زامانىدا قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش
جەھەتتە نەتىجە قازىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەم ۋە
ئۇلاغلارنىڭ ھالاك بولۇشىمۇ كۆپ بولغانىدى. خۇاڭخې
دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلار قايتۇرۇۋېلىنىپ، شوفاڭ
ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن زاۋياڭنىڭ
شىمالىدىكى 900 نەچچە چاقىرىم زېمىن قولدىن بېرىپ
قويۇلغانىدى. ھۇن پۇقرالىرى دائىم دېگۈدەك خەن
سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىقۇتمۇ
خەن ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ ئۆچ ئالاتتى. ھۇنلار
مانا مۇشۇنداق گەردەنكەش خەلق تۇرسا، ئۇلار ئۆزىنىڭ
ئامراق باللىرىنى قانداقمۇ تۇرغاق قىلسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن
دۇڭ جۇڭشۇنىڭ سۆزلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا ئۇيغۇن
ئەمەس ئىدى. تۇرغاق قويۇلمىسا، يارىشىش نۆلگە تەڭ بولۇپ
قالىدۇ. بۇ خەن ۋېندى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى خانلارنىڭ
خاتالىقلىرىنى قايتىلىغانلىق، ھۇنلارنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس
ئالدامچىلىقلىرىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈپ قېلىشىغا ياردەم بەرگەنلىك
بولىدۇ. چېگرا شەھەرلىرىگە دۆلەتنىڭ زېمىننى مۇداپىئە
قىلىدىغان ھەربىي خادىملارنى تاللاپ قويماي، قورغان -
قەلئەلەر ۋە تۇر قاتارلىق چېگرا قورۇللىرىنى قوغداش
ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلماي، نەيزە، ئوقيا قاتارلىق
ھەربىي ياراقلارنى يېڭىلىماي، يىغىپ ئېيتقاندا دۈشمەننىڭ

چېگرا ـ قورۇللاردىكى پاراكەندىچىلىككە ئىسلىدە بار بولغان مۇكەممەل ھەربىي ھازىرلىقلار بىلەن قارشى تۇرماي، ئەكسىچە، خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى باج ـ سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، مال ـ بايلىق بېرىش ئارقىلىق يىراقتىكى ھۇنلارنىڭ كۆڭلىنى ئالسا، پۇقرالارنى ئېزىپ ئەشەددىي دۈشمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمايدىغان قۇرۇق ئەھدىلەرگە ئەمەل قىلىپ، ھۇنلارنىڭ چېگرا ـ قورۇللارغا كېلىپ پايلاقچىلىق قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلسا، بۇ ئارتۇقچە خام ـ خىيال ئەمەسمۇ؟!

خەن شۈەندى زامانىغا كەلگەندە خەن ۋۇدىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىندى ھەمدە ھۇنلارنىڭ 100 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ خەتەرلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىپ، ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئارقىسىدا ھالاكەتلىك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن پايدىلىنىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ تەدبىر قوللىنىش، ئىلتىپات ۋە تەھدىتنى تەڭ ئىشقا سېلىش چارىسى قوللىنىلدى. تەگرىقۇت ئاندىن باش ئېگىپ بېقىندى، ئوغلىنى ئەۋەتىپ تۇرغاق قىلدى. ئۈچ ئەۋلاد قارام ئەل بولۇپ، خەن جەمەتىگە بېقىندى. بۇ چاغدا چېگرا ـ قورۇللاردىكى شەھەر ـ قوۋۇقلىرى كەچ يېپىلىدىغان بولدى، يىلقا ۋە كالىلار داللارنى قاپلاپ يېيىلىپ يۈردى، ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەر ئۇرۇش سىگنالى ئاڭلىمىدى. پۇقرالارمۇ ئۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان بولدى.

كېيىنكى 60 يىلدىن بۇيان ۋاڭ ماڭنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى بىلەن چېگرىدىكى ئەمىنلىك بۇزۇلۇشقا باشلىدى. تەگرىقۇت يارىتىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈش سەۋەبىنى ۋاڭ ماڭغا ئارتقانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ ماڭ ئۇنىڭ تۇرغاق ئوغلىنى ئۆلتۈردى. چېگرىدىكى بالايىئاپەت مانا شۇنىڭدىن باشلاپ تۇغۇلۇپ تۇردى. قوغشار تەگرىقۇت خەن ئوردىسىنى

زىيارەت قىلغاندا، خەن سۇلالىسى ئۇنى كۈتۈۋېلىش قائىدە - يوسۇنلىرى ھەققىدە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرغانىدى. مۇزاكىرىدە شياۋ ۋاڭجى: «قەدىمكى زاماندا رۇڭ ۋە دىلار قىر ياساقچىلىرى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ بېقىنىشىنىڭ تۇراقلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلار بەزىدە بېقىناتتى، بەزىدە بېقىنمايتتى. شۇڭا ئۇلارنى مېھمان قاتارىدا كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارغا يول قويۇپ، ۋەزىر ئورنىدا قارىماسلىق كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى قېچىپ كەتسە، خەن سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئاسىي ئەمەلدار ھېسابلانمايتتى» دېدى. خەن يۈەندى ، ئامانغا كەلگەندە چېگرا - قورۇل مۇداپىئەسىنى بىكار قىلىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خۇ يىڭ بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ پىكرىنى بەردى. مانا بۇ روناق تاپقاندا چۈشكۈنلىشىشنى ئەستىن چىقارماسلىق، ئەمىنلىك بولغاندا خەۋپ - خەتەرنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئەتراپلىق، ئاقىل تەشەببۇس. تەڭرىتۇت شيەن سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارىماي، پايدا - مەنپەئەت تۇغلاشتى. ئۇنىڭ بۇلاڭ - تالاڭدىن كىرىدىغان كىرىمى ھەر يىلى بىرقانچە تۈمەن يارماق بولاتتى. لېكىن يارىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلىدىغان بايلىق مىڭ جىڭ ئالتۇندىن كەم بولمايتتى. بۇنداق ھالەتتە ئۇ تۇرغاق ئوغلىدىن كەچمەي، چوڭ مەنپەئەتتىن ئايرىلىپ قېلىشنى قانداقمۇ خالىسۇن؟ دېمەك، دۆڭ جۇڭشۇ مۇھاكىمىسىنىڭ تۇتۇرۇقسىزلىقى مانا شۇ يەردە.

دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى پىلانلاش جەھەتتە تەكلىپ بەرگەندە، ئۇزۇن مۇددەتلىك بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتماستىن، پەقەت ئاددىيلا بىر مەزگىللىك مۇۋەپپەقىيەتنىلا كۆزلىسە، مۇنداق مۇۋەپپەقىيەتنى ئۇزۇن داۋام قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. جازا يۈرۈشىنىڭ رولىغا كەلسەك، يەن يۈنىڭ چىن ۋە

خەن خانلىرىنىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسى توغرا. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىم زاماندىكى خانلار زېمىنىنى توققۇز ئايماق(80)، بەش رايون(81) غا ئايرىپ پايتەخت ئەتراپى رايونلىرى تەسىس قىلدى. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئالغاندا ئىچ ۋە سىرت، يىراق ۋە يېقىنلىقىغا قاراپ مەھسۇلات مىقدارلىرى بەلگىلىنەتتى. سىياسەت، جازا قانۇنلىرىنى يۈرگۈزۈشتە، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتا، يىراق ۋە يېقىن جايلار- نىڭ ۋەزىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، يولغا قويۇلغان تەدبىرلەرمۇ ھەر خىل بولاتتى. شۇڭا «ئەمىنىيە» دە: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىچ يۇرت، يات قوۋملەر تاش يۇرت دېيىلگەن. يات قوۋملەر مەنپەئەتپەرەس بولۇپ، ئاچكۆز كېلىدۇ، چاچلىرى سول تەرەپكە چۈشۈپ تۇرىدۇ. سىڭار پەشلىك بولۇپ، ئادەم چىراي بولسىمۇ، لېكىن يىرتقۇچ تەبىئەتلىك كېلىدۇ. تۈزۈم ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئوخشىمايدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ۋە تىلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئەڭ شىمالدىكى سوغۇق، خىلۋەت دالىلاردا ياشايدۇ. ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق قىلىشىدۇ. ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن تاغ جىلغىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە قۇملۇق ناھايىتى كۆپ. خۇددى تەڭرى مەقسەتلىك ھالدا ئۇلار بىلەن بىزنى ئايرىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا دانا خانلار ئۇلارنى ھايۋان قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇلار بىلەن قەسەمياد قىلىشىپ، ئىتتىپاقلىق ئەھدى تۈزمەيتتى، ئۇرۇشمۇ قىلمايتتى. ئەھدى تۈزسە ھەم مال ـ بايلىق سەرپ بولاتتى، ھەم ھۇنلاردىن ئالدىنىپ قالاتتى، ھۇجۇم قىلىنسا، يەنە ھەربىي كۈچ سەرپ بولۇپ، قالايمىقانچىلىق چىقاتتى. ئۇ يىراردىكى يەر- لەرنى تېرىپ ئاشلىق ئالغىلى، كىشىلىرىنى مۇمىن پۇقرا

قاتارىدا كۆرگىلى بولمايتتى، شۇڭا دانا خانلار ئۇلار بىلەن يىراق ئايرىلىپ تۇراتتى. يېقىن كەلتۈرمەيتتى، يېقىنلاشمايتتى. ئۇلارنى مەرىپەتتىن بەھرىمەن قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ ئېلىدە تەقۋىم يولغا قويۇلمايتتى. ئەگەر ئۇلار تاجاۋۇز قىلسا جازالىناتتى، چېكىنىپ كەتسە مۇداپىئە ئىشلىرى يولغا قويۇلاتتى. ئەگەر ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئارزۇ قىلىپ كېلىپ سوۋغات تەقدىم قىلسا، قائىدە - يوسۇن بويىچە كۈتۈۋېلىناتتى ۋە ئۈزلۈكسىز جەلىپ قىلىناتتى. شۇڭا، خاتالىق ھەمىشە قارشى تەرەپتە سادىر بولاتتى. مانا بۇلار مۇقەددەس خانلارنىڭ يات قەۋملەرنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3795 — 3834 - بەتلەر).

---

(1) قۇتئۇس (呼屠吾斯) شۇرۇ چانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاكىسى، ھۇن ئېلىنىڭ سول قول قانىلىرىدىن.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3795 - بەت)؛

«ھۇنلارنىڭ تارىخي يىلنامىسى»، 294 - بەت».

(2) تۇغ تەڭرىقۇت (屠耆单于) ھۇن ئېلىنىڭ باتىس قانى بولۇپ، ئىسمى بۇشتان. م.ب. 58 — 56 - يىللىرىدىكى ھۇن ئېلىدىكى پاراكەندىچىلىك دەۋرىنىڭ تەڭرىقۇتلىرىدىن بىرى. ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتنىڭ نەۋرە ئاكىسى.

(«ھۇنلارنىڭ تارىخي يىلنامىسى. ھۇن تەڭرىقۇتلىرى شەجەرىسى»، 294 - بەت).

(3) (乌籍) تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ كاھىبەگ ئۇنۋانلىق قوماندانلىرىدىن بىرى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3795 - بەت).

(4) چەلى تەڭرىقۇت (车犁单于) ئەسلى هۇن ئېلىنىڭ ئۈكەن قانى بولۇپ، هۇنلاردا باشباشتاقلىق دەۋرى باشلانغاندا، ئۆزىنى ئۆزى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىۋالغان غەيرىي قانۇنىي تەڭرىقۇتلاردىن.
(«خەننامە»، 11 - توم، 3795 - بەت).
(5) ئۇلچۇ (乌历屈) ئۇرسۇدىنتۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ سول سەركەردىسى ئىدى. م.ب. 56 - يىلى 11 - ئايدا ئاتىسى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان.
(«هۇنلار تارىخىي يىلنامىسى»، 51 - بەت).
(6) ئۇرىۇنىنتۇن هۇن (乌历温敦) ئېلىنىڭ خۇسۇل (ئەمەل) بېگى بولۇپ، م.ب. 56 - يىلى 11 - ئايدا نەچچە تۈمەن ئېلى بىلەن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان.
(«هۇنلار تارىخىي يىلنامىسى»، 51 - بەت).
(7) شىنچېڭ (新城) قەدىمىي ناهىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ 新成 يېزىلاتتى، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 新城 دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لو ياڭ ناهىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1012 - بەت).
(8) شۇشۇيخان (休旬王) تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى. م.ب. 54 - يىلى هۇن ئېلىدىكى پاراكەندىچىلىك دەۋرىنىڭ تەڭرىقۇتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆزىنى رۇنجېن تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى، غەربتە تۇراتتى. كېيىن چىچى تەڭرىقۇت بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى.
(«هۇنلار تارىخىي يىلنامىسى»، 53 - بەت).
(9) چۇيرۇش (驹于利受) چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى. ئۇ كىچىك سەركەردە بولۇپ، م.ب. 53 - يىلى خەن سۇلالىسىگە

تۇرغاقلىقتا ئەۋەتىلگەن.
(«ھۇنلار تارىخى يىلنامىسى»، 53 ـ بەت).
(10) گۇاڭلۇ قورغىنى (光禄塞) خەن ۋۇدى دەۋرىدە كېڭەش بېگى شۈزىۋېي تەرىپىدىن ياسالغان. چۇغاي تېغىنىڭ شىمالىدا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۇھىم قورغان سانىلاتتى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى». 287 ـ بەت).
(11) جىلۇ قورغىنى (鸡鹿塞) ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى دېڭكوۋ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خالۇلگېنېي جىلغىسىنىڭ ئېغىزىدا.
(«ھۇنلار تارىخى يىلنامىسى»، 54 ـ بەت).
(12) ئىلىم تەڭرىقۇت (伊利目单于) تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى. م.ب. 49 ـ يىلى ھون ئېلىدىكى پاراكەندىچىلىك دەۋرىدىكى تەڭرىقۇتلاردىن بىرى. چەچى تەڭرىقۇت بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن.
(«ھۇنلار تارىخى يىلنامىسى»، 55 ـ بەت).
(13) نوشۈي (诺水) دەريا، نوجېن دەرياسى (诺真) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى داتۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، قورغاننىڭ سىرتىدا.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 31 ـ توم، 179 ـ بەت).
(14) ئىتجىياس (伊屠智牙师) قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى بولغان ئالچىسى ۋاڭ جاۋجۈندىن تۇغۇلغان ئوغلى. ھون ئېلىنىڭ ئوڭ باتىسقانى ئىدى.
(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3806 ـ بەت).
(15) قويانخان (呼衍王) ھون ئېسىلزادىلىرىدىن. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ قېيىن ئاتىسى.
(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3806 ـ بەت).
(16) جۈەنچۈ ئالچى (颛渠阏氏) قويانخاننىڭ چوڭ

قىزى، قوغشارنىڭ ئالچىلىرىدىن بولۇپ، جۇمۇچ، نانكىسىياس (ئۇ-
جۇلجۇت تەگرىقۇت) لارنىڭ ئانىسى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3806 — 3807 - بەتلەر).

(17) جۇمۇچ (且莫车) قوغشار تەگرىقۇتنىڭ جۈەنچۇ ئالچىسىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى. خۇن ئېلىنىڭ سول قولخانى. م.ب. 12 - يىلدىن م.ب. 8 - يىلىغىچە خۇنلارنىڭ تەگرىقۇتى بولغان.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3807 - بەت).

(18) نانكىياس (知牙斯) قوغشار تەگرىقۇتنىڭ جۈەنچۇ ئالچىسىدىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلى. خۇن ئېلىنىڭ ئوڭ قول بىلىكخانى. م.ب. سەككىزىنچى يىلىدىن م.ك. ئون ئۈچىنچى يىلىغىچە خۇن ئېلىنىڭ تەگرىقۇتى بولغان. ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت مادىدىسىغا قاراڭ.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3807 - بەت).

(19) جۇمىش (且糜胥) قوغشار تەگرىقۇتنىڭ چوڭ ئالچىسىدىن تۇغۇلغان ئىككىنچى ئوغلى، خۇن ئېلىنىڭ سول قول بىلىكخانى ۋە تەگرىقۇتى بولغان.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3807 - بەت).

(20) شيەن (咸) قوغشار تەگرىقۇتنىڭ چوڭ ئالچىسىدىن بولغان كىچىك ئوغۇللىرىدىن بىرى. ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە ۋاپادار تەگرىقۇت ئۇنۋانى بىلەن غەيرىي قانۇنىي تەگرىقۇت بولغان.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3807 - بەت).

(21) لې (乐) قوغشار تەگرىقۇتنىڭ چوڭ ئالچىسىدىن بولغان كىچىك ئوغۇللىرىدىن بىرى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3807 - بەت).

(22) جىلۇرخان (致卢儿王) خۇنلاردا خانلار ئۇنۋانى بولۇپ، ئوڭ - سول جىلۇر خانلار بولاتتى.

(«خۇنلار تارىخى يىلنامىسى»، 59 - بەت).

(23) شۇبۇقىز (须卜居次) پۇجۇلجۇت تەگرىقۇت (دىۋتاۋ-

بۇقا) نىڭ خەن سۇلالىسى مەلىكىسى بولغان ئالچىسى ۋاڭ جاۋ-
جۈندىن تۇغۇلغان چوڭ قىزى (قوغشار تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېـ-
يىن خۇن ئادىتى بويىچە پۈجۇلجۇت تەڭرىقۇت ئۆگەي ئانىسى
ۋاڭ جاۋجۈننى ئالغان). شۈبۈ — خۇنلاردا چوڭ بىر ئۇرۇقنىڭ
ئىسمى بولۇپ، بۇ، «شۈبۈ ئۇرۇقىدىن بولغان قىز» دېگەنلىك بولىدۇ.
(«خەننامە»، 11 - توم، 3 - بەت (1)، (2) ئىزاھلار).
(24) تانيۇ قىز(当于居次) پۈجۇ'جۇت تەڭرىقۇت(دېۋتاۋ-
بۇقا) نىڭ خەن سۇلالىسى مەلىكىسى بولغان ئالچىسى ۋاڭ
جاۋجۈندىن تۇغۇلغان كىچىك قىزى. تانيۇ — خۇنلاردا چوڭ
بىر ئۇرۇقنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ، «تانيۇ ئۇرۇقىدىن بولغان قىز»
دېگەنلىك بولىدۇ.
(«خەننامە»، 11 - توم، 3808 - بەت (1)، (2) ئىزاھلار).
(25) گاۋلىن (皋林) خۇن ئېلىدىكى يەرنىڭ نامى.
(مۇھەررىردىن).
(26) پۇفەن(蒲反) قەدىمكى ناھىيە. رىۋايەتلەرگە ئاسا-
سلانغاندا بۈيۈك پادىشاھ شۈننىڭ مەركىزى ئىكەن. ئەسلى ئىسمى
پۇ (蒲) بولۇپ، يېغىلىق دەۋرىدە ۋېي (魏) بەگلىكىگە قارايت-
تى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ناھىيە تەسىس قىلىنىدى. ئورنى
ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى يۇڭجى ناھىيىسىدە.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 - توم، 2690 - بەت).
(27) سوشجۇت تەڭرىقۇت (搜谐若鞮单于) پۈجۇلجۇت
تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، م.ب. 20 - يىلىدىن م.ب. 12 -
يىلىغىچە تەڭرىقۇت بولغان. جۇمىش ماددىسىغا قاراڭ.
(«خۇنلارنىڭ تارىخي يىلنامىسى»، 60 - بەت).
(28) جۇتقان (祝都韩) خۇن ئەمەل — ئۇنۋانلىرىدىن
بولۇشى مۇمكىن.
(مۇھەررىردىن).

(29) چەياجۇت تەڭرىقۇت (车牙若鞮单于) جۇمۇج مادە-
دىسىغا قاراڭ.

(«ھۇنلار تارىخي يىلنامىسى»، 61 - بەت).

(30) يۇتچۇچان (於涂仇撣) يەر نامى بولۇشى مۇمكىن.

(مۇھەررىردىن).

(31) سۈيخې (绥和) خەن چېڭدىنىڭ م.ب. 8 — 7 - يىللىرى
مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1177 - بەت).

(32) يۇ (輿) قوغشارنىڭ ئوغۇللىرىدىن. ئۇجۇلجۇت
تەڭرىقۇتنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى. ھۇن ئېلىنىڭ ئوڭ قول بېلىكخانى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3810 - بەت).

(33) گۇنۇ (股奴) ھۇنلاردا ئەمەل ئىسمى بولۇشى مۇمكىن.

(مۇھەررىردىن).

(34) ۋاڭ گېن (王根) خەن يۈەندى خانىشىنىڭ ئىنىلىرىدىن.
چۇياڭ بېگى ئىدى. قىران چەۋەنداز سانغۇن بولغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 115 - بەت).

(35) جىلقۇن (稽留昆) ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى.
م.ب. 7 - يىلى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتىلگەن. م.ب.
بىرىنچى يىلى قايتۇرۇلۇپ، ئورنىغا ئاكىسى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىلدى.

(«ھۇنلارنىڭ تارىخي يىلنامىسى»، 61 — 68 - بەتلەر).

(36) ئالتە كىتاب، ئالتە نامە (六经) كۇڭزىچىلارنىڭ
ئالتە دەستۇرى. بۇلار: «نەزمىنامە»، «نەسىرنامە»، «يۇسۇننامە»،
«پالنامە»، «ئەمىنىيە»، «نەزمىنامە» دىن ئىبارەت ئالتە كىتاب.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 343 - بەت).

(37) شىمالىي تۇرالار (北狄) دىلار (تۇرا) ئىزاھى-
غا قاراڭ.

(38) گۇزىڭلار (姑缯) غەربىي جەنۇبتىكى قوۋملەردىن
بولۇپ، ھازىرقى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي (ئۆز

دەۋرىدىكى يىجو) دا ياشايتتى.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3815 — بەت (14) ئىزاھ).

(39) تاگجىبېلەر (荡姐) چياگلارغا مەنسۇپ بىر قوۋم.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3815 — بەت(15) ئىزاھ).

(40) قۇمتاغ (白龙堆, 库穆塔克) قۇملۇق (چۆل) ئىسمى. شىنجاگنىڭ شەرقىدە، تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە. ئەجدەر تۆپىلىكمۇ دېيىلىدۇ. قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ئەڭ شەرقىدە بولۇپ، سۇسىز، گىياھسىز چۆللۈكتىن ئىبارەت.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 3 — توم، 2165 — بەت).

(41) پۇتاۋ قەسىرى، ئۈزۈمزار قەسىر (蒲陶宫) م.ب. 104 — يىلىدىكى پەرغانىگە يۈرۈش قىلىش داۋامىدا ئىچكىرىسىگە كەلتۈرۈلگەن ئۈزۈم (تەك) شۇگلىرى شاگلىن خانلىق بېغىغا تىكىلىپ زور ئۈزۈمزارلىق بىنا بولغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەن ۋۇدى شاگلىن خانلىق بېغىغا ئۈزۈمزار قەسىرى سالدۇرغان. «شاگلىن چار بېغى» ماددىسىغا قاراڭ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 — توم، 3817 — بەت).

(42) شۇتۇن قۇدۇقى (休屯井) قورغان سىرتى، ھۇن ئېلىدىكى بىر يەرنىڭ نامى.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3817 — بەت).

(43) چېتيەنلۇ (车田卢水) دەريا، ھۇن ئېلىدىكى بىر دەريا.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3817 — بەت).

(44) قۇيقۇ (句姑) مىلادىدىن بۇرۇن ۋە مىلادىنىڭ باشلىرىدا ئارقا قوس خانلىقى (تۇرپان خانلىقى) نىڭ خانى. ھۇنلارغا تەسلىم بولغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قايتۇرۇپ كېلىنىپ، قەتل قىلىپ سازايى قىلىنغان.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3818 — 3819 — بەتلەر).

(45) تاگدۇر (唐兜) غەربىي يۇرتتىن خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان خانلاردىن بولۇپ، قۇيقۇ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا

تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قايتۇرۇپ كېلىپ، قەتل قىلىنىپ سازايى قىلىنغان.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3818 — 3819 - بەتلەر).

(46) جى (知) بىر ھېروگلىفلىق ئىسىم قويۇش تەشەببۇسىنى قوللاش يۈزىسىدىن ھۇن تەڭرىقۇتى ئۈچۈلچۈت نانكىسىياس تۆۋت ھېروگلىفتىن ئىبارەت چوپ ھېروگلىفلىق ئىسمىنى بىر ھېروگلىفلىق جى (知) غا ئۆزگەرتكەن.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3819 - بەت).

(47) شىن (新) خانلىق. م. 8 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى خانىنىڭ تورنىغا ئۆزىنى خان ئېلان قىلغان ۋاڭ ماڭ سۇلالە نامىنى «شىن سۇلالىسى» دەپ ئاتىدى. 15 يىل سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن، م. 23 - يىلى قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 1482 - بەت).

(48) شىجيەنگو (始建国) شىن خانى ۋاڭ ماڭنىڭ م. 9 — 13 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 2091 - بەت).

(49) گۇشبەگ (姑夕侯) ھۇنلاردا ئەمەل بولۇپ، ئوڭ - سول گۇشبەگلەر بولاتتى.

(مۇھەررىردىن).

(50) قۇتبەگ (骨都侯) ھۇنلاردا ئەمەل بولۇپ، ئوڭ - سول قۇتبەگلەر بولاتتى.

(مۇھەررىردىن).

(51) لىخانخان (犁汗王) ھۇنلاردا ئەمەل ئىسمى بولۇپ، ئوڭ - سول لىخانخانلار بولاتتى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3822 - بەت).

(52) دەن چىن (但钦) ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە (م. ب. - يىلىدىن 13 - يىلىغىچە) غەربىي يۇرت قوروقچىبېگى بولغان، ۋاڭ ماڭنىڭ

ئاخىرقى دەۋردە ئاگنىي خانلىقى ئىسيانچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 284 - بەت).
(53) قوچەن (后戚) قوس خانلىقىدىكى كىچىك بىر بەگلىك.
(«خەننامە»، 11 - توم، 3823 - بەت(2) ئىزاھ).
(54) دېڭ (登) قوغشار تەگرىقۇتىنىڭ نەۋرىسى، شىيەن تەگرىقۇتىنىڭ ئوغلى.
(«خەننامە»، 11 - توم، 3823 - بەت).
(55) جۇ (助) قوغشار تەگرىقۇتىنىڭ نەۋرىسى، شىيەن تەگرىقۇتىنىڭ ئوغلى.
(«خەننامە»، 11 - توم، 3823 - بەت).
(56) يىشو قورۇلى (益寿塞) ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايون سالاچى ناھىيىسىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 739 - بەت).
(57) جىڭياڭ (泾阳) قەدىمكى ناھىيە. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان. ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى پىڭلياڭ ناھىيىسىنىڭ 40 چاقىرىم غەربىدە.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 728 - بەت).
(58) چېن چىن (陈钦) گۇاڭشىنلىق. كۇڭفۇزىچىلارنىڭ دەستۇرى بولغان «زو چيۇمىڭ ئەمىنىيىسى» تەتقىقاتچىلىرىدىن بولۇپ، بىر مەزگىل لياڭلىق جيا خۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. چېن چىندىن جاناب زوشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن ۋاڭ ماڭ ئۇنىڭغا «قەيسەر سانغۇن» دەپ شەرەپ نامى بەرگەن.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1090 - بەت).
(59) گېشيې قورۇلى (葛邪塞) يۇنجۇڭ ۋىلايىتىدىكى بىر قورۇل (قورغان). چېن چىن بىلەن ۋاڭ شۇنلەر مۇشۇ قورۇلنىڭ

مۇداپىئەسىدە تۇرغان.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3826 — بەت).

(60) ئۇلىجۇت تەگرىقۇت (乌累若鞮单于) قوغشار تەگرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولۇپ، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە ئۇلىجۇت تەگرىقۇت ئۇنىۋانى بىلەن م.13 — 18 — يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3827 — بەت).

(61) تۇغ ئالىچى (屠耆阏氏) قوغشار تەگرىقۇتنىڭ ئالىچىلىرىدىن، ئۇلجۇت تەگرىقۇتنىڭ ئۆگەي ئانىسى.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3827 — بەت).

(62) قۇي (讠卢于) ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت دەۋرىدە (م.ب. 8 — م. 13 — يىللىرى ئارىلىقىدا بىرنەچچە سول قول بىلىكخان ئارقا — ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، «سول قول بىلىكخان» دېگەن نام «شۇم نام» دەپ قارىلىپ، ئورنىغا «قۇي» دېگەن نام قوللىنىلغان. تەگرىقۇتتىن قالسىلا بۇ مەرتىۋە يۇكسەك ئورۇن ھېسابلىناتتى.

(«خەننامە»، 11 — توم، 3827 — بەت).

(63) خۇمېك (虎猛) قەدىمكى نامىيە. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئوردوس سول قانات ئالدى خوشۇنىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 535 — بەت).

(64) ئەلچى بەگ (和亲侯) شەرەپ ئۇنىۋانى. ۋاڭ شى (玉歙) ئىزاھىغا قاراڭ.

(65) ئىلتىپاتبېگى (展德侯) شەرەپ ئۇنىۋانى. ۋاڭ سا (王飒) ئىزاھىغا قاراڭ.

(66) چۇۋېي (厨唯) ھۇن ئېلىدىكى يەر ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. (مۇھەررىردىن).

(67) گېزەكچى كاھبەگ (游击都尉) دۈشمەنگە تۇشتۇمتۇت زەربە بېرىدىغان گېزەكچى قوشۇنلارنىڭ كاھبېگى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 19 - توم، 439 - بەت).

(68) ۋاڭ شيەن (王咸) جىنەنلىك. ھۇنلار بىلەن يارىشىش تەرەپدارى بولغاچقا، «ئەلچىبەگ» دېگەن ئۇنۋانى بار بولۇپ، ۋاڭ ماڭ ئۇنى ھۇن ئېلىگە بارىدىغان ئەلچىلەر ئۆمىكىگە باشلىق قىلغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 105 - بەت).

(69) فۇئەن (伏黯) شائىر بولۇپ، ئورنى قوۋۇقچىباشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. م. 15 - يىلى سانغۇن ۋاڭ شيەن باشچىلىقىدىكى ئۆمەك تەركىبىدە ھۇن ئېلىگە ئەلچى بولۇپ بارغان.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 231 - بەت).

(70) ئارقا ئەمىنلىك تۆرىسى (后安公) م. 15 - يىلى ۋاڭ ماڭ تەرىپىدىن قۇتبەگ شۇبۇتانغا بېرىلگەن ئۇنۋانى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3828 - بەت).

(71) ئارقامىنبەگ (后安侯) م. 15 - يىلى ۋاڭ ماڭ تەرىپىدىن چوڭ قۇتقۇ شىبگە بېرىلگەن ئۇنۋانى.

(«خەننامە»، 11 - توم، 3828 - بەت).

(72) قۇتتەرشىداۋ گاۋجۇت تەڭرىقۇت (呼都而尸道皋若鞮单于)، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولۇپ، ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى. م. 18 - يىلدىن 46 - يىلغىچە 28 يىل سەلتەنەت سۈرگەن. ھۇن ئېلىنىڭ 20 - ئەۋلاد ھۆكۈمدارى.

(«ھۇنلار تارىخي يىلنامىسى»، ھۇن تەڭرىقۇتلىرى شەجەرىسى، 294 - بەت).

(73) جۇت (孝) ھۇنچە سۆز بولۇپ «ۋاپادار» مەنىسىدە.

قوغشاردىن باشلاپ خەن سۇلالىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان ھۇن تەڭرىقۇتلىرى، خەن خانلىرىنىڭ نامىدا «孝» سۆزىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەچكە، قىزىقىپ تەڭرىقۇتلۇق ئۇنۋانلىرىنىڭ ئاخىرىغا «جۇت» (ۋاپادار) سۆزىنى قوشۇپ ئىشلىتىشقان.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3829 ـ بەت).

(74) شىدۇقان (醯椟王) پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ تاش نەۋرىسى، تانىيۇ قىزىنىڭ ئوغلى.

(«خەننامە»، 11 ـ توم، 3829 ـ بەت).

(75) ئەردەمبەگ (归德侯) شەرەب ئۇنۋانى بولۇپ، ھەققانىيەت تەرەپكە ئۆتكەن، ئەل بولغان تۆرە مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(76) چېن زۈن (陈遵) خەن ئەيدى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، جياۋېي بېگى بولغان، چاڭئەندە تۇراتتى. ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە خېنەن ۋالىيسى، جيۇجياڭ ھەم خېنېي كاھىنگى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولدى. ئاخىر شوفاڭدا ئوغرىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 1102 ـ بەت).

(77) قىزىلقاشلىقلار (赤眉) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ نامى. ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋېلىپ، «شىن سۇلالىسى» نى قۇرغاندىن كېيىن، م. 18 ـ يىلى قوزغىلاڭ قىلغان لاڭيالىق فەن زۇڭ ۋە باشقىلارنىڭ قوشۇنى دۈشمەندىن پەرقلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن قاشلىرىنى قىزىلغا بويىغاچقا «قىزىلقاشلىقلار قوشۇنى» دەپ ئاتالدى. 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولغان قىزىلقاشلىقلار ليۇپېنزى (刘盆子) نى خان قىلىپ سايلاشتى. ئۇلار بىر مەھەل چاڭئەنگىمۇ بېسىپ كىردى. كېيىن شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى ليۇ شيۇ (گۇاڭۋۇدى) قىزىلقاشلىقلار قوشۇنىنى قورشاپ ھۇجۇم

قىلىپ مەغلۇپ قىلدى.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ــ توم، 2978 ــ بەت).

(78) دۇڭ جۇڭشۇ (董仲舒، م. ب. 179 — 104) گۇاڭچۇەنلىك. ياش ۋاقتىدا «ئەمىنىيە» نى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، خەن جىڭدى دەۋرىدە بىلىگە، خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ جياڭدۇ بەگلىكىگە ۋەزىر بولغان. كېيىن بالايىئاپەت، ئاجايىپ ــ غارايىپ ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىگەچكە زىندانغا تاشلىنىپ، كېيىنچە كەچۈرۈم قىلىنغان ۋە جياۋشى بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. يېنە جازالىنىشتىن ئەنسىرىگەن دۇڭ جۇڭشۇ ئاغرىقنى باھانە قىلىپ، خىزمەتتىن چېكىنىپ ئائىلىسىگە قايتقان. ھەر ۋاقىت ئۆيىدە چوڭ ئىشلار ئۈستىدە كېڭەش بولسا پىكرى ئېلىناتتى. ئۆمۈر بويى مۇدەررىسلىك قىلىپ كىتاب تۈزۈش ــ تەھرىرلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ كىشىنىڭ تەرجىمىھالى «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» لەردە بېرىلگەن.

(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 4 ــ توم، 2687 ــ بەت).

(79) ئالتە ۋىلايەت (六郡) لۇڭشى، تيەنشۈي، ئەندىڭ، بېيدى، شاڭجۈن، شىخې ۋىلايەتلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە»، 11 ــ توم، 3831 ــ بەت).

(80) توققۇز ئايماق (九州) رىۋايەتلەر بويىچە ئېلىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىكى رايونلارنىڭ مەمۇرىي بۆلۈنۈشى، ئەمىنىيە، يېغىلىقلار دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، بۇ ھەقتە رىۋايەتلەر ئوخشاش ئەمەس. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن جىجۇ (冀)، يەنجۇ (兖)، چىڭجۇ (青)، شۈجۇ (徐)، ياڭجۇ (扬)، جىڭجۇ (荆)، يۈجۇ (豫)، لياڭجۇ (梁)، يۇڭجۇ (雍) ئايماقلىرى توققۇز ئايماق دېيىلەتتى. «لۈ سۇۋېي يىلنامىسى» دە يوجۇ (幽) بار بولۇپ، لياڭجۇ يوق. جۇ سۇلالىسى

«يۇسۇننامە» سىدە يۇجۇ، يىڭجۇ (营) بار بولۇپ، چىڭجۇ بىلەن لياڭچۇ يوق.

(بىر تومۇق «سىخەي»، 63 ـ بەت).

(81) بەش رايون (五服) قەدىمدە خانلىق پايتەختى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپ رايونلىرى 500 چاقىرىم ئارىلىق بىرلىك قىلىنىپ، رايونلارغا ئايرىلىپ، ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ بەش دەرىجە رايونغا ئايرىلاتتى ۋە ئۇلار شەھەر ئەتراپ رايونى، بەگ ـ تۆرىلەر رايونى، ئەمىنىيەت رايونى، زۆرۈرىيەت رايونى، قىر رايونى دېيىلەتتى.

(بىر تومۇق «سىخەي»، 31 ـ بەت).

# غەربىي يۇرت (قۇرىقار) تەزكىرىسى (I)

غەربىي يۇرت بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي قاتناش ـ ئالاقە خەن ۋۇدى دەۋرىدە باشلانغانىدى. غەربىي يۇرتتا ئەسلى 36 بەگلىك بار بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي بۆلۈنۈپ 50 نەچچىگە يەتتى(1) ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ غەربى، ئاسىيۇلارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى. غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدە چوڭ تاغلار(2) بار بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا دەريالار(3) ئاقىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە 6000 چاقىرىم، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. شەرق تەرىپى خەن سۇلالىسى بىلەن تۇتىشىپ، يۇمېن (قاشقوۋۇق)، ياڭگۇەن قوۋۇقى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. غەربىي تەرىپى پامىر بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تاغ(4) شەرقتە جىنچېڭغىچە سوزۇلۇپ، خەن سۇلالىسى زېمىنىدىكى نەنشەن تېغىغا تۇتىشىدۇ. دەريالىرى پامىر تاغلىرى ۋە خوتەندىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن باشلىنىدۇ. خوتەن جەنۇبىي تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشلانغان دەريا شىمالغا ئېقىپ، پامىر دەرياسى(5) غا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شەرققە ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە

قۇيۇلىدۇ. لوپنۇر «شورلۇق كۆل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لوپنۇردىن يۇمىن ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 300 چاقىرىم كېلىدۇ، كۆلنىڭ كۆلىمىمۇ 300 چاقىرىم كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى تۇراقلىق بولۇپ، يازدا كۆپەيمەيدۇ، قىشتا ئازايمايدۇ. كىشىلەر بۇ سۇنى يەر ئاستى بىلەن جەنۇبقا ئېقىپ، جىشى تېغى(6) دا يەر ئۈستىگە چىقىدۇ. جۇڭگو دەرياسى (خۇاڭخې دەرياسى) مانا شۇ دېيىشىدۇ.

يۇمىن ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار: پىشامشاندىن چىقىپ، قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالى بىلەن تارىم(7)، ياركەنت دەريا(8) لىرىنى ياقىلاپ، غەرب تەرەپكە مېڭىپ ياركەنتكە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ توخرىيلار ۋە ئارساكقا بارغىلى بولىدۇ. ئالدى قوس بەگلىكىنىڭ پايتەختىدىن چىقىپ تىيانشان (تەڭرى) تاغلىرى(9) نىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ، غەربكە مېڭىپ قەشقەر(10) گە بارىدىغان يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالىي يول بىلەن غەربكە مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، كانگا ۋە ئائورسى خانلىقلىرىغا بارغىلى بولىدۇ.

غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھۇنلار ۋە ئاسيۇلارغا ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن ھۇنلارغا قارام بولۇپ كەلگەن. ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ باتىسقانى چاكارلار كاھبېگى(11) ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلاتتى. چاكارلار كاھبېگى دائىم ئاگنى، چۇقۇ (باغراش) ۋە كۆنچى بەگلىكلىرىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى بەگلىكلەردىن باج ـ سېلىق ئالاتتى.

جۇ سۇلالىسى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن رۇڭلار ۋە دىلار

جىڭخې، ۋېيخې دەريالىرىنىڭ شىمالىغا ئارىلىشىپ جايلاشتى. چىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە رۇڭلار بىلەن دىلارنى قوغلاپ چىقارغان چىن شىخۇاڭ سەددىچىن سېپىلىنى سالدۇرۇپ، ئۇنى چىن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ غەربىي ئۇچى لىنتاۋدىن ئۆتمىگەنىدى.

خەن سۇلالىسى گۈللىنىپ خەن ۋۇدى زامانىغا كەلگەندە، ئەتراپتىكى يات ئەللەر بويسۇندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە تارقالدى. ئەنە شۇ چاغدىلا جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا باردىغان يولنى ئاچتى. كېيىن قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ ھۇنلارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تارمار كەلتۈردى، ھۇنلارنىڭ خانى قۇنشارقان بىلەن شۇتۇق قان تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرلەر بوش قالغاچقا، خەن سۇلالىسى لىڭجۇنىڭ غەربىي تەرىپىگە شەھەرلەر بىنا قىلىپ، جيۇچۈەن ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. كېيىن ئۇ يەرگە ئاھالە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. يەنە ئايرىم ھالدا ۋۇۋېي، جاڭيې، دۇنخۇاڭ ۋىلايەتلىرى تەسىس قىلىنىپ، تۆت ۋىلايەت بولدى. بۇ ئارقىلىق يۈمېن، ياڭگۈەن قوۋۇقلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلىنىڭ پەرغانىگە قىلغان ھۇجۇمى غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەن سۇلالىسىگە ئۈست - ئۈستىلەپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى. غەربىي يۇرتقا بارغان نۇرغۇن خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆستۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ دۇنخۇاڭدىن لوپنۇرغىچە ئۆتەڭلەر قۇرۇلدى. بۆگۈر، چېدىرلاردا خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن تېرىقچى ئەسكەرلەرنىڭ سانى بىرنەچچە يۈزگە يەتتى. بۇلارغا يالۋاچ چېرىكچى يېتەكچىلىك قىلاتتى، خەن سۇلالىسىنىڭ چەت ئەللەرگە چىققان ئەلچىلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەيتتى.

خەن شۇەندى زامانىغا كەلگەندە ياساۋۇل ئەمر ـ لەشكىرى
جىياڭ جى ئەلچى سۇپىتىدە پىشامشاننىڭ غەربىدىكى بىرقانچە
بەگلىكلەرنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى. كېيىن جىياڭ جى
قوس بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق پۈتۈنلەي
يوقىتىۋەتمەي، ئۇنى ئالدى قوس بەگلىكى، ئارقا قوس
بەگلىكىگە، تىيانشان (تەڭرى) تاغلىرىنىڭ شىمالىنى ئالتە بەگلىك-
كە بۆلۈۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا خەن سۇلالىسى جەنۇبىي يول بويلىرى-
دىكى بەگلىكلەرنى نازارەت قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، شىمالىي
يول بويلىرىدىكى بەگلىكلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلالمىغانىدى.
شۇنداق بولسىمۇ ھۇنلار بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىغا-
نىدى. كېيىن تەڭرىقۇتقا باتىسقان چېچەن ئاسىيلىق قىلىپ،
ئۆز ئىلى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. پىشامشاننىڭ
غەربىنى نازارەت قىلىدىغان ئەلچى جىياڭ جى ئۇلارنى قارشى
ئالدى. خەن سۇلالىسى باتىسقانغا ئەردەمبەگ، جىياڭ جىغا
يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچىبەگ دەپ ئۇنۋان بەردى. بۇ م. ب.
59 - يىلى (خەن شۇەندى شېنجۆنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىدى.
كېيىن جىياڭ جى شىمالىي يول بويلىرىدىكى بەگلىكلەرنىمۇ
باشقۇرۇپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا قورۇقچىبەگلىك مەنسىپى
بېرىلدى. قورۇقچىبەگلىك مەنسىپى مانا شۇ جىياڭ جىدىن
باشلانغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاكارلار كاھىبىگى
ئەمىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كېيىن ئاجىزلىشىشقا باشلىغان
ھۇنلار غەربىي يۇرتقا يېقىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.
شۇنداق قىلىپ خەن سۇلالىسى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق
قىلىدىغان سىپاھ ـ بەگلەرنى يۆتكىدى. بۇ تېرىقچىلىق ئىشلىرى
ياركەنتتىن ئاجرىتىلغان شىمالىي شۇجيەن(12) دېگەن يەردە
ئېلىپ بېرىلدى. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشىغا
مەسئۇل بولغان چېرىكچى قورۇقچىبەگكە قارايتتى. قورۇقچىبەگ
ئاسىيۇ، كانگا قاتارلىق چەت ئەللەرنىڭ ھەرىكىتىنى

كۆزىتەتتى. ئۇلاردا سەللا ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، ئۇنى مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. تىنچلاندۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىگە تىنچلاندۇرۇش چارىسى قوللىنىلاتتى، باستۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىگە ھۇجۇم قىلىناتتى. قورۇقچىبەگ بۈگۈر شەھىرىدە تۇراتتى، بۇ يەر ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 2738 چاقىرىم كېلەتتى. ئۇ چېدىرىدا بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا مەسئۇل ئەمەلدار تۇرىدىغان يەرگە يېقىن بولغاچقا ھەم بۈگۈرنىڭ زېمىنى ناھايىتى مۇنبەت بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەچكە، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى شۇ يەرگە جايلاشقاندى.

خەن يۈەندى زامانىدا يەنە ئالدى قوس بەگلىكىگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چېرىكچى قويۇلۇپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش يولغا قويۇلدى. بۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ شەرقىي بارىكۆل خانى زىلىچ 1700 كىشى بىلەن قورۇقچىبەگكە تەسلىم بولدى. قورۇقچىبەگ تەسلىم بولغانلارنى ئارقا قوس بەگلىكىنىڭ غەربىدىكى ئۇتانزىل (مانىس) (13) دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇردى.

خەن شۈەندى، خەن يۈەندىلاردىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ تەگرىقۇتى خەن سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىگە بېقىندى، غەربىي يۇرتنىڭ زېمىنى، تاغ - دەريالىرى، بەگلىرى، ئاھالىسى، يولىنىڭ يىراق - يېقىنلىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە بەش قولدەك مەلۇم بولدى.

ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، ئالدى بىلەن بارىدىغان يېقىن جاي چاقىلىق بولۇپ، چاقىلىق بەگلىكىنىڭ بېگى ھۇنلاردىن يۈز ئۆرۈگەن بەگ ئىدى. بۇ يەردىن ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 1800 چاقىرىم، چاڭئەنگە 6300 چاقىرىم كېلىدۇ. چاقىلىق يولىنىڭ ئۈستىدە بولماستىن، چەتتە غەربىي جەنۇبقا

توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاھالىسى 450 تۈتۈن، 1750 كىشى
بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 500 نەپەر. چاقىلىقنىڭ
غەرب تەرىپى چەرچەن (14) گە تۇتاش بولۇپ، ئاھالىسى
ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، دېھانچىلىق قىلمايدۇ،
ئاشلىقنى پىشامشان بىلەن چەرچەندىن ئالىدۇ. تاغلىرىدىن
تۆمۈر چىققاچقا، ھەربىي قوراللارنى ئۆزلىرى ياسايدۇ.
قوشۇنلىرى ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، خەنجەر تۇتۇپ، ئىشمەك
ساۋۇت كىيىدۇ. غەربىي شىمالدا پىشامشان بىلەن تۇتىشىدۇ.
پىشامشان چوڭ يولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان.

پىشامشان بەگلىكى ئەسلى نامى كىرووران بولۇپ، بېگى
مىران شەھىرىدە تۇراتتى. بۇ يەردىن ياڭگۇەنگە 1600
چاقىرىم، چاڭئەنگە 6100 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1570
تۈتۈن، 14100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى
2912 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، ھۇنلاردىن قوغدانغۇچى
بەگ، پىشامشان كاھىبېگى، قوس خانلىقىغا زەربە
بەرگۈچى كاھبەگ، سول قول قۇتقۇ، ئوڭ قول قۇتقۇ،
قوس خانلىقىغا زەربە بەرگۈچى ئىنانچى قاتارلىق ئەمەل
دارلىرى بار بولۇپ، تىلماچبەگلىككە ئىككى كىشى قويۇلىدۇ.
ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1785
چاقىرىم، قۇرۇقتاغ بەگلىكى(15) گە 1365 چاقىرىم، يەنە
غەربىي شىمالىدىن قوس بەگلىكىگە 1890 چاقىرىم كېلىدۇ.
يېرى قۇم ۋە شورلۇق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا،
قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ
ھەم باشقىلاردىن ئاشلىق ئالىدۇ، بەگلىكتىن قاشتېشى چىقىدۇ.
يېكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۆسۈم
لۈكلەر كۆپ ئۆسىدۇ. ئاھالىسى كۆچمەن بولۇپ چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگە كۆپ بولۇپ، ھەربىي

قوراللارنى ياساش جەھەتتە چاقىلىقا ئوخشايدۇ.

باشتا خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىدىن تەسىرلىنىپ، پەرغانە قاتارلىق ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا بەل باغلىدى. شۇڭا غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بىر يىل ئىچىدە (غەربىي يۇرتقا) ئون نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىلىپ تۇردى. كىرۇران ۋە قوس بەگلىكلىرى يول ئۈستىدە بولغانلىقتىن، يولدىن ئۆتكەن ئەلچىلەرنى تەمىناتتا كۆپ چىقىم تارتقاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ بەگلىكلەر ھۇنلارغا كۆپ ئايغاقچىلىق قىلىپ، ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن قوشۇن چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى: بۇ بەگلىكلەرنىڭ شەھەر - قورغانلىرى بولسىمۇ، لېكىن قوشۇنلىرى ئاجىز، ئۇلارنى تارمار قىلىش ئاسان دەپ مەلۇمات بېرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەن ۋۇدى ياندىشى چاپاۋۇل جاۋ پونۇنى بېقىندى ئەللەرنىڭ چەۋەندازلىرى ۋە ۋىلايەت قوشۇنلىرىدىن بولۇپ بىرنەچچە تۈمەن ئەسكەر بىلەن قوس بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋاڭ خۇي كىروران بەگلىكىدىن بىر نەچچە قېتىم ئازار يېگەنلىكى ئۈچۈن، خان ۋاڭ خۇينى جاۋ پونۇغا ياردەمچىلىككە تەيىنلەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. جاۋ پونۇ ئالدى بىلەن يېنىك قوراللانغان 700 چەۋەنداز بىلەن كىرورانغا بېرىپ، ئۇنىڭ بېگىنى ئەسىر ئالدى. ئارقىدىنلا قوس بەگلىكىنى تارمار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قۇدرىتى ئاسىيۇ، پەرغانە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خانلىقلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. قايتقاندىن كېيىن جاۋ پونوغا جويې بېگىلىكى بېرىلدى. ۋاڭ خۇيغا سەلتەنەتلىك تۆرە ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ

خەن سۇلالىسىنىڭ يول بويلاپ سالغان قونالغۇلىرى يۈمبىڭچە يېتىپ كەلدى.

روران خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ تارتۇق يوللاپ تۇردى. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان ھۇنلار قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلدى. كروران بېگى بىر ئوغلىنى ھۇنلارغا، يەنە بىر ئوغلىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. كېيىن سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى پەرغانىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ھۇنلار ئۇنى توسۇماقچى بولغان بولسىمۇ، سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلىنىڭ قوشۇنلىرى قۇدرەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، توسۇشقا پېتىنالمىدى. لېكىن كرورانغا چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ، ئارقىدىن كېلىدىغان خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ قويماقچى بولدى. بۇ چاغدا خەن سۇلالىسى قوشۇنىدىكى ھەربىي ھەكەم رېن ۋېن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇنلار يۈمبىندە سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى قوشۇنلىرى ئۈچۈن ئارقا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى. ئۇلار قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ئارقىلىق كروراننىڭ ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال خانغا مەلۇم قىلدى. خەن ۋۇدى رېن ۋېنغا يېقىن ئۇدۇل يول بىلەن قوشۇن باشلاپ بېرىپ، كروران بېگىنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. قولغا چۈشكەن كروران بېگى ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى سۈرۈشتۈرۈلگەندە، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «كىچىك ئەللەر چوڭ ئەللەرنىڭ ئارىسىدا قالغانلىقتىن، ئىككىلا تەرەپكە تەڭ بويسۇنمىسا، ھېچبىر ئارام تاپالمايدىكەن. مەن پۇقرالىرىمنى خەن سۇلا-لىسى زېمىنىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى خالايمەن» دەيدۇ. خەن ۋۇدى كروران بېگىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان سۆزىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆز ئېلىگە قايتۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا ھۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى چارلىغاچ مېڭىشنى

تاپشۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار كروراندا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

م.ب. 92 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخې تۇنجى يىلى)

كروران بېگى ئاغرىپ ئۆلدى. كرورانلىقلار — خەن سۇلالىسىدە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان كروران بەگزادىسىنى بەگ قىلىش ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن تۇرغاقتىكى كروران بەگزادىسى خەن سۇلالىسىنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاختىلاش جازاسىغا تارتىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ كرورانلىقلارغا قايتۇرۇپ بېرىلمىدى. ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋابتا: «تۇرغاق ئوغۇلنى خان ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كروراندا قايتۇرۇلمايدۇ. باشقا بەگزادىلەردىن بىرىنى بەگ قىلىۋېلىڭلار!» دېيىلگەنىدى. شۇڭا كرورانلىقلار باشقا بىر بەگزادىنى بەگلىككە ئولتۇرغۇزدى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇلار خەن سۇلالىسىگە يەنە بىر تۇرغاق ئوغۇل، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۇنلارغىمۇ بىر تۇرغاق ئوغۇل ئەۋەتتى. كروراننىڭ كېيىنكى بېگىمۇ ئۆلدى. بۇ ئىشتىن ئاۋۋال خەۋەردار بولغان ھۇنلار كروراندىكى ئۆزلىرىدىكى تۇرغاق بەگزادىسىنى قايتۇرۇپ بەگلىككە ئولتۇرغۇزدى. خەن سۇلالىسى ئەلچى ئارقىلىق كروراننىڭ يېڭى بېگىنى چاقىرتتى ھەمدە ناھايىتى ئۇرغۇن ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ چاغدا كروران بېگىنىڭ كىچىك خوتۇنى (ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانىسى) بەگكە: «مەرھۇم بېگىمىز ۋاقتىدا خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىككى بەگزادىمىز تېخى قايتىپ كەلمىسە، نېمە ئۈچۈن سىلى يەنە ئۇ يەرگە بارىدىلا؟» دېدى. بەگ ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە خەن سۇلالىسى ئەلچىسىگە ئۆزرە ئېيتىپ: «مەن يېڭىدىن بەگ بولدۇم، ئەل ئىچى تېخى

تىنچلانمىدى. شۇڭا يەنە بىر يىلى بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلارمەن» دېدى. لېكىن كروران بەگلىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئەڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، خەن سۇلالىسىگە يېقىن ئىدى. قۇم تاغ دېگەن جايدا سۇ، ئوت - چۆپ قىس بولغانلىقتىن، كرورانلىقلار دائىم ئۆتكۈنچىلەرگە يول باشلىغۇچى بولاتتى. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى سۇ ۋە ئاشلىق ئاپىرىپ قارشى ئالاتتى، ۋە ئۇزىتىپ قوياتتى. لېكىن كۆپ قېتىم خەن سىپاھ - بەگلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغاچقا، خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن دەپ قارىغانىدى. كېيىن يەنە هۇنلارغا پايلاقچىلىق قىلىپ، بىرقانچە قېتىم خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى توسۇپ ئۆلتۈرۈشتى. خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان كروران بېگىنىڭ ئىنىسى ئوتتۇج(16) يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم قىلدى.

م.ب. 77 - يىلى (خەن جاۋدى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۇلۇغ سانغۇن خو گۇاڭ پىڭلىي قەسىرى نازارەتچى بېگى فۇجېيزىنى كروران بېگىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىش توغرىسىدا مەلۇمات سۇندى. شۇنىڭ بىلەن فۇجېيزى يەڭگىل قوراللىق باتۇر جەڭچىلەرنى باشلاپ، چەت ئەلگە ئىنئام قىلىش نامىدا كۆپلىگەن پۇل - ماللارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ كرورانغا يېتىپ كەلگەندە، كروران خانىنى ئالداپ، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كروران بېگى خۇشال-لىقىدا فۇجېيزى بىلەن شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ قالدى. فۇجېيزى ئۇنى يۆلەپ خالى يەرگە ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا ئىككى پالۋان ئارقا تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى خەنجەرلەپ ئۆلتۈردى. بۇنى كۆرگەن كروران ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى پىتراپ كەتتى. فۇجېيزى: «كروران بېگى خەن خانغا ئاسىيلىق قىلىپ چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەچكە، ئۇنى ئۆلتۈرۈش

ئۈچۈن خان مېنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا خەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقان ئىنىسى ئۇتۇج كىرورانغا بەگ بولىدۇ. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. قىمىر قىلماڭلار! بولمىسا، پۈتۈن ئېلىڭلار ھالاك بولىدۇ» دەپ جار سالدى ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئەنقۇينىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ چاڭئەنگە تېز قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنىڭ ئۆتۈشىنى مەلۇم قىلدى. ئەنقۇينىڭ كاللىسى ۋېياڭ ئوردىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلدى. خەن جاۋدى فۇجيېزىغا يىياڭ بېگلىك مەرتىۋىسىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتۇج كىرورانغا بەگ بولدى. بەگلىكنىڭ نامى پىشامشانغا ئۆزگەرتىلىپ، تامغا ئويدۇرۇپ بېرىلدى. ئوردا ئايىملىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىندى. بەگنىڭ يولغا چىقىشى ئۈچۈن ئات - ھارۋا، يۈك - تاق تەييارلاندى. باش ۋەزىر (سانغۇن) لەر باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئەمەلدارلار بەگنى پايتەختتىكى گۇاڭمېن دەرۋازىسى(17) نىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ يولغا سېلىپ قويدى. بەگ خانغا: «مەن خەن سۇلالىسىدە ئۇزۇن تۇردۇم، مانا ئەمدى قايتىپ كېتىۋاتىمەن، ئۆزۈم يالغۇز ھەم ئاجىز، ئۇ يەردە سابىق بەگنىڭ ئوغلى بار، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، بەگلىكتە مىران شەھىرى بار، ئۇنىڭ يەرلىرى مۇنبەت. مەن خەن سۇلالىسىنىڭ شۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ئاشلىق جۇغلاتقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پېقىر شۇلارغا يۆلىنىپ بىخەتەرلىكىمنى ساقلىسام» دەپ ئىلتىماس سۇنغاچقا، خەن خانى بىر ئەمىر - لەشكەر، سىپاھ - بەگلەردىن 40 ئادەم ئەۋەتىپ، مىران شەھىرى ئەتراپىدا تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، يەرلىك خەلقنى خاتىرجەم قىلدى. كېيىن ئۇ يەرگە كاھبەگ قويدى. مىران ئەمەلدارلىقى مانا شۇنداق باشلاندى.

پىشامشان دەل خەن سۇلالىسى يولىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىدىن چەرچەنگە 720 چاقىرىم كېلىدۇ. چەرچەندىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇ يېقىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاشلىق تېرىلىدۇ. يەر ۋە ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ھەربىي قورال - ياراق ئىشلەپچىقىرىشى خەن سۇلالىسىگە سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ پەرقلىرىلا خاتىرىلەندى.

چەرچەن بەگلىكى مەركىزى چەرچەن شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 6820 چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى 230 تۈتۈن، 1610 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 320 نەپەر، بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ - سول سەركەردە، تىلماچ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2258 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمال تەرىپى كۈنچى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپىدىن ئەندەرەگە ئۈچ كۈنلۈك يول. ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ. غەربىدىن نىيىگە 2000 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئەندەرە بەگلىكى[18] مەركىزى ئۈزۈن تاتىراڭ شەھىرى[19]. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 7210 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 150 تۈتۈن، 1050 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 200 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ - سول تۇتۇقبەگلىرى بار. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2558 چاقىرىم كېلىدۇ، شەرق تەرىپى چاقىلىق بىلەن تۇتىشىدۇ، ئورنى جەنۇبتىراق بولۇپ، يولدىن چەتتە قالىدۇ.

نىيە بەگلىكى[20] مەركىزى نىيە شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8820 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 480 تۈتۈن،

3360 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر. بىر نەپەردىن نىيە كاھىپىگى، ئۆلۈك ـ سول سەركەردە، تىلماچىبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. شىمالدىن تورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2723 چاقىرىم بولۇپ، جەنۇبىدىن رۇڭلاۋ بەگلىكى[21] گە تۇت كۈنلۈك يول، مەيدانى تار. ئۆنىڭ غەربىدىن ئۇزۇن تېتىر[22] بەگلىكىگە 460 چاقىرىم كېلىدۇ.

رۇڭلاۋ بەگلىكى مەركىزى بىيپىن[23] شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8300 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 240 تۈتۈن، 1610 كىشى، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 300 نەپەر. شەرقىي شىمال تەرىپىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2858 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرق تەرىپى ئەندەرە، جەنۇب تەرىپى چاقىلىق بىلەن[24] چېگرىلىنىدۇ، غەربى بولسا چىرا بىلەن تۇتىشىدۇ. ئورنى جەنۇبتىراق بولۇپ، يولدىن چەتتە قالىدۇ.

ئۇزۇن تېتىر بەگلىكى مەركىزى ئۇزۇن تېتىر شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9280 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 3340 تۈتۈن، نوپۇسى 20040 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 3540 نەپەر. بەگلىكتە بىر نەپەردىن نائىبىبەگ، ئۆلۈك ـ سول سەركەردە، ئۆلۈك، سول كاھبەگ، ئۆلۈك ـ سول چەۋەندازلار بېگى، ئىككى نەپەر تىلماچىبېگى بار. شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3553 چاقىرىم كېلىدۇ، جەنۇبى چىرا، شەرقىي شىمالى كۆسەن، غەربىي شىمالى قۇم (ئاقسۇ) بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىدىن خوتەنگە 390 چاقىرىم كېلىدۇ. ھازىرقى نامى ئۇزۇن تاتى[25].

چىرا بەگلىكى[26] مەركىزى جىيەندۇ شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9950 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 310

تۆتۈن، 2170 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىكتە يارامىلىقى 300 نەپەر. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3852 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي رۇگلۇ بەگلىكى، غەرب تەرىپى چاقىلىق بىلەن(27)، شىمالى ئۇزۇن تېتىر بەگلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئۇدۇن (خوتەن) بەگلىكى(28) مەركىزى خوتەن شەھىرى، بۇ يەردىن چاگئەنگە 9670 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 3300 ئائىلە. نوپۇسى 19300 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارايدىغانلىرى 2400 نەپەر. بىر نەپەردىن ئائىببەگ، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ ـ سول چەۋەندازلار بېگى، شەرقى ۋە غەربىي شەھەر باشلىقى، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3947 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى چاقىلىق بىلەن(29)، شىمالى قۇم (ئاقسۇ) بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەننىڭ غەرب تەرىپىدىكى دەريالارنىڭ ھەممىسى غەربكە ئېقىپ، غەربىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. شەرقىدىكى دەريالار شەرققە ئېقىپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ، قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ. غەربىدىن گۇمىغا 380 چاقىرىم كېلىدۇ.

گۇما بەگلىكى(30) مەركىزى پىشنان شەھىرى. بۇ يەردىن چاگئەنگە 10050 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 500 تۈتۈن، 3500 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر. بىر نەپەردىن ئوڭ ـ سول سەركەردە، ئوڭ ـ سول كاھبەگ، چەۋەندازلار بېگى، تىلماچبەگلىرى بار. بۇ يەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 4292 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبىدىن لاداق(31) قا 1340 چاقىرىم كېلىدۇ.

جەنۇب تەرەپتە ھىند بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىدىن قۇم (ئاقسۇ) غا 1450 چاقىرىم كېلىدۇ. غەربىي جەنۇبىدا كەشمىر(32)، بەلۇجىستانغا بارىدىغان يول بار. غەربىي شىمالىدىن ياركەنتكە 380 چاقىرىم كېلىدۇ.

لاداق بەگلىكى مەركىزى لاداق شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9950 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 490 تۈتۈن، 2733 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 740 نەپەر. شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 4892 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمال تەرىپى كۆكيار(33)، تاشقورغان بىلەن، غەرب تەرىپى ناندۇ(34) بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاھالىسى تاغلاردا ئولتۇراقلاشقان. تاغ ئارىلىقلىرىدىكى بوشلۇقلاردا تېرىقچىلىق قىلىنىدۇ. ئۇ يەرلەردە چىغ ئۆسىدۇ، تاشلارنى قىرلاپ ئۆي سېلىشىدۇ. ئىچىدىغان سۇنى كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئېگىز تاغلاردىن جىلغىلارغا چۈشۈپ ئەكىلىدۇ. ئاتلىرى ۋىجىك، لېكىن يورغا بولىدۇ، ئۇلاردا ئېشەك بار، كالا يوق. ئۇلارنىڭ غەربىدە بولور تېغى(35) بار. بۇ يەردىن ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 5888 چاقىرىم، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5210 چاقىرىم كېلىدۇ. بولور تاشلىق تاغ بولۇپ، جىلغىلىرىدىن ئۆتكىلى بولمايدۇ، پەقەت ئارغامچا - زەنجىر تارتىپلا ئۆتۈش مۇمكىن.

يولئېرىق بەگلىكى(36) ھۆكۈمدارى كۆكيار بېگى دەپ ئاتىلىدۇ. مەركىزى خۇچان شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 10250 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 350 تۈتۈن، 4000 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 1000 نەپەر. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5046 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقى گۇما، غەربىي جەنۇبى لاداق، شىمالى ياركەنت، غەربى تاشقورغان(37) بىلەن تۇتىشىدۇ. تاشقورغان،

ئىناي(38)، ئۆلبې(39) قاتارلىق بەگلىكلەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى يولئېرىق ئاھالىسى بىلەن بىر خەلق. يولئېرىق خەلقى غەربىي يۇرتتىكى باشقا خەلقلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇقى چىياڭلار، دىلارغا ئوخشاش كۆچمەن قەبىلىلەردىن بولۇپ، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. كۆكيار زېمىنىدىن قاشتېشى چىقىدۇ.

تاشقورغان بەگلىكى بەگلىكنىڭ مەركىزى تاشقورغان. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9550 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 650 تۈتۈن، 5000 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 2000 نەپەر. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5396 چاقىرىم، شەرقىدىن ياركەنتكە 540 چاقىرىم، شىمالىدىن قەشقەرگە 550 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى يولئېرىق، كۆكيار بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىدىن ئۆلبې بەگلىكىگە 540 چاقىرىم كېلىدۇ. بىر نەپەردىن بەگ، كاھبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. ياركەنتنىڭ يەرلىرىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. ئاھالىسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى كۆكيار بىلەن ئوخشاش.

ئىناي بەگلىكى بەگلىكنىڭ مەركىزىدىن چاڭئەنگە 10150 چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى 125 تۈتۈن، 670 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلقى 350 نەپەر. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2730 چاقىرىم، ياركەنتكە 540 چاقىرىم، ئۆلبې بەگلىكىگە 540 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمالىدىن قەشقەرگە 650 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى كۆكيار بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاشلىق ئاز چىقىدۇ. قەشقەر، ياركەنت يەرلىرىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ.

ئۆلپي بەگلىكى بەگلىكنىڭ مەركىزى لۈچېڭ(40) دىن چاڭئەنگە 9950 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1000 ئائىلە، 7000 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 3000 نەپەر. ئۆندىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2465 چاقىرىم، جەنۇبىدىن تاشقورغانغا 540 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبى بەدەخشان بىلەن، شىمالى ھىند بىلەن، غەربى ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن تۇتىشىدۇ. كىيىم - كېچەكلىرى ئاسيۇلارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئۆرپ - ئادەتلىرى قاغىلىقنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

ناندۇ بەگلىكى بەگلىك مەركىزىدىن چاڭئەنگە 10150 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 5000 تۈتۈن، 31000 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 8000 نەپەر، ئۆندىڭ شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2850 چاقىرىم، غەربىدىن ئۆلپي بەگلىكىگە 340 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبىدىن كەشمىرگە 330 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى چاقىلىق بىلەن(41)، شىمالى ئەركەشتام(42) بىلەن، غەربى ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن تۇتىشىدۇ. ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر، تۆمۈر، مىس، كۈمۈش قاتارلىق مەدەنلەر چىقىدۇ. ھەربىي قورال - ياراق ياساش تېخنىكىسى جەھەتتە باشقا ئەللەر بىلەن ئوخشاش. كەشمىرگە بېقىنىدۇ.

كەشمىر خانلىقى مەركىزى سىرىناگار(43)، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 12200 چاقىرىم كېلىدۇ. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىمايدۇ. ئەسكەرلىككە يارامىلىق ئادەملىرى كۆپ بولۇپ، چوڭ خانلىق ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 6840 چاقىرىم، شەرقىدىن لاداق بەگلىكىگە 2250 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي شىمالىدىن ناندۇ بەگلىكىگە

9 كۈنلۈك يول. غەربىي شىمالى ئۇلۇغ توخرىيلار، غەربىي جەنۇبى بەلۇجىستان بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئىلگىرى ھۇنلار ئۇلۇغ توخرىيلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ توخرىيلار غەربكە يۆتكىلىپ باكتىرىيىگە، ساكلار خانى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. كېيىن پارچىلانغان ساكلار بىرقانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، ئۇلۇغچات(44) قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ساك نەسلىدىن ئىدى.

كەشمىرنىڭ يېرى تۈزلەڭلىك بولۇپ، ھاۋاسى يىللىق، ئۇ يەردە بىدە، ھەر تۈرلۈك گۈل ـ گىياھ ۋە ئاجايىپ دەل ـ دەرەخلەر ئۆسىدۇ. سەندەل، چوكا، ئۈخۈمەك، بامبۇك، سىر دەرەخلىرى بار بولۇپ، ھەر خىل زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ. كۆكتاتلىق ۋە باغلار، تېرىلغۇ يەرلەر ئوغۇتلىنىپ تۇرىدۇ. يېرى پەس ۋە زەيكەش بولغاچقا شال تېرىلىدۇ. قىش پەسلىدىمۇ يېڭى ئوتياش ئىستېمال قىلىنىدۇ. خەلقى چەۋەر بولۇپ، نەققاشلىق، مېمار- چىلىق، يۇڭ ـ توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، كەشتىچىلىك ۋە تاماق ئېتىشكە ئۇستا كېلىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي قاتارلىق مەدەنلەر چىقىدۇ. بۇلاردىن ھەر خىل قاچا ـ قومۇچلارنى ياسايدۇ. بازارلىرى رەتلىك كېلىدۇ. پۇللىرى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن بولۇپ، بۇ پۇللارنىڭ ئالدى يۈزىگە چەۋەندازلارنىڭ سۈرىتى، ئارقا يۈزىگە ئادەم بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. كەشمىردە يوغان بويۇنلۇق كالا، سۇ كالىسى، پىل، ئىت، مايمۇن ۋە تۇزلار بار. ئۇ يەردىن يەنە ئۈنچە ـ مەرۋايىت، مارجان، ياقۇت، كەھرىۋالار چىقىدۇ. باشقا چارۋا ـ ماللىرى قوشنا ئەللەرنىڭكىگە ئوخشاش.

خەن ۋۇدى زامانىدىن باشلاپ كەشمىر بىلەن خەن

سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە باشلانغانىدى. كەشمىر خانى ئۇتلاۋ ئارىلىق يىراق بولغانلىقتىن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ، بىرنەچچە قېتىم خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ ئۆلتۈردى. كەشمىر خانى ئۇتلاۋ ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا خان بولغان ئوغلى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات يوللىدى. خەن سۇلالىسى گۇمرۇك بېگى(45) ۋېن جۇڭنى كەشمىر ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ بېرىشقا تەيىنلىدى. كەشمىر خانى ۋېن جۇڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا، ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان ۋېن جۇڭ كەشمىر خانلىرىدىن رۇڭجۇ خانىنىڭ ئوغلى يىنموف بىلەن كېڭىشىپ، كەشمىرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە كەشمىر خانىنى ئۆلتۈرۈپ، يىنموفنى كەشمىرگە خان قىلدى ۋە خانلىق تامغىسى بېرىلدى. كېيىن چاۋۇشبەگ جاۋدې كەشمىرگە ئەلچى بولۇپ باردى. لېكىن يىنموف بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن يىنموف ئۇنى زەنجىرلەپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى بىلەن 70 تىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن يىنموف خەن سۇلالىسىگە مەكتۇپ يوللاپ ئەپۇ سورىدى. ئارىلىقنى يىراق كۆرگەن خەن يۈەندى ئۇنى جازالىمىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەلچىسىنى بولۇر تېغىغا سۈرگۈن قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ كەشمىر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى.

خەن چېڭدى زامانىدا كەشمىر خانى يەنە سوۋغاتلار بىلەن ئەپۇ سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى جاۋابەن ئەلچى تەيىنلەپ، كەشمىر ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولغاندا. دۇچىن(46) ئۇلۇغ سانغۇن ۋاڭ فېڭغا: «كەشمىر خانى يىنموف ئەسلىدە خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن قويۇلغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇ بەربىر ئاسىيلىق قىلدى. خەن سۇلالىسى ئۇنى يۇرت سوراش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىلتىپات بولماس. لېكىن، ئۇ خەن سۇلالىسى

ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈردى. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جىنايەت بولماس. ئۇنىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلماسلىقى ۋە جازالىنىشتىن قورقماسلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئارىلىق يىراق بولغاچقا، خەن سۇلالىسى قوشۇنى يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئېھتىياجى چۈشكەندە گېپى يۇمشايدۇ، ئېھتىياجى چۈشمىگەن چاغلاردا بولسا تەكەببۇرلىشىۋالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىلتىپات - ياخشىلىقىنى بىلىپ بېقىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئومۇمەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يات قوۋملەر بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ كېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلارنىڭ زېمىنى خەن سۇلالىسى زېمىنى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە تاجاۋۇز قىلىش خەۋپى بار ئىدى. ھالبۇكى، بولۇر تېخى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بۇ يەردىن كەشمىرلىكلەرنىڭ ئۆتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا ئۇلار بېقىنغان تەقدىردىمۇ، غەربىي يۇرتنىڭ تىنچلىنىشى ناتايىن. ئۇلار بىزگە بېقىنمىغان تەقدىردىمۇ، غەربىي يۇرتقا خەۋپ تۇغدۇرالمايدۇ. يىنموفنىڭ بىزگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى پۈتكۈل غەربىي يۇرتقا پۇر كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلار بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلدى. ھازىر ئۇ پۇشايمان قىلىپ زىيارەتكە ئەلچى ئەۋەتكىنى بىلەن، بۇ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆز جەمەتى ياكى چوڭ ئەمەلدارلىرى يوق. سوۋغات ئېلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى مەرتىۋىسىز سودىگەرلەر. ئۇلارنىڭ مەقسىتى سوۋغات تەقدىم قىلىش نامى بىلەن سودا - سېتىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىزدىن ئۆزلىرىنى بولۇر تېغىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئادەتتە ئەلچىلىرىمىزنىڭ مېھمانلارنى ئۇزىتىپ

روما(رۇم) ۋە تازىك ئەللىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

بەلۇجىستانىدىن 100 كۈندىن كۆپرەك ماڭغاندا، ئاندىن تازىككە بارغىلى بولىدۇ. تازىك غەربىي دېڭىزغا ياندىشىپ تۇرىدۇ. ھاۋاسى ئىسسىق ۋە نەم بولۇپ، شال تېرىلىدۇ. تۆگىقۇشى چىقىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى قوش مۇشتۇمدەك يوغان كېلىدۇ. ئاھالىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىچىك بەگلىكلىرى بار. ئۇلارغا ئارشاك ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى بېقىندى ئەل ھېسابلايدۇ. تازىكلەر سېپھىرگەرلىك ئويۇنلىرىغا ماھىر. ئارشاكتىكى پاشانغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، تازىكتە روشۇي(51) دەرياسى ۋە ئۇماي(52) بارمىش، ئەمما ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمىگەنىكەن. تازىكتىن كېمىگە ئولتۇرۇپ، غەربكە قاراپ 100 نەچچە كۈن يۈرگەندە، كۈنپېتىشقا يېقىن جايلارغا بارغىلى بولىدۇ.

بەلۇجىستاننىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، يەر شەكلى تەكشى بولۇپ، دەل - دەرەخلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، دانلىق زىرائەتلىرى، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلىرى، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ئىمارەتلىرى، بازارلىرى، پۇل ۋە ھەربىي قورال - ياراقلىرى، ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىتلىرى كەشمىرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. لېكىن بۇلاردىن باشقا يەنە تاۋبا(53)، شىر، كەركىدانلار بار. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە قالايمىقان ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. پۇللىرىنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئادەم بېشى، كەينىگە چەۋەندازنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن ھەربىي قورال - ياراق ئىشلىتىدۇ. ئۇ يەر بەك يىراق بولغاچقا، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ناھايىتى ئاز بارغان. يۈمېن، ياڭگۈەن قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ، جەنۇبىي يول بىلەن پىشامشان ئارقىلىق جەنۇبىي تەرەپكە قاراپ ماڭسا، بەلۇجىستانغا بارىدۇ. جەنۇبىي يول ئەنە شۇ يەردە

ئاياغلىشىدۇ. شىمالغا بۇرۇلۇپ يەنە شەرققە قاراپ ماڭسا ئارساكقا بارغىلى بولىدۇ.

ئارساك خانلىقى پايتەختى پارتاۋا(54) شەھىرى بولۇپ، چاڭئەنگە 11600 چاقىرىم كېلىدۇ. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىمايدۇ. شىمالى كانگا، شەرقى بەلۇجىستان، غەربى تازىك بىلەن تۇتىشىدۇ. يېرى ۋە ئىقلىمى، بايلىقى، خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بەلۇجىستان ۋە كەشمىر بىلەن ئوخشاش. كۈمۈش پۇل ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە خانىنىڭ باش سۈرىتى، ئارقا يۈزىگە خانىكىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. خان ئۆلگەندە باشقىدىن يېڭى پۇل قۇيۇلىدۇ. بۇ دۆلەتتىن تۆگىقۇشى چىقىدۇ. ئۇنىڭغا چوڭ - كىچىك بولۇپ بىرنەچچە يۈز شەھەر قارايدۇ. بۇ كۆلىمى بىرنەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان چوڭ خانلىق بولۇپ، ئامۇ(جەيھۇن)(55) دەرياسىغا ياندىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سودىگەرلىرى ھارۋا، كېمىلەرگە چۈشۈپ باشقا ئەللەرگە بارىدۇ. تېرىگە توغرىسىغا خەت يازىدۇ.

خەن ۋۇدى زامانىدىن باشلاپ، ئارساكقا ئەلچى ئەۋەتىلىشكە باشلاندى. ئارساك خانى 20 مىڭ چەۋەنداز بىلەن چوڭ سەركەردىسىنى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى شەرقىي چېگرىدا قارشى ئالدى. ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى پايتەختتىن بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ يەردىن پايتەختكە بېرىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئونلىغان شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. خەلقى ئىنتايىن زىچ جايلاشقان. ئارساك خانى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ئۆز ئەلچىلىرىنى قوشۇپ، خەن سۇلالىسى ئېلىنى زىيارەت قىلدۇردى. خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا تۆگىقۇش تۇخۇمى ھەم روماللىق سېھىرگەرلەرنى ھەدىيە قىلغاچقا، خەن ۋۇدى بۇنىڭدىن

ئاھايىتى خۇشال بولغانىدى. ئارساكنىڭ شەرقىدە ئۇلۇغ توخرىيلار بار.

ئۇلۇغ توخرىيلار خانلىقى مەركىزى بەلخ(56) بولۇپ، چاڭئەنگە 11600 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇلۇغ توخرىيلار قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىمايدۇ. ئاھالىسى 100 مىڭ تۈتۈن، 400 مىڭ كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 100 مىڭ نەپەر. ئۇنىڭ شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 4740 چاقىرىم كېلىدۇ، غەربىدىن ئارساكقا 49 كۈنلۈك يول، جەنۇبى كەشمىر بىلەن تۇتىشىدۇ. يېرى ۋە ئىقلىمى، بايلىقى، خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئىشلىتىدىغان پۇللىرى ئارشاكقا ئوخشاش، ئۇ يەردىن نار (بىر لوكىلىق) تۆگە چىقىدۇ.

ئۇلۇغ توخرىيلار ئەسلىدە كۆچمەن خانلىق بولۇپ، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. ئۆرپ - ئادەتلىرى ھۇنلار بىلەن ئوخشاش. 100000 دىن ئوشۇق جەڭگىۋار قوشۇنغا ئىگە بولغاچقا، ھۇنلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئەسلىدە ئۇلار دۇنخۇاڭ بىلەن چىلەن تېغى ئارىلىقىدا ياشايتتى. ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە ھۇنلار توخرىيلارنى تارمار قىلدى. كېيىن ئاغا تەڭرىقۇت توخرىيلار خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى مەي جامى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن توخرىيلار يىراقلارغا كۆچۈپ كەتتى ۋە پەرغانىدىن ئۆتۈپ، غەرب تەرەپتىن باكترىيە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ پايتەختىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا قۇردى. كۆچۈپ كېتەلمەي قالغان ئازراق بىر قىسمى چىلەن چياڭلىرى تەرەپكە كېتىپ ئۆزلىرىنى قوغداپ قالدى. بۇلار توخرىيلار دەپ ئاتالدى.

باكترىيە خانلىقى باكترىيە خانلىقىدا چوڭ ھۆكۈمدار يوق. شەھەرلەر كىچىك خانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا. خەلقى ئا-

جىز بولۇپ، ئۇرۇشتىن قورققاچقا، ئۇلۇغ توخرىيلار كۆچۈپ كېلىپ ئۇلارنى بويسۇندۇردى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالدى. باكتىرىيە بەش يابغۇلۇق(57) قا بۆلۈنەتتى: بىرىنچىسى شىۋمى يابغۇلۇقى(58)، مەركىزى ۋاخان شەھىرى(59) بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2841 چاقىرىم، ياڭگۈەن قوۋۇقىغا 7802 چاقىرىم كېلىدۇ. ئىككىنچىسى سىياماكا يابغۇلۇقى(60)، مەركىزى سىياماكا شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3741 چاقىرىم. ياڭگۈەن قوۋۇقىغا 7782 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۈچىنچىسى كۇشان يابغۇلۇقى(61)، مەركىزى كاندۇت شەھىرى(62) بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5940 چاقىرىم، ياڭگۈەن توۋۇقىغا 7982 چاقىرىم كېلىدۇ. تۆتىنچىسى شىدۇن يابغۇلۇقى(63)، مەركىزى پەرۋان شەھىرى(64) بولۇپ، بۇ يەردىن نورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5962 چاقىرىم، ياڭگۈەن قوۋۇقىغا 8202 چاقىرىم كېلىدۇ. بەشىنچىسى كابۇل يابغۇلۇقى(65)، مەركىزى كابۇل شەھىرى(66) بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 6041 چاقىرىم، ياڭگۈەن قوۋۇقىغا 9283 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ بەش يابغۇلۇقنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ توخرىيلارغا بېقىنىدۇ.

كانگا خانلىقى قىشلىق پايتەختى لىيۆنى بۇ يەردىن بېيتيەن شەھىرى(67) گە بارىدۇ. بېيتيەن شەھىرىنىڭ چاڭئەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 12300 چاقىرىم بولۇپ، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىمايدۇ. بېيتيەندىن لىيۆنغا ئاتلىق يەتتە كۈنلۈك يول. يازلىق پايتەختى فانىنى شەھىرى 9140 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 120 مىڭ تۈتۈن، 600 مىڭ كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىق 120 مىڭ

نەپەر. شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5550 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۆرپ - ئادىتى توخرىيلارغا ئوخشايدۇ. كانگا خانلىقى شەرقتىكى ھۇنلارنىڭ تىزگىنى ئاستىدا ياشايدۇ.

خەن شۇەندى زامانىدا ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق تۇغۇلۇپ، بىرلا ۋاقىتتا بەش تەڭرىقۇت ھاكىمىيەت تالىشىشقا باشلىدى. خەن سۇلالىسى قوغشارنى يۆلەپ تەڭرىقۇت قىلدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن چىچى تەڭرىقۇت خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، غەربكە بېرىپ كانگادا پاناھلاندى. كېيىن قورۇقچىبەگ گەن يەنشۇ، ئورۇنباسار چېرىكچى چېن تاڭلار قورۇل چېرىكچىبەگلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى ھەم غەربىي يۇرتتىكى بىرقانچە خانلىقلارنىڭ قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كانگاغا ياردى ۋە چىچى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى «گەن يەنشۇ ۋە چېن تاڭلارنىڭ تەرجىمىھالى» دە بايان قىلىنغان. بۇ چاغ م. ب. 36 - يىلى (خەن يۈەندى جيەنجاۋنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىدى.

خەن چېڭدى زامانىدا كانگا خانى ئوغلىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى ۋە سوۋغات يوللىدى. ئەمما ئارىلىقنى يىراق دەپ بىلىپ، تەكەببۇرلۇق قىلغان كانگا خانى باشقا خانلىقلار بىلەن بېرىش - كېلىشنى خالىمىدى. قورۇقچىبەگ گوشۇن بىرنەچچە قېتىم خانغا: «ھۇنلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قۇدرەت تېپىشى ئاسىيۇ بىلەن كانگانى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقىدىن ئەمەس، شۇنىڭدەك ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشىمۇ، بۇ ئىككى دۆلەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان ئەمەس. خەن سۇلالىسى ئۇلارنىڭ تۇرغاقلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۈچ دۆلەت (ھۇنلار، ئاسىيۇ، كانگا) يەنىلا بىر - بىرىگە سوۋغات يوللىشىپ، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشىۋەرگەن. شۇنىڭدەك ئۆزئارا بىر - بىرىنى چارلاپ، پۇرسەت تاپسىلا بىر - بىرىگە ھۇجۇم

قىلىپ تۇرغان. بۇ ئۈچ ئەل بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ بىر-بىرىگە ئىشىنىپ كېتەلمىگەن، بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغدىمۇ بىر-بىرىنى يېقىندۇرالمىغان. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاسىيۇ بىلەن بولغان قۇدىلىقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. ئەكسىچە سۇلالىمىزگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق تۇغۇلدى. ئاسىيۇ بۇرۇن بىز بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. ھازىر ئۇلار ھۇنلار بىلەن بىرلىكتە خەن سۇلالىسىگە يېقىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئەمما كانگالىقلار بولسا تەكەببۇر ۋە ھىيلىگەر بولۇپ، تاكى ھازىرغىچە خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ھۆرمەتلىمەيدۇ. قورۇقچىبەگ ئەۋەتكەن ئەمەلدارلارنى ئاسىيۇ ئەلچىلىرىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغۇزىدۇ. كانگانىڭ خان - بەگلىرى غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قورۇقچىبەگ ئەۋەتكەن ئەمەلدارلارنى غىزالاندۇرىدۇ. ئۇلار باشقا دۆلەتلەر ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قەستەن كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، كانگا خانى يەنە نېمە ئۈچۈن بالىسىنى تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىدۇ؟ ئۇلار سودا ئارقىلىق پايدا ئېلىشنىلا ئويلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بىر ساختىلىق. ھۇنلار يات ئەللەر ئىچىدىكى چوڭ دۆلەت، ھازىر خەن سۇلالىسىگە ئىنتايىن ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇلار كانگانىڭ ئىتائەت قىلمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، تەگرىقۇت ئۆزىنىڭ تۆۋەن سانىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن كانگانىڭ تۇرغاق ئوغلىنى قايتۇرۇۋېتىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، ئەلچى ئەۋەتمەسلىك لازىم. شۇ ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە ئوقمايدىغان دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. دۇنخۇاڭ، جيۇچۈەن قاتارلىق كىچىك ۋىلايەتلەر ۋە جەنۇبىي يولدىكى سەككىز بەگلىك يولدىن

ئۆتىدىغان ئەلچىلەرگە تەمىنات ۋە ئۇلارنىڭ ئات ئۇلاغلىرىغا يەم - خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىشتە جاپا تارتىۋاتىدۇ. يول ئۈستى شەھەرلىرىدىكى كىشىلەر بىكاردىن - بىكار ھېرىپ - چارچاپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى خورىتىپ، يىراق. تەكەببۇر، ھىيلىگەر ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قارشى ئېلىۋاتىدۇ ياكى ئۇزىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ ئوبدان چارە ئەمەس» دەپ مەلۇمات ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى كانگا بىلەن ئەمدىلا مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقتىن، يىراقتىكى ئەللەرنى ئىززەتلەش يولىنى تۇتتى ۋە يەنىلا ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتمىدى.

كانگا خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن 2000 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئائورسى خانلىقى بار. ئۇلار 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنغا ئىگە. ئائورسىلىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى كانگالىقلارغا ئوخشاش. ئائورسى خانلىقى پايانسىز چوڭ كۆلگە يانداشىپ تۇرىدۇ. بۇ بايقال بولسا كېرەك.

كانگا خانلىقىدا بەش كىچىك بەگلىك بار: بىرىنچىسى كېش بەگلىكى(68)، مەركىزى شەھرىسەبىز(69) بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5776 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 8025 چاقىرىم كېلىدۇ. ئىككىنچىسى كۇشانىيە بەگلىكى(70)، مەركىزى كۇشان شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5767 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 8025 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۈچىنچىسى تاشكەنت بەگلىكى(71)، مەركىزى بىنكەت شەھىرى(72) بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 5266 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 7525 چاقىرىم كېلىدۇ. تۆتىنچىسى بۇخارا بەگلىكى(73) مەركىزى بۇخارا شەھىرى(74) بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 6296 چاقىرىم، ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 8555 چاقىرىم

كېلىدۇ. بەشىنچىسى ئۆرگەنچ بەگلىكى(75)، مەركىزى ئۆرگەنچ شەھىرى(76) بولۇپ، بۇ يەردىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 6906 چاقىرىم، ياڭگۈەن قوۋۇقىغا 8355 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ بەش بەگلىكنىڭ ھەممىسى كانگا خانلىقىغا قارايدۇ.

پەرغانە خانلىقى مەركىزى كاسان شەھىرى(77)، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 12 مىڭ 550 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 60 مىڭ تۈتۈن، 300 مىڭ كىشى، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 60 مىڭ نەپەر، بىر نائىبخان، بىر ياردەمچى خانى بار. پەرغانىنىڭ شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 4031 چاقىرىم، شىمالىدىن كانگانىڭ بېيتيەن شەھىرىگە 1510 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبىدىن ئۇلۇغ توخرىيلار خانلىقىغا 690 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپى كانگا، غەربىي جەنۇب تەرىپى ئۇلۇغ توخرىيلار خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. پەرغانە خانلىقىنىڭ يېرى ۋە ئىقلىمى، بايلىقى، ئۆرپ - ئادىتى ئۇلۇغ توخرىيلار ۋە ئارشاك بىلەن ئوخشاش. پەرغانىدىن ئۈزۈم شارابى چىقىدۇ. بايلار 10 مىڭ كۈبتىن كۆپرەك مىقداردا شاراب ساقلايدۇ. بۇ شارابلار بىر نەچچە ئون يىل تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدۇ. پەرغانىلىكلەر شارابخۇمار كېلىدۇ. ئاتلىرى بېدە يەيدۇ.

پەرغانە خانلىقىدا 70 تىن ئارتۇق شەھەر بار. ئېسىل ئاتلار كۆپ چىقىدۇ. بۇ ئاتلاردىن قان تەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئاتلارنىڭ ئەسلى نەسلى تۇلپار ئىكەن.

جاڭ چيەن خەن ۋۇدىغا بىرىنچى بولۇپ تۇلپار ئاتلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەچكە، خەن ۋۇدى ئەلچىلەر ئارقىلىق 1000 جىڭ ئالتۇن ۋە زەر ئات ھەيكىلى ئەۋەتىپ، پەرغانىنىڭ ئېسىل ئاتلىرىنى تەلەپ قىلدى. پەرغانە خانى خەن سۇلالىسى ناھايىتى يىراقتا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ زور قوشۇنى پەرغا-

نىگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىسىل ئات-
لىرىنى ئاياپ بەرمىدى. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئاچچىقلاپ
پەرغانە خانىنى ھاقارەتلىگەچكە، پەرغانە خانى خەن سۇلالىسى
ئەلچىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردى، مال - مۈلۈك-
لىرىنى تارتىۋالدى. خەن خانى سۇترىشىنا سانغۇنى لى
گۇاڭلىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 100 مىڭ كىشىلىك قو-
شۇن بىلەن پەرغانىگە ئىككى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىشقا
ئەۋەتتى. بۇ يۈرۈش ئۇدا تۆت يىل (م. ب. 104 — 101 -
يىللىرى داۋام قىلدى. پەرغانىلىكلەر ئۆز خانى ئۇگەنىڭ كال-
لىسىنى ئالدى ۋە 3000 ئات تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەن
سۇلالىسى قوشۇنلىرى قايتىپ كەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى
«جاڭ چيەننىڭ تەرجىمھالى» دا بايان قىلىندى. پەرغانە
خانى ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن ئېرشى سەنگۈن لى گۇاڭلى ئۇنىڭ
ئورنىغا خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ياخشى كۈتۈۋالغان
ئىسىلزادە مەساينى پەرغانە خانى قىلدى. بىر يىلدىن
ئوشۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن، پەرغانە ئاقسۆڭەكلىرى مەساينى
خەن سۇلالىسىگە ئارتۇقچە خۇشامەت قىلىپ، دۆلىتىمىزنى
قىرغىنچىلىققا ئۇچراتقان دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشتى ۋە
ئورنىغا ئۇگەنىڭ ئىنىسى چانپاننى خان قىلىشتى. چانپان
ئۆز ئوغلىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. خەن
سۇلالىسى يېڭى خانغا ئەلچى ئارقىلىق سوۋغات يوللاپ، تە-
سەللىي بەردى ۋە يەنە پەرغانىنىڭ غەربىدىكى ئەللەرگە ئون
نەچچە تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ
نەرسىلىرىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئەللەرگە پەرغا-
نىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشىنى كۆز - كۆز قىلىپ ھەيۋە
قىلدى. پەرغانە خانى چانپان خەن سۇلالىسى بىلەن ئەھدە
تۈزۈپ، ھەر يىلى ئىككى تۇلپار بېرىدىغان بولدى. خەن سۇ-
لىسى ئەلچىلىرى ئۈزۈم ۋە بېدە ئۇرۇقى ئېلىپ قايتتى. خەن

سۇلالىسى تۇلپارلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئوردا مېھمانخانىلار ئەتراپىغا كۆز يەتكۈسىز كەڭ ئۈزۈملۈك ۋە بېدىلىك بىنا قىلدى.

پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارساك خانلىقىغا بارغىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ تىلىدا سەل پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتكەچكە، بىر بىرىنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلەيتتى. ئادەملىرى ئورا كۆز كېلەتتى. ساقاللىق، سودىغا ئۇستا بولۇپ، بىر تەڭگىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇراتتى. ئۇلاردا ئاياللار ئەتىۋارلىق بولۇپ، ئەرلەر ئاياللارنىڭ گېپى بويىچە ئىش كۆرەتتى. ئۇ يەردە يىپەك ۋە سىر يوق بولۇپ، تۆمۈر ئەسۋاب سوقۇشنى بىلمەيتتى. كېيىن خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ قاچقۇن ئەسكەرلىرى ئۇلارغا تەسلىم بولۇپ، ھەربىي قورال - ياراقلارنى ياساشنى ئۆگەتتى. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى پۇل ئورنىدا ئىشلەتمەستىن، جابدۇق ياساشتى.

ئاسىيۇنىڭ غەربىدىن ئارساكقىچە بولغان ئەللەرنىڭ ھەممىسى ھۇنپەرەس ئىدى. ھۇنلار ئىلگىرى توخرىيلارنى تارمار قىلغانلىقى ئۈچۈن توخارىستان قاتارلىق ئەللەر دەككە - دۈككىدە ياشايتتى. شۇڭا ھۇن ئەلچىلىرى تەڭرىقۇتنىڭ خېتىنى كۆتۈرۈپ بارسىلا، تەخىرسىز ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرمايتتى. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بولسا ئوزۇق - تۈلۈكنى پۇلغا سېتىۋالاتتى. ئات - ئۇلاغ سېتىۋالمىسا پىيادە قالاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى خەن سۇلالىسى ئۇلاردىن يىراقتا، لېكىن باي دۆلەت. شۇڭا، ئۇلار سودا قىلىش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرماقچى بولاتتى. قوغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن

كېيىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى.

توخارىستان خانلىقى (78) ئۇنىڭ مەركىزىدىن چاڭئەنگە 11 مىڭ 80 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇ ئاھالىسى 700 تۈتۈن، نوپۇسى 5000 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 1000 كىشى.

ئەركەشتام بەگلىكى مەركىزى نياۋفېي قورغىنى بولۇپ، پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 10 مىڭ 210 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 358 تۈتۈن، 1030 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 480 نەپەر. ئۇنىڭ شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3121 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇلۇغچات بەگلىكىنىڭ مەركىزى يانتۇن جىلغىسىغا 260 چاقىرىم، غەربىي شىمالىدىن پەرغانە خانلىقىغا 920 چاقىرىم، غەربىدىن ئۇلۇغ توخرىيلار خانلىقىغا 1610 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۆرپ - ئادىتى، كىيىم - كېچەكلىرى ئاسىيۇلار بىلەن ئوخشاش، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ساكلارنىڭ ئەۋلادى.

ئۇلۇغچات بەگلىكى مەركىزى يانتۇن جىلغىسى بولۇپ، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9860 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 380 تۈتۈن، نوپۇسى 1100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر. شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2861 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا قەشقەرگە بارغىلى بولىدۇ. جەنۇبى پامىر بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردە ئادەم يوق. غەربتە پامىردىن ئۆتسە ئەركەشتامغا بارغىلى بولىدۇ. غەربىي شىمالىدىن پەرغانىغىچە 1030 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمالى ئاسىيۇلار بىلەن تۇتىشىدۇ. كىيىم - كېچەكلىرى ئاسىيۇلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. پامىر تاغلى

رىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ. ئۇلارمۇ ئەسلىدە ساكلار-
نىڭ ئەۋلادى.

ياركەنت بەگلىكى مەركىزى ياركەنت شەھىرى. بۇ يەردىن
چاڭئەنگىچە 9950 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 2339 تۈتۈن،
16 مىڭ 373 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 3049 نەپەر.
بىر نەپەردىن ياردەمچى نائىبىبەگ، ئوڭ ۋە سول سەركەردە، ئوڭ ۋە
سول چەۋەنداز بەگ، يولئىبرىقتىن مۇداپىئەلىنىش بېگى قاتار-
لىق ئەمەلدارلىرى بار. يەنە كاھبەگلىككە ئىككى كىشى،
تىلماچبەگلىككە تۆت كىشى قويۇلغان. ياركەنت بەگلىكىنىڭ
شەرقىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 4746 چاقىرىم،
غەربىدىن قەشقەرگە 560 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبىدىن تاش-
قورغان بەگلىكىگە 740 چاقىرىم كېلىدۇ.

ياركەنتتىن تۆمۈر، كۆك قاشتېشى چىقىدۇ.

خەن شۈەندى زامانىغا كەلگەندە، ئاسىيۇ دۆلىتىگە
ياتلىق قىلىنغان مەلىكە جىيېيۇنىڭ كەنجە ئوغلى ۋاننانى
ياركەنت خانى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. پەرزەندسىز يار-
كەنت خانى ئۆلگەندە، ۋاننان خەن سۇلالىسىدە تۇراتتى. ياركەنت-
لىكلەر بىر تەرەپتىن، خەن سۇلالىسىگە تايىنىپ، يەنە بىر
تەرەپتىن ئاسىيۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ۋاننانى ياركەنت-
نىڭ خانى قىلىش ھەققىدە خانغا مەكتۇپ يوللاشتى. بۇنى
ماقۇل كۆرگەن خەن خانى شى چۇڭگونى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ،
ۋاننانى ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ۋاننان خانلىق تەختكە
ئولتۇرۇپلا زوراۋانلىق قىلىشقا باشلىغاچقا، ياركەنتلىكلەر
بۇنىڭدىن نارازى بولۇشتى. ياركەنت خانىنىڭ ئىنىسى قۇ-
تۇچىن(79) ۋاننانى ۋە خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى ئۆلتۈ-
رۈپ، ئۆزى ياركەنتكە خان بولدى ھەمدە خەن سۇلالىسىدىن يۈز
ئۆرۈش توغرىسىدا باشقا ئەللەر بىلەن ئەھدە تۈزدى. پەرغا-
نىنىڭ مېھمانلارنى ئۇزىتىپ كېلىۋاتقان قورۇقچىبەگ فېڭ

قىپچىشى يۇقىرىنقى ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىپ قالغاچقا، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بويىچە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياركەنت خانى قۇتۇچىنىنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئورنىغا ياركەنت خانىنىڭ باشقا بىر نەۋرە ئىنىسىنى خان قىلدى. فېڭ فېڭشى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەن شۈەندى ئۇنى دانىشبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ م. ب. 65 - يىلى (خەن شۈەندى يۈەنكاڭنىڭ تۇنجى يىلى) بولغان ۋەقەلەر ئىدى.

قەشقەر بەگلىكى(80) مەركىزى قەشقەر شەھرى. بۇ يەردىن چاڭئەن شەھىرىگە 9350 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1510 تۈتۈن، 18 مىڭ 647 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2000 نەپەر. بىر نەپەردىن قەشقەر بېگى، ھۇنلارغا زەربە بېرىش بېگى، نائىببەگ، كاھبەگ، ئوڭ ۋە سول سەركەردە، ئوڭ ۋە سول چەۋەنداز بەگ، ئوڭ ۋە سول تىلماچىبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. بۇ بەگلىكنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2210 چاقىرىم، جەنۇبىدىن ياركەنتكە 560 چاقىرىم كېلىدۇ. بازارلىرى بار. ئۇ غەربتە ئۇلۇغ توخرىيلار، پەرغانە ۋە كانگا قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان.

سەپەرباي بەگلىكى(81) مەركىزى سەپەرباي جىلغىسى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8650 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 300 تۈتۈن، نوپۇسى 2300 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 800 نەپەر. بىر نەپەردىن ئوڭ ۋە سول كاھبەگ، ئوڭ ۋە سول چەۋەنداز بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. بەگلىكنىڭ شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1411 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبى قەشقەر بىلەن تۇتىشىدۇ ۋە تاغ يوللىرىدىن ماڭ-

ھەلى بولمايدۇ. غەربىدىن ئۆلۈغچات بەگلىكىگە 1314 چاقىـ
رىم بولۇپ، ئۇدۇل يول بىلەن ئاتلىق ئىككى كۈن مېڭىشقا توغرا
كېلىدۇ. ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىـپ، قوشۇمچە
دېھقانچىلىق قىلىدۇ. كىيىم - كېچەكلىـرى ئاسيۇلار بىلـەن
ئوخشاش.

(«خەننامە»، 12 - توم، 3871 — 3898 - بەتلەر).

---

(1) 50 نەچچىگە يەتتى (分至五十余) سىـما بىيا ۋىنىڭ
«خەننامە» (زەيلى) ناملىق كىتابىدا: «خەن ئەيدى ۋە خەن پىڭدى
دەۋرلىرىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرت پارچىلىنىپ 55 بەگلىك بولـ
دى» دېيىلگەن.

(«خەننامە»، 12 - تـوم، 3871 - بـەت(1) ئىزاھ).

(2) چوڭ تاغلار (大山) غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇم (قاراڭـ
غۇ) تاغ تىزمىلىرى. شىمالىدا تىيانشان (تەڭرىتاغ) تاغ تىزمىلىرى بار.

(«خەننامـە، قوشۇمچە ئىزاھلار»، 8 - توم، 5432 - بەت).

(3) دەريالار بار (有河). بۇ يەردە تارىم دەرياسى نەـ
زەردە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 - توم، 5432 - بەت).

(4) جەنۇبىي تاغ (南山) پامىردىن باشلاپ قارا قۇرۇم،
ئـالـتۇنـتاغ بـويـلاپ شـەرقتە چىڭخەي ۋە گەنسۇدىكى گەنـجو
(جاڭيې)، لياڭجۇ (ۋۇۋېي) ئايماقلىرىغىچە سوزۇلۇپ چـىلەنشـەن
نامىنى ئالغان، يەنىمۇ شەرقىي جەنۇبتا چىنلىڭ بىلەن تـۇتاشـ
قان تاغلار تىزمىسى «جەنۇبىي تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

(«جۇڭگو قەدىمكـى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى»، 582-بەت).

(5) پامىر دەرياسى (葱岭河) پامىر دەرياسى جەنۇب ۋە
شىمال ئىككى دەريادىن ئىبارەت بولۇپ، جەنۇبىي دەريا ياركەنت
دەرياسى، شىمالىي دەريا قەشقەر دەرياسىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى
دەريا ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە قوشۇلۇپ، يەنىمۇ شەرقىي شىمالـ

غا ئېقىپ ئاقسۇ ۋە خوتەن دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ تارىم دەر-
ياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5435 – بەت).

(6) جىشى تېغى (积石山) ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى-
دىكى بايىنقارا تېغى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5435 – بەت).

(7) تارىم دەرياسى (塔里木河) ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ
ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا. مەنبەلىرى ئاقسۇ، يەكەن،
خوتەن دەريالىرى بولۇپ، ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدىكى شورچاقتى-
غا يېقىن جايدا قوشۇلۇپ تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ،
شەرققە ئېقىپ تىكەنلىككە كەلگۈچە ئوتتۇرا ئېقىن بولۇپ، تۆۋەن
ئېقىنى شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ تېتىما كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇن-
لۇقى 2179 كىلومېتىر كېلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 543 – بەت).

(8) يەكەن (ياركەنت) دەرياسى (叶尔羌河) تارىم دەر-
ياسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇ-
بىي قىسمىدا بولۇپ، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلى-
رىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمالغا ئاقىدۇ. ئاقسۇ ئاۋات ناھىيە-
سىدىكى شور چاقتىغا يېقىن جايدا ئاقسۇ ۋە خوتەن دەريالىرى
بىلەن قوشۇلۇپ تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى
1079 كىلومېتىر.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 724 – بەت).

(9) تيانشان تاغلىرى (天山) ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىغا جاي-
لاشقان چوڭ تاغ سىستېمىسى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، غەربىي بۆلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋە-
سىدە. ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250 — 300 كىلومېتىر
بولۇپ، تارىم بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى بىر – بىرىدىن

ئاجرىتىپ تۇرىدۇ، ئەڭ ئېگىز چوققىلىرى تۆمۈر چوققىسى 7443 مېتىر، خانتەڭرى چوققىسى 6995 مېتىر كېلىدۇ. قار سىزىقى شىمالىي باغىرلىرىدا تۆۋەن، جەنۇبىي باغىرلىرىدا يۇقىرى (3500 — 4500 مېتىر). مۇزلۇقلىرى كۆپ. پەرغانە، ئىلى، قاراشەھەر، تۇرپان ئويمانلىقلىرى، تىيانشان قوينىغا جايلاشقان. تاغنىڭ شىمال باغرىدا قارىغاي، شەمشاد ... دەرەخلىرى ئۆسىدۇ. جەنۇب باغرىدا تۇرلۇك ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان كەڭ ئوتلاقلىرى بار. مەدەنگە باي.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1223 - بەت).

(10) قەشقەر، كاشغەر (喀什噶尔) شەھەر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، قەشقەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىرىنچى چوڭ شەھىرى. 1952 - يىلى شەھەر بولۇپ ئايرىلدى. ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق راۋاجلانغان. قول - سانائىتىمۇ تەرەققىي قىلغان. 1950 - يىللاردىن كېيىن يېڭىدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىقى، توقۇمىچىلىق، خىمىيە، گىلەمچىلىك، ئۇن زاۋۇتى، ساپالچىلىق، تېرە - كۆنچىلىك، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، سېمونتچىلىق قاتارلىق سانائەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، قاتناش مەركىزى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىغىلىپ - تارقىلىدىغان يېرى. قەشقەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر بولۇپ، قەدىمدە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاتنايدىغان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى. تاشيوللىرى ئۈرۈمچىدىن خوتەنگىچە راۋان قاتنايدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 752 - بەت).

(11) چاكارلار كاھبېگى (僮仆都尉) هۇن ئېلى باتىسقانىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچى بېگى. هۇنلار غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرگە قۇل نەزەرىدە قارىغاچقا، مۇشۇنداق نام قويۇلغان بولسا كېرەك.

(«خەننامە قىرشۇنچە ئىزاھلىرى»، 8 - توم، 5437 - بەت).

(12) شمالي شۈجيەن (北胥鞬) «خەننامە» دە شمالي شۈجيەن ياركەنتتىن ئاجرىتىلغان دېيىلگەن بولسىمۇ، باشقا مەنبەلەردە قوس بەگلىكى دائىرىسىدە ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 — توم، 5440 — بەت).

(13) ئۇتانزىل (乌贪訾离) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن بولۇپ، ئارقا قوس خانلىقىغا قارايتتى. ئورنى ھازىرقى ماناس ناھىيىسى تەۋەسىدە.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 20 — توم، 312 — بەت).

(14) چەرچەن (且末) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە. ئورنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، ئالتۇن تاغنىڭ شىمال ئېتىكى، چەرچەن ۋادىسىدا، جەنۇبتا شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرىداش. 1914 — يىلى كېرىيەدىن ئايرىپ ناھىيە قىلىنغان. ئىقتىسادى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئوۋچىلىق تەرەققىي قىلغان. سۆلەيسۇن، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. قاشتېشى، تاشپاختىمۇ چىقىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 60 — بەت).

(15) قۇرۇقتاغ بەگلىكى (山国) ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى. بەزى مەنبەلەردە 山王国، 墨山国 دەپمۇ پۈتۈلگەن.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 97 — بەت).

(16) ئۇتۇج (尉屠耆) خەن سۇلالىسىدە تۇرغاق بولۇپ تۇرغان كروران بېگى ئەنگۈينىڭ ئىنىسى. ئەنگۈي خەن سۇلالىسى ئەلچىسى فۇجيېزى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇتۇج كرورانغا بەگ بولدى، بەگلىكنىڭ نامى پىشامشانغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ ۋەقە م.ب. 77 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەنىدى.

(«هونلار تارىخى يىلنامىسى»، 44 ـ بەت).

(17) گۇاڭمېن دەرۋازىسى (横门) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پايتەخت چاڭئەن شەھىرىنىڭ 12 دەرۋازىسى بار بولۇپ، شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىرىنچى دەرۋازىسىنىڭ نامى گۇاڭمېن ئىدى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 18 ـ توم، 19 ـ بەت).

(18) ئەندەرە بەگلىكى (小宛国) ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى چۆللۈكتە بولۇپ، ئاچچان ۋە قورامىلىق ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن پىشامشانغا قارىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 88 ـ بەت).

(19) ئۇزۇن تاتراڭ (扞零城) ھازىرقى چەرچەن بىلەن نىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چۆللۈكتىكى شەھەر بولۇپ، قۇم باسقان.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 101 ـ بەت).

(20) نىيە بەگلىكى (精绝国) غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن بىرى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى «نىيە خارابىلىقى». م. III ئەسىر ئاخىرلىرىدا قۇم بېسىپ كەتكەچكە، ئاھالىسى جەنۇبقا كۆچتى. كېيىن پىشامشانغا قارىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1935 ـ بەت).

(21) رۇڭلۇ بەگلىكى (戎卢国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىنىڭ بىرى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پىشامشان بەگلىكى ئۇزىگە قوشۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بەگلىكى تىكلەندى. ئۇچ پادى

شاھلىق دەۋرىدە ئۇدۇن بەگلىكىگە قارىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋەھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 315 ــ بەت).

(22) ئۇزۇن ئىپتىر بەگلىكى (扜弥国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى. ئورنى ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 315 ــ بەت).

(23) بىپىن شەھىرى (卑品城) رۇڭلۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى، نوپۇسى 1610 كىشى ئىدى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 5 ــ توم، 233 ــ بەت).

(24) جەنۇب تەرىپى چاقىلىق بىلەن (南与若羌) بىزنىڭچە بۇ ئورۇندا خاتا كەتكەن. چاقىلىق رۇڭلۇ بەگلىكىنىڭ جەنۇبىدا ئەمەس، شەرقىي شىمالىدا.

(مۇھەررىردىن).

(25) ئۇزۇن تاتى (宁弥) ئۇزۇن ئىپتىر ماددىسىغا قاراڭ.

(26) چىرا بەگلىكى (渠勒国) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىسىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى. مەركىزى جيەندۇ شەھىرى. كېيىن ئۇدۇن بەگلىكىگە قارىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 909 ــ بەت).

(27) غەرب تەرىپى چاقىلىق بىلەن (西与若羌) بىزنىڭچە بۇ ئورۇندا خاتا كەتكەن. چاقىلىق چىرانىڭ غەربىدە ئەمەس، شەرقىي شىمالىدا.

(مۇھەررىردىن).

(28) ئۇدۇن (خوتەن) بەگلىكى (于阗国) غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى بەگلىكلەردىن. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن شەھىرى ئەتراپلىرىدا. ئاھالىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۈچمە،

كەندىر ئۆستۈرۈلىدۇ، قاشتېشى چىقىدۇ. يېزىقى بار. م.ب. III ئەسىرلەردە بۇددىزىمچىلىقنى قوبۇل قىلدى. قارا خانىيلار دەۋرىدە مۇسۇلمان بولۇشتى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇن بەگلىكى غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياركەنت بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي گاندىپ بەگ بولغاندىن كېيىن، ياركەنت بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلىپ كۈچەيدى. مەنبەلەردە كۇستانا، گۇستانا، قارا سياماكا، ئۇديانا... دەپمۇ يېزىلىدۇ. مەركىزى ھازىرقى ئىلچىنىڭ غەربىدىكى بورازان يېزىسىنىڭ يوتقان كەنتىدە.

(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 51 ـ بەت، بىر تومluq «سىخەي»، 25 ـ بەت).

(29) جەنۇب تەرىپى چاقىلىق بىلەن (南与若羌) بىزنىڭچە بۇ يەردە خاتالىق بار. چاقىلىق خوتەننىڭ جەنۇبىدا بولماستىن، شەرقىي شىمالىدا.

(مۇھەررىردىن).

(30) گۇما بەگلىكى (皮山国) غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى. م. IV ئەسىردىن كېيىن ئۇدۇن بەگلىكىگە قارىدى. مەركىزى پىشنان (گۇما). بەزى مەنبەلەردە پۇشان دەپمۇ يېزىلىدۇ. ئورنى ھازىرقى يەكەننىڭ شەرقىي جەنۇبى، خوتەننىڭ غەربىدە بولۇپ، ھازىرقى گۇما ناھىيىسى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر نامىلىرى قامۇسى»، 262 ـ بەت).

(31) لاداق بەگلىكى (乌托国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن بىرى. شەرقىي شىمالى كۆكيار (قاغىلىق) بەگلىكى، شىمالى تاشقورغان بەگلىكى، جەنۇبى نانۇ بەگلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئورنى ھازىرقى كەشمىرنىڭ

غەربىي شىمالىدىكى بالتىستان رايونىغا توغرا كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - جىلد، 24 — 25 - بەتلەر).

(32) كەشمىر (罽宾) غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى خانلىقلاردىن بىرى. ئورنى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزگىرىپ تۇردى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە كەشمىر ئەتراپلىرى بولۇپ، مەركىزى سىرىناگار يېنىدا ئىدى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي تەرەپلىرى كەشمىر دەپ ئاتالغان. خەلقى ئاساسەن دېھقانچىلىق قىلاتتى. زەرگەرلىك، مىسكەرلىككە ماھىر ئىدى. كەشمىر بۇددىچىلىق ماھايانا مەزھىپىنىڭ بۆشۈكى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن كۆپلىگەن بۇددا راھىبلىرى جۇڭگوغا كېلىپ دىن تارقاتتى ۋە بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتى. مەنبەلەردە كەشمىر يەنە 罗㑃宾克什米尔箇失密
迦湿 弥羯湿弥罗 دەپمۇ يېزىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1686 - بەت).

(33) كۆكيار (子合) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاغىلىق ناھىيىسىدە.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 9 - توم، 240 - بەت).

(34) ناندۇ (难兜) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. شىمالىي ئەركەشتام، شەرقىي شىمالىي پىشامشان، غەربىي ئۇلۇغ توخرىيلار، جەنۇبىي پاكىستان ۋە كەشمىر بىلەن چېگرىداش. ئورنى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىدىكى بەدەخشاندا.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 36 - توم، 117 - بەت).

(35) بولور (博洛尔县度) تاغ. بولور تېغى چوڭ بولور ۋە كىچىك بولور تاغلىرى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. چوڭ بولور كەشمىرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بالتىستان بولۇپ، كىچىك

بولور پاكىستاننىڭ شەرقىدىكى ياسىن دەرياسى ۋادىسىدا.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 16 ـ بەت).

(36) يۆئېرىق بەگلىكى (西夜国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەكەن (ياركەنت) ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈمدارى كۆكيار بېگى دېيىلەتتى. مەركىزى خۇچان جىلغىسى، شەرقى گۇما، غەربىي جەنۇبىي لاداق، شىمالىي ياركەنت، غەربى تاشقورغان بىلەن چېگرىداش. ئاھالىسى كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، چىياڭلار، دىلارغا ئوخشاش.

(تۈزىتىلگەن «سىيۈەن»، 4 ـ توم، 2842 ـ بەت).

(37) تاشقورغان بەگلىكى (蒲犁国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى. بەزى مەنبەلەردە سېرىققۇل دېيىلگەن. پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان. دېڭىز يولى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى شەرق ـ غەرب سودا يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى ئىدى. مىنگو دەۋرىدە ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە هازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1125 ـ بەت).

(38) ئىناي بەگلىكى (依耐国) غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى. بۇ بەگلىك كۆچمەن چارۋىچى ئىناي قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. شىمالى قەشقەر، شەرقىي شىمالى ياركەنت، جەنۇبى كۆكيار بىلەن چېگرىداش. ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بىلەن غەربىي يۇرت دورغاپلىقىغا قارايتتى. كېيىن قەشقەرگە قارىغان. بەزى مەنبەلەردە يېڭىسار بەگلىكى دېيىلگەن.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 240 ـ بەت).

(39) ئۆلبىي بەگلىكى (无雷国) خەن سۇلالىسى دەۋ-

رىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. بۇ بەگلىك كۆچمەن چارۋىچى ئۇلپى قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. خەلقى 7000 بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدە جايلاشقان. غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 656 ـ بەت).

(40) لۇچېڭ (卢城) ئۇلپى بەگلىكىنىڭ مەركىزى شەھىرى، پامىردا.

(مۇھەررىردىن).

(41) جەنۇب تەرىپى چاقىلىق بىلەن (南与若羌) چاقىلىق ناندۇ (لاداق؟) بەگلىكىنىڭ جەنۇبىدا ئەمەس، شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

(مۇھەررىردىن).

(42) ئەركەشتام بەگلىكى (休循国) غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن بىرى. ئورنى پامىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا. مەركىزى نياۋفېيگو.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 36 ـ بەت).

(43) سرىناگار (斯利那加, 循鲜城) كەشمىر بەگلىكىنىڭ مەركىزى. جېھلام دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى مۇنبەت جىلغىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان. ھازىرقى ئاھالىسى 423 مىڭ (1971). ئەتراپى تاغلىق. شەھەر ئىچىدە قاناللار بار بولۇپ كۆپلىگەن گۈزەل بىنالار ۋە ياغاچ كۆۋرۈكلەر كۆپ، كۆللەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ. VIII ئەسىردە بىنا قىلىنغان مەسچىت بار. ھاۋاسى يېقىملىق، كېلىشكەن ياخشى ئىستىراھەتگاھ. پالاس، يىپەك توقۇمىچىلىقى قەغەزچىلىك سانائىتى بار. ياغاچ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ئويمىچىلىقى تەرەققىي قىلغان. مۇزېي ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى بار.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1479 ـ بەت).

(44) ئۇلۇغچات (ئۇلۇغئارت) بەگلىكى (捐毒国) خەن

سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. شەر-قىي قەشقەر، غەربىي ئەركەشتام، غەربىي شىمالىي پەرغانە، شىمالىي ئاسىيۇلارغا چېگرىداش. مەركىزى ياندۇن جىلغىسى.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 14 - توم، 165 - بەت).
(45) گۇمرۇك بېگى (关东尉) گۇمرۇك — ئۆتكەللەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ، يولۇچىلارنى تەكشۈرۈپ، مال بېجى ئالىدىغان ئەمەلدار.
(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 35 - توم، 197 - بەت).
(46) دۇچىن (杜钦) خەن چېگدى دەۋرىدە جەبخانا بېگى بولغان. پىكىرلەك، تەدبىرلىك بولغاچقا، خانلىقتا مۇشاۋۇر بولغان.
(«جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى قامۇسى»، 466 - بەت).
(47) بەش جىلك (五更) بۇرۇنقى ۋاقىت تۈزۈمى بولۇپ، بىر كېچە بەش جىڭغا بۆلۈنەتتى. قولدا كالتەكنى بار مىرشەب بىرىنچى جىڭدا تۆت جاڭنى بىر قېتىمدىن ئۇراتتى، ئىككىنچى جىڭدا ئىككى قېتىمدىن، ئۈچىنچى جىڭدا ئۈچ قېتىمدىن، تۆتىنچى جىڭدا تۆت قېتىمدىن، بەشىنچى جىڭدا بەش قېتىمدىن ئۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتاتتى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 31 - بەت).
(48) چوڭ - كىچىك باش ئاغرىقتاغلار (大小头痛山) بۇ تاغلارنىڭ ئورنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شەرھىچى ئالىم شېن چىنخەن: «...تاشقورغاننىڭ غەربىي جەنۇبى، پەرغانىنىڭ شەرقى، قەشقەر-نىڭ غەربىدىكى تاغلاردا يازدا ماڭغىلى بولمايدۇ، قىشتىلا ماڭ-غىلى بولىدۇ... زەھەرلىك تۇتەك بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، قۇستۇرىدۇ، تۇتەك ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا چوڭ - كىچىك باش ئاغرىقتاغ دېيىلىدۇ» دەپ ئىزاھلىغانىدى.
(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 - توم، 5468 - بەت).

(49) پۇتاۋ بەگلىكى (扑桃国) بەلۇجىستانىنىڭ شىمالىدىكى بەگلىك.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 14 ـ توم، 349 ـ بەت).

(51) روشۈي (弱水) قەدىمكى دەريا ئىسمى. مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇ دەريا ئىراندا بولۇشى مۇمكىن (؟)

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1091 ـ بەت).

(52) ئۇماي (西王母) رىۋايەتتىكى شەخس. «تىللا ئانا»، «خان ئانا»، «شىۋاڭمۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «تاغ ـ دەريالار ئىزنىمى» دا ئۇ قاپلان قۇيرۇقلۇق، يولۋاس چىشلىق، ھۇشقۇيتىدىغان غەلىتى مەخلۇق قىلىپ كۆرسىتىلگەن. «موتيەنزىنىڭ تەرجىمھالى» دا ئۇ ھەلىم، غەزەلخان ئايال قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «خەن ۋۇدىنىڭ مەخپىي تەرجىمھالى» دا ئۇ تەخمىنەن 30 ياشلاردىكى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر مەلەك قىلىپ كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭ 3000 يىلدا بىر قېتىم پىشىدىغان خاسىيەتلىك يېمىش شاپتۇلنى خەن ۋۇدىغا سوۋغا قىلغانلىقى يېزىلغان. «ئىملاھلار غەيرىي خاتىرىسى» دە بولسا ئۇنىڭغا بىر جۈپ ـــ شەرقىي خان بەگ ئوبرازى يارىتىلىپ، ئۇلارنىڭ يىلدا بىرلا قېتىم كۆرۈشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. كېيىنكى زامانلاردىكى رومان ۋە تىياتىرلاردا ئۇ يەنە «ھېكمەتلىك كۆلدىكى تىللا ئانا» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ھەر قېتىم خاسىيەتلىك يېمىش شاپتۇل پىشقاندا تۇغۇلغان كۈن زىياپىتى ئۆتكۈزىدىغانلىقى، ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇرۇن خەلق ئارىسىدا غەربىي خان ئانا قېرىماسلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىناتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1833 ـ بەت).

(53) تاۋبا (桃拔) ئەپسانىۋى ھايۋان نامى، بۇغىسىمان، قۇيرۇقى ئۇزۇن بولۇپ، بىر مۈڭگۈزلۈكى تەگرى بۇغا،

ئىككى مۆڭگۈزلۈكى خەيرى بۇغا دېيىلىدۇ.

(«خەننامە»، 12 ـ توم، 3889 ـ بەت (2) ئىزاھ).

(54) پارتاۋا (番兜) ئارساك خانلىقى ۋە ئارشاك خانلىقى مەركەز شەھىرىنىڭ پارسچە نامى.

(«غەربىي يۇرت ناملىرى»، 74 ـ بەت).

(55) ئامو دەريا، جەيھۇن (妫水, 阿姆河) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دەريا. جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدا 妫水, 乌许水, 乌浒河, 乌浒河 دەپ يېزىلغان. ئاساسىي مەنبەسى ۋاھان دەرياسى بولۇپ، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىدۇ. غەربكە ئېقىپ پامىر دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، پەنج دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن يەنە ئەگىلىپ غەربكە ئېقىپ، ۋاخش دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ئامۇ دەريا (دەريايى جەيھۇن) دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ كۆپ قىسمى تاجىكىستان بىلەن ئافغانىستاننىڭ چېگرا دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىلا تەرىپىدە تارماقلىرى كۆپ؛ تۆۋەن ئېقىنى قۇملۇق رايونلاردا ئاقىدۇ، تارماقلىرى ئاز. ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدا تەخمىنەن 10 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭ بىر دېلتا ھاسىل قىلغان. ئۇزۇنلۇقى 2620 كىلومېتىر.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 419 ـ بەت).

(56) بەلخ، باكتىرا (监氏城, 巴里赫) ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى مازارى شەرىف شەھىرىنىڭ غەربىدىكى كونا شەھەر. م.ب. VII ئەسىردىن بۇرۇن مەلۇم. م.ب. IV—VI ئەسىرلەردە ئەھمەنىيلەر دۆلىتىگە قارىغان بولۇپ، زارىئاسپا دەپ ئاتالغان. كېيىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىمپېراتورلۇقىغا قارام بولغان. م.ب. 250—130 ـ يىللىرى توخارىستان (گرېك ـــ باكتىرىيە) پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ توخرىيلار قۇرغان كۇشان پادىشاھلىقى تەركىبىگە كىردى.

م. V ئەسىردە بۇ يەرگە ئېفتالىتلار (ئاق ھۇنلار) ۋە كېيىنرەك تۈركلەر بېسىپ كىردى. 711 - يىلى ئەرەبلەر بەلخنى بېسىۋېلىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. X ئەسىرگە كەلگەندە شەھەر يەنە باشقىدىن تىكلەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى XVII ئەسىرگىچە مۇھىم شەھەر سۈپىتىدە خېلىلا راۋاجلاندى. ئارخېئولوگىك قېزىشلار بەلخنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا ئاۋات شەھەر بولغانلىقىنى. «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغاچ ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شەھەردە ھازىرمۇ قەدىمدىن ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان خارابىلەر ۋە قۇرۇلۇشلار بار.

(«ئۆزبەك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2 - توم، 54 - بەت).

(57) بەش يابغۇلۇق (五翕侯) بۇ يەردىكى يابغۇلۇق بەگلىك دەرىجىسىدە بولۇپ، ھونلاردىن مەغلۇپ بولۇپ باكتىرىيىگە كەلگەن ئۇلۇغ توخرىلار كۇشان خانلىقىنى قۇرغىچىنىڭ بەش يابغۇلۇق بولۇپ ياشىغان.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 - توم، 5476 - بەت).

(58) شيۇمى ۋاخان (休密, 瓦汗) ئافغانىستان ئۆلكىلىرىدىن. شەرقىي جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىمالى تاجىكىستان، جەنۇبى كەشمىر، غەربى پاكىستان بىلەن چېگرىداش بولغان بىر چەتقى رايون. شىمالدا پامىر، جەنۇبتا ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى پەنج تۆپىلىك ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاخاننىڭ تاشقى رايونلار بىلەن ئالاقىسى ئاز.

(«مەيدان - لاروس ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 12- توم، 500 - بەت).

(59) ۋاخان شەھىرى (墨城) ۋاخاننىڭ مەركىزى. ۋاخان ماددىسىغا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

(60) سىيامـاكـا يابـغۇلـۇقى (双靡翕侯) شىمالىي پاكىستاندا.

(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 90 - بەت).

(61) كۇشان يابغۇلۇقى (贵霜翕侯) ئۇلۇغ توخرىيلار-نىڭ باكتىرىيىدە قۇرغان بەش يابغۇلۇقىنىڭ بىرى. بۇ يابغۇلۇق كېيىنچە باشقا يابغۇلۇقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، م.ب. I ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا كۇشان پادىشاھلىقىنى قۇردى. بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئورنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىن-دىستاننىڭ شىمالى ۋە شىنجاڭنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، 479 - بەت).

(62) كاندۇت شەھىرى (护澡城) كۇشان يابغۇلۇقىنىڭ مەركەز شەھىرى. ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ئىشقاشىم دېگەن يېرىدىن 50 مىل شەرقتە.

(مۇھەررىردىن).

(63) شىدون (پاراۋان) يابغۇلۇقى (肸顿翕侯) ئورنى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلنىڭ شىمالىدا.

(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 74 - بەت).

(64) پاراۋان شەھىرى (薄茅城) پاراۋان يابغۇلۇقى مادىدىسىغا قاراڭ.

(مۇھەررىردىن).

(65) كابۇل يابغۇلۇقى (高附翕侯) ئورنى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى.

(«غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، 39 - بەت).

(66) كابۇل شەھىرى (高附城، 喀布尔) ئافغانىستاننىڭ پايتەختى، قاتناش تۈگۈنى. 3000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مىلادىيدىن ئىلگىرىكى ھىند مەنبەلىرىدە بۇ شەھەر توغرىلىق خاتىرىلەر يېزىلغان. XVI ئەسىر باشلىرىدا بۈيۈك

موغۇل ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پايتەختى، 1773 — 1818 - يىللىرى دۇررانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولدى. نۇرغۇن ئاسار-ئەتىقە ۋە XVII ئەسىرگە ئائىت شاھى جاھان جامەسى بار.

(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، 641 - بەت).

(67) بىيتيەن شەھىرى (卑阗城) خەن ۋە ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرت خانلىقلىرىدىن كانىكا خانلىقىنىڭ شەھىرى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 5 - توم، 235 - بەت).

(68) كەش بەگلىكى (苏薤国, 史国, 渴石) ئورنى ھازىرقى سوۋېت ئۆزبېكىستانى سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھرىسەبز رايونى.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 48 - بەت).

(69) شەھرىسەبز (苏薤城, 沙赫里萨布兹) تارىخىي شەھەر. ھازىرقى سوۋېت ئۆزبېكىستانى قەشقەر دەريا ئوبلاستىدا. XIII ئەسىردىن ئىلگىرىلا گۈللەنگەن. ئەمىر تېمور سارىيىنىڭ خارابىسى بار. كەشتىچىلىك ۋە ساپالچىلىقنىڭ قەدىمكى مەركىزى. پاختا تازىلاش، يېمەكلىك كارخانىلىرى ۋە گۈزەل سەنئەت زاۋۇتى بار.

(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، 1135 - بەت).

(70) كۇشانىيە (附墨国) ئورنى ھازىرقى سوۋېت ئۆزبېكىستانىدىكى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ 60 مىل غەربىي شىمالىدىكى پەيشەنبە دېگەن يەردە بولۇپ، تارىختىكى سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدىكى كاشانىيە شۇ.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 54 — 55 - بەتلەر).

(71) تاشكەنت بەگلىكى (塔什干, 赭匿国) ئورنى ھازىرقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت شەھىرى ئەتراپلىرىدا.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 93 - بەت).

(72) بىنكەت (赭匿城) تاشكەنت بەگلىكىنىڭ مەركىزى.

ئورنى هازىرقى سىر دەريانىڭ ئوڭ تارمىقى چىرچىق دەرياسىغا يىراق بولمىغان جايدا.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 93 ـ بەت).

(73) بۇخارا بەگلىكى (劚国) ئورنى هازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى بۇخارا شەھىرى ئەتراپلىرىدا.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 15 ـ بەت).

(74) بۇخارا شەھىرى (劚城) بۇخارا بەگلىكىنىڭ مەركىزى. ئورنى بۇخارا شەھىرى.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 15 ـ بەت).

(75) ئۇرگەنچ بەگلىكى(奥鞬国) ئورنى هازىرقى سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ خارەزىم ئوبلاستىدىكى خىۋە شەھىرى ئەتراپلىرىدا.

(«غەربىي يۇرۇت يەر ناملىرى»، 52 ـ بەت).

(76) ئۇرگەنچ، گۇرگەنچ (奥鞬城) قەدىمىي شەھەر، ئورنى هازىرقى سوۋېت تۈركمەنىستانى تاشھاۋۇز ئوبلاستىنىڭ كونا ئۇرگەنچ شەھەرچىسى يېنىدا.

(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، 1378 ـ بەت).

(77) كاسان شەھىرى (贵山城) ئورنى هازىرقى سوۋېت ئۆزبېكىستاندىكى نەمەنگەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى كاسانساي دېگەن يەردە

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 44 ــ 45 ـ بەتلەر).

(78) توخارىستان خانلىقى (桃槐国) مىلادىنىڭ باشلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى تارىخىي رايون (هازىرقى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستانلارنىڭ جەنۇبىي بۆلەكلىرى ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي رايونلىرى) بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن باكتىرىيە دېيىلەتتى. م.ب. II ئەسىردە يۇنان ـ باكتىرىيە قوراللىق

يوقىتىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە توخار خانلىقى مەيدانغا كەلگەنىدى.

(«سوۋېت ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، 1321 ـ بەت).

(79) قۇتۇچىن (呼屠征) م.ب. 65 ـ يىلى ياركەنت خانى ۋاننانىنى ۋە خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى خان بولىۋالغان ياركەنت خانى. قورۇقچىبەگ فېڭ فېڭشى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قوشۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇچىننى ئۆلتۈردى.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 1 ـ توم، 527 ـ بەت).

(80) قەشقەر بەگلىكى (疏勒国) غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن. ئورنى هازىرقى قەشقەر شەھىرى. ئاھالىسى دېھقانچىلىق، مىسكەرچىلىك، تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. شەھەر قورغانلىرى بولۇپ، يېزىسى بار. م.ب. 60 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىدى. كېيىن ياركەنت ۋە ئۇدۇن بەگلىكلىرى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1808 ـ بەت).

(81) سەپەرباي بەگلىكى (尉头国) غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن. ئورنى هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى سەپەرباي بولۇپ، بۇنى كىرىنارد ئۆز تەتقىقاتىدا بېكىتكەنىدى.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 80 ـ بەت).

# غەربىي يۇرت (قۇرىقار) تەزكىرىسى(II)

ئاسىيۇ خانلىقى قىزىل قورغان شەھىرى چوڭ كۇنبېي(1)
نىڭ پايتەختى بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8900 چاقىرىم كېلىدۇ.
ئاھالىسى 120 مىڭ تۈتۈن، 630 مىڭ كىشى بولۇپ، ئەسكەر-
لىككە يارامىلىقى 188 مىڭ 800 نەپەر. ۋەزىر، تايىرۇبەگ(2)،
ئىككى نەپەر ئوڭ ـ سول سەركەردە، ئۈچ نەپەر يابغۇ، بىر
نەپەردىن باش سانغۇن، كاھبەگ، ئىككى نەپەر باش تەپ
تىشبەگ. بىر نەپەر مەنسەپدار، ئىككى نەپەر ئوردا بەگ، بىر
نەپەر چەۋەندازلار بېگى قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. ئۇنىڭ
شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1721 چاقىرىم، غەربى-
دىن كانگانىڭ فاننى شەھىرىگە 5000 چاقىرىم كېلىدۇ.
يېرى تۈزلەڭ، ئوت ـ چۆپلۈك بولۇپ، يېغىن كۆپ ياغىدۇ. ئىقلىمى
سوغۇق. تاغلىرىدا قارىغاي، سامىرىسىن كۆپ ئۆسىدۇ. ئاسىيۇلار
دېھقانچىلىق قىلمايدۇ، ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق
قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۆرپ ـ ئادىتى ھۇنلار بىلەن ئوخ-
شاش. ئۇلاردا يىلقا كۆپ بولۇپ، بايلىرىنىڭ 4000—5000 غا
يېتىدۇ. خەلقى ياۋۇز، ئاچكۆز بولۇپ، گېپىدە تۇرمايدۇ.
كۆپىنچە بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. غەربىي يۇرت ئىچىدە ئەڭ
كۈچلۈك خانلىق. ئۇ بەگلىك بۇرۇن ھۇنلارغا قارام ئىدى.

كېيىن كۆچىپ، ھۇنلارغا كۆرۈنۈشتىلا قارام بولۇپ، تەڭرىقۇتىنى زىيارەت قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاسىيۇ خانلىقى شەرقىدە ھۇنلار بىلەن، غەربىي شىمالىدا كانگا، غەربىدە پەرغانە، جەنۇبىدا شەھەر بەگلىكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرى ئەسلىدە ساقلارنىڭ زېمىنى ئىدى. توخرىيلار غەربتە ساق خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بولۇر تاغلىرىدىن ئېشىپ جەنۇبقا كۆچكەن ساقلارنىڭ يەرلىرىنى توخرىيلار ئىگىلىدى. كېيىن ئاسىيۇ كۇنبېگى ئۇلۇغ توخرىيلارنى يەڭدى. توخرىلار غەربكە كۆچۈپ باكترىيىنى بويسۇندۇردى، ئاسىيۇ كۇنبېگى ئۇلۇغ توخرىيلار كۆچۈپ كەتكەن زېمىندا ماكانلىشىپ قالدى. شۇڭا، ئاسىيۇلاردا ساقلار ۋە ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ نەسلى بار.

ئىلگىرى جاڭ چيەن خەن ۋۇدىغا: «ئاسىيۇلار ئەسلىدە توخرىيلار بىلەن بىرلىكتە دۇنخۇاڭ ئەتراپىدا ياشايتتى. ھازىر ئاسىيۇ كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى كۆپلەپ سوۋغات بېرىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈپ، ئەسلى يۇرتلىرىغا كۆچۈرۈپ كېلىش، خوتۇنلۇققا مەلىكە بېرىپ، قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا بېسىم ئىشلىتىش لازىم» دېگەنىدى. بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى «جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن خەن ۋۇدى جاڭ چيەننى ئۇلارغا ئالتۇن - كۈمۈش، مال - بايلىق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. كۇنبەگ جاڭ چيەن بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۆزىنى خۇددى ھۇن تەڭرىقۇتىدەك تۇتتى. جاڭ چيەن خاپا بولۇپ خاننىڭ سوۋغىتى تەقدىم قىلىنغاندا خان تىزلىنىپ تەزىم قىلمىسا، سوۋغاتلار قايتۇرۇپ كېتىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۇنبەك ئورنىدىن تۇرۇپ تىزلىنىپ تەزىم قىلدى، باشقا رەسمىيەتلەر بۇرۇنقىدەك بولدى.

ئەسلىدە ئاسىيۇ كۇنبېگىنىڭ ئون نەچچە ئوغلى بار بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلى تايدۇ بەگ(3) ئىستىبداتلىق، ماھىر سەركەردە

ئىدى. ئۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن ئايرىم تۇ-
راتتى. ئايرۇنىڭ ئاكىسى خانتېكىن بولۇپ ئۇنىڭ سەنچۇر ئاتلىق
ئوغلى بار ئىدى. خانتېكىن بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ
ئۆلۈش ئالدىدا كۈنبەگكە: «سەنچۇر چوقۇم خان تېكىن
بولسۇن» دېگەچكە، مۇسىبەت ئۈستىدە تۇرغان كۈنبەك ماقۇل بولغا-
نىدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان ۋە ئۆز قېرىنداشلىرىنى يىغىپ
ئىسيان قىلماقچى بولغان تايدۇ، سەنچۇرغا ھۇجۇم قىلماقچى
بولۇۋېدى، كۈنبەك سەنچۇرغا 10 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز
بېرىپ، ئۇنى باشقا يەرگە بېرىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. كۈنبەكمۇ
10 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى.
شۇنىڭ بىلەن خانلىق ئۈچكە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ،
ئومۇمەن پۈتۈن خانلىقنى يەنىلا كۈنبەك ئۆزى تىزگىنلەپ
تۇراتتى. جاڭ چيەن سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ بولغاندىن
كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى يەتكۈزۈپ: «ئاسى-
يۇلار شەرققە كۆچۈپ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى يۇرتلىرىغا ئورۇن-
لاشسا، خەن سۇلالىسى خانىشلىققا خانىشكە ئەۋەتىدۇ. شۇ ئارقى-
لىق قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، بىرلىكتە ھۇنلارغا
قارشى تۇرساق، ھۇنلار بۇنداق كۈچكە تاقابىل تۇرالمايدۇ»
دېدى. ئاسىيۇلار خەن خۇلالىسىدىن يىراق بولغانلىقى سەۋەب-
لىك، ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيۇلار ھۇنلارغا يېقىن بولۇپ ئۇلارغا
ئۇزۇن مۇددەت بېقىندى بولۇپ كەلگەنلىكتىن، ئاسىيۇلار
ئەمەلدارلىرى شەرققە كۆچۈپ بېرىشنى خالىمىدى. قېرىپ
قالغان كۈنبەك ئېلى بۆلۈنۈپ كەتكەچكە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم
قىلالمىدى. شۇڭا جاڭ چيەننى ئۇزىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلچى
تەيىنلىدى ۋە خەن خانىغا نەچچە ئونلىغان ئاتلارنى سوۋغا
قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. خەن سۇلالىسىگە بارغان
ئاسىيۇلار ئەلچىلىرى خەن سۇلالىسى خەلقىنىڭ كۆپلۈكىنى، باي

دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە قايتقاندىن كېيىن كۈنبەگكە
ئەھۋالنى دەپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاسىيۇلار خەن سۇلا-
لىسىنى بارغانسېرى ھۆرمەتلەيدىغان بولدى.

ئاسىيۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بېرىش - كېلىش
قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن ھۇنلار ئاسىيۇلارغا
ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئاسىيۇغا
بېرىپ تۇرۇۋاتتى. ھەمدە ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن پەرغانە،
تۇخرى قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇراتتى.
كېيىن ھۇنلاردىن قورقۇشقا باشلىغان ئاسىيۇلار خەن سۇلالى-
سىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئات سوۋغا قىلىش بىلەن خەن مەلىكى-
سىگە ئۆيلىنىشنى، خەن سۇلالىسى بىلەن قېرىنداشلىق
مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلدى. خەن ۋۇدى ۋەزىر -
ۋۇزرالارنىڭ كېڭەشىگە سېلىۋىدى، بۇنىڭغا قوشۇلغان
ۋەزىرلەر: «ئاسىيۇلار ئاۋۋال تويلۇق ئېلىپ كەلسۇن، ئاندىن
مەلىكىنى ئەۋەتەيلى» دېيىشتى. ئاسىيۇلار مەلىكىنىڭ تويلۇقى
ئۈچۈن 1000 ئات ئېلىپ كەلدى. م.ب. 108 - يىلى (خەن
ۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) جياڭدۇ بېگى ليۇجيەنىنىڭ قىزى
شىجۈن(4) گە مەلىكىلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ئاسىيۇلارنىڭ
خانىغا ياتلىق قىلىندى. مەلىكىگە خانىشكە ۋە بانۇلار ئولتۇ-
رىدىغان مەپە، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىك بۇيۇملار
ھەدىيە قىلىندى. ھەمدە مەخسۇس ئەمەلدار تەيىنلەپ، ھەرەم-
ئاغا، مەھرەمبەگ قاتارلىق بىرنەچچە يۈز ئادەم قوشۇپ،
ئۇرغۇن سوۋغا - سالام ۋە داغدۇغىلار بىلەن يولغا سالدى.
ئاسىيۇ كۈنبېگى خەن مەلىكىسىنى ئوڭ ھەرەم خانىشى قىلدى.
ھۇنلارمۇ ئاسىيۇ كۈنبېگىگە مەلىكە ئەۋەتتى. كۈنبەگ ئۇنى سول
ھەرەم خانىشى قىلدى.

خەن مەلىكىسى ئاسىيۇ خانلىقىغا بارغاندىن كېيىن،
ئۆزى ئۈچۈن ئوردا - ساراي سالدۇردى. مەلىكە ھەر يىلى

بايراملاردا كۈنبەگ بىلەن پەقەت بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرۈشەتتى ۋە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، كۈنبەگنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەرگە پۇل، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلاتتى. كۈسەگ ياشىنىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەلىكە مۇڭلىنىپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتتى.

«ئۇزاتتى تۇغقانلار مېنى يىراققا،
ياتلىق قىلىشىپ ئاسىيۇ خانىغا.
ئۆيلىرى يۇمىلاق كىگىز ئوتاۋكەن،
گۆش ـ قېتىق ئۇلارغا تائام ـ ئوزۇقكەن.
ئۆرلەيدۇ پىغانىم يۇرتۇمنى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم».

مەلىكىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتقان خان، يىل ئارىلاپ ئەلچى ئەۋەتىپ، مەلىكىگە چېدىر، كىمخاب ـ تاۋار قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىپ تۇردى.

ياشىنىپ قالغان ئاسىيۇ كۈنبېگى نەۋرىسى سەنچۇر بىلەن خەن مەلىكىسىنى چېتىپ قويۇش ئارزۇسىدا بولسىمۇ، لېكىن مەلىكە بۇنىڭغا قوشۇلمايتتى. ئۇ خانغا بۇ ئەھۋال توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىدى. خان جاۋابنامىسىدە: «ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك، بىز ئاسىيۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ھۇنلارنى يوقاتماقچىمىز» دېدى. سەنچۇر مەلىكىگە ئۆيلەندى. كۈنبەگ ئۆلۈپ ئورنىغا سەنچۇر كۈنبەگ بولدى. سەنچۇر ئەمەل نامى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى كۈنەشبەك(5) ئىدى. ئاسىيۇلار خاننى كۈنبەگ دەپ ئاتايتتى. مەرھۇم كۈنبەگنىڭ ئىسمى لېي جياۋ بەك(6) ئىدى. كېيىن «كۈنبەك» دەپ يېزىلىدىغان بولدى. سەنچۇر مەلىكە جياگۇغا ئۆيلەن-

كەندىن كېيىن، شاۋفۇ ئىسىملىك بىر قىز تۇغۇلدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا مەلىكە ئۆلدى. خەن سۇلالىسى يەنە چۇ بېگى ليۇۋۇ-نىڭ نەۋرىسى جېيۇغا مەلىكىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىپ سەنچۇرغا ياتلىق قىلدى. سەنچۇرنىڭ ھۇن مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان بالىسى نىبەك تېخى كىچىك بولغاچقا، سەنچۇر ئۆلۈش ئالدىدا خانلىقنى تاغىسى تايرۇنىڭ ئوغلى ئۆڭگۈر بەككە تاپشۇرۇپ: «نىبەك چوڭ بولغاندا، خانلىقنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرەمسىز» دېدى.

ئۆڭگۈربەك خان بولۇپ، سىمىزخان دەپ ئاتالدى ۋە مەلىكە جېيىيۇغا ئۆيلەندى. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغۇلدى. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى يانقۇيبەك ئىدى. ئوتتۇرانچى ئوغلى ۋاننان بولۇپ، ئۇ كېيىن ياركەنتكە خان بولدى. كەنجە ئوغلى تارلۇ سولقو چوڭ سەركەردە بولدى. چوڭ قىزى دىش كۈسەن خانى جانبىن(7) غا، كىچىك قىزى سۈگان ئاسىيۇلارنىڭ روغۇ ئاتلىق يابغۇسىغا ياتلىق بولدى.

خەن جاۋدى دەۋرىگە كەلگەندە، مەلىكە جېيىيۇ خانغا: «ھۇنلار چەۋەندازلىرىنى ئەۋەتىپ، قوس خانلىقىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. قوس بىلەن ھۇنلار بىرلىشىۋالدى. ئۇلار بىرلىكتە ئاسىيۇغا ھۇجۇم قىلماقچى. خاننىڭ ئاسىيۇنى قۇتقۇزۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ مەكتۇپ سۇندى. قوشۇن تەربىيىلەۋاتقان خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا زەربە بېرىش ئۈستىدە كېڭەش قىلىشىۋاتقان پەيتتە خەن جاۋدى ئۆلۈپ، خەن شۈەندى ئەمدىلا تەختكە چىقتى. خانىكە بىلەن كۈنبەك ھەر ئىككىسى ئەلچى بىلەن خەن خانىغا يەنە مەكتۇپ يوللاپ: «كەينى - كەينىدىن چوڭ قوشۇن ئەۋەتىپ ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلغان ھۇنلار گۈيىيەن، ئېشى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى ۋە ئاھالىلەرنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. ئەلچى ئەۋەتىپ

خەن مەلىكىسى جىيېۋنى ھۇنلارغا تۇتۇپ بېرىشنى، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. كەمىنلىرى كۆنبەك خىل قوشۇنلىرىمىنىڭ يېرىمىنى، يەنى 50 مىڭ چەۋەنداز چىقىرىپ، بارلىق كۈچۈم بىلەن ھۇنلارغا زەربە بەرمەكچىمەن. خاننىڭ قوشۇن ماڭدۇرۇپ، خانىكە بىلەن كەمىنە كۆنبەكلىرىنى قۇتقۇزۇشلىرىنى سورايمەن» دېدى. خەن سۇلالىسى كەڭ - كۆلەمدە ئەسكەر يۆتكەپ، 150 مىڭ چەۋەنداز ماڭدۇردى. بەش يولغا بۆلۈنگەن بەش سانغۇن(8) بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىقتى. بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىنغان. چېرىكچى چاڭ خۇي ھەربىي يارلىق دەستىكى بىلەن ئاسىيۇ قوشۇنلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى. كۆنبەك ئۆزى يابغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 50 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، غەربتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ھۇنلارنىڭ ئوڭ قول خان ئوردىسىغا قەدەر باردى ۋە تەگرىقۇتنىڭ چوڭ كىچىك تاغىلىرى ۋە يەڭگىلىرى، قىزلىرى. ئاتاقلىق خانلىرى، لىۋۇ كاھىبىكى، مىڭ بېشى، چەۋەنداز سەركەردىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 مىڭ ئادەمنى قولغا چۈشۈردى. يەنە 700 مىڭدىن ئارتۇق ئات - كالا، قوي، ئېشەك، تۆگە غەنىيمەت ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاسىيۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئالدى. چاڭ خۇي قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا چاڭلۇ بېگىلىكى بېرىلدى. بۇ چاغ م.ب. 71 - يىلى (خەن شۈەندى بېنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىدى. خەن سۇلالىسى چاڭ خۇينى ئەۋەتىپ، خىزمەت كۆرسەتكەن ئاسىيۇ ئەمەلدارلىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى.

م.ب. 64 - يىلى (خەن شۈەندى يۈەنكاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) كۆنبەگ چاڭ خۇي ئارقىلىق خەن خانىغا يوللىغان مەكتۇپىدا: «خەن خانىنىڭ تاش نەۋرىسى يانقۇيبەكنى خان

ئېگىن قىلسام ۋە ئۇنى خەن خانىكىسىگە ئۆيلەندۈرۈپ، خەن سۇلالىسى بىلەن تېخىمۇ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ، ھۇنلاردىن ئۈزۈل - كېسىل ئالاقىنى ئۈزسەم، 1000 ئات، 1000 قېچىر تويلۇق بەرسەم» دېگەنىدى. خەن شۈەندى بۇ ئىشنى ۋەزىرلەرنىڭ كېڭىشىگە قويىدى. باش ھۆددىچى شياۋۋاڭجى: «ئاسىيۇلار يىراق، ئۇلارنىڭ مەۋقەسىدە ئۆزگىرىش بولامدۇ - يوق، بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېيىش قىيىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماسلىق لازىم» دېدى. خەن شۈەندى ئاسىيۇلار يېڭى چوڭ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ ئۇلار بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈۋېتىشكە قىيماي، ئاسىيۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تويلۇقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كۈنبەك ۋە خان تېگىن، ئوڭ - سول چوڭ سەركەردە، كاھبەگلەرنىڭ ھەممىسى 300 نەپەردىن ئارتۇق ئەلچى تەيىنلەپ، خانىكىنى ئاسىيۇغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتىشتى. خەن شۈەندى جىيېيۇنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزى شياڭفۇنى مەلىكىلىككە ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا يەنە ئەمەلدار، مەھرەمبەگ قاتارلىق جەمئىي 100 نەپەردىن ئوشۇق ئادەم قوشۇپ، ئۇلارنى شاڭلىن خانلىق مەكتىپىدە ئاسىيۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى. خەن شۈەندى ئۆزى پىڭلې قەسىرىگە بېرىپ، ھۇن ئەلچىلىرى ۋە چەت ئەل بەگ - خانلىرىنى يىغىپ، چېلىش ۋە سېرىك ئويۇنلىرىنى كۆردى ھەمدە مۇزىكا ئولتۇرۇشى ئۆتكۈزۈپ، مەلىكىنى ئۇزىتىپ قويىدى. چاڭلو بېگى كېڭەش بېگى چاڭ خۇينى ياردەمچى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، دەستەكلىك تۆت كىشى خانىكىنى دۇنخۇاڭغىچە ئۇزىتىپ باردى. لېكىن ئۇلار قورۇلدىن چىقماي تۇرۇپلا، ئاسىيۇ كۈنبېگى ئۆڭكۆر بەگنىڭ ئۆلگەنلىكى، ئاسىيۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ سەنچۇرنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ

ئوغلى نىبەك(و) نى ئاسىيۇ كۈنبېگى قىلىپ كۆتۈرگەنلىكى،
ئۇنىڭ قۇتراشخان دەپ ئاتالغانلىقى خەۋىرى ئاڭلاندى.
چاڭ خۇي خەن شۈەندىگە: «مەلىكە دۇنخۇاڭدا تۇرۇپ تۇرسا،
مەن ئاسىيۇغا ئۇچقاندەك بېرىپ، ئۇلارنىڭ يانقۇيبەگنى ئاسىيۇ
كۈنبېگى قىلىپ كۆتۈرمىگەنلىكىنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن
خانىكىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسەم» دەپ مەكتۇپ يوللىدى.
خان بۇ ئىشنى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويدى.
شياۋۋاڭجى يەنە: «ئاسىيۇ ئىككى باشقا ئېيىلىۋالدى، ئۇلار
بىلەن ئەھدىلەشمەك تەس بولۇپ قالدى. ئالدىنقى ئىككى
مەلىكە ئاسىيۇلار ئېلىدە 40 نەچچە يىل
تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈنبەگ بىلەن
بولغان مۇھەببىتى تازا ياخشى بولمىدى. چېگرىمۇ تىنچلان-
مىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ساۋاق. يانقۇي-
بەگ ئاسىيۇغا كۈنبەگ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك خانىكىمىز قاي-
تىپ كەلسۇن، بىزنىڭ بۇ يات قوۋملەر ئالدىدا تىل قىسىنچى-
مىز يوق. خانىكىنىڭ قايتىپ كېلىشى خەن سۇلالىسى ئۈچۈن
ياخشى ئىش. ئۇ قايتىپ كەلمىسە ئالۋان - ياساق كۆپىيىپ
كېتىشى، نەتىجىدە بىز ئۇرۇشنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىشى
مۇمكىن» دېدى. خان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ خانى-
كىنى قايتۇرۇپ كەلدى.

قۇتراشخان مەلىكە جىيىۇغا ئۆيلەندى ۋە ئۇنىڭدىن چى-
بەك ئاتلىق بىر ئوغۇل تاپقان بولسىمۇ، مەلىكە بىلەن ئىناق
ئۆتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياۋۇز - زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن
ئاۋامنىڭ نەپرىتىدىن چۈشۈپ قالدى. خەن سۇلالىسى ياساۋۇل-
لار ئەمىر - لەشكىرى ۋېي خېيى، ياردەمچىسى رېن چاڭلار
ئارقىلىق ئاسىيۇ خانىنىڭ تۇرغاقتىكى ئوغلىنى قايتۇردى.
مەلىكە ئۇلارغا «قۇتراشخان خەلقنى بىزار قىلىۋەتتى، شۇڭا
ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئاسان» دېدى. ئۇلار مەسلىھەت بويىچە زىياپەت

ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇتراشخان بىلەن بىللە بولدى. زىياپەت ئاياغ-
لاشقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئەسكەر ئۇنىڭغا خەنجەر
ئۇرۇۋىدى، بىراق خەنجەر يالاپ ئۆتۈپ كەتتى. يارىلانغان
قۇتراشخان ئۇچقاندەك چىقىپ ئاتلىنىپ قاچتى. ئۇنىڭ ئوغلى
شىچىنسۇر(10) قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ۋېي خېيى، رېن چاڭ
ۋە مەلىكىنى قىزىلقورغاندا قورشىۋالدى. قورشاۋ بىرنەچچە
ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن، قورۇقچىبەگ جېڭ جى غەربىي
يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرى قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، ئۇلارنى
قۇتقۇزۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شىچىنسۇر مۇھاسىرىنى بوشى-
تىپ كېتىپ قالدى. خەن سۇلالىسى قۇتراشخاننى داۋالاش
ئۈچۈن ئەمر-نۆكەر جاڭ زۈن ئارقىلىق تېۋىپ ۋە دورا-
دەرمەك ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا 20 جىڭ ئالتۇن، رەڭدار
تاۋار-دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەر ھەدىيە قىلدى. ۋېي
خېيى، رېن چاڭلار باغلىنىپ، تاقاق سېلىنىپ، قەپەسكە سو-
لىنىپ كۆنچى بەگلىكى ئارقىلىق چاڭئەنگە ئېلىپ كېلىندى
ۋە ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مەلىكە ۋە ئەلچىلەرنىڭ
قۇتراشخاننى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە
ھارۋا-ئاتلىقلار سانغۇنى دورغاپى جاڭ ۋېڭ قالدۇرۇلدى.
مەلىكە گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ باش قويۇپ ئەپۇ سورى-
غاچقا، جاڭ ۋېڭ مەلىكىنىڭ چاچلىرىنى تارتىپ، تىللىدى.
مەلىكە بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ خانغا مەكتۇپ يوللىدى.
خان جاڭ ۋېڭنى چاڭئەنگە قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆلتۈردى. يار-
دەمچى ئەلچى جى دۇ قۇتراشخاننى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپ
ئېلىپ باردى. قۇتراشخان جى دۇنى ئون نەچچە چەۋەنداز
قوشۇپ ئۇزىتىپ قويدى. پايتەختكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
قۇتراشخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ
تۇرۇپ قول سالماي پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن
جى دۇ ئاختا قىلىندى.

باشتا سىمىزخان ئۆڭكۈر بەكنىڭ هۇن خانىشىدىن تۇ-
غۇلغان ئوغلى ئۇجۇت قۇتراشخان ياردىلانغاندا قورقۇپ كەت-
كەچكە، يابغۇلار بىلەن بىللە تەسكەيتاغ(11) قا بېرىپ
جايلىشىۋالدى ۋە ئۇ يەردە ئانا جەمەت هۇن قوشۇنى كېلىدۇ
دەپ جار سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن
ئادەم توپلاندى. كېيىن ئۇجۇت ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىپ قۇت-
راشخاننى ئۆلتۈردى ۋە ئۆزىنى ئاسىيۇ كۈنبېگى دەپ ئېلان
قىلدى. خەن سۇلالىسى دۇنخۇاڭغا چياڭلارنى يوقىتىش سان-
غۇنى شىن ۋۇشيەن باشچىلىقىدا 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن
ئەۋەتتى. خەن ئەلچىلىرى يول خەرىتىلىرى بويىچە بىدىخۇ
قۇدۇقى(12) نى تېپىپ، قۇدۇقنىڭ سۈيىنى غەربكە ئاققۇزدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆستەڭ چېپىپ، ئاشلىق توشۇپ، ئاشلىق
ساڭلىرىنى تولدۇرۇپ، ئاسىيۇلارغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى
قىلدى.

باشتا، مەلىكە جيېيۇنىڭ كۈتكۈچىسى فېڭ لياۋ هۆسن
خەت يازىدىغان، ئىش بىلەرمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەلچى-
لىك دەستىكى بىلەن جيېيۇنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە غەربىي
يۇرتتىكى شەهەر بەگلىكلىرىگە بېرىپ ئىنئام تەقدىم قىلغاچقا،
ئۇ ئىززەت - هۆرمەتكە ئېرىشىپ، فېڭ خانىم دەپ ئاتالدى
ۋە ئاسىيۇلارنىڭ ئوڭ چوڭ سەركەردىسىگە ياتلىق بولدى. ئوڭ
چوڭ سەركەردە بىلەن ئۇجۇتنىڭ بىر - بىرىگە كۆڭلى يېقىن
ئىدى. قورۇقچىبەگ جېڭ جى فېڭ خانىمغا خەن قوشۇنلىرى-
نىڭ ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، قوشۇن يېتىپ كەلسىلا
ئۇلارنى جەزمەن يوقىتىدىغانلىقىنى، شۇڭا ياخشىسى ئۇلارنىڭ
ئەل بولۇشى لازىملىقىنى ئۇجۇتقا چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قى-
لىشىنى تاپشۇردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورققان ئۇجۇت:
«مەن كىچىك كۈنبەك بولساممۇ بولىدۇ» دېدى. خەن شۈەندى
فېڭ خانىمنى چاقىرتىپ، ئەهۋالنى ئۇنىڭدىن ئۆزى بىۋاستە

سورۇشتۇردى. سارچىبەگ جۇسى، پاسبانبەگ گەن يەنە شۇلارنى ياردەمچى ئەلچى قىلىپ، قىپاق خانىمنى (ئاسىيۇغا) ئۇزىتىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. قىپاق خانىم تەنتالا يوپۇقلۇق مەيدە ئولتۇرۇپ، ئەلچىلىك دەستىكى بىلەن ئاسىيۇغا باردى ۋە ئۇجۇتنى قىزىل قورغانغا بىرىپ، چاڭلو بىگى چاڭ خۇي بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇدى. يانقۇيبەك چوڭ كۇنبەك. ئۇجۇت كىچىك كۇنبەك بولدى. ئۇلارغا تامغا ۋە تامغا بىخى بىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنخۇاڭدا تۇرۇۋاتقان چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى شىن ۋۇشيەنىنىڭ قوشۇنلىرى قورۇلدىن چىقماستىنلا كەينىگە يېنىپ كەتتى. كېيىن ئۇجۇت يابغۇلارنىڭ ئاھالىلىرىنى تەلتۆكۈس تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن يەنە جېدەل چىقتى. خەن سۇلالىسى قايتىدىن چاڭلو بىگى چاڭ خۇينى ئۈچ داقاق ئەسكەر بىلەن قىزىل قورغاندا تۇرۇشقا ئەۋەتتى. چاڭ خۇي ئۇلارغا ياردەملىشىپ خەلق ۋە زېمىننى بۆلۈپ بەردى. چوڭ كۇنبەككە 60 نەچچە مىڭ تۇتۇن، كىچىك كۇنبەككە 40 نەچچە مىڭ تۇتۇن تەگدى. لېكىن ئاسىيۇ خەلقى كىچىك كۇنبەك ئۇجۇتنى خالايتتى.

كېيىن يانقۇيبەك ۋە چىبەكلەر ئاغرىپ ئۆلدى. مەلىكە جېيىيۇ خانغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، ۋەتىنىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كېتىشىنى، جەسىتىنىڭ خەن سۇلالىسى زېمىنىگە دەپنە قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى. مەلىكىگە ئىچ ئاغرىتقان خەن شۈەندى ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدى. مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ ئاسىيۇ ئېلىدىكى ئوغلى. قىزى بولۇپ ئۈچەيلەن(13) پايتەختكە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغ م.ب. 51 - يىلى (خەن شۈەندى گەنلۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئىدى. خەن شۈەندى بۇ چاغدا 70 ياشقا كىرىپ قالغان مەلىكىگە تېرىلغۇ يەر، ئولتۇراق جاي، دېدەكلەرنى تەقدىم قىلىپ، يۇقىرى تەمىنات بەلگىلىدى. ئۇنىڭ خانىنى زىيارەت

قىلىش قائىدىسى مەلىكىلەر بىلەن ئوخشاش بولدى. ئىككىسى
يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. مەقبەرىسىگە قاراش ئۈچۈن
ئۈچ نەۋرىسى پايتەختتە قالدۇرۇلدى.

يانقۇيبەكنىڭ ئوغلى شىڭبەك(14) چوڭ كۈنبەك بولدى.
لېكىن ئۇ ياش ئىدى. فېڭ خانىم خانغا سۇنغان مەكتۇپىدا
ئاسىيۇ ئېلىگە بېرىپ، شىڭبەككە ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلغا-
نىدى. خان فېڭ خانىمنى يۈز ئەسكەر بىلەن ئاسىيۇغا يەتكۈ-
زۈپ قويدى. قورۇقچىبەگ خەن شۈەن(15) ئوردىغا مەكتۇپ
سۇنۇپ، ئاسىيۇ ئېلىنىڭ چوڭ بېگى، تايرۇسى، باش تەپتىش-
بەگلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن تامغا ۋە قىزىل تامغا بېغى
تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى چوڭ كۈنبەككە ھۆرمەت
قىلدۇرۇش ۋە ياردەم قىلدۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈردى. خەن
يۈەندى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. كېيىن قورۇقچىبەگ خەن
شۈەن خانغا يەنە مەكتۇپ سۇنۇپ، شىڭبەكنىڭ ئاجىز - بو-
شاڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، تاغىسى سول
چوڭ سەركەردە تارلىپنى كۈنبەك قىلىش لازىملىقىنى ئېيتقان
بولسىمۇ، خان بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. كېيىن دۈەن خۈيزۇڭ
قورۇقچىبەگ بولغاندا، قېچىپ كەتكەن ئاسىيۇ ئاھالىلىرىنى
قايتۇرۇپ كېلىپ، خاتىرجەملىك ئورناتتى.

شىڭبەك ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى سىلىبەك كۈنبەك بولدى.
كىچىك كۈنبەك ئۈجۈت ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى بۆرى(16)
ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۈكىسى رىشىر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.
خەن سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ، بۆرىنىڭ ئوغلى ئانىرىنى
كىچىك كۈنبەك قىلىپ تىكلىدى. كانگاغا قاچقان رىشىر شۇ
يەردە پاناھلاندى. خەن سۇلالىسى بىر دائاق ئەسكىرىنى ئاق-
سۇغا يۆتكەپ، پۇرسەت كەلگەندە رىشىرگە جازا يۈرۈشى قىل-
ماقچى بولدى. ئانىرى قومۇن قاتارلىق ئۈچ كىشىنى يالغان-
دىن قاچقۇن قىلىپ رىشىرگە قوشۇپ قويغانىدى. ئۇلار يولدا

رنتېرنى ئۆلتۈردى. قورۇقچىبەگ لېيەن باۋ قۇمۇن قاتارلىق
ئۈچ كىشىنىڭ ھەر بىرىگە 20 جىڭدىن ئالتۇن، 300 توپتىن
شايى - ئەتلەس ھەدىيە قىلدى.
كېيىن ئانىرى ئۆزىگە ئەل بولغانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈ-
رۈلدى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى موجىنجاننى
كىچىك كۈنبەگ قىلدى. چوڭ كۈنبەك سىلىبەك ناھايىتى كۆ-
چىيىپ كەتكەنلىكتىن، قورققان يابغۇلار ئۇنىڭغا بويسۇندى
ۋە ئۆزلىرىنىڭ چارۋىچىلىرىغا چوڭ كۈنبەگنىڭ ياپيلىقىدا
ھەرگىز مال باقماسلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ
ۋاقىتتا ئۆكتۆربەك زامانىدىكىدەك خانلىق ئىچىدە چوڭ ئە-
مىنلىك ھۆكۈم سۈردى. ئىلىنى چوڭ كۈنبەگنىڭ قوشۇۋېلىشى-
دىن قورققان كىچىك كۈنبەك موجىنجان ئۆز ئەمەلدارلىرىدىن
ئۇرلىن ئاتلىق كىشىنى يالغاندىن ئەل بولغان قىلىپ ئەۋەت-
تى - دە، سىلىبەكنى ئۆلتۈرگۈزدى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا
جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشمىغاچقا،
ئالتۇن - تىللالار بىلەن ئەۋەتىلگەن ئەمىر - نۆكەر دۈەن خۇي-
زۇڭ قورۇقچىبەگ بىلەن ئاسىيۇ ئىلىنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ
چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى ۋە سىلىبەكنىڭ تاغىسى،
مەلىكە جىيىيۇنىڭ نەۋرىسى ئىچىبەك(17) نى چوڭ كۈنبەك
قىلىشتى. خەن سۇلالىسى كىچىك كۈنبەكنىڭ تۇرغاقتىكى ئوغ-
لىنى قاماپ قويدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ
كۈنبەكنىڭ يابغۇلىرىدىن نانچى موجىنجاننى ئۆلتۈردى. مو-
جىنجاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئاكىسى ئانىرىنىڭ ئوغلى ئانلىبەك(18)
كىچىك كۈنبەك بولدى. خەن ئوردىسى ئۆزلىرىنىڭ مو-
جىنجاننى ئۆلتۈرمەي قويغانلىقىغا ناھايىتى ئەپسۇسلاندى.
شۇڭا ئەمىر - نۆكەر دۈەن خۇيزۇڭنى ئاسىيۇغا ئەۋەتىپ موجىن-
جاننىڭ ئوغلى چانچۇڭنى ئۆلتۈرگۈزدى. دۈەن خۇيزۇڭ قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆلكە بېگىلىكى بېرىلدى. بۇ

ئىش م. ب. 11 - يىلى (خەن چېڭدى يۈەنيەنىنىڭ ئىككىنچى
يىلى) بولغانىدى.
دۈەن خۇيزۇڭ يابغۇ نانچىنىڭ موجىنجانىنى ئۆلتۈرگەن-
لىكى گەرچە خەن سۇلالىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولمىغان
بولسىمۇ، لېكىن بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئاسىيلارغا جازا يۈرۈ-
شى قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن دەپ قارىغاچقا، خانغا مەلۇمات
يوللاپ، نانچىنى مۇداپىئە كاھىپگى قىلىپ تەيىنلەشنى
ئىلتىماس قىلدى. خەن سۇلالىسى ئاسىيۇلارنىڭ تايىرۇ بەگ،
مەنسەپدار، باش تەپتىشبەگلىرىنى ئۇلارنىڭ سىلىبەكنى ياخشى
مۇھاپىزەت قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن دەپ ئەيىب-
لىدى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئالتۇن تامغا، قىزىل باغلىرىنى
قايتۇرۇۋېلىپ، مىس تامغا ۋە قارا باغ بەردى. موجىنجانىنىڭ
ئىنىسى بىيانج ئەسلىدە ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە چوڭ كۈن-
بەكنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەنىدى. موجىنجان ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن 80 مىڭدىن ئارتۇق ئېلىنى باشلاپ شىمالدىكى
كانگاغا بېقىندى ۋە ئۇلاردىن قوشۇن ئېلىپ، ئىككى كۈنبەك-
نىڭ يەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى قەستلىدى. بۇنىڭدىن
خەۋپسىرىگەن ئىككى كۈنبەك قورۇقچىبەگكە يېقىنلاشتى.
م.ب. 1 - يىلى [خەن ئەيدى يۈەنشۇ (元寿) نىڭ ئىك-
كىنچى يىلى] چوڭ كۈنبەك ئىچبەك ھۇن تەڭرىقۇتى بىلەن بىر
ۋاقىتتا خەن ئوردىسىنى زىيارەت قىلدى. خەن سۇلالىسى بۇ
ئىشنى ئۆزىنىڭ شان - شەرىپى دەپ ھېسابلىدى. م. 1 -،
5 - يىللىرى (خەن پىڭدى يۈەنشى) دا بىيانج ئۇرلىنىنى
ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇۋالدى. خەن سۇلالىسى
ئۇنىڭغا «بەيئەتبەگ» دەپ ئۇنۋانى بەردى. بۇ چاغ-
لاردا ھەر ئىككى كۈنبەك تېخى كىچىك بولغانلىقتىن، بىيانج
ئۇلارنى بوزەك قىلاتتى. شۇڭا قورۇقچىبەگ سۇن جيەن تۇيۇق-
سىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ئاسىيۇلار ئىككى كۈنبەگ-

لىككە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بەزىدە تەسەللىي بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانسا، بەزى چاغلاردا ئۇلارغا تەھدىت سالاتتى. شۇنداق قىلىپ بىرەر يىلمۇ تىنچ - ئاراىمدا ئۆتمىدى.

قۇم (ئاقسۇ) بەگلىكى(19) مەركىزى جەنۇبىي شەھەر(20). بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8150 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 3500 تۈتۈن، 24 مىڭ500 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 4500 نەپەر. بىر نەپەردىن ئاقسۇ بېگى، نائىببەگ، كاھبەگ، ئوڭ ۋە سول سەركەردە، ئوڭ ۋە سول چەۋەنداز بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار بولۇپ، ئىككى نەپەر تىلماچبەگ قويۇلغان. شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2021 چاقىرىم(21) كېلىدۇ. جەنۇبىدىن خوتەنگىچە ئاتلىق 15 كۈنلۈك يول. شىمالى ئاسىيۇلار بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاقسۇدىن مىس، تۆمۈر، سېرىق مەرگىمۇش چىقىدۇ. شەرقىدىن كۇچاغىچە 670 چاقىرىم كېلىدۇ. ۋاڭ ماڭ زامانىغا كەلگەندە قۇم (ئاقسۇ) بېگى چېڭ ئونسۇ (ئۇچتۇرپان) بېگىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېلىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

ئونسۇ (ئۇچ) بەگلىكى مەركىزى ئۇچ شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8350 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 2200 تۈتۈن، 8400 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 1500 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ، سول كاھبەگ، ئوڭ، سول چەۋەنداز بەگلىرى، ئىككى نەپەر تىلماچبېگى بار. شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2380 چاقىرىم، غەربىدىن سەپەربايغا 300 چاقىرىم، شىمالىدىن ئاسىيۇلارنىڭ قىزىل قورغىنىغا 610 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى ۋە

شەرقىدىن
مەھسۇلاتلىرى پىشامشان بەگلىكىگە ئوخشاش.
ئاقسۇغا 270 چاقىرىم كېلىدۇ.

بۇ يەردىن
كۇسەن خانلىقى مەركىزى يان شەھىرى(22).
تۇتۇن،
چاڭئەنگە 7480 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 6970
76
ئەسكەرلىككە ياراملىقى 21 مىڭ
81 مىڭ 317 كىشى بولۇپ،
ئەمىنىيەت
نەپەر. بىر نەپەردىن ياردەمچى چوڭ كاھبەگ، نائىببەگ،
قوغدىنىش
بېگى، ھۇنلاردىن
بېگى، ھۇنلارغا زەربە بېرىش بېگى، ئوڭ،
كاھبېگى، قوس خانلىقىغا زەربە بەرگۈچى كاھبېگى،
چەۋەندازبەگ،
سول سەركەردە، ئوڭ، سول كاھبەگ، ئوڭ، سول
بار.
ئوڭ، سول كىچىك ياردەمچىبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى
قىسمىلىـ
خانلىقنىڭ شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىي ۋە شىمالىي
ئۈچ نەپەر ھۇنلار-
رىغا ئىككى نەپەردىن مىڭبېشى قويۇلغان.
بار.
دىن قوغدىنىش كىچىك بېگى، تۆت نەپەر تىلماچبېگى
جەنۇبى
جەنۇبىي نىيە، شەرقىي جەنۇبىي چەرچەن، غەربىي
تۇتىشىدۇ،
ئۇزۇن تېتىر، شىمالى ئاسىيۇ، غەربى ئاقسۇ بىلەن
شەرقىدىن
مېتال قۇيمىچىلىقىنى بىلىدۇ، قوغۇشۇن چىقىدۇ.
چاقىرىم
قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى جايلاشقان بۈگۈرگە 350
كېلىدۇ.

ئەسـ
ئۈلى ئاھالىسى 110 تۈتۈن، 1200 كىشى بولۇپ،
شەھەر كاھـ
كەرلىككە ياراملىقى 300 نەپەر. بىر نەپەردىن
قورۇقچىبەگ
بېگى، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار.
چاقىرىم
مەھكىمىسى بۈگۈرگە ئورۇنلاشقان. جەنۇبىدىن 330
ماڭسا چېدىرغا بارىدۇ.

130
چېدىر بىر نەپەر شەھەر كاھبېگى بار، ئاھالىسى
ياراملىقى
تۈتۈن. نوپۇسى 1480 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە

150 نەپەر. شەرقىي شىمالى كۆنچى بىلەن، شەرقىي جەنۇبى
چەرچەن، جەنۇبى نىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىدە دەريا بار.
كۇچاغا 580 چاقىرىم كېلىدۇ.

خەن ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن باشلاپ غەربىي
يۇرت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاچقا، ئۇ يەرگە چېرىكچى
قويۇلۇپ، چېدىردا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىش-
لىرى ئېلىپ بېرىلغانىدى. شۇ چاغلاردىن باشلاپ خەن سۇلا-
لىسى قوشۇنلىرى چەت ئەللەرگە ئۈزۈلمەي يۈرۈش قىلدى.
بۇنداق يۈرۈش 32 يىل داۋام قىلىپ، دۆلەتنىڭ مالىيەسى
خوراپ تۈگىدى. م. ب. 90 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخېنىڭ
ئۈچىنچى يىلى) سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى قوشۇنلىرى بىلەن
ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەن ۋۇدى ئۆ-
زىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. بۇ
چاغدا ساڭبېگى(23) ساڭ خۇڭياڭ بىلەن باش ۋەزىر(24)،
باش تەپتىشبەگ(25) لەر خاقانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «قەدىمكى
بۈگۈرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چەرچى(26)، چېدىر قاتارلىق
جايلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شەھەر بەگلىكلىرى بولۇپ،
زېمىنى كەڭ، سۇ، ئوت - چۆپلىرى مول، 500 مىڭ مودىن
ئارتۇق سۇلۇق تېرىلغۇ يېرى بار. ھاۋاسى ئىللىق، يېرى
مۇنبەت، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ دانلىق زىرائەتلەر تېرىلسا،
ئوتتۇرا جۇڭگودىكى زىرائەتلەر بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا پى-
شىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىكلەردە يارماق پۇل كەم،
ئالتۇن ۋە رەڭدار يىپەك ماللار ئەتىۋارلىق ئىدى. بۇ نەرسى-
لەرنى بېرىپ ئۇلاردىن ئاشلىق ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ يول بى-
لەن ئەسكەرلىرىمىزنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ، ئاشلىق قى-
چىلىقىنى ھەل قىلىش مۇمكىن. بىز كەمىنىلىرى بۈگۈرنىڭ
شەرقىدىكى جايلاردا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا
ئەسكەر ئەۋەتىشنى، ئۈچ نەپەر چېرىكچى قويۇپ، بۇ يەرلەرنى

شۇلارغا بۆلۈپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمىز. ئۇلار يەر ۋەزىيە-
تىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىلەرنى سىزىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ-
لەرنى چاپتۇرۇپ، ئۆز قەرەلىدە دانلىق زىرائەتلەرنى كۆپلەپ
تېرىسا، جاڭيې، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىرىدىن مۇۋەققەت چەۋەنداز
بېگى ئەۋەتىپ چارلاش ئېلىپ بېرىلسا، بۇلار چېرىكچىلەرگە
تەۋە بولسا دەيمىز. ئەگەر ۋاقتىنچە دەرھال ھەل قىلىشقا
تېگىشلىك ئىشلار چىقىپ قالسا، چاپارمەنلەر ئارقىلىق ئەھ-
ۋالنى مەلۇم قىلغىلى، بىر يىل تېرىقچىلىق قىلىپ خېلى ئاش-
لىق توپلىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساغلام، بالا - چا-
قىلىق، ئۆزلىرى ئىختىيار قىلغان پۇقرالارنى يۆتكەپ تېرىق-
چىلىق قىلدۇرساق، جۇغلانغان ئاشلىقلاردىن پايدىلىنىپ، كۆپ-
لەپ بوز يەر ئېچىپ سۇلۇق ئېتىزلارنى بەرپا قىلساق، ئاستا -
ئاستا قورغانلار سېلىپ، ئۇلارنى تۇتاشتۇرۇپ، غەربكە سوزساق،
شۇ ئارقىلىق غەربتىكى ئەللەرگە تەھدىت سېلىپ، ئاسيۇلارغا
ياردەم بەرگىلى بولاتتى. بۇ دۆلەتكە پايدىلىق تەدبىر ئىدى.
بىز پاششاپ(27) چاڭنى چېگرا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاي-
رىم - ئايرىم تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتۇق. ۋالىي، كاھىبەگلەرگە
تۇرلارنى ئوبدان باشقۇرۇش، جەڭ ئاتلىرى ۋە ئەسكەرلەرنى
ئوبدان تاللاپ، چارلاش ئىشىنى كۈچەيتىش، يەم - خەشەك-
لەرنى تەييارلاش لازىملىقى توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش
قىلدۇق. خان ئالىيلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگ-
لىكلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ ئۇلارنى خاتىر-
جەم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز كەمىنىلىرى ئۆلۈمگە
مەھكۇم بولۇشتىن قورقماي بۇ ئىلتىماسنى سۇندۇق» دېيىشتى.
خەن ۋۇدى يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇرۇنقى يېتىشسىزلىك-
لەرنى چوڭقۇر تەكشۈردى. ئۇ يارلىقتا: «بۇرۇن مۇناسىۋەتلىك
ئورۇنلار بىزگە مەلۇمات يوللاپ، جان بېشىدىن يەنە 30 يار-
ماق قوشۇپ ئالۋان ئېلىپ، چېگرا مۇداپىئە خىراجىتىگە سەرپ

قىلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇنداق قىلغاندا، قېرى - ئاجىز ۋە يېتىم - يېسىرلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىق تېخىمۇ ئارتىپ كېتەتتى. ھالا بۈگۈن يەنە بۇگۈرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، تىرىكچىلىك قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشۋاتىسىلەر. بۇگۈر قوس خانلىقىنىڭ غەربىدىن 1000 چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرىدۇ. ئىلگىرى كەيلىك بېگى چەنمەن قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان مەزگىلدە چۇقو (باغراش)، كۆنچى، كىروران قاتارلىق ئالتە بەگلىكنىڭ پايتەخت چاڭئەندە تۇرىۋاتقان پەرزەنتلىرى ئۆز ئەللىرىگە قايتىپ كەتكەن ھەمدە مال ۋە ئاشلىق تەييارلاپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى كۈتۈۋالغانىدى. ئۇلار يەنە بىرنەچچە تۈمەن ئەسكەر چىقىرىپ، بەگلەر ئۆز قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، بىرلىكتە قوس خانلىقىنى قورشىۋالدى ۋە ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. يۇقىرىقى بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرى ھېرىپ كەتكەنلىكتىن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىيەلمىدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى قوس شەھىرىنى ئالغاندا، شەھەردە نۇرغۇن ئاشلىق بار ئىكەن، لېكىن ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزلىرى ئېلىپ ماڭغان ئوزۇق - تۈلۈكلىرى چەكلىك بولغانلىقتىن، قوشۇننىڭ قايتىپ كېلىشۋاتقان چاغدىكى ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان. شۇڭا كۈچى بارلىرى ماللارنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەپ ماڭغان، ئاجىزلىرىدىن نەچچە مىڭ ئادەم يول ئۈستىدە ئاچتىن ئۆلگەن. بىز جيۇچۇەندىن ئېشەك، تۆگىلەرگە ئاشلىق ئارتىپ قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدۇق. بۇ ئاشلىقلار يۇمېندىن چىقىپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا يېتىپ بارغانىدى. يەنە بىر تۈركۈم سىپاھ - بەگلەر جاڭيېدىن يولغا چىققان. جاڭيېدىن يۇمېنگىچە بولغان ئارىلىق ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى تارقاق - چېچىلاڭغۇ ماڭغان. ئىلگىرى بىز

غاپىللىق قىلىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن چاۋۇشبەگ(28) خۇڭ(29).
نىڭ بىزگە «ئاياغلىرى چۈشەلگەن بىر ئاتنى سىپىل تۈۋىگە
ئاپىرىپ قويغان خۇنلارنىڭ چاپارمەنلىرى: چىنلىقلار (30)! بۇ ئاتنى
سىلەرگە بەردۇق، دېدى» دەپ يوللىغان مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋال-
دۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە خۇنلار ئېلىگە ئەۋەتىلگەن خەن
ئەلچىلىرىنى خۇنلار ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ قېلىپ قايتۇرمىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن سۇتىرىشنا سانغۇن لى گۇاڭلىنى يۈرۈش قىلىشقا
بۇيرۇغانىدۇق. شۇ ئارقىلىق خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ
نوپۇزىنى ئاشۇرماقچى بولغانىدۇق. قەدىمكى چاغلاردا ۋەزىر-
تۆرىلەر دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان
كېڭەشلەرگە قاتناشتۇرۇلاتتى. ئەگەر ئۇلار بىر پىكىرگە
كېلەلمىسە پال سالدۇرۇلۇپ، پالدا يامانلىقنىڭ بېشارىتى
چىقىپ قالسا، قىلماقچى بولغان ئىش توختىتىپ قويۇلاتتى.
ئۆتكەندە بىز چۈشەلگەن ئات توغرىسىدىكى چاۋۇشبەگ خۇڭنىڭ
مەلۇماتىنى باش ۋەزىر، باش تەپتىشبېگى، 2000 تاغار
ئاشلىق مائاش ئالىدىغان تۆرىلەر، نۆكەر بەگ، بىلگىلەرگە
ۋە ۋىلايەت، ۋاسسال ئەللەرنىڭ كاتىپبەگلىرىدىن چىك جۇڭ،
جاۋپونۇ قاتارلىقلارغا كۆرسەتتىم. ئۇلار: «خۇنلارنىڭ ئۆز
ئېتىنى چۈشەپ قويۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يامانلىقنىڭ
ئالامىتى» دەپ قاراشتى. يەنە بەزىلەر: «خۇنلار بۇنىڭ بىلەن
ئۆزىنى قۇدرەتلىك قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن
ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ قارىدى. «پالنامە» دە «چوڭ ئاپەت»
ناملىق پال چۈشۈپ، 95 قۇرى چىقتى. بۇ پال خۇنلارنىڭ
يېڭىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ياتقاقبەگ مەھكىمىسى(31)
دىكى كاھىنلار، مۇنەججىملەر يۇلتۇز ۋە بۇلۇتلارغا قاراپ
سۆزلىدى. پالچىلارغا پال سالدۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى
ياخشىلىق توغرىسىدا سۆزلەپ، خۇنلار چوقۇم يېڭىلىدۇ،
بۇنداق پۇرسەت ئىككىنچىلەپ قولغا كەلمەيدۇ، دېيىشتى.
ئۇلار يەنە «شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن سەركەردە

ئەۋەتىلسە، فۇشەن(32) تېغىدا چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ سەركەردىلەرگە پال سالغاندا، سۇترىشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلىغا ئوبدان پال چۈشتى. شۇڭا بىز بىۋاستە سۇترىشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلىنى فۇشەن تېغىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا يارلىق بەردۇق. ھازىر ئەمەلىيەت ئۆز ۋاقتىدىكى پىلان، پاللارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. چۈگخې بېگى ئەسىر ئالغان ھۇنلارنىڭ بىر چارلىغۇچىسى: «ھونلار خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۆتىدىغان يول ۋە دەريالارغا ئەپسۇنچىلارنى ئەۋەتىپ ئەپسۇن ئوقۇتۇپ، قوي ۋە كاللارنى كۆمدۈردى. تەڭرىقۇت خەن خانىغا ئەۋەتكەن ئات ۋە جۇۋا-تونلىرىغىمۇ دائىم ئەپسۇن ئوقۇتۇپ قوياتتى. ئاتنى چۈشەپ قويۇشىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن ئوقۇغان ئەپسۇن ئىدى» دېدى. ئۇ يەنە «ھۇنلار سالدۇرغان پالدا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بىر سانغۇنىنىڭ تەقدىرى ياخشى ئەمەس دەپ چىققانىدى» دېدى. ھۇنلاردا «خەن سۇلالىسى يېرى چوڭ، قۇدرەتلىك دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن خەنلىكلەر ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بىر بۆرىدىن ئايرىلىپ قالسا، مىڭ قوينى قاچۇرۇپ قويىدۇ»(33) دېگەن گەپ بار ئىكەن. يېقىندا سۇترىدشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى يېڭىلىپ، قوشۇندىن ئۆلگەنلەر ئۆلدى، ئەسىر چۈشكەنلەر ئەسىر چۈشتى، قاچقانلار قاچتى، بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن بىز ھەمىشە ھەسرەت چېكىۋاتىمىز. سىلەر ھازىر يىراق بۇگۈردە تېرىقچىلىق قىلىش، ئىستىھكاملارنى سېلىش، تۇرلارنى ياساشنى ئىلتىماس قىلىۋاتىسىلەر، بۇنداقتا خەلقنى ئاۋارىچىلىققا سېلىپ قويىمىز. بۇ خەلققە ئاراملىق بېرىش ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايمىز. باش ھۆدەيچى تيەن گۇاڭمىڭ

قاتارلىقلار: يەنە بىر تۈركۈم گۇناھكارلارنى يىغىپ، ھۇنلارنىڭ ئەلچىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇزىتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىسەك، ئۇلارغا تەگرىقۇتنى ئۆلتۈرسە بەگلىك مەرتىۋىسى بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتساق، دەيدۇ. بۇنداق چارە بىلەن ئۈچ ئېلىشنى ئەمىنىيە دەۋرىدىكى بەش ھاكىمبەگ(34)مۇ قوبۇل قىلمىغان يەردە، خەن سۇلالىسى قانداق قوبۇل قىلسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇنلار خەن سۇلالىسى ئەسىرلىرىنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ـ تىنتىپ، سوراق قىلىپ ئاخبارات ئالىدۇ. ھازىر چېگرا ـ قورۇللار ياخشى باشقۇرۇلمايۋاتىدۇ. قورۇلدىن سىرتقا قېچىپ چىقىپ كېتىش ئىشلىرىغا چەك قويۇلدى. قورۇللارنى ساقلىغۇچى ۋە چارلىغۇچى ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى ئوۋغا چىقىرىۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئەسكەرلەر ھېرىپ ـ چارچىغانلىقتىن، تۇرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويغان. بەزى ئەسكەرلەر قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلدارلار بۇنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلمىغان. كېيىن بۇ ئەھۋاللار ھۇنلاردىن ئەل بولغان ۋە ئەسىر چۈشكەنلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىنىشلىدى. ھازىرقى مۇھىم ئىش ئارتۇقچە تەلەپ ۋە زومىگەرلىكنى چەكلەش ھەمدە ئۆز ئالدىغا سېلىقنى ئاشۇرۇشنى چەكلەش، تىرىشىپ تېرىقچىلىق قىلىش، ئات باققۇچىلارنى باج ـ سېلىق ۋە ھاشاردىن ئازاد قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق يېتىشمەسلىكلەرنى تولۇقلاش، ھەربىي ھازىرلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقتىن ئىبارەت. ۋىلايەت ۋە بەگلىكلەردىكى 2000 تاغار ئاشلىق مائاش ئالىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ ئات بېقىش پىلانىنى ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئەھۋاللىرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشى لازىم. بۇ يۇقىرىغا يوللىنىدىغان ھېسابات بىلەن بىرلىكتە مەلۇم قىلىنسۇن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ

ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلمىدى. خان باش ۋەزىر جۇچيەنچيۈنى پاراۋان بەگ قىلىپ بېكىتتى. شۇ ئارقىلىق خەلقىنى ئارام تاپتۇرۇپ، ئەلنى باياشات قىلىش مەقسىتىنى ئىپادىلىدى.

باشتا سۇتىرىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ قايتىشىدا ئۇزۇن تېتىر خانلىقى ئارقىلىق قايتتى. بۇ چاغدا ئۇزۇن تېتىر خانى ئۆزىنىڭ خانتېكىنى لايتاننى كۇچا خانلىقىغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. لى گۇاڭلى كۇچا خانلىقىنى: «غەربىي يۇرتنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان، نېمە ئۈچۈن كۇچا خانلىقى ئۇزۇن تېتىر بەگ تېكىنىنى تۇرغاققا ئالىدۇ؟» دەپ ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن لايتاننى دەرھال خەن سۇلالىسى پايتەختىگە ئەۋەتتى. خەن جاۋدى ساڭ خۇڭياڭنىڭ بۇرۇنقى پىكرى بويىچە ئۇزۇن تېتىر خانتېكىنى لايتاننى چېرىكچىلىككە تەيىنلەپ، بۇگۇردە تېرىقچىلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. بۇگۇر بىلەن چېدىرنىڭ زېمىنى بىر - بىرىگە تۇتاش ئىدى. كۇچا ئەمەلدارلىرىدىن قويى كۇچا خانىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «لايتان ئەسلىدە بىزنىڭ خانلىقىمىزغا تەۋە بەگ تېكىن ئىدى. ھازىر خەن سۇلالىسى تامغىسىنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ خانلىقىمىزغا يېقىن يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن پايدىسىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا خانى لايتاننى ئۆلتۈرۈپ، خەن خانىغا مەكتۇپ يوللاپ ئۆزرە ئېيتتى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلمىدى.

خەن شۈەندى زامانىدا ئاسىيۇ ئېلىگە ئەلچى بولۇپ بارغان چاڭلو بېگى چاڭ خۇي قايتىشىدا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆردى - دە، بەگلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 50مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، چېرىكچى لايتاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئەيىبلەپ، كۇچا خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. كۇچا خانى: «لايتان، سابىق كۇچا خانى ۋاقتىدا قويىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن،

مەندە گۇناھ يوق» دەپ ئۆزرىسىنى بايان قىلىپ، قويىنى
چاڭ خۇيغا تۇتۇپ بەردى. چاڭ خۇي ئۇنى ئۆلتۈردى. دەل شۇ
چاغدا خەن سۇلالىسى پايتەختىگە قالۇن ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن
ئاسىيۇ مەلىكىسى، جىيبيۇنىڭ قىزى دىش قايتىدىغان بولغاچقا،
خەن سۇلالىسى ياندىش بەگ يۆفىڭنى مەلىكىنىڭ قىزىنى ئاپىـ
رىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئاسىيۇغا قايتىشىدا كۇچا ئارقىلىق
ماڭدى. كۇچا خانى ئىلگىرى مەلىكە جىيبيۇنىڭ قىزىنى ئۆزىگە
سورىتىپ، ئاسىيۇ ئېلىگە ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. ئەلچى قايتىپ
كەلگۈچىلىك سەپەردىكى قىز كۇچاغا كېلىپ قالغاچقا، كۇچا
بېگى قىزنى ماڭدۇرماي، مەلىكە جىيبيۇغا قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ،
ئەھۋالنى مەلۇم قىلىۋىدى، مەلىكە جىيبيۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى.
كېيىن مەلىكە جىيبيۇ خانىغا مەكتۇپ يوللاپ، قىزى دىشنى خان
جەمەتى سۈپىتىدە خەن سۇلالىسى ئوردىسىنى زىيارەت قىلىشقا
رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. خانىمىنى ياخشى كۆرگەن
كۇچا خانى جانىبىنمۇ خەن خانىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ
خەن خانىنىڭ تاش نەۋرىسىگە ئۆيلىنىپ، تۇغقانلىق مۇناسىـ
ۋىتى ئورناتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن خۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ،
مەلىكىنىڭ قىزى بىلەن بىللە خەن سۇلالىسىنى زىيارەت قىلىشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. م. ب. 65 ـ يىلى (خەن سۇلالىسى
شۈەندى يۈەنكاڭنىڭ بىرىنچى يىلى) ئۇلار خەن سۇلالىسى ئوردىـ
سىغا كېلىپ، خەن شۈەندىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇنى تەبرىكـ
لىدى. خەن سۇلالىسى ئوردىسى كۇچا خانى ۋە خانىمىغا تامغا
ۋە تامغا بېغى تەقدىم قىلدى ھەمدە خانىمىغا مەلىكىلىك
ئۇنۋانى، شۇنىڭدەك ئات ـ ھارۋا، تۇغ ـ ئەلەم، داقا ـ دۇمـ
باقلارنى ئىنئام قىلدى. ئۇلارغا يەنە ئونلاپ ناخشىچى ـ
سازەندە، كىمخاب ـ تەتىللا، گۆھەر ـ ياقۇت قاتارلىق بىر
نەچچە تۈمەن يارماق پۇللۇق نەرسىلەر ھەدىيە قىلىندى. ئۇلار
پايتەختتە بىر يىلغا يېقىن تۇرغاندىن كېيىن، ناھايىتى نۇر-

غۇن سوۋغات بىلەن ئۇزىتىپ قويۇلدى. كېيىنمۇ كۆپ قېتىم
كېلىپ خاننى زىيارەت قىلدى ۋە مۇبارەكلىدى. خەن سۇلالىسىچە
كىيىم - كېچەكلەر ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنى ياقتۇرۇپ قالغان
كۇچا خانى ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىچە
ئوردا سالدۇردى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ قوغداش رايونى
قۇردى. قوغداش خادىملىرى خان ئوردىغا كىرگەن ياكى چىقـ
قان ۋاقىتىدا چاچاڭ سېلىپ، داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي
چېلىشىپ تۇراتتى. بۇ خەن سۇلالىسى قائىدە - يوسۇنلىرىغا
ئوخشاپ كېتەتتى. چەت ئەللىكلەر: «كۇچا خانى ئېشەك دېسە
ئېشەك ئەمەس، ئات دېسە ئات ئەمەس، بەئەينى قېچىرنىڭ ئۆزى
بولۇپتۇ» دېيىشكەندى. جانىبىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
ئوغلى چېڭدە ئۆزىنى خەن سۇلالىسىنىڭ تاش نەۋرىسى دەپ
ئاتىدى. خەن چېڭدى ۋە خەن ئەيدى زامانلىرىدا كۇچا خانى
چېڭدە خەن سۇلالىسى بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلدى.
خەن سۇلالىسىمۇ ئۇنى ئىنتايىن يېقىن كۆردى. كۇچادىن
شەرقتىكى كۆنچى بەگلىكىگە 650 چاقىرىم كېلىدۇ.

كۆنچى بەگلىكى مەركىزى كۆنچى شەھىرى. بۇ يەردىن
چاڭئەنگە 6750 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1200 تۈتۈن،
9600 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 2000 نەپەر.
بىر نەپەردىن كۆنچى بېگى ئاسايىشبەگ، ئوڭ. سول سەركەردە،
ئوڭ، سول كاھبەگ، ھۇنلارغا زەربە بېرىش بېگى، ئىككى
نەپەر تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. ئۇنىڭ غەر-
بىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 300 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبىي
پىشامشان، چەرچەنلەر بىلەن تۇتىشىدۇ.

چۇقو (باغراش) بەگلىكى مەركىزى چۇقو (باغراش)
شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 7290 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھا-

لىسى 700 تۈتۈن، 4900 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2000 نەپەر. بىر نەپەردىن ھۇنلارغا زەربە بېرىش بېگى، ھۇنلارغا زەربە بېرىش كاھىبېگى، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ، سول كاھىبەگ، ئوڭ، سول چەۋەنداز بەگ، ھۇنلارغا زەربە بەرگۈچى ئىنانچى، تىلماچىبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. ئۇنىڭ غەربىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 500 چاقىرىم، قارا شەھەرگە 100 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئاگنى (قارا شەھەر) بەگلىكى مەركىزى باغداد شەھىرى(35). بۇ يەردىن چاڭئەنگە 7300 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 4000 تۈتۈن، 32 مىڭ 100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 6000 نەپەر. بىر نەپەردىن ھۇنلارغا زەربە بېرىش بېگى، ھۇنلاردىن قوغدانغۇچىبەگ، نائىبىبەك، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ، سول كاھىبەگ، ھۇنلارغا زەربە بەرگۈچى ئوڭ، سول بەگ، قوس خانلىقىغا زەربە بەرگۈچى ئىنانچى، بەيئەت قىلغان قوس بېگى؛ ئىككى نەپەردىن ھۇنلارغا زەربە بەرگۈچى كاھىبەگ، ھۇنلارغا زەربە بەرگۈچى ئىنانچى؛ ئۈچ نەپەر تىلماچىبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 400 چاقىرىم، جەنۇبىدىن كۆنچىگە 100 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمالىي ئاسىيۇ ئېلى بىلەن تۇتىشىدۇ. يېنىدىكى كۆل(36) دىن بېلىق ناھىيىتى كۆپ چىقىدۇ.

ئۇتانزىلى (ماناس) بەگلىكى مەركىزى يولقۇرغان(37). بۇ يەردىن چاڭئەنگە 10مىڭ 330 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 41 تۈتۈن، 231 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 57 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىبىبەگ، ئوڭ، سول كاھىبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. شەرقىي چەنخۇەن(38)، جەنۇبى جۇمى(39)، غەربى ئاسىيۇلار بىلەن تۇتىشىدۇ.

بېيلۇ (فۇكاڭ) بەگلىگى(40) مەركىزى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى چەندان قورغىنى(41). بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8680 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 227 تۈتۈن، 1387 كىشى، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 422 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ، سول كاھبەگ، ئوڭ، سول تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي جەنۇبىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1287 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئارقا بېيلۇ (فۇكاڭ) بەگلىكى(42) مەركىزى پانچۇل قورغىنى، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8710 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 462 تۈتۈن، 1137 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 350 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، كاھبەگ، تىلماچبەگ، ئىككى نەپەر سەركەردە قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. شەرقى يۇلىش بەگلىكى(43)، شىمالى ھۇنلار، غەربىي جىيى بەگلىكى(44)، جەنۇبى قوس خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ.

يولىش بەگلىكى مەركىزى نىيدۇ قورغىنى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8830 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 190 تۈتۈن، 1445 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 331 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ، سول كاھبەگ، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. شەرقى ئارقا قوس قەلئە بەگلىكى(45)، غەربىي بېيلۇ (فۇكاڭ)، شىمالى ھۇنلار بىلەن تۇتىشىدۇ.

چەنخۇەن بەگلىكى مەركىزى چەنخۇەن شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8870 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 27 ئائىلە، 914 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 45 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، سەركەردە، ئوڭ، سول كاھبەگ، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار.

باركۆل بەگلىكى(46) مەركىزى تىيانشان تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى شۈيۈ (چىتەن) قورغىنى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8360 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 325 تۈتۈن، 2032 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 799 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ، سول كاھبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي جەنۇبىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1387 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئارقا باركۆل بەگلىكى(47) مەركىزىدىن چاڭئەنگە 8630 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 100 تۈتۈن، 1070 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 334 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، سەركەردە، ئوڭ، سول كاھبەگ، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار.

غەربىي جۇمى بەگلىكى(48) مەركىزى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى يۇتا قورغىنى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8670 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 332 ئائىلە، 1926 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 738 نەپەر. بىر نەپەردىن غەربىي جۇمى بېگى، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ، سول چەۋەنداز بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي جەنۇبىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1487 چاقىرىم كېلىدۇ.

شەرقىي جۇمى بەگلىكى(49) مەركىزى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى دۈيشۈ قورغىنى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8250 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 191 تۈتۈن، 1948 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 572 نەپەر. بىر نەپەردىن شەرقىي جۇمى بېگى، ئوڭ، سول كاھبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار.

غەربىي جەنۇبىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1587 چاقىرىم كېلىدۇ.

جىپ بەگلىكى مەركىزى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى دانچۈي قورغىنى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8570 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 99 تۈتۈن، 500 كىشى، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 115 نەپەر. بىر نەپەردىن ئائىببەگ، كاھبەگ، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي جەنۇبىدىن قورۇقچىيەگ مەھكىمىسىگە 1487 چاقىرىم كېلىدۇ.

خۇخۇ بەگلىكى(50) مەركىزى قوستىكى يوغانتېرەك(51) قورغىنى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8200 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 55 تۈتۈن، 264 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 45 نەپەر. بىر نەپەردىن ئائىببەگ، ئوڭ، سول كاھبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1147 چاقىرىم، قاراشەھەرگە 770 چاقىرىم كېلىدۇ.

قورۇقتاغ بەگلىكى مەركىزىدىن چاڭئەنگە 7170 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 450 تۈتۈن، 5000 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 1000 نەپەر. بىر نەپەردىن ئائىببەگ، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ، سول كاھبەگ، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىدىن كۈنچىگە 240 چاقىرىم، غەربىي شىمالىدىن قارا شەھەرگە 160 چاقىرىم، غەربىدىن چۇقو (باغراش) غا 260 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبى پىشامشان، چەرچەن بىلەن تۇتىشىدۇ. تاغلىرىدىن تۆمۈر چىقىدۇ. خەلقى تاغلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئاگنى (قارا شەھەر)، چۇقو بەگلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىيدۇ ۋە ئۇلاردىن ئاشلىق سېتىۋالىدۇ.

ئالدى قوس (تۇرپان) بەگلىكى(52) مەركىزى يارغول شەھىرى(53). دەريا بۆلۈنۈپ شەھەرنى ئايلىنىپ ئاققاچقا، يارغول شەھىرى دەپ ئاتالغان. يارغولدىن چاڭئەنگە 8150 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 700 تۈتۈن، 6050 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 1865 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئەمنىيەت بەگ، ئوڭ، سول سەركەردە، كاھبەگ، خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان كاھبەگ، قوسبەگ، ئالاقچىبەگ، ئىناقبەگ؛ ئىككى نەپەر تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي جەنۇبىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1807 چاقىرىم، قارا شەھەرگە 835 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئارقا قوس (تۇرپان) بەگلىكى(54) مەركىزى ئۆتۈ قورغىنى(55). بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8950 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 595 تۈتۈن، 4774 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 1890 نەپەر. بىر نەپەردىن ھۇنلارغا زەربە بېرىش بېگى، ئوڭ، سول سەركەردە، ئوڭ، سول كاھبەگ، باشلامچىبەگ، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي جەنۇبىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1237 چاقىرىم(56) كېلىدۇ.

قوس كاھبەگلىكى(57) ئاھالىسى 40 تۈتۈن، 333 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 84 نەپەر.

ئارقا قوس قەلئە بەگلىكى ئاھالىسى 154 تۈتۈن، 960 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 260 نەپەر.

م.ب. 99 - يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى) ھۇنلاردىن تەسلىم بولغان جېخەخانى(58) چەنمەنگە كەيلىڭ بېگىلىكى بېرىلدى ۋە كروران قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ھۇنلار ئوڭ قول بىلىكخانىنى بىر نەچچە 10 مىڭ چەۋانداز بىلەن قوسقا ياردەمگە ئەۋەتكەچكە، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى يېڭىلىپ چېكىندى. م.ب. 89 - يىلى (خەن ۋۇدى جېڭخې تۆتىنچى يىلى) خەن

ۋۇدى چۇگخې بېگى ماتۇگنى 40 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇنلار قوس خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرىسى ئارقىلىق ئۆتەتتى، شۇڭا كەيلىڭ بېگىنى كىروران، كۈنچى، بوستان قاتارلىق ئالتە بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ۋە شۇ ئارقىلىق چۇگخې بېگىگە يول ئېچىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. ئالتە بەگلىك ئەسكەرلىرى تەڭلا قوس خانلىقىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاچقا، قوس خانى تەسلىم بولۇپ خەن سۇلالىسىگە بېقىندى.

خەن جاۋدى زامانىدا ھۇنلار يەنە 4000 چەۋەنداز ئەۋەتىپ قوس خانلىقىدا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدى. خەن شۇەندى تەختكە چىققاندىن كېيىن، بەش سانغۇن قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى. قوستا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ھۇن ئەسكەرلىرى قورقۇپ چېكىنىپ كەتتى. قوس خانلىقى قايتىدىن خەن سۇلالىسىگە بېقىندى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ھۇنلار قوس خانلىقىنىڭ خانزادىسى كۈنسۇنى تۇرغاقلىققا چاقىرتتى. ئۇ قارا شەھەر بەگلىكىنىڭ تاش نەۋرىسى بولۇپ، ھۇن ئېلىدە تۇرغاق بولۇشنى خالىمىغانلىقتىن قارا شەھەرگە قېچىپ كەتتى. قوس خانى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئوغلى ئۇقۇيىنى ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇقۇي قوس خانلىقىغا خان بولغاندىن كېيىن، ھۇنلاردىن ئۆيلەندى ۋە ھۇنلارنى ئۇسۇنغا بارىدىغان خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىشكە قۇتراتتى.

م.ب. 68 يىلى (خەن شۇەندى دىجيېنىڭ ئىككىنچى يىلى) خەن سۇلالىسى يانداش بەگ جېڭ جى، چېرىكچى سىماشىلارنى كەچۈرۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى باشلاپ چېدىردا تېرىقچىلىق قىلىشقا، ئاشلىق توپلاپ قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈشكە ئەۋەتتى. كۈزلۈك يىغىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جېڭ جى بىلەن سىماشى غەربىي يۇرتتىكى شەھەر

بەگلىكلىرى قوشۇنلىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر توپلاپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان 1500 ئەسكىرى بىلەن بىرلىكتە قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، يارغول شەھىرىنى بېسىۋالدى. لېكىن قوس خانى يارغول شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاشقورغان (59) دا بولغاچقا، ئۇنى تۇتالمىدى. بىرلەشمە قوشۇننىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، جىڭ جى ۋاقتىنچە قوشۇننى چېكىندۈرۈپ، چېدىردا يەنە تېرىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككىنچى يىلى كۈزلۈك ھوسۇل يىغىپ بولۇنغاندىن كېيىن، يەنە ئەسكەر تارتىپ قوس خانى تۇرۇۋاتقان تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خان شىمالدىكى ھۇنلارغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلار قوشۇن چىقارمىدى. قايتىپ كەلگەن خان بەگلىرىدىن سۈيەر بىلەن كېڭىشىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا خەن سۇلالىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرىدى. شۇڭا خان سۈيەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھۇنلارنىڭ چېگرا رايونىدا بولغان كىچىك بارىكۆل بەگلىكى(60) گە ھۇجۇم قىلىپ، بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئاھالىسىنى ھەيدەپ بېرىپ، جىڭ جىغا تەسلىم بولدى. قوس خانلىقىغا قوشنا بولغان كىچىك جىنفۇ بەگلىكى(61) خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن بېرىپ، قوس بەگلىكىدە بۇلاڭچىلىق قىلىۋىدى، بۇنىڭدىن نارازى بولغان قوس خانى خەن سۇلالىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن كىچىك جىنفۇ بەگلىكىنى تارمار قىلدى.

قوس خانلىقىنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ھۇنلار قوشۇن ئەۋەتىپ قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. جىڭ جى، سىماشىلار قوشۇن بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ھۇنلارغا قايتۇرما زەربە بەردى. ھۇنلار ئىلگىرىلەشكە پېتىنال-

مىدى. جېڭجى، سىماشىلار قوس خاننى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بىر نەپەر نائىببەگ ۋە 20 ئەسكەر قالدۇرۇپ، چېدىرغا قايتىپ كەتتى. ھۇنلارنىڭ يەنە كېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورققان قوس خانى يېنىك جابدۇنۇپ ئاسىيۇ خانلىقىغا قېچىپ كەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جېڭجى، خاننىڭ بالا-چاقىلىرىنى دەرھال چېدىرغا ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن شەرققە ئاتلانغان جېڭجى جيۇچۈەنگە كەلگەندە، خەن شۈەندىدىن قايتىپ بېرىپ، چېدىر ۋە قوستا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىق توپلاش، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى تىنچلاندۇرۇپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق ئالدى. جېڭجى قايتىپ بارغاندىن كېيىن قوس خاننىڭ بالا-چاقىلىرىنى ھارۋا بىلەن چاڭئەنگە يولغا سالدى. خەن شۈەندى ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ ئىنئاملار بەردى ۋە ھەر قېتىم چەت ئەللەردىن زىيارەتكە كەلگەن يات قوۋم ۋەكىللىرىگە قوس خاننىڭ خوتۇن-بالىلىرىغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىنىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ جېڭجى 300 تېرىقچى ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوس خانلىقىدىمۇ يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدى. جېڭجىنىڭ ئەل بولغان ھۇنلاردىن ئاڭلىشىچە، تەگرىقۇت ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن: «قوسنىڭ يېرى مۇنبەت بولۇپ، ھۇنلارغا يېقىن، خەن سۇلالىسىنىڭ قوسنى ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلىپ كۆپلەپ ئاشلىق جۇغلىشى باشقا ئەللەر ئۈچۈن پايدىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرنى تالاشماي بولمايدۇ» دېيىشكەن. دەرۋەقە ھۇنلار چەۋەنداز ئەۋەتىپ، تېرىقچى ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. جېڭجى بىلەن چېرىكچى سىماشىلار چېدىردىكى 1500 تېرىقچى ئەسكەرنى باشلاپ، قوستا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدى. ھۇنلارمۇ چەۋەنداز ئەۋەتىپ كۈچىنى ئاشۇردى. خەن تېرىقچى ئەسكەرلىرى ئاز بولغانلىقتىن تاقابىل تۇرال-

ماي يارغول شەھىرىگە كىرىۋېلىپ مۇداپىئەلەندى. ھۇن سەر-
كەردىسى شەھەر بوسۇغىسىغا كېلىپ جىبېك جىغا: «تەڭرىقۇت
بۇ يەرنى چوقۇم ئالىدۇ. بۇ يەردە تىرىدقچىلىق قىلىشىڭلارغا
يول قويۇلمايدۇ» دېدى ۋە شەھەرنى بىرنەچچە كۈن مۇھاسىرە
قىلىپ چېكىنىپ كەتتى. كېيىن بىرنەچچە مىڭ ھۇن چەۋەن-
دازلىرى قوسنى پات - پات مۇھاسىرە قىلىپ تۇردى. شۇڭا
جىبېك جى خانغا مەكتۇپ يوللاپ: «قوش چېدىردىن 1000
نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا، ئارىلىقتا تاغ - دەريالار بار.
قوس شىمال تەرەپتە ھۇنلارغا يېقىن. چېدىردىكى خەن سۇ-
لالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كۈچى بىزنى قۇتقۇلدۇرالمايدۇ. تېرىقچى
ئەسكەرلەرنىڭ كۆپەيتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئىلتىماس
قىلدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار بۇ ھەقتە كېڭەش قىلىپ، يول
يىراق، چىقىم كۆپ، قوستا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشنى
ۋاقتىنچە توختىتىش كېرەك، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن خەن
شۈەندى چاڭلۇ بېگى چاڭ خۇيغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى
جاڭيې، جيۇچۈەندىكى چەۋەندازلارنى باشلاپ، قوسنىڭ 1000
نەچچە چاقىرىم شىمالىغا بېرىپ ھەيۋە كۆرسىتىشكە ئەۋەتتى.
ھۇن چەۋەندازلىرى چېكىنىپ كەتتى. جىبېك جى مانا شۇ چاغ-
دىلا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چېدىرغا قايتتى. جەمئىي ئۈچ
چېرىكچى چېدىردا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

قوس خانى ئاسيۇغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، ئاسيۇ
خانى ئۇنى ئېلىگە قايتۇرماي ئېلىپ قالدى ۋە خەن شۈەن-
دىگە ئەلچى ئارقىلىق يوللىغان مەكتۇپىدا، قوس خانى ئاسيۇدا
قالدۇرۇلغانلىقىنى، ئەلدە بىرەر جىددىي ئەھۋال تۇغۇلۇپ
قالسا، ھۇنلارغا غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەنلىكىنى
بىلدۈردى. بۇنى قوبۇل كۆرگەن خەن سۇلالىسى قارا شەھەر
بەگلىكىدە تۇرۇۋاتقان قوس خانزادىسى كۈنسۇنى ئېلىگە قاي-
تۇرۇپ، قوسقا خان قىلدى ۋە قوس خانلىقىنىڭ ئاھالىسىنى

پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ، چېدىرغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ
قوس خانلىقىنىڭ يەرلىرى هۇنلارغا بېرىۋېتىلدى. قوس خا-
نى كۇنسۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا يېقىنلىشىپ،
هۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، خاتىرجەم بولدى
ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن تېخىمۇ ئىناقلىشىپ كەتتى. كېيىن
خەن خانى ياندىش بەگ يىن گۇاڭدىنى ئەۋەتىپ، ئاسىيۇ
خانىنى ئەيىبلىدى، قوس خانى ئۇقۇينى خەن ئوردىسىغا ئال-
دۇردى ۋە خەن شۈەندى ئۇنىڭغا ئىستىقامەتگاھ كۆرسىتىپ
بېرىپ، بالا - چاقىلىرى بىللە شۇ يەرگە ئورۇنلاش-
تۇردى. بۇ م.ب. 62 - يىلى (خەن شۈەندى يۈەنكاڭنىڭ تۆتىنچى
يىلى) بولغان ئىش ئىدى. كېيىن خەن سۇلالىسى قورۇل چېر-
ىكچىبېگى تەيىنلەپ قوستا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدى.
م. 2 - يىلى (خەن پىڭدى يۈەنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى)
ئارقا قوس بەگلىكىدە ۋۇچۈەن(62) نىڭ شىمالىدىن يۈمېنگە
بارىدىغان يېڭى يول تېپىلدى. بۇ يول يېقىن ۋە قولاي ئى-
دى. قورۇل چېرىكچىبېگى شۈپۇ مانا شۇ يېڭى يولنى ئېچىپ،
مۇساپىنى يېرىم ھەسسە قىسقارتماقچى ھەمدە قۇمتاغدىن ئۆ-
تۈش جاپاسىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئارقا قوس بېگى قۇجۇ
بۇ يېڭى يول ئېچىلسا يولۇچىلارنى تەمىنلەش مەسئۇلىيىتى-
نىڭ ئۆز ئېلى ئۈستىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۆزى
ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ
يېڭى يول ئۆتىدىغان يەرنىڭ بىر قىسمى هۇن ئېلى جەنۇب
سەركەردىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى رايونغا يېقىن ئىدى. بۇ
يەرنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، خانغا مەلۇم قىلماقچى
بولغان قورۇل چېرىكچى بېگى شۈپۇ، ئارقا قوس بېگى قۇجۇنى
تەكلىپ قىلىپ، ئىسپاتلاپ بېرىشنى سورىدى. قۇجۇ ئۇنىمىغاچقا،
شۈپۇ ئۇنى قايتۇرماي تۇتۇپ قالدى. قۇجۇ ئۆزىنى ساقلاۋات-
قان ئەمەلدارلارغا كۆپ قېتىم قوي، كالا پارە بېرىپ، قويۇ-

ۋېتىنىنى تەلەپ قىلىشمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ چاغدا قۇجۇلىڭ ئۆيىدىكى نەيزە ئۇچىدىن ئوت چىققان ئىمىش. خوتۇنى گۆزسۇ قۇجۇ بىلەن كۆرۈشۈپ: «نەيزە ئۇچىدىن ئوت چاقناش ئۇرۇش ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق. بۇرۇن ئالدى قوس بېگى قورۇقچىبەگنىڭ ئەمر ـ لەشكىرى تەرپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالسىلىرى، چوقۇم ئۆلتۈرۈلىدىلا. ئۇنىڭدىن كۆرە ھۇنلارغا تەسلىم بولغان ياخشى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى ئاتلىنىپ ئىدىقۇتنى بۆسۈپ چىقىپ ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

چاقىلىقنىڭ ھۇنلاردىن يۈز ئۆرۈگەن خانى تاڭدۇر چىياڭلارنىڭ چوڭ ئۇرۇقى بولغان چىشۈي چىياڭلىرى(63) غا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرنەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىدى. ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىغان تاڭدۇر قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن ياردەم سورىدى. قورۇقچىبەگ دەرھال ئەسكىرىي ياردەم بەرمىگەنلىكتىن، ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ خاپا بولغان تاڭدۇر شەرق تەرەپكە چېكىنىدى ۋە يۈمېنگە بېرىپ مۇداپىئەلەنمەكچى بولدى. لېكىن يۈمېن مۇداپىئە بېگى ئۇلارنى قوبۇل قىلمىغاچقا، ئاخىر ئىلاجىسىزلىقتىن بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئاھالىسى بولۇپ جەمئىي 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ھۇنلار ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ۋە خەن خانىغا ئەلچى بىلەن مەكتۇپ يوللاپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا شىندۇ بېگى ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ئىدى. ئۇ ئەمر ـ نۆكەر ۋاڭ چاڭ قاتارلىقلارنى ھۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ھۇن تەڭرىقۇتىغا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئاللىقاچان خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان، ھۇنلار ئۇلارنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، دەپ ئاگاھلاندۇردى. تەڭرىقۇت خاتالىقىنى ئىقرار قىلىپ كەچۈرۈم سورىدى ۋە ئىككى

بەگنى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە تۇتۇپ بەردى. ۋاڭ ماڭ ئەمىر ـ نۆكەر ۋاڭ مېڭنى غەربىي يۇرتتىكى ئىدۇن دېگەن يەرگە ئالدىن بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. تەگرىقۇت قوشقان ئەلچىلەر خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككى بەگنى ھەيدەپ ئېلىپ كەلدى ھەمدە ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈندى. ئەلچىلەر تەگرىقۇتنىڭ ئۆتۈنۈشىنى خانغا مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، ۋاڭ ماڭ قوبۇل قىلمىدى ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلەرنى چاقىرتتى، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى سەپ تارتقۇزۇپ، قۇجۇ بىلەن تاگدۇرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلدى.

ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، م. 10 - يىلى (شىن سۇلالىسى ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۇ شىن سۇلالىسىنى كېڭەيتىش گۈكى جېين فېڭنى ئوڭ تەرەپ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، دەرھال غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى، بۇ ئىشتىن جەۋەر تاپقان ئارقا قوس بېگى شۇجەل ئوڭ سەركەردە قۇد ۋە سول سەركەردە شىنبجلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ: «ئاڭلىشىمچە، جېين فېڭ غەربىي يۇرتقا ئاغا بەگ بوپتۇ. پات ئارىدا يېتىپ كەلگۈدەك. بىز ئادەت بويىچە ئەلچىلەرگە قوي، كالا، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك، شۇنداقلا تىلماچ ۋە يول باشلىغۇچىلارنى ئەۋەتىشىمىز كېرەك. ھەيۋەتلىك سانغۇن(64) بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئۇلارنى تولۇق تەمىنلەپ كېتەلمىگەنىدۇق. مانا ئەمدى ئاغا بەگ كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئەل كۈندىن ـ كۈنگە گادايلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالماي قالارمىزمىكىن» دېدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ نائىلاج ھۇنلارغا قاچماقچى بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ قالغان قورۇل چېرىكچىبېگى دياۋخۇ، شۇجەل بەگنى چاقىرتىپ سوراشتۇردى. بەگ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىشلارنى ئىقرار قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن باغلانغان شۇجەل بەگ

قورۇقچىبەگ دەن چىن ئۆرۈشلۈك لىبلۇ(65) شەھىرىگە ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئارقا قوس ئاھالىسى كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى. شۇجەل بەگ يېتىپ بېرىشى بىلەنلا دەن چىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇجەل بەگنىڭ ئاكىسى نائىببەگ قۇلانجى 2000 دىن ئارتۇق ئاھالە بىلەن چارۋا - ماللىرىنى ھەيدەپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولدى.

بۇ چاغدا ۋاڭ ماڭ ھۇن تەڭرىقۇتىغا تامغا ئالماشتۇرۇپ بەردى. بۇنىڭدىن دەرغەزەپ بولغان ھۇن تەڭرىقۇتى قۇلانجىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى ۋە قوشۇن ئەۋەتىپ بىرلىكتە قوسقا ھۇجۇم قىلىپ، ئارقا قوس قەلئە بېگىنى ئۆلتۈردى، قورۇقچىبەگ ئەمىر - لەشكىرىنى يارىدار قىلدى. ئاندىن قۇلانجى قوشۇنلىرى بىلەن ھۇن ئېلىگە قايتىپ كەتتى. بۇ چاغدا قورۇل چېرىكچىبېگى دياۋخۇ كېسەل ئىدى. ئۇ دورغاپ چېن لياڭنى ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن خۇەنجۇ قورغىنى(66) غا ئەۋەتتى. يەنە بىر دورغاپ جۇڭ دەيىنى ئاشلىق يىغىشقا، ياردەمچى ئەسكەر بېگى خەن شۇەننى قارارگاھلاردىكى ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىشقا، نائىببەگ رېن شاڭنى قورغانلاردىكى ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. چېن لياڭ قاتارلىقلار مەسلىھەتلىشىپ: «غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ تولىسى ئاسىيلىق قىلىپ خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرىدى. پات ئارىدا ھۇنلار كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلماقچى، ئۇلار كەلسە بىزنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چېرىكچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئادەملىرىمىزنى ئېلىپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولغىنىمىز تۈزۈك» دېيىشتى ۋە بىرنەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، چېرىكچى مەھكىمىسىگە باردى. يولدىكى قاراۋۇلخانىلارنى تۇرغا ئوت يېقىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ ئارقىلىق جايلاردىكى قارارگاھلارغا: «ھۇنلار

100 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ھۇجۇم قىلدى، سىپاھ - بەگلەر قوراللىنىپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلانسۇن، كىچىككەنلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن! دەپ ئۇقتۇردى. شۇنداق قىلىپ 3 — 4 يۈزچە ئادەم يىغىپ چېرىكچى مەھكىمىسىگە بىرنەچچە چاقىرىم قالغاندا توختاپ، ئەتىگەنلىك تاماققا ئىشلىتىلىدىغان ئوتۇنلارنى قالاپ ئوت ياقتى. چېرىكچى بۇنى تۇردىن چىققان ئوت دەپ ئويلىدى ۋە دەرھال قوشۇننى ئاچتۇردى، دۇمباق چالدۇرۇپ، سىپاھ - بەگلەرنى يىغدى. چېن لياڭ قاتارلىقلار مەھكىمىگە كىرىپلا چېرىكچى دياۋخۇ ۋە ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنى ئاكا - ئۇكا، جيەنلىرىنى ئۆلتۈردى. پەقەت ئاياللار، كىچىك بالىلارنىلا قالدۇردى. چېن لياڭ قاتارلىقلار قورۇل چېرىكچىبېگى شەھىرىدە تۇرۇپ قالدى ۋە ھۇنلارنىڭ جەنۇب سەركەردىسى بىلەن ئالاقە باغلىدى. ھۇن جەنۇب سەركەردىسى 2000 چەۋەنداز ئەۋەتىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. چېن لياڭ قاتارلىقلار قورۇل چېرىكچىبېگى قارمىقىدىكى سىپاھ - بەگلەر ۋە ئەر - ئاياللار بولۇپ جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى مەجبۇرلاپ ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. تەڭرىقۇت چېن لياڭ بىلەن جوڭ دەيگە ئۇۋبىن كاھىبېگى[67] ئۇنۋانى بەردى.

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن (م.ب. 13 - يىلى، ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ بەشىنچى يىلى) ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىنىسى شيەن ئۇلجۇت ئۇنۋانى بىلەن تەڭرىقۇت بولدى ۋە ۋاڭ ماڭ بىلەن قايتىدىن ياراشتى. ۋاڭ ماڭ ئەلچى ئارقىلىق ئۇلجۇت تەڭرىقۇتقا نۇرغۇن ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن ھەدىيە قىلىپ، چېن لياڭ، جوڭ دەي قاتارلىقلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تەڭرىقۇت چېن لياڭ، جوڭ دەي، خەن شۈەن، رېن شاڭلارنى ۋە چېرىكچى دياۋخۇنى ئۆلتۈرگەن جى يىن ھەممە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى بولۇپ

جەمئىي 27 كىشىنى تۇتۇپ، قول ۋە پۇتلىرىغا كويزا - كىش-
شەنلەرنى سېلىپ كاجۇۋا هارۋىدا خەن سۇلالىسى ئەلچىسىگە
تاپشۇرۇپ بەردى. چاڭئەنگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ماڭ
ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. كېيىن ۋاڭ ماڭ هۇن تەڭرىقۇ-
تىنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن يارىشىش مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى ۋە
هۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا كەڭ - كۆلەم-
لىك هۇجۇم قىلدى. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرمۇ پارچىلى-
نىپ كەتتى. قارا شەهەر بەگلىكى هۇنلارغا يېقىن بولغانلىقى-
تىن، ئاۋۋال ئىسيان كۆتۈرۈپ قورۇقچىبەگ دەن چىننى ئۆل-
تۈردى. ۋاڭ ماڭ ئەسكەر چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلالمىدى.
م. 16 - يىلى (شىن سۇلالىسى ۋاڭ ماڭ تيەنفېڭنىڭ
ئۈچىنچى يىلى) ۋاڭ ماڭ هەيۋەتلىك سانغۇن ۋاڭ جۈن ۋە
غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى لى چۇڭ(68) لارنى قورال چې-
رىكچىبېگى گو چىننى باشلاپ غەربىي يۇرتقا بېرىشقا ئەۋەت-
تى. غەربىي يۇرتتىكى بەگلەر ئۆز شەهەرلىرىنىڭ سىرتىغا
چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى، قورال - ياراق ۋە ئاشلىق
بىلەن تەمىنلىدى. يالغان تەسلىم بولغان قارا شەهەر بەگ-
لىكى ئەمەلىيەتتە قوشۇن توپلاپ، ئۆزىنى قوغداشقا تەييار-
لاندى. ۋاڭ جۈن قاتارلىقلار ياركەنت، كۇچا بەگلىكلىرىنىڭ
قوشۇنلىرىدىن 7000 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ، بىر نەچ-
چە قىسىمغا بۆلۈنۈپ قارا شەهەرگە هۇجۇم قىلدى. قارا شە-
هەر خانلىقىنىڭ بۆكتۈرمىدە تۇرغان قوشۇنى ۋاڭ جۈننى
توسۇۋالدى. ئاقسۇ، كۈنچى، بوستان بەگلىكلىرى ئارقىسىدا
پىتنە - پاسات تارقىتىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ۋاڭ جۈن
قاتارلىقلارغا ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قىرىپ تاش-
لىدى. يالغۇز قورال چېرىكچىبېگى گو چىنلا بىر قىسىم قو-
شۇننى باشلاپ قارا شەهەرگە كېچىكىپ كەلگەنىدى. بۇ چاغدا قارا
شەهەر قوشۇنى تېخى قايتىپ كەلمىگەچكە، گو چىن قارا شەهەر-

دىكى قېرى ـ ئاجىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەتتى. ۋاڭ ماڭ گوچىننى «ياتلارنى قىرغۇچىبەگ» دەپ ئاتىدى. قالدۇق ئەسكەرلەرنى توپلىغان لى چوڭ قايتىپ بېرىپ كۇچانى مۇداپىئە قىلدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ۋاڭ ماڭ ئۆلتۈرۈلدى. لى چۇڭمۇ ئۆلدى. غەربىي يۇرت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتمۇ ئۈزۈلدى.

غەربىي يۇرتتا جەمئىي 50 بەگلىك بار ئىدى. تىلماچبەگلەردىن تارتىپ شەھەر بېگى، ھاكىم، تەپتىشبەگ، ئەمەلدار بەگ، مەسلىھەتچى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى، كاھبەگ، قۇتقۇ، ياساقبەگ، سەركەردە، ۋەزىر ۋە بەگ، خانلارغىچە بولغان 376 كىشىنىڭ ھەممىسى خەن تامغىسىنى ئىشلىتەتتى. كانگا، ئۇلۇغ توخرىيلار، ئارساك، كەشمىر، بەلۇجىستان قاتارلىق بەگ ـ خانلىقلار خەن سۇلالىسىدىن ناھايىتى يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقى 50 بەگلىكنىڭ ئىچىگە كىرمەيتتى. ئۇلار خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات يوللىغان بولسا، خەن سۇلالىسىمۇ ئۇلارغا سوۋغات ئەۋەتىپ تۇراتتى. لېكىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنىڭ نازارىتى ۋە باشقۇرۇشىدا بولمىدى.

مۇئەررىختىن: خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھۇنلارنى بېقىندۇرۇش نىيىتىدە بولۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بىرلىشىۋېلىشى، جەنۇبىي چىياڭلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ خېشىنى ئېلىپ، ئۇ يەردە ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭ ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى، قاشقۇۋۇقى (يۈمىن قوۋۇقى) نى ئېچىپ، غەربىي يۇرت بىلەن قاتناش ـ ئالاقە ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي چىياڭلار، توخرىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتتى. ياردەمچىسىز قالغان تەڭرىقۇت يىراقلارغا كېتىپ قال-

ھى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا ھۇن تەڭرىقۇتى-
نىڭ ئوردىسى بولۇپ باقمىدى.

(«خەننامە»، 12 - توم، 3901 — 3928 - بەتلەر).

---

(1) كۈنبەگ، كۈنبېي (昆靡, 昆莫) ئاسىيۇ خانلىرىنىڭ
ھۆكۈمدارلىق ئۇنۋانى. ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد كۈن-
بېگى يانقۇيبەك (م.ب. 53 - يىللىرى) زامانىدا ئاسىيۇ ئېلى
چوڭ - كىچىك ئىككى كۈنبەكلىككە بۆلۈندى. شۇنىڭدىن باشلاپ
ھۆكۈمدارلىرى چوڭ كۈنبەك، كىچىك كۈنبەك دەپ ئاتالدى.

(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات» شەجەرە بۆلۈمى، 163 -بەت).

(2) تايرۇبەگ (大禄) ئاسىيۇ خانلىقىدا ۋەزىر دەرىجە-
لىك ئەمەل بولۇپ، ھەربىي ۋە مۈلكىي ھوقۇق ئىگىسى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 8 - توم، 245 - بەت).

(3) تايرۇ (大禄) ئاسىيۇلارنىڭ ئىككىنچى كۈنبېگى لېي
جياۋ بەگنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئاسىيۇ سەركەردىلىرىدىن.

(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات» شەجەرە بۆلۈمى).

(4) مەلىكە شىجۈن (细君公王) خەن ۋۇدى دەۋرىدە
ئاسىيۇ كۈنبېگى لېي جياۋ بەككە ياتلىق قىلىنغان، خەن سۇلا-
لىسى خان جەمەتىدىن، جياڭدۇ بېگى ليۇجيەنىنىڭ قىزى. كۈن-
بەك قېرىپ قالغاچقا، ئاسىيۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ نەۋ-
رىسى كۈنەشبەك (سەنچۈر) كە تەگدى. بۇ مەلىكە خەن سۇلالىسى
بىلەن ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتا چوڭ رول
ئوينىغانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 890 — 891 - بەتلەر).

(5) كۈنەشبەك (军须靡) لېي جياۋ بەگنىڭ نەۋرىسى. ئا-
سىيۇ خانلىقىنىڭ م. ب. 103 — 72 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن
ئۈچىنچى كۈنبېگى، مەلىكە شىجۈن بىلەن مەلىكە جىيەۋنىڭ
ئېرى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 593 - بەت).

(6) لیپ جیاۋبىمەك (猎骄靡) ناندۇ بەگنىڭ ئوغلى، م.ب. 177 — 104 — يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد كۈنبېگى.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 593 — بەت).

(7) جانبىن (绛宾) كۈسەن (كۇچا) خانى. ئاسىيۇ كۈنبېگى ئۆڭگۈربەگنىڭ مەلىكە جيېيۇدىن تۇغۇلغان چوڭ قىزى دىشىنىڭ ئېرى. م.ب. 65 — يىلى بىرىنچى ئايدا مەلىكە دىش بىلەن پايتەختت چاڭئەنگە بېرىپ، خەن شۈەندىنى زىيارەت قىلغان.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 526 — بەت).

(8) بەش سانغۇن (五将军) چىلىيەن سانغۇن تىيەن گۇاڭمىڭ، لياۋ شۈي دەرياسىدىن ئۆتكەن سانغۇن فەن مىڭيو، تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن زىڭ، بارىكۆل سانغۇنى چاۋ چۇڭگو، بارس سانغۇن تيەن شۇنلەردىن ئىبارەت.

(مۇھەررىردىن).

(9) نىبەك (泥靡) ئاسىيۇ خانلىقىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد كۈنبېگى. ئۇنۋانى قۇتراشخان. كۈنەشبەگنىڭ ھۇن رەپىقىسىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، م. ب. 59 — 53 — يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن.

(«تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 593 — بەت).

(10) شىچىنسۇر (细沈瘦) ئاسىيۇ ھۆكۈمدارى نىبەكنىڭ ھۇن رەپىقىسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى. ئاتىسىغا سۇيىقەست پىلانلىغان خەن سۇلالىسىلىق ئۆگەي ئانىسى، مەلىكە جيېيۇ ۋە خەن ئەلچىلىرىنى قىزىلقورغاندا بىرنەچچە ئاي مۇھاسىرە قىلغانىدى.

(«خەننامە»، 12 — توم، 3906 — بەت).

(11) تەسكەيتاغ (北山) قىزىل قورغان شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تاغلىرىنىڭ بىر تارمىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات»، 93 — بەت).

(12) بىدىخۇ قۇدۇقى (卑鞮侯井) بۇ ئۆستەڭلىك قۇدۇق بولۇپ، قۇدۇق تېگىدىن بولاق سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئورنى قۇمتاغنىڭ شەرقىدىكى تويا تاغ ئېتىكىدە.

(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 - توم، 5504 - بەت).

(13) ئۈچەيلەن (三人) بۇ يەردىكى ئۈچەيلەن مەلىكە ئوغلى، قىزى بولماستىن، ئۈچ نەۋرىسىنى كۆرسىتىدۇ. كىتابنىڭ كېيىنكى جۈملىسى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلار»، 8 - توم، 5505 - بەت).

(14) شىڭبەن (星靡) يانقۇيبەكنىڭ ئوغلى. چوڭ كۈنبەك بولۇپ، م.ب. 55 — 33 - يىللىرى سەلتەنەت سۈردى.

(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات»، نەسەب شەجەرىسى، 163 - بەت).

(15) خەن شۈەن (韩宣) خەن يۈەندى دەۋرىدە م.ب. 48 — 46 - يىللىرى غەربىي يۇرتقا قوروۇقچىبەگ بولغان شەخس.

(«غەربىي يۇرت تارىخي ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، 2 - توم، 46 - بەت).

(16) بۆرى (拊离) ئاسىيۇ كىچىك كۈنبېگى ئۇجۇتنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇجۇت ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا كىچىك كۈنبەك بولدى. م.ب. 30 - يىلى ئىنىسى رىنجىر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات»، نەسەب شەجەرىسى، 163 - بەت).

(17) ئىچبەك (伊秩靡) ئىلجىمبەك ئىزاھىغا قاراڭ.

(18) ئانلىبەك (安犁靡) ئانرىنىڭ ئوغلى بولۇپ، م.ب. 11 - يىلى كىچىك كۈنبەك بولدى.

(«ئاسىيۇلار ھەققىدە تەتقىقات»، نەسەب شەجەرىسى، 163 - بەت).

(19) قۇم (ئاقسۇ) بەگلىگى (姑墨国) غەربىي يۇرۇتنىڭ ئىككى قەدىمكى بەگلىك. ئورنى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ كونا شەھەر، ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ. خەلقى دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلاتتى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە غەربىي يۇرت دورغاپ-لىقىغا قارىدى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە كۇسەن خانلىقىغا قارىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە قۇم ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ، كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1100 - بەت).

(20) جەنۇبىي شەھەر، ئاسۇق (南城) بۈگۈنكى ئاقسۇ شەھىرى.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - توم، 24 — 25 - بەتلەر).

(21) 2021 چاقىرىم (二千二十一里) بوسانخاتا. توغرىسى 1021 چاقىرىم.

(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلار»، 8 - توم، 5509 - بەت).

(22) يان شەھىرى (延城) كۇچا بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئورنى هازىرقى ئۆگەن دەرياسىنىڭ شىما-لىدا ئىدى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 - توم، 5513 - بەت).

(23) ساقچىبېگى (搜粟都尉) خەن ۋۇدى دەۋرىدە تە-سىس قىلىنغان ئەمەل بولۇپ، ھەربىي تەمىنات ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 707 - بەت).

(24) باش ۋەزىر (丞相) م.ب. 89 - يىلى باش ۋە-زىرلىككە تەيىنلەنگەن تيەن چيەنچيۇ نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى»، 514 - بەت).

(25) باش تەپتىشبەگ (御史大夫) بۇ يەردە شاڭ چيۇ

چېپىك نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلار»، 8 – توم، 5515 – بەت).

(26) چەرچى (捷技) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كورلا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.
(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 19 – بەت).

(27) پاششاپ (征事臣) ئەمەل. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، باش ۋەزىرگە قارايتتى. تۆۋەننىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى.
(تۈزىتىلگەن «سىيۇەن»، 2 – توم، 1091 – بەت).

(28) چاۋۇشبەگ (军侯) ھەربىي ئەمەل. قەدىمكى زامان قوشۇنىدا دۈشمەن ئەھۋالىنى تىڭشلاش – چارلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 372 – بەت).

(29) خۇڭ (弘) چارلاقچىبەگنىڭ ئىسمى. فامىلىسى مەلۇم ئەمەس.
(«خەننامە»، 12 – توم، 3913 – بەت).

(30) چىنلىقلار (秦人) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلار جۇڭگولۇقلارنى چىنلىقلار دەيتتى. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن خەنلىكلەر دېيىلىدىغان بولدى.
(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5519 – بەت).

(31) ياتىغاقبەگ مەھكىمىسى (公车署) ياساۋۇلبەگ قارىمىقىدىكى مۇئەسسەسە بولۇپ، ئوردىنىڭ تاشقى دەرۋازىسىنى قوغداش خىزمىتىنى قىلاتتى. چاقىرتىلغان، مەكتۇپ – مەلۇمات سۇنىدىغان ۋەزىر – ۋۇزرا ۋە ئەكابىر – ئەشرەپلەرنى بۇ مۇھاپىزەت مەھكىمىسى كۈتۈۋالاتتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان كاھىن، مۇنەججىملەر جايلاردىن كېلىپ، مۇھاپىزەت

مەھكىمىسىدە تۇرۇۋاتقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 4 - توم، 80 - بەت).

(32) فۇشەن (釜山) تاغ. ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى جولۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 758 - بەت).

(33) بىر بۆرىدىن ئايرىلماق — مىڭ قوينى قاچۇرماق (失一狼，走千羊) قوماندانىسىز قالغان قوشۇن پېتىراپ كېتەر دېگەن مەنىدە.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 - توم، 5521 - بەت).

(34) بەش ھۆكۈمدار (五霸(五伯) مۇ دېيىلىدۇ. ئەمەنىيە دەۋرىدە ئىلگىرى - كېيىن ھاكىمبەگ بولغان شەخسلەر. بۇلار: چى خۇەنگۇڭ، جىن ۋېنگۇڭ، چۇ جۋاڭگۇاڭ، ۋۇ خېلۇ، يۆ گوۋجيەن، يەنە بىر رىۋايەتتە: چى خۇەنگۇڭ، سۇڭ شياڭگۇڭ، جىن ۋېنگۇڭ، چىن مۇگۇڭ، چۇ جۋاڭگۇاڭلاردىن ئىبارەت دېيىلىدۇ.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 32 - بەت).

(35) باغداد شەھىرى (员渠) ئاگنى (قارا شەھەر) بەگلىكىنىڭ مەركىزى. ئورنى ھازىرقى قارا شەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 18 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بولۇپ، ھازىر قارادۆڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

(«غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 9 - بەت).

(36) يېقىنكۆل (近海) باغراش (بوستان) كۆلى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 - توم، 24 — 25 - بەتلەر).

(37) يولقورغان (于类谷) ئۇتانزىلى (ماناس) بەگلىكىنىڭ مەركىزى. ماناس تاغلىرىنىڭ ئىچىدە.

(«خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلار»، 5529 - بەت).

(38) چەن خۇەن بەگلىكى (单桓国) خەن دەۋرىدىكى

غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. بەگلىرى خۇنلاردىن بولاتتى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ فۇكاڭ ناھىيىسىدە. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە قۇس خانلىقىغا قارىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 884 – بەت).

(39) جۇمى بەگلىكى (且弥国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى شەھىرى، قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرى تەۋەسىدە. شەرقىي ۋە غەربىي بەگلىكلەرگە بۆلۈنەتتى. غەربىي جۇمى بەگلىكىنىڭ مەركىزى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى يۇتا قورغىنى بولۇپ، شەرقىي جۇمى بەگلىكىنىڭ مەركىزى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى دۈيشۇ قورغىنى ئىدى. III ئەسىردىن كېيىن قۇس خانلىقىغا قارىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 176 – بەت).

(40) بېشبالىق (فۇكاڭ) بەگلىكى (卑陆国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى فۇكاڭ، جىمسار ناھىيىلىرى تەۋەسىدە. III ئەسىردە قۇس خانلىقىغا قارىدى.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 431 – بەت).

(41) جىمسار قورغىنى (乾当谷) بېيلۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى. ئورنى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 431 – بەت).

(42) ئارقا بېشبالىق (فۇكاڭ) بەگلىكى (卑陆后国) بېيلۇ بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 – توم، 24 — 25 – بەتلەر).

(43) يۇلىش بەگلىكى(郁立师国) خەن سۇلالىسى دەۋ-
رىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. ئورنى ھازىرقى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆچۈڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي
شىمالىدا. كېيىن قوش بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
670 ـ بەت).

(44) جيې بەگلىكى (劫国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى
غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ فۇكاڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە.
(«جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 2 ـ جىلد، 24 — 25 ـ بەتلەر).

(45) ئارقا قوش قەلئە بەگلىكى (车师后城长国)ئورنى
ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆچۈڭ ناھىيىسىنىڭ
شىمالىدا. خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»،
418 ـ بەت).

(46) بارىكۆل بەگلىكى(蒲类国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن بىرى. ئورنى ھازىرقى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم
ناھىيىسىدە. بۇرۇن ھۇنلارنىڭ ئوڭ قول يېرى بولۇپ، كېيىن
قوشقا قارىغان. م. ب. 60 ـ يىلى خەن سۇلالىسى قوش خانلى-
قىنى يەڭگەندىن كېيىن، تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بەگ-
لىكلەرنى ئالدى، ئارقا قوش بەگلىكى، ئالدى، ئارقا بارىكۆل
بەگلىكى قاتارلىق سەككىز بەگلىككە بۆلۈۋەتكەنىدى. ئالدى بارىكۆل
بەگلىكى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ
تۇردى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 606 — 607 ـ بەتلەر).

(47) ئارقا بارىكۆل بەگلىكى(蒲类后国) خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىدىن بىرى. ئورنى بارىكۆل

بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ھازىرقى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.
(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 1126 -بەت).
(48) غەربىي جۇمى بەگلىكى(西且弥国) جۇمى بەگلىكى ئىزاھىغا قاراڭ.
(مۇھەررىردىن).
(49) شەرقىي جۇمى بەگلىكى(东且弥国) جۇمى بەگلىكى ئىزاھىغا قاراڭ.
(مۇھەررىردىن).
(50) خۇخۇ بەگلىكى (狐胡国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى. ئورنى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يوغانتېرەكتە. كېيىن قوسقا قارىدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 820 - بەت).
(51) يۇلغۇنتېرەك (玉勒干铁列克) خۇخۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى. يۇلغۇنساي (柳谷) مۇ دېيىلىدۇ.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 820 - بەت).
(52) ئالدى قوس (تۇرپان) بەگلىكى (车师前国) قوس خانلىقى ئىزاھىغا قاراڭ.
(مۇھەررىردىن).
(53) يارغول (交河) ئالدى قوس بەگلىكىنىڭ مەركىزى. قەدىمكى شەھەر خارابىسى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ بەش كىلومېتر غەربىي شىمالىدا.
(بىر تومLۇق «سىخەي»، 347 - بەت).
(54) ئارقا قوس (تۇرپان بەگلىكى) (车师后国) قوس خانلىقى ئىزاھىغا قاراڭ.
(مۇھەررىردىن).
(44) ئۇتۇ قورغىنى (务涂谷) ئارقا قوس (تۇرپان)

بەگلىكىنىڭ مەركىزى. ئۈرۈمچى ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 418 – بەت).

(56) 1237 چاقىرىم (千二百三十七里) يارغولدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1807 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۈچتۇ قورغىنى يارغولنىڭ شىمالىدا بولغاچقا، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە (بۇگۇرگە) تېخىمۇ يىراق. شۇڭا «ئۈچتۇ قورغىنىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1237 چاقىرىم كېلىدۇ» دېگەن گەپ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئەمەس.

(مۇھەررىردىن).

(57) قوس كاھىبەگلىكى (车师都尉国) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلىنغان كاھىبەگلىك، ئورنى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىدىقۇت قەلئەسىدە.

(«جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، 418 – بەت).

(58) جىخە قان (介和王) ھونلاردا ئەمەل ياكى يەر نامى بولۇشى مۇمكىن.

(مۇھەررىردىن).

(59) تاشقورغان (石城) يارغولنىڭ شىمالىدا بولۇپ، تاشلاردىن قوپۇرۇلغان بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. «جېڭ جى تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان دۈز شەھىرى بولۇشى مۇمكىن.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلار»، 8 – توم، 5538 – بەت).

(60) كىچىك بارىكۆل بەگلىكى (小蒲类国) ھونلارنىڭ شەرقىي بارىكۆل قانى باشقۇرىدىغان يەرلەر ئەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5538 – 5539 – بەتلەر).

(61) كىچىك سىڭگىم بەگلىكى (小金附国) بۇ بەگلىكنىڭ

ئورنى ئىدىقۇتنىڭ شىمالىدىكى سىڭگىم ئېغىزىدا ئىدى.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5539 – بەت).

(62) ۋۇچۇەن (五船) قوس بەگلىكىدىن يۈمېنگە ئېچىلغان يېڭى يول — كىچىك جەنۇبىي يول ئۈستىدىكى بىر جاي. ئورنى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئەنشى ناھىيىسىدە بولۇشى مۇمكىن.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5541 – بەت).

(63) قىزىلسۇ چياڭلىرى (赤水羌) 赤水 (قىزىل سۇ) قەدىمكى يەر نامى. ئورنى بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى شىنـخەي ناھىيىسىدە. قەدىمكى زاماندا مۇشۇ يەردە ياشىغان چياڭـلارنىڭ بىر تارمىقى چىشۈي چياڭلىرى دەپ ئاتىلاتتى.

(«خەنزۇ تىلى قامۇسى»، 32 – توم، 81 – بەت).

(64) ھەيۋەتلىك سانغۇن (五威将) ۋاڭ ماڭنىڭ چىقارـغان ئەمر – پەرمانلىرىنى ئەتراپقا يەتكۈزۈشكە چىققان ۋاڭ چى (王奇) نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5544 – بەت).

(65) لېلۇ شەھىرى (埒娄城) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بۈگۈردە بولغاچقا، لېلۇ شەھىرى بۈگۈر بولسا كېرەك.

(مۇھەررىردىن).

(66) خۇەنجۇ قورغىنى (桓且谷) ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىـدىغان قورغانلاردىن بىرى. ئورنى نامەلۇم.

(مۇھەررىردىن).

(67) ئۇبېن كاھېبگىسى (乌贲都尉) ھۇن ئۇنۋانلىرىدىن بولۇپ، «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە «ئۇغان سانغۇن ئۇنۋانى بېرىلگەن» دېيىلگەن. بۇ ئىزاھتىكىسى توغرا بولۇشى مۇمكىن.

(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 – توم، 5546 – بەت).

(68) لى چۇڭ (李崇) ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە يەنى م. 16 — 23 يىللىرى غەربىي يۇرتقا قورۇقچىبەگ بولدى.

(«خەننامە»، 12 – توم، 3927 – بەت).

## ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمىھالى (I)

م. ئالتىنچى يىلى (خەن رۇزى جۇشىپ(1) نىڭ بىرىنچى يىلى) غەربىي چىياڭلاردىن پاڭ تىيەن، فۇفەن قاتارلىقلار ۋاڭ ماڭنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋىلىپ شىخەي ۋىلايىتى(2) نى قۇرغانلىقىغا نارازى بولۇپ، شىخەي ۋالىيسى چېڭ يۇڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. چېڭ يۇڭ قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا قېچىپ كەتتى. ۋاڭ ماڭ چېڭ يۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا چىياڭلارنى قوغداش چېرىكچىبېگى دۇ كۇاڭنى غەربىي چىياڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى.

م. يەتتىنچى يىلى (خەن رۇزى جۇشىنىڭ ئىككىنچى يىلى) باھاردا دۇكۇاڭ قاتارلىقلار قوشۇن تارتىپ، غەربىي چىياڭلارنى يەڭدى.

(«خەننامە»، 12 ــ توم، 4087 ــ بەت).

«خەننامە» ٩٩ - جىلد

## ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمھالى (II)

...م. توققۇزىنچى يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ بىرىنچى يىلى) ھەيۋەتلىك سانغۇن «يارلىق دەستىكى» نى كۆتۈرۈپ، مۆھۈر ۋە مۆھۈر باغلىرىنى ئېلىپ، بەگ - تۆرىلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ نام - ئۇنۋانلىرىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدەك ھۇنلار، غەربىي يۇرت ۋە چېگرا سىرتىدىكى يات قوۋملەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ، ئۇلارغا شىن سۇلالىسىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن مۆھۈر ۋە مۆھۈر باغلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان تامغا ۋە تامغا باغلىرىنى يىغىۋالدى.

... غەربكە قاراپ ماڭغان ھەيۋەتلىك سانغۇن غەربىي يۇرتقىچە بېرىپ، غەربىي يۇرت دۆلەتلىرىنىڭ ناملىرىنى «بەگ» كە ئۆزگەرتتى. شىمالغا ماڭغانلار ھۇنلارنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتقا تامغا (玺) سۆزىنى مۆھۈر (章) سۆزىگە ئۆزگەرتكەن شىن جەمەتى مۆھۈرىنى بەردى. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت بۇرۇنقى خەن جەمەتى تامغىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما چېن ياۋ خەن سۇلالىسى تامغىسىنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتكەنىدى. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە سۆزلەنگەن. تەڭرىقۇت

بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەندى. كېيىن چۇتىلىك بەگلىكى(3) ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى تامغىدىكى خەتلەرنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈشتى. چىن ياۋ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ماڭ ئۇنى ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى ۋە «پازىل، ھەيۋەتلىك تۆرە» دەپ ئۇنۋان بەردى.
(«خەننامە»، 12 - توم، 4114 — 4115 - بەتلەر).

م. 10 - يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ ئىككىنچى يىلى) ھۇن ئەگرىقۇتى ئۇجۇلجىيت بۇرۇن خەن سۇلالىسى بەرگەن تامغىنى تەلەپ قىلدى، ئەمما ۋاڭ ماڭ بەرمىدى. شۇڭا ھۇنلار چېگرا - ۋىلايەتلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئەمەلدار - پۇقرالارنى تۇتۇپ كەتتى ۋە بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈردى.
(«خەننامە»، 12 - توم، 4119 - بەت).

م. 10 - يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭ شىنجيەنگونىڭ ئىككىنچى يىلى) 12 - ئايدا ۋاڭ ماڭ ھۇنلارنىڭ تەگرىقۇتى دېگەن سۆزنى بېقىندى ھۇنلارنىڭ تەگرىقۇتى دەپ ئۆزگەرتتى. ۋاڭ ماڭ يارلىق چۈشۈرۈپ: «بېقىندىلار تەگرىقۇتى نانكىياس قورال كۈچىگە تايىنىپ، خان - بەگ، ئاتا - بالا، ئاغا - ئىنى، ئەر - خوتۇن، دوست - ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنى بۇزدى، سابىق خەن سۇلالىسى بەلگىلىگەن تۆت ماددىلىق تەقىپ قىلىش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، غەربىي يۇرتقا تاجاۋۇز قىلدى ھەمدە چېگرىمىزغا قەدەر يېتىپ كېلىپ پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلدى. جىنايىتى ئېغىر. شۇڭا ئۇلارنى يوقىتىش لازىم. ئەمر كېيىن سۈن جيەن قاتارلىق 12 نەپەر سانغۇن - سەركەردە ئەۋەتىلدى. ئون قىسىمغا بۆلۈنۈپ تەڭلا يولغا چىققان بۇ قوشۇنلار تەگرىنىڭ ئۇلۇغ پەرمانىنى يۈرگۈزۈپ، نانكىياسنى جازالايدۇ. نانكىياسنىڭ

ئاتيسى مەرھۇم تەكرىقۇت جىغسان بىرنەچچە ئەۋلاد سادىقەتمەنلىك بىلەن چىگرىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ئانكىتىياسىنىڭ جىنايەتلىرى تۇپەيلىدىن جىغسانىنىڭ نەسەبىنى بۇزۇپ تاشلاشقا كۆڭلۇم بارمىدى. ھازىر ھۇنلارنىڭ زىمىنى ۋە خەلقىنى 15 كە بۆلۈپ، جىغسانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 15 ئادەمنى تەكرىقۇت قىلدىم. ئەمر-نۆكەرلىرى باۋ، دەي جىلار چىگرىغا بېرىپ، تەكرىقۇت بولۇشقا تېگىشلىك بولغان جىغسانىنىڭ ئەۋلادلىرىنى يىغىدۇ ۋە تەيىنلەيدۇ. ئانكىياس تەرىپىدىن جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ھۇنلار تامامەن ئەپۇ قىلىنىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ماڭنىڭ يارلىقى بىلەن بەش ئىشتا ھەيۋەتلىك سانغۇن مياۋشىن، پەخرىي قاراۋۇللار سانغۇنى ۋاڭ كۇاڭلار ۋۇيۇەندىن، قەيسەر سانغۇن چېن چىن، تۇرالارنى تىترەتكۈچى سانغۇن ۋاڭ شۇنلەر يۇنجۇڭدىن، قەيسەر سانغۇن ۋاڭ جيا، تۇرالارنى تىنجىتقۇچى سانغۇن ۋاڭ مېڭلار دەيجۈندىن، ھەيۋەتلىك سانغۇن لى شېن، چەت جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن لى ۋېڭلار شەنيۈدىن، خۇيمۇلارنى يوقىتىش سانغۇنى ياڭجۈن، خۇيمۇلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سەنگۈن يەن يۇلار يۈياڭدىن، جەسۇر سانغۇن ۋاڭ جۈن، ھۇنلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن ۋاڭ يەنلەر جاڭيېدىن يولغا چىقىشتى. ئۇلارغا يەنە ئورۇنباسار سانغۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 180 ئادەم قوشۇلدى. پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە گۇناھكارلار، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر ۋە ساۋۇت كىيگەن ئەسكەرلەر بولۇپ، جەمئىي 300 مىڭ ئادەم يىغىلدى. تەمىنات - توشۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بەش تۈرە(4) يەتكۈزۈپ كەلگەن كىيىم - كېچەك، قورال - ياراق، ئاشلىق ۋە ناھىيىلەر ئەمەلدارلىرى دېڭىز بويلىرى ھەم چاڭجياڭ، خۇەيخې دەرياسى رايونلىرىدىن يەتكۈزۈپ بەرگەن ماددىي نەرسىلەر شىمالغا ئاپىرىلىدىغان بولدى. ئەلچىلەر بېكەتلەر

ئارا مەخسۇس مارۋىلار بىلەن يۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ،
ۋەزىپىنى ئۆز قەرەلىدە ئورۇندىيالمىغانلارنى ھەربىي قانۇن
بويىچە جازالايدىغان بولدى. شۇڭا پۈتكۈل مەملىكەت پارا-
كەندىچىلىككە چۈشۈپ قالدى. ئاۋۋال يېتىپ بارغان قوشۇنلار
چېگرا ۋىلايەتلەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇردىغان، قوشۇن تولۇق
يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ھۇنلارغا تەڭلا ھۇجۇم
قىلىدىغان بولدى.

(«خەننامە»، 12 - توم، 4121 - بەت).

م‍.11 - يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ ئۈچىنچى
يىلى) سانغۇنلار چېگرا ۋىلايەتلەردە چوڭ قوشۇننىڭ تولۇق
توپلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. بۇ پەيتتە ئەمەلدار ۋە ئەس-
كەرلەر ئىنتىزامغا رىئايە قىلماي، خەلققە زىيانكەشلىك قى-
لىشتى، بەگلىك ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ پۇقرالىرى ھۆكۈمەتنىڭ
ھەددىدىن ئېشىپ ئالۋان - ياساق، ھاشارلىرىنىڭ دەردىنى
تارتقاچقا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ ھەر
تەرەپكە سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىپ، ئوغرى - قاراقچى-
لارغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال بىڭجۇ(5)، پىڭجۇ(6)
ئايماقلىرىدا تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ۋاڭ ماڭ يەتتە تۆرە(7)،
ئالتە ۋەزىر(8) گە قوشۇمچە سانغۇن دەپ نام بەردى.
باتۇر سانغۇن لۇبىڭ قاتارلىقلار مەشھۇر شەھەرلەرنى مۇداپىئە
قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئەمىر - نۆكەر ۋە كىمخاب تونلۇق(9)
لەرنىڭ ھەرقايسىسىدىن 55 ئادەم ئايرىم - ئايرىم ھالدا
چېگرىدىكى چوڭ ۋىلايەتلەردە تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا قوراللى-
نىپ، چاتاق چىقارغۇچى ساختىپەزلەرنى تەكشۈردى ۋە ئۇلارنى
نازارەت قىلدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى-
دىن پايدىلىنىپ ئەسكىلىك قىلىپ، ئايماق - ۋىلايەتلەرنى
تولىمۇ پاراكەندە قىلدى ۋە ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق پارا ئېلىپ،

خەلقىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلىشتى. ۋاڭ ماڭ
يارلىق چۈشۈرۈپ: «ھۇن نانكىياس ئۆلۈمگە مەھكۇم، شۇنىڭ
ئۈچۈن 12 قىسىمغا بۆلۈنگەن 12 باتۇر سانغۇن تەڭلا
ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بىراقلا يوقىتىش لازىم. قوشۇن ئى-
چىدە ھەربىي ھەكەم، قوشۇن سىرتىدا ھەربىي نازارەتچىلىككە
12 نەپەر ئادەم قويۇلدى. يارلىقنى ئىجرا قىلمىغانلار نازا-
رەت قىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق ھەربىيلەر مۇنتىزىملاشتۇرۇلماق-
چىدى. لېكىن ھازىر ئەھۋال بۇنداق بولمايۋاتىدۇ. ئۇلار
ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، مۆمىن پۇقرالارنى قورقىتىپ
ۋە تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى قۇل بولۇشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ.
ئادەملەرنىڭ بويىنغا بەلگە سېلىپ، پۇللىرىنى تارتىۋالغاندىن
كېيىن، ئاندىن قويۇپ بېرىدۋاتىدۇ. زەھەرلىك ۋاستىلەرنىڭ
ھەممىسىنى ئىشلىتىپ، دېھقانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ،
ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. مۇنداق ھەربىي ھەكەم، ھەربىي
نازارەتچىلەرنى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىدۇ
دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقىدەك جىنايەتنى
يەنە ئۆتكۈزۈشكە پېتىنغۇچىلار بولسا، دەرھال قولغا ئېلىپ،
ئىسمىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش لازىم» دېدى. لېكىن بۇ
ھەربىي ھەكەم ۋە ھەربىي نازارەتچى ئەمەلدارلار بۇنىڭغا
پىسەنت قىلمىدى، ئۇلار يەنىلا ئەسكىلىكتىن قول
ئۈزمىدى.

لىن باۋ ۋە دەي جىلار بۇ ۋاقىتتا قورۇلغا يېتىپ بار-
غانىدى. ئۇلار ئۇچۇلچۇت تەگرىقۇتىنىڭ ئىنىسى شيەن ۋە
شيەنىنىڭ ئوغلى دېڭنى قورۇلغا چاقىرتتى. شيەننى ۋاپادار
تەگرىقۇت بولۇشقا زورلىدى ۋە 1000 جىڭ ئالتۇن ۋە
ناھايىتى كۆپ نەپىس ـ چىرايلىق يىپەك توقۇلما بۇيۇم-
لىرى ھەدىيە قىلىپ ئېلىپ قايتۇردى. دېڭنى چاڭئەنگە

كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئىنتائەتچان تەگىرىقۇت قىلىپ تەيىنلەپ،
پايتەختتە ئېلىپ قالدى.

(«خەننامە»، 12 ـ توم، 4125—4126 ـ بەتلەر).

م.12 ـ يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭ شىجيەنگونىڭ تۆ-
تىنچى يىلى) قەيسەر سانغۇن چېن چىن خانغا: «ئەسىرلەرنىڭ
ئىقرارىغا قارىغاندا، يېقىندا چېگرىدا يۈز بەرگەن تاجاۋۇز-
چىلىق ھەرىكەتلىرى جوت (ۋاپادار) تەگىرىقۇت شيەنىڭ
ئوغلى جيانىڭ قىلغان ئىشى ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى.
بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ۋاڭ ماڭ يات قوۋملەرگە ئىبرەت
قىلىش ئۈچۈن تەگىرىقۇت، شيەنىڭ چاگئەندىكى ئوغلى
دېڭنى ئۆلتۈردى.

(«خەننامە»، 12 ـ توم، 4128 ـ بەت).

... بۇ يىلى (م.13 ـ يىلى، شىن خانى ۋاڭ ماڭ،
شىجيەنگونىڭ بەشىنچى يىلى) ئاسىيۇ دۆلىتىنىڭ چوڭ ـ كىچىك
كۈنبەكلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. چوڭ
كۈنبەك خەن سۇلالىسىنىڭ تاش نەۋرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇن
خوتۇندىن بولغان ئوغلى كىچىك كۈنبەك ئىدى. ئاسىيۇ-
لارنىڭ ھەممىسى مانا شۇ كىچىك كۈنبەككە يېقىناتتى.
ۋاڭ ماڭ ھۇنلارنىڭ چېگرا ۋىلايەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ، ئاسىيۇلارنىڭ سەممىيەتگە ئېرىشىشنى ئارزۇ
قىلاتتى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ، كىچىك كۈنبەكنىڭ ئەلچىسىنى
چوڭ كۈنبەك ئەلچىسىنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىرىپ
قويدى. باگىنلەر بېگى(10) مەن چاڭ
ۋاڭ ماڭ ئەۋەتكەن ئادەمنى پاش قىلىپ: «يات
قوۋملەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەدەب ـ قائىدە بار دەپ
قاراپ، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ، ئوتتۇرا جۇڭگوغا يېقىندى،

چوڭ كۆنبەك خان، كىچىك كۆنبەك بولسا ۋەزىر، ئۇ ۋەزىر-
نىڭ ئەلچىسىنى خان ئەلچىسىنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىرىپ قوي-
دى. بۇ يات قوۋملەرنى بېقىندۇرۇشنىڭ چارىسى ئەمەس،
بۇ ئادەم چوڭ ھۆرمەتسىزلىك جىنايىتى ئۆتكۈزدى!» دېگەنى-
دى. ۋاڭ ماڭ ئاچچىقلىنىپ، مەن چاگنى مەنسىپىدىن ئېلىپ
تاشلىدى.

غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ۋاڭ ماڭ ئىلتىپات -
شەپقەت ۋە ئىناۋەتنى يوقاتتى دەپ قاراپ ئۇنىڭغا نارازى
بولغاچقا، ئاۋۋال قاراشەھەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، غەربىي
يۇرتتىكى قورۇقچىبەگ دەن چىننى ئۆلتۈردى.

(«خەننامە»، 12 - توم، 4133 - بەت).

م. 14 - يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭ تيەنفېڭنىڭ بىرىنچى
يىلى) ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى ئۇجۇلجۇت نانكىياس كېسەل بولۇپ
ئۆلدى، ئورنىغا ئىنىسى شيەن تەڭرىقۇت بولۇپ، ئۇلجۇت
تەڭرىقۇت دەپ ئاتالدى ۋە شىن سۇلالىسى بىلەن ياخشىلى-
شىشنى تەلەپ قىلدى. ۋاڭ ماڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا كۆپ
سوۋغا - سالام يوللىدى ۋە يالغاندىن ئۇنىڭ تۇرغاق ئوغلى
دېگىنى ياندۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، ھەمدە بەدەل ھېسا-
بىغا چېن لياڭ، جۇ دەيلەرنى قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى. تەڭرىقۇت چېن لياڭ قاتارلىقلارنى دەرھال تۇتۇپ
ئەلچىلەرگە تاپشۇردى، ئەلچىلەر ئۇلارنى كۆشۈك ھارۋىغا سې-
لىپ، چاڭئەنگە ئېلىپ كەلدى. ۋاڭ ماڭ چاڭئەن شەھىرىنىڭ
شىمالىدا چېن لياڭ قاتارلىقلارنى ئوتقا تاشلاپ خەلق ۋە
ئەمەلدارلارغا سازايى قىلدۇردى.

چېگرا بويلىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە چوڭ قەھەت-
چىلىك يۈز بېرىپ، ئادەملەر بىر - بىرىنى يەيدىغان ئېچى-
نىشلىق ئەھۋال يۈز بەردى. چېگرا مۇداپىئەسىدىكى ئەسكەر-

لەرنى كۆرگىلى بارغان تەكلىپدار رۇپىۇ قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن خانغا: «ئەسكەرلەر ئۇزاق ۋاقىت چېگرا مۇداپىئەسىدە
تۇرۇپ، ئىنتايىن جاپا چەكتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېگرا ۋىلايەت
لەردە ئۇلارنى تەمىنلەيدىغان نەرسە - كېرەكلەر يوق. ھازىر
تەڭرىقۇت ئۇلجۇت شىن سۇلالىسى بىلەن ياخشىلىشىشنى تە-
لەپ قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەرلەرنى
قايتۇرساقمىكىن» دېدى. چېرىكچى خەن ۋېي تەكلىپ بېرىپ:
«شىن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھەيۋىتىدىن پايدىلىنىپ
ھۇنلارنى يوقىتىشى كېرەك. بۇ ئېغىزدىكى تەييار ئاشنى
يۇتقاندەك بىر ئىش. ماڭا 5000 باتۇر ئەسكەر بېرىلسە،
بىر كورەمۇ ئاشلىق ئالماستىن، قورساق ئاچقاندا ھۇنلارنىڭ
گۆشىنى يەپ، ئۇسسىغاندا قېنىنى ئىچىپ بىمالال غەلىبە قى-
لىپ قايتسام دەيمەن» دېدى. بۇ جەسۇرانە سۆزلەرنى ئاڭلى-
غان ۋاڭ ماڭ خەن ۋېينى سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى. لېكىن رۇ-
پۇنىڭ تەكلىپىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، چېگرا ۋىلايەتلەردىكى
سەركەردىلەرنى قايتۇرۇپ كەلدى. چېن چىن قاتارلىق 18
ئادەمنى ھەربىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. يەنە تۆت ئۆت-
كەلدىكى مۇداپىئە كاھىبەگلىرى ۋە بارلىق مۇداپىئە قوشۇن-
لىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. دەل شۇ چاغدا ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى
قايتتى. ئۇلجۇت تەڭرىقۇت تۇرغاق ئوغلى دېڭنىڭ ئۆلتۈرۈل-
گەنلىكىنى ئۇقۇپ چېگرىغا تاجاۋۇز قىلغاچقا، ۋاڭ ماڭ يەنە
ئەسكەر چىقىرىپ مۇداپىئە كۆردى. چېگرا ۋىلايەتلىرىدىن
قېچىپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىچكى ۋىلايەتلەردىكىلەر-
گە قۇل - دېدەك بولۇپ كەتتى. شۇڭا يارلىق چۈشۈرۈلۈپ،
ئەمەلدار ۋە خەلقلەرنىڭ چېگرا ئاھالىلىرىنى قۇل قىلىشى
چەكلەندى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ
سازايى قىلدۇرۇلىدىغان بولدى.

(«خەننامە»، 12 - توم، 4138 — 4139 - بەتلەر).

م. 15 - يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭ تيەنفېڭنىڭ ئىككىن-
چى يىلى) ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى ئۇلجۇت ئىناق مۇناسىۋەتنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈپ، ئوغلى دېڭنىڭ جەسەتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى
تەلەپ قىلدى. ۋاڭ ماڭ ئەسلىدە ئەلچى ئارقىلىق ئەۋەتىپ
بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ
ئۆچمەنلىك قىلىپ ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ،
ئىلگىرى تۇرغاق دېڭنى ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان، ئىش-
تىن بوشىغان سانغۇن چېن چىننى قولغا ئېلىپ، باشقا جى-
نايى نام بىلەن زىندانغا تاشلىدى. چېن چىن: «مېنى ئۆل-
تۈرۈش ئارقىلىق ھۇنلارغا تەسەللى بەرمەكچى ئىكەن - دە»
دەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ۋاڭ ماڭ ئەھۋالغا قاراپ ئىش
كۆرىدىغان، سوئاللارغا سۆزدەك جاۋاب بېرىدىغان زىيالىي،
جىنەنلىك ۋاڭ شيەننى باش ئەلچىلىككە تاللىدى. بەش
ئىشتا ھەيۋەتلىك سانغۇن لاڭيالىق فۇئەن قاتارلىقلارنى
سانغۇن قىلىپ، تۇرغاق دېڭنىڭ جەسىتىنى شۇلاردىن ئەۋەت-
تى ھەمدە ئوجۇلجۇت تەڭرىقۇت نانكياسىنىڭ قەبرىسىنى
ئېچىپ، تىكەنلىك سىم قامچا بىلەن ئۇنىڭ جەسىتىنى سا-
ۋاش توغرىسىدا يارلىق بەردى. ھۇنلارنى قۇملۇقنىڭ شى-
مالىغا چېكىنىشنى بۇيرۇدى. يەنە ئۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ
10 مىڭ ئات، 30 مىڭ كالا، 100 مىڭ تۇياق قوي تەقدىم
قىلىشنى، ئۆتمۈش يىللاردا ئۇتتۇۋېلىپ ئەكەتكەن چېگرا ئاھا-
لىلىرى ۋە ئەسىرلەرنىڭ ھازىر بارلىرىنى تولۇق قايتۇرۇپ
بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ۋاڭ ماڭ ئەنە شۇنداق چوڭ گەپ
قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ۋاڭ شيەن تەڭرىقۇت ئوردىسىغا
بارغاندىن كېيىن، ۋاڭ ماڭنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئىلتىپاتىنى سۆز-
لەپ، تەڭرىقۇتنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىك جىنايىتىنى ئەيىبلىدى.
ئۇ بىمالال تاقابىل تۇرغاچقا، تەڭرىقۇت ئۇنى تېز پۈكتۈ-
رەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يارلىقنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، دۆ-

لىتىگە قايتتى. چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى. ۋاڭ ماڭ ئۇنىڭ ئوغلىغا بەگ ئۇنۋانى، فۇئەن قاتارلىقلارغا ۋىكوند ئۇنۋانى بەردى.

(«خەننامە»، 12 – توم، 4139 — 4140 – بەتلەر).

م. 16 – يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭ تيەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بەشىنچى ئايدا چاڭيېڭ قەسرىنىڭ غەرب تەرىپى ئۆرۈلۈپ، جىڭشۈي دەرياسى توسۇلۇپ قالدى ۋە ئاخىر قاشنى بۇزۇپ، شىمالغا قاراپ ئاقتى. ۋاڭ ماڭ بىناكارلىق ۋەزىرى(11) ۋاڭ يىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ خانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ۋەزىرلەر قەدەھ كۆتۈرۈپ تەبرىكلەشتى ۋە «پالنامە» دە ئېيتىلغان «سۇنى توپىدا تىندۇرۇش» دېگەن مانا شۇ، بۇ ھۇنلارنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدىغان ئالامەت دەپ قاراشتى. شۇڭا ۋاڭ ماڭ بىڭجوۋ ئايمىقىنىڭ باشلىقى سۈڭ خۇڭ، سەيياھ كاھبەگ رېن مېڭ قاتارلىقلارنى ئەسكەر بىلەن ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار چېگرىغا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇردى.

(«خەننامە»، 12 – توم، 4144 – بەت).

... شۇ يىلى (م. 16 – يىلى، شىن خانى ۋاڭ ماڭنىڭ تيەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) ۋاڭ ماڭ بەشتە ھەيۋەتلىك سانغۇن ۋاڭ جۈن، قورۇقچىبەگ لى چۈڭلار ئەلچىلىكىدە، قورۇل چېرىكچىبېگىنى قوشۇپ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ خان ۋە بەگلىرى ئۇلارنى قارشى ئالدى ھەمدە سوۋغا تەقدىم قىلدى. قاراشەھەر قاتارلىق بەگلىكلەر ئىلگىرى قورۇقچىبەگ دەن چىننى ئۆلتۈرگەنىدى. شۇڭا ۋاڭ جۈن ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، ياردەمچى ئەمىر-لەشكەر خې فېڭ، قورۇل چېرىكچىبېگى گوچىنلارغا يەنە بىر

قسم قوشۇننى باشلاپ هماتچى بولۇش توغرسدا بۇيرۇق چۈشۈردى. قاراشەهەر بەگلكى يالغاندىن تەسلم بولغان بولۇۋېلپ، تۇيۇقسز بۆكتۈرمە هۇجۇم قىلدى. ۋاڭ جۈن، لى چۇڭ قاتارلقلار ئۆلتۈرۈلدى. كېيىن يېتىپ كەلگەن گو-چىن، خې فېڭلار قاراشەهەردە قېلىپ قالغان قېرى، ئاجىز كىشلەرگە هۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قوس ئارقىلىق قورۇلغا قايتىپ كەلدى. ۋاڭ ماڭ گوچىننى ياتىلارنى باس-تۇرغۇچى سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى هەمدە ئۇنىڭغا ياتلارنى قىرغۇچى ۋىكوند(12) ئۇنۋانى، خې فېڭغا هۇنلارنى بېقىن-دۇرغۇچى بارون (13) ئۇنۋانى بەردى. غەربىي يۇرت بەگلىك-لىرى شۇنىڭدىن باشلاپ شىن سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋە-تىنى ئۈزدى.

(«خەننامە»، 12 ـ توم، 4146 ـ بەت).

## ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمھالى(III)

... بۇ چاغدا (م. 19 - يىلى، شىن خانى ۋاڭ ماڭنىڭ تىيەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى) گەندۇڭ رايونىدا ئۇدا بىرنەچچە يىل ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، قىزىل قاشلىق لى زىدۇ(14) قاتارلىقلارنىڭ مۇرتلىرى ئاستا - ئاستا كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۇنلارنىڭ چېگرىغا بولغان ھۇجۇممۇ ئىنتايىن غالجىرلاشتى. ۋاڭ ماڭ مەملىكەت بويىچە قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان گۇناھكارلار، باي ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قۇللىرىنى كەڭ - كۆلەمدە يىغىپ، قوشۇن ئۇيۇشتۇردى. ئۇنى ئەڭ خىل قوشۇن ھېسابلاپ، «پىدائىيلار قوشۇنى» دەپ ئاتىدى. باج - سېلىقنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئەمەلدار ۋە خەلقنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. پۇل - بايلىقنىڭ $\frac{1}{30}$ ى ئېلىنىدىغان، تاۋار - دۇردۇنىنىڭ ھەممىسى چاڭئەنگە توشۇلىدىغان بولدى. ۋەزىر ۋۇزرالاردىن تارتىپ تاكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭمۇ ھەممىسى جەڭ ئېتى باقىدىغان بولدى، قانچە ئات بېقىش كېرەكلىكى ئەمەل - ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى. ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ھۇنلارنى مەغ-

لۇپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك توپلىنىپ،
ئۇلارغا ئالاھىدە ئۇنۋان بېرىلىدىغان بولدى. شۇڭا خانىغا
قولىمىزدىن ئىش كېلىدۇ دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغۇچىلار
10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بەزىلەر قېيىق ئىشلەتمەستىنلا
مىليون كىشىلىك قوشۇننى دەريادىن ئاتلىتىپ ئۆتكۈزۈش مۇم-
كىن دېسە، بەزىلەر بىر كۈرە ئاشلىق ئالماستىن، دورا يېسىلا
قوشۇن ئاچ قالمايدۇ، دەيتتى. بەزىلەر ئۇچالايمىز، كۆنگە
مىڭ چاقىرىم يول بېسىپ ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى چارلايمىز،
دېيىشتى. ۋاڭ ماڭ ئۇلارنى سىناپ كۆردى. ئۇلار تۆگە قۇشى-
نىڭ قانىتىنى ئۆزلىرىگە قانات قىلىپ، بېشى ۋە ئۇچىسىغا
قۇش پەيلىرىنى قادىدى، ئالدىدىن بىرى ئارغامچا بىلەن
تارتتى، بىرنەچچە يۈز قەدەم ئۇچۇپلا چۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ ماڭ
بۇنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ ئاتىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇش
ئۈچۈن ئۇلارنى ھەربىي مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىدى ۋە ئۇلار-
غا ئات ھارۋا تەقدىم قىلدى. يولغا چىقىش يارلىقىنى كۈ-
تۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ھۇنلارنىڭ ئوڭ قۇتبېگى شۇبۇتاننىڭ خوتۇنى ۋاڭ جاۋجۈن-
نىڭ قىزى بولۇپ، شۇبۇتان بۇرۇن خەن سۇلالىسىگە بېقىن-
غانىدى. ۋاڭ ماڭ ۋاڭ جاۋجۈننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئەلچى
بەگ ۋاڭ شىنى ئەۋەتىپ، شۇبۇتاننى قورۇلغا چاقىرتتى ۋە
ئۇنى زورلۇق بىلەن چاڭئەنگە ئېلىپ كېلىپ، ئارقا ئەمىنلىك
تۆرىسى(15) شۇبۇ تەگرىقۇت قىلىپ تىكلىدى. شۇبۇتاننى
دەسلەپ چاقىرتىدىغان ۋاقىتتا، باش ئەمىر - لەشكەر يەن يۇ
خانغا مەسلىھەت بېرىپ: «شۇبۇتان ھۇنلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە
تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى چېگرىمىزغا تاجاۋۇز قىلمىغان.
تەگرىقۇتنىڭ بىرەر ھەرىكىتى كۆرۈلسىلا ئۇنى دەرھال بىزگە
مەلۇم قىلىپ تۇردى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بىزگە ياردىمى

باھايىتى چوڭ. ھازىر ئۇنى چاقىرتىپ چاڭئەن گاۋجىيې گو-
چىسىدىكى يات قوۋملەر سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساق،
ئۇ پەقەت ئاددىي بىر ھۇن ئادىمى بولۇپ قالىدۇ، خالاس.
ئۇنىڭ ھۇنلارنىڭ ئىچىدە تۇرغىنى ياخشى» دېدى. ۋاڭ ماڭ
بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلمىدى. شۇبۇتاننى قولغا چۈشۈرۈپ،
دەرھال يەن يوۋ ۋە لىيەن دەنلەرنى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا
ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا جېڭ (征) دېگەن فامىلە تەقدىم قىلىپ، بۇلار-
نى ئىككى جېڭ سانغۇن دەپ ئاتىدى. قۇتئىبرشىداۋ گاۋخۇت
تەگرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، شۇبۇتاننى تەگرىقۇت قىلىشنى قارار
قىلدى. ئىككى جېڭ سانغۇن چاڭئەن شەھىرىنىڭ غەربىي
سىرتىدىكى خېڭجيۇدىن چىقىپلا قوشۇننى توختىتىپ قويدى.
يەن يۇ ئەزەلدىن پاراسەتلىك ئىدى، ئۇ ۋاڭ ماڭنىڭ غەربىي يات
قوۋملەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قوشۇلماي كۆپ نەسىھەت قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ ماڭ قوبۇل قىلمىغانىدى. شۇڭا يەن يۇ
قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر سەركەردىلەردىن يۈيى (16)، بەي
چى(17) لەرنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە چېگرا مەس-
لىلىرى ھەققىدە جەمئىي ئۈچ پارچە ماقالە يېزىپ، ۋاڭ ماڭغا
مەسلىھەت بەردى. ئوردا يىغىنىدا يەن يۇ ھۇنلار مەسىلىسىنى
ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال شىياۋشەن تېغىنىڭ شەرقىي
رايونىدىكى قاراقچىلارنى قانداق باستۇرۇش مەسىلىسى ھەققى-
دە ئويلىشىش توغرىسىدا قايتا - قايتا پىكىر بەردى. غەزەپ-
لەنگەن ۋاڭ ماڭ يەن يۇنى ئەيىبلەپ: «تۆت يىلدىن بېرى
يات قوۋملەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا سالغان پاراكەندىچىلىكىنى
تېخىچە توختىتالمىدىڭ، قاراقچىلار ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىل-
دى، ئۇلارنى تېخىچە يوقىتالمىدىڭ، خائىننىڭ ھەيۋىتىدىن ھې-
يىقالمىدىڭ، يارلىقتىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلمىدىڭ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە پوزىتسىيەڭ ئىنتايىن قەبىھ، ئۆزۈڭنىڭكىنىلا راست
دەپ، جاھىللىق بىلەن ئۆز پىكرىڭدە چىڭ تۇرۇۋالدىڭ. ئالا

گۆڭۈللۈك قىلىپ، قىلچە پۇشايمان قىلمىدىڭ، شۇنداقلا ھەر-
بىر ئىشلار پىلانىغا بوزغۇنچىلىق قىلىپ قىيىنچىلىق تۇغدۇر-
دۇڭ، مەن سېنى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ جازالاتماقچى
ئەمەسمەن. ئەڭ ياخشىسى سەن باش ئەمىر-لەشكەرلىك تامغى-
سى ۋە تامغا پۆپۈكىنى ۋۇجيەنبو (18) غا تاپشۇرۇپ، يۇرتۇڭغا
قايت!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن جياڭفۇ بېگى دۇڭ جۇڭنى باش
ئەمىر - لەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى.

(«خەننامە»، 12 - توم، 4155 — 4156 - بەتلەر).

م. 21 - يىلى (شىن خانى ۋاڭ ماڭنىڭ دىخۇاڭنىڭ ئىك-
كىنچى يىلى) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاشلىق، پۇل بايلىقلىرىنىڭ
ھەممىسى شىخې، ۋۇيۈەن، شوفاڭ، يۈياڭ ۋىلايەتلىرىگە تو-
شۇلدى. ھەربىر ۋىلايەتتىن مىليون بىرلىكى بويىچە ھېساب-
لاپ ئېلىنىپ، ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەييارلىق قىلىندى.

(«خەننامە»، 12 - توم، 4167 - بەت).

---

(1) جۈشې (居摄) خەن رۇزى (لىيۇ يىڭ) نىڭ م.
6 — 8 - يىللىرى مەزگىلى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1073 - بەت).

(2) شىخەي (西海) قەدىمكى ۋىلايەت غەربىي خەن سۇ-
لالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ۋاڭ ماڭ، چياڭلار ئېلىدە قۇرغان ۋىلا-
يەت. ئورنى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى كۆكنۇر كۆلى ئەتراپىدا،
شىن (ۋاڭ ماڭ) سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەمەلدىن قالغان.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1832 - بەت).

(3) چۈتىڭ (句町) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي جە-
نۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرغان بەگلىكلەردىن بىرى.
ئورنى تەخمىنەن ھازىرقى يۈننەن ئۆلكىسىدىكى گۇاڭنەن ناھ-

يېنىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 328 ـ بەت).
(4) بەش تۆرە (五大夫) ئۇنۋان، رۇتبە. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى 20 دەرىجىلىك ئۇنۋاننىڭ 9 ـ دەرىجىسى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە 7 ـ دەرىجىلىك تۆرىلەردىن يۇقىرىلىرى ئالىي ئۇنۋان بولۇپ، سۇيۇرغاللىرى بولاتتى. خەن ۋۇدىدىن كېيىن بەش تۆرىلىكتىن يۇقىرىلىرى ئالىي ئۇنۋان سانىلىپ، ھاشارلاردىن ئازاد قىلىناتتى.
(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 32 ـ بەت).
(5) بىڭجۇ (并州) قەدىمكى ئايماق. خەن ۋۇدى تەسىس قىلغان. دائىرىسى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ زور قىسمى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ قىسمەن جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 283 ـ بەت).
(6) پىڭجۇ (平州) قەدىمكى ئايماق. ئورنى بۈگۈنكى خېبېي ۋە لياۋنىڭ ئۆلكىلىرىنىڭ قىسمەن جايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
(بىر تومۇلۇق «سىخەي»، 41 ـ بەت).
(7) يەتتە تۆرە (七公) ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ تەختكە چىققاندىن كېيىن، باش ۋەزىر، باش ئەمىر ـ لەشكەر، باش تەپتىشبەگدىن تاشقىرى يەنە تۆت نائىب قويغانىدى. يەتتە تۆرە ئەنە شۇلارنى كۆرسىتىدۇ.
(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 ـ توم، 5740 ـ بەت).
(8) ئالتە ۋەزىر (六卿) ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، ئوردا ئەھكام ۋەزىرى، ئەمىر ھەرەم، ئوردا ئۆلچەم كاھىبېگى، مۇراسىمبېگى، باش ھۆددىچىلەردىن ئىبارەت ئالتە ۋەزىرنى بىلدۈرىدۇ.
(«خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى»، 8 ـ توم، 5740 ـ بەت).
(9) كىمخاب تونلۇق جاللات (绣衣执法) ئەمەل. خەن

ۋۇدىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئىسيان كۆتۈرگەن دېھقانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، جايلارغا ئەۋەتىلگەن، قولىدا يارلىق دەستىكى ۋە قورال-لىق كۈچلىرى باركىمخاب كىيىملىك قانۇن ئەمەلدارلىرى. ئۇلار ھەتتا ئىسياننى باستۇرۇشقا كۈچ چىقارمىغان يەرلىك ئەمەل-دارلارنىمۇ ئۆلتۈرۈش‌ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىمۇ بۇ كىمخاب تونلۇق جاللاتلاردىن پايدىلىنىلغانىدى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 1177 ـ بەت).

(10) بىلگىنلەر بېگى (保成师友祭酒) ئەمەل. خەن پىڭدى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ مائارىپى ۋە مۇدەررىسلىرىنى باشقۇراتتى.

(«تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى ئەمەللەر»، 145 ـ بەت).

(11) ئەمرى مىمار (大司空) ئەمەل. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەمىنىيە، يېغىلىقلار دەۋرىدە داۋاملاشتۇرۇلغان. غەربىي خەن سۇلالىسى خانلىرىدىن چېڭدى دەۋرىدە باش تەپتىشبەگلىك ئەمىلى ئەمىر مىمار ئەمەلىگە ئۆزگەرتىلدى. بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 106 — 628 ـ بەتلەر).

(12) ۋىكوند (子) بەش دەرىجىلىك ئۇنۋاننىڭ 4 ـ دەرىجىسى.

(بىر توملوق «سىخەي»، 278 ـ بەت).

(13) بارون (男) بەش دەرىجىلىك ئۇنۋاننىڭ 5 ـ دەرىجىسى.

(بىر توملۇق «سىخەي»، 278 ـ بەت).

(14) لى زىدۇ (力子都) قىزىلقاشلىقلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى.

(«خەننامە»، 12 ـ توم، 4155 ـ بەت).

(15) ئارقا ئەمنلىك ئۆرنىتى (启安公) شۈبۇ تەگرىقۇتقا شىن
(ۋاڭ ماڭ) سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۇنۋان.
(«خەننامە»، 12 – توم، 4156 – بەت).

(16) يۈيى (乐毅) يېغىلىق دەۋرىدىكى يەن بەگلىكىنىڭ
سەركەردىسى. جۇڭشەن بەگلىكى لىڭشۇ (بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى
دىكى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) دىن. يۈياڭنىڭ
ئەۋلادى. م. ب. 284 – يىلى يەن بەگلىكىنىڭ قوشۇنىغا قوماندان
لىق قىلىپ، چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى يېڭىپ، 70 دىن ئارتۇق
شەھەرنى ئالدى. يەن خۈيۋاڭ دەۋرىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاچقا
جاۋ بەگلىكىگە قاچتى ۋە شۇ يەردە خىزمەت قىلىپ ئۆلدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 79 – بەت).

(17) بەيچى (白起، م. ب.؟ – 257) گوڭ سۈنچى دەپ
مۇ ئاتىلىدۇ. يېغىلىقلار دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ ئاتاقلىق
سەركەردىسى. مېيشيەن (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى مېيشيەن ناھى
يىسى) لىك چىن جاۋۋاڭ دەۋرىدە ئەمەل تۇتۇپ، ئۇرۇشلاردا
ئۇست – ئۇستىلەپ غەلىبە قىلىپ، خەن (韩)، ۋېي، جاۋ،
چۇ بەگلىكلىرىنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىنى قولغا كەلتۈردى. م. ب.
278 – يىلى چۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى يىڭ (بۈگۈنكى خۇبېي
ئۆلكىسى جياڭلىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) نى ئالغانلىق
تۆھپىسى ئۈچۈن «ۋۇ ئەنجۈن» ئۇنۋانى بېرىلدى. چاڭپىڭ جېڭى
دە جاۋ بەگلىكى قوشۇنىنى يېڭىپ، ئۇلارنىڭ 400 مىڭدىن
ئوشۇق ئادىمىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە تىرىك كۆمۈۋەتتى. كېيىن
ۋەزىر فەن سۈينىڭ كۆرەلمەسلىكىدىن پىكىر ئىختىلاپى يۈز بېرىپ،
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.
(بىر توملۇق «سىخەي»، 1760 – بەت).

(18) ۋۇجيەنبو (武建伯) شىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى
باش ئەمرلەشكەر.
(«خەننامە»، 12 – توم، 4156 – بەت).

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جاڭ لوسا

(خەن سۇلالىسى) بەن گۇ
خەننامە
24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر
ماتېرىياللار توپلىمى — 2
شىنجاڭ داشۆ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات
ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىدى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 30.875 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1993 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 500 — 1
ISBN7—228—02944—5/K·332
باھاسى: 9.00 يۈەن

责任编辑：魏力
封面设计：张罗莎

(汉)班固 著
汉 书
(二十四史中亚部分 二)
新疆大学中亚所 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 30.875印张 4插页
1993年12月第1版 1994年8月第1次印刷
印数：1 —— 500

ISBN 7—228—02944—5/K·332 定价：9.00元